www. kitaphumar. com

# پەرىشتىنىڭ يۈرىكىدىكى داغ

ئاپتورى: سىرداشىم

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران

## (1)

ۋارىس قولىدىكى تەكرارلاش كىتاۋىنى ئاستا يېپىپ، ياتاق تەرەپكە كىتىۋاتقان دىلنازنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدى. ھەقىقى ئۇيغۇر گۈزەللىرىگە خاس بۇلاقتەك چوڭ-چوڭ كۆزلەر، ئاينى خىجىل قىلىدىغان ئەگىم قاشلار، نىپىز ئوتقاشتەك لەۋلەر، شامالدا لەرزان يەلپۈنىۋاتقان ئۇزۇن چاچلار، ئېگىز ئەۋرىشىم قامەت ...ئاھ ئىنسان بالىسى دىگەنمۇ مۇشۇنداق گۈزەل بولامدۇ ھە ؟... مۇشۇنداق بىر پەرىنى ماڭا نىسىپ قىلسا خۇدايىم ؟...ۋارىس ئاستا-ئاستا يىراقلاۋاتقان دىلنازنىڭ سىماسىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزى خىجىل بولغاندەك، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن يۈزىنى ئاستا سىلاپ قويىدى . ئۇ بۇ قىزنى پات-پات ياتاق بىناسى ئالدىدا ئۇچرىتىپ قالاتتى، ھەر قانداق ئادەمگە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن جاۋاپ بىرىدىغان بۇ قىزدىن ئۇ ھېچقانداق بىر ئەيىپ نوقساننى تاپالمايتتى. ئەتراپتىكى تىكىلگەن نۇرغۇن كۆزلەر ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ بۇ قىزغا ھەۋەس بىلەن يۈشۈرۈن قارايتتى. ئاردىن 2 كۈن ئۆتمەي مەكتەپ ئۆتكۈزگەن كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە ۋارىس بۇ قىزنى يەنە بىر قېتىم ئۇچراتتى. سەھنىدە ئەدىبىيات كەسپىدە ئۇقۇيدىغان دىلناز كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تىتىك، يېقىملىق ئاۋازى، پىشقان رىياسەتچىلەردەك تالانتى تۈۋەندە ئولتۇرغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇراتتى، زال ئىچىدە ھەممە سۈيۈنۈش ئىچىدە ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە، تىرىشچانلىقىغا، تالانتىغا قول قوياتتى. ۋارىس شۇ تاپ دىلنازغا قاراپ ئاجايىپ ھىس تۇيغۇلارغا چۈكۈشكە باشلىدى. ئۆزىدە بۇرۇن ھېچقاچان بولمىغان بىر خىل سىزىمنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى. ئۇ نىمىشقىدۇر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دىلنازنىڭ ئاۋازىغىلا مەپتۇن بولۇپ، ئارىلىقتا ئېيتىلىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىلارغا، لەرزان ئۇسسۇللارغا قىلچىمۇ دىققەت قىلمىدى. زال ئىچىدىكى قىزغىن پاراڭلار، جاراڭلىق كۈلكىلەر، چاۋاكلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

-ھەي ئاشىق...

ۋارىس قۇلاق تۈۋىدىكى بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. يېنىدا ئۇنىڭ يۇرتداش دوستى ، ساۋاقدىشى مۇرادىل كۈلۈپ تۇراتتى.

- ئـاغىنە، دىلنـاز قىزغا قـاراپ قىتـىپلا قايسـەنغۇ؟ سـەنمۇ ئۇنىڭغـا ئاشىقمۇ نىمە ؟...بىلەمسەن. ئۇ دىگەنچۇ مەكتەپتىكى بىر نۇرلـۇق چولپـان، ئۇنى مەكتەپتىكى نى-نى يىگىتلەر قولىنى ھەر قانچە سـۇزۇپمۇ ئۇزىۋالالمىغـان ، سەن ئاخماق بولما جۇمۇ...

ۋارىس بىر پاكولتىتتا ئۇقۇيـدىغان خوشـچاقچاق، يۇمۇرلـۇق بـۇ دوسـتىغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

-نـىمە؟ سـەن ئۇنىـڭ ئىشـلىرىنى قانـداق بىلىسـەن؟ يـا ئـۇ بىزنىـڭ فاكولتىتتا بولمىسا؟...

-بىزنـى كىـم چـاغلاپ قالغـان ئـاغىنە، مەكتەپتىكـى گـۇزەل قىزلارنىـڭ ھەممىسىنىڭ ئارخىپى بار جۇمۇ بىزدە.

ۋارىـس مۇرادىلىنىـڭ سـۆزلىرىدىن بىـر نەرسـىنى قىزغانغانـدەك تـۇرۇپلا قالدى. تىرىشچان، ھەممە ئىشتا ئېپى بار، شەھەر تۇرمۇشىغا سىڭىپلا كەتكەن بۇ دوستىنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلدى.

-قارىغاندا سەنمۇ ئۇ قىزنى خۇپىيانە ياخشى كۆرىۋاتقانلارنىڭ بىرسىمۇ نىمە؟ مىنىڭ ھالىمغا يىتەر بولساڭ، سەن ئۇنداق خىياللاردا بولما جۇمۇ...

-تـۆۋە دىگىـنە، مەنچـۇ ئـۇ قىزنـى ياخشـى كـۆرەي دىسـەممۇ ياخشـى كۆرۈشكە پېتىنالمايمەن. سـەنمۇ ھەم شـۇنداق. بىـز دىـگەن كىـم؟ ئـۇ دىـگەن كىم؟ بىزدەك جەنۇبى شىنجاڭنىڭ بىر يېزىسـىدىن كەلـگەن يالاڭتۆشـلەرگە ئـۇ پەرشتە قانداقمۇ نىسىپ بولسۇن؟ بىلەمسـەن ئـاغىنە، ئـۇ دىـگەن گـۇزەللىكتە تەڭداشسـىز بۇلـۇش بىـلەن بىـرگە ئىزچىـل ئەدىبىيـات فـا كـولتىتى بـويىچە بىرىنچىلىكنـى قولـدىن بەرمەي ئۇقۇۋاتقـان قىـز، ئۇنىـڭ ئۇسـتىگە ئـۇ بىـر نازىرنىڭ يالغۇز ئەتىۋارلىق قىزىمىش. مەكتىۋىمىزدە مۇشۇ شەھەرنىڭ نـى-نـى قاملاشـقان يىگىتلـىرى بـۇ قىزنىـڭ پىراقىـدا شـامدەك كۆيـۈپ ۋىسـالىغا ئىرىشەلمىگەن يەردە بىزدەك سەھرالىقلارغا كۆيۈشنى نەدە قويۇپتـۇ، سـىنىڭمۇ دوستۇم، ئاۋۇ كۆيگەن يۈرۈكۈڭ مۇشۇ يەردىلا سۇۋۇپ قالسۇن.

ۋارىس مۇرادىلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يىنىككىنە بىرنـى تىنـدى. لـىكىن نازىرنىڭ قىزى، شەھەرلىك نى-نى يىگىتلەر، سەھرالىق... دىگەنىدەك سۆزلەر ئـۇنى جىمىتـىپلا قويـدى. ئـۇ مۇرادىـل بىـلەن خوشلۇشـۇپ، سـەھنىدە ئۇمـاق تەبەسسۇم بىلەن رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقـان دىلنازغا مـۇھەببەت ھەم ھېـيقىش ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ھىسياتتا ئاستا قاراپ قويۇپ، زال سىرتىغا چىقتى.

ئۇ ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. لېكىن نىمشقىدۇر قەدەملىرىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر بىر خىل ئوتنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈش بىلەن بىرگە، تاشتەك ئېغىر بېسىمنىڭ يەلكىسىنى بېسىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى.-تووۋا، -دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆزىگە، -ئەجەپ سىنىپتا نۇرغۇن قىزلار تۇرسا، مەكتەپتە بىر يۈرتلۇق، بىر مەھەللىلىك قىزلار تۇرسا، نىمانداق ماۋۇ سارالڭ كۆڭلۈم شۇ قىزنىلا ئويلايدۇ؟ نىمە دەپ شۇ قىزغىلا ئىنتىلىدۇ؟ بۈگۈن تەلىيىم كىلىپ بۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلدىم. ئەگەر ئايىغا تاش ئېتىپ، بۇ قىزغا كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلغان بولسام نىمە سەتچىلىكلەر كۆرۈلەر ئىدى ھە؟ ماۋۇ سەھرالىق تومپايىنىڭ ھالىغا باقماي گېپىنى قارا، كۆڭلىنى قارا دەپ مازاق قىلىپ كۈلۈپ كىتەر بولغىيتتى. ئۇھ، مۇرادىل ئاغىنەمگە مىڭ مەرتىۋە رەخمەت...، -ۋارىس خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى. لېكىن قەدىمى ياتاق تەرەپكە كىتىۋاتسىمۇ نىمىشقىدۇر كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا زال ئىچىدىكى رىياسەتچى قىزغا تەلپۈنەتتى.

ئالى مەكتەپنىڭ ئالدىنقى 3 يىلىدا ئىزچىل سىنىپ بويىچە 3 تەياخشى بولۇپ ئوقۇۋاتقان ۋارىسنىڭ دەرس ۋاقتىدىكى ئاكتىپ ھالىتىدە ئۆزگۈرۈش بولۇشقا باشلىدى. بەزى-بەزىدە دەرسكە كىچىكىپ قالىدىغان، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بىرەلمەيدىغان، ماتىريال كۆرىۋېتىپ، ئۇگۇنۇش قىلىۋېتىپ ئۇزۇن-ئۇزۇن خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ كىتىدىغان بولۇپ قالدى. جۇشقۇن، تىتىك كەيپىياتىنىڭ ئورنىنى سولغۇن چىراي، ئويچانلىق ئىگەللىدى. ئۇ دىلنازنى غايىۋانە ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن بۇيان بۇ كۆيۈكتىن ئەسلا قۇتۇلالمىدى. بۇنىڭ تولىمۇ بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ كۆڭلى يەنىلا شۇ قىزنى سېغىناتتى، كۆز ئالدىدا ھەر ۋاقىت شۇ قىزنىڭ سىماسى جىلۋە قىلاتتى.

ۋارىسنىڭ بۇ ھالىتىگە مۇرادىلدىن باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ھەيران ئىدى. بۇنداق تىرىشچان يىگىتنىڭ تۇرۇپلا ئۆزگۈرۈپ كىتىشى ئۇلار ئارىسىدا قىزىق نوقتا بولۇپ، دائىملىق پاراڭ تىمىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

بۈگۈنكى مۇئەللىمنىڭ يۇمۇرىستىك دەرس نۇتۇقلىرىمۇ، قىزىق ئەمىلى تەجرىبىلىرىمۇ ۋارىسقا خوشياقمىدى. ئۇ كەچلىك تەكراردىن شۇنچە ھارغىن چۈشتى. ساۋاقداشلىرىن ئايرىلىپ كونا جايغا، دىلناز قىز ياتاققا ماڭىدىغان

يول بويىدىكى گۈللۈككە كىلىپ ئولتۇردى. ئۇ بۈگۈنمۇ دىلنازنى يەنە بىر ئۇچراتسامكەن، ئۇنىڭ ئىللىق تەبەسسۇم چىرايىنى يەنە بىر كۆرسەمكەن، ۋۇجۇدۇمدىكى سېغىنىش ئوتىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇچۇرسەمكەن دىگەن ئۈمۈتتە ئىدى. ئۇ دىلنازنى مۇشۇ يەردە تۇنجى ئۇچراتقان شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ گۈللۈككە قانچە قېتىم كەلگىنىنى، قانچە سائەت ئولتۇرغۇنىنى، دىلناز قىزنى يۇشۇرۇن نەچچە يۈز قېتىم كۆزەتكىنىنى ساناپ بىرەلمەيتتى. ئاردىن يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بۇ رىئاللىقنىڭ شىرىن چۈشلىرىدىن تېخى قۇتۇلۇپ بۇلالمىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەت بىر يۇشۇرۇن كۆيىۋاتقان ئوت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ ئوتنى دىلنازغا كۆرسۈتۈشكە، تۇتاشتۇرۇشقا ئۇنىڭدا قىلچىلىك جۈرئەت يوق ئىدى. ئۆزىدەك نامرات دىھقان بالىسىنىڭ بۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىلىك قىزغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىش بىر كۈلكۈلۈك ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇ قىز ئۇنىڭ تەلىۋىمنى قۇبۇل قىلدىمۇ دەيلى، لېكىن كىيىنكى تۇرمۇش قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا بۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قانداق قارايدۇ؟ ئوغلىنى يىمەي-ئىچمەي مىڭبىر جاپادا ئۇقۇتىۋاتقان ئاتا-ئانىسى بۇ ئەھۋالنى ئۇقسا نىمە بۇلۇپ كىتىدۇ؟...بۇ ئەمىلىيەتتىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقۇ؟...ۋارىس ئېغىر بىر تىنىپ، ھەممە غەملەردىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئىككى ئالقىنىنى يۈزىگە ياقتى. ئۆزىنى شۇ قەدەر بىچارە، شۇ قەدەر ئاجىز ھىس قىلدى... ئۇ بىر ھازا سۈكۈت ئىچىدە تۇرغاندىن كىيىن، كۆزىنى ئېچىپ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىدى. ئۇ شۇتاپ كۆكتىن ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزدەۋاتاتتى، ئالاھىدە نۇر چاقنىتىپ تۇرغان چولپان يۇلتۇزنىڭ ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى بولۇپ قېلىشىنى تىلەۋاتاتتى. ئۇ بىر ھازا يۇلتۇزنى ئىزدەپ ھارغاندىن كىيىن، ئاستا كۆزىنى يەنە دىلناز قىزنىڭ ياتاق بىناسى تەرەپكە ئاغدۇردى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ سۇلغۇن بۇلۇپ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز گۈللۈك تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتقان تۇنۇش چىرايغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. دىلناز قولىدا ماتىرىيال تۇتقان ھالدا شۇنچە سالماق قەدەم بىلەن ۋارىس تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتاتتى. ۋارىسنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. دىلناز قىز خۇددى ئاستا كىلىپ، ئۇماق لەۋلىرى بىلەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھارقىلىدىغاندەك، چىرايلىق يۇمران قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىنى مىھىر بىلەن سىلايدىغاندەك ، ئاپئاق قولىياغلىقى

بىلەن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ جىددىيلىكىنى پەسەيتمەكچى بولغاندەك دەرھاللا كىتاۋنى ئېچىپ ئوقۇغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. لېكىن كۆزى ھېچنەرسىنى كۆرمەيتتى. پۈتۈن دىققىتى دىلناز قىزنىڭ ئاياق تىۋىشىدا ئىدى. دىلناز قىزنىڭ ئاياق تىۋىشى شۇنچىلىك يېنىك، شۇنچىلىك رىتىملىق بولۇپ، ئۇنىڭغا بارغانسىرى يېقىنلىشىۋاتاتتى...

ـ كەلدىڭىزما؟ ـ يان تەرەپتىكى گۈللۈكتە ئولتۇرغان بىر يىگىت تىزلا گۈلنازنىڭ ئالدىغا كەلدى، ـ مەن تېخى سىزنى چىقمامدىكىن دەپتىمەن، بۈگۈن كۆڭلۈمنى يەردە قويمىدىڭىز، سىزگە رەخمەت جۇمۇ. قېنى بۇياققا كىلىپ ئولتۇرۇڭ.....

ۋارىس تا ھازىرغىچە گۈلنازنى بىرەر يىگىت بىلەن كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنى دائىم چىرايلىق قىزلار ئارىسىدا ئۇگۇنۇش بىلەنلا مەشغۇل ھالەتتە كۆرەتتى. بۈگۈنكى بۇ مەنزىرىدىن ۋارىسنىڭ يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپلا قالدى. ۋۇجۇدىدا رەشىك ئوتى يالقۇنجاپ كۆيۈپ، يۈرۈكىنى بىئارام قىلىۋەتتى. بۇ قىزنىڭ گۈزەل ئوبرازى، جىسمى ھەم پۈتۈن كەلگۈسى پەقەت ۋارىسقا تەئەللۇقتەكلا غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ گەرچە ئورنىدىن تۇرۇپلا كىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، قانداقتۇر بىر خىل قىزىقىش ھەم غەزەپ ھىسياتى يان تەرەپتىكى ئۇرۇندۇقتا ئولتۇرغان گۈلناز بىلەن ھېلىقى يىگىتنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا خۇددى كىنولاردىكى شپىيونلاردەك ئاستا بۇ ئىككى گەۋدىگە يېقىنلاپ، سۇس چىراق نۇرىدا كىتاپ كۆرىۋاتقان قىياپەتتە ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدى.

ـ چاقىرتىپتىكەنسىز ئەكرەم.

ـ شۇنداق، مەقسىتىمنى دىمىسەممۇ بىلىسىزغۇ، مەن سىزنىڭ ئوتىڭىزدا ساراڭ بولاي دىدىم، مىنى بۇنداق قىينىماڭ، مەن بۇ دۇنيادا بىرەر قىزنى سىزنى ياخشى كۆرگەندەك كۆرۈپ باقمىغان، ھەم بۇنداق يىلىنىپ باقمىغان. بۇ قېتىملىق تەلپىمنىڭ سىز ئۈچۈن نەچچىنچى قېتىملىق تەلەپ ئىكەنلىكىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، سىز ئۇدا مىنىڭ كۆڭلۈمنى رەت قىلىپ كەلدىڭىز، مىنى قانچە رەت قىلغانسىرىڭىز، مەندىن قانچە قاچقانسىرىڭىز مەن سىزگە شۇنچە ئاشىق بولۇپ قالدىم، تۇرغان، ماڭغان تۇرقۇم خۇددى ئۆزەمنىڭ ئەمەستەكلا...مىنىڭ بۇ كۆڭلۈمنى قاچانمۇ چۈشۈنەرسىز؟؟؟

ـ بولدى ئەكرەم، سۆزلىمەڭ. مەن بۈگۈن ئەدەپ يۈزىسىدىن، سىزنىڭ

ھېسياتىڭىزغا ھۆرمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن بۇ يەرگە چىقتىم. لېكىن مەن سىزگە يەنىلا ياق دېگەن جاۋاپنىلا بېرەلەيمەن. مەن سىزگە نۇرغۇن قېتىم دېدىم: ھەر قانداق ئادەمنىڭ مۇئەييەن نىشان، ئارزۇسى بولىدۇ. مۇنىڭ بىردىنبىر نىشانىم ياخشى ئوقۇش، مەكتەپنى ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈش. مەن ھازىرغىچە مۇھەببەت توغرىسىدا ئويلانمىدىم ھەم ئويلانمايمەن. ھەم سىزگە نىسپەتەن قىلچىلىك مۇھەببەت تۇيغۇلىرىدا، سۆيۈلۈش تۇيغۇلىرىدا بولۇپ باقمىدىم. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.

- ياق، ياق...مەن ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن، سىزنى كىم بۇنداق گۈزەل، لاتاپەتلىك بولسۇن، بۇنداق ئەقىللىق، خۇشخۇي بولسۇن دەپتىكەن؟ سىز ماڭا يۇلۇقمىغان بولسىڭىز، مېنىڭ قەلب قەسرىمگە بۇسۇپ كىرمىگەن بولسىڭىز مەن بۇنداق كۈنگە قالمايتتىم. سىز مېنى ساراڭ قىلىپ قويدىڭىز.

- ئەكرەم، ئويلۇنۇپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزياخشى كۆرمەيدىغان، قىزىقمايدىغان بىرسىگە كۆڭلىڭىزنى بېرەلەمسىز؟ ئۇنى باغرىڭىزغا باسالامسىز ؟... كۆڭۈل دېگەننى مەجبۇرلاپ تاڭغىلى بولمايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تىراگىدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا بۇندىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ، مېنىڭ ياتىقىمغا تېلېفون قىلماڭ، سىنىپنىڭ دەرىزىسىدىن قالايمىقان قارىماڭ، مەكتەپ ئىچىدە مېنىڭ ئالدىمنى قالايمىقان توسماڭ... ئەگەر سىز بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز مېنىڭ مەكتەپتىكى ئوبرازىمغا يامان تەسىر بېرىپ قويىسىز، سىز مېنىڭ شاللاق قىز نامىنى ئېلىپ قېلىشىمنى خالىمايدىغانسىز؟؟؟

- قاراڭ دىلناز، مەن سىزگە ھەر ۋاقىت ناھايىتى سەمىمىلىك بىلەن، يىلىنىپ تۇرۇپ كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلىپ كەلدىم. مەن ھېچقاچان بىر قىزنىڭ ئالدىدا بۇنداق كۈنگە قالمىغان، مېنىڭ قانداق ئەكرەم ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسىزغۇ؟..شۇڭا ئوبدان ئويلۇنۇپ بېقىڭ، مەن سىزنىڭ ياق دېگەن جاۋابىڭىز كېرەك ئەمەس. لۇكچەك قىياپىتىم ئاشكارىلىنىشتىن بۇرۇن تەلۋىمگە ئۆز ئىرزىتىڭىز بىلەن ماقۇل دەۋىلىڭ...

- نىمە؟...ماڭا پوپوزا قىلىۋاتامسىز، مەن بۇ يەرگە سىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ چىقتىم. مېنى ئۇنداق باشقا قىزلارغا ئوخشاتماڭ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوغلى بولسىڭىز نىمە بوپتۇ؟...بىلىپ قويۇڭ، مەن بۇ مەكتەپكە ئۆزەمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇقۇشقا كىرگەن، ھەم مەكتەپ تەلۋى بويىچە

ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن ئۇقۇپ كېلىۋاتىمەن. مەن پەقەت سىزنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىم، سىزگە قىلچىلىك قىزىقمىغانلىقىم ئۈچۈن ياق دىدىم. ئەگەر ماڭا باشقىچە نىيەتتە بولىدىغان بولسىڭىز مەكتەپ رەھبەرلىكىگە، دادىڭىزغا دوكلات قىلىمەن.

ۋارىس كىتاپتىكى ئىمىر-چىمىر خەتلەرگە تىكىلگىنىچە ئويلىنىپ قالدى. بۇ ھېلىقى تەنتەربىيە فاكولتىتىدا ئۇقۇيدىغان، ھەر ۋاقىت مەكتەپنى بېشىغا كىيىپ يۈرىدىغان، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوغلى، جىدەلخور ئەكرەم قوپاللىقى، بۇ ئەبلەخنىڭ دىلنازنىڭ پىيىدە يۈرۈپتىكەندە، شۇنچە مەمەدان، ھېچقانداق ئۇقۇتقۇچى-ئۇقۇغۇچىنى كۆزگە ئىلمايدىغان گۈيىنگمۇ قىزلارغا يېلىنىدىغان ۋاقتلىرى بولىدىكەن ھە، مۇھەببەتنىڭ شاھىنمۇ گادايلىقىنى قىلىۋېتىدىغانلىقى راس ئوخشىمامدۇ؟ لېكىن دىلناز ئەجەپ قورقماي بۇ قوپاللىقىنى؟ شۇنداق زەردىلىك گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ ئەبلەغ دىلنازغا يامانلىق قىلمىسىلا بولاتتىغۇ؟...ئۇ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويغاچ يەنىلا پاراڭغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

- دوكلات قىلىمەن. قېنى دوكلات قىلىڭ، بولسا ھازىرلا دوكلات قىلىڭ، ئەكرەم مېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ماڭا كۈيۈپ قاپتۇ، مېنىڭ دەردىمدە ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ دوكلات قىلامسىز؟ مەن سىزگە شۇنى دەپ قوياي دىلناز، مەن بۇ مەكتەپتە ئۆزەم ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى ھېچقانداق ئادەمگە ئېرىشتۈرمەيمەن. مەن سىزنى ئۇقۇش پۈتتۈرگۈچە بۇ مەكتەپ دەرۋازىسى ئىچىدە بىرەر يىگىت بىلەن ئۈچرىتىپ قالماي ھە؟!

- خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزگە دىدىمغۇ: مېنىڭ خىيالىمدا پەقەت ئۇقۇشلا بار، بەلكىم ئۇقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئاسپىرانت، دوكتۇرلۇقنى پۈتتۈرگۈچە بىرەر يىگىت بىلەن ئارىلىشىپ قالماسلىقىم مۇمكىن...

- كۆرىمىزغۇ...

- بولدى ئەكرەم، تەگەشمەيلى، ياتاقنى تاقايدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. مەن سىز بىلەن يەنىلا ياخشى دوست بۇلۇپ، ئۆز-ئارا ھۆرمەتلىشىپ ئۆتۈشنى ئۈمۈت قىلىمەن. مېنى تەڭلىكتە قويماڭ، تەڭرىم سىزدەك قاملاشقان يىگىتكە مەندىنمۇ ياخشى قىزنى ئاتا قىلىدۇ. مەن قايتاي.

- بوپتۇ، قايتىپ كىتىڭ. لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈمنى يەرگە ئۇرغۇ - نىڭىزنى، غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلغىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بىلىپ قويۇڭ،

مەن بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرگەن قىزلارنى يەنە يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىشنى بىلىمەن جۇمۇ...

دىلناز ئەكرەمنىڭ سۆزىگە جاۋاپمۇ بەرمەي سۇكۇت ئىچىدە ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ۋارىسنىڭ ئالدىدىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئۆتۈپ، ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ ئاستا قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ۋارىس بىردەم دىلنازغا، بىردەم كۈچەپ تاماك چېكىۋاتقان ئەكرەمگە يوشۇرۇن قاراپ ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. دىلنازنىڭ ھەقىقى ئىسمى-جىسمىغا لايىق گۈزەل ئوبرازى ئۇنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتىرىلىۋاتاتتى. مۇشۇ ياشتىمۇ ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ ، پۈتۈن دىققىتىنى ئۇقۇشقا ئاتىۋەتكەن قىزنى ئۇچرىتىش تەس بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ۋارىس ھەقىقەتەن بىر ئۇلۇغ پەرىشتىنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بايامقى رەشىك ئوتلىرىمۇ ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن بولۇپ، دىلنازنىڭ بارلىق سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئەكرەم، مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن، مىنىڭ لايىقىم بار، مەن پەقەت ۋارىسنىلا ياخشى كۆرىمەن، ۋارىستىنلا بارلىق بەختىمنى تاپىمەن.... دىگەندەك بىلىنىپ كەتتى. لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى شىرىن چۈش ئىدى. ئەكرەمدەك مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆلەتۋاز، بايۋەچچە ئوغلىنى رەت قىلغان دىلناز قانداقمۇ ۋارىسنىڭ ساددا مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلالىسۇن....

(2)

ۋارس ياتاققا ئېغىر خىياللار ئىچىدە كىرىپ ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلىدى. ئۇزىنىڭ كەچلىك تاماق يىمىگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ياتاقداشلىرىنىڭ شىرىن ئۇيقۇسىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى شۇنچە ئۇيقىغا زورلىسىمۇ، ھېچ ئۇيقۇسى كەلمىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ ئۇيان-بۇيان نەچچە رەت ئۆرۈلگەندىن كىيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كارۋات بېشىدىكى كىچىك چىراقنى ئاستا ياندۇردى. ياستۇق ئاستىدىن تۈركىيە يازغۇچىسىنىڭ لەۋدىن قەلبكە دىگەن كىتاۋىنى ئېلىپ، قاتلاپ قويغان يىرىدىن باشلاپ ئوقۇشقا باشلىدى....

مۇرادىل تېخى ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۇ دوستىنىڭ ئىشلىرىغا چىن يۈرۈكىدىن كۆڭۈل بۆلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پات-پات ئۇھسىنىشلىرىدىن، ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىدىن، دەرستە چېكىنىپ كىتىشىدىن يۈرىكى پۇچۇلىناتتى. ئۇ

دوستىنىڭ كىتاپ ئۇقۇپ تۇرۇپ، پات-پات تۇرۇۋسقا قاراپ ئۇنىسىز خىيال سۈرۈۋشىلىرىگە قاراپ ياتتى. ئۇ: مەن بۇ دوستۇمغا زادى ياردەم بەرمىسەم بولمايدىغان يەرگە كەپتۇ، مەيلى رەت قىلسۇن، رەت قىلمىسۇن بۇ دوستۇم كۆڭلىنى چۈقۈم دىلنازغا بىلدۈرۈشى كېرەك. بەلكىم ئىبغىر رەددىيەگە ئۇچرىسا بۇ ئىشلارنىڭ پەقەت بىر چۈش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، دىلنازدىن ئۈمۈت ئۈزۈپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالسا ئەجەپ ئەمەس...دىگەنلەرنى ئويلىدى...

يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنىمۇ كەلدى. ياتاقتىكى ھەممە ساۋاقداشلار رەتلىك كىيىنىپ سىرتقا چىقىپ كېتىشتى. ۋارىس بۈگۈن چۈشكىچە قېنىپ ئۇخلىدى. نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئۇيقۇسىز تۈنلەردىن بۈگۈن دەردىنى تازا ئالدى. ئۇ خېلىلا جۈدەپ قالغان بولۇپ، قاپقارا ئۇلىما قاشلار ئاستىدىكى چوڭ قوي كۆزلىرىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، يىگىتلىكنى نامايەندە قىلىۋاتقان ساقال -بۇرۇتلىرىمۇ خېلىلا ئۆسۈپ، ھارغىن چىرايىغا تېخىمۇ ھارغىنلىق بېرىپ قويغان ئىدى. ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇردى. يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ، كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن چامادانىنى نەچچە رەت ئۆرۈپ-چۆرۈپ باققان بولسىمۇ، يۇيۇپ قاتلاقلىق پاكىزە كىيىمدىن بىرەرنىمۇ تاپالمىدى. شۇ تاپ ئۇ ئۆزىنىڭ پات يېقىندا كىيىم-كېچەكنى يۇيۇپ باقمىغانلىقىنى ئەسلەپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغۇنىچە، ئىبغىر جىسمىنى يەنە كارۋاتقا تاشلىدى....

ۋارىس يەنە بىر ئۇزاق خىياللار ئىچىدە ياتتى. خىيالىدا بىر پەرىشتە ئۇيىاق-بۇياققا ئۇچۇپ ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيتتى. خىياللىرى خىياللارغا قوشۇلۇپ، نۇرغۇن شېرىن دەملەرنىڭ ھۆزۈرىنى سۈرۈپ چىقتى. نۇرغۇن ئاچچىق كەچمىشلەرگە ھەمرا بولدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ خىيالىغا تۇيۇقسىز يېزىدىكى جاپاكەش ئاتا-ئانىسى كەلدى. ماڭلايلىرىدىن چىپ-چىپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتكۈنىچە، ئېتىز بېشىدا قاتتىق زاغرا غاجاپ، كەڭ ئېتىزغا شۈنچىلىك ھارغىن نەزەردە قاراۋاتقان بىر جۈپ چىراي ئۇنىڭ ئېڭىدا ئەكس ئەتتى. دادا پېژغىرىم ئىسسىقتا ئېتىزلارنى ئوغۇتلىۋاتاتتى، ئانا شۇ جىنىدا ئىبغىر كەتمەننى كۆچەپ چېپىۋاتاتتى، ئۇلاردىكى ۋاقىتسىز ئاقارغان چاچلار، پېشانىسىدىكى يول-يول قورۇقلار، قاپارغان قوللار، رەڭگى ئۇچۇپ كەتكەن كونا كىيىم-كېچەك، ھارغىن چىراي...ۋارىس خىياللىرىدىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. كۆز جىيەكلىرىگە كىلىپ قالغان ئاچچىق ياشلىرىنى يۇشۇرماقچى، ئازاپلىق خىياللىرىدىن بىراقلا

قۇتۇلماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇۋالدى.

يار دەردىم دىگەن ناخشىنى بۇلۇشىغىچە تووۋلاپ ياتاقىا كىرىپ كەلگەن مۇرادىل تېخىچە كارۋاتتىن چۈشمەي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرغان ۋارىسنى كۆرۈپ ئىشىك تۈۋىدە جىممىدە توختاپ قالدى. ھەم كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دەرھاللا چاقچاقىا ئۆتتى:

ـ ھەي، ئاغىنە، سەن ئىشەكمۇ يا ئادەم، قارا سائەت نەچچە بولدى؟ قۇتۇر ئىشەكمۇ جىنىدا بۇ كەمگىچە جاڭگالدىن نەچچە ھارۋا ئۇتۇن تۇشۇپ بولدى. سەن نىمانداق تېخىچە ياتىسەن؟ـ ۋارىس كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ دوستىغا تىكىلدى. كۆزلىرىدىن بىر تالاي ھەسرەت تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇ ئاستا پۇتىنى كارۋاتتىن چۈشۈرۈپ، ھارغىنلىق بىلەن سورىدى:

ـ سائەت قانچە بولغاندۇ؟

ـ ئۈچ بولدى، ئۈچ...يەنە بىر ئاش پىشمىدىن كىيىن كەچ بولىدۇ...

ـ نىمە؟...ۋارىس ئەندىككەندەك دەرھاللا سائەتكە قارىدى. سائەت مۇرادىل ئېيتقاندەك راسلا 3 بولغان ئىدى...ـ تووۋا، ئەجەپ مۇشۇ چاققىچە يېتىپتىمىنا؟ قورسۇقۇممۇ ھېچ ئاچماپتۇ...

ـ ئاۋۇ خىيالىڭدىكى پەرىشتىنى ئويلاپ ياتساڭ قانداقمۇ قورسۇقۇڭ ئاچىدۇ ئاغىنە؟ ساڭا ئاشۇ قىز بولسىلا بولىدىغۇ...

ـ بولدى. ئادەمنى مازاق قىلمىغىنا ، مەنمۇ ئويلىنىۋاتىمەن ھەم كۆپ ئويلاندىم. مەن كىم زادى؟ كىمنىڭ ئەۋلادى؟ مەن نىمانداق ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ، خىيالپەرەسلىك ئىچىدە ياشايمەن؟ مىنىڭ بۇ مەكتەپكە كىلىشىم نىمە ئۈچۈن؟ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۈنسىز جاپا چىكىشى كىم ئۈچۈن؟ ئاشۇ قىزنى دەپ، ئاشۇ شىرىن چۈشنى دەپ مەن مۇشۇنداق بۇلۇپ كەتسەم بولامدۇ؟ قىنى مىنىڭ نەتىجەم؟ قىنى مىنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىم؟ قىنى مىنىڭ كەلگۈسۈم؟...مەن راستىنلا ئۆزەمگە ئوخشىمايلا قىلىۋاتىمەن. نىمە ئۈچۈن خۇدا ماڭا نىسىپ قىلمىغان نەرسىگە شۇنچە تەلپۈنىمەن؟ نىمە ئۈچۈن ئۆز يۇلۇمدىن سىرت يول تۇتىمەن؟...ۋارىس مۇرادىلنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بىرىش ئورنىغا، ئۆزىگە ئۆزى بىر تالاي سوئاللارنى قويۇپ كارۋاتتىن ئاستا چۈشتى.

ـ ئۇھ، خۇداغا شۈكرى ...سىنىڭمۇ ئۆزۈڭنى تۇنۇپ يىتىدىغان ۋاقتىڭ كىلىدىكەن ھە، ئۇ قىزغا ئاشىق بولغىنىڭنى گۇناھ دەپ قاراپ كەتكىلى

بولمايدۇ. لېكىن شۇ  ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشقا بەك ئېسىلىۋالدىك، كۈيۈك ئازابىنى بەك تارتىپ كەتتىك. بولدى، سەنمۇ ئۇغۇل بالىغۇ، مەيلى نامرات، گاداي بول سىنمۇ ئاپاك ئۇغۇل بالا دەپ تۇققان. شۇڭا كۆڭلۈڭنى ئۇ قىزغا ئۇچۇق ئاشكارا ئېيادىلەپ باق. ئۇ قۇشۇلمىغان تەقدىردىمۇ سەندەك بىر يىگىتنىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلىقىنى، قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن...
قويە ئاداش، بۇنداق يېتىۋەرسەڭ ھورۇن ئىشەكتىن قىلچە پەرقىڭ قالمايدۇ. قورسۇقۇڭمۇ ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەندۇ، بازار ئايلانغاچ، قورساقنى تولاپ مۇڭدۇشۇپ كىلىمىز...

ـ مىنىڭ كەيگۈدەك پاكىزە كىيىمىم قالماپتۇ.

مۇرادىل ۋارىسنىڭ چامىدىنى ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتقان كىيىملەرگە قاراپ قويدى. بۇ ئاددى ساددا دوستىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىچىدە بىرەر ئالاھىدە ماركىلىق كىيىم ـ كېچەكمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ـ كىيىملىرىڭنى دىلناز قىزنى يۆيۈپ بىرەمدىكىن دەپ ساقلاپ قويغانما؟ ئۇكۇنلەرمۇ كىلىپ قالار، ۋاقتى كەلگەندە مىنىڭ كىيىملىرىمنىمۇ يۇدۇرۇپ بىرەرسەن ھە، مانا كىيىم، ئۆزەڭ ياقتۇرغاننى كىيىپ تۇرغىن، ـ مۇرادىل چامادانىدىن 4ـ5 قۇر كىيىمنى ئېلىپ ۋارىسنىڭ ئالدىغا قويدى.

ۋارىس بىلەن مۇرادىل سىرتقا چىقتى. ۋارىس ئاغىنىسىنىڭ سۆزلىرىدىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغان بولۇپ، قىممەتلىك بىر نەرسىنى تېپىۋالغاندەك خېلى جۇشقۇن كۆرۈنەتتى. يول ئارىلىقىدا، تاماق ۋاقتىدا، پاراڭ ئارىلىقىدا مۇرادىل ۋارىسقا بىر مۇنچە مەسلىھەتلەرنى كۆرسەتتى. ئۇنى دىلنازغا تەلەپ قويۇشقا، ھېچ بولمىسا خەت ئارقىلىق بولسىمۇ كۆڭلىنى ئېيادىلەپ بېقىشقا ئۈندىدى. مۇھەببەتنىڭ مۇرەككەپ ھىسيات ئىكەنلىكىنى، گۈزەل قىزلاردىمۇ نازۇك ھىسيات بولىدىغانلىقىنى، ئەخلاقلىق قىزلارنىڭ ساددا، تىرىشچان، كىلىشكەن يىگىتلەرنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى...
ۋارىسقا سۆزلىدى. يىتىم غېرىپىنىڭمۇ شاھ قىزى سەنەم پىراقىدا بىر تالاي كەچمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاخىرى ۋىسالىغا يەتكەنلىكىنى، ئاددى بىر خىزمەتچىنىڭمۇ ساچىر خانىمدەك دۆلەت ۋەزىرى بىلەن شۇنداق بەختلىك ياشىۋاتقانلىقىنى.... ئىشقىلىپ بىر تالاي مىساللارنى توختىماي سۆزلەپ چىقتى ... ئۇنىڭغا مەدەت، ئىلھام بەردى. ھەم ئاخىرى ۋارىسنى دىلنازغا كۆڭلىنى ئۇچۇق بىلدۈرۈشكە كۆندۈردى...

ۋارىس دىلنازغا قانداق ئىغىز ئېچىش، ھىسياتىنى قانداق ئىپادىلەش توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇردى. ياتاقتا يالغۇز قالغاندا، دەرس ئارىلىقىدا، ھېلىقى گۈللۈكتە...دىلنازغا دەيدىغان سۆزلىرىنى نەچچە-نەچچە رەت يادلاپ چىقتى. يادلاش جەريانىدىمۇ خۇددى دىلناز ئالدىدا تۇرىۋاتقاندەك دۇدۇقلاپ، كىكەچلەپ، ئوتتەك قىزىرىپ، ھەر قېتىمدا ئىلىشىپ كەتتى. ھەر قانچە پىششىق يادلىسىمۇ، ھەرقانچە سەممىي، مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قاتسىمۇ لېكىن يەنىلا مۇكەممەل ئەمەستەك ھېس قىلدى. ئۇ شۇنچە ئىمتاھانلارنىڭ ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ كەلگەن. ئالىي مەكتەپ ئىمتاھانىغا، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتاھانلىرىغا، نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىگە قاتناشقان، نۇرغۇن تۇم-تۇم كىتاپلارنى قارىلاردەك يادلاپ چىققان، نۇرغۇن چىگىش، مۇرەككەپ سۇئالالارغا شۇنچىلىك تەدبىرلىك بىلەن جاۋاپ بەرگەن. نۇرغۇن دوكتور، پىراپىسورلارنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك سالماقلىق بىلەن ئولتۇرغان. لېكىن ئەمدىلىكتە مۇشۇنچىلىك كىچىك سىناق ئالدىدا شۇنچە تەمتىرەپ، جىددىلىشىپ كىتىشى نىمە گەپ؟... مۇھەببەت دىگەن شۇنچىلىك قۇدرەتلىك نەرسىمىدۇ ھە؟ ھېچقانداق ئادەم ئالدىدا تەمتىرەپ باقمىغان ۋارىس ئەجەپ بۇ قىزنى كۆرمەي، كۆڭلىنى ئىزھار قىلماي تۇرۇپ كالۋالىشىپ كىتىپ بارىدۇ دىسە؟...

ۋارىس نەچچە رەت مەشىق، نەچچە رەت ئويلۇنۇش، نەچچە رەت ئىككىلىنىشتىن كىيىن ، يۈز تۇرانە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش نىيتىدىن ياندى.

-مەن ياخشى كۆرگەن قىز بەلكىم دىلناز بولماي باشقا بىر قىز بولغان بولسا بەلكىم بىۋاستە كۆرۈشكەن بولغىيتتىم، لېكىن ئەكرەمدەك پوچى يىگىتلەرگە سۆز بەرمىگەن قىزغا بىۋاستە شىلتىڭ ئاتسام سۆزلىرىمگە قانداق جاۋاپ بىرەر ؟ بىر مۇنچە قىز-يىگىتلەر ئارىسىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ، مىنى مازاق قىلىپ كەتسە قانداق قىلارمەن؟ ئەپتىڭىزگە قاراڭ، ياكى بولمىسا ياتىقىڭىزدا ئەينەك يوقمۇ؟ دىگەندەك جاۋاپلارنى بەرسە، يۇقال ماز، ئەبلەخ دەپ تىللاپ كەتسە ئۆلگۈنۈم شۇ ئەمەسمۇ؟...بولدىلا ئەڭ ياخشىسى خەت ئارقىلىقلا يازاي، مەن يىنىدا بولمىغاندىكىن خەتنى يىرتىپ-يىرتىپ تاشلىۋىتەمدۇ؟ كۆيدۈرىۋىتەمدۇ؟ مىنى بولۇشىغىچە تىللامدۇ؟...ئۆزىنىڭ ئىشى...لېكىن مەندەك بىر سەممىي يىگىتنىڭ ئۆزىنى غايىۋانە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ

قالسىلا بولدى...ـ ۋارىس بىر ھازا خىياللاردىن كېيىن شۇنداق قىلىشنى لايىق تاپتى.

دىلناز بىر دوستى بىلەن ياتاق بىناسىدىن شوخ كۈلكىلەر ئىچىدە چىقىپ كەلدى. ئۇ يەنىلا ئاۋالقىدەكلا شۇنچىلىك ئۇماق، شۇنچىلىك خۇشخۇي ئىدى. ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان چېچى ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەكلا شۇنداق سەبى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ بىر قولىدا كىچىككىنە چاماداننى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىدا دوستىنى قولتۇقلاپ مەكتەپ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. گۈللۈكتىكى ئورۇندۇقتا مۇرادىل بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ۋارىس جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى خەت قىستۇرۇلغان كىتاپنى كۈچ بىلەن مۇجۇقلىدى. شۇ تاپ ئۇ بارغانسىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان دىلنازغا قاراپ شىددەت بىلەن سۇقۇۋاتقان يۈرىكىنى ئاستا سىلاپ قويدى. شۇ دەمدە ئۇنىڭ كاللىسىدا قىز ئالدىغا بېرىش-بارماسلىق، نېمە دەپ ئېغىز ئېچىش، قولىدىكى كىتاپنى قانداق بېرىش توغرىسىدا كۈرەش بولىۋاتاتتى. ئۇ ھاياتىدا بىرەر قىزغا سۆيگۈ مەكتۇبى سۇنۇپ باقمىغاچقىمۇ شۇنچىلىك جىددىيلەشتى، شۇنچىلىك تىترىدى. ھەتتا نېتىدىن دەرھال يېنىپ ياتاققا كېتىشنى، ياكى بولمىسا دىلنازنى كۆرمىگەن بولۇپ ئولتۇرۇۋېلىشنىمۇ ئويلىدى...

-قوپە ئاداش، مەن بىرگە كەلمىگەن بولسام ئاللىبۇرۇن قويىرۇقىڭنى تىكىۋەتەرسەنكەن. نەرىڭ ئوغۇل بالا سېنىڭ. ئۇ ئادەم يەيدىغان ئالۋاستى ئەمەس بىر گۈزەل پەرىشتە...مۇشۇنچىلىك ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىسەڭ ئالدىڭدا يەنە نى-نى ئىشلار بار جۇمۇ ...بولە...ـ مۇرادىل مىڭىشىنى ياكى تۇرۇشنى بىلەلمەي قالغان ۋارىسنى دىلناز كېلىۋاتقان تەرەپكە كۈچ بىلەن ئىتتىردى...

ئىككى قىز ئالدىغا تويۇقسىزلا سەنتۈرۈلۈپ كەلگەن ناتونۇش يىگىتتىن ئەندىكىپ ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار كۆز ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تاتىرىپ كەتكەن ۋارىسنى كۆرۈپ ، بىر-بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى.

- دىلناز، مە...ن ....مەن....

ۋارىس ئۆزىنىڭ دىلناز ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قالدى. گەرچە بۇگۈن شۇنداق ياسىنىپ-تارىنىپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىزە قىردۇرۇپ، يېڭى سېتىۋالغان كاستومىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، خېلىلا سالاپەتلىك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى يەنىلا شۇنچىلىك تۆۋەن، شۇنچىلىك

بىچارە ھىس قىلدى. تىلى كىكەچلەپ ھېچ گەپكە كەلمەيتتى.

- نىمە؟ بىزدە بىرەر ئىشىڭىز بارمىتتى؟- دىلناز ئېرەنسىزلا سورىدى.

-مەن، مەن ....مىنىڭ، مىنىڭ...ياق، بۇ كىتاپ...

دىلناز ئالدىدا كۆزىنى قۇلىدىكى كىتاپتىن ئۈزمەي، كىكەچ ئادەمدەك دۇدۇقلاپ، شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن يىگىتكە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىدى. ئەجەپ تۇنۇش چىرايغۇ بۇ؟ بۇ يىگىتنى بىر يەرلەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟...دىگەنلەرنى ئويلىدىيۇ لېكىن دەماللىقتا قايەردە، نىمە پائالىيەتتە كۆرگەنلىكىنى ئىنىق ئەسلىيەلمىدى. شۇ ئارىدا دىلنازنىڭ دوستى بىر نەرسىنى سەزگەندەك:

-دىلناز، مەن ماڭغاچ تۇراي، ئەتە كۆرۈشەيلى،- دىگىنىچە ئۇلاردىن ئايرىلىپ ماڭدى. ئارىنى بىردەملىك سۈكۈت باستى...

- قېنى، مەن سىزگە قاراپ قالدىم.

ۋارىس شۇ تاپ ئۆزىنى گۇرۇلدەپ كۆيۈۋتقان گۈلخان ئۈستىدىكىدەكلا ھىس قىلدى. بىر ئوت ئۇنى ھازىرلا كۇل قىلىپ تاشلايدىغاندەك پۈتۈن جىسمى قىزىپ كىتىۋاتاتتى. ئۇ ھايات-ماماتى ئالدىدىكى ئېغىر تاللاشقا دۇچ كەلگەن ئادەمدەك دىلىغوللۇق ئىچىدە قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى بارلىق كۈچ-قۇدرىتىنى يىغىپ، ناھايىتى زور غەيرەتتە ئاستا بېشىنى كۆتىرۈپ دىلنازنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئاھ! ئاتەش كۆزلەر، سېھرلىك جادۇ كۆزلەر، ئۇنى مەپتۇن قىلغان، ئۇزۇن-ئۇزۇن كىچىلەرنى ئۇيقۇسىز تاڭغا ئۇلىغان كۆزلەر، ئۇ تىلىكدىيۇ دەرھاللا بۇ كۆزلەرنىڭ سېھرىگە بەرداشلىق بىرەلمەي يەنىلا كىتاپقا قارىۋالدى.

-مىنىڭ ئىسمىم ۋارىس، خىمىيە فاكولتىتىدىن، سىز بىلەن بىر قارارلىق...

- شۇنداقمۇ؟

- ۋارىس قولىدىكى كىتاپنى قاندىق بىرىش توغرىسىدا جىددى كىرزىسكە دۇچ كەلدى. نىمە دەپ بىرىشى كىرەك؟ ھازىرغىچە بىرە ئېغىز پاراڭلىشىپ باقمىغان قىزغا كىتاپنى نىمە دەپ سۇنىدۇ؟ بۇ قىز ساراڭ، مىنى نىمە كۆرۈپ قالدىڭ، ئەرزىمەس كىتاۋىڭنى چىكەڭگە تىڭىۋال... دەپ سالسا ئۇنىڭغا بۇ نىمە كۈن؟...ئۇ بىر ھازا دىلىغوللىقتىن كىيىن ئۆزىنى دەرھاللا ئوڭشىۋالدى.

- سىز مىنى تونۇمايسىزغۇ دەيمەن، لېكىن سىز ماڭا بەك تونۇشلۇق ... - ئۇ شۇ گەپنى دېدىيۇ ئۇڭايسىزلىنىپ يەنە ۋىللىدە قىزاردى، - سىزنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىڭىزنى مەكتەپ ئەدەبىي ژورنىلىدا كۆپ ئۇچرىتىمەن. ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كىتاپ ئوقۇشقا بەك ھېرىسمەن كېلىدۇ. بۇ كىتاپنى مەن بىر نەچچە رەت ئوقۇپ چىقتىم. بەك ياخشىكەن. شۇڭا سىزنى ئوقۇپ باقامدىكىن دەپ... - ئۇ قولىدىكى لەۋدىن قەلبكە دېگەن كىتاپنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دىلنازغا ئۇزاتتى.

دىلناز يىگىتنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، تىترەڭگۈ ئاۋازىدىن، شەيەقتەك قىزىرىشىدىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى. ئەجەپ يۈزى تونۇشقۇ ... دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ ۋارىسنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك قىلمىدى، كايىپمۇ كەتمىدى، زەردىلىك گەپلەرنىمۇ قىلمىدى، ئىرەنسىز ھالدا گەپ سۆزسىز ئۆز يولىغىمۇ كەتمىدى. ئۇ شۇنچىلىك رايىش، شۇنچىلىك سىپايىلىق بىلەن ۋارىسنىڭ قولىدىن كىتاپنى خۇددى كىتاپ مۇقاۋىسىدىكى بىر تال قىزىل ئەتىرگۈلنى ئالغاندەك ئاۋايلاپ ئالدى، بارماقلار بىلىنەر-بىلىنمەس تېگىپ كەتتى. شۇ تاپ بىر ئوت ۋارىسنىڭ بارماقلىرىدىن پۈتۈن بەدىنىگە گۈپپىدە قىلىپ تۇتۇشۇپ، ئۇنى ئاجايىپ يېگىتلىك تۇيغۇلىرىغا چۆمدۈرىۋەتتى...

- رەخمەت، ئاۋارە بوپسىز، مەن كۆرۈپ باقاي. لېكىن كىتاۋىڭىزنى چۇقۇم سىزگە قايتۇرۇپ بېرىمەن...

- بولدى، بولدى، قايتۇرۇپ بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن تەپسىلى ئوقۇپ چىقسىڭىز، ھەر بىر بەتلىرىگىچە...

- چۇقۇم ئوقۇپ چىقىمەن، بولدى مەن ماڭاي، دادام مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا مىنى ساقلاپ تۇرىۋاتىدۇ. مەن ئۆيگە قايتماقچىدىم...

دىلناز ۋارىس بىلەن خۇددى كونا تونۇشلاردەك شۇنچىلىك سەممىي، خۇشچىراي تەبەسسۇم بىلەن خوشلاشتى. ئۇ كىتاپنى ئەمەس ۋارىسنىڭ يۈرىكىنى، ئوت بولۇپ يانغان قەلىپ قەسىرىنى ئېلىپ ماڭدى. بىر ياشنىڭ دەرتلىك ئاھ-زارىنى، مۇڭ ھەسرىتىنى، يوشۇرۇن كۈيۈك ئازابىنى ئېلىپ ماڭدى. مۇھەببەتلىك مۇڭلۇق، مىسكىن ناخشىسىنى ئېلىپ ماڭدى...ئۇ دادىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ماشىنىغا چىقتى. لېكىن ئۆيگە كەلگۈچىلىك جىمجىتلا ئولتۇردى. دادىسىنىڭ سوئاللىرىغا ھە، ياق دەپلا

جاۋاپ بىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى كىتاپنى پات-پات سىلاپ قوياتتى. ۋارسىنىڭ كىلىشكەن، قامەتلىك، ساددا چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بۇ يىگىتنىڭ تۇنۇش چىرايىنى قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئىزدەيتتى. لېكىن تاپالمايتتى. ئۇ شۇ خىياللار ئىچىدە كىتاپنى مەقسەتسىز ۋاراقلىۋېتىپ، يۈرەك شەكلىدە قاتلانغان بىر پارچە خەتنى كۆرۈپ قالدى. كۆزلىرى چوك-چوك ئېچىلىپ، يۈرىكىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى جىغىدە قىلدى...

- نازىر، ئۇدۇل ئۆيگىلا ھەيدەمدىم؟- شوپۇر يېنىدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان دىلنازنىڭ دادىسىدىن ئىلتىماس قىلدى.

- شۇنداق، ئاپىسى ئۆيدە ساقلاپ تۇرىۋاتىدۇ شۇدەم، قىزىمىزمۇ ئاپىسى ئەتكەن تاتلىق بىر قاچا تاماقنى سېغىنغاندۇ؟- ئۇ ئاستا ئۆرۈلۈپ خىيال دەرياسىغا غەرق بولغان قىزىغا قاراپ قويدى.

ماشىنا مەخسۇس نازىر دەرىجىلىك كادىرلار ئۈچۈن سېلىنغان قوش قەۋەتلىك بىر گۈللۈك داچىغاكىلىپ توختىدى. دىلناز كىچىك چامادان بىلەن كىتاپنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر خىل ھەيرانلىق، جىددىيلىك ئىچىدە، تىز-تىز سوقۇۋاتقان يۈرەك تېۋىشىنى تىڭشىغاچ دەرىزىلەرنى كەك ئېچىۋەتتى. شۇ تاپ ئۇنى ئۈستەل ئۈستىدىكى كىتاپ، ياق كىتاپ ئەمەس ھېلىقى خەت قىزىقتۇرىۋاتاتتى. ئۇ يۈز-كۆزىنىمۇ يۇماستىن خەتنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

قەدىرلىك دىلناز....

خەت شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك سەممى يېزىلغان ئىدى. خەتنىڭ پۇچۇركىلىرىدىنلا بۇ يىگىتنىڭ ئەستاھىدىللىقى، تىرىشچانلىقى چىقىپ تۇراتتى. دىلناز ھازىرغا قەدەر بۇنداق مۇھەببەت خېتىدىن نەچچە ئوننى تاپشۇرۇپ ئالغان، نەچچە ئوننى يىرتىپ-يىرتىپ تاشلىغان، مەمەدان يىگىتلەرنىڭ ئاھ، ۋاھ دەپ يازغان بىمەنە مەكتۇپلىرىغا سوغۇقلا كۈلۈپ قويغان ئىدى. لېكىن بۇ خەت ئۇ ھازىرغىچە تاپشۇرۇپ ئالغان ھېچقانداق خەتكە ئوخشىمايتتى. خەتتە يىگىتنىڭ نامرات تۇرمۇشى، ئوقۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا قوشۇلۇپ دىلنازنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، يوشۇرۇن كۆيگەن، ئازاپلانغان مۇڭلىرى پۈتۈلگەن ئىدى. ئۇ خەتتە دىلنازدىن مۇھەببەتمۇ تەلەپ قىلمىغان، ھەم بۇنداق تەلەپ قويۇشنىڭ

بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ دىلنازغا قەتئىي ماس كەلمەيدىغانلىقىنى سەمىمىلىك بىلەن ئىنىقلا ئېيتقان ئىدى. پەقەت ئۆزىدىكى روھى بېسىمنى، چۈشكۈنلۈكنى، دەردنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن بۇ خەتنى يازغانلىقىنى شۈنچىلىك چىن ئىپادىلىگەن ئىدى.

دىلناز ئۈيلۈنۈپ قالدى. كۆلگۈن چىرايىنى مۇڭ باستى. سەممى يىگىتنىڭ ساددا قامىتى، خىتى ئۇنى خىيلىلا تەسىرلەندۈرگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئاستا ئۆزىگە: بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار، مەندە پەقەت ياخشى ئۇقۇش ئارزۇسىلا بولۇشى كېرەك،- دەپ پىچىرلاپ قويىدى. لېكىن ۋارىسقا بەرگەن ۋەدىسى ئۈچۈنمۇ كىتاپنى بىر كىچە كىرىپىك قاقماي ئۇقۇپ چىقتى...

ۋارىس ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغان ئىدى. ئۇ كىتاپ ۋە خەتنى بېرىپ بولغاندىن كىيىن شۈنچىلىك يىنىكلەپ قالدى. خۇددى بىر ئېغىر ۋەزىپىنى ئۇڭۇشلۇق ئورۇندىغاندەك، چىگىش بىر تۈگۈننى يىشىپلا ھەل قىلغاندەك، دىلنازنىڭ مەڭگۈلۈك ۋىسالىغا ئېرىشكەندەك...خوشال ئىدى. لېكىن يەنە دىلنازنىڭ جاۋابىدىن ئەنسىرەيتتى. گەرچە دىلنازنىڭ كەچۈرۈك، كۆڭلىگىزنى يەردە قويىدىغان بولدۇم... دىيىشىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ كىلىپ شالاققىدە بىرنى تۈكۈرىشىدىن، يۈرەكنى تىلغۇدەك زەھەرلىك گەپلەر بىلەن ئۇنى ئازاپلىشىدىن ئەنسىرەيتتى...

دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىك دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، ساۋاقداش ھەممىسى مەكتەپ ئاشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ۋارىسمۇ مۇرادىل بىلەن قۇچاقلىشىپ خىمىيە فاكولتىت بىناسىدىن چىقتىيۇ، ئىشىك تۈۋىدە ھىلىقى كىتاپنى تۇتۇپ تۇرغان دىلنازنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. لېكىن دىلناز شۈنچىلىك سالماق، شۈنچىلىك جەزبىدار ئىدى. ئارىدا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ۋارىسقا قاراپ كۈلۈپ قويىدى. ۋارىس جىددىيلىشىپ سورىدى:

- بىرسىگە ساقلاۋاتامسىز؟- ۋارىس ئۆزىنىڭ سۇئالىدىن ئۆزى ئەندىكىپ كەتتى.

- ھە، سىزگە ساقلاۋاتىمەن، بولماپتۇما؟...

بىر مەزگىللىك رىتىمغا چۈشكەن يۈرەك يەنە ئېغىر-ئېغىر سوقۇشقا ئۆتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋارىسنىڭ يۈزى چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۇ دىلنازنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كىلىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. پۈتۈن مەكتەپ ئۇقۇغۇچىلىرى ھەۋەس بىلەن قارايدىغان بۇ قىز شۇ تاپ

ۋارىسقا تەبەسسۇم بىلەن گەپ قىلىۋاتاتتى... ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە نۇرغۇن سوئاللار ئەگىدى. ئەمدى نىمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟ دىلناز نىمە دەپ كەلگەندۇ؟ كىتاپنى يۈزۈمگە ئاتارمۇ؟ خەتنى كۆز ئالدىمدا، بارلىق ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا يىرتىپ-يىرتىپ تاشلاپ ماڭارمۇ؟... ئۇ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

- ياخشى بوپتۇ، - ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىدىن ئۆزى خىجىل بولدى، - مەنغۇ سىزنىڭ ساقلىشىڭىزغا ئەسلا ئەرزىمەيمەن.

- كىم شۇنداق دەيدۇ؟ سىز ئەجەپ ئۆزىڭىزگە ئىشەنمەيدىكەنسىز، سىزمۇ نى-نى قىزلارنىڭ ساقلىشىغا ئەرزىيسىز...

-ئۇھ، - ۋارىس ئېغىر تىندى. ئۇنىڭ بايامقى قورقۇنۇچلۇق خىياللىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.

-ۋارىس، سىزگە دەيدىغان ئازراق گېپىم بار ئىدى، ئايرىم پاراڭلاشساق بوپتىكەن.

-ئەلبەتتە بولىدۇ، جان دەپ... - ۋارىس مۇرادىلىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، دىلناز بىلەن گۈللۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ شۇ تاپ ئۆزىنى تۇلىمۇ بەختلىك ھىس قىلىۋاتاتتى. مۇشۇنداق بىر گۈزەل قىز بىلەن بىرگە مېڭىۋاتقانلىقىدىن، ئۇماق لەۋلىرىدىن تاتلىق گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنىۋاتاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك ئەركىن، بەھۇزۇر پاراڭلىشىپ ماڭدى. ئەتراپتىكى نۇرغۇن كۆزلەر ئۇلارغا ھەيرانلىق، تەئەججۈپ ئىچىدە قاراپ قالدى. شۇ دەقىقىدە ئۇلار ئاشۇ نۇرغۇن كۆزلەر ئىچىدە مەيداندا ۋاسكىتبول ئويناۋاتقان بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۇلارغا مىختەك تىكىلگىنىنى، قانخور ئالۋاستىنى ئەسلىتىدىغان بۇ چىرايىنىڭ تېخىمۇ قارىداپ، چىشلىرىنىڭ كىرىشىپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدى...

-ۋارىس، مانا كىتاۋىڭىز، ئۇقۇپ بولدۇم، ئەمدى ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بىرەي، - دىلناز قولىدىكى كىتاپنى ۋارىسقا سۇندى.

- ياق، ياق، مەن بۇنى سىزگە سوۋغا قىلغان، بۇ ئادىدىلا بىر كىتاپقۇ، - ۋارىس شۇنداق دىدىيۇ، دىلنازنىڭ سۇنغان قولىنى قايتۇرۇشنى لايىق كۆرمەي كىتاپنى ئاستا قولىغا ئالدى. بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك كىتاپنى شاررىدە بىر ۋاراقلاپ چىقتى.

- مۇھىم نەرسە مەندە قالدى، ئۇنى قايتۇرمۇدۇم، - دىلناز نەزىرىنى

دەرھال ئالدىدىكى ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەرگە ئاغدۇردى.- ئۇ ماڭا مەنسۇپ نەرسىدۇ؟

- ھە، ھە...-ۋارىس دۇدۇقلاپ كەتتى،- سىز خالىسىڭىزلا...

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. ۋارىس بۇكونا جايدا شېرىن خىيالدا ئەمەس، بەلكى رىئاللىق ئىچىدە دىلناز بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. دۇنيانىڭ ئىشلىرى قىزىق بولىدۇ دېسە؟ ئۇ بۇنداق بىر ئۇچرىشىشنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدا يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇش يولى تەسەۋۋۇرىدىكىگە قەتئىي ئوخشىمايۋاتاتتى. دىلنازنىڭ بايىقى سۆزلىرىدىن ۋارىس بىر قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشىش تۇيغۇسىغا چۆمۈپ ئۈلگۈردى. سىزنى بۇنداق ئازاپلاشنى خالىمىدىم، تەلىۋىڭىزگە قۇشۇلدىم.... دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئۇنىڭ ئېڭىدا ئاستا پىچىرلايتتى.

-ۋارىس، قايسى كۈنى سىزنىڭ چىرايىڭىز ماڭا شۇنداق تونۇشتەك بىلىندى. لېكىن ئەسلىيەلمىدىم، بىز بۇرۇن كۆرۈشكەنمۇ؟- دىلناز سوئال نەزىرى بىلەن ۋارىسنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

- ھە،- ۋااس كۈلۈپ قويدى،- مۇشۇ يەردە كۆرۈشكەن، لېكىن سىز مىنى ئەمەس، مەن سىزنى كۆرگەن، مۇشۇ يەردە سىزنى يېرىم يىلدىن ئارتۇق ساقلىغان، گۈزەللىكىڭىزگە، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايىڭىزغا تويماي قارىغان، دەرتلىرىمنى سىزگە پىچىرلىغان، قەدەم ئىزلىرىڭىزدىن بەختىمنى ھىدلىغان....

دىلناز تۇرۇپلا قالدى. بۇ تونۇش چىرايىنىڭ گۈللۈكتىكى كىتاپ كۆرىۋاتقان، يىراقتىن قارىۋاتقان سىماسى كۆز ئالدىدىن غىل-پال ئۆتكەندەك بولدى. ئۇ شۇ تاپ قەلبىدىكى سۆزلەنى ئېيتىشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلدى.

- ۋارىس، ئاۋۇ گۈللەرگە قاراڭ،- دىلناز گۈللۈكتىكى رەڭگارەڭ ئەتىرگۈللەرنى كۆرسەتتى،- باغۋەن مۇشۇ گۈللەنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك جەۋر چېكىدۇ ھە؟

- نېمە؟-ۋارىس دىلنازنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەندەك، ئويچان كۆزلىرىنى گۈللەرگە ئاغدۇردى.

- بىر يىگىتنىڭ بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قېلىشى تەبىئىي، مەن بۇنى چۈشۈنىمەن،- دىلناز شۇنچىلىك سىپايىلىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى. -

خېتىڭىزدىن بەك تەسىرلەندىم، شۇنداق سەمىمى...دېھقان پەرزەنتلىرى شۇنداق سەمىمى بولامدىكىن يە؟ يېزىدىكى جاپالىق تۇرمۇشىڭىزدىن تارتىپ، ئۇقۇش داۋامىدىكى ئىقتىساد قىيىنچىلىقلىرىڭىزنى، ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىنى ئىشقىلىپ ھەممىسىنى ھېچ يۇشۇرماي ئۇچۇقلا دەپسىز. مەن بىر ئالاھىدە قىزمۇ ئەمەس، مەن پەقەت سىزگە ئوخشاشلا ئۇقۇغۇچى. سىزنى نەزەرگە ئالمايدىغان، كۆڭلىڭىزنى يەرگە ئۇرۇدىغان خاراكتىر مەندە يوق، ئاتا-ئانامنىڭ تەربىيەسىدىنمۇ بىلمەيمەن مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق. لېكىن سىز ئۆزىڭىزمۇ ھىس قىلىپسىز، ئاتا-ئانىڭىز سىزنى بۇ مەكتەپكە ئۇقۇتۇش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپتۇ، سىزدىن شۇنچىلىك زور ئۈمۈتلەرنى كۈتۈپتۇ....مەن باشقىلاردىن ئاڭلىدىم، سىز ئىزچىل شۇندق ياخشى ئۇقۇپ كەپتىكەنسىز، تىرىشچانلىقىڭىزغا ، قابىلىيىتىڭىزگە ھەممە قول قويىدىكەن. لېكىن يېقىنقى بىرمەزگىلدىن بۇيان سىزدە چېكىنىش بوپتۇ. بەلكىم ھىسيات، مۇھەببەت سىناقلىرى ئالدىدا ھەممە ئادەم مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، مەن ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ كىتىشىڭىز كېرەكمۇ؟ سىز بۇ مەكتەپكە نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟- دىلناز سۆزىنى توختۇتۇپ ۋارىسقا قارىدى. ۋارس كۆزلىرىنى ئالدىدىكى ئەتىرگۈللەرگە تىككىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ دەم باغۇەن بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.- شۇڭا دەيمەن، سىز چۇقۇم ياخشى ئۇقۇشىڭىز كېرەك. 4 يىل ئۇتۇپ كەتتى، پەقەت بىرىيللىق ۋاقتىمىزلا قالدى. مىنىڭ سەمىمى تەكلىۋىم : مۇشۇ مىنۇتلارنى چىڭ تۇتۇڭ، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ ھەممىسى تىرىشچانلىقتىن، ئۆزىنى تونۇشتىن كىلىدۇ. ئاتا-ئانىڭىزغا ياخشى نەتىجىلىرىڭىز بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇڭ، ئۇلارنىڭ ھارغىن چىرايىغا خوشاللىق كۈلكىسى بەخش ئىتىڭ...

-گېپىڭىز ئۇرۇنلۇق،- ۋارس بوش ئاۋازدا جاۋاپ بەردى،-لېكىن مىنىڭ قەلبىم...

- قەلبىڭىز جاراھەتلىنىدۇ... چۈنكى مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قۇبۇل قىلالمايمەن. سىز مىنى چۈشەنمەيسىز، بۇ مىنىڭ سىزنى تۈۋەن كۆرگەنلىكىم، يېزىلىق كۆرگەنلىكىم، نامرات كۆرگەنلىكىم ئەمەس، مەن بۇ مەكتەپكە پەقەت ئۇقۇش ئۈچۈن، ئەڭ مۇكەممەل بىلىمگە ئىرىشىش ئۈچۈن كىرگەن. كۆڭۈلنىڭ سىناقلىرى ئالدىدا بەرداشلىق بىرىشىم كېرەك. مەن بارلىق ساۋاقداشلارنى

مەكتەپ ھاياتىدا مۇشۇنداق ئويلىسىكەن دىگەن ئۇمۇتتە. سىزدەك تىرىشچان، سەممىي يىگىت بىلەن دوس بولۇپ ئۆتسەم بولىدۇ. كەسىپ، ئۇگۇنۇش جەھەتتە ھەمكارلاشسام بولىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ئەمەس، بۇ دىگەن سىزگە بولغان ھىسداشلىق، بۇ دىگەن دوسلۇق...

ۋارسىنىڭ تاتلىق خىياللىرى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ مۇشۇنداق جاۋاپقا ئىرىشىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن دىلنازنىڭ سۆزلىرىدىن يەنىلا قاتتىق ئازاپلاندى. كۆيگەن يامانمۇ ئۆلگەنمۇ دەپ، ئۇ ھاياتىدىكى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئوتىدا مەڭگۇ قىينىلىپ كۆيىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ يەنىلا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن خوشال ئىدى. دىلناز ئەكرەم قۇپالغا قىلغان مۇئامىلىنى ئۇنىڭغا قىلمىدى، ئەكرەم قۇپالنىڭ سۆزلىرىنى بۆلگەندەك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمىدى. ئەكرەم قۇپالنىڭ گىپىنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ ماڭغاندەك ئۇنىڭ قىشىدىن كەتمىدى. بەلكى ئۇنىڭغا مىھرىبان قېرىندىشىدەك، ئۇستازىدەك، جانجان دوستىدەك شۇنچىلىك سەممىي مەسلىھەت بەردى،ئۇنىڭ نىشانىنى يورۇتۇپ بەردى، ئۇنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئويلىدى... دىلنازنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى ۋارسىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت، تاشنالىقىنى يەنە نەچچە ھەسسە ئاۋۇتۇپ بارماقتا ئىدى.

ـ قانداق، مەن دىگەندەك قىلالامسىز؟ ـ دىلناز ۋارىسقا ناھايىتى ئېغىر سۇئالدىن بىرنى قويدى.

ـ مە...ن...مەن...تىرىشچانلىق كۆرسۇتۇپ باقاي...ـ ۋارىس كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، لەۋلىرىنى بوشقىنا چىشلەپ قويدى.

دىلناز ۋارىس بىلەن خوشلۇشۇپ ياتاق تەرەپكە ماڭدى. ۋارس قولىدىكى كىتاپقا قاراپ ئېغىر خىياللارغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممە نەرسە تۈگىگەن ئىدى. ئۇ شۇ تاپ ئۇتۇپ كەتكەن يىرىم يىلدىن كۆپرەك ھاياتىدا ھېچ بىر مەنا قالمىغاندەك ھىس قىلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇۋاتاتتى. دىلنازنىڭ بەزى سۆزلىرى قۇلاق تۇۋىدە جاراڭلايتتى...

(3)

ۋارس كەچلىك تاماقنى ئىشتىھاسىزلا يەپ، كەچلىك تەكرارغا قاتنىشىش

ئۇچۇن سىنىپقا ماڭدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا چىگىش خىياللار ھۆكۈم سۈرەتتى، مۇھەببەت بىلەن ئۆگۈنۈش ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولىۋاتاتتى. ئۇ سىنىپ ئىشىكىنى ئېچىش ئۈچۈن قولىنى سوزماقچى بولغاندا، كەينىدىن بىرسى ئۇنى ئاستا نۇقىدى. ۋارىس كىمدۇ؟ دېگەنىدەك كەينىگە ئۆرۈلۈپ، تۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى. ئالدىدا ئەكرەم قوپال 3ـ4 قول چۈماقچىلىرى بىلەن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، ئىنتىقام ئالغىلى كەلگەن قىساسكارلاردەك گەدىيىپ تۇراتتى.

ـ ئىش بارمىدى؟ـ ۋارىسنىڭ گېپى ئېغىزىدىن چىقماي تۇرۇپلا، گالاچ قىلغان بىر مۇش ئۇنى سىنىپ ئىچىگە قاڭقىتىۋەتتى، سىنىپ ئىچىدە قىييا چىييا ئاۋاز كۆتىرىلدى. ۋارىس ئورنىدىن تۇرماقچى بولىۋىدى ئەكرەمنىڭ زەربە بىلەن ئورۇلغان يەنە بىر مۇشى ئۇنى يەرگە چاپلاپ قويدى. بۇرنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ قەپ ـ قىزىل قان بىردەمدىلا يۈزلىرىنى بويىدى.

ـمانا ئىش دېگەن،ـ ئەكرەم تېخى ئوك سېپىنى تېپىپ بولالمىغان ۋارىسنىڭ بېقىنىغا يەنە 3ـ4 نى قاتتىق تېپىۋەتتى. ۋارىسنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇ بېقىنىچە تۇتقىنىچە ، ئاجىز ئىڭراپ تۈگۈلۈپلا قالدى.

سىنىپ ئىچى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. ساۋاقداشلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي بىردەم ۋارىسقا، بىردەم ئەكرەمگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. مەكتەپنىڭ بۇ جېدەلخور نوچىسى ئالدىدا، ھېچبىرسى يۈگۈرۈپ كىلىپ ۋارىسنى يۆلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئەكرەم شايكىلىرى بىلەن خۇددى سىنىپتىكى بارلىق باللارنى يەنچىپ چەيلىۋېتىدىغاندەك، بىر ـ بىرلەپ ۋارىسقا ئوخشاش يەرگە چاپلىتىپ چىقىدىغاندەك شۇنچىلىك قورقۇنۇچلۇق ئەلپازدا دېۋەيلەپ تۇراتتى.

ـ نېمە بولدى؟ـ مۇرادىل تۇيۇقسىز ناھايىتى يۈرەكلىك بىلەن ئالدىغا چىقتى،ـ ئەكرەم ئاداش، بۇ ئاغىنەم ساڭا نېمە گۇناھ قىلغان؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى بۇنچە قاتتىق ئورىسەن؟...

ـ ئىشىڭنى قىلە سويما، سەن كىم ئىدىڭ مېنى سوراق قىلغۇدەك، بىلىپ قوي، ماۋۇ لاتا گۆي مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ، بۇ مەكتەپتە مەن گەپ قىلغان قىزلارغا تېخى بىرەرسى كۆزىنى چوك ئېچىپ قاراپ باقمىغان. قارىسا تېخى گۈللۈكتە مۇھەببىتىمگە كالىدەك ھجىيىپ تۇرۇپتۇ ... بۇنىڭدىكى قانداق يۈرەك ھە؟ مەندەك بىر نوچىنىڭ ئىشىغا تۇيا چاچقۇدەك

بوپتا...شۇڭا ھۇشىغا كەلگەندە دەپ قوي، بۇ مەكتەپتىن چىرايلىق ئۇقۇش پۈتتۈرمەن دىسە بۇندىن كىيىن كۆتىنى غىت قىسىپ يۈرسۇن. ئەگەر يەنە مۇھەببىتىمنىڭ كەينىدە ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولسام، جەسىدىنى ئۆزەڭ دەپنە قىلىپ قويىسەن جۇمۇ...

ئەكرەم بىردەم پوپوزا قىلىپ، ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەندىن كىيىن، ئىشىكنى جاڭگىدە يىپىپ چىقىپ كەتتى. ئەكرەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان باللار ئۇلۇمدىن ئامان قالغان ئەسىرلەردەك يىنىككىنە بىرنى تىندى. بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ قالغان بىر قانچە قىز كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئۆز-ئارا چىڭ قۇچاقلاشتى...ئەكرەمنىڭ ئايىاق تىۋىشى يوقالغاندىن كىيىن، ھەممە ساۋاقداشلار ۋارىسنىڭ قېشىغا گۇررىدە ئۇلاشتى. بىرقانچىسى قول ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ قانلىرىنى سۈرتسە، بىر قانچىسى ئىگراپ ياتقان ۋارىسنى ئاستا يۆلىدى.

- تېز بۇلۇڭلار، تېز، مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرايلى، - مۇرادىل دەرھاللا ۋارىسنى ھاپاش قىلدى. ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا تېزلا ياردەملەشتى. ئۇ يۈزلىرىگە يۇقۇۋاتقان، كىيىملىرىگە ئېقىۋاتقان قانغا قارىماستىن، بىر قانچە ساۋاقدىشىنىڭ ھەمراللىقىدا بىچارە دوستىنى كۆتىرۈپ، تېز-تېز قەدەملەر بىلەن دوختۇرخانا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى...

ۋارىسنىڭ يارىسى ئانچە ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن 1 سائەتكىچە ھۇشسىز ياتتى. يېرىم يۇمۇقلۇق كۆزلىرىدىن توختىماي ياش سىرغىپ تۇراتتى. مۇرادىل دوستىنى دوختۇرغا تەكشۈرتكەندىن كىيىن، 4-5 كۈن ياتاقتا ياتقۇزۇشىنىڭ زۈرۈرلىكىنى بىلىپ ئۇنى ياتاققا ئالدۇردى. بىھۇدە تاياق يىگەن ۋىسالسىز ئاشىق دوستىنىڭ يىنىدا بىر كىچە كىرپىك قاقماي ھەمرا بولدى، يۈزىدىكى قان داغلىرىنى تازىلىدى، ئىششىپ كەتكەن يۈزلىرىگە دورا سۈردى. ۋارىس ھۇشىغا كەلگەندىن كىيىن نىمىشقىدۇر دوستىنى چىڭ قۇچاقلاپ خۇددى كىچىك باللاردەك ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

مۇرادىل ئەتىسى كۆپ ئويلانغاندىن كىيىن، ئەكرەمنىڭ يەنە دىلنازغا تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەپ، جىدەل ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، دىلناز بىلەن كۆرۈشتى.

-لۈكچەك، كىم ئۇنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بوپتۇ؟ كىم ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپتۇ؟ نىمانداق قالايمىقان سۆزلەپ يۈرىدىغان ئەبلەخ ئۇ؟- چىرايى

تاتىرىپ، قۇشۇملىرى تۈرۈلۈپ كەتكەپ دىلناز تىترەپ كەتتى،- نىمانداق ئادەمنى باشقىلار ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ؟ نىمە دەپ بىگۇناھ ئادەمنى ئۇرۇدۇ؟...

- شۇنى دەيمەن، بۇ گۈينىڭ مەكتەپ ئىچىدە قىلىۋاتقان ئىشلىرى بولا ئەمەس، بىھۇدە تىل ھاقارەت ئىشتىپ يۈرگەن ئۇغۇللار، ۋىجدان ئازابى تارتىپ زار-زار يىغلىۋاتقان قىزلار ئاز ئەمەسمىش، ئۇنىمۇ سورايدىغان ئادەم چىقار.-مۇرادىل دىلنازغا تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك قۇشۇپ قويدى.

- ۋارىسنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقراق؟

- خۇداغا شۈكرى، ئىچكى ئەزالىرى زەخىملەنمەپتىكەن، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

- ياخشىلارغا كۈن يوق جاھانمۇ بۇ؟ خۇدا جاجىسىنى بەرگەي ئۇ لۈكچەكنىڭ!

- دىگىنىڭىز كەلسۇن...

مۇرادىل دىلناز بىلەن ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كىيىن قايتىپ كەتتى. لېكىن دىلناز بىر خىل ئۆكۈنۈش ئىچىدە قالدى، يۈرىكى ئۇنسىز تىترىدى، دەرسمۇ دەرس بولمىدى. ئۇ گەرچە كىتاپ كۆرىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، خىيالى ۋارىستا ئىدى. قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپلا تۇرىدىغان چىرايىنى غەمكىنلىك، مۇڭ باسقان بولۇپ، كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇلاقتەك كۆزلەرنىڭ جىيەكلىرىدە ياش لىغىرلايتتى. قەلبىنى ئەكرەمگە بولغان ئۆچمەنلىك، ۋارسقا بولغان ھىسداشلىق بىئارام قىلاتتى. ئۇ بىردەم سۈكۈت ئىچىدە ئويغا پاتقاندىن كىيىن، مۇئەللىمدىن رۇخسەت سوراپ سىنىپتىن چىقتى.

ئىشىك يىنىك چېكىلىپ، دىلناز قولىدا بىر دەستە گۈلنى كۆتىرىپ ۋارىسنىڭ ياتىقىدا پەيدا بولدى. ئىككى كۆزىنى تۈرۈۋسقا تىكىپ، چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغان، چىرايىدىن مەيۈسلۈك، ئۆكۈنۈش، پۇشايمان، بىچارىلىك ... ئىشقىلىپ قانداقتۇر مۇرەككەپ ھىسيات تۇكۇلۇپ تۇرغان ۋارس دىلنازنىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى كۆپ-كۆك كۆكىرىپ، ئېغىز بۇرنى خېلىلا ئىششىپ كەتكەن ئىدى.

-ۋارس، ۋارس...

دىلنازنىڭ يىنىك، يېقىملىق ئاۋازى ۋارىسنىڭ خىيالىنى بۇلىۋەتتى. ۋارس قولىدا بىر دەستە گۈلنى كۆتىرىپ، ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان دىلنازنىڭ سىماسىنى كۆرۈپ، ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، كۆكىرىپ كەتكەن

كۆزلىرىدە خوشاللىق جىلۋىلەندى.

ـ قېنى كىلىڭ.ـ ۋارىس دىلنازنى كارۋاتقا تەكلىپ قىلدى.ـ نىمە دەپ ئاۋارە بۇلۇپ يۇرگەنسىز؟ يا مەن بىر ئېغىر زەخمىلەنمىسەم؟

ـ نىمە دىگىنىڭىز بۇ؟ قاراڭ يۈز ـ كۆزىڭىزگە، تۇنۇمىغۇدەك بولۇپ كىتىپسىز. مىنىڭ كۆڭلۈمىمۇ بەك يېرىم، مىنى دەپ مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭىزدە، بۇ نىمە كۈن ئەمدى سىزگە؟

ـ ھېچقىسى يوق، سىز ئۈچۈن تاياق يىيىشكە مەن رازى. لېكىنزە ناھاق يەۋالدىم دە، مەنغۇ ئۇغۇل بالا، لېكىن سىزنىڭ نامىڭىزنى قالايمىقان سىپسىتىپ يۇرمىسە بولاتتى.ـ ۋارىس دىلنازنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك قەستەن سوراپ قويدى.ـ ئەكرەم بىلەن راس يۇرىۋاتامسىز يە؟...

ـ تۇۋا دەڭا، سىز مىنىڭ گەپلىرىمگە ھازىرغىچە ئىشەنمەيۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ مەن ھازىرغىچە بىرەر يىگىتنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل دەپ باقمىغان. ئۇنىڭ مىنىڭ ئارقامدىن يۇرگىنى راس. لېكىن مەن قەتئىي رەت قىلىپ كەلدىم. ئۇ لۇكچەك بىلەن يۇرگۇچە بىر ئۆمۈر تەنھا ئۆتۈپ كىتىشكە رازىمەن...ـ دىلناز سۆزىنىڭ راسلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ۋارىسنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ۋارىس مەن ئىشىنىمەن، مەن ھەممىنى بىلىمەن... دىمەكچى بولدىيۇ، لېكىن تىلىنىڭ ئۇچىغا كىلىپ قالغان سۆزلىرىنى يۇتۇۋەتتى...

ـ دىلناز، مىنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە مىڭ مەرتىۋە رەخمەت. سىز ھەقىقەتەن ياخشى قىزكەنسىز. مەن سىزنىڭ قۇبۇل قىلىشىڭىزغا ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن سىزنىڭ مۇئامىلىلىرىڭىزدىن ئۆزەمنى بەك بەختلىك ھىس قىلىۋاتىمەن. مەن كۆپ ئويلاندىم، سىز توغرا دەپسىز، مەن زادى ئۆزەمنى تۇنۇشۇم كىرەككەن. ئۆزەمگە تەئەللۇق نەرسىلەرنى قەدىرلىشىم، ئۆزەمگە مەنسۇپ بولمىغان نەرسىلەردىن ۋاز كىچىشنى ئۈگىنىشۇم كىرەككەن. بۇنى ئەكرەمنىڭ مۇشلىرىدىنمۇ ھىس قىلىۋاتىمەن، ئۇ مىنى خېلى سەگىتىپ قويدى. مەن چۇقۇم سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك قىلىمەن. مىنىڭ كىينكى بىر يىللىق نىشانىم ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن ئۇقۇش، بۇرۇنقى يۇتتۇرۇپ قويغان ئۆزەمنى تېپىۋىلىش...

ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتقان ۋارىس دىلنازغا قەسەم بېرىۋاتقاندەك مۇشتىنى چىڭ تۈگدى. دىلناز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى جىممىدە ئاڭلىدى، بەزىدە

تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى. لېكىن شۇ قىسقىغىنا دەمدە يىگىتنىڭ تەلۋىنى چىرايلىق رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇش ھەققىدە سەممىمى، دوستانە تەكلىپ بەرگەن دىلنازنىڭ قەلبىدە نىمىشقىدۇر يىنىككىنە تەۋرىنىش بولغاندەك بولدى. ئۇ قانداقتۇر بىر مۇھىم نەرسىسىدىن ئايرىلىۋاتقاندەك ھەسرەت بىلەن ئېغىر تىندى.

(4)

بىر ھەپتە داۋالانغاندىن كېيىن، ۋارىس دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇ بۇرۇنقى كۈيۈك ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ بىھوش بولغان ۋارىستىن ناھايىتى جۇشقۇن، ناھايىتى غەيرەتلىك، ناھايىتى تىرىشچان بىر ۋارىسقا ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ ئەكرەمدىن ئۆچ ئېلىشنىمۇ ئويلىمىدى، مەكتەپ رەھبەرلىكىگە مەلۇممۇ قىلمىدى، ساۋاقداشلىرىغا ھېچقانداق چۈشەنچىمۇ بەرمىدى. ئۇ پەقەت ھەممە ئۆتۈپ كەتتى، مۇھەببەت، سۆيۈش، دەرت ـ ھەسرەت ھەممىسى بىر چۈش بولۇپ قالدى. مەن بۇگۈن قايتىدىن تۇغۇلدۇم... دەپلا ئويلىدى. ئازاپ سىڭىپ كەتكەن جىسمىنى پاكلىماقچى، پۈتۈن ھەسرىتىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك مۇنچىدا ئۇزاقتىن ئۇزاق يۇيۇندى، بارلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، ماتىرىياللىرىنى قايتىدىن رەتلەپ چىقتى. ئاشىقلىق ھىسلىرى قىينىغان دەملىرىدە قالدۇرغان كۆكۈل خاتىرلىرىنى بىر بىرلەپ يىرتىپ چىقتى. نەچچە ۋاقىت ۋاراقلانمىغان دەرسلىك كىتاپلىرىنى ۋاراقلاپ،نۇرغۇن كونسىپكلىرىنى تولۇقلىدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ بۇ ئۆزگۈرىشىدىن ئەكرەمنىڭ تايىقى خېلى ئۆتۈپتۇ، قۇپالنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپتۇ، پەرىشتىنىڭ ۋىسالىغا يىتىشتىن ئۈمۈدىنى ئۈزۈپتۇ... دەپ ئويلاپ قالدى.

دەرس، كىتاپ، تەجرىبە ئىچىگە كىرىشىپلا كەتكەن ۋارىسنىڭ يۈرىكىدىكى مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ باردى. ئۇ شۇندىن كېيىن ھېلىقى گۈللۈكتىن مېھرىنى ئۈزدى، دىلنازنىڭ يوللىرىغىمۇ تەلمۈرمىدى، سائەت ـ سائەتلەپ ئۇنىڭ سىماسىنى ساقلايدىغان، ئاياق تىۋىشىنى تىڭشايدىغان ئۈرۈنمۇ ئەمدى بوش قالدى. پات ـ پات خىيالىدا كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ئىللىق بىر چىراي پەيدا بولغاندا، كاللىسىنى قاتتىق سىلكىپ ئۇنى يىراق ـ يىراقلارغا قوغلاپ قوياتتى. بىر قىسىم ئاممۇى

پائالىيەتلەردە، تاماقخانىلاردا دىلناز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا چىرايلىق سالاملىشىپلا قويىدىغان بولدى. يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنى تارتىشىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى مەجبۇرى ئېلىپ قاچتى. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى پەقەت بىر نىشان ئۇچۇن ئاتىدى. ئاتا-ئانا ئەجرىنى قايتۇرۇش، ئۇلارنىڭ تىلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۆز يېزىسىدا ئۇقۇتقۇچى بولۇش...ئۇ ئاخىرى شۇ نىشاننى توغرا تاپتى. شۇنداق قىلىش كېرەك. ئادەمنى ئاللاھ ئۆز رىسقى، ئۆز جۈپتى بىلەن يارىتىدۇ ئەمەسمۇ، شۇ يېزىدا ئاتا-ئانا رازىلىقى ئاستىدا چۇقۇم بىر قىز بىلەن توي قىلىدۇ، پەرزەنتلىك بولىدۇ، سەھرا تۇرمۇشىغا قايتىدىن سىڭىپ كىتىدۇ. مانا بۇ رىئاللىق، مانا بۇ قانۇنىيەت. بەخت شۇ يۈرتىدىمۇ، شۇ مەھەللىسىدىمۇ، شۇ يېزا قىزلىرىنىڭ مېھرىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت...

يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما كىم بىلسۇن؟ ھەممە نەرسىگە ئاقىلانىلىق بىلەن جاۋاپ بىرىشكە ھىرىسمەن، سۆيگۈ ئۇقۇمىدىن مۇستەسنا، مۇھەببەت تۇيغۇلىرىدىن خالى گۈزەل پەرىشتىنىڭ خىيالىدا بىر ساددا يىگىتنىڭ سىماسى ئورناپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلىپ بىلمەي ساۋاقداشلار ئارىسىدىن ۋارىسىنى، ئۇنىڭ كىلىشكەن قامىتىنى، ئۇلما قاشلار ئاستىدىكى قاپقارا كۆزلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ تۇيغۇلىرىدىن ھەيران ئىدى. ئۇ پات-پات ئىنگلىز تىلى ئۇقۇشلۇقىنى كۆتىرىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن بىرىلىپ ئۇگۇنۇش قىلىۋاتقان ۋارىسنى ئۇچرىتىپ قالغاندا يۈرىكىنىڭ تېز-تېز سوقۇپ كىتىۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ ئۇنى شۇ تەرەپكە ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھىس قىلدى. ئۇيگە قايتقاندا ۋارىسنىڭ ھېلىقى خىتىنى يىنىش-يىنىشلاپ ئۇقۇيدىغان، شۇ خەتلەر ئىچىدىن بەختىنىڭ، گۈزەل ئىستىقبالىنىڭ ئىزنالىرىنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ نىمە ؟ بۇ مۇھەببەتمۇ؟ بۇ ياخشى كۆرۈشمۇ؟...ياق، ياق...بۇ دىگەن بىر خىل قىزىقىش، بىر خىل ھۆرمەت، بىر خىل ھىسداشلىق، دوسلۇق...ھەممىسى ساراڭ خىيال، ھەممىسى شەيتان...ئۇ ئۆز ھىسسياتىغا مانا مۇشۇنداق جاۋاپ بىرىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۆزىنى ئۆزى بۇ ھىسسياتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولاتتى...

دىلناز يۇقارقىدەك ئىزگۇ ۋىسال ئىچىدە، ئۆزىدىكى چۈشۈنۈكسىز، مۇرەككەپ خىياللارنى تەھلىل قىلغاچ، جەنۇپلۇق ساۋاقدىشى، ياتاقدىشى

سەلىمەنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇندىن شوخ، تېتىك، تېرىشچان، ھەر قانداق پائالىيەتتە لەرزان ئۇسسۇللىرى بىلەن باشقىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان بۇ قىز يېقىندىن بېرى تۇلىمۇ كەمسۆز، ھورۇن بولۇپ قېلىۋاتاتتى. مەيلى سىنىپتا بولسۇن، مەيلى ياتاقتا بولسۇن، باشقىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئارلاشماي، سورالغان سوئاللارغا سوغۇقلا جاۋاپ بېرىپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن خىياللارغا غەرق بولاتتى. بەزىدە ئېغىر ئۇھسىنىپ قوياتتى. ئىقتىسادى جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار بۇ قىزغا ئىزچىل ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقاچقىمىكىن، سەلىمە باشقا قىزلارغا قارىغاندا دىلنازنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنى يۆلەنچۈكى، سىردىشى بىلەتتى. دىلناز ئارىلىقتا بىر قانچە قېتىم سەلىمەنىڭ ياتاقتا، گۈللۈكلەردە كۆزلىرىدە لىق ياش ئولتۇرغىنىنى، بېشىنى كىتاپقا قويۇپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىيال سۈرگىنىنى كۆرۈپ تۇردى. كۆڭۈل بۆلۈپ كۆپ قېتىم ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. لېكىن سەلىمە ئاتا-ئانامنىڭ مىجەزى يوقكەن، كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا كۆڭلۈم يېرىم دەپلا جاۋاپ بەردى. دىلناز يەنىلا بۇ دوستىنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن سىرنىڭ، ئېغىر دەرتنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىۋاتاتتى، ئۇ بۇ قىزنىمۇ كۆيۈك ئوتىدا سەرسان بولۇپ كەتكەندەك ھىس قىلىپ، مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باقماقچى بولدى.

شەنبە كۈنى دىلناز ئاۋالقىدەكلا ئۆيىگە قايتىشقا تەييارلىق قىلدى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان دادىسىنى ساقلاتماسلىق ئۈچۈن، نەرسە-كېرەكلىرىنى تېز-تېز يىغىشتۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى. شۇ ۋاقىتتا يوتقانغا پۈركۈلۈپ جىمجىت ياتقان سەلىمە تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى.

- دىلناز، بۈگۈن مېنىمۇ ئۆيۈڭگە بىرگە ئېلىپ كەتسەڭ بوپتىكەن. كۆڭلۈم بەك يېرىم...

دىلناز سەلىمەنىڭ چىرايىغا سەپ سالدى. يۈزلىرىنى قارا داغ قاپلاپ، بىر ئاز سەمرىپ قالغان سەلىمەنىڭ چىرايى شۇ قەدەر غەمكىن بولۇپ، كۆزىدە لىق ياش تۇراتتى.

- ئەلبەتتە بولىدۇ دوستۇم، مەنمۇ ئۆيدە زېرىكىپ قالىمەن، بىرگە بارايلى، ئاتا-ئانامۇ خوش بولىدۇ سەندىن....

- رەخمەت، - سەلىمە ئاستا كارۋاتتىن چۈشۈپ دىلنازنى قۇچاقلىدى، - رەخمەت، سەن نىمە دىگەن ياخشى...

سەلىمەنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى دىلنازنىڭ تىنىنى جىغىدە قىلدى. يۈرىكى مۇجۇلدى. بىر ئاچچىق تەم بوغۇزىدا قەپقالدى. سەلىمە شۇ تۇرقىدا دىلنازنى قۇچاقلاپ ۋارىدە يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ـ ماڭايلى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مەندەك دوستۇڭ تۇرسا نىمە دەپ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىسەن؟ ھەر قانداق ئىش بولسا مانا مەن جان دەپ ياردەم بېرىمەن دوستۇم...

دىلناز سەلىمەنى قولتۇقلاپ ياتاقتىن چىقتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن چىگىش سوئاللار ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ مۇرەككەپ ھايات مۇساپىسىدە ئادەم نىمە ئۈچۈن ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدۇ؟ ئازاپ نىمە ئۈچۈن دائىم ياخشىلارغا ھەمرا بولىدۇ؟ ئۇڭۇشسىزلىق نىمە ئۈچۈن ئاجىزلارنىڭلا قېشىدا بار؟ پەسكەش، ھىلىگەر ئادەملەر نىمە ئۈچۈن خوشاللىق ئىچىدە ياشايدۇ؟ بۇ دوستۇم نىمە ئۈچۈن يىغلايدۇ؟ يوقسۇزلۇق، قىيىنچىلىق ئۇنى مۇشۇنداق بىئارام قىلامدۇ؟ ياكى ئاشىقلىق ئۇنى مۇشۇنداق چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟ ۋىسالغا يېتەلمىگەن مۇھەببەت مۇشۇنداق بولامدۇ؟...ئۇ دوستىغا مېھرىنى يەتكۈزمەكچى، ئۇنى ئىللىتماقچى، ئۇنىڭ ئازابىغا ھەمدەم بولماقچى بولغاندەك سەلىمەنى قوللىرىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى. ئەپسۇس، دىلناز بۇنداق قۇچاقلاشنىڭ، بۇنداق مېھرىبانلىقنىڭ، بۇنداق دوسلۇقنىڭ پەقەت ۋاقىتلىقلا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

ئۇلار دەرۋازا تەرەپكە كېتىۋېتىپ گۈللۈك بويىدا ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئەكرەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر ئىككى قىزنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلدى. ھەر ئىككى قىز تۇيۇقسىز قاتتىق ئەندىكتى. كۆزلىرىنى دەرھاللا ئەكرەمنىڭ قورقۇنۇچلۇق كۆزلىرىدىن ئەپقاچتى. شۇ دەم دىلناز ئەكرەمنى نەزىرىگە ئالماسلىققا تىرىشىپ مەغرۇرانە مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، سەلىمەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ خۇددى يولۋاس ئالدىدىكى مۇشۈكتەك لاغ ـ لاغ تىترىدى، ئەكرەم ئېتىلىپ كىلىپ ئۇنى دىلنازنىڭ قولىدىن يۇلۇۋېلا كېتىدىغاندەك، ئۇنى يالماپ ـ يالماپ يۇتىۋېتىدىغاندەك دىلنازنىڭ قولىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى...

(5)

سەلىمە دىلنازنىڭ ھەشەمەتلىك، ئارامبەخش ئۆيىگە كىلىپ، ئىسىل نازۇ-نېمەتلەرنى تېتىپ، نازىر ۋە خانىمىنىڭ ئىللىق قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ كۆڭلى خېلى كۆتىرىلىپ قالدى. چىرايىدىكى خاپىلىق ۋە مۇڭلىرى بىردەملىك نەلەرگىدۇر يوقالدى. ئۇ دىلنازنىڭ بەختىگە ھەۋەس قىلدى. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئالى، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ شېرىن خىياللىرىنى سۈرۈپ باقتى. لېكىن خىياللىرى بىر يەرگە كەلگەندە كۆڭلى يەنە لەسسىدە بولدى. ئۆزىنى ئېغىر بىر قىسمەت، تەنھالىق، ئازاپ، كۈلپەت ساقلاپ تۇرغاندەك يۈرىكى يەنە ئېزىلدى. قانلىق ياشلىرى چاناقلىرىغا لىققىدە تولدى. ئىككى قىز كەچلىك تاماقتىن كىيىن، دىلنازنىڭ ياسىداق ھوجرىسىغا چىقتى. دىلناز سەلىمەنىڭ كەيپىياتىنى ئۇكشىماقچى بولغاندەك لىرىك مۇزىكا لىنتىسىدىن بىرنى قويدى.

-ئەجەپ بەختلىكتە سەن،-سەلىمە دىلنازنىڭ نەقىشلىك يۇمشاق كارۋىتىغا چىقىپ، ياستۇقنى چىڭ قۇچاقلىدى.-تۇرمۇش ئاجايىپ ھە، ئىككى خىل دۇنيا، ئىككى خىل تۇرمۇش ، ئىككى خىل ئادەم، مىنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىسىل ئۆيلۈرۈم، بەختلىك تۇرمۇشۇم، مەنىلىك كۈنلۈرۈم بۇلارمۇ ھە ؟

- كىم بولمايدۇ دەيدۇ؟ چۇقۇم بولىدۇ، سەن چۇقۇم بەختىڭنى تاپىسەن، گۈزەل چىرايىڭ بار، سەنئەت تالانتىڭ بار، ئۇقۇشتىمۇ يامان ئەمەس، چۇقۇم كەلگۈسىدە ياخشى بىر يىگىتكە ئۇچرۇشۇپ بەختلىك بولىسەن، باي-گاداي بۇلۇشىڭ بەرىبىر، بەختنى ھەقىقى ھىس قىلساڭ، ئۇ ھەممە يەردە ئوخشاشلا مەۋجۇت.

- ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. مەن ئۇنى ئۇزەم يوقاتتىم، ئۆزەم قۇربان قىلدىم،-سەلىمە كۆزىگە لۆممىدە ياش ئالدى. ياشلىرىنى، ئېغىزىدىن تىزلا چىقىپ كەتكەن سۆزلىرىنى دىلنازدىن يوشۇرماقچى بولغاندەك ياستۇققا يۈزىنى چىڭ ياقتى. ياقتىيۇ تۇيۇقسىز بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

-نېمە بولدى سەلىمە، نىمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ نىمىشقا كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىسەن؟ سەن يىغلىساڭ قەتئى ياراشمايدىكەن، سىنىڭ شوخلۇقۇڭ، سۆزمەنلىكىڭ نەگە كەتتى سەلىمە؟...

دىلنازنىڭ سۇئالى جاۋاپسىز قالدى. سەلىمە يەنە بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى.

ـ توغرا، سەندە بىر ھەسرەت بار، بىر ئازاپ بار. مەن بۇنى بۇرۇنلا ھېس قىلغان، سىنىڭ كەيپىياتىڭغا، سىنىپ ۋە ياتاقتىكى تۇرمۇشىڭغا، سەندىكى ئۆزگۈرۈشلەرگە قاراپ ھېس قىلغان، لېكىن سەن ماڭا ئاتا ـ ئانام كېسەل دەپ يالغان ئېيتتىڭ. بولدى بۇنداق ئازاپلىنىۋەرمە، ھەممە دەردىڭنى ئىچىڭگە ئېلىۋەرسەڭ تۇگۇشۇپ كېتىسەن. مېنى ھەقىقى دوستۇڭ دەپ قارىساڭ دەردىڭنى ماڭا ئېيت. ئىقتىسادى جەھەتتە قىيىنچىلىق بولسا دادام ھەل قىلىپ بەرسۇن، بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ، مانا مەن يول ماڭاي، كۆرۈشەي، قەلبىڭنى يەتكۈزەي. قېنى دوستۇم، ماڭا سىرىڭنى بەر....ـ دىلناز ئاستا كىلىپ ياستۇققا دۈم يېتىپ يىغلىۋاتقان سەلىمەنىڭ ئىگىكىنى بوشقىنا يۇلدى. سەلىمەنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزىدىن ئالەمچە مۇڭ تۇكۇلۇپ تۇراتتى.

ـ دىلناز، جان دوستۇم، مەن دەردىمنى كىمگە تۇكەي، بۇ ئازاپلىق قىسمەتلەرنى كىملەرگە جار سالاي؟...مەن تەتۇر پىشانە، مەن بەختسىز. ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەجر ـ جاپاسى، ئۇمۇت ـ ئارزۇلىرى ئالدىدا مەن مەڭگۇ تۇزكور، مەڭگۇ لەنەت ئىگىسى...

دىلناز كۆزلىرىنى يۇغان ئېچى تۇرۇپلا قالدى. كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىگە ئاچچىق قىسمەتنىڭ ئازاپلىق نىدالىرى كەلدى، كۆڭلى بىر مۇدھىش خىيالدىن تۈيۇقسىز ئەندىكتى.

ـ نىمە دەيسەن؟ بۇ نىمە دىگىنىڭ؟ خالىساڭ تەپسىلى دىگىنە، مەن گاڭگىراپلا قالدىم.

سەلىمە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كارۋاتتىن چۈشتى. ئۇ شۇ قەدەر ھالسىز، شۇ قەدەر چۈشكۈن، شۇ قەدەر بىچارە ئىدى. ئۇ بۇگۇن پىنھان سىرلىرىنى، ئۇنى بىر قانچە ئايدىن بۇيان ئازاپلاپ كەلگەن بارلىق دەردىنى بۇ دىلكەش دوستىغا تۇكۇش ئالدىدا تۇراتتى.

ـ قارا، ماڭا قارا، مىنىڭ تۇرقۇمغا قارا، مەندىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى ھېس قىلمىدىڭما؟ بىلەمسەن، مىنىڭ بۇيۇمدا بار، بۇيۇمدا بار...

دىلناز چۈچۈپ كارۋاتتىن لەسسىدە قوپۇپ كەتتى. ئۇ ھاياتىدا كۆرۈپ باقمىغان يېگى بىر شەيئىگە يۇلۇققاندەك ھەيرانلىق، ئېچىنىش، ھىسداشلىق ئىچىدە سەلىمەگە سەپ سالدى. راست، يۇزىدىكى داغلار، سەمرىۋاتقان بەدەن، چۈشكىچە ئۇخلاش، ھورۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك، ئاندا ـ ساندا كۆڭلى ئاينىش...ئۇھ، دىلناز بىردەم سەلىمەنىڭ چىرايىغا، بىردەم ئۇنىڭ قورسىقىغا

قاراپ تۇرۇپ كەتتى. دىلنازنىڭ كۆزىگە سەلىمەنىڭ قورسىقى خۇددى مىدىرلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كىتىۋاتاتتى.

ـ راسما؟ يەنە بىر دىگىنە راسما؟

ـ راس، 2 ئايدىن ئاشتى، شۇ كۈندىن بۇيان يۈرۈگۈم سۇ مىنىڭ. كۆڭۈلنىڭ كەيىنگە كىردىم، پۇلنىڭ كەيىنگە كىردىم. ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنىڭ، باي ـ باياشاتلىقنىڭ كەينىگە كىردىم، ئىپلاس شەيتاننىڭ كەينىگە كىردىم...مەن دىگەن شور پىشانە، بىتەلەي...مانا بۇ مىنىڭ كۈنۈم. مەن ھازىر ئۇقۇغۇچىمۇ ياكى پاھىشىمۇ؟ بالىمۇ ياكى ئانىمۇ؟ ...بۇنىڭغا ئۆزەممۇ جاۋاپ بىرەلمەيمەن...

سەلىمە پۈتلىرىدا قىلچە ماغدۇر قالمىغاندەك تۇرغان ئورنىغا لەسسىدە چۈشتى. ئۇ توختىماي ئىڭقىۋاتقان ياشلىرىنىمۇ سۈرتمىدى، چۇۋۇلغان چاچلىرىنىمۇ رەتلىمىدى. بىر نوقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. دىلنازنىڭ كۆڭلى تۇلىمۇ يېرىم بولدى. ئۇ نىمە دىيىشى كېرەك؟ نىمە دەپ تەسەللى بىرىش كېرەك؟ بۇ ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقمىدى. ئەمدى بۇنداق ئەھۋالدا دادىسىمۇ ياردەم بىرەلمەيدۇ، ئۆزىمۇ ياردەم بىرەلمەيدۇ. سەلىمە ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ بەختىنى يوقاتقان، ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى، پاكلىق ئىچىدىكى شاھلىق تەختىنى يوقاتقان. ئۇنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقايماس يارا قالدى. بۇ يارا ھەر قانچە داۋا قىلسىمۇ ساقايمايدۇ. مەڭگۈ يۇيۇلماس قارا داغ قالدى، بۇ داغ تىنىچ ئۆكياننىڭ سۈيىدە نەچچە يىل يۇيۇلسىمۇ پاكلانمايدۇ، ئۇ بىر ئۆمۈر سەلىمەگە ھەمرا بولىدۇ، ھەر كىچە ئۇنىڭغا قورقۇنۇچلۇق چۈش بولىدۇ. ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت بېسىم بولىدۇ. يەنە كىلىپ بۇ داغ ـ كەلگۈسىدە بىر ھالال يىگىتنىڭ غۇرۇرىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئىززىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. ئۇنىمۇ مۇشۇنداق ئۆمۈرلۈك پۇشايمەن، ئازاپقا مۇپتىلا قىلىدۇ...دىلناز شۇ تاپ پاكلىقنىڭ قەدرىنى ھەقىقى ھىس قىلغاندەك بولدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر بۇنچىلىك تەپسىلى ئويلۇنۇپ باقمىغان، قىز ھىكمىتىنى بۇنچىلىك روشەن تەھلىل قىلىپ باقمىغان ئىدى.

ـ قېنى دىگىنە، سىنى كىم مۇشۇنداق يولغا مەجبۇرلىدى؟ كىم سىنى ئازدۇرغان؟ قورسۇقىڭدىكى بالىنىڭ ئاتىسى كىم؟

سەلىمە يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى دىلنازغا ئاستا ئاغدۇردى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى بەكمۇ بىچارە، بەكمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى.

ـ بۇنى دىسەم ھەيران قالسەن؟ مەن ئۇنىڭ ئالا كۆڭۈل، ئۆيۈنچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇقىسمەتكە ئىرىشتىم. ساڭا ۋە باشقا قىزلارغا نەچچە رەت يالغان ئاشىق بولغىنىنى، تالاي سۆيگۈ خەتلىرىنى يازغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇقىسمەتكە ئىرىشتىم. مەن يالغان ۋەدىلەرنىڭ ، ساختا سۆيۈشلەرنىڭ قۇربانى بولدۇم.

ـ دىگىنە ئادەمنى جىددىيلەشتۈرمەي، ئۇ زادى كىم؟

ـ ئەكرەم، تەنتەربىيە فاكولتىتىدىكى مۇدىرنىڭ ئوغلى ئەكرەم.

ـ نىمە؟ ....دىلناز ئۆزىنىڭ باماقلىرىنى قانداق چىشلەپ سالغىنىنى بىلمەي قالدى،ـ توۋا، بۇ نىمە گەپ ئەمدى؟ ئاشۇ لۇكچەك، ساختىپەزما؟؟؟

ـ ئۇ ماڭىمۇ خەت يازغان. مەن باشقىلارنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ شۇنچە مەخپى تۇتۇپ كەلدىم .ئۇنىڭ دىيىشىچە بىر قېتىملىق پائالىيەتتە مەن ئۇسسۇل ئوينىغاندا، مىنىڭ ئۇسسۇلۇمغا، گۈزەل ھۆسنۈمگە ئاشىق بولۇپ قاپتىكەن.ـ سەلىمە ئۇھسىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. ـ ئارىلىقتا مىنى نەچچە رەت سىرتقا تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۆزەڭ بىلىسەن، مەن يېزىدىن كەلگەن، ئىقتىسادى قىيىنچىلىقىم بار، ئۆزەممۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ۋاي دەپكۈدەك قىز ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوغلى، مەكتەپنىڭ ئەڭ نوچى يىگىتى تەكلىپ قىلىۋاتسا مەن چىقمامدىم؟ شۇ ۋاقىتتا مەن خاتا ئويلاپتىكەنمەن، ئۆزەمگە بولغان ئىشەنچىم ئاشقاندەك، باشقىلار ھەۋەس بىلەن قارايدىغاندەك، مەندىن زوقلىنىدىغاندەك ھىس قىلغان ئىدىم. بىز 4ـ5 قېتىم بىرگە تاماق يىدۇق. نىمىشقىدۇر بىلمەيمەن. ئۇ دائىم مىنى سىرتقىلا تەكلىپ قىلاتتى. مەكتەپ ئىچىدە پەقەت ئىزدىمەيتتى. لېكىن مەن ئېغىر ئالمىدىم، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوغلى بولغاندىكىن تەسىرىنى ئويلىغاندۇ دىدىم. قىزلار بىلەن كۆرسەم پاراڭلىشىۋاتقاندۇ دىدىم، دىمەك مەن بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزەمنى ئالدىدىم. سەن بىلمەيسەن، نۇرغۇن شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرىم ئۇنىڭ بىلەن سىرتلاردا، باغچىلاردا، دىسكو ـ تانسىخانىلاردا ئۆتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزەمنى شۇنداق بەختلىك ھىس قىلدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ مىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى دىگەن ۋاقىتدا مىنىڭ قانچىلىك سۆيۈنۈپ كەتكەنلىكىمنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن، ئۇ مىنى ئۈرۈمچىدە ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى، خىزمەتنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، مەن بىلەن توي قىلىپ بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتىدىغانلىقىنى، مەن ئۈچۈن مەڭگۈ سادىق

بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماڭا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەرگەن ئىدى. مەن مەس بولدۇم، ئويلاپ باق، بۇ ماڭا كەلگەن ئامەت ئەمەسمۇ؟ نامرات، سەھرا ئۇقۇغۇچىسىنىڭ بېشىغا قونغان ئامەت قۇشى ئەمەسمۇ؟...ئۇ تېخى ئۇقۇش پۈتتۈرگىچە مىنى ئاتا-ئانىسى ئالدىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى دىدى. راست، مەن ئىشەندىم، مەن پۈتۈنلەي ئىشەندىم...ئارىدا ماڭا ھەر ئۇچرىشىشتا پۇل بىرىپ تۇردى، كەم نەرسىلىرىمنى ئۇنۇمىغىنىمغا ئۇنىماي ئېلىپ بەردى. ئۇ بەك پۇلدار، بەك مەرت ئىدى...-سەلىمە بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇ شۇتاپ شۇ گۈزەل مىنۇتلارنى، بەختىيار چاغلىرىنى ئەسلەۋاتقاندەك قىلاتتى.-ئەپسۇس، مەن بەك ساددا ئىكەنمەن دىلناز، بەك ساددا ئىكەنمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلتاق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ نادان قىزلارنى ئىلمەككە ئىلىشتىكى قىلتاقكەن. ...مەن بۇنى تۇلىمۇ كىچىكىپ ھىس قىلدىم. ئىسىڭدىمۇ دىلناز، مەن بىر كۈنلۈكتە ياتاققا قايتمىغان كۈن، سىلەرنى بىر كىچە ئۇيقۇسىز قالدۇرغان، بىئارام قىلغان كۈن...سىلەرگە مەن يالغان ئېيتىپ باشقا مەكتەپتىكى بىر يۇرتلۇق ساۋاقدىشىم قېشىدا قونۇپ قالدىم دىگەن ئىدىم. دەل شۇ كۈن -مەن ئەڭ ئەزىز نەرسەمدىن ئايرىلغان، بەختىمدىن ئايرىلغان....- سەلىمەنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن يەنە مونچاق-مونچاق ياشلار سىرغىشقا باشلىدى، ئاۋازى بۇغۇلۇپ-بۇغۇلۇپ چىقاتتى.- ئۇ كۈنى ئەكرەم مىنى يەنە چاقىرتىپتۇ، مەن كەچلىك تەكرارنىمۇ تاشلاپ خوشال ھالدا ئۇنىڭ بىلەن دىسكۇخانىغا باردىم، مەن شۇ دەم ھەممىدىن مۇستەسنا ئىدىم. ئېگىمدا خوشاللىق، بەخت، سۆيگۈ... شۇلارلا بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسام ئۆزەمنى شۇ قەدەر بەختلىك سانايتتىم. سىنىپتىكى، ياتاقتىكى مۇھەببەتنىڭ نىمىلىكىنى بىلمەي ئۇقۇشقىلا بەنت بولۇپ كەتكەن قىزلارنى بىچارە، بەختىسىز، تۇلىمۇ تەنھا ھىس قىلاتتىم. شۇ كۈنى نىمە ئۇچۇن ئۇ تەڭلىگەن قىزىل ھاراقنى ئىچكەن بولغۇيتتىم؟ نىمە ئۇچۇن كۆڭلۈم دەپ تۇرىۋالسا رەت قىلمىغان بولغۇيتتىم؟ نىمە ئۇچۇن يېزىدىكى مەندىن زور ئۈمۈتلەرنى كۈتكەن ئاتا-ئانامنى، ئاكا-ھەدىلىرىمنى ئويلىمىغان بولغۇيتتىم. بەك ئەپسۇسلىنىمەن دىلناز، بەك ئەپسۇسلىنىمەن. مەن بەخت دەپ ھىس قىلغان نەرسە ئەسلى مىنىڭ دوۋزاخ يولۇمكەن ئەمەسمۇ؟ مەھشەرگاھتىكى قىلىچتىن ئىتتىك، قىلدىن ئىنچىكە پىلسىرات كۆۋرۈكى قىزنىڭ ئېيپىتىگە نىمە دىگەن ئوخشىغان ھە، سەللا بىخەستىلىك قىلساڭ، سەللا ئېزىقساڭ،

دەقىقە ئىچىدە ئوت دېڭىزىغا غەرق بولىدىكەنسەن...ـ سەلىمە سۆزىنىڭ داۋامىنى دېيەلمىدى. ھاسىرايتتى. يەنە بىر قېتىم ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى...

(6)

سەلىمەنىڭ دەرت ـ ھەسرەتلىرىنى ئاڭلاپ دىلنازنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. ئۇ پەقەت بولدى يىغلىما، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما... دېگەن تەسەللىنىلا بىرەلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ نىمە دەيدۇ؟ سەن خاتا قىپسەن، ئېزىپسەن، نىمىشقا شۇنداق قىلغان بولغىيتتىڭ دىسىنمۇ؟..ياكى سەن بۇ مەكتەپكە نىمە ئۈچۈن كەلگەن؟ نىمە ئۈچۈن ئىستىقبالىڭنى ئويلۇمۇدۇڭ؟ نىمە ئۈچۈن ئادەم چىقمىغاندەك ئاشۇ ئەبلەخ بىلەن ئارىلىشىپ يۈردۈڭ؟ دىسىنمۇ؟ ...ئۇ پەقەت دوستىنىڭ قايغۇسىغا ھەمدەم بولۇپ، يىغىسىغا يىغا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچچىق ياشتىن نەمدەلگەن يۈزلىرىنى يۈزلىرىگە چىڭ يېقىپ يىغلىدى. كۆڭلىدە ئەكىرەمگە قاتتىق نەپرەتلەندى. ئۇنىڭ ساختىپەزلىكىگە، ئالدامچىلىقىغا، رەزىللىكىگە نەپرەتلەندى. قايىرى ئالى مەكتەپ ئۇقۇغۇچىسىغا ئوخشايدۇ ئۇ گۈينىڭ؟ بىر ئالى مەكتەپنىڭ مۇدىرى دېگەنمۇ پەرزەنتىنى مۇشۇنداق لۈكچەك تەربىيەلەمدۇ؟ مۇدىر ئەپەندى ئوغلىنىڭ مەكتەپتە قىلىپ يۈرىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلمەي يۈرەمدىكىنە؟ نىمە ئۈچۈن بىر دادا بولغاندىكىن بالىسىنىڭ سىنىپتىكى ئۇقۇش ۋە باشقا ئىشلىرىدىن ئەھۋال ئىگەللەپ تۇرمايدۇ؟ ياكى خوشامەتچى، ۋىجدانسىز ئۇقۇتقۇچىلىرى ئەيىپلىرىنى يۇشۇرۇپ ، ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپ يۈرەمدىغاندۇ ھە؟...ئۇ شۇ خىياللاردىن كىيىن سەلىمەدىن سورىدى:

ـ قېنى دىگىنە، ئەكرەم بۇ ئەھۋالنى ئۇقامدۇ؟

ـ ئۇقۇدۇ. شۇ ئىشتىن كىيىن ئۇ ماڭا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەرگەن. مىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى، مىنى يەنە ئاۋالقىدەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ماڭا بەك كۆيۈنگەن. لېكىن قورسۇقۇمدا قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كىيىن ئۆزگۈرۈپ قالدى.

ـ قانداق ئۆزگەردى؟

ـ قانداق ئۆزگۈرەتتى، بېشىدا مىنى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ دەپ قارىدى.

كىيىن مەن راستىنلا بويۇمدا قالغانلىقىنى قايتا ـ قايتا دىگەنىدىن كىيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىۋالدى. ماڭا بۇ ئىشنى ھىچقانداق ئادەمگە دىگۈچى بولما. قانداق قىلساڭ قىلىپ دەرھال بۇ ئىشنى يۇغۇشتۇر، بالىنى چۈشۈرىۋەت...مەن بىلەن داۋاملىق بىرگە ئۆتۈشنى ئويلىساڭ، كىيىنكى ئىستىقبالىڭنى ئويلىساڭ گىپىمنى ئاڭلا...ئەگەر بىرەر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بۇ ئىشلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام سىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزەمنى ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن... دەپ تەھدىت سالدى. يەنە بالىنى ئالدۇرىۋىتىش ئۈچۈن ماڭا 500 يۈەن پۇل بەردى.

ـ كىينچۇ؟ ـ دىلناز جىددىيلىشىپ سورىدى.

ـ كىيىن، كىيىن...ئۇ بالىنىڭ ئىشىنى سورىۋىدى. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ چۈشۈرىۋەتتىم دىدىم. شۇ گىپىمدىن كىيىن، ئۇ ماڭا يەنە نەچچە قېتىم زورلۇق قىلىشقا ئورۇندى. لېكىن مەن قەتئىي قۇشۇلمۇدۇم. كىيىن ئۇ مىنى تاتلىق گەپلەر بىلەن ئالداشقا باشلىدىغاندا ئۇنى چۈشەنگەندەك بولدۇم، ئۇ پەقەت مىنى قونچاق ئورنىدا ئۇيۇنچۇقى قىلىشنى ئويلاپتىكەن.

ئويلاپ باق، مەن بىرىنچى خاتالىقنى ئۆتكۈزدۈم، ئەمدى قايتىلاپ خاتالىق ئۆتكۈزسەم مىنى قانداقمۇ ئادەم دىگىلى بولسۇن. ئۇ مىنى قايەردە يالغۇز كۆرسە شۇ يەردە تەھدىت سالىدىغان بولىۋالدى. مەن بىلىمەن، ئۇ ئۇقۇش پۈتتۈرگەنىدىن كىيىن مىنى كونا پايپاقنى تاشلىغاندەك چۆرۈپ تاشلايدۇ. مىنى تونۇمايدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن قېچىپلا يۈردۈم. بايام مەكتەپتە ئۇچرىتىپ قالغاندا سەن ھىس قىلمىدىڭ، مەن بەك قورقۇپ كەتتىم... ماڭا قارا دىلناز. مەن ئەمدى كىمدىن نەپرەتلىنەي؟ كىمدىن ئاغرىناي؟... مەن پەقەت ئۆزەمدىن نەپرەتلىنىمەن، ئۆزەمنىڭ ئازغۇنلىقىدىن نەپرەتلىنىمەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئەپتى ـ بەشرى مۇشۇنداقكەن ئەمەسمۇ؟

ـ ھۇ ساختىپەز ئەبلەخ. ئادەم ئەمەس بىر نىمكەنغۇ ئۇ. ـ دىلناز ئورنىدىن قۇپۇپ كەتتى.

ـ كونىلارنىڭ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ، سەمەرقەنت ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ دىگەن گىپى راستىنلا توغرا ئىكەن دىلناز. ئەمدى بۇلىدىغان ئىش بولدى. بېشىمنى تاشقا ئۇرساممۇ ئەسلىگە كەلمەيدۇ. مەن ھازىر مەكتەپتە ئۇقۇۋاتامدىمەن ياكى تۈرمىدە يېتىۋاتامدىمەن بۇنىڭغا ئۆزەممۇ جاۋاپ بىرەلمەيدىغان ئەھۋالدا قالدىم.

ـ خوش، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟ ئەكرەمنىڭ ئۆستىدىن ئەرىز قىلامسەن؟

دىلنازنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، سەلىمە چۆچۈپ كەتتى.

ـ يا...ق...ياق... توۋا دېگىنە. ئەرىز قىلمايمەن...بۇ سەتچىلىكنى پۈتۈن مەكتەپكە يايامدىم. ئۇقۇش پۈتتۈرۈشكە ئازلا ۋاقىت قالغان تۇرسا، مەكتەپ بۇ ئەھۋالنى ئۇقسا مىنى ئوقۇشتىن چىكىندۈرمەمدۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى.

ـ ئەمىسە قانداق قىلىسەن؟ قورسۇقۇڭ مۈشۈ پېتى تۇرىۋەرمەس، بۇنداق بىر قارارغا كىلەلمەي يۈرىۋەرسەڭ، ھەممە ئەھۋالنى كىيىنچە قورسۇقۇڭ ئۆزى ئاشكارا قىلىپ قويىمسۇن...

سەلىمە دىلنازنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قورسىقىنى ئاستا سىلاپ قويدى. خۇدا بۇ ئازغۇن بەندىسىگە، بىتەلەي بەندىسىگە ئانا مېھرىنى سىيلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ـ مىنىڭ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قېتىپ كەتتى ئاداش، بۇنداق ئىشنى باشقىلارغا خالىغانچە دىيىشكە بولمىغاندىكىن ھېچكىمدىن مەسلىھەتمۇ ئالالمىدىم، ساڭىمۇ نۇرغۇن قېتىم دىيىشنى ئويلىۋىدۇم، لېكىن يالتايدىم. بۈگۈن كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. ياتاقتا يەنە يالغۇز قېلىشتىن بەك قورقتۇم. بۇ ئىشنى پەقەت ۋە پەقەت بىر ساڭىلا دىدىم. بۇنى بىر خۇدا، ئەكرەم ۋە سەندىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىنسان بىلمەيدۇ. ساڭا بولارنى دەپ خېلى يىنىكلەپ قېلىۋاتىمەن. ماڭا مەسلىھەت بەرسەڭ بوپتىكەن. سەنلا ماڭا ياخشى يول كۆرسۈتۈپ بىرەلەيسەن.

ـ مەن بۇنداق ئەھۋالغا تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىم، مىنىڭ كاللامدا ھازىر ھېچقانداق ئىنكاس يوق. شۇڭا ھەر ئىككىمىز ئوبدان ئويلىنايلى. بولدى سەلىمە، سەنمۇ بەك چارچاپ كەتتىڭ، ئەسلىدە ياخشى ئارام ئالىدىغان ۋاقىتلىرىڭ ئىدى بۇ...شۇڭا ئارام ئالايلى...قالدى گەپنى ئەتە دىيىشەيلى...

ـ مەيلى...بۈگۈن كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلىپ قويدۇم. لېكىن مىنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەن دوستۇم. ساڭا كۆپ رەخمەت...

ئۇلار ياشلىرىنى سۈرتۈشۈپ، يۆيۈنۈپ يېتىپ قېلىشتى. لېكىن ھېچقايسىسى ئۇخلىيالمىدى. سەلىمەنىڭ كاللىسىدا ئازاپ، ئۇكۇنۇش، تۈگۈمەس زىددىيەتلىك سۇئاللار قاينايتتى. دىلنازمۇ سەلىمەنىڭ كەلگۈسى

توغرىسىدا ئويلاندى، ئۇنىڭغا ئىچىندى. ئەكرەم نىڭ ئىشلىرىدىن نەپرەتلەندى. خىياللىرى خىياللارغا قوشۇلۇپ ۋارىسنى ئويلاپ قالدى. ئەكرەم بىلەن ۋارىسنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى.ـ نىمە دىگەن زور پەرق هە، ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل دۇنيا،ـ ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ قويدى. شۇ دەم دىلنازنىڭ خىيالىدا سەلىمەنىڭ ئىشلىرى ئاستا-ئاستا يىراقلاپ، كىلىشكەن، بىلىملىك، ساددا بىر چىراي پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دىلناز تۇنجى رەت ئۇچراتقان ۋاقىتتىكى سەمىمى چىراي، دىلنازغا كىتاپ ئۇزاتقان ۋاقىتتىكى شەلپەردەك قىزىرىش، كىكەچتەك دۇدۇقلاش، خىجىلچان كۆزلەر...دىلناز خىياللار ئىچىدە ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ قانداق ئۇخلاپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى...

ئەتىسى كەچ ئىككى قىز مەكتەپكە قايتتى. ئۇزاق مۇنازىرە، ئۇزاق پىكىرلىشىش، ئۇزاق ئويلۇنۇشتىن كىيىن بالىنى ئالدۇرىۋېتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى هىس قىلىشتى. چۈنكى كۈن ئۆتتۈەرسە بالىمۇ تەڭ يۇغۇناپ ماڭاتتى. ئەكرەمگە يالغان ئېيتقانلىقىنى، بالىنىڭ تېخى قورسىقىدا بارلىقىنى دىيىش كىرەكمۇ؟...ياق، ئۇنداق دىسە سەلىمەنىڭ هاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ، ئەكرەم بۇ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قىلىشىدىن قورقۇپ سەلىمەگە قەست قىلىشتىن يانمايدۇ...ئۇنداقتا بالىنى قانداق ئالدۇرۇش، نەدە ئالدۇرۇش كىرەك؟....دىلناز بىر ئېغىر باش قېتىقچىلىقىغا يولۇققان ئىدى. ئۇ نىمە دەپ بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ قالغاندىمەن، نىمە بولۇپ بۇ قىز بىلەن سىرداش بولۇپ قالغاندىمەن.. دەپمۇ ئويلىدى. لېكىن يەنىلا سەلىمەنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتتى. دۇنيادا ئازمايدىغان ئادەم بولمايدۇ، دوسلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندۇ تاشلاپ قويۇش ياخشى ئىش ئەمەسدە ...دىلناز ئۇزاق ئويلۇنۇشتىن كىيىن سەلىمەگە سىنىپ مۇدىرىدىن 10 كۈنلۈك رۇخسەت سوراش، يۇرتىغا قايتىپ بىر ئامالىلارنى قىلىپ بالىنى ئالدۇرىۋېتىپ كىلىش تەكلىۋىنى بەردى. سەلىمە ئۇزاق ئويلاندى. بۇ پىلان بۇلىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۆيىگە نىمە دەپ بارىدۇ؟ قورسىقىمدا قالدى دەپمۇ؟ ئالدۇرىۋەتكىلى كەلدىم دەپمۇ؟ ياق. بىچارە ئاتا-ئانىسى بۇ ئەهۋالنى ئۇقسا ساراڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. قاتتىق قول، ئىمانى كۈچلۈك ئاكىسىچۇ تېخى...سەلىمە ئاكىسىنىڭ نەسىهەتلىرىنى ئويلاپ بۇ پىلانىنىمۇ مۇۋاپىق ئەمەستەك هىس قىلدى. لېكىن يەنە نىمە ئامال بار؟ ئۇ كۆپ ئويلانغاندىن

كىيىن بۇنىڭدىن باشقا چارە يوقلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بىر ئامالللارنى قىلارمەن دەپ ئويلىدى.

ـ نىمە دەپ رۇخسەت سورىسام بۇلا؟ـ سەلىمە دىلنازدىن سورىدى.

ـ سەن دائىم ماڭا ئاتا ـ ئانام كىسەلچان بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا كۆڭلۈم يېرىم... دەيتتىڭغۇ، بەلكىم باشقا ساۋاقداشلارغىمۇ شۇنداق دىگەن بولىشىڭ مۇمكىن. شۇڭا ئېغىر كىسەلكەن، كىلىشىمنى ھاۋالە قىپتۇ دىگىن. مەنمۇ گۇۋاھچى بولۇشۇپ بېرەي... مۇشۇنداق قىلمساق بۇ دىگەن مەكتەپ، كىچىككىنە ئىشلار بىر دەمدىلا يېيىلىپ كىتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى تىزراق بولايلى...

ـ دىگىنىڭدەك بولسۇن ، ئۆزەممۇ غەمدىن قۇتۇلغاندەكلا بولىۋاتىمەن شۇ تاپ...

ئەتىسى ئىككى قىز رۇخسەت سوراش توغرۇلۇق نۇرغۇن كىلىشمەسلىكلەرنى تۇقۇپ چىقتى. دادىسىنى ئېغىر كىسەل قاتارىغا چىقاردى. ئۇلار بىر يالغان خەت يېزىپ، سەلىمەنىڭ ئادرىسى نامىدىكى بىر كونۋېرتنى ياساپ چىقتى. مۇئەللىمنى تېخىمۇ ئىشەندۇرمەكچى بولدى. دىلناز مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋېتىپ چۈشىن يەۋالغاندەك بولىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن نەپرەتلەندى. ھاياتىدا بىرەر قېتىم يالغان ئېيتىپ باقمىغان، ھەممە ئىشقا ئەستاھىدىللىق، سەممىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ قىز ئۆزىنى بىر گۇناھكاردەك ھېس قىلدى. لېكىن دوستى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى مۇھىم دەپ قارىدى. ئۇلار سىنىپ مۇدىرى قېشىغا رۇخسەت سوراش ئىلتىماسىنى كۆتۈرۈپ كىردى. سەلىمەنىڭ كۆزلىرىدە لىق ياش ئىسەدەپ تۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئەھۋالىنى مۇئەللىمگە دىدى، دىلنازمۇ شۇنداق بىچارە، ھىسداشلىق قىلىۋاتقان كەيپىياتتا سەلىمەنىڭ گىپىنى قۇۋۋەتلەپ بەردى. دولقۇن مۇئەللىم بۇ قىزنىڭ كەيپىياتىغا بۇرۇندىن دىققەت قىلىپ كىلىۋاتقاچقىمۇ ۋە ياكى دىلنازدەك ئۆلگۈلۈك، تىرىشچان، سەممىي قىزنىڭ گىپىدىنمۇ ...بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كىيىن 10 كۈنلۈك رۇخسەت بەردى. ئۇلار ئۇقۇتقۇچىسىغا بىر ھازا رەخمەت ئۇقۇغاندىن كىيىن يېنىپ چىقتى.

سەلىمە مېڭىشقا بىر كۈن تەييارلىق قىلدى. تەييارلىقلىرى كۆپ بولمىسمۇ، ياتاق ئىچىدە كىيىم ـ كىچەكلىرىنى ھىلى ئېلىپ، ھىلى سېلىپ،

تۈرۈپ-تۈرۈپ ئۈزۈن-ئۈزۈن خىياللارغا چۆمۈپ ئولتۇردى. تارتمىسىدىن ئاتا-ئانىسى، ئاكا-ھەدىلىرى ئەبەرتكەن نۇرغۇن خەتلەرنى ئېچىپ، قايتىدىن بىر-بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى. ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمۈتلەرنى، ياخشى تىلەكلەرنى قايتىدىن ئاڭلىدى. كۆزىدە ياش لىغىرلايتتى. كۆڭلىدە نۇرغۇن چىگىش سوئاللار، مۇرەككەپ مۇساپە باردەك قىلاتتى. ئارىلىقتا نىمىشقىدۇر مەكتەپ قوروسىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. سىنىپىغا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن قاراپ كەتتى. ئەلبۇملىرىنى ئېلىپ ساۋاقداشلىرىغا بىرمۇ-بىر سەپ سالدى. ساياھەتكە چىققان، ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتناشقان سۈرەتلەرگە قاراپ ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى. ئۇ خۇددى يىراق بىر سەپەرگە ئاتلىنىدىغاندەك ھەممە نەرسىگە تويماي-تويماي قاراپ كەتتى...قىزلار كەچلىك تەكراردىن كىرگەندىن كىيىن ئۇلار بىلەن ئۇزۇندىن-ئۇزۇن مۇڭداشتى. كۈلۈشتى، بۇرۇنقى خوشال كۈنلەرنى ئەسلەشتى...

ئەتىسى ئۇ ياتاقداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ ، دىلنازنىڭ ھەمرالىقىدا ئاپتۇۋۇس بىكىتىگە كەلدى. ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا ئۇ دىلنازدىن ئايرىلغۇچىسى يوقتەك ئۇنى چىڭڭىدە قۇچاقلاپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دىلنازنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى:

رەخمەت، رەخمەت دوستۇم... سىنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتىم. مەن مېڭىشتىن ئاۋال سەندىن بىر ئىشنى ئۆتۈنەي : مىنىڭ سىرلىرىمنى پەقەت ئۆزۈڭلا بىلىپ قال، بۇ مەڭگۈ ئىككىمىز ئارىسىدىكى سىر بولۇپ قالسۇن. بولامدۇ؟

-بولىدۇ،خاتىرجەم بول. مەن چوقۇم دىگىنىڭدەك قىلىمەن. ئۆزەڭنى ئاسرا، ئوبدان كۈتۈنگىن، ۋاقتىدا قايتىپ كەل.ھەممىنى يېڭىدىن باشلا، ساڭا چوقۇم خوشال كۈنلەر قۇچاق ئاچىدۇ...-دىلنازنىڭ كۆزىدىنمۇ مارجاندەك ياشلار سىرغىدى.

ماشىنا قوزغالدى. ئىككى قىز ئۇزاقتىن ئۇزاق قول پۇلاڭلىتىشىپ خوشلاشتى. ماشىنا سەلىمەنىڭ ئازاپلىق كەچمىشىنى، ئاچچىق يىغىسىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بۇ ئاۋات، رەڭگارەڭ شەھەردە قالدۇرۇپ، ئۇنى قورسىقىدىكى بىتەلەي تۆرەلمە بىلەن يىراق يېزىغا ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى...

(7)

سەلىمەنى يۇرتىغا يولغا سېلىپ، دىلناز خۇددى بىر ئېغىر غەمدىن خالاس بولغاندەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ 2ـ3 كۈندىن بۇيان سەلىمەنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ دەرسلەرگىمۇ ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئۇ پات يېقىندا ئېلىنىدىغان ئىنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتاھانىنى ئىسىگە ئېلىپ تەييارلىقنى باشلىۋەتتى. ئۇ كەسپى دەرسلەردىن سىرت ئىنگلىز تىلى دەرسىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، كەلگۈسىدىكى دوكتۇر، ئاسپىرانتلىقنى ئۇقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بۇرۇنلا ھىس قىلغان، ھەم پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشكەن ئىدى. ئۇ ئىنگلىز تىلىنى ئىگەللەشتە سىنىپىدىكى ھەممە ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىگە، بۇ ۋاقى دەرىجە ئىمتاھانىدا 6ـ دەرىجىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى.

ئۇ ھەر كۈنى دەرستىن چۈشۈپلا ئىنگلىز تىلى كىتاۋى ۋە كىچىك ئۈنئالغۇسىنى ئېلىپ مەكتەپ گۈللىكىگە كىلىپ، سائەتـسائەتلەپ ئۆگىنىش قىلدى. ئۇ نىمىشقىدۇر ھەر قېتىم ئۆزىمۇ سەزمەي ۋارس بىلەن پاراڭلاشقان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالاتتى. بىردەم كىتاپ كۆرسە، بىردەم ئۈنئالغۇسىدىن ئىنگلىز تىلى سۆزلۈك، جۈملىلىرىنى ئاڭلاپ مەشىق قىلاتتى. دىلناز ئۆزىنىڭلا ئەمەس يەنە نۇرغۇن ساۋاقداشلارنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇردى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا دەرىجە ئىمتاھانى ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. شۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋارسىنىڭ دوستى مۇرادىلمۇ پاتـپات گۈللۈككە پەيدا بولۇپ تۇردى. دىلناز ئۇنىڭدىن ۋارسىنىڭ بىرەر خېتىنى كۈتىۋاتقاندەك پاتـپات ئۇنىڭغا قاراپ قويياتتى. لېكىن مۇرادىل ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق سالاملىشىپ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشى بىلەنلا بولدى. بىر كۈنلىكى ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاپ كۆرىۋاتقاندا يېنىدا بىر گەۋدە پەيدا بولدى.

ـ سالام، گۈزەل قىز. ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

دىلنازغا ۋارسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ دەرھاللا بېشىنى كۆتىرىپ، ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرغان ئەكرەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

ـئوبدان تۇرمۇدۇم. قانداق بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى،ـ ئۇ دەرھاللا

قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى باشقا ياققا بورىۋالدى.
- مىنىڭ ئۇتتۇمدا ئوبدان تۇرمىغان، كۆڭلىڭىز يېرىم بولغان ئوخشىمامدۇ؟
- ئۇتەپ بېرىڭا، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي.
- نىمىشقا ئەمدى؟ مەندىن خاپا بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟
- ھە، خاپا بولۇپ قالدىم، سىزنى كۆرسەملا سەپرايىم ئۆرلەيدىغان بولۇپ قالدى، مىنى كىم كۆرۈپ قالدىڭىز سىز، مىنى باشقا قىزلارغا ئوخشاتماڭ.
- نىمە دەپ ؟ مىنىڭ ماۋۇ يۇرۇكۇمنى كۆيدۇرۇپ كۇل قىلاي دىدىڭىزما؟ مەن ئەلبەتتە سىزنى باشقا قىزلارغا ئوخشاتمايمەن. باشقا قىزلار يۇلتۇز بولسا، سىز دىگەن 15 كۈنلۈك تولۇن ئاي...
- ئاي، پايلىرىڭىزنى نېرى ئاپىرىڭ. مەن سىز ئۇچۇن ھىچنىمە ئەمەس.
- ياق، ئۇنداق دىمەڭ، سىز مەن ئۇچۇن ئاي، قۇياش، سىز مەن ئۇچۇن سۇزۇك سۇ، ساپ ھاۋا. سىز بولمىسىڭىز مەن بۇ دۇنيادا ياشىيالمايمەن.
- نىمە؟- دىلناز مەنستمەسلىك نەزىرى بىلەن ئەكرەمگە قارىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا قاقاقلاپ كۇلۇپ كىتىدىغاندەك قىلاتتى.- سىز مۇشۇ گەپنى نەچچە قىز بالىغا دەپ بولدىڭىز؟ ماڭا ساناپ بىرەمسىز، بەش، ئون ، يۈز...
- توۋا دەڭ دىلناز، توۋا. مەن پەقەت سىزنىلا ياخشى كۆرىمەن، سىزنى كۆرمىگەن كۇن ماڭا كۇن ئەمەس، ئۇڭۇمدىمۇ چۇشۇمدىمۇ سىز. سىزنى ئاچچىقى يىنىپ قالغاندۇ، كۆڭلى ئېرىپ قالغاندۇ دىسەم يەنە ماڭا ئىشەنمەيۋاتقان ئوخشىمامسىز؟
- توغرا. مەن سىزگە ئىشەنمەيمەن. ھەم سىزگە قىلچىمۇ قىزىقمايمەن. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى شىرىن-شىكەر ساختا گەپلەر. سىز مۇشۇنداق قىلىپ قانچە قىزلارنىڭ يۇرىكىنى زىدە قىلىپ بولغانسىز ھە؟
- مىنى شۇنچە يامان كۆرەمسىز، قارىماققا لۇكچەك، ئۇيىۇنچى كۆرۈنگىنىمىز بىلەن دىلىمىز يۇمشاق، كۆڭلىمىز ئاق، قەلبىمىز سۇزۇك بالىلار جۇمۇ بىز.
- نېرى ئاپىرىڭا ئۇنداق پەرىشتىدەك قەلبىڭىزنى، ئۇنى ئاپىرىپ ئۆزىڭىزگە ماس كىلىدىغان بىرەرسىگە ئىزھار قىلىڭ. مەن ھازىر ئۇگۇنۇش

قىلىشۋاتىمەن. مېنىڭ سىز بىلەن قوغلىشىپ ئويناپ ئولتۇرغىدەك ۋاقتىم يوق.

دىلناز شۇ تاپ ئەكرەمنىڭ سەلىمەگە قىلغان ساختا ۋەدىلىرىنى، قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى بىر-بىرلەپ دېمەكچىمۇ بولدى. ئۇنىڭ لۈكچەك، ساختىپەز ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلىماقچىمۇ بولدى. لېكىن سەلىمەگە قىلغان ۋەدىسىنى ئويلاپ توختاپ قالدى. ئۇ بۇ ئەبلەخ بىلەن يەنە بىرگە تۇرۇشنى خالىماي، دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئەكرەم دەرھاللا ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدى.

-نەگە؟ ئەكرەم گەپ قىلىۋاتىدۇ جۇمۇ سىزگە.

-زوڭتوك گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ كارىم نىمە. مەن سىزنىڭ بېقىۋالغان ئىتىڭىز ئەمەس. بىلىپ قويۇڭ، سىزگىمۇ دىلناز جاۋاپ بېرىۋاتىدۇ.

-ھا،ھا،ھا...- ئەكرەم كۈلۈپ كەتتى. - ئۇنداق نوچىلىق قىلىپ كەتمە دىلناز. بۇ مەكتەپتە مەن، سەن يەنە بار. چىرايلىق گەپ قىلسام ئۆزەڭنى بىلەلمەي قالدىڭا.

-باشقىلار قاراۋاتىدۇ ، قولۇمنى قويۇپ بېرىڭ.

-ئەمىسە مېنىڭ تەلىۋىمگە ماقۇل بول، سىزنى ياخشى كۆرىمەندە.

دىلنازنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى. كۈللۈكتە ئۆگۈنۈش قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىۋاتقاندەكلا ھىس قىلدى.

-قويۇپ بەر لۈكچەك. قويۇپ بەر.

دىلناز ئەكرەمنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تىركەشتى. لېكىن ئەكرەم ئۇنى قويىۋەتمەي يېنىغا تېخىمۇ چىڭ تارتتى.

چاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئەكرەم دىلنازنى قويىۋېتىپ يۈزىنى تۇتۇۋىلا قالدى. دىلنازمۇ قانداق بولۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە تەستەك سالغىنىغا ھەيران بولۇپ بىردەم تۇرۇپ قالدى-دە، دارھاللا يەردىكى ماتىرىياللىنى ئېلىپ ياتاق تەرەپكە يۈگۈردى.

-توختا قانجۇق، توختا. خەپ... تېخى ماڭا تاياق كۆتىرگۈدەك بولدۇڭما. سېنىڭ مۇشۇ تەستىكىڭ ئۈچۈن سېنى چۇقۇم تىرىك كۆيدۈرىۋىتىمەن...

ئەكرەمنىڭ ھۆكىرەپ تۇرۇپ قىلغان گەپلىرىنى يۈگۈرۈپ كىتىۋاتقان دىلناز يىراق ياتا ئاڭلىدى. ئۇ ئەمدى ئەكرەمنىڭ چىشىغا تەگدى. بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇنى رەسۋا قىلدى، بىر تەستەك سالدى. ئۇنىڭ

ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭ نوچىلىقىنى بىر پۇڭ قىلدى. ئەمدى قانداق كۈنلەرنى كۆرەر؟ يۈرىكى كۈندە سۇ بولۇپ ئۇتەرمۇ؟ ئەكرەم ئەمدى مەكتەپتە ئۇنىڭغا ياخشى كۈن بەرمەيدۇ؟ چۈقۇم ئۇنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان بىر ئىشنى قىلىدۇ؟... دىلناز ياتىقىغا كىرىپلا ئىشىكنى مەھكەم ياپتى. ئۇ ھاسىراپ، چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزى قورقۇپ، تىترەپ تۇرغان نازۇك جىسمىنى كارۋاتقا تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى...

سەلىمەنىڭ ئىشلىرىغا قۇشۇلۇپ ئەكرەم بىلەن بولغان بۇ جېدەل دىلنازغا ناھايىتى بېسىم بولدى. ئۇ ئەمدى مەكتەپ ئىچىدە يۈرەكلىك يۈرۈشتىن قورقۇپ قالدى. سىنىپ بىلەن ياتاق ئارىلىقىدا ھەر ۋاقىت ساۋاقداشلىرىغا ھەمرا بولۇپ يۈردى. ئۇ شۇ دەملەردە ئۆزىنى تولىمۇ غېرىپ ھېس قىلىپ قالدى. ئۆزىگە ھەمرا بولىدىغان، دەردىگە يېتىدىغان ، ئۇنىڭغا يۆلەك بولىدىغان بىر ئادەمنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلىكىنى، تۇرمۇشىدا ئۇقۇشتىن باشقا يەنە بىر مۇھىم نەرسىنىڭ كەملىكىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇ نېمە كۈن ئەمدى؟ بىر ئوبدان خاتىرجەم ئوقۇۋاتقان، كۆڭلىگە گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلارنى پۈككەن قىزنىڭ تۇرمۇشىغا نېمشقا بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر بوسۇپ كىرىدۇ؟ ئادەم نېمە ئۈچۈن بەزى ئازاپلارنى ئۆزىنىڭ خاتالىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ خاتالىقى بىلەن يۇقتۇرىۋالىدۇ؟ گۈزەل بولۇش، سەممى بولۇش، مېھرىبان بولۇش، دوستانە بولۇش... بولارنىڭ ھەممىسى گۇناھمۇ؟...دىلناز ھالسىرىدى. ئالدىدىكى ئىمتاھاننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنى، ئەكرەمدىن قورقۇش پسىخىكىسى... ئۇ بەزى ئەھۋاللارنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە دېيىشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟ مەكتەپمۇ ئۇنىڭغا تەربىيە قىلار. لېكىن بۇنداق تىگى پەس، مەمەدان، زومىگەر كىيىن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئۆچ ئالسىچۇ؟ بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن نېمە ئىشلار كەلمەيدۇ؟...ئۇ بۇ ئىشلارنىمۇ ئويلىماسلىققا تىرىشسىمۇ لېكىن قانداقتۇر بىر غەم ئۇنى قىينايتتى.

ئەكرەم ئارىلىقتا دىلنازنىڭ نازىر دادىسىدىن ئەنسىرىدىمۇ ، ياكى ئۇنىڭ راسلا مەكتەپ مۇدىرىغا مەلۇم قىلىشىدىن قورقتىمۇ، دىلنازغا قىساسكار كۆزلىرى بىلەن مىختەك قادىلىشتىن باشقا ئۇچۇقتىن ئۇچۇق پوپوزا قىلمىدى. ئۇنى قورقۇتمىدى. بۇنداق ئەھۋال بىر قانچە كۈن داۋاملاشقاندىن كىيىن دىلنازنىڭ كۆڭلىمۇ بىر ئاز جايىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ يەنىلا ۋاقىت

چىقىرىپ، زېھنىنى يىغىپ ئىنگلىز تىلى ئىمتاھانىغا پۇختا تەييارلىق قىلىشقا چۈشتى.

(8)

10 كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سەلىمەنىڭ رۇخسەت ۋاقتىمۇ توشتى. لېكىن سەلىمە مەكتەپكە كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ھېچ خەۋەرمۇ كەلمىدى. دىلناز بۇ ئىشتىن تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشتى. بەلكىم ئىشى چىقىپ قالغاندۇ؟ تۇلۇق ساقىيىپ بولالمىغاندۇ؟ دەپمۇ ئويلىدى. لېكىن 1 كۈنمۇ ئۆتتى، 2 كۈنمۇ ئۆتتى، 3 كۈنمۇ ئۆتتى. سەلىمەدىن يەنىلا ھېچ خەۋەر يوق. سىنىپ مۇدىرى دىلنازدىن سەلىمەنىڭ كەلمەسلىك سەۋەبىنى تولا سوراپ بېشىنى ئاغرىتىۋەتتى. دىلناز بوۋگۈن كىلىپ قالار، ئەتە كىلىپ قالار دەپ ئۆزىگە تەسەللى بىرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى پەقەت جايىغا چۈشمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە نۇرغۇن قورقۇنۇچلۇق خىياللار كىلىشكە باشلىدى.

دىلناز بىئارامسىزلىنىپ تەگلىكتە قالغانسىرى ياتاقداشلىرى، ساۋاقداشلىرى سەلىمەدىن ئوخشاشلا ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇلار ھەر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ سەلىمە بۈگۈن چۇقۇم قايتىپ كەلدى دەپ ياتاققا كىرەتتى. لېكىن بوش كارۋاتقا قاراپ لەسسىدە بولۇشاتتى. ئۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ چۇقۇم دادىسىنىڭ كىسلى بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى ياكى بولمىسا ئۆيىدە مۇسىبەت ئىشى چىقتى دىگەن قاراشقا كەلدى. رۇخسەت ۋاقتى تۇشۇپ 5-كۈنگە كەلگەندە، دىلناز ھەقىقەتەن جىددىيلەشتى. يۈرىكى ئەنسىز سۇقۇشقا باشلىدى. بالىسى قانداق بولغاندۇ؟ ئالدۇرىۋەتكەنمىدۇ؟ يولدا بىرەر كىلىشمەسلىككە ئۇچرىغانمىدۇ؟ ئاتا-ئانىسى ئەھۋالنى ئۇقۇپ مەكتەپكە ئىبەرتمىگەنمىدۇ؟ ئاكىلىرى سىڭلىسىنى بۇزۇق كۆرۈپ ئېغىر ئۇرۇۋەتكەنمىدۇ؟ يۈزىمىز چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ يېزىدىكى بىرەرسىگە ياتلىق قىلىۋەتكەنمىدۇ؟ ... ئۇ ئېغىر سوراقلارغا دۇچ كەلدى. نىمە دەپ بىرەر ئۇچۇر ئەۋەتمەيدۇ ھە؟ ... دىلنازنىڭ كاللىسىغا شۇ تاپ تۇيۇقسىز ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانمىدۇ يە؟ دىگەن ۋەھىملىك خىيال پەيدا بولدى-دە، ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى قورقۇپ چۆچۈپ كەتتى. چىرايى تامدەك تاتاردى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقتى. ياق، ياق...توۋا، نىمە بىمەنە خىياللارنى قىلىمەن، ھاياتنى سۆيىدىغان، گۈزەل

ئارزۇ-ئارمانلارغا باي، تىرىشچان بۇ قىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. بەلكىم بىرەر جىددى ئىش چىقىپ قالغاندۇ...دىلناز ئەنە شۇنداق ئۇزىگە ئۆزى تەسەللى بىرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ كۈنى دولقۇن مۇئەللىم ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرغان دىلنازنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. دىلناز ناھايىتى ئېغىر قەدەملەر بىلەن گۇناھكارلاردەك بېشىنى سىلىپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ مۇئەللىمگە نىمە دەپ جاۋاپ بىرىش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى.

-دىلناز، ھازىرغىچە بىرەر ئۇچۇر يوقما؟- دولقۇن مۇئەللىممۇ ئەنسىرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

-يوق. مەنمۇ بەك جىددىلىشىپ كىتىۋاتىمەن.

-دادىسى بىرەر كىلىشمەسلىككە ئۇچرىغان بولسا، ماڭا ياكى سىزگە بىرەر ئۇچۇر ئىۋەتەر ئىدى. ئىشخانامغىمۇ ھىچ تىلىفۇن قىلمىدى.

-مىنىڭمۇ پۈتۈن خىيالىم شۇنىڭدا قالدى. يا يەنە بىر-ئىككى كۈن كۈتۈپ باقامدىمىز يە؟- دىلناز مۇئەللىمگە يىلىنغاندەك قارىدى.

-ھېلىمۇ 5 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. مەنمۇ سىز بىرگە كىرگەندىكىن مەكتەپ رەھبەرلىكىگە مەلۇم قىلمايلا رۇخسەت بىرىپتىكەنمەن. ئۆزەممۇ ئەنسىرەپلا تۇرىمەن. شۇڭا ساقلىماي دەرھال ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشايلى.

-قانداق ئالاقىلىشارمىز؟

-ئۆيىدە تىلىفۇن يوقما؟

-يوق، يېزىدا بولغاندىكىن....

-ئۇنداقتا باشقا پاكولتىتتىكى بىر يۇرتلۇق ساۋاقداشلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ، ئائىلىسى بىلەن قانداق ئالاقىلىشىدىكەنمىز. بۇنداق ۋاقىتتا ئۆيىگە خەت يېزىپ ئولتۇرساق يەنە نەچچە كۈن ۋاقىت كىتىدۇ.

-ماقۇل مۇئەللىم، مەن ھازىرلا ئالاقىلىشىپ سىزگە ئۇچۇرىنى بىرەي.

دىلناز دولقۇن مۇئەللىم بىلەن خوشلۇشۇپ، ئىشخانىدىن بۇرۇنراق چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك تىز-تىز ماڭدى. لېكىن ئىشىك تۇۋىگە بارمايلا مۇئەللىم يەنە ئېغىز ئاچتى.

-توختاڭ، دادىسىنىڭ كىسەل بولۇپ قالغىنى راس ھە، باشقا بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟

-را...س. را...س ....باشقا ئىش يوق،- دىلنازنىڭ بېشىغا تاغ ئۆرۈلگەندەك بولدى. يۈزلىرى ئوت ئالدى. دولقۇن مۇئەللىمنىڭ ئويچان

كۆزلىرىگە قاراپ شۇنداق ئەندىكتى. خۇددى ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغاندەك بىردەمدە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. تۇۋا، جاھاندا يالغان ئېيتىش نىمە دىگەن تەس، ئادەم ئەجەپ گاچىلىشىپ كىتىدىكىنا، ئاسمان يىراق يەر قاتتىق بىلىنىپ كەتتى. يالغان ئېيتقىنىمغا تويماسمەن ھە... ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن ئۆزى خىجىل بولۇپ ئىشخانىدىن چىقتى.

دىلناز سەلىمەنىڭ ھەممە يۇرتلۇقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى. ئۇلارمۇ سەلىمەنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دىلنازنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ يەنە ئامالسىز دولقۇن مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار بىر ھازا باش قاتۇرغاندىن كىيىن ئاخىرى ئادرىس بويىچە تۇرۇشلۇق يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئۇلار تىلگىراف ئىدارىسى بىلەن بىر ھازا ئالاقىلاشقاندىن كىيىن، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ تىلىفۇن نومۇرىنى ئىنىقلاپ چىقتى. ئۇلار خۇددى سەلىمەنىڭ خوش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندەك، سەلىمە مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندەك خوشاللىقتا چۆمدى. ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تىلىفۇن بىرىپ سەلىمە قاسىمنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى ئۇرۇق تۇققانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى دەپ، ئۇلارغا قاسىم ئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مەكتەپكە تېلىفۇن قىلىشىنى ھاۋالە قىلدى. ھەم دولقۇن مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىنىڭ تىلىفۇن نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇلار تېلىفۇننىڭ جىرىڭلىشىنى كۈتۈپ ئۇزاق ئولتۇردى. مۇئەللىم بىر ھازا ساقلىغاندىن كىيىن دەرس تەكرارلاش بىلەن بەنت بولدى. لېكىن دىلناز بىردەم مۇئەللىمگە، بىردەم تېلىفۇنغا قارا جىددىلىك ئىچىدە قىينالدى. بىردەم ئولتۇرسا، بىردەم ئۆرە ماڭدى. بىردەم كىتاپ كۆرسە، بىردەم ئېغىر خىياللارغا غەرق بولدى. ئىچ-ئىچىدىن بىر خىل ئەنسىزلىك كىلەتتى. تېلىفۇن جىرىڭلىسا ئۇنىڭ پۈتۈن يالغانچىلىقى ئاشكارا بولىدۇ. مۇئەللىم ئالدىدىكى 4 يىللىق سەمىمى ئوبرازىغا داغ چۈشىدۇ. مۇئەللىم ئەمدى ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ... ئۇھ، ئۇ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ تۇرقىدا ئىشخانىدىن قېچىپ چىقىپ كىتىدىغاندەك تۇراتتى. ئالاھەزەل 1سائەتلەردىن كىيىن تىلىفۇن ئەنسىز جىرىڭلىدى. دىلنازنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىر شۇم خەۋەر كىلىدىغاندەك تىلىفۇنغا قورقۇنۇچ ئىچىدە قارىدى.

ـ قېنى سىز ئېلىڭ، ـ مۇئەللىم دىلنازغا ئىشارە قىلدى.

دىلناز جىرىڭلاپ تۇرغان تېلېفونغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى، گـۇم قىلىپلا پارتلايدىغان بومبىنى تۇتقاندەك تىلىفۇن تۇرۇپكىسىنى شۇنچىلىك تەستە كۆتۈردى.

ـ ۋەي.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەن سەلىمە قاسىمنىڭ ئاكىسى.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. مەن سەلىمەنىڭ ساۋاقدىشى.

ـ ھە، سالامەت تۇرۇپسىز. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئۆيگە ئادەم بېرىپتىكەن. دادام مىنى كۆرۈشۈپ كەل دەپ ئەبەرتكەن. بىرەر جىددى ئىش بارمىدى.؟

دىلناز تۇرۇپلا قالدى. لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. قارشى تەرەپتىكى ناتونۇش ئاۋاز ئۇنى قاتتىق سوراق قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. بىردەم دىلىغۇللۇقتىن كېيىن بولدى، يالغاننى باشلىدىم. ئەمدى ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرماي ئامال يوق دىگەنلەرنى ئويلىدى.

ـ شۇنداق. سەلىمە دادام كىسەل دەپ مەكتەپتىن 10 كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ كەتكەن. بۈگۈن 15 كۈن بولدى. قايتىپ كەلمىدى. شۇڭا مۇئەللىم ئەنسىرەپ تىلىفۇن قىلىپ ئالاقىلىشىپ باقايلى دىگەن.

ـ نىمە؟

قارشى تەرەپنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن دىلناز قورقۇپ كەتتى.

ـ نىمە دەۋاتىسىز؟ دادام نەدە كىسەل بولۇپ قاپتۇ؟ ساپ ـ ساقلا تۇرمامدۇ.

ـ شۇنداقمۇ؟

ـ شۇنداق، سەلىمەنى يۇرتقا كەتكەن دىدىڭىزما؟ بۇقانداق گەپ ئەمدى؟ ئۇ بۇ يەرگە كەلمىدى.

دىلناز سەلىمەنىڭ ئاكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپكىنى تۇتقىنىچە داڭ قېتىپلا قالدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلمىدى دىگەن ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە نەچچە رەت جاراڭلىدى. ئۇ كۆڭلىگە كەلگەن ئەنسىزلىك، بىئاراملىقنىڭ رىئاللىقنى كۆرگەندەك بولدى. سەلىمەنىڭ مەكتەپتىن مېڭىش ئالدىدىكى كەيپىياتى، روھى ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سىزىپ ئۈلگۈردى. دولقۇن مۇئەللىم دىلنازنىڭ ھالىتىگە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن

قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇرۇپكىنى ئالدى.

ـ ھە، سۆزلەڭ. مەن سەلىمەنىڭ مۇئەللىمى.

بىر دەملىك جىددى پاراڭلىشىش باشلاندى. مۇئەللىم بىر دەم قارشى تەرەپ بىلەن سۆزلەشسە، بىر دەم دىلنازغا ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن جىددىيلەشكەنلىكى، بىئارام بولغانلىقى، ئۇمۇتسىزلەنگەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇ ئۇزاق پاراڭدىن كېيىن قارشى تەرەپ بىلەن خوشلۇشۇپ تېلېفۇننى قويدى. دىلناز شۇ تاپ سەلىمەدىن قاتتىق ئەنسىرەپ كەتكەن بولۇپ، نەچچە قېتىم كاللىسىغا كېلىۋالغان ئۇلۇۋالغانمىدۇ؟ دىگەن سۇئالنى قايتىدىن ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، بىر ۋەھىمىلىك سوراقنىڭ ئۆزىنى سوتلايدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ ئۈلگۈردى.

ـ سەلىمەنىڭ دادىسى كېسەل بولماپتۇ، سەلىمەمۇ ئۆيگە قايتماپتۇ. قېنى دەڭە، ئۇ راس شۇنداق دىگەنما؟

ـ را..س، راس...شۇنداق دىگەن، تېخى ئۆيىدىن ئىبەرتكەن خەتنىمۇ كۆرسەتكەن.

ـ ئەمىسە، بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ زادى نەگە كەتتى؟

ـ مە..ن، مەن ..مەنمۇ بىلمىدىم مۇئەللىم. ئۇنى مەن بىكەتكىچە چىقىپ يۇرتىنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ ئۇزۇتۇپ قويغان.

ـ بىر چوڭ ئىش چىقتى مانا. سىز بىرگە كىرمىگەن بولسىڭىز بۇ رۇخسەتنىمۇ بەرمەيتتىم. ئەمدى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە نىمە دەپ جاۋاپ بىرىمەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاكىسى بۇ ئىشلارنى ئۇقتى. ئەمدى ئائىلىسىدىكىلەر نىمە بولۇپ كىتەر؟ ھەي...

دولقۇن مۇئەللىم تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچىنى شورىدى. بۇ مەسئۇلىيەتنى قانداق ئۇستىگە ئالىدۇ؟ مەكتەپكە نىمە دەپ جاۋاپ بىرىدۇ؟ ئاتا ـ ئانىسىچۇ؟...ئۇ ھېچقاچان تۇرۇپ باقمىغان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، دىلنازغا شۇنچىلىك سوغۇق نەزەر بىلەن قارىدى. دىلنازنىڭ تىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئۇ دوستىغا بەرگەن ياردەمنىڭ ئارقىسىدا بۇنداق كېلىشمەسلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

(9)

ئارىدىن 3 كۈن ئۆتمەي دىلنازنىڭ سىنىپى ئالدىدا 30 ياشلار چامىسىدىكى ئاددىلا كىيىنگەن، بىر قارى سۇپەت يىگىت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايى شۇ قەدەر سۇلغۇن، بىئارام بولۇپ، بۇ دەل سەلىمەنىڭ ئاكىسى ئىدى. ئۇ سىنىپ مەسئۇلى دولقۇن مۇئەللىمنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، دىلنازنى ئىزدەپ كەلدى.

ـ سىڭلىم، سىز دىلناز بولامسىز؟

ـ ھەئە.

ـ مەن سىز بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەن سەلىمەنىڭ ئاكىسى. سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى بىز بەك كۆپ ئاڭلىغان. سىڭلىم ھەر بارسا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بېرەتتى. سىز ۋە ئاتا-ئانىڭىز ئۇنىڭغا كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلىپ كەپتىكەنسىلەر.

ـ ئۇنچىلىك ئەمەس، بىز ياخشى دوسلاردىن.

ـ ھە، سىلەر تېلېفون قىلغاندىن كېيىن مەن ساراڭدەكلا بولۇپ قالدىم. بۇ ئەھۋالنى ئاتا-ئانامغا دېمىدىم. ئۇلار ياشىنىپ قالغان، ئەگەر ئاڭلىسا راسلا كېسەل بولۇپ قېلىشىدىن ، يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرىدىم. شۇ كۈنلا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي يولغا چىقتىم. مەكتەپتىن ۋە سىلەردىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقاي دېدىم. ئۇ زادى نەگە كەتتىدۇ سىڭلىم؟ نەگە كېتىدۇ؟...

ـ ئاكا، مىنىڭ كۆڭلۈمۇ بەك يېرىم. مەنمۇ پەقەت بىلەلمىدىم.

ـ قىزىق. سىزدىن سوراي سىڭلىم. ئۇ نېمە ئۈچۈن داۋام كېسەل دەيدۇ؟ مۇئەللىمدىن ئاڭلىسام سىز بىرگە رۇخسەت سورىغىلى كىرىپتىكەنسىز. ئۇ مەكتەپتە بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمىغان بولغىيتتى ھە؟

ـ يا..ق. ياق.- دىلناز بۇ تۇيۇقسىز سوئالدىن دۇدۇقلاپ كەتتى. - بىر ئوبدان ئۇقۇۋاتقان.

ـ ئەمىسە بۇ نېمە ئىش؟ سىز بەك يېقىنكەنسىز. سىز چوقۇم بىلىشىڭىز مۇمكىن.

ـ مەن راسلا بىلمەيمەن.

ـ بۇ نېمە ئىش بوپكەتتى ئەمدى. مەن بىرەر خەۋەر ئاڭلارمەنمىكىن

دەپ مەكتەپكە كەلگەن. ئۇ ئىت-مۇشۇك ئەمەس، بىر ئادەمدە سىڭلىم. بىر تۇققاننىڭ مېھرى ئەجەپ بولىدىكەن. شۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن بىرى ماڭا ئۇيقۇ يوق. تۇرغان-تۇتقىنىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. مەن چوقۇم ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالمىسام بولمايدۇ. بەك بولمىسا مەكتەپ ئۇستىدىن ئەرز قىلىمەن. بىز ئۇنى نۇرغۇن جەۋر جاپا بىلەن بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئىشقا مەكتەپ مەسئۇل بولمىسا بولماس....

دىلناز سەلىمەنىڭ ئاكىسىغا سەپ سالدى. ئۆزى قارى سۈپەت بولغىنى بىلەن خېلى بىلىمى بار ئادەمدەك قىلاتتى. سۆزلىرىمۇ ناھايىتى ئورغۇلۇق، ئۇرۇنلۇق ئىدى. ئۇنىڭ بىچارە، چۈشكۈنلۈك ئىچىدىكى جەسۇر قىياپىتى دىلنازغا خېلىلا تەسىر قىلدى. ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىچى ئاغرىدى. دىلناز سەلىمەنىڭ ئاكىسى بىلەن بىر ئۆزۈن پاراڭلىشىپ، <بىلمەيمەن> دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇپ خوشلاشتى. ئۇ سەلىمەگە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرمىسا بولمايتتى. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى، ئاكىسى ۋە ئۇرۇق تۇققانلىرى شۇنداقلا مەكتەپ ئوچۇنمۇ سەلىمەنىڭ خەۋىرىنى ئېلىشىنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلىۋاتاتتى.

ئۇ بىركىچە ئۇخلىيالمىدى. <سەلىمە زادى نەدە؟> دېگەن سوئال ئۇنى قىينايتتى. ئۇ بەك قورقۇنۇچلۇق ، بەك قورقۇنۇچلۇق خىياللارنى قىلدى.سەھەرگە يېقىن يېرىم ئويغاق ھالەتتە بىر چۈش كۆردى: سەلىمە قولىدا بۇدرۇققىنە بىر ئۇغۇل بوۋاقنى كۆتىرىپ جازا مەيدانىدا تۇراتتى. يېنىدا ئاجايىپ قورقۇنۇچلۇق بىر جاللات ئۇزۇن، پارقىراق قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەيۋە بىلەن قاراپ تۇراتتى. سەلىمە بوۋاقنى باغرىغا پۇتۇن مېھرى بىلەن بېسىپ ، ھاياتتىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ھەممە نەرسىگە تويماي قارىدى. شۇ دەم بىر بۇيرۇق بىلەن جاللات سەلىمەنىڭ بېشىنى چاپتى. كاللا ئۇزۇلۇپ چۈشۈپ، ئېتىلىپ چىققان قەپ-قىزىل قان يەرنى بويىدى. جاللات قىلىچىنى ئېغىزىغا ئەكىلىپ قان داغلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ يالاپ چىقتى....توۋا، تونۇش چىراي، تونۇش كۆز...ۋەھشى جاللاتنىڭ كۆزى، ئەكرەمنىڭ كۆزى...>
دىلناز چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى-دە ، قورقۇنۇچ ئىچىدە يۈرىكىنى تۇتۇپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى.

ئەتىسى سەلىمەنىڭ ئاكىسى دىلنازنى يەنە ئىزلەپ كەلدى، ئۇنىڭ ھالى ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ بەتتەر ئىدى، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىدە ياش لىغىلدايتتى.. بىر كېچىدە خېلىلا ئۇرۇقلاپ قالغاندەك بىلىنىدى. ھەي، بىر تۇققانلىق مېھىر، قېرىنداشلىق مېھىر. بۇنداق مۆھەببەتكە نىمە يېتىدۇ بۇ جاھاندا...دىلناز گۈللۈكتە ئولتۇرۇپ سەلىمەنىڭ ئاكىسىغا قاراپ كۆپ ئويلاندى. ھاياتىدا بۇنداق ئېغىر سىناققا ، بۇنداق ئېغىر تاللاشقا دۇچ كەلمىگەن دىلناز ھەممە تەرەپتىن مۇلاھىزە قىلىپ چىقتى. ھازىرقى شارائىتتا ۋەدىنى دەپلا يالغان ئېيتىۋەرسە ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى، سەلىمەنىڭ ئاكىسىنىڭمۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقانداق سەۋەبىنى ئۇقالماي تېخىمۇ ئازاپ، تېخىمۇ تەڭلىكتە قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. سەلىمەنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۇمۇتسىزلەنگەن كۆزلىرىگە، ھەسرەت باسقان چىرايىغا قاراپ ئۇ ئاخىرى بەرداشلىق بىرەلمىدى. ئۇ سەلىمەنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى ئەيىپلىمەسلىكىنى، سەلىمەگە ياردەم بىرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆپ ئەسكەرتكەندىن كېيىن، ئەكرەم بىلەن سەلىمەنىڭ مۇناسىۋىتىدىن تارتىپ، قورسىقىدا قالغان، ئازاپلانغان، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە دەرت تۆككەن، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكەن، ئۇنى ئۇزۇتۇپ قويغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ تەپسىلى سۆزلەپ چىقتى. مۇشتىلىرىنى چىڭ تۈگۈپ، لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ ئاڭلاۋاتقان سەلىمەنىڭ ئاكىسىنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. ئۇ دىلنازنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئالدىدىكى گۈللەردىن نەچچىنى ئۈزۈپ بەرگىلىرىنى تىتىپ-تىتىپ تاشلاپ بولدى. يىگىتلەرنىڭمۇ كۆزىدىن ياش چىقىدىغانلىقىنى دىلناز تۇنجى رەت كۆرىۋاتاتتى.

-ئەبلەخ، ئىشەك...بىچارە، ساددا سىڭلىمنى شۇنداق خار قىلامسەن. ئىست، مىنىڭ قىزىل گۈلدەك تاتلىق سىڭلىم. سىنىڭ بەختىڭ ئاشۇ نىجىسنىڭ قولىدا نابۇت بوپتۇ دە.

سەلىمەنىڭ ئاكىسى شۇ تۇرقىدا ئەكرەمنى بۇغۇزلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، بۇيۇن تۇمۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن بولۇپ، ئورنىدىن قوپۇپ ئورۇندۇقنىمۇ نەچچە رەت تېپىۋەتتى.

- بولدى ئاكا، بۇنداق ئازاپلانماڭ...مەن ئامالسىز ۋەدەمنى قايرىپ قويۇپ سىزگە دىدىم. سەلىمە قانداقلا بولمىسۇن سىزنىڭ سىڭلىڭىز. بۇ ئىشلارنى تېخى مەكتەپتە باشقا بىرەر ئادەم بىلمەيدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ۋاقىراپ

يۈرسەك باشقىلار خەۋەردار بولۇپ قالمىسۇن. ئۇنىڭ تەسىرىنى ئويلاڭ. ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاڭ...

- ئىستىقبال. نىمە ئىستىقبال ئۇ؟ بىلەمسىز، بىر قىزنىڭ ھەقىقى ئىستىقبالى ئۇنىڭ ئىپپىتىدە. ئەمدى سىڭلىمنىڭ نىمە ئىستىقبالى قالدى. ئۇ ھازىر نەدە؟ ئۇ ھازىر قانداق قىسمەتلەردە؟...

- ئۇ ئىرادىلىك قىز. چۇقۇم قايتىپ كىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا بىرگە ئۇقۇش پۈتتۈرىدىغانلىقىمىزنى كۆپ تاپىلىغان.

- لېكىن ئۇ ھازىر نەدە؟ نەدە؟...مىنى ئەكىرەم دىگەن لۈكچەكنىڭ قېشىغا باشلاپ بىرىڭ سىڭلىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرىشەي.

- ياق... بۇ تۈرقىڭىزدا بىرەر ئىش چىقىرىپ قويىسىز. بولىدى غەزىپىڭىز سەل پەسەيگەندە كۆرۈشۈڭ. ياكى بولمىسا دادىسى مەكتەپ مۇدىرى بولغاندىكىن ئاۋال شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقامسىز يە؟

-دادىسى بىلەنغۇ ئەلبەتتە كۆرىشىمەن. ئاۋال شۇ گۇي بىلەن بىر كۆرۈشەي. قانداقراق ئەبلەخ ئۇ...

- ئەمىسە ئەتە كۆرۈشۈڭ. مەن ئەتە باشقا يەردە ئايرىم كۆرۈشتۈرەي.

- ياق، مەن بىر كىچىنى قانداقمۇ ئۆتكۈزىمەن. مۇشۇ تۈرقۇمدا ئېلىشىپ قېلىۋاتىمەن. ياردەم قىلغاندىكىن ئاخىرىغىچە ياردەم قىلىڭ. بۈگۈن چۇقۇم بىر كۆرۈشەي.

- مىنى بەك تەڭلىكتە قويىۋاتىسىز. مەن نىمە بالاغا مۇپتىلا بولدۇم ھازىر؟...سىز ئاۋال ماڭا ۋەدە بىرىڭ. ئۇنىڭ بىلەن جىدەللىشىپ قالماڭ. دەيدىغان گەپ بولسا دادىسىغا دەڭ...بولامدۇ؟

- بولىدۇ. مەن ئىمكان بار ئۆزەمنى تۇتىۋالىمەن. مەكتەپ ئەمەسمۇ بۇ، سىڭلىمغا سەت تۇرىدۇ.

دىلناز سەلىمەنىڭ ئاكىسىغا بىر ھازا سۆزلىگەندىن كىيىن ئۇنى كەچلىك دەم ئېلىشتا ئەكرەم بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغان بولۇشتى. ئۇلار ساۋاقداشلار دەرستىن چۈشكىچە مەكتەپ سىرتىغا چىقىپ تاماقلىنىپ، پاراڭلىشىپ، سەلىمەنىڭ نەدىلىكىنى، نىمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىشتى. دىلناز سائەتكە قاراپ قويۇپ، سەلىمەنىڭ ئاكىسىنى ئەگەشتۈرۈپ مەكتەپ ۋاسكىتبول مەيدانىغا قاراپ ماڭدى.

دىلناز ئويلىغاندەكلا، ئۇلار كەلگەندە ئەكرەم ۋاسكېتبول مەيدانىدا بىر قانچە چاپارمەنلەر بىلەن دەرستىن چۈشكەن قىزلارغا چاقچاق قىلىپ كۈلۈشۈپ تۇراتتى. دىلناز ھىلىقى شاپىلاقتىن كېيىن، بۇ ئەبگادىن قورقۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. لېكىن بۈگۈن ئامالسىز گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

- ئەكرەم

ئەكرەم دىلنازنى كۆرۈپ دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى.

- ھە، كەپ قاپسىزغۇ. كەچۈرۈم سوراي دەپ كەپسىزدە ئاخىر.

- ياق. ماۋۇ ئاكىمىز سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن. جەنۇپتىن كەپتۇ.

- بۇ كىم؟

- بىزنىڭ پاكولتېتتىكى سەلىمەنىڭ ئاكىسى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەكرەمنىڭ چىراي تاتىرىپ كەتتى. دىلنازغا قىسىق كۆزلىرىنى تىكىپ يەۋېتىدىغاندەك ئالايدى. ئۇ بىرەر ئىشنىڭ يۈز بىرىشىدىن ئەنسىرىگەندەك < ئۇياققا بارىلى> دەپ گۈللۈك تەرەپتىكى ئادەمسىز يەرنى كۆرسەتتى. ماڭغاچ يانچۇقىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك قىلدى. ئۇلار گۈللۈكنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئەكرەم ئاۋال ئېغىز ئاچتى.

- خوش، نىمە گەپكىن؟

- سەلىمەنى تونۇيدىغانسىز...مەن شۇ سادىدا قىزنىڭ ئاكىسى. لېكىن مەن ئۇنىڭدەك سادا، يۇۋاش ئەمەس.- ئۇ ھەر ئىككى مۇشتىنى ئەكرەمگە كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ چىلك يۇمدى. - مەن دىلنازدىن ھەممىنى ئاڭلىدىم. كۆزۈم ياش، يۈرۈگۈم قان ھالدا ئاڭلىدىم.- ئۇنىڭ تۈيۈقسىز تەلەپپۇزى ئۆزگەردى.- سەن قىلغان جىمى پەسكەشلىكلەرنى، ئالدامچىلىقلارنى ئاڭلىدىم. سىڭلىم ھازىر يۇقاپ كەتتى. قېنى دىگىنە، ئۇ ھازىر نەدە؟ مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي سىنىڭ سەۋەبىڭ...

- نىمە؟ مەن چۈشەنمىدىم. مەن بۇ ئىشلارنى بىلمەيمەن...

- بىلمەيمەن؟- غەزەپتىن تىترەپ تۇرغان سەلىمەنىڭ ئاكىسى ئۆزىنى تۇتىۋالالماي، كەتمەن تۇتۇپ پىشىپ كەتكەن مۇشتۇمى بىلەن ئەكرەمنىڭ بۇرنىغا قارىتىپ بىرنى سالدى.- ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ ئەمدى بىلدىڭمۇ؟...يەنە

بىلمىسەڭ مەن بىلدۈرۈپ قويىمەن...

تۈيۈقسىز تەككەن مۇشتتىن ھۇشىنى يوقاتقاندەك بولغان ئەكرەم كەينىگە نەچچە قەدەم داجىپ كەتتى. ئېغىز-بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قانغا قاراپ پۈتۈن چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەندەك ھىس قىلدى. كۆزىدىن ئوت چىكەتتى. ئەزەلدىن مەكتەپ تەۋەسىدە ئۆزىنى بىرىنچى دەپ قاراپ كەلگەن ئەكرەمگە بۇ مۇش شۇنچىلىك خار كەلدىكى، ئۇمۇ يۈگۈرۈپ كىلىپ سەلىمەنىڭ ئاكىسى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. دىلناز بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىمۇ سەزمەي ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ <بولدى، سوقۇشماڭلار، ئۇنداق قىلماڭلار...> دەپ قانچە يىلىنسىمۇ بۇ ئىككى گەۋدە تېخىمۇ ئەسەبىلىشىپ قاتتىق مۇشتلىشىپ كەتتى. سەلىمەنىڭ ئاكىسى ئۆزىنى باسالماي ئەكرەمنى ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. بىردەمدىلا ئادەم يوق گۈللۈكتە بىر مۇنچە ئۇقۇغۇچىلار پەيدا بولدى.

-مانا ئەمىسە، - چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن ئەكرەم تۇيۇقسىز يانچۇقىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ سەلىمەنىڭ ئاكىسىنىڭ بىقىنىغا <غاسسدە> تىقىۋەتتى. ئۇ جان ئاچچىقىدا پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يەنە بىرنى تىقتى.

-ۋايجان، ۋايجان...- سەلىمەنىڭ ئاكىسى بىقىنىنى تۇتۇپلا قالدى. كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قەپ-قىزىل قان ئۇنىڭ ئاپئاق كۆڭلىكىنى بوياپ يەرگە ئاستا-ئاستا تېمىشقا باشلىدى. ئۇ بىردەم بىقىنىغا، بىردەم ئەكرەمگە قاراپ تۇرغاندىن كىيىن ، يەرگە پالاققىدە يىقىلدى.

ئۆزىنىڭ نىمە ئىش قىلىپ سالغىنىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالغان ئەكرەم ، ئالدىدا بىقىنىنى تۇتۇپ سۇنايلىنىپ ياتقان سەلىمەنىڭ ئاكىسىغا قاراپ ھودۇقۇپ كەتتى. بىر پەس ئىسىنى يوقاتقان ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ھەر ۋاقىت مۇغەمبەرلىك، مەمەدانلىق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايى شۇ تۇرقىدا جازا مەيدانىدىكى جىنايەتچىدەك تىترەپ كەتتى. ئۇ بىردەم سۇكۇتتە تۇرغاندىن كىيىن، قولىدىكى قان يۇقى پىچىقىنى تاشلاپلا، يىراقتا نىمە قىلىشىنى بىلمەي تۈگۈلۈپ قالغان دىلنازغا <لاپ> قاراپ قويۇپ ، يۈگۈرگىنىچە مەكتەپ سىرتىغا قاراپ قاچتى.

بۇ جىدەل مەكتەپ ئىچىگە بىردەمدىلا پۇر كەتتى. ئەتراپقا نۇرغۇن ئادەم توپلاشتى. ۋەقەنىڭ شاھىدى بولغان بىر قىسىم ئۇقۇغۇچىلار سەلىمەنىڭ

ئاكىسىنى دەرھال كۆتۈرۈپ مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەتتى. دىلناز ھۇشۇنى يوقاتقان ئادەمدەك نەگە بېرىشى، نىمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەيلا قالدى. نىمە ئىشلار بولۇپ كەتتى ھە ؟ سەلىمەنىڭ بۇ بىچارە ئاكىسىغا ئەمدى نىمە كەلگۈلۈك؟ ئۇنىڭدىن كۆپ قان ئېقىپ كەتتى. ئىچكى ئەزالىرى چوقۇم زەخىملەندى. ئەكرەمدەك قارا نىيەت جاللات قولىدا بىچارە ئاكا-سىڭىل تەڭلا ۋەيران بولارمۇ؟ بۇ يىگىتمۇ ئۆلۈپ كەتسە سەلىمەنىڭ ئۆيدىكىلەر نىمە بولۇپ كېتەر؟ ...دىلنازنىڭ قەلبى مۇدھىش خىياللاردىن ئاچچىق بۇلۇپ كەتتى. تۇرغان يېرىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆزگە كىلىشۋاتقان قىسمەتلەرنى، خوشال ئۆتىشۋاتقان كۈنلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن بۇزۇۋاتقان كوڭۇلسىزلىكلەرنى ئويلاپ بۇغۇلۇپ يىغلاپ تاشلىدى. بىر ھازادىن كىيىن ئۇ ئەسلىگە كەلگەندەك بولۇپ، شۇنچىلىك ھارغىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ھەمرالىقىدا مەكتەپ مەمۇرىيىتى بىناسىغا كىردى. ئۇ ھەممە جىدەل ئەھۋالىنى مەكتەپ ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىگە ، ئۇقۇتقۇچىلىرىغا، مەكتەپ رەھبەرلىكىگە يىغلاپ تۇرۇپ دىدى. ئەھۋالنى كۆرگەن نۇرغۇن ئۇقۇغۇچىلار بۇ جىدەلگە، ئەكرەمنىڭ قاتىللىق ھەركىتىگە ئىسپات بولدى.

دىلنازنىڭ ئاكىسى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى. كۆپ قان ئېقىپ كەتكەچكە نۇرغۇن ئۇقۇغۇچىلار خالىسانە قان تەقدىم قىلدى. جىددى قۇتقۇزۇپ ھاياتى ساقلاپ قېلىنغاندىن كىيىن، مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلدى. پىچاق كىچىك بولغاچقىمۇ ئىچكى ئەزالىرى ئېغىر زەخىملەنمىگەن بولۇپ، بىرەرئاي داۋالانسا ياخشى بۇلۇپ كىتىش ئىھتىمالى باردەك قىلاتتى. ئۇ مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئادەم تەشكىللىشى، كۆتۈنىشى ئاستىدا ئاستا-ئاستا داۋالىنىشقا باشلىدى.

ئەپسۇس، ھاياتنىڭ ئادىل يەرلىرى يەنە بار. جاھاننىڭ يەنىلا سورىقى بار. جاھانغا پاتماي، ھەممە نىمىنى بېشىغا كىيىپ، كىرىلىپ يۈرگەن نوچىلارنىڭمۇ خار بولىدىغان كۈنلىرى كىلىدىكەن. ھەي، بىردەملىك ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرگەن ئەكرەممۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپنىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالنى چىقىش قىلىدىمۇ، ئۇقۇغۇچىلار ئارىسىدا بۇلىۋاتقان غۇلغۇلىغا دىققەت قىلىدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەسىرىنى ئويلىدىمۇ، بۇ ئىشقا ناھايىتى جىددى مۇئامىلە قىلىپ، ئەكرەمنى ئادەم

تەشكىللەپ تۇتۇپ ئەكەلدى. ئـاتىلىق مـۇھەببىتىنى قايرىـپ قويـۇپ، كۆزىـدە لىق ياش ھالدا ئوغلىنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ياشـــلىقنىڭ ئەڭ ئالتۇنـــدەك ۋاقىتلىرىنـــى ئۆتكۈزىۋاتقـــان، ئـــالى مەكتەپنـــى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ستودىنت ئۆزىنىڭ ناچار مىجەزى، ئۇسالىلىقى، ئەخلاقسىزلىقى تۈپەيلى ئاخىرى ئۆزىنى سوت مەيدانىدا كـۆردى. ئەكـرەم سوت مەيدانىدا قولىدىكى تۇمـۇر كىشـەنگە قـاراپ قويـۇپ، نۇرغـۇن پاكىـت ئالدىـدا ئامالسىز مەكتەپ رەھبەرلىكى ، ئۇقۇتقۇچىلىرى ۋە دىلنـاز ئالدىـدا گۇنـاھىنى، جىنايىتىنى تونـۇدى. مەكـتەپ ئىچـدە بـۇرۇن قىلغـان جىـدەل ـ مـاجرالىرىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ سەلىمەگە قىلغان پەسكەشلىكىنى يۇشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن سەلىمەنىڭ ئاكىسىغا پىچاق سالغان ئىشتىن، ئـۇنى ئىغىـر زەخمىلەنـدۈرگەن ئىشتىن تانالمىدى. ئۇ ئۆزىنىـڭ ئىشـلىرىنى ئىقـرار قىلىـش جەريانىـدا ئالدىـدا ئولتۇرغان دىلنازغا نەچچە ئون قېتىم قارىدى. ھەر قېتىملىـق قاراشـتا نۇرغـۇن ئۆچمەنلىك باردەك قىلاتتى. كۆزلىرىدىن قىساس ئوتى چاقنايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشـــۇنداق ئەھۋالغـــا چۈشـــۈپ قېلىشـــىنى، ئىســـتىقبالىنىڭ بۇزۇلىشـــىنى، ياشـلىقىنىڭ خـاراپ بولۇشـىنى پەقەت دىلنـازدىنلا كۆرىۋاتقانـدەك قىلاتتـى. ئەركـــىنلىكىگە ســـىلىنغان تۇمـــۇر كـــويزىنى <ســـاقچىلار ئەمەس دىلنـــاز سالدى...> دەپلا قارىدى.

ھايـات ئۆزىنىـڭ ئاجايىـپ تاسادىپىلىقلىرى بىـلەن قىزىـق. ئەزىـز بولغانىنىڭمۇ خـار بولىـدىغان كـۈنلىرى كىلىـدۇ. بـۇ تۇرمۇشـتا ئـادەم ئۆزىنىـڭ كىيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە مۇقىم قارار چىقىرالمايدۇ. تۇرمـۇش يـولى ئـادەمنى بىلىـپ-بىلـمەي نۇرغـۇن خوشـاللىق، بەخىـتكە ئىرىشتۈرسـە، يەنە بىلىـپ-بىلمەي مەڭگۈلۈك ئازاپ، ھەسرەت، ئەلەمـگە ئىلىـپ بارىـدۇ. مانـا، مەكتەپنـى بېشىغا كىيىپ يۈرگەن ئەكرەم قوپالنىڭ ھالى. سـوت يارىلانغۇچىنىـڭ ئۇمـۇمى ئەھـۋالىنى تەكشـۈرگەندىن كـيىن، ھەقىقـى ئىسـپات ئاسـتىدا ، ئەكـرەمگە 3 يىللىق ھۆكۈم كەسـتى. مـۇدىر مـۇھەببەت ، ئۇكۇنـۇش، پۇشـايمان ئارلىشـىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھىسياتتا ئوغلىنى قارا دەرۋازىغا ئۇزۇتۇشقا مەجبۇر بولـدى. ئەكرەم قولىدىكى تۇمۇر كىشەننى كۆتـۈرۈپ، قەپەسـتىكى ئەركىـنلىككە تەشـنا قۇشـتەك تەبىـئەتكە تويمـاي قارىـدى. لـېكىن ئـۇ ئـۇ شـۇ تۇرقىـدا ئۆزىنىـڭ جىنايىتىگە، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا، بىھۇدە مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەن ياشـلىقىغا ھىچ ئۇكۇنىدىغاندەك ، پۇشايمان قىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇنىـڭ يـۈرىكىنى

بىر خىل مۇرەككەپ قىساس ئۇتى كۆيدۈرەتتى...

ئۇقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا كىلىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەر دىلنازنى هالسىرىتىپ قويدى. سەلىمەنىڭ سىنىپتىكى پارتىسى، ياتاقتىكى كارۋىتى بوش قېلىۋەردى. ئۇنىڭ مەكتەپكە كىلىشىدىن ئۈمۈت ئۈزۈلدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى، نىمە ئىش بولغانلىقى ھەممىگە سىر بولۇپ قالدى. دىلناز ۋە سەلىمەنىڭ ئاكىسىدىن بەزى ئەھۋاللارنى ئۇققان ساۋاقداشلار < سەلىمە چۇقۇم بىسىمغا بەرداشلىق بىرەلمەي ئۇلىۋاپتۇ...بىز شۇنداق ياخشى، تىرىشچان ساۋاقدىشىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپتۇق...> دىگەن يەكۈنگە كەلدى. مەكتەپ رەھبەرلىكى سەلىمەنىڭ ئاكىسىنى بىر ئايدىن ئارتۇق ياخشى داۋالىتىپ ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئۆزرىخاللىق ئېيتىپ، نۇرغۇن مەبلەغ بىلەن ئۇنى يۇرتىغىچە ئاپىرىپ قويدى. سىنىپ مۇدىرى دىلنازنى بىرگە ئېلىپ بېرىشقا ئۇندىگەن بولسىمۇ، ئۆزلۈكسىز كىلىۋاتقان بېسىمغا بەرداشلىق بىرەلمىگەن دىلناز بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇ سەلىمەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاھۇ-پەريادىغا، دەرتلىك ئازاپلىرىغا، ھەسرەتلىرىگە قاراپ ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بىرەلمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ يەتكەن ئىدى. سەلىمەنىڭ ئاكىسىنىڭ يارىسى ياخشىلانغان بولسىمۇ لېكىن دىلنازنىڭ قەلبىدە قالغان يارا ساقايمىغان ئىدى . ئۇ يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارغا ئەكىرەم ئەمەس خۇددى ئۆزى سەۋەپچىدەك ئازاپلىنىپ يۈردى. قەدىرلىك دوستى، ساۋاقدىشىدىن ئايرىلدى. ئاكىسىنىڭ يارىلىنىشىغا سەۋەپچى بولدى، مۇئەللىمىنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالدى، ئەكرەمنى قارا دەرۋازىغا سولىدى...بەلكىم ئۇ سەلىمەگە ھىسداشلىق قىلمىغان، ئۇنىڭ قان-ياشلىق قىسمىتىنى ئاڭلىمىغان، ئۇنى دوسلۇق مېھرى بىلەن باغرىغا باسمىغان بولسا بەلكىم بۇ ئىشلارمۇ كۆرۈلمەس بولغىيتتى. ئۇنىڭ قەلبى پۇچۇلاندى،يۈرىكى ئىزىلدى...ئۇ بارغانسىرى ئۆزىنى بەكمۇ بىچارە، بەكمۇ تەنھا ھىس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. قېنىپ-قېنىپ يىغلىغۇسى، قەلبىدىكى بىئاراملىقنى يۇلۇپ تاشلىۋەتكۇسى، ھەممە ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكۇسى كېلەتتى. دەرت-ھەسرىتىنى، ئازاپلىرىنى بىرەر دىلكەشكە تۆككۈسى، ئۇنىڭ سەممى تەسەللىسىگە، مېھرىبانلىقىغا، كۈيۈنىشىگە

ئېرىشكۈسى كېلەتتى. ئۇ شۇنچىلىك غېرىپلىق، مەيۈسلۈك ، تەنھالىق ئىچىدە، ئاستا ـ ئاستا قەلبىدىكى نۇرغۇن سىمالار ئىچىدىن شۇ دىلكەشنى ئىزدەشكە ئۆزۈنىدىغان بولدى. پات ـ پات ھايا، ۋاپا مېھرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزنى خىيال قىلىدىغان، شۇ كۆزلەرگە تەلمۈرۈپ دەرتلىرىنى پىچىرلايدىغان بولدى. بەزىدە تاتلىق خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، بىر ۋاپادار يىگىتنىڭ باغرىغا چۆكۈپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىشىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان، قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋاتقان تاتلىق بىر سېزىمدىن خىجىل بولۇپ، ئاناردەك يۈزلىرىنى بوشقىنا سىلاپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەت تىرىشىپ ئۆگىنىشلا بار ئىدىيەسىدە، ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسىنىڭ ئاستا ـ ئاستا بىخلىنىپ كۆكىرىۋاتقانلىقىنى ، بۇ بىخلارنىڭ دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان سۆزۈك سۇغا مۇھتاج بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتمەكتە ئىدى.

كالللىسىنى تۆگۈمەس سۇئاللار قىينىغاچ ، دىلناز يېقىنلىشىپ قالغان ئىنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتاھانىغىمۇ تۈزۈك تەييارلىق قىلالمىدى. دىققىتىنى شۇنچە يىغسىمۇ ، ئۆزىنى كىتاپقا بەنت قىلسىمۇ، خىيالى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى. بەزى ـ بەزىدە ۋارىسنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تەييارلىق قىلىۋاتقان سىماسىمى ئۇچرىتىپ قالغاندا، باشقىدىن بىر غەيرەتكە كەلگەندەك، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالغاندەك بولاتتى. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەكچى بولغاندەك ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشەتتى. ئارىلىقتا بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنگلىز تىلى ئىمتاھان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ھەر قايسى پاكولتېتتىكى 500 غا يېقىن ستودېنت ئىمتاھان مەيدانىدىن ئورۇن ئالدى. دىلناز گەرچە ياخشى تەييارلىق قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئاساسى بولغاچقا ئىمتاھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلاتتى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، مەيداندىكى ساۋاقداشلارغا قاراپ چىقتى، كۆزلىرى ئۇدۇلدا ئولتۇرغان ۋارىسقا كېلىپ تىكىلگەندە توك تەپكەندەك تىترەپ كەتتى. ئۇ ۋارىسنى بۇ مەيداندا دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

ـ ياخشى تۇرۇپسىز؟ ـ دىلنازغا قاراپ مېھىر بىلەن كۈلۈپ تۇرغان ۋارىس يۈرىكى تىپچەكلەپ تۇرسىمۇ، تاتلىق بىر ئېقىم پۈتۈن بەدىنىگە تارىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنچىلىك سالماقلىق بىلەن ئاۋال ئېغىز ئاچتى.

-ياخشى، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغاندەك قىلىسىز.
- خۇداغا شۈكرى. يامان ئەمەس. قىزىق ھە، بىر مەيدانغا كىرىپ قاپتىمىز.
-شۇنى دەيمەن،- دىلناز خىجىل بولۇپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىنى ۋارىسنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۈزەلمىدى.- ياخشى تەييارلىق قىلغانسىز؟ قاچان قارىسام پۈتۈن دىققىتىڭىز بىلەن ئۆگىنىۋاتقان ھالەتتە كۆرىمەن. ئالىم بولۇپ كەتمەمسىز دەيمەن...
- نەدە؟ پەقەت سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ شۇ..
-نىمە گېپىمنى؟
- ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟ سىز ماڭا بەرگەن مەدەت، سىز ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەن يولچۇ؟... سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى يۈرىكىمگە نەقىش قىلىپ ئويۇپ، ئۈمىدىڭىزنى ئورۇنداي دەپ تىرىشىپ باقتىم. سىزنىڭ ھەر بىر سۆزىڭىز، ھەر بىر تىلەكلىرىڭىز مەن ئۈچۈن ئالەمچە ئىلھام بولدى...
-راسما؟ ئادەمنى خىجىل قىلماڭ ھە.
-راس. سىزدەك ياخشى قىز ئاز ئۇچرايدۇ. مەن سىز ئۈچۈن ھېلىغۇ تىرىشىپ ئۆگىنىۋىشكەن، ھەر قانداق ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقىمۇ رازى.
- رەھمەت. لېكىن مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى رەت قىلغان تۇرسام، سىزنىڭ ھىسسىياتىڭىزنى قەدىرلىمىگەن تۇرسام، مىنى يەنىلا شۇنداق ياخشى دەپ قارامسىز؟
- ئەلبەتتە. سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ نىشانى، قەدرى ئۈچۈنلا تەلىپىمنى رەت قىلغان. مەن بىلىمەن سىز دىگەن بىر پەرىشتە. سىزنىڭ پۈتۈن جىسمىڭىزدىن ۋاپا، ئەخلاق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ...
دىلناز ۋارىسنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا بەرداشلىق بىرەلمىدى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى تىترەپ كىتىۋاتاتتى. جىددىيلىكنى پەسەيتمەكچى بولۇپ چاچلىرىنى تۈزۈگەن بولدى، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرگەن بولدى، قولىدىكى قەلەمگە قارىغان بولدى...لېكىن يۈرىكىدىكى گۈرۈلدەپ كۆيىۋاتقان ئوتنى پەسەيتەلمىدى. ۋارىسنىڭ مۇھەببەتلىك تىكىلىشلىرى، چىن يۈرىكىدىن چىققان سۆزلىرى ئۇنىڭ نازۇك ھىس تۇيغۇلىرىنى ئويغۇتۇپ بىرىۋاتاتتى. ھەر قانداق بىر قىز ئەنە شۇنداق تاتلىق سۆزلەرگە، ماختاشقا ھىرىسمەن. يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىگە ھىرىسمەن. سۆيۈلۈشكە ھىرىسمەن.

دىلنازمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئەلبەتتە. ئۇ شۇ پەيتلەردە ۋارسقا بولغان ئىنتىلىش، ھۆرمەتنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتىپ مېڭىۋاتقانلىقىدىنمۇ ، ۋارىسنىڭ سۆزلىرىدىن ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇۋاتاتتى...

ئىمتھان باشلاندى. ۋارس پۇتۇن ئىشتىياق بىلەن سوئاللارغا جاۋاپ بىرىپ چىقتى. ئۆزلۈكسىز تىرىشىش، ئىزدىنىشتىنمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق بىر جىددىلىك، بىسەرەمجانلىق كۆرۈنمەيتتى. ئۇ شۇنچىلىك سالماقلىق بىلەن خۇددى بىرەرسىگە سالام خەت يېزىۋاتقاندەك كەيپىياتتا ئولتۇراتتى. دىلناز ئالدىدىكى تۆگىمەس سوراقلارغا جاۋاپ بىرىۋېتىپ، پات-پات ۋارىسنىڭ بىرىلىپ ئىمتاھان بىرىۋاتقان مەردانە قىياپىتىگە قاراپ قويدى. ۋارس يېنىدىكى گۈزەل بىر قىزنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ، قەغەز ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، پۇتۇن دىققىتى بىلەن جاۋاپ يېزىۋاتاتتى. دىلناز ئىمتاھاننىڭ شۇنچىلىك جىددى ۋاقتلىرىنى ئۇنتۇپ، يېنىدىكى قامەتلىك ، كېلىشكەن يىگىتكە ھەۋەس بىلەن قاراپ قويدى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئۇنىڭغا بولغان قايىللىق كىلەتتى. ۋارس ۋاقىت تېخى توشماي تۇرۇپ، سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئويلۇنۇش ئىچىدە جاۋاپ يېزىۋاتقان دىلنازغا كۆزلىرىنى تىكتى. كۆزلەر كۆزلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتى. يۈرەكلەر يەنە بىر قېتىم كۈيۈشكەندەك بولۇشتى. ۋارس دىلنازغا مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ ، شۇنچىلىك سالماق، شۇنچىلىك مەردانە قىياپەتتە ئىمتاھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتتى. دىلناز شۇ تاپ ۋارىسنىڭ كۈلۈشىدىن ئۆزىنى مەنستىمىگەندەك، ئۆزىنى دۆت چاغلىغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ۋارسنىڭ پوچىلىقىغا ئاچچىقى كەلدى. «ئەجەپ مىنىڭ ئالدىمدا بىر پوچىلىق قىلىۋالدى ھە؟ ئۆزىنى ناھايىتى بىلەرمەن، ئەقىللىق چاغلاپ قېلىۋاتامدۇ نىمە؟ مەن بولمىغان بولسام ئىمتاھان تۈگىگىچىلىك قەغەزنى جىلاپ ئولتۇرار بولغىيتتى؟ قالغىنىنى نەتىجە چىققاندا كۆرىمىزغۇ...»دىگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر خىل ھەسەت ئوتىدا پۇتۇن دىققىتى بىلەن جاۋاپ يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە دىلنازنىڭ سىنىپىغا بىرسى خەۋەر ئېلىپ كىردى.

- ساۋاقداشلار، ئىنگلىز تىلى ئىمتاھاننىڭ نەتىجىسى چىقىپتۇ.

ھەممە باللار چۇقۇرۇشۇپ كەتتى. نەچچىنچى دەرىجىدىن

ئۆتكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىشتى. بىر قانچە قىز ئۆز-ئارا تالاشقاچ دىلنازنىڭ قېشىغا كەلدى:

-دىلناز، سىزنىڭ ئاساسىڭىز ياخشى. ئىنگىلىز تىلىدا سىنىپنىڭ ئۆلگۈسى. چۇقۇم ئەڭ ياخشى نەتىجە ئالدىڭىزمىكىن ...

- ھە...ياق...بەلكىم...- دىلناز نىمىشقىدۇر دۇدۇقلاپ كەتتى.

- قويىڭە، بىرىپ كۆرۈپ كىلەيلى. شۇنداق جىددىيلىشىپ تۇرىۋاتىمىز شۇ تاپ...سىزنىڭ 6-دەرىجىدىن ئۆتۈشىڭىزدە گەپ يوق. شۇڭا بىزنى ئوبدان مىھمان قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ ھە.

-ئۇتۇپلا قالسام چاتاق يوق...

دىلناز ساۋاقداشلىرى بىلەن كۇلۇشۇپ دىگەندەك مەكتەپ مەمۇرىيەت بىناسى ئالدىغا كەلدى. نەچچە يۈزدەك ئوقۇغۇچى مەكتەپ ئومومى ئىشلىرىنى ئاشكارىلايدىغان چوڭ جازا ئەتراپىغا ئۇلىشىۋالغان بولۇپ، بەس-بەس بىلەن مۇنازىرە قىلىۋاتاتتى. دىلناز ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى نەتىجە ئالالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ لېكىن باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا چوقۇم ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ بەس مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان بىر قانچە ئوقۇغۇچىنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالغاچ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ دىگەندەك ئۆتۈپ جازا ئالدىغا ئۆتتى.

- قاراڭلار، بىزنىڭ مەكتەپ تارىخىدىكى رىكورتنى بۇزۇدىغان ئادەم چىقىپتۇ.

- شۇنى دەيمەن. ۋارس بۇرۇندىن بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئۇگۇنۇش ئۆلگىسى ئىدى.ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تالانتى بارلىقى مانا بۇگۈن يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاندى.

- ئەجەپ تىرىشچان بالا ھە بۇ، ئۆزىمۇ شۇنداق قامىلاشقان. ئەگەر جەنۇبى شىنجاڭنىڭ يىزىسىدىن بولماي ئۇرۇمچىلىك بولىدىغان بولسا 6-دەرىجىدىنمۇ ئاتلاپ ئۆتۈپ كىتەركەن.

- شۇ ئەمەسمۇ . بىر يۇرتلۇق بولغان بولسام ئۆزەم تەلەپ قويۇپ يۈرىۋالاركەنمەن ئۇ بالا بىلەن. مۇشۇنداق تىرىشچان، ئىستىقباللىق يىگىتلەرنى تاپماق تەس جۇمۇ...

-سەن ئۇنداق خام خىياللاردا يۈرگىنىڭ بىلەن يۈرىۋاتقان قىزى باردۇر ئۇنىڭ؟ بۇنداق ياخشى يىگىتلەرنىڭ يىنىدىن ئەگىپ كىتەلمەيدىغان

قىزلار كۆپ.

....

دىلناز بۇ قىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نىمىنىدۇر سەزگەندەك بولدى. نىمىنىدۇر قىزغاندەك بولدى. يۈرىكى تۇرۇپلا سۇقۇپ كەتتى. ئۇ 500گە يېقىن ئىسىم ۋە دەرىجە ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىزدىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسىگە ئىشەنگەچكىمۇ ئالدىدىكى قاتاردىن ئىزدىمەكچى بولغاندەك بېشىنى ئەڭ يۇقىرىدىكى رەتكە بورىدى. <ۋارس رۇزى>... ئۇ بىرىنچى رەتتىكى ئىسىمگە كۆزى چۈشكەندە چۆچۈپ كەتتى. كۆڭلىدە <ئەمەس> دىگەندەك خىياللارنى ئۆتكۈزۈپ ، ئىشەنمىگەندەك ئارخىپ تەپسىلاتىغا سەپ سالدى. <ۋارس رۇزى. خىمىيە پاكولتىتى. لاياقەتلىك دەرىجە: 6-دەرىجە....> تووا، دىلناز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك يەنە بىر قېتىم قايتىدىن تەپسىلى ئۇقۇپ چىقتى. 6-دەرىجىدىن ئۆتكەنلەر تىزىملىكىدە پەقەت شۇ ۋارىسنىڭ ئىسمىلا تۇراتتى. دىلناز هەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپلا قالدى. ۋارىسنىڭ ئىمتاھان مەيدانىدىكى قىياپىتىنى بىر قۇر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈردى. <ئۆزىگە نىمانداق ئىشەنگەن هە؟ هەقىقى تالانتى بار يىگىتكەن ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنداق چوڭ ئالى مەكتەپتە ، ئىنگلىز تىلى ئاساسى ياخشى نۇرغۇن ئۇقۇغۇچىلار ئارىسىدا بۇسۇپ چىقىپ كىتىپتۇ ئەمەسمۇ؟...> دىگەنلەرنى ئويلىدى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىقىۋاتقان پەخىرلىنىش، سۆيۈنۈش هىسىياتىنى ناهايىتى تەستە يۇشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ، دەرىجىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

- دىلناز، سىز 5-دەرىجىدىن ئۆتۈپسىز، مانا ئىسمىڭىز،- يېنىدىكى بىر قىز دەرهاللا دىلنازنىڭ دەرىجە رېتىنى كۆرسۈتۈپ قويدى.

دىلناز ئۆزىنىڭ ئىسمىنى 5-دەرىجىدىن ئۆتكەنلەر تىزىملىكىدىن ئاران تاپتى. گەرچە ئۆزىنى خېلى ياخشى نەتىجە ئىرىشىپتىمەن دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋارىسنىڭ نەتىجىسى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ۋارىسقا بولغان هۆرمەت بارغانسىرى يۈكسەكلىككە چىقىۋاتاتتى. <هەقىقى بىلىملىك يىگىت، نامرات بولسىمۇ ئەقىلگە باي، پىكىرگە باي ، ئۆزىنىڭ مۇئەييەن كۈرەش نىشانى، ئارزۇسى بار، كەلگۈسى بارىيگىت ....> دىلناز ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى . يۈرەكلىرى بۇلاق سۈيىدەك ئويناقشىدى . كۆزلىرىدە ئۇماق بىر جىلۋە ئەكس ئەتتى. ئۇ ۋارىس توغرىسىدا

بولۇۋاتقان بەس-مۇنازىرە، ئاپىرىن، ئالقىش ئىچىدىن ئۇنى ئىزدىمەكچى بولغاندەك ھەممە ياققا قاراپ چىقتى. ۋارىسقا بۇ خوشخەۋەرنى ئۇزى يەتكۈزمەكچى ، خوشاللىقىغا ھەمدەم بولماقچى بولغاندەك ، توپ-توپ ئۇقۇغۇچىلار ئارىسىدىن ئۇنى ئىزدىدى. ئۇ بىر ھازا ئىزدىگەندىن كىيىن ، بىر توپ قىزلارنىڭ ئالقىش سادالىرى، قىزغىن پاراڭلىرى ئارىسىدا خوشاللىقتىنمۇ ياكى ئالقىشتىنمۇ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن ۋارىسنى تونۇۋالدى. ئۇ دەرھاللا ۋارىس قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىشنى ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى، ئۇنى ئەڭ تاتلىق تىللىرى بىلەن تەبرىكلەشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن ئۇقۇغۇچىلاردىن ئۇيالغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىرگە كەلگەن قىز ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلۇشۇپ ، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ۋارىسنىڭ ئۇقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىپ مېڭىشىنى كۈتمەكچى بولۇپ ساقلاپ ئولتۇردى. ئۇ يىراقتىن ۋارىسقا قايتىدىن تەپسىلى نەزەر سېلىپ چىقتى. كىلىشكەن قامەت، قاپقارا چاچ، ئۇلىما قاشلار ئارىسىدىكى قاپقارا كۆز، چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان سەممىلىك، ئەتراپىدىكى قىزلارنىڭ ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشى، ئۇنى ھەۋەس بىلەن ماختىشى...<مانا مەن ئىزدىگەن دىلكەش، مەن سېغىنغان قامەت، مىنى بەختكە ئىرىشتۇرىدىغان ، ھاياتتىن ھەقىقى سۆيۈندۈرىدىغان مۇھەببەت... ئۇ سەممىلىك، ۋاپادارلىقتىكى ئۆلگە بولۇپلا قالماستىن، بىلىم ،ئىقتىدار، تىرىشچانلىقنىڭ ئۆلگۈسى...مەن تىرىشىپ ئۇقۇش نىشانى داۋامىدا تەبئىلا يۇلۇققان ئۇلۇغ سۆيگۈ... خىزىر ماڭا ئىبەرتكەن ئۇلۇغ ھىسياتىمنىڭ خوجايىنى...>...دىلناز ۋارىسقا قاراپ بەختىنى تاپقاندەك بولدى. تەختىنى تاپقاندەك بولدى. ئۇ ئەمدىلىكتە قەلبىدە ھۆكۈم سۈرىۋاتقان مۇرەككەپ ھىسياتنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ۋارىسقا بولغان ھۆرمەت ۋە ئىنتىلىشنىڭ ئەسلىدە ھەقىقى مۇھەببەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندەك بولدى...

دىلناز ۋارىسقا بولغان كۆڭلىنى تەھلىل قىلغاچ، ئۇنىڭ قايتىپ كىلىشىنى كۈتۈپ دەرەخ تۈۋىدە ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇ شۇ تاپ بۇ نەتىجىگە ئۇزى ئىرىشكەندەكلا خوشال بولۇۋاتاتتى. ۋارىسنىڭ ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى

كۈلۈمسىرىشىگە، خىجىلچان چىرايىغا پات-پات قاراپ قويۇپ، ئۇنى <تېزراق قايتىسكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشسەمكەن، ئۇنى يالغۇز تەبرىكلەپ قويسامكەن> دېگەن ئۈمۈتتە ساقلىدى . شۇ ئەسنادا ۋارىس ئەتراپىدىكى قىزلار بىلەن خوشلۇشۇپ ، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. دىلناز دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ۋارىسنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىشقا تەمشەلدىيۇ، تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ۋارىسنى يېنىككىنە قولتۇقلىۋالغان چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. قىز شۇنچىلىك ئۇماق، نازۇك بولۇپ، ۋارىسنىڭ قولىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى، ۋارىسمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، كەڭ ئالقانلىرى بىلەن قىزنىڭ مەگزىنى مېھرى بىلەن بوشقىنا سىلاپ قويدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان دىلناز نېمە قىلىشنى بىلمەي دەرھاللا ئۆزىنى ياندىكى دەرەخنىڭ كەينىگە يوشۇردى. لېكىن بىر جۈپ گەۋدە كۆز ئالدىدا قايتا-قايتا زاھىر بولۇپ، ئۇنىڭ تاتلىق خىياللىرنى ۋەيران قىلىۋاتاتتى. شۇ تەرىزدە ئۇنىڭ نازۇك يۈرىكىگە زەھەرلىك بىر تىغ ئۇرۇلدى، يۈرىكى يېرىلدى، پارچە-پارچە بولدى، كۆز چاناقلىرىغا لىققىدە ياش كەلدى. بىر رەشىك ئوتى پۈتۈن جىسمىنى كۆيدۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئازاپ ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە دەرەخنىڭ كەينىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئىككى گەۋدىگە نەزەر سالدى. غېرىپ_سەنەم دەك قاملاشقان بىر جۈپ ياش، قىزدىكى نازۇك ئەركىلەش، يىگىتنىڭ قىزنى مۇھەببەتلىك قۇچاقلىشى...<ئىسىت، ئەڭ قاملاشقان، ئەڭ تىرىشچان، ئەڭ قابىلىيەتلىك، ئەڭ سەممىي بىر يىگىت مەندىن ئاستا-ئاستا يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇ بىر قىزنىڭ مۇھەببىتىنى قۇبۇل قىلدى. بىر قىزغا كۆڭلىنى بەردى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى بىردىنبىر يىگىت ئىدى. ئۇ مېنىڭ باھارىم ئىدى. ئۇ مېنىڭ خوشاللىقىم، كەلگۈسۈم، بەختىم ئىدى. مانا ئەمدى مەن يەنە يالغۇز قالدىم، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىغا بۇرۇنراق كۈڭۈل بۆلمىگەن بولغىيتتىم، نېمە ئۈچۈن ھىسسىياتىمنى يوشۇرۇپ كەلگەن بولغىيتتىم....> دىلناز ئازاپلىق خىياللارغا پاتتى. ئۇ شۇ تاپ ۋارىسنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى ، قەلبىدىكى ئەڭ ئەزىز يىگىتلىكىنى ، ئۇنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ ئۇقۇش، ئۈگۈنۈش دەپلا ھىسسىياتىنى ئالدىغانلىقىغا، تۇرمۇشىغا بىپەرۋا قارىغانلىقىغا، ۋارىسنىڭ تەلپىگە بۇرۇنراق قۇشۇلمىغانلىقىغا قاتتىق ئېچىندى.

دىلناز ھارغىن قەدەملەر بىلەن ياتاقتا كىرىپ ، ئاستا كارۋاتقا سۇزۇلدى. كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى. ئۇ شۇ تاپ ۋارىسنىڭ سەھرالىق ئىكەنلىكىگە، نامرات ئىكەنلىكىگە ئىتىبار قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئەڭ بۇيۇك ، ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەش، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئىرىشىش، ئۆز بەختىنى تېپىشنىڭ زۇرۇرلىكىنى ھېس قىلىپ يىتىۋاتاتتى. ئۇ ھازىرغىچە ۋارىسنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنى بۇنچىلىك سېغىنىدىغانلىقىنى، قەلبىدە ۋارىسنىڭ بۇنچىلىك قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان ، ھېس قىلمىغان ئىدى. ئۇ كۆپ ئويلۇنۇشتىن كېيىن < ئۇنىڭ ئىقتىدارى مىنىڭ ۋەدىلىرىمنى بۇزۇپ تاشلىدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسام بەلكىم مەڭگۈ دەرتتە قېلىشىم مۇمكىن، ئۇنىڭ نامرات بولۇشى مەن ئۈچۈن بەربىر. مەن چوقۇم كۆڭلۈمنى ۋارىسقا بىلدۈرۈشۈم كېرەك > دىگەن قارارغا كەلدى.

ئاپئاق كۆينەك كىيىپ، قىزىل شارپا ئارتىۋالغان، ئۇزۇن چاچلىرىنى قويىۋېتىپ پەرىگىلا ئوخشاپ قالغان دىلناز مەكتەپنىڭ گۈللۈكىدە ۋارىسنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۇ شۇ تاپ دەل ۋارىس ئۇنى كۆرگەن، ئۇنى سېغىنغان، ئۇنى كۈتكەن، ئۇنى خىيال قىلغان كونا ئورۇندۇقتا كىلىپ ئولتۇرغان بولۇپ ، ۋارىس قالدۇرۇپ كەتكەن بىر ئوت ئۇنىڭ قەلبىنمۇ لەرزىگە سالماقتا ئىدى. ئۇ ھازىرغىچە بىرەر يىگىتنى كۈتۈپ باقمىغان، ئۇنىڭ يوللىرىغا قارىمىغان، ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىك كۆيلىرىنى توكۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇ يىراقتىن ئۆزى تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتقان ۋارىسنى كۆرۈپ ، بورۇنقى تەمكىنلىكىنى يوقاتتى، تۇرۇپلا ئورنىدىن قوپۇپ، ۋىللىدە قىزارغان ئاناردەك يۈزىنى سىلاپ قويدى.

ـ سالام دىلناز، ـ ۋارىس دىلنازنىڭ خىجالەت ئىچىدە قالغان كۆزلىرىگە باقتى.

ـ سالام.

ـ ياھ، بۈگۈن ئەجەپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىزغۇ، يەنە بىرەر كېچىلىككە رىياسەتچىلىك قىلامسىز؟

ـ ياق، شۇ سىز بىلەن كۆرۈشەي دەپ.

ـ ھە، ياخشىغۇ، مەندەك بىتەلەينىڭ سىز بىلەن ئازادە مۇڭدىشىدىغان كۈنلىرىمۇ كىلىدىكەن ھە؟

ـ بۇ نىمە دىگىنىڭىز، كىم سىزنى بىتەلەي دەيدۇ. قاراڭ مەكتەپ

رىكـــــورتىنى بۇزىــــۋەتتىڭىز، ھەمـــــمە ساۋاقداشــــلارنىڭ مەبۇدىســـــىغا ئايلاندىڭىز...سىز ئۆزىڭىزنى بەختلىك دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ. ھە راست، ئىنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتاھانىدا 6ـ دەرىجىدىن ئۆتكەنلىكىڭىزنى ، مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن...

ـ رەخمەت. رەخمەت...ئۇنچىلىك ماختاشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇچۇ ، سىزنىڭ ئىلھامىڭىزنىڭ نەتىجىسى. لېكىن قەلبىمدىكى ئازاپ ئالدىدا ئۇ نەتىجە ماڭا ھېچقانچە خوشاللىق بىرەلمەيدۇ.

ـ ھە، بۇ نىمە دىگىنىڭىز، سىزدە يەنە نىمە ئازاپ؟

ـ بىلمەسكە سېلىۋالماڭ دىلناز. مىنىڭ ۋىسالىڭىز ئاشىقلىقىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ـ نىمە؟ ۋىسالىڭىز ئاشىق. مەن قارىسام ۋىسالىڭىزغا يەتكەندەك قىلىسىز.

ـ توۋا دەڭ. مەن سىزنىڭ قانداقمۇ ۋىسالىمغا يىتەلەيمەن. مەن پەقەت ئۆزەمگە ئۆزەم تەسەللى بىرىپ ياشاپ كەلدىم.

دىلناز توختاپ ۋارىسىنىڭ چىرايىغا قايتىدىن سەپسالدى. ھېلىقى كۈندىكى جۇپ گەۋدىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ـ يالغان ئېيتماڭ، مەن سىزنىڭ بىر قىز بىلەن يۈرگەنلىكىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالدىم.

ـ نىمە؟ بىر قىز بىلەن؟ خاتا كۆرۈپ قاپسىز، مەن ھازىرغىچە سىزدىن باشقا بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، ھەم مەڭگۈ ياخشى كۆرەلمەيمەن. شۇنداق تۇرۇپ مەن قانداقمۇ باشقا قىز بىلەن...

ـ بولدى. بولدى...يۇشۇرماڭ. قايسى كۈنى دەرىجە ئىمتاھانى ئېلان قىلىنغاندا مەن سىزنى كۇتۇپ تۇرغان. كىيىن قارىسام بىر قىز بىلەن قولتۇقلىشىپ كىتىپ قالدىڭىز. خۇددى ئۇزۇن يىللىق ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك. قانداق، كۆرۈپتىمەنمۇ؟...

ـ ھا، ھا، ھا...كۆرۈپسىز...

دىلناز ۋارىسىنىڭ كۈلۈشىدىن ھېچنەرسىنى چۈشۈنەلمىدى. ئۇنىڭ تەمكىن، جاراڭلىق سۆزلىرىدىن ھەيران قالدى.

ـ كۈلۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ بۇ جاھان بەك تار ھە...

ـ قىزىق، سىز ئۇ قىزنى لايىقىڭىز دەپ ئويلاپ قالدىڭىزما ؟

ھەرگىز ئۇنداق بىمەنە خىياللاردا بولماڭ، ئۇچۇ مىنىڭ نەۋرە سىڭلىم، ئىسمى پاتىمە. بۇ يىل كەلگەن. ماتىماتىكا پاكولتىتىدا ئۇقۇيدۇ.

ـ ھە؟ـ دىلناز ئەندىكىپ ئىغىزىنى تۇتۇۋېلا قالدى.ـ نەۋرە سىڭلىم؟..

ـ شۇنداق ، نەۋرە سىڭلىم.

ـ ئۇھ،ـ دىلناز ئىغىر ئازاپتىن قۇتۇلغاندەك يىنىك بىر تىنىدى. تۇتۇلۇشقا باشلىغان چىرايىدا قۇياش كۈلگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىمەنە خىياللىرىدىن، بىھۇدە ئەندىشلىرىدىن تۇلىمۇ ئۇڭايسىزلاندى.

ـ نىمىگە ئۇھ تارتىسىز، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغانما؟

ـ ياق، ياق...

دىلناز تۇرۇۋېلا يىنىكلەپ قالدى. يۇقۇتۇپ قويغان قىممەتلىك نەرسىسىنى قايتۇرۇپ كەلگەندەك يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ مۇدھىش بىر كىسەلدىن قۇتۇلغاندەك، ۋارىسنىڭ ئوتلۇق تىنىقلىرىغا قۇشۇلۇپ كەتكەندەك ،خۇنۇكلىشىپ قالغان كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۆزىنى نەچچە كۈندىن بىرى ئازاپلاپ كەلگەن رەشىك ئوتى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. دىلناز ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان ئۇلىما قاشلار ئارىسىدىكى قاپقارا ئوتلۇق كۆزلەرگە قاراپ ۋىلىدە قىزاردى.

ـ ۋارىس. مەن ئۆز كەلگۈسۈمگە ئۆزەم ئىگە بولۇش، ئۆزەم ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئىرىشىش ھۇقۇقۇم بارمۇ؟

ـ ئەلبەتتە. سىزدەك ئەخلاق ۋە ھۆسۈن جامالدا تەڭداشسىز قىز ھەممە نەرسىگە ئىرىششكە ھۇقۇقلۇق.

ـ ۋارس، بىر گەپنى دىسەم مىنى بىمەنە قىزكەن، ئۆزىنىڭ گىپىدە ئۆزى تۇرمايدىكەن دەپ قالماسسىز ھە؟

ـ ياق، ياق..ھەرگىز.

ـ ۋارس ،مەن كۆپ ئويلاندىم، تۇرمۇشتا ئادەم ھەر خىل قىسمەتلەرگە ئۇچرايدىكەن، ئادەمنىڭ تۇرمۇش يۇلى ئىرادىسى بويىچە بولماي قالىدىكەن.

ـ بەلكىم...

ـ شۇنداق، ئۇقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قاپتۇ. شۇڭا مەن سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى دىيىش قارارىغا كەلدىم.

- قېنى دەڭ، قېنى؟...- ۋارىس تۇرۇپلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپ بىر خوشخەۋەرنى ئالدىن ھىس قىلىپ يېتىۋاتاتتى. تەمكىن ھالىتىدە تۇرۇپلا ئۆزگۈرۈش بولۇپ، يۈرىكى رىتىمسىز تىز-تىز سوقۇپ كەتتى.

- ماڭا يازغان خېتىڭىز ئىسىڭىزدىدۇ؟ كىتاپنى قايتۇرۇپ بەرگىنىم بىلەن خېتىڭىز ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مەن سىزنى ئىزچىل كۈزۈتۈپ كەلدىم، سىزنى ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلدىم. سىزگە ھىسداشلىق قىلدىم...لېكىن بۇنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل ھىسيات باركەن. مۇرەككەپ بىر خىل ھىسيات...

-قانداق ھىسيات، قېنى دەڭە؟

دىلناز ۋارىسنىڭ جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭمۇ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى. ئالدىدىكى قامەتلىك ، سۇباتلىق يىگىتنىڭ تەلمۈرۈشلىرىگە قاراپ خىجىل بولدى. بەرداشلىق بىرەلمىدى. ئۇ ئويماقتەك ئۇماق ئېغىزىنى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ۋارىسنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلدى.

- مەن سىزنىڭ تەلپىڭىزگە قۇشۇلدۇم. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. چىن يۈرۈكۈمدىن....

دىلناز شۇ گەپنى بوشقىنا پىچىرلىدى -دە ، ھەيرانلىق ھەم خوشاللىق ئىچىدە نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان ۋارىسقا خوشمۇ دىمەي ياتاق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

كۈنلەر-كۈنلەرنى قوغلاپ ئۆتۈشۈپ تۇردى. ۋارىس بىلەن دىلنازنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى باشلاندى. ئىككى ياش گۈزەللىك ۋە قابىلىيەتنىڭ تۇرتكىسىدە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ ، ئايرىلماس بىر جۈپلەرگە ئايلاندى. نازىرنىڭ ئەتىۋارلىق گۈزەل قىزى بىلەن نامرات سەھرا يىگىتىنىڭ سۆيگۈ سەپىرى مەكتەپتە قىزىق نوقتا بولۇپ، ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى دائىملىق پاراڭ تىمىسى بولۇپ قالدى . دىلنازنىڭ ئىشقىدا مەستانە بولۇپ يۈرگەن نى-نى يىگىتلەر ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قېلىشتى. ئىقتىدارلىق يىگىتلەرنىڭ بىلىمگە تايىنىپ گۈزەل قىزلارنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقى ،

ئۇمۇتۋار، تىرىشچان قىزلارنىڭ نامرات بولسىمۇ تالانتلىق يىگىتلەرنى يەنىلا ياقتۇرىدىغانلىقىنى ھىس قىلىشتى. ئىككى ياش ئورتاق غايە، ئورتاق نىشان، ئورتاق ھىسياتتا بىر-بىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ، مىنۇت ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، تاماق ۋاقتى، دەم ئېلىش ۋاقتى، تەكرار ۋاقىتلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرقى ئۇقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتاھانىغا بىرگە تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ۋارس ئۆزى ئارزۇ قىلغان، لېكىن ئىرىشىشكە مەڭگۈ كۆزى يەتمىگەن بۇ رىئاللىق ئالدىدا خېلى تەمتىرىدى. ھەيرانلىق، ھاياجان ئىچىدە يۈرىكى دائىم ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالاتتى. ئۆزىنى ھەر ۋاقىت مېھرى بىلەن قولتۇقلاپ كېلىۋاتقان قىزنى خۇددى تاتلىق خىيالىدەكلا ھىس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىمىنى دەپ ئالدىدىكى نۇرغۇن ئۇڭۇشسىزلىقلارغا پىسەنت قىلماي چىن ھىسياتىنى تەقدىم قىلغان، ئۆزىنى چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن دىلنازدىن پەخىرلىنەتتى. ھاياتىنىڭ چىن مەنىسىنى تاپقاندەك ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولاتتى.

كۈنلەر ئەڭ شىرىن مۇھەببەت ھىسلىرىدا ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ، ئۇقۇش پۈتتۈرۈدىغان ۋاقىتمۇ كەپ قالدى. ۋارسنىڭ گۈزەل كۈنلىرىمۇ ئاستا-ئاستا تۈگىۋاتاتتى. ئۇ مەكتەپتىن ئايرىلىش، ئۇرۇمچىدىن ئايرىلىش پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خوشال كۈنلەرنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ ھازىرغىچە بۇ توغرىدا ئويلۇنۇپ باقمىغان ئىدى. «ئۇقۇش پۈتتۈرسە ئۇ يۇرتىغا قايتىشى كېرەك، دىلناز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن جەنۇبى شىنجاڭغا، يىراق سەھراغا كەتمەيدۇ. لېكىن دىلنازدىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر، يىگىتلىك ھاياتىدا ئۇ پەقەت ۋە پەقەت بىر دىلنازنىلا ياخشى كۆردى، بىر دىلنازغىلا كۆڭلىنى بەردى. بىر دىلنازدىنلا مۇھەببەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۇردى. ئۇ مەڭگۈ باشقا بىرىگە كۆڭۈل بىرەلمەيدۇ، باشقا بىرىنى ياخشى كۆرەلمەيدۇ. لېكىن ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ نىمىشقا بۇرۇنراق بۇ ئاقىۋەتلەرنى ئويلىمىغان بولغىيتتى. نازىرنىڭ ئىستىقباللىق قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان ۋاقىتتا، دىلنازنىڭ ماقۇللىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا نىمە دەپ كىيىنكى مۇساپىلەرنى ئويلىمىغان بولغىيتتى. » ...مانا، ۋارس ئەڭ ئازاپلىق مىنۇتلارغا دۇچ كەلدى. ئۇ ئەمدى دىلناز بىلەن چىرايلىق ئايرىلىپ كىتىشى كېرەك. بۇ رىئاللىق ئالدىدا باش ئېگىشى كېرەك...

ۋارىس كۆپ ئويلۇنۇشتىن كىيىن دىلنازغا بۇنى دىيىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلدى. ئۇ بىر كۇنى كەچلىكتە دىلنازغا ئامالسىز ئېغىز ئاچتى.

ـ دىلناز، ئۇقۇش پۈتتۈرۈشكە 10 نەچچە كۇنلا قاپتۇ. ئويلاپ باقتىڭىزمۇ 10 نەچچە كۇنلا...شۇ كۇنلەر كەلسە بىز قانداق قىلارمىز؟

ـ قانداق قىلارمىز؟ سىز قانداق قىلماقچى؟

ـ مەنمۇ ئۇقمايمەن. بۇ ئىشلارنى ئويلاپ كاللام قاپاق بولۇپ كەتتى. بىز ئاقىۋەتنى ئويلىماي ئىش قىلىپ قالدۇقمۇ نىمە؟ مۇھەببەتلىك مۇساپىنى مۇشۇنداقلا ئاخىرلاشتۇرارمىزمۇ؟ سىز بۇ چوڭ شەھەردە، مەن يىراق سەھرادا كىيىنكى تۇرمۇش يولىمىزغا قاراپ ماڭارمىزمۇ؟...

ـ نىمە؟ سىز شۇنداق قارامسىز.

ـ لىكىن...لىكىن...بىزنىڭ كىيىنكى تۇرمۇش يولىمىز بىر بولمىسا...بۇ پاجىئەلىك مۇھەببەت بۇلۇپ قالارمۇ ؟

ـ توۋا، سىز نىمانداق خىيالدا. مىنى ھەقىقى ياخشى كۆرمەمسىز يە؟

ـ ياق، ياق...بۇنىڭغا تەڭرىم گۇۋاھ. لىكىن...سىز مەن بىلەن يىزىغا كىتەلمەيسىزدە ؟

ـ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ مەن بەختىم ئۇچۇن، سۆيگۈم ئۇچۇن يىزىغا بارسام نىمە بوپتۇ؟

ـ نىمە؟...راس دەۋاتامسىز؟...بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس جۇمۇ. سىز دىگەن يالغۇز قىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىڭىز چوڭ ئەمەلدار. بۇنىڭغا ئويىڭىزدىكىلەر ھەرگىز يول قويمايدۇ.

ـ بۇنى سىز نىم بىلىسىز. مەن ئۆز بەختىم  ئۇچۇن ھەر قانداق قۇربانلارنى بىرىشكە رازى. لىكىن سىز ئۇرۇمچىدە قىپ قىلىشنى ئويلاپ باقمىدىڭىزما؟

ـ ھە؟ـ ۋارىس دىلنازغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. راس گەپنى قىلسا ئۇ ھازىرغىچە بۇنداق خىيالنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇرۇمچىدە قىلىش ، مۇۋاپىق خىزمەت تىپىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش بولمىسا يە. ئۇ ئۆزىنى پەقەت شۇ يىزىغىلا خاستەك ھىس قىلاتتى. ـ ياق، ياق..مەن ئويلاپ باقماپتىمەن. بۇ مۇمكىن بولمىسا يە.

ـ نىمىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. سىزنىڭ ئىرادىڭىزلا چىڭ بولسا خىزمەت ئىشىڭىزنى مەن دادامغا دەپ ھەل قىلىمەن.

ـ نىمە؟ دادامغا دەپ...بۇنىڭغا دادىڭىز قەتئىي قوشۇلمايدۇ...مەن كىم؟ سىز كىم؟...بۇنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ؟ مەندەك نامرات دىھقان پەرزەنتىنى ئاتا ـ ئانىڭىز قانداقمۇ كىيوغول قىلىدۇ؟ بۇ ئىشنى دىسىڭىز ئۇلار ئايلىنىپ كەتمىسۇن.

ـ تـوۋا، ئۇغـۇل بالـدەك گەپ قىلىڭە، ئۇغـۇل بـالا دىگەنچـۇ ، ئاسماندىكى ئاينىمۇ ئۇزۇپ ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك. بىز ئۆز بەختىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن ئۇڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بىرىشىمىز، بەدەل تۆلەلىشىمىز كېرەك.

ـ سىز راسلا ئىشەنچ قىلالامسىز؟

ـ مەن ئىشىنىمەن. سىز يا بىر لۈكچەك، ئوسال، ئەخلاقسىز ئادەم بولمىسىڭىز. مىنىڭ ئاتا ـ ئانامۇ تەربىيە كۆرگەن، مەسىلىلەرگە توغرا قارايدىغان ئادەملەر. ئۇلار ھەرگىزمۇ سىز ئويلىغاندەك ئەمەس. مەن دادامنى قايىل قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

ۋارىس دىلنازنىڭ ئىشەنچ چاقناپ تۇرغان ئويناق كۆزلىرىگە قاراپ ئىبغىر تىنىپ قويىدى. ئۇرۇمچىدە قېلىش توغرىسىدا ، دىلناز بىلەن مەڭگۈلۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇش توغرىسىدا ھېچقانداق خىيالدا بولۇپ باقمىغان ۋارىس ئىبغىر مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. خىيالىدىكى نازىرنىڭ قوپال چىرايى، تۆك قاپاقلىرى، ئۇنى مەنسىتمەي قىلغان زەھەردەك ئۆتكۈر سۆزلىرى... ۋارىسنىڭ تىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. <ياق، ياق...مۇمكىن بولمايدىغان ئىش...بۇ پەقەت دىلنازنىڭ ئارزۇسى...مىنىڭ ئارزۇيۇم...لېكىن رىئاللىق بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئاددى ئەمەس...> ۋارىس ئاچماق يول ئىبغىزىدا قالغان يولۇچىدەك گاڭگىراپلا قالدى.

دىلناز بۇ ئەھۋاللارنى 2 ـ 3 كۈن ئىچىدە ئاتا ـ ئانىسىغا دەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋارىسنى ئۇمۇتلەندۇرۇپ خوشلاشتى. قارىماققا دىلناز بۇ ئىشقا ۋارىسقا ماقۇل بولۇشتىن بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ قويغاندەك قىلاتتى. ۋارىس ئىبغىر بىسىمغا دۇچ كەلدى. مۇھەببەت بىلەن ئايرىلىش، سەھرا بىلەن شەھەر، نامرات بىلەن باي...مۇرەككەپ تۇرمۇش سىناقلىرى، مۇرەككەپ ھايات يولى...

ئۇقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتاھانىمۇ ئاياقلىشىپ قالدى . دىلناز ئەمدى مۇھىم بىر قارارنى چىقىرىشى، ئاتا-ئانىسىنى قايىل قىلىشى ، كېيىنكى تۇرمۇش مۇساپىسىدىكى ئەڭ مۇھىم بەختىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئاتا-ئانىسىغا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قانداق دېيىش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى . ئاتا-ئانىسى ئالدىدا ئىزچىل شەرمى-ھايا ئىچىدە ياشاپ كەلگەن بۇ قىزنىڭ بېشى بەك قاتتى. بۇ ئىشلارنى ۋاقتىدا دىمىسە ، يۈرىكىدىكى پىنھان سىرلىرىنى يۇشۇرسا ۋارسنى ئامالسىز جەنۇبى شىنجاڭغا ئۇزۇتۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. تۇنجى ئاشىقىدىن ، سۆيگەن يارىدىن ، مەڭگۈلۈك بەختىدىن ئايرىلىپ قالاتتى ...ئۇ شەنبە كۈنىنىڭ تېزراق كېلىشىنى كۈتتى. بۇ ئۇنىڭ مەكتەپ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى شەنبىسى ئىدى. بۇ شەنبە ئۆتسە ئۇ ئۇقۇش پۈتتۈرەتتى. ۋارىس بىلەن خوشلۇشۇشقا ، ئۇنى ئازاپ ئىچىدە ئۇزۇتۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ ئەڭ زور غەيرەت، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن قىزلىق نازاكىتىنى قايرىپ قويۇپ ئاتا-ئانىسىغا ھەممىنى دېيىشنى مۇۋاپىق تاپتى.

شەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. دىلناز ۋارس بىلەن سۈيۈنۈش ۋە ئەندىكىش ئىچىدە خوشلۇشۇپ، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان دادىسى بىلەن بۇرۇنقىدىن بەكرەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى تۇتۇپ تۇرغان دادىسىنىڭ مۇلايىم كۆزلىرىگە زور ئۈمۈت بىلەن نەچچە رەت قاراپ چىقتى. نازىر كۆز ئالدىدىكى چىرايلىق قىزىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا ئۇنىڭ زاڭقىنى بوشقىنا مۇجۇپ قويدى.

-قىزىم، تېزراق بولايلى. ئۆيگە مېھمانلار كەپتىكەن. كېيىن قالساق سەت تۇرمىسۇن.

-نىمە مېھمانلار ئىكەن ئۇ دادا؟

- ئۆمەر تاغاڭ بولمامدۇ. ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە پەتىلەپ بارغان چېغى. ئاپاڭ <دىلنازنى ئېلىپ تېز كېلىڭ...> دەپ تېلېفون قىپتۇ. چەتئەلگە ئۇقۇشقا چىكەتكەن ئوغلىمۇ قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ...

-ھە،- دىلناز دادىسىنىڭ يېقىن دوستى، قايسى بىر ۋىلايەتكە ۋالى بولۇپ كەتكەن ئۆمەر تاغىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەچ ماشىنىغا چىقتى.- چەتئەلگە ئۇقۇشقا چىكەتكەن قايسى ئوغلى ئۇ؟

- ئۇنتۇپ قالدىڭما، ھېلىقى بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنىستىتوتىدا ئۇقۇپ كېلىپ ، ياپۇنىيەگە ئاسپىرانتلىققا ئۇقۇشقا كەتكەن نۇردۇن ئاكاڭغۇ...ئۇ ياپۇنىيەگە مېڭىش ئالدىدا ئاپاڭ بىلەن بىرگە ئۆيگە ئۇزۇتۇپ قويۇشقا باردۇققۇ، ئەمدى ئېسىڭگە كەلگەندۇ؟

-ھە، ئېسىمگە كەلدى، ھېلىقى كۆز ئەينەك تاقىۋالىدىغان چىرايلىق ئاكاش.

دىلناز ماشىنىدا ماڭغاچ نۇردۇننىڭ چىرايىنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. خوشخۇي، چاقچاقچى، مىجەزى ئوچۇق بۇ يىگىتنى ئۇ نەچچە قېتىم كۆرگەن . تېخى ئۇنىڭدىن ئىنگلىز تىلى ۋە باشقا بىلىملەر توغرىسىدا نۇرغۇن سوئاللارنى سورىغان، ئۇنىڭ بىلەن خېلى قىزغىن پاراڭلاشقان ئىدى . ئەمەلدارنىڭ ئوغلى بولسىمۇ كىبىرسى يوق بۇ يىگىتنىڭ ئىسىل پەزىلەتلىرىنى ئويلاۋاتقان دىلناز تۇيۇقسىز ئەندىككەندەك ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى. <توۋا، بېشىمدا ئۇچاق قايناۋاتسا، نىمە دەپ خەقنى ئويلاپ يۈرۈيمەن. ئۇ ئادەملەر ئەمدى قاچان كىتەر ئۆيدىن؟ مۇھىم ئىشلىرىم قايرىلىپ قالىدىغان بولدى دە، بويتىلا كىچىچە بولسىمۇ ئاپامغا دەرتلىرىمنى تۆكەي...> ، ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئۇرۇندۇقنىڭ يۆلەنچىكىگە ئاستا بېشىنى قويدى.

دىلناز ئىشىك ئالدىدا توختۇتۇپ قويۇلغان ئالى دەرىجىلىك 2 ماشىنىغا قاراپ قويۇپ، دادىسى بىلەن ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. دىلنازنىڭ ئاپىسى پەردە خانىم ئىشىكنى ناھايىتى جىددىيلىك ئىچىدە ئاچتى. پەشتاما ئارتىۋالغان بودەككىنە بۇ خانىمنىڭ پىشانىسى چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، چىرايىدا بىر خىل خوشاللىق باردەك قىلاتتى. ئۇ ئىشىكنى ئاچا-ئاچماي ئېغىز ئاچتى:

- بەك تەستە كەلدىڭلە، مىھمانلار ئۇزۇن ساقلاپ كەتتى.

-ھە، بىزمۇ ئالدىرىدۇق...ئەمدى كەڭ كۇشادە ئولتۇرىمىز.

- قېنى قىزىم، ئۆزەڭمۇ ھارمىغانسەن. تېز چىقىپ چاچلىرىڭنى چىرايلىق تاراپ، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرۇپ كىر، چاپسان بول...

-نىمىشقا ئەمدى؟ بولدىلا كۆرىشىۋىرەي. كۆرۈشۈپ بولۇپلا چىقىپ كىتىمەن. مىنىڭمۇ نۇرغۇن ئىشلىرىم بار. -دىلناز شۇنداق دىدى-دە، دادىسىنى قولتۇقلاپ مىھمانخانا تەرەپكە ماڭدى.

-توختا، توختا...نىمانداق گېپىمنى ئىلىك ئالمايسەن. ئالماشتۇر

دىگەندىكىن ئالماشتۇر. چىرايلىق قىزىمنىڭ باشقىلار ئالدىدا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كىتىشىنى خالايمەن. ماڭ...تىز بول...

پەرىدە خانىم دىلنازنى قۇلىدىن بوشقىنا تارتىپ ئۈستىنكە قەۋەتكە چىقىدىغان پەشتاق قېشىغا ئاپىرىپ قويدى. دە ، نازىرغا ئەگىشىپ مىھمانخانا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. دىلناز <قىزىق ئىش...> دەپ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ قويۇپ ياتاق ئۆيىگە چىقىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشقا تۇتۇندى.

پەرىزاتتەك چىرايلىق ياسىنىپ ، سۇسقىنە گىرىم قىلغان دىلناز مىھمانخانا ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. قىزغىن پاراڭلارغا چۆشۈپ كەتكەن ئىككى ئائىلە جىممىدە توختىدى. ئۆمەر ۋالى، خانىمى، نۇردۇن ئالدىدا دىلناز ئەمەس باشقا بىر پەرى تۇرغاندەك ، ئۇنىڭ ئۈستى بېشىغا تەپسىلى قاراپ چىقتى. دىلناز نىمىگىدۇر ئەندىكىپ، ئۆزىنىڭ نازۇكلىق تەبىئىتى بويىچە مىھمانلارغا بوشقىنە ئېگىلىپ سالام بىرىپ ئۆرە تۇردى .

ـ كىلىڭ قىزىم، كىلىڭ.ـ ئۆمەر ۋالىنىڭ ئايالى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن كىلىپ، تەمتىرەپ تۇرغان دىلناز بىلەن مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى. خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرمىگەن قىزىنى كۆرىۋاتقاندەك دىلنازنىڭ ئۇماق چىرايىغا تويماق قاراپ كەتتى.

ـ بۇيىاقنى تونۇيدىغانسىز ؟ نۇردۇن ئاكىڭىز . تېخى يېقىندىلا ياپونىيەدىن قايتىپ كەلدى.

ـ تونۇيمەن،ـ دىلناز ئىككى قولىنى جۈپلەشتۈرۈپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغان نۇردۇنغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.ـ سالامەت قايتىپ كەپسىز.

ياخشى.ـ تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇرغان نۇردۇن تۇرۇپلا كۆز ئەينىكىنى تۈتۈپ قويدى.قارىماققا ئۇمۇ جىددىلەشكەندەك قىلاتتى.

تاماق تارتىلىپ ، ئىككى ئائىلە غىزاغا تۇتۇش قىلدى. ئارىلىقتا ئائىلە، تۇرمۇش، خىزمەت توغرىسىدا نۇرغۇن پاراڭلار بولۇپ تۇردى. ئۆمەر ۋالىنىڭ ئاپىسى پات ـ پات ئوغلىنىڭ ئالىجاناپلىقى، پەزىلىتى، ئىقتىدارى، بىلىمى توغرىسىدا سۆزلىدى .دىلنازنىڭمۇ پەرىشتىدەك چىرايلىق قىز بولغانلىقىنى، مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنلىكىنى ماختاپ ئولتۇردى. بەزىدە ئاندا ـ مۇندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان نۇردۇن بىلەن دىلنازغا قاراپ ، پەرىدە خانىمغا كۆزىنى قىسىپ قوياتتى. دىلناز مىھمانلارنىڭ تىزراق قايتىپ كىتىشىنى ئۈمۈت قىلغاندەك سائەتكە نەچچە قېتىم قاراپ قويدى.

لېكىن ئىككى ئائىلە نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن قەدىناسلاردەك شۇنداق خوشال پاراڭلىشىۋاتاتتى. نۇردۇننىڭ يەرگە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن قىلغان نۇرغۇن سۆزلىرىنى دىلناز جاۋاپسىزلا قالدۇرۇپ قويىدى. ئېغىزىدا<ھە،ھە...> دەۋاتقان بولسىمۇ، كەچتە ئاتا-ئانىسىنىڭ خوشال كەيپىياتىنى بۇزۇدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپلا تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپ ئاپىسىغا دەيدىغان سۆزلىرىنى كاللىسىدىن قايتا-قايتا ئۆتكۈزىۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن دىلناز ئۇقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىنى باھانە قىلىپ ، ناھايىتى تەستە مىھمانلار بىلەن خوشلۇشۇپ ياتىقىغا چىقىۋالدى. كاللىسىدا پەقەت ۋارىس ، مۇھەببەت، كەلگۈسىلا ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ تارتمىسىدىن ۋارىسنىڭ خېتىنى ئېلىپ قايتا-قايتا ئوقۇغاچ، مىھمانلارنىڭ كېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

مىھمانلار ناھايىتى تەستە ئۇزىدى. دىلناز ئىچ-ئىچىدىن خوشاللىق چىقىپ تۇرغان ئاپىسىغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قويىۋۇپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۆيلەرنى يىغىشتۇردى. دادىسىنىڭ خىيال باسقان كۆزلىرىگە قاراپمۇ ھېنەرسىنى چۈشۈنەلمىدى. مىھمانلارنىڭ نېمە خوشخەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. ئاپىسىدىن نەچچە رەت سورىغۇسى كەلگەن بولسىمۇ لېكىن نىمىشقىدۇر سورىمايلا قويدى. ئۇ ياتىقىغا چىقىپ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يەنە ئاپىسىنىڭ قېشىغا چۈشتى. كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى دېيىش-دېمەسلىك توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ بۈگۈنىي ئۆتكۈزىۋەتسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، ئاپىسىنىڭ خاپا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا تۇراتتى. ئۇ ئاخىرى ئامالسىز ئېغىز ئاچتى :

-ئاپا، سىزگە بىر گېپىم بار ئىدى.

-نىمە گەپ، - پەرىدە خانىم بىر خوشاللىقنى سەزگەندەك دەرھاللا دىلنازنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى .

-مەن ئۇقۇشنىمۇ پۈتتۈردۈم. ئەمدى مەن ئويلىنىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئىش باردەك قىلىدۇ.

-توغرا، ئەلبەتتە بار، - پەرىدە خانىمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، - ئۆزەڭ ھىس قىلىپ يېتىپسەندە جېنىم قىزىم...

دىلناز ئاپىسىنىڭ نىمە دىمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنەلمىدى. <ئەجەپ مىنىڭ كۆڭلۇمدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا گەپ

قىلىۋاتىدا...سۆزلىرىمنى ئاڭلىسا بەك ئېغىر ئېلىپ كەتمەيدىغان ئوخشىمامدۇ نىمە؟> دىگەنلەرنى ئويلىدى.

- ئاپا، مەن بىرسىنى ياخشى كۆرۈمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكۈم يوق...- دىلناز شۇ گەپنى ئاران ئېغىزىدىن چىقاردى-دە ، ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا يۈزىنى يېقىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ئاپىسى ئالدىدا ئىزچىل تۈردە ساقلاپ كەلگەن قىزلىق هايانى قايرىپ قويۇپ، كۆڭلىدىكى بارلىق سۆيگۈ قىسسەلىرىنى، ۋارىسنىڭ سەهرالىق يىگىتلىكىنى، ئىقتىسادى قىيىنچىلىقلىرىنى، ئالىجاناپ، قابىلىيەتلىك ، ساددا خاراكتىرىنى، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ هىسياتىنى، ئورتاق نىشان، ئورتاق غايە، ئورتاق پىكرىنى، هەر ئىككىسى ئارزۇ قىلغان ئورتاق كەلگۈسىنى...قىسقىسى ۋارىس بىلەن تونۇشۇپ ئۆز بەختىنى تاپقانلىقىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك بىرگە ئۆتۈشنى نىيەت قىلغانلىقىنى، ئىرادىسىنى، قەسىمىنى...سۆزلەپ چىقتى. ئاپىسىدىن بۇ ئەهۋاللارنى دادىسىغا دەپ ئۆزىگە ياردەم بىرىشىنى، ۋارىسنىڭ ئۈرۈمچىدىكى خىزمىتىنى هەل قىلىپ بىرىشنى ئۆتۈندى... قۇچىقىدا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ دەرتلىك ئىڭراۋاتقان قىزىغا قاراپ بايىقى خوشاللىقلىرى قاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كەتكەن پەرىدەنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى. ئۇ هېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەلپازدا دىلنازنى مۆرىسىدىن <شاققىدە> تۇتۇپ كۆتۈردى-دە ، كۆزىگە مىختەك تىكىلدى.

- نى..مە...نىمە ؟ نىمە دىدىڭ؟...مىنى ساراڭ قىلاي دەمسەن...

دىلناز ئاپىسىنىڭ قارىداپ كەتكەن چىرايىغا، غەزەپتىن تۈرۈلۈپ كەتكەن قاپاقلىرىغا قاراپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالللىبۇرۇن هىس قىلغان ئىدى.

- سەنمۇ مەندەك ۋاقتىلىرىڭنى بىشىڭدىن ئۆتكۈزۈپ باققان ئاپا. مىنى چۈشەن...

-نېرى ئاپار بۇنداق بىمەنە سەپسەتىلىرىڭنى.- پەرىدە خانىم هېچقاچان قىلىپ باقمىغان قوپاللىقنى بۇگۈن قىلدى.- مىنىڭ بۇگۈنكى خوشاللىقىمغا مۇزدەك سۇ قۇيىۋەتتىڭغۇ سەن..

- نىمە خوشاللىقتى ئۇ ئاپا...؟

- نىمە خوشاللىق بولاتتى. بىلەمسەن نادان قىزىم. ئۆمەر تاغاڭ بۇ ئۆيگە نىمە دەپ كەپتۇ؟ نىمە دەپ؟...ئۇچۇ ئاۋۇ ياپونىيەدە ئوقۇغان

ئاسپىرانت ئوغلى ئۇچۇن سىنى سوراپ كەپتۇ...
نـــمە؟ـ دىلنـــاز ھەيرانلىقتـــا كـــۆزلىرىنى يۇغـــان ئېچىـــپلا قالـــدى. ئاپىســـىنىڭ ئـــۇنى ياساندۇرۇشـــى، ۋالىنىـــڭ ئاياللىنىـــڭ ئۇنىڭغـــا بولغـــان قىزغىنلىقـــى، نۇردۇنىنـــڭ يەردىـــن كـــۆزىنى ئـــۈزمەي خىجىللىقتـــا ئولتۇرۇشى...دىلناز بۇلارنى ئەسلەپ ھەممىنى چۈشەندى.
- ياق، يـاق...بـۇ مـۇمكىن ئەمەس. مـۇمكىن ئەمەس...سـىلەر نـىمە دەپ جاۋاپ بەردىڭلار ؟
- نىمە دەيتتـۇق. بۇنـداق ئەلچـى بىزنىـڭ ئىشـىك ئالـدىمىزغا دائىـم كىلىۋەرمەيدۇ. ئۆمەر تاغاڭ داداڭنىڭ يىقىن دوستى، ئەمىلىمۇ يەتكۇچە بـار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىشىدىغان ئادەملەر، ئۆزەڭمـۇ كـۆردۈڭ ، ئـوغلى نۇردۇنمـۇ شـۇنداق ئىسـىل بـالا بوپتـۇ، ئۆزىمـۇ قاملاشـقان، ئاسـپىرانتلىقتا ئوقـۇپ كەپتۇ...ھىچقانداق ئىۋەن تاپقىلى بولمايدىكەن...شۇڭا «بىزدە گەپ يـوق، ئىككى بالا كۆرۈشۈپ، بىر مەزگىل ئارلىشىپ باقسۇن » دىدۇق...
ـ يـاق، يـاق...بـۇ دىـگەن سـىلەرنىڭ خىيـالىڭلار، مەن ھەرگىـز كۆرۈشـمەيمەن. ـ دىلنـاز ئورنىـدىن تـۇرۇپ كەتتـى. يىغىـدىن قىزارغـان كۆزلىرىگە يەنە لۆممىدە لىق ياش ئالـدى. ـ مىنىـڭ خىيالىمـدا پەقەت ۋارسـلا بار. ئۇنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق ئادەم ئىگەللىيەلمەيدۇ. جىنىم ئاپا، مىنى توغرا چۈشـەن، «مىنىـڭ قـىزىم ئۆزگـۈرۈپ قـاپتۇ، بـۇرۇنقى رايىـش، نـازۇك، ئىسىللىكىنى يۇقۇتۇپتۇ ...»دەپ ئويلاپ قالما...مەن ئامالسىز شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم... مەن بـۇ ئىشـلارنى خىـزمەتكە چىققانـدىن كـيىن ئـويلارمەن دىگەن، لىكىن تەقدىر ئىنسانلىنىڭ رايىغا باقمايـدىكەن. مەن ۋارسـتەك بىـر ياخشى يىگىت بىلەن ئۇچرۇشۇپ، تونۇشۇپ قالارمەن، ئۇنىـڭ بىـلەن ئورتـاق بىـر نىشـاندا مۇھەببەتلىشـىپ قـالارمەن دەپ ئويلىمىغـان. شـۇڭا سـۆيگۈمگە خائىنلىق قىلسام بولمايدۇ...
ـ خىلى ئەقلىلىك باردەك كۆرەتتىمغۇ سىنى، نىمە دەپ ئاشۇنداق بىـر بـالا بىـلەن تونۇشـۇپ قالغانسـەن، مەكتىۋىڭـدە ئۇرۇمچىلىـك بىـرەر يىگىـت چىقمىغانما؟
ـ ئۇنـداق دىـمە ئاپـا. كۆڭـۈل دىـگەن شـۇنداق نەرسـىكەن. مەن بەختىمنى ۋارستىن تاپتىم. مىنىڭ كەلگۈسۇم ئۇنىڭغا چەمبەرچەس باغلىنىـپ كەتكەن. ئـۇ نـامرات بولسـىمۇ لـىكىن ئەقىلـگە بـاي، ئەخلاققا بـاي، ئۈمۈتكە

باي...

- قوي ئۇنداق چۆمۈچكە چىقمايدىغان بايلىقلارنى... سەن بەك نادانكەنسەن، بەك نادان...تۇرمۇش سەن دىگەندەك ئاددى ئەمەس قىزىم. ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ خىلى بىلەن توي قىلىشى كېرەك. بىز مۇشۇنداق ئىسىل ئائىلىنى، ئىسىل بالىنى قويۇپ، ئاشۇ سەھرادىن كىيوغول ئەكەلسەك خەلقى ئالەم نىمە دەيدۇ؟ بۇ يۈزىمىزنى نەگە قويىمىز، نەگە؟...

غەزەپلىنىپ سۆزلەۋاتقان دىلنازنىڭ ئاپىسى ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئالدىدىكى كۆز ياشلىرىنى تۇكۇپ يىلىنىپ يىغلاۋاتقان قىزىنى ئۆزىنىڭ قىزى ئەمەستەك ، ئۇ باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگۈرۈپ قالغاندەك ھىس قىلدى. يالغۇز ئەتىۋارلىق قىزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ -ئارمانلارنى سۆرگەن پەرىدە خانىمنىڭ يۈرىكى شۇ تاپ مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ كىتىۋاتاتتى. ئۆمەر ۋالىنىڭ ئايالى بىلەن بۇرۇندىن دىيىشىپ ، مەسلىھەتلىشىپ كەلگەن ئىشنى شۇ تاپ قىزى بۇزىۋەتكەندەكلا ھىس قىلدى . قايسى ئاتا-ئانا ئۆز قىزىنىڭ بەختىنى ئويلىمايدۇ، ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى ئويلىمايدۇ، ئۇنىڭ باي-باياشات، كۆڭۈللۈك، مەنىلىك ياشىشىنى خالىمايدۇ. نازىر ۋە پەرىدە خانىمنىڭ كۆتكىنىمۇ ، ئارزۇسىمۇ دەل دىلنازنىڭ كىيىنكى بەختى ئەمەسمۇ؟ بۇ قىزنىڭ ھازىر نىمىسى كەم؟ ئۆزى چىرايلىق، ئىقتىدارلىق، ھەر جەھەتلەردە تالانتى بار، ئاتا-ئانىسىنىڭ جەمىيەتتە يەتكۈچە يۈزى، ئورنى بار...شۇنداق بولغان ئىكەن ئۇمۇ ئۆزىگە ھەممە جەھەتتىن ماس كىلىدىغان بىرسى بىلەن توي قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېپىشى كېرەكتە....دىلنازنىڭ يىغىسىغا قاراپ ئىچى سىرىلگەن خانىم تۇساتتىنلا شۇ خىياللار بىلەن يەنە ئاچچىقلاپ كەتتى.

- ھەممىسى قۇرۇق گەپ. ئۇ سەندىكى بىردەملىك ھىسيات، سەن بۇرۇندىن ئۇقۇش بىلەنلا بەنت بولغاچقا تۇنجى ھىسياتىڭ ئالدىدا قول بولۇپ قاپسەن. ئۇقۇش پۈتتۈرگەندىن كىيىن بىر مەزگىل ئايرىلساڭ ، ئۇ ئۆلمەس قەسەملىرىڭمۇ ئۇنتۇلىدۇ. كىيىن نۇردۇن بىلەن ئارلىشىپ باقساڭ ئۇنىڭ ئۇ يىگىتىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەلبىڭدىكى مۇھىم

ئوبراز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسەن. ئادەم دىگەننىچۇ شارائىت ، مۇھىت ئۆزگەرتىدۇ...ۋاقتى كەلسە ھەرقانداق ئۆزگەرمەس كۆڭۈلمۇ ئۆزگىرىدۇ...

ـياق ئاپا، ياق...مىنى نادان چاغلىما، مىنى بىردەملىك ھىسيات ئالدىدا ئىزىققان دەپ قارىما...مەنمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرگە خىلى ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىشنى ئۇقۇمەن. مەنمۇ كۆپ ئويلاندىم: بۇ دىگەن ئۆمۈرلۈك ئىش. سىلەر مىنىڭ بەختىمنى كۆرۈشنى، مىنى خوشال قىلىشنى ئاززۇ قىلىسىلەرغۇ...؟ بىلسەڭلار، مەن پەقەت تۇنجى سۆيگۈمدىنلا خوشاللىق تاپالايمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام مەڭگۈ بەختلىك بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

ـھەي دىلناز، ھەي دىلناز...سەن ئەدىبىيات كەسپىدە پەقەت رومانتىكلىقنىلا ئۆگەنگەن ئوخشىمامسەن؟...سەن كاللاڭنى سىلكىۋەت. داداڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆمۈدىنى ئاقلاي، ئۇلارنىڭ ئاززۇسىنى قاندۇراي، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلاي دىسەڭ ئۇ يىگىتنى ئۇنتۇپ كەت. ئويلاپ باقە...نۇردۇننىڭ قەيىرى يارىمىدى ساڭا... قىلىپتا قويغاندەكلا ھەممە جەھەتتىن ساڭا ماس كىلىدىغان تۇرسا...

ـنۇردۇن ئاكامنىڭ ھەممە جەھەتتىن ۋارستىن ياخشىلىغىنى ئوبدان بىلىمەن. لىكىن بۇ دىگەن ياخشى كۆرۈش، بۇ دىگەن مۇھەببەت. ھەرگىزمۇ ھىسداشلىق، قىزىقىش ئەمەس. بىلەمسەن ئاپا، مەكتەپتە ماڭا نۇرغۇن يىگىتلەر تەلەپ قويغان، نۇرغۇن يىگىتلەر ئارقامدىن يۈرگەن. لىكىن مەن نىمە ئۈچۈن ۋارسنى تاللىدىم؟ چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ، بىلىمىنى ، چىن سەمىمى قەلبىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. راس. ۋارس نۇردۇن ئاكامغا ئەسلا يەتمەيدۇ. لىكىن كۆڭۈل دىگەننى مەجبۇرلاپ تاڭغىلى بولمايدۇ دە؟

ـبولدى، بولدى.... ساڭا گەپ تىپىپ بىرەلمىگۈدەكمەن. لىكىن بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىزنى چۈشۈنۈشىڭ كىرەك؟ بىز پەقەت بىر سەن ئۈچۈنلا ياشايمىز. ئۈچۈقلا ئىيتاي، بۇ ئىشلىرىڭ ئەمدى مۇشۇ يەردە توختاپ قالسۇن، بىز يىراق سەھرادىن قۇدىلاشمايمىز. بۇ دىگەنلىك ھەرگىز ئۇلارنى سەھرالىق دىگەنلىك ئەمەس، ھەممە ئادەم ئۆزىگە ماس كىلىدىغان ئىش قىلغىنى ياخشى. نۇردۇن بىلەنكى ئىشىڭغا داداڭمۇ ئاساسەن ماقۇللۇق بىلدۈردى. خىزمەت ئىشىڭ ھەل بولغان ھامان تويىڭلارنى قىلىۋىتىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا نۇردۇن بىلەن كۆرۈشۈپ بىردەكلىككە كەلگەچ تۇر... بولدى. شۇنداق

بولسۇن.

پەردە خانىم دىلنازنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى دەرھال يولدىشىغا دېيىشكە ئالدىرىۋاتاتتى. قىزنىڭ بۇنداق جاۋابىنى ، بۇنداق تەلپىنى ئويلاپ باقمىغان خانىمنىڭ چىرايىدا غەشلىك ، پەرىشانلىق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ئاجايىپ رايىش قىزىدىكى زور ئۆزگۈرۈشلەرگە قاراپ ھەقىقەتەن ھەيران قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىكى قەتئىلىك ئالدىدا سەل بوشىغاندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نۇردۇنىدەك ياخشى بالىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايتتى. دىلنازنى چۇقۇم ئۆز پىكرىگە كۆندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

دىلناز بۈگۈنكى ئۇدۇل كېلىپ قىلىشتىن ئاجايىپ ھەيرانلىق ھىس قىلدى. بۇ ئىشلارنى بۇرۇنراق ئاتا-ئانىسىغا دېمىگەنلىكىگە ، ئۇلارنىڭ قولىقىغا سېلىپ قويمىغانلىقىغا ئېچىندى. ئاپىسىنىڭ مۇئامىلىسىدىن مېھرىبان دادىسىنىڭمۇ ياخشى جاۋاپ بەرمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. ئىش بەك ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ قالغان ئىدى. ئاتا-ئانا قىزىنىڭ دەردىگەيىتىشىنى ئويلىسىمۇ ئەلبەتتە يەنە رىئاللىققا قاراپ ئىش تۇتىدۇ. ئۇقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن ئايرىلىشقا ئازلا قالغان ۋاقىتتا ئەمدى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا نۇردۇن سىڭىپ كىردى. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا-ئانا ئەلبەتتە ياخشىنى تاللايدۇ... دىلنازنىڭ خىياللىرى قالايمىقان بولۇپ كەتتى. ۋارسىنىڭ بىچارە، غەمكىن چىرايىنى ئەسلەپ يۈرىكى ئېزىلدى. «نامراتلىق، سەھرالىق بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ گۇناھىمۇ؟ ئۇ نىمە ئۈچۈن ئۆز بەختىنى تېپىشقا ، ئۆز سۆيگۈسىگە ئېرىششكە ھوقۇقلۇق ئەمەس؟...» دىلنازنىڭ سۇئاللىرى سېھىرلىك تېپىشماقتەك يەنىلا جاۋاپسىز قالدى....

شۇنچىلىك ھارغىن ئورنىدىن تۇرغان دىلناز يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئەينەككە قارىدى. ئاجايىپ ئۆزگۈرۈش...ئۇ بىر كېچىدىلا جۇدەپ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ پەسكە چۈشۈشكە نەچچە رەت ئۇرۇنىدىيۇ لېكىن ئاپىسىنىڭ ئاخشامقى ئەلپازىنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. ئەمدىلىكتە چۇقۇم بۇ ئىشلارنى دادىسى بىلدى. بەلكىم دادىسى تېخىمۇ غەزەپتە دىلنازنىڭ پەسكە چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ <ئىسىت ، ساڭا قىلغان ئەقىدەم، سىنى تەربىيەلەشكە سەرپ قىلغان ئەجرىم...> دەپ كايىشقا تەييارلىق قىلىپ تۇرغاندۇ؟...دىلناز ئەنە شۇنداق قورقۇنچ

ئىچىدە تۇرسىمۇ يەنىلا پەسكە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

مېھمانخانىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان نازىر پەشتاقتىن ھارغىن قەدەملەر بىلەن چۈشۈۋاتقان دىلنازغا قاراپ ئىچىدە ئېغىر خۇرسىنىدى. دىلنازنىڭ كۆزى دادىسىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ھۇدۇقۇپ كەتتى. لېكىن دادىسى بىر خىل كەيپىياتتا <لاپ> لا قاراپ قويۇپ، يەنە گېزىتىنى ئوقۇۋەردى. دىلناز تاماق كۆتىرىپ كىرگەن ئاپىسىنىڭمۇ بوۋگۈن باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. پەرىدە خانىممۇ دىلنازغا قاراپ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇخىل جىمجىتلىقتىن دىلنازنىڭ قەلبى بىر ئاز ئارامغا چۈشكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ سايىلىرى بېشىدا ئەگىپ يۈرگەندەك ھىس قىلدى.

ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئاخىرى نازىر ئېغىز ئاچتى:

ـ ئاپاڭدىن ھەممىنى ئاڭلىدىم. بىز تېخى سىنى ھازىرغىچە ئوقۇشتىن باشقا ئىشلارنى ئويلاپ باقمىدى دەپتىكەنمىز...

دىلناز ئاز ھەم ساز گەپ قىلىدىغان دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ھەر ۋاقىت ئەركىلەپ تۇرۇپ گەپ قىلىشقا ئۈگۈنۈپ قالغان دىلناز شۇ تاپ دادىسىنىڭ ئالدىدا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان مەھبۇستەك ئازاپلاندى.

ـ سەندەك بىر قىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغان قانداقراق بالىدۇ ئۇ ھە؟ شۇ تاپ ئاپاڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەكلا كۆرگۈسى كىلىۋاتىدۇ. ھە راست. قاچان ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ؟

ـ ئۆگۈنلۈككە، ـ دىلناز شۇنچىلىك پەس ئاۋازدا تىترەپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى.

ـ ئۇنداقتا مۇراسىمدىن كېيىن ئۇ يىگىتنى ئۆيگە باشلاپ كەل. بىز كۆرۈشۈپ باقايلى.

ـ ئاپام ھەممىنى دىدىما؟

ـ ھە، ھەممىنى دىدى. ئۆزىڭمۇ ناھايىتى سەممىي، تىرىشچان بالا ئوخشايدۇ. لېكىن ئاپاڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئەھۋال ئىگەللەپ بېقىشنى مۇۋاپىق تاپتى...شۇڭا يۇرتىغا قايتىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئۆيگە باشلاپ كەل. بولامدۇ؟

ـ بولىدۇ دادا، ـ دىلناز تەئەججۈپ ئىچىدە بوشقىنا جاۋاپ بەردى.

بۇگـۈنكى ئىشـلارنىڭ ئـۆز تەسـەۋۋۇرىدىن باشـقىچە بولىدىغانلىقىغـا، ئاتـا-ئانىسىنىڭ كايىپ كەتمىگەنلىكىگە ھەيران قالدى. لېكىن تۇرۇپ خوشال بولدى. مەيلى نىمىلا بولمىسۇن ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بىقىشىنى دىدى، ئـۇنى چۈشـۈنۈپ باققۇسـى كەلـدى. بـۇ بەلكىـم بـۇ ئىشـقا قۇشۇلىدىغانلىقىنىڭ نىشانى بولسا كىرەك...دىلناز بىر كىچىلىك ھاردۇقى چىقىپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى. ئـۇ بـۇ ئىشـلارنى ۋارسـقا تىزرەك يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى. شـۈنچىلىك تەسـتە ئايلىنىۋاتقان سـائەت ئىسترىلكىسىغا نەچچە قېتىم قارىدى....

ئۇقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئېچىلىپ ، ساۋاقداشلار ئاخىرى 5 يىللىق ئۇقۇش ھاياتىنىڭ مەھسۇلى بولغان قىزىل دىپلومنى قولىغا ئالدى. لېكىن تاتلىق-ئاچچىق ئەسلىمىلەرگە تولغان ئۇنتۇلغۇسىز ئۇقۇش ھاياتىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. كۆزلەر -كۆزلەرگە، يۈرەكلەر-يۈرەكلەرگە قېنىشماي ، تەن-تەنلەر بىلەن ئۇزاقتىن -ئۇزاق قۇچاقلاشتى. توغرا، ئىنسان ھاياتىدا ئۇقۇش ھاياتىدەك مەنىلىك، خوشال ۋاقىتلار ئەسلا بولمايدۇ...ئۇ مەيلى قانداق قىسمەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىشىدىن قەتئىنەزەر ، ئاچچىق كۆز ياشلارغا ، دەرتلىك ھەسرەتلەرگە تولغان بولۇشىدىن قەتئىنەزەر يەنىلا شۇ قەدەر سۆيۈملۈك...ئىنسان شۇ ئالى مەكتەپ ھاياتىنى بىر ئۆمۈر گۈزەل چۈشىدەكلا سېغىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. قىزغىن ئۇقۇش ۋاقىتلىرى، ياتاق تۇرمۇشى، كۆڭۈللۈك پائالىيەت، ساياھەت، كۈلكە-چاقچاق...ھەممىسى مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان كۈنلەر...ئۆكۈنلەر مەڭگۈلۈك شېرىن ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ.... ۋارسمۇ شۇنداق. ئۇمۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، ئۆزى ساۋاقداشلىرى بىلەن ئايرىلىش پەيتىدە تۇرىۋاتسىمۇ ، لېكىن كۆڭلى بۇ يەردە ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇگۈن كەچتە دىلنازنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. نازىر بىلەن خانىمىنىڭ باھاسىدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى، بەخت يولى، ئۆز سۆيگۈنىگە ئېرىشىش ئارزۇسى بۇگۈن بېكىتىلىدۇ... ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى شۇ ئىشلاردىلا قالغان ئىدى. ئۇ نەرسە-كېرەكلىرىنى جايلاۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى. مۇرادىلىدىن چىرايلىق بىر يۈرۈش كىيىم ئارىيەت ئالدى. مۇنچىغا

كىرىپ پاكىزە يۇيۇندى. ساقال بۇرۇتلىرىنى قايتىدىن ياساتتى. ئۇ دىلنازنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن شۇنچە تەييارلىق قىلىۋاتسىمۇ ،لېكىن يۈرىكى قاتتىق سۇقۇپ تۇراتتى. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى، گەپ-سۆزلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئۇ ھازىرغىچە بۇنداق چوڭ ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغان، ئۇنداق كاتتا ئەمەلدارلارنىڭ ئالى ئۆيلىرىگىمۇ بىرىپ باقمىغان. مانا بۈگۈن ئادەتتىكى مېھمان سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەلچىلىك سۈپىتىدە بارىدۇ...ئۇنىڭ بېشى قاتتى. نەچچە رەت بېرىش خىيالىدىن يالتايماقچىمۇ بولدى. لېكىن بۈگۈنكى ئۈچرىشىشىنىڭ كەلگۈسىنى بەلگۈلەيدىغان مۇھىم ئۆتكەللىكىنى ئويلاپ يەنىلا قەتئىي نىيەتكە كەلدى.

ۋارىس بۈگۈن باشقىچە سۈپەت بىلەن گۈللۈكتە دىنازنى ساقلاپ ئولتۇردى. دىلنازمۇ ۋارىسقا ئوخشاشلا 5 يىللىق ئەزىز ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئاچچىق كۆز يېشى بىلەن خوشلاشتى. ئايرىلىۋاتقان ياتاقداشلىرىغا ، مېھرى چۈشۈپ قالغان ئەزىز دوسلۇرىغا قاراپ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. بولۇپمۇ سەلىمەنىڭ بوش كارۋىتىغا قاراپ ، بىچارە دوستىنى بەكمۇ سېغىندى. ئۇنىڭغا كۆڭلىدە خاتىرجەملىك، خوشاللىق، بەخت تىلىدى. سەلىمەنى خىيال قىلغاچ تۇرمىدىكى ئەكرەمنى ئويلاپ قالدى. باشقىلارنىمۇ ، ئۆزىنىمۇ ۋەيران قىلغان نادان ساۋاقدىشىنىڭ ئازاپلىق ئىشلىرىغا ئۇكۇنگەندەك بېشىنى قايتا-قايتا چايقىدى. ئۇ چىگىش، مۇرەككەپ، ئازاپلىق مەكتەپ ھاياتىنى ئەسلىگەچ ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن ۋارىس قېشىدا پەيدا بولدى . دىلناز ۋارىسنىڭ بۈگۈنكى تۇرقىغا قاراپ مېيىغىدا كۇلۇپ قويۇپ، خۇددى ئۇنىڭ ياسىنىشىدىن رازى بولغاندەك كاستۇمىنىڭ ياقىسىنى ئاستا تۈزەشتۇردى . دىلناز يەنىلا بىر خىل جىددىلىك ئىچىدە تۇرغان ۋارسقا مەدەت بەرمەكچى بولغاندەك چىرايىغا تاتلىققىنە كۇلكە يۈگۈرتتى .

-بەك ئىسىل بوپ كېتىپسىز. ئەمدى ماڭامدۇق؟

-ماڭايلى...لېكىن شۇ يۈرۈگۈم بەك سىلىپ كېتىۋاتىدۇ...

-بولدى. ئۇنداق جىددىلىشىپ كەتمەڭ. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئادەم يىمەيدۇ...

-ئۇغۇ شۇ...لېكىن...مەن خۇددى بىر خاتا ئىش قىلىپ قويغاندەكلا

ھىس قىلىۋاتىمەن.

- بولدى. بولدى...ئارتۇق خىيالLARنى قىلماڭ...ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ...خۇدايىم بۇيرىسا ئىشلىرىمىز چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ...بىز چوقۇم بەختلىك بولىمىز...

-ئاللا خالىسا... ھە راس، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئاتا-ئانىڭىز ئالدىغا بېرىشىم. شۇڭا ئوبدانراق بىرەر نەرسە ئېلىۋالاي...

- بولدى. كايىماڭ...سىزنىڭ قېيىنچىلىقىڭىزنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئۆيدىكىلەرمۇ بىلدى. شۇڭا بېرىۋېرىڭ...بولۇڭ...كەچ بولۇپ قالمىسۇن. دەرھال ماڭايلى...

دىلناز شۇنداق دېدى-دە، ۋارىسنىڭ قولىدىن يېتىلەپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ۋارىس كۆڭلىدە نازىر ۋە خانىمغا قانداق سالام بېرىش، قانداق كۆرۈشۈش، قانداق گەپلەرنى دېيىش توغرىسىدا ئويلۇنۇپ مېڭىۋاتاتتى . ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تەسىرنى ياخشى بېرىش كېرەكلىكى ئۈستىدە باش قاتۇردى... ئۇلار مەكتەپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىشقا تەمشەلگەندە تۇيۇقسىز بىر ئالى دەرىجىلىك ماشىنا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ماشىنىدىن چۈشۈپ ئالدىغا كېلىۋاتقان ئېگىز بوي،كۆز ئەينەك تاقىۋالغان يىگىتنى كۆرۈپ ۋارىس ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى . ئۇ بۇ ناتونۇش يىگىتنى ھېچ تونۇيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دىلنازغا <كىمۇ> دىگەندەك سوئال نەزىرىدە قارىدى.

-سالام دىلناز. مەن سىزگە ساقلىغىلى خېلى بولدى.

-شۇنداقمۇ؟- دىلناز بىردەم ھېلىقى يىگىتكە بىردەم ۋارىسنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ نېمىگىدۇر دۇدۇقلىدى.- بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنما؟

- ھە. پەرىدە ئاچام سىزنى بۈگۈن مەكتەپتىن قايتىپ چىقىدۇ. يۇك تاقلىرىنى ئەكىلىشىپ بېرىڭ دەپ تېلىفون قىپتىكەن. شۇڭا كەلگەن. قېنى يۈك-تاقلىرىڭىز...؟

دىلنازنىڭ چىرايى تۇرۇپلا تۇتۇلۇپ كەتتى. ئاپىسىنىڭ قىلىقىدىن كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. قايسى كۈنى ئاپىسىغا دىگەن گەپلىرى نەگە كەتتى؟ كۆز-ياشلىرى،يىلىنىشى نەگە كەتتى؟ ۋارسنى ئېلىپ كېلىڭ دىگىنى نېمىسى

؟...ئەمدىلىكتە نۇردۇنغا تىلىغۇن قىلىپ ئالدىمغا ئىبەرتىپتۇ، بۇ ئاپام زادى نېمە ئۇيۇن ئويناۋاتقاندۇ؟... ئۇنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايى بىردەمدىلا باشقىچە تۇسكە كىردى. ئۇ ۋارىسقا بۇ يىگىتنى تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي دەرھاللا گەپنى بۇرىدى.

- يۇك تاقلىرىم تېخى ياتاقتا. ئۇنى ئەتە - ئۆگۈنگىچە ئەكىتىمەن. شۇڭا سىز ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

- ھە، شۇنداقمۇ ، ئۇنداقتا ماشىنىغا چىقىڭ، سىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي،- نۇردۇن سەممىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى دىلنازغا ئۇتتۇنگەندەك تىكتى. دىلناز بۇ يىگىتكە ئازار بىرىشنى خالىمىسىمۇ ، لېكىن ۋارىس ئالدىدا بەكمۇ تەڭلىكتە قالدى.

- رەخمەت، مەن يىگىتىم بىلەن ماڭاي،- دىلناز شۇنداق دىدى - دە، شەپەقتەك قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىماي ، دەرھاللا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان ۋارىسنى قولتۇقلىۋالدى. ئۆزىنىڭ بۇ گەپنى قانداقلارچە دەپ سالغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. بۇ تۇلۇمدىن توخماق چىققاندەكلا دىيىلگەن گەپتىن نىمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان نۇردۇن ، كۆز ئەينىكىنى ئاستا ئېلىپ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قولتۇقلىشىپ تۇرغان دىلناز بىلەن ۋارسقا تىكتى. ئىككى ئائىلىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنگەن ، دىلنازغا بولغان قىزىقىشى بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان نۇردۇننىڭ كاللىسى قايمۇقۇپ كەتتى.

- نى...مە؟...يىگىتىم...چاقچاق قىلىۋاتمىغانسىز...

- راس، نىمىشقا چاقچاق قىلغۇدەكمەن. تونۇشۇپ قويۇڭ، بۇ مىنىڭ يىگىتىم ، ئىسمى ۋارىس.- دىلناز ناھايىتى مەمنۇنلۇق بىلەن ۋارسقا قارىدى.- بۇ ئۆمەر تاغامنىڭ ئوغلى. ئىسمى نۇردۇن . ئۆمەر تاغام بىلەن ئۆيدىكىلەر بەك يېقىن ئۆتىدۇ...

دىلناز شۇ گەپنى ئاران دىيەلىدى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە نۇردۇننىڭ خىيالىنى بۇزۇپ تاشلىماقچى، ئۆزىگە بولغان قىزىقىشىنى يوقاتماقچى بولغاندەك قىلاتتى . ئۇ نۇردۇننىڭ ئاۋارە بولغانلىقىغا نۇرغۇن رەخمەتلەرنى ئېيتىپ، ۋارىسنى قولتۇقلاپ كوچا ئاپتۇۋۇزىغا چىقىپ ئۇزاپ كەتتى. نۇردۇن يىلى چىقىپ كەتكەن تويوتەكلا <بىلەك>ماركىلىق ماشىنىسىغا يۆلۈنۈپ تۇرۇپ قالدى.

ياپپىشىل چىملىق بىلەن قورشالغان 2 قەۋەتلىك ئىسىل بىنانى كۆرۈپ ۋارىس تەمتىرەپ توختاپ قالدى. بۇ ئىسىل بىنانىڭ ئىچىدە ئۆزىنى نىمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. تېخى ئىشىكتىن ئاتلىماي تۇرۇپ چىپ-چىپ تەرگە چۆمۈپ كەتتى. تىز-تىز سۇقۇۋاتقان يۈرىكىنى قايتا-قايتا تۇتۇپ قويدى. نەچچە قېتىم ئېغىر-ئېغىر تىنىدى... ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تەمكىن، مەغرۇر تۇتۇشقا ئورۇنسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ئۇنى يەنىلا قاتتىق بىئارام قىلىۋاتاتتى.

-جىددىيلەشمەڭ. تەمكىن بولۇڭ ، تەمكىن....-دىلناز ۋارىسقا قاراپ ئۇماققىنا بىرنى كۈلۈپ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى. ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى بىلەن پەردە خانىم ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى. ئۇ ۋارىسنىڭ ئۈستى-بېشىغا باشتىن-ئاخىر تەپسىلى قاراپ چىقىپ ، سوغۇققىلا سالاملاشتى. تەمتىرەپ تۇرغان ۋارىس خانىمنىڭ قارىشىدىن تېخىمۇ ئەيمىنىپ تىترەپ كەتتى. خانىم دەرھاللا سەلىمەدىن سورىدى:

-نىمىدە كەلدىڭلار؟

-ئاپتۇۋۇزدا.

-ھە، نۇردۇن ئاكاڭ بىلەن كۆرۈشمىدىڭمۇ؟

-كۆرۈشتۇم، لېكىن بۈگۈن يۇك تاق ئەكەلمىگەندىكىن ئۇنى ئاۋارە قىلماي كەلدۇق..

ھە،- ئېغىر تىنغان پەردە خانىم خوشياقمىغاندەكلا ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

پارقىراپ تۇرغان قىپ-قىزىل پولغا شۇنچە ئاۋايلاپ دەسسەپ كىرىپ كەلگەن ۋارس ئۆي ئىچىنىڭ ئىسىللىكىگە قاراپ ھەيرانۇ ھەس قالدى. ئۇ تا ھازىرغىچە بۇنداق ئىسىل ئۆينى پەقەت تىلىۋۇزۇردىنلا كۆرگەن، شۇنداق بىر ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى تاتلىق خىيال قىلغان...مانا ئەمدى بۇ خىيالىنى رىئاللىقتا كۆرىۋاتىدۇ. ئۇ مېھمانخانىغا خۇددى بىر شاھنىڭ قەسىرىگە كىرگەندەك ھودۇقۇپ كىرىپ، نەقىشلىك كىرىسلۇنىڭ بىر بۇرجىكىگە كىلىپ قىسىلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ تاپ يىزىدىكى 3 ئېغىزلىق تۇپا تام

ئۆيى بىلەن بۇ ئىسل قورۇنىڭ روشەن سىلىشتۇرمىسى بۇلىۋاتاتتى. «ئاسمان -زېمىن پەرق. ھەقىقەتەن زور پەرق. مەن راسلا خاتا قىپتىمەن، راسلا خاتا قىپتىمەن. بۇئىشلارنى بەك ئاددى ئويلاپ قاپتىمەن....» دىگەن خىيال ئۇنى قىينايتتى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

مىھمانخانىغا كىرىپ كەلگەن ئىسىل سۈپەت، ئىگىز بوي، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان نازىرنى كۆرۈپ، ۋارىس دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇلايىملىق بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتى، ھەم ئورنىغا ئولتۇرۇپلا دۇئاغا قول كۆتۈردى.

-ئامىن.

دۇئاغا تەڭ قول كۆتۈرگەن نازىر، كۆزنى يېرىم يۇمۇپ پۈتۈن نىيىتى بىلەن دۇئا قىلىۋاتقان ۋارىسقا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ تاپ دۇئا ئەمەس، ۋارىسنىڭ قائىدىلىكلىكىگە بولغان بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرەتتى. قاملاشقان بۇ يىگىتكە قاراپ كۆڭلىدە قانداقتۇر مۇرەككەپ خىياللار پەيدا بولغاندەك بولدى. ئۇ دۇئادىن كېيىن ۋارىس بىلەن بىرەر قۇر ئەھۋاللىشىپ چىقتى. ۋارىسنىڭ يەرگە قاراپ تۇرۇپ بىرىۋاتقان ئۇرۇنلۇق جاۋابىدىن سۆيۈنگەندەك بولدى...ئارىلىقتا ئۇ سائىتىگە قاراپ دەرھاللا ئورنىدىن تۇردى.

-بالام، بۈگۈن كەچتە تۇيۇقسىزلا جىددى ئىشىم چىقىپ قالدى. ئەسلىدە سىزگە ھەمرا بولۇپ ئولتۇرسام بولاتتى، لىكىن مەركەزدىن بىر قىسىم مۇھىم مىھمانلار كەپتىكەن، شۇلارغا چاي بەرمىسەم بولمايدىغان بۇلۇپ قالدى. شۇڭا سىز ئازادە ئولتۇرۇپ مىڭىڭ.- نازىر شۇنداق دىدى-دە، ۋارىس بىلەن خوشلۇشۇپ سىرتقا ماڭدى، ئۇ ئىشك تۈۋىگە چىققاندا ئايالىغا بوشقىنا پىچىرلىدى:

-خۇتۇن، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، قالغان ئىشنى ئۆزەڭنىڭ پىكرى بويىچە قىل. لىكىن بىر ئىش ئىسىڭدە بولسۇن، بەك يۇۋاش، ئىسىل بالىكەن، قاتتىق تىگىپ سالما ھە...

-خاتىرجەم بولسىلا، ئۇنچىلىك ئىشنى قاملاشتۇرالمىسام نازىرنىڭ ئايالى بولۇپ نىمە ئىش قىلىمەن. بولدى سىلە مېڭىۋەرسىلە...

نازىر مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ كىرىپ كەتكەن ئايالىغا قاراپ، بېشىنى

ئاستا چايقاپ قويدى. ئۇ ماشىنا تەرەپكە ماڭغاچ <ئىسست، ئۆزى خېلى كىلىشكەن، دىيانەتلىك، ئەدەپلىك، بىلىملىك بالىكەن. نىمىشقىمۇ سەھرادىن بۇلۇپ قالغان بولغىيتتى...> دىگەن خىياللارنى ئويلىدى...

دىلنازنىڭ ئالدىدا پەرىدە خانىم ۋارىسنى تاماققا زورلىغان بولۇپ خېلى كايىدى. خېلى ئەزىز مېھمانىنى كۈتكەنىدەك كۈتتى . دىلناز ئاپىسىنى نىمە دەپ ئېغىز ئاچاركىن دەپ پات-پات ئاپىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى. ھەر ئىككى ياشنىڭ يۈرىكى شۇ تاپ ئېغىپ تۇراتتى. لېكىن ئاپىسى ھېچ بىر ئىش بولمىغاندەك ئىرەنسىزلا تاماقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. ئالدىدىكى تۆكۈلۈپ تۇرغان نازۇ-نىمەتلەرگە، تاتلىق-تۈرۈملەرگە قاراپ ۋارىس تېخىمۇ ھۇدۇقتى. گەرچە شۇنچە مىزىلىك تاماقلارنى يەۋاتسىمۇ ، لېكىن كۆڭلى ھېچ جايىغا چۈشمەيۋاتاتتى. خانىمنىڭ نىمە دەپ ئېغىز ئېچىشىنى بىلمىسىمۇ لېكىن ئەنسىرەپلا تۇراتتى. بىر ھازادىن كىيىن خانىم تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئىسىگە ئالغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

-ئاپلا، قىزىم ...مېھمان بىلەن بولۇپ شۇنداق مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەتە تويغا كىيىپ بارىدىغان كىيىممىنى <يۇلتۇز سارىيى> دىكى ئۇستا تىكىپ تەييار قىلىپ قويۇپتىكەن. ھازىر ئىسىمگە كىلىۋاتىدۇ... شۇڭا قاراڭغۇ چۈشكىچە دەرھال ئەكىلىپ بەرسەڭ بوپتىكەن.

-بۇ كەچتىما. بولدىلا ئاپا، باشقا كىيىمىڭنى كىيىپ تۇرارسەن. مېھمانى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كەتسەم ياخشى بولماس..

- بىر قانچىمىز مەخسۇس مۇشۇ تويىنى دەپ تىككۈزگەن. ئەتە كەيمىسەم قەتئى بولمايدۇ. مېھمانغا مەن بار قىزىم . مەنمۇ ئوبدان كۈتۈشنى بىلىمەن. قۇپە تاتلىق قىزىم، دەرھال ئەكىلىپ بەر.

پەرىدە خانىم دىلنازنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ماڭدى. ئامالسىز قالغان دىلناز ۋارىسقا <مەن تېزلا قايتىپ كىلىمەن، ئەيىپكە بۇيرىماي ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ> دەپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى .

تەمتىرەپ ھۇدۇقۇپ ئولتۇرغان ۋارىس دىلنازنىڭ چىقىپ كىتىشى بىلەن تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشتى. خۇددى ئۆزىنى كاتتا مېھمانخانىدا ئەمەس تۈرمىدە تۇرغاندەك قىينىلىپ كەتتى. ئۇ دىلنازنى تېزراق قايتىپ كەلسىكەن، بۇ ئۆيدىن تېزراق چىكەتسەمكەن دەپ ئالدىراپلا تۇراتتى.

-خوش. يىگىت، ئەمدى پارىڭىمىزنى قىلامدۇق،- پەرىدە خانىمنىڭ

قۇياللا قىلغان سۆزىدىن ۋارىس يەنە چۈچۈدى.

-خوش.

-بولدى مەقسەتنى ئۇچۇقلا ئېيتاي. سىز قىزىم بىلەن راسلا تويى قىلىش نىيىتىدىمۇ؟

-ھە...ھە...ياق...ھە...-ۋارىس دۇدۇقلاپ كەتتى.

-بىز سىزنىڭ ھەممە ئەھۋالىڭىزنى ئۇقتۇق، سىز سەھرادىنكەنسىز، ئاتا-ئانىڭىزمۇ دېھقانكەن. شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق.

-ياخشى. قېنى دەڭە، ھازىر بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قانداق ھىسياتقا كەلدىڭىز؟

ۋارىس دىلنازنىڭ ئاپىسىنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشقا بەرداشلىق بىرەلمىدى. ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرۇپ سورىغان سوئاللىرىدىن ئۆزىنى خۇددى بىر سوت مەيدانىدىكى جىنايەتچىدەكلا ھىس قىلدى. ئۇ ئاستا كۆزىنى يەرگە تىكتى.

- مە..ن...مەن...ئىككى ئائىلىدە ھەقىقەتەن زور پەرق بار ئىكەن.

-ئەجەپ ئەقىللىق بالىكەنسىز...بولىدىغۇ بۇنى ئۆزىڭىزلا ھىس قىلىۋاپسىز مانا. ئۆزىڭىزنىڭ دىلنازغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بۇرۇن ھىس قىلىپ باقمىغانما؟...

شۇ تاپ نازىرنىڭ ئۇنى ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىكى خوشاللىق ھىسياتى، ئۇمۇدى خۇددى ئەينەك پارچىسىدەك چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيگە راسلا خاتا كىلىپ قالغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھىس قىلدى.

-ھىس قىلغان، بۇرۇنلا...لېكىن... لېكىن...

-نىمە لېكىن ئۇ ئۇكام. نىمە لېكىن...سىز بۇ ئىشلارنى شۇنداق ئاددى چاغلىغانما؟ ئادەم دېگەن قەدەم دېگەننى ئويلىنىپ باسىدىغان گەپ. ئۆزىڭىزغۇ خېلى بىلىملىك بالىكەنسىز. نەتىجىڭىزمۇ مەكتەپ بويىچە ئالدىدىكەن. لېكىن ئەقلىڭىزنىڭ يەنە بىر يەرلىرى سەل كەمتۈك ئوخشايدۇ.

- لېكىن..لېكىن...كۆڭۈل دېگەن...

-نىمە ئۇ كۆڭۈل دېگەن. بۇ كەمدە كۆڭۈلگە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. قېنى دەڭە سىزنىڭ ئاشۇ كۆڭلىڭىزدىن باشقا يەنە نىمىڭىز بار؟

ماڭا بىر دەپ بېقىڭا...

ۋارىس تېخىمۇ تەڭلىكتە قالدى. شۇ تاپ كىرىپ كىتەي دىسە يەر قاتتىق، چىقىپ كىتەي دىسە ئاسمان يىراق بولۇپ كىتىۋاتاتتى. ئۇ شۇ ئەلپازدا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كىتىدىغاندەك قىلاتتى.

-مانا. گەپ مانا مۇشۇ يەردە . بەلكىم مۇشۇ ئۇقۇشىنىمۇ شۇنچىلىك تەس ئۇقۇۋغانسىز. بۇ كەملەردە دىھقان خەقنىڭ بالا ئوقۇتمىقىمۇ ئاسان ئەمەس. توي قىلىشنى ئويلىغان چېغىڭىزدا ئا كىيىنكى خىزمەت مەسلىسى، ئۆي مەسلىسى، تويلۇق مەسلىسى...ۋە يەنە نۇرغۇن ئىشلارغا كىتىدىغان تۈمەن-تۈمەن كويچەننى ئويلاپ باقمىغانسىز ھەقاچان...

-ياق...ساددا ئىكەنمەن..

-شۇ. ئۆزىنى بىلمەي قەدەمنى يۇغان ئالغان بىلەن چات كىرىلىپ كىتىدىغان ئىشلار بار ئۇكام. شۇڭا مەن ئەمدى سۆزلىمىسەممۇ بۇ ئىشلارنى چۈشۈنۈپ يەتكەنسىز...

پەرىدە خانىمنىڭ پىلمۇتتىن ئوق چىققاندەكلا قىلىۋاتقان زەھەرلىك گەپ-سۆزلىرى بىچارە ۋارىسنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىۋەتتى. ئۇ ئەمدى پەقەت چىدىيالمىدى. قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ نامرات بولۇپ قالغانلىقىغا بىرەر قېتىم ئېچىنىپ باقمىغان، ئاتا-ئانىسىدىن بىرەر قېتىم نارازى بولۇپ باقمىغان ۋارىسقا دىلنازنىڭ ئاپىسىنىڭ گىپى ئېغىر زەربە بولدى. ئۇ بۇ تەڭسىز دۇنيادىن ئاغرىندى. پۇل، ھوقۇق ئۇستىگە قۇرۇلىدىغان مۇھەببەت، تۇرمۇشتىن يىرگەندى. گەرچە دىلنازدەك ساپ ۋىجدانلىق قىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن سۆيۈنسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ساددىلىقىدىن قاتتىق ئۇكۇندى.

-بولدى. سوزلىمىسلە. مەن نامرات بولسامۇ ۋىجدانىم باي، غۇرۇرۇم باي، سۆيگۈم باي...سىلە ئىشەنسىلە ئىدى مەن دىلنازنى چۇقۇم بەختلىك قىلالايتتىم.

-ھە؟...خۇددى دىلنازدەكلا گەپ قىلىدىكىزغۇ. نىمە بىلەن بەختلىك قىلىسىز، نىمە بىلەن ؟ ئۇكام مەن سىزگە راس گەپنى دىسەم: دىلنازنى بەختلىك قىلىدىغان ئادىمى بار.

-ھە؟- غەزەپتىن تىترەپ تۇرغان ۋارىس ھەيران بولۇپ سورىدى.- راسما؟

-راس. ئۇچــۇ يــاپۇنىيەدە ئاســپىرانتلىقنى ئۇقــۇپ كەلــگەن يىگــىت. ئىسـمى نـۇردۇن. بىــز ئىككــى ئــائىلە ئــاللىبۇرۇن ئۇلارنــىڭ ئىشــنى بىكىتىــپ بولغان.

-نۇردۇن؟- ۋارسىنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە مەكتەپ ئالدىدا <بىك> ماشىنىغا يۆلۈنۈپ قـاراپ قالغـان كىلىشـكەن يىگىـت كەلـدى.- دىلنازنىڭ خەۋىرى بارمىدى؟

- ئەلبەتـــتە.- پەرىـــدە خـــانىم قاشـــلىرىنى يىمىرىـــپ قۇيـــۇپ مۇغەمبەرلەرچە كۈلدى. شۇڭا سىز ئەگ ياخشىسى بۇ قۇرۇق خىياللارنى قىلماڭ. دىلنازنى ئۇنتۇپ كىتىڭ. ئۇنى بەختلىك بولسۇن دىسـىڭىز ئەمدى ئىككىنچى ئۇنى ئىزدىمەڭ. يۇرتىڭىزغا قايتىپ ئاۋۇ بىچارە ئاتا-ئانىڭىزنى بېقىڭ. ھەممە ئادەم يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنغىنى ياخشى...بىلدىڭىزمۇ؟

-لېكىن...

-ۋاي ئاللا. نىماندان مىكى-مىكىڭىز تۈگىمەيدىغان بـالا سىـز. مەن سىزگە ئۇچۇق دەپ قۇياي. بىز گۆھەردەك قىزىمىزنى ھەرگىز سـەھراغا يـاتلىق قىلمـايمىز...بەختىگە ئولتۇرمـايمىز...ئۇنىـڭ ئالتۇنـدەك ياخشـى لايىقى بـار. سـىزمىچۇ ، ئەگ ياخشىسـى ئەقلىڭىزنـى ئىشـلىتىپ سـەھرايىڭىزدىن قىـز تېپىۋېلىڭ...

-ھەدە. قارىسـام خىلـى مەلۇمـاتلىق ئايالـدەك كـۆرۈنگەن ئىـدىڭىز. مىنـى ئـۆزەڭلار ئۆيـۈڭلەرگە تەكلىـپ قىلىـپ قويـۇپ،يەنە مۇشـۇنداق قۇپـال گەپلەرنى قىلساڭلار قانداق بولىدۇ ؟

-نىـمە؟ قانــداق قۇپـال گەپ قىپـتىمەن قـارى غۇجـام. راس گەپنـى دىــدىم، ئەمىلىيەتنــى دىــدىم. سـىزگە يەنە بىــر قېتىم دەي: بىزنىــڭ سـىزگە بىرىدىغان قىزىمىز يوق...

ئــاچچىقتىن يىرىلىـــپ كــىتەي دەپ قالغــان ۋارس ئەمــدى ئــۆزىنى باسالمىدى. كۆز چاناقلىرىغا لىققىدە تولغان ياشـلىرى ئاسـتا -ئاسـتا مەڭزىنـى بويلاپ سىرغىدى . لەۋلىرىنى قـاتتىق-قـاتتىق چىشـلىدى. مۇھەببەت دىـگەن مانا ... ھىجران كۈيلىرىگە تەڭكەش بولۇپ، مەڭگۈ ئازاپلىق ناخشا ئېيتىش. پەرھـات-شـىرىن، لەيلـى -مەجنۇنـدەك مۇرادىغـا يېتەلمەي ئـاچچىق سـۆيگۈ قىسسەسىنى قالدۇرۇش. سۆيۈش-سۆيۈلۈشـنىڭ كەينىـدىكى نۇرغۇن چىگـىش ئائىلىۋى مۇناسىۋەت، ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىش. كونىلار

راس ئېيتىدۇ <مەكتەپتىكى مۇھەببەت يۈرەكتىكى جاراھەت> دەپ...ھەممىسى ئاچچىق ئازاپ، بىر ئۆمۈرلۈك ئۇنتۇلماس دەرتلىك ئەسلىمە . ۋارىس ئاخىرى بۇ كۈڭۈللۈك مۇھەببەت سەپىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەندەك بولدى. يۇشۇرۇن كۈيۈشنىڭ، ئاشىقلىق پىراقىنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ ئاخىرى ھەقىقى مۇھەببەتكە ئېرىشكەن ۋارىسنىڭ شېرىن چۈشلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان تاتلىق كەلگۈسى توگىدى. ئۇ ئۆز -ئۆزىگە غەزەپلىنىپ،دىنارنىڭ ئاپىسى ئالدىدا <ئۆزەم دۆت، ئەمدى ئۆزەمدىن كۆرەي، ئۆزەمدىن كۆرەي> دەپ توۋلاپ سالدى.

ۋارىس ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغاندەك ئېغىر قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئەمدى بۇ ئۆيدە، بۇ ئايالنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشنىڭ ناھايىتى بىمەنە ئىشلىقىنى ھېس قىلدى. دىلنازنىڭ قايتىپ كىلىشىنىمۇ ئۈمۈت قىلمىدى. دىلنازنىڭ سەممى كۆڭلىنى، ئۆزىنى ھەقىقى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، ئالدىدىكى رىئاللىق ئالدىدا ئۇنى ئۈمۈتسىز قويۇشقا مەجبۇر بولدى. دىلنازنىڭ ئاپىسىنىڭ <بىزنىڭ سىزگە بىرىدىغان قىزىمىز يوق> دىگەن گىپى قۇلاق تۈۋىدە قايتا-قايتا جاراڭلايتتى. ئۇ جەڭدە غەلبە قىلغان ئەسكەردەك غەلبە تۇيغۇسىدا قورقۇنۇچلۇق كۈلۈپ تۇرغان پەردە خانىمغا ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئاستا قاراپ قويۇپ ، ھاياتىدا ئۇچراپ باقمىغان ئېغىر خورلۇقنى كۆتۈرۈپ ، بۇ ھەشەمەتلىك زىندادىن يۈرىكى قان ھالدا چىقىپ كەتتى...

ئالدىراپ تېزلا قايتىپ كەلگەن دىلناز ئاپىسىنىڭ <ئىشى باركەن ، قايتىپ كەتتى...>دىگەن گېپىدىن ھەيران قالدى. ئاپىسىنىڭ چىرايىدىكى سوغۇق كۈلكىگە قاراپ كۆڭلى قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سىزىپ يەتتى. ئۇ ئاپىسىدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ <جىددى ئىشى باركەن> دىگەن ئىرەنسىز جاۋابىدىن كۆڭلى ئەمىن تاپماي بەكمۇ بىرىم بولدى. ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى ئاجايىپ مېھرىبان، دائىم <قىزىم، قىزىم> دەپلا ئۆتىدىغان ئاپىسىنىڭ نىمە سەۋەپتىن بۇنداق ئۆزگىرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيلا قالدى. ئۇ ئامالسىز بىر كىچىنى ئازاپ

ئىچىدە، ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. كۆز يېشى بىلەن ئاپئاق ياستۇقنى ھۆللەپ ئۆتكۈزدى. ئۆزىنىڭ نازىنىڭ قىزى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئازاپلىنىپ، ئاغرىنىپ ، قاخشاپ ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ كېچە شۇنچىلىك ئۇزۇن، شۇنچىلىك قورقۇنۇشلۇق بىلىنىپ كەتتى. تاڭ ئېتىشقا ، ۋارس بىلەن كۆرۈشۈشكە، ھەقىقى ئەھۋالنى ۋارس ئېغىزىدىن ئاڭلاشقا شۇنچىلىك ئالدىرىۋاتاتتى.

دىلناز ئەتىسى كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم ھالدا ،يۇك تاقلىرىنى ئەكىلىشنى باھانە قىلىپ مەكتەپكە ماڭدى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە دەرھال ۋارسنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەرمىسە بولمايتتى. دادىسىنى قايىل قىلمىسا ، ئۇلارنىڭ ھەقىقى رازىلىقىغا ئېرىشمىسە بولمايتتى. ئۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزىۋەتسە ئۆزىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدىغانلىقىنى، ۋارستىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە بىشەملىشىپ قېلىۋاتقان ئاپىسىنى قايىل قىلالمىسىمۇ، ئۆزىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ، قىزىنىڭ كۆز يېشىغا ئەسلا چىدىيالمايدىغان مېھرىبان دادىسىنى چوقۇم قايىل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا قانداقلا بولمىسۇن دەرھال ۋارسقا مەدەت بىرىشى، ئىلھام بىرىشى، ئىشەنچ بىرىشى كېرەك ئىدى.

جىمجىتلا بولۇپ قالغان مەكتەپ قورۇسىغا كىرگەن دىلناز ۋارسىنىڭ ياتىقى تەرەپكە ئىلداملا ماڭدى. لېكىن قۇلۇپلانغان ئىشىكنى كۆرۈپ ، دەرھاللا پۈتۈن مەكتەپنى ئايلىنىپ چىقتى. لېكىن ۋارسنى تاپالمىدى . ئۇ ۋارس خۇددى كونا گۈللۈكتە ساقلاپ تۇرغاندەكلا ھىس قىلىپ ئۇ يەرگە بېرىپمۇ ئىزدىدى. لېكىن ۋارسىنىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكى بولمىدى. يۈرىكى ئېغىپ، ھىجران ياشلىرى چاناقلىرىدا يالتىرىۋاتقان دىلنازنىڭ پۇت-قولىدا جان قالمىدى. ئۆزىنى بىرسى كۆكتىن يەرگە تاشلىۋەتكەندەكلا شۇنچىلىك غېرىپسىندى . ئۇ ۋارستىن خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن، كاللىسىغا <قايتىپ كەتتىمۇيە ؟> دىگەن قورقۇنۇچلۇق خىيال كىرىۋالدى. <ياق،ياق...ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. چوقۇم مىنى بىر يەردە كۈتىۋاتقان گەپ. ..> دىلناز ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بەرگەچ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى.

- دىلناز قىز، سىزنىڭ خېتىڭىز.

ياتاق دىجۇرنى ئۆيىدىكى سىمىزغىنا كەلگەن ، خۇشچىراي ئايال خىزمەتچى تەڭلىگەن خەتنى تەئەججۇپ ئىچىدە ئالغان دىلناز كونۇۋېرتتىكى

تۈنۈش پوچوركىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ۋارسىنىڭ خەۋەرىگە ئىرىشكەندەك خوشال بولۇپ دەرھاللا ئايالدىن سورىدى.

- بۇ خەتنى كىم بەردى؟

- بىر يىگىت، سەھەردىلا <ئەدىبىيات كەسپىدىكى دىلنازغا بىرىپ قويۇڭ> دەپ ئەكىرىپتىكەن.

ھە، رەخمەت.- دىلناز شۇنداق دېدى- دە دەرھاللا يۈرەك ھەركىتىگە ئوخشاشلا تېز-تېز قەدەملەر بىلەن ياتىقىغا ئالدىراپ ماڭدى. قەلبى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ، تىترەپ تۇرغان نازۇك بارماقلىرى بىلەن كونۋېرت ئىچىدىن خەتنى ئالدى .

« ئەسسالام دىلناز:

كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم ھالدا ، سىز ئۈچۈن ئىككىنچى بىر خەتنى يېزىۋاتىمەن. بىرىنچى خېتىم سىزگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىمنىڭ تاتلىق پىچىرلىشى بولسا، بۇ خېتىم ئۇنىڭغا ئەسلا ئوخشىماس. بۇ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى قەدىرلەش، ئۆز سۆيگۈمنى بەختىكە ئىرىشتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلغان نىمجان يۈرۈكۈمنىڭ ھەسرەتلىك پىچىرلىشى. ئاچچىق نىداسى.

مەن كەتتىم دىلناز، سىزگە خوش دىمەيلا، بۇلاقتەك سېھىرلىك كۆزلىرىڭىزگە تىكىلمەيلا، شېرىن مۇھەببەتلىك سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىمايلا كەتتىم. بىر پۈتۈن قەلبىمنى سىزگە قالدۇرۇپ ، شۇ ئاجىز، كىرەكسىز، نامرات جىسمىمنى ئېلىپ كەتتىم. ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز خوشاللىق بەرگەن، ئۈمۈت بەرگەن كۈنلىرىمنى ئەسلىمىگە ئايلاندۇرۇپ ، كىيىنكى ئۆمۈرلۈك ھەسرەتنى، پىراقنى ، ئازاپنى ئېلىپ كەتتىم.

ئاپىڭىز توغرا ئېيتىدۇ دىلناز، بەكمۇ توغرا ئېيتىدۇ. مىنىڭ سىزگە تەقدىم قىلغۇدەك مۇشۇ ئاددى ، سەمىمى يۈرۈكۈمدىن باشقا يەنە نىمەم بار؟ زادى نىمەم بار؟... مىنىڭ ھېچنەرسەم يوق، كاتتا ئائىلە كىلىپ چىقىشىم يوق، كادىر ئاتا-ئانام يوق، تۈمەن-تۈمەن پۇلۇم يوق، ھەشەمەتلىك قورو-جايىم يوق... شۇ مىسكىن ئاتا-ئانام، دىھقانغا يۈرەك بولغان كىچىككىنە تۇپراقتىن باشقا ھېچنەرسەم يوق. بۇلارنى بۇرۇنلا ھىس قىلىشىم كېرەك ئىدى دىلناز. لېكىن كۆڭۈل ، مۇھەببەت كۆزلەرنى كور قىلىۋەتكەن ئىكەن .

ئەپسۇس، مەن راستىنلا سىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقىمنى بۇرۇنلا بىلسەممۇ ، بۈگۈن باشقىدىن ھەققى تۇنۇپ يەتتىم. تۇرمۇشنىڭ بىزنىڭ

تەسەۋۋۇرىمىزدەك ئۇنچىلىك ئاددى ئەمەسلىكىنى تۇنۇپ يەتتىم.

ئۆيىگىزگە بارغىنىمغا ، ئاپىڭىزدىن يۇرۇگۇمگە پىچاق بولغان گەپلەرنى ئاڭلىغىنىمغا ئەسلا ئەپسۇسلانمايمەن دىلناز . مەن پەقەت سىزدەك بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمدىن، سىزدەك بىر قىزنىڭمۇ مەن ئۇچۇن گۆھەردەك قەلبىڭىزنى تەقدىم ئەيلىگەنلىكىڭىزدىن ئۆزەمنى بەكمۇ بەختلىك ھىس قىلىمەن. بۇ بەلكىم مىنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ھەقىقى بەخت بۇلۇپ قالار. مەن سىزنىڭ گۈزەل رۇخسارىڭىزنى ئۇنتۇيالمايمەن، ماڭا بەرگەن ئىلھاملىرىڭىزنى ئۇنتۇيالمايمەن. پەرىشتىدەك پاك قەلبىڭىزنى ، ساداقەتمەن يۈرىكىڭىزنى ئۇنتۇيالمايمەن. بىلىمەن ، سىز مەن ئۇچۇن زور بەدەللەرنى بەردىڭىز، بىزنىڭ كەلگۈسى بەختىمىز ئۇچۇن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتىڭىز، قىزلىق تەبىئىتىڭىزنى قايرىپ قويۇپ ، ئاتا-ئانىڭىز ئالدىدا مەن ئۇچۇن يالۋۇردىڭىز، كۆز يېشى قىلدىڭىز...مانا مۇشۇلار مىنىڭ بەختىم.

تەقدىر مۇشۇنداق ئوخشايدۇ دىلناز. «مىنى ۋىجدانسىزلىق قىلدى، خوش دىمەيلا كەتتى، بىر يىللىق مۇھەببەتنىڭ زەررىچە قەدرىنى قىلمىدى » دەپ ئويلاپ قالماڭ. سىزمۇ يالغۇز قىز، ئاتا-ئانىڭىزنىڭ يۈرىكى سىز. ئۇلارمۇ سىزنىڭ بەختىڭىزنى ئويلىدى. سىزدەك قەلبى قاشتېشىدەك سۈزۈك قىزنىڭ كىيىنكى خوشاللىقىنى ئويلىدى. ساپ مۇھەببىتىڭىز ، ساپ كۆڭلىڭىز ئۇچۇن جانىمنى قۇربان قىلغۇم بار. لېكىن رىئاللىق يول قويمايدۇ. ئاتا-ئانا ئارزۇسى يول قويمايدۇ. جەمىيەت يول قويمايدۇ. سىزنىڭ ئازاپلىنىدىغانلىقىڭىز كۆڭلۈمگە ئايان، لېكىن تەقدىرگە باش ئەگمەي بولمايدىكەن كېرەك. نۇردۇنىدەك ھەر جەھەتتىن لاياقەتلىك يىگىت بىلەن توي قىلغاندىن كىيىن ، بۇ ئازاپلارمۇ ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ بارار...

تۈنۈگۈن بىر كىچىنى قانداق ئۆتكۈزگۈنۈمنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، ساراڭ بۇلايلا دەپ قالدىم. قىستا-قىستاڭ سوراقلار ئىچىدە جىنايەتچى ئورنىدا جاۋاپ بىرىپ چىقتىم. بىچارە ئاتا-ئانام ئالدىدىكى قەرزىمنى ئويلاپ چىقتىم. سىزنىڭ ئالدىڭىزدىكى يىگىتلىك مەسئۇلىيىتىمنى ئويلاپ چىقتىم. بۇ رەھىمسىز رىئاللىقنى ئويلاپ چىقتىم...ئويلىغىنىم بەك كۆپ، بەك كۆپ دىلناز. يۈرەكلىرىم سۇ ، ياشلىرىم قان ھالدا ئويلۇدۇم: مەن زادى سەھرانى تېپىشىم كېرەككەن، ساددىلىقىمنى تېپىشىم كېرەككەن، نامراتلىقىمنى تېپىشىم كېرەككەن...

مەن كەتــتىم دىلنــاز. ســىزگە <خــوش> دېمەيــلا، ئىنتــايىن مەسئۇلىيەتســىزلىك بىــلەن كەتــتىم. لــېكىن گۈللــۈكتىكى تــاتلىق پىچىــرلاش، مېھرلىك قۇچاقلاش، شېرىن لەۋلەر...ماڭا ھەمرا. ئۇ ھاياتىمنىــڭ يالدامىســى، ياشلىقىمنىڭ يالدامىسى، مۇھەببىتىمنىــڭ يالدامىســى... تــۈنجى ھىســلىرىمنىڭ يۈرەك باغرىمنىڭ قات-قېتىغا ئورناپ كەتكەن لەززىتى....

مىنى ئۇنتۇپ كىتىــڭ دىلناز، ئەزىــزىم، كــۆز نــۇرۇم... مىنــى چۇقــۇم ئۇنتۇپ كىتىڭ. سىزدەك قەلبى ئەينەكتەك سۈزۈك قىزنىڭ ئۇلــۇغ ئــاللا چۇقــۇم بەختىنى بىرىدۇ. سىزگە ھەمراھ بولــدۇ. مەن ئامالســىزلىق ئىچىــدە شــۇنداق دىيىشكە مەجبۇر ... ئــاللا كۆڭلــۈمگە ســالغان مــۇھەببەت ئالدىــدا تۇلەيــدىغان بەدەل، قەرزىم بار ئوخشايدۇ...

مەن كۆرۈشمەيلا ماڭدىم. كۆرۈشكەندىكى ئــازاپلىق مىنــۇتلارنى ئەســلا كۆرگۈم يوق. ئايرىلىش دىگەن سۆزنى ئويلىغۇمۇ يوق. يەنە دىسەم: سىزدىن ئــايرىلىش ماڭــا ئۆلۈمــدۇر. مەن پەقەت روھســىز مــۈزدەك جىســمىمنىلا ئېلىــپ ماڭدىم.

خەيــر دىلنــاز. ئــۆزىڭىزنى ئاســراڭ، غەيرەتلىــك بولــۇڭ. ئاتــا-ئانــا ئاززۇسىغا ھۆرمەت قىلىڭ. ئۇلار قانداق يۈزۈتسىيەدە بولسۇن، يەنىلا پەرزەنت بەختىنى ئويلايدۇ. سىزگە مەڭگۈ بەخت تىلەيمەن.

- ۋارس ...»

خەت دىلنازنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىن ئــاجراپ، ئاســتا-ئاســتا لەيلەپ يەرگە چۈشتى. بىر نوقتىغا تىكىلىپ قالغان كۆزلەرنىڭ جىيەكلىرىدىن مارجاندەك ياشلار ئاستا-ئاستا سىرغىشقا باشلىدى. ئۆمۈرلۈك ئازاپنىڭ ئاچچىق نىدالىرىنى ئاڭلاۋاتقان يۈرەك لەختە-لەختە بولدى. پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەسرىتى پەقەت دىلنازغىلا مۇجەسسەملەنگەندەك ، ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك سۇلغۇن، شۇنچىلىك تاتىراڭغۇ كــۆرۈنەتتى. ئــۇ شــۇ تــاپ يۈقۇتــۇپ قويغــان نەرســىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. يۈرىكىگە نەقىش بولۇپ ئورناپ كەتكەن بىر سەمىمى ســـىمانى ، ئۇنىڭـــدىكى ئالىجانـــاپلىقنى، تىرىشـــچانلىقنى ، ســـەمىمىلىكنى ئويلىنىۋاتاتتى. پۇل-ھوقۇق، ئابروي...غا ھەۋەس قىلغــان ئاپىســىنىڭ رەزىــل مەقسەتلىرىنى ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئەسلى بۇ خىل رىئاللىقنى كــۈتمىگەن ئىــدى. ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان ئاتا-ئانىسىنى چۇقۇم قايىل قىلىدىغانلىقىغا ئىشــەنگەن

ئىدى. ۋارىستىن بەختىنى تاپىدىغانلىقىغا، سەھرادىن بەختىنى تاپىدىغانلىقىغا، مەنۋىلىككە تولغان ساپ قەلبىتىن كەلگۈسىدىن بەختىنى تاپىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. لېكىن شۇ تاپ تۇيۇقسىز ھەممە نەرسىدىن بىراقلا ئايرىلىپ ،ئېغىر تەنھالىققا يۇلۇققان دىلنازنىڭ ھالى بەك خاراپ. بەك خاراپ. ئۇ بۇ ئەجەللىك ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. خۇددىنى يۇقاتقان دىلناز كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . «ۋارىس نىمانداق ئىرادىسىز، نىمانداق يەڭگىلتەك... نىمە ئۇچۇن ئۆز بەختى ئۇچۇن قۇربان بىرىشكە، باش ئىگىشكە، خورلۇقلارغا چىداشقا بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ ؟» دەپ ئۆز-ئۆزىگە مەجنۇنلاردەك سۇئال قويۇاتتى . ئۇ ئۆزىگە ئومۇرلۇك دەرت-ھەسرەت، ئوت-پىراقنى سېلىپ قويۇپ يۇرتىغا راۋان بولغان، ئۆز كەلگۈسىگە يىنىكلىك بىلەن قارار چىقارغان ۋارىستىن ئاغرىنىپ نەپرەتلىنىشنى ياكى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىغا ھىسداشلىق قىلىشنى ئەسلا بىلمەيتتى....

تۇرمە مەيلى قانداق بۇلىشىدىن قەتئىنەزەر ئۇ يەنىلا ئەركىنلىك بۇغۇلغان جاي. ھايات قەدرىگە يەتمىگەن ، ئاللانىڭ بەرگەن مەئىشەتلىرىگە، شادلىقىغا ، بەختىگە شۈكرى قىلمىغان ئىنسان پەقەت شۇ جايغا قەدەم بىسىپ ، ئاچچىق كۆز ياشلارنى تۆككەن ۋاقتىدا ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يىتىشى مۇمكىن. ئۆزىنى مەڭگۇ نوچى چاغلايدىغان، مەڭگۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ئەكرەم بۇنداق كۇنلەرنىڭ بېشىغا كىلىپ قېلىشىنى راسلا ئويلىمىغان ئىدى. مۇدىر ئائىلىسىدە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ئەركە چوڭ بولۇپ، تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ياشاپ كەلگەن ئەكرەم تۇرمىنىڭ قاتتىق تۇزۇمى ، كونا تۇرمىداشلارنىڭ خالىغانچە بوزەك قىلىشى ئاستىدا ، خورلۇق ئىچىدە كۇن ئۆتكۇزۇشكە مەجبۇر بولدى. بەلگۈلەنگەن ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرۇش، يۇگۇرۇش، تاماق يىيىش، ئۇگۇنۇش، ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىش، ھەتتا يىتىپ-قوپۇشتىن تارتىپ تەرەت قىلغۇچىلىك ھەممىسىدە قاتتىق تۇزۇم-بەلگۈلىمە بار. خىلاپلىق قىلىش قەتئى مۇمكىن ئەمەس. باشباشتاقلىق، ھۇقۇق، پۇل ھىچقايسىسى بۇ يەردە ئەسقاتمايدۇ. مۇشۇ خىل ھەربىچە تۇزۇم ۋە كامىردىكى جاننى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئىش

تۇتۇپ كەلگەن، كۆزلىرىدىن ۋەھشىلىك چىقىپ تۇرىدىغان قاتىل، بولاڭچى، باسقۇنچى ، ئاقچى، بالا بىدىكى ...قاتارلىق جىنايەتچىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى نوچىلىقلىرى جىمجىتلا يۇقالغان ئىدى. كامىردىكى جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى زومىگەرلىك خاراكتېرىنى تۈرمە ئىچىدىمۇ يوقاتمىغان، يېڭى كەلداخۇنلارنى مالىيىدەك ئىشقا سېلىپ ، بوزەك قىلىپ كۆنگەن ئىدى. ئۇلار گەرچە ساقچىلار ئالدىدا ناھايىتى ئىتائەتمەنىدەك قىلىسىمۇ، لېكىن كامىر ئىچىدە بىلگىنىنى قىلاتتى. نوچىلار بۇ يەردە ئۆزىنىڭ خورىكى بىلەن تەبئىلا <غوجام، ئاكا، باشلىق...> بولۇپ ھۆقۈق تۇتىشاتتى.

تۈرمىگە قامالغان يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئەكرەمنىڭ تارتمىغان كۈنلىرى قالمىدى. ئۇ كىرىپ 2 كۈن ئۆتمەيلا كامىرنىڭ <غوجىسى> ـ سادىر ئاقچى نىڭ «سۇيدۇكۈمنى تۇكۇۋەت» دېگەن گېپىنى ھار ئېلىپ ، پوچىلىق قىلىپ تاكاللىشىپ بولغۇچە تاياق يېدى. ئۇ بۇلارنى كۆتىرەلمەي غۇلغۇلا كۆتىرىپ ساقچىلارغا مەلۇم قىلغاچقا، سادىر ئاقچىنىڭ چۇماقچىلىرى ئۇنى يەنە بوش قويماي ئادەم بولغىنىغا تويغۇزدى. ئۇ ئاخىرى بۇنداق قىلىشنىڭ ئەخمىقانىلىقلىقىنى ھىس قىلىپ ، تاياق يېسىمۇ، بوزەك قىلىنسىمۇ سۇكۇتتە يۇرۇشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ تۈرمىنىڭ بۇ ئۆزگىچە قائىدىسىگە ئاستا-ئاستا كۆندى. ھەر قېتىم چوڭلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغاندا ئۆزىنىڭ مەكتەپتىكى زومىگەرلىكىنى ئەسلەيتتى. يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيۇن ئورنىدا بوزەك قىلغان، قالايمىقان ئۇرغان، ئۇلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى خالىغانچە بۇزغان، ناتونۇش قىزلارغا بولمىغۇر چاقچاق قىلىپ كۆڭلىنى ئاچقان ...ۋاقىتلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۆزىنىڭ شۇ نوچى ۋاقىتلىرىنى سېغىناتتى. ئۇ سادىر ئاقچىنىڭ خاس مالىيىدەكلا كۈن ئۆتكۈزدى، <خوش،خوش...> دېيىش، سادىرنىڭ يېنىدا ئىتتەك يۇرۇش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى. ئۇ بۇ يەردە كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەقىقەتەن تەسلىكىنى بىلىپ يەتكەچكە ، مۇشۇ خىل يولنى تۇتۇشنى ، ئۆزگە يولەك تېپىشنى ئويلىدى. ئۇ ئۆيىدىكىلەر ئەكەلگەن ياخشى يېمەكلىك، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، خىراجىتىنى ئاۋال <خوجايىنى> غا بىرىپ، ئۇنىڭدىن ئاشقىنى يەپ، ئىشلىتىپ، <خوجايىن> ئالدىدىكى ئورنىنى خېلى ئۈستۈرۈۋالدى. ئۇ شۇ تەرىزدە بۇ ئازاپلىق تۈرمە ھاياتىنى يۇۋاشلارچە

ئۆتكۈزۈشكە مەجبور بولدى.

ئەكرەمنى يوقلاپ كىلىۋاتقان ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرغان، ئۇنىڭ نىمەتلىرىنى تېتىپ كۈنۈپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ خىلىلا باياشات ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى بىلگەن سادىر ئاقچى ئۆزىگە يۈشۈرۈن سىلىۋاتقان شىفىرىسىنىڭ ئەكرەم ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زۈرۈرلىكىنى ھىس قىلدى. ئۇنى بۇ <لەززەت>كە خۇمار قىلسا ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئىقتىسادى مەسىلىلىرىنىڭ ھەل بۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى، <ئاق ئالتۇن>نى تېپىشقا ئەكرەمنىڭ ئۇزىلا باش قاتۇرۇپ، يول ماڭىدىغانلىقىنى ، ئۆز خۇمارىنى پۇل خەجلىمەيلا قاندۇرۇپ، تەبئىيلا ئەكرەمدىن يەنە نۇرغۇن ئىقتىسادلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. ئۇ پۇرسەت كۈتىۋاتقان پەيتلەردە، بىر كۈنى ئازاپلىنىپ بىر بۇلۇڭدا شۇمشىيىپلا ئولتۇرغان ئەكرەمنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ قېشىغا ئاستا كەلدى.

-ئەكرەم ئۇكا.

-خوش، خوش ئاكا. بىرەر ئىش بارمىدى.

- قارىسام بەكلا چۈشكۈن كۆرۈنىسەنغۇ؟ ئىچىڭ پۇشۇپ تۇرامدا؟

- ھە، بۇ يەرگە كىرگىلى 3-4ئاي بوپ قاپتۇ ئاكا. بۇرۇن بەك ئەركىن يۈرۈپ كۈنۈپ قالغاچقا پەقەت كۆنەلمەيۋاتىمەن. ئىچىم بەك ئاچچىق بۇلۇپ كىتىۋاتىدۇ. بەك ئازاپلىنىپ تۇرىمەن. تىزراق چىقىپ كىتىشنى، ئەركىن دۇنيانىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن.

- بولدى. بولدى. قۇرۇق خىيال قىلما. سەن قانچە ئارزۇ قىلساڭمۇ ئۇ دىگەن خىيال . ۋاقتىڭ توشمىسا بىكار. بۇنداق چۈشكۈنلۈك، ئازاپ ئىچىدە ئۆتسەڭ يەنە 2 يىلدىن ئۇزاق ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈپ بولىسەن، بىزدەك بول ، بىزدەك...

- قانداق دەيسىز ئاكا؟

- قانداق دەيتتىم. تۇرمىدىمۇ، قىلاي دىسەڭ نى-نى خوشال ئىشلارنى قىلالايسەن، ماڭا قارا ئۇكا. ئازاپلانغان ۋاقىتىڭدا، ئىچىڭ دەرتكە تولغاندا تۈيۈقسىز كۆڭلۈڭنىڭ خۇش كەيىپ بۇلۇشىنى، كۆكتە پەرۋاز قىلغاندەك ھۇزۇرلىنىشىنى، تاتلىق ئۇيقىغا كىتىپ شىرىن چۈش كۆرۈشنى ئارزۇ قىلامسەن؟

-ئەلبەتتە. ئاكا. ئەلبەتتە. شۇنداق بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. بۇ ئازاپلىق كۈنلەرنى شۇنداق غەمسىز ئۆتكۈزىۋالسام دەيمەن.

-بولىدۇ. بۇ ئاسان ئۇكا. ماڭا قارا، بۇرۇن <ئاق ئالتۇن> دىن تېتىپ باققانمۇ؟

- ئاق ئالتۇن؟ ياق، ياق... لېكىن ئاغىنىلەرنىڭ چەككىنى، ئۇرغۇزغىنىنى كۆرگەن. لېكىن مەن قىلىپ باقمىغان.

-ساددا بالا، ساددا بالا... بىزنىڭ ئەكرەمدەك بولغىن. سەندەك نوچى يىگىتلەر قىلىدىغان نەرسە بۇ...

-قانداق بۇلار ھە ئاكا.

-قانداق بولاتتى. ئوبدان بۇلىدۇ ئۇكام، ئوبدان بۇلىدۇ. ئازاپلىرىڭ لەززەتكە ئايلىنىدۇ. كۆكتە پەرىلەر بىلەن بىرگە پەرۋاز قىلىسەن ...قالغان پەيزى يەرلىرىنى چېكىپ باققاندا بىلىپ قالىسەن. چېكىپ باققاندا...

سادىر ئاقچىنىڭ مۇغەمبەرلەرچە كۈلگەن كۈلكىسىگە دىققەت قىلماي، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ئەكرەمنىڭ راستىنلا بىر چېكىپ باققۇسى كىلىپ قالدى. جەمىيەتتىكى بىر قىسىم ئاغىنىلىرىنىڭ چېكىپ ھوزۇرلانغان ۋاقىتتىكى مەسخۇش سىماللىرى كۆز ئالدىدا پەيدا بۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كىيىن <ئۇغۇل بالىغۇ مەن، نىمە ئىشلارنى قىلمىغان بىز، كۈنلەرنى بۇنداق ئۆتكۈزگەندىن چېكىپ باقسام باقاي...> دىگەن نىيەتكە كەلدى.

-بولىدۇ ئاكا. لېكىن بۇ دىگەن تۇرما تۇرسا، ئۇ گۆھەرنى نەدىن تاپىمىز؟

-ئاخماق بالا... قىلاي دىگەن نىيەت بولسىچۇ ھەر قانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. مەن كىم؟ مىنى بەك بوش چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟

-يا..ق ، ياق...سىزگە قول قويىمەن ئاكا. ئەمدى دەيمىنا...

-سىنى يوقلاپ كەلگەندەك بىزنىمۇ دوس-بۇرادەرلەر تاشلاپ قويمىدى. ئۇلارنىڭ ھىممىتى ھازىرمۇ بار...كۆردىڭمۇ؟- سادىر ئاقچى كۆرپە بۇرجۇكىگە چاندۇرماي تىقىپ قويغان بىر كىچىك بولاق بىلەن شىفىرىسنى ئاستا ئىلىپ ئەكرەمگە كۆرسەتتى. - مانا ، ساڭا ھەقسىز... بۇگۈن كىچە جىممىدە يېنىمغا كەل .

- ماقۇل ئاكا، ماقۇل، ئىچىمگە بىر ئوت سىلىپ قويدىڭىز...

سادىر ئاقچى ئىشنى ئاجايىپ ئۇستۇلۇق بىلەن پۈتتۈرگىنىگە ، ئەكرەمنى تېزلا قايىل قىلغىنىغا خوشال بولدى. بۇرۇندىن يامان يول ئىچىدە ياشاپ، يامان يول ئىچىدە ھۇزۇر سۈرۈپ كەلگەن بۇ ئاقچى نوچى بۇ ئۆزگەرتىش مەيدانىدىمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى يوقاتمىغان ئىدى. شۇ كۈنى كىچە ئەكرەم دادىسىنىڭ تۇرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان ئۇمۇتلىرىنى يەنە بىر قېتىم يەردە قويۇپ، قىلغان گۇناھلىرى ، خاتالىقلىرى ئۈستىگە يەنە بىر ئېغىر خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرىنى بىر پۇل قىلىپ ، زەھەرنىڭ ئالتۇن يالتىلىغان تىغىنى ئانا سۈتى كەتمىگەن قان تومۇرىغا خوشاللىق بىلەن سانجىدى. ئۇنىڭ تېنىگە شېرىن لەززەت بىلەن بىرگە ، مەڭگۈلۈك ئازاپلىق ھەسرەتنىڭ يىلتىزى ئۈستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلۈپ، قان-ياشلىق قىسمەتكە ئەڭ ئەزىز <ئاق ئۆغۈت> چېچىلدى. بۇ زەھەرلىك تىغنىڭ تومۇرلىرىغا سانجىلغان شۇ پەيتىنىڭ -كىيىنكى نۇرغۇن بىگۇناھ ئەزىز جانلارنى ئۆلۈم سەپىرىگە باشلايدىغانلىقىنى بۇ نادان يىگىت ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئىدى...

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئەكرەم بۇ سېھىرلىك نەرسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمىدىكى ئازاپلىرىنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپ ماڭغانلىقىدىن خوشال ئىدى. ئۇ شىفىرىسىنى خۇددى ئېغىر كېسەل بولغان بىمار ھاياتلىق ئۈچۈن قىممەتلىك ئۈكۈل سالدۇرىۋاتقاندەك بەخت، ئۈمۈت، خوشاللىق ئىچىدە تومۇرىغا سانجىپ مېڭىۋەردى. ئۇ بۇ بىر قېتىملىق باشلىنىشنىڭ ئاخىرىدا يەنە نۇرغۇن باشلىنىش بارلىقىنى بىلىدىغاندەكلا ، سادىر ئاقچىنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمۈت بىلەن يىلىنىپ قارايدىغان بولدى. ئۇنى خۇددى ئەزىز نىجاتكاردەك، ھاياتىنى قۇتقۇزغۇچى، بەخت ئاتا قىلغۇچى تەڭرىدەكلا كۆرىدىغان بولدى. لېكىن جاھاندا نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بار؟ نەدە ئۇنداق بىكار لەززەت بار؟... سادىر ئاقچى ئاخىرى مەقسىدىنى ئۈچۈق ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئۆزىدىكى بۇ نەرسىلەرنىڭ بىكارغا كەلمەيدىغانلىقىنى، پۇل بولمىسا سىرتتىن ئەكىرىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى، ھۇزۇر ئۈچۈن بەدەل تۆلەش كېرەكلىكىنى ...خۇمار تۇتۇپ ، سۇغا تەشنا بولغان بىلىقتەك بۇلۇپ كىتىۋاتقان ئەكرەمگە بىلدۈردى. ئەكرەم ئامالسىز يۈرىكى پەرزەنت غېمىدە پارە بولغان مۇدىرنى ئالداشقا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى قاقتى-سوقتى قىلىشقا

باشلىدى، تۇرلۇك باھانىلەرنى دەپ پۇل ئەكەلدۇرىدىغان بولىۋالدى.

ئەكرەمنىڭ ئىقتىسادى ئۇنىڭ كۈنسىرى ئېغىرلىشىۋاتقان خۇمارىغا يېتىشىپ بۇلالمايۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە ئامالسىزسادىر ئاقچى غا بىچارىلەرچە يېلىنىشقا، تىزلىنىشقا، ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇشقا مەجبۇر بولۇشقا باشلىدى. ئۇ سادىر ئاقچىنىڭ مەقسىدىنى مۇشۇ پەيتلەردە ئاندا-مۇندا چۈشەنگەندەك بولدى. لېكىن تۇلىمۇ كېچىككەن ئىدى. ئۇ پەقەت مۇشۇنداق يېلىنمىسا ئازاپلىرى ئۇستىگە ئازاپ قوشۇلاتتى، ئۇستىخانلىرى سىقىراپ ئاغرىپ كېتەتتى. دىر-دىر تىترەپ يۈرىكى مۇجۇلاتتى... ئۇ ئەمدى نىجاتكارىدىنلا ياردەم سورىمىسا ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ياردەم بىرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاغرىقلىرىنى تارتىشىپ بىرەلمەيتتى. سادىر ئاقچى مەيلى قانداق رەزىل بۇلۇشىدىن قەتئىنەزەر ، شۇ تاپ ئەكرەمنىڭ مەبۇدىسى ئىدى...

بۇ تۇرمۇشتا ئېچىلمايدىغان سىر بولمىغىنىدەك، ئەكرەمنىڭ يۇشۇرۇن چېكىش، ئۇكۇل سېلىشلىرى ئاخىرى ئاشكارىلىنىپ قالدى. ھەپتە پۇلسىز قالغان ئەكرەم <ئاق ئالتۇن> غا زار بولدى. پۇتۇن ئەزايى سىقىراپ ئاغرىپ، يۈرىكى ھالسىزلاندى، تاماق يېيىشكە ئەسلا رايى بارمىدى، قورساقلىرى تورۇپ-تورۇپ قاتتىق مۇجۇلدى. ئۆرە تۇرغىدەكمۇ ھالى قالمىدى، ئۇ سادىر ئاقچىغا كۇچۇكتەك يىغلاپ تورۇپ يېلىنغان بولسىمۇ، سادىر ئۇنى قوپاللا سىلكىۋەتتى، پۇتىغا ئېسىلغاندا كوچەپ ئىتتىرىۋەتتى. <مەندە ئېلىشىڭ بارمىدى؟ ماڭا ئەمدى ئېسىلىۋالما. مەن ساخاۋەت ئورنىنىڭ باشلىقى ئەمەس، بىلىدىڭمۇ؟ بىلدىڭمۇ؟...> دەپ ھۆكىرەپ قورقۇتتى. كامىردىكى باشقا جىنايەتچىلەر ئەكرەمنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا، ئازاپلىق يىغىسىغا قاراپ تۇرسىمۇ، لېكىن <سادىر غوجام> نىڭ ئالدىدا ھېچقايسى مىت قىلالمىدى. قىينىلىپ ھالى قالمىغان ئەكرەم ئاخىرى بۇلالماي قاتتىق ۋاقىراشقا ، ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. كامىرنى ساراڭلاردەكلا بېشىغا كىيدى.

نۆۋەتچى ساقچى بۇ كامىردىكى ۋارقىراپ-جاقىراشتىن ئەجەپلىنىپ، ئۇنى بېسىقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، لېكىن مۇمكىن بولمىدى. ئەكرەمنىڭ ھالى ياخشىلىنىش تۇگول تېخىمۇ غالجىرلىشىپ بېرىۋاتاتتى. كامىردىكى جىنايەتچىلەردىن ئەھۋال ئۇققۇشقا ئامالسىز قالغان ساقچى دەرھال تۇرمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەر ۋە دوختۇرلىرىنى چاقىرىپ ، ھالسىزلىنىپ يىقىلغان

ئەكرەمنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى...

ۋارىس بۇ 5 يىللىق ئۇقۇشىدىن ئاجايىپ مول تەجرىبە ـ بىلىم بىلەن بىرگە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئازاپلىق مۇھەببەت ئەسلىمىسىنى، دەرتلىك ھەسرەتلەرنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتتى. يۇرىكى دىلناز بىلەن بىرگە قالغان بولسىمۇ، ئۆزى ئۇچۇن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان، كەتمەن بىلەن بىر ئۆمۈر دوس بولۇپ ئۆتكەن ئاتا ـ ئانىسىغا ھەمرا بولۇشنىڭ ھەقىقەتەن زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلدى. كۆز ئالدىدىكى دىلنازنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغان ئائىلە مۇھىتىغا قايتا سەپسالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئىدىيە تېخىمۇ روشەنلەشتى. ئۆزىنى مېھرى بىلەن باغرىغا باسقان قاداق ـ قاداق قوللارنى، يۈزلىرىگە يېقىلغان تۇپا ھەدى سىڭگەن چىرايلارنى ، ئوغلىنى كۆرۈپ بارلىق جەۋر ـ جاپالىرىنى ئۇنتۇغان، پەرزەنت بەختىدىن شات كۈلگەن مېھرىبانلارنى كۆرۈپ، ئۇ ئاتا ـ ئانا قەدرىگە يېتىۋاتاتتى. مۇھەببەتمۇ مۇھىم، ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭدىن مۇھىم دىگەن يەكۇنگە كىلەتتى. ئۇ ئەمدى چۇقۇم يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىدۇ. تىرىشىپ ئىشلەيدۇ، ئازاپلىق كەچمىشنى ، ئۇنى بىئارام قىلىپ تۇرغان سېغىنىشنى ئۇنتۇش ئۇچۇن بولسىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئەمدى ئۇزۇن مەزگىل مۇھەببەت توغرىسىدا ئويلانمايدۇ، بىرەر قىز بىلەن توي ئىشى توغرىسىدىمۇ مەسلىھەتلەشمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدىكى دىلنازنىڭ ئوبرازىنى كىم ئىگەللىيەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ ۋارىسقا سالغان ئىشىق ئوتىنى كىم قايتىدىن يالقۇنجىتالايدۇ؟ ...ئۇ ئەمدى دىلنازنىڭ تۇنجى ئارزۇسى، ئىلھامى بويىچە ئاتا ـ ئانا ئەجرىنى قايتۇرۇشى كېرەك، ئۇلارنىڭ نامراتلىق تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك، سىڭلىسىنى ئۇقۇتۇشى، ئۆزىدەك ئالى مەكتەپكە ئىبەرتىشى كېرەك. دىلنازنىڭ ئۆمۈرلۈك مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

ۋارىس سەھراغا تېزلا ئۆزلىشىۋالدى. ئېتىزنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى بولۇپ، ھەر سەھەردە دېھقان ئەۋلادىغا خاس جەسۇرلۇق، ئىتائەتمەنلىك، شۈكرىلىك بىلەن ئېتىزغا ماڭاتتى. دەرتلىرىنى كەتمەندىن ئالماقچى بولغاندەك

، پۈتۈن كۈچى بىلەن چاپاتتى، ئېتىزلاردىكى مايسىلارغا پىچىرلايتتى، يۇمران نوتىلارنى كۆرگەندە دىلنازغا بولغان مۇھەببەت مايسىسى بىخ سۈرگەن دەملەرنى ئەسلەيتتى. شۇ يۇمران نوتىلارنىڭمۇ بىر كۈنلەردە مىۋە بەرمەي قۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئىشتىن ھارغان ۋاقىتلىرىدا ئېتىز قىرىدا ئولتۇرۇپ يىراق-يىراقلارغا تىكىلىپ ئۇزۇن-ئۇزۇن خىياللارنى سۈرەتتى، ئۇرۇمچىدە يىگانە قالغان دىلنازنى سېغىناتتى. <قانداق قىسمەتلەرگە يولۇققاندۇ؟ يىراق ئۇتىدا يۈرىكى ئېزىلگەنمىدۇ؟ كىچە-كىچە كىرپىك قاقماي ياش تۆككەنمىدۇ؟ ياكى مەندىن نەپرەتلەنگەنمىدۇ؟ مېنى تىللىغانمىدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئاخماق بولۇپ بىر سەھرالىققا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە ئۆكۈنگەنمىدۇ؟ رىئاللىققا باش ئېگىپ، زەردار نۇردۇن بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلگەنمىدۇ؟...> دېگەندەك بىر تالاي ئازاپلىق سۇئاللار ئىچىدە قىينىلاتتى. ئۇ بۇ رەھىمسىز رىئاللىقتىن قۇتۇلماقچى بولۇپ بۇ ئىشلارنى ئويلىماسلىققا، ھەممە ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشسىمۇ، لېكىن قەلبىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىدىن دىلنازنىڭ خېتىنى كۈتەتتى . ئۇنىڭ بۇ سەھراغا كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ، مۇشۇ سەھرادا ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك مەھبۇبە بولۇپ قېلىشىنى شېرىن خىياللار ئىچىدە ئۈمۈت قىلاتتى.

ئۇ ئۇقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇگۈنۈشنى توختۇتۇپ قويمىدى، كۈندىزى ئاتا-ئانىسىغا ھەمرا بولۇپ ئەمگەك قىلسىمۇ، كەچلىرى يەنىلا ئۇرۇمچىدىن ئالغاچ كەلگەن ئىنگلىز تىلى ئۇقۇشلۇقى، پايدىلىنىش ماتىرىياللىرىغا قاراپ تىنماي ئۇگەندى. بۇ سەھرادا بۇ تىلنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوقلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، تىرىشچان، ئۈمۈتۋار بۇ ياش يەنىلا ئىزدىنەتتى. تىرىشچانلىق تەبىئىتى ئۇنى تىنماي ئۇگۈنۈشكە ئۈندەيتتى...

بىر كۈنى كەچتە تال بارىكى ئاستىدىكى سۇس چىراق يورۇقىدا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ماتىرىيال كۆرىۋاتقان ۋارىسنىڭ قېشىدا بىر يىگىت پەيدا بولدى.

- بارمۇ قارى ئاداش، دىلناز قىزغا بولغان ئاشىقلىق ئەمدى ماۋۇ چەتئەلنىڭ كىتاۋىغا يۆتكەلدىمۇ نىمە؟

ۋارىس چۆچۈگەندەك ، ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان دوستى مۇرادىلنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنى كەڭ يەلكىلىرى بىلەن چىڭ

قۇچاقلىدى.

- جېنىم ئاغىنەم. سىنى شۇنداق سېغىنىپ تۇراتتىم.

- سېغىنغان ئادەم بىزنىڭ مەھەللە تەرەپكە بارار ئىدىڭ. سەن دىلنازدىن باشقا بىرەرىنىمۇ سېغىنامسەن ئاغىنە؟؟؟

- توۋا دېگىنە، توۋا...ماڭا مۇھەببەتلا ئەمەس دوسلۇقمۇ كېرەك جۇمۇ .

ئىككى ئاغىنە ئۇزاق مۇڭداشتى، ۋارس يىغلىپ قالغان دەرتلىرىنى، سېغىنىشلىرىنى مۇرادىلغا دەپ خېلى يېنىكلەپ قالدى.

-ئاجايىپ بىر قىز ئىدى ئۇ. خۇدايىم بەختىنى بەرەر،- ۋارسىنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان مۇرادىل ۋارسىنىڭ قولىنى سىقتى.- ياخشىلارنىڭ ھامان بەختىنى بېرىدۇ خۇدايىم، ئىشەنگىن، پەرىشتىدەك قەلبى ئۇچۇن ياخشى بىر ھەمرانى نېسىپ قىلىدۇ .

- لېكىن، لېكىن...ئۇ مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. چۇقۇم مەندىن نەپرەتلەنگەن گەپ. مەن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭدىن ھېچ ئۇچۇر كەلمىدى. يا بىرەر پارچە خەت يوق.

- سەن كۆرۈشمەيلا، چۈشەنچە بەرمەيلا كاللىدەك قايتىپ كەلگەندىكىن ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال. سەندەك ئىرادىسىز ئادەمدىن نەپرەتلەنسىمۇ نەپرەتلەنگەندۇ؟

-بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

-سەن ئويلىمىدىڭما؟ يىگىت دېگەندە پۇلاتتەك ئىرادە، باتۇرلۇق بولىشى كېرەك. دىلنازنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىككى ئېغىز قاتتىق گېپىنى ئاڭلاپلا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ قالغان تۇرساڭ. خۇددى شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاندەك غېپىدە قېچىپ كىلىۋالساڭ...

- بولدى، بولدى... يۈرۈكۈمنى ئېزىدىغان گەپلەرنى قىلما . ھازىرقى دەردىممۇ يېتىپ ئاشىدۇ مىنىڭ.

- ياق، دىمەي بولمايدۇ. سەن خاتا قىلدىڭ. شۇنداق ياخشى بىر قىز پۈتۈن كۈچى بىلەن بەختىڭ ئۈچۈن تىرىشىۋاتسا سەن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمىدىڭ. دۇنيادا ئەسكى ئاتا-ئانا يوق، ھەر قانداق ئاتا-ئانىنىڭ ئارزۇسى پەرزەنت بەختى. دىلنازنىڭ ئاپىسىنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ دەل شۇ قىزى ئۈچۈن. يالغۇز ئەتىۋارلىق قىزىنى سەھراغا كىلىن بولمىسۇن، قىينچىلىقتا

قالمىسۇن دىگەن گەپ. ھەممە ئادەم ئىشنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئويلايدۇ. سەنمۇ ئىرادىلىكراق بولساڭ بولاتتى. ئۆزەڭنىڭ چىن مۇھەببىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئاشىقىڭ بىلەن مەڭگۈ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن سۈكۈت قىلساڭ، يىلىنساڭ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭ نىمە بولۇپ قالاتتى. غۇرۇر دىيىشلىك مۇمكىن. بىلسەڭ ، ئاشۇ قىزنىڭ خوشاللىقى ئۈچۈن قۇربان بىرەلىسەڭ ئاندىن غۇرۇرۇڭ كۆلەتتى.

ۋارىس ئاغىنىسىنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئويلۇنۇپ قالدى. يىنىكلىك قىلىپ سالغىنىغا سەل پۇشمانمۇ قىلدى. لىكىن بۇ ئوخشىمىغان ئىككى دۇنيادىكى ئائىلىنىڭ قۇدا بولۇشىنىڭ رىئاللىقتىن تولىمۇ يىراقلىقىنى ، كىيىنكى يۈز بىرىدىغان نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلاپ ئۈركۈنۈپمۇ كەتمىدى.

ـ ھە راس، ئاغىنە. مەن 2ـ3 كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچىگە ماڭماقچى، بۇ يىزىدا ئۇقۇتقۇچىلىق قىلىپ جاپا تارتقۇچە ، ئۈرۈمچىدىكى بىرەر يىمەك ـ ئىچمەك كارخانىسىدىن خىزمەت تاپايمىكىن دەيمەن. كەسىپىمىزمۇ شۇ ئىشلارغا چۈشۈدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر شىنجاڭدا بۇ خىل كارخانىلار كۆپلەپ قۇرۇلىۋاتىدۇ... قانداق ، توغرا ئويلاپتىمەنمۇ؟

ۋارىس مۇرادىلىنىڭ ئىرادىسىدىن ھەيران قالدى، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە مەسلىگى كەلدى.

ـ لىكىن، ئاتا ـ ئاناڭ...

ـ ئۇلارنى قايىل قىلدىم، ئاۋال بىرىپ بىر سىناپ باقاي، تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈپ چۈقۇم شۇ يەردە قالىمەن. شۇڭا سەن بىلەن كۆرۈشۈپ كىلەي دەپ كەلگەن، ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كىتىدىغان خەت ـ خالتا بارمىكىن دەپ...

ـ يو...ق...يوق... كىمگە خەت ـ خالتا ئىبەرتەرمەن ؟

ـ كىمگە ئىبەرتىتتىڭ، يۈرۈگۈڭدىكى پەرىشتەڭگە ئىبەرتەرسەن.

ـ بولدى، بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بۇزغۇم يوق. ئۇ بەلكىم ھىلىغىچە ھىلىقى نۇردۇن دىگەن يىگىت بىلەن تۇنۇشۇپ بولغاندۇ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىنى تۈزۈپ بولغاندۇ. ئەمدى رىئاللىققا باش ئىگەي. ئۆزەمنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ بىئارام قىلىپ يۈرمەي.

ـ بۇ دىگىنىڭغۇ توغرا. لىكىن كۆرۈشۈپ قالسام نىمە دەرمەن .

ـ كۆرۈشەلمىدىم دەپ قۇيغىن. ئۇنىڭغىمۇ ئۇنتۇش پۇرسىتى بەرمىسەم

بولمايدۇ.

- بولىدۇ ئاغىنە. لېكىن زە ئۆزەڭنى تاشلىۋەتمە جۇمۇ. سەندەك بىلىملىك، تىرىشچان دوستۇمدىن زور ئۈمۈتلەرنى كۈتىمەن...

مۇرادىل ۋارىس بىلەن ئۇزاق مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ۋارىس ئۆزىنىڭ كەلگۈسى سەپىرىنى ، بەختىنى ئىزدەپ ماڭغان دوستى ئۈستىدە ئويلۇنۇپ، ئەمدى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۇلۇغ سەھرادا، پەرىشتىنىڭ قەلبىدەك مېھرىبان دېھقانلار ئارىسىدا ئۆمۈرلۈك يىلتىز تارتىشى كېرەكلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. بەلكىم مۇشۇ جاپاكەش لېكىن مېھرى ئىسسىق زېمىندا ئۇنىڭمۇ گۈزەل كەلگۈسى باردۇر، بەختى باردۇر، دىلنازنىڭ ئورنىنى ئالالمىسىمۇ ، ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر دىيانەتلىك سەھرا گۈزىلى باردۇر...

ئۆزى كۈتمىگەن رىئاللىق ئالدىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي قەلبى ئازاپ ئىچىدە ئۆرتەنگەن دىلناز نەچچە كۈن ھوجرىسىدىن چىقماي ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ چىقتى. ئۇ تۇرمۇشىدىن بۇلارنى كۈتمىگەن ئىدى، ئايرىلىشنى ئويلىمىغان ئىدى. ئۆزىگە ئالەمچە كۆيىنىدىغان ئاتا-ئانىسىنى قايىل قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق بولماي قالدى. ئاپىسى ئۇنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇردى، ۋارىسنى يېزىغا كىتىشكە ، دىلنازدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۆزىنى تۇۋەن كۆرىدىغان ۋارىس بىر قېتىملىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇن-تىنسىزلا كەتتى. لېكىن دىلناز ۋارىستىن ئەسلا ئاغرىنمىدى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىتتى ، ئۇنىڭ ئاپىسى ئالدىدىكى بىچارە، تاتىراڭغۇ چىرايىنى،يۈرىكى دەرتلىك ئاھ ئۇرغان مىنۇتلارنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا ئازاپلانغانلىقىنى، ئايرىلىش دەردىدە يۈرىكىنىڭ سۇ بۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئويدان بىلەتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئويلاندى، ئۆز-ئۆزىگە سۇئال قويدى، ئۆزىنىڭ قىزلىقىنى، ئارزۇسى، ئىنتىلىشى، سۆيگۈسى ئۈستىدە باش قاتۇردى. ۋارىس بىلەن نۇردۇنىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى. نۇردۇنىنىڭ ھەممە تەرەپتىن لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىككى ئائىلىنىڭ ھەممە تەرەپتىن ماس كېلىدىغانلىقىنى يەكۈنلىدى. لېكىن

نامرات ۋارسنى يەنىلا ھەممىدىن ئەلا كۆردى. دۇنيادىكى بارلىق خوشاللىقنى پەقەت ۋارستىنلا تاپىدىغانلىقىغا نىمجان يۈرىكى گۇۋاھ ئىدى. ۋارس قالدۇرۇپ كەتكەن بىر ئۆچمەس ئوت گۇۋاھ ئىدى. ئۇ ئاخىرى يەنىلا ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۆزىنىڭ بەختىنى ئۆزى يارىتىش قارارىغا كەلدى.

نازىر قىزىنىڭ مىسكىن چىرايىغا ، ئۆزىنى يۇقۇتۇپ قويىشىغا ، كۆز ياشلىرىغا قاراپ پەقەت چىدىمىدى. دۇنيالىقتىكى بىرلا قىزىنىڭ بۇ خىل چۈشكۈنلۇشۇپ كىتىشىدىن يۈرىكى ئەلەم بولدى. ئايالىنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپ بىر ئېغىر خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ سالغانلىقىنىمۇ ھىس قىلىپ يەتتى. ئەقىللىق، تىرىشچان، مۇستەقىل پىكىرگە باي قىزىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى يىگىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىغا، ئايالىغا ھە دىيىشىپ بەرگەنلىكىگە ئۆكۈندى. سەھرالىق، نامرات بولسا نىمە بوپتۇ، دىھقان بولسا نىمە بوپتۇ. قېنى كىم دىھقان ئەۋلادى ئەمەس؟ قېنى كىم سەھرالىق ئەمەس؟... مەنمۇ شۇ يېزىدىن كەلگەن، ئاتا ـ ئانامىمۇ بىر ئۆمۈر شۇ يېزىدا ھالال ئىشلەپ، ھالال ياشاپ ئۆتكەن. ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىمىمۇ يەنە شۇ يېزىدىغۇ...نازىر پات ـ پات مۇشۇنداق سۇئاللار ئىچىدە قىينىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىرلا قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ ۋارسىنىڭ ئەخلاقلىق، قائىدىلىك، سەممى چىرايى، ئەقىللىق، تىرىشچانلىقى ئۇنىڭغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

بىر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كەلگەن نازىر تاماققا چۈشمەي ھوجرىسىغا بىكىنىۋالغان دىلنازغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ قېشىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ھەسرەتلىرى ئىچىگە پاتماي ئازاپلىنىپ ئولتۇرغان دىلناز كۆلۈمسىرەپ ئاستا كىرىپ كەلگەن دادىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي، يۈگۈرۈپ بارغىنىچە دادىسىغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. قىزىنىڭ ھالىغا قاراپ چىدىمىغان دادا دىلنازنىڭ چاچلىرىنى مېھرى بىلەن سىلاپ چاناقلىرىغا لىققىدە ياش ئالدى. كۈندە نۇرغۇن ئادەمنى باشقۇرۇپ، نۇرغۇن ئىشلارنى تەمكىنلىك بىلەن بىجىرىدىغان، باشقىلار ئالدىدا تاغدەك قامەتلىك جىسمىنى تىك تۇتۇپ كەلگەن نازىر پەرزەنت مۇھەببىتى ئالدىدا ئۆزىنى ئۇنۇتتى.

ـ بولدى، يىغلىما قىزىم . داداڭنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلما.

ـ يىغلىماي دىسەممۇ يۈرۈگۈم يىغلايدۇ دادا. بۇ تۇرقۇمدا سىزنىڭ ئالدىڭىزدىكى ئوبرازىمنىمۇ يۇقۇتۇپ قويدۇم. پەخىرلىنىدىغان قىزىڭىز ئامالسىز

قالدى.

- بولدى دىمە. مەن چۈشۈنىمەن.

-چۈشەنسىڭىزلا بولدىغۇ دادا. مىنى ئەيىپلىمىسىڭىز، مىنى نادانكەن دىمىسىڭىز، ئەقلىدىن ئېزىپتۇ دىمىسىڭىزلا بولدى.

- ياق قىزىم. ياق. مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم. مەن سىنىڭ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. ھىسيات ئالدىدا ھەر قانداق ئىرادىلىك ئادەممۇ باش ئىگىدۇ.

دىلناز قىزارغان كۆزلىرىنى دادىسىغا تىكتى. ئۆزىنى توغرا چۈشەنگەن دادىسىدىن شۈنچىلىك سۆيۈندى.

- رەخمەت دادا. رەخمەت .

- ئولتۇر قىزىم. مەن سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي. بىزنىڭ سىنىڭ بەختىڭنى ئويلاپ شۇنداق قىلغىنىمىزنى بىلەمسەن؟

- بەلكىم.

- نۇردۇن ئاكاڭ توغرىسىدا ئويلۇنۇپ باقتىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئىسىل باللىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان، ئاتا-ئانىسىمۇ بەك ئوبدان ئادەملەر. ئۇ ھەممە تەرەپتىن ساڭا ماس كىلەتتى.

-بىلىمەن دادا. نۇردۇن ئاكامنىڭ پەزىلىتىنى بىلىمەن. بەلكىم ۋارىس بىلەن تونۇشۇپ قالمىغان بولسام چوقۇم نۇردۇن ئاكامنى تاللىغان بولاتتىم. لېكىن ئەمدى ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن ھەرگىزمۇ مەكتەپ ھاياتىمدا بىرەر يىگىت بىلەن ئارلىشىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغان. مىنىڭ پۈتۈن خىيالىم ئۇقۇش ئىدى. لېكىن تەقدىر شۇنداق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىلىمى ، ئەخلاقى، سەممىملىكى مىنى قايىل قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى بالا...

- بۇنى مەن بىر قاراپلا بىلگەن قىزىم . ئادەم دىگەننى تۇرقىدىنلا بىلگىلى بولىدۇ.

- لېكىن دادا...بىر ياخشى يىگىتتىن ئايرىلىپ قالدىم.

- ئۇمۇتۋار بول قىزىم. نۇردۇن ئاكاڭ بىلەن كۆپرەك كۆرۈشۈپ ، سىردىشىپ ئۆتسەڭ ئۇ ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ كىتىشىڭ مۇمكىن. ئالدىڭدا خىزمەت ئىشلىرىڭ بار. خىزمەت دىگەنگە باشتىن تارتىپ مەسئۇلىيەتچان بولۇش كىرەك. شۇ ئىشلار بىلەن بەنت بولساڭ ھەممە ئىش ئۇتۇپ كىتىدۇ.

-ئۇنداق ئاددى ئەمەس دادا. ئۇنداق ئاددى ئەمەس... مەن مەيلى

ئىمگە ئىرىشەي قەلبىم مەڭگۇ يىتىم قالىدۇ...

نازىر قىزىدىكى ئۆزگۈرۈشتىن بەك ھەيرانمۇ قالمىدى. ئۇمۇ شۇنداق بىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن، ئالى مەكتەپ ھاياتىدا شۇنداق مەنىلىك مۇھەببەت ئەسلىمىلىرىنى قالدۇرغان، شۇ كۈنلىرىدىن خوشاللىق تاپقان، تۇنجى سۆيگەن قىزىدىن ھاياتنىڭ مەنىسىنى بىلگەن. لېكىن ئۇقۇش پۈتتۈرگەندە ئامالسىز يۇرتىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان... خىزمەت ئىچىدە ھازىرقى ئايالى بىلەن تونۇشقان، شۇ ئەسلىمىلەر ئىچىدىن ئايرىلماي تۇرۇپ توي قىلغان، خىزمەتتىكى نەتىجىسى بىلەن قاتلاممۇ قاتلام ئۆسۈپ ئورۇمچىگە كىلىپ ئولتۇراقلاشقان، نازىر بولغان...لېكىن مۇشۇ ياشتىمۇ مەكتەپتىكى شۇ تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئىزلىرى يۈرىكىدىن ئۆچۈپ بولالمىغان. قەلبىدىكى پىنھان سىرلار بىر ئوزگىلا ھەمرا بولۇپ كەلگەن... نازىر قىزنى بەزلەپ تاماققا ئېلىپ چۈشتى. دادىسىنىڭ مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان دىلناز بۈگۈن باشقىچە ئىشتىھا بىلەن غىزالاندى.

نازىر يەنە بىر مەزگىللەرگىچە قىزنى كۈزۈتۈپ تۇردى. ئارىلىقتا بىر قانچە قېتىم ئىزدەپ كەلگەن نۇردۇنمۇ جاۋاپسىز قايتىپ كەتتى. قايتا-قايتىلاپ مېھمان بولۇپ كەلگەن ئۆمەر ۋالى ۋە ئايالىمۇ دىلناز بىلەن كۆرۈشەلمەي، نازىر ۋە پەرىدە خانىمدىن ئىنىق بىر نەتىجىنى ئۇقالماي قايتىپ كىتىشكە مەجبۇر بولدى. دىلنازنىڭ ئۆتەر يوللىرىدا <بىك> ماركىلىق ئىسىل ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ساقلىغان نۇردۇن دىلنازنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن ، تۇتۇلغان چىرايىدىن ئاستا-ئاستا سۇۋۇشقا باشلىدى. مەلۇماتلىق بۇ يىگىت بۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۆزى بىلەن ۋارسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، قىزنىڭ ۋىجدانلىقلىغىغا ، سادىقلىقىغا ھەۋەس قىلدى. نازىر ئەسلىدە مەلۇم مەزگىلدىن كىيىن قىزنىڭ رىئاللىققا يۈزلىنىشىنى، ۋارىسىنى ئۇنتۇشىنى ئۈمۈت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان قەتئىيلىكنى، ئىرادىنى كۆرۈپ ئويلۇنۇشقا باشلىدى. ئۇ دىلنازنىڭ بەختى، كۈلكىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بىرىشى كېرەكلىكنى ھەقىقى ھىس قىلدى.

كارۋاتتا يۇلۇنۇپ ئايالىنىڭ ئەيىنەك ئالدىدىكى تۇختىماي كىيىم ئالماشتۇرىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ ياتقان نازىر ئۇكۇنگەندەك بېشىنى چايقاپ

قويدى. ئۇ كوڭلىدىكى تۇگۈننى يەشمەكچى بولغاندەك ئۇدۇللا ئېغىز ئاچتى.

-ئەينەككە بوشراق قاراپ، قىزىڭنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئويلاپ قويساڭ بولمامدۇ؟

-ئويلىدىمغۇ دادىسى، ئويلۇدۇم. ئولتۇرسام-قوپسام شۇنىڭ غېمىدە مەن .

- راسما؟

-توۋا، قانداق بىر ئانا قىزىنىڭ غېمىنى قىلمايدۇ. شۇنى بەختلىك بولسىكەن، ياخشى بىر يەرگە تۇرمۇشقا چىقسىكەن دەپ خېزمەت ئىشلەپ هېرىپ كەتتىم. نۇردۇندەك شۇنداق ياخشى بالا ئىشىك ئالدىمىزغا كەلسە ، سارائدەك يەنە شۇ سەھرانى سېغىنىدۇ. ۋارىس دىگەن بالا كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ بۇنىڭ.

- ئاشۇمۇ غەمما. ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە بەختىنى ئويلاپ قويايلى.

-ۋۇي ، دادىسى. نىمە دىگەنلىرى بۇ؟ كاتتا ئائىلىگە كىلىن بولسۇن، ئىستىقباللىق يىگىتنى جۈپتى قىلسۇن دەپ چاپقىنىم خاتا بولغان ئوخشىمامدۇ؟

- خاتا دىمىدىم. سەنمۇ ئۇنىڭ باي-باياشات تۇرمۇش كەچۈرىشىنى خالايسەن. لېكىن ئويلاپ باقتىڭمۇ، هېلىقى ۋارىس دىگەن يىگىتمۇ ناهايىتى ياخشى ئۇقۇغان بالىكەن، ئۇمۇ چۇقۇم خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ ئۇززۇنغا بارمايلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى مۇمكىن.

-ھە؟ ...نىمە؟ كاللىلىرى ئايىنىپ قالمىغاندۇ. ئاران دىگەندە ئاجرىتىپ يولغا سالغان تۇرسام، يەنە شۇ بالىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاملا. ئەمدى ئۇ ئىشلار تۈگۈسۇن دادىسى.

- لېكىن بىز تۇگەتكىنىمىز بىلەن ئاۋۇ قىزىمىز تۈگەتمەيدىكەن ئەمەسمۇ، ساڭا باتناپ گەپ قىلمىغىنى بىلەن ماڭا كۆڭلىدىكى ھەممە گەپلىرىنى دىدى. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى.

-ئۇنتۇيدۇ. نۇردۇننىڭ ئىسىل ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ، ئىسىل رىستۇرانلارغا بېرىپ، ئۇنىڭ قەدىرلىشىگە، ئارزۇلىشىغا ئېرىشىپ ماڭغانسىرى ھەممىسنى ئۇنتۇيدۇ. بەلكىم كېيىن ئۆزىنىڭ ئاخماقلىقىغا پۇشايمانمۇ قىلىدۇ تېخى.

- بىكار گەپ. ئۇ ئۇنداق پۇل-مالغا دۆم چۈشكەن قىز ئەمەس . بىلىسەنغۇ ئۇنىڭ خاراكتىرىنى. ئۇنىڭ نۇرغۇن مىجەزى مىنى پەخىرلەندۇرىدۇ.

-لېكىن چۇقۇم نۇردۇن بىلەن تويىنى قىلىپ، ئۆمەر ۋالى بىلەن قۇدىلىشىپ بولمىساق قەتئىي بولمايدۇ. جان دوس ئاغىنىلىرىگە بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسلا جۇمۇ.

-ھەي خۇتۇن ،ھەي خۇتۇن. سەنمۇ مەن بىلەن توي قىلغاندا ئاشۇ سەھرادىن ئەمەسمىدىڭ . ئاشۇ كۈنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ بىز كۆرمىگەن نىمە كۈنلەر قالغان شۇ ۋاقىتلاردا...بىر يوتقان، بىر كۆرپە بىلەن بىر ئۆيگە كىرگەنتۇق. مانا ھازىر خۇدايىم شۇنداق بەختىيار كۈنلەرنى بىرىۋاتامدۇ؟...قارىغاندا سەنمۇ شۇ ۋاقىتلاردا مەندىن قاتتىق نارازى بولۇپتىكەنسەندە....

ياق ، ياق....- نازىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرغان پەرىدە خانىمنىڭ ئېغىزى تىمتاس توختىدى. ھازىرقى راھەت، غەمسىز تۇرمۇشى ئىچىدە تۇرۇپ، بۇرۇنقى ئەسلىمىلەرگە ئەسلا چۆمۈپ باقمىغان خانىمنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىغا نازىر بىلەن توي قىلغان ۋاقىتتىكى كۈنلەر كەلدى. ئۆزىنىڭ يېزىدىكى تۇرمۇشى كەلدى. دېھقان ئاتا-ئانىسى كەلدى. ئۇ شۇ چاغلاردا يولدىشىنى ھەرگىزمۇ نامرات كۆرمىگەن، سەھرالىق كۆرمىگەن. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ بەختىنى تاپقان، خوشاللىقنى تاپقان، ئۇماق قىزى دىلناز كۆز ئاچقاندىن كېيىن ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال ھېس قىلغان...ئۇ شۇ تاپ ۋارسقا دېگەن زەردىلىك گەپلىرىنى كۆڭۈل تارازىسىدا جىڭلاپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايىماي غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغىنىنى ئەسلىدى، قائىدىلىك يىگىتنىڭ يەرگە قاراپ تۇرۇپ خىجىللىق ئىچىدە ئولتۇرغان ئاجىز ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى...

كۈنلەر ئۆتتى، قىزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسى ئالدىدا ئاجىز كەلگەن نازىر ئاخىرى ئايالىغا نەچچە قېتىم خىزمەت ئىشلىدى. قىزى بەختلىكلا بولسا ئۇنىڭ ئارزۇسىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردى. مەنسەپ، پۇل تاماسىدا ئەمەس، ئاساسلىقى قىزىنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى نىشان قىلغان ئانا ئاستا-ئاستا نىيىتىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدى.

دىلناز ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇئامىلىسىدىكى ئۆزگۈرۈشلەردىن باشقىچىلا خوشال بولدى. ئۇ بۇرۇنلا ئۆزىنى جىنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئاتا-ئانىسىنى قايىل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. ئۇ ئەمدى شۇ بەختلىك كۈنلەرنى

كۆتۈش ئىچىدە ئۆتمەكتە. ۋارس بىلەن ئۇتىدىغان كۇڭۇللۇك مىنۇتلارنى سېغىنىش ئىچىدە ئۆتمەكتە. ئۇئەمدى مۇكەممەل دىلنازغا ئايلىنىدۇ. ھەممە نەرسىگە بۇرۇنقى تىرىشچانلىقى، قىزنقىشى بىلەن قارايدۇ. ئەمىن تاپقان قەلبى بىلەن ئەڭ ئۇلۇغۋار غايىگە كىلىدۇ . ۋارس بىلەن ئەڭ يۈكسەك ئىستىقبال ئۇستىدە ئىزدىنىدۇ. تىرىشىدۇ.

نازىر پەرىدە خانىم بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ، خىزمەت ئىشلەپ ۋارسىنى ئۇرۇمچىگە ئورۇنلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. دىلنازنىڭ مۇھەببەت ئۇچۇن بەرگەن قۇربانلىقلىرى ئالدىدا ئەسىر بولۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭا ئاخىرى قىزىنى چاقىرتىپ ۋارسىنىڭ خىزمەت ئىشىنى سۆزلەشتى.

ـ قىزىم. سەن بىزنى ئاخىر بويسۇندۇردۇڭ، سىنى خوشال بولسۇن، بەختلىك بولسۇن دەپ قىلغان ئەجرىمىز ھەممىسى بىكار بولدى. ئۆمەر تاغاڭمۇ ، نۇردۇن ئاكاڭمۇ ئاخىر ئۇمۇدىنى ئۈزدى. ئۆمەر تاغاڭغا بەرگەن ۋەدەم ئالدىدا، نەچچە 10 يىللىق قەدىناسلىق ئالدىدا يەنىلا سىنىڭ ئارزۇيىڭنى ، سىنىڭ سۆيگۈڭنى مۇھىم دەپ قارىدىم. شۇڭا قىزىم. ۋارسىنىڭ خىزمەت مەسىلىسىنى دىيىشتىن بۇرۇن بىر قىسىم ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشۋالمىساق بولمايدۇ.

دىلناز دادىسىنىڭ سۆزلىرىدىن كەلگۈسىدىكى بەختىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ رايىش، مېھرىبانلارچە سۆزلىرىدىن يۈرەكلىرى سۆيۈنۈپ كەتتى.

ـ قېنى دادا، قۇلىقىم سىزدە.

ـ ئەمىسە ئىنىقلا دەي قىزىم. تۇرمۇش دىگەن سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددى ئەمەس. سەن ئارزۇ قىلغان خوشاللىقلارنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر بۇلۇشى تەبئىي. مەكتەپتىكى ئاددى مۇھەببەت قارىشى بىلەن ئۆمۈرلۈك ھايات مۇساپەڭنى باغلىۋېلىشىڭ ئاقىلانىلىق ئەمەس. شۇڭا ئۇ يىگىتنى يەنىلا چۈشۈنۈشۈڭ، توي ئىشى ئۇچۇن ئالدىرىماسلىقىڭ كېرەك. سەن بىلمەيسەن قىزىم، توي ھېچقانداق بىر ئىشقا ئوخشىمايدۇ، ھەر قانداق ئىشنى خاتا قىلىپ سالغان بولساڭ ئۆزگەرتكىلى ، تۈزەتكىلى، قايتىدىن باشلىغىلى بولىدۇ. لېكىن نىكاھ ئۇنداق ئەمەس، ئۇنى خاتا مېڭىپ ساپتىمەن دەپ كەينىگە يېنىۋېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ۋارس خىزمەتكە چىقىپ

بىرەر يىلدىن كېيىن ئاندىن توي ئىشلىرىنى ئويلاشساق.

- ئەلبەتتە . مەنمۇ ھەرگىز توي قىلىشقا ئالدىرىمايمەن. پەقەت سىلەرنىڭ ماقۇللۇقىڭلارلا بولسا بىز كۆتۈشكە رازى. ۋارسمۇ كېيىنكى ئىشلىرى ئۇچۇن ئاز تولا ئىقتىساد جۇغلىمىسا بولمايدۇ. سىلەر ئىشىنىڭلار ، بىز چوقۇم بەختلىك بولىمىز، سىلەرنىڭ ئۈمۈدىڭلارنى يەردە قويمايمىز . - دىلناز ئىچ-ئىچىدىن چىقىۋاتقان ھاياجىنىنى باسالماي ئەركىلەپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى.

-لېكىن ئىسىڭدە بولسۇن، ئۇنى يەنە بىر يىل ئوبدان كۆزەت، ئۇرۇمچىدە بولغاندىكىن بىزمۇ ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزى، خاراكتىرى ھەققىدە خىلى بىر نەرسىگە ئىگە بولۇپ قالغۇدەكمىز. شۇڭا كەلگۈسىڭگە ھەققى ئىشەنگەن ۋاقتىڭدا ئاندىن تويىڭنى قىلىپ قويايلى، توغرا دىدىممۇ؟

- توغرا دىدىڭىز دادا، سىزماڭا ئىشەنگەن ئىكەنسىز مەن چوقۇم سىزنىڭ ئۈمۈدىڭىزنى ئاقلاشقا تىرىشىمەن. لېكىن ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا مەن ئىشىنىمەن. دۇنيادا ئۇنىڭدەك بىر ياخشى يىگىتنى مەن ھەرگىز تاپالمايمەن. بۇ ئاللا ماڭا ئاتا قىلغان بەخت دادا.

دىلنازنىڭ ھاياجانلىنىپ تىترەپ كىتىۋاتقان جىسمىغا قاراپ دادا مېھرى بىلەن كۈلۈمسىرىدى. قىزىنىڭ كۈلگەن چىرايى ، بەختتىن ھاياجانلانغان قىياپىتى نىمىدىگەن ئۇماق ھە. بالاڭنى كۆر جىنىڭنى كۆر دەپ بىكار ئېيتمىغاندە كونىلار. ئۇ پەرىدەك گۈزەل قىزىنىڭ كۆڭلىنى نىمىشقا بۇرۇنراق چۈشەنمىگەن بولغىيتتى ...

-ھە،ياخشى ...ئەمدى كېينكى گەپكە ئۆتەيلى. ۋارسىنىڭ خىزمەت ئىشىنى ئۇقۇشۇپ قويدۇم، شەھەرلىك سۇپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىغا ئىشقا چۈشىدىغان بولدى.

راسىما،- ھەيرانلىق ھەم خوشاللىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن دىلناز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە قايتىدىن سەپسالدى.

- راسما دادا. مىنى بەك خوش قىلىۋەتتىڭىز. مىنى چۈشەنگىنىڭىزگە، مىنىڭ بەختىمنى ئويلىغىنىڭىزغا ، جاپا چەككىنىڭىزگە كۆپ رەخمەت.- دىلنازنىڭ ھاياجانلىق ياشلىرى يۈرەكلىرىنى يىرىپ مەڭزىگە سىرغىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇتۇۋېلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ، نىمىشقىدۇر دادىسىنىڭ تىزىغا بىشىنى قويۇپ

ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى.

ـ بولدى يىغلىما قىزىم، بولدى. يۈرۈكۈمنى يەنە ئىزەي دەمسەن. مىنىڭ ئەمدى ئىككىنچى سىنىڭ ياشلىق كۆزلىرىڭنى، مىسكىن چىرايىڭنى كۆرگۈم يوق. خۇدا بەختىڭنى بەرسۇن قىزىم. بەختىڭنى بەرسۇن.ـ نازىرمۇ قىزىنىڭ ھاياجانلىق يىغىسىغا قاراپ نەمدەلگەن يۇزلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن ئاستا سۈرتتى.

دىلناز غالىپ كەلدى. مۇھەببەت ئالدىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى، ۋىجدانىنى ئاقلىدى. ئۇ ھاياجانلىق ياشلىرىنى قارا سىياھقا قېتىپ، ۋارىسقا خوشاللىق خېتى يازدى. ئۇ شۇنچىلىك ھاياجان ، شۇنچىلىك تاقەتسىزلىك ئىچىدە يازدى. بىر قىسىم كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشىنى، بەخت ئالدىدا ، مۇھەببەت ئالدىدا ئۇنچىلىك زەربىنىڭ ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ يازدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىز بەختىنى ئىزدەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا مېھرىبانلار ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ يازدى. ئۇنىڭ خىزمەت مەسلىسىنىڭ ھەل بولغانلىقىنى، نۇپۇس رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، بارلىق ئۇقۇش ئارخىپلىرىنى ئېلىپ كېلىشىنى تەۋسىيە قىلىپ يازدى. جاپاكەش ئاتا ـ ئانىسىدىن چۇقۇم رازىلىق ئېلىشىنى ، ئۇلارنى ھىجراندا قويماسلىقىنى ئۈمۈت قىلىپ يازدى. كېينكى ئەڭ بەختلىك كۈنلەرنىڭ ئەمدى باشلىنىدىغانلىقىنى، ئازاپلىق سۆيگۈ ھەسرەتلىرىنىڭ ، دەرتلىرىنىڭ ئەمدى ئۇنتۇلىدىغانلىقىنى ھاياجان ئىچىدە تىترەپ تۇرۇپ يازدى...دىلناز شۇ قەدەر خوشال ئىدى. ئۇ ۋارىسىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەچ ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىشلىرى توغرىسىدا ئويلاندى، ئىزدەندى. ئەڭ مۇۋاپىق خىزمەت تېپىش ئۈچۈن تىرىشتى. نازىر ئۆرۈمچىدىكى ئەڭ نوقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئۇنىڭغا خىزمەت ئۇقۇشتى. ئۇ دادىسىنىڭ جاپاسىغا قانچىلىك رەخمەت ئېيتسا ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھاياجانلاندى...

دىلناز ئۇقۇش باشلاشنى ، خىزمەتكە چىقىشنى كۈتىۋاتقان كۈنلەردە تىلشۇنىيە ئىستانسىسىغا دىكتور قۇبۇل قىلىدىغان ئىلاننى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىنىڭ، تىل قابىلىيىتىنىڭ، چىرايىنىڭ ھەقىقەتەن چۈشۈدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە ئىمتاھان بىرىپ سىناپ بېقىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۇ ئىمتاھانغا قاتناشتى . 100دىن ئارتۇق قىزنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئالى

مەكتەپتىكى رىياسەتچىلىك ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، گۈزەل ھۆسنى، لاتاپىتى، تىل قابىلىيىتى، سەزگۈر ئىنكاسى بىلەن بىرىنچى بولۇپ تاللىنىپ قالدى. ئۇ ئاتا-ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، دىكتورلۇق خىزمىتىنى تاللىدى. تېلىۋىزىيە ئىستانسى رەھبەرلىرىنىڭ تەلىۋى بويىچە 1 ھەپتىگە بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئېكران ئالدىدا گۈزەل ئوبرازى بىلەن پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ۋارىس دىلنازنىڭ خىتىنى، سۆيەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ كادىر قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلاندى. ھەممە ئىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن، سەھرادىكى رىئاللىققا يۈزلەنگەن ۋارىس كۆپ ئويلاندى. ئاتا-ئانىسىنى ئويلىدى، ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى ئويلىدى، دىلنازنى ئويلىدى، ئۆزىنى ئويلىدى، كەلگۈسى بەختىنى ئويلىدى. ئاخىرى ئاتا-ئانىسىغا ئۆزىنىڭ كەچمىشىنى ياش تۆكۈپ تۇرۇپ دېدى، ھازىرقى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنى، رىئاللىقنى ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى،يۈرەك تېۋىشىنى دېدى. جاپاكەش ئاتا-ئانا ئوغلىنىڭ بۇ تويى ئىشىدا كېيىن نۇرغۇن ئۆكۈنۈشسىزلىققا ، چىگىش مەسىلىلەرگە يولۇقىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن يەنىلا خوشال بولدى. ئوغلىغا كەلگەن ئامەتتىن يۈرەكلىرى ھاياجان ئىچىدە تىترىدى. ئوغلىنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى، بىلىمى ئارقىلىق بىر نازىرىنىڭ قىزىنى، نازىرنى تەسىرلەندۈرگىنىدىن پەخىرلەندى. ئۇلار ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ يىمەي-ئىچمەي يىققان ئازغىنا تۇگۈنچىنى ۋارىسقا تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا سالامەتلىك، بەخىت، ئۆكۈنۈشلۇق تىلەپ ، ئۇنى ئېگىزدىكى گۈزەل، باياشات شەھەرگە ئۇزۇتۇپ قويىدى.

تەقدىر مانا مۇشۇنداق تاساددىپىلىقلارغا تولغان، بىر مەزگىل ئايرىلغان ئاشىق-مەشۇقلار ۋىسالىنى تاپتى. باي-نامراتلىق پەرقى تۈپتىن تۈگىدى. نازىردەك ئاقكۆڭۈل ئادەمنىڭ قوللىشى، ياردىمىگە ئېرىشىپ بۇ ئاۋات، گۈزەل شەھەردە ئۆزىنىڭ دىلكىشى بىلەن ئۇتتۇۋاتقان ۋارىس شۇنچىلىك خوشال بولدى. خىزمەتنى پۈتۈن نىيىتى ، پۈتۈن ئىشقى بىلەن تىرىشىپ ئىشلىدى. ئۇ بەختى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن دىلنازنى تېخىمۇ ئەزىزلىدى. ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيدى. ئۆزىنى دۇنيادىكى

ئەڭ بەختلىك ،ئەڭ تەلەيلىك ئادەم دەپ قارىدى. پات ـ پات تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرغان نازىر ۋە پەرىدە خانىمنىڭ ، ۋارىسىنىڭ ھەققىي ياخشى يىگىت ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت چوڭقۇرلاشقانسېرى ، ۋارىسنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرۈپ قالدى. ۋارىس بۇ خىل ئۇگۇشلۇق سەپەر داۋامىدا ئۆزىنى تېخىمۇ قەدىرلەشنى بىلدى، قابىلىيىتىنى ئىشقا سالدى، ئىنگلىز تىلىدىكى ئالاھىدە قابىلىيىتى بىلەن ئىشتىن سىرت كۇرۇس ئاچتى. ئۇ ھەم خىزمەت قىلىپ  ھەم دەرس ئۆتۈپ توي تەييارلىقى ئۈچۈن ئىقتىساد توپلاشقا تۇتۇندى. ئۇ نازىر ۋە خانىمنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ئاستىدا بارغانسېرى ئۇلارغا ئۆزلۈشۈپ، ئۆزىنى تۇۋەن كۆرمەيدىغان بولدى. دەم ئېلىش كۈنلىرىنى بەزىدە دىلناز بىلەن ، بەزىدە دوستى مۇرادىل بىلەن ئۆتكۈزۈپ تۇرمۇشنىڭ ئۆز مەنىسى بىلەن ياشىدى.

ئەكرەم ئازاپلىق قىينىلىشتىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقتى. قانۇن دوختۇرلىرى ئۇنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگەللىگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ <ئاق>قا خۇمار بولۇپ قالغانلىقىنى مۇھىم نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇنىڭ كېيىنكى كىسىم ۋاقتىنى <زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاتقۇزۇش ئورنى> دا تەربىيىلىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئەكرەم جىنايەت ئۇستىگە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزگىرىش ئورنىغا يەنە بىر خاتالىقنى يۇدۇپ كامىر ئالماشتى. ئۇ ئەمدى بۇ يەردە <ئاق> نىڭ شىرىن لەززىتىگە ئىرىشەلمىدى. پۈتۈن بەدىنى چاراسلاپ كۆيۈپ، سىقراپ ئاغرىپ، مېڭىسى ئېتىلىپ كەتكۇدەك چىڭقىلىپ ، كۈندىن ـ كۈنگە ھالسىزلىنىپ ماڭدى. ئۇ قاتتىق ئازاپلاندى. لەۋلىرىنى ئۇزىۋەتكۇدەك چىشلەپ، جانسىز ئالقانلىرى بىلەن يۈزلىرىگە ئۇرۇپ ئازاپلاندى. دەرىزىدىن كۆككە تەلمۈرۈپ، ئىگىز توساق تاملاردىن سىرتتىكى ئەركىنلىككە تەلمۈرۈپ ئازاپلاندى. قاتتىق تامغا بېشىنى ئۇرۇپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ئازاپلاندى... ئۆزىنىڭ تۇرمىگە كىرىشىگە ھەم تۇرمىدىكى ھازىرقى ئېچىنىشلىق ھالىتىگە كىلىپ قېلىشىغا سەۋەپچى بولغان بىر قىزدىن نەپرەتلىنىپ، قىساس ئوتىدا يۇرىكى

پۇچۇلۇنۇپ تۈرۈپ ئازاپلاندى...ئۇ ئۆزىنى ئۈزگەرتىش توغرىسىدا ئويلانسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدىكى خاراكتىر ، ناچار مىجەز يەنىلا ئۇنىڭغا خاتالىقنى تونۇتمايۋاتاتتى. ئەكرەم شۇ خىل تەرىزدە ساقچىلارنىڭ پىسخىك تەربىيەسى ئاستىدا ئۆتىۋاتقان بىر كۈنلەردە نۆۋەتچى ساقچى ئۇنى تۇيۇقسىز چاقىرىپ قالدى.

-ئەكرەم . سىنى بىرسى يوقلاپ كەپتۇ.

ئەكرەم ساقچىنىڭ ھەمرالىقىدا كۆرۈشۈش ئورنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بالا دەرددە يۈرىكى پارە-پارە بولغان ئاتا-ئانىسىنىڭ يوقلاپ كېلىشىنى ئۈمۈت قىلمايتتى . ھالى كۆندىن كۈنگە خاراپ بۇلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە ئۇ ئەڭ مۇھىمى پۇلغا، ئۆزىنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىدىغان ، دووزاخ سورىقىدىن، ئىبغىر قىينىلىشتىن قۇتقۇزىدىغان <ئاق>قا مۇھتاج ئىدى. ئۇ دادىسىدىن ئۆزىنى بۇ يەردىن ئەپچىقىپ كىتىشنى يىلىنغان . دادىسىغا بۇ يەردىنلا چىقىپ كەتسە چۇقۇم ياخشى ئادەم بولىدىغانلىقى، ئۆزگىرىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم،ۋەدە بەرگەن . مۇدىر جىنايەت ئۇستىگە يەنە بۇ خىل زەھەرنى ئۆزگە ھەمرا قىلىۋالغان ئوغلىدىن نەپرەتلەنسىمۇ ، يەنىلا پەرزەنت مۇھەببىتى ئالدىدا ياش توككەن ، ئۇنىڭغا ھىسداشلىق قىلغان . ئۇنى يول مىڭىپ ئەپچىقىپ كىتىشنىمۇ ئويلىغان بولسىمۇ ، لېكىن جەمىيەتكە چىققاندىن كىيىن يەنە ياتقاقتا پېتىپ كىتىشتىن، باشقىلارنىمۇ زەھەرلەپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن . «قانۇن دىگەن ھامان قانۇن. دەل مۇشۇ قانۇن جىنايەت يولىغا مىڭىپ سالغان ئادەملەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ » دەپ قارىغان. دادا بەزىدە يۇشۇرۇن<ئاق> ئەكىلىپ بىرىش توغرىسىدا يىلىنغان ئوغلىنىڭ زەئىپ تۇرقىدىن يۈرىكى ئەلەم بىلەن سىقىلغان بولسىمۇ لېكىن شۇنچە چوڭ ئالى مەكتەپكە باش بولغان، بىلىملىك، مەدىنىيەتلىك، ئىقتىسادلىق ئۇقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشنى نىشان قىلغان مۇدىر ، بۇنىڭغا قەتئى قوشۇلمىغان... ئەكرەم شۇلارنى ئويلىغاچ مىڭىپ، «دادام يەنە تەلىم سۆزلىگىلى، مىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقىلى كەلگەن گەپ ، ھەممىسى قۇرۇق ئىشلار » دىگەنلەرنى ئويلىدى.

كۆرۈشۈش ئورنىغا كەلگەن ئەكرەم ئالدىدا قولىدىكى كىچىككىنە يۆگەكنى كۆتىرىپ ھارغىن كۆزلىرى بىلەن بىر نوقتىغا تىكىلىپ قالغان ، قىلىن چاپانغا يۆگۈنۈپ ، قارا ياغلىق بىلەن پىشانىسىنى چىڭ ئورىۋالغان

بىر ناتۇنۇش  ئايالنى كۆرۈپ، ئىرەنسىزلا  ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن ئادەمنى ئىزدىمەكچى بولغاندەك ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ چىقتى.

ـ ئەكرەم.

شۇنچىلىك تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن ئەكرەم  ئالدىدىكى ناتۇنۇش ئايالغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قالدى. يۈرەك رىتىمىنى يۇقاتتى، پۇتلىرى كالۋالاشتى، بەدىنى توك تەپكەندەك تىترەپ كەتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلۇشۇپ ھۇشىنى يوقاتقىلى قىل قالدى. ئۇ ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ ئويلاپ باقمىغان، كىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. دىلى سۇنغان، يۈرىكى مۇجۇلغان، بەختى يۇتكەن بەختسىز بىر قىز ياق بىر ئانا ئۇنىڭ <ئاق>قا خۇمار بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قولىدىكى بوۋاقنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى...

ئەكرەمنىڭ كۆز ئالدىدا چاقماق چاققاندەك بولدى. ئىرۋىلىرى قالايمىقانلاشتى. <ئاق خۇمارى> دەستىدىن زەئىپلەشكەن تەن ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. تونۇش ئاۋاز، تونۇش چىراي، تونۇش كۆزلەر...ئەكرەم ئۆزىگە قادىلىپ قالغان بىر جۈپ كۆزگە تىكىلىشكە بەرداشلىق بىرەلمىدى . ئۇ كۆزلەردىن نەپرەتمۇ، مۇھەببەتمۇ ئىشقىلىپ چۈشۈنۈكسىز بىر خىل نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ قىز ئەمدىلىكتە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئەكرەمنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا خىرىس قىلىۋاتقان يولۋاستەكلا بىلىنىپ كەتتى.

ـ سەلىمە، ـ ئەكرەم ئىغىزىدىن بۇ ئىسمىنىڭ قانداق بۇلۇپ چىقىپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى.

ئەكرەم نۇرسىز كۆزلىرىنى ئالدىدىكى قىزغا قايتىدىن ئاغدۇردى. قېنى ئۇ گۈزەل چىراي؟ قېنى ئۇ ئوتلۇق كۆزلەر؟ قېنى ئۇ بوستاندەك ئۇزۇن چاچلار، مودىلدەك ئەۋرىشىم  قامەت؟...ئەكرەمنىڭ تاتلىق مۇھەببەتلىك سۆزلىرىگە ئەسىر بولغان ، ئۇنىڭغا مەجنۇنلارچە ئاشىق بولغان  گۈزەل قىزنىڭ ئوبرازى قېنى؟...ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىدا ھالسىرىغان بىر تەن بىر بوۋاقنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە پەيدا بولدىغۇ؟... ئۇ بالىنى ئالدۇرىۋەتمىگەنمىدى؟ يۇرتىغا قايتىپ ئۈن ـ تىنسىزلا يۇقاپ كەتمىگەنمىدى؟ ئەكرەمنىڭ ئىچىدە ئاللىبۇرۇن

قەبرىگە كۆمۈلمىگەنمىدى؟...ئەكرەمنىڭ بېشى قايدى. دەرت ئۇستىگە كىلىۋاتقان دەرتلەردىن قاتتىق ئاغرىندى...

ـ تۇغرا. مەن سەلىمە. سىزنى ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرگەن، ئالدانغان، تاشلىۋېتىلگەن ، بەختسىز سەلىمە...ـ قوچىقىدىكى بالىنى باغرىغا چىڭ باسقان قىزنىڭ چاناقلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ راستىنلا ئەكرەم تەرپىدىن خارلانغان، بەختى يۇقالغان، گۈزەل ياشلىقىدىن، ئۇقۇش هاياتىدىن، كەلگۈسى خىزمىتىدىن ئايرىلغان سەلىمە ئىدى.

ـ قېنى ، ئۇلتۇر...ـئەكرەم دەرهاللا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئۇ ئەمدى بۇ رىئاللىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۆزى قىلغان سەۋەنلىكلەرگە ئۆزى ئىگە بولمىسا بولمايتتى. ئۇ سەلىمەنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاققا ئاستا قاراپ قويۇپ سورىدى ،ـ مىنى شۇنداق ئەنسىرەتكەنتىڭ . خۇداغا شۈكرى سالامەتكەنسەن
.

ـ ئۇھ، پەقەت ئۆلمىدۇم. لېكىن باشقا دەرتلەرنىڭ، ئازاپلارنىڭ ھەممىسىنى تارتتىم.ـ سەلىمە ئەكرەمنىڭ سۆزلىرىدىن ئىرىپ لاسسىدە بولدى. بايامقى كۆزلىرىدىكى نەپرەت قاياقلارغىدۇ غايىپ بولغان ئىدى .ـ پەقەت مۇشۇ بالام ئۈچۈنلا...

ـ بۇ بالا؟...

ـ بۇ مىنىڭ هاياتىم، مىنىڭ بالام، بىزنىڭ بالىمىز...

ئەكرەم هەيرانلىق ئىچىدە ئاجىز كۆزلىرىنى بىردەم سەلىمەگە، بىردەم شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋاققا تىكتى.

ـ سەن ئالدۇرىۋەتكەن دىگەنغۇ؟

ـ ياق. مەن ئالدۇرىۋەتمىگەن. پەقەت سىزدىن قورقۇپلا شۇنداق دەپ قويغان.

ـ نىمە؟ـ ئەكرەم ئاۋازىنىڭ يۇقىرى چىقىپ كەتكىنىگە ئۇكۇنگەندەك ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ساقچىغا ئۇڭايسىزلىنىپ قاراپ قويدى.

ـمۇشۇ بالا ئۈچۈنلا ياشاپ كەلدىم. مۇشۇ ئۇماق ئوغلۇم ئۈچۈن.ـ سەلىمە قۇچىقىدىكى بوۋاققا ئاجايىپ بىر مىهىر بىلەن بېقىپ كۆز جىيەكلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرىنى ئالقىنى بىلەن ئاستا سۈرتتى.

بالا ئۇ هاياتلىقنىڭ يىلتىزى، ئائىلىنىڭ بەختى، خوشاللىقنىڭ مەنبەسى... بۇنى پەقەت ئاتا ـ ئانا بولۇپ باققۇچىلارغا هىس قىلالايدۇ.

پەرزەنت مۇھەببىتى ھەممە دەرت-ئازاپنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئىنسانىنى ئۆزلۈكسىز تىرىششقا، ئىزدىنىشقا ئۈندەيدۇ. پەرزەنت كۈلكىسى ئاتا-ئانا كۈلكىسى، پەرزەنت يىغىسى ئاتا-ئانا يىغىسى... پەرزەنت مېھرىدە جەننەت مېھرى بار، پەرزەنت چېھرىدىكى سەبى ئۇماق تەبەسسۇمدا ئوتلۇق قۇياشنىڭ ھارارىتى بار.

-مەن ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى سىزگە ئىسىمداش بولسۇن دەپ ئەختەم قويدۇم. ئەختەم ئەكرەم...بوپتىمۇ؟

ئەكرەم تىترەپ تۇرغان ئاجىز، ئورۇق قوللىرىنى سەلىمەگە ئۇزاتتى.-قېنى، بالامنى ماڭا بەر .

ئەكرەمنىڭ ئېغىزىدىن <بالام> دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان سەلىمە ھاياجاندىن بىر پەس تىترىدى. ئۇ دەل مۇشۇنى كۈتكەن ئىدى. دەل مۇشۇ كۈننى كۈتكەن ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپ 1 يىلدىن بىرى چەككەن بارلىق ئازاپلىرى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. سۇلغۇن چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ بوۋاقنى ئاستا ئەكرەمگە ئۇزاتقاچ ئۇنىڭ چىرايىغا قايتىدىن سەپسالدى.

-ئەكرەم، مەن تۇگۈشۈپ كەتتىممىكىن دىسەم ، سىز مەندىنمۇ بەك ئاجىزلاپ كېتىپسىز... سىزگە قاراپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. نىمە بۇلۇپ بۇ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا كىرىپ قالدىڭىز؟...

ئەكرەم سەلىمەگە <لاپ> قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋاپسىز قالدۇردى. بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئاجايىپ بىر مېھىر بىلەن قاراپ كەتتى. قاشلىرىغا، كۆزلىرىگە ، بۇرنىغا، ئېغىزلىرىغا...ئىشقىلىپ ھەممە يېرىگە تويماي قارىدى. نىمىشقىدۇر كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولۇپ ، ساقال باسقان يۈزىنى بوۋاقنىڭ يۇمران سۈتتەك مەڭزىگە بوشقىنا باستى، چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىدىن ئىككى تامچە ياش بوۋاقنىڭ يۈزىگە سىرغىدى. ئۇ شۇ تاپ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا ، ئەسكىلىكلىرىگە تۆۋبە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاجىز بەدىنى تۇرۇپ-تۇرۇپ يىنىك تەۋرىنىپ كەتتى .

سەلىمە ئۆز ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدا شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن پەرزەنتىگە قاراپ يۈرەكلىرى لەرزىگە كەلدى. ئەكرەمنىڭ مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان سۇلغۇن چىرايىغا قاراپ يۈرىكى ئىزىلدى. ئۇنىڭدىن شۇنچە نەپرەتلەنگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا بولغان ئەسەبىلەرچە ئىنتىلىش، ياخشى كۆرۈش ، مۇھەببەت ئالدىدا ، بۇلۇپمۇ ئاتا-بالا جەم بولغان مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۇ

ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىۋاتاتتى.

- بۇ بالىغا قورساق كۆتىرىپ، تۇغۇش جەريانىدا قانچىلىك جاپا تارتقانسەن ھە؟

- ئۇنى بىر خۇدا ، بىر ئۆزەم بىلىمەن. لېكىن مەن يەنىلا ئۆزەمنى بەختلىك ھېساپلايمەن.

- ئۆيۈڭگە قايتماپسەن، بۇ بالىنى تۇققىچە نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈردۈڭ؟

- بۇ دۇنيانىڭ ئىتتىكى يەنىلا كەڭرىكەن ئەكرەم . ۋاپاسىز ئادەملەر بار بۇ دۇنيادا مېھرىبان ئادەملەرمۇ باركەن. خۇدا ئىشلىرىمنى ئاسان قىلدى. كەچمىشلىرىمنى ئاڭلىغۇڭىز كىلىۋاتامدۇ؟

-ئەلبەتتە. توختاپ تۇر...- ئەكرەم كۆرۈشۈش ۋاقتىنىڭ تۈشۈپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان ساقچىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

- سوجاڭ. ئايالىم بالامنى ئېلىپ مىنى يوقلاپ كەپتىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالام تۇغۇلۇپ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم. شۇڭا 1 سائەت ئۇزارتىپ بەرگەن بولسىڭىز.

<ئايالىم، بالام>... نىمىدىگەن مۇھەببەتلىك سۆز. نىمىدىگەن بەختلىك مىنۇتلار. ئۇ كىچە-كىچىلەپ دەل مۇشۇ كۈنلەرنى كۈتمىگەنمىدى. دەل مۇشۇ سۆزلەرگە ئىنتىزار بولمىغانمىدى...سەلىمە ئاجايىپ شاتلىققا تولدى. ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھىس قىلدى. ساقچى بىلەن خوشلۇشۇپ يېنىپ كىرگەن ئەكرەمگە قاراپ ،سۆيۈنۈش ئىچىدە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىنى تۇتۇپ قويدى. ئۇنىڭدا ھاياتقا بولغان ئۈمۈت، تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببەت قايتىدىن بىخ سۇرۇشكە باشلىدى. ئۆزىگە تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇغىنى چاچقان، تۇنجى مۇھەببەت بىلەن ھاياتىغا خوشاللىق قاتقان ئەكرەمگە بولغان سېغىنىش، ئىنتىلىش، نەپرەت ئىچىدىكى يۇشۇرۇن مۇھەببەت پۈتۈن جىسمىنى قايتىدىن تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجانغا تولدۇردى...دادا قۇچىقىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان تاتلىق ئوغلىغا ئالەمچە بەخت تىلىدى...

-سەلىمە، مەن ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلدىم. سىنى ئالدىدىم. سىنى ئەمرىمگە ئالىمەن دەپ قويۇپ سىنى يەنە تاشلىۋەتتىم...مەندىن قانچىلىك

نەپرەتلىنىدىغانسەن ھە؟

-ياق، ئۇنداق دېمەڭ. راست، مەن سىزدىن نەپرەتلەنگەن، ساددا سۆيگۈمگە ئېچىنغان، بۇ ھاياتتىن ياشاش ئۈمۈدۈمنىمۇ ئۈزگەن. ھەممە نەرسەمدىن مەھرۇم قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزدىن يىرگەنگەن. لېكىن بىلەمسىز... شۇ نەپرەت، ئۆچمەنلىك ئىچىدە يەنىلا سىزگە بولغان مۇھەببىتىم بار ئىدى. سىزنى تىللاپ تۇرۇپ سېغىناتتىم، قارغاپ تۇرۇپ گۈزەل كۈنلەرنى ئەسلەيتتىم، ئۆزەمنىڭ سارالىقلىقىمدىن سەسكىنىپ تۇرۇپ ئۆزەمنى سىزنىڭ قۇچىقىڭىزدا تەسەۋۋۇر قىلاتتىم...-ئاۋازى بوغۇلۇپ -بوغۇلۇپ چىقىۋاتقان سەلىمە، ھاياجاندىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ياشلىرى تاتارغان ، گىرىمسىز چىرايىنى بويلاپ رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن كوينىكىگە تامچىلىدى...

-بولدى. يىغلىما، زىدە بولۇپ كەتكەن يۈرۈكۈمنى يەنە زىدە قىلما. مەن ھەقىقەتەن خاتا قىلدىم. نادانلىقىمدىن ئۆكۈنىمەن سەلىمە. بەكمۇ ئۆكۈنىمەن.

-مەن ئالدانغانلىقىمنى بىلدىم ، سىزنىڭ قورچىقىڭىز بولۇپ قالغىنىمنىمۇ بىلدىم..،- سەلىمە قىزارغان كۆزلىرىنى ئەكرەمگە تىكتى.- سىز كېيىن ماڭا ناتونۇش ئادەملەردەك مۇئامىلە قىلغاندىن كېيىن، مەن بەك ئازاپلاندىم. بەك خورلۇق ھېس قىلدىم. ئۆزەمنىڭ ساددىلىقىمدىن نەپرەتلەندىم...دىلنازنىڭ مەسلىھەتى بويىچە 10 كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ ئۆيۈمگە قايتىم قورسۇقۇمنى يۇغۇشتۇرۇپ كىلىشنى پىلانلىدىم. لېكىن ئۆيگە قايتىش يولىدا كۆپ ئويلاندىم، ئاتا-ئانام ئالدىغا زادى نىمە دەپ بارىمەن؟ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىگە قورسۇقۇمنى كۆتۈرۈپ بېرىشىم كېرەكمۇ؟...ياق، ياق...مەن ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلۇدۇم، ھەممە دەرتتىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كىتىشنى ، جىمجىت ئۇ ئالەمگە كىتىشنىمۇ ئويلۇدۇم. لېكىن ھايات يەنىلا شۇ قەدەر قىممەتلىك ، سۈيۈملۈككەن. بولۇپمۇ قورسۇقۇمدىكى كۈندىن-كۈنگە چوڭىيىۋاتقان بالىغا قاراپ ئۇنداق قىلالمىدىم. ئۆزەم تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان بىر خىل مۇھەببەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بارلىق دەرتلىرىمنى ، ئازابىمنى قورسۇقۇمدىكى بالىغا پىچىرلايدىغان بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئۈزۈن-ئۈزۈن سىردىشىدىغان بولۇپ قالدىم. پەقەت شۇلا ماڭا ئۈمۈت، ئىشەنچ، مۇھەببەت بېرىپ تۇراتتى... شۇڭا مەن ئاخىرى يۇرتقا قايتماسلىق، بالىنى تۇغۇش قارارىغا كەلدىم. ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىدىغانلىقىمنى بىلىپ

تۇرسامۇ قانداقتۇر بىر خىل كۈچ مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئارىلىقتا ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆزەمگە ناتونۇش بىر شەھەردە قالدىم. ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ ئامالسىز بىر ئاشخانىدا ئىشلىدىم، ئىش ئىزدەپ يۇرتتىن چىققان قىز سۈپىتىدە ئىشلىدىم. شۇ جەريانىدا ئاشخانىدىكى بىر قانچە قىز بىلەن بىرگە يېتىپ قوپۇپ، ئاچا-سىڭىلدەك بولۇپ قالدىم. مەيلى قانچىلىك جاپا تارتسامۇ يەنىلا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىشلىدىم، سەھەرقوپۇپ كەچ ياتتىم، بالام ئۈچۈن ،ئۆزەم ئۈچۈن چوقۇم پۇل تېپىشىم ، پۇل جۇغلۇشۇم زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە كۆپ ئىش قىلىپ كۆپ ھەقتە ئېرىشىشنى ئويلىدۇم. شۇ ۋاقىتلاردا تارتقان جاپالىرىمنى ، ئازاپلىرىمنى خورلۇقلۇرۇمنى كىمگە ئېيتاي ئەكرەم؟ كىمگە ئېيتاي؟...قورسۇقۇمنى چىڭ تېڭىپ يۈردۈم، ئۆزەمنىڭ ھامىلدارلىقىنى يوشۇردۇم، كۆز ياشلىرىمنى يوشۇردۇم... ئىچىمدە سىزدىن ئۆلگۈدەك نەپرەتلەندىم، لېكىن بىر كۆزۈم ئۆرۈمچىدە قالغان ئىكەن، يۈرۈكۈم ئۆرۈمچىدە قالغان ئىكەن...ھاياتىمغا تۇنجى تەسىر كۆرسەتكەن ، نازۇك قەلبىمگە مۇھەببەتلىك كۈيلىرىنى تۇنجى سىڭدۈرگەن بىر ئەبلەخنى ئۇنتۇيالمىدىم، ئۇنىڭ تاتلىق سۆزلىرىنى، كۈيۈنۈشلىرىنى ئۇنتۇيالمىدىم. ئۇنىڭ ئوت يېنىپ تۇرىدىغان مېھرىلىك كۆزلىرىنى ئۇنتۇيالمىدىم. ئۇ ئەسلىدە مېنىڭ قەلبىم قەسرىمنى پۈتۈنلەي ئىگەللەپ بوپتىكەن ئەمەسمۇ؟...كاللامدىكى خىياللارنى ، شۇ ئەبلەخنىڭ سىماسىنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشسامۇ، پۈتۈن كاللامنى ئىشقىلا بەنت قىلسامۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ماڭا ئاراملىق بەرمىدى. مېنىڭ يۈرۈكۈمنى ئۈن-تىنسىز كۆيدۈرۈپ كەلدى. كېيىن بىلسەم مەن ئۇنى ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەنمەن...ئۇنىڭغا بولغان ئوتتەك ئىنتىلىشىم ئالدىدا ئۇنىڭ بارلىق ئەسكىلىكلىرى ، ئازاپلىرىم، كۆلپەتلىرىم ھېچنەرسە ئەمەسكەن ...بىلەمسىز ئەكرەم. ئۇ ئەبلەخ سىز ئىدىڭىز. سىز... قىزىق يېرى مەن نىمىگە سىزنىك بولدۇم بىلەمسىز...نىمىگە؟... ئۆزەممۇ شۇ قەدەر ھەيران، مەن سىزگە ، سىزنىڭ مۇھەببەتلىك بېقىشىڭىزغا سىزنىك بوپ قاپتىمەن. مېنىڭ ئازاپلىرىمغا سىزنىك ئازابى قوشۇلۇپ يۈرۈكۈمنى پارە-پارە قىلىۋەتتى. مەن قەلبىمگە ئورناپ كەتكەن سىمايىڭىزنى ئەسلەپ كۈنلەرنى يىغلاپ ئۆتكۈزدۈم، كۈنسىرى يوغىنىۋاتقان قورسۇقۇمغا قاراپ يىغلىدىم، سىزنىڭ ۋاپاسىزلىقىڭىزغا ھەم نەپرەتلىنىپ ھەم سۈيۈنۈپ تۇرۇپ يىغلىدىم...

ئەكرەم سەلىمەنىڭ يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىغا قاراپ بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ لىققىدە ياش لىغىرلايتتى. ئۇ شۇ تاپ سەلىمەنىڭ ئالىجاناپلىقى، پىداكارلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ قۇچىقىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئۈن-تىنسىز ھالدا يەنە سەلىمەنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

-ئاشخانىدىكى كۈنلىرىمۇ ئۇزاققا بارمىدى. سېغىنىش ئىچىدە يىغىدىن ئىششىغان كۆزلىرىم، داغ چۈشكەن چىرايىم ، يۇغۇنىۋاتقان قورسۇقۇم ئاخىرى ھەممىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئايال خوجايىنىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان ھاقارەتلىك تىللىرىغا گۇناھكارلاردەك بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ياتاقداش بىر قىز بىلەن شۇنداق ئىچەكىشىپ كەتتىپتىكەنمەن ، ئۇنىڭغا دەرتلىرىمنى تۆكۈپ بەردىم، ھەسرەتلىرىمنى تۆكۈپ بەردىم، ئۇ مىنىڭ يەنىلا سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ھەيرانۇ ھەس قالدى. بەلكىم مىنى ئەسەبى ساراڭ قاتارىغا چىقىرەتكەندۇ؟...ئۇ قىزنىڭ يالغۇز بىر چوڭ ئاپىسى باركەنتۇق. ئۇماڭا ھىسداشلىق قىلىپ مىنى يېزىدىكى شۇ چوڭ ئاپىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويدى. توۋا ، جاھاندا يەنە ياخشىلار كۆپ ئىكەن. سارىخان چوڭ ئانامنىڭ يىراق ناھىيىدىكى تۇققىنىڭ قىزى بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ھەممە ئادەمگە شۇنداق دىدى. <سەھرانىڭ ھاۋاسىدا بوشىنىۋالاي دەپ كەلدى > دەپ مىنىڭ قىسمەتلىرىمنى يۇشۇردى، مىنى ئەل ئالدىدا تىك ياشىسۇن دەپ شۇنداق دىدى. مەن ئەنە شۇ يېزىدا ياشاپ قالدىم. ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلغان ئاشۇ نامرات ئايال ئۇچۇن ئاللاغا مىڭ مەرتىۋە رەخمەت ئېيتىمەن. نامرات بولسىمۇ كۆڭلى-كوكسى نىمىدىگەن كەڭ ھە . مىنى ئۆز قىزىدەكلا ياخشى كۆردى. ئاشخانىدىكى دوستۇممۇ يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنۇتمىدى. مەن مانا مۇشۇنداق ئاتا-ئانام تۇرۇپ، ئۇرۇق-تۇققانلىرىم تۇرۇپ ئاشۇ يات مەھەللىدە يىتىم بالىدەكلا ياشاپ قالدىم. مەنمۇ بىكارغا ئولتۇرسام بولمايدۇ دە، شۇڭا ئۇلارنىڭ مىھرى ئۇچۇن ئۈن-تىنسىز ئىشلىدىم، بىر ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن بىراقلا سەھرادىكى دىھقان قىزغا ئايلىنىپ قالدىم. سارىخان ئانام بىلەن ئوخشاشلا قورسۇقۇمدىكى بالامنى كۆتۈرۈپ بۇغداي ئورۇدۇم، ئېغىر تاغارلارنى يۈدۈدۇم، كەتمەن چاپتىم. قوي-كالا باقتىم.

ئىشتىن كىلىپ تاماق ئەتتىم...ئىشقىلىپ شۇ يېزا تۇرمۇشىغا سىڭىپلا كەتتىم. ئۆزەمنىڭ قورسىقىدا بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئىشلىدىم. ھېرىپ چارچاپ كەتكەن، پىشانەمدىن ئاچچىق تەر چىپىلداپ ئاققان دەملەردە ئېتىز قىرىدا ئولتۇرۇپ يۇمران مايسىدەكلا چېچىۋېتىلگەن تەقدىرىمگە قاراپ يىغلىدىم. مۇشۇنداق كۈنلەرگە مەھكۇم قىلغان سىزدىن نەپرەتلىنىپ يىغلىدىم. قورسىقىم چوڭايغانسىرى، ھەرىكىتىم قولاشمىغانسىرى، ئەمگەك قىلىشقا قۇربىتىم قالمىغانسىرى تېخىمۇ ئازاپلاندىم. قورسىقىمدا مىدىرلىۋاتقان بەختسىز بالامغا قاراپ ئازاپلاندىم. نىكاھسىز بىر بىتەلەي پەرزەنتنىڭ بۇ دۇنياغا پات ئارىدا ئاپىرىدە بولۇدىغانلىقىدىن ئازاپلاندىم. لېكىن شۇ ئازاپلىرىم ئىچىدە يەنىلا سىز بار ئىدىڭىز. تاتلىق بېقىشلىرىڭىز، مېھرى ئىسسىق باغرىڭىز، كەڭ يەلكەنلىرىڭىز، كىلىشكەن قامىتىڭىز ئازاپلىرىمغا ھەمرا ئىدى. ئۆزەمنىڭ مۇشۇنداق كۈلپەتلەردە تۇرۇپ يەنىلا سىزنى سېغىنىدىغانلىقىمغا ئۆزەممۇ ھەيران ئىدىم. ئاشۇنداق نامەرت ئەبلەختىن نىمىشقا يىرگەنمەيسەن؟ نىمىشقا غەزەپلەنمەيسەن...؟ دەپ ئۆز ـئۆزەمگە سۇئال قوياتتىم. لېكىن سۇئاللىرىم ئېگىمنى قامال قىلىۋالغان شىرىن بىر لەززەت ئىچىگە سىڭىپ كىتەتتى...ئەكرەم، بىلەمسىز...تۇغۇت ئازابىنى تارتقان دەملىرىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن...شۇ ۋاقىتلاردا سىزنى قانچىلىك سېغىنغىنىمنى بىلەمسىز؟ سىزنى يېنىمدا بولسىكەن، ماڭا كۈچ مادار بەرسىكەن دەپ تۇلىمۇ ئۇمۇت قىلدىم. ئىچىمدىن بىر بالا ئەمەس، بىر قاپقاراڭغۇ دۇنيا چىقىدىغاندەك قاتتىق قينالدىم. لەۋلىرىمدىن قىپ ـ قىزىل قانلارنىڭ سىرغىغىنىنىمۇ سەزمەپتىمەن، ئۆزەمنىڭ بىلىكىنى ئۆزەم چىشلەپ ئۆزىۋەتكىلى قىل قاپتىمەن. تۇغۇت دىگەنمۇ ئاشۇنداق قىيىن بولامدىغاندۇ ؟ باشقا ئانىلارمۇ ئاشۇنداق ئازاپ ئىچىدە يەڭگىمدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ كەتتىم. بەلكىم خۇدا مەندەك بىتەلەي، بەختسىز ئانىلارنىڭ نىكاھسىز بالىسى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىيىن تۇغۇتنى بىرىدىغان ئوخشايدۇ...

سەلىمە ئېغىر جىسمىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى بىر نوقتىغا تىككىنىچە ئۆز قىسمىتىنى بىرلىپ ئاڭلاۋاتقان ئەكرەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئەكرەمنىڭ قوچىقىدىكى بوۋاقنى ئاۋايلاپ ئېلىپ بالىسىنىڭ بەختسىزلىكىدىن قايغۇرغاندەك ، ئېچىنغاندەك بېشىنى ئاستا چايقاپ قويۇپ، ئۇنى باغرىغا باستى.

ـ ھەر قانداق بىر پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن بىر بەخت ئىدى. لېكىن بۇ بىچارە بالام دۇنياغا كۆز ئاچقاندا سارىخان ئانامدىن باشقا ھېچكىم خوشال بولمىدى. ھەم خوشال بولغۇدەك ئەتراپىمىزدا ئادەممۇ يوق ئىدى. بەلكىم ئۆز ئىززىتىم، قەدرىم، پاكلىقىم بىلەن خەلقى جامائەت ئالدىدا، ئاتا ـ ئانام رازىلىقى ئاستىدا نىكاھلانغان، پەرزەنتلىك بولغان بولسام ، ئۇلار مۇشۇنداق كۈنلەردە ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ كېتەر ئىدى. مېنى قۇتلۇقلاپ، بەخت تىلەپ كېتەر ئىدى. مېنى ئەزىزلەپ ياخشى كۈتەر ئىدى. لېكىن مەن ئۇنداق كۈنلەرگە ، ئۇنداق مېھرىبانلىقلارغا نائىل بولالمىدىم. بىر سارىخان ئانامنىڭ كۆتۈنىشىگىلا نىسىپ بولدۇم. بىلەمسىز ؟ مەن شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ مېنى باغرىڭىزغا بېسىشىڭىزنى، ماڭا مۇھەببەت بىلەن تىكىلىشىڭىزنى، <جاپا چەكتىڭ مەھبۇبەم، ماڭا پاقلاندەك بىر ئۇغۇل تۇغۇپ بەردىڭ، ساڭا رەخمەت...> دېيىشىڭىزنى نەقەدەر ئارزۇ قىلدىم ھە...لېكىن مەن خوشال بولۇش ئەمەس، يېڭى تۇغۇلغان بالامنى باغرىمغا بېسىپ قانغۇچە يىغلىدىم. پۈتۈن ئازاپلىرىمنى پەقەت يېشىم يۇيۇپ كېتىدىغاندەكلا يىغلىدىم. سىزگە قۇشۇپ قۇيغاندەك ئوخشايدىغان ئوغلۇمنىڭ بەختسىزلىكىدىن، ئۆزەمنىڭ تەتۈر پىشانىلىقىدىن ئۆكۈنۈپ يىغلىدىم. جىمى ئانا تۇغۇت ۋاقتىدا ياخشى غىزالىنىپ، كۈتۈنسە مەن زاغرا يەپ ، ئۆماچ ئىچىپ كۈن ئالدىم. لېكىن شۇنداق كۈنلەرگە ئېرىشكىنىمگىمۇ ئاللاغا مىڭ شۈكرى ئېيتىمەن. ئەگەر ئاشۇ سارىخان ئانام بولمىغان بولسا نەلەردە سەرگەردان بولۇپ ، كىملەرنىڭ ئىشكىگە تەلمۈرۈپ، كىملەرنىڭ بوزەك بولۇشىغا ئۇچراپ يۈرەر بولغۇيتتىم. خۇدا ماڭا يەنىلا شۇ مېھرىبان ئانىنى ئۇچراتتى. مېنى يامان كۈنلەرگە قويمىدى...

ئەكرەم سەلىمە ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھقا لايىق ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق ھېسسىيات ئالدىدا ئېزىشىنىڭ بۇنچىۋالا كۆلپەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى ، بىر قىزنى بەربات قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭمۇ بۇ كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىدى. مانا سەلىمە ئەمدى بالىسىنى كۆتىرىپ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلدى. قارىغاندا سەلىمە ئۆزىنى مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنى سېغىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى ، ياخشى ئادەم بولۇشىنى، مېھرىبان ئاتا بولۇشىنى ئۈمۈت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىدە بىر ئائىلە قۇرۇپ بەختلىك ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن

تۇرمۇشقا نىسپەتەن ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ئەكرەم ئۇچۈن بۇ مۇھىممۇ؟ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ رەھىمسىز رىئاللىقنى قوبۇل قىلالامدۇ؟...ئەكرەم ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇرغان سەلىمە قاراپ ، جىددىيلەشكەندەك سورىدى.

ـ قېنى، ئېيتقىنا. مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟ دوستۇڭ دىلناز بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشىمامسەن؟...

ـ ياق. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ كۆرۈشەلەيمەن. قۇچىقىمدا بالا كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق بارىمەن. ھېلىمۇ ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىلىشمەسلىكلەرنى تېپىپ بەردىم. مەن ئەمدى ھەقىقى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلىگەندە ، بالامنىڭ ئاتىسى بىلەن جەم بولۇپ بەختلىك ئائىلە قۇرالىغاندا ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرىشىمەن. ئەگەر بولمىسا مەڭگۈ كۆرۈشمەيمەن. مەن تۇغۇتتىن كېيىن ئاتا ـ ئانامنىمۇ بەك سېغىندىم. ياشنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام مېنى دەپ ، نام ـ نىشانسىز يوقاپ كەتكەن قىزىنى دەپ نىمە بولۇپ كەتكەندۇ ؟ دەپ قاتتىق ئازاپلاندىم. قەلبىم يۇرتقا قاراپ تەلپۈنسىمۇ، ئائىلەمنى، ئاتا ـ ئانام تۇققانلىرىم كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ھالىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشنى قەتئى لايىق تاپمىدىم. مېنىڭ كۆرۈدىغان كۈنۈم مۇشۇ ئوخشايدۇ؟ تەقدىرىم مۇشۇنداق كاج ئوخشايدۇ؟... دەپ ئويلىدۇم. لېكىن يەنىلا ئۆزەمنىڭ بۇ دۇنيادا تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ بالا دەردىدە ساراڭ بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تېلېفون قىلىپ ئاكام بىلەن كۆرۈشتۇم...ئاھ ، بىر يىلدىن كېينكى تونۇش ئاۋاز، ئاكامنىڭ ئاۋازى...مەن شۇ ئازاپلىق كۈنلەردە ئۇلارنى دۇنيانىڭ باشقا بىر بۇرجىكىدىكەكلا ھىس قىلغان ئىدىم. بىلەمسىز ئەكرەم، شۇ ۋاقىتتا بىر تۇققانلىق مېھىر مېنىڭ قەلبىمنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خوشاللىقنى، ئۆزەمنىڭ ھاياجىنىنى ھېچنەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ... ئۇنىڭدىن ھەممىنى ئاڭلىدىم. بىچارە دىلناز دوستۇم ئامالسىز سىرلارنى ئاكامغا دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. غەزەپلەنگەن ئاكام سىز بىلەن سوقۇشۇپتۇ. سىز ئاكامنى شۇنداق قاتتىق زەخمىلەندۈرۈپسىز...مانا ئاقىۋەت تۈرمىغا كىرىپ قاپسىز...مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. يۈرۈكۈم سۇ بولۇپ كەتتى. ئازاپلىرىمغا قوشۇلۇپ كەلگەن بۇ شۇم خەۋەرلەردىن ئۆزەمنى يوقۇتۇپ قويدۇم...سىزگە

بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىم تاشتى. سىزنى چاناپ ـ چاناپ كۆيدۈرىۋەتكۈدەك بولدۇم. لېكىن سىزنى سېغىنىش، كۆڭلۈمنىڭ نازۇك ھىسلىرىدە قالغان ھاياجان، مۇھەببەت ئالدىدا ھەممە نەپرىتىم ئاجىزلارچە تەسلىم بولدى. مەن يەنىلا يېڭىلدىم...ئاكامغا ئۆزەمنىڭ ناھايىتى ساق تۇرىۋاتقانلىقىمنى ، ئاتا ـ ئانامنىڭ قەتئى ئەنسىرىمەسلىكىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭ يىلىنىشلىرىگە قارىماي ئۆزەمنىڭ نەدىلىكىنى سىر تۇتۇپلا تېلفۇننى قۇيىۋەتتىم...شۇ ۋاقىتتا غېرىپلىق، ئازاپ ئىچىدە قانچىلىك يىغلىغىنىمنى سىز ئەسلا بىلمەيسىز...ھېلىمۇ كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ، كۆزۈم كور بولۇپ قالمىغىنىغا ھەيرانمەن...

ھاسىراپ تۇرغان سەلىمە، تاراملاپ چۈشىۋاتقان يېشىنىمۇ سۈرتمەيلا ،قوچىقىدىكى بالا بىلەن ئەكرەمنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى ئاستا قويدى. ئۇ قارىماققا شۇ قەدەر ئاجىز، شۇ قەدەر مىسكىن ئىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا مېھرلىك تەسەللىگە، ئوتلۇق مۇھەببەتكە، ئەكرەمنىڭ قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىشىغا ، قېنىپ ـ قېنىپ سۆيىشىگە تەشنا ئىدى. ـ ئەكرەم ، سىز بىلەمسىز...مەن سىزنى راستىنلا ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەنمەن...شۇنچىلىك نەپرەت ئالدىدا مەن يەنە تېز پۈكۈشكە مەجبۇر بولدۇم. تارتقان كۈلپەتلىرىم سىزنىڭ سۆيۈشىڭىز ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەستەكلا بىلىنىدۇ...مەن سىزگە مۇھتاج...سىزگە مۇھتاج...

ئەكرەم ئۆزىمۇ بىلىپ بىلمەي سەلىمەنى ئاستا قۇچاقلىدى.

ـ بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما...سەن بىلمەيسەن، مەنمۇ مۇشۇ تۇمۇر دەرۋازا ئىچىگە كىرگەندىن بىرى چىق نەرسىلەرنى ئويلۇدۇم. راس. مەن جىق ئىشلارنى خاتا قىلدىم. سىنى تاشلىۋەتتىم، ئاكاڭنى يارىلاندۇرۇپ قويدۇم. مەن ئۆتكەن ئىشلارغا بەك ئەپسۇسلىنىمەن. تۈرمىدىكى يالغۇزلۇق ئىچىدە مەن سىنى ھەقىقى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ھىس قىلىپ قالدىم. سىنى سېغىندىم، ئاشۇ بوستاندەك چاچلىرىڭنى، تاتلىق كۈلكەڭنى، ئۇسۇل ئوينىغان ۋاقتىڭدىكى گۈزەل رۇخسارىڭنى، ھەرىكەتلىرىڭنى ، تاتلىق سۆيگۈ شېئىرلىنى ئۇقۇپ بەرگەن رومانتىك ھالىتىڭنى ...ھەممىنى شۇنداق سېغىندىم. بىلەمسەن، سەنمۇ مىنىڭ قەلبىمگە ئورناپ كىتىپتىكەنسەن، مىنى ئۆزۈڭگە ئەسىر قىلىۋاپتىكەنسەن... مۇشۇلارنى بۇرۇنراق ھىس قىلغان بولسام ، ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىغان بولسام بۇ كۈنلەرمۇ ئەسلا بولمىغان بولاركەن. ھازىرغىچە ئۇقۇش پۈتتۈرۈپ ، خىزمەتكە چىقىپ ، بەختلىك ئائىلە

قورۇۋالاركەنمىز...بەك ئەپسۇسلاندىم سەلىمە، بەك ئەپسۇسلاندىم...مېنى كەچۈر، سىنىڭ كەچمىشىڭنى ئاڭلاپ ئاجىز يۈرۈكۈم ئەينەك پارچىسىدەك پارە-پارە بولۇپ كەتتى...

ھاياجان ھەم سۆيۈلۈش ئىچىدە ئۆزىنى يۇقاتقان سەلىمە ئەكرەمنىڭ تىننىقىنى قىنىپ ھىدلىدى. ئۇنىڭ مۇزدەك كۆكسىدىن ئاجايىپ بىر خىل ھارارەتنى ھىس قىلىۋاتقاندەك تىترىدى...

- راسىما ئەكرەم، راسىما...سىز راسلا ئۆزگۈرۈپسىز، باشقىچە بىر مېھرىبان ئادەمگە ئايلىنىپسىز... سىزدىن كەلگۈسۈمنى كۆرگەندەك بولدۇم، ئوغلۇمىزنىڭ بەختىنى كۆرگەندەك بولدۇم...مەن يەنىلا شۇنچىلىك بەختىككەنمەن...

ئەكرەم تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سەلىمەنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى، خۇمار بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن سۈرلۈك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.

-ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن، مەن چىققۇچە كۈتەلەمسەن...؟

-ئەلبەتتە، مەن كۈتىمەن ئەكرەم، كۈتىمەن. سىز ئۈچۈن يەنە قانچىلىك جاپا تارتسامۇ مەيلى، سىز چىقسىڭىز بەختلىك ئائىلە قۇرالساقلا، بالىمىزنى بىرلىكتە باقالىساقلا مەن رازى... بىلەمسىز مەن ئۈرۈمچىگە كىلىپ بىر ئاچىنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتىمەن. « يولدۇشۇم ئۆلۈپ كەتكەن، تۇرمۇش قامداش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە كىلىپ قالدىم » دەپ يالغان ئېيتىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ قالدىم. ئىككى پەرزەنتىگە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. ئۇلارمۇ ھازىر مەندىن بەك رازى...

-ياخشى قىپسەن. ئىشەنگىن ، بىز چوقۇم بەختلىك بولىمىز. مەنمۇ بۇرۇنراق چىقىپ كىتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

-رەخمەت ئەكرەم، رەخمەت... مەن تەۋەككۇل قىلىپ ئالدىڭىزغا كەلگەن، ئۆزۈم رىئاللىقتىن قورقسامۇ قەدەملىرىم مىنى سىزنىڭ قېشىڭىزغا باشلاپ كەلگەن. خۇداغا شۈكرى، بۇ ياخشىقىنىڭ بىشارىتى ئىكەن...مەن سىزنى چوقۇم كۈتىمەن...خاتىرجەم بولۇڭ...

كۆرۈشۈش ۋاقتى توشۇپ ، نۆۋەتچى ساقچى ئەكرەمنى ئېلىپ ماڭدى. ئەكرەم تەلمۈرۈش ، سېغىنىشلىق كۆزلىرىنى سەلىمەگە تىكتى. بەلكىم ئاتىلىق مۇھەببەت ئادەمنى تەسىرلەندۈرسە، ھايۋاننى ھەقىقى ئىنسانغا

ئۆزگەرتىشكە تۇرتكە بولسا كېرەك. ئەكرەم سەلىمەنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى ئېلىپ مېھرى بىلەن قىنىپ-قىنىپ سۆيدى. ئۇنى يېنىشلاپ پۇرىدى. سەلىمەگە ئۆزىنى، بالىنى ئاسراشنى تاپىلاپ ،« ئۇنتۇپ قالما، مىنى چۇقۇم ئىزدەپ كەل ، چۇقۇم...» دىگەن گەپنى قايتا-قايتا تاپىلىدى. ئۇ شۇ تەرىزدە سەلىمەدىن شۇنچىلىك مۇھىم نەرسىنى كۇتىۋاتقاندەك قىلاتتى...

دىلنازنىڭ ئالدىراش كۈنلىرى باشلاندى. ھەممە نەرسىگە ئىشتىياق، ھەۋەس بىلەن قارايدىغان بۇ قىز دىكتورلۇق خىزمىتىگە سىڭىشىپلا كەتتى. بۇ قىزنىڭ گۈزەل قامىتى، يېقىملىق ئاۋازى پەقەت مۇشۇ خىزمەت ئۈچۈنلا يارالغاندەك ئىكرانغا باشقىدىن ھۆسىن قوشتى. ئۇنىڭ تالانتى تىزدىنلا تىلىۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئىكران ئالدىدىكى كۆرۈرمەنلەرنى قايىل قىلدى. يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ گۈزەل قىزنىڭ سۆزمەنلىكى، لاتاپىتى، ئىسىللىكى، ئەخلاقلىقى پۈتۈن شەھەردە قىزىق نوقتىغا ئايلىنىپ قالدى. بىر قىسىم سەنئەت كىچىلىكلىرىدە ئۇنىڭ ئۈيغۇر قىزلىرىغا خاس گۈزەل سىماسى تاتلىق تەبەسسۇم ئىچىدە پەيدا بولغاندا نۇرغۇن يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالاتتى . ئۇنىڭغا يۇشۇرۇن ھەۋەس بىلەن قارايدىغان يىگىتلەرنى ، ئەركەكلەرنى يوق ئەمەس دەپ ھېچكىم ئىيتالمايتتى. ئۇ ئۆزىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغان بولدى. چۈنكى ئۇنى بۇرۇن ئاز ئادەملا تونىسا ، مانا ئەمدى بىر پۈتۈن شەھەرگە تونۇلدى. ئۇ ئىكران ئارقىلىق باشقىلارغا گۈزەللىك يەتكۈزەتتى، ئەخلاق يەتكۈزەتتى، ئەڭ ياخشى ئۈيغۇر قىزىنىڭ ئوبرازىنى يەتكۈزەتتى. شۇڭا ئۇ بۇرۇنقى تۇرمۇش مىزانلىرىنى ، ئەخلاق قاراشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلىپ، يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ-سۆز لەرگە تېخىمۇ ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇنچىلىك خوشال ئىدى. ياخشى بىر خىزمەتكە ئىرىشتى، ئەزىز لايىقى، ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن يىگىتىگە ئىرىشتى. ئەمدى ئۇنىڭدا يەنە نىمە ئارزۇ-ئارمان بولسۇن؟...لېكىن دىلناز مۇشۇ ئالدىراش كۈنلەردە خىزمەت ئۈچۈنلا بىرىلىپ ،ۋارىس بىلەن كۆپرەك كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ۋاقىت ئاجرىتالماي قالدى. ئىستانسىنىڭ دىكتورلۇق، رىياسەتچىلىك، ئىلانچىلىق خىزمەتلىرى پەقەت

دىلناز ئۇچۇنلا قالغاندەك ھەممىدە دىلنازنى تەكلىپ قىلىشاتتى. ئۇ تۈرۈپ-تۈرۈپ بەزى خىياللارنىڭ رىئاللىق بىلەن ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىپ قالدى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى ئۇرۇنغا ئىرىشكەنسىرى، باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ، ماختىشىغا سازاۋەر بولغانسىرى ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئالاھىدە سۆيۈنۈپمۇ قالاتتى. لېكىن تۈرۈپ-تۈرۈپ ئۆزىنى ئۆزى ئاگاھلاندۇراتتى. «سەن بىر خىل ياششىڭ كېرەك، سەن پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ماختىشىغا لايىق. سىنىڭ گۈزەللىكىڭ، تالانتىڭ پەقەت بىرلا ئادەمگە مەنسۇپ، پەقەت ۋارىسقا مەنسۇپ..»دەپ ئاگاھلاندۇراتتى.

بۈگۈنكى سەنئەت كېچىلىكىدە ساپ ئۇيغۇر قىزىدەك ياسانغان دىلناز يەنىلا ئۆز تالانتىنى نامايەن قىلىپ ، كۆرۈرمەنلەرنى، ئۇستانىسا خادىملىرىنى يەنە بىر قېتىم قايىل قىلدى. ھەممە ئۇنىڭ تۇرقىدىن سەنئەتنىڭ يەنە بىر گۈزەل تەرىپىنى كۆرگەندەك بولدى. خىزمەتنى تۈگۈتۈپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرىۋاتقان دىلناز تۇرۇپلا ۋارىسنى ئەسلەپ قالدى. خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىرەر ھەپتە بولغان ۋارىسنى سېغىندى. «ئالدىراش بولۇپ قالدىم» دەپ نەچچە رەت كۆرۈشۈشنى رەت قىلغانلىقىدىن خىجىل بولدى. ئۇ بۈگۈنلا ۋارىس بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىشنى ئويلىدىيۇ، سائەتكە قاراپ بەك كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلدى. ئۇ تاتلىق خىياللار ئىچىدە يېڭىلا ۋارىس بىلەن بىرگە سېتىۋالغان ئۇماقىنە تېلىفۇننى قولىغا ئېلىپ ئۇچۇر يېزىشقا باشلىدى.

«مەن ھازىرلا ئىشتىن چۈشتۇم، سىزنى سېغىندىم. مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن...»

دىلناز يېزىۋاتقان ئۇچۇرىغا قاراپ قىزاردى، ھايالىق كۆزلىرىدە سۆس جىلۋە پەيدا بولدى. ئۇ گەرچە ۋارىس بىلەن كۆرۈشەلمىگەن بولسىمۇ ئۇچۇر يوللاشنى بىر كۈنمۇ ئىسىدىن چىقارمايتتى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋارىستىن كەلگەن «مەنمۇ سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن، ئوبدان ئارام ئېلىڭ ، چۈشىڭىزدە مىنى كۆرۈڭ» دىگەن ئۇچۇرنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ھېلىقى ئۇچۇرنى بىرسى يۇلۇپلا ئەكىتىدىغاندەك ، تېلىفۇننى يۈرىكىگە چىڭ ياقتى.

ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرىغان دىلناز تىز-تىز قەدەملەر بىلەن بىنادىن چۈشتى، ئۇ يەنىلا شۈنچىلىك جەزبىدار ئىدى. يارشىملىق قارا پەلتۇ

ئىچىدىكى سۇتتەك ئاپئاق چىرايى خۇددى قىشتا ئېچىلغان ئاق لەيلىگۈلدەك ئوخشايتتى. ئۇ سىرتتا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارلاردىن دالدىلانماقچى بولغاندەك پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتىرىپ قويۇپ، ئاپئاق قارلارنى ئاۋايلاپقىنا دەسسەپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئىشىك ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ كەلگەن ئىستانسا باشلىقى مەردان ئاكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، يېشى 40 لاردىن ئاشقان بۇ سالاپەتلىك، قويۇق قارا بۇرۇتلۇق، قاپقارا چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاراپ يۇرىدىغان بۇ ئادەمدىن دىلناز شۇنچىلىك ئەيمىنەتتى. ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، بوشقىنا ئېگىلىپ سالام قىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ يىغىن ۋە باشقا پائالىيەتلەردىكى ئۆزىنى كۆككە ئۇچۇرۇپ ماختىشىدىن تورۇپ خوشال بولسا يەنە تۇرۇپ بىئارام بولۇپ كىتەتتى. رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقاندا ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان بۇ ھەيۋەتلىك باشلىقنى كۆرۈپ كۆزىنى باشقا ياققا ئەپقاچاتتى. بەزىدە بۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئۆز دادىسىدەك، ئاكىسىدەك مۇئامىلە قىلىشىدىن سۆيۈنۈپمۇ قالاتتى.

ـ كەچ قالدىڭىز ھە دىلناز، خىزمەت دىگەن بەزىدە مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ. بۈگۈن سىزنى ئۆزۈم ئاپىرىپ قوياي.

ـ رەخمەت، رەخمەت مەردان ئاكا . ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلماي، بولدى كۈچا ئاپتۇۋۇزىدىلا كىتەي .

ـ بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قار يېغىۋاتىدۇ. ھاۋامۇ بەك سوغۇق. قېنى چىقىڭە.ـ ئىستانسا باشلىقى دىلنازنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ماشىنىنىڭ ئالدى ئىشكىنى ئاچتى،ـ تېز بولۇڭ.

نائىلاج قالغان دىلناز ئىغىر قەدەملەر بىلەن ماشىنىغا چىقتى، ئۇ قورۇنغانلىقتىن ئىشىك تەرەپكە چاپلىشىپلا ئولتۇردى. ئۇ گەرچە ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا ئورىنىۋاتسىمۇ ، مەردان ئاكىنىڭ كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرىدىن نىمىشقىدۇر يۈرىكى سىقىلاتتى. بەلكىم رەھبەر ئالدىدا ھەر قانداق ئادەم مۇشۇنداق تۇيغۇدا بولسا كىرەك...

ماشىنا ئۇچقاندەك مىڭىپ كەتتى. رەڭگارەڭ چىراقلار ئىچىدە باشقىچە تۈس ئالغان ئۈرۈمچى كوچىسى لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئىچىدە شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنەتتى، دىلناز ئالدىراش خىزمەت مۇھىتى ئىچىدە بۇ مەنزىلەرگىمۇ دىققەت قىلمىغانلىقىنى ھىس قىلدى. ئۇ ئاچچىق تاماكا ئىسىدىن

قۇتۇلماقچى بولغاندەك ماشىنا ئەينىكىنى چۇشۇرۇۋەتتى، قارنىڭ مۇزدەك شاملى دەرىزە ئەينىكىدىن كىرىپ دىلنازنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى ئۇچۇرتىشقا باشلىدى. ئىستانسا باشلىقى يۈزىگە ئاندا-مۇندا تېگىپ تۇرغان چاچلاردىن ھۇزۇرلانغاندەك سۆز قاتتى.

-چاچلىرىڭىز نىمانداق چىرايلىق ھە دىلناز، چاچلىرىڭىزدىنمۇ ئىپار ھىدى كېلىدىكەن.

-ھە؟...ياق...-خىجىللىقتىن نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان دىلناز سوغۇق شامالدا چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تېزلا يىغىشتۇرۇپ يۇگىۋالدى.-سەت بولدى ھە.

- ئەتىرگۈلدەك نازۇك جىسمىڭىزغا سوغۇق ئۇتۇپ قالمىسۇن يەنە ، قارنىڭ سوغۇقى بەك يامان.

- ھە، مانا ھازىرلا ئېتىۋېتەي،-دىلناز مۇزلىغان بارماقلىرى بىلەن ماشىنا ئەينىكىنى تېزلا چىقىرىۋالدى.

-راست، سىز ئەتىرگۈلگىلا ئوخشايسىز، ئاق ئەتىرگۈلگە. سىز ھەقىقەتەن چىرايلىق، سىز كەلگەندىن بىرى خىزمەتلىرىمىزمۇ جانلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم، ئىستانسا خىزمەتلىرىدىنمۇ كۆڭلۈم بەك رازى،-مەردان ئاكا ئوتلۇق كۆزلىرىنى سەلىمگە تىكتى،- مەن ھازىرغىچە سىزدەك چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغان.

-رەخمەت، رەخمەت مەردان ئاكا. ئارتۇقچە ماختىۋەتتىڭىز.

- ماختاشقا لايىق سىز . چىرايلىق قىزلارنى ماختىماي كىمنى ماختايمىز.

كۆڭلى قانداقتۇر بىر كىلىشمەسلىكنى سەزگەن ئەقىللىق دىلناز دەرھال گەپنى بۇرىدى.

-رەخمەت. مەردان ئاكا. قىزلىرىڭىزمۇ چوقۇم چىرايلىقتۇ ھە؟

-ھە؟...-دۇدۇقلاپ قالغان ئىستانسا باشلىقى دىلنازغا <لاپ> قاراپ قويۇپ تاماكىسىنى كۇچەپ شورىدى. - ھەر ھالدا...

-قانچە قىزىڭىز بار ؟

-بىر قىزىم ، بىر ئوغلۇم، قىزىم ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوغلۇم باشلانغۇچتا ئوقۇيدۇ.

-ھە، خۇدا بېرىپتۇ. ئۇماق باللىرىڭىزنىڭ بەختىنى بەرسۇن

ئىلاھىم. ئائىلىڭىز بەك بەختلىك ئىكەن.

- بەختلىك؟- ئىستانسا باشلىقى دىلنازنىڭ گەپلىرىدىن نارازى بولغاندەك قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قويدى.- سىز مىنى بەختلىك دەپ قارامسىز؟

-ئەلبەتتە، سىز بەك كىلىشكەن، قابىلىيەتلىك، تاتلىق ئىككى پەرزەنتىڭىز باركەن، ياخشى بىر ئايالىڭىز باركەن...

-سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئاشۇ بەختما دىلناز؟

-ھە، ئەلبەتتە بەخت. شۇنچىلىك بەختكە ئېرىشەلمىگەن ئادەملەر نۇرغۇن تۇرسا مەردان ئاكا.

دىلناز پات-پات ئۆزىگە قاراپ نىمىلەرنىدۇ خىيال قىلىۋاتقان ئىستانسا باشلىقىدىن تىنى شۈركەندەك بولدى. لېكىن گەپ-سۆزدە غەيرەتلىك بۇلىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولدى.

- ھەقىقى بەخت نىمە؟ بىلەمسىز؟ ئۇچۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش.

-نىمە؟ سىز ئايالىڭىز بىلەن ياخشى كۆرۈشمەي توي قىلغانما؟

-ياق، ئۇنداق ئەمەس، ياخشى كۆرگەن. لېكىن ئۇ بۇرۇنقى ئىشلار. مەن ھازىر بىرسىگە ئاشىق، بىرسىنى ساراڭلاردەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. راست دىلناز، ساراڭلاردەك...

دىلنازنىڭ يۈرىكى نىمشىقىدۇر سىقىلىپ كەتتى. ئۇ ئىستانسا باشلىقىدىن بۇ گەپلەرنى كۈتمىگەن ئىدى. ئۇنى بۇنداق دەيدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدى. ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، ھەر ۋاقىت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ يۈرىدىغان بۇ باشلىققا بۈگۈن نىمە بولغاندۇ ھە؟ ... ئۇنىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سىزىپ ئۈلگۈردى، بىر ناتوۋاپىق مەقسەتنى سىزىپ ئۈلگۈردى. بۇ دۇنيا نىمە دىگەن رەزىل، نىمە دىگەن تەڭسىز... دىلناز دۈپۈلدەپ سوقۇپ ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالاي دەپ قالغان يۈرىكىنى تىڭشىدى. ئىستانسا باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن ئۆزى ئەسلا ئاڭلاشنى خالىمايدىغان، بىمەنە بىر گەپنىڭ چىقىپ كىتىشىدىن ئەنسىرەپ تىنى جىغىلدىدى. ئىلىپتەك ئېقىپ چۈشكەن بۇرنىدا تامچە-تامچە تەر پەيدا بولدى.

- مەردان ئاكا توختۇتۇڭ، ماشىننى توختۇتۇڭ. ئۆيگە كىلىپ قالدىم،- جىددىلەشكەن دىلناز تۈرۈپلا شۇنداق دەپ سالدى.

ـ تېخى بارغۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

ـ يا..ق، ياق... ئۇنتۇپ قالمىدىم. دادام ـ ئاپاملار بۈگۈن بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە چايغا كەتكەن، مىنمۇ ئىشتىن چۈشۈپ بېرىشىمنى تاپىلىغان، ئۇلارنىڭ ئۆيى مۇشۇ قورو ئىچىدە،ـ دىلناز بۇ گەپلەرنىڭ ئېيتىلىشىغا قانداق كىلىپ قالغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپ كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى.

ـ ھە، مۇنداق دەڭ...ماقۇل ، ماقۇل، مانا ھازىر،ـ ئىستانسا باشلىقى شۇنداق دىدى ـ دە، ماشىنىنى يول بويىغا ئاستا توختاتتى، ئۇ چۈشۈشكە تەمشىلىپ ئىشكىنى ئاچقان دىلنازنىڭ قولىدىن شاپلا تۇتىۋالدى.

ـ دىلناز، بىلەمسىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنىڭ ئوتىڭىزدا كۆيۈپ كۈل بولاي دىدىم...

ھەيرانلىق ئىچىدە قالغان دىلنازنىڭ بېشى ئايلانغاندەك بولدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدى رەڭگارەڭ چىراقلىق كىچىدەكلا قالايمىقانلاشتى. ئۇ مۇرەككەپ ھىسيات ئىچىدە ئىستانسا باشلىقىنىڭ قولىدىن قولىنى شۇنچىلىك كۈچ بىلەن ئاجراتتى دە، ئۇنىڭغا خوش دىمەيلا ئىشكىنى زەربە بىلەن قاتتىق ياپتى.

دىلناز گاراڭ ئادەملەردەك ئۆزىگە ناتونۇش بولغان قورو ھويلىسىغا كىرىپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ئورۇندۇققا كىلىپ ئۆزىنى تاشلىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان يىغىنى توختۇتۇشقا ئامالسىز ئىدى. نىمە قىسمەت، نىمە دۇنيا؟... نىمانداق مۇرەككەپ تۇرمۇش، نىمانداق رەزىل ئادەملەر... مەن كىم بولۇپ قالدىم شۇ تاپ، بىر رەھبەر تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئىرىشكەن بىر دادا يوللۇق ئادەم تۇرۇپ نىمانداق پەسكەشلىك قىلىدۇ؟ بۇ زاماننىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆڭلى نىمانداق قارا؟...شۇ تاپ بىر بوۋاق قىزدىن نىمە پەرقىم. مىنىڭ گۈزەللىكىمدىن، ساددىلىقىمدىن ئاشۇنداق پايدىلانسا، مىنى ئەخمەق قىلسا بولامدۇ؟...قېنى مەن ئىنتىلگەن كەلگۈسى؟ قېنى مەن ئارزۇ قىلغان كۈڭۈللۈك خىزمەت؟ قېنى بىز تەسەۋۋۇر قىلغان گۈزەل تۇرمۇش؟...دىلناز ئويلىغانسىرى ئازاپلىنىپ كەتتى. بىر گۇناھ ئىشنى قىلىپ سالغان ناتىۋان قىزدەك يۈزلىرىنى چىڭ تۇتۇپ بۇقۇلدايتتى. ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارمانلىرى ، بەختىيارلىق تۇرمۇش مۇساپىسى ئىچىدە يەنە ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بىرىۋاتقانلىقىدىن، تۇرمۇشىنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك ئۇنچىۋالا

ئـاددى ئەمەسـلىكىدىن قـاتتىق ئۈكۈنـدى. ئـۇ جانـدىن ئۆتكـۈدەك قـاتتىق سـۇغۇقتا، ئاپئـاق قـار دۈۋىسـى ئىچىـدە قېلىۋاتـاتتى. ئوقيـادەك ئەگىـم كىرپىكلىرىـدە ئاپئـاق قىرو باغلىغـان ئىـدى، لەۋلىـرى سـۇغۇقتىن دىـر-دىـر تىترەيتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان نازۇك قوللىرى بىلەن سومكىسىدىن تېلېفۇنىنى ئېلىـپ ، ۋارىس قالـدۇرغان ئۇچـۇرلانى قايتىـدىن ئۇقـۇپ چىقتـى. يـۈرىكى ئەلەمدىن ئېچىشىپ كەتتى. ھەممە ئىشلارنى ۋارىس كۈرۈپ تۇرغانـدەك ئەتراپقا ئەنـدىكىپ قارىـدى. ۋارىس ئالدىـدا، ئۇنىـڭ ساپ مـۇھەببىتى ئالدىـدا ئېغىـر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئازاپلاندى. تىپتىنىچ كۆل سـۈيىدەك ھاياتىـدىكى تۇيۇقسىز داۋالغۇشتىن يۈرىكى لەختە-لەختە بولدى....

بىـر كىـچە قورقۇنۇچلـۇق چۈشـلەرنى كـۆرۈپ چىققـان دىلنازنىـڭ ئىشـقا بېرىشقا پەقەت رايى بارمىدى. ئۇ ئاخشامقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىـر چۈش بۇلۇپ قالسىكەن دەپ ئۈمۈت قىلدى. لېكىن ئـۇ رېئاللىق ئىـدى. ئـۇ يەنە شـۇ چىرايىـنى كۆرۈشـتىن قورقـاتتى، نەچـچە ۋاقىتـتىن بىـرى قەلبىـدە ئالاھىـدە ھۆرمەتكە ئىرىشىپ، بىر كۈنـدىلا ئىززىتـى ۋەيـران بولغـان ئىستانىسا باشـلىقى بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقاتتى. مەس بۇلۇپ قالدىمىكىن دىسە يە ھاراق ئىچمىگەن. ئېلىشىپ قالدىمىكىن دىسە سەنئەت كىچىلىكىدە بىرئوبىدان سۆز قىلىپ ئولتۇرغان...ئەمدى ئىـدارىغا بارسـا يەنە نـىمە ئىشلار يـۈز بىـرەر؟ رەھبەرنىڭ يۈزىگە قانداق قاراش كېرەك؟ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىـدە بۇلـۇش كېـرەك؟...بېشـى قېتىـپ كەتـكەن دىلنـاز يەنە ئامالسـىز بوينىـدىن بىرسـى سۆرىگەندەكلا گىرىمىۇ قىلماي ئىشقا ماڭـدى. ئـۇ ئىشـخانا بىناسـىغا خـۇددى يولۋاستىن ئۈركۈپ تۇرغان توشقاندەكلا قورقـۇنچ ئىچىـدە چىقتـى. ئـۇ بۈگـۈن ئۇچرىغـانلىكى ئـادەمنى ئـۆزىگە قاراۋاتقانـدەك، ئاخشـامقى ئىشـلارنى بىلىـپ قالغاندەكلا ھىس قىلىپ جىددىلىشىپ كەتتى. لېكىن ھەممە جىمجىت ئىـدى. ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئىشتىن چۈشۈشكە ئالدىراۋاتقان دىلناز سائىتىگە نەچچە قېتىم قـاراپ بولدى. ئۇنىڭ بۈگۈن نىمىشقىدۇر ۋارىس بىلەن كۆرۈشكۈسى كىلىپ، ئۇنىڭغا

ئالدىن ئۇچۇر قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ شۇ تاپ ۋارىس بىلەن كۆرۈشسە ئۆزىنى تۇتىۋالالمايدىغاندەك، ھەممە گەپنى ۋارىسقا ئاشكارىلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئازاپلانغان قەلبى شۇ تاپ ۋارىسنىڭ تەسەللىسىگە، كۆيۈنۈشىگە، مۇھەببىتىگە مۇھتاج ئىدى. ۋاقىت تۈشاي دېگەندەك تۈيۈقسىز بىر قىز دىلنازنىڭ ئىشخانىسىغا قىپ-قىزىل بىر دەستە ئەتىرگۈل كۆتىرىپ كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى. گۈل شۇنچىلىك كۆپ، شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى قىزنىڭ قۇچىقىغا لىقلا كەلگەن ئىدى. ئىشخانا ئىچىدىكى بىر قانچە قىز گۈلدىن تەمە قىلغاندەك تىزلا گۈلچى قىز ئالدىغا كەلدى.

— خان، كىمنىڭ گۈلىكەن بۇ؟ بەك چىرايلىق گۈلكەن.

- دىلناز قىزنىڭ .

ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان دىلناز ھەيرانلىق ئىچىدە گۈلگە سەپسالغاچ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

-ھە، دىلناز دېگەن مەن. كىم ئىبەرتىپتۇ؟

-ئۇقمايمەن، بىرسى گۈل دۇككىنىغا تېزىملىتىپتىكەن. قالغىنىنى كارتوچكىدىن كۆرىۋالارسىز.

دىلناز زىمىستان قىشتا ئىشخانىسىگە باھار ھىدىنى تارقىتىۋەتكەن گۈلگە قاراپ ھەيران قالدى. باشقا خىزمەتداشلىرى ھەۋەسلەنگەندەك كۆلۈمسىرەپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ۋارىس بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرىۋاتقان دىلناز ئورنىدا تۈرۈپلا قالغان ئىدى. . تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كارتوچكىنى ئېلىپ ئۈستىدىكى خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتتى. <سىزنى سۆيىمەن> دېگەن ئاددىيلا ئىككى خەتتىن باشقا ھېچقانداق بىر خەت ياكى ئىمزا كۆرۈنمەيتتى. كاللىسىغا تۇگۇمەس سوئاللار كېلىۋاتقان دىلناز ئويلۇنۇپ قالدى. بۇ گۈلنى زادى كىم ئەۋەتتى؟ ۋارىس...ياق، ياق...ئۇ ئەمەس، ئۇ ئەۋەتكەن بولسا بايا ماڭا دېگەن بولاتتى. ئۇنداقتا يەنە كىم؟ يا بۈگۈن ئالاھىدە بىر كۈن بولمىسا، يا تۇغۇلغان كۈنۈم بولمىسا...داداممۇ يە؟ ياق، ياق...ئۇمۇ ئەمەس ، دادام<سىزنى سۆيىمەن> دەپ ئەسلا يازمايدۇ...تۇۋا...كىمدۇ ئەمدى بۇ ؟...دىلنازنىڭ ئويلىغانسېرى بېشى قاتتى. خوشاللىق ئىچىدە ئۆتىۋاتقان مەنىلىك كۈنلىرىگە تىكەندەك سانجىلغان ئەتىرگۈلگە قاراپ ئېغىر خورسىندى. ئۇ تۈيۈقسىز گۈل بەرگىلىرى ئىچىدىن ئىستانسا باشلىقنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىنى

كۆرۈپ تىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇماق لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. «شۇمىدۇ ؟ » دىگەن خىيال كاللىسىغا كىرىۋالدى.

دىلناز گۈلگە قاراپ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى. ئوغاقتەك ئەگىم قاشلىرى ئۆزئارا جۈپلىشىپ ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان قول تىلىفۇنىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ، ئىستانسا باشلىقى ئۇنى ناھۇۋاپىق جايغا تەكلىپ قىلىۋاتقاندەك قورقۇپ كەتتى. ئۇ تىلىفۇندىكى تونۇش نومۇرغا قاراپ قويۇپ، <ئۇ> دەپ يۈرىكىنى تۇتقىنىچە كۇنۇپكىنى باستى.

- كەلمەيسىزغۇ دىلناز، سىزنى بەك ساقلاپ كەتتىم.-ۋارىسنىڭ جىددىلەشكەنلىكى، تاقەتسىزلەنگەنلىكى ئاۋازىدىن مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

-هە، ئازراق مىجەزىم يوق بولۇپ قالدى، مەن بارالمايدىغان ئوخشايمەن، تاماقنى ئۆزىڭىز يەۋېرىڭ ۋارىس.

- نىمە ؟ قايىرىڭىز بىئارام بولىۋاتىدۇ؟. مەن هازىرلا قېشىڭىزغا باراي.

- ياق، ياق...بولدى. هازىر خېلى ئوڭشۇلۇپ قالدىم. مەن كەچتە سىزگە تېلىفۇن قىلاي. بولامدۇ؟

-ئۇنداقتا مەيلى . لىكىن يەنە بىئارام بولسىڭىز ماڭا دەرهال تىلىفۇن قىلىڭ، دوختۇرغا ئاپىرىمەن.

-بولىدۇ ۋارىس . خوش.

دىلناز ۋارىسنىڭ <خوش > دىگەن ئاۋازىنى كۈتمەيلا تىلىفۇننى قويىۋەتتى. يۈرىكى قاتتىق ئېغىپ تۇرىۋاتاتتى. دىمەك گۈلنى ۋارىس ئىبەرتمىگىنى ئىنىق. دىلناز ماغدۇرسىز بىماردەك ئاستا ئېغىر قەدەم ئېلىپ بىنادىن چۈشتى. ئۇ شۇ تاپ قاياققا بېرىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا مەقسەتسىز قاراۋېتىپ تۇيۇقسىز يەنە ئىستانسا باشلىقىنىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈپ قالدى. دەرۋازا ئالدىدا ئىستانسا باشلىقى خۇددى دىلنازنى ساقلاۋاتقاندەكلا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇ ئەهۋالنى كۆرگەن دىلنازنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس-تاس قالدى. ئىستانسا باشلىقىنىڭ كۆزى خۇددى ئۇنى هازىرلا يالماپ يۇتىۋېتىدىغاندەك خىرسلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئىستانسا باشلىقى

كىلىپلا ئۆزىنى ماشىنىغا سىلىپ كۆز يەتكۈسىز جەزىرلەرگە ئېلىپ كىتىدىغاندەك، دەرھاللا ئالدىغا كىلىپ قالغان بىر تاكسىنى توستى دە، ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

دىلناز ئەمدى تىنچ تۇرمۇشنىڭ ئاستا ـ ئاستا بۇزىلىۋاتقانلىقى ھىس قىلدى. ئىستانسا باشلىقىنىڭ كۆلەڭگۈسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەندەكلا ئەندىكىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئەيقاچتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ نۇمۇرسىز كىلىپ قالىدىغان تېلىفۇن ئۇچۇرلىرىدىن بىزار بولدى. بىرەڭ لېكىن تاتلىق پىچىرلاشلار تېلىفۇن ئىكرانىدىن يۈرىكىگە بېرىپ تاقىلاتتى. ئۇ ئۇچۇرلارنى يۇيۇپ ئۆلگۈردى. ئۇچۇرلارنى بىرسى كۆرۈپ قالىدىغاندەك ، خىزمەتداشلىرى بۇ مەخپىيەتلىكنى بىلىپ قالىدىغاندەك پات ـ پات ئۇچۇرلارغا قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئۇچۇرلارنى كىمنىڭ يوللىغىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇچۇقتىن ئۇچۇق ئۇنىڭغا بىر نەرسە دىيىشتىن ئۇيۇلاتتى. ھەقىقى ئەركەكلەرگە خاس بىر جۈپ كۆزنىڭ ، قاپقارا بۇرۇتلۇق بىر چىرايىنىڭ ئۆزىگە مختەك تىكىلىپ تۇرۇشلىرىدىن، كۈلۈمسىرەشلىرىدىن، ئوتلۇق بېقىشلىرىدىن بەكلا قورقاتتى. ئۇ ئاخىرى بۇلالماي تېلىفۇننى ياتاق ئۆيىدە قويىدىغان، كىچىلىكتە يۇشۇرۇن ئېچىپ ئۇچۇرلارنى بىردىن ـ بىر كۆرىدىغان، ھەممىنى ئۇكۇنۇش، ئازاپ ، يىغا ئىچىدە ئۇچۇرۇپ تاشلايدىغان بولۇپ قالدى.

ئىدارىدىكى خىزمەت ئالدىراشلىقىمۇ ياكى ھەر كەچ دەم ئالماي ئىنگلىز تىلى ئۆتىۋەرگەچكىمۇ ، ۋارس بۇگۈنكى دەم ئېلىش كۈنىدە قىينىپ ئۇخلىدى. ئىدارىدىن ئاجرىتىپ بىرىلگەن چاققانغىنا ئىككى ئېغىز ئۆي شۇنچىلىك ئىسسىق بۇلۇپ، پارۋايدىن گۈپۈلدەپ چىقىۋاتقان ئىسسىق ھارارەتتە ۋارس يوتقىنى ئېچىۋېتىپ ، ئىچ كىيىم بىلەنلا ئۇزۇن كىرىلىپ ياتتى. ئۆي شۇنچىلىك ئاددى، شۇنچىلىك پاكىزە بۇلۇپ، بىر قاراشتا ھەرگىزمۇ بىر بويتاقنىڭ ئۆيىگە ئوخشىمايتتى. كىتاپ ئىشكاۋىدا قۇيۇلغان لىققىدە كىتاپلار ئىچىدىن خىمىيە ئۇقۇتۇشلىقى، ھەر خىل رومان، تۇرلۇك

ئۇيغۇر ئەدىبى ژۇرناللىرى، شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن ئىنگلىزچە كىتاپلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. كىتاپ جازىسى قىشىغا قويۇلغان ئۈستەل ئۈستىدىكى كىچىككىنە رەسىم رامكىسىدا پەرىشتىدەك بىر گۈزەل قىزنىڭ سىماسى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ۋارىس ياستۇققا يۆلىنىپ يانغا قايرىلغان ھالدا پەردىدىن دەرىزە سىرتىدىكى يىغىۋاتقان ئاپئاق قارغا قاراپ، خۇددى تەڭرى ئۆزى بىلەن دىلنازغا ئاق چاچقۇ چېچىۋاتقاندەك تۇيغۇلارغا چۆمدى. ئۇ رەسىم رامكىسىغا ئاستا قاراپ قويۇپ ، دىلناز بىلەن كۆرۈشمىگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ گەرچە تېلىۋىزوردىن ئۇنىڭ گۈزەل سىماسىنى كۈندە كۆرۈپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇنى مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىشقا، ئۇنىڭ تاتلىق ھىدلىرىنى قېنىپ ھىدلاشقا ئىنتىزار ئىدى. ئۇ بۇ كۈنلەرنىڭ تېزراق ئۆتۈپ كېتىشىنى ، تېزراق توي قىلىپ ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىنى، ھەقىقى بەختىنىڭ شېرىن دەملىرىگە چۆمۈلۈشنى تۈلىمۇ ئۈمۈت قىلىۋاتاتتى.

ۋارىس بۇگۈنكى دەم ئېلىش كۈنىدە دىلنازنى كۆرگەچ نازىر ۋە پەرىدە خانىمنى يوقلاپ كېلىشنى لايىق تاپتى. ئۇ تۇرۇپلا نىمىگىدۇر خوشال بولغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، قىلىن قاردا پاتقاققا مىلەنگەن ئايىقىنى بىرىلىپ تۇرۇپ مايلاپ چىقتى. چاچلىرىنى قايتىدىن يۇيۇپ چىرايلىق قاتۇردى. كىيىم ئىشكاۋىدىن يىڭىلا يۇيۇپ قاتلاپ قويغان كىيىملىرىنى كىيىپ ، ئۈستىگە ئۇزۇن قارا پەلتوسىنى ئارتتى. كىيىم ئىشكاۋىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ياسىنىشىغا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ،تۇيۇقسىزلا دىلناز سوۋغا قىلغان چاقماق شارپىنى ئېسىگە ئالدى دە، شارپىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى خۇددى دىلنازنى سۆيگەندەك بوشقىنا سۆيۈپ قويدى. ئەينەككە قاراپ خۇددى دىلنازنى بويىنىغا يۆگىۋاتقاندەك سۆيۈنۈش ئىچىدە يۆگىدى...

ۋارىس بىر قانچە خالتا سوۋغا-سالامنى كۆتىرىپ ، ئىككى قەۋەتلىك داچا ئالدىغا كەلدى. ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن داچا ۋارىسنىڭ كۆزىگە خۇددى كىنولاردىكى ھەيۋەتلىك قەلئەدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ئۆيگە ، نازىر ۋە خانىمغا ئاستا-ئاستا ئۆزلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە شۇنچىلىك قورۇنۇش ھېس قىلاتتى. پەرىدە خانىمنىڭ بوشقىنا سالىمىدىن ، ئۇرغۇلۇق گەپلىرىدىن يەنىلا ئەيمىنەتتى. لېكىن تەلىيىگە يارىشا بۇگۈن ئۆيدە پەقەت دىلنازلا بار بولۇپ چىقتى . قولىدىكى نەرسە كېرەكلەرنى قويۇشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن

ۋارىس خۇددى ئانا قۇچىقىغا تەشنا بوۋاقتەك ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئاستا بېشىنى قويۇپ، نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغان دىلنازنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى، نازۇك ھىسلىرى ئويغۇنۇپ دىلنازنى مېھرى بىلەن تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى . دىلنازنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى.

- كۆز يېشى قىلدىڭىزما دىلناز؟

-ياق، سىزنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتتىم شۇ،- دىلناز قەلبىدىكى ئازاپ، ئەنسىزلىكنى يۇشۇرۇشقا تىرىشتى.

-سىزنىمۇ بەك سېغىندىم دىلناز . سىزمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز، مەنمۇ ھەم...بوگۈنغۇ خىزمەتكە بارمايدىغانسىز...

-ياق.

-ئۇھ، سىز بىلەن قېنىپ دىدارلىشىدىغان پۇرسەتمۇ چىقىدىكەن.- ئىللىق ھارارەتتىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ۋارىس ئۆزىمۇ سەزمەستىن لەۋلىرىنى دىلنازنىڭ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە ئاپاردى.

-ئۇنداق قىلماڭ... سەت تۇرىدۇ...قىلىن....- دىلناز لەۋلىرىنى تىزلا ئەپقاچتى، لېكىن كۆڭلىدە ئۇنى قېنىپ-قېنىپ سۆيگۈسى، ئۇنىڭ باغرىدا ئېرىپ كەتكۈسى، بىر تەن بىر جانغا ئايلانغۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭ لەززەت تامچىپ تۇرغان قىلىن لەۋلىرىنى، نازۇك يۈزلىرىگە بوشقىنا سانجىلىدىغان يۇمران ساقال بۇرۇتلىرىنى سېغىناتتى... لېكىن ئەقىللىق قىز ئۇ ئۆز ھىسياتىنى تىزلا بېسىۋېلىپ ۋارىسنى مىھمانخانا ئۆيگە باشلاپ كىردى.

تاماقتىن كىيىن ئۇلار جىممىدە ئولتۇرۇپ تىلىۋۇزۇر كۆردى. ۋارىس تىلىۋۇزۇر كۆرىۋېتىپ يەنە تۈرۈپ-تۈرۈپ ئۇھسىنىپ قويىۋاتقان دىلنازغا قاراپ قوياتتى. قارىماققا دىلنازنىڭ ۋارىسقا دەيدىغان مۇھىم بىر گىپى باردەك قىلاتتى. ئۇزاق سۈكۈتتىن كىيىن ئاخىرى دىلناز ئېغىز ئاچتى.

-ۋارىس، بىز تويىمىزنى قىلىۋېتەيلىمىكىن.

-نىمە؟...- ۋارىس دىلنازنىڭ ئېغىزىدىن تۇيۇقسىز چىققان بۇ سۆزگە قاراپ ھەيران قالدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ بىر يىلدىن كىيىن توي قىلىشنى ئوتتۇرغا قويمىغانمىدى؟ نازىر ۋە خانىمۇ ۋارىسقا بىر يىللىق ۋاقىت بەرمىگەنمىدى؟ ...ئەمدى دىلناز تېخى بىر يىل توشمايلا بۇ گەپنى چىقىرىۋاتىدىغۇ؟.. ئۇ ھەيرانلىق ھەم ھاياجان ئىچىدە دىنازغا قارىدى.

ـ قانداق تەييارلىقىڭىز پۈتىۋاتامدۇ؟ـ دىلناز ۋارسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

ـ ھە؟... پۈتىۋاتىدۇ...15000 يۈەندەك ئىقتىساد تەييارلاپ بولدۇم. لېكىن يەتمەمدىكىن، ئۈرۈمچىدە توي دىگەنگە نۇرغۇن ئىقتىساد كىتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ ئانىڭىز ئالدىدا ئۆز ئىززىتىڭىزنى قىلمىسام بولمايدۇ. بولمىسا بىر ئۆمۈر يەرگە قاراپ قالىمەن. قىزىق، ئەجەپ بۇ ئىشقا ئالدىراپ قاپسىزغۇ؟ ئۆيىڭىزگە يەنە بىرەرسى ئەلچىلىككە كىلىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟

ـ يا..ق، ياق...ـ دىلناز ئولتۇرغان ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى. ۋارس ئىستانسا باشلىقى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرۇسىدىكى يۈشۈرۈن مەخپىيەتلىكنى بىلىۋالغاندەكلا ، ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە گۇناھكارلاردەك ھىسسىياتتا قارىدى.ـ شۇ سىزنى يالغۇز قىينىلىپ قالامدىكىن دىدىم...

ـ يەنىلا مىنى ئويلايسىز دە سىز، سىزدەك ياخشى قىزنى ماڭا نىسىپ قىلغان تەڭرىگە كۈندە ھەمدۇسانا ئۇقۇيمەن. لېكىن...ئاتا ـ ئانىڭىز نىمە دەر؟

ـ ئۇلارنى ئۆزەم قايىل قىلىمەن، ئىقتىساد جەھەتتە مىنىڭمۇ سىز ئۈچۈن ئازراق يىققىنىم بار. سىزئۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇڭ...

خوشاللىقتا نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي قالغان ۋارس ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بىرى ئارزۇ قىلغان گۈزەل كۈنلەرنىڭ نىسىپ بولۇش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈندى. توي كىچىسىدىكى شىرىن مىنۇتلارنى ، دىلنازنىڭ ۋىسالىغا يىتىدىغان ئەڭ بەختىيار دەقىقىلەرنى ئويلاپ ئۆتتەك قىزاردى.

ـ بولىدۇ. سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بولسۇن، لېكىن سىز جاپا تارتىپ قالىدىغان بولدىڭىز. مىنىڭ مۇشۇ سەممىي يۈرۈگۈمدىن باشقا سىزگە ئاتا قىلغۇدەك باشقا پاراغىتىم يوق...

ـ نىمە دىگىنىڭىز بۇ ۋارس. سىز بىلەن چۆل ـ جەزىرىلەردە ياشىساممۇ مەن يەنىلا بەختلىك. مەنىۋى خوشاللىق ئالدىدا ماددى مەنپەئەت ھىچنەرسە ئەمەس...

ئۇلار ئۇزاققىچە مۇڭداشتى، تويدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئويلۇشۇپ چىقتى، نۇرغۇن تەييارلىق توغرىسىدا پىلان تۈزدى. لېكىن ۋارس دىلنازنىڭ قەلبىدىكى تۈگۈننى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ يالغۇز ئۇتتۇشتىن قورقىۋاتقانلىقىنى، ئىستانسا باشلىقىنىڭ ئۇنىڭغا يەنىلا پەرۋانىدەك چاپلىشىۋىلىشىدىن

ئەنسىرىۋاتقانلىقىنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى. دىلناز « پەقەت تىزراق تۈزۈلۈپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئۇ يەنىلا تويىمىزنى ئۆتكۈزۈۋاتقان قىلىۋالسام ئىستانسا باشلىقى ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىدىن يانىدۇ، مىنى ئارامىمغا قويىدۇ» دەپلا قارايتتى...لېكىن تۇرمۇش ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغانىدەك بولامدۇ-بولمامدۇ؟ بۇنىڭغا ھېچكىم ئالدىن بىر نەرسە دىيەلمەيتتى.

سىرتتىن قايتىپ كەلگەن نازىر ئۆيىدىكى ئەزىز مىھمان بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ پاراڭلاشتى. لېكىن پەرىدە خانىم شۇنچە تەبىئى تۇرۇشقا تىرىشسىمۇ ، لېكىن يەنىلا چاندۇرۇپ قويىۋاتاتتى، ۋارىس بىلەن بوشقىنا سالاملىشىپ، «كەلدىڭىزما» دىگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا جىمىدى.

قىزىنىڭ توي قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلىغان نازىر ۋە خانىم تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار تېخى يەنە بىر مەزگىلدىن كىيىن بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئويلاشماقچى بولىۋاتاتتى. نازىر ۋارىسنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يىگىت ئىكەنلىكىگە ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنى كىيىئوغلۇم دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن پەرىدە خانىم يەنىلا بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە يۈرىۋاتاتتى. كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى بۇ ئىشقا نارازىدەكلا بىلىنەتتى.

- توۋا، دىلنازنى توي قىلىشقا ئالدىرىتىپسىزدە ۋارىسجان. تەييارلىقنى خېلى ئوبدان قىلىۋالغان ئوخشىمامسىز،- پەرىدە خانىمنىڭ تۇلۇمدىن توخماق چىققاندەكلا دىگەن سۆزى ۋارىسنى تەمتىرىتىپ قويدى.

- ئۇنداق ئەمەس ئاپا، مەن قىلىۋېتەيلى دىدىم. - دىلناز ۋارىسنىڭ تەڭقىسلىقىنى يۇقاتماقچى بولدى.

- نىمىشقا ئەمدى؟ توي قىلغۇڭ كىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ سىنىڭ؟

- ھە...ياق...- دىلناز ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئازاپ ئىچىدە تولغاندى.

- ۋارىسجان ، بىز سىلەرنىڭ توي ئىشلىرىغا قوشۇلغان، لېكىن بىزمۇ ئۆزىمىزگە چۈشلۇق ئادەملەر، بىزنىڭمۇ مۇشۇ بىرلا قىزىمىز بار. قىزىمىزنىڭ تويىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا راۋۇرۇس ئۆتكۈزۈپ بەرمىسەك بولماس. «يىگىتى يېزىدىن ئىدى، دىھقاننىڭ بالىسى ئىدى. شۇڭا مۇشۇنچىلىكلا تەييارلىق قىپتۇ

» دەپ ئولتۇرساق بىزگىمۇ ، سىزگىمۇ سەت تۇرار...
-بولـــدى، بولـــدى. نىمانـــداق كاسىلداۋىرىســـەن، خۇتـــۇن خەق دىگەننىڭغــۇ ئــۆزگەرمىگى بەك تەس ئوخشــايدۇ، قېنــى مەن ســاڭا دىــگەن گەپـــلەر؟ يەنە بـــۇ قۇلىقىڭـــدىن كىرىـــپ ئـــۇ قۇلىقىڭـــدىن چىكەتـــكەن ئوخشىمامدۇ؟... ۋارىسجان يىتىشەلمىسە مانا بىز بار. ئىقتىساتدىن قىسىلسا مانا مەن بـار. بۇلارنىـڭ تـوينى راۋۇرۇس ئۆتكـۈزۈپ بەرگـۈچىلىكىم بـار مىنىـڭ. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن ھە بالام. قىزىڭغا ئامراقلىقىـدىن مۇشـۇنداق كوتۇلدايـدۇ بـۇ خۇتـۇن.- نـازىر ئىككـى ئېغىـز گەپ بىلەنـلا ئـارىلىقتىكى كۆڭۈلسـىزلىكنى كۆتىرىۋەتتى. پەرىدە خانىم دىگەن گەپلىرىگە خىجىل بولغانـدەك بىـر تەخسە ئالمىنى كۆتىرىپ كىرىپ ۋارىسنىڭ ئالدىغا قويدى.
- سـەت بولـدى ھە. مىنىـڭ مۇشـۇ ئـاغزىم زە...قېنـى ئالما سـويغاچ ئولتۇرۇڭ...
-ئۇنداق دىمىسلە ، مەنمۇ تـوغرا چۈشـۈنىمەن. ھېلىمـۇ مەن ئۈچـۈن نۇرغـۇن ئاتـــدارچىلىق قىلىـــپ كەلـــدىلە. مىنىـــڭ بەختىمنـــى دەپ نۇرغـۇن قۇربـانلارنى بەردىـــلە...مەن ئۆزلىرىنىـــڭ ياخشـــىلىقلىرىنى قـــانچە قىلسـامۇ قايتۇرۇپ بۇلالمايمەن... -ۋارس خىجىللىق ئىچىدە نازىر ۋە پەرىدە خانىمغىمۇ تىك قارىيالماي ، ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ سۇيۇشقا باشلىدى.
ئۇلار قانچە ئالدىرىسىمۇ لىكىن يەنىـلا نـازىر تـوي ۋاقتىنـى بىكىتىـپ بەردى. نازىر توينى باھاردا ئۆتكۈزۈشنى لايىق تاپتى. ئۇ ۋاقىتقىچە ۋارىسنىڭ ئىدارە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئازادە بىنا ئۆيىدىن بىرنـى ھەل قىلىـپ بىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەم ۋارىســنىڭ ياخشــىراق تەييـارلىق قىلىۋېلىشــىنى، ئاتا-ئانىسىغا كۆپ جاپا سىلىپ قويماسلىقىنى تاپىلىـدى. ئەپسۇس، دىلنـاز يەنە بىر نەچچە ئاينى قانداق ئۆتكۈزۈش ئىچىدە ئازاپلاندى. توي ئىشى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تىز بولماي قالدى. ئەمدى ئىستانسا باشـلىقىغا قانـداق تەدبىـر قوللىنىش كىرەك؟ ئۇنى قانداق تۇسۇش كىـرەك؟ بـۇ ئىشـلارنىڭ باشـقىلارنىڭ ئېغىزىغا چىقىـپ قىلىشـىدىن قانـداق قۇتۇلـۇش كىـرەك؟... تـۈگىمەس قىـيىن سۇئالالار بىچارە دىلنازنىڭ خىروستالدەك قەلبىگە نۇرغۇن قاپقارا داغلارنىـڭ سايىلىرىنى تاشلىۋاتاتتى.
- ۋارســجان. تــوي ۋاقتىمـــۇ توختۇلـــۇپ قـــالاي دىـــدى. ئەمـــدى قۇدىلىرىمىز بۇسۇغۇمىزدىن «ئەسسالام» دەپ كىرسە بولار، ئۇلار بىلەن يـۈز

كۇرۇشـمەي تـۇرۇپ تـوي قىلساق قاملاشـماس،- بـىردەم بىسـىققان پەرىـدە خانىمنىڭ ئىغىزى يەنە ئېچىلدى.

- ھە، مەنمۇ ئويلىغـان. ئۆيـدىكىلەر بىلەنمـۇ ئالاقىلىشـىپ تـۇردۇم، توي ۋاقتىنـى بىكىتىـپ خەۋەر قىلمـاقچى بولغـان. ئـۇلار يـات ئارىـدا كەلسـۇن ئەمىسە،- ۋارس نىمىگىدۇر قىسىلغاندەك گەپنى تىز-تىز ئاياقلاشتۇردى.

- بولدى. نىمە دەيدىغانسەن، ئاڭلىسام ۋارسجاننىڭ ئاتـا-ئانىسـىمۇ ياشىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يول يىـراق. شـۇڭا ئەڭ ياخشىسـى بىـر يـۇلىلا تويغا كەلسۇن، بۇ يەرگە كىلىپ كىتىشكىمۇ نۇرغۇن ئىقتىساد كىتىدۇ. ئۇنىـڭ ئۇستىگە ھازىر ئۇرۇمچى بەك سۇغۇق...

-دىگەنلىرىغۇ ئۇرۇنلـۇق دادىسـى . لـىكىن شـۇ بـۇ بىـر قائىدىـدە . بىزمـۇ يـىقىن -يـۇرۇق، ئـۇرۇق-تۇققـانلار ئارىسـىدا ئـۆز يـولى بىـلەن ئادىمىگەرچىلىـك قىلىمىساق سەت تـۇرا. باشـقىلار «ئاتـا-ئانىسـىنى كـۆرمەي تـۇرۇپ قىزنـى ئەرگە بىرىپتـۇ » دەپ گەپ تېپىـپ يۇرمىسـۇن دەيمىنـا ئەمـدى...- پەرىـدە خـانىم ئۆزىنىـڭ ئاتىكـاچىلىق قىلىـپ سـالغىنىدىن ئۇڭايسىزلانغاندەك نازىرغا ئەيمىنىش ئىچىدە قارا قويدى.

- سـەت تۇرسـا سـەت تۇرمامـدۇ. نەدىكـى بـىمەنە سەپسـەتىلەرنى كۆتىرىپ چىقىدىكەنسەن...

-ياق ، ياق..پەرىدە ئاچامنىڭ دىگىنى ئورۇنلۇق. بىزنىـڭ يۇرتىمـۇ تـوي ئىشـىدا ئوخشاشـلا ئالـدىن چـاي ئىچكۇزىـدىغان ، ئادىمىگەرچىلىـك قىلىشىدىغان ئىش بار. ئۆيدىكىلەرمۇ ئاز-تۇلا تەييارلىق قىلىـپ قويـۇپتىكەن. ئۇلارمـۇ شـۇ مىنىـڭ ئىغىزىمغـا قـاراپ قالغـان. مەن خەۋەر قـىلاي...-ۋارس دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئاران شۇنىلا دىيەلىدى. دىمىسـمۇ تـوغرا ئەمەسـمۇ؟ نەدىمـۇ ئاتا-ئانـا سـالامغا بارماي تـوي بولىـدىغان ئـىش بـار، ھىلىغـۇ بىـر نازىرنىـڭ قىزىكەن، نامرات دىھقاننىڭ، تىلەمچىنىـڭ قىـزى بولسـىمۇ ھەمـمە ئـىش يـولى بىلەن بولىدۇ دە...ۋارس كۆڭلىدە پەرىدە خانىمنىـڭ دىگەنلىرىنـى ئۇرۇنلـۇق تاپتى.

دىلنازنىڭ ئۆيىدىن خوشلۇشۇپ چىققـان ۋارس ماشـىنىغا ئولتۇرمـاي، ئاپئاق قارلارنى دەسسەپ پىيادىلىكلەر يولىدا ئۇزاق ماڭـدى. مۇزدەك سـۇغۇقتا قامەتلىـك جىسـمى سـەل توڭغانـدەك قىلسـىمۇ، لـىكىن ئـۇ تەبىئەتـتىن

ھۇزۇرلانغاچ بىردەم بولسىمۇ جىمجىت خىيال سۈرۈپ‌بىلىشنى ئويلىدى. قاچان شۇ توي بولار؟ قاچان شۇ غەمـلەر ئاياقلىشار؟ ئاتا ـ ئانام كەلسە ئۇلارنى بۇ ھەيۋەتلىك قورۇغا قانداق باشلاپ كىرەرمەن؟ يېزىدىن ئاياق ئاتلىمىغان بىچارە ساددا ئاتا ـ ئانامغا يەنە نۇرغۇن كۈڭۈلسىزلىك ،يۈرەك زىدىسى تېپىپ بىرەرمەنمۇ؟...دىگەن سۇئالـلار يېغىۋاتقان قارغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ يۈرىكىگە سىڭىپ كىتىۋاتاتتى. توغرا دۇنيادا نەدە ئازاپسىز خوشاللىق بولسۇن؟ يىغىسىز بەخىت بولسۇن؟ ھەر قانداق بىر ئىرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن قۇربانلارنى بىرىشكە ، ئازاپلارغا چىداشقا توغرا كىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ دىلنازدەك بىر پەرىشتىدەك قىز ئۈچۈن جاپا چىكىشكە، ئەلەم چىكىشكە ئەرزىيدۇ... ئاياق رىتىمىغا قاراپ خىياللار ئىچىدە مېڭىۋاتقان ۋارىس تۇيۇقسىزلا ئۆزىنىڭ تەسەللىسىدىن ئۆزى ئەمىن تاپقاندەك ، ئەتراپقا ئاجايىپ ئىشەنچ بىلەن بىر قارىۋېتىپ، ئىدارىسى تەرەپكە تېز ـ تېز يۈرۈپ كەتتى...

مۇھەببەت ئۇ ئىككى قەلبنىڭ ئورتاق پىچىرلىشى، كەلگۈسىگە قاراپ سوققان ئىككى يۈرەكنىڭ بىرىكىشى. مۇھەببەت ئۇ ۋاقىتلىق كۈڭۈل خۇشى ياكى دەقىقە ئازغۇن ھىسيات ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك سىغىنىش، مەڭگۈلۈك تەقدىم قىلىش، مەڭگۈلۈك ئىنتىلىش. تۇرمۇش ئۆزىنىڭ قىسمەتلىرى بىلەن سىرلىق. سانسىزلىغان مۇرەككەپ خاراكتىر ئىچىدە سىرلىق. ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشقا، مۇھەببەتكە تۇتقان ھەرخىل قاراشلىرى ئىچىدە سىرلىق. بەلكىم ئاتا سۆيەت ئەرلەرنىڭ ئۆز قىزىدەك بىر قىزغا قىزىقىپ قېلىشى، ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىشى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە يۈشۈرۈن بېقىشى نورمال ئىشتۇر. لېكىن ئۇ ئەسلا مۇھەببەت ئەمەس. ئۇ دەل ئۆزىدىكى ھايۋانى ئىستەكنىڭ قۇترىشى، قانلىرىنىڭ تېشىغا تېپىپ چىقىشى، شەيتان ئالدىدىكى بىردەملىك ئېغىر سىناققا بەرداشلىق بىرەلمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولىشى مۇمكىن. ئىتتىقات بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشتە رەھىمسىزلەرچە مەغلۇپ بولغان ئاجىز قەلبنىڭ يىغىسى ياكى دەرتلىك پىچىرلىشى بولىشى مۇمكىن.

دىلناز ئۆزىنى بارغانسىرى بىئارامسىزلىققا باشلىۋاتقان كۈڭۈلسىز پاراڭلاردىن ، بىمەنە ئۈچۈرلاردىن، تېلفونلاردىن قۇتۇلۇشقا شۇنچە ئۇرۇنسىمۇ، ئىستانسا باشلىقىنىڭ ھەۋەس بىلەن يۈشۈرۈن قاراشلىرىدىن ، توختىماي تاماققا تەكلىپ قىلىشىدىن بىزار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇن ـ تىنسىز

ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇرۇنقى ئۇچۇر يوللاشلار ئەمدى بىۋاستە تېلېفون قىلىشقا، تاماققا تەكلىپ قىلىشقا، ئۇزۇن-ئۇزۇن سۆيگۈ مەكتۇپلىرىنى، شېرىن، تاتلىق پاراڭلارنى قىلىشقا ئۆزگەردى. ئۇ مەردان ئاكىنىڭ بىر رەھبەر تۇرۇپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ئىچىناتتى. ئۇنىڭ «كۆيىدۇم-پىشتىم» دىگەن بىمەنە سەپسەتىلىرىگە نەپرەتلىنەتتى. لېكىن نەپرىتىنى، ئۆز ھىسياتىنى ئىپادىلەشكە ئاجىز ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئىغىزىغا چىقىپ قىلىشىدىن، جەمىيەتتىكى ئوبرازىغا داغ چۈشۈپ قىلىشىدىن بەكلا قورقاتتى. ئۇ شۇنچە ئېھتىيات قىلىپ يۈشۈرغانسىرى، ئىستانسا باشلىقى تېخمۇ ئەزۋەيلەپ ئۇنىڭغا كالىدەكلا ئەگىشىدىغان بولىۋالدى.

بۇ ئىشلار دىلنازنىڭ خىزمەت ئۇنۇمىگىمۇ، تۇرمۇشىغىمۇ، كەيپىياتىغۇ زور تەسىر كۆرسۈتۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇگۈنمۇ ئوخشاشلا كامىرا ئالدىدا نەچچە قېتىم ئېلىشىپ كەتتى. قانچە قېتىم يادىلىغان سۆزلىرىدە يەنە تۇرغۇن قېتىم ئازدى. تېلېفونىغا مەشۇق ئوتىدا سەرسان بولغان ئاشىقنىڭ پىراقىدەك ئۇزۇلمەي كىلىۋاتقان قىسقا ئۇچۇرلارنى ئويلاپ ئازدى، بۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ باش-ئاخىرىنى ئويلاپ ئازدى. ئۇ ئەمدىلىكتە بەرداشلىق بىرىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى. بىر كۇنلۇك خەۋەرلەرنى ئۇقۇپ ئىشخانىسىگە ھارغىن كىرگەن دىلناز ئۈستەل ئۈستىدە يېڭىلا قويۇپ قويۇلغان بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈلگە قاراپ ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ خىزمەتداشلىرىغا ئەنسىز كۆزلىرىنى ئوغۇرلۇقچە تىكدى. لېكىن ھېچقايسىسى ئەجەپلەنگەندەك، ھەيران قالغاندەك قىلمايتتى. دىلناز ئاستا كىلىپ ئالدىنقى قېتىمغا ئوخشاشلا قىلىپ ئورالغان ئەتىرگۈللەرگە قاراپ، كۆزى يەنىلا كارتوچكىدىكى خەتلەرنى ئىزىدى. <سىزنى سۆيىمەن > دىگەن تۇنۇش خەت يەنىلا ئۇنىڭ يۈرىكىگە پىچاق بولۇپ قادىلىپ تۇراتتى.

- ھېلىقى گۈلچى قىز ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. كىم ئىبەرتىپتۇ؟ - ئىشخانىدىكى بىر قىزنىڭ سوئالىدىن چۆچۈپ كەتكەن دىلناز دەماللىقتا بىر نەرسە دىيەلمەي قالدى. ئۇ قولىدىكى گۈلنى پۇرىغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئويلانغاندىن كىيىن ئاستا ئىغىز ئاچتى.

- يىگىتىم ۋارىس. نىمىشقىدۇر ئۇ كۆڭلىنى دائىم گۈل بىلەنلا ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالدى.

- ئەجەپ ياخشى يىگىتكەن. قارىماققىمۇ شۇنداق قائىدىلىكلىكى

چىقىپ تۇرىدۇ يىگىتىگىزنىڭ . كونىلار «گۇل دىگەن كۆڭۈل» دەپ توغرا ئېيتقان. بۇ ئۇنىڭ ئوتتەك كۆڭلى. سىزگە بولغان سەمىمى مۇھەببىتى...ـ بايىقى قىز دىلنازنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا سۆز قاتتى.

ـ ھە، ئۇ بۇنداق ئىشلارغا بەك كۆڭۈل بولىدۇ،ـ دىلناز شۇنداق دەپ يالغان ئېيتتىيۇ، تۇرۇپلا ۋارسىنىڭ ئۆزىگە بۇنداق چىرايلىق، قىممەت باھالىق گۈلنى سوۋغا قىلىپ باقمىغىنىنى ئويلاپ قالدى. ئىستانسا باشلىقىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كىلىشكەن قامىتى كۆز ئالدىدا غىل-پال زاھىر بولدى.

دىلناز گۈلگە قاراپ ئازاپلىق خىياللار ئىچىدە ئولتۇرغىنىدا تۇيۇقسىز ئۈستەل ئۈستىدىكى تېلىفۇن تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. دىلناز ئىرەنسىزلىك بىلەن تېلىفۇننى قولىغا ئالدى.

ـ سالام، بۇ تىلىۋىزىيە ئىستانسىسى، كىمنى ئىزدەيسىزكىن؟

ـ سىزنى ئىزدەيمەن، سىزنىڭ تاتلىق ئاۋازىڭىزنى ئىزدەيمەن،ـ دىلناز تىلىفۇن تۇرۇپكىسى ئىچىدىن چىقىۋاتقان بوشقىنا ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. بايىقى گەپلەرنى خىزمەتداشلىرى ئاڭلاپ قالغاندەك، تىلىفۇن تۇرۇپكىسىنى قولى بىلەن چىڭ بىسىپ، كىيىكتەك قورقۇپ تۇرغان كۆزىنى ئەتراپقا تىكتى. ئۇنى تېخىمۇ قورقۇنچ باستى. بۇ ئاۋاز ئۇنى دوۋزاختا چىللىۋاتقان ئەزرائىلنىڭ ئاۋازىدەك شۇنچىلىك سۈرلۈك بىلىنىپ كەتتى. بۇ دەل ئىستانسا باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئىدى. دىلناز تۇرۇپكىنى قويىۋېتىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن رەھبىرى ئالدىدا ئەدەپسىزلىك بولۇپ قىلىشتىن، خىزمەتداشلىرىنىڭ گۇمانلاپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئامالسىز تۇرۇپكىنى ئېغىزىغا ئاپاردى.

ـ بىر ئىش بارمىدى؟

ـ ھە، بەك مۇھىم ئىش بار. بىر ئاجىز جاننى قۇتقۇزىدىغان ساخاۋەتلىك ئىش . بۇنى سىز قىلالايسىز. سىزنىڭ قوللىرىڭىز، پەرىشتىدەك قەلبىڭىز قىلالايدۇ...

ـ خاتا ئۇرۇپ سالغان ئوخشايسىز؟

ـ ئۇنداق قىلماڭ دىلناز ، ئۇنداق قىلماڭ... ئۆزەمنىڭ بىر رەھبەر ئىكەنلىكىمنى، سالاھىيىتىمنى، ئىززىتىمنى قايرىپ قويۇپ سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، يىلىنىۋاتىمەن. مىنى بۇنداق قىينىماڭ دىلناز، مىنىڭ ئىشقىڭىزدا

كۈيۈپ كۈل بولاي دەپ قالغان ئاجىز يۈرۈكۈمنى قىينىماڭ. مەن سىزنىڭ دەردىڭىزدە ساراڭ بولاي دىدىم. تەلۋىلەرچە...

دىلناز بۇغۇزىغا كەپلىشىپ قىلىۋاتقان يۈرىكىنىڭ قاتتىق سوقۇپ تۇرغىنىنى سىزىپ تۇردى. ئاچچىق بىر ھەسرەت ئاجىز يۈرىكىگە ئىقىپ كىردى. لىكىن ئۇ سۆز قايتۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. قاتتىق گەپ قىلىشقا، تەنبىھ بىرىشكە ئاجىز ئىدى. خىزمەتداشلىرى ئالدىدا رەسۋا بولۇپ كىتىشتىن تولىمۇ ئەنسىرەيتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ۋارىسىنىڭ قۇلىقىغا بىرىپ قىلىشتىن، ئۇنىڭ خاتا چۈشىنىۋىلىپ قىلىپ، بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بىرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئازاپ ئىچىدە تولغانسىمۇ ، ئىستانسا باشلىقىنىڭ بىمەنە سۆزلىرىنى يىقىن بىر دوستى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان قىياپەتتە ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى.

- سىزنى سىغىندىم، ئۆزەمنىڭ مۇشۇ ياشتا تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن سىزگە قىزىقىپ قالغىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. ماڭا مۇشۇ كۈنلەردە ئۈيقۇمۇ ھارام بولىۋاتىدۇ. سىزگە قالدۇرغان ئۈچۈرلىرىمنىڭ جاۋابى قىنى؟ مۇزدەك سۇغۇقتا سىزنى ساقلاپ تۇرغان ۋاقىتلىرىمنىڭ ئەجرى قىنى؟... سىز نىماndaق باغرى تاش قىز. مەن سىزدەك بىر قىزنى ئۆزەمگە مەپتۇن قىلالايدىغانلىقىمغا ، ئۆز قۇچىقىمغا سىڭدۇرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنگەن ئىدىم. لىكىن سىز بەكمۇ بىپەرۋا، بەكمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلدىڭىز. تىلىفۇنىڭىزنى نىمىشقا ئىتىۋالىسىز؟ نىمىشقا مەندىن قاچىسىز؟ ...بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ تەسىرىنى، مىنىڭ تەسىرىمنى ئويلىغان بولىشىڭىز مۇمكىن. لىكىن مىنىڭ ئاشىق قەلبىمنى كىم ئويلايدۇ؟ دەڭە دىلناز ، كىم ئويلايدۇ؟...

دىلناز ئىستانسا باشلىقىنىڭ سۆزلىرىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا بەرداشلىق بىرەلمىدى. قاتتىق گەپ قىلاي دىسە ئەتراپتىكىلەردىن ئېھتىيات قىلدى. ئۇ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ ، ئۆزىنى زورىغا بىسىۋىلىشقا تىرىشتى.

- ئۇقتۇم، خوش ئەمىسە ، كىيىن كۆرۈشەيلى،- ئۇ شۇنداق دىدى دە ، ئارقىدىن يەنە نۇرغۇن سۆزلەر ئىتىلىپ چىقىدىغاندەك تۇرۇپكىنى تىزلا قويىۋەتتى. ئۇ يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك دەرھاللا ھالسىز بەدىنىنى ئۆرۈندۇققا تاشلىدى. ئالدىدىكى قىپ-قىزىل ئەترگۈللەرگە قاراپ كۆزلىرىگە يىغا ئۇلاشتى.

بىر ھازادىن كىيىن ئىشخانىغا تۇيۇقسىز ئىستانسا باشلىقىنىڭ كاتىپى

كىرىپ كەلدى دە، ئىشىك تۈۋىدىلا تۇرۇپ دىلنازغا كۈلۈمسىرەپ سالام قىلدى.

ـ دىلناز، باشلىق سىزنى ئىشخانىسىغا چاقىرىۋاتىدۇ. سىزگە ئۇرۇنلاشتۇرىدىغان مۇھىم خىزمەت باركەن.

دىلناز چىقىپ كىتىۋاتقان كاتىپقا قاراپ ئولتۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بېرىش كېرەكمۇ ـ بارماسلىقمۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىغا نىمە دەپ كىرىدۇ؟ كىرسە ئىنىقلا ئۇ يەنىلا بىمەنىلىكىنى باشلايدۇ، يالغان ساختا مۇھەببەتلىك سۆزلىرىنى باشلايدۇ، دىلنازنىڭ ئارامىنى ئېخىمۇ بۇزىدۇ. ئۇنىڭ ئازابىنى ئېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ. لېكىن بارمىسا خىزمەتداشلىرىنىڭ ئېڭىدا ئېخىمۇ چۈشۈنۈكسىز سوئاللارنى قويۇپ قويۇشى ئىنىق. ئۇ ئامالسىز يەنىلا ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

باشلىقنىڭ رۇخستىدىن كىيىن، ئىشكنى قىيا ئېچىپ كىرىپ كەلگەن دىلناز باشلىقنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدى. ئۇ باشلىق پالاقشىپ ئالدىغا ئەكەلگەن ئۇرۇندۇققىمۇ پەرۋا قىلماي گۇناھكارلاردەك بېشىنى ئىگىپ ئۇرىلا تۇردى. ئۇ شۇنچىلىك ئازاپلىنىۋاتاتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان يىغىنى ئاران بېسىپ تۇراتتى، بىر ئەلەم يۈرىكىنى مۇجۇيتتى. خىزمەت دىگەن مۇشۇنداق نەرسىمۇ؟ قېنى مىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادەم؟ قېنى مىنىڭ قىزلىق غۇرۇرۇم؟ قېنى مىنىڭ ئۆزەمگە بولغان ئىشەنچىم، باشقىلار ئالدىدىكى مەغرۇر تۇرقۇم؟...دىلنازنىڭ ئويلىغانسىرى پىكرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. تۇرمۇش ئادەمنى نىمە قىسمەتلەرگە مەجبۇرلىمايدۇ؟...مانا بۈگۈنكىدەك باش ئىگىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. بۇنى ئۆزى ئەمەس ئەتراپىتىكى ئادەملەر، ئاشۇ بىھايا، نامەرت ئەبلەخلەر قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار ئادەمنى سوكۇت قىلىشقا، ئازاپ ئىچىدە جىمجىت يىغلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. قىزلار ھەممىنى چۆرۈپ تاشلاشنى، رەزىل ھوقۇقدارلارنىڭ پەسكەش خاراكتىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى ئۇمۇت قىلسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ قىزلىق ئوبرازى، ئىستىقبالى ئۈچۈن يەنىلا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ رىئاللىق ، ئەنە شۇنداق بىمەنە رىئاللىق... دىلناز ھەممە نەرسىدىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇردى.

ـ ئولتۇرۇڭ دىلناز، ئۆرە تۇرىۋېلىپ مىنى قىينىماڭ.

دىلناز ئامالسىز كۆزلىرىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىستانىسا

باشلىقنىڭ كۆزلىرىگە قارىماستىن يەرگە قاراپ تۇرۇپ بوشقىنا سورىدى.

- بىرەر جىددى ئىش بارمىدى؟

- ھە، تېلېفۇننى قويىۋەتتىڭىزغۇ، مېنى ساراڭ قىلاي دەمسىز؟

- نىمە دىسەم بولاتتى. خىزمەتداشلىرىم ئالدىدا « مەردان ئاكا، نىمانداق بىمەنىلىك قىلىسىز، مەن سىزنىڭ قىزىڭىزدەك ئادەم، ماڭا بۇنداق پەسكەشلىك قىلسىڭىز بولمايدۇ» دەمدىم...- دىلناز ئاچچىقلىرىنى بېسىشقا ئامالسىز قالغاندەك قاياپ سالدى.

- دىگىنىڭىزغۇ ئۇرۇنلۇق، لېكىن مەنمۇ ئامالسىز شۇنداق قىلىپ سالدىم. سىز مەن ھەرقانچە دىسەممۇ ئىشەنمەيسىز، بىر ئوبدان ئائىلىسى تۇرۇپ بىردەملىك قىزىقىشىنىڭ تۇرتكىسىدە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايسىز. لېكىن دىلناز، بىلسىڭىز مەن سىزنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا ئېرىشىش تۇيغۇسىدا يۈرۈكۈم پارە-پارە مىنىڭ. مىنى ئۇنداق ئۇمۇتسىز قويماڭ، مەن بىلەن ئارلىشىپ ئۆتسىڭىز ھەرگىز سىزنى نائۇمۇت قويمايمەن. بەلكىم سىزنى تىزلا ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشىم مۇمكىن.

- نىمە؟- دىلناز بۇلاقتەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، ئالدىدا بىچارىلەرچە ھىجىيىپ تۇرغان ئىستانسا باشلىقىغا غەزەپ بىلەن ئالايدى.- مىنى نىمە كۆرۈپ قالدىڭىز سىز؟ مىنى شۇنداق پەس قىز كۆرەمسىز. بىلىپ قويۇڭ ، مەن غورۇرۇم بىلەن ياشاپ بۇنداق خىزمەتتىن ۋاز كەچسەم كىچىمەنكى، ئۇنداق پەس ئىشلارنى قىلمايمەن، ھەم قىلىشىنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن...شۇنى ئىنىق بىلىپ قويۇڭ.

- خاتا چۈشەنمەڭ دىلناز، سىز خاتا چۈشۈنۈپ قالدىڭىز. قانداق قىلسام كۆڭلۈمنى چۈشۈنىدىكىن دەپ شۇنداق دەپ ساپتىمەن. مەن نىمە ئىش قىلسام ئاندىن ماڭا ئىشىنىدىغان بولىسىز. ماڭا خۇدا راسلا سىزگە بولغان ئاشىقلىق ئوتىنى سالدى . راس دىلناز ، خۇدا گۇۋاھ...

دىلناز ئويلۇنۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ نىيىتىنى ئۇنداق ئاددى گەپلەر بىلەن ياندۇرالمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. «راستىنلا ھەقىقى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟ ئايالى، ئائىلىسى بار ئەرلەرمۇ راستىنلا مۇشۇنداق كۈنگە، مۇشۇنداق ھىجرانغا قالامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن نىمىشقىدۇر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساختا كۆرۈنۈشتەكلا ھىس قىلدى.

- مەردان ئاكا، ئۆزىڭىز ئۈستىدە، مەن ئۈستىدە تۇرۇپ ئويلۇنۇپ

باقتىڭىزمۇ؟ سىز دىگەن يۈزدىن ئارتۇق خىزمەتچىسى بار ئۆرۈننىڭ رەھبىرى. سىزنى ئىدارىدىكى خىزمەتچىلەرلا ئەمەس، نۇرغۇن ئاما، خەلق ھۆرمەتلەيدۇ. سىزدىن پەخىرلىنىدۇ. سىزدىن ئەيمىنىدۇ. يەنە نىمە دەپ مۇشۇنداق بىمەنە ئىشلارنى قىلۋاتىسىز. مىنى ئويلىمىسىڭىزمۇ مەيلى ، نىمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئويلىمايسىز، ئائىلىڭىزنى، ئۇماق ئىككى پەرزەنتىڭىزنى ئويلىمايسىز؟ قىزىڭىزمۇ بىر كۈنلەردە ياشقا چوڭ-چوڭ مەندەك قىسمەتلەرگە يۇلۇقسا سىز ئازاپلانامسىز؟...

كۆزلىرىنى خۇمارلىق بىقىپ مەجنۇنلارچە گەپ قىلىۋاتقان ئىستانىسا باشلىقى دىلنازنىڭ سۆزىدىن خۇددى بىرسى بىر چىلەك سۇغۇق سۇنى بىشىغا قۇيغاندەكلا توختاپ قالدى. ئۇ شۇ تاپ ئالدىدا دىلناز ئەمەس بەلكى مەھشەرگاھتىكى سوراقچى قاراپ تۇرغاندەك ئەندىكتى. كاللىسىنى قايتا-قايتا سىلكىۋەتتى.

-مەن سىزنى ھۆرمەتلەيمەن. دادامۇ دائىم سىزنىڭ ياخشى گىپىڭىزنى قىلىدۇ. سىزنى «بەك ئىقتىدارلىق، بىلىملىك، چىقىشقاق » دەپ ماختايدۇ. سىزدەك بىر ياخشى رەھبەر بىلەن ئىشلىگەنلىكىم مىنىڭ بەختىم ئاكا. يەنە بىر گەپ : مىنىڭ يىگىتىم بار، ئالى مەكتەپتىن تارتىپ يۈرگەن يىگىتىم، بىزنىڭ پات ئارىدا تويىمىز بولماقچى، سىزگە ئوخشاش بەختلىك ئائىلە قۇرماقچى. شۇڭا مەندەك سىڭلىڭىزنى بەختلىك بولسۇن، خوشال بولسۇن دىسىڭىز ، ئەمدى مىنى ئاۋارە قىلماڭ، مىنى قىينىماڭ، مىنى تىنىچ ، خاتىرجەم ياشىغىلى قويۇڭ. مەنمۇ كۆڭلۈم توق ھالدا ئۆزەمنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەي، كەسپىمدە تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن ئىزدىنەي. سىزنىڭ ئۇمۇتلىرىڭىزنى ئاقلاي... - دىلناز نىمىشقىدۇر شۇنچىلىك بىچارىلەرچە ، كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلىدى ، ياق يىلىنىدى. ئۇ پەقەت ئەڭ سەمىمى قەلبى بىلەن تەسىرلەندۈرۈشنى ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بىرىشنى مۇۋاپىق كۆردى.

دىلناز بىر نوقتىغا قادىلىپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ، تاماكىسىنى كۇچەپ شورىۋاتقان ئىستانىسا باشلىقىغا قاراپ ئۆزىنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى يەكۈنلىدى. بايامقى كۆڭلىدىكى قورقۇنچ، ئەندىشە بىر ئاز يۇقىغاندەك بولدى. لېكىن باشلىقنىڭ گەپ-سۆزسىز ئولتۇرىشىدىن ئۇنىڭ قايىل

بولغانلىقى ياكى غەزەپلەنگىنىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ بىردەم ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇزاق تۇرۇۋېرىشنىڭ ئەپسىزلىكىنى ھېس قىلىپ ، «مەردان ئاكا، رەخمەت، مەن چىقاي» دەپ بوشقىنا پىچىرلاپ ، ئىشخانىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى...

چىرايى باشقىچە ئېچىلىپ، ھارغىن كۆزلەرگە كۈلكە يۈگۈرۈپ ، سەلىمە كۈندىن ـ كۈنگە جانلىنىپ قىلىۋاتاتتى. ئۇي ئىشلىرىنى شۇنچىلىك چاققانلىق، خوشاللىق بىلەن قىلاتتى، خانىم تاپىلىسۇن ـ تاپىلىمىسۇن ھەممە ئىشلارنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىجىرەتتى ، ئۇيلەرنى بىر كۈندە نەچچە رەت تازىلايتتى. تاماقنى تېخىمۇ تەملىك، تېخىمۇ سەرخىل ئېتەتتى. خانىمنىڭ 2 پەرزەنتىنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، مېھرىبان ئۇقۇتقۇچىدەكلا چۈشەندۈرەتتى. خانىم ۋە باشلىق ئەپەندى ئۇنىڭدىكى تاساددىپى ئۆزگۈرۈشلەرگە ھەيران قالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەسكىنلىكنىڭ يوقۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقى، يۈرۈش ـ تۇرۇش ، كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقى، ئانچە ـ مۇنچە گىرىم قىلىپ قويۇشلىرىدىن ئەجەپلەندى. ئۇنىڭ ئىش ئارلىقىدىكى غىڭشىپ ناخشا ئۇقۇشلىرىغا قاراپ تەئەججۇپ ئىچىدە كۆز قىسىشتى. لېكىن سەلىمە ئۆز خوشاللىقىنى پەقەت بىر ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇ يوقۇتۇپ قويغان بەختىنى تاپقان ئىدى، بىچارە، بىتەلەي ئوغلىنىڭ ئاتىسىنى تاپقان ئىدى. ئەكىرەم ئۇ ئۆزگەرگەن، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا تۆۋبە قىلغان، سەلىمەنى باغرىغا باسقان، ئۇنىڭغا چىن سۆيگۈسىنى بەرگەن ئىدى. ئۇ نىشانسىز قالغان يۇلۇچىدەك تەمتىرەپ يا ياشاشنى، يا ئۆلۈشنى بىلمەي قالغان ھالقىلىق پەيتتە تۇنجى مۇھەببەتنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان داغلىرى يۇيۇلدى. ئاچچىق ئازاپ ۋە پۇشايمان ياشلىرى ئۇنى پاكىزە يۇيىۋەتتى، تارتقان خورلۇقلىرىنى ئۇلۇغ ئاللا كۆردى، ئۇنىڭغا ھىسداشلىق قىلدى، ئەكرەمنىڭ باغرىنى ئىرىتتى. ئۇنىڭغا ئاتىلىق مېھرىنى سالدى...

سەلىمە بۈگۈن ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى تاللاپ كەيدى، داغ چۈشكەن يۈزلىرىگە ياراشتۇرۇپ سۇس گىرىم قىلدى. بېشىدىكى قارا ياغلىقنى

تاشلاپ، چىچىنى چىرايلىق قىلىپ ياسىدى. شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئوغلىنى يىگى يۆگەككە يۆگىدى. ئۇ بۇگۈن بەكلا خوشال ئىدى. ئەكرەمگە بولغان ئۆتتەك سىغىنىش ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. ھەيۋەتلىك سىپىل تاملار ئىچىدىكى ئاجىز سۆيگۈنىنى سىغىناتتى. ئەمدى ئۇ ئەكرەمگە شاتلىق بىرىشى كېرەك، ئۇمۇت بىرىشى كېرەك، ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىنى، سەمىمىلىكىنى، پاك سۆيگۈسىنى بېغىشلىشى كېرەك. ئۇ يەنە بىر يىل بەرداشلىق بەرسە ئەكرەم تۈرمىدىن چىقىدۇ، ئوغلى بىلەن ئۇنى باغرىغا باسىدۇ، بەختلىك ئائىلە قۇرۇدۇ. سەلىمە ئەمدى تەنھالىقتىن، سەرسانلىقتىن، دەرت-ھەسرەتتىن قۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭغا ھەمرا بولىدىغان، ئۇنى قوغدايدىغان، ئۇنى پۈتۈن مېھرى بىلەن كەڭ باغرىغا باسىدىغان يولدىشى بار بولىدۇ...

سەلىمە بىر قولىدا بالا، بىر قولىدا تاماق قاچىسى تۇتۇپ تۈرمە ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ بۇ يەردىن شۇنچە قورقسىمۇ ، ھەيۋەتلىك ئىگىز تاملار، قاپقارا دەرۋازا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك سۈرلۈك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا بىر خىل ھاياجان ئىچىدە قەدەم ئالدى. كۆرۈشۈش ئۆيىدىكى تۆمۈر ئۈرۈندۇقتا ئولتۇرۇپ ئىنتىزارلىق بىلەن ئەكرەمنى ساقلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ساقچىنىڭ ھەمرالىقىدا كىرىپ كەلگەن، چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، تېخىمۇ ئورۇقلاپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى جەسۇرلىقى، كىلىشكەن قامىتىنى يوقاتقان ئەكرەمگە تىكىلگەندە، يۈرەكلىرى ئۆتكۈر بىر تىغدا قاتتىق تىتىلدى.

-بۇگۈن كەلدىڭمۇ تېخى؟ -ئەكرەم ئورۇندۇققا كىلىپلا نۇرسىز كۆزلىرىنى بۇگۈن باشقىچىلا چىرايلىق بولۇپ قالغان سەلىمەگە تىكتى.

-ھە، مەن قانچە قېتىم كىلەي دىدىم، لېكىن ئاكام-ئاچاملار ئىشلىگەچكە ئۆيىنى تاشلاپ قويۇپ كىلەلمىدىم. بۇگۈن ئۇلار دەم ئالغان ، شۇڭا « بىر كىسەل تۇققۇنۇمنى يوقلاپ كىلەي» دەپ پۇرسەت چىقىرىپ كىلىشىم.

-قارىغاندا مىنى سىغىنماپسەندە؟

-توۋا دەڭ ئەكرەم، سىز بىلەن كۆرۈشكەندىن بۇيان مەن شۇنچىلىك خوشال. سىزنى بىرمىنۇتمۇ ئىسىمدىن چىقارمىدىم. مۇمكىن بولسىدى سىزنىڭ يىنىڭىزدىن ئەسلا ئايرىلغۇم يوق.

-مەن يولۇڭغا كۆنە قارىدىم، كامىرغا بىرەر ساقچى كىرسىلا مىنى

چاقىرامدىكىن دەپ تەلمۈردۈم. ئىشىنەمسەن؟

-ئىشىنىمەن ئەكرەم. رەخمەت، شۇنچىلىك سېغىنغان بولسىڭىز ، مېنى ئەسلىگەن بولسىڭىز.

-10 كۈندىن بېرى ئۇيقۇمۇ ھارام بولدى ماڭا. ئەختەمجان بالامنى،ئۇنىڭ ھىدىنى شۇنداق سېغىندىم. ئەكىلە قېنى.

سەلىمە دەرھاللا قولىدىكى بوۋاقنى ئەكرەمگە ئۇزاتتى. يۈرەكلىرى توختاۋسىز تېپىرلاپ كەتتى.

- تاتلىق ئوغلۇم، مېنىڭ خوشاللىقىم.ئاپاڭ بىلەن ئىككىڭلارنى بەك جاپاغا سالدىم، يامان كۈنلەرگە قويدۇم. سىلەرگە مېھرىمنى يەتكۈزەلمىدىم، سىنى ئەركىلىتىپ باقالمىدىم، قېنىپ باغرىمغا باسالمىدىم. - ئەكرەم كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئويغانغان بالىغا، بالا دەردىدە يۈرىكى كاۋاپ بولغان مېھرىبان ئانىلاردەك سۆز قاتتى.

- بولدى. ئۇنداق دىمەڭ ئەكرەم، مەن ھەممە جاپانى ئۇنتۇپ كەتتىم، سىزنىڭ ماڭا بولغان سەممىيىتىڭىزنى، ئۆزگەرگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ مەن شۇ كۈنىلا ھەممىنى ئۇنتۇغان. قەلبىمدىكى نەپرەتنىڭ ئورنىغا سىزگە بولغان ئوتتەك مۇھەببەت ئالماشقان. قەلبىڭىزدە بىز بولساقلا ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كىتىدۇ. ئۇنچىلىك جاپا ھېچنەرسە ئەمەس. سىز بالدۇرراق چىقسىڭىز ئۇ ھەسرەتلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرىۋالىمىز...

- ماڭا قارا سەلىمە، سىنىڭ ئۇ كۈندىكى مىسكىن تۇرقۇڭنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم يېرىلىپ كەتتى. ئۆزەمدىن قاتتىق نەپرەتلەندىم. سىنىڭ ئالدىڭدا مەن مەڭگۈ گۇناھكار، بۇ گۇناھىمنى بىر ئۆمۈرمۇ يۇيۇپ بولالمايمەن.

-ياق، ياق ئەكرەم. ھەرگىز ئۇنداق دىمەڭ، مېنى خوشال بولسۇن دىسىڭىز ئۇ ئىشلار پەقەت بىر چۈش بولۇپ قالسۇن، مەن سىزنى ئالدىنقى قېتىملا كەچۈرىۋەتكەن. مەن پەقەت سىز بىلەنلا بەختىمنى تاپىمەن. پەقەت سىز بىلەنلا...

-بىلەمسەن سەلىمە. تۈرمىغا كىرگەندىن كىيىن نۇرغۇن ئىشلار ئۈستىدە ئويلاندىم. سەندەك چىرايلىق، مېھرىبان ، ساددا بىر قىزنى ئاخماق قىلىپ سالغانلىقىمدىن قاتتىق ئۆكۈندۈم. بولۇپمۇ بالامنى ئالدۇرىۋېتىشكە زورلىغانلىقىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. تۈرمىدە تۇرۇپ ئادەم ئاندىن ھەقىقى مېھرىبانلىقنى سېغىنىدىكەن. سەن بالامنى كۆتىرىپ كەلگەن ۋاقتىمدىكى

هاياجىنىمنى بىر ئۆزەم، بىر خۇدا بىلىدۇ. «خۇداغا شۈكۈر، بالام هاياتكەن» دەپ نەچچە كېچە هاياجاندا ئۇخلىيالمىدىم. راس سەلىمە، ئۇلۇغ خۇدا گۇۋاھ...ـ ئەكرەم شۇنداق دىدىيۇ قاتتىق هۆڭرەپ كەتتى، چىرايى ئۆپكىدەك قىزىرىپ ، بويۇن تومۇرلىرى هازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقالدى. ئېغىزىدىن ئاپئاق بۇژغۇن ئېقىپ چىقتى. ئۇ دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي قورسىقىنى تۇتقىنىچە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

ـئەكرەم ، نىمە بولدى؟

ـ هېچنىمە.

ـئەمىسە نىمىشقا بۇنداق قىينىلىپ كېتىسىز؟ قېنى دەڭە سىزدە بىر ئېغىر كېسەل باردەكلا قىلىدۇ.

ـبىرسى قەسلىدى سەلىمە، زەھەرخەندىلىك بىلەن قەسلىدى. تۈرمىدا مېنى ئاققا خۇمار قىلدۇرۇپ قويدى. مانا شۇ كېسەلنىڭ دەردى...

ـ نىمە؟ ـ سەلىمە تۇرۇپلا ئەندىكتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ئاجايىپ نوچى ئەكرەمنىڭ ئالدىنىشىغا ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى.ـ سىز ئاخماقمۇ يە؟ ئۇنىڭ زەھەرلىكىنى ئۇقمامسىز؟

ـئۇقۇمەن. ئۇقۇپ تۇرۇپ قىلدىم. دەرتلىرىمگە، گۇناھلىرىمغا، ساڭا قىلغان ۋاپاسىزلىقىمغا ئۇكۇنۇپ، ھەسرەتلىرىمنى باسالماي شۇنداق قىلىپ سالدىم.

ـهازىر قانداق؟ بۇ يەردە چۈقۈم تاشلىغانسىز؟

ئەكرەم سەلىمەنىڭ سۆزلىرىگە مىيىغىدىلا كۈلۈپ قويدى. ئۇ نىمە دېيىشى كېرەك؟ «ياق، تاشلىيالمىدىم، ئۇنىڭ خۇمارى پۈتۈن جىسمىمنى خورۇتۇپ مېڭىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا زار بولدۇم» دەمدۇ؟ ياكى «تاشلىدىم، ئاللىبۇرۇن تاشلىغان، ئەمدى ئۇ نىجىس نەرسىگە ھەرگىز يولۇمايمەن» دەمدۇ؟...مانا ئەمدى ئەڭ هالقىلىق باسقۇچقا كەلدى. سەلىمەنىڭ تومۇرىنى تۇتىدىغان، ئۇنىڭ ئۇمۇتلىرىدىن پايدىلىنىدىغان، سادا قەلبىگە بوسۇپ كىرىدىغان پۇرسەت دەل مۇشۇ. لېكىن بۇنى ئەڭ ئۇستىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، ئۇنى ئۆزىگە چۈقۈندۇرۇشى، ئۇنىڭ سادىدا كۆڭلىدىن پايدىلىنىش كېرەك. خۇدانى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ پايدىلىنىش كېرەك. ئۇنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشى كېرەك. شۇ لەززەت ئالدىدا بۇنچىلىك ساختا ۋەدە هېچنەرسە ئەمەس... ئەكرەم تۇرۇپلا شۇنچىلىك مەيۈس، بىچارە

قىياپەتكە كىردى.

ـ تاشلاشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشۋاتىمەن، سىنى دەپ ، بالامنى دەپ تىرىشىۋاتىمەن. لېكىن تاشلاش ئۇنچە ئاسان ئەمەسكەن، تارتقان ئازاپلىرىمنى ئۆزەم بىلىمەن. ئۇ ئازاپلار ئالدىدا ئۆلۈپ قالمىدىم سەلىمە، ئۆلۈپ قالمىدىم.ـ ئەكرەمنىڭ تۇرۇپلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

ـ بۇ نىمە ئازاپ ئەمدى سىزگە، سىزنىڭ ياشلىرىڭىزغا قاراپ ئاجىز يۈرۈگۈم بىر قىسما بۇلۇپ كەتتى. نىمانداق ئەقلىڭىزنى تاپمايسىز ئەكرەم، بۇ يەردىن بالدۇرراق ئۆزگۈرۈپ چىقىپ كەتسىڭىز بولماسمىدى....ـ سەلىمە شۇنداق دىدىيۇ، لېكىن يۈرەكلىرى يەنە ئېچىشىپ، يەنچۈقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ ئەكرەمنىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئەپسۇس، قولياغلىق ئاستىدىكى ساختا ياشلىق كۆزلەر كۆلىۋاتاتتى. ئۇ ئەسەبى ، قانخور كۆزلەر يەنىلا ئۆز تەبىئىتىنى يۇقاتمىغان، يامان ئىشلارنى ھەييارلىق بىلەن پىلانلاۋاتقان ئىدى.

شۇ تاپ تۇيۇقسىز نىمىشقىدۇر ئەكرەمنىڭ قۇچىقىدىكى بالا تۇرۇپلا يىغلاپ كەتتى،بەلكىم ھىلىگەر نەپرەتلىك كۆزلەردىن، ساقال-بۇرۇت باسقان تاتىراڭغۇ سۇرلۇك چىرايىدىن قورققان بولسا كېرەك، ئەكرەمنىڭ بەزلەشلىرىدىن ، ئەركىلىتىشلىرىدىن ھىچ بىسىقمىغاندەك ئەمەس ئىدى.

سەلىمە ئىتتىكلا بالىنى ئېلىپ قولىدىكى تاماق قاچىسىنى ئەكرەمگە سۇندى، ئوخشۇتۇپ ئىتىلگەن پولۇنى يەۋېلىشنى تاپىلىدى. ئەكرەمنىڭ ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان تۇرقىغا قاراپ بىر تەرەپتىن سۆيۈنسە، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خۇمار ئازابىنى ئويلاپ كۆڭلى مەيۇسلەندى، ئۇنىڭ تېزراق بۇ نەس باسقان ماكانىدىن چىقىپ، ئۆز قوينىغا قايتىشىنى، ياخشى ئادەم بولۇپ، ئۆزگۈرۈپ ئۆزى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇشىنى ئۈمۈت قىلدى.

سەلىمە قىيالماسلىق، ھىجران ئىچىدە ئەكرەم بىلەن خوشلۇشۇشقا مەجبۇر بولدى، بەلگۈلەپ بىرىلگەن كۆرۈشۈش ۋاقتى تۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەكرەمنىڭ مۇھەببەت تەلەپ قىلىۋاتقان ، يىلىنىش تۇيغۇلىرى سىڭىپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراپ پەقەت چىدىمىدى. ئۇنىڭ « ماڭا ئەتە مۇشۇ قاچىدا تاماق ئەكىلىپ بىرىشنى ئۇنۇتما ، ئەتە چۇقۇم كەل » دەپ يىلىنىشلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ، ئۆزى بىر قوللۇق ئەتكەن تامىقىنى ياقتۇرغان، ھەم يەنە ئەكىلىپ بىرىشنى ئۇتۇنگەن ئەكرەمدىن تولىمۇ

سۈيىنىشۋاتاتتى.

تۇگـۇمەس خىيـاللار ئىچىـدە ئـۆيگە قايتىـپ كەلـگەن سـەلىمە تامـاق قاچىسىنى يۇيىۋېتىش ئۈچۈن ئىغىزىنى ئېچىـپ تـۇرۇپلا قالـدى. قاچا ئىچىـدە كىچىككىنە بىر قەغەزچە تۇراتتى. ئۇ تەئەججۇپ ئىچىـدە « بـۇ نەدىـن پەيـدا بولۇپ قالدى ئەمدى» دىگەچ قەغەزنى قولىغا ئالدى.

قەغەز يۈزىـدە يـېڭىلا سـاۋادى چىققـان ئادەمنىڭكىـدەك شـۇنچىلىك ئوڭغۇل-دوڭغۇل يېزىلغان خەتلەر زاھىر بولدى.

« سەلىمە:

مەن ھاياتتىن ئۈمۈت ئۈزگەندە سـەن يېنىمـدا پەيـدا بولـدۇڭ، ئۇلـۇغ تەڭـرى سـىنى ماڭـا ئەۋەتتـى، ماڭـا كـۈچ-مەدەت بەردىـڭ. ماڭـا ياشـاش ئىشەنچىسـى بەردىـڭ، مەن سـەن ئۈچـۈن، بـالام ئۈچـۈن ئـاق بىـلەن ئېلىشىۋاتىمەن، ئۇنى تاشلاش ئۈچۈن تىرىشىـۋاتىمەن، مىنىـڭ بىـرلا ئـارزۇيۇم تۇرمىدىن چىقىپ سىلەر بىلەن بەختلىك جەم بولۇش، سەن مىنى جىنايەتچى دىمىـدىڭ، ئـاق چەكتـى دىمىـدىڭ. يەنىـلا ماڭـا كۆڭـلـۈڭنى بەردىـڭ، مىنـى سۆيدۈڭ. مەن سەندىن بەك مىننەتـدار. خـۇدا بـۇ ئەجرىڭنـى، ۋاپادارلىقىڭنى ئـاللا كـۆرۈپ تۇرغۇچىـدۇر. لـېكىن سـەلىمە، مەن ئـاق تاشـلاش ئۈچـۈن كـۆپ بەدەللەرنى تۆلىدىم، ئازاپلىق قىسمەتلەرگە چىدىـدىم، بەدىنىمنىـڭ سـىقىراپ ئاغرىشىغا بەرداشلىق بىرىپ كەلدىم. ھېلىمۇ جېنىمنىڭ چىقىپ كەتمىگىـنىگە ھەيرانمەن. بىلىمەن سەلىمە، بۇ گەپلەرنى سەن بىلەن كۆرۈشكەندە دىيىش ئەپسىز. ئازاپلىرىمنى ساڭا بىلدۈرۈشنى خالىمـايمەن ، قىينىلىشـلىرىمنى كـۆز ئالدىڭدا كۆرسۈتۈشنى خالىمـايمەن. بـۇ ئـازاپنى بىـر ئـۆزەملا تارتىـپ ئـۆتەي دىدىم. لېكىن مەن راستلا چىدىيالمىدىم، ئاشۇ ئاققا بولغـان سـېغىنىش مىنـى ساراڭ قىلىپ قۇياي دىـدى. ئۇنىڭغـا يۇرۇگۇمـدىن تارتىـپ پۈتـۈن جىسـمىم، ھەتتا ھەر بىـر تـال ھـۇجەيرىلىمگىچە زار بولـدى. ئاشـۇ نەرسـىنى بىـر قېتىم چېكىپ ئۆلـۈپ كەتسـەم پۈتكـۈل ئـارمىنىم يـوقتەك تۇيغـۇدا . مەن بەرداشـلىق بىرەلمىـدىم سـەلىمە، ئـۆزەمنى شـۇنچە تەكىـتلەپ، قەتئىـى نىـيەت ئىچىـدە قوللىرىمنى چىشلەپ قـانتىۋەتكەن بولسـامۇ ، لـېكىن بەدىنىمنىـڭ ئاغرىقىغـا بەرداشـلىق بىرەلمىـدىم. بـۇ ئازاپلىرىمغـا سـىلەرگە بولغـان سـېغىنىش ئـازابى قېتىلىـپ مىنـى تېخىـمۇ بىئـارام قىلىـۋەتتى. شـۇڭا سـەلىمە ، مىنـى ياخشـى

كۆرسەڭ، مېنى قىينالمىسۇن دىسەڭ ، مۇشۇ بىرلا قېتىم ماڭا ياردەم قىل. ماڭا قانداق ئامال قىلساڭ قىلىپ ، ئاشۇ نەرسىدىن ئازغىنە يەتكۈزۈپ بەر، مەن پەقەت مۇشۇ بىرلا قېتىم قىينىۋالسام ، ئەزبىرايى خۇدا ئىككىنچى ئۇ نەرسىگە يېقىنلاشمايمەن. سەن بىر ئاز پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ، سادىر ئاكام ئەۋەتتى دەپ ئاستىتىكى نۇمۇر بىلەن ئالاقە قىلساڭ ئىشىڭ ھەل بولىدۇ. خۇدا ئىشلىرىڭنى ئاسان قىلسۇن سەلىمە. مەن ساڭا ئىشىنىمەن. مېنى ئازاپقا قويمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. خۇدا ھەققى ، مۇشۇ بىرلا قېتىم ياردەم بەر ، بىرلا قېتىم....»

سەلىمە خەت ئاستىدىكى ناتونۇش تېلفۇن نومۇرىغا قاراپ قويۇپ، غەزەپتىن خەتنى پۇتۇن كۈچى بىلەن قاتتىق مۇجۇقلىدى. ئەكرەمگە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى بىر خىل ئۆچمەنلىك، غەزەپ-نەپرەت ئىگەللىگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇرمىدىن يېنىپ كۆتىرىلىپ قالغان كەيپىياتى تۇرۇپلا ئۆزگەردى. <ئادەم ئەمەس ئەبلەخ > دەپ ئۆز-ئۆزىگە كايىغاچ ، قولىدىكى خەتنى دەرىزىدىن غەزەپ بىلەن سىرتقا ئاتتى. ئۇ شۇ تەرىزدە خەت بىلەن بىرگە ئەكرەمنىمۇ قەلبىدىن بىراقلا يۇقاتماقچى، ئۆزگەرمەيدىغان ھايۋاندىن بىراقلا قۇتۇلماقچىدەك قىلاتتى.

سەلىمە كارۋاتتا تاتلىق گۇگراۋاتقان ئوغلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سەبى كۆلكىسىدىن زوقلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ بىتەلەيلىكىگە ھىسداشلىقمۇ قىلدى. لېكىن يەنىلا ئۇنىڭغا دادا كېرەك ئىدى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بىر دادا كېرەك، يىتىم بۇلۇپ قالماسلىقى، باللىق قەلبىگە ئازاپ داغلىرى ئورناپ قالماسلىقى كېرەك، <ھارامدىن بولغان> دىگەن تامغۇ بېسىلىپ قالماسلىقى كېرەك...ئۆزىمۇ ياخشى كۆرگەن ئادەمدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى، بىر ئۆمۈر ھەسرەتتە قالماسلىقى كېرەك...كۈڭۈلدىكى ئادىمى ئۆچۈن، كىيىنكى بەختى ئۈچۈن بىر قېتىم قىلسا نىمە بوپتۇ، بىر ئاز جاپا تارتسا نىمە بوپتۇ؟ پەقەت بىرلا قېتىمغۇ؟...سەلىمە خىياللىرىدىن چاچراپ ئويغاندى دە، ھېلىقى خەتنى قارا قۇيۇن يىراق-يىراقلارغا ئۇچۇرتۇپ ئەكىتىدىغاندەك، ئايغىنىمۇ كەيمەي ئىشككە قاراپ يۈگۈردى.

دۇنيادا يالغان ئىيتاي دىسە يەنە سەۋەپلەر تېپىلىپ تۇرىدۇ. مىسكىنلەرنىڭ ھالىغا قاراپ ھىسداشلىق قىلىدىغانلار يەنىلا كۆپ. مانا، سەلىمە پۇل ھەلەكچىلىكىدە خانىمغا بىر تالاي يالغان ياۋىداق سەپسەتىلەرنى

تۇقۇپ چىقتى. داۋالىنىشقا كەلگەن كىسەل تۇققىنىغا جىددى پۇل لازىم بۇلۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ياردەم بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆز ياشلىرى ، يىلىنىشلىرى بىلەن خانىمنى تەسىرلەندۇردى. كۆڭلىدىن خالىمىسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ جىنايەت، خاتا ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن بالىسى ئۈچۈن، ئۆزى ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ ئەبلەخ ئۈچۈن، 2 ئايلىق ئىش ھەققى 500 يۈەننى ساخاۋەتچى، مېھرىبان سۈپىتىدە ئالدىن ئېلىپ ، ئىنسان ئىتىقادىنى، ۋىجدانىنى، قاۋۇل جىسمىنى خورىتىدىغان رەزىل، ئىپلاس سودا ئۈچۈن ئاتلاندى.

سەلىمە شۇنچىلىك قورقۇنۇچ، ئەندىشە ئىچىدە <ئاق>نىڭ قارا ئۈۋىسىنى تاپتى. ئۇ ئەكرەم ئۈچۈن شۇنچىلىك غەيرەتلىك بۇلۇشقا تىرىشسىمۇ، كۆزلىرىدىن ۋەھشىلىك، قاراملىق، زەخەرخەندىلىك چىقىپ تۇرىدىغان قورقۇنۇچلۇق كۆزلەر ئىچىدە يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ھاياتىدا بۇنداق ئورۇنغا ، بۇنداق ئادەملەر ئارىسىغا كىلىپ قالارمەن، ئۇلارغا يىلىنارمەن، ئۇلار بىلەن سودىلىشارمەن دەپ ئەسلا ئويلىمىغان، بۇ دۇنيادا بۇنداق سورۇنلارنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدى. زەھەر ئۇ ھاياتلىقنى خوراتقۇچى قاتىل. بۇنى سەلىمە ئوبدان بىلىدۇ، ئېغىزىدىن قاڭسىق تاماكا ھىدى كىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ نىملەرنى خىيال قىلغانلىقىنى، شەھۋەتكە تولغان كۆزلەرنىڭ ئۆزىدىن نىملەرنى كۈتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا ئامالسىز بۇ يەرگە كىلىشكە مەجبۇر بولدى. ئەكرەم ئۈچۈن، ياق ئەڭ مۇھىمى ئۆزى ئۈچۈن، نارىسىدە بالىسى ئۈچۈن كەلدى. بۇ ھاياتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئېزىش، بىرىنچىسى بىلمەي ئېزىش بولسا، بۇ قېتىمقىسى بىلىپ تۇرۇپ ئېزىش. ئەمدى ئۇ ئىككىنچى بۇ نەس باسقان يەرگە كەلمەيدۇ، ئەكرەمنىڭ يىلىنىشىغا تەسلىم بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەيدۇ. ئۇنى ئۇمۇتۋار، مېھرىبان ئەكرەمگە ئايلاندۇرىدۇ...

سەلىمە ئۆزىنىڭ ئىككى ئايلىق جاپالىق ئەجرىگە كىلىدىغان كىچىككىنە <ئاق > قا قاراپ «تۇۋا، جاھاندا مۇشۇنداق قىممەت نەرسىمۇ بۇلىدىكىنە» دەپ ھەيران قالدى. ئۇ ئامالسىز بۇ قىممەتلىك نەرسىنى تاماق بىلەن بىرگە يۇشۇرۇپ ئەكرەمگە ئېلىپ كىلىشكە مەجبۇر

بولدى . ئۇ ئەكرەمنى يوقلاپ كەلگەن ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ھىس قىلمىغان قورقۇنچنى بۇگۈن ھىس قىلىۋاتاتتى ، تۇرمىنىڭ 2ـ3 ساقچى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشتە شۇنچىلىك تەمتىرىدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقتى، خۇددى ساقچىلار ئۇنىڭ تاماق قاچىسىدا خىروئىن بارلىقنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغاندەك ئەندىكتى، بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ساقچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھەريان ئېلىپ قاچتى. ئوغرىنىڭ يۈرىكىنىڭ ھەقىقەتەن پوك ـ پوكلىقنى ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە بىلگەندەك بولدى.

ئەكرەم سەلىمەنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قۇربان بىرەلەيدىغانلىقىغا ئاللىبۇرۇن ئىشەنگەن ئىدى. ئۇ سەلىمەنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىزلىكنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى ئەكەلگەنلىكىنى بىلىپ بولدى. ئىچىدە مىڭ ئازاپ، ئاغرىق قايناپ تۇرسىمۇ چىرايىغا ساختا كۈلكە يۈگۈرتتى. سەلىمە ئەكرەمنىڭ خوشال كەيپىياتىغا قاراپ خورلۇقلىرىنى بىراقلا ئۇنتىغاندەك بولدى. ئەكرەم ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئېزىشىنى توغرا تاپتى. تاماق بىلەن قوشۇپ ئەكەلگەن زەھەرنى ئەكرەمگە يەتكۈزدى، ئەكرەمنىڭ سەمىمى رەخمىتىدىن، خوشال بولۇشىدىن شۇنچىلىك سۆيۈندى. ئۇ ئەمدى ئەكرەم بىلەن تېخىمۇ بىرىكىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشكەندەك ، ئۇ يېنىپ چىقسىلا ئىللىق ئائىلىگە ئىگە بولىدىغاندەك تاتلىق ھىسلارغا چۆمدى. توغرا، ھەر قانداق ئادەم مۇھەببەت ئۈچۈن نۇرغۇن قۇربانلارنى بىرىشكە رازى. مۇھەببەت ئادەمنىڭ كۆزنى كور قىلىۋېتىدۇ، ئۆز سۆيگۈنى ئۈچۈن گۇناھ ئىشلارمۇ، جىنايەتلەرمۇ ئادەتتىكى ئىشتەكلا بىلىنىدۇ، ئادەم ئۆز سۆيگۈنى ئۈچۈن بارلىغىنى ئاتاشقا تەييار تۇرىدۇ . مانا ، سەلىمە يەنە بىر قېتىم ئازدى، بىلىپ تۇرۇپ ئازدى، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ئازدى، لېكىن بۇنداق بەدەل تۆلەشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، مۇشۇ بىر قېتىملىق ئېزىشىنىڭ كەينىدە يەنە قانچىلىك ئېزىشىنىڭ بارلىقنى بىلەلمىدى. بۇ خىل تۇنجى ئېزىشىنىڭ ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ دوۋزاخقا تاشلايدىغانلىقنى ئويلىيالمىدى. ئەكرەم بىلەن خوشلاشقان ۋاقىتتىكى ئۇنىڭ ساختا كۈيۈنۈشلىرىدىن ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھىس قىلدىكى ، ھەممە ئىش ، كۆڭۈلسىزلىك مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلىشىدىغاندەك سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۆيگە قايتتى.

دىلنازنىڭ ئەنسىزلىكى تۈگۈمىدى. دىلناز «ئىستانسا باشلىقى گېپىمدىن تەسىرلەندى، ئۆزى ئۈستىدە ئويلاندى، ئۆز ئورنىنى ھىس قىلدى » دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئىشلار ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك بولمىدى. ئىستانسا باشلىقى يەنىلا ئۇنىڭغا ئاچكۆز بۆرىدەكلا خىرىس قىلىپ تۇردى، ئۇنىڭ يوللىرىغا توساق قۇردى، بىزەڭ ئۇچۇرلار يەنىلا دىلنازنىڭ تېلىفونىدا ئۈزۈلمەي پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ نازۇك قەلبىگە ئازاملىق بەرمىدى، پات-پات بىۋاستە ئۇرۇلىدىغان، ئۇنى تاماققا ، ھەر خىل سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىدىغان تېلىفونلار تېخىمۇ ئاۋۇدى، خىزمەت ۋە تويى قىلىش تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئۆتىۋاتقان دىلنازغا بۇ ئىشلار شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، نۇمۇس قىلمىسا، ئۆزىنىڭ نام-ئابرويىنى ئويلىمىسا ئىشخانىسىدا، كوچا-كويلاردا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. ئىچىدىكى بارلىق ئازابىنى بىراقلا چىقىرىۋەتكۈسى كېلەتتى.

بۇگۈن ۋارىسىنىڭ تېلىفونىنى تاپشۇرۇپ ئالغان دىلناز ئىشتىن چۈشۈشكە بۇرۇنراق تەييارلىق قىلدى، قولىدىكى خىزمەتلەرنى تىز-تىز تۈگەتتى. يۈرەكلىرى خىجىللىق ۋە ھاياجاندىن تىترەپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا كەلگۈسىدىكى قېيىن ئاتا-ئانىسى ئالدىغا كۆرۈشۈشكە بارىدىغانلىقىدىن خوشال ئىدى. ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى بۇ مېھرىبان ئادەملەرگە بولغان غايىۋانە مۇھەببەت، ھۆرمەت ئۇنى راستىنلا ھاياجانلاندۇرىۋاتاتتى. قەلبىدىكى ئادىمىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالدىغا ھەقىقى كېلىنلىق مەجبۇرىيتى بىلەن ، پەرزەنتلىك مەجبۇرىيتى بىلەن چىقىش، ئۇلارنى ئەزىزلەش ، بىر ئۆمۈر ئۇلارنى ئاسراش، ھۆرمەتلەشنى ئاللىبۇرۇن كۆڭلىگە پۈككەن دىلناز ئۆزىنى بەكمۇ بەختلىك ھىس قىلىۋاتاتتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ۋارىسىنى تاقەتسىزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۈستىنى بېشىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئالدىراپلا ماڭدى، راستىنى دىسە ئۇ ۋارىسىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن بەكرەك ۋارىسىنى سېغىنغان ئىدى، ئۇنىڭ ئەركەكلەرگە خاس ھىدىنى، ئوتلۇق كۆزلىرىنى ، شىرىن لەۋلىرىنى سېغىنغان ئىدى.دىلناز شۇلارنى ئويلىغاچ خىجىل بولغاندەك يۈزىنى بوشقىنغا سىپاپ قويۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. چىقتىيۇ يەنە نىمشقىدۇر بۇرۇنقىدەكلا تۈيۇقسىز قاتتىق

ئەنــدىكتى، بــايىقى ئۇتلــۇق ھاياجــانلىرى يەنە نەگـــدۇر غايــپ بولــدى. كىلىۋاتقـان ئورنىــدا قاققـان قـۇزۇقتەك تـۇرۇپلا قالـدى. ئەنە، دەرۋازا ئـوڭ تەرىپىدە يەنە شۇ تۇنۇش ماشىنا، تۇنۇش چىراي ... بىـر جـۈپ ئوتلـۇق كـۆز ئۇنىڭغا ياق ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكىگە يەنىلا ھاياسىزلارچە قادىلىـپ تۇرماقتا... ئۇنىڭ بايامقى خوشاللىقلىرى، ھاياجانلىرى تۇرۇپ نەلەرگىدۇ يۇقاپ كەتتـى، بىر دەرت كىلىـپ ئۇنىـڭ يـۈرىكىنى تىلىـپ ئـۆتتى. بۈگـۈنكى خوشـاللىقنىڭ ئورنىغا بىر كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولىدىغانـدەك قەلبـى ئـاچچىق ئـازاپتىن بىـر پەس ئۆرتەنــدى. ئـۇ دۈپۈلــدەپ ســۇقۇپ تۇرغـان يـۈرىكىنى پەسەيتىشــكە تىرىشـــۋېتىپ، ســول تەرەپتىكــى دەرەخ تۈۋىـــدە كىتــاپ كــۆرۈپ ئـــۆزىنى ساقلاۋاتقان ۋارىسنى كۆرۈپ تېخىمۇ چۆچـۈپ كەتتـى، بايـامقى ئەندىكىشـنىڭ ئـورنىنى ئەمـدىلىكتە قورقـۇنچ ئىگەللــدى. تىــز-تىــز سـۇقۇۋاتقان يـۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس-تاس قالدى. ئاھ خۇدا، نىمانداق تار جاھان، نىمانــداق تەتــۈر قىســمەت. ئەمــدى قانــداق ئىشـلار يــۈز بىــرەر؟ ئىستانىســا باشلىقنىڭ ئىغىزىدىن ۋارىس ئالدىـدا قانـداق بىـمەنە گەپلەر چىقىـپ كىـتەر؟ ۋارىس نىمە دەپ ئويلاپ قالار؟ قانداق گۇمانلاردا بۇلار؟ ماڭا بولغان ھۆرمىتى، قىزىقىشى يۇقاپ كىتەرمۇ؟ مىنى خاتـا چۈشـۈنۈپ قـالارمۇ؟ مىنىـڭ كەلگۈسـۇم، كۆز ئالدىمدىكى بەختلىك توي كۈنلىرىم ۋەيران بولارمۇ؟... دىلناز ئـاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىـڭ كاللىسـى خىلمـۇ-خىـل پىكىـرلەر ئىچىـدە قايمۇقۇپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كىرەك؟ ... ئۇ بىـر دەقىـقە سـۇكۇتتە تۇرغاندىن كىيىن، ئىستانىسـا باشـلىقنى كۆرمىگەنـدەك قەدەملىرىنــى تىــز-تىــز ئىلىپ ۋارىس تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

دىلنــاز تۇيۇقســـىز ئالــدىغا <شــاررىدە> كىلىــپ توختىغــان <ئـاۋدى> مـاركىلىق كىچىـك ماشـىنىغا قـاراپ ھۇدۇققىنىـدىن بوشـقىنا تووۋلاپ سالدى، يەنە شۇ ئوتلۇق شەھۋانى كۆزلەر، قاپقارا بـۇرۇت، نىمىگىـدۇر ئىنتىلىپ تۇرغان قىپلىن لەۋلەر... ئۇھ، ئەمدى بىر ئىغىر ئويۇن باشلىنىدىغان بولــدى، دىلنازنىـــڭ يـــۈزى ۋارىس ئالدىـــدا تۆكۈلــــدىغان بولـــدى، كونـــا ئاشىنىسىدەكلا شىرىن گەپلەرگە كۈنـۈپ كەتـكەن ئىستانىسا باشـلىقى ھاياسـىز ئاشىققا ئايلىنىدىغان بولدى... دەل شۇ ۋاقىت دىلنازنىڭ توۋلىشىدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتىرگەن ۋارىس ، كـۆز ئالدىـدا ھۇدۇقـۇپ تۇرغـان دىلنـازنى كـۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، ئۇنى دەرھـاللا يۆلىۋالـدى. مانـا تۇنـۇش ھىـد، تۇنـۇش

ئوتلۇق بەدەن، ھارارەتلىك قوللار... دىلناز ئىسسىگە كەلگەندەك بولدى. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ دەقىقە ئىچىدە نۇرغۇن پىكىرلەرنى قىلىشقا ئۈلگۈردى، ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىشقا تىرىشتى، باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان كۆڭۈلسىزلىكنى دەرھال ياخشى تەرەپكە بۇراشقا تەييارلىق قىلدى.

-قورقىتىۋەتتىم ھە دىلناز، قېنى ماشىنىغا چىقىڭ ، ئۆزەم ئاپىرىپ قوياي.

دىلناز كۆزلىرىنى يۇغان ئېچىپ ماشىنا ئەينىكىدىن بېشىنى چىقىپ تۇرغان ئىستانسا باشلىقىغا زورىغا كۆلۈمسىرەشكە مەجبۇر بولدى.

-رەخمەت مەردان ئاكا، بىز باشقا ياققا بارماقچىدۇق، سىزنى ئاۋارە قىلمايلى .

- ئاۋارىچىلىق ئەمەس، قېنى تىز بۇلۇڭ.

-بولدى ، بولدى، بىز بەك يىراققا بارىمىز. ھەر راست، تونۇشۇپ قويۇڭ، بۇياق مىنىڭ يىگىتىم ۋارىس ، - دىلناز يېنىدا ھۇدۇقۇپ تۇرغان ۋارىسنى بوشىقىنا نوقۇپ قويدى، ئۇ مۇشۇ پەيتتە دەل مۇشۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى،- بۇياق بىزنىڭ ئىستانسا باشلىقىمىز مەردان ئاكام.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،- ۋارىس ھېيىقىش ئىچىدە ماشىنا ئىچىدىكى سۇرلۇك ئادەمگە قولىنى ئۇزاتتى.

-ھە، ياخشىغۇ - ئىستانسا باشلىقى ئالدىدىكى سادىدا كىيىنگەن يىگىتنى مەنسىتمىگەندەك ئاددىيلا سالام قايتۇردى. ئۇ بۇ يىگىتنىڭ دىلنازنىڭ لايىقى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى.

- ھەر قانچە يىراققا بىرىپ باشقا شەھەرگە كەتمەيدىغانسىز. سىزغۇ ئالدىڭىزدا ئىسىل ماشىنا تۇرسا، تاكسى تۇسۇپ مېڭىشقا ئامراق قىز،-ئىستانسا باشلىقى ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى رازى بولغاندەك دىلنازغا مەنىلىك قارىدى.

- ياق، شۇ جەنۇبى يۇلۇچى تۇشۇش بىكىتىگە بارماقچىدۇق. بوپتۇ ئەمىسە، ئاۋارىچىلىك كۆرمىسىڭىز چىقايلى،-دىلناز تەمتىرەپ تۇرغان ۋارىسقا زورىغا كۈلۈمسىرەپ ماشىنىغا چىقتى، ۋارىسمۇ تەئەججۇپ ۋە ھېيىقىش ئىچىدە ئۆزى بىلىپ-بىلمەي دىلنازغا ئەگىشىپ بۇ كاتتا باشلىقنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ قالدى. ئارقا تەرەپتە سەلىمەنىڭ قېشىدا قورۇنۇپقىنا ئولتۇردى.

مانا ، دىلناز ئەنسىرىگەن ئىش كۆز ئالدىدىلا . ئۇ مۇشۇ پەيتتە مۇشۇنداق قىلمىسا بولمايتتى. باشلىق بىلەن تاكاللاشسا باشقا ئەھۋاللار

كۆرۈلۈپ قېلىشى ئىنىق . ئىستانسا باشلىقىنىڭ ئېغىزىدىن بولمىغۇر گەپتىن بىرسى چىقىپ كەتسە تۇگەشكىنى شۇ، ئۆزىنى قانچە ئاقلىسىمۇ بىكار؟ ئەمدى بەختىنى ، كەلگۈسىنى دەپ چىداپ سۈكۈت قىلىش كېرەك، ئىچىدە غەزەپ قايناپ تۇرسىمۇ ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاپ بىرىش كېرەك، باشلىقىغا ئەڭ سىپايە، ئەڭ سەمىمىلىك بىلەن كۆڭلىنى ئىپادىلىشى ، ۋارسقا بولغان ئۆتتەك مۇھەببىتىنى باشلىق ئالدىدا نامايەن قىلىش كېرەك. ھەي، بۇ دۇنيا نىمە دىگەن ئادالەتسىز، نىمانداق رەزىل. ۋىجدانىمدا تۇرىمەن، پاكلىقىمنى قوغدايمەن دەپ چىڭ تۇرسا مۇھەت ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئۇنى شالاڭلىتىدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلسا ۋىجدانى بۇلغىنىدۇ، بىر ئۆمۈر ئاچچىق پۇشايمانغا قالىدۇ. ھەي، زىددىيەتكە تولغان دۇنيا، مۇرەككەپ خاراكتىرغا تولغان ئادەملەر توپى...يەنىلا ئەڭ ئاقىلانە تەدبىر- ۋەزىيەتنى ئوڭشاش، ئۆزىدىكى گۈزەل قەلب بىلەن باشلىقنى تەسىرلەندۈرۈش... دىلناز ئويلۇنۇپ قالدى- ئۇ يەنە شۇ ئادەملەر ئارىسىدا ياشىشى، خىزمەت قىلىشى كېرەك. ھەممىدىن ۋاز كېچىش تېخىمۇ ئاقىلانىلىق ئەمەس...

ماشىنا ئاستا قوزغالدى. لېكىن ھەممە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى. ئىستانسا باشلىقىنىڭ خىيالىدا تەلۋىلەرچە قىزىقىش، ئەسەبىي ھىسسىيات، دىلنازنىڭ خىيالىدا ئەندىشە، نەپرەت، ۋارسىنىڭ خىيالىدا ھودۇقۇش، ھېيقىش... ھەممىسى ئۆزىنىڭ تىنىمسىز خىياللىرى بىلەن ئاۋارە. ۋارس يېنىدا ئەگىم قاشلىرىنى بىر قىسمىلا تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئويغا چۆككەن دىلنازغا ئەجەپلەنگەندەك ئاستا قاراپ قويدى. دىلناز بۇ قاراشتىن يەنىلا شۈركۈنۈپ كەتتى، <بۇنىڭ بىلەن نىمە مۇناسىۋىتىڭىز بار؟> دىگەن سۇئالنى سورىغاندەك ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ قويدى. ئۇ ماشىنا ئالدىدا رولنى بار كۈچى بىلەن تۇتۇپ ئولتۇرۇپ گىدىيىپ ماشىنا ھەيداۋاتقان ئىستانسا باشلىقىغا <لاپ> قاراپ قويۇپ، دىمىغىنى ئاستا قاقتى.

- ۋارس، مەردان ئاكامنى تونۇمايسىزغۇ دەيمەن، ئۇ بەك قابىلىيەتلىك رەھبەر، بىزگە تەلەپنى بەك چىڭ قويىدۇ.

ئىستانسا باشلىقى كەينىنى كۆرۈش ئەينىكىدىن دىلنازنىڭ ۋارسقا گەپ قىلىۋاتقان قىياپىتىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى .

-ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بەك ماختىۋەتتىڭىز.

-راسقۇ، خىزمەتتە تەلەپچان بولۇش بىلەن بىرگە خىزمەتداشلارنى،

قول ئاستىڭىزدىكى خادىملارنى بىر تۇققىنىڭىزدەكلا كۆرىسىز.
ـ بولدى ، ماختىماڭ دىلناز، سىز ماختىسىڭىز مەن بىر قىسمىلا بولۇپ قالىدىكەنمەن.
ـ ياق ماختاشقا ئەرزىيسىز مەردان ئاكا. رەھبەر دىگەن ئۆزىنىڭ ئالىجاناپ خاراكتىرى ئارقىلىق تۈۋەنگە ئۈلگە بولىدۇ، ئۇلارنى يىتەكلەيدۇ، مانا سىزمۇ ھەممىمىزگە ئىقتىدار، ئەخلاق، ساپا جەھەتتە باشلامچى بۇلۇپ، ئىدارىمىزنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق مەدىنىيەت تارقىتىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرۇشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈپ كەلدىڭىز. بىزنىڭ نەتىجىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يەنىلا سىزنىڭ تۆھپىڭىز ...
ـ ھە...ياق...ھە...ـئىستانسى باشلىقى تەمتىرەپلا قالدى. <نىمىدىگەن قۇۋ، نىمىدىگەن يامان نەرسە بۇ ...> دىگەنلەرنى ئويلىدى.ـ رەخمەت، رەخمەت...
ـ تۇرقىڭىزدىنلا سالاپىتىڭىز، قابىلىيىتىڭىز مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدىكەن. ـ ۋارىس زورىغا گە پ قىستۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.ـ بۇگۈنمۇ مۇھىم ئىشلىرىڭىزنى قويۇپ ، بىزلەرنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن مىڭىۋاتىسىز. سىز راسلا ئالىجاناپ ئادەمكەنسىز.
ـ رەخمەت، رەخمەت.ـ ئىستانسا باشلىقى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە مەجبۇر بولدى. خۇددى ھەر ئىككىسى مەسلىھەتلىشىۋىلىپ بۇ ماشىنىغا چىقىپ ئۆزىنى ئۈچۈرىۋاتقاندەك سەل-پەل بىئارام بولدى. ـ دىلناز ، بۇ ئىنىمىزمۇ سىزدەكلا ئەجەپ سۆزمەنكەن. قارىغاندا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداش ئوخشايسىلەر.
ـ ياق ، ۋارىس باشقا كەسپتە ئوقۇغان. لېكىن خەت يىزىشقا، پىكىر قىلىشقا بەك ئۇستا.ـ دىلناز مەمنۇن بولغاندەك ۋارىسقا مەنىلىك كۆز يۈگۈرتتى.
ـ ھە، ئۇنداقتا بۇ ئىنىمىز قەيەردە ئىشلەيدۇ؟
ـ سۈپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىدا،ـ ۋارىس دىلنازدىن بۇرۇن جاۋاپ بىرىپ ئۈلگۈردى. ئىستانسا باشلىقىنىڭ <ئىنىمىز> دىگەن گىپىدىن ھىيىقش ھىسياتى سەل يۇقىغاندەك قىلاتتى.
ـ قايسى كەسپتە ئوقۇغان سىز ؟
ـ خىمىيە كەسپىدە.

ـ راسلا ئىقتىدارلىق ئىكەنسىز. بىزنىڭ بۇ تىرىشچان، چىرايلىق سىڭلىمىزنى مەكتەپتىلا قولغا كەلتۈرىۋاپتىكەنسىز ئەمەسمۇ؟...

ۋارىس ئىستانسا باشلىقنىڭ سۆزىدىن خىجىل بولغاندەك ، دىلنازغا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ قويىدى دە، ئالدىغا ئاستا سۈرۈلدى.

ـ نىمە دىسەم بۇلا مەردان ئاكا. دىلنازنىڭ ئىقتىدارى ، چىرايلا ئەمەس، ئۇنىڭ پەزىلىتى، ئىسىل ئەخلاقى مىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان. خۇدا رىسقىمىزنى قوشقان چېغى. ئاخىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ توي قىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمىز.

دىلناز ۋارىسنىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ يەرگە قارىدى. ئۇ ۋارىسنىڭ خىلى يۈرەكلىككە، مەردانىلىقىغا قول قويىدى. ئۆزى دىيىشى زۇرۇر بولغان گەپلەرنىڭ ۋارىس ئېغىزىدىن چىقىۋاتقانلىقىدىن خوشال بولدى. لېكىن ئىستانسا باشلىقى خوشال ئەمەس ئىدى، ۋارىسنىڭ سۆزلىرى خۇددى < بۇمىنىڭ لايىقىم، مىنىڭ خوتۇنۇم، ئۇنىڭغا قالايمىقان چاقچاق قىلما، ئۆزەڭنى بىلىپ يۈر> دىگەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئەينەكتىن ئىككى ياشقا ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويىدى- دە، تاماكىسىنى قىنىپ-قىنىپ شورىدى.

ـ چىكەمسىز سىزمۇ ئۇكا؟

ـ بولدى رەخمەت مەردان ئاكا، ۋارىس تاماكا چەكمەيدۇ.ـ دىلناز ئالدىراپ سۆز قاتتى.

ـ راسما؟ـ ئىستانسا باشلىقى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ دىلنازغا قارىدى. ـ قارىسامۇ تاماكا چىكىدىغاندەك قىلمايدۇ.

ـ راس. مەن چەكمەيمەن، تاماكىنىڭ زىيىنىنى كۆپ ئاڭلىغاچقىمۇ، ياكى مەكتەپتە كۆپ تەجرىبە قىلغاچقىمۇ بۇرۇندىن چىكىپ باقمىغان.

ـ ئۆزىڭىز قايەردىن بولىسىز؟

ـ مەنما؟ قەشقەردىن ئاكا، قەشقەرنىڭ مەكىت ناھىيەسىدىن .

ـ نىمە؟ـ ئىستانسا باشلىقى چۆچۈگەندەك تۇيۇقسىز ماشىنىسىنى تورمۇزلاپ سالدى، تېخى سۇمۇرۇشكە ئۈلگۈرمىگەن تاماكا ئىسىدىن قاتتىق ھۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ بۇ يىگىتنىڭ تۇرقى ۋە تەلەپپۇزىغا قاراپلا جەنۇبى شىنجاڭلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەكىتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى.ـ مەكىت ناھىيەسىدىن دىدىڭىزما؟

ـ شۇنداق.

ـ نىمىگە ھەيران قالدىكىن دەپ قالماڭ ئۇكا. مەنمۇ شۇ مەكتەپ ناھىيەسىدىن، لېكىن يۇرتتىن ئايرىلغىلى 15 يىلدەك بولۇپ قالدى.

ـ ھە، ـ ۋارس قىزىقسىنغاندەك كۆلۈمسىرەپ ئىستانسا باشلىقى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يېقىنلاشتى. ـ توۋا، بىزنىڭ يۇرتتىن خېلى ـ خېلى ئادەملەر چىققىدۇ دىسە، ئۇرۇمچىدىمۇ بىر يۇرتلۇق رەھبەر ئاكىلىرىمىز كۆپكەن ئەمەسمۇ؟

ـ ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. سىزمۇ دىلناز بىلەن توي قىلىپ قالسىڭىز، نازىر ئاكامنىڭ ياردىمىدە تېزلا ئۇسۇپ ئىدارىڭىزگە باشلىق بولۇپ قالىسىز،شۇنداقمۇ يە دىلناز؟ـ ئىستانسا باشلىقى يەنىلا دىلنازغا مەنىلىك كۆز قىستى.

ـ يا..ق ، ياق...خاتا ئويلاپ قالماڭ ئاكا، مەن ھەرگىز ئۇنداق خىيالدا بولۇپ باقمىغان.ـ ۋارس تۇيۇقسىزلا شەپەقتەك قىزىرىپ كەتتى، ئۇ ھازىرغىچە ئويلاپ باقمىغان بىمەنە خىيالنى ئىستانسا باشلىقىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ، خۇددى دىلناز ئالدىدا پەقەت مۇشۇ خىل ۋاستىنى دەپ توي قىلىدىغاندەك ئازاپلاندى. ۋارسنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان دىلناز دەرھاللا ئېغىز ئاچتى.

ـ ئۇنداق ئەمەس مەردان ئاكا، سىز بىلمەيسىز، ۋارس ئۇ تۇغما تالانت ئىگىسى، ئۇ مەكتەپتىمۇ ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى نەتىجىسى مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئالدىدا. ئۇ ھازىرمۇ ئىشتىن سىرت ئىنگلىز تىلى كۇرسى ئېچىۋاتىدۇ. ئۇچۇ ئاكا، باشقىلارغا ئەسلا ئوخشىمايدۇ، خېلى ۋىجدانى، ئىمانى بار . پەقەت ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ، بىلىمىگە تايىنىپ ئىشلەپ كۆزگە كۆرۈنىدۇ. رەھبەر بولسىمۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، بىلىمىگە تايىنىپ بولىدۇ. شۇنداققۇ ھە ۋارس. ـ دىلناز تۇرۇپلا شۇنچىلىك مەغرۇر، شۇنچىلىك مەمنۇنلۇق بىلەن سۆزلەپ كەتتى. ئۇ شۇ تا بۇ گەپنى ئىستانسا باشلىقىنىڭ يۈرىكىگە تىگىپ توختىسۇن دىگەندەك قىلىۋاتاتتى.

ـ شۇنداقمۇ ، قالغىنىنى كىيىن كۆرىمىزغۇ ھە.ـئىستانسا باشلىقى تاماكىسىنى يەنە قىينىپ ـ قىينىپ شوراشقا باشلىدى. ئارىدا پات ـ پات ئەينەكتىن كەينىدىكى ئىككى ياشنى كۆزۈتۈپ ماڭدى. بۇلۇپمۇ ۋارسقا باشقىچە دىققەت

قىلىشقا باشلىدى. ئۇزى ئاددى-ساددا بولسىمۇ ، كىلىشكەن تەقى-تۇرقى، سەممىيىتى، ئىسسىللىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتكە بىردە كۇنچىلىك كۆزى بىلەن، بىردە قايىللىق كۆزى بىلەن قارايتتى. ئۆزى شۇنچە قىلسىمۇ بىرەر ئېغىز تاتلىق سۆزىگە، ئوتلۇق كۇلۇمسىرىشىگە ئېرىشەلمىگەن دىلنازنى ئۆزىگە مەجنۇنلارچە كۆيدىرىۋالغان ، ئەسىر قىلىۋالغان بىر يۇرتلۇق بۇ يىگىتكە ھەيران بولاتتى. بىر نازىنىنىڭ قىزى ، چىرايلىق بىر پەرى، كۆزكە كۆرۇنگەن بىر داڭلىق رىياسەتچى يىراق بىر يېزىدىن كەلگەن يىگىتكە كۆڭلىنى بىرىپ يۇرسە نىمە دىگۇلۇك. ساراڭ دىسۇنمۇ ياكى مەجنۇن دىسۇنمۇ؟...ئىستانسا باشلىقى بېشىنى نىمىگىدۇر ئاستا چايقاپ قويۇپ ماشىنىسىنىڭ ماي تەپكىسىنى كۇچەپ دەسسەپ، تىز سۇرئەت بىلەن بىكەت تەرەپكە قاراپ ماڭدى. لېكىن ئۆزىنى بىر چاغلايدىغان ئىستانسا باشلىقىنىڭ يۇرىكى ئىككى ياشنىڭ مەنىلىك بېقىشلىرىدىن، كۇلۇمسىرىشىدىن يەنىلا قاتتىق ئازاپلىنىۋاتاتتى . بۇلارنى خۇددى ماشىنىسىغا ئۆزى گەپ ئاڭلىغىلى ئاچىققاندەكلا بىئارام بولاتتى...

ماشىنا جەنۇبى يۇلۇچى تۇشۇش بىكىتىگە كىلىپ توختىدى. مانا قىزىق دۇنيا. مىغ-مىغ ئادەملەر توپى، توختىماي كىرىپ-چىقىۋاتقان ماشىنىلار، توختىماي كىرىپ چىقىۋاتقان خىلمۇخىل ئادەملەر، ماللىرىنى بۇلۇشىغىچە تۇۋلاپ سېتىۋاتقان يايمىچىلار، بىچارىلەرچە يىلىنىپ قول سۇنىۋاتقان تىلەمچىلەر، توختىماي سودىلىشىۋاتقان يۇلۇچى بىدىكلىرى، ئاندا-مۇندا كۆرۇلۇپ قالىدىغان يەنچۇقچى-ئوغرىلار...ھەممىسى ئۆز ھەلەكچىلىكىدە. بۇ يەرگە چوڭ-كىچىك ھەممىسى مىھمان، باي زەرداردىن تارتىپ ئاددى دىھقان مىسكىنلەرگىچە ئوخشاشلا يۇلۇچى. بۇ يەرگە بىر قىسىم ئادەملەر دىدارلىشىش ئۇچۇن كەلسە، بىر قىسىم ئادەملەر ئايرىلىش جۇدالىقىدا كىلىدۇ، بىر قىسىم ئادەملەر خوشاللىق ئۇچۇن ئۇمۇت بىلەن كەلسە، بىر قىسىم ئادەملەر ھارغىن ئېغىر جىسمىنى كۆتۇرۇپ بىچارىلەرچە كىلىدۇ ...بۇ مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ قىسمەتلەرگە تويۇنغان جاي، خوشاللىق بىلەن قايغۇ گىرەلىشىپ كەتكەن

جاي...

ۋارس سائىتتىگە قاراپ ماشىنىنىڭ كىلىپ قالىدىغان ۋاقتى بولغانلىقىنى ھىس قىلىپ، ئىستانسا باشلىقىغا نۇرغۇن رەخمەت-ھەشقاللا ئېيتىپ ماشىنىدىن چۈشۈشكە ئالدىرىدى.

-رەخمەت، ئۆزلىرىنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتۇق.

ئىستانسا باشلىقى تۇيۇقسىز بۇلارنىڭ بۇ يەرگە كىلىشىدىكى سەۋەبىنى سوراپ باقمىغانلىقىنى ئىسىگە ئېلىپ ئېغىز ئاچتى .

-ھە راست، بىرسىنىڭ ئالدىغا چىققانمۇ ياكى بىرسىنى ئۇزاتقىلىمۇ؟

-ئاتا-ئانام كەلمەكچىدى. دىلنازنىڭ ئۆيىگە چاي ئىچۈرىدىغان ئىش ئۇچۈن. شۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان.

-ھە،مۇنداق دەڭ ، -ئىستانسا باشلىقى سەل دۇدۇقلىغاندەك بولدى.- ئۇنداقتا پات ئارىدا توي ئويناپدىكەنمىزدە؟

-شۇنداق ، بىرەر ئاي ئىچىدە بولۇپ قالارمىكىن.

-ياخشىغۇ؟- ئۇ قەلبىدىكى جىددىلىك ۋە رەشىك ئوتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى، چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.- ئەمىسە سىلەرنى ئوبدان بىر تەبرىكلەپ قويسام بولغۇدەك.

- رەخمەت ئاكا، رەخمەت. شۇ تويدا باش بولۇپ تۇرۇۋشۇپ بەرسىڭىز بىز شۇنىڭدىن خوش.

- ئۇغۇ ئەلبەتتە شۇنداق بولىدۇ.-ئىستانسا باشلىقى خىجىللىق ئىچىدە ئولتۇرغان دىلنازغا كۆزلىرىنى تىكتى،- بەك بەختلىككەنسىز.

-رەخمەت مەردان ئاكا.-دىلناز ھەم ئۇڭايسىزلىنىپ ھەم خۇشال بولۇپ بوشقىنا جاۋاپ بەردى.

-بولدى، مەردان ئاكا ، ئەمدى قايتىپ كىتىڭ، ھېلىمۇ سىزنى بەك جاپاغا سېلىپ قويدۇق.

-تەكەللۇپ قىلماڭ بولدى، ئۇلار قاچان كىلىدۇ؟ مەن ساقلاپ تۇراي.

-ياق...ياق، يەنە يېرىم سائەتلەردە كىلەمدىكىن. سىز بەك ئالدىراش چۈقۇم، بولدى سىزنى ئاۋارە قىلمايلى.

-ئاۋارىچىلىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەردىمۇ باشقا قاتناش يوق. ئارىلىقمۇ خېلى يىراق. مەن ساقلاپ تۇراي.

-بولدى مەردان ئاكا، قايتىپ كىتىڭ، سىزنى يەنە ئاۋارە

قىلمايلى ،ـ دىلناز كەسكىنلىك بىلەن ئىغىز ئاچتى. شۇ تاپ ئۆزىگە مەرەزدەك ئەگىشىۋالغان بۇ ئادەمدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىراپ تۇراتتى. « ھېلىمۇ خۇدا ساقلىدى، ئارىلىقتا باشقىچە گەپ سۆز بولۇپ قالمىدى. ئەڭ ياخشىسى تېزرەك كەتكىنى ياخشى، ئارامىمدا قويغىنى ياخشى...» دەپ ئويلايتتى.

ـ بولدى، بولدى. قېنى ۋارىس ئۇكام، بىز ماشىنىدا ساقلاپ تۇرايلى ، سىز ئۆيىڭىزدىكىلەرنى ساقلاپ بىرگە ئاچىقىڭ،ـ ئۇ ۋارىسقا كۆيۈنگەندەك قىلىسىمۇ ، لېكىن دىلنازغا شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكتى.ـ قانداق دىدىم دىلناز.

ـ ھە،ياق،ھە...دىلناز بىر پەس دۇدۇقلاپ قالدى.

ـ مەن كىرىپ چىقاي ئەمىسە،ـ ۋارىس شۇنداق دىدى-دە ، ئالدىدىكى <مهربان> باشلىقىغا تەكەللۇپ ئىيتىپ ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەمشەلدى،ـ سىز دەم ئالغاچ ئولتۇرۇڭ دىلناز.

ـ يا...ق، ياق...ـدىلناز ۋارىسنىڭ قولىدىن شاقلا تۇتتى. ـمەنمۇ سىز بىلەن بىرگە كىرەي، شۇنچە يىراق يەردىن ئاتا-ئانىڭىز بىزنىڭ ئىشىمىزنى دەپ كەلسە، مەن بۇ يەردە ئولتۇرىۋالسام ياخشى بولماس.ـ دىلناز شۇنداق دىدى دە، ۋارىستىن بۇرۇنراق ماشىنىدىن چۈشۈپ بىكەت دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

مانا ، بىكەت ئىچىدە بىر گۈزەل پەرى پەيدا بولدى. ھەممە ئادەم ھەۋەسلىنىدىغان، بىر كۈرۈشكە ئىنتىزار بولغان، ئۆزىنىڭ لاتاپىتى، سۆزمەنلىكى بىلەن ھەممىنى تاڭ قالدۇرغان رىياسەتچى قىز پەيدا بولدى. سۆيۈنۈش، ھۆرمەت، سېغىنىش، شەھۋەت سىڭىپ كەتكەن خىلمۇ خىل كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلگەن ئىدى. بىر توپ ياش ئۇنىڭغا قاراپ نىملەرنىدۇ دەپ كۇسۇرلىشىپ كۇلۇشتى، بىرسى ئالايتەن ئالدىغا كىلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا تەپسىلى سەپسىلىپ قويۇپ كەتتى. دىلناز ئۆزىنى شۇنچە مەغرۇر تۇتۇشقا ئورۇنىۋاتسىمۇ يەنىلا ھودۇقىۋاتاتتى. ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلىشلىرىدىن تۇلىمۇ بىئارام بولاتتى . نىمە ئامال. ئادەم دىگەن بەك تۇنۇلۇپ كەتسىمۇ دۇشمەنلىك بولۇپ قالىدىغان گەپ، باشقىلارنىڭ قىزىق نوقتا پاراڭلىرىغا ئايلىنىپ قالىدىغان گەپ، ئىستانسا باشلىقىدەك ئادەملەرنىڭ ساختا ياخشى كۆرىشىگە، يوشۇرۇن ھەۋەسلىرىگە مەركەزلىشىپ قالىدىغان گەپ...دىلناز ئۆزىدىكى بىئاراملىقنى يوقاتماقچى، باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن

قۇتۇلماقچى بولغاندەك ۋارسىنى تېزلا قولتىقلىۋالدى.

قەشقەردىن كەلگەن ئاپتوۋۇز بېكەت ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ۋارس ھاياجان ئىچىدە تىترىدى. كۆرۈشمىگىلى بىر يىلغا يېقىن بولۇپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان سېغىنىش ئىچىدە ھاياجانلاندى. ئاتا ـ ئانا ئۇ ئۇلۇغ ئىنسان، مەيلى باي بولسۇن نامرات بولسۇن ئوخشاشلا ئۇلۇغ، مەيلى مەنسەپدار شاھ بولسۇن ياكى مىسكىن دېھقان بولسۇن ئوخشاشلا ئۇلۇغ، مەيلى ياش بولسۇن مەيلى قېرى بولسۇن يەنىلا ئوخشاشلا ئۇلۇغ...ئۇلۇغلار شۇنداق بىر سۆزنى قالدۇرغان: جەننەت ئاتا ـ ئانا تاپىنى ئاستىدا دەپ...ۋارس ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېھقان بولۇپ قالغانلىقىدىن ، نامرات بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۇكۇنمەيدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ بىر ئەركەك تۇرۇپ ئاشۇ جاپاكەش ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن باللىق قەرزىنى ئادا قىلالمىغانلىقىغا ئۇكۇنىدۇ. ئاشۇ جاپاكەشلەر ئالدىدىكى بۇرچىنى ئۇنۇتمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجرىنى ئۇنۇتمايدۇ، ئۆز سۆيگۈ، مۇھەببىتى ئۈچۈن، ئاشۇلارنى يىراق سەھرادا تاشلاپ قويۇپ كەلگەنلىكىنى ئۇنۇتمايدۇ...ئۇ ئەمدى مۇشۇ پۇرسەتتە ئاتا ـ ئانىسىنى ئوبدان كۈتۈۋېلىشى كېرەك ، سەھرادىن ئاياق ئاتلاپ باقمىغان ئەزىزلەرگە بۇ چوڭ ئاۋات شەھەرنى قانغۇچە كۆرسىتىشى كېرەك، ئۇلارغا ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزىشى، ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كەيدۈرىشى كېرەك...ۋارس ئەنە شۇنداق تاتلىق خىياللار ئىچىدە مەمنۇن بولدى. لېكىن بۇ جاپاكەشلەرنىڭ بۇ يەرگە قانچىلىك قىينچىلىقتا، قانچىلىك ئېغىر بېسىمدا كەلگەنلىكىنى، نازىردەك كاتتا بىر ئەمەلدار بىلەن قۇدىلىشىش ئۈچۈن قانچىلىك زور بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدى. توغرا، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەلبىدىكى بېسىم ۋە ئازاپنى پەرزەنتلەر بىلىشكە ئەسلا قادىر ئەمەس. نۇرغۇن ئاچچىق ئازاپ ـ ھەسرەتلەرنى ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆز قەلبىگىلا كۆمۈۋېتىدۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ كۆز قارچۇقىنىڭ نەمدىلىپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايدۇ...

مانا ماشىنىدىن 50 ياشلار چامىسىدىكى كەكە ساقال قويىۋالغان، تۆلۈق ئىتىلمىگەن ئاق كۆينىكى ئىچىدىن قۇيۇق مەيدە تۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، چىمەن دوپپىسى ئۆزىگە خۇيمۇ ياراشقان ھەقىقى دېھقان سۈپەت بىر كىشى بىلەن بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتقان، ئۈچىسىغا پاكىزە لېكىن رەڭگى ئۆچكەن نىپىز قارا پەلتۇ كىيىۋالغان بىر ئايال چۈشتى. بۇلار دەل ۋارسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىدى. ۋارس ھاياجان ئىچىدە يۈگۈرۈپ باردى دە، ئۇلار بىلەن

قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆزلەردىن يامغۇر كەبى ياشلار تۆكۈلدى. ئاتا ـ ئانا بالىنى، بالا ئاتا ـ ئانىنى قىنىپ ھىدلىدى.ئانا ئاق ياغلىقنىڭ گىرۋىكىدە ئوغلىنىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى مېھرى بىلەن ئاستا سۈرتتى. ئۇنىڭ پىشانىسىگە ئانىلىق مېھرى بىلەن قىنىپ سۆيدى. ئاھ، يەنىلا دۇنيادا ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتىگە نىمە يەتسۇن. ئانا يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان، ئەڭ ئۇلۇغ پەرىشتە...

دىلناز كۆز ئالدىدىكى بۇ تەسىرلىك ئۇچرىششقا، مېھرىبانلارچە قۇچاقلىششقا، ياش تۆكۈشلەرگە قاراپ كۆڭلى تۇلىمۇ يېرىم بولدى. ئېگىدىكى بۇ ئوبرازلارنىڭ بۇگۈنكى ساددا ، سەممىي، مېھرىبان چىرايىنى كۆرۈپ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى . ۋارس ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قىنىپ دىدارلاشقاندىن كىيىن تۇيۇقسىز دىلنازنى ئىسىگە ئالدى دە، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى قېشىغا باشلاپ كەلدى.

ـ دادا، ئانا،بۇياق دىلناز .

ـ ئەسسالام دادا ـ ئانا، ـ دىلناز ئۆز تەبىئىتىگە خاس قىزلىق ھايا ۋە ئەخلاق ئىچىدە ۋارسنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بوشقىنا ئېگىلىپ سالام بىرىپ، خىجىللىقتىن ئالمىدەك قىزارغان يۈزلىرىنى يەرگە ئېگىپ تۇردى.ـ بىزنى دەپ يولدا كۆپ جاپا چەكتىلە..

ۋارسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدىكى ئاجايىپ چىرايلىق، سۈرەتتەكلا قىزغا قاراپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قالدى. ئۇنى نازىرنىڭ قىزى، تىرىشچان، ئەخلاقلىق ،ئاجايىپ چىرايلىق قىز دەپ كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ، بۇگۈن ئەمەلىيىتىدە كۆرىۋاتاتتى. راست، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق چىرايلىق قىز، ئۇلۇغ خۇدا ۋارس ئۈچۈن زىمىنغا ئاتا قىلغان پەرىشتە. ..ئۇلار مەمنۇنىيەت ئىچىدە بېشىنى ئەگدى.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قىزىم، سىزمۇ كۆپ جاپا چەكتىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرغانسىز، ئاتا ـ ئانىڭىزچۇ قىزىم؟

ھەممىسى سالامەت، ـ دىلناز يەنىلا تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى. ئۇ شۇ تاپ بۇ تۇلىمۇ ئاددى كىيىنگەن، چىرايىدىن ساددىلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە قاراپ ھېچقانداق ئۆزگۈرۈشتە بولمىدى. مۇلايىم تەبەسسۇمى بىلەن كىلىنلىق سۈپەتتە يەنىلا باش ئېگىپ تۇردى.ـ بىزنىڭ ئىشىمىزنى دەپ شۇنچە يىراق يەردىن جاپا تارتىپ كەلدىلە، خىجىلمىز.

ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالدىدىكى بۇ قىزنىڭ قائىدىلىكلىكىدىن ئاجايىپ سۆيۈندى، سەپەر بويى كاللىسىغا كىرىۋالغان روھى بىسىم، تۇمەنمىڭ ئازاپلىق سۇئاللار دىلنازنىڭ يېقىملىق چىرايىنى كۆرۈش بىلەنلا نەلەرگىدۇر غايىپ بولدى. ئوغلىنىڭ تەلەيلىكلىكىدىن، شۇنداق ياخشى بىر قىزنى تاپقانلىقىدىن يۈرەكلىرى بىر پەس ياشاردى. ئانا ئۆزىنىڭ دىلناز ئالدىدىكى ھېيقىشلىرىنى نەلەرگىدۇر چۆرۈپ تاشلاپ، ئاستا كىلىپ ئىتتىز ئىشلىرىدىن قاپىرىپ كەتكەن قاداق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ سۇتتەك نازۇك بارماقلىرىنى بوشقىنا تۇتتى.

-رەخمەت قىزىم. مەن بىر قاراپلا سىزنىڭ نەقەدەر ياخشى قىزلىقىڭىزنى بىلىپ بولدۇم، مىنىڭ ھاردۇقلىرىم چىقتى قىزىم، ھاردۇقلىرىم چىقتى. سىزگە رەخمەت،-ۋارىسىنىڭ ئانىسى ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۇتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى.

دىلنازنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى، ئالدىدىكى ئانىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، كۆز جىيەكلىرىدىكى يول-يول قورۇقلار، نۇرسىز كۆزلەر، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان چىراي، ئاق ياغلىقتىن چىقىپ تۇرغان پىشانىسىدىكى ئاقارغان چاچلار...بوغۇزىغا ئاچچىق يىغا كەپلىشىپ قالغان دىلناز ۋارىسىنىڭ ئانىسىنىڭ ياشلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن ئاۋايلاپ سۈرتۈپ، پەلتۇسىنىڭ يېڭى ئىچىگە يۇشۇرىۋاتقان قاداق قوللارنى مېھرى بىلەن چىڭ سىقىمدىدى.

بۇ ھاياجانلىق مىنۇتلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ۋارىس قايتىدىن ھاياجانلاندى. دىلنازنى يېڭىدىن كۆرىۋاتقاندەك ئۇنىڭ چىرايىغا قايتىدىن سەپسالدى. دەل مۇشۇ پەيتلەردە دىلنازغا بولغان ئوتتەك مۇھەببەت، ھۆرمەت ئۇنىڭ قەلبىگە بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتاتتى. مۆھۈردەك چوڭقۇر ئورناۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بەختىنى تاپقانلىقىدىن ، شۇنداق بىر ئالىجاناپ قىز بىلەن تويى قىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقىدىن يېڭىدىن باشقىچىلا سۆيۈندى. ئۇنى مەڭگۈ ئەزىزلەش، مەڭگۈ سادىق بولۇش، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى كۆڭلىگە قايتىدىن پۈكتى...

ماشىنا ئىچىدە قىنىپ تاماكا چېكىپ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان ، تاتلىق چۈشلەرگە ئەسرا بولغان ئىستانسا باشلىقى بىكەت دەرۋازىسى ئىچىدىن ئىككى ياشىنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن خوشال چىقىۋاتقان بىر جۈپ ئەر_خوتۇنغا قاراپ دەقىقە تۇرۇپلا قالدى. نىمانداق تونۇش چىراي، تونۇش كۆزلەر ...ئۇنىڭ يۈرەك رىتىمى تۇيۇقسىز تېزلەشتى، هاكاۋۇر چىراي بىردەمدىلا تاتىرىپ هودۇقۇشقا ئالماشتى، ئۇ ماشىنا تەرەپكە يېقىنلىشىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ ، خىيالىنىڭ ئارقىسىنى ئويلاشقا بەرداشلىق بىرەلمەي، ماشىنىنى تېزلىكتە ئوت ئالدۇردى_دە، مىغ_مىغ ئادەملەر توپىنى قىقاس چۇقاندا قويۇپ، ئۇدۇللا كەلگەن يولغا چىقىپ تېز سۈرئەتتە يۈرۈپ كەتتى...

ئالدىدىكى ئادەم ۋە ماشىنىلارغا هېلى ئۇسسۇپ سالىدىغاندەك كېتىۋاتقان ئىستانسا باشلىقىنىڭ چىرايىدا قان قالمىغاندەك تۇراتتى، ئۇنىڭ بايىقى يالغۇزلۇقتا سۈرگەن شېرىن خىياللىرى ، شەھۋەتلىك مەنزىرىلەر تىمتاس يوقىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا 15 يىل ئىلگىرىدىكى يېتىمچىلىكتە قالغان كۈنلەر، شېرەم تۇققىنى بولغان ۋارىسىنىڭ دادىسىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى، ئۇنى ئوقۇتۇش جەريانىدا تۆلىگەن بەدەللىرى... ئالماشقان ئىدى. توغرا، هازىرقى كاتتا خىزمەتكە ئېرىشكەن مەردان ئەسلى ئاشۇ يۇرتتىن، ئاشۇ يېزىدىن ئەمەسمىدى، ئالى مەكتەپتىكى ۋاقتىدا دادىسى قاتناش هادىسىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندە، ئاشۇ ۋارىسىنىڭ دادىسى تۇققانلىق مېهرىنى يەتكۈزۈپ، تۇل قالغان ئانىسىغا ياردەملەشمىگەنمىدى. ئۇنىڭ ئوقۇشىغا زور كۈچ ۋە بەدەل تۆلىمىگەنمىدى. ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى تارتمىغانمىدى، دېهقان تۇرۇپ ئوقۇش خىراجەتلىرىنى تۆلىمىگەنمىدى ...ئوقۇش پۈتتۈرگەن مەردان ئۇرۇمچىدە قالغان، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئانىسى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەندە شۇ يېزىغا قايتا بارغان . ۋارىسىنىڭ دادىسى ئابدۇللا ئاكىنىڭ هىمايىسىدە ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقان...لېكىن ئۇ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرتىنى سېغىنمىدى، «هېچقانداق ئۇرۇق_تۇققۇنۇم قالمىدى، ئاتا_ئانامدىن ئايرىلدىم» دەپ ئاستا_ئاستا هەممىنى ئۇنۇتتى، ئارىدا بىر قانچە قېتىم بارغان بولسىمۇ ئۆزى ئۈچۈن كۆپ بەدەللەرنى تۆلىگەن ئابدۇللا ئاكىنى يوقلاپ قويمىدى، ئۇنىڭدىن ئەھۋالمۇ سورىمىدى. ئۇنىڭ ئەجرىنى قايتۇرمىدى. مانا 15يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇ بۇ قايناق شەھەرنىڭ رىتىمسىز تۇرمۇشىغا سىڭىپ

كىتىپتۇ، ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇپتۇ، مەنسەپدارنىڭ قىزىنى ئېلمەككە ئىلىنىدۇرۇپ ئۇنىڭ سايىسىدا كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، قەدەممۇ-قەدەم ھازىرقىدەك ئورۇنغا چىقىۋاپتۇ...ئەيشى ئىشرەت، كەيىپ ساپاغا چۆكۈپ كىتىپتۇ...ئىستانسا باشلىقى ئاخىرىنى ئويلاشقا بەرداشلىق بىرەلمىدى. «بۇ جاھان نىمانداق تار، بۇ ۋارىس دىگەننىڭ دەل شۇ ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئوغلى بولۇپ قېلىشى بەك قىزىقتە... ئابدۇللا ئاكام چوقۇم مەندىن نەپرەتلەنگەن، مەندەك تۇزكورنى قەبرىگە كۆمۈۋەتكەن، چوقۇم شۇنداق قىلغان. بولمىسا ئوغلى يات شەھەردە 5يىل ئوقۇغان تۇرسا، نىمە ئۈچۈن بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر تۇققىنىمىز بار، شۇنى ئىزدەپ تۇر دىمەيدۇ...ئىنىقكى ئۇنىڭ مىنى كۆرەر كۆزى يوق... خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن، ئەگەر تويۇقسىز ماشىنىغا چىقىپ قالسا قانداق ئىغىر بىسىملاردا قالار ئىدىم...» ئىستانسا باشلىقى ئالدىغىلا چىقىپ قالغان كىچىك بالىنى كۆرۈپ ، خىياللاردىن دەرھال ئويغاندى دە، ماشىنىنىڭ تورمۇزىنى يانغا قاتتىق بوردى...

خۇدا بىر ساقلىدى . ياندا ئادەم بولمىغاچقا ئىستانسا باشلىقى بىر ئىغىر قاتناش ھادىسىسىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسى ھەقىقەتەن ئىلىشىپ كەتكەن ئىدى، نىرۋىلىرى چارچىغان، قانداقتۇر بىر خىل ئازاپتىن يۈرەكلىرى ئۆرتەنگەن ئىدى. ئۇ شۇ تاپ ئۆزىنىڭ كۆڭۈل كەيىنگە كىرىپ ئاشۇ نىجادكارىنىڭ بولغۇسى كىلىنىگە پۇخۇرلۇق قىلغىلى قىل قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۈكۈندى. ئەگەر ئاشۇنداق بىر ئىش يۈز بىرىپ قالغان بولسا، كىيىن ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ۋىجدان ئازابى تارتار ئىدى. ئۆزىگە قىلغان نۇرغۇن ئەجىرلىرى ئۈستىگە يەنە بىر ئۈچمەس كۆڭۈل ئاغرىقىنى پەيدا قىلىپ سالغان بولسا ئۆزىنى نەگە قۇيار ئىدى؟... ئىستانسا باشلىقى ئىغىر ئۆھسىندى. دىلنازغا قىلغان بىمەنە گەپلىرىنى ، ئۇنىڭغا يوللىغان تۆگۈمەس سۆيگۈ ئۈچۈرلىرىنى ئويلاپ تىترەپ كەتتى. ئۆزىنىڭ شىرەم تۇققىنىنىڭ سۆيگەن قىزىنى ئويلاپ سۈرگەن شەھۋەتلىك خىيالى كۆرۈنۈشلەردىن شۇنچىلىك قورقتى. شۇ تاپ بۇ ئازغۇن باشلىقنىڭ ئىچىدا <خۇدا ، ئەمدى ماڭا ئادەم بولۇش يولىنى بەر، مىنى ئازغۇن ھىسىياتتىن، چۈشكۈن روھتىن، بىمەنە يوللاردىن يىراق قىل. ئادەملىكىمنى تىپىشقا پۇرسەت بەر...> دىگەن نىدالار ئۇزۇلمەي ياڭرايتتى...ئۇ ئاستا تېلىفۇنىنى ئىلىپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دىلنازغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۈچۈر

يوللاشــقا مەجبــۇر بولــدى .« تۇيۇقســىز جىــددى ئىشــىم چىقىــپ قېلىــپ ، ساقلىيالمايلا كىتىپ قالدىم. بەك خىجىلمەن . ئەپۇ قىلىڭ...»..

كـۈنلەر ئـۆتتى . سـەلىمە ئەكـرەمگە <ئـاق> سـېتىۋېلىش ئۈچـۈن بارغـان ئىشـلارنى خـۇددى بىـر چۈشـتەكلا ھـس قىلىـدىغان بولـۇپ قالـدى. ئۆزىنىڭ قانداق بۇلۇپ ئاشۇ قورقۇنچلۇق جايغا، يىرتقـۇچ ھـايۋانلاردەك سـەت خىرىس قىلىپ تۇرغان كۆزلەر ئارىسىغا بېرىـپ قالغانلىقىغـا ئىشـەنمەيتتى. ئـۇ بىر قېتىم ئازغـان ، مانـا ئىككىنچـى قېتىممـۇ ئـازدى، ھەممىسـى كىـم ئۈچـۈن ؟...شـۇ بىـر قىـز ئۈچـۈن زۇرۇر بولغـان مـۇھەببەت، ئـائىلە، ئەر ئۈچـۈن ئەمەسمۇ؟... ئۇنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۆزلىرى نەمدىلەتتى، باشقىلارنىڭ ئۆيىـدە كالىـدەك ئىشـلەپ ئۇتىۋاتقـان ئـۆمرىگە، ياشـلىقىغا ئېچىنـاتتى. تىرىـك يىـتىم بۇلۇپ يات شەھەردە تەمتىرەپ ئېغىر قىسمەتلەر ئىچىـدە ياشـىۋاتقانلىقىدىن ، ھاياتىنىـــڭ خـــۇۋلىقىنى كـــۆرمەي باشـــقىلارنىڭ كـــۆزىگە قـــاراپ كـــۈن ئۆتكىزىۋاتقانلىقىدىن يۈرىكى سـۇ بـۇلاتتى. ئاتـا مېھرىنىـڭ نىمىلىكىنـى ھـس قىلالماي، بەزى ئـاچ، بەزى تـوق چـوڭ بۇلىۋاتقـان ئوغلىغـا قـاراپ ئـۇكىنەتتى ...لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدە پىلىـدىرلاپ يېنىـپ تۇرغـان بىـر شـام بـار ئىـدى. ئـۇ ئۈمۈت شامى ئۇنى ياشاشقا، تىرىشىشقا، جاپا تارتىشقا ئۈندەيتتى. ئۇ ھازىر بىر ئەمەس ئىككى بولدى. ئۆزىغۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى شۇ پەرزەنت. ئۇنىڭغا كەلگۈسى كېرەك، ئۇنىڭغـا خوشـاللىق ، بەخـت كېـرەك. بـۇ بەخـت دەل ئاتــا ـ ئانــا مېھرىــدىن كىلىــدۇ. ئاتىســىنىڭ بــۇرۇنراق ئــۇنى باغرىغــا بېسىشــىدىن، ئــاتىلىق مېھــرى بىــلەن سۆيۈشــىدىن، ئــۇنى قوغدىشــى، تەربىيەلىشىدىن كىلىدۇ. جاھاندا ئازمايـدىغان ئىنسـان يـوق، ئازغـانلار مەلـۇم ئـاچچىق ساۋاقتا ئـىگە بولغانـدىن كـيىن چۈقـۇم ئۆزگىرىـدۇ، ئـادەم بولـۇش يـولىنى تاللايـدۇ. سـەلىمەنىڭ نەزىرىـدىمۇ ئەكـرەم دەل ھامـان ئۆزگەرگـىچـۇ. ھامان ياخشى ئادەم بۇلـۇپ چىققـۇچى، ئـۆزى ۋە ئـوغلىنى باغرىغا باسقۇچى، بەختلىك ئـائىلىگە بـاش بولغـۇچى...ئـۇ مانـا مۇشـۇ ئۈمـۈت ئىچىـدە ياشـاپ كەلدى. بۇلۇپمۇ ئەكرەم بىلەن تۇرمىدە كۆرۈشكەن كۈنـدىن باشـلاپ يۇقۇتـۇپ قويغـان بەختىنـى تاپقانـدەك بولـدى. پۇشـايمان ئىچىـدە كـۆز يېشـى قىلغـان

ئەكرەمنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلگەنـدىن كىيىن ئۇنىڭ تىزراق ئۆز يىنىغا قايتىپ كىلىشىنى تىلەيـدىغان بولـدى. شـۇڭا بىر قېتىم <ئاق> نى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئازابى ئۈچۈن شۇ بىر قېتىم بۇ يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى.

قۇۋەتلىك ئۇزۇقلۇنـىدىغان كـۈنلەردە ئـۈچ ۋاخ تاماقـقىلا قاراشـلىق بولۇپ قالغان سـەلىمە ئەمچەكنـى پۈتـۈن كـۈچى بىـلەن شـورىۋاتقان ئوغلىغا قـاراپ شـۈنچىلىك بىئـارام بولـدى. بـالا قورسـىقى تويمىغانـدەك خالتىلاشقان ئەمچەككە ئىغىزلىرىنى توختىماي ئاپىراتتى، قـاتتىق-قـاتتىق شـۈراپ تـۈرۈپ-تـۈرۈپ يىغـلاپ كىتەتتـى، ئىغىزلىرىنـى يۇغـان-يۇغـان ئىچىـپ سـەلىمەنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمۈت بىلەن تىكىلەتتـى. ئامالسـىز قالغـان سـەلىمە چۇشـتە ئىشـىپ قالغـان سـۈغۈق لەغمەننـى چايناـپ يىگۈزۈشـكە باشـلىدى. ئـاچچىق بىـر ئەلەم يۈرىكىنى يىرىپ ئۆتتى. كۆزلىرىدىن نىمنىشقىدۇر مۈزدەك 2 تـامچە يـاش ئاستا ئىقىپ بوۋاقنىڭ مەڭزىگە سىرغىدى. ئۇ ئازاپ، ئۇكۇنۇش ئىچىدە ئانا سـۈتىگە تەشنا بوۋاققا سۇغۇق لەغمەننى يىگۈزىۋىتىپ ئەكرەمنى ئويلاپ قالدى. ئۆزى ۋە بالىسىنى مۈشـۈ كـۈنلەرگە قويغـان ئەكرەمـدىن نەپرەتلەنگەنـدەكمۇ بولـدى. لىكىن تۇرۇپلا بۇ دەرتلەردىن قۇتۇلغۇسى، ئۆزى ئۈچۈن بىردىنبىر قەدىرلىك ئـادىمىگە ھەسـرەتلىرىنى تۆككۈسـى ، ئەكرەمـدىن مۇھەببەتلىـك تەسـەللى ئىزدىگۈسى كەلـدى. ئـۇ ئالدىراشـلىق تـۇپەيلى ئەكـرەم بىـلەن 1 ئايغا يـىقىن كۆرىشەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ، دەرھاللا ئۆيلەرنى پاك-پاكىزە تازىلاپ، كەچلىك تاماققا تۇلـۇق تەييـارلىق قىلغانـدىن كـىيىن ، تىلىفۇنـدا خانىمـدىن كىسـەل تــۇققىنىنى يــوقلاپ كىلىشــكە رۇخســەت ئىلىــپ ، ئالــدىراپلا <زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنى> غا قاراپ يول ئالدى.

سەلىمە بارلىق خاپىلىقلىرىنى يـۈرىكىگە يۇشـۇرۇپ، ئەكـرەم بىـلەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. ھاياجانلىنىپ كەتتىمۇ قانـداق ، ئەكرەمنـى بىـر ئاي يـوقلاپ كىلەلمىگەنلىكـگە نۇرغـۇن ئۆزرىخـالىق ئىيتىـپ چىقتـى، ئـۆزىنى نۇرغـۇن قېـتىم ئەيىپلىـدى. ئەكرەمـدىكى ئۆزگىرىشـلەرگە قـاراپ ھەيـران بولىۋاتقان سەلىمەنىڭ ئاستا-ئاستا ئـۈنى ئۈچۈشـكە باشـلىدى. ئـۇ جىمجىـت ئولتـۇرۇپ نۇرسـىز كـۆزلىرى بىـلەن ئـۆزىگە قادىلىـپ قالغـان ئەكـرەمگە قارىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالدىنقى قېتىمقىغا قارىغاندا تىخىمۇ ئورۇقلاپ كەتـكەن ، قىسـىق كـۆزلىرى تىخىمـۇ ئولتۇرۇشـقان، باھـاردىمۇ لەۋلىـرى گەز

باغلىغان، چاچ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغان ئەكرەم تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا يۈرىكى ئېچىشتى. يۇشۇرۇشقا تىرىشقاتقان ئەلەملىرى بىلەن ئالدىدىكى سۆيگەن ئادىمىنىڭ بىچارە تۇرقى قوشۇلۇپ ئۇنىڭ نىمجان يۈرىكىنى رەھىمسىزلەرچە قوچىۋەتتى. ئۇ ئەكرەمنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە ياخشى بۇلۇشىنى، ھەر قېتىم يوقلاپ كەلگەندە باشقىچە روھ بىلەن ئالدىغا چىقىشىنى ئۈمۈت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەت كۆرسىتىپ تىزراق بۇ نەس باسقان يەردىن چىقىپ كىتىشىنى ئاللادىن نەچچە قېتىم كىچە ـ كىچىلەپ تىلىگەن ئىدى. لېكىن ئەكرەمنىڭ ھالىچۇ؟...ئۇ نىمىشقا بۇنچىۋالا بۇلۇپ كىتىدۇ؟...

سەلىمە كۆزىگە لىممىدە ياش ئالغان ئەكرەمگە قاراپ پەقەت چىدىيالمىدى.

ـ جېنىم ئەكرەم، ھالىڭىز بەك يامانغۇ؟ سىزگە زادى نىمە بولدى؟

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى، ئەكرەم سەلىمەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەكلا ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ سەلىمەگە قولىنى ئۇزاتتى.

ـ ئوغلۇمنى بەر.

تىترەپ تۇرغان قوللار بوۋاقنى ئاستا قولىغا ئالدى. ھالسىرىغان تەن بوۋاقنى ئاستا باغرىغا باستى. گەز باغلىغان ، ئاچچىق تاماكا ھىدى كېلىدىغان لەۋلەر بوۋاقنىڭ مەڭزىگە ئاستا سۆيدى...نىمە دىگەن تەسىرلىك كۆرۈنۈش، نىمە دىگەن مېھرىبان دادا، نىمە دىگەن ئۇلۇغ مۇھەببەت؟؟؟...سەلىمەنىڭ ئازاپلىنىپ تۇرغان يۈرىكى سۆيۈنۈپ كەتتى. دادىسىنىڭ قۇچىقىغا شوخلۇق قىلىپ گۇگۇلدىۋاتقان ئوغلىغا قاراپ ياشلىق كۆزلىرىدە بەخت جىلۋىلەندى. ئۇ شۇ تاپ ئىشىك تۈۋىدە پوستا تۇرىۋاتقان ساقچىنى دىمىسە بىرىپلا ئەكرەمنى ئوغلى بىلەنلا قۇچاقلىغۇسى، ئەكرەمنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى، ئۇنى قېنىپ ـ قېنىپ سۆيگۈسى، زىندە بولغان يۈرەكلىرىگە داۋا تاپقۇسىلا بار ئىدى. ئەپسۇس، بۇ خىل ئاتىلىق مۇھەببەتنىڭ تىگىگە نىملەرنىڭ يۇشۇرۇنغانلىقىنى ئۇ ئەسلا بىلمەيتتى .

ـ سىنى، ئوغلۇمنى بەك سېغىندىم. كۆزۈمگە سۈرتكىدەك بولدۇم.

ـ مەنمۇ شۇ ئەكرەم، لېكىن باشقىلارنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتقاچقا خالىغانچە بىر يەرگە بېرىشىم بەك تەسكەن. قەلبىمدە سىزنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنۇتمىدۇم.

ـ بىر ئايمۇ يۇقاپ كىتەمسەن سەلىمە، مىنى بۇنداق قىينىما.

ـ ئۇنداق دىمەڭ ئەكرەم، شۇ تاپ كۆڭلۈم بەك يېرىم . بۇنىدىن كىيىن سىزنى چۇقۇم ھەپتىدە بىر يوقلاپ تۇرىمەن.

ـ بولسا چۇقۇم شۇنداق قىل.

ـ ئەكرەم ، قارىسام ھالىڭىز بارغانسىرى ناچار . بۇ يەرنىڭ تاماقلىرىغا كۆنەلمىدىڭىزمۇ نىمە؟

ـ ياق ، تاماقلىرى يامان ئەمەس.

ـ ئەمىسە نىمە بولدى؟ بىرەر ئىغىر كىسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالمىغانسىز؟

ئەكرەم سەلىمەنىڭ جىددىيلەشكەن تۇرقىغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆيۈنۈشلىرى شۇنچىلىك سەممىي ئىدى. ئەكرەم ئۇچۇن ھەممىنى تەقدىم قىلىشقا ، ھەر قانداق مۇشكۇلاتنى يېڭىشكە، ئۇنىڭ خوشاللىقى ئۇچۇن ئازاپ چىكىشكە رازىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. ئەكرەم بىر پەس كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ خىيال قىلغاندىن كىيىن، ئازاپلىق دەرت تارتقان ئادەمدەك ئىغىر ئۇھسىندى.

ـ نىمىنى دەرسەن سەلىمە. مەن راستىنلا ئىغىر كىسەلگە مۇپتىلا بولدۇم.

ـ نىمە؟ ...نىمە كىسەلگە؟ـ جىددىيلەشكەن سەلىمە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەكرەم ئەندىككەندەك ئىشىك تۈۋىدىكى نۆۋەتچى ساقچىغا قاراپ قويۇپ، سەلىمەنىڭ ئالدىغا تېخىمۇ يېقىن كىلىپ ئولتۇردى.

ـ بولدى ئولتۇرىۋال. جىددىيلەشمە،ـ ئەكرەم ناھايىتى پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى.ـ ساڭا دىسەم يەنە شۇ <ئاق> نىڭ خۇمارى تۇتتى. شۇ كىسەل مىنى مۇشۇنداق قىلىپ قويدى.

ـ توۋا دەڭ ئەكرەم، ئالدىنقى قېتىم «بىر قېتىم چەككەندىن كىيىن قەتئىي تاشلايمەن، ئۆزەمنى قەتئىي ئۆزگەرتىمەن» دەۋاتاتتىڭىز. قېنى ئۇ ۋەدىلىرىڭىز؟

ـ بوشراق سۆزلە بوشراق. چەكمەيمەن دەپلا چەكمەيدىغان ئىش بولسا مەن ئاللىبۇرۇن تاشلىغان بولاتتىم. لىكىن مەن شۇنچە ئىرادە قىلسامۇ ، بۇنىڭ خۇمارى ئادەم ئىرادىسىگە باقمايدىكەن. سەن چۇشەنمەيسەن سەلىمە. سەن ئالدىنقى قېتىم ئەكىلىپ بەرگەن تاماكىنى چەككەندىن كىيىن

باشقىچىلا روھلىنىپ، ئوگشۇلۇپ قالغان ئىدىم. لېكىن 1 ھەپتە ئۇتە-ئۆتمەي يەنە مىنى ساراڭ قىلىۋەتتى. بەك قىينىلىپ كەتتىم. بەدەنلىرىمنىڭ ئاغرىشىغا بۇ دۇنيانىڭ ئاغرىقلىرى توغرا كەلمەيدۇ . 1 ئايدىن بىرى ئۇ نەرسىگە زار بولدۇم زار. ئاشۇ نەرسىنى بىر چېكىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوقتەكلا بۇلۇپ كەتتىم. ئەسەبىلىشىپ كەتتىم.

-نىمە دەيدىغانسىز ئەكرەم، مىنى قورقۇتماڭ. بۇ يەر زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنى بولغاندىكىن پايدىلىق دورا-ئۇكۇللىرى باردۇ؟

-بار. كۈندە يەيمىز، سالىمىز... لېكىن ئۇ بىزدىكى خۇمار ئالدىدا ھېچنەرسىگە دال بولمايدۇ. پەقەت ئاشۇلا بىزگە ئاراملىق بېرىدۇ، نىرۋىلىرىمىزنى تىنچلاندۇرىدۇ. بىلەمسەن سەلىمە، بىر ئايدىن بىرى سىنى كۈتۈپ ساراڭ بۇلاي دىدىم، ساراڭ...

- بىلىمەن، سىز مىنى سېغىندىڭىز. لېكىن مەن بەك خىجىل.

- توغرا، سىنى بەك سېغىندىم. «نىجاتكارىم قاچان كېلىدىكىن » دەپ يۇلۇڭغا قاراپ كور بۇلۇپ قالغىلى تاس قالدىم. بىلەمسەن، پەقەت سەنلا مىنى مۇشۇ ئازاپلاردىن، ئاغرىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسەن. ماڭا خوشاللىق ئاتا قىلالايسەن.

ھاياجانلىنىپ تۇرغان سەلىمە ، ئەكرەمنىڭ كىينكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ نىمشقىدۇر ئويلۇنۇپ قالدى. <نىمە ئۈچۈن > دىگەن سۇئال بەلگىسى كۆز ئالدىدا بىر دۇۋە پەيدا بولدى.

-مەن قانداقسىگە سىزنى بۇ ئازاپلاردىن قۇتقۇزۇپ قالىمەن ئەكرەم؟

-ئەلبەتتە قۇتقۇزۇپ قالىسەن، جاپا چېكىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. ساڭىمۇ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن بالا بېقىپ تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى قىلىش تەسكە توختايدۇ. لېكىن مەن ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم بەدەل تۆلە. ماڭا يەنە شۇ <ئاق>تىن بىر ئاز ئەكىلىپ بەر. پەقەت مۇشۇ بىرلا قېتىم...بولامدۇ سەلىمە؟

نىمە؟-سەلىمە يۇغان ئېچىلىپ قالغان ئېغىزىنى قولى بىلەن تۇسۇپ، نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئەكرەمگە تىكىلدى. بارغانسىرى ھالسىزلىنىۋاتقان بەدىنى، سۇلىشىۋاتقان مەيدىسى بىر پەس تىترەپ كەتتى. - راسلا ساراڭ بولۇپ قاپسىز، راسلا...بۇ دىگەن دورا ئەمەس زەھەر ، بىلەمسىز زەھەر...

ئەكرەم شۇنچىلىك بىچارە ھالدا سۇلغۇن كۆزلىرىنى سەلىمەدىن

قۇچىقىدىكى بوۋاققا ئاغدۇردى . بوۋاقنىڭ يۇمران قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ساقال باسقان زەئىپ چىرايىنى بوۋاقنىڭ مەڭزىگە ياقتى. ئۇ ئاستا كۆزلىرىنى يۇمۇپ بالىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

ـ راس بالام، مەن ساراڭ بولدۇم. سەن ئوغلۇمنى دەپ ساراڭ بولدۇم. ئاپاڭ مىنى يوقلاپ كەلمىگەن بولسا، سىنىڭ ھاياتلىق خوشخەۋىرىڭنى ماڭا يەتكۈزمىگەن بولسا، ئۆز يىلتىزىمنى ، ئۇرۇغۇمنى ، قىنىمنى بىلمىگەن بولسام، سىنىڭ كەلگۈسىڭ ئۈچۈن ئۆمۈتكە تولمىغان بولسام...بۇ ھاياتنىڭ ماڭا نە كېرىكىدى...مەن ئاللىبۇرۇن ھاياتتىن ئۈمۈت ئۈزگەن، ئازاپلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، ئۇلۇم بۇسۇغىسىدا تۇرۇپ ئويلانغان. ...لېكىن سەن ئوغلۇم ئۈچۈن ئازاپلىنىشقا رازى بولۇپ كەلدىم. مۇشۇ يەردىن چىقىپ كەتسەملا ، ھەقىقى ئادەم بولۇپ سىنى باغرىمغا باسسام، ساڭا ئاتىلىق مۇھەببىتى بەرسەم، ئاپاڭ بىلەن سىنى بەختىلىك قىلسام...دىگەنىنلا ئويلۇدۇم. لېكىن ئاق خۇمارىغا چىدىيالمىدىم بالام، پەقەت چىدىيالمىدىم. ئۇلۇم بىلەن سەن ئوتتۇرىسىدا تەمتىرەپ قالدىم. لېكىن بالام بىلەمسەن ، سەن ئۈچۈن يەنىلا ياشىشىم كېرەك. سەن ئۈچۈنلا....ـئەكرەم بالىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى چىڭ يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ياشلار قايەردىن كەلدىكىن چاناقلىرىدىن پاتماي ئېقىشقا باشلىدى. سەلىمەنىڭ بايىقى ئاچچىقى نەلەرگىدۇر يۇقالغان بولۇپ، ئورنىدا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالغان ئىدى . ئەكرەمنىڭ كىچىك بالىدەك ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىشىغا قاراپ يۈرىكى پۇچۇلۇنۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئىچ-ئىچىدىن ھىسداشلىق قىلدى. ئۇنىڭ پۇتۇنلەي ئۆزگەرگەن ئاتا ئوبرازى يۈرىكىنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كەتتى...

ـ بولدى ئەكرەم، بولدى يىغلىماڭ. ئەختەمجان قورقۇپ كەتمىسۇن. يىغلىسىڭىز مىنىڭ يۈرۈكۈمۇ تەڭ يىغلايدىكەن.

ـ بىلەمسەن سەلىمە، مىنىڭ ۋاقتىممۇ بارغانسىرى ئاز قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردىن چىكەتسەملا چۇقۇم ئۆزەمنى ئوڭشايمەن. لېكىن بۇ يەرە ئازاپلىرىمغا ئازاپ قوشۇلۇپ تۈگۈشۈپلا كەتتىم. بىلىسەنغۇ، مەن ئەسلى بۇنداق ئەكرەم ئەمەس ئىدىم. قېنى ئاشۇ مىنىڭ قامەتلىك جىسمىم، شوخلۇقۇم؟... ھەممىسى مۇشۇ نەرسىنىڭ كاساپىتى. مەن ئۇنى تىللاپ تۇرۇپ يەنە سېغىنىمەن. جىسمىم ئۇنىڭغا كۆنۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ لەززىتىگە كۆنۈپ قاپتۇ. مەن تاشلاشقا تىرىشىۋاتىمەن. لېكىن بىلەمسەن ئۇنىڭغا ۋاقىت كىتىدىكەن . ھېلىمۇ بىر ئاي

بەرداشلىق بىرەلىگىنىمگە ھەيرانمەن...بۇ پەقەت سەن ۋە بالامنىڭ ئىلھامى...

- لېكىن ئەكرەم . ئەمدى مەن سىزگە ئەكىلىپ بىرەلمەيمەن. ھەم ئەكىلىپ بەرگۈدەكمۇ مەندە ئىقتىسات يوق. ئوغلىمىز ئۈچۈنمۇ قۇۋەتلىك ئوزۇقلۇقلارنى ئېلىپ بىرەلمەيۋاتسام مەندە يەنە نىمە ئامال بار دەيسىز ؟

-بۇنى بىلىمەن. سەنمۇ كۆپ جاپا چەكتىڭ. لېكىن مىنى ئويلا سەلىمە. مىنىڭ ئازاپلىرىمنى ئويلا. مەن بۇ يەردە تىخىمۇ تۈگۈشۈپ كەتسەم قانداق بولىدۇ؟ تاساددىپى بىر ئىش بولۇپ قالسا، سەن ۋە ئوغلۇمغا قانداق يۈز كىلىمەن. مىنىڭ چىققاندىن كىيىنكى سىلەرنى بەختتە ئىرىشتۈرۈش ئارزۇيۇم نەلەردە قالىدۇ؟...مىنىڭ ھازىر سەندىن باشقا يېقىن ئادىمىم قالمىدى. ماڭا پەقەت سەنلا كۈيۈنىسەن. سەنلا ئىلھام بىرىسەن. شۇڭا بۇدا پەقەت بىرلا قېتىم ياردەم بەر. پەقەت بىرلا قېتىم. بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالسۇن. مەن ئەمدى قەتئىي ئىرادە بىلەن بۇ نەرسىنى ئىغىزىمغا ئالمايمەن...

- لېكىن ئەكرەم، بۇ بەك قىممەت نەرسىكەن. مەن ئەمدى كىمدىن پۇل سورايمەن، كىمگە يالۋۇرىمەن. يا بۇ ئۇرۇمچىدە مىنىڭ باشقا ئۇرۇق-تۇققىنىم بولمىسا...

- ئامال ئىزدىسەڭ چىقىپ قالىدۇ سەلىمە. سەن چوقۇم ئامال قىلالايسەن.

-قېنى سىز دەڭە ئەكرەم. مەن قانداق ئامال قىلىمەن؟

-بەك پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالمىساڭ ، ئالدىنقى ئادەملەرنى يەنە ئىزدە. < ھازىر يېنىمدا پۇل يوق، پۇلنى كىيىنكى قېتىم ئالغاچ كىلەي> دىسەڭ قالغىنىنى ئۇلار ئۆزى بىلىدۇ. ئۆزى ئامالىنى قىلىدۇ. پەقەت سەن ئازراقلا جاپا چىكىسەن شۇ...

ئەكرەم قۇچىقىدىكى بالىنى سەلىمەگە ئۇزاتقاچ ، قانداقتۇر بىر شۇملۇق يىغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن سەلىمەنىڭ كەيپىياتىغا سەپ سېلىپ ئۈلگۈردى. ئۇ ئۆز مەنپەتى ئۈچۈن سەلىمەنى دوزاخ ئوتىغا تاشلاشقا ئورۇنىۋاتقانلىقىدىن ھەرگىز ئەپسۇسلىنىدىغانلىقى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شىرىن-شىكەر سۆزلىرى ئارقىلىق بۇ ساددا قىزنى بويسۇندۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ نەزرىدە بىشىدىن نۇرغۇن قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزگەن سەلىمە يەنىلا مەكتەپتىكى سادىدىلىقى بىلەن ياشاۋاتاتتى. ئەكرەمگە ئاجايىپ

ئۇمۇت بىلەن ئىشىنىۋاتاتتى...

سەلىمە ئەكىرەمگە يا «ياق»، يا «ماقۇل» دەپ جاۋاپ بەرمەي گاڭگىراش ئىچىدە ئاستا خوشلاشتى، ئۇ كۆڭلىدە «مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئۆز-ئۆزىگە خىتاپ قىلغان بولسىمۇ، ئەكرەمنىڭ تەلمۈرۈش ئىچىدە قالغان نۇرسىز زەئىپ كۆزلىرىگە قاراپ يەنىلا ئىچى سىرىلدى. سىرتقا چىققان سەلىمە شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. سىرتتىمۇ يامغۇر، كۆزلىرىدىمۇ يامغۇر، يۈرىكىدىمۇ يامغۇر... ھەي ئاشۇ يامغۇرلار ئۇنىڭ بارلىق دەرت-ھەسرەتلىرىنى پاك-پاكىزە يۇيىۋەتسىچۇ، بارلىق كەچمىشلەرنى ئۇنتۇلدىرىۋەتسىچۇ؟ ...سەلىمە ئامالسىز بىر بىنانىڭ ئالدىغا كىلىپ يامغۇردىن دالدىلىنىشقا مەجبۇر بولدى. قولىدىكى بوۋاقنىڭ تۇگۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تامغا يۆلۈنۈپ زوڭزۇيۇپلا ئولتۇردى. ئەمدى بۇ نىمە كۈن ، نىمە قىسمەت؟... ئۇنىڭ ئۇمۇتلۇك كەلگۈسى ئاستا-ئاستا خىرەلىشىۋاتاتتى، بۇ يولغا مېڭىشىنىڭ ئۆزىگە ياخشى كۈن بەرمەيدىغانلىقىنى ئۇ بىلىپ يەتكەن ئىدى. پۇل بولسىغۇ كارايىتى چاغلىق. لېكىن پۇل بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ توغرا ، زەھەر دىگەن نەرسىگە ئەمدى قەتئىي يېقىن يۇلىماسلىقى، ئۇنداق نىجىس يەرگە ئەمدى قەتئىي بارماسلىقى كېرەك. ئەكرەم ئېھتىياجلىق نەرسىنى تاپالمىغاندىكىن، ئۇنىمۇ ئىككىنچى يوقلاپ بارماسلىقى ، ئۇنى قەلبىنىڭ ئەڭ تىگىگە دەپنە قىلىۋېتىشى كېرەك...لېكىن سەلىمە يەنە ئويلۇنۇپ قالدى. ئۇ مەندىن نەپرەتلەنسىچۇ؟ مىنىڭ ئۇمۇتلىرىمنى يەردە قويدۇڭ، مىنى تاشلىۋەتتىڭ، يۈز ئۆرۈدۇڭ دەپ ئاغرىنسىچۇ؟ ئۆزى ۋە بالىسىنى بىراقلا تاشلىۋەتسىچۇ؟...سەلىمەنىڭ بېشى قېتىپ كەتتى. تۇلىمۇ يېتىمسىرىدى، پۈتۈن دەرتلىرىنى ئاشۇ ئاجىز يۈرىكىدىن ، كۆز يېشىدىن ئالماقچى بولغاندەك بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، يامغۇرنىڭ مۇزدەك سۇغۇقىدا بەدەنلىرى دىر-دىر تىترەيتتى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەن سەلىمە بىر كىچە كىرىپىك قاقمىدى. نىمشقىدۇر بالىسى بىئارام بولۇپ بىر كىچە قىزىپ چىقتى. ئۇ ئويلاندى. قانداق قىلىش كېرەك؟ دىگەن سوئال مىڭىسىنى ئاغرىتىۋەتتى. ئالدىنقى قېتىم خانىمدىن پۇل سوراپ بولدى،ئەمدى يەنە پۇل سوراشقا يۈزى يوق... تۇرۇپلا ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇشۇ ئۆيدىن پۇلغا يارىغۇدەك بىر نەرسە ئېلىپ سېتىش

خىيالى كەلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خانىمنىڭ ئىسىل ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلىرى، ئالماس ئۈزۈكلىرى...<يالت> قىلىپ ئۆتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى قورقۇپ يۈرىكىنى تۇتۇپلا قالدى. «ياق، ياق...ھەر گىز ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. بۇ ئۆيدىكىلەر ماڭا شۇنچە غەمخورلۇق قىلىۋاتسا، ماڭا ئىشىنىۋاتسا مەن قانداقمۇ ئۇلارغا خائىنلىق قىلاي...» . سەلىمە تۇرۇپ يەنە دىلنازنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى، سېخىيلىقى، ئاقكۆڭۈللىكىنى ئويلاپ قالدى. تىلىۋۈزۈردىن ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە ھاياجانلىنىپ كېتەتتى، ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنەتتى، ئۇ دىلنازنى ئىزدىسە چوقۇم ئۆزىگە ياردەم بىرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن يەنىلا بۇ ئاچچىق كەچمىشلىرى بىلەن ئۇنى ئىزدىگۈسى كەلمىدى. «يەنە شۇ ئەكرەم ئۇچۇن پۇل سوراپ كەلدىم، ئۇنىڭغا زەھەر ئېلىش ئۇچۇن پۇل تېپىشىم كېرەك. ماڭا ياردەم بەر» ...دەپ بارامدۇ؟... دىلناز ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتسىمۇ لېكىن ئەكرەمگە ھەرگىز ئىچ ئاغرىتمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر پۇڭمۇ بەرمەيدۇ...سەلىمە خىياللار ئىچىدە بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇنىڭغا شۇ تاپ ئاشۇ نەس باسقان ئادەملەر قېشىغا بېرىشتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلاتتى.

ئەتىسى زور غەيرەتكە كەلگەن سەلىمە بالىسىنى باغرىغا باسقىنىچە ئالدىنقى قېتىم كەلگەن تار كوچىغا كىرىپ ، زەي پۇراپ تۇرىدىغان بىر كونا ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپلا تۇراتتى. بۇ يەردىن قۇرۇق قول قايتىپ كېتەرمەنمۇ دىگەن سوئال ئۇنى قىينايتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئىشىكنى دوغۇلاققىنا بىر ئەر كىشى ئاچتى-دە، سەلىمەنىڭ تۇرقىغا باشتىن -ئاخىر قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:

- بىرەرسىنى ئىزدەمسىز؟

-ھە، مىنى سادىر ئاكام ئىبەرتكەن. ئالدىغان بىر نەرسە بار ئىدى.

-كىرىڭ،-ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا ئىشارە قىلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىتىپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدى . سەلىمە قورقۇنۇش ، ئەندىشە ئىچىدە ئىچكىرگە كىردى. دەل ھېلىقى كۆزلىرىدىن شەھۋەت چىقىپ تۇرىدىغان، سىمىز ، شاپ بۇرۇت ئادەم ئۇستەلگە يۆلۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكەچ تىلىۋۈزۈر كۆرىۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئاچچىق تاماكا ۋە ئىسپىرت پۇرىقىغا تولغان بولۇپ، دىماقنى ئېچىشتۇرۇپ ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتاتتى. سەلىمە كىرىپ ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا قاتتىق ھۆتۈلۈپ كەتتى. بالىسىدىن ئەنسىرىگەندەك

يـۆگەكتە بالىســنىڭ ئېغىـز-بـۇرنىنى تۇسـۇپ قويـدى. ھېلىقـى شـاپ بـۇرۇت سەلىمەگە تىكىلىپ نىمىشقىدۇر لەۋلىرىنـى بوشـقىنا يـالاپ قويـۇپ ئىرەنسـىزلا سورىدى.

- ھە خان، كەپقاپسىزغۇ؟

- شۇ، شـۇ...سـادىر ئاكـام ئـىبەرتكەن ئـىدى. ئالـدىنقى قېتىمـدىكى نەرسىدىن ئازراق ئالاي دەپ...

- ھە، تەييارلىق پۈختىدۇ؟

- ھە، ياق...راست گەپنى دىسەم ئاكا، مەن بەك ئامالسىز ئالـدىڭىزغا كىلىپ قالدىم. ھازىر يېنىمدا پۇل يوق. ئەكرەم «سـادىر ئاكـام ئـىبەرتتـى دەپ بارساڭ شۇلار ئامالىنى قىلىپ بىرىدۇ» دىگەنتى..

- نىمە؟ ئەكرەم دىگەن كىم؟

- شۇ، شۇ...مىنىڭ يولدۇشۇم،- سەلىمە شۇنداق دىدىيۇ ئۆپكىـدەك قىزىرىــپ كەتتــى. ئـۇ ئالدىــدىكى تىلىۋۇزۇرغا قـاراپ كـۆزلىرى ئويناقشــىپ كىتىۋاتقان شاپ بۇرۇتلۇق ئادەمدىن كۆزىنى ئاستا ئەپقاچتى.

- كاسـاپەت، ئەجەپ خۇيلـۇق نىمـىدە بـۇ. ئـۆزى تېخـى چىرايلىـق، ئاۋازى تېخى يېقىملىق، ئادەمنىڭ جىنىنى ئېلىپ جاڭگالغا تاشـلايدىغان. بىـر كىچە قوينۇمغا تىقىپ يېتىۋالسام ئارمىنىم يوقتى جۇما...

سـەلىمە شـاپ بۇرۇتلـۇق ئادەمنــىڭ گەپلىرىــدىن قورقـۇپ لاغ-لاغ تىترەپ كەتتى. «تۇۋا، ئەمدى بۇ نىمە كۈن ماڭا، ئەمـدى نىـمە قىسمەتلەرگە ئـۇچرارمەن...» دەپ كـۆڭلى بەكمـۇ يېـرىم بولـدى. ئـۇ قورقـۇنچ ئىچىــدە ئالدىدىكى ئادەمگە يىلىنىش ئىچىدە قاراشقا مەجبۇر بولـدى. لـېكىن ئـۇ ئـادەم سەــلىمەگە ئەمەس، ئالدىـــدىكى تېلىۋۇزۇرغـا قــاراپ خۇمــارلىق كــۆزلىرىنى ئوينۇتۇپ ساقال بۇرۇتلىرىنى ئاجايىپ ھەۋەستە سىلىۋاتقان بولۇپ، سـەلىمەمۇ كۆزلىرىنى ئاستا تىلىۋۇزۇرغا ئاغـدۇردى. تـوۋا، تېلىـۋۇزدا ئاجايىـپ چىرايلىـق ياســانغان، كۆزلىرىــدىن نـۇر يېغىــپ تۇرىــدىغان بىــر پەرى-دوسـتى دىلنـاز سـەنئەت كىچىلىكىــگە رىياســەتچىلىك قىلىۋاتــاتتى. ئـۇ يەنــىلا شـۇنچىلىك جەزبىدار، شۇنچىلىك شوخ ئىدى. ئۇنىڭ يۈركى <قـارت> قىلىـپ بىـر ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى. ئۇ گەرچە شاپ بۇرۇتنىڭ ئۆزگە ئەمەس دىلنازغا گەپ قىلغـانلىقىنى بىلىـپ كـۆڭلى ئارامىغـا چۈشـكەندەك قىلغـان بولسـىمۇ، نىمىشقىدۇر يەنىلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، يۈرىكىگە يىغا ئۇلاشتى.

ـتوغرا ئاكا، ئەجەپ بىر نازىنىن جۇما ئۇ. سىلىگە بىر كىچە توغرىلاپ بەرگەن بولسام ئارمىنىم يوقتى ...ـھېلىقى دوغۇلاق كىشى خوشامەت ئىچىدە سۆز قاتتى.

ـقېنى خان، ئەمدى گېپىمىزگە كىلەيلى، يولدىشىڭىز كۆڭلۈمنى چۈشۈنىدىكەن دىسە... پۇل بولمىسا نىمىگە ئالاي دەپ ئويلاۋاتىسىز...

ـ شۇ...پۇلنىڭ پەقەت ئامالىنى قىلالمىدىم. بۇدا بىر قېتىم نىسىگە بىرىپ تۇرغان بولسىڭىز، كىيىن چۇقۇم تۆلۈق قايتۇراتتىم...

ـھا،ھا،ھا...ـشاپ بۇرۇت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە مەسخىرىمۇ، مۇغەمبەرلىكمۇ باردەك قىلاتتى. ـنىسىگە؟...نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن خان. ئۆزىڭىزمۇ خېلى تەيىيارلىق بىلەن كەلگەندەك قىلىسىز. قېنى بۇياققا كىلىڭ.ـ ئۇ سەلىمەنى ئاستا يېنىغا تارتتى.ـنىمە دەپ بۇ يەرگە بالا كۆتۈرۈپ كىلىسىز. گۇۋاچى بولۇپ بەرسۇن دىگەنمۇ يە؟... ھا، ھا، ھا...

سەلىمە قاڭسىق ھاراق ھىدىدىن سەسكىنىپلا كەتتى. شاپ بۇرۇتلۇق ئەرنىڭ بىمەنە سۆزلىرى يۈرىكىنى تىلىپ ئۆتتى. بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە پۈتۈن بەدىنىگە تىترەپ ئۇلاشتى. ئۇ شاپ بۇرۇتتىن ئۆزىنى ئاستا قاچۇرۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

ـجېنىم ئاكا، مەن خوش بۇلۇپ كىتەي، پەقەت مۇشۇ بىرلا قېتىم ياردەم بىرىڭ. پەقەت مۇشۇ بىرلا قېتىم.

ـبولىدۇ تاتلىق سىڭلىم. ھېلىغۇ بىر قېتىمكەن، سىز ماقۇللا دىسىڭىز نەچچە ئون قېتىم ياردەم بىرىشكە رازىمەن.ـھاراقنىڭ كۈچىدىنمۇ ياكى ئەسەبى ھىسياتىنىڭ كۈچىدىنمۇ شاپ بۇرۇتنىڭ قاپقارا يۈزلىرىگە قىزىللىق يۈگۈردى، بۇيۇن تومۇرلىرى ئاستا ـئاستا كۆپۈپ ھاسىراپ كەتتى. ئۇ سەلىمەگە تىخىمۇ چىڭ چاپلىشىپ قاپقارا تۈكلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى قۇچاقلىدى.ـ قېنى تېز بولۇڭ جېنىم...

ـياق، ياق...ـسەلىمە ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ قۇچىقىدىكى بالىسىنى تىخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى. كۆزلىرىدىن ياشلار مۆلدۈردەك تۆكۈلدى. ـئۇنداق قىلماڭ ئاكا، مەن بۇ يەرگە پەقەت سىزدىن ياردەم تىلەپ كەلدىم. ھەرگىز باشقىچە نىيەتتە ئەمەس...

ـياردەم؟...ياردەم دىگەن ئۆزـئارا بولىدۇ. نەدە قۇرۇق رەخمەتكە

مۈشۈك ئاپتاپقا چىقىدىغان ئىش بار. سىز مىنى قاندۇرۇپ قويىسىگىز، سىز ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە دېگەن مانا...- شاپ بۇرۇت يانچۇقىدىن بىر بولاقنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە پاققىدە تاشلىدى.- قىنى ، ئەمدىغۇ رازى بولارسىز...

-ياق، ياق...بۇ نەرسىگە ئېرىشمىسەممۇ مەيلى، ماڭا لازىمى يوق. لېكىن ماڭا ئۇنداق پوخورلۇق قىلىسىگىز بولمايدۇ ئاكا . مەن بۇ يەرگە تىنىمنى ساتقىلى كەلمىدىم. خۇدا ئۇ كۇنلەرگە ھەرگىز نىسىپ قىلماس...خۇدا ھەققى ، ئۇنداق قىلماڭ جېنىم ئاكا...-سەلىمە بىر بۇلۇڭغا نىختىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئاللىبۇرۇن بىر قىسىم شۇملۇقلارنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق بۇلارنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە ھەقىقەتەن ئېزىپ كېلىپ قالغانلىقىنى كىچىككىنە ھىس قىلىۋاتاتتى. بۇنداق رەزىل سودىنى قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر قانداق پەسكەش ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق ئويلىمىغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ تاپ ئەكرەم ئەمەس، ھېلىقى <ئاق> مۇ ئەمەس، پەقەت مۈشۈ يەردىن ساق-سالامەت قۇتۇلۇپ كېتىشلا بار ئىدى. ئۇ بىر ھازا ھۇدۇقۇش ئىچىدە تۇرغاندىن كېيىن يىغلاۋاتقان بالىسىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئاستا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

-نەگە؟...- شاپ بۇرۇت بىلەن ھېلىقى دوغىلاق ئەر تەڭلا سەلىمەنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى. - ئۇنداق ئاسان قۇتۇلىدىغان ئىش يوق. بىز سىنى بۇ يەرگە چىللاپ كەلمىدۇق، ئۆزۈڭ ئالدىمىزغا كەلدىڭ، بىزدىن ياردەم تىلەپ كەلدىڭ، ئەمدى بىزنىمۇ رازى قىلىپ ماڭمىساڭ بولماس،-شاپ بۇرۇت سەلىمەنى كۆچەپ كارۋات تەرەپكە ئىتتىردى. - تۇرغۇن ، نىمىگە قاراپ تۇرىسەن بىرىپ قولىدىكى بالىنى ئال...

سەنتۈرۈلۈپ كارۋاتقا ئۈگدىسىغا چۈشكەن سەلىمە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى، - خۇدا ھەققى ئاكىلار ئۇنداق قىلماڭلار، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، مەن دېگەن بىر ئانا، مىنى باشقا بۇزۇق قىزلارغا ئوخشاتماڭلار...مىنى كەتكىلى قويۇڭلار...

دوغىلاق ئەر كىلىپلا سەلىمەنىڭ قولىدىكى بوۋاقنى كۈچەپ يۇلۇپلا ئالدى، ئۇ بوۋاقنىڭ يىغىسىغا قارىماي ئۇنى بىر بۇلۇڭغا <پاققىدە> قويدى. سەلىمە بالىنى چىڭ تۇتىۋېلىپ شۇنچە تىركەشكەن بولسىمۇ ، لېكىن

بارغانسىرى ھالسىزلىنىۋاتقان جىسمى بەرداشلىق بىرەلمىدى. سەلىمە كارۋاتتىن تەستە قوپۇپ شاپ بۇرۇتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى.

ـ ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، مەن پەقەت يولدىشىمنىڭ «ئۇلار ئۆزلىرى ئامالىنى قىلىپ بىرىدۇ» دىگەن گىپىگە ئاساسەنلا بۇ يەرگە كەلگەن. بولدى، ماڭا ئۇ نەرسە لازىم ئەمەس، لازىم ئەمەس...

ـ يولدىشىڭ بەك ئەقىللىق ئىكەن. راستىنلا ئەقىللىق...مانا ئامالىنى قىلىۋاتىمىزغۇ...بولە تىز بۇنداق مىشىلداپ ئولتۇرماي، دەرھال كىيىملىرىڭنى سال. شۇ تاپ تاقىتىم تاق بولۇپ كەتتى. ئۆزەڭ ئالدىمغا كىلىپ ھىسياتىمنى قوزغاپ قويىدۇڭ...بولە قانجۇق...ـ شاپ بۇرۇت تىزلىنىپ ئولتۇرغان سەلىمەنى بىر كۈچ بىلەنلا يەردىن قومۇرۇپ ئالدى دە، كارۋاتقا تاشلىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپ كۆزىگە ھىچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ھاراقنىڭ كۈچىدىن ئەقلىنى يوقۇتۇپ قويايلا دەپ قالغان بولۇپ، قوزىتقان شەھۋانى ھىسياتى ئارام بىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆينىكىنىڭ تۈگمىسىنى يەشمەيلا ئىككى تەرەپكە قاتتىق تارتىپ <پاراسلىتىپ> سۆكتى دە، ئىيىقتەك قاپقارا تۈكلۈك مەيدىسى بىلەن سەلىمەنىڭ ئۈستىگىلا ئىتىلدى.

ـ ياق، ياق...ـ سەلىمەنىڭ ئاۋازى پۈتۈن ئۆينى بىر ئالدى، بۇلۇڭغا تاشلانغان بوۋاقمۇ بۇ ئاۋازدىن قورقۇپ قىقىراپ يىغلاپ كەتتى. ـ ئۇنداق قىلماڭ جىنىم ئاكا ، مەن خوش بولۇپ كىتەي، مىنىڭ پاك جىسمىمنى بۇلغىماڭ...خۇدا ھەققى...

ـ ئۇنىۋىڭنى ئۈچۈر قانجۇق، چىرايلىق گەپ قىلسام ئۆزەڭنى بىلمىگەندىكىن مانا ئەمىسە...ـ سەلىمەنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغان شاپ بۇرۇت ئۇنىڭ كۆينىكىنى سالدۇرۇشقا تۇتۇندى، تىنى ۋىجىك كەلگەن سەلىمە ئۈستىگە مىنىۋالغان كالىدەك ئىغىر تەنگە بەرداشلىق بىرەلمەي ھاسىراپ كىتىۋاتاتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ مىڭىسى چاراسلاپ كۆيىۋاتاتتى، پۈتۈن بەدىنىنى تۇمەنمىڭ زەھەرلىك چايان چىقىۋاتاتتى، پىشانىسىدىن تاراملاپ ئىقىۋاتقان ئاچچىق تەر كۆز ياشلىرىغا قۇشۇلۇپ قۇلاقلىرىغا سىڭىپ كىرىۋاتاتتى. ئۇ بار كۈچى بىلەن يۇلقۇناتتى، بۇ مەلئۇنىنىڭ ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا ، ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتمەسلىكىگە تىرىشاتتى. بۇلۇپمۇ ئاشۇ نارىسىدە بالىسى ئالدىدا مۇشۇنداق ئىغىر گۇناھ ئىشتىن بىرنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆكۈنەتتى. ئۇ بىر

تەرەپتىن قىقىراپ يىغلاۋاتقان بالىسىغا قارىسا، بىر تەرەپتىن ئۈستىدىكى ئاچكوز مەخلۇقنى يىلىناتتى.

-مىنى قويۇۋېتىڭ، مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كىتەي، مىنى دەپسەندە قىلماڭ، نارىسىدە بالامنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ....

-مانا ئەمىسە، - شاپ بۇرۇت سەلىمەنىڭ كۆينىكى زەرپ بىلەن يىرتىپ تاشلىدى، ئۇنىڭ ئاپئاق مەيدىسىگە قاراپ ئاجايىپ ھەۋەس بىلەن تويماق قاراپ، بازغاندەك تۈكلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇجىدى، - خېلى پەيزىڭ باركەن ئەمەسمۇ، ئۇنداق تىركەشمە، مەنمۇ سىنى ئوبدانلا رازى قىلالايمەن...-ئۇ شۇنداق دىدى دە، سەلىمەنىڭ يىغىدىن نەملەنگەن يۈزلىرىگە ئەسەبىلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى.

ئېغىزلىرىغا كىرىپ كىتىۋاتقان قاپقارا تۈكلەردىن سەسكەنگەن سەلىمە ئاجىز ئىڭراپ كەتتى. ئاچچىق تاماكا ۋە قاڭسىق ھاراقنىڭ ھىدى ئاچكۆز لەۋلەردىن پۈتۈن تىنىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇ بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ قۇتۇلۇشقا ئورۇنغان بولسىمۇ ، ئاجىز جىسمى پەقەت بەرداشلىق بىرەلمىدى. شاپ بۇرۇتنىڭ قاپقارا يۇڭلۇق مەيدىسىنى چىڭ قامالىغان قوللار ئاستا-ئاستا بوشاشقا باشلىدى. شاپ بۇرۇت ئۇنىڭ ئاستا ئۆزىنى تاشلاپ بىر نوقتىغا قاراپ يېتىشىنى كۆرۈپ ، تەسلىم بولغانلىقىنى بىلگەندەك بولدى-دە، قولىنى ئۇنىڭ يوپكا ۋە كالتا ئىشتىنىغا ئۇزاتتى. سەلىمە ئۆزىنى توختىماي سىلاۋاتقان يىرىك قوللارغا قاراپ بىر پەس جىمجىت ياتتى، يوپكىسى سىلىنىپ بولغۇچە ئۈن-تىنمۇ قىلمىدى. قارىماققا ئۇ بۇ رەھىمسىز رىئاللىققا يۈزلەنگەندەك، ئۆزىنى شاپ بۇرۇتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغاندەك قىلاتتى. كاللىسى قۇپ-قۇرۇق ، نىرۋىسىدىن ئاداشقان ئادەمدەك تۇرۇسقا تىكىلىپ قالغان ئىدى. ئاپئاق كۆكسى شاپ بۇرۇتنىڭ ھايۋانى نەپسىنى تېخىمۇ قوزغاپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا لىغىرلاپ تۇراتتى. شاپ بۇرۇت ھاسىراپ تۇرۇپ كەمىرىنى بوشاتتى دە، ئىشتىنىنى پەسكە سىرىپ قويۇپ، سەلىمەنىڭ كالتا ئىشتىنىغا قولىنى ئۇزاتتى.

-ياق، ياق...- سەلىمە تۇيۇقسىز ھوشىغا كەلگەن بىماردەك ئەسەبىلەرچە ۋارقىراپ كەتتى، بېشىنى شۇنچىلىك تىزلىك بىلەن كۆتۈردى دە، كالتا ئىشتىنىغا قول ئۇزاتقان شاپ بۇرۇتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن

ئىتتىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقلارچە بۇنداق كۈچ ۋە غەيرەتكە كىلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئوگدىسىغا يىقىلىپ چۈشكەن شاپ بۇرۇتقىمۇ، ياندا تەمتىرەپ ھجىيىپ تۇرغان دوغىلاق ئەرگىمۇ قارىماستىن ئۇستەل ئۈستىدىكى ھاراق بوتولكىسى ئالدى-دە، ئۇنى كۈچەپ ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىگە ئۇردى.

سەلىمە قولىدىكى ھاراق بوتولكىسىنىڭ تىغدەك بىسلانغان سۇنۇق پارچىسىنى كۆكرىكىگە تىرەپ تۇرۇپ ئەسەبىلەرچە ۋارقىراپ كەتتى. -مىنى دەرھال قويىۋىتىش، دەرھال...بولمىسا سەندەك ئىپلاسلارنىڭ ئالدىدا ھازىرلا ئۆلۈپ بىرىمەن. سەندەك مەلئۇنلارنىڭ ئايىغ ئاستىدا دەپسەندە بولغۇچە ئۆلگۈنۈم ئەۋزەل...

شاپ بۇرۇتنىڭ كۆزلىرىدىكى بايىقى شەھۋەتلىك نۇرلار نەلەرگىدۇر يوقالغان ئىدى. ئۇ ئالدىدىكى پەقەت كالتە ئىشتان بىلەنلا، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە خۇددى ساراڭلاردەك ۋارقىرىۋاتقان سەلىمەگە قاراپ ھودۇققىنىچە تۇرۇپلا قالدى . ئۇ ھازىرغىچە ئالدىغا كەلگەن قىزلار ئىچىدە بۇنداق بىر قىزنى ئۇچراتمىغان، ھەممىسىنى رازى قىلىپ ئۇنىڭ تىنىگە ئىرىشىپ ، خالىغانچە ئەيشى-ئىشرەت قىلىپ كەلگەن. ئۆزىنىڭ نەپسىنى خالىغانچە قاندۇرغان، نۇرغۇن قىزلار ئۆز رايىشى بويىچە بۇ قاپقارا تۇكلۇك گەۋدىگە سۈركۈلۈپ ئۇنى خوش قىلغان... لېكىن بۈگۈنكى بۇ قىز ھېچكىمگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقى كىنولاردىكى قىساسكار قانخور ئاياللارنى ئەسلىتەتتى. ھەممە نەرسىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزگەن ئايال ئۆلۈم ئالدىدا مەردانە تۇرغاندەك ، نەپرەتلىك كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىپ ياۋۇزلارچە قارايتتى. شاپ بۇرۇتنىڭ تۇرۇپلا تىنى شۈركەنگەندەك بولدى. راستىنى دىسە ئۇ سودىسى كۈندىن-كۈنگە راۋاج تېپىۋاتقان بۇ ئۆيدە قان ئېقىشنى خالىمايتتى. ئۆزىنىڭ قاتىل بولۇپ، باسقۇنچى جاللات بولۇپ تۇتۇلۇپ كىتىشىنى، ھازىرقىدەك ئوبدان سودا ۋە ئىقتىساتتىن بىراقلا ئايرىلىپ قېلىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. شۇلارنى بىر قۇر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەن شاپ بۇرۇتنىڭ بايىقى تەلۋىلىكى ئاستا-ئاستا بوشىدى. بولۇگىدىكى قىقىراپ يىغلاۋاتقان بالىغا قاراپ نىملەرنىدۇ غۇدۇڭشىدى. ئۇ پەسكە سىرىلىپ قالغان ئىشتىنىنى ئاستا يۇلدى- دە ، بىر يانغا تاشلانغان كۆينىكىنى ئۈستىگە ئارتتى. ئۇ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان يالىڭاچ بەدەنگە تويمىغاندەك بىر پەس قاراپ

تۇرغاندىن كېيىن، بۇلۇڭدا تىترەپ تۇرغان دوغىلاق ئەرگە <كەتسۇن > دېگەندەك ئىشارىنى قىلىپ ، ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

بوتولكا پارچىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇرغان قىزنىڭ قورقۇنۇچلۇق كۆزلىرىگە قاراپ تىنى شۈركەنگەن دوغىلاق ئەر ئاستا بىرىپ سەلىمەنىڭ يىرتىلغان كىيىملىرىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردى. ئالدىدىكى قىز قولىدىكى بوتولكا پارچىسىنى هازىرلا كانىيىغا سانچىۋېتىدىغاندەك ئۇنىڭدىن تىزلا يىراقلاشتى، بايىقى خوشامەتلىك چىرايى، ساختا كۈلكىلىرى، پەسكەشلىكى نەلەرگىدۇ يوقالغان بولۇپ، هاياتىدا ئۇچرىتىپ باقمىغان كۆرۈنۈشلەرگە هەيران قالغاندەك تۇراتتى. سەلىمە ۋارقىراپ ئۇن سېلىپمۇ يىغلىمىدى. ھەسرەتلىنىپ ئاھ ئۇررۇپمۇ كەتمىدى. بىر بولۇڭدا قاراپ تۇرغان دوغىلاق ئەرگە قىزارغان كۆزلىرىنى بىر پەس تىككەندىن كېيىن، ئاستا كىيىملىرىنى كەيدى. بازغاندەك يىرىك قوللارنىڭ زەربىسىدە چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتكەن كۆكسىنى بوشقىنا سىلاپ قويدى. ئۇ هارغىن قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ ، تېخىچە يىغىدىن بېسىقمىغان ئوغلىنى قۇچىقىغا ئالدى دە، ئۇستەل ئۇستىدىكى بايا شاپ بۇرۇت تاشلاپ قويغان زەھەرگە بىرپەس قاراپ قويغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر ئاچچىق ئازاپتىن ئۆرتۈنۈپ لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى . ئاجىز قىز بۇ نەس باسقان ، پەسكەش جايدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىراپ، هالسىز قەدەملىرىنى تىز-تىز يۆتكەپ، قولىدىكى بوتولكا پارچىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى...

پىيادىلىكلەر يولىدا مەقسەتسىز كېتىۋاتقان سەلىمە ئەتراپىدىكى هېچنەرسىگە دىققەت قىلمايتتى. ئىچىدە ئاچچىق ئازاپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەتتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. ئۇ گەرچە بۇ مۇدھىش رىئاللىقتىن قۇتۇلغان، مەلئۇنلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن جىسمى ئەلەم ئىچىدە كۆيەتتى. لەختە-لەختە بولۇپ كەتكەن يۈرىكى شۇنچىلىك ئاجىز سوقاتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغان ، كۆزلىرىدە لىق ياش لىغىرلاپ تۇرغان، كۆينىكى يىرتىلىپ ئاپئاق كۆكسى ئاندا-مۇندا كۆرۈنۈپ قالغان سەلىمە ئەتراپتىكى ئۆزىگە هەيرانلىق بىلەن قاراۋاتقان نۇرغۇن كۆزلەرگە ئۇۋەن قىلماي مېڭىۋەردى . ئۇلارنىڭ <ساراڭمۇ نىمە؟> دېگەن گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا قورسىقى

ئېچىپ توختىماي ئىگراۋاتقان بوۋاقنى ئىمىتكۈدەكمۇ ھالى قالمىغان ئىدى. ئۆزىمۇ ھەم ئوغلىنى ئاشۇ ئىپلاس قاپقارا تۇكلۇك قوللار شەھۋەت ئىچىدە مۇجۇقلىغان كۆكسى بىلەن ئىمىتىشىنىمۇ خالىمايتتى. ئوغلىنىڭ ئاشۇ پەسكەش ھايۋانىنىڭ ھىدى سىڭگەن ئەمچەكتىن ئۇزۇق ئېلىپ ، پۇتۇن جىسمىنى ، قان -تومۇرلىرىنى ئۆمۈرلۈك بۇلغىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ھارغىن قەدەملەر بىلەن كىتىۋاتقان سەلىمە بايامقى قورقۇنۇچلۇق مەنزىرلەرنى ئويلاپ تۇرۇپلا يىغلاپ كەتتى، نىمجان قەلبى ئەكرەمدىن قاتتىق نەپرەتلەندى، ئۇنىڭ <ئازراقلا جاپا چىكسەن شۇ...> دىگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى. <ئۇ زادى مىنى ، بالامنى ياخشى كۆرەمدۇ -كۆرمەمدۇ؟ مىنى مۇشۇنداق جايغا پۇلسىز ئىبەرتىشى زادى نىمە ئۈچۈن؟> دىگەن سۇئاللار ئىچىدە قىينالدى. ئازاپ ئىچىدە كىتىۋاتقان سەلىمە ئەتراپىدا <ساراڭ خۇتۇن، ساراڭ خۇتۇن ...> دەپ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان بىر قانچە كەپسىز باللارغا قاراپ نىمە دىيىشىنى بىلەلمەيلا قالدى، ئۇلاردىن بىرى تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ كەلدى دە، ئۇنىڭ كوينىكىنىڭ پىشىنى تارتىپ قويۇپ قېچىپ كەتتى، بىرى يولدىكى قۇرۇق سۇليو بوتولكىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى...سەلىمە بۇ ئازاپلارغا پەقەت بەرداشلىق بىرەلمىدى، باللارنىڭ مەسخىرىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئەكرەمنىڭ قىلغان -ئەتكەنلىرى، ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ھايۋانى قىلىقلىرىدىن ئازاپلىنىپ ئۆرتۈنۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق كۈنلەرگە مۈپتىلا بولۇپ قېلىشىنى ئۆزىنىڭ ساددىلىقى، دۆتلىكىدىن كۆرگەندەك ئاجىز قوللىرى بىلەن يۈزۈكىگە مۇشتلاپ يىغلاپ كەتتى.

ئادەملەر توپى ئىچىدە ئاجىز قەدەملەر بىلەن ئۆيگە كىتىۋاتقان سەلىمە، ئۆزى بىلىپ-بىلمەي <زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنى> قاراپ بۇرۇلدى. ئۇ شۇ تاپ ئەكرەمگە دەردىنى تۆكمەكچىمۇ، ئۇچرىغان كۇلپەتلىرىنى سۆزلىمەكچىمۇ، ياكى ئۇنى تىللاپ ئۆچىنى ئالماقچىمۇ...بىلىپ بولغىلى بولمايتتى. بەلكىم بۇ كۇلپەتلەرنى ئاڭلىسا ئەكرەمنىڭ ھىسداشلىقىغا ئىرىشەر، ئەكرەم ئەمدى ئىككىنچى ئۇنى بۇ يولغا باشلىماس، ئۆزىمۇ ئىككىنچى بۇ زەھەرنى چەكمەس، تاشلاشقا، ياخشى ئادەم بولۇشقا ئىرادە قىلار...

ساقچىنىڭ <ئايالىڭ سىنى يوقلاپ كەپتۇ> دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەكرەمنىڭ چىرايىغا ئالەمچە كۈلكە يۈگۈردى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئانچە ـ مۇنچە نۇر پەيدا بولدى. ساقچىنىڭ گېپى ئۇنىڭ قۇلىقىغا <ئايالىڭ ھىلىقى ئاقنى ئېلىپ كەپتۇ> دېگەندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاجىزلاپ كەتكىنىگە قارىماي كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى دە، كۆرۈشۈش ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ بەكمۇ خوشال ئىدى، مەيلى قانداق ئىش بولسىدىن قەتئىينەزەر ئۇ بۈگۈن ئەڭ ئۇلۇغ لەززەتكە ئېرىشىدۇ، ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ، ئەركىن قۇشتەك كەڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلىدۇ... كۆرۈشۈش ئۆيىگە ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلگەن ئەكرەم كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ كەلگەن يېرىدە توختاپلا قالدى. ئالدىدا سەلىمە ئەمەس باشقا بىر نىرۋىسىدىن ئاداشقان ئايال تۇراتتى. تۇرقى نىماندىغ غەلىتە، يۈزىدىكى كۆك نىمىدۇ؟...چىرايى، كۆزلىرى نىمانداق قورقۇنۇچلۇق؟..ئەكرەم قىسىق كۆزلىرىنى يۇغان ئېچىپ ھودۇققۇنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـ سەلىمە، سەلىمە....

سەلىمە سۈكۈت ئىچىدە ئۆرە تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپمۇ، بىچارىلىكمۇ بار ئىدى. قۇچىقىدىكى يىغىدىن ھالسىرىغان بوۋاق ئېچىرقىغان پېتى ئۇيقىغا كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىمۇ ياش تامچىلىرى تۇراتتى . ئەكرەم سەلىمەنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتىيۇ، لېكىن سەلىمەنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تىنى شۈركەنگەندەك بولۇپ ئاستىلا قولىنى تارتىۋالدى.

ـ سەلىمە، ساڭا زادى نىمە بولدى، مىنى تولا ئەنسىرەتمەي دىسەڭچۇ؟ھالىڭغا قاراپ يۈرۈگۈم ئېچىشىپ كەتتى مىنىڭ...

ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان سەلىمە يەنىلا بەرداشلىق بىرەلمىدى. ئەكرەمگە قاراپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىدا ئازاپمۇ، پۇشايمانمۇ، ئۆچمەنلىكمۇ باردەك قىلاتتى.

ـ مەن ھېچنەرسە ئەكىلەلمىدىم ئەكرەم، ھېچنەرسە...

ـ نىمىشقا ئەمدى؟ـ ئەكرەم جىددىيلەشكەندەك بولدى. ئۇ سەلىمەنىڭ ھالىغا قاراپ <بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ئەكەلدى> دېگەن

يەكۈنگە كەلگەن ئىدى.
ـ نىمىشقا؟...نىمانداق بىمەنە سوئال بۇ ...پۇل بولمىسا مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدىكەن بۇ جاھاندا...قېنى دەڭە ، سىز ماڭا كۈكۈل بۆلگەنمۇ؟ ماڭا ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بەرگەنمۇ؟ يا ماڭا بىرەر قىممەتلىك نەرسىنى ئۆتكۈزۈپ قويغانمۇ؟...
ـ يا...ق...ياق...لېكىن مەن سىنى چۇقۇم ئەكىلىدۇ دەپ ئىشەنگەن ئىدىم.
ـ ئەكىلىدۇ؟...بىلەمسىز ئەكرەم سىز مىنى قانداق جايغا باشلىدىڭىز؟ قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلدىڭىز؟ سىزنىڭ مەقسىدىڭىز زادى نىمە؟...قېنى ماڭا بىر دەڭە...
ـ مەن سىنى قەيەرگە باشلاپتىمەن، سىنى ھەل قىلىپ كىتەلەيدۇ دەپلا قارىغان شۇ...
ـ نىمىنى ھەل قىلىپ كىتىمەن. مەندە ئۇنچىلىك قىممەتلىك نەرسىنى سېتىۋالغۇدەك نىمە بار؟...بۇنى ئويلىمىدىڭىزما؟
ـ ساڭا زادى نىمە بولدى سەلىمە، ماڭا بىر دىگىنە. بىرەر كىلىشمەسلىككە ئۇچرىغان ئوخشىمامسەن؟ـ ئەكرەم مۇشۇنداق بولۇشىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەن بولسىمۇ لېكىن ھىچ نەرسىنى ئۇقمىغان قىياپەتتە سوئال سورىۋاتاتتى.
ـ نىمە بولاتتى ئەكرەم؟ سىز دىگەن يەر ئادەملەرنىڭ ماكانى ئەمەس ئىپلاسلارنىڭ ماكانىكەن. سىز بىلەمسىز ، مەن شۇ يەرگە بېرىپ نىمە كۈننى كۆرۈپ كەلدىم. نىمە قىسمەتلەرگە ئۇچرۇدۇم؟....ـ بۇقۇلداپ يىغلىۋاتقان سەلىمە توختىماي ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتتى، ئۇنىڭ قەلبى شۇ تاپ ئازاپتىن پارتلاپ كىتىدىغاندەك قىلاتتى. ـ پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالماي تەۋەككۈل قىلىپ ئۇ يەرگە بېرىپتىمەن. لېكىن ئۇلار مىنى پەسكەش قىز قاتارىدا كۆرۈپ ماڭا چېقىلماقچى بولدى، «پۇل بولمىسۇ كۆڭلىمىزنى خوش قىلىپ قويسىڭىز ئۇ نەرسە سىزدىن ئايلانسۇن» دەپ ئالدىمغا تاشلىدى. مەن شۇنچە يالۋۇردۇم، خۇدانى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ تىزلىنىپ يىلىنىدىم. لېكىن ئۇ ئەبلەخ مىنى بەك خارلىدى، مىنىڭ ئىززىتىمنى يەكسان قىلماقچى بولدى. مىنى ئانىدىن تۇغما قىلىۋەتتى.ـ ئۇكۇنۇش ئىچىدە چىدىيالمىغان سەلىمە ئاخىرى ئاۋازىنى قويىۋېتىپ يىغلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى ئۆيىنى

بىر ئالدى، نۆۋەتچى ساقچى ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بىرىپ قويغاندىن كىيىن ئاستا ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ـ ھە، ئاخىرىچۇ؟...ـئەكرەم تېخىمۇ جىددىيلەشكەندەك قىلاتتى.

ـمەن بەك خورلۇق ھىس قىلدىم ئەكرەم، بەك خورلۇق ھىس قىلدىم. ئۆزەمنىڭ بىتەلەيلىكىدىن كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. قىنى دەڭە، مەن ئۇچرىمىغان ئاشۇ كۈن قالغانمۇ ئەمدى؟...مەن ئاخىرى بوتولكا پارچىسىنى كۆكرىكىمگە تەڭلەپ «ئۆلىۋالىمەن» دەپ تەھدىت سالدىم. شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانمىسام قەتئىي بولمايتتى. ئۇلار مىنى چۇقۇم دەپسەندە قىلاتتى...

ـ ھە، كىيىن قانداق بولدى؟

ـئۇلار مىنىڭ روھى ھالىتىمگە قاراپ ئاستا بوشىدى، مىنى قويىۋەتتى، مەن ئاۋاپ ، خورلۇق ئىچىدە ئۇ يەردىن قىچىپ چىقتىم....ـ يۈرىكىدىكى ئەلەم-ھەسرەتنى باسالمىغان سەلىمە ئۇغلىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى يىغىسى ئۇرۇمچىنىڭ باھاردىكى قاتتىق يامغۇرلىرىدەكلا توختىماي تۆكۈلەتتى.

ـ<ئاق>نى چۇ؟ ئۇنىمۇ ئالغاچ كەلگەنسەن؟

ـ نىمىنى ئەكىلىمەن، ئاشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇ نىجىس نەرسىنى كۆتۈرۈپ كىلىمەنما؟ سىزگە زادى مىنىڭ پاكلىقىم، ئىتىقادىم كېرەكمۇ ياكى ئاشۇ زەھەر كىرەكمۇ؟...

ئۆزى بىر ئايدىن بىرى سارائگىلاردەكلا ئارزۇ قىلغان نەرسىدىن ئۈمۈدى ئۈزۈلگەن ئەكرەم ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى. سەلىمە <ئاق>نى ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈن بىكىرەك بولغان جىسمى ۋە بالىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا قاتتىق غەزىپى كەلدى. ئۇزىنىڭ رەزىل پىلانلىرىنىڭ بىتچىت بۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، سەلىمەنىڭ ئۇ يولغا قەتئىي ماڭمايدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كىيىن ، ھەممە نەرسىدىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولدى.

ـ ھەي ،سەلىمە، يېنىڭدا پۇل بولمىغاندىكىن مەن ئۈچۈن بىرەر قېتىم ئىتىقادىڭدىن ۋاز كىچىپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟ ئالدىڭغا تاشلاپ بەرگەن ئاشنى يىيەلمەي كىلىپسەن مانا...ئىست...

ـ نىمە؟ نىمە؟...ـسەلىمەنىڭ ئاۋازى بۇغۇلۇپ كەتتى، قولىدىكى بوۋاق تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس-تاس

قالـدى. ئۇنـىـڭ چانـاقلىرى چـوڭ-چـوڭ ئېچىلىـپ، ئالدىـدىكى ئەكـرەمگە ھەيرانلىق ، ئېچىـنىش ئىچىـدە قاراپ كەتتـى. - نـىمە دەۋاتـىسىز، يەنە بىـر دەڭە؟...

-سەندىكى نىمە پاكلىقتى ئۇ؟...بىـرەر قېتىم كـۆزىڭنى يۇمۇۋالساڭ ئۆلۈپ قالامتىڭ...

-تـوۋا خـۇدايىم ، تـوۋا...سىـز ئەكرەممـۇ يـاكى باشـقا بىـر ئادەممۇ؟...نىمە دىگىنىڭىز بۇ؟ بىلەمسىز، مەن سىز ئۈچۈن ،بـالىمىز ئۈچـۈن مۇشۇنداق قۇربانلارنى بىرىۋاتىمەن. كەلگۈسىدىكى بەختىلىك ئائىلىمىز ئۈچۈن مۇشكۇللەرنى يېڭىپ كىلىۋاتىمەن.

- ئېيتە سەلىمە، مىنىڭ خوشاللىقىم ئۈچۈن قۇربان بەرگـۈڭ يوقما؟ بىر -ئىككى قېتىم قىلىپ قويساڭ چۈشۈپ قالىدىغان دەسمى بارمىدى سەندە؟

-ئىپلاس ئەبلەخ،-سەلىمە زوڭزۈيۈپ ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقماق چاققاندەك بولدى. ئېڭىدىكى تۇتـۇق تۇگۈنلەر يۇرىغاندەك، بارلىق چىگىش سوئال جاۋاپقا ئىرىشكەندەك بولدى. ئۇ شـۇ تـاپ ئەكرەمنىـڭ ھەققـى ئەبتـى بەشرىسـىنى، <سـۆيدۈم، كۆيـدۈم...> دەپ قىلغـان يالغـان-ياۋىـداق سـۆزلىرىنى چۈشـۈنۈپ يىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس ھايۋان ئىكەنلىكىنى، مەڭگۈ ئىنسان قېلىپىغا كىرمەيـدىغان رەزىـل جـاللات ئىكەنلىكىـنى بىلىـپ يىتىۋاتـاتتى. سـەلىمەنىڭ ئويلىغانسىرى قەلبى تېخىمـۇ ئازاپلانـدى، ئـۆتكەن كـۈنلەر كـۆز ئالدىـدا قايتـا زاھىـر بۇلـۇپ، ئۇمـۇت ئىچىـدە تارتقـان كـۇلپەتلىرى نەتىجىسـىزلا كۇپـۇككە ئايلىنىپ كىتىۋاتقاندەك بولدى . ئۇنىڭ لەۋلىرى دىر-دىر تىترەپ ، چىشلىرى چاكىلـداپ كەتـكەن بولـۇپ، نەپرەت ۋە لەنەتـكە تولغـان كـۆزلەر ئالدىـدىكى نىجىـس مەلئۇنغـا مىختـەك تىكىلـگەن ئىـدى. - ھـۇ ئـادەم ئەمەس ھـايۋان، ئىشەك. پەسەندە....

-ئېغىزىڭنـى يـۇم قـانجۇق، ھېلـى بىكـار ئـادەم بولغىنىڭغـا تويغۇزىۋىتىمەن... مىنى نىمە كۆرۈپ قالدىڭ سەن، مەن سەندەك بىـر بـۇزۇق ،شەرمەندە بىلەن تـوي قىلىمەنما، ئـائىلە قۇرىمەنما؟...ئاۋۇ كۇچۇكۇڭنىـڭ كىمنىڭ سۇدىكىدىن بولغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟...

-نىمە؟ سەنمۇ ئـادەممۇ ھە، ئىـست سـاڭا قىلغـان ئەقىـدەم ، سـەن ئۈچـۈن چەكـكەن رىيـازەتلىرىم...سـىنى تـۇرمىگە كىرگەنـدىن كـىين ئـادەم

بولغاندۇ؟ ئۆزگەرگەندۇ؟ تۈۋبە قىلغاندۇ؟...دەپ ئويلاپتىكەنمەن ، سىنىڭ شىرىن-شېكەر سۆزلىرىڭگە ئىشىنىپتىكەنمەن. ئىست ، ئەسلى ئادەم ئىچىدىن چىققان بىر ئىپلاس مەرەزكەنسەن، مەرەز...

-يوقال قانجۇق..- ئەكرەم مۇشتىنى كۆتىرىپ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا سەلىمەنى چاپاپ پۇركىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئەسەبىلەشكەن رەزىل كۆزلەر ئىچىدە يەنە قانداقتۇر قەست ۋە ئىپلاسلىقلار يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. -سىنى شۇ نەرسىنى ئەكىلىپ بىرەر دىمىگەن بولسام قانداق قىلاتتىم ساڭا يالۋۇرۇپ هە. تېخى پاكلىقىم، ئىتىقادىم...دىيىشلىرىڭ . كىم بىلىدۇ، كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ، ماۋۇ كۈچۈكۈڭنى بېقىش ئۈچۈن قايسى كىر پۇرايدىغان بەدبۇيلارنىڭ قوينىدا ياتتىڭ؟ قايسى شەھۋىتىنى باسالماي قالغان لۈكچەكلەر بىلەن ئېغىز بۇرۇن يالىشىپ يۈردۈڭ؟... تېخى مەن ساڭا ئىشىنىمەنما... ئۇخلاپ چۈشۈڭ...

دىر-دىر تىترەپ تۇرغان سەلىمە ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلگەن ئەكرەمدىن قورقۇپ قالمىدى. ئۇ ئەكرەمنىڭ كۆزلىرىگە غەزەپ ، نەپرەت بىلەن جالالەتتەك قادالدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ بارلىق ئۈمۈت-ئارزۇلىرى يوقالغان، بۇ هايۋاندىن پۈتۈنلەي ئۈمۈدىنى ئۈزگەن ئىدى. قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئوتقا ئىتتىرىۋاتقان ، ئۆزىنىڭ خوشلۇقى ئۈچۈن ئانا-بالىنى ۋەيران قىلماقچى بولغان زەهەرخەندە ئەبلەختىن قاتتىق يىرگەندى. ئۆزىنىڭ ساددىلىقىغا ، ئاجىزلىقىغا ئېچىندى. بولۇپمۇ ئۆز بالىسىنى كۈچۈككە ئوخشىتىۋاتقان، پاكلىقىغا قارا چاپلىۋاتقان، بەختىنى ۋەيران قىلىۋاتقان قانخور ئالۋاستىدىن مەڭگۈلۈك نەپرەتلەندى.

-تۈفى....- سەلىمەنىڭ ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىققان ئاپئاق بۇژغۇنلۇق تۈكۈرۈك ئەكرەمنىڭ يۈزلىرىگە چاچرىدى، ئەكرەم ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە سەلىمەنىڭ يەنە بىر تۈكۈرۈكى كۆزىگە كىرىپ كەتتى. - هۇ جاللات ، قاراقچى ...ئادەم ئەمەس ئىت... خۇدايىم جاجاڭنى بىرىپ مۇشۇ يەردىلا جېنىڭنى ئالغاي، خۇدايىم شۇ زەهەرنىڭ خۇمارىدا ئۇزاق قىينىلىپ ئۆلەرسەن. بولسا بوگۈنلا ئۆلۈم خەۋرىڭنى ئاڭلارمەن ئىلاهىم...نىرى تۇر ئەبلەخ....- سەلىمە بىر قولىدا گاڭگىراپ قالغان ئەكرەمنى كۈچەپ ئىتتىردى-دە، لاغ-لاغ تىترىگەن پېتى ئۆينىڭ ئىشىكىنى <جاڭڭىدە> يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇمۇت ـ ئارزۇلىرى كىرەكسىز ئەينەك پارچىسىدەك چۇل ـ چۇل بولغان سەلىمە بىر تالاي ئاچچىق ھەسرەتنى يۇدۇپ چىقتى. بۇگۈنكى خورلۇق، بۇلۇڭمۇ ئەكرەمنىڭ ئەپتى ـ بەشرىسى ئالدىدا ئۇنىڭ تارتقان بارلىق دەرت ـ ئەلەملىرى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى. ئۇ بۇگۈن ئەكرەمنىڭ ھەقىقى ئەپتى ـ بەشرىسىنى كۆرۈپ يەتتى، ئۇنىڭ قۇۋلۇقىنى، رەزىللىكىنى كۆرۈپ يەتتى. بىر قېتىم ئالدانغان قەلبنىڭ يەنە بىر ئېغىر ئالدىنىشقا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى... ئۇ تۇرۇپلا بۇ ھاياتتىن بىزار بولدى ، ئادەملەرنىڭ رەزىللىكىدىن قاتتىق ئاغرىندى. ئۆزىنىڭ تېخىمۇ تەنھا، تېخىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى. <بۇ ھاياتنىڭ ئەمدى ماڭا نە كېرىكى؟ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئادەم ئالىلبۇرۇن ئۆلدى، ئۇ ئۆزىنىلا ئەمەس، مېنىڭ روھىمنى ئۆلتۈرىۋەتتى. ئەمدى مەن بۇ ھاياتتىن يەنە نېمە كۈتىمەن، نېمە خوشاللىق تاپىمەن؟ مەن يەنىلا بىرلا يولنى تاللىشىم كېرەك...پەقەت شۇ ئۆلۈم يولىنى تاللىشىم كېرەك. ئەسلىدە مۇشۇ نارىسىدە تۇغۇلمىغان ۋاقتىنلا بۇ يولنى تاللىغان بولسام بوپتىكەن، ئۇنىڭغا بىر تالاي ھەسرەتلەرنى يۇدكۈزۈپ قويمىسام بوپتىكەن. بولدىلا ئۇنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتەي...> سەلىمە ئاخىرى ئاشۇنداق يەكۈنگە كەلگەندەك بولدى. بەلكىم ئېغىر ئازاپقا دۇچار بولۇپ چىقىش يولى تاپالماي قالغان ئادەملەر شۇنداق ئويلىشى مۇمكىن، ئۇلۇمنى ئەڭ ئاخىرقى چىقىش يولى قىلىپ تاللىۋېلىشى مۇمكىن. سەلىمەمۇ دەل ئاشۇنى تاللىدى. كاللىسى ئازاپ ۋە ئېغىر سۇئاللار دەستىدىن قاتتىق چىڭقىلىپ كەتتى، يۈرەكلىرى ئەلەم بىلەن يېرىلىپ كەتكۈدەك تىترىدى...

بىر ھازا دىلىغۇللۇق، ئۇكۇنۇش ئىچىدە ياش تۆككەن سەلىمە، قۇچىقىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا قاراپ كۆزىگە يەنە لۆممىدە ياش ئالدى. يۇرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئاشۇ ئوغلىنىڭ ھاياتىنى، كەلگۈسىنى تارتىپ تۇراتتى...« بۇ نارىسىدە نېمە گۇناھ، ئۇنىمۇ ئۆزەمنىڭ ئازاپلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرىۋالسام بولامدۇ؟ ...ياق،ياق...ئۇلۇم ھەرگىزمۇ ئاقىلانە تاللاش ئەمەس، ئۇ ئاجىزلارنىڭ يۇلى...مەن ئەمدى ئەقلىمنى تېپىشىم كېرەك، مەن ئەمدى ئادەمدەك ياشىشىم كېرەك، ھاياتنى قەدىرلىشىم كېرەك، ئوغلۇمنى دادىسىدەك ئەمەس ھەقىقى ئادەمدەك تەربىيەلىشىم كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن يەنىلا ھايات بولۇشۇم، ئۇنىڭغا ئەجىر سىڭدۇرۇشۇم، ئۇنى بىر قوللۇق

تەربىيەلەپ چىقىشىم كېرەك...ئەمدى مۇشۇ ئوغلۇمدىن باشقا مەن ئارزۇ قىلغۇدەك خوشاللىق ھەم بەخت قالمىدى. ئوغلۇمنىڭ تىنىقى، كۈلكىسى مىنىڭ بەختىم. ئەمدى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ياشاي، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن...» سەلىمە يىغىدىن ئىششىغان كۆزلىرىنى نارىسىدە بوۋاقتىن ئاغدۇرۇپ پېتىۋاتقان قۇياشقا تىكتى. ئۆزىنىڭ بەختىمۇ ، خوشاللىقىمۇ شۇ قۇياشتەكلا زىمىنغا سىڭىپ كىتىۋاتاتتى. قۇياش ئەتە قايتىدىن تۇغۇلىدۇ، ئالتۇنرەڭ نۇرىنى تەبىئەتكە چاچىدۇ...لېكىن سەلىمىنىڭ بەختى، مۇھەببىتىچۇ؟... ئۇ ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن. مەڭگۈ ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچماسلىقى مۇمكىن، قۇياشتەك نۇر چېچىپ جۇلالانماسلىقى مۇمكىن... لېكىن ئۇ تىرىششى كېرەك، يېڭى قۇياشنى كۈتىۋېلىشى كېرەك، ئۇنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە باغلىق، ھەر قانداق بىر مەغلۇبىيەت بىر مۇۋەپپىقىيەتنىڭ باشلىنىشى. ئادەم مانا مۇشۇ خىل ئىدىيەدە ياشىشى، ئىزدىنىشى، ئۇمۇتۋار بولىشى كېرەك...ئۆي تەرەپكە قاراپ خىيالدا مېڭىۋاتقان سەلىمە تۇرۇپلا غەيرەتكە كىلىپ تېز-تېز قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

قاراڭغۇ كىچىدە ئۆيگەقايتىپ كەلگەن سەلىمە خانىم ۋە ئەپەندىمنىڭ، باللارنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىمايلا ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ خانىمنىڭ بىر تالاي سۇئاللىرىغا < مجەزىم يوق بۆلۈپ قالدى ئاچا...> دەپلا جاۋاپ بىرىپ ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلىدى. ئۇ ئۆمچۈيۈپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كىيىن ئۆزىگە زۆرۈر لازىمەتلىكلەرنى، پارچە-پۇرات پۇللارنى يىغىشتۇرۇپ، بوقچىسىنى تەييار قىلدى. ئاچ قوساقلا مۇنچىغا كىرىپ مۇزدەك سۇنى شاقىرىتىپ قويۇپ قانغۇچە يويۇندى، ھېلىقى ناكەس ئەبلەخنىڭ تېنى تەككەنلىكى يەرنى نەچچە ئون رەت سۇپۇنلاپ يۇيۇپ چىقتى. ئۇ قەلبىدىكى پۈتۈن ئازاپنى، خورلۇقنى سۇ بىلەنلا يۇيۇپ چىقىرىۋېتىشكە تىرىشقاندەك ئۇزاقتىن-ئۇزاق يۇيۇندى. قەلبىدە ئاللادىن ئۆزىگە پاكلىق، سالامەتلىك، گۈزەل كەلگۈسى تىلىدى، ئاللادىن ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھلىرىغا، ئازغان يوللىرىغا خەيرىخاھلىق تىلىدى. ئۇ ئەمدى مۇشۇ پاكلىقى بىلەن يېڭى بىر قەدەمنى باشلىماقچىدەك قىلاتتى...

ئەتىسى سەلىمە بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ سەھەر ئورنىدىن تۇردى، تاھارەت ئېلىپ ئۇزاقتىن بىرى ياد ئەتمىگەن جەينامازغا چىقىپ بامدات ناماز ئۆتىدى. خۇدادىن يىغلاپ تۇرۇپ مەخپىرەت تىلىدى. ئۆزىگە يېڭى يول، يېڭى

ئۇمۇت بىرىشنى تىلىدى. ئېچىرقاپ كەتكەن ئوغلىنى پاكلانغان تىنىدە قانغۇچە ئىمىتىپ چىقتى. ئۇ ئەتىگەندە ئۆيدىكىلەرنى يولغا سىلىپ بولغاندىن كىيىن، قايتىدىن ئۆيلەرنى پاك-پاكىزە تازىلىدى، ھەممە نەرسىلەرنى جاي-جايىغا يىغىشتۇردى، گۈللەرگە سۇ قۇيدى، چۈشلۈك تاماققا ئالاھىدە تەييارلىقلارنى قىلدى. ئۇ ئىشلىرىنى تۈگۈتۈپ ئۆيگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كىيىن ، كۆڭلىدە خانىم ۋە ئەپەندىمدىن، ئۇماق ئۇكىلىرىدىن بىر تالاي كەچۈرۈملەرنى سوراپ چىقتى-دە ، بالىسى بىلەن كىچىككىنە بوقچىسىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى.

سەلىمە شەرقتىن چىقىپ زىمىنغا ئىللىق نۇرىنى چېچىۋاتقان ئەتىگەنلىك قۇياشقا بىر پەس قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ شۇ قۇياشتەك يېپيېڭى نۇرغا تولغان ئىدى. يولدا ئاستا قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان سەلىمە ئۆزى 4 يىلدىن ئارتۇق تۇرغان بۇ رەڭگارەڭ شەھەرگە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كىيىن، ئۆز-ئۆزىگە « بۇشەھەردە مىنىڭ بەختىم يوقكەن، پاكلىقىم يوقكەن، يەنە مۇشۇ شەھەردە مەن سۆيگۈمدىن، قىزلىق ئىپپىتىم ، ئانىلىق ئىززىتىمدىن ئايرىلدىم. مەن ئۇمۇت قىلغان نەرسىلەرنى شۇنچە ئىزدەپمۇ ، تىرىشچانلىق كۆرسۇتۇپمۇ بۇ چوڭ شەھەردىن تاپالمىدىم، ئەمدى بۇ شەھەردە مەن تارتىشقىدەك ھېچنەرسە يوق، ھېچنەرسە...يەنىلا ئاشۇ يىراق سەھرالار ماڭا قۇچاق ئاچىدىكەن، مىنى باغرىغا باسىدىكەن، يەنىلا ئاشۇ يەردە مۇھەببەت، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق باركەن، نامرات بولسىمۇ كۆڭلى دەرياەدەك ئەزىزلەر باركەن...» ...دەپ ئاستا پىچىرلىدى. سەلىمە ئاخىرى ئۆز-ئۆزىگە مەدەت، ئىلھام بىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆتكەن بارلىق ھاياتىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى، بۈگۈندىن باشلاپ ئاشۇ قۇياشقا ئوخشاش قايتىدىن تۇغۇلماقچىدەك قىلاتتى. سەلىمە شەرق تەرەپكە قاراپ يولنى داۋام قىلدى. ئېگىدا «خەيرى خوش ئۈرۈمچى، خەيرى خوش....» دىگەن نىدالار ئۇزۇلمەي ياڭرايتتى. ئۇ شۇ تاپ ھارارەتلىك قۇياشقا يىقىنلاشماقچى بولغاندەك ، ئۇنىڭ باھاردىكى تەپتىدىن قىنىپ ھۇزۇرلانماقچى بولغاندەك قۇياشنى بويلاپ تېز-تېز قەدەملەر بىلەن يۇرۇپ كەتتى.

ئۈرۈمچى ـ بېرىپ باقمىغانلار ئۇچۇن ئاجايىپ كاتتا بىر شەھەر، ئۇ بارلىق تەرەققىياتنىڭ مەركىزى. بارلىق مەدەنىيەتنىڭ باشلامچىسى. يىراق سەھرادىكى نۇرغۇن ئادەملەر بۇ شەھەرنى بىر كۆرۈشنى، شۇ زېمىندا ئۇزاق مەزگىل ياشاپ قېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن بۇ شەھەرنىڭ يەنىلا ئۆز يۇرتىغا، سەھراسىغا يەتمەيدىغانلىقىنى ، نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئۆز تەبىئىتىنى يوقۇتۇپ ، ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھس قىلىپ قالىدۇ.

ۋارىسنىڭ يۇرت ئاتلاپ باقمىغان ئاتا-ئانىسى بۇ شەھەرگە ئەنە شۇنداق زوق، مېھىر بىلەن كۆز تىكتى. ھەممە نەرسە ئۇلارغا غەلىتە، يېڭىلىق بىلىندى. قەۋەت-قەۋەت ئېگىز بىنالار، باش-ئايىغىنى تاپقىلى بولمايدىغان يوللار، قوڭغۇزدەك ئۇتۇشۇپ تۇرغان مىغ-مىغ ماشىنىلار، كاتتا ماگىزىن-رىستورانلار ، جەننەتتەك رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن باغچىلار، قاينام-تاشقىنلىققا تولغان كىچىلىك مەنزىرە...ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە ئۇلارغا باشقىچە شاتلىق بەردى. بىر قانچە كۈن بولسىمۇ تارتقان ئازاپلار، جاپالار ئۇنتۇلغاندەك بولدى. لېكىن مۇشۇ خىل تەرەققىياتلارنىڭ ئىچىدە سەھراغا يات بولغان بۇزۇقچىلىق، چۈشكۈنلۈك، رەزىل قىلمىشلارنىڭ بۇلۇڭ-بۇلۇڭلاردا ئوخشاشلا تەرەققى قىلىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بۇ ياشانغانلار ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

مانا ، ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ 2 ئېغىزلىق ياتاق ئۆيىگە ئورۇنلۇشۇپ ، 3-4 كۈن بازار ئارىلاپ ھاردۇقىنى چىقاردى. دىلناز ئېتىپ بەرگەن تاماقلارنى تېتىپمۇ ئۈلگۈردى. ئۇلار بۇ قىزنىڭ گۈزەللىكى، ئىسسىقلىقى، ئىشچانلىقى ئالدىدا تەمتىرەپلا قالدى. ئۇنى خۇددى نازىردەكلا كۆرۈپ، تەكەللۇپ ئىچىدە گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئارىلىقتا ۋارس دىلناز بىلەن بىرگە ئاتا-ئانىسىنى چوڭ بازارغا ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارغا مۇۋاپىق باھادا بىر قۇردىن يېڭى كىيىم ئېلىپ كەيگۈزۈپ قويدى. ئۇ گەرچە ئاتا-ئانىسىنىڭ ساددىلىقىنى ،ئەسلى تەبىئىتىنى ياقتۇرسىمۇ، ئۇلارنى مەڭگۈ ھۆرمەتلىسىمۇ لېكىن يەنىلا ئاتا-ئانىسىنىڭ نازىر ئائىلىسىگە سۆيەتلىكراق كىيىنىپ بېرىشنى ئۈمۈت قىلدى. نازىر ۋە خانىمنىڭ مەنستىمەي قېلىشىدىن، ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە تېگىدىغان گەپ-سۆزلەرنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن يەنىلا ئەنسىرىدى.

بۈگۈن شەنبە ئۇلار دىلنازنىڭ ئۆيىگە كۆرۈشۈشكە بارىدىغان كۈن. ۋارىسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تەمتىرەپ ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ تۇرسىمۇ لېكىن بارماي ئامال بولمىغاچقا ، سەھەر تۇرۇپ تەييارلىققا چۈشتى. ئاتا ساقال بۇرۇتلىرىنى بىرەر قۇر ياسىتىپ ، ئانا چاچلىرىنى يۇيۇپ قايتىدىن ئۆرۈپ چىقتى. ھەر ئىككىسى ۋارىس ئېلىپ بەرگەن يېڭى كىيىمنى كەيدى. ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئانا دىلنازنىڭ ئۆيىگە ئادىمگەرچىلىككە ئاپىرىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇندى. سەھرادا ئۆزى جاپا تارتىپ يېقىپ ئەكەلگەن بىر خون ناننى ئاۋايلاپ دوستىخانغا چەگدى. گەرچە ئۇلار نامرات بولسىمۇ لېكىن ئوغلى ئۇچۇن قونچى يانچۇقىنىڭ بىر يەرلىرىدە ساقلاپ كەلگەن ئازغىنا پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماستىن دىلنازغا بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا ياساتقان، دىلنازنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئالى دەرىجىلىك كىيىمدىن ئىككى قۇر ئالغان، نازىر ۋە خانىمغا ئاددى بولسىمۇ بىر نەرسە ئېلىشنى ئۇنۇتمىغان...مانا شۇلارمۇ كىچىك بىر چامادانغا رەتلىك تىزىلدى. ئىشقىلىپ ئۇلار بۇ ئىشقا يەنىلا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. دىمىسىمۇ بۇ توي ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۇچۇن ئەڭ چوڭ بىر ئىش ئىدى. ھەم ئۇلارنى خوشال قىلىدىغان ھەم ئېغىر غەمگە مۇپتىلا قىلىدىغان بىر مۆرەككەپ ئىمتاھان ئىدى.

ئۇلار تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ تۇرىشىغا ئىشىك چېكىلىپ ۋارىسنىڭ دوستى مۇرادىل بىلەن نەۋرە سىڭلىسى پاتىمە كىرىپ كەلدى. ۋارىسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلار بىلەن بىر ھازا قۇچاقلىشىپ ، ھال ـ مۇڭ تۆكۈشتى. پاتىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سالاملىرى ۋە خالتىلىرىنى يەتكۈزدى.

ـ مۇرادىل بالام، سەنمۇ ئۇرۇمچىلىك بولۇپ قالدىڭ مانا ،ـ ئابدۇللا ئاكا يېڭىلا قىرىلغان يۇزىگە كۇلكە يۇگۇرتۇپ ، مۇرادىلغا ھەۋەسلىنىپ ئېغىز ئاچتى.

ـ ھە ئاكا، «رىسقىم بىر يەرلەردە باردۇ؟ » دەپ چىققان ئىدىم. مانا بىر ئوبدان خىزمەتمۇ تېپىۋالدىم.

ـ ئوبدان بوپتۇ بالام. ۋارىسجاندىن ئاڭلىسام بىر گىرىم بۇيۇم شىركىتىدە مۇھىم تېخنىك بولۇپ ئىشلەۋېتىپسەن، قانداق ھال ـ كۈنۈڭ ياخشىدۇ بالام؟

ـ خۇداغا شۈكرى ئابدۇللا ئاكا. ۋارىسنىڭ سايىسى ئاستىدا خېلى

ياخشى كۆرۈن ئىلتۋاتىمەنغۇ.-ئابدۇللا ئاكا بىلەن قول سىقىشىپ تۇرغان مۇرادىل ۋارىسقا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

-نىمە دىگىنىڭ بۇ بالام. سەن دىگەن ۋارىستىن بۇرۇن كىلىپ خىزمەت تېپىۋالغان تۇرساڭ قانداقسىگە ئۇنىڭ سايىسىگە باغلىنىپ قالىسەن؟

-سىز بىلمەيسىز ئاكا، بۇچۇ «قاچان مۇرادىلنى خىزمەتتىن ھەيدەيمەنكىن، قاچان ئىشىسىز قويىمەنكىن» دەپ دائىم بىزنىڭ زاۋۇتقا بېرىپ ، مەن ئىشلىگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ ئەمەسمۇ ، مىنى كۆرمىسۇن دەيدىغان ئوخشايدۇ بۇ ئاغىنەم...-مۇرادىل ۋارىسقا قارىمايلا چاقچاقنى باشلىدى .

-نىمە؟ مەنچۇ سىنى «ساختا مەھسۇلاتلارنى تولا ئىشلەپ زاۋۇدى ۋەيران بولۇپ كەتمىسۇن، مۇنۇ ئاغىنەم ئىشسىز قىلىپ ئۇرۇمچىدە سەرگەردان بۇلۇپ قالمىسۇن » دەپ تولا بارىمەن، ئەگەر ئىشسىز قالساڭ كىلىپ ماڭا يۈك بۇلارسەن شۇ . ئۆزەمنى رۇسلاپ بۇلالماي يۈرسەم سىنى باققۇدەك ھال يوق جۇما مەندە...- ئەينەككە قاراپ چاچلىرىنى تۈزەۋاتقان ۋارس شۇنداق دىدى-دە، تارغاق بىلەن مۇرادىلنىڭ بېشىغا بوشقىنا ئۇرۇپ قويدى.

-ھا، ھا،ھا...- ئابدۇللا ئاكا كۇلۇپ كەتتى. - ئاجايىپ قىزىق باللاردە سىلەر...گەپلىرىڭلاردىنلا بىرسى-بىرسىڭلىگە قانچىلىك ئىجىللىقىڭلار چىقىپلا تۇرىدۇ...خۇدايىم ھەر ئىككىڭلارنىڭ خىزمىتىنى ئۇڭۇشلۇق، تۇرمۇشىنى بەختىلىك قىلغاي باللىرىم.

-دىگىنىڭىزدەك بولسۇن ئاكا، لىكىنزە مەن ۋارىستەك تەلەيلىك ئەمەستە، بۇ چوڭ شەھەردە ھېلىغۇ نازىرىنىڭ قىزىكەن بىرەر باققالنىڭ قىزى بىلەنمۇ يۈرەلمەيۋاتىمەن ئەمەسما، ھا،ھا،ھا....- مۇرادىل ئۆزىنىڭ چاقچىقىدىن ئۆزى زوقلانغاندەك كۇلۇپ كەتتى.

-ئۆزەڭ سۈيۈق بالاڭزا بولغاندىكىن، بىر يەردە توختاپ بۇلالمىدىڭ ئەمەسما، ئۆزەڭنى توختاتقان بولساڭ شەھەر باشلىقىنىڭ قىزىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلەيدىغان گۈي سەن...ھا، ھا،ھا...-ۋارىسمۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۇلدى.

ئىككى ئاغىنىنىڭ يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرىدىن سۈيۈنگەن ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى، سىڭلىسى ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۇلۇپ كەتتى. ئۆينى بىردەملىك كۇلكە قاپلىدى. ئاتا-ئانا بۇ يات شەھەردە ئوغلىنىڭ مۇشۇنداق بىر يۇرتلۇق ،

خۇشـــچاقچاق، ئىرادىلــــك، زۇرۇر كـــۇنلەردە پۇتىغـــا پـــۇت، قولىغـــا قـــول بولالايدىغان دوستىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى .

ـ ســـىزگىمۇ دىلنـــازدەك ئوبـــدان قـــىزدىن بىرنـــى بـــىرەر ئىلاھـــم، ئورۇمچىنىڭ ھەممە قىزلىرىنى شۇ دىلناز قىزىمدەكلا ياخشىمىكىن دەپ ئـويلاپ قالدىم، ـ ساددا ئانا كـۆزلىرىگە لۆمـدە يـاش ئېلىـپ مۇرادىلنىـڭ مەڭزىنـى سىلاپ قويدى.

ـ دىگىنىڭىـز كەلسۇن ئانـا، « غـۇرا غـۇرىنى كۆرسـە ئـالا بۇلـدۇ » دەپتىكەن، ۋارىسـنىڭ تـۇيىنى قىلىـپ مەنمـۇ تـىزلا تـوي قىلىۋالامـدىم تېخـى. كونىلارنىـڭ «قازاننىـڭ قېشـىغا بارسـاڭ قارىسـى، ياماننىـڭ قېشـىغا بارسـاڭ يارىسى يۇقار » دەيدىغان گـېپى بـاركەن. ۋارس بىـلەن جـان دوسـت ئـاغىنە بولغاندىكىن دىلناز قىزمۇ ئۆزىدەك ياخشـى دوسـتىدىن بىرەرنـى تۇنۇشـتۇرۇپ قويسـا ئەجەپ ئەمەس، قانـداق دىـدىم ئـاغىنە؟ ـ مۇرادىـل سـۆزىگە تەسـتىق ئالماقچى بولغاندەك ۋارسقا سۇئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

ـ قالغىنى ماۋۇ تويدىكى ئىپادەڭگە قارايمىز، ئاشۇنداق تامادا بولساڭ دىلناز بىلەن ئىككىمىزنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلارسەن ھە؟

ـ بـاش ئۈسـتىگە نـازىر كىيوغـۇل جانـاپلىرى....ـ يۇمۇرلـۇق مۇرادىـل ئوفىتسـىرنىڭ بـۇيرىقىنى ئالغـان ئەسـكەردەك تىـك تـۇرۇپ سـالام بىرىـپ ئۇلگـۇردى، ئۇنىـڭ قىلىقلىرىـدىن ئۆيـدىكى ھەمـمە يەنە بىـر پەس كۇلۇشـۇپ كەتتى.

شۇ پەيتتە ۋارسـنىڭ قـول تېلىفـۇنى جـىرىڭلاپ قالـدى. ئـۇ نۇمۇرغـا قاراپلا دەرھال تېلىفۇنىنى باستى :« دىلناز، مەن ....ھە، ھە. بولـدۇ. بىزمـۇ ھـازىرلا مـاڭىمىز...خـوش...» ، چىرايىـدىن ھەم ھاياجـان ھەم جىـددىلىك چىقىپ تۇرغان ۋارس ئالدىراپلا چامادانىنى قولىغا ئالدى.

ـ بولدى، باشقا پاراڭنى كىيىن قىلىۋالايلى، دىلنازنىـڭ ئۆيـدىكىلەر ساقلاپ قاپتۇ. تىزرەك ماڭمىساق بولمىغۇدەك...

ـ بولـدۇ، ھـازىرلا...ـ بىردەملىـك خوشـاللىق ھەم كـۇلكىگە جـۆر بولغان ئانىنىڭ چىرايىدا ۋارسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا يەنىلا جىددىلىك ھۆكـۈم سۈردى، ئۇنى ئەتىگەندىن بىرى قاماللاپ تۇرغان دىلغۇللـۇق، ئەندىشـە يەنە ئۆز قوينىغا ئالـدى. ئـۇ تىتـرەپ تۇرغـان قـوللىرى بىـلەن دوسـتىخانغا قـولىنى ئۇزاتتى...

ئۇرۇق تۇققانلىرى يىراق سەھرادا قالغان ۋارىسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى 3 بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاشۇنداق ئاددى سالام بىلەن چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئۆيىگە قىز سوراش ئۈچۈن ماڭىدى. ئەمىلىيەتتىمۇ مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بۇ توي ئىككى ياشنىڭ رىسقى، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ئۇلار بۇ توي ئىشىدا نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلارنىڭ، تەڭسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئوغلىنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەر قانداق ئازاپ ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كۆتۈرۈپ كىتىشكە ئاللىبۇرۇنلا بەل باغلىغان . « ھەر قانچە ياخشى، پەرىشتە سۈپەت ئاتا ـ ئانا بولسىمۇ ، قىزنىڭ بەختى ـ خوشاللىقى ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كىچىدىغان روھ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىمۇ كۆڭۈل بارده، ئۇلارمۇ ئۆز ئىززەت ھۆرمىتى بىلەن ياشىمىسا بولمايدۇ، كاتتا ئەربابلىق سالاھىيىتى بىلەن توي قىلمىسا بولمايدۇ. يەنىلا بىر يەرلەردە قاتتىق ـ قۇرۇق گەپلەر، تاراق ـ تۇرۇقلار بولۇپ كىتىشى تەبىئى...» ...ۋارىسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇلارنى ئالىبۇرۇن ھىس قىلغان، ئىدىيەسىدە ئالىبۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ قويغان. ئەمدى نازىرنىڭ كاتتا قورۇسىدا ، يوغان قورساق ئەپەندىلەر، بودەك ئىسلزادە خانىملار ئارىسىدا ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە خوشامەت بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىشى كېرەك. چۇقۇم شۇنداق قىلىشى كېرەك. بۇ دىگەن تۇرمۇش، بۇ دىگەن ھايات، ئاشۇنداق تەڭسىز ھايات...

ۋارىسنى تۈنجى قېتىم ئەيمەندۇرگەن ئىككى قەۋەت كاتتا قورۇ، چىنىدەك پاكىزە تازىلىنىپ، ئىككى تەرىپىگە ياپيېشىل چىم ياتقۇزۇلغان ئازادە ھويلا، ئىشىك ئالدىدا توختۇتۇپ قويۇلغان 3 ـ 4 تەك ئالى دەرىجىلىك ماشىنا... ۋارسنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈرىكى بۇغۇزىغا كەپلىشىپلا قالدى، ئۇلار شۇنچە ئىدىيە تەييارلىق بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، رىئاللىق ئالدىدا يەنىلا تەمتىرىدى. كۆز ئالدىغا سەھرادىكى 3 ئېغىزلىق كونا ئۆي، تۇپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان ھويلا، ئىشىك ئالدىدىكى كونىرىغان ئىشەك ھارۋىسى...پەيدا بولدى. « نىمە دىگەن زور پەرق...» ھەر ئىككى ئادەم ئوخشاشلا ئويلىدى. ئۇلار دىلنازنىڭ قىزغىنلىقىغا قاراپ باشقىچە ئەندىشىلەرنى كۆڭلىدىن يۇقۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، لېكىن ۋارىس يۇرتقا قايتقاندا سۆزلەپ بەرگەن پەرىدە

خانىمنىڭ سۆزلىرى بۇلارنىڭ كۆڭلىدىن تېخى كەتمىگەن ئىدى. ئۇلار دەل شۇ خانىمدىن قورقاتتى، گەرچە بۇ ئايالنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلىنى تىرەپ ، ئالماس ئۇزۇكلەر چاقناپ تۇرغان قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، گىرىمدىن ئاقارتىلغان يۈزلىرىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ، زەھەرلىك گەپلەرنى قىلىۋاتقان تۇرقىنى كۆز ئالدىغا تالاي قېتىم كەلتۈرگەن ئىدى...ئۇلار ھەر قانچە بىئارام بولسىمۇ، تەمتىرىسىمۇ، ئۆزىنى تۇۋەن كۆرسىمۇ، بالا ئۈچۈن ئاجىزلىقتا مەھكۇم بولغان قەدەملىرى بىلەن يەنىلا قورۇنۇش ئىچىدە بۇسۇغىدىن ئاتلاشقا مەجبۇر بولدى.

ئىشىك تۇۋىدە ئۇلار ئويلىغاندەكلا 4-5 جۈپ پوزور كىيىنگەن يۇغان قورساق سالاپەتلىك ئەرلەر بىلەن ئالاھىدە كىيىنىپ قېنىق گىرىم قىلىشقان ، چاچلىرىنى ھەر خىل بوياپ ، ھەر خىل ياسىتىۋالغان بودەك خانىملار پەيدا بولدى. ئەرلەر مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئەھۋاللاشتى، تىنچلىق سوراشتى. لېكىن ئايالالار بىر-بىرىگە قارىشىپ بىر نىمىلەرنى كۇسۇرلىشىپ ئۇلگۇردى. بەلكىم بىر چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئىشىك ئالدىغا «دوككىلا» كەلگەن ئىككى توت تال مېھمانغا قاراپ ئەجەپلەنگەندۇ؟ بەلكىم بىر نازىرنىڭ ئىشك ئالدىغا قىز سوراپ كەلگەن ئالدىدىكى سەھرا چىراي دىھقان ئايالنى مازاق قىلغاندۇ؟ ۋە بەلكىم نازىر ۋە پەرىدە خانىمنى « ئېلىشىپ قاپتۇ ، شۇنچە چىرايلىق ،بىلىملىك قىزنى ئادەم چىقمىغاندەك بىر سەھرالىققا ياتلىق قىلىدىغان بوپتۇ» دەپ ياقا چىشلەشكەندۇ؟...پەرىدە خانىم تۇرۇپلا ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى، ئۇ ئەتراپىدىكى ئاياللارنىڭ كۇسۇرلاشلىرىغا دىققەت قىلدىمۇ ،ئالدىدىكى تۇنجى دىدارلاشقان ئايال قۇدىسىغا سوغۇقلا سالام قىلدى. ئۇنىڭدىن ئانچە-مۇنچە ئەھۋال سورىغان بولدى. سەھرادىكى مېھرىبان دىلكەشلەر ئارىسىدا يۈز يېقىشىپ كۆرۈشۈشكە كۆنۈپ كەتكەن سائدا ئانىنىڭ بۇ سالاملىشىشتىن يۈرىكى مۇزدەك سوۋۇپ ، بىر پەس تىترەپ كەتتى. لېكىن مېھمانلار ئالدىدا دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، بىئارام بولغان چىرايىغا دەرھاللا كۈلكە يۇگۇرتۇپ ئۇلگۇردى، قىزغىن سالاملاشقان، ھال-ئەھۋال سورىغان بولدى.

مېھمانخانىغا كىرىپ نەقىشلىك خىروم كىرىسلونىڭ بىر بۇرجىكىگە تىقىلىپ ئورۇنلاشقان ئابدۇللا ئاكا ۋارىسىقا ئوخشاشلا «ئامىن» دەپ دۇئاغا قول كۆتىردى. كۆڭلىدە نۇرغۇن دەككە-دۈككە خىياللار ئەگىپ تۇرسىمۇ،

ئۇلۇغ تەكرىدىن ئىشلىرىغا ئۇتۇقلۇق ، ئوغلىغا بەخت-سائادەت ، بۇ ئائىلىگىمۇ زور بەرىكەتلەرنى تىلىدى.

- ئوبدان تۇرۇشۇپلا ، ئەزىز تەنلىرى سالامەت، ئۆي-ئىچى تىنچلىقمۇ؟...- ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قولنى باغلاپ قايتىدىن تىنچلىق سورىشىغا ئەگىشىپ ، ساھىپخان ۋە مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىدىن ئەھۋاللاشتى.

-ئۆزلىرىمۇ ھارماي كىلىشىپلا، يىراق يەردىن كىلىپ جاپا تارتىپ قالدىلا مانا،- نازىر ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى.

بىردەملىك سۈكۈت ۋە تارتىنىشتىن كىيىن، نازىرنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئەتراپىتىكى مېھمانلارنىڭ «خوش-خوش»لىرى بىلەن ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى ئىچىلغاندەك بولدى. تەدرىجى ئۇچۇق-يورۇق ئەھۋاللىشىپ، بالا-ۋاقا، ئۇرۇق-تۇققان، سەھرانىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىپ كەتتى. ئاگىغىچە بىرسى-بىرسىدىن چىرايلىق ياسانغان بۆدەك خانىملار ئەينەك ئۈستەلنى خىلمۇ خىل نازۇ-نىئمەت، يەل يىمىشلەر بىلەن تولدۇرىۋەتتى، قوي ۋە ھەر خىل جان_جانىۋارلارنىڭ كاۋاپلىرى لىگەن-لىگەنلەردە تىزىلدى. ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى شۇنچە تەكەللۇپ قىلسىمۇ ، ئۇلار خۇددى بۇلارغا كۆز-كۆز قىلىۋاتقاندەك، «سەن قانداق ئادەم، بىز قانداق ئادەم» دىمەكچى بولغاندەك، ئۈستەل ئۈستىگە پىيالە قويغۇدەكمۇ ئورۇن قويمىدى. ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى بىر تەرەپتىن قۇدىسىنىڭ مېھماندوسلىقىدىن سۆيۈنسە، بىر تەرەپتىن ئالدىدىكى پارقىراق خىروستال قاچىلاردىكى ئۆمرىدە كۆرۈپ، تېتىپ باقمىغان نازۇ-نىئمەتلەرگە قاراپ ھەيرانۇ ھەس قىلىۋاتاتتى. ئۆزلىرىنى «ئىچىل داستىخنىم ئىچىل» سىھىرلىك ئوردىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھىس قىلىۋاتاتتى.

- قىنى مېھمانلار ئىلىشسىلا، بىر ئاز چاي-پاي ئىچەيلى...-پەرىدە خانىم ۋارىسنىڭ ئانىسى بىلەن پاتىمەنىڭ چىينىگە لىقلاپ قويۇپ نازىرغا قارىدى،- دادىسى، مەن تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي، ئۆزلىرى مېھمانلارنى ئوبدان ھەيدىگەچ تۇرسىلا ھە. ۋارسجانمۇ تاماق قىلىپ بىرەلمىگەندۇ بۇلارغا، ئوبدان تۇيۇۋالسۇن...

-بىلدىم. تىز-تىز بولۇپ سەنمۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىق.- نازىر بىئارام بولغاندەك پەرىدە خانىمغا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ قويدى.

ـ ئېلىڭلار مېھمانلار، ئېلىڭلار، يولدا ھاردۇقمۇ يەتكەندۇ، چايدىن ئوتلىغاچ تۇرايلى، قېنى ۋارسجان بالام ئاتا ـ ئاناڭنى زورلاپ تۇر، تارتىنىپ قالدى...

ـ يا...ق،ياق...تارتىنمىدۇق، تارتىنمىدۇق...لېكىن شۇ كۆپ جاپاغا سېلىپ قويۇپتىمىز.ـ ئابدۇللا ئاكا تەكەللۇپ قىلغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـ ھېچقىسى يوق ئاكا، ئادىمگەرچىلىك بۇ، ئۆزلىرىمۇ شۇنچە يىراق يەردىن مۇشۇ باللارنىڭ ئىشىنى دەپ كەلدىلە ئەمەسمۇ؟ قېنى، ئۆزلىرىنى ئازادە قۇيۇپ بىرىپ ئولتۇرسىلا...

ـ شۇنداق، شۇنداق...ـ ئەتراپتىكى نازىر سۇپەت ئادەملەرمۇ نازىرنىڭ سۆزىنى تەڭلا تەستىقلىدى.

ۋارىسنىڭ دادىسى نازىر بىلەن پاراڭغا چۈشتى، ئانىسى بولسا پاتىمە بىلەن ئالدىدىكى نىئمەتلەردىن غىزالانغاچ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۆيىنىڭ چىرايلىقلىقىغا، يەردىكى گىلەمنىڭ نەپىسلىكىگە ، تامدىكى نەقىشلەرنىڭ رەڭدارلىقىغا، ئائىلە سايمانلىرىنىڭ ئىسىللىكىگە... ئىشقىلىپ ئۆزى ئولتۇرغان كىرىسلودىن باشلاپ چاي ئىچىۋاتقان پىيالىلىرىنىڭ نوچىلىقىغا قاراپ ھەيران قېلىشتى، ئالدىدىكى خىروستال قاچىلارنىڭ كۆزنى قاماشتۇرۇدىغان نۇرلىرىغا قاراپ ئويغا پاتقان ئانا نۇرغۇن ئىشلارنى خىيالىغا ئەكىلىپ بولدى. « ئۇھ، ئۆي بىلەن ئۆيىنىڭ پەرقى...بىر كۇنلەردە نازىر ۋە خانىم بىزنىڭ يۇرتقا بىرىپ قالسا، بىزنىڭ قىڭغىر ئىشىكىمىزنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ قالسا، ئۆيىمىزدە مېھمان بولۇپ قالسا...قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئاشۇ سەھرادىكى نامرات ئائىلىنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن بۇلارنى قانداقمۇ كۇتىۋالارمەن؟ قانداقمۇ رازى قىلىپ كۆڭلىنى ئالارمەن؟...»...ئانا بىر تالاي سۇئاللار ئىچىدە قىينىلىپ چىقتى. ۋارس بىر بۇلۇڭدا مۇرادىل بىلەن يانمۇ ـ يان ئولتۇرۇپ ، خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ چاي ئىچىۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ لېكىن كۆڭلى دىلنازدا ئىدى، ئۇنى قاچان ئىشكتىن «ئەسسالام » دەپ كىرىدىكىن دەپ كۆزلىرى تۇت بولۇۋاتاتتى. ئۇ دىلنازنى پىيالىدىكى چاي بىلەنلا يۇتىۋېتىشكە، چاڭقىغان سۆيگۇ ئۇسسۇلۇقىنى قاندۇرۇشقا ئالدىرايتتى.

ئاشخانىدا تاماققا تەييارلىق قىلىشىۋاتقان خۇتۇنلارنىڭ كۇسۇرلاشلىرى ئاۋۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ مىھمانلار نازىرنىڭ قىزىنى ئەمەس ئۆزىنىڭ قىزلىرىنى سوراپ كەلگەندەكلا جىددىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تاماق ئىتىش ئەمەس بەلكى دىلنازنىڭ ئىشىنى مۇلاھىزە قىلىش، بىكار باش قاتۇرۇش مۇھىمدەك قىلاتتى. ئارىدا مانتىغا قىما قىلىۋاتقان بىر ئايال ، مايمۇننىڭ قۇڭىدەك قىپ-قىزىل بويىۋالغان قىلىن لەۋلىرىنى سۇزۇپ سۆز قىلىۋاتاتتى:

- تووا پەرىدە، تووا...ئادەم چىقمىغاندەك مۇشۇ ئادەملەر بىلەن قۇدا بولىشمىز دەپ يۇرگىنىڭلارغا ھەيران قېلىۋاتىمەن. يا سىلەر بىر ئادەتتىكى ئادەملەر بولمىساڭلار، بايام ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققاندا نازىر ئاكامدىن قورقمىسام تووۇلاپ قالغىلى تاس قالاتتىم...

-شۇنى دەيمەن، نىمانداق بۇ چاققىچە كۆڭلى غەش يۇرىدىغاندۇ دىسەم مۇشۇ ئىشكەن ئەمەسما،- سەي قورىۋاتقان، چېچىنى قىزىل بۇيىۋالغان بىر ئايال سۆز قاتتى.- « قىز بالا دىگەننىڭ چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا» دىگەن گەپ توغرا ئوخشايدۇ.

-شۇ....شۇ...ئۆزى تېپىشىپتىكەن، بىر مەكتەپتە ئۇقۇغان ساۋاقدىشىكەن. ئاتا-ئانىسى سەھرادىن بولسىمۇ، لېكىن ۋارسجان ئۆزى ئوبدان ، بىلىملىك، ئەخلاقلىق بالا...بېشىدا مەنمۇ سىلەردەك ئويلىغان، لېكىن بالىنىڭ رايىغا باقماي بولمىدى...-بىئارام بولغان پەرىدە خانىم ئېغىز ئاچتى.

-ۋاي پەرىدە، ساۋاقداش بولسا نىمە بوپتۇ، باللارنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئاشۇنداق «كۆيدۇم،پىشتىم» دىيىشىپ ۋەدىلەرنى قىلىشىدۇ. دىلنازنى بىلىملىك قىز بولدى دىسەم ئۇمۇ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئويلىمايلا بىر ئىش قىلامدۇ نىمە؟ ئۆزىنىڭ ئورنىغا قاراپ لايىق تاللىمامدۇ ئادەم دىگەن؟...

-مىنىڭ قىزىمۇ «خوتەنلىك بىر يىگىت بىلەن تۇنۇشتۇم، شۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن، يا خوتەنگە كىتىمەن، يا ئۇ يىگىت ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كىلىدۇ» دەپ بىر مۇنچە مىكى-مىكىلەرنى دىگەن ئىدى. بىز « تات ،ئۇنداق

پاسا باسمايدىغان گەپلىرىڭنى..» دەپ بىر ياخشى يەردىن ئەلچى كەپتىكەن. ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالا-ئالمايلا ماقۇل دەپ قۇشۇلغانتۇق، ھازىر توي قىلىپ بىر بالىنىڭ ئانىسىمۇ بۇلۇپ بولدى. شۇنداق بەختلىك، باياشات ئۆتىۋاتىدۇ ئەنە...بالا دېگەن بەربىر بالىدە...ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا توختۇتۇپ قويغۇلۇق...-قىزىل چاچلىق ئايال ئالدىدىكى سەي بىلەن بىرگە بىر مۇنچە ئائىلە ئىشلىرىنى قوروپ چىقتى...

- سىلە ئۇنداق دەيسىلە ، لېكىن مىنىڭ ياخشى كىيوغۇللۇق بولغۇم، ئابرويلۇق، باي ئادەملەر بىلەن قۇدىلىق بولغۇم يوقما؟ «مىنىڭ ئەر قۇدام پالانى ۋىلايەتنىڭ ۋالىسى، ئايال قۇدام پالانى ئىدارىنىڭ باشلىقى، كىيوغلۇم پالانى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاسپارانتى...» دەپ ئۆتكۈم يوقما؟...ئۆز ۋاقتىدا مەن قەتئى قارشى تۇرغان، قۇشۇلمىغان، ۋارىسجانىنىمۇ زەھەردەك گەپلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويغان. لېكىن ماۋۇ ساراڭ قىزىمىز چىڭ تۇرىۋالدى، دادىسىنىڭ تۇمۇرىنى تۇتىۋالغان گەپ...-سەي توغرىۋاتقان پەرىدە خانىم ئايالّارنىڭ گېپىدىن ئېغىر خۇرسىنىپ ، قولىدىكى پىچاقنىمۇ تاشلاپ ئويغا پاتتى، چىرايىغا ئالەمچە پۇشايمان، مۇڭ پەيدا بولدى.

-پەرىدە، قارىسام يىگىت خېلى قاملاشقان بالىكەن، دىلناز مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئېزىپ بىرەر ئىش تېرىپ سالمىغان بولمىغىيتتى ھە، بولمىسا ئۇ سەھرالىق بالىدىن نىمىشقا مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ؟...ئاۋۇ بالا بەك قۇۋ بولسا، نازىرىنىڭ گۈزەل قىزىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، دىلنازنى گېپىدىن چىقالمايدىغان قىلىپ قويدىمىكىن دەيمىنا ئەمدى...-مانتا قىمىسى قىلىۋاتقان ئايال پىخىلداپ كۈلدى.

- نى...مە؟...نىمە؟...-پەرىدە خانىم تاتىرىپ كەتتى، ھېلىقى ئايالدىن ئاغرىنغاندەك قاپاقلىرىنى سوزدى.- نىمە داۋاتىلا خان. دىلنازنى قىزلىرىغا ئوخشۇتۇپ قالمىسىلا، ئۇ دىگەنچۇ خېلى ئاق-قارىنى پەرىق ئېتەلەيدىغان قىز، بالا دېگەن ئاتا-ئانىسىغا بېقىپ بۇلار، مەن بىلەن دادىسىنىڭ تەربىيەسىنى ئالغان جۇما ئۇ، پۇل-مەنسەپ، ئابروي قوغلاشمىغاچقا ، ئاۋۇ يىگىتنىڭ بىلىمىنى، ئەخلاقىنى دەپ شۇڭا چاپلاشقان. گەپ-سۆزدە دىققەت قىلسىلا...

-يا...ق، ياق...مەن شۇ...مەن مۇنداقلا چاقچاق قىلىپ دېگەن، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ھە، شۇ ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى يەپ دەپ سالدىم،

ياخشىراق بىر يەر بىلەن قۇدىلىق بولغان بولسا دەپ...

ئارنى بىر پەس سۈكۈت باستى، پەردە خانىمنىڭ تۈرۈپلا خاپا بولۇپ كىتىشىدىن ھەممىسىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى ئايال ئالدىراپ دەپ سالغان گىپىگە مىڭ پۇشايمان قىلىپ لەۋلىرىنى چىشلەپ سالدى. نازىرنىڭ ئايالىنىڭ چىشىغا تىگىپ قويۇپ، بۇندىن كىيىنكى مۇھىم ئىشلىرىنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولماي قىلىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇ ئارىدا بايىتىن بىرى گەپكە قۇشۇق سالماي ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بەنت بولۇپ سەۋزە توغرىۋاتقان ، ئەگىم قاشلىرى ئارىسىدىكى قاپقارا كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، چىرايىدىن سەممىلىك چىقىپ تۇرىدىغان ، ئاددىراق كىينگەن بىر ئايال ئېغىز ئاچتى:

-پەردە. كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا. دىلناز قىز توغرا قىپتۇ، بەخىت ئۇ پۇل -مەرتىۋىدە ئەمەس، ئاشۇ قىزىم ئۆزىنى «مەن بەختىمنى تاپتىم» دەپ قارىسىلا بولدى. قارىسام يىگىتىمۇ بەك ئىسىل ، ئەدەپلىك بالىكەن، دىلنازقىزغا شۇنداق ماس كىلىدىكەن، چىرايىمۇ شۇنداق قاملاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلىرى ئۇنىڭ باشقا تەرىپىنى ئەمەس، ئۇنىڭ بىلىمىنى، ئەخلاقىنى ياخشى كۆرۈپتۇ. ئاتا-ئانىسىمۇ شۇنداق ئاددى-ساددا ، يۇۋاش ئادەملەركەن. دىھقان بولسا، سەھرالىق بولسا نىمە بوپتۇ، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ قايسىبىرىمىزنىڭ ئاتا-ئانىسى دىھقان ئەمەس؟ قايسىمىز شۇ يېزىدىن كەلمىگەن؟...شۇڭا بۇلارنىڭ قالايمىقان گەپلىرىگە قۇلاق سالماي مىھماننى ياخشى ئۇزىتىدىغان ئىشنى قىلايلى...قاراپ تۇرسىلا ، يىگىتمۇ، ئاتا-ئانىسىمۇ قىزلىرىنى بېشىدا كۆتىرىپ كىلىن قىلىدۇ....

-ئۇغۇ...شۇ...بىزمۇ بۇ توغرىسىدا كۆپ ئويلانغان...لىكىن بالىكەن. يەنە بىر يەرلىرىمىزدىن چىدىمايدىكەنمىز، «جاپا تارتىپ قالامدىكىن؟ باياشات تۇرمۇش كەچۈرەلمەي قالامدىكىن؟» ...دەپ غەم يەيدىكەنمىز...لىكىن دادىسىغۇ بەك رازى. ۋارىسجاننىمۇ ئۆز ئوغلىدەكلا ياخشى كۆرىدۇ. «ھەممە ئىشنى ئۆزەم بىر قوللۇق قىلىپ بىرىمەن. جاپا تارتقۇزمايمەن » دەيدۇ. خۇدايىم بىر يولدا قويار...

- شۇ ئەمەسمۇ، بىزمۇ قۇدىلىق -كىيوغۇللۇق بولدۇق پەردە. ۋارىسجاندەك بالىلارنى تاپماق تەسكەن. بىزمۇ بىشىدا يۇقىرى يەرلەرنى تاما قىلىپ قىزىمىزنىڭ رايىغا باقماي بىرىپتىكەنمىز، مانا 2 بالا بىلەن ئاجرىشىپ

ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاشۇ قىزنىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلىسام يۈرۈكۈم زىدە بولۇپ كېتىدۇ. توي ئىشى دېگەندە باللارنىڭ رايىغىمۇ بېقىش، قارشى تەرەپنىڭ ئەخلاق ساپاسىنىمۇ ئوبدان كۆزۈتۈش كېرەككەن...باي بولمىسىمۇ خوشال، بەختلىك ئۆتسە شۇ ياخشىكەن...- سەۋزە توغرىۋاتقان ئايالنىڭ سەمىمى كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىدى. ئۇنىڭ ئەلەم ئىچىدە ئۇھ تارتىشىدا قىزنىڭ بەختسىزلىكىگە بولغان بىر تالاي ئۆكۈنۈش، پۇشايمان باردەك قىلاتتى.

ھېلىقى كوت-كوت ئىككى ئايال ياش تۈككەن ئايالغا يەر ئاستىدىن ئالىيىپ قويۇپ ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇلار يەنىلا بۇلارنىڭ يەكۈنىنى توغرا تاپمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ بىر ساراڭلىق ، ئاخماقلىق ئىدى. ئۇلار نازىرنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزنىڭ، تىلشۇنىزيە ئىنستانسىيىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن، خەلقنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشكەن بىلىملىك، چىرايلىق دېكتور قىزنىڭ بىر سەھرالىق بىلەن توي قىلىشىنى ، ئاشۇ تۇپا چىراي مەتو دېھقانلارنىڭ كىلىنى بولۇپ قېلىشىنى ئەقلىگە زادىلا سىغدۇرالمايتتى...

بىر ئازدىن كېيىن، ھېلىقى تۈلۈمدەك ئايالار ساغلىقنىڭكىدەك سەمرىگەن كۆكرەك-ساغرىلىرىنى لىغىرلىتىپ ، بىردىن ھور چىقىپ تۇرغان تاماق تەخسىلىرىنى كۆتىرگىنىچە مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. ئاشخانىدا بولغان گەپلەر تەسىر قىلدىمۇ ، پەردە خانىمنىڭ سۇس گىرىم قىلغان چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، يۈرەكلىرى تىنىمسىز سوقۇپ تۇراتتى. تەخسە تۇتقان قوللىرى تىترەيتتى. ئىنچىكە قاشلار ئاستىدىكى چىرايلىق كۆزلىرىدىن بىر خىل غەشلىك، بىئاراملىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ۋارىسىنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىلىپ تەخسىنى قويماقچى بولغاندا نىمىشقىدۇر خىروستال تەخسە ئەينەك ئۈستەل ئۈستىدە بىر دەقىقە قاتتىق داراڭلاپ كەتتى. تەخسىدىكى ھور چىقىپ تۇرغان بىر قانچە مانتا ئەتراپقا دومىلاپ چېچىلدى. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان تاراق-تۇرۇقتىن ھەممە مېھمانلار چۈچۈپ كەتتى-دە، پەردە خانىمنىڭ چىرايىغا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلدى. كۈلۈمسىرەپ قىزغىن پاراڭ سېلىۋاتقان نازىرمۇ چىپپىدە توختاپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مېھمانلار ئالدىدىكى ئىززىتىنى دىمىسە يۇگۇرۇپ بېرىپ ئايالىغا كايىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن مۇھىتنى كۆزىتىشكە ماھىر نازىر دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك زورىغا كۈلۈمسىرەپ

ئورنىدا ئولتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. خىروستال تەخسە سىنمىدى. لېكىن قورۇنۇش ئىچىدە ئولتۇرغان ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ دىلى سۇندى، يۈرىكى مۇجۇلدى، ئەنسىزلىكى تېخىمۇ كۈچەيدى. خۇددى «مانا يەيدىغىنىڭ» دېگەندەك ئالدىغا چېچىلغان مانتىلارغا قاراپ ئارامسىزلىنىپ تولغۇنۇپ كەتتى. بىچارە ئانا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قاداق باسقان قوللىرى بىلەن تەخسىنى ئۆگشىغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن ھودۇقۇپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن پەردە خانىمنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمىدى.

نازىرنىڭ قەھرلىك قارىشىدىن ئەيمەندىمۇ ياكى باشقا مېھمانلار ئالدىدا بىئەپ ھېس قىلدىمۇ، پەردە خانىم دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئۇ غەمكىنلىك باسقان چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مېھمانلاردىن كەچۈرۈم سورىغان بولدى:

- بەك سەت ئىش بولدى ھە، ئۆزلىرىنى ساقلىتىپ قويماي دەپ ئالدىراپ، تاس قالدى تەخسە قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكىلى. كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىسىلا مېھمانلار، قېنى تاماققا باقايلى...

- ھە، ھە...ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق. جىددىلىك دېگەندە بولۇپ تۇرىدۇ بۇنچىلىك ئىشلار، بىزمۇ مېھمان كۈتۈپ باققان، توغرا چۈشىنىمىز. ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ جىق جاپاغا سېلىۋەتتۇق خانىم، ئەمدى بىزنى خىجىل قىلماي ئولتۇرۇپ ئارام ئالسىلا...-ۋارىسنىڭ دادىسى كەيپىياتنى ئوڭشىماقچى بولغاندەك دەرھاللا ئىنكاس قايتۇردى.

نازىرنىڭ قىزغىن تەكەللۇپلىرى بىلەن ۋارىس ئائىلىسىدىكىلەر ۋە باشقا مېھمانلار تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار گەرچە يەل-يېمىش، پېچىنە-پىرەنىكلەرگە ئېغىز تېگىپ خېلىلا تويۇنۇپ قالغان بولسىمۇ، نازىرنىڭ قايتا-قايتا زورلىشى بىلەن يەنە ئامالسىز قول ئۇزۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. گەرچە ۋارىس ئائىلىسىدىكىلەر تاماق يەۋاتقاندەك قىلسىمۇ ،كۆزى پەردە خانىمدا ئىدى. ئۇنىڭ غەم باسقان چىرايىغا، جىمجىت ئولتۇرۇشىغا، ئېغىر-ئېغىر تىنىپ قويۇشىغا دىققەت قىلاتتى. دېمىسىمۇ پەردە خانىم يۇلەنگۈچسىز كىچىك ئورۇندۇقتا يەرگە قاراپ ئولتۇرغۇنچە خىيالغا كەتكەن ئىدى. ئۇ تاماقنىمۇ ئېغىز تەگمىدى، مېھمانلارغا ئارتۇق-تۇشۇك گەپمۇ قىلمىدى. ئالدىدىكى گۈللۈك پەشتامىنىمۇ ئېلىۋەتمىدى. پۈتۈن خىيالى پەقەت ئاشخانىدىكى گەپ-سۆزلەردە، ئالدىدىكى ئاددى ئادەملەردە، گۈزەل قىزىنىڭ

كەلگۈسىدە، ئۇنىڭ تويىدىن كېيىنكى غۇربەتچىلىك، ئازاپلىق تۇرمۇشىدا قۇيۇندەك پىقىرايتتى.

-پەردە، قېنى ئۆزلىرىمۇ تاماقتا باقسىلا. بىر كۈن ئاشخانىدا قاتراپ ، 5-6خىل تاماق ئېتىپ چارچاپمۇ كەتتىلە. بىزغۇ ھازىرغىچە سىلىنىڭ بۇنداق پالاقشىپ مېھمان كۈتۈپ كەتكەنلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان.-ھېلىقى تۇمشۇقىنى قىزىلمۇچتەك بويىۋالغان سىمىز ئايال ۋارسىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا مەنىلىك قاراپ قويدى.- قارىغاندا بۇ مېھمانلار بىرەر يەرنىڭ كاتتا ئەمەلدارلىرى ئوخشىمامدا؟...

-ھە، شۇ..شۇ..10 مو يەرنىڭ ئەمەلدارلىرى...-خىياللار ئىچىدە ئولتۇرغان پەردە خانىم بۇ سۆزلەرنىڭ ئىغىزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ بىردەملىك گاڭگىراشتىن كېيىن ئىغىزىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى. قورقۇش ۋە جىددىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى نازىرنىڭ مىختەك قادالغان بۇركۈتتەك كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ، ۋىللىدە قىزارغان مەڭزىنى بوشقىنا سىلاپ يەرگە قاربۋالدى.

-نىمە ئۇ ئەمەلدار، پەمەلدار دىگەن. بىكار گەپنى قويۇپ ماۋۇ مېھمانلارنى ئوبدان كۈتىدىغان ئىشنى قىلايلى خانىملار. خانىم، ئۆزلىرى ئەمەلدارغا بەك ئامراق ئوخشىمامدا؟ ماۋۇ مۇرات ئاخۇننىڭ مەنسىپى يەتمەي قالغان بولسا ئەرنى ئالماشتۇرىۋېتەمدۇق يا...-غەزەپتىن تىترەپ تۇرغان نازىر ھېلىقى ئايالغا قاراپ زەردە بىلەن گەپ قىلدى. دىمىسىمۇ ئۇ شۇنچە يىراق يەردىن كەلگەن قۇدىلىرىنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى خالىمايتتى. قورۇنۇش ئىچىدە ئاران ئولتۇرىۋاتقان مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىشكە، ئازادىلىككە ئىرىشتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇ بىر يىلدىن بىرى رىئاللىقنى ئاستا-ئاستا قوبۇل قىلىپ، ۋارسىنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ كىلىۋاتقان ئايالىنىڭ بۈگۈن تۇرۇپلا ئۆزگۈرۈپ كىتىشىگە دەل مۇشۇ بىر قانچە زەھەرخەندە ئايالنىڭ سەۋەپچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى.

-نى...نى...نىمە؟ ...نىمە دىگەنلىرى بۇ نازىر. مىنى ئۇنداق ئۇسال ئايال قاتارىغا چىقىرەتمىسىلە. پەردەگە ئىچىم ئاغرىپ مۇنداقلا دەپ سالدىم شۇ...-ھېلىقى ئايال نازىرغا گەپ قىلىۋاتقاچ ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزگە نەشتەردەك ئالىيىپ تۇرغان ئېرىگە قاراپ قورقۇپ كەتتى. ئېرى ئۇنى ھازىرلا چايناپ-چايناپ يۇركىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئولتۇراتتى. ئۇ نازىرنىڭ چىشىغا تىگىپ

سالغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ، شۇ بالا تەككۇر ئېغىزىنى بېسىقتۇرماقچى بولغاندەك، ئالدىدىكى قىزىق مانتىدىن بىرنى ئالدى-دە، ئېغىزىغا كوملا سېلىپ يەرگە قاراپ چايناشقا باشلىدى.

-بۇ..بۇ مۇشۇنداق چاقچاقچى ئايالالار، قىزىق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشمىسا ئولتۇرالمايدىغان.-ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئازاپلانغان چىرايىغا قاراپ ئولتۇرغان نازىر غەزەپلىك چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈرتۈپ قولىغا چەكنەكنى ئالدى.- قېنى مېھمانلار ، تاماق سوۋۇپ قالمىسۇن، قېنى بېقىششىلا...

خىجىللىق ئىچىدە يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ۋارىسنىڭ يۈرىكى ئاچچىق ئەلەمدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ مېكىبىر جاپالارنى تارتىپ كەلگەن ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ ئەمەلدار ئالدىدا بۇنداق ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. ھەم بۇنداق بولۇپ قېلىشىنىمۇ ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئاستا-ئاستا قايىل بولۇپ كۆيۈنۈۋاتقان پەرىدە خانىمنىڭ بوگۈن تۇرۇپلا باشقىچە بىر ئايالغا ئۆزگۈرۈپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتىرىپ ئاتا-ئانىسىغا سەپ سالدى. بىچارە دادىسىنىڭ ئاقارغان ساقاللىرىنىڭ، پىيالە تۇتقان قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، ئانىسىنىڭ مىسكىن كۆزلىرىدە ئاچچىق ياشلارنىڭ لىغىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. ئانا تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاق ياغلىقىنىڭ گىرۋەكلىرىنى قاداق باسقان قوللىرىدا مۇجۇپ قوياتتى. گۇناھكارلاردەك ئالدىدىكى نازۇ-نېمەتلەرگە قاراپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى.

شۇنچە زورلاشلار ئىچىدىمۇ ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى «ئوبدانلا تويۇندۇق» دەپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەمىلىيەتتە بۇ خىلمۇ-خىل نازۇ نېمەتلەرنى ۋارىسنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بەكرەك نازىرنىڭ يۈغان قورساق مېھمانلىرى يېگەن ئىدى. ۋارىس ۋە ئاتا-ئانىسى پەرىدە خانىم ۋە ھېلىقى ئايالنىڭ ئۈرغۈلۈق گەپ-سۆزىدىن غىققىلا تويغان بولۇپ، شۇ تاپ بۇ ھەشەمەتلىك قورو ۋە نازۇ-نېمەتلەردىن قۇتۇلۇپ سىرتنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى. «توغرا، ھەممە ئادەم ئۆز خىلى، ئۆز نەسەبى بويىچە قۇدىلىشىش كېرەككەن. مۇۋاپىق ئائىلىگە قىز سوراپ بېرىش كېرەككەن. ياخشى يەردىن قىز چىقتى، ئەمەلدار بىلەن قۇدىلىق بولدۇق دىگەن بىلەن ھەممىسىدە بەدەل تۆلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەرگەردان بوۋاقتەك بۇيۇن

قىسسپ ئۇلتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغان گەپكەن. باللىنىڭ كۆڭلى، باللىنىڭ بەختى دېگەن بىلەن ھەممە مۇشكۇلاتنى يەنە شۇ ئاتا-ئانا كۆتىرىدىغان گەپكەن. زەھەردەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ خۇشامەت ئىچىدە كۈلۈپ تۇرىدىغان گەپكەن. لېكىن بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كىتەر، بۇ ئازاپلىق مىنۇتلارمۇ ئۆتىدۇ. تويى بولۇپ ۋارىس بۇ ئائىلىگە ئەزا بولۇپ كىرگەندە بۇ خانىممۇ رەئاللىقنى قۇبۇل قىلىپ قالار. ھازىرچە ئەڭ مۇھىمى سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇش ، سۈكۈت ئەڭ ياخشى جاۋاپ...» خورلۇق ئىچىدە قىينىلىۋاتقان ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوخشاشلا ئويلىدى. چىرايىغا يەنىلا سۈس كۈلكە يۈگۈرتىشكە مەجبۇر بولدى. ۋارىسنىڭمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھالىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشسىمۇ، تويى ئىشىنىڭ پات ئارىدا ئەمەلگە ئېشىپ، دىلناز بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، پەرىدە خانىمغا يىلىنىش ئىچىدە قاراشقا مەجبۇر بولدى.

تاماقتىن كېيىن ۋارىسنىڭ دادىسى دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ، دىھقانغا خاس سەممىيلىكى بىلەن يەنە بۇ ئائىلىگە تېخىمۇ بەرىكەت ۋە ئاسايىشلىق تىلىدى. ئۇ دۇئادىن كېيىن ئوغلىغا مەنىلىك قارىدى. ۋارىس دادىسىنىڭ قارىشىدىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك مۇرادىل بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن خۇددى يېڭى كىلىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندەك، ناھايىتى سىپايە قەدەملەر بىلەن خىجىللىق ئىچىدە يەرگە قاراپ ئۆتتى. مېھمانلار كۆز ئالدىدىكى بۇ قاملاشقان ، ئەدەپلىك يىگىتكە باشقىدىن ھەۋەس بىلەن قاراپ قىلىشتى. دىمىسىمۇ ۋارىس بۈگۈن باشقىچىلا پاكىزە ياسانغان بولۇپ، ئۇچىسىغا قارا بىر يۈرۈش كاستوم-بورۇلكا ، بېشىغا يارىشىملىق بادام دوپپا كەيگەن ئىدى. ئۇلىما قاشلار ئارىسىدىكى قاپقارا كۆزلەر، ئىلىپتەك ئېقىپ چۈشكەن قاڭشارلىق بورۇن، چىرايلىق ياسىتىلغان قاپقارا بۇرۇت...قىسقىسى ئۇ بۈگۈن باشقىچىلا سەۋكەتلىك كۆرۈنەتتى. ھېلىقى كوت-كوت خوتۇنلار ئەتىدىن بىرى بۇ يىگىتكە دىققەت قىلمىغاندەك ۋارىسنىڭ كىلىشكەن تۇرقىغا قاراپ جىممىدە بولۇپ قىلىشتى...

-مەقسەتكە كىلەيلى نازىر- ۋارىسنىڭ دادىسى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن

گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى.ـ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك ئىككى بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھرى چۈشۈپ قاپتۇ. دىلناز قىزنىغۇ ماختاش بىھاجەتكەن. تېپىلغۇسىز ياخشى بالا بوپتۇ. ئوغلۇمغا دىلنازدەك بىلىملىك، ئەخلاقلىق، چىرايلىق لايىقنى، سىلىدەك مېھرىبان، يوللۇق ئاتىنى ئۇچراشتۇرغان تەڭرىگە مىڭ تەشەككۇر. شۇڭا گەرچە بىز ئۆزلىرىگە لايىق كەلمىسەكمۇ يەنە شۇ بالىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويالىسىكەن دەپ كەلىپ قالدۇق. لايىق كۆرسىلە دىلناز قىزنى بالا قىلىۋالساق...

ـ ھە، ھە...شۇنداق ئاكا، شۇنداق...رىسىق ئوخشايدۇ. دىگەنلىرىدەك تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىككى بالا تونۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە ئىچەكىشىپ قاپتۇ. بىزمۇ بېشىدا كۆپ باش قاتۇرغان، ئارىلىقنى يىراق كۆرگەن، لېكىن ئاخىرى ئىككى بالىنىڭ كۆڭلى، ئارزۇسى، بەختىنى دەپ يەنىلا مۇۋاپىق تاپتۇ...ـ نازىر نىمىگىدۇر ئەندىككەندەك پەردە خانىمنىڭ چىرايىغا قاراپ سالدى.

ـ دۇرۇس نازىر، دۇرۇس. ئۆزلىرى بۇ بالىلارنىڭ ئىشىنى دەپ كۆپ جاپا چەكتىلە. خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا كۆپ باش قاتۇردىلا. سىلىنىڭ بالىمىز ئۈچۈن قىلغان ياردەملىرىگە بىز جاۋاپ قايتۇرۇشقا ئاجىز...

ـ ياق،ياق...ئۇنداق دىمىسىلە ئاكا. ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا بالىمىز. ئەمدى بىزگە مۇشۇ بالىلارنىڭ خوشاللىقىنى كۆرۈشتىن باشقا بەخت بولمايدۇ. شۇڭا دىلناز ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ بالىسى بوۇپ قالدى. بىز قۇشۇلىمىز.ـ نازىر خۇددى يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بىرىۋاتقاندەك، « دىلناز ئۆزلىرىنىڭ قىزى بولۇپ قالدى. بىز قوشۇلىمىز» دىگەن گەپنى شۇنچىلىك پەس ئاۋازدا تىترەپ تۇرۇپ ئاران دىيەلىدى.

ـ رەخمەت، ھەشقاللا...ـ جىددىلىك ئىچىدە ئولتۇرىۋاتقان ۋارىسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى نازىر ھازىرلا گىپىدىن يېنىۋالىدىغاندەك، پەردە خانىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ «بارىكاللا» قىلىپ ئۇلگۇردى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا باشقىچە بىر خوشاللىق نۇرى جىلۋىلەنگەندەك بولدى.

نازىرنىڭ گىپىنى ئاڭلىغان پەردە خانىم ئاچچىق ئەلەمدىن بىر پەس تىترەپ كەتتى. ئىچىدە بىر زەھەرلىك يىلان ئۆمىلىۋاتقاندەك تولغۇنۇپ كەتتى. غەزەپتىنمۇ ياكى جۇدالىقتىنمۇ چىرايلىق كۆزلىرى تۇرۇپلا لىق ياشقا تولدى. ئۇ

يىگىرمە نەچچە يىلدىن بىرى ئارزۇلاپ باققان تاتلىق قىزنى ئالدىدىكى نامرات دېھقانلار ھازىرلا سەھراغا ئېلىپ كېتىدىغاندەك، قىزىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قالىدىغاندەك، قىزى مۇشۇ قۇشۇلۇش بىلەن مەڭگۈ ئېغىر ئازاپ، غۇربەتچىلىككە قالىدىغاندەك قاتتىق ئازاپلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپ نازىردىن قورقمىسا ئورنىدىن تۇرۇپلا «خاپا بولۇشمىسىلا، مېنىڭ يىراق سەھراغا بېرىدىغان قىزىم يوق، گۈلدە قىزىمنىڭ بەختىنى نابۇت قىلغۇم يوق...» دەۋېتىدىغاندەكلا تۇراتتى.

-ئۇنداقتا نازىر، توي ۋاقتىنى بىر مەسلىھەتلىشىۋالايلىمىكىن. بىزمۇ كەلگىلى 4-5 كۈن بولۇپ قاپتۇ. ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى يەنە بىزنى ساقلاپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋارسجاننىڭ سىڭلىسى تۇققانلارنىڭ ئۆيىدە قالغان. شۇڭا بىزمۇ قايتىپ بېرىپ ئۆي ئىشلىرىنى يىغىشتۇرغاچ توي تەييارلىقىنى قىلىپ كەلسەك...

-دىگەنلىرىغۇ ئورۇنلۇق ئاكا. لېكىن ئارىلىق بەك يىراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلىمۇ بېرىپ-كىلىپ جاپا تارتىپ قالىلا. شۇڭا مېنىڭچە بۇ ئىككى بالىنىڭ ئىشى پۈتۈپ قالغاندىكىن، ئۆزلىرىمۇ قايتىپ كەتمەي يۈرمىسىلە. تويىنى پات ئارىدا قىلىۋەتسەكمىكىن...

- كۆڭەللىرى دەريادەك كەڭ ئادەمكەنلا نازىر. يەنە شۇ بىزنىڭ غېمىمىزنى يەۋاتىلا.دىمىسىمۇ كونىلارنىڭ «كىچە ئۇزۇن بولسا چۈش كۆپ بولىدۇ » دىگەن گېپى ئورۇنلۇق. توي ئىشى دىگەن بەك ئىنچىكە ئىش. ئۇزاق سوزۇلۇپ كەتسە سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالىدىغان گەپ. لېكىن شۇ...شۇ...بىز تويغا ئوبدانراق تەييارلىق بىلەن كەلمەپتىكەنمىز. بەزى ئىشلاردا جىددىلىشىپ قالارمىزمىكىن...

-ئۆزلىرىگە نىمە تەييارلىق كېتەتتى. ۋارسجاننىڭ ئۆي ئىشىنى ئىدارە باشلىقى بىلەن دېيىشىپ قويدۇم. يېڭى بىنانىڭ 4-قەۋىتىدىن بىر يۈرۈش ئۆي تەقسىملەپ بەردى. ئەمدى شۇ ئۆيىنى بىرەر قۇر ئاددىلا ياسىۋالسا بولىدۇ. ۋارسجاننىڭ مېھمانلىرىمۇ كۆپ ئەمەس، شۇڭا تويىنىڭ باشقا بارلىق رىستۇران، مېھمان كۈتۈش، كۆچۈرۈش...ئىشلىرىنى ئۆزەملا ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئۆزلىرى شۇ توي كۈنى تۆردە ئولتۇرۇپ بېرىشسىلا بولىدى...قانداق دىدىم پەرىدە؟- نازىر ئېغىزلىرىنى قوللىرى بىلەن تۇسۇشۇپ نىمىلەرنىدۇ كۇسۇرلىشىۋاتقان ھېلىقى تۇلۇمدەك سىمىز ئاياللار ئارىسىدىكى ئايالىغا سوئال

نەزىرى بىلەن تىكىلدى. شۇ كوت-كوت خۇتۇنلار بىلسە نازىرنىڭ بۇ قارىشىدىن « ئالدىڭدىكى مېھمان، بىمەنە غەۋەتلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ ئىسىل ئولتۇرۇش، ئۆز ئىززىتىڭنى بىلىش...» دېگەنىدەك چوڭقۇر مەنا چىقاتتى.

-ھە، ھە...بەلكىم.- پەردە خانىم بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. نازىرنىڭ گېپى خۇددى ئەتراپىدىكى ئاياللارنىڭ پىكىر-كۆز قارىشىدەكلا تولىمۇ بىمەنە، ئەخمەقلىق ئىدى. ئۇ نىمىشقىدۇر بېشىنى تىك كۆتىرىپ نازىرغا قارىدى. - توي دېگەن ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس دادىسى. ئۆزلىرى يالغۇز ھەممە ئىشقا چېپىپ بولالماسلا. ئۇغۇل تەرەپ بولغاندىكىن ئۇلار جىم ئولتۇرسا بولماس...

-خاتىرجەم بولسىلا خانىم. بىزمۇ ئادىمگەرچىلىكنىڭ يولىنى بىلىمىز، بىزمۇ قاراپ ئولتۇرمايمىز...- ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ئامالسىز قالغان ۋارىسنىڭ دادىسى ئاياللىنىڭ پېشىنى تارتىشقا قارىماي سۆز قاتتى.

-خاتا چۈشەنمىسىلە ئاكا.- تەڭلىكتە قالغان نازىر ئولتۇرالمايلا قالدى. كەيپىياتنى ئۇڭشىماقچى بولغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ دەرھاللا مېھمانلارنىڭ پىيالىسىگە چاي لىقلىدى.- تويىنى بەك سوزىۋەتمەيلى. يەنە 10 كۈندىن كېيىنگە توغرىلايلى. 18-چىسلا بولسۇن.-نازىر يەنە باشقا كۆڭۈل ئاغرىقى تاپىدىغان گەپ-سۆزلەرنىڭ بولۇشىدىن ئەنسىرىگەندەك توي ۋاقتىنى كېسىپلا بېكىتىۋەتتى.

ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى قىسقىغىنا مېھماندارچىلىقتىن شۇنى ھېس قىلدىكى : ئالدىدىكى بۇ كاتتا ئەمەلدار ئەمىلىيەتتە تولىمۇ ئاقكۆڭۈل ، سەمىمى ، مېھماندوست ئادەم ئىدى. ئادەملەرنى ھەرگىز باي-نامرات، ئەمەلدار-پۇخرا، كادىر-دېھقان دەپ ئايرىمايتتى. ھەممىسىگە ئوخشاشلا سىلىق-سىپايىلىق بىلەن مۇئامىلىدە بولاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز بىر ياخشى ئاتا ئىدى. قىزىمۇ شۇنداق، ئۇمۇ ئوخشاشلا كۆيۈمچان، ئەقىللىق، ئەدەپلىك...ئۇ چوقۇم ئوغلىغا ياخشى ھەمرا بولىدۇ، ساداقەتمەن خوتۇن بولىدۇ. گۈزەل ھۆسنى ، بىلىمى ،ۋاپادارلىقى بىلەن ئائىلىگە بەرىكەت قاتىدۇ.... لېكىن پەردە خانىمچۇ؟ ئۇ زادى قانداق ئايال؟ ئۇنىڭ مەقسىدى زادى نېمە؟ ئۇ بۇ ئىشقا قوشۇلۇپ تۇرۇپ يەنە نېمانداق تەتۈرلىكلەرنى قىلىدۇ؟...بۇ سوئال ئۇلارنى قىيناشقا باشلىدى. «ياق ،ياق...ئۇمۇ ئوخشاشلا مېھرىبان ئانا، ھەر قانداق بىر ئانا قىزىنىڭ بەختىنى ئويلايدۇ، ئۇنىڭ ياخشى

يەرگە تۇرمۇشقا چىقىشىنى، كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ باياشات ، خوشال ـ خورام ئۆتىشىنى خالايدۇ. بۇ دېگەن ۋاقىتلىق نارازىلىق، پەرزەنت مۇھەببىتى ئالدىدىكى قېيىداش...ئۇ ھامان رىئاللىقنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆزگىرىدۇ، چۈشىنىدۇ، ۋارىسقا ئانىلىق مېھرىنى بېرىدۇ...» بىچارە ئاتا ـ ئانا ئاخىرى ئۆز ـ ئۆزىگە ئاشۇنداق تەسەللى بېرىشكە مەجبۇر بولدى...

ئەھۋالنى كۆزۈتۈپ ئولتۇرغان ۋارىسنىڭ ئانىسى پەرىدە خانىمنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان چىرايىغا قاراپ « پۇرسەتنى چىڭ تۇتاي » دەپ ئويلىدىمۇ ياكى « بۇ ئالتۇن قەپەستىن تېزراق قۇتۇلاي » دەپ ئويلىدىمۇ ، دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ قاداق باسقان قوللىرى بىلەن تىترەپ تۇرۇپ نان داستىخىنىنى ئېچىشقا باشلىدى.

ـ خا...خانىم...دېھقان خەق دېگەن بەك ساددا كېلىدىكەنمىز. ئالدىلىرىدا بەك خىجىلمىز. لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ بۇ بىر خون ناننى ئۆز قولۇم بىلەن يېقىپ ئەكەلدىم. سەھرا نىنى كۆرمەي تېتىپ باقالا...ـ ئانا زاۋۇتتىن چىققاندەكلا رەتلىك تىزىلغان چىرايلىق بىر خون كاكچا ناننى قورۇنۇش ئىچىدە ئاستا ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. دېمىسىمۇ بۇ نان ئالدىدىكى خىلمۇ ـ خىل نېمەتلەر ئالدىدا ھېچنەرسە ئىدى. ئۇ خىلمۇ ـ خىل مۇرەككەپ ھىسيات تۇقۇنىشى ئىچىدە ، ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن « نېمە دەركىن» دېگەندەك پەرىدە خانىمغا ئەيمىنىپ قارىدى .

ـ ھەشقاللا، ھەشقاللا...بەك جاپا تارتىشىپلا مىنە. بۇ قىممەتلىك سوۋغا سالامنى ئەكەلمىسىلىمۇ بىز رەنجىپ قالمايتتۇق. دېھقان خەقنىڭ قانداقلىقىنى بىز ئوبدان بىلگەندىكىن.ـ خورلۇق ئىچىدە قىينالغان پەرىدە خانىم نازىرىدىن ھېيىقىشلىرىنى بىرىيەرگە چۆرۈپ تاشلاپ، دەردىنى گەپتىن ئالماقچى بولغاندەك ئېغىزىنى قويۇۋەتتى.

تەنىلىك گەپ ـ سۆزلەر بىچارە ئانىنىڭ ئۇدۇللا يۈرىكىگە تەگدى. ئۆتكۈر بىسلىق پىچاقتىن ئىتتىك بۇ سۆزلەرگە يۈرەكلىرى سۇ ئولتۇرغان ئانا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىشقا تىرىشىسىمۇ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ئاچچىق ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. نازىرىدىن نېمىنىدۇر ئۈمۈت قىلغاندەك ئۇنىڭ چىرايىغا « لاپ » قىلىپ قاراپ سالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قان يىغلاۋاتاتتى. ئىنسانى غۇرۇرى دەپسەندە بولىۋاتاتتى. مەيلى قانچىلىك نامرات بولسۇن، ساددا بولسۇن ئۇمۇ ئوخشاشلا ئانا ئەمەسمۇ؟

پەرزەنت ئۇتىدا كۆيۈپ كۆل بولۇۋاتقان پەرشتە سۈپەت مېھرىبان ئەمەسمۇ؟ ئۇ نىمە دەپ بۇ ياشقا كەلگەندە بۇنداق خورلۇق ۋە زەھەردەك گەپلەرگە ئۇچرىشى كېرەك؟...ئانا شۇ تاپ كۆز ئالدىدىكى بالىسىنىڭ بەختىنى دىمىسە «دات، بالا باققانغا توي، ئانا بولغانغا توي...» دەپ بۇقۇلداپ يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ۋارىسنىڭ ئانىسى بىردەم ئۆزىگە تەسەللى بەرگەندىن كىيىن ، يەنە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چامادانىنى قولىغا ئالدى. ئۇ شۇ تاپ ئۆزىگە مىختەك تىكىلگەن نەچچە جۈپ كۆزدىن ھودۇقۇپلا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ « نىمە چىقاركىن » دەپ بويۇنداپ قارىشىدىن نىمشقىدۇر قورقۇپ قالدى. ئۇ مىڭ بىر تەسلىكتە چامادانىنى ئېچىپ دىلنازنىڭ 2 قۇر كىيىمنى پەتنۇش ئۈستىگە خىجىللىق ئىچىدە ئاۋايلاپ قويدى، ئۈستىگە كىچىككىنە قۇتىدىكى ئالتۇن ھالقىنى تىزدى. ئۇ شۇ تاپ پەردە خانىم ۋە ھېلىقى نەزىرى ئۈستۈن خوتۇنلارنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا زادىلا پېتىنالمايۋاتاتتى. ئۇ يەنە ئاستا چامادانغا قولىنى ئۇزۇتۇپ، نازىر ۋە خانىم ئۈچۈن ئالغان كىيىملىك رەختنى ئېلىشنى ئويلىدىيۇ، تۇرۇپلا توختاپ قالدى. بۇ رەختلەرنىڭ بۇ كاتتا زەردارلار ئالدىدا ناھايىتى ئاددى نەرسە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى. بۇ نەرسىلەرنى ئويلاشمايلا ئېلىپ سالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ نەچچە ئون سىكنۇت ئويلۇنۇپ تۇرۇپ كەتكەندىن كىيىن، باشقىلارنى كۆرۈپ قالمىسۇن دىگەندەك چامادانىنىڭ ئېغىزىنى ئىتتىكلا ئىتىۋالدى.

ـ خا..خا...خانىم. دىلناز قىزىمىزنىڭ ئالدىدا بۇ نەرسىلەر ھېچنەرسە ئەمەس. ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا دىھقان خەق بىر ئىشلارنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلىمايلا كىلىپ قاپتۇق. شۇنداق بولسىمۇ ئاددى كۆرمەي قوبۇل قىلالا....ـ ۋارىسىنىڭ ئانىسى مۇشۇ گەپلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا قانداق جۈرئەت قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. گىپىنى تۈگۈتۈپ يۈرىكىنى بوشقىنا سىلاپ قويدى.

پەردە خانىم ئالدىغا «دوك»لا قويۇلغان ئاددى سوۋغا ـ سالامغا قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇ ۋارىسىنىڭ بۇنداق قىلارنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ « ۋارىس چۇقۇم ياخشى تەييارلىق بىلەن كىلىدۇ. پەرىشتىدەك قىز ئۈچۈن ئۆز لايىقىدا سوۋغات ئالىدۇ. باشقىلار ئالدىدا بولسىمۇ دىلنازنىڭ ئىناۋىتىنى قىلىدۇ...» دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇ شۇ تاپ دوست ـ دۈشمەنلىرى ئالدىدا

نىمە دېيىش ، نىمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئەتراپتىكى ئاياللارنىڭ پىخىلداپ كۈلۈشىدىن شۇنچىلىك خورلۇق، ئازاپ ھېس قىلدىكى، « ماۋۇ ئەسكى لاتا ـ پۇتاڭنى چىكەڭگە تېڭىش، بۇ بىر نىمىلىرىڭگە بېرىپ ئاۋۇ سەھرايىڭدىن ئولتۇرۇپ قالغان قېرى قىزدىن بىرنى ئېلىۋال...» دېگىلى تاس ـ تاس قالدى.

ـ توۋا خۇدايىم توۋا، ماۋۇ ئادەملەرنىڭ قىلىقىنى. جاھاننىڭ نەرىدە قالغان ئادەملەر بۇ...ـ لەۋلىرىنى قىزىلمۇچتەك بويىۋالغان ئايال يەنە بوشقىنا پىچىرلىدى. ـ پەرىدە ، مەن دىمىدىممۇ، ھالى مۇشۇنچىلىكلا...

ـ توۋا، سەھرادىكى دېھقان قىزلىرىنى سوراپ بارغاندەكلا كەپتۇغۇ بۇلار، دىلنازنىڭ نازىرنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىشتىمۇ نىمە؟ ـ چاچلىرىنى قىزغۇچ بويىۋالغان ئايالمۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ـ ئىست، ئىست دىلناز. كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار ئوخشايدۇ سىنىڭ...

ـ ھەي، بەختسىز قىز. كاتتا يەرلەرنى قايتۇرغۇنىڭنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇ. كۈنلىرىڭ ئەمدى ئاجىزلارنى يۈلەش بىلەن ئۆتەرمۇ سىنىڭ...

ئىككى ئايال پەرىدە خانىمنىڭ ئىچىشقان يېرىگە ئاچچىق تۇز سېپىپ كۇسۇرلىشىپ كەتتى. لېكىن ياندا ئولتۇرغان ھېلىقى ئاددىلا كىيىنگەن سەمىمى ئايال بۇ ئۆزىنى سورىمايدىغان كوت ـ كوت خۇتۇنلاردىن قاتتىق نەپرەتلەندى. ئۇ پەرىدە خانىمنىڭ چىرايىغا قاراپ تېڭىرقاپ قالغان بىچارە دېھقانلارنى تەڭلىكتە قويماسلىقنى مۇۋاپىق تاپتى ـ دە، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزرىخالىققا كەلدى.

ـ ھەشقاللا، ھەشقاللا... ئۆزلىرىنى جاپاغا سېلىپ قويدۇق. رەخمەت...ـ ئايال تەكەللۇپ ئىچىدە پەتنۇسنى ئېلىپ ، ھېلىقى ئىككى ئايالغا قاراپ بېشىنى ئاستا چايقاپ قويۇپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

پەرىدە خانىمنىڭ ئاچچىق گەپلىرىدىن ئازاپلىنىپ يىغلىۋېتىشكە تاس قالغان ۋارىسىنىڭ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ زەھەرلىك گەپلىرى كىرمەيمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولۇپ ، ئىچى تېخىمۇ سىقىلىپ كەتتى. يۈقىرى يەرگە يامىشىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن خىروستالدەك پاك، ساددا قەلبى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئۆزى قانچىلىك ئازاپ تارتسا مەيلىدى، خورلۇق ئىچىدە ياشىسا مەيلىدى، لېكىن «ئەرنى ئەر

قىلغانمۇ خۇتۇن، يەر قىلغانمۇ خۇتۇن» دەپ پەردە خانىمنىڭ تۇرۇپلا نازىرنىڭ گېپىنى بۆلۈپ تاشلاپ، بۇ تويغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ سېلىشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بەختىنىڭ بۇ ئايالنىڭ بىر گېپى بىلەنلا كۆپۈكتەك تۇزۇپ كېتىشىگە راستىنلا چىدىمايتتى. توغرا، ئانا-ئانا ئاشۇنداق قۇربان بەرگۈچى، بالا بەختى ئۈچۈن ئوتتا كۆيۈپ سۇدا ئاققۇچى. ئاتا-ئانا بالا ئۈچۈن ھەر قانداق جاپالارنى چېكىشكە رازى. مەڭگۈلۈك ئازاپ تارتىشقا رازى. ئۇنىسىز ياش تۆكۈشكە رازى...ئاتا-ئانا ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئىنسان. ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر ئارزۇلايدىغىنى پەقەت شۇ بالا. پەقەت شۇ بالىنىڭ كۈلكىسى، خوشاللىقى...ئۆزى قانچىلىك مۇشكۈلاتلار ئىچىدە ياشىسۇن ئۇ ھېچنەرسە ئەمەس، لېكىن بالىنىڭ كۆزىدە تامچە ياشنى كۆرسىمۇ يۈرىكى چىدىمايدۇ. بالا دەردىدە يۈرىكى قان يىغلايدۇ...

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى. نازىرمۇ، پەردە خانىممۇ، ئۇلارنىڭ يېقىن-يۇرۇقلىرىمۇ جىمىمدە بولۇپ قالدى. نازىر غەزەپتىن بېشىنى تىنىمسىز چايقايتتى. ئايالىنىڭ قىلىقلىرىدىن ئاغرىناتتى. ئالدىدىكى بىقۇۋۇل مېھمانلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويغىنىدىن قاتتىق ئۇكۇنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئىرادىسى چىڭ ئىدى. ئايالىنىڭ ئىدىيەسىنى تېزلا ئۆزگەشۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ۋارسىنىڭ دادىسى خوشلۇشۇپ مېڭىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىمۇ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى:

- كۆپ جاپاغا سېلىۋەتتۇق نازىر، بىرسى ئاللانىڭ ھىممىتى ، يەنە بىرسى ئۆزلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا بۇ ئىككى بالا ئۆمۈرلۈك بەختىنى تاپقاي...

-خاتىرجەم بولسىلا ئاكا، باللارنىڭ بەختى بىزنىڭ بەختىمىز. بۇ ئىككى بالىنىڭ توينى خۇدايىم بۇيرىسا راۋۇرۇس ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن.-نازىر قەتئىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ۋارسىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا تىكتى.

-رەخمەت، رەخمەت نازىر. ئۆزلىرىگىمۇ كۆپ رەخمەت پەردە خانىم. خۇدا ھەممىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئاسان قىلغاي...

ۋارس ئائىلىسىدىكىلەر نازىرنىڭ ئۆيىدىن ئەنە شۇنداق تەكەللۇپ ئىچىدە خوشلۇشۇپ چىقتى. ئۇلار سىرتقا چىقىپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن قۇشتەك قىنىپ-قىنىپ نەپەس ئالدى. ھەممە كۆڭۈلسىزلىك،قاتتىق-قۇرۇق

گەپلەرنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە كۇمۇۋەتمەكچى بولغانەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. پەردە خانىمنىڭ ھەر بىر سۆزىنىڭ پەقەت بالا ئۇچۇن بولىۋاتقانلىقىنى ئۇلار ئاغرىنىپ تۇرۇپ تۇغرا چۈشەندى. دىمىسىمۇ ئۇلار ئوغلىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىشنى خالىمايتتى. نازىر رازىلىق بەردى. توي ۋاقتى بېكىتىلدى. چوڭ ئىش تۈگىدى. شۇڭا ئوغلىنىڭ پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشىدىغان بەختى ئالدىدا بۇنچىلىك ئاغرىنىش ھېچنەرسە ئەمەس. ھەم بۇنچىلىك زور پەرق ئالدىدا پەردە خانىمنىڭ خاپا بولۇشىمۇ تەبىئى ئەھۋال...ۋارىسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوخشاشلا ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بەردى...

شەنبە بولسىمۇ خىزمەتكە كەتكەن دىلناز بىلەن تېلېفوندا پاراڭلاشقان ۋارىسنىڭ كۆڭلى ناھايىتى خوشال ئىدى. ئۇ دىلنازنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ئاۋازى، تىنىقىنى ئاڭلىسىمۇ ئالەمچە شاتلىققا چۆمەتتى. ھەممە خاپىلىقلارنى ئۇنتۇيتتى. ئۇ ئالدىغا كۈلۈمسىرەپ كىلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ باشقىچە جانلاندى. ئۇلاردىن مۇھىم بىر خوشخەۋەرنى ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلىپ ئۈلگۈردى. ئانا نىمىشقىدۇر ئاستا كىلىپ ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلىدى. چاچلىرىنى بوشقىنا سىلىدى. تىنىقىنى قىنىپ ھىدلىدى. ئۇن باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ ئالەمچە بەخت تىلىدى. ئۇ بىردەم ئوغلىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ تۇردىيۇ ، نىمىشقىدۇر بايىقى ئىرادىلىرىنى بىر ياققا قايرىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەيۈس كۆزلىرىدى مارجانەك ياشلار تاراملاپ تۆكۈلدى. ئانا قۇچىقىدا بەختكە چۆمگەن ۋارىسنىڭ يۈرىكى تۇرۇپلا «قارت» قىلىپ قالدى ـ دە، ئانىسىنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە تىكىلدى.

ـ ئانا، سىزگە نىمە بولدى؟ بىرەر كۈڭۈلسىزلىك بولدىما؟

ـ يا..ق،ياق...بالام. پەقەت سىنىڭ بەختىڭنى كۆرۈپ خوشاللىقتا ئۆزەمنى تۇتىۋالالمىدىم. بىلەمسەن بالام، توي كۈنۈڭ بېكىتىلدى. 18 ـ چىسلا قىلىدىغان بولدۇق.ـ بىچارە ئانا قايغۇلىرىنى ئوغلىنىڭ بىلىپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنى قايتىدىن باغرىغا باستى ـ دە، كۆيىنىكىنىڭ يېڭى بىلەن ياشلىرىنى تىزلا سۈرتىۋالدى. بۇ جاپاكەش ساددا ئانا دۇنيادىكى باشقا بارلىق ئانىلارغا ئوخشاش، ئەنە شۇنداق پەرزەنتىگە مەڭگۇ قايغۇسىنى ئەمەس، بەلكى كۈلكىسىنى، خوشاللىقىنىلا كۆرستىشنى خالايتتى... ئانىنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ ۋارىسنىڭ دادىسىمۇ،

پاتمەمۇ، دوستى مۇرادىلمۇ ۋارسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولغانلىقىنى قايتا ـ قايتا مۇبارەكلەشتى...

شەنبە بولسىمۇ خىزمەتكە كەتكەن دىلنازنىڭ بىلەن تېلېفوندا پاراڭلاشقان ۋارسىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى خوشال ئىدى. ئۇ دىلنازنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ئاۋازى، تىنىقىنى ئاڭلىسىمۇ ئالەمچە شاتلىققا چۆمەتتى. ھەممە خاپىلىقلارنى ئۇنتۇيتتى. ئۇ ئالدىغا كۇلۇمسىرەپ كىلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ باشقىچە جانلاندى. ئۇلاردىن مۇھىم بىر خوشخەۋەرنى ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇلگۇردى. ئانا نىمىشقىدۇر ئاستا كىلىپ ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلىدى. چاچلىرىنى بوشقىنا سىلىدى. تىنىقىنى قىنىپ ھىدلىدى. ئۇنى باغرىغا بىسىپ تۇرۇپ ئالەمچە بەخت تىلىدى. ئۇ بىردەم ئوغلىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ تۇردىيۇ ، نىمىشقىدۇر بايىقى ئىرادىلىرىنى بىر ياققا قايرىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەيۈس كۆزلىرىدى مارجاندەك ياشلار تاراملاپ تۆكۈلدى. ئانا قۇچىقىدا بەختكە چۆمگەن ۋارسىنىڭ يۈرىكى تۇرۇپلا «قارت» قىلىپ قالدى ـ دە، ئانىسىنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە تىكىلدى.

ـ ئانا، سىزگە نىمە بولدى؟ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىما؟

ـ يا...ق،ياق...بالام. پەقەت سىنىڭ بەختىڭنى كۆرۈپ خوشاللىقتا ئۆزەمنى تۇتىۋالالمىدىم. بىلەمسەن بالام، توي كۇنۇڭ بىكىتىلدى. 18 ـ چىسلا قىلىدىغان بولدۇق.ـ بىچارە ئانا قايغۇلىرىنى ئوغلىنىڭ بىلىپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنى قايتىدىن باغرىغا باستى ـ دە، كۆينىكىنىڭ يېڭى بىلەن ياشلىرىنى تىزلا سۈرتىۋالدى. بۇ جاپاكەش سادىدا ئانا دۇنيادىكى باشقا بارلىق ئانىلارغا ئوخشاش، ئەنە شۇنداق پەرزەنتىگە مەڭگۇ قايغۇسىنى ئەمەس، بەلكى كۇلكىسىنى، خوشاللىقىنىلا كۆرسىتىشنى خالايتتى... ئانىنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ ۋارىسنىڭ دادىسىمۇ، پاتمەمۇ، دوستى مۇرادىلمۇ ۋارسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولغانلىقىنى قايتا ـ قايتا مۇبارەكلەشتى...

دىلنازنىڭ ئالدىراش كۇنلىرى باشلاندى. ئۇ بەزىدە خىزمەتكە يۈگۈرسە، بەزىدە ۋارس بىلەن يىڭى ئۆينى لاھىيەلەش، نەرسە ـ كىرەك سىتىۋىلىشقا قاترىدى. بەزىدە تويلۇق ئىلىش ئۈچۈن ۋارس بىلەن بازار ئايلاندى. ئۇ ئاپىسىنىڭ بەزى مىجەزلىرىنى ئىنىق بىلەچكە، ۋارسقا ئۆزى

تەييارلىق قىلىپ يىققان 10 مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي تۇتقۇزۇپ، توينى ئازادىراق ئۆتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياردەم بىرىۋاتقانلىقىدىن خوشال ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز بەختىنى تاپقان، هاياتىنىڭ ئەڭ لەززەتلىك پۇرسىتىنى كۈتىۋاتقان، مۇھەببەتنىڭ شىرىن ۋىسالىغا يىتىشكە ئالدىرىۋاتقان ئىدى. ئۇ مەيلى قانچىلىك قۇربانلارنى بەرسۇن ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن بەختلىك تۇرمۇش مۇساپىسىنى بېسىش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا توي كۈنىدە ۋارسىنىڭ قۇچىقىغا سىڭىپ كىتىدىغان هاياجانلىق مىنۇتلارنى پات-پات خىيال قىلىپ قالاتتى. ئۆزىنىڭ تاتلىق خىياللىرىدىن ئۆزى خىجىل بولۇپ، ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن توسىۋالاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەنلىك خەۋەرلەرنى ئۇقۇپ بولغان دىلناز ئالدىراپ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ هەر كۈنىگە ئوخشاشلا يەنىلا شۇنچىلىك جەزبىدار، شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى. كۆز ئالدىدىكى بەختىنىڭ تەسىرىدىنمۇ چىرايىدا بىر خىل خوشاللىق جىلۋە قىلاتتى. ئۇ توي كۈنىگە پەقەتلا 3 كۈن قالغانلىقىنى ، ئەمدىلىكتە رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە قايتىش، توي تەييارلىقىنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئويلىغاچ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئىشخانىغا كىرديۇ، ئۈستەل ئۈستىدە جۈللىنىپ تۇرغان بىر دەستە قىپ-قىزىل ئەتىرگۈلنى كۆرۈپ ئورنىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. جىددىلىك ئىچىدە تۇرغان يۈرىكى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سىزىپ ئۈلگۈردى. ئالدىدىكى ئەتىرگۈل ئۇنىڭغا بىر زەھەرلىك قولدەك زاهىر بولىۋاتاتتى . « توۋا، توۋا، يەنە شۇ ئاۋالقىدەكلا قىزىل ئەتىرگۈل، ئالدىنقى 2 قېتىمغا ئوخشاشلا ئورالغان ئەتىرگۈل...» دىلنازنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى ئەتىرگۈل ئەمەس بەلكى قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقتەك هۇدۇقۇش ئىچىدە، نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئالايدى. ئۇ خىزمەتداشلىرى ئالدىدا كەيپىياتىنى ئوڭشىۋېلىشقا تىرىشسىمۇ يەنىلا قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك ئىچىدە بىئارام بولىۋاتاتتى. ئۇ خىزمەتداشلىرىدىن گۈلنى كىمنىڭ ئەكەلگەنلىكىنى سورىمىدى، گۈلنى قولىغا ئېلىپ پۇراپمۇ قويمىدى، هەتتا كارتوچكىدىكى خەتلەرگىمۇ قارىمىدى. ئۇ شۇ تاپ كارتوچكىدىكى « سىزنى سۆيىمەن» دىگەن ئىمزاسىز خەتنى كۆرۈشتىن بەكلا قورقاتتى. ئۇ نىجىس بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك گۈلنى نېرىغا ئىتتىرىپ قويۇپ ئولتۇردى. < توۋا، بۇ

نىمە كۈن ئەمدى؟ئىستانسا باشلىقى تۇرۇپلا ئۆزگۈرۈپ قالمىغانمىدى؟ ماڭا خىجىللىق ئىچىدە قاراپ، ئۆز ئاكىسىدەكلا مۇئامىلىدە بولمىغانمىدى؟ شۇ قېتىم بىكەتتىن ئۇن-تىنسىزلا كەتكەندىن بىرى ماڭا بىرەر قېتىممۇ تېلېفون قىلمىغان، بىرەر قېتىممۇ قالايمىقان ئۇچۇر يوللىمىغان، ھەتتا بىرەر قېتىممۇ يولۇمدا ساقلاپ تۇرمىغان ئەمەسمىدى؟ مەن ئۇنىڭ نىمە سەۋەپتىن ئۆزگۈرۈپ قالغانلىقىنى بىلمىسەممۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا باشقىچىلا ھۆرمەتتە بولمىغان ئەمەسمىدىم؟ ئەمدى بۇگۈنكە كەلگەندە ئۇنىڭغا يەنە زادى نىمە بولدى؟ مىنىڭ توي قىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ يەنە نىيىتى بۇزۇلىۋاتامدۇ؟ قارا كۆڭلى كۈنچىلىك تارتىۋاتامدۇ؟...> دىلنازنىڭ ئويلىغانسىرى بېشى چىڭقىلىپ كەتتى. توي بولۇشقا ئازلا كۈن قالغاندا ئىستانسا باشلىقىنىڭ ۋارس بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا يەنە تىكەندەك پەيدا بولۇپ، بەختىنى ۋەيران قىلىشقا ئورۇنىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئۈركۈندى.

خىياللار ئىچىدە ئۇزاقتىن -ئۇزاق ئازاپلانغان دىلناز تۇرۇپلا ئىستانسا باشلىقىدىن توي رۇخستى ئېلىش نىيىتىدىن يېنىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى بۆرە قوتىنىغا باشلاپ كىرىشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كىيىن ، خىزمەتداشلىرىغا ئەتىدىن باشلاپ توي تەييارلىقى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىستانسا باشلىقىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىپ ئالدىراپ ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇ پەشتاقتىن شۇنچىلىك جىددىلىك ئىچىدە چۈشتى، خۇددى ئىستانسا باشلىقى تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ كىلىپ ئۇنى قوچاقلىۋالىدىغاندەك، قويۇق قاپقارا بۇرۇتلار ئاستىدىكى قېلىن لەۋلىرىدە ئۇنى قىنىپ سۆيۋالىدىغاندەك بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرىنى ئەتراپقا ئەندىكىش ئىچىدە ئاغدۇرۇپ تىز-تىز يۈگۈردى. دىمىسىمۇ ئۇنىڭ بىر مەزگىل تىنچ ئۆتكەن تۇرمۇشىدا بۈگۈن تۇيۇقسىز بىر قورقۇنچلۇق قارا سايە پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىشكتىن ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن دىلناز پەردە خانىمنىڭ تاماققا زورلىشىغىمۇ قارىماي ئۈستىنكى قەۋەتكە چىقتى. ئۇ خۇددى ئىستانسا باشلىقى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەندەكلا ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ قۇلۇپلاپ ، ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلىدى. قاپ-قارا ئۇزۇن سومبۇل چاچلار كارۋاتقا يېيىلدى. بۇلاقتەك ئويناق كۆزلەر مىسكىنلىك ئىچىدە تورۇسقا تىكىلدى. غۇنچىدەك لەۋلەر سەدەپتەك پارقىراق چىشلار ئارىسىدا ئازاپلىق

قىسىلدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلار تۆكۈلدى. ئورنىدىن قوپۇپ خۇددى بىر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىماردەك، نازۇك قوللىرى بىلەن كۆكرىكىگە بىر نەچچىنى مۇشتلاپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپ بۇ مەھكۇملۇقتىن ، دەرتتىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

چېچىنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ كەتكەن دىلناز بۇ ئادالەتسىز جاھاندىن، مۇرەككەپ تۇرمۇشتىن، رەزىل ئادەملەردىن قاتتىق ئاغرىندى. ئۆز ئىززىتىنى ساقلىمايدىغان ، ئائىلىسىنى ئويلىمايدىغان ، ھىسيات ئالدىدا قۇل بولۇپ بىمەنىلىكنى تاللىۋالغان ئىستانسا باشلىقىدىن ئۆلگۈدەك نەپرەتلەندى. «نىمە ئۈچۈن مىنى تىنچ ياشىغىلى قويمايدۇ، مىنى خاتىرجەم تۇرمۇش قىلغىلى قويمايدۇ. نىمە ئۈچۈن، زادى نىمە ئۈچۈن؟؟؟» دىگەن سۇئاللار ئۇنىڭ پۈتۈن ئېڭىنى قاپلىغان ئىدى. ئازاپ ئىچىدە قىينىلىۋاتقان دىلناز تۇيۇقسىز سايراپ كەتكەن ئۈستەل ئۈستىدىكى يان تېلېفۇنغا قاراپ تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشتى . ئۇ ياشلىق كۆزلىرىنى تېلېفۇنغا تىكىپ مۇزدەك تەرلەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. تېلېفۇننىڭ ئاۋازى خۇددى ئىستانسا باشلىقىنىڭ ئاۋازىدەكلا ئاڭلىنىپ، ئىككى قولى بىلەن قۇلىقىنى چىڭگىدە ئېتىۋالدى. لېكىن تېلېفون سايراشتىن توختىمىدى. ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كىلىۋەردى. قورقۇپ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن دىلناز تېلېفوندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. لېكىن ئۇنى ئېلىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ شۇ تاپ ۋارىسىنىڭ سوۋغىتى دىمىسە، تېلېفوننى ئېلىپ دەرىزىدىن يىراق-يىراقلارغا چۆرۈپ تاشلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ بىردەم ئۇھ تارتىپ ئېغىر-ئېغىر نەچچىنى تىنىۋەتتى. توختىماي سايراۋاتقان تېلېفونغا قاراپ ، ئامالسىز «بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن» دەپ ئويلاپ، تېلېفوننى ئېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بىر قولىدا يۈرىكىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا تىترەپ تۇرۇپ تېلېفوننى ئالدى-دە، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە قۇلىقىغا ئاپاردى.

-ۋەي، دىلنازما؟ ۋەي،ۋەي...

دىلناز تۇيۇقسىز ئاڭلانغان تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈگەندەك تېلېفون نومۇرىغا قايتىدىن سەپسالدى. چىڭ يۇمۇلغان شەھلا كۆزلىرى چوڭ-چوڭ ئېچىلدى، لەۋلىرى بىلىنەر بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. ئۇ نومۇرنى خاتا كۆرۈپ قالغاندەك تېخىمۇ دىققەت بىلەن كۆز يۈگۈرتتى. « توۋا، توۋا...ئەسلى بۇ تېلېفون ئىستانسا باشلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ۋارىستىن كەلگەنىكەندە...»

دىلنازنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكى بىر ئاز جايىغا چۈشكەندەك بولدى. غەمكىنلىك باسقان چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى. ئۇ بەزى سىرلارنى ۋارىسنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، تېلېفوننى قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ بىردەم «ئۇھ» دەپ ئېغىر-ئېغىر تىنىۋالدى.

-ۋەي، ۋارىسما، مەن ئاڭلاۋاتىمەن.- ئۇ شۇنچىلىك پەس ئاۋازدا سۆز قايتۇردى.

-نېمە بولدى دىلناز؟ تېلېفوننى 10 قېتىمدىن ئارتۇق ئۇرساممۇ ئالمىدىڭىز؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

-يا..ق،ياق...-دىلناز ھودۇقۇپلا كەتتى.-شۇ...شۇ...تېلېفوننى ياتاق ئۆيۈمدە قويۇپ پەسكە چۈشۈپ كېتىپتىكەنمەن. ھازىر چىقسام سايراپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا دەر ھاللا ئېلىشىم...

ھە، مۇنداق دەڭ. مەن تېخى نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن. قانداق ، گۈلنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭىزما؟

-نى...نى...نېمە؟- قايسى گۈلنى؟- دىلناز ۋارىسنىڭ قۇپاللا سورىغان سوئالىدىن چۆچۈپ، تەئەججۈپ ئىچىدە تېلېفونغا قاراپ قالدى. ۋارىس ھەممە ئىشلارنى بىلىپ قالغاندەك يەنە بىر قېتىم ساراسىمىگە چۈشتى.

-قىزىق، بۈگۈن ئىشخانىدا بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈل تاپشۇرۇپ ئالمىدىڭىزما؟

-ھە...ياق...ھە....-دىلنازنىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى.- سىز بۇنى قانداق بىلىسىز؟

-نېمە؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟ سىزگە مەندىن باشقىمۇ گۈل سوۋغا قىلىدىغان ئادەم بارمىتتى؟

ۋارىسنىڭ سوئالى دىلنازنى لەسسىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. لېكىن دىلناز تۇرۇپلا يەنە خوشال بولغاندەك قىلاتتى. بۇ گۈلنى ئىستانسا باشقىلىقى ئەمەس بەلكى ۋارىس سوۋغا قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ، باياتىن بېرى يۈرىكىنى قامالاپ تۇرغان ئەندىشىلىرى ئاستا-ئاستا يوقىغاندەك بولدى.

-ياق، ياق...ئۇنداق ئەمەس. بۇ...بۇ...بۇ گۈلنى سىز سوۋغا قىلغانما؟ ئەجەپ بۈگۈن گۈل سوۋغا قىلىپ قاپسىزغۇ؟

-توۋا، نىمانداق ئۇچۇر قىلمايدىكەن دىسەم ئەسلىدە ھەممىنى ئۇنتۇپتىكەنسىز ئەمەسما؟ بىلەمسىز بۈگۈن قانداق كۈن؟ بۈگۈنچۇ سىزنىڭ

تۇغۇلغان كۈنىڭىز...

ـ نىمە؟ ۋاي خۇدايىم.ـ دىلناز ئىغىزىنى تۇتۇپلا قالدى. دەل ۋارس دىگەندەك بۈگۈن 15ـ چىسلا . ئۆزىنىڭ 24ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى ئىدى.ـ توۋا خۇدايىم توۋا، تويىنىڭ جىددىيلىكىدە بۇ كۈننىمۇ ئۇنتۇپتىمەن دىسە..رەخمەت...رەخمەت ۋارس، رەخمەت...ـدىلناز تۇرۇپلا ئىسەدەپ كەتتى، ۋارسنىڭ ئوتلۇق كۆڭلىدىنمۇ ياكى بايىقى قورقۇنۇچلۇق خىياللىرىنىڭ يۇقالغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆزىنى زادىلا تۇتىۋالالمىدى.

ـ نىمە بولدى دىلناز، نىمانداق كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ يىغلايسىز...

ـ ياق ۋارس ، ياق... خوشاللىقتا يىغلاۋاتىمەن، سىزنى سېغىنىپ يىغلاۋاتىمەن...

ـ بولدى. بولدى...قۇتلۇق كۈنلەردە ياش تۆكمەي خوشال ئۆتۈڭ. قارىغاندا كارتوچكىدىكى خەتلەرنىمۇ كۆرمىگەندەك قىلىسىز. شۇڭا تېلىفۇندا بولسىمۇ تىلەكلىرىمنى يەتكۈزىۋالاي. قەدىرلىكىم ، قۇتلۇق كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، مەڭگۈ مۇشۇنداق گۈزەل رۇخسار سىزگە ھەمرا بولسۇن، كېلەر يىلى مۇشۇ كۈندە ماڭا ئۇماق ئوغۇلدىن بىرنى تۇغۇپ بىرىشىڭىزگە تىلەكداشمەن...ـ تېلىفۇندىن ۋارسنىڭ «چوك» قىلىپ سۆيگەن ئاۋازى كەلدى. دىلناز ھاياجان ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە تېلىفۇننى يۈرىكىگە باستى.

ۋارس بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشقان دىلنازنىڭ قورقۇنۇچلۇق خىياللىرى نەلەرگىدۇر يۇقالغان ئىدى. ئۇ شۇ تاپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كىتىۋاتاتتى. ئەتىگەندىن بىرى ئۆزىنى ئازاپلاپ كەلگەن خىياللارنىڭ ئەسلى بىر قورقۇنچلۇق چۈش ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇنسىز جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ كۈلۈپ سالدى. « قىزىق ئىش، قورققانغا قوش كۆرۈنەر دەپ نىمانداق ئۆزەمدىن ئۆزەم قورقۇپ يۈرگەندىمەن ھە، ئۇ ئەسلى ۋارس سوۋغا قىلغان گۈلكەنغۇ» دىلناز ئۆز-ئۆزىگە قايتا قايتا پىچىرلىدى. ئىشخانىسىدا بۇيۇن قىسىپ قالغان ئىگىسىز ئەتىرگۈلنى ئەسلەپ قالدى. ئەتىگەن كۆزىگە زەھەردەك كۆرۈنۈپ سەسكەنگەن گۈللەرنى تۇرۇپلا باغرىغا باسقۇسى، قىنىپ-قىنىپ ھىدلىغۇسى، ئۇنىڭ بەرگىلىرىنى ئاپئاق مەڭزىگە ياققۇسى كەلدى. قىزىل ئەتىرگۈل شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆزىگە ۋارسنىڭ قىزىل يۈرىكىدەك كۆرۈنۈپ كىتىۋاتاتتى. ھاياجان ئىچىدە تىترەۋاتقان دىلناز تۇرۇپلا ئىستانسا باشلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى شەھۋەتلىك

كۆزلىرى بىلەن يېقىندىن بۇيانقى سەممىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى سىلىشتۇرۇپ چىقتى. كېيىنكى ئۆزگە قىلغان سەممى مۇئامىلىسىنى ئەسلىدى. بۈگۈنكى بارلىق ئەندىشىلەرنىڭ ئەسلىدە تۇلىمۇ بىمەنە ئەندىشە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا ئىستانسا باشلىقىغا باشقىدىن ھۆرمىتى قوزغالدى. ئۇ ئىستانسا باشلىقىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشىگە زادى نىمە سەۋەپ بولغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن ئۆزىنى مەڭگۇ بىئارام قىلمايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىۋاتاتتى...ئىستانسا باشلىقىنىڭ ۋارسىنىڭ شىرەم تۇققىنى ئىكەنلىكى دىلنازغا مەڭگۈر سىر بولۇپ قالغان ئىدى...

تويى-ئۇ ئىككى قەلبنىڭ بىرلىشىشى، مۇھەببەتنىڭ ۋىسال تېپىشى، ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرلۈك تۇرمۇش مۇساپىسىنىڭ مۇقەددىمىسى. توي بەلكىم بىر قىسىم ئاشىق-مەشۇقلارنى مەڭگۈلۈك ۋىسالغا يەتكۈزىشى، گۈزەل كەلگۈسىگە باشلاپ بېرىشى، ئۇلارغا ئۈمۈت، ئىشەنچ ئاتا قىلىپ، مەڭگۈلۈك ئائىلە بەختى ئىچىدە ئۇتتۇشكە تۈرتكە بولىشى مۇمكىن، بەلكىم بىر قىسىم ئاشىق-مەشۇقلارنى بىر مەزگىللىك شىرىن كۈنلەردىن كېيىن مەڭگۈلۈك ئايرىۋېتىشى، خوشاللىقتىن مەھرۇم قىلىۋېتىشى، ئۇلارنى ئۆمۈرلۈك ئەشەددى رەقىبلەرگە ئايلاندۇرۇپ، بەختسىز پەرزەنتلەرنى يېتىم قالدۇرىشىمۇ مۇمكىن. ناتۇنۇش قىز-يىگىتلەر نىكاھىنىڭ مېھرى بىلەن ئۆمۈرلۈك ئەر_خوتۇنلاردىن بولۇپ قالسا، نەچچەيىل سىنىشىپ مەڭگۈلۈك قەسەملەرنى بىرىشكەن ئاشىق-مەشۇقلار ئۇزاققا بارماي نىكاھىغا خاتىمە بىرىپ جۇداللىققا مەھكۇم بولىشىمۇ مۇمكىن. توي- ئۇ خىيالى چۈش ئەمەس. ئۇ دىگەن رىئاللىق. ئىنسان-ئۇ ئۆزگەرگۈچى. مۇھىتقا قاراپ قايتىدىن يېتىلگۈچى، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلغۇچى، ھىسيات ئالدىدا ئازغۇچى، شەيتانغا قۇل بولغۇچى... دىمەك-مەڭگۈلۈك بەختنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىش بىر ئەخمەقلىق. پەقەت ھەر بىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ھەر بىر قەدەمگە دىققەت قىلىش، تۇرمۇشتىكى ھەر بىر ئىشتا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولۇش-دەل بەختنىڭ ئاساسى. نىكاھ- ئۇ زىددىيەت- تۇقۇنۇشقا تولغان بىر مەيدان جەڭ. ئۈمۈتۋار، ۋاپادار، ئىرادىلىك، مەسئۇلىيەتچان ئادەملەر غەلىبە قىلىپ، ئەخلاقسىز، چۈشكۈن، مۇددىئا مەقسەتسىز، ئازغۇن ئادەملەر مەغلۇپ بولىدىغان ئاشۇنداق قۇرالسىز، رەھىمسىز بىر مەيدان جەڭ...

بۈگۈن ئۇرۇمچىنىڭ ئەڭ ئاۋات رىستۇراندا توي. بۇ باشقا بىر

ئادەمنىڭ ئەمەس دەل ۋارىس بىلەن دىلنازنىڭ تويى. بىر مەزگىللىك ئازاپلىق ئەسلىمىلەرگە جۆر بولۇپ، نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپ ئېرىشكەن ئەڭ بەختلىك بىر كۈن. زارىقىپ كۈتۈشلەر ۋىسال تاپقان كۈن. ئىككى ياشنىڭ قەلب قەسىرىگە گۈزەل نەقىش ئويۇلىدىغان، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بەختىيار دەقىقىلەردىن مەستخۇش بولىدىغان قۇتلۇق كۈن.

ئەنە، ھەشەمەتلىك كاتتا رىستورانىنىڭ مەركىزىدىكى نەقىشلىك كىرىسلودا سالاپەتلىك يىگىت ۋارىس بىلەن ئاپئاق توي كوينىكى كىيىپ تورزدەك ياسانغان دىلناز خۇددى رىۋايەتلەردىكى شاھ-خانىشلاردەك بىر-بىرىگە مېھرى بىلەن بېقىشىپ ئولتۇرۇشماقتا. ئۇلار بۈگۈن شۇنچىلىك خوشال. چىرايىدىن بەخت نۇرى قۇياشتەك تۆكۈلۈپ تۇرماقتا. رىستورانغا كەلگەن ھەر بىر مېھمان بۇ خۇددا قوشقان كىلىشكەن بىر جۈپلەرگە ھەۋەسلىنىپ قاراشماقتا. ئەنە، ۋارىسنىڭ يېقىن دوستى مۇرادىل بىلەن دىلنازنىڭ يېقىن دوستى گۈلشەن قولداش بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك خىزمەت قىلماقتا. نازىر بىلەن قىزىل گۈلدەك ياسىنىۋالغان پەرىدە خانىم توختىماي كىلىۋاتقان بىر-بىرىدىن ئېسىل كىيىنگەن ئەر-ئاياللارنىڭ مۇبارەك ، مەدھىيەلىرى ئىچىدە ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشمەكتە. ئەنە، تەرەپ-تەرەپتىن چىلىنىۋاتقان داقا-دۇمباق، ناغرا-سۇنايلار، سەھنىدە ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان داڭلىق سەنئەتكارلار، يېڭى كىلىنچەك ۋە يىگىتكە چېچىلىۋاتقان رەڭدار چاچقۇلار، گۈل بەرگىلىرى....

بۈگۈن ھەممە مېھمانلار ئۈزاقتىن بېرى مۇشۇ تويىنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا بۇرۇنلا كىلىپ بولغان بولۇپ، رىستوران ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. توي زىياپىتى باشلاندى. ئۈستەلگە ئارقا-ئارقىدىن ھەر خىل قورۇملار تىزىلدى. نازىر ۋە خانىم گۈل تاقىغان بىر قىسىم ئەر-ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈستەللەرنى ئارىلاپ مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى. ھەممە شۇنداق قىزغىن، شۇنداق خوشال كەيپىياتتا ئىدى. پەرىدە خانىم بوغماق تۇرقىغا ياراشتۇرۇپ قىپ-قىزىل كۆينەك كىيىپ، ئۈستىگە ھالرەڭ شارپا ئارتىۋالغان ، ياراشتۇرۇپ قېنىق گىرىم قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن چىرايىدىن يەنە بىلىنەر-بىلىنمەس بىئاراملىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تويغا رازىلىق بەرگەن بولسىمۇ ، نىمىشقىدۇر ۋارىس يېنىدا پەرىزاتتەك ئولتۇرغان قىزىغا بىئاراملىق ئىچىدە پات-پات قاراپ قوياتتى. قايسىبىر ئۈستەلنىڭ بۇلۇڭىدا ھەيرانلىق

ئىچىدە كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ ئولتۇرغان  قۇدىلىرىغا قاراپ يۈرىكى  سىقىلاتتى ...

بۇلۇڭدىكى بىر ئۈستەلگە تىقىلىپ قالغان ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى راستىنلا قورۇنۇش ئىچىدە داڭ قېتىپ قالغان ئىدى. بۇلۇپمۇ كەڭ سەھنىگە چىقىۋېلىپ بىرسى-بىرسىگە چاپلىشىپ دىگۇدەك تانسا ئويناۋاتقان قىرى-ياش ئەر-ئاياللارغا قاراپ كۆزى ئالى چەكمەن بولۇپ كىتىۋاتاتتى. دىمىسىمۇ ئۇلار تا ھازىرغىچە بۇنداق رىستۇراندا ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا توي مۇراسىمىغا داخىل بولۇپ باقمىغان ، بۇنداق قىرىپ قالسىمۇ چىرمىشىپ ئويناپدىغان ئۇسۇللارنى، ئۈستەل ئۈستىدىكى بۇنداق ئىسراپچىلىقلارنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. پەقەت سەھرادىكى ئاشۇ مەشرەپلىك ئاددى توي مۇراسىمىغىلا شاھىت بولغان، ئاددى بولسىمۇ مەكتىنىڭ مۇڭلۇق مۇقام ناخشا-كۈيلىرى ياڭراپ تۇرىدىغان، ئۆزگىچە قىزىيدىغان، ھەر خىل ئەنئەنىۋى ئۆرپ ئادەت ساقلىنىپ قالغان تويغا قاتنىشىپ كەلگەن. ئۇلار بۇ كاتتا توينى كۆزۈتۈپ ئۆز سەھراسىدىكى ئاددى تويلارغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئۇكۇنۇش ئىچىدە ھىس قىلىشتى. لېكىن ئۇلار ئىچ-ئىچىدىن خوشال ئىدى،  مەيلى نىمىلا بولمىسۇن بۇگۇن توي بولدى، نىكاھ ئوقۇلۇپ دىلنازنىڭ بېشى ۋارىسقا قىتىلدى. ئۆزلىرىنىڭ ھاردۇقى چىقتى. بۇرۇنقى ئاچچىق تەنە گەپلەر ، خورلۇقلار ئۇنتۇلۇپلا كەتتى. ئەمدى بۇگۇندىن باشلاپ دىلناز كىلىن، ۋارىس كىيوغۇل بولىدۇ. ھەممە ئۆزگىرىدۇ. رىئاللىق ئالدىدا ھەممە كۇڭۇلسىزلىك ئۇنتۇلۇپ ، ۋارىس بۇ ئائىلىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇپ قالىدۇ. ئۆزلىرىمۇ 1-2 كۈندىن كىيىن تويىنىڭ ئاخىرقى رەسمىيەتلىرىنى تۈگۈتۈپ يېزىسىغا راۋان بولسا، بۇ ئەربابلار بىلەن يەنە قانچە يىللاردىن كىيىن كۆرىشىدۇ؟...ئۇ ۋاقىتقىچە كىم بار كىم يوق خۇدا ئۆزى بىلىدۇ...ئەمدى ئوغلى بەختلىك بولسىلا بولدى. شۇنىڭ بەختىنى تىلىسلا بولدى...

تويى ئاياقلاشتى، نازىر ۋە پەرىدە خانىم جىددىلىك، ئالدىراشلىق ئىچىدە ھېرىپ چارچاپ كەتكەن بولسا، ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى قولاقنى يارغۇدەك مۇزىكا ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردىن ئايلىنىپ كىتەيلا دەپ قالغان ئىدى. مىھمانلار ئۇزىغاندىن كىيىن، ۋارىس بىلەن دىلناز بىرقانچە دوسلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلاشتى. پەرىدە خانىم ياشلىق كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ پۇرەكلەپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچە قىزىنى باغرىغا قانماي

باستى. ئۇ بۇقۇلداپ ـ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشىدا خوشاللىقمۇ، ئازاپمۇ، ئاچچىق ھەسرەتمۇ بار ئىدى. شۇ تاپ دىلنازنىڭ يۈرىكى شېرىن بەخت قاينىمىدا ھاياجاندىن تىنىمسىز سوقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر مۇھىم بىر نەرسىدىن ئۆمۈرلۈك جۇدا بولۇۋاتقاندەك ، ئۇمۇ ئانىسىغا ئېسىلىپ ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى...

ۋارىس بىلەن دىلناز ئالاھىدە بېزەلگەن كاتتا توي ماشىنىسىغا چىقىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن جۇدالىق سەپىرىگە ئاتلانغان يولۇچىدەك ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ۋىدالاشتى. ماشىنا قوزغالدى. ئۇلار بارلىق مېھمانلارنى ئاستا ـ ئاستا يىراقتا قالدۇرۇپ، ھاياجانلىق شېرىن مىنۇتلارنىڭ شاھىدى بولۇش ئۈچۈن، خاس ھوجرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ماشىنا ئىچىدە ئوتلۇق كۆزلەر بىر ـ بىرىگە ھاياجان ئىچىدە بېقىشاتتى. قەلبلەر ئۈنسىز بىر ـ بىرىگە پىچىرلىشاتتى، ئۇلارنىڭ قولى بىر ـ بىرىگە چىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تەنلەردىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق ھارارەت ئۇلارنى ئاجايىپ ھېس تۇيغۇلارغا باشلايتتى...

كېچە. سۈس قىزىل نۇرغا چۆمۈلگەن خاس ھوجرا. ھەممە جاھازلىرىدىن رومانتىكلىق چىقىپ تۇرىدىغان مەنزىرە. يۈرەك شەكلىدە نەقىشلەنگەن قوش كىشىلىك كارىۋاتنىڭ قىپ ـ قىزىل گۈللۈك ياپقۇچى ئۈستىدە، ئاپئاق توي كۆينىكىنى كەڭ يېيىپ ئولتۇرغان دىلناز خۇددى رىۋايەتلەردىكى پەرىلەردەك شۇنچىلىك نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ چىرايلىق ئەتىرگۈل سىزىلغان تىرنىقىغا قاراپ، خىجىللىقتىن ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى تۆۋەنگە سېلىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ يۈرىكى تىنىمسىز سوقىۋاتقان بولۇپ، مۇنچىدا يۇيۇنىۋاتقان ۋارىسنى قورقۇش ـ ئەندىشە ئىچىدە سېغىنىۋاتاتتى. ۋارىسنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، قاپقارا بۇرۇتلار ئاستىدىكى ئوتلۇق لەۋلىرىگە. ئۇنىڭ ئەرلىك جاسارەت تەپچىپ تۇرىدىغان تىنىقىغا ھاياجان ئىچىدە ئىنتىلەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي مۇنچىدىن چىققان ۋارىس ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇزدەك سۇدا يۇيۇنۇپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بەدىنىدىن ئوتتەك بىر ھارارەت كېلەتتى. ئۇلىما قاشلار ئاستىدىكى قاپقارا كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن بولۇپ، لەۋلىرى سۈس تىترەيتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا دىلنازنىڭ ئاپئاق بەدىنىگە

چىرمىشىپ كىتىشكە ، ئۆزىنى نەچچە يىلدىن بىرى مەپتۇن قىلىپ كەلگەن تاتلىق تۇيغۇلاردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ ئاستا كىلىپ دىلنازنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپلا ئولتۇردى. تىترەپ تۇرغان ئوتتەك قوللىرى بىلەن دىلنازنىڭ نازۇك قوللىرىنى ئاستا تۇتتى. جىمجىت ھوجرىدا ئىككى ياشنىڭ قولى ھاياجان ئىچىدە تىترەپ، بىر توكتەك ئىقىم پۈتۈن بەدەنلەرگە «جىغغىدە» قىلىپ تارىدى. يۈرىكى تىنىمسىز سوقۇپ تۇرىۋاتقان دىلناز قولىنى تارتىشقا ئورۇندىيۇ، لىكىن قانداقتۇر بىر شىرىن سىزىمنىڭ تەسىرىدە ۋارىسنىڭ مۈرىسىگە بىشىنى ئاستا قويىدى.

-دىلناز،-ۋارىس ھاياجان ئىچىدە ھاسىراپ دىگۈدەك ئىغىز ئاچتى.-بىرىنچىدىن خۇداغا، ئىككىنچىدىن سىزنىڭ ئىرادىڭىزگە مىڭ رەخمەت. سىزنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان ساداقىتىڭىز ئاخىرى بىزنى مۇرادىمىزغا يەتكۈزدى. مەن سىزدىن بەختىمنى تاپتىم، ئۆمۈرلۈك خوشاللىقىمنى تاپتىم...-ۋارىس ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ئاجايىپ بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە دىلنازنىڭ قۇلىقىغا بوشقىنا سۆيدى.

ۋارىسنىڭ بۇيۇنلىرىغا سانجىلغان بۇرۇتلىرىدىن مەستخوش بولغان دىلناز ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇپ تۇرىۋاتاتتى:

-ئۇنداق دىمەڭ ۋارىس، بۇ سىزنىڭلا بەختىڭىز ئەمەس، مىنىڭمۇ بەختىم. مەنمۇ سىزدەك ۋاپادار، بىلىملىك ، كىلىشكەن يىگىت بىلەن بەختىمنى تىپىۋاتىمەن. مەن پەقەت سىزنىڭ ماڭا مەڭگۈ مۇشۇنداق كۆيىنىشىڭىزنى، مىنى سۈيۈشىڭىزنى ئۈمۈت قىلىمەن.- دىلناز قىزلىق نازاكىتى بىلەن ۋارىسنىڭ لەۋلىرىدىن ئۆزىنى ئاستا قاچۇردى. مۇھەببەتلىك ئىنتىلىشلەر ئىچىدە تىڭىرقاپ قالغان بۇلاقتەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمىۋالدى.

-ئۇلۇغ تەڭرىم گۇۋاھ.- ۋارىس كۈچلۈك قوللىرى بىلەن دىلنازنىڭ مۈرىسىدىن چىڭ تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.-سىزنىڭ مەن ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقلىرىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ، مەڭگۈ سىز ئۈچۈنلا ياشايمەن. مەڭگۈ سىزنى قەدىرلەپ ئۆتىمەن. سىز ئۈچۈن جىنىمدىن كىچىشكە رازى...-دىلنازنىڭ ھاياجاندىن نۇرلىنىپ كەتكەن شەھلا كۆزلىرىگە قاراپ زادىلا بەرداشلىق بىرەلمىگەن ۋارىس ئوزۇندىن بىرى ئۆزىنى قىيناپ كەلگەن يىگىتلىك ئەسەبى ھىسياتنى بىسىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ نەچچە يىلدىن بىرى ئارزۇ قىلغان، ئىنتىلگەن مۇھەببەتنىڭ ئەڭ شىرىن مىنۇتلىرى ئالدىدا ئۆزىنى

يۇقاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قاۋۇل قوللىرى بىلەن تىترەپ تۇرغان دىلنازنى چىڭ قۇچاقلىدى-دە، دىلنازنىڭ ئوتلۇق بەدىنىدىن دۇنيانىڭ پۈتكۈل مۇھەببىتىنى يۇتىۋالماقچى بولغاندەك، كەڭ كۆكرەكلىرىنى ئۇنىڭ نازۇك كۆكسىگە چىڭ يېقىپ ، ئوتلۇق لەۋلىرىنى ئەسەبىلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىدىن كۈچلۈك ۋولقان يامراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېڭىدا مۇشۇ نازۇك بەدەن ۋە كىچىك ھوجرىدىن باشقا ھەممە نەرسە ئۇنتۇلغان ئىدى. ئۇ دىلنازنىڭ نازلىق ئىڭراشلىرىغىمۇ دىققەت قىلمىدى، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىنى سىقىپ ئاغرىتىۋەتكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلمىدى. ئۇ بىر قولىدا ئۇنىڭ ئاپئاق تويى كۆينىكىنى جىددىيلىك ئىچىدە سالدۇرىۋاتقاچ ئۇنى يۇمشاق كارۋاتقا باستى. دىلنازمۇ ۋارسىنىڭ لەۋلىرىدىن پۈتۈن بەدىنىگە تارىغان تاتلىق سىزىمدىن ئاستا-ئاستا ھۇشىنى يۇقاتتى. ئۇمۇ نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنى قىيناپ كەلگەن يۇشۇرۇن ھەۋەس ئالدىدا ئاستا-ئاستا بوشىدى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ۋارىسقا تېخىمۇ چىڭ يېپىشىپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە سىڭىپ كىتىشكە تىرىشتى...

مانا، نەچچە يىلدىن بېرى ئاشىقلىق ئوتىدا قىينالغان ئىككى تەن بىر تەنگە ئايلاندى. ئوتلۇق نەپەسلەر قوشۇلدى. دىلنازدەك قەيسەر، بىلىملىك، ئەخلاقلىق قىزنىڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن ۋارس دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ۋاپادار بىر قىزغا ئېرىشتى. روميو بىلەن جۇلىتتانىڭ مۇھەببەتلىك قىسسەسىدەك ، بىر داغلىق ئەربابنىڭ گۈزەل قىزى يىراق سەھرادىكى ئاددى دېھقاننىڭ نامرات ئوغلى ئۈچۈن زور قۇربانلارنى بىرىپ ، ئاخىرى ۋىسالىغا يەتتى. گەرچە نۇرغۇن يامان كۆزلەر بۇ گۈزەل قىزغا ھاياسىزلارچە تىكىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەرىشتە قىز ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك شەرمى ھاياسى بىلەن قىممەتلىك بايلىقىنى ۋارىسقا تەقدىم قىلدى. سۆس قىزغۇچ نۇر ئاستىدا بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن بۇ بىر جۈپ ياش قارىماققا مەڭگۈ تاڭ ئېتىشىنى خالىمىغاندەك قىلاتتى . مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆزىنىڭ ساپ سۆيگۈسى، پاك تىنى ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ ئەڭ گۈزەل قەسرىنى قۇرماقچى بولغاندەك بىر-بىرىنى قېنىپ - قېنىپ ھىدلاۋاتاتتى...

مۇھەببەت ۋە بەختكە تولغان خوشال كۈنلەر ئادەمگە ئىنتايىن تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيغۇلارنى بىرىدۇ. ۋارس بىلەن دىلنازنىڭ تويىدىن كىيىنكى شىرىن ۋىسال ئىچىدە ئۆتكەن 3 يىللىق ھاياتىمۇ دەل ئاشۇنداق.

ئۇلار ئۆز بەختىنى تاپتى. نەچچە يىللىق ئىشىق دەردى ۋە تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن قۇربان بېرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە ، ئاخىرى ئائىلە قۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇلار 3 يىلنى خۇددە بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. بىر-بىرىنى شۇ قەدەر قەدىرلىدى. بىر-بىرىگە تېخىمۇ ئىجىل بولۇپ ياشىدى . بۇلۇپمۇ ۋارىس تەستە ئېرىشكەن بەختىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوغدىدى. ھەم خىزمەتتە ئۆزلۈكسىز كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ھەم ئائىلىگىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆيىنىۋاتقان دىلنازغا قاراپ ھەقىقەتەن بەختىنى تاپقانلىقىدىن سۆيۈندى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى دىلنازنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە قاراپ ماگدى . ۋارىسنىڭ نازىر ئائىلىسىگە كىيوغول بۇلۇپ كىرىشى بىلەن ھەممە ئىش ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىپ، پەردە خانىممۇ ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسى ئويلىغاندەكلا ئۇنى ئاستا-ئاستا قۇبۇل قىلدى. بۇلۇپمۇ بۇ يىگىتنىڭ سەمىمىلىكى، ئەدەپلىكلىكى، تىرىشچانلىقى خانىمغا ئاجايىپ ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇردى. ئۇ بۇ يىگىتنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ھېس قىلغانسىرى، ئۇنىڭغا ئانىلىق مېھرىنى بەرگەنسىرى ئۆزىنىڭ تويىدىن بۇرۇنقى قىلىقلىرىنى، ئەدەپسىزلىكىنى، ۋارىسنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قىلغان زەھەردەك گەپلىرىنى ئويلاپ شۇنچىلىك بىئارام بولاتتى، ئەپسۇسلىناتتى. پۇرسەت تېپىپ قەشقەرگە بېرىپ شۇ ياشانغان دېھقانلارنى يوقلاپ كىلىشىنى، ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراشنى ئارزۇ قىلاتتى...

دىلنازنىڭ قوللاپ قۇۋەتلىشى، مەدەت بېرىشى ئاستىدا ۋارىس خىزمەتكە تېخىمۇ چۆكتى. خىزمەتنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلىدى. ئۇ خىزمەتتىن سىرت ئىنگىلىز تىلى كۇرسى ئېچىشنىمۇ ئۇنۇتمىدى. كۇرسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، مۇنتىزىملاشتۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا تىل مەكتىۋى قۇرۇلۇپ ئۇقۇتقۇچىسى ئون نەچچىگە ، ئۇقۇغۇچىسى نەچچە يۈزگە يەتتى. دىمەك ئۇنىڭ كىرىم مەنبەسىمۇ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بۇرۇنقى نامراتلىق، يوقسۇللۇق كۈنلىرىگە ئاستا-ئاستا خاتىمە بىرىلدى. ئۇلارنىڭ پۇلى بار بولدى، ماشىنىسى بار بولدى. ئۆيى بار بولدى. ئۇلار كۆپ پۇل تېپىپ ھال كۈنى بارغانسىرى ياخشىلانغاندا يىزىدىكى ئاتا-ئانىسىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. دىلنازنىڭ مەسلىھەتى، ياردىمى، تىرىشچانلىقى بىلەن ھەر ئايدا 500 يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى ئىبەرتىشنى ئۇنۇتمىدى. دىلناز بۇ ياشانغانلارنى ئۆز يىنىغا ئەكىلىۋېلىشقا قانچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يىزا تۇرمۇشىغا

كۈنۈپ كەتكەن ساددا دېھقانلار سۆيۈنۈش ئىچىدە چىرايلىق رەت قىلغان ئىدى.

بۇ خۇدا قوشقان بىر جۈپلەرنىڭ ، ۋىسال شارابىدا مەستخۇش بولۇۋاتقان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ھەممە نەرسىسى تەل بولسىمۇ، تۇرمۇشى خاتىرجەم، باياشات ئۆتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇلاردا يەنە بىر نەرسە كەم ئىدى. بۇ كەم نەرسە ئۇلارنىمۇ ، نازىر ۋە پەرىدە خانىمنىمۇ بىئارام قىلاتتى. بىرلا قىزى ئۇچۇن ياشاپ كەلگەن نازىر ۋە پەرىدە خانىم بىر نەۋرىلىك بولۇشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىكى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەس يادى پەقەت مۇشۇ ئىشتىلا ئىدى. ئۇلار كۈتتى، تەشنالىق، ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتتى. ئۇلۇغ خۇدادىن بۇ ئائىلىگە ئۇماق بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشنى كېچە-كۈندۈز تىلىدى. لېكىن تەقدىر ھەممە شاتلىقنى ، خوشاللىقنى، پاراغەتلىكنى بەرگەن بۇ ئائىلىگە بىر پەرزەنت ئاتا قىلمايۋاتاتتى. ۋارىس ۋە دىلناز بەخت ۋىسالىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ شاتلانغان ۋاقىتلىرىدا تۇيۇقسىز بالا مەسىلىسى كۆز ئالدىغا كەلسىلا جىممىدە بولۇپ قېلىشاتتى. ھەممە خوشاللىقلىرى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كېتەتتى. باشقىلارنىڭ توي قىلىپ ئۇزۇنغا بارمايلا بىر ئىككى پەرزەنتلىك بولۇپ، بالىلىرىنى كۆتۈرۈپ، يېتىلەپ ماڭغان ھالىتىنى كۆرسە يۈرىكى ئېچىشاتتى، ئىچ-ئىچىدىن ئاچچىق يىغا چىقاتتى. ئۇلار ئىرىشكەن نەرسىلىرى ئالدىدا پەرزەنتسىز تۇرمۇشنى ئىنتايىن ئەھمىيەتسىز ھىس قىلاتتى.

توي قىلىپ 3-يىلىغا كەلگەندىمۇ يەنىلا ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. ۋارىس بىلەن دىلناز بىر-بىرىگە قاراپ تەسەللى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بىر ئاللاسىز قىلمۇ تەۋرىمەيدىغان بۇ جاھاندا ئىنساننىڭ قولىدىن بۇ قۇدرەتلەرنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلار بىلەتتى. لېكىن ئۇلار ئۈمۈت ئىچىدە ياشىدى. ھەر كۈن سەھەر تۇرۇپ مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەرنى ئاتا قىلغان ئۇلۇغ ئاللاغا رەخمەت ئۇقۇش بىلەن بىرگە بۇ ئائىلىگە بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشنى ئىزچىل تىلەپ كەلدى. ئاللانى سېغىندى، ئاللاغا يىلىندى. دېمەك: بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئاللا ئۇلارنىڭ تىلىكىنى راۋا قىلدى. دىلناز تۇيۇقسىزلا ئادىتىنىڭ كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ قالدى. ئۇ ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، چۈنكى بالا دەردىدە ساراڭ بولاي دەپ قالغان بۇ ياش ئەر-خوتۇنلار دەل مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. دىلناز بۇ ئىشنى ئىننقلاپ بولۇپ ۋارىسقا دېيىشنى مۇۋاپىق تېپىپ مەخپى تۇتتى.

ئۇ بىر كۈنى سەھەر ۋارسقىمۇ دىمەيلا دوختۇرخانىغا قاراپ چاپتى. دوختۇرغا تەكشۈرتكەندىن كىيىن، نەتىجىسىنى كۈتۈپ ئۇزاق ئولتۇردى. خىيالى پەقەت قورسىقىدا، كەلگۈسىدىكى دۇنياغا كىلىدىغان بالىسىدا ئىدى. ئۇ دىئاگنوز نەتىجىسىنى ئېلىش ئۈچۈن دوختۇر ئىشخانىسىغا كىرگەندە يۈرەكلىرى قاتتىق سېلىپ كەتتى. دوختۇرنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمۈت ، يىلىنىش ئىچىدە تىكىلدى. دوختۇر تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە تەپسىلى قاراپ چىققاندىن كىيىن، ئالدىدىكى داڭلىق تۈنۈش دىكتور قىزغا قاراپ «مۇبارەك بولسۇن، بويىڭىزدا باركەن » دىگەن خوشخەۋەرنى يەتكۈزدى. دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دىلناز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چىرايلىق كۆزلىرىگە ھاياجاندىن لىق ياش كەلدى. ئاللاغا مىڭ مەرتىۋە رەخمەت ئۇقۇدى. ئۇ ھاياجاندىن تىترەۋاتقان يۈرىكىنى تۇتۇپ، تېخى ھېچقانداق ئىپادە بولمىغان قورسىقىنى مېھرى بىلەن سىلىدى. ئۇ ۋارس بىلەن بولغان مۇھەببىتىنىڭ بىردىنبىر شاھىدى بولغان قورسىقىدىكى ھامىلىدىن زوقلىنىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭلا ئەمەس ، ۋارس ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ، ئانا بۇلۇش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقىدىن ھاياجان ئىچىدە سۆيۈنىۋاتاتتى.

دىلناز بۈگۈن شۇ قەدەر خوشال ئىدى. توي قىلغىنىغا 3 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ لېكىن بۈرۈنقى گۈزەللىكىنى ئەسلا يۇقاتمىغان بولۇپ، چىرايى يەنىلا سۇتتەك ئاق، شەھلا كۆزلىرى يەنىلا شۇ قەدەر نۇرلۇق، تولغان بەدىنى تېخىمۇ جەزىبدار كۆرىنەتتى. ئۇ تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان ئىچىدە دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش قەغىزىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئالدىراش ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇ خوشخەۋەرنى ۋارسقا تېلىفۇندا دىيىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە تۇيۇقسىز خوشال قىلىۋېتىشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئۇ ۋارسىنىڭ ھاياجانلىنىپ دەققىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ نىمىشقىدۇر ئۆيىگە قايتىش يولىدا بازار ئارىلىدى. ھەر خىل يېڭى كۆكتاتلاردىن، مىۋە-چىۋىلەردىن سېتىۋالدى. ۋارس ياقتۇرۇپ يەيدىغان بېلىق كاۋىپىدىن ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنۇتمىدى. ئۇ بۈگۈنكى بۇ خوشاللىق ئىشنى ئوبدان تەييارلىق قىلىپ ۋارس بىلەن بىرگە تەبرىكلەشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. دىلناز ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ھارغان بولسىمۇ، لېكىن چىرايلىق بىزەلگەن ياسىداق ئۆيىگە كىرىپ ، يەنە ئالدىراپلا تاماققا تۇتۇش قىلدى.

ئىشتىن قايتىپ كەلگەن ۋارس ئالى دەرىجىلىك قارا كاستيومىنى

سىلىپ، سۇس سىرىق رەڭلىك گالاستۇكىنى بوشقىنا بوشاتتى ـ دە، ئاشخانىغا كىرىپ تاماق تەييارلاۋاتقان دىلنازنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا قۇچاقلىدى. خۇددى كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا نەچچە رەت سۆيۈپ چىقتى. دىلناز دىمىقىغا تونۇش بولۇپ كەتكەن بۇ تاتلىق ھىدلاردىن ھوزۇرلۇنۇپ، ۋارىسنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن قۇچاقلاپ تۇرىشىنى ئۈمۈت قىلغاندەك، بوشقىنا نازلىنىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. ئۇ مۇشۇ دەقىقىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئۈمۈت قىلاتتى. دىلناز نەچچە ئون سىكۇنۇت شىرىن لەززەت ئىچىدە ئۆزىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاستا كۆزىنى ئېچىپ كەينىگە ئۆرۈلدى، ۋارىسنىڭ ئۇلىما قاشلار ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرىگە قارىدى. قارىدىيۇ كۆزلىرىدىن يېنىپ تۇرغان شاتلىق نۇرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشقاندەك ئىتتىكلا كۆزىنى ئەپقاچتى.

ـ ھازىر ئىشتىن چۈشتىڭىزما تېخى. قارىڭە سائەتكە، ۋاقىت توشۇپ 10مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. ئۆيدىكى ئىنتىزار يورەكلەرنى ئۇنتۇپ قاپسىزدە؟ ـ دىلناز نازلىنىپ تۇرۇپ ۋارىسنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى.

ـ شۇ سىزنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ باشقا خىزمەتداشلىرىمغىمۇ قارىماي چاپتىم دەڭە. مۇمكىن بولسا ئىشقىمۇ چىقماي مەڭگۈ سىزگە ھەمرا بولۇپ ئولتۇرسام دەيمەن. ـ ۋارىس مۇھەببەت ئىچىدە دىلنازنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى پۇرىغاچ سىلىدى.

ـ رەخمەت. سىز بىردەم كىچىكسىڭىز "قاچان كىرىدىكىن" دەپ كۆزۈم ئىشىكتە قالىدىكەن جېنىم.

ـ ئۇنداقتا بۇگۈندىن باشلاپ ئىشخانىنى ئۆيگە يۆتكەيمىكىن. ئۇ چاغدا سىزنىڭ ساقلىشىڭىزمۇ بىھاجەت. ـ ۋارىس مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ كۇلۇمسىرىۋاتقان دىلنازنىڭ چىرايلىق مەڭزىنى بوشقىنا چىمداپ ئۆزىگە قاراتتى. ـ قانداق دىدىم پەرىشتەم؟

ـ بولدى رەخمەت. لېكىن شۇ مىنى بەك ئىنتىزار قىلماڭ. سىز بولمىسىڭىز بۇ ئۆي ماڭا مۇزدەكلا بىلىنىدىكەن.

ـ بىلىمەن....مەنمۇ ئوخشاشلا... سىز بولمىسىڭىز بۇ ئۆيدە بىر مىنۇتمۇ ئولتۇرغۇم كەلمەيدۇ. سىز بولمىسىڭىز ھەممە ئىش مەنىسىز بىلىنىدۇ. تەڭرىم، سىزسىز ياشايدىغان كۈنلەرنى نىسىپ قىلمىغاي ماڭا...

ـ سىزسىز ياشاش ماڭىمۇ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ۋارىس. خۇدا بىزنى

قوشقان ئىكەن مەڭگۈ ئايرىۋەتمەيدۇ. مەن ئىشىنىمەن.

ـ دىگىنىڭىز كەلسۇن دىلناز.ـ ۋارس دىلنازغا جاۋاپ قايتۇرغاچ ئاشخانىدىكى تەييارلىقلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ـ ھە قېنى دەڭە، قارىسام بۈگۈن 2 جانغا بىر مۇنچە قورۇمىلارنى قورۇپ كىتىپسىز..ئۆيگە مېھمان كىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

ـ ياق...ھە..ھە...ـدىلناز دۇدۇقلىغىنىچە ئويناق كۆزلىرىنى ۋارسنىڭ تەئەججۇپ ئىچىدە چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكتى.ـ بىر مېھمان كىلىدۇ. شۇنىڭغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن. ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ ئەزىز مېھمان .

ـ بۇ نىمە دىگىنىڭىز دىلناز، قېنى دەڭە، قايسى مېھمان ئۇ؟

ـ ھېلى بىلىپ قالىسىز...ـدىلناز شۇنداق دىدى ـدە، ۋارسنى يىتىلەپ ئاشخانىدىن چىقتى.ـ قېنى ، مېھمانخانىغا چىقىپ ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ. مەن تاماقنى ھازىرلا تەييار قىلىپ بولىمەن.

ۋارس دىلنازنىڭ خوشاللىق جىلۋە قىلىپ تۇرغان چىرايىغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قويۇپ ئاستا مېھمانخانىغا كىردى. ئۇ يېڭى ئۇسلۇپتا ئازادە بىزەلگەن مېھمانخانىنىڭ راھەت كىرىسلوسىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇدۇلىدىكى تامغا چوڭايتىپ ئېسىپ قويۇلغان دىلناز بىلەن چۈشكەن تويلۇق سۈرىتىگە بىر پەس قاراپ كەتتى. دىلنازنىڭ كۈلۈمسىرەپ ئۆزىگە چەكچايلىشىپ تۇرغان پەرىزاتتەك سىماسىغا قاراپ پۈتۈن بەدىنىگە يەنە قانداقتۇر بىر تاتلىق سىزىم تارىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ چىۋەر قولىدا بىزەلگەن مېھمانخانىنىڭ يارىشىملىق جاھازلىرىغا ،چىنىدەك پاكىزلىقىغا قاراپ سۆيۈنۈپ ، مۇشۇنداق بىر ئائىلىنى نىسىپ قىلغان خۇداغا ئىچىدە مىڭ تەشەككۈر ئۇقۇدى. ئۇ ئاشخانىدا جىددى تەييارلىق قىلىۋاتقان ئايالىغا دىققەت قىلغاچ، خۇددى ھازىرلا ئۆيگە ئالاھىدە بىر مېھمان ئەسسالام دەپ كىرىدىغاندەك ئىشىككە پات ـ پات قاراپ قوياتتى.

خېلى ئۇزۇندىن كىيىن، دىلناز ھەم ھارغىن ھەم خوشال كەيپىيات ئىچىدە ئاشخانىدىن چىقىپ، قورۇمىلارنى ئۇستەلگە تىزىپ چىقتى. ئۇ كىرىسلودا يانپاشلاپ يېتىپ تاتلىق خىياللارغا چۆمگەن ۋارسقا شەھلا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ قويۇپ قەستەن سورىدى:

ـ ۋارس، مېھمان كىلەيمۇ دىمەيدا؟

-شۈنى دەيمەن. قانداق ئەزىز مېھمان ئىدى ئۇ بۈنچە كايىپ كەتكۈدەك...ئاتا-ئانىمىز ئەمەستۇ؟

-ياق،- دىلناز ئاستا كىلىپ ۋارىسنىڭ يېنىدىلا ئولتۇردى. ئۇ شۇ تاپ ھاياجىنىنى بېسىشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى. ئىچ-ئىچىدىن تەپچىپ چىققان بىر كۈچ قەلبىدىكى خوشاللىقنى، خوشخەۋەرنى ۋارىسقا دېيىشكە ئالدىرىتاتتى.

-ئەمىسە زادى كىم ئۇ؟ مىنى جىددىيلەشتۈرمەي دېسىڭىزچۇ؟

- سىزگە دېسەم ۋارىس، بۈگۈن بۇ ئۆيگە بىر يېڭى مېھمان قېتىلدى. بىر يېڭى مېھمان...-دىلنازنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

-يېڭى مېھمان؟ قانداق يېڭى مېھمان ئۇ ؟

-قانداق يېڭى مېھمان بولاتتى جېنىم. سىزگە دېسەم بۈگۈن بۇ ئۆيدە ئۈچ جان ناماق يەيمىز. ئۈچ جان...بىلەمسىز، سىز ئاخىرى دادا بولىدىغان بولدىڭىز...-دىلناز نىمىشقىدۇر تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھەيرانلىق ئىچىدە داڭ قېتىپ قالغان ۋارىسنى چىڭ قۇچاقلاپ كەتتى. بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرىدىن مۆھەببەتلىك ئىككى تامچە ياش سىرغىدى.

- نىمە؟- بىر پەس گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان ۋارىس تۇيۇقسىز قاپقارا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، دىلنازنىڭ بىلىكىدىن قاماللاپ ئالدى-دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھاياجان ئىچىدە تىكىلدى.- نىمە داۋاتىسىز دىلناز، بۇ راسما؟

-راس، ئۆزەم ھىس قىلىپ بۈگۈن تەكشۈرتكەن. نەتىجىسى مانا.- دىلناز ئاپئاق پەشتاما يانچۇقىدىكى دىئاگنوز قەغىزىنى ۋارىسقا ئۇزاتتى.

-ئۇلۇغ خۇدا، تىلەكلىرىمىزنى رىئاللىققا ئايلاندۇرغىنىڭغا مىڭ مەرتىۋە رەخمەت...- خوشاللىقتا ئۆزىنى باسالماي قالغان ۋارىس دىلنازنىڭ قولىدىكى قەغەزگىمۇ قارىماي، تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا قاراپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. قاپقارا يارىشىملىق بۇرۇت ئاستىدىكى قىپقىزىل لەۋلىرى سۇس تىترەپ كەتتى. -ئاللا يەنىلا ھەممىدىن ئۇلۇغ، بىزنى جۇدالىقتىن ۋىسالغا ئىرىشتۇرگەنمۇ، كىچە-كىچىلەپ تىلىگەن تىلەكلىرىمىزنى راۋا كۆرۈپ، بىزنى دەرت-ھەسرەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ پەرزەنت ئاتا قىلغانمۇ يەنىلا شۇ ئاللا . بىز ئاللاغا قانچىلىك رەخمەت ئۇقۇساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ.-ۋارىس ھاياجان ئىچىدە غۇلچىنى كەڭ يېيىپ ئۆزىگە ئوخشاشلا ھاياجانلىنىۋاتقان دىلنازنى پۈتۈن مېھرى بىلەن قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان ئاپئاق مەڭزىگە بوشقىنا سۆيدى.- سىزگىمۇ كۆپ

رەخــمەت جىيــنىم. مىنــى ئەڭ ئۇلــۇغ شــەرەپكە، دادا بۇلــۇش پۇرســتىگە ئېرىشتۈرگىنىڭىزگە مىڭ رەخمەت...

- بولدى، بولدى...ئۇنداق قىلماڭ...بالىمىز ئالدىدا سەت تۇرىدۇ.- دىلنـاز شـۇنداق دېـدىيۇ، يەنە نىمىشـقىدۇر غۇنچىـدەك لەۋلىرىنـى ۋارىسـنىڭ يېڭىلا قىرىلغان يىرىك مەڭزىگە ياقتى.

- شۇڭا مۇشۇنداق كاتتا تەييارلىق قىلىپسىزكەندە دىلناز. بۇ ھەقىقەتەن تەبرىكلەشكە تېگىشلىك خوشخەۋەركەن. مەن راستىنلا بەختىمنى تاپتىم. مەن ئــاخىرى دادا بولــىدىغان بولــدۇم، ئاتــا-ئانامنــىڭ ئــارزۇلىرىنى ئەمەلــگە ئاشۇرىدىغان بولدۇم.-ۋارس قېن-قېنىغا پاتماي ئاتقان خوشاللىقنى بېسىشقا ئامالسىزدەك مېھمانخاننى بىر پىقىراپ چىقتى. دىلنازنىڭ قېشىغا قايتىدىن كېلىــپ ئۇنىــڭ قىزىــل كــۆينەك ئىچىــدىكى قورســىقىنى ســىلىدى.-مۇبــارەك بولسۇن ئاپىسى. مۇبارەك بولسۇن ئۇماق قوزام...

- بولــدى ۋارس، بولــدى...ئەمــدى تامــاق يەيلــى. مــاۋۇ قوزامغــا ئۇززۇقلۇق بىرىش ھەممىدىن مۇھىم. سىز ئاچ قالسىڭىز مەيلى لېكىن ماۋۇ قوزام ئــاچ قالسا بولمايدۇ...قانداق دېدىم قوزام.- دىلنـاز ۋارىسـنىڭ قولىنــىڭ ئۈستىگە قولىنى قويۇپ قورسىقىنى تەڭ سىلاپ چىقتى.

- شۇنداق. بۈرۈن بىر پەرىشتەم باتتى. ئەمدى ئىككى پەرىشتەم بار بولدى. مەن بۇ پەرىشتىلىرىمنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاسرىشىم كېرەك. كۆز قــارچۇغۇمنى ئاسرىغاندەكلا...-ۋارس شـۇنداق دېگەچ ئۈسـتەل ئۈسـتىدىكى يــېڭىلا يۇيــۇپ قويۇلغــان قىزىــل ئۈزۈمــدىن بىرنــى ئالــدى-دە، دىلنازنــىڭ ئويماقتەك ئېغىزىغا مۇھەببەت ئىچىدە ئاستا سېلىپ قويدى.

ئــۇلار ھاياجــان ئىچىــدە غىزالانغاچ ، ئۇلــۇغ خۇدانــىڭ پەرزەنــت ئاتــا قىلغانلىقىغا مىڭ مەرتىۋە رەخمەت ئوقۇپ چىقتى. بۇ بەختلىك ئائىلىگە يەنىمۇ چوڭ بىر بەختنىڭ نىسىپ بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈشتى. ئـۇلار بالىسىنىڭ كېيىنكى تەربىيىلىنىش، ئوقۇش، خىزمەت، توي ..قاتارلىق بىر تــالاي شــىرىن خىيــاللىرىنى قىلىشقاچ، بــۇ خوشــخەۋەرنى نــازىر ۋە پەرىــدە خانىمغا، ۋارسنىڭ يېزىدىكى ئاتا-ئانىسىغا تېلىفون ئــارقىلىق يەتكۈزۈپ ئۇلارنىمۇ ئالەمچە خوشاللىققا چۆمدۈرۈۋەتتى. بۇگـۈن بـۇ 3 ئائىلىدە ئەڭ زور خوشاللىق، ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بىر بايرام بولغان ئىدى.

پەرزەنــت- ئــۇ ئائىلىنىــڭ ســۇلماس يىلتىــزى. خوشــاللىقى. ئۇنىــڭ

كۆلكىسى جانلارغا جان قوشقۇچى، ئاجىز قەلبلەرگە مەلھەم بولغۇچى... ئائىلە ـ پەقەت پەرزەنت مېھرى بىلەن ئائىلە، پەرزەنت كۈلكىسى بىلەن ئائىلە...كونىلار «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بالا ـ ئاتا ـ ئانىنىڭ خوشاللىقى. ئۇ ھارغىن قەلبلەرگە شاتلىق بەخش ئەتكۈچى، ئازاپلانغان دىللارغا تەسەللى بەرگۈچى. ئادەم كۆڭلىدىكى تۇرمۇشتا قانچىلىك رىيازەتلەرنى چەكسۇن پەرزەنت ئالدىغا كەلگەندە ھەممە نەرسە ئۇنتۇلىدۇ. دۇنيانىڭ پۈتكۈل خوشاللىقىنى پەقەت ئالدىدىكى پەرزەنت تۇتۇپ تۇرغاندەكلا ھىس قىلىدۇ. پەرزەنت مېھرى قايغۇنى خوشاللىققا ئايلاندۇرىدۇ، يوقسۇل تۇرمۇشقىمۇ توقلۇق،باياشاتلىق بەخش ئېتىدۇ. پەرزەنت ـ ئۇ بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ، ئاتا ـ ئانا مۇھەببىتىنى ساقلاپ قالغۇچى كۈچ، ئۇ چۈچۈك تىللىرى ئارقىلىق ئائىلىگە بەخت ياغدۇرغۇچى، بەرىكەت ياغدۇرغۇچى، مۇھەببەت ياغدۇرغۇچى....

مانا، بۇ بەختلىك ئائىلىگە يەنە بىر ئىللىقلىق قېتىلدى. ئۇلارنىڭ باياشاتلىق ئىچىدە يېتىمسىراپ قالغان كۆڭلى ئەمدى ئەمىن تېپىپ، ھەقىقى بەخت قايىنىمىغا چۆكتى. دىلىنازنىڭ قورسىقىدا ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولىۋاتقان ھامىلە ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭلا ئەمەس بەلكى نەۋرە ئىشقىدا زار بولغان نازىر ۋە پەرىدە خانىمنىڭمۇ بىردىنبىر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ دىلىنازنى ياتلىق قىلىپ يېتىمسىراپ قالغان كۆڭلى، بالىسىز قالغان كاتتا قوروسى بۇ خوشخەۋەردىن قۇياشتەك يورۇپ كەتتى. بۇ ئەتىۋارلىق يېڭى مېھمان بۇ ئائىلىگە تېخىمۇ ئىناقلىق ، خوشاللىق بەخش ئېتىۋاتاتتى...

ئىنسانىنىڭ تۇغما خاراكتىرىنى ئۆزگەرتىش بەك مۇشكۈل جەريان. بىر ئىنسانىنىڭ قېنى ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ناچار مىجەز ،ئەخلاقسىزلىق، ۋاپاسىزلىق، ۋىجدانسىزلىق ئادەتتىكى تەربىيە ئارقىلىق ئەسلا ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ ئادەتتە بەزىبىر سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ۋاقتىلىق ئۇگشالغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ھايۋانى مىجەز ھامان باش كۆتۈرۈپ، يەنە ئۆز يولىغا مېڭىپ، ئۆز سەنىمىگە دەسسەۋېرىدۇ. ئۇلار يەنىلا شەيتانغا ئەل بولغان ، روھى ئۆلگەن، ھەقىقى ياشاش ئىستىكىدىن مەھرۇم قالغان ئادەملەر ئارىسىدا خىلمۇ خىل جىنايەتلەر ئىچىدە خوشاللىق تېپىپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋېرىدۇ...

ئەكرەمنىڭ 3 يىللىق تۈرمە ھاياتىمۇ ئاخىرلاشتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلغان ساقچىلار بىلەن خوشامەت ئىچىدە خوشلاشقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئۇلارنى راسا تىللاپ چىقتى، ئۇلارغا ئەشەددى ئېغىر كىسەللەرنى، ئۆلۈمنى، دوۋزاخنى تىلىدى . دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ لەززىتىدىن مەھرۇم قىلىپ ئۆزىگە قورۇق تەلىم بەرگەن ، ئەركىنلىكىنى بوغۇپ ياشلىقىنى بۇ قېلىن، ئېگىز تاملار ئارىسىغا مەھكۇم قىلىۋەتكەن بۇ ئەبلەخلەردىن قۇتۇلغىنىغا شۇ قەدەر خوشال بولدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلغان كەيپىلىك مىنۇتلارنىڭ ئەمدى ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن قېن-قېنىغا پاتمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالى ئۆزىنى تۈرمىدىن ئەكىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئاتا-ئانا ، ئۇرۇق -تۇققانلىرىنىڭ ئۇمۇتلىرىدىن تۆلىمۇ يىراقتا ، ناپاكلىق، پەسكەشلىك، جىنايەت قاپلىغان ماكاندا پەرۋاز قىلاتتى. ئۇ شۇ دەمدە ھەممىنى ئۇنتۇغان ئىدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ئەجىردە چوڭ قىلغانلىقىنى، قانچىلىك بەدەلدە ئالى مەكتەپتە ئوقۇتقانلىقىنى، قانچىلىك ئەزىزلىگەنلىكىنى، تۈرمىدىن ئۆزگىرىپ چىققاندىن كېيىن باشقىدىن يول تۇتۇپ ھەقىقى ئادەمدەك ياشاشىنى قانچىلىك ئۈمۈت قىلغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇغان ئىدى . سەلىمە ۋە باشقا قىزلارغا قىلغان خورلۇق-ئەسكىلىكلىرىنى، نوچىلىقلىرىنى، ئۆزىنىڭ تۈرمىگە كىرىشىگە سەۋەپچى بولغان دىلنازغا بولغان ئۆچمەنلىك ، قىساس ئوتلىرىنىمۇ ئۇنتۇغان ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى پەقەت ۋە پەقەت سادىر ئاقچى بەخش ئەتكەن <ئاق> نىڭ خۇمارى، لەززىتىدە ئىدى. ئۇ تۈرمىدىكى مەھكۇملۇق ھاياتىدا ، شۇ ۋىسال ئىچىدە قانچىلىك ئازاپلانغان، قانچىلىك ئاغرىق تارتقان، قانچىلىك دەرت-ھەسرەت چەككەن ھە...ئۇ ئازاپلانغان مەزگىلدە سەلىمە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇ لەززەتنى ئاتا قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇ ئوت يەنە باشقىدىن تۇتاشقان، ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان. «سەلىمە چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، بالىسى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن بولسىمۇ ماڭا ئاق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، مېنى چوقۇم ساقلايدۇ » دەپ زور ئىشەنچ قىلغان، ئۇنى كۈتكەن، ئۇنىڭ يولىغا كۈن-كۈنلەپ تەلمۈرگەن...لېكىن سەلىمەنىڭ <<يوقال ھايۋان، ئەبلەخ...» دېگەن يىغلاڭغۇ تىترەك ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدىلا جاراڭلاپ، پەقەت شۇ تىل -ھاقارەتلا ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى يالدامى بولۇپ قالغان. ئۇ كۈتۈپ-كۈتۈپ ئاخىرى

ئۇمۇدىنى ئۈزگەن. سەلىمە ئۇن-تىنسىزلا يۇقاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئاماللسىز ئاتا-ئانىسىغا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كەسكىن پۇزۇتسىيەسى بىلەن ئۇ ئۇمۇتلىرىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىپ، <ئاق> نىڭ قورقۇنۇچلۇق ئازابى ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزگەن. كىچە-كېچىلەپ قىينالغان ، ياش تۆككەن، سىقراپ ئاغرىپ كىتىۋاتقان بەدىنىنى ھەر يانغا ئۇرغان، بارغانسىرى قالايمىقانلىشىپ كىتىۋاتقان پىكىر-خىيالىنى يىغىشقا قۇربى يەتمەي ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋاقىراشقا ، ئادەم تىللاشقا مەجبۇر بولغان. ساقچىلار كۈندە يەتكۈزۈپ بىرىۋاتقان ئاغرىق توختۇتۇش، زەھەر تاشلاتقۇزۇش دورىلىرى ۋاقىتلىق ئارام بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەسەبى خۇمارنى بېسىشقا قۇربى يەتمىگەن ...

مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھىسياتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەكرەم ئۆيگە كىلىپ ئارام ئېلىشنى باشلىدى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ باشقۇرىشىدا ئۆيگە بەنت قىلىنىپ مەخسۇس كۈتۈندى. بىچارە ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسىلەرنى تەييارلايتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇقلاپ كەتكەن جىسمىغا، تاتارغان چىرايىغا، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراپ يۈرىكى پۇچۇلىناتتى. ئۇنى تېتىپ باقامدىكىن، كۆڭلى تارتامدىكىن دەپ كۈندە نەچچە خىل تاماق ئېتەتتى. ئۇنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كىلىشى ئۈچۈن تۇرلۇك ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرىنى ، تىبابەت دورىلىرىنى ئەكىلەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى خوشال بولىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بىرىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بۇ نەرسىلەرنى يېيىشكە ئەسلا رايى يوق ئىدى. بۇ خىل نازۇ-نېمەتلەر ئۇنىڭ سېغىنىشى ئالدىدا ھېچنەرسە ئىدى. ئۇ پەقەت شۇ <ئاق> نىلا سېغىناتتى، ئاقنى ھۇزۇرلىنىپ چېكىشكە، ئۇكۇل قىلىپ سېلىشقا ، ئۇنىڭ لەززىتىدە شاھ ھۇزۇرىنى سۇرۇشكە ئالدىرايتتى.

ئەكرەم ئاخىرى سەۋەپ ئىزدەپ سىرتقا چىقتى، ئۇنىڭ جىدەللىرى، قۇپاللىقلىرى، ئۆز-ئۆزىنى ئۇرۇپ كىتىشى ئالدىدا ئاتا-ئانا ئاخىرى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. زار-زار يىغلاپ ياش تۆككەن ئاتا-ئانىنىڭ يىلىنىشلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى، ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە كەلگۈسى ئىستىقبال ، ئائىلە، پەرزەنت...ئۇقۇمى پۈتۈنلەي يۇقالغان بولۇپ، ئۇ ئۇرۇمچىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى قويماي ئارىلاپ ، بۇرۇنقى جەمىيەت ئاغىنىلىرىنى تېپىۋالدى، لۇكچەكلىك، ئوغۇرلۇق، قانۇنسىز سودا سېتىق

پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن نوچىلارنىڭ ھەمرالىقىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمۈتلىرىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى . ئۇ چەكتى، شۈنچىلىك ھۇزۇر، لەززەت ئىچىدە چەكتى. دۇنيانىڭ پۈتكۈل خوشلۇقىنى شۇ ئىس ـ تۈتەك ئىچىدىن ئىزدەپ چەكتى. ئۇنىڭ ئاغرىق جىسمىغا جان كىردى، ۋىسال ئىچىدە تەلمۈرگەن يۈرىكى ئاراملىق تاپتى. لېكىن بىر قېتىملىق چېكىشنىڭ كەينىدە يەنە نۇرغۇن چېكىش مەۋجۇت بولىۋەردى، بىر قېتىملىق شېرىن لەززەتنىڭ كەينىدە يەنە نۇرغۇن تەسۋىرلىگۈسىز لەززەتلىك مىنۇتلار ئۇنى ئەسىر قىلىۋەردى. ئارىلىقتا ئۇ سادىر ئاقچى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ ئۈلگۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق قول چوماقچىسى، ياردەمچىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ سادىر ئاقچىغا بىر قانچە ئاي خىزمەت قىلىش جەريانىدا قۇۋلۇقى، ۋىجدانسىزلىقى بىلەن خۇددى سادىر ئاقچى ئۆزىنى خۇمار قىلغاندەك، نۇرغۇن بىگۇناھ قىز ـ ئوغۇللارنى بولغاپ، ئۇلارنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن بۇ نىجىس نەرسىگە خۇمار قىلدى. لېكىن ئۇ ئەپسۇسلانمىدى. 3 يىللىق ئۆزگۈرۈشتىن ھېچنەرسە قوبۇل قىلمىغان بۇ ئادىمى ھايۋان ، ئىنسانلىق يولىدىن چەتنەپ تېخىمۇ كۆپ جىنايەتلەرنىڭ باشلامچىسى بولۇپ ، بۇ رەزىللىك قاپلىغان جىنايەت يولىدا تېخىمۇ ئىچكىرلەپ مېڭىۋەردى...

ئەكرەم سادىر ئاقچىغا ھەمرا بولۇپ خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدى.

تەرسىز، ئەجىرسىز كېلىۋاتقان باغلام ـ باغلام پۇللار ئۇنى تېخىمۇ خوشال قىلىپ بۇ پاتقاققا ئىچكىرلەپ سورەپ مېڭىۋاتاتتى . نەتىجىدە ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ يۇغىنىدى. ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىدىغان قىز ـ ئوغۇللارنىڭ، چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ بەزىدە ئۆزىمۇ ھەيران قالاتتى. لېكىن بۇ جەمىيەتتە بۇ نەرسىگە خۇمار بولغان ئادەملەرنىڭ بۇنچىلىك جىقلىقىدىن ئەپسۇسلىنىش تۈگۈل خوشال بولاتتى، ئۆزىنىڭ كىرىم ، بايلىق مەنبەسىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ھىلە ـ مىكىر، شۇملۇقلارنى ئىشلىتىپ بۇنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتەتتى. ئۇنىڭ سودىسىنى قىلىدىغان ئادەملەر ئىچىدە بايلارمۇ ـ نامراتلارمۇ، چوڭلارمۇ ـ ياشلارمۇ، ئوغۇللارمۇ ـ قىزلارمۇ بار ئىدى. بۇلۇپمۇ جەمىيەتتە لاغايلاپ قالغان نۇرغۇن سەبى قىزلار بۇنىڭ ئەسەبى خۇمارىغا مەپتۇن بولغان، ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن، ئۇنىڭ لەززىتى ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ، خانۇ ـ ۋەيرانلىققا يول ئالغان ئىدى. بىر قىسىم ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت كۈتىۋاتقان قىزلارمۇ بەزىبىر ئازغۇن

شەيتانلارنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ ئۆچمەس داغنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىشقا باشلىغان ئىدى...

ۋارىس بىلەن دىلنازنىڭ بەختلىك ئائىلىسىگە يېڭى بىر بەخت قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار تېخىمۇ شاتلىققا چۆمدى. ۋارىس ئەمدى ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆيدە پەيدا بولىدىغان، كەچتىكى نۇرغۇن ئولتۇرۇش،يىغىلىشلارغا بارمايدىغان، دىلنازنى ئىشقا سالماي ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئۆزى يۈگۈرەيدىغان بولدى. بەزىدە بۇرۇن ئىشتىن قايتىپ ئوخشىمىسىمۇ ھەر خىل قورۇمىلارنى قورىغاچ، تاماقلارنى ئەتكەچ تۇراتتى. ئۆيلەرنى تازىلايتتى، دىلناز ياقتۇرىدىغان vcdپىلاستىنكىلىرىنى ئەكىلىپ، ئۇنى كۆرپە ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپ بىرىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا قىزىق چاي دەملەپ ئەكىلەتتى ، ھەر خىل تاتلىق-تۈرۈملەردىن تىزاتتى. بەزىدە دىلنازنىڭ يۈغۈنىۋاتقان قورسىقىنى سىلاپ باللارنىڭ خىلمۇ خىل قوشاقلىرىنى ئۇقۇپ، چىن تۇمۇر باتۇرنىڭ ھىكايىلىرىنى سۆزلەپ كىتەتتى... دىلنازنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى زىرىكمەي تۇتاتتى. چۈنكى ئۇ بەك خوشال ئىدى. بۇ ئىشلارنى ئۆزى خالاپ، چىن كۆڭلىدىن خوشاللىق بىلەن قىلاتتى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئايالى دىلناز ۋە نەچچە يىللىق ئارزۇ-ئۈمۈت ، مۇھەببەتنىڭ شىرىن مىۋىسى بولغان ھامىلە ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدى.

قورساقتىكى بالىمۇ 3ئايلىق بولۇپ قالدى. بۇرۇن 2 ھەپتىدە بىر چوڭ ئۆيگە بارىدىغان ئەر-خوتۇنلار ئەمدى ھەر شەنبە-يەكشەنبىنى چوڭ ئۆيدە ئۆتكۈزىدىغان بولدى . چۈنكى نازىر ۋە پەرىدە خانىم تېخى تۇغۇلمىغان قورساقتىكى ھامىلىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. دىلنازنىڭ يۈغۈنىۋاتقان قورسىقىغا قاراپ خوشاللىق تاپاتتى. نەۋرىسىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە شىرىن خىياللارنى سۈرۈپ غېرىپسىنغان كۆڭلىگە تەسەللى تاپاتتى.

مانا، بۈگۈنكى شەنبىمۇ ئۇلار پەرىدە خانىمنىڭ تاڭ سەھەردە ئۇرغان تېلىفۇنىنى ئېلىپ ، چوڭ ئۆيگە بېرىشقا ئالدىراپ تەييارلىق قىلىشتى . ۋارىس بىنادىن بۇرۇنراق چۈشۈپ، قارا رەڭلىك پاسات ماركىلىق ماشىنىسىنى بىرەر قۇر تازىلاپ، دىلنازنىڭ چۈشۈشىنى ساقلاپ تۇردى. بىر ھازادىن كېيىن تۇلىمۇ يارىشىملىق كىيىنگەن ،ئۇزۇن سومبۇل چاچلىرىنى قويىۋەتكەن دىلناز خۇددى مودىللاردەك رىتىملىق قەدىمى بىلەن بىنادىن چۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ

سەل-پەل يوغىنىۋاتقان قورسىقى بۇگۈن كەيگەن كەڭ ئىتەكلىك ھالرەڭ كۆينەكتە ئانچە كۆزگە چېلىقمايتتى. دىلنازنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ماشىنا ھەيداۋاتقان ۋارسىنىڭ يۈرىكى يەنە ھاياجانغا چۆمۈلدى. ئۇ دىلناز بىلەن بىرگە بولغان ھەر قانداق ۋاقىتتا مانا مۇشۇنداق ھاياجانلىناتتى. بۈلۈپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بازار ئارىلىغان، يىغىلىش، توي-تۆكۈنلەرگە بارغان ۋاقىتلىرىدا باشقىلارنىڭ زوقلىنىش ئىچىدە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلاتتى. ئۆزىنى يىنىك قولتۇقلاپ مېڭىۋاتقان لاتاپەتلىك ئايالىدىن پەخىرلىنىپ، تىنىمسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى سىلاپ قوياتتى. ئالالدىن ئۆزىگە بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق خوشاللىقنى، بەختىيار كۈنلەرنى ئۈنسىز تىلەيتتى.

ۋارس شوپۇرلۇق پىراۋىسىنى يېڭى ئالغاچقىمۇ، ماشىنا ھەيدىگەندە پات-پات تۈرمۈزلاپ قويدى، ئالدىدىن ، ياندىن ماشىنىلار تىز-تىز ئۆتكەندە ماي تەپكىسىنى بوش قويۇۋېتىپ ئاستىلىتىپ ھەيدىدى. دىلنازغا بىخەتەرلىك تاسمىسىنى تاقىۋېلىشنى ئېيتتى. ئۇ مىغ-مىغ ماشىنا ۋە ئادەملەر توپى ئىچىدە ئاستا ماشىنا ھەيدىگەچ ، پات-پات يېنىدا ئۆزىگە مۇھەببەتلىك تىكىلىپ تۇرغان دىلنازغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى . ئۇنىڭ خوشاللىق جىلۋە قىلىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىدىن مېھرىنى بىر مىنۇتمۇ ئۈزمىدى. بىر چاغدا دىلناز پۈتۈن دىققىتى بىلەن ماشىنا ھەيداۋاتقان ۋارسىنىڭ رول تۇتقان كۈچلۈك قوللىرىنى بوشقىنا سىلىدى.

-ۋارس، شۇ تاپ كۆڭلۈم ئاچچىق كالا گۆشى ئۇگرىسى تارتىۋاتىدۇ. چوڭ ئۆيگە بارساق سىرتقا چىقالماي قالىمىز، شۇڭا يەپ ماڭساق قانداق، - دىلناز ئەركىلەپ تۇمشۇقىنى ئۈشلاپ قويدى.

-ۋاي خۇدا، نىمە دەپ ئۇ سۇغۇق نەرسىنى كۆڭلىڭىز تارتىپ قالغاندۇ، سىز ئېغىر ئاياق بولغاندىكىن قۇۋەتلىك نەرسىلەرنى يىسىڭىز بولاتتى.

-ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن، كۈندەك ئاچچىق-چۈچۈك بىر نەرسە يىگۈمىلا كىلىدۇ. كۆرمىدىڭىزمۇ ، تاماق يىسەممۇ بىر مۇنچە لازا سېلىپ يەۋاتامدىم.

-كۆردۈم جېنىم. لېكىن شۇ سىزگە زىيان قىلىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. بوپتۇ، كۆڭلىڭىز تارتقان بولسا يەپ ماڭايلى...

ۋارس دىلنازنىڭ نازلىق ئەركىلەشلىرىدىن كۆڭلى سۇيۇنىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ تەلپىنى يەردە قويغۇسى كەلمىدىمۇ ماشىنىسىنى ئاستا قەرىپ، نەنمىر

ئەتراپىدىكى ما ئۈستام چوڭ قاچا نىيۇرۇمىيەنخانىسىغا ئەكىلىپ توختاتتى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن بۇنداق قورساقنىڭ تىگىگە بارمايدىغان، سوغوق تەركىپلىك تاماقلارغا خوشى يوق ئىدى. ئالدىنقى قېتىممۇ دىلنازنى مۇشۇ ئاشخانىغا ئەكىلىپ ، ئۇنىڭ بىر قوشۇق لازا سېلىپ كۆز ياشلىرىنى توختىماي سۈرتۈپ تاماق يېگەن تۇرقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاچ قورساق قايتىپ كەتكەن ئىدى.

ۋارس بۈگۈن دىلنازنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆزىگىمۇ بىر قاچا بۇيرۇتتى. ئۇ دىلنازنىڭ قاچىسىغا سېلىنغان قىپ-قىزىل لازىلارغا قاراپ تىنى جىغغىدە قىلىپ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئاچچىق تاماقنى يېيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك سوراپ قالدى:

-دىلناز، نېمانداق جىق سالىسىز. مەن قاراپ غىققىدە بولۇپ قالدىم شۇ تاپ.

-تېخى ھىس قىلمىدىڭىزما ۋارس. مەن ئاچچىق نەرسىگە سىزنىك بوپ قاپتىمەن. ماڭا ھېچقانچە ئاچچىق بىلىنمەيدۇ...

-راسما ؟ توۋا خۇدايىم، ئۇنداق ئاچچىق نەرسىلەرگە سىزنىك بولغۇچە مەندەك تاتلىق ئىرىڭىزگە سىزنىك بولسىڭىزچۇ؟- ۋارس دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى.

دىلناز ئەتراپتىكى ئادەملەردىن ئەيمەنگەندەك ئاستا قوپۇپ ۋارسىنىڭ قۇلىقىغا كىلىپ پىچىرلىدى.

-سىزگە سىزنىك بولسام يېنىمدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىمايتتىم...ئۇ ۋاقىتتا سىزگە بەك ئۇۋال بولۇپ كىتەر...

-ھا، ھا،ھا...

ۋارس بىلەن دىلناز تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ سالدى. كۈلدىيۇ، بۇ ئاشخانىنى خۇددى ئۆيىدەكلا ھىس قىلىپ تاتلىق يېقىنچىلىق قىلىپ سالغانلىقىدىن ئۇڭايسىزلىنىپ ئەتراپقا خىجىللىق ئىچىدە قاراپ قويدى. دىلناز ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، چوكىنى چۆپكە ئۇزاتتىيۇ، نىمىشقىدۇر بىر نەرسىنى قايتا كۆرمەكچى بولغاندەك بېشىنى ئىتتىكلا كۆتۈرۈپ، كۆزنى يەنە ئۇدۇلدىكى ئۈستەلگە ئاغدۇردى.

-توۋا،- چوكىنى قاچىغا تاشلاپ ئېغىزىنى تۇتۇپ قالغان دىلنازنىڭ شەھلا كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. ئۇ ۋارسىنىڭ ئارقىسىدىكى نېرىراقتىكى ئۈستەلدە چىرايىدىن لۈكچەكلىك چىقىپ تۇرغان غەلىتە

كىيىنۋالغان بىر قانچە ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزىگە قادىلىپ ئولتۇرغان بىرسىنى كۆرۈپ تەمتىرەپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چاقماق چاقنىغاندەك بولدى، نىرۋىلىرى قالايمىقانلىشىپ، سۈتتەك چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى. «تونۇش چىراي، تونۇش قورقۇنۇچلۇق كۆز...ئاۋالقىدەكلا شۇنداق قورقۇنۇچلۇق...» دىلناز قىزىق هور چىقىپ تۇرغان ئۇگرىگە يۈزىنى يېقىن ئەكىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قالغان ۋارىسقا ھودۇقۇش ئىچىدە ئاستا پىچىرلىدى:

-ۋارىس، كەينىڭىزگە قارىماڭ. بىلەمسىز مەن كىمنى كۆردۈم؟

-مەن نەدىن بىلىمەن، خۇددى بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى كۆرگەندەك چىرايىڭىزدا قان قالمىدىغۇ؟-دىلنازنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ كەينىگە بۇرۇلۇشقا تەمشەلگەن ۋارىس ئۇنىڭ گېپىدىن چۆپپىلا توختاپ قالدى.

-ئەكرەم، ھېلىقى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوغلى ئەكرەم. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپتۇ...تۈرمىدىن چىقىپتۇ...

ۋارىس دىلنازدىكى ئۆزگىرىشلەرگە، ئۇنىڭ جىددىيلىشىشىگە قاراپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ ئايالىنىڭ ھازىرغىچە بۇنداق قورقۇنۇچلۇق چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

-تۈرمىدىن چىقسا نىمە بوپتۇ؟ بەلكىم ياخشى ئادەم بولۇپ ئۆزگۈرۈپ چىققاندۇ؟ سىز نىمىشكە ھودۇقۇپ كىتىسىز؟

-مە...ن....مەن.....-دىلناز تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. <ۋارىس نىملەرنى ئويلاپ قالغاندۇ دىگەن سوئال كاللىسىغا كىرىۋالدى. ئۇ بايىقى ھودۇقۇشلىرىنى بېسىقتۇرماقچى بولغاندەك ئېغىر نەچچە رەت تىنىۋېتىپ ئالدىدىكى ئۇگرىگە قاراپ بىر پەس ئولتۇرىۋالدى.- مەن ھودۇقمىدىم. لېكىن ئۇنى كۆرسەملا بىر خىل شۈملۈكنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇزۇن بوپتىكەن بۇ خىل ئاسارەتتىن قۇتۇلغىلى. بۈگۈن تۇيۇقسىز يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق...

-ھە، كارىڭىز بولمىسۇن، كۆرمىگەن بولۇپ تامىقىڭىزنى يەۋىرىڭ...

-ۋارىس شۇنداق دىدىيۇ، لېكىن يەنە كەينىگە ئۆرۈلۈپ ھېلىقى نوچى گۇيىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بىر كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كىيىنكى ئۆزگۈرۈش ئەھۋالىغا نىمىشقىدۇر قىزىقىۋاتاتتى . لېكىن ئۇ ئۆزىگە يەنە بىر ئاۋارىچىلىقنى تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك جىم بولدى.

ئۈلارنىڭ بايىقى چاقچاقلىرىمۇ تۈگىگەن بولۇپ، بېشىنى تۈۋەن سېلىپ ئۈنسىز ئۈگرىسىنى ئىچىشىۋاتاتتى. ئۈگرىنىڭ قىزىقلىقىمۇ ياكى قەلبىدىكى جىددىيلىك، بىئارامسىزلىقمۇ ئۈلارنىڭ چىرايىدىن توختىماي تەر تامچىلىرى تۆكۈلەتتى. تەر تامچىلىرىنى ئاپئاق قەغەزدە توختىماي سۈرتەتتى. ئۈلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈنسىز تاماق يەۋاتقان بىلەن كۆڭلى يەنىلا ئەكرەمدە ئىدى. ۋارسىنىڭ كاللىسىدا مۇشتۇمزور ئەكرەمنىڭ مەكتەپتىكى قۇپاللىقى، نوچىلىقى، سىنىپىغا كىرىپ ئۆزىنى بۇلۇشىغىچە دۇمبالاپ قويىشى كىرىۋالدى. ئۇ گەرچە بۇرۇنقى ئىشلار بولسىمۇ ، لېكىن ۋارس بۇ چوڭ شەھەردە ئۇنداق ئەسكىلەردىن يەنىلا ئېھتىيات قىلىپ ياشاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلەتتى. دىلنازنىڭ كاللىسىدىمۇ يەنە شۇ بۇرۇنقى ئىشلار، ئەكرەمنىڭ پوپوزىلىرى، سەلىمەنىڭ كەچۈرمىشلىرى، سەلىمەنىڭ ئاكىسىنىڭ پىچاق يېگەن كۆرۈنىشى، ئەكرەمنىڭ سوت مەيدانىدىكى ئۆزگە مىختەك تىكىلگەن جاللاتتەك كۆزلىرى...ئۇنى قورقۇنچ باستى. بۇ يەردىن تېزراق چىقىپ كىتىشكە ، ئەكرەمنىڭ كۆزلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرىدى. ئۇ نىمىشقىدۇر ئاچچىق لازا بىلەن قىپ-قىزىل بۇيۇلۇپ كەتكەن ئۈگرىنى ئېغىزلىرىنىڭ ئېچىشىشىغا، ياشلىرىنىڭ ئۆزۈلمەي تۆكۈلىشىگە قارىماي تېز-تېز ئىچىشكە باشلىدى...

-ئەسسالام قەدىردانلار...

ۋارس بىلەن دىلناز تەڭلا بېشىنى كۆتۈردى. ئۈلارنىڭ ئالدىدا چاچلىرىنى ئۆزۈن قويىۋالغان، نۇرسىز قىسىق كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان ئەكرەم يۇغان قارا ئەينىكىنى قولىدا تۇتقىنىچە مۇغەمبەرلەر چە ھىجىيىپ تۇراتتى. بۇ تاسادىپى سالامدىن ۋارسىمۇ ، دىلنازمۇ ئوخشاشلا ئەندىكىپ كەتتى. دىلنازنىڭ تەر تامچىپ تۇرغان چىرايلىق يۈزى تېخىمۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتتى.

-ۋە...ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...-ۋارس دۇدۇقلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزۈن يىللاردىن بىرى كۆرۈپ باقمىغان بۇ مۇشتۇمزور ئەبلەخكە سەپسالغاچ قولىنى ئۇزاتتى. ئۇزاتتىيۇ، قولىدىكى قارا كۆزەينەكنى پۇلاڭلىتىپ ئىپادىسىزلا تۇرغان قىسىق كۆزلەرگە قاراپ ئۇڭايسىزلىنىپ دەرھاللا قولىنى تارتىۋالدى.

-سالامەت تۇرۇپسىز ئەكرەم، قاچان چىقتىڭىز؟-دىلناز ئارىدىكى كەيپىياتنى ئوڭشىماقچى بولغاندەك ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇدۇقۇش ،

ئەندىشىلىرىنى يۇشۇرۇشقا تىرىشتى.

ـ جان تەندە ئامانەت بولسىلا چىقىدىغان گەپكەن. دۇنيانىڭ ئەركىن قەھرىمانلىرىغا ئايلانغىنىمغىمۇ بىر يىلدىن ئۇشۇق بولۇپ قالدى. قانداق ، مىنى بىر ئۆمۈر ئاشۇ نەس باسقان يەردە ياتامدىكىن دىگەنما؟ـ ئەكرەم يەنىلا بۇرۇنقى ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن قىسىق كۆزلىرىدە دىلنازنىڭ ئۇستى بىشىغا ، چىرايلىق كۆزلىرىگە ، غۇنچىدەك لەۋلىرىگە ، ھالرەڭ ئۈززۈن كۆڭلىكىگە قاراپ چىقتى.

ـ يا...ق، ياق...ـ دىلناز ئۆزىنى مەغرۇر تۇتتۇشقا ھەر قانچە تىرىشسىمۇ يەنىلا جىددىيلىشىپ قالدى. ـ شۇ ساۋاقداش بولغاندىكىن ئەھۋال سورۇغۇم كەلدى...

ـ ساۋاقداش....ھا ، ھا ، ھا...ـ ئەكرەم دىلنازنىڭ سۆزىنى مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ كەتتى. ـ ئەجەپ ئوبدان ساۋاقدىشىمدە سىز... قارىسام ھال كۇنىڭىز بەك ياخشىدەك قىلىدۇ. قاچان قارىسام تىلىۋۇزۇردا قۇچقاچتەك ۋىچىرلاپلا يۇرىسىز...

ـ ھە ، شۇ خىزمەت ئىھتىياجى بىلەن شۇ يەردە ئىشلەپ قالدىم.

ـ مۇنداق دەڭ. سىزدەك گۈزەللەر ئەلبەتتە باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىدىغان يەردە ئىشلىشى كىرەك. ھەر راست ، بۇياق...بۇياق...ـ ئەكرەم ھەم ئۇڭايسىزلىنىپ ھەم غەزەپلىنىپ تۇرغان ۋارىسقا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

ـ ۋارىس.ـ دىلناز ئىتتىكلا تولۇقلىدى.

ـ ھە ۋارىس...بۇ ئاداشنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ئاخىرى تىپىشىپ قالغان ئوخشايسىلەر ھە؟

ـ شۇنداق ، ياخشىلار ، ئاقكۆڭۈللەر ھامان ئۆز بەختىنى تاپىدىكەن ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى خۇدايىم ئاسان قىلىپ بەختلىك ئائىلە قۇرۇۋالدۇق...

ـ ۋارىس ئەكرەمنىڭ دىلنازغا مۇغەببەرلەرچە ھىجىيىپ تۇرۇشىدىن غەزەپلەندىمۇ ، تۇيۇقسىز ئارىغا قىسىلىپ دادىللىق بىلەن ئىنكاس قايتۇردى.

ـ ھە ، مۇنداق دەڭ. ئۇنداقتا بىز ئۇسال ، نىيىتى يامان ئادەمكەندە ، شۇڭا خۇدايىم بىزنى تۈرمىگە مەھكۇم قىپتىكەندە .ـ ئەكرەم نىمىشقىدۇر ۋارىسنىڭ سۆزىدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، قۇشۇمىلىرىنى تۈرۈپ قويدى. كەيپىلىك كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر شۇملۇق يالت قىلىپ ئۆچتى.

ئارىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىمۇ، دىلناز دەرھاللا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئەكرەمنى جوزىغا تەكلىپ قىلدى. دىمىسمۇ ئۇ بۇنداق لۇكچەك مىجەز ئەبلەخلەرنىڭ ئادەم بار-يوق دېمەي جېدەل قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەكرەمنىڭ تۇرقى، سۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ تۈرمىدە ئۆزگۈرۈش تۈگۈل بۇرۇنقىدىنمۇ ئۇساللىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن سېزىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى.

-ھە،-ئەكرەم ۋارىسنىڭ سۆزىگە قارىمايلا ئالدىدىكى ئورۇندۇققا لەسسىدە ئۆزىنى تاشلاپ، كۆينىكىنىڭ تۈگمىسىنى قورسىقىغىچە ئېچىۋەتتى. ۋارىس بىلەن دىلناز نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئۆزۈن يىل ئاچ قالغان ئادەمدەك ئۇرۇقلاپ قوۋۇرغىلىرى ئاندا-مۇندا چىقىپ قالغان ئەتسىز كۆكرىكىگە قاراپ سالدى. بوينىدىكى توم، ئۇزۇن ئالتۇن زەنجىر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە زەھەرلىك سېرىق يىلاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ۋارىسنىڭ مەكتەپتىكى بەستىلىك ئۇستىخىنى، قورقۇنچلۇق ئۆتكۈر كۆزلىرى، جاللاتتەك ھەيۋىسى پەيدا بولدى. خىياللىرى بىلەن ئالدىدىكى ئەكرەمنىڭ تۇرقىنى سېلىشتۇرۇپ نىمشقىدۇر بىر-بىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇشتى. ئۇلار ئەكرەمنىڭ تەكەللۇپسىزلا ئۆزىنى قويىۋېتىپ ئولتۇرىشىدىن بىر ئاز كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، «ئۇنىڭ بىلەن دوستانە پاراڭلىشىدىغان بولدۇق» دەپ قارىدى.

-ھە، شۇنداق قىلىپ بۇ ئاداش بىلەن توي قىلىۋالدىم دەڭ. «مەكتەپتە ھېچكىم بىلەن يۈرمەيمەن، مىنىڭ پۈتۈن نىيىتىم ياخشى ئوقۇش، تېخى ئوقۇش پۈتتۈرۈپمۇ ئاسپىرانت، دوكتۇرلۇقتا ئوقۇيمەن...» دەۋاتامتىڭىز...قېنى خان ئۇ گەپلەر...-ئەكرەم نۇرسىز كۆزلىرىنى ئالدىدا تەمترەپ ئولتۇرغان دىلنازنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىگە تىكتى.

-تەقدىر...تەقدىر شۇنداق بولۇپ قالدى. خۇدا رىسقىمىزنى سالغان چېغى...-دىلناز ئەكرەمنىڭ بىمەنە سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىشتىن قاچتىمۇ دەرھاللا گېپىنى ئۆزگەرتتى.-ھە راس ئەكرەم، نىمە تاماق يەيسىز؟

-بولدى، بولدى...مەن تاماق يەپ بولغان...قېنى دەڭە، بۇ ئاغىنىمىز ئەجەپ ئۆرۈمچىدە خىزمەت تېپىۋاپتا؟...

-ھە، بىلىسىزغۇ...مەكتەپتە بەك ياخشى ئوقۇغان، سىز تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن مەكتەپتە ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن كۆزگە

كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇقۇشى ياخشى بولغاچقا بىر قىسىم ئورۇنلار تالىشىپ.... ـ دىلناز بىئاراملىق ھىس قىلىسمۇ  قەستەن يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بۇ خىزمەت، توي ئىشىدا تارتقان ئازاپلىرىنى، ھەسرەتلىرىنى بۇ ئەشەددى رەقىبىگە بىلدۈرۈشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۆزىنىڭ گۈلدەك بەختى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ ئاچچىق قىلىشنى ئويلاپ قالغان ئىدى.

ـ مۇنداق دەڭ...بىلىملىك، قاملاشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلەمدۇ نېمە؟ قارىغاندا بۇ ئاغىنىمىزمۇ سىزگە ئوخشاش تىلشۇنىزيە ئىستانىسىدا ئىشلەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ خۇدايىم بەختىڭلارنى بەسۇن...ـئەكرەم نىمىشقىدۇر بايىقى قوپاللىقلىرىنى قايرىپ  سىپايىلىق بىلەن گەپ سوراشقا باشلىغان ئىدى . ئۇ بايا بولارنى تونجى كۆرگەنىدىكى قەلبىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىنى ئاچچىق تىلىپ ئۆتكەن كۈنچىلىك ـ غەزەپلىرىنى، يېڭىدىن بىخ سۈرگەن ئۆچمەنلىكلىرىنى  بېسىشقا تىرىشىۋاتاتتى.

ـ ياق. مەن شەھەرلىك سوپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىدا ئىشلەيمەن...بىزنىڭ ئىدارىدا بىجىرىدىغان ئىشلىرىڭىز بولسا مىنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ...ـ ئايالىغا قانداقتۇر بىر خىل شۇملۇق كۆزلىرى بىلەن قاراپ سوراق قىلىۋاتقان ئەكرەمگە  غەزەپلىنىپ ئولتۇرغان ۋارىس ئۇنلۇك ـ ئۇنلۇك قىلىپ ئۆزلا جاۋاپ بىرىۋەتتى.

ـ ياق، ياق...بىزنىڭ ماللارنىڭ سوپىتىنى تەكشۈرتۈرش كەتمەيدۇ...ھەممىسى ساپ ماللار...ـ ئەكرەم شۇنداق دىدىيۇ ، ئەتراپىغا ئەندىككەندەك قاراپ قويدى، ئۇ ئالدىراپ چىقىپ كەتكەن گەپىگە ئەپسۇسلانغاندەك يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئالدى ـ دە، بىر تال تاماكىنى ئاغزىغا قىستۇرۇپ، يەنە بىرنى ۋارىسقا ئۇزاتتى.ـ سىزمۇ بىرنى چېكىپ قۇيامسىز ئاغىنە..

ـ بولدى،بولدى..رەخمەت...مەن تاماكا چېكىپ باقمىغان...ـ ۋارىس ئىتتىكلا قولى بىلەن ئەكرەم تەڭلىگەن تاماكىنى ياندۇردى...

ـ ئۇغۇل بالا قىلىدىغان ئىش بۇ، ئۇرۇمچىدە تۇرىۋاتقىلىمۇ 10 يىلدەك بولۇپ قاپتۇ، تېخىچە ئۆگۈنۈپ بۇلالمىغان بولسىڭىز چاتاق بوپتۇ جۇمۇ، ئەنسىرىمەڭ، بۇ دىگەن جىك مال، سوپەت تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ كىتىدۇ....ـ ئەكرەم ۋارىسنى مەنسىتمىگەندەك تاماكىنى  يەنە زورلاپ تەڭلىدى.

-رەخمەت، رەخمەت...مەن چەكمەي...

-بوپتىلا ئەمىسە...-ئەكرەم ۋارسقا تەڭلىگەن تاماكىنى تاماكا قۇتىسىغمۇ سالماي جوزا ئۈستىگىلا تاشلىدى. ئۇ مەيدە يەنچۇقىدىن تاپانچا شەكلىدىكى بىر چاقماقنى چىقاردى-دە، «پاراس» قىلىپ تاماكىسىغا تۇتاشتۇرۇپ ھۇزۇرلۇنۇپ شوراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چەمبىرەك شەكلىدە پۇرقىرىتىپ چىقارغان تاماكا ئىسىدىن سەسكەنگەن ۋارس بىلەن دىلناز بىر بىرىگە قاراپ قويۇشتى...

تاماكا چېكىۋاتقان ئەكرەمنىڭ شۇ تاپتا نىمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئۆزگەرمەس خاراكتىرنىڭ نىمىلەرنى پىلانلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن ۋارس بىلەن دىلناز شۇ تاپ بۇنىڭدىن تېزراق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇرۇقلاپ بىر قىسىملا بولۇپ قالغان ئەكرەمنىڭ بەزى ئىشلىرىنى، تۈرمە ھاياتىنى، قاچان چىققانلىقىنى، ھازىر نىمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپ باققۇسى كەلدى. ئۇنىڭ كەچمىشىگە خېلى قىزىقتى. بولۇپمۇ دىلناز سەلىمەنىڭ خەۋىرىنىڭ بولغان-بولمىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشنى ئويلىدىيۇ، يەنىلا بۇرۇنقى نۇرغۇن كىلىشمەسلىكلەرنىڭ، يۈز بەرگەن جېدەلنىڭ، ئەكرەمنىڭ تۈرمىگە كىرىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغان ئىشلارنىڭ يەنە ئېغىزغا ئېلىنىپ، ئەكرەمنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىك، قىساسنىڭ يالقۇنجاپ قىلىشىدىن قورقۇپ جىممىدە بولدى. ئۇ شۇ تاپ سەلىمەنى ئويلاپ قالدى. ئۇزاق يىللىق خىزمەت، تۈرمۇش ئالدىراشلىقىدا بۇ دوستى ئۈستىدە ئوبدانراق ئويلۇنۇپ باقمىغان دىلنازنىڭ كاللىسىغا يەنە شۇ بىچارە قىزنىڭ ئازاپلىق كەچمىشى، مېڭىش ئالدىدىكى دىلنازنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ دىدارلاشقان كۆرۈنىشى كەلدى. سەلىمەنىڭ مىسكىن كۆزلىرىدىن قويۇلغان ئازاپلىق ياشلار دىلنازنىڭ قەلبىنى يەنە بىر قېتىم مۇجىۋەتتى. دىلناز دوستىنىڭ مۇشۇنداق كۆلپەتلەرگە قېلىشىغا سەۋەپچى بولغان ئالدىدىكى دۈشمەن ئەكرەمدىن يىرگەنگەندەك ئۇنىڭغا كۆزنىڭ قۇيرىقىدا ئالىيىپ قويدى.

خىياللار ئىچىدە بىرئاز تېڭىرقىغان ۋارس بىلەن دىلناز ئەكرەمنىڭ تاماكا چېكىپ خۇشكەيىپ بولغان تۇرقىغا قاراپ ، بىر-بىرىگە كۆز قىسىشىپ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇردى.

-ئەكرەم، بىز چوڭ ئۆيگە بارماقچىدۇق...شۇڭا ئالدىڭىزدا ماڭغاچ

تۇرساق...

- ھە،ھە...-ئۆزىنىڭ قانداقتۇر شېرىن خىياللىرىدىن ھوزۇرلۇنۇپ، مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ئەكرەم تېزلا ئورنىدىن تۇردى.- قايتامسىلەر...بولىدۇ.بولىدۇ... كېيىن يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز...

-بەلكىم. -دىلناز ئەكرەمنىڭ خۇمارلىق نۇرسىز كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ تومتەكلا جاۋاپ بەردى.

-بەلكىم دەيسىزغۇ، بىز تېخى جىق ئۇچرىشىمىز...قانداق دىدىم ۋارىس...-ئەكرەم مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجايدى.

-خۇدايىم بۇيرىسا...-ۋارىس خۇددى ئەكرەم ھازىرلا دىلنازنى ئەپقاچىدىغاندەك،ئاياللىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئەكرەم بىلەن سوغۇقلا خوشلۇشۇپ سىرتقا ماڭدى. دىلنازمۇ قورقۇش ۋە ئەندىشە ئىچىدە بوشقىنا باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى قانچە تېز ماڭغانسىرى شۇنچە كالاماپايلىشىپ كىتىۋاتاتتى. «بىز تېخى جىق ئۇچرىشىمىز» دىگەن سۆز قۇلاق تۈۋىدە قايتا-قايتا جاراڭلايتتى. ئۇلار خۇددى بىر ئىت كەينىدىن قوغلىۋاتقاندەك تېز-تېز قەدەم ئېلىپ ماشىنىسىنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى .ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىۋاتقان ۋارىس بىلەن دىلناز يەنە نىمىشقىدۇر ئاشخانا تەرەپكە قاراپ سالدى. قارىدىيۇ يەنە تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئەكرەم ئىشىك تۈۋىدە قارا ئەينىكىنى ئۇزۇن چاچلىرىغا قىستۇرۇپ، تاماكىسىنى بۇلۇشىغىچە شوراپ ئۇلارغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. گەرچە ئەكرەم ئۇلارغا باشقىچە غەيرى مۇئامىلىدە بولمىغان، ئۇلارغا پوپوزا قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن نىمىشقىدۇر ۋارىس بىلەن دىلناز تۇرمۇشىدا بىر مەزگىل يۇقالغان قارا سايىنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇشىدىن ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى. ۋارىس گەرچە نۇرغۇن ئىش كۆرگەن، جەمىيەتنى چۈشەنگەن، يۈرىكى خېلىلا چوڭ ئۇرۇمچىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا سىڭىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەكرەمنىڭ دىلنازغا بىرەر قەست قىلىپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇ پەرىشتىسىنىڭ بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىشىشىدىن، قورساقتىكى بالىسىغا بىرەر خەۋپ يىتىپ قېلىشىدىن بەكلا قورقاتتى. ئۇ ماشىنىغا چىقىپ، يېنىدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرغان دىلنازغا بىر پەس قاراپ قويۇپ، ماشىنىنى ئىتتىكلا ئوت ئالدۇرۇپ ماڭدى. لېكىن رول تۇتقان قوللىرى نىمىشقىدۇر توختىماي تىترەيتتى...

ۋارس بىلەن دىلنازنىڭ تۇرمۇشى شۇنچىلىك بەختىيار ئۆتىۋاتسىمۇ، پەرزەنت ئۆتىدا ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئاپتاپتەك يورۇپ، دىللىرىدا بىر خىل تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان مەۋج ئۇرسىمۇ، لېكىن دىلناز ئەكرەم بىلەن ئۇچراشقان كۈندىن باشلاپ پات-پات ئېغىر غەمگە مۇپتىلا بولغان ئادەمدەك ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئىشقا بېرىش-كېلىشتە ئىمىشقىدۇر ئەتراپقا ئەندىكىش ئىچىدە قارايتتى. ئەكرەم بىر بۇلۇڭدا ئۆزىگە شۇملۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغاندەكلا ھىس قىلاتتى، بىرەرسى چاقىرىپ قالسا خۇددى ئەكرەم چاقىرىۋاتقاندەك چۆچۈپ كېتەتتى. كۆڭلى ھېلىقى ئاچچىق-چۈچۈك كالا گۆشى ئۇگرىسىنى شۇنچە سېغىنىپ تۇرسىمۇ ،لېكىن ئەكرەم دائىم ئاشۇ ئاشخانىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ يولىنى توسۇشقا ئورۇنىۋاتقاندەك، تاماقلىرىغا زەھەر سېلىپ قويىۋاتقاندەك ھىس قىلىپ ، ئىككىنچى ئۇ يەرگە ئاياغ باسمايدىغان بولدى. پەقەت خىزمەتداشلىرى بىلەن تىلىۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قېشىدىكى بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىرىپ، ئاچچىق لازا سېلىنغان ئۇگرىنى ئىچىپ سىزىكنى بېسىقتۇراتتى. بەزىدە كەچلىكلىرى سىزىكى تۇتۇپ قالسا ۋارسقا ئەركىلەپ، ئۇنىڭغا ئەكەلگۈزۈپ ئىچەتتى. لېكىن دىلناز شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئىككىنچى ئەكرەمنى قايتا ئۇچراتمىدى. قورسىقىنىڭ بارغانسىرى چوڭىيىۋېپ تىنىقلىرىنىڭ ئېغىرلىششى، بىلىنىڭ تۇۋەن قىسمىنىڭ سىقراپ ئاغرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەندىشىلىرىمۇ بارا-بارا ئازلاشقا، كاللىسىغا كىرىۋالغان قالايمىقان خىياللار يوقۇلۇشقا باشلىدى. ھەر دائىم ئۆز-ئۆزىگە <ئەكرەم راستىنلا ئادەم بولغانمىدۇ يە؟> دىگەن گۇمانى سوئاللارنى قويىدىغان بولدى.

دىلنازنىڭ قورسىقى بارغانسىرى چوڭايدى. نەتىجىدە ئىدارىغا بېرىپ-كېلىش، تاماق ئېتىش، ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىش جەھەتتە بارغانسىرى قىينالدى. ۋارس ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بۇلۇپ، ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە ۋاپادارلىق ۋە ھىسداشلىق ئىلكىدە تىكىلىپ، ئۇنى ھېچقانداق ئىشقا سالماي ، ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىۋالدى. ئىشقا بېرىپ-كېلىشتە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ماشىنىدا 4 ۋاخ مەخسۇس توشىدى. دىلنازنىڭ ۋارس توختىماي ئەكىلىۋاتقان گۆش-

كاۋاپلارغا، قوۋەت تالقانلىرىغا ئەسلا رايى تارتمايتتى. 6 ئايلىق بولۇپ قالغان قورسىقىغا مۇھەببەتلىك قاراپ زوقلانسىمۇ، قانداقتۇر بىر خىل ئانا بولۇش ئىستىكى يۈرىكىنى لەرزىگە سالسىمۇ، لېكىن ئۇ قورسىقىنىڭ تۆۋەن قىسمىنىڭ مۇجۇلۇپ ئاغرىشىغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. بارا-بارا بۇ تىتىلدىك، ئىشچان قىزنىڭ ئىشقا بارغۇسىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەتىگەندە ناھايىتى زورى بىلەن ماڭاتتى، ئىدارىدىكى خىزمەتلەرنى بويىنىدىن بىرىسى سۆرىگەندەك قىلاتتى. ئۆيگە قايتىپ كىلىپلا ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىخانلىرىنىڭ پات-پات سىقىراپ ئاغرىشى، پۇت-قوللىرىنىڭ ئىششىپ كېتىشى، قورسىقىنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ قاتتىق مۇجۇپ كېتىشى، ئاتا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ۋارىسىنىمۇ، نەۋرىلىك بولۇش ئالدىدا تۇرغان نازىر ۋە پەرىدە خانىمنىمۇ ساراسىمىگە سېلىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى تۈن كېچىدە ۋارىس دىلنازنىڭ ئەنسىز ئىڭراشلىرىدىن ئەندىكىپ ئويغۇنۇپ، ئۇنىڭ چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەن بەدىنىگە قاراپ قورقۇپ كەتتى. دىلناز قورسۇقىنى تۇتۇپ تولغۇنىۋاتاتتى. چىرايلىق شەھلا كۆزلىرىدىن ياش تامچىلايتتى. ۋارىس نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي دەرھال دىلنازنى قۇچىقىغا ئالدى.

- دىلناز، دىلناز...سىزگە نېمە بولدى؟ بىرەر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدا؟

- ھە، قورسۇقۇم....- دىلناز شۇنچىلىك زەئىپ ئاۋازدا جاۋاپ بەردى.- ئاغرىغىلى خېلى بولغان، مەن تېخى نورمال ئەھۋال ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، لېكىن بۈگۈن زادىلا بۇلالمىدىم. تولغاپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ...

- سەل تەخىر قىلىڭ دىلناز، مەن سىزنى ھازىرلا دوختۇرخانىغا ئاپىراي.- قانداقتۇر بىر كىلشىمەسلىكنى ھېس قىلغان ۋارىس ئۈيقۇلۇق كۆزلىرىنى قاتتىق ئۇۋلىۋېتىپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. جىددىيلەشكەنلىكتىن كۆينىكىنىڭ يېڭىنىمۇ تاپالماي بىردەم جىلە بولۇپ كەتتى. كاللىسىغا كىرىۋالغان خىلمۇ-خىل زىددىيەتلىك خىياللاردىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك بېشىنى قاتتىق-قاتتىق سىلكىپ قويۇپ، ئاجىز ئىڭراپ ياتقان دىلنازنى دەس كۆتۈردى-دە، ئالدىراپ بىنادىن چۈشتى.

تۈن كېچىدە، ۋارىس دىلنازنى ئاپتونوم رايۇنلۇق دوسلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ ئاياللار بۆلۈمىگە ئەكىلىپ دىجۇرنى دوختۇرغا تەكشۈرتۈشكە باشلىدى. ۋارىس دىلنازنى ئەستاھىدىللىق بىلەن تەكشۈرىۋاتقان دوختۇرنىڭ

كۆزلىرىگە ئۇمۇت بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ «بالىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى، ھەممە ئىش نورمال» دېيىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. بىر قاتار تەكشۈرۈشتىن كېيىن دوختۇر ئاخىرى ئېغىز ئاچتى.

- قورساق كۆتىرگىلى قانچە ئاي بولغان؟

-6ئاي.- دىلنازنىڭ تەرلەپ كەتكەن پېشانىسىنى لۇڭگە بىلەن سۈرتىۋاتقان ۋارىس ئالدىراش جاۋاپ بەردى.

- يېقىندا بىرەر ئېغىر نەرسە كۆتىرىپ سالغانمۇ؟

- ياق. بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ ئۆزەم قىلىمەن.

- ئەمىسە بۇ نىمە گەپ؟-كۆز ئەينەك تاقىۋالغان دوختۇر ۋارىسقا تىكىلدى.- بالا بويىدىن ئاجراپ كەتكىلى تاس-تاس قاپتۇ. ئايالىڭىزنىڭمۇ تىنى بەك ئاجىزكەن. ئېغىر ئاياق مەزگىلىدە ئاياللار ئۆزىگە قاتتىق كۆيىنىشى كېرەك. قۇۋەتلىك ئوزۇقلىنىشى كېرەك. ئايالىڭىزغا كۆيۈنمەمسىز يە؟

-ياق، ياق...مەنغۇ كۆيۈنىمەن، لېكىن شۇ ئۆزى ئاچچىق-چۈچۈك نەرسىگە سىزىك بوپتىمەن دەپ سۇغۇقلۇق نەرسىلەرنى كۆپ يەۋالدۇ.- ۋارىس دوختۇرنىڭ كۆزلىرىدىن نىمىشقىدۇر جىددىيلىشىپ كەتتى.

-ھە، مانا دىمىدىممۇ. يەنىلا ئوزۇقلۇقنىڭ كەملىكى. بۇنداق ۋاقىتتا ئانا بولغۇچى ئۆزى ۋە ھامىلىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن روھى كەيپىياتقا ، ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. سۇغۇقلۇق يىمەكلىكلەردىن قەتئىي پەرھىز تۇتۇش كېرەك.

-ئەمدى قانداق قىلىمىز دوختۇر؟

-ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا ئەكەپسىز. بىز مەزگىل ئىتىبارسىز يۈرگەن بولساڭلار بالاڭلاردىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىكەنسىلەر. شۇڭا ھازىرچە ئۆكۈل سېلىپ تۇرۇپ، ئەتە مەخسۇس چوڭ تەكشۈرتۈش قىلايلى.- دوختۇر بۇرنىغا چۈشۈپ قالغان كۆز ئەينىكىنى يۆلەپ قويۇپ، دىلنازنىڭ چېچىنى سىلىغاچ تەسەللى بەردى.-بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ. چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز سىڭلىم...

دىلنازنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاسما چۈشۈۋاتقان نازۇك قوللىرىنى سىلاپ ئولتۇرغان ۋارىسنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغ مەرھەمىتىدە ئېرىشكەن

بالىسىدىن ئايرىلىپ قىلىش خىيالى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى. ئۇ كۆڭلىدە دىلنازنىڭ پات ئارىدا ياخشى بولۇپ كېتىشىنى، بالىسىنى ئۇگۇشلۇق يەڭگىشىنى تۇلىمۇ ئۈمۈت قىلاتتى. راست گەپنى دىسە ئۇ بۇنداق زور كىلىشمەسلىكنى ئەسلا كۆتىرەلمەيتتى. كۆزلىرىنى يىرىم يۇمۇپ، لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ ياتقان دىلنازنىڭ ھالى ۋارستىن نەچچە ھەسسە خاراپ ئىدى. ئۇمۇ شۇ تاپ قورسىقىنىڭ تولغاپ ئاغرىشلىرىنى ئۇنتۇپ، بالىسىنىڭ سالامەتلىكى ئۈستىدە قاتتىق ئازاپلىنىۋاتاتتى. بالا ئۇچۇن ئوبدانراق ئۇزۇقلانمىغانلىقى، ئۆزىنى ئاسرىمىغانلىقى ئۇچۇن ھەسرەت چىكەتتى. ئاچچىق يىمەكلىكلەرنى كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ئوتتەك سىغىنىپ تۇرسىمۇ، لىكىن بالىسى ئۇچۇن بۇنىدىن كىيىن قەتئى يىمەسلىك قارارىغا كىلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئەتىكى تەكشۇرۇشنىڭ ياخشى چىقىشىنى، سالامەتلىكىنىڭ تىزدىن ئەسلىگە كىلىشىنى ئۈمۈت قىلاتتى. شۇ تاپ، ھەر ئىككى ياشنىڭ دىلى سۇنۇق بولۇپ،ئەلەملىك ياشلار لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدە بىر-بىرىگە تەسەللى بىرىشەتتى.

ئەتىسى نازىر ۋە پەرىدە خانىمۇ بارلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ دوختۇرخانىغا يىتىپ كەلدى. نازىرنىڭ يۈزىدىنمۇ ياكى دىلنازنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىدىنمۇ مۇناسىۋەتلىك دوختۇرلار ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرىپ، ئەستاھىدىل تەكشۇرۇش ئىلىپ باردى. قان ئىلىندى، بىچاۋغا سىلىندى، ھامىلىنىڭ يۈرەك رىتىمى، سالامەتلىكى تەكشۇرۈلدى. تەكشۇرۇش نەتىجىسىدىن ھازىرچە باشقا ئالاھىدە ئەھۋالنىڭ يوقلىقى، بالىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، لىكىن دىلنازنىڭ تىنىنىڭ ئاجىزلىقى، ئىغىر ھەرىكەت قىلسا بالىنىڭ ھەققەتەن چۇشۇپ كىتىش ئىھتىمالى بارلىقى ئىنىقلاندى. دوختۇر جىددىلىشىپ ئولتۇرالماي قالغان نازىر ۋە پەرىدە خانىمغا دىلنازنى بۇگۇندىن باشلاپ يەڭگىگۇچىلىك ئۆيىدە دەم ئالدۇرۇشنى، ياخشى ئۇزۇقلاندۇرۇشنى ، قۇۋەت تولۇقلاشنى، تۇققىچىلىك قالايمىقان ئىغىر-يىنىك ھەرىكەت قىلىشتىن، روھى زەربىگە ئۇچراشتىن قاتتىق ئىھتىيات قىلىشنى قايتا-قايتا تاپىلىدى.

بالا ئۇچۇن جان دەپ ھەممىنى تەقدىم قىلىشقا رازى ئاتا-ئانا دوختۇرلارنىڭ تەكشۇرىشىدىن كىيىن، دىلنازنى دەرھاللا ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى. ئاززۇلۇق نەۋرىسىنى ھىلىمۇ ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئامان ئىسەن قىلغانلىقىغا مىڭ

تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، ئەمدى نەۋرىسى دۇنيا كۆز ئاچقۇچىلىك دىلنازنىڭ يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي، ئۇنى مەلىكىلەردەك كۈتۈپ بېقىشنى قارار قىلدى. ئەمىلىيەتتىمۇ دىلناز ئۆز ئۆيىدە تۇرسا بەك قۇلايسىز بولاتتى. ۋارىس ئىشقا بارسا ئۇنىڭغا قارايدىغان، ئىچىر-يېمىك ئىشلىرىنى قىلىدىغان، ۋارىس بار بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ياخشى ئۇزۇقلىنىشى ئۈچۈن تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ۋارىس ئىشقا بارماي قارىغان تەقدىردىمۇ، خانىم بۇ جېنىدىن ئەتىۋارلىق قىزى ۋە تۇغۇلۇش ئالدىدىكى ئۇماق نەۋرىسىگە ھەرگىز چىدىمايتتى. دىلناز ئالاھىدە ئەھۋال بولغاچقا ئىستانسا رەھبەرلىكىدىن رۇخسەت سوراپ، پەرىدە خانىمنىڭ ئانىلىق مېھرى-كۆيۈنىشىدە خاتىرجەم دەم ئېلىشنى باشلىدى. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ تويى قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆزى ئۈچۈن كىچە-كۈندۈز پايپېتەك بولۇپ، تۈزۈكمۇ دەم ئالماي جاپا چېكىشلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇلارغا يەنە ئىچىرىنى سېلىۋاتقانلىقىدىن ئۇكۇنەتتى. ئۇلارنىڭ ئىللىق باغرىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ رازىلىق ئالاتتى. لېكىن ئانا ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن بەخت دەپ بىلەتتى. قىزىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بەخت، سالامەتلىك تىلەيتتى. توغرا، ھەر قانداق ئانا بىر ئۆمۈر بالا ئۈچۈن قۇربان بەرگۈچى، بالا دەپلا ياشىغۇچى. ئۇنىڭ خوشاللىقىنى ئۆزىنىڭ خوشاللىقى، قايغۇسىنى ئۆزىنىڭ قايغۇسى دەپ بىلگۈچى. ئانىنىڭ بەختى بالىنىڭ بەختى بىلەن كۈلىدۇ. بالىسىنىڭ چېھرىدىن خوشاللىق كۆرسە چەككەن بارلىق ئازاپلىرىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ.

مۇھەببەت شۇ قەدەر ئۇلۇغ نەرسىكى، ئۇنىڭ ئۆچمەس ئوتىنى بىر مەزگىل جۇدالىق پىراقىغا گىرىپتار بولغانلار تېخىمۇ ئوبدان بىلىشى مۇمكىن. دىلنازمۇ ۋارىسقا بولغان ئوتتەك سۆيگۈسى ، ئىنتىزارلىقىنى يۈرىكىگە قويۇپ، ئامالسىز ئاپىسىنىڭ قېشىدا كۈتۈنۈشكە مەجبۇر بولىدى. نەچچە يىلدىن بىرى ۋارىس بىلەن بىرگە يېتىپ-قوپۇپ، بىر كۈنمۇ ئايرىلماي كۈنۈپ قالغان دىلنازغا بۇ كۈنلەر بەكمۇ ئېغىر بىلىندى. ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ كەڭ يەلكىلىرىگە

نازۇك مەيدىسىنى يېقىپ، تىنىقىنى ھىدلاپ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولىدىغان دەملىرى ئەمدى بىر مەزگىل يۇقالغان ئىدى. گەرچە ۋارىس ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۇنى يوقلاپ تۇرىۋاتقان، كىچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ كىتاپ ئوقۇپ بېرىۋاتقان، قىزىق چاقچاقلارنى قىلىۋاتقان، دىلنازنىڭ بارغانسىرى چوڭىيىۋاتقان قورسىقىنى سىلاپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ھەر خىل قوشاقلارنى ئېيتىپ ئۇنىڭ زېرىكىشلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىتىشى بىلەنلا دىلناز يەنە غېرىپلىققا مەھكۇم بولاتتى. ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن نەچچە ھەسسە ئازادە، نەچچە ھەسسە چىرايلىق بۇ كاتتا قورو ئىچىدە يەنە جىنى سىقىلاتتى. ھەر كىچىنى سېغىنىش، ھىجران ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئۇيقۇلۇقتا نەچچە قېتىم «ۋارىس» دەپ چاقىرىپ سىلىپ، ئۇنى ئەتراپىدىن ئىزدەپ چىقاتتى. ئەتىسى سەھەردىلا ۋارىسقا ئالدىراش تېلىفۇن قىلىپ، ئۇنىڭ يۈرەكنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاۋازىنى، تاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ئالدىرايتتى. بىر كۈندە نەچچە رەت ئۇچۇر يوللاپ ئۇنى تىزراق قايتىپ كېلىشكە ئالدىرىتاتتى...

نازىر ۋە پەرىدە خانىم باللارنىڭ مۇھەببەتلىك تەلمۈرۈشلىرىنى ھىس قىلىپ ئۈلگۈردى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشكەندىكى كۆزلىرىدىن چاقناپ كەتكەن ھاياجانلىق نۇرلارنى، بىر-بىرىگە قانماي مۆڭدىششلىرىنى ، مېھرىلىك بېقىشلىرىنى، دىلنازنىڭ يالغۇز قالغان ۋاقتىتكى جىمغور كەيپياتىنىڭ ۋارىس كەلگەندە باشقىچىلا ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. بۇلۇپمۇ ھەر كۈنى كەچ ئىككى ياشنىڭ بىر-بىرىگە قىيمىغان ھالدا ئۇزاقتىن-ئۇزاق قول تۇتۇشۇپ ئايرىلىشلىرى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنىڭ نەمدىلىشلىرى...ئۇلارنى تېخىمۇ بىئارام قىلىپ قويىدى. پەرىدە خانىم يولدىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ۋارسقا بالا تۇغۇلغۇچىلىك مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ قوپۇشنى، دىلنازغا ھەمرا بولۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ۋارىس چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئۇ دىلنازغا كىچە-كىچىلەپ ھەمرا بۇلىدىغانلىقىدىن خوشال بولغان بولسىمۇ، نازىر ۋە پەرىدە خانىمدىن قورۇنۇپ ، بۇ ئۆيدە يەنىلا قىسىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىدى، گەرچە ۋارىس ھازىر نازىر ۋە پەرىدە خانىمنىڭ ئۆز ئوغلىدەكلا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر ئۆمۈر ئۆز ئىززىتى بىلەن ياشاشنى ئارزۇ قىلدى.

دىلناز ئۆزى ئۇچۇن مەخسۇس تەكلىپ قىلىنغان 40 ياشلار

چامىسىدىكى بىر خىزمەتكار ئايالنىڭ ھەمرالىقىدا، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەڭ قۇۋەتلىك تاماقلارنى يېيىشكە، ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان قۇۋۋەت تالقانلىرىنى، كاللا شورپىسى، كىچىك بىلىجان شورپىسى ...قاتارلىقلارنى ئىچىشكە باشلىدى. دىلنازنىڭ كۆڭلى بۇ تاماقلارغا تاتمىسىمۇ لېكىن بالىسىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن چىشىنى چىشلەپ يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى. كۆڭلى يەنە شۇ ئاچچىق-چۈچۈك يېمەكلىكلەرنى تارتاتتى. سىزىكى تۇتۇپ بىئارام بولۇپ كەتسىمۇ بىر تەرەپتىن بالىسىنىڭ سالامەتلىكىنى، بىر تەرەپتىن ئاپىسىنىڭ تەنبىھلىرىنى ئويلاپ، ئۆزى سېغىنغان ئاچچىق نەرسىلەرنى يېيەلمەي ئازاپ ئىچىدە تولغۇنۇپ ئۆتەتتى.

بىر كۈنى دىلنازنىڭ تۇرۇپلا يەنە سىزىكى تۇتتى. ئاچچىق لازا سىيلىنغان ئۆگرە ياكى ئاچچىق لەمپۇڭدىن بىر تەخسە يېگۈسى كەلدى. لەۋلىرىنى سېغىنىش ئىچىدە بوشقىنا يالاپ چىقتى. ۋارىسقا تېلېفون قىلىشنى ئويلىدىيۇ، ئۇنىڭ رەت قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇ كەلگەندە يىلىنىپ باققۇسى كەلدى. سىزىك ئىچىدە جېنى سىقىلىپ كەتكەن دىلناز ۋارىسنى قاچان ئىشتىن چۈشۈپ كېلىدىكىن دەپ سائەتكە نەچچە قېتىم قاراپ چىقتى. ئۇ ۋارىس ئەكىلىپ بەرگەن ھاملە تەربىيەلەش توغرىسىدىكى پىلاستىنكىنى كۆرگەچ، ۋارىسنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن ۋارىس ئاۋالقىدەكلا ئۆيگە بۇرۇنلا پەيدا بولدى. ئۇ دىلنازنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئادەم كىرىپ قالمىسۇن دېگەندەك ئۇنىڭ مەڭزىگە ئىتتىكلا بىرنى سۆيىۋالدى.

-قانداق ئامرىقىم. بۈگۈن خوشال ئۆتكەنسىز؟- ۋارىس ئامراقلىق بىلەن دىلنازنىڭ بۇرنىنى بوشقىنا چىمدى.

- نەدىكىنى؟ سىز بولمىسىڭىز مەن خوشال بولاي دىسەممۇ خوشال بولالمايدىكەنمەن. بۈگۈنمۇ ئىچىم پۇشۇق.-دىلناز ۋارىسنىڭ كەڭ ئالقانلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ غۇنچىدەك ئېغىزىنى ئۈچلاپ قويدى.

-نېمىشقا ئەمدى. يەنە مىنى سېغىنىپ قالدىڭىزما جېنىم. مەن ئىشتىن چۈشۈپلا يېنىڭىزغا كېلىدىغان تۇرسام.

- سىزنىغۇ سېغىندىم...يەنە شۇ...- دىلناز گېپىنىڭ داۋامىنى دىيەلمەي بىر پەس توختاپ قالدى. «ئاچچىق-چۈچۈك نەرسىگە كۆڭلۈم تارتىپ قالدى» دىيىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن ۋارىسنىڭمۇ بۇ نەرسىلەرگە

خوشى يوقلىقىنى، دوختۇرنىڭ گېپىگە چىڭ ئېسىلىۋالىدىغانلىقىنى ئويلاپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى.

ـ يەنە نېمە؟ تېزراق دېسىڭىزچۇ جېنىم.يەنە..يەنە نېمىنى سېغىندىڭىز...ھە بىلدىم...ـ ۋارىسىنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى، چىرايىغا تۇيۇقسىز قىزىللىق يۈگۈرۈپ، قېلىن لەۋلىرىنى بوشقىنا يالاپ قويدى. ھاياجانلانغانلىقتىنمۇ ئىغىر-ئىغىر تىنىپ كەتتى.ـ ئۇنى دېسىڭىز جېنىم مەنمۇ ئۆتتەك سېغىندىم شۇ تاپ. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ياستۇقنى قۇچاقلاپ يېتىپ زېرىكىپ كەتتىم.ـ ۋارىس كاللىسىغا تۇيۇقسىز كەلگەن قانداقتۇر بىر ئەسەبى ئىستەك ئىچىدە تولغۇنۇپ، ھاياجانلىنىپ كەتتى. سېغىنىشلىق كۆزلىرىنى دىلنازنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە تىكتى.

ـياق. ياق. ياق...ۋاي نېمە دەيدىغانسىز ۋارىس. ھا ھا ھا...ـ ۋارىسىنىڭ گەپ سۆزلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگۈرۈشلەرگە قاراپ ھەم جىددىيلەشكەن ھەم ھەيران قالغان دىلناز كۈلۈپ كەتتى.ـ «ئۆچكە جاڭگال چۇشەيدۇ، تۇخا داڭگال چۇشەيدۇ» دەپ سىز نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز. مەن يەنە شۇ ئاچچىق-چۇچۇك بىر نەرسە سېغىنىپ قالدىم.

ـنېمە؟ـ ئۆتتەك قوللىرى بىلەن ئايالىنىڭ نازۇك قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، قانداقتۇر بىر شېرىن ھىسلارغا غەرق بولىۋاتقان ۋارىس ئەندىكىپ كەتتى. خۇمارلاشقان قاپقارا چوڭ كۆزلىرىنى تېخىمۇ چوڭ ئاچتى. ـيەنە شۇ ئاچچىق-چۇچۇك نەرسىنىڭ گېپىما؟ ساراڭ بولۇپ قالمىغانسىز. دوختۇرلارنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟ بالىمىزنىڭ ساق-سالامەت تۇغۇلىشىنى خالىمامسىز نىمە ؟

ـياق. ياق...ئۇنداق ئەمەس. مەنمۇ شۇ بالامنى دەپ قىينالسامۇ پەرھىز تۇتۇپ كېلىۋاتامدىم. لېكىن بۈگۈن سىزنىكىم قاتتىق تۇتۇپ قالدى. يىمەي دەپ ئۆزەمنى شۇنچە بېسىپ تۇرسامۇ، كۆڭلۈم يەنىلا بەك تارتىپ تۇرغاچقا، ئامالسىز سىزگە دەپ ساپتىمەن.

ـبولمايدۇ. ھەرگىز بولمايدۇ.ـبايىقى مۇھەببەتلىك تىكىلىشتىن مۇزدەك ئىرىپ كېتىۋاتقان ۋارىس تۇرۇپلا كەسكىن جاۋاپ بېرىۋەتتى.ـ شۇ نەرسىدىن باشقا جاھاندا ھەر قانداق نەرسە دېسىڭىز ئەكىلىپ بېرىشكە مانا مەن تەييار. لېكىن جېنىم بۇ تەلىۋىڭىزنى ئۇرۇندىيالمايمەن.

-راس ئەكىلىپ بەرمەمسىز؟ ماڭا كۆيۈنمەيدىغان بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

-ئۇنداق ئەمەس جېنىم. سىزگە كۆيۈنگەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن. سىزنىڭ كارۋاتتىن چۈشمەي دەم ئېلىشىڭىز، جاپا تارتىشىڭىز كىم ئۈچۈن؟ ئاتا-ئانىڭىزنىڭ سىز ئۈچۈن كىچە-كۈندۈز پايپېتەك بولۇشى كىم ئۈچۈن ؟...بۇنى سىز مەندىن ئوبدان بىلىسىز. ھېلىمۇ ئاشۇنداق نەرسىلەرنى تۇلا يەپ تاس قالدۇق بالىدىن ئايرىلىپ قالغىلى. شۇڭا ئەمدى بىر مەزگىل چىداڭ جېنىم. خۇدايىم بۇيرىسا بالىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىن سىزنىڭ ھەر قانداق تەلىپىڭىزنى ئورۇنداشقا مانا مەن ۋارىس تەييار. بولامدۇ؟- ۋارىس يىلىنىش ئىچىدە دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

دىلناز بىردەم ۋارىسنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىگە ،بىردەم قورسىقىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى. ۋارسقا ئەركىلەپ بىمەنە تەلەپ قويۇپ سالغانلىقىدىن ئۆزىمۇ بىر ئاز ئۈركۈندى. «يۈرەك پارەم ئۈچۈن ئۈنچىلىك سىزىككە بەرداشلىق بېرەلمەمدىم. بولدى، بىردەملىك ھېسسىيات كەينىگە كىرمەي، ئۆزەمنى بېسىۋالاي. ۋارىسنىڭ دېگىنى توغرا، بۇنى ئۆزەممۇ بىلىپ تۇرۇپ يەنە نىمانداق ئەركىلەپ يۈرۈيمەن...» دەپ ئويلىدى. دىمىسىمۇ ئادەم ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن ئادىمىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۈتەتتى. باشقىلار بەخش ئېتەلمىگەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن ئىزدەيتتى. ئۇنىڭغا خوشاللىقىنى، قايغۇسىنى دىگۈسى، ئۇنىڭدىن تەسەللى تاپقۇسى كېلەتتى...

دىلنازنىڭ جىمىپ كېتىشىدىن كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالغان ۋارىس بىرىپ ئىشكىنى ئېتىۋەتتى-دە، ئاستا كارۋاتقا چىقىپ قورسىقىغا قاراپ خىيالغا پاتقان دىلنازنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ گۆللۈك ئۇخلاش كىيىمى ئىچىدىكى قورسىقىنى مېھرى بىلەن سىلىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن قاپقارا چاچلىرىغا مەڭزىنى ياقتى.

-خاپا بولۇپ قالدىڭىزما جېنىم؟ بۇنداق جىم بولۇپ كەتسىڭىز يۈرۈكۈم بىر قىسما بولۇپ كېتىدىكەن. ئەگەر راستىنلا بەك سېغىنغان بولسىڭىز مەن ئاپامغا ئۇقتۇرماي ئەكىلىپ بېرەي. مىنىڭ بالىنى دەپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلغۇم يوق.

-بولدى ۋارىس. رەخمەت.- ئۇزاق مەزگىللىك ئايرىلىشتىن كېيىن

ۋارىسنىڭ ئۇتتەك بەدىنىنىڭ ھەددىدىن مەستخۇش بولغان دىلناز كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ، مەگزىنى ئۇنىڭ سەل-پەل ئۆسۈپ قالغان ساقاللىق مەگزىگە ئاستا ياقتى.- نىمىشقىكىن سىزگە ئەركىلىگۈم كەلدى. سېغىنىشىمنى سىزگە دىگۈم كەلدى. لېكىن سىز بولسىڭىز ماڭا ئۇ نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق ۋارىس. ماڭا پەقەت سىز بولسىڭىزلا بولدى. مۇشۇ بالام بولسىلا بولىدى...-دىلناز يۈرەك رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنى سەل تۇتالماي قالدى. ۋارىسنىڭ ساقىلىنىڭ يۈزىگە بوشقىنا سانجىلىشىدىن بەدىنىگە شېرىن سىزىم سىزىم تارىدى-دە، غۇنچىدەك چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۇنىڭ قۇيۇق بۇرۇت ئاستىدىكى لەۋلىرىگە چىڭ باستى.

-سىزنى بەك سېغىنىپ كەتتىم. راستىنلا بەك سېغىندىم. مەن سىزسىز بىر كېچىنىمۇ يالغۇز ئۆتكۈزەلمەيدىكەنمەن جېنىم...-ۋارىس تۇمۇر-تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرىۋاتقان ئەسەبىي ھىسسىيات، مۇھەببەتنىڭ پارتلىشى ئالدىدا ھاسىراپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نازىر ئۆيدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، خۇددى توي كېچىسىدىكىدەك دىلنازنىڭ لەۋلىرىگە، بويۇنلىرىغا قېنىپ سۆيۈشكە باشلىدى. ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ دىلنازنى كارۋاتقا ئاستا ياتقۇزدى.

-ۋاي نىمە قىلىۋاتىسىز؟- ۋارىسنىڭ ئوتلۇق تىنىقلىرىغا جان بىرىپ ھۇشسىزلانغان دىلناز تۇيۇقسىز چۆشتىن ئويغانغان ئادەمدەك چۆچۈپ كەتتى. تاتلىق سىزىمدىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئېتتەك ئېچىپ، ئۆزىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان ۋارىسنى بوشقىنا ئىتتىردى.- بىز چوڭ ئۆيدە جۇمۇ، ھېلىمۇ بىرەرسى كىرىپ قالماپتۇ. بولمىسا ئىزادىن ئۆلەركەنمىز...مەنمۇ نىمە قىلىۋاتىمەن ؟ ساراڭ بۇلۇپ قالمىغاندىمەن ھە؟

بىردەملىك ئوتتەك قىزغىنلىق ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ۋارىسمۇ دەققە ئىچىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئۆزىنىڭ نازىر ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئىسىگە ئېلىپ، كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ «ئۇھ» دەپ ئېغىر تىنىپ قويدى. خۇددى بىرسى ھازىرلا ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قالىدىغاندەك، ئىشىككە ئەندىكىپ قاراپ قويۇپ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ خىجىللىق ئىچىدە ئانارەك قىزىرىپ كەتكەن دىلنازغا مۇھەببەتلىك كۆزلىرىدە يەنە تويماي قارىغاچ كىيىم-كىچەك، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرىۋالدى.

-خۇدايىم سالامەت يەتكىپ، ئۆيگە بۇرۇنراق قايتىشىڭىزغا نىسىپ

قىلسۇن دىلناز. مەن سىزدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمىغۇدەكمەن. ھېلىمۇ بىر ئاينى شۇنچىلىك تەستە ئۆتكۈزدۈم. ماڭا سىز بولمىسىڭىز ھەرگىز بولمايدىكەن. يىگىنىم تاماق، ئىچكىنىم سۇ بولماي قالىدىكەن. ئۇيقۇمۇ ئۇيقۇ بولمايدىكەن.

ـ مەنمۇ شۇ ۋارىس . ئۆيىنى بەك سېغىندىم. ئاتا ـ ئانام شۇنچە كۈتىۋاتسىمۇ يەنە كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى يېرىم. ئۆزەم يالغۇز پەقەت كۈنەلمىدىم. سىز بىلەن بىرگە بولسام ئۆزەمنى بەك بەختلىك ھېس قىلىدىكەنمەن....ـ دىلناز ھاياجان ئىچىدە مەيدىسىنى تۇتۇپ قويدى. شەھلا كۆزلىرى بىلەن ۋارىسنىڭ قامەتلىك جىسمىدىن زوقلانغاچ، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ئوڭشاپ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى رەتلىدى.

نازىر ۋە پەرىدە خانىممۇ قايتىپ كەلدى. ئۇلار ۋارىس بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ھال ـ مۇڭلاشتى. خىزمەتچى ئايال دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرغان قوي گۆشى شورپىسىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ۋارىس دىلنازنىڭ نازلىنىشىغا قارىماي ئۇنىڭغىمۇ زورلاپ بىر پارچە تۇتقۇزدى. ئۇلار غىزالانغاچ دىلنازنىڭ سىزىكى، ئۇنىڭ ئۇزۇۋقلىنىشى، ۋارىسنىڭ خىزمىتى، تىل مەكتىۋىنىڭ ئەھۋالى...قاتارلىقلار توغرىسىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئاخىرىدا بالىغا ئىسىم تاللاشقا كىلىپ توختاپ، بالىنىڭ قىز ـ ئوغۇللىقى، ھازىرقى مۇۋاپىق ئىسىملەرنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ھاياجانلىنىپ سۆزلىشىپ كەتتى. قىز تۇغۇلسا دىلدار، ئوغۇل تۇغۇلسا ۋاھىتجان قويىشىدىغان بولۇشتى. ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتقىچە مۇڭداشقاندىن كىيىن ، ۋارىس دىلناز بىلەن ئاۋالقىدەكلا كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلۇشۇپ قايتىپ كەتتى.

مانا مۇشۇنداق ئىنتىزارلىق، بەخىت ئىچىدە 2 ئاي ئۆتتى. ۋارىس دىلنازنى بىر كۈنمۇ يوقلاشنى ئۇنۇتمىدى. ئۇنىڭغا ھەر كۈنى كەچ ھەمرا بولۇپ، ئۇنىڭ بىئارام كۆڭلىگە تەسەللى، ئىشەنچ، خوشاللىق بىرىپ كەلدى. ئۆزىنىڭ ۋاپادار يىگىتلەرگە خاس كۆيۈمچانلىقى بىلەن نازىر ۋە پەرىدە خانىمنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ۋارىسقا بولغان ھۆرمەت ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇلار مۇشۇنداق ئىسىل كىيوغۇلغا ئېرىشكەنلىكىدىن پەخىرلەندى. قىزىنىڭ بەختىدىن سۆيۈندى. ئەمدى مۇشۇ پەرزەنتى تۇغۇلسا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئىجىل،تېخىمۇ ئىناق تۇرمۇش قۇرىدىغانلىقىغا تولۇق

ئىشەندى. دىلنازمۇ ئۆزى ئۇچۇن پەرۋانە بولۇپ كەتكەن يولدىشىدىن سۆيۈندى. دىلناز ھەر دائىم ۋارىسنىڭ چارچاپ كەتمەسلىكىنى، سالامەتلىكىنى ئاسرىشىنى تىنماي تاپىلىسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ ھەر كۈنى كىلىشىنى سېغىنىدى. ئۆزىنىڭ بۇ تۇرمۇش يولىنى توغرا تاللىغانلىقىدىن، نامرات بولسىمۇ ۋاپادار، كۆيۈمچان بىر يىگىتكە خۇتۇن بولغانلىقىدىن تولىمۇ پەخىرلەندى.

ۋاقىت سىغىنىش ، ۋىسال، بەخىت ئىچىدە ئۇتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋارىس نىمىشقىدۇر دىلنازنى يوقلاپ كەلمىدى. دىلناز ئۇزاق ئىشىككە تەلمۈرۈپ بىتاقەت بولغاندىن كىيىن تېلىفۇن قىلىپ ۋارىسنىڭ جىددى خىزمەت ئىشى چىقىپ قالغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇ ئامالسىز تېلىفۇننى ئۇزۇپ بىر كەچنى زىرىكىش، تەنھالىق، سېغىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئەتىسى كەچ ۋارىس كەلدى. دىلناز ئۇنىڭ بىلەن خۇددى كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. ئۇلار يەنە ئاۋالقىدەك قىزغىن پاراڭ سىلىشقاچ نازىر ۋە پەرىدە خانىمنىڭ ھەمرالىقىدا تاماق يىيىشكە باشلىدى. ئۇلار تاماق يىگەچ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ۋارىسنىڭ تېلىفۇنى جىرىڭلاپ كەتتى. تېلىفۇنغا ئىرەنسىزلا قارىغان ۋارىس نىمىشقىدۇر تەمتىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، ئۆزىگە قاراپ قالغان ئۆيدىكىلەرگە ئۆزرىخالىق ئېيتىپ تېلىفۇننى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى.

خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كىيىن ۋارىس ئالدىراش قايتىپ كىردى. قارىماققا ئۇ ناھايىتى جىددىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كىلىپ ئورنىغىمۇ ئولتۇرماي، ناھايىتى ئۇڭايسىزلانغان كەيپىياتتا ئېغىز ئاچتى.

- دادا-ئاپا، ئى...ئى...ئىدارە باشلىقى تېلىفۇن قىپتۇ. جىددى خىزمەت چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ. مەن ھازىرلا ماڭمىسام بولمىغۇدەك.

- بولىدۇ. بولىدۇ. بىرىڭ، خىزمەت دىگەنمۇ مۇھىم. رەھبەرلىك خىزمەتنى ئىشەنگەن ئادەملەرگە تاپشۇرىدۇ. ياش بولغاندىكىن ئىشلىسەڭ ھىچنەرسە بولمايدۇ.-نازىر ئاپئاق قەغەزدە قولىنى سۇرتكەچ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

مېڭىشقا تەمشەلگەن ۋارىس نىمىشقىدۇر ئۆزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان دىلنازغا قارىدى. قارىدىيۇ ، ئۇنىڭ مۇھەببەت تۇكۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئەندىككەندەك ئىتتىكلا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ

خوشلاشتى. تاماقتىن كېيىن ۋارسىنىڭ يۇمۇرلۇق پاراڭلىرىنى، تاتلىق قوشاقلىرىنى ئاڭلاشقا ، ئۇنىڭ بىلەن قانماي سىردىششقا كۆنۈپ قالغان دىلناز خۇددى بىرسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىرگە سۇغۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، ۋارسىنىڭ ئىگىز، قاملاشقان بوي-بەستىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم هالدا ئولتۇرۇپ قالدى.

مانا، دىلنازنىڭ قورسىقىغىمۇ 8 ئايلىق بولۇپ قالدى. قورسىقى چوڭايغانسېرى بىلى بۇرۇنقىغا ئوخشاش تېلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ هالى بىلەن ئاۋارە بولۇپ ئىگراپ يېتىۋاتقان مەزگىلدە، ۋارسىنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرى ئاستا-ئاستا باشلاندى. هەر كۈنى كەچ ئىشتىن چۈشۈپلا چوڭ ئۆيدە مۇھەببەتلىك كۈلۈمسىرەپ پەيدا بولىدىغان ۋارس ئەمدى 2-3 كۈندە بىر ، بەزىدە 4-5 كۈندە بىر كېلىدىغان بولدى. ئىدارىسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاۋۇپ كەتكەنلىكىنى، تىل تەربىيەلەش مەكتىۋىدىكى ئىنگىلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى توختىماي چۈشەندۈرەتتى. بەزىدە كېلىپ ئۇزاق ئولتۇرمايلا تۈيۈقسىز سايراپ كەتكەن تېلفۇنىغا قاراپ، چىرايىدىن ئالەمچە مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان ، ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى ئۆزىگە سىغىنىش ئىچىدە تىكىپ،ئېغىزىنى ئۆمچەيتىپ قالغان ئايالىغا ئۆزرىخالىق ئېيتىپ يەنە قايتىپ كېتەتتى.

دىلنازنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن يېرىم بولۇشقا باشلىدى. بېشىدا توغرا چۈشەنگەن، دادىسىنىڭ پىكرىنى يوللۇق تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ۋارستىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ئارىلىقتا قانداقتۇر بىر ھاڭ پەيدا بولىۋاتقاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ بارغانسېرى ھالسىزلىنىۋاتقان بەدىنى، ۋارسقا بولغان سېغىنىش، كۆڭلىدىكى چىگىش سۇئاللار ئۇنى تېخىمۇ قىيناپ كېتىۋاتاتتى. ۋارس دىلنازنىڭ ئۇزۇلمەي ئۇرغان تېلفۇنىغا، يوللىغان ئۇچۇرلىرىغا « بۈگۈن كەچتە ئىشتىن چۈشۈپلا بارىمەن، سىزگە ھەمرا بولىمەن» دەپ جاۋاپ قايتۇرسىمۇ، لېكىن دىلنازنى يەنە ئۈمۈتسىز قويياتتى. «كەچۈرۈڭ، يەنە جىددى ئىشىم چىقىپ قالدى» دەپ تېلفۇن قىلىپ، ئۇنىڭ نازۇك يۈرىكىنى تېخىمۇ ئازاپقا مەھكۇم قىلاتتى. دىلناز بىر كۈنى ۋارسىنىڭ كەلمىگەنلىكىگە 4 كۈن بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئۇزۇلمەي ئۇچۇر يوللىدى. مەيلى قانداق جىددى ئىش بولسۇن بۈگۈن چوقۇم كېلىشىنى قايتا-قايتا تاپىلىدى. ۋارسقا بولغان ئوتتەك مۇھەببەتتىنمۇ ياكى خىيالىغا

كىرىۋالغان قانداقتۇر بىر رەشىك ئوتىدىنمۇ، ئۇنى شۇنچە سىغىنغان ئىدى.
ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتمۇ بولدى. نازىر ۋە پەرىدە خانىممۇ ئىشتىن قايتىپ كەلدى. لېكىن ۋارىس كەلمەيۋاتاتتى. دىلناز تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. دەرىزە تۈۋىگە بېرىپ ھالرەڭ نىپىز پەردىنى قايرىپ، ھويلىدىكى گۈللۈك ۋە ياپ-يېشىل چىملىق ئوتتۇرىسىدىكى رەڭلىك قىش ياتقۇزۇلغان تار يولغا تەلمۈرۈش ئىچىدە قارىدى. ئاپىسى تاماق يېيىشكە چاقىرغاندا « ۋارىس ھازىرلا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەي» دەپ رەت قىلدى. ئۇ سائىتىگە يېنىش-يېنىشلاپ قاراپ، كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئالدى. ۋاقىت ئاستا-ئاستا ئۆتىۋاتاتتى. مانا يېرىم سائەت، بىر سائەت، بىر يېرىم سائەت....ۋارىسنىڭ خەۋىرى بولمىدى. دىلناز تاقەتسىزلىك ئىچىدە قانچە قېتىملاپ تېلىفۇن قىلدى. لېكىن تېلېفۇندىن «ئالدىراش، سۆزلىشىۋاتىدۇ» دېگەن سادادىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى. دىلناز ئەلەملىك ئىۋەھ تارتىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن بولۇپ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۆزىنى چىرايلىق ياساپ ئولتۇرمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ھەر كۈنى تاماقنى يەپلا ھالسىز بەدىنىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ياتاتتى. ئۇزۇندىن -ئۇزۇن خىيال سۈرەتتى. بۇرۇنقى گۈزەل ، بەختلىك ھاياتىنى، ۋارىسنىڭ مۇھەببىتىنى سىغىناتتى. ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن بولۇپ ياسىنىشقا ، چىرايلىق گىرىم قىلىشقا كۆڭلى تارتمايتتى. چىرايلىق كۆزلىرىدە بىر خىل مۇڭ-ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ۋارىسنىڭ يولغا قاراپ ئۈمۈتسىزلەنگەن دىلناز نىمىشقىدۇر يوتقانغا بېشىنى چۈكەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئۆزىنى بەزلەپ كەلگەن، «ۋارىس تىرىشچان ، تەلەپچان، چۇقۇم خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، كۆزگە كۆرۈنۈش ، كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ كەلگەن دىلناز بۈگۈن زادىلا بەرداشلىق بىرەلمىدى. ئىشتىن چۈشۈپ تا ھازىرغىچە «يا مانداق جىددى ئىشىم چىقىپ قالدى» دەپ بىر ئېغىز ئۈچۈر يوللىۋەتمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. ھازىرغىچە قەلبىدە ساقلانغان ئازاپلىرىنى، دەرتلىك ھەسرىتىنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتمەكچى، ئاچچىق ياشلىرى بىلەن يۇيىۋەتمەكچى بولغاندەك ئۇزاقتىن-ئۇزاق ياش تۆكتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر ۋاقىتتا ئىشىك بوشقىنا چېكىلىپ، دىلنازنىڭ ھوجرىسىغا ۋارىس كىرىپ كەلدى. دىلناز يىغىدىن ئىششىغان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ تۇرغان

كۆزلىرىگە، تەرلەپ كەتكەن چىرايىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ كەتتى.
-بەك ساقلىتىۋەتتىم ھە.-ۋارس ئاستا كىلىپ دىلنازنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇردى.- نىمە بولدى دىلناز، يىغلىدىڭىزما؟
دىلناز ۋارسنىڭ سوئالىنى جاۋاپسىز قالدۇردى. ئۇنىڭ ئۇستى بېشىغا قايتىدىن سەپسالدى. پاكىزە قىرىلغان ساقال، چىرايلىق ياستىلغان بۇرۇت، كەينىگە رەتلىك تارالغان قاپقارا چاچ، ئۇستىدىكى يېڭى توي بولغان يىگىتلەردەك قاتۇرۇپ كىيىۋالغان قارا كاستىيوم بوررولكا، ئەينەكتەك پاقىراپ كەتكەن شىبلىت...دىلنازنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتتى. ۋارستىن تارالغان كۈچلۈك ئەتىرنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا ئۇرۇلىشى بىلەن ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمىۋالدى. كۆزلىرىنى يۇمۇش بىلەن تەڭ ئىككى تامچە ياش گىرىمسىز مەڭزىنى بويلاپ ئاستا ئاقتى. ئۇ ۋارسنىڭ « ئايالىم ئاغرىق » دىمەي يەنىلا ئۆزىنى چىرايلىق ياساپ يۈرىشىدىن بەكمۇ رازى ئىدى. ئۇنىڭ پاكىزلىقىدىن سۆيۈنەتتى. باشقىلار ئالدىدا تېخىمۇ سالاپەتلىك بولىشىنى ئۈمۈت قىلاتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈن ئۇنداق ئويلىماي قالدى. باشقا ۋاقىتلارغا قارىغاندا ئۆزىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بىرىۋاتقان، ئۆزىنى تېخىمۇ تۈزەۋاتقان يولدىشىنىڭ بۈگۈنكى سىماسىدىن يۈرىكى «قارت» قىلدى. «بۇنچە چىرايلىق ياسىنىپ نەگە بارغاندۇ» دىگەن سوئال كاللىسىغا چاقماق چاققاندەك زاھىر بولدى.

-نىمە بولدى؟ مىنى جىددىلەشتۈرمىسىڭىزچۇ جېنىم.-ۋارس دىلنازنىڭ زاڭىقىنى يۆلىمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى.
-نېرى ئاپىرىڭ...-دىلناز قانداقتۇر بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك يۈزىنى ئەپقاچتى. ئوتتەك سېغىنىش ئىچىدە تۇرسىمۇ، ۋارسنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلدى. - مۇشۇ ۋاقىتىقىچە كىلەلمىگۈدەك شۇنچە جىددى ئىشىڭىز چىقىپ قالغانمىدى؟
-ھە...ھە...-ۋارس دىلنازنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىدىن كىكەچلەپ قالدى. ئۇنىڭ مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرىگە قاراپ نىمىشقىدۇر بىردەم جىددىلىشىپ كەتتى. -ھە، شۇ ئىدارىگە مىھمان كىلىپ

قاپتىكەن. جۇجاڭ بىرگە بارىمىز دەپ...

ـ شۇنداقمۇ؟ـ دىلناز ۋارىسنىڭ سۆزلىرىنى مەنىستىمىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ـ 2 سائەت مېھمانلار بىلەن تېلېفۇندا پاراڭلاشتىڭىزما؟؟؟

ـ يا...ق،ياق...بۇ نىمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟

ـ ئەمىسە نىمىشقا تېلېفۇنىڭىز «ئالدىراش،ئالدىراش...» لا دەيدۇ. مۇشۇ 2 سائەت ئىچىدە سىزگە 10قېتىم تېلېفۇن قىلغاندىمەن.

ـ ھە...ھە..شۇ...شۇنداقمۇ؟ ئارىلىقتا تىل مەكتۇۋىدىكى ئۇقۇتقۇچىلار تېلېفۇن قىپتىكەن. شۇلار بىلەن مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلىشىپ قالدىم.ـ ۋارس سەل جىددىلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن دەرھاللا گېپىنى ئوڭشىۋالدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا دىلنازنىڭ ھالىغا، چىرايىدىكى سۇلغۇنلۇققا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستى بېشىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، لەۋلىرىنى بوشقىنا چىشلەپ ئۇھسىندى.

ـ مۇنداق دەڭ. سىزگە ئەمدى شۇ خىزمەت ، شۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىرى ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ ھە. مىنىڭ ماۋۇ ئۆيدە سىزنىڭ يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشلىرىمنى ئۇنتۇپ كىتىۋاتىسىز.ـ دىلناز ئاستا كارۋاتنىڭ بېشىغا يۆلەندى. يېغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تۇرۇسقا تىكتى.

ـ ئۇنداق ئەمەس دىلناز. مەنمۇ سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئالدىرايمەن. سىزگە ھەمرا بولسام دەيمەن. لېكىن...لېكىن...ـ ۋارس گېپىنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمەي ئويلۇنۇپ قالدى. دىلنازنىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئەپىچىشقا تىرىشتى.ـ لېكىن شۇ ئۆزىمىزنى، بالىمىزنى دەپ ئاۋارە بولىمەندە. مەنمۇ جىقراق پۇل تاپسام، سىزنى، بالامنى تېخىمۇ بەختىيار تۇرمۇشقا ئىرىشتۈرسەم دەيمەن...

ـ شۇنداقمۇ؟ـ دىلناز ۋارىسنىڭ نىمىشقىدۇر ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتكەن چىرايىغا، كارۋات ياپقۇچىنى توختىماي تۈزەشتۈرىۋاتقان تىترەۋاتقان قوللىرىغا قاراپ سالدى. ـ ئۇمۇ مەيلى ، ئەمىسە ئەجەپ ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئالدىراش بولۇپ قېلىۋاتىسىزغۇ؟ نىمانداق تۇگىمەيدىغان ئىش بۇ؟

ـ ھە، ھە...ـ بېشىنى تۇۋەن سېلىپ ئولتۇرغان ۋارس بىردەم ئويلۇنۇپ قالدى. كىيىن بىر ئىشتىن يەكۈن چىقارغان ئادەمدەك ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈرۈپ دىلنازغا قارىدى.ـ قىزىق دىلناز، بۈگۈن سىزگە نىمە بولدى؟ ئەجەپ مىنى توختىماي سوراققا تارتىۋاتىسىزغۇ؟ ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز

نىمە؟

-ياق، ياق...-ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ ۋارىستىن توختىماي سوئال سورىۋاتقان دىلناز، ۋارىسنىڭ تۇيۇقسىز سوئالىدىن ئەندىكىپ كەتتى. «خاپا بولۇپ قالدىمۇ نىمە» دىگەندەك ۋارىسنىڭ چىراي ئىپادىسىگە سەپسالدى. ۋارىسنىڭ قاپاقلىرىنىڭ تۈرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشتى. « گۇمان ئىماننى قاچۇرار» دىگەندەك ئارتۇقچە بىر ئىشلارنى ئويلاپ كەتكەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئاستا قولىنى سوزۇپ ۋارىسنىڭ كۈچلۈك ئالقانلىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.- مەن سىزگە ئەلبەتتە ئىشىنىمەن، ھەم مەڭگۈ ئىشىنىمەن...

-ئەمىسە نىمانداق كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىسىز. مەن ۋاقىت ئۆچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ كەلگەندە خوشال بولىدىغان گەپلەرنى قىلىشساق قانداق دىلناز؟

-لېكىن...لېكىن...شۇ سىزنى سېغىنىپ كىتىدىكەنمەن. سىزنى بىر كۈن كۆرمىسەم ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قالغان ئادەمدەك بىئارام بولىدىكەنمەن. ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدىكەن، سىز بولمىسىڭىز بولمايدىكەن...-دىلناز گېپىنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمەي ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى. قانداقتۇر بىر ئوتلۇق سېغىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە بايىقى ئازاپ، كۈنچىلىكلىرىنى ئۇنتۇپ ۋارىسنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى. خۇددى ئاپىسىنىڭ پەپىلىشىگە مۇھتاج بولغان كىچىك بالىدەك ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى. كۆڭۈل ئۇ شۇنچىلىك نازۇك نەرسە. بۇلۇپمۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلى شۇنداق. ئۇلار ئاسان ئاغرىنىدۇ، ئاسان ئېرىيدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىقتىنمۇ يولدىشىنىڭ كىچىككىنە ئىشلىرىدىن قۇسۇر ئىزدىگۈسى كىلىدۇ. ئۇنىڭ مىڭىش-تۇرۇش، كىيىنىش، گەپ-سۆزلىرىگىچە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۆزىنى تۇزەپ يۇرسە كۈنچىلىك قىلىدۇ. خۇددى باشقا ئاياللار ئۇنى ئازدۇرۇپ كىتىۋاتقاندەك ئۆزىچىلا ساراسىمىگە چۈشىدۇ. توغرا، ئاياللارنىڭ ھەر بىر ئاغرىنىشىغا، كۈنچىلىكىگە مۇھەببەت يۇشۇرۇنغان، ئۇلارنىڭ قورقىدىغىنى-پەقەت مەھرۇم قىلىش. يولدىشىنىڭ كۆڭلىدىن ئايرىلىپ قىلىش. ئاززۇسى-پەقەت ۋە پەقەت يولدىشىنى مەڭگۇ يېنىدا تۇرغۇزۇش، ئۆزىگە ھەمرا قىلىش، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ مۇھەببەتنىڭ شېرىن ھىسلىرىگە ئېرىشىش...

ـ مەنمۇ شۇ جىنىم. سىزسىز ياشىيالمايمەن. سىزنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەزىز ئادىمىم دەپ بىلىمەن. سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى ھېچقانداق كۈچ توسيالمايدۇ. ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مىنىڭ ھاياتىم سىزگە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن...ـ ۋارىس تىترەپ تۇرغان كەڭ ئالقانلىرىغا بىر پەس قارىۋېتىپ، دىلنازنى ئۆزىگە تېخىمۇ چىڭ تارتىپ باغرىغا باستى. نىمىشقىدۇر بۇغۇزىغا ئاچچىق بىر ئەلەم كەپلىشىپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇ تەرىزدە بۇ قەدىرلىك ئايالدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىۋاتقاندەك ئۇنىڭ قوينىغا سىڭىپ كىتىشكە تىرىشىۋاتاتتى. قۇلاقلىرىغا «سىزنى سۆيىمەن، مەڭگۈ سۆيىمەن» دەپ توختىماي پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ خوشاللىق يېشىمۇ ياكى ئازاپ يېشىمۇ ، چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش دىلنازنىڭ ئاپئاق بوينىغا ئاستا ـ ئاستا سىرغىدى.

دىلناز ۋارىسنىڭ قوينىغا سىڭىپلا كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھارارەتكە قوشۇلۇپ كەتكەن ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقىدىن قېنىپ ھىدلىدى. ئەزەلدىن ئەتىر چاچمايدىغان يولدىشىنىڭ بۈگۈن نىمىشقىدۇر ئەتىر چېچىپ قالغانلىقىدىن ھەر خىل گۇمانلارنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەممە خىياللىرىنى كاللىسىدىن قوغلاشقا ئورۇندى. ئۇ ۋارىسنىڭ ئۆزىنى بىر ئۆمۈر سۆيىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇرۇنقى ۋەدىلەر، تويى كېچىسىدىكى قەسەملەر...دىلنازنىڭ ۋارسقا بولغان ئىشەنچىسىنى چىڭىتاتتى. ئۇ ۋارىسنىڭ ئەخلاقىغا ، ۋاپادارلىقىغا، ئۆتكۈرلىكىگە قول قوياتتى. ئۇنىڭدىن زور ئۈمىۋتلەرنى كۈتەتتى. ئۇ بويۇنلىرىنىڭ نەمدىلىنىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ قالدىمۇ، بېشىنى ئىتتىكلا كۆتىرىپ ئەكرەمنىڭ لىققىدە ياش تولغان قارچۇقلىرىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

ـ سىزگە نىمە بولدى ئەمدى، سىزمۇ يىغلاپسىزغۇ؟ـ دىلناز ئاپئاق نازۇك بارماقلىرى بىلەن ۋارىسنىڭ قاپقارا كىرپىكلىرىدە شەبنەمدەك يالتىراپ قالغان ياشلىرىنى ئاۋايلاپ سۈرتتى. ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئەيىپلىشىنى يۇشۇرماقچى بولغاندەك ، ئۇنىڭ بوشاپ قالغان ھالرەڭ گالىستۇكىنى ئاستا چىڭىتىپ قويدى.

ۋارىس دىلنازنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەن نازۇك قوللىرىنى قايتىدىن چىڭ سىقتى. دىلنازنىڭ مۇھەببەتلىك تەلمۈرۈش ئىچىدە نەمدەلگەن كۆزلىرىگە قارىدى. كاللىسىدا قانداقتۇر زىددىيەتلىك تۇۋقۇنۇشلارنى

ئۆتكۈزۋاتقان ئادەمدەك بىر پەس ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بەختىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىملىقىنى يەنە قايتىدىن ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۆزى شۇنچىلىك تەستە ئېرىشكەن بەختتىن مەھرۇم قىلىنىشنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى يۈرىكى تۇيۇۋاتاتتى.

ـ ھېچنېمە، بەختىمدىن ھاياجانلىنىۋاتىمەن. سىزنى باغرىمغا باسسام ئۆزەمنى بۇ دۇنيانىڭ شاھىدەك ھېس قىلىمەن. سىز مېنىڭ ھاياتىم دىلناز. ئەمدى بۇندىن كېيىن ھەر كۈنى سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن. ھەر قانداق جىددى ئىشىم بولسىمۇ تاشلاپ قويىمەن. توغرا ئېيتىسىز، سىز مۇشۇنداق ۋاقىتتا ھەقىقەتەن ماڭا مۇھتاج، سىزلا ئەمەس ئۇماق بالىمىزمۇ ماڭا مۇھتاج. شۇڭا مەن ۋەدە بېرەي دىلناز: ئەتىدىن باشلاپ ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا مەن يېنىڭىزدا پەيدا بولىمەن. خۇدايىم بۇيرىسا مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ...ـ ۋارىس بوغۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكى دىلنازنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرۇلدى. تىترەڭگۈ ئاۋازى دىلنازنىڭ تۇمۇر-تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق مۇھەببەتلىك بېقىشلار ئىچىدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق مۆڭدىشىپ كەتتى. دىلناز ھەممە نەرسىنى ئۇنۇتتى. ئۆزىنى بىر ئايدىن بېرى قىيناپ كەلگەن ھەسرەتنى، ۋارسقا بولغان ئاغرىنىشنى ئۇنۇتتى. ئۆزىنىڭ كېسىلىنى، قورسىقىنىڭ مۇجۇپ ئاغرىشلىرىنىمۇ ئۇنۇتتى. ئۇ ۋارسنىڭ مۇھەببىتى، ئىللىق قۇچىقى، ئوتلۇق تىنىقى ئالدىدا ئۇ ئازاپلارنىڭ ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ۋارس دېگىنى بويىچە ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا دىلنازنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە پاراڭ سېلىپ، پۇت-قوللىرىنى تۇتتى. ئۇنىڭغا تۆگمەس ۋەدىلەرنى بەردى. دىلناز ۋارستىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىجىل بولۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پات-پات سايراپ تۇرىدىغان تېلفۇنلىرىغا، «ھە، ھە..»دەپلا قىسقىلا جاۋاپ بېرىشىگە قاراپ يەنە كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئازاپلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈنلىرىمۇ ئۇزاققا بارمىدى. ۋارس يەنە بەزى ئىشلارنى باھانە قىلىپ كۈن ئاتلاپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كەلگىنىدە ئۇ تېخىمۇ رەتلىك كىيىنىپ، تېخىمۇ ئېسىل ياسىنىپ، شىملىرىنى قىرلاپ كىيىپ كېلەتتى. مايلاپ پارقىرىۋېتىلگەن ئاياقلىرىدىن ئادەم ئۆز ئەكسىنى

كۆرىۋالالايتتى. پات-پات ئالمىشىپ تۇرىۋاتقان ئەتىر پۇراقلىرىدىن دىلنازنىڭ يۈرىكى ئاچچىق يىغىغا تولاتتى. ئۇ كەلگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئالدىراپ قايتاتتى. كەلمىگەن ۋاقىتلىرىدا تېلېفونى <ئالدىراش> بولۇپ چىقاتتى ياكى ئېتىلىپ قالاتتى. دىلناز يوللىغان ساناقسىز ئۇچۇرلار جاۋاپسىز قالاتتى.

دىلناز ۋارىسنىڭ ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ ئۆزىنى يوقلىمىغانلىقىنىمۇ ياكى قەلبىدىكى ۋارىس ئوبرازىنىڭ ئاستا-ئاستا خۇنۇكلىشىۋاتقانلىقىدىنمۇ ، ئۇ تەدرىجى ۋارىسقا بۇرۇنقىدەك قىزغىن مۇئامىلىدە بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىمۇ بارغانسىرى ناچارلىشىشقا باشلىدى. نازىر ۋە پەرىدە خانىم قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كۈتىۋاتقان ، داۋالاۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ تۇۋەن قىسمىنىڭ ئاغرىشى بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ ماڭدى. بەزى-بەزىدە قان ئارىلاش سۈيۈقلۇق كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى ۋارىسقا دىدى، ئۆزىنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى، ئازاپلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا قىسقا ئۇچۇر ئارقىلىق يوللىدى. ۋارىس دەماللىققا جىددىيلەشكەندەك، كۆيۈنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن يەنە كۈن-كۈنلەپ يوقاپ كېتەتتى. مانا ئەمدى دىلناز ھەقىقەتەن ۋارىستىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدى. ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ سولغۇن چىرايىغا، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىگە، گىرىمسىز تاتارغان لەۋلىرىگە...ئېشقىلىپ بۇرۇنقى گۈزەل ئوبرازىنىڭ يوقاپ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ھەر قانچە ئوڭشاشقا تىرىشسىمۇ ، گىرىم قۇتىسىنى ئالدىغا ئېلىپ يەنىلا مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ تۇرقى بىلەن ۋارىسنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆزىنى تۈزەشتۈرىۋاتقان تۇرقىنى سېلىشتۇرۇپ نىمىشقىدۇر ئىچ-ئىچىدىن بىئارام بولاتتى. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا ، ۋارىسنىڭ قانداق بولۇپ ياسىنىشقا رايى بارغانلىقىنى ئويلاپ ، ھالسىز ئالقانلىرى بىلەن كۆكرىكىگە مۇشتلاپ كېتەتتى. ئۇ ئەمدى دەرت قاپلىغان يىغلاڭغۇ قەلبىدە ۋارىسنىڭ بۇرۇنقى مەكتەپتىكى قىياپىتىنى، ئۆزىگە تۇنجى قېتىم ئېغىز ئاچقاندىكى شەلپەردەك قىزىرىشلىرىنى، گۈللۈكتە مەجنۇن كەبى ئۆزىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشلىرىنى، توي كېچىسىدىكى ۋەدىلىرىنى، قەسەملىرىنى...ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئويلىماي دىسىمۇ بۇ خىياللار ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا كىنو لېنتىسىدەك ئۆتىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ گەرچە

ۋارسىنىڭ يىقىندىن بىرى ئۆزگۈرۈپ كىتىشكە نىمە سەۋەپ بولغانلىقىنى ئىنىق بىلمىسىمۇ، نىمىشقىدۇر بىر خىل ئاچچىق سىزىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇنى قىينايتتى. ئۇنىڭ ساپ، سەمىمى قەلبى قانداقتۇر بىر پەسكەشنىڭ قولىدا دەپسەندە بولىۋاتقاندەك، پاك مۇھەببەت گۈللىرى تۈزۈپ كىتىۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولاتتى. بۇ ئەقىللىق قىز ئۆزىگە ھەر ۋاقىت ھاي بەرسىمۇ، توغرا چۈشۈنۈشكە ئورۇنسىمۇ، لىكىن قانداقتۇر بىر شۈملۈقنى سىزىپ تۇرغان يۈرىكى يەنىلا ئۇنى تۈگىمەس سۇئاللار ئىچىدە قىينايتتى. ئۇ ئازاپ ئىچىدە ئۇنىسىز ياش تۆكۈپ ھالسىزلىنىۋاتقان كۈنلەردە ، ياتاق ئۆيىدە ساقلاپ كەلگەن ۋارسىنىڭ ئۆزىگە تۇنجى قېتىم يازغان خېتىنى قايتا ـ قايتا يىنىشلاپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى. خەتتىكى ھەر بىر مۇھەببەتلىك تەلپۈنۈشلەرنى، ساددا، سەمىمى تەكلىپنى كۆزلىرىگە سۈرتەتتى. شۇ خەتلەر ئىچىدىن ۋارسىنىڭ ۋاپادار ئوبرازىنى ئىزدەيتتى. شۇ خەتتىكى ۋارسىنىڭ ئىچكى ھىسياتى بىلەن ھازىرقى قىياپىتى، ئىش ھەركىتىنى سېلىشتۇراتتى. ئۆزىنى يامان خىياللاردىن قاچۇرۇپ تۇرسىمۇ، دۇنيادا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئادەمنىڭ يوقلىقىغا ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئىشىنەتتى. لىكىن يەنىلا ئۆزى ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئادىمىنىڭ كۆڭلىگە خۇدادىن مەڭگۈلۈك ئىنساپ، ئىمان تىلەيتتى. ئۇنىڭ مەڭگۈ بۇرۇنقى ۋارس بولۇپ ياشاپ قېلىشىنى، مەڭگۈ ئۆزىگە ھەمرا بولۇشىنى ئۇنىسىز ئارزۇ قىلاتتى...

پۈتۈن مۇھەببىتىنى پەقەت ۋە پەقەت دىلنازغىلا تەقدىم قىلىپ كەلگەن ۋارس تۇرمۇشىغا يەنە باشقا بىر قىزنىڭ بۆسۈپ كىرىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. دىلنازنى چوڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ ، ئۇنى كۈندە ئۆزۈلمەي يوقلاپ تۇرىۋاتقان بىر كۈنلەردە ، ئىدارىسىغا قايسىبىر ئىشنى بىجىرىشكە كەلگەن چىرايلىق بىر قىزنىڭ نازلىق كۈلۈمسىرىشى، ئوتلۇق تىكىلىشلىرى ئۇنىڭ ئىيقىن سۇدەك كىتىۋاتقان بەختىيار تۇرمۇشىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. دەسلىپىدە بۇ قىزنىڭ بىشىغا كەلگەن قىسمەتلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم بىرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋارس ، ئۇنىڭ پات ـ پات ئۇرۇپ قويىدىغان تېلىفۇنلىرى ، دەرتلىك كەچمىشلىرى ئالدىدا ئۇنىڭغا نىمىشقىدۇر ھىسداشلىق

قىلىپ قالدى. بىر قېتىم كۆرۈشتى، ئىككى قېتىم كۆرۈشتى، ئۈچ قېتىم كۆرۈشتى...ھەر قېتىمقى كۆرۈشۈش ۋارسقا يېڭى-يېڭى تۇيغۇلارنى قالدۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىر مەزگىل تەنھالىقتا قالغان قەلبىدە باشقىچە بىر سېزىمنى ئويغاتتى. رەيھان ئىسىملىك بۇ قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنى، ئەۋرىشىم قامىتى، ھەسەلدەك شىرىن سۆزلىرى، نازلىرى ئۇنىڭ يالغۇزلۇقتا بىئارام بولىۋاتقان كۆڭلىگە تەدرىجى بىر ئوتنى سېلىپ ، ئۇنىڭ يالقۇنلاپ كۆيىشىگە سەۋەپ بولۇپ قالدى. ئالى مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدىن خىزمەت كۈتىۋاتقان بۇ قىزنىڭ كىيىنىشى، يۈرۈش-تۇرۇشى ۋارسقا غەلىتە بىلىنىسىمۇ، لېكىن بىر كۈنى كەچتە ئۇزاق مۇڭدىشىشتىن كىيىنكى قىزنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى قېنىپ سۆيۈشى ئۇنىڭ ئېڭىدىكى بارلىق تۇيغۇلارنى پۈتۈنلەي خىرەلەشتۈرىۋەتتى. ئۇ شۇ كۈنى قىزنى ئۇزۇتۇپ قويغاندىن كىيىن بىر كۈن مەستەك بولۇپ قالدى. نىرۋىسى قالايمىقانلىشىپ، پىكىرلىرى چېچىلىپ كەتتى. ھاياتىدا پەقەت دىلنازنىلا ياخشى كۆرۈپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن ھەققى مۇھەببەتنىڭ ئەڭ لەززەتلىك ھۇزۇرىغا ئېرىشكەن ۋارس ، ئىككىنچى بىر قىزنىڭمۇ يۈرەكلىرىنى لەرزىگە سېلىپ ، ئوتلۇق سېغىنىشقا باشلايدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك يۈرىكىنى قايتا-قايتا تىڭشايتتى. تويى قىلغاندىن بىرى دىلنازدىن باشقا بىرەر ئايال زاتى بىلەن باشقىچە تۇيغۇلاردا بولۇپ باقمىغان ۋارسنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىدا قىزىق بىر ئوت يامراپ، ئۇنىڭ دىلنازغىلا نىسىپ بولغان ۋاپادار يۈرىكىنى ئاستا-ئاستا كۆيدۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ شۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. بىر كېچىدە نەچچە يۈز رەت ئۆرۈلۈپ چىقتى. كۆزىنى ئاچسىمۇ، يۇمسىمۇ ھېلىقى قىزنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرى، نازلىرى كۆز ئالدىدىن پەقەت كەتمىدى. تىللىرىنى شۇراپ قېنىپ سۆيگەن ھالىتى سەزگۈ ئەزالىرىنى تىنىمسىز قوزغۇتۇپ، يۈرەك رىتىمىنى تىزلىتىپ ، قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. كېچە بىر ۋاقىتلاردا كەلگەن " مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنى تولىمۇ سېغىندىم..." دىگەن ئۇچۇر ئۇنىڭ ھاياجانلىق ئىستەكلىرىنى تېخىمۇ ئويغىتىۋەتتى. ئۇ شۇ ئىستەكلەر ئىسكەنجىسىدە يەنىلا ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا تىرىشتى، ھايات-مامات ئالدىدىكى تاللاشتا قالغان ئادەمدەك قاتتىق ئويلىنىپ ئاخىرى تېلفۇننى ئىتتىۋەتتى، ئۆزىنى باشقا ئىشلارغا بەنت قىلىپ، قەلبىنى قامال قىلىۋالغان ئاسارەتتىن قۇتۇلماقچى بولۇشقا تىرىشتى. تېلىۋىزور كۆردى.

ئېكراندا كىنو ئەمەس ھېلىقى قىزنىڭ ئوبرازى . كىتاپ ئۇقۇدى، پۇرسۇناژلارنىڭ تىلى يەنىلا ھېلىقى قىزنىڭ تىلى . پىلاستىنكا قويۇپ ناخشا ئاڭلىدى. ياڭراتقۇدىن چىقىۋاتقىنى يەنىلا شۇ قىزنىڭ ئاۋازى...ئۇ تىرىشتى. كاللىسىدىن ھەممىنى يۇقاتماقچى بولدى. لېكىن قانداقتۇر بىر كۈچ يول قويمىدى. يەنىلا شۇ قىز خىيالىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى بولمىدى. ئۇ شۇ كېچىدە ھەممىنى ئويلىدى. ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىدىن باشلاپ مەكتەپتىكى كۈنلىرىنى، دىلنازنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۇنىڭغا يۇشۇرۇن ئاشىق بۇلۇپ يۈرگەن، ئۇنىڭ ئالدىدا تەمتىرىگەن ۋاقىتلىرىنى ئويلىدى، دىلنازنىڭ قەيسەرلىكى، ئاقكۆڭۈللىكى، گۈزەللىكى، ئۆزى ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقلىرىنى ئويلىدى. دىلنازنىڭ پەرىشتىدەك ساپ ، سەمىمى قەلبىنى، تويدىن كېيىنكى كۈيۈنۈشلىرىنى، ئۆزى ئۈچۈن پەرۋانە بۇلۇشلىرىنى ئويلىدى. ئەڭ مۇھىمى توي كۈنىدىكى دىلنازنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ بەرگەن ۋەدىسى، قەسىمىنى ئويلىدى. ئۇ ئويلىغانسىرى ئازاپلاندى. قەلبىنى ئاچچىق يىغا قاپلاپ، ئادىمىلىك ۋىجدانىنى يۇقۇتۇپ قويىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئۈكۈندى. ئۆكسۈدى. دىلنازنىڭ هازىرمۇ يەنە شۇ ئائىلە ، شۇ پەرزەنتى ئۈچۈن نۇرغۇن ئازاپ تارتىپ يېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى. دىلنازنىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھېلىقى قىزنىڭ ئوبرازىنى قەلبىدىن قوغلىماقچى بولدى. كاللىسىغا كىرىۋالغان ئەسەبى ھىسياتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقۇتۇشقا تىرىشتى. ئەپسۇس، ھىسيات ئىرادىگە بويسۇنمىدى. ئېگىزدىكى شۇنچە گۈزەل، پەرىشتە سۈپەت دىلنازنىڭ سىماسىنىڭ ئورنىغا بىلىپ بىلمەي رەيھانىنىڭ نازلىق كۈلۈمسىرىشى ئالماشتى. ئۇ بۇ قىزنى قانداقلارچە ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭغا قىزىقىپ قېلىشىنىڭ تۇلىمۇ ئاخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قانداقتۇر بىر خىل ئىنتىلىش ئىرادىسىنى يەنىلا بىت-جىت قىلىۋەتتى.

ۋارس شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ قىزغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى ھەقىقى ھىس قىلىپ، ئۆز-ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ۋاقتىنى خىزمەتكىلا بەردى، ئالدىراش ئۆتتى، لېكىن يەنىلا رەيھانىنىڭ سىماسىدىن قۇتۇلالمىدى. قارىماققا ئۇ قىز ۋارسىنىڭ يۈرىكىنى يۇلۇپ، روھىنى ئۆزىگە چەمبەرچەس باغلاپ كەتكەندەكلا قىلاتتى. ئۇ ئەمدى قىزىقىشتىن ھالقىپ باشقىچە ئىنتىلىشكە، سەۋدالىققا قاراپ يول ئېلىشقا

باشلىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تېلېفۇنغا قارايتتى. ئۇچۇرلار ئىچىدىن تۇنۇش نومۇرنى ئىزدەيتتى، تېلېفۇننىڭ ئاۋازى سايراپلا قالسا يۈرەكلىرى سوقۇپ، هاياجاندىن نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالاتتى، ئەگەر بىرەر قېتىم سۆزلىشىش پۇرستى بولۇپ قالسا، خىزمەتمۇ خوشياقماي شۇ تونۇش يېقىملىق ئاۋازنى، يۈرەكلەرنى هاياجانغا سالىدىغان شېرىن ـ شېكەر نازلىنىشلارنى ئويلاپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق خىيال سۈرەتتى. ئۇ ئۆزىدىكى ئۆزگۈرۈشكە هەيران بولۇشقا باشلىدى. نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقى، نىمە ئۈچۈن نىكاھتىن سىرت يەنە بىرسىگە مۇشۇنداق قىزىقىپ قالىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن دۇنيانىڭ، مۇھەببەتنىڭ شېرىن ھىسلىرىنى سۈمۈرۈشكە ئالدىرايدىغانلىقى... ئۇنى تىنىمسىز ئويلاندۇراتتى. ئۇ بۇ يۇشۇرۇن ئوتنىڭ قەلبىدىكى تۇتۇشىنى پەقەت بىر ئۆزىلا بىلسىمۇ يەنىلا دىلنازغا مەڭگۈ يۇز كىلەلمەيدىغاندەك ھىس قىلاتتى. ھەممە ئادەم ئۆزگە سەپسىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ خۇپىيانە مۇھەببىتىنى بىلىپ قالغاندەك ئەندىكەتتى. بەزىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ ، خىيالىدا ئۆزىنىڭ كەچمىشىنى ئالدىغا تىزىپ قويۇپ ئويلاندى. ئۆز ـ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىپ ئۆزگىرىۋاتقان ۋارسىنى نەچچە رەت تىللىدى، قارغىدى. ئۆزىنى ئەسەبى ساراڭغا چىقىرىۋەتتى. قولىدىكى ئالتۇندەك بەختىنى قەدىرلەش ئۈچۈن بۇ گۇناھكار ھىسياتنى مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىۋەتمەكچى بولدى. لېكىن ئىشتىن چۈشۈپ دىلناز تەرەپكە ماڭغان قەدەملەر بىلىپ ـ بىلمەي رەيھاننىڭ ياتىقىغا يۈرۈپ كىتەتتى، پەقەت ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ۋاخ تاماق يىسە ياكى بىرەر يىرىم دەم مۇڭداشسا قەلبى ئارام تاپاتتى، نەپرەت ئىچىدە تۇرۇپ يەنە شۇ مىنۇتلارنى سېغىناتتى.

ۋارس ئەمدى نىمىشقىدۇر ئۆزگە ئەھمىيەت بىرىشكە باشلىدى. دىلناز قورساق كۆتىرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن بىرى ئۆزىنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا تازا ئەھمىيەت بىرىپ كىتەلمىگەن ۋارس ئەمدىلىكتە ئۆمرىدە قولىغا ئېلىپ باقمىغان دەزمالنى ئېلىپ، كىچە ـ كىچىلەپ كىيىم ـ كىچەكلىرىگە دەزمال سالىدىغان، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئەينەك ئالدىدا ئۇزاققىچە ئۆزىنى ياسايدىغان، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ھەر سەھەردە پاك ـ پاكىزە قىرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. رەيھان ئالدىدا ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ سالاپىتى بىلەن، قاملاشقان بەستى بىلەن پەيدا بولۇشنى، ئۇنىڭ قەلبىگە تېخىمۇ ياخشى تەسىر بىرىشنى ئۈمۈت قىلاتتى.

ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىششقا دىيىشسۇن-دىيىشمىسۇن خۇددى يوللىرىدا ئۇچراپ قالىدىغانىدەك دائىم كىيىم-كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرەتتى، ئايىقىنى تۈماي سۈرتەتتى، يانچۇقىدىكى كىچىك تارغىقى بىلەن ماشىنىسى ئىچىدە ئولتۇرۇپ چاچلىرىنى توختىماي تۈزەشتۈرەتتى. بۇلۇپمۇ رەيھاننىڭ ئەركىلەپ تۇرۇپ " تىنىڭىزدىن ئەتىر ھىدى كېلىدىكەن" دىگەن تاتلىق پىچىرلىشىدىن كىيىن ،نىمشقىدۇر كۆندە يۇيۇنىدىغان، فىرانسىيەنىڭ داڭلىق ئەرلەر ئەتىرىدىن ئېلىپ كىيىم-كېچەكلىرىگە چېچىپ يۈرىدىغان بولدى. چۈنكى، رەيھان ھەر قېتىم يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىنى ۋارسىنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ "سىز بەك سۆيۈملۈك، بەك كېلىشكەن " دىگىنىدە، ۋارس ھاياجاندىن پۈتكۈل دۇنيانى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

ۋارس ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ھىسيات ئىچىدە بۇ سىرلىق گۈزەل قىزغا سىڭىشىپلا كەتتى. ئۇ ئۆز ھىسياتىنى ، بۇ قىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەتراپتىكى كۆزلەردىن يۇشۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ ، نەپرىتىگە قېلىشتىن قورقاتتى. دىلناز بىلەن تويى قىلىپ ھەممە ئادەمنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك زوقىنى كەلتۇرۇپ، ئۆز بەختىدىن ئالەمچە شاتلانغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان بولغاچقا ، ناتونۇش بىر قىز بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ، يۇشۇرۇن كۆيۈپ، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھىچقانداق بىرئىنساننىڭ بىلىپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. خالىمايتتىيۇ، لېكىن يۈرىكى شۇ قىز تامان سۇقاتتى. شۇ قىز بىلەن ئۇچرىششقا يۈگۈرەيتتى، رومانتىك چايخانىلارنىڭ ئايرىمخانىلىرىدا شۇ قىزنىڭ نازلىق كۆلۈمسىرىشىگە مەستخۇش بولۇپ ھۇزۇرلۇنۇپ ئولتۇراتتى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ خىياللار ئىچىدە تامدىكى دىلناز بىلەن چۈشكەن توي سۈرىتىگە قاراپ يەنە قورقۇپ كېتەتتى. دىلنازنىڭ چىرايلىق شەھلا كۆزلىرى ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ قالغاندەك يەنە كېچە-كېچىلەپ ئەندىكىش ئىچىدە تىترەيتتى.

قايسى بىر كۈنىدىكى دىلنازنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىگە ، ئۇنىڭ

يىلىنىشـلىرىگە، بارغانسـىرى چوڭقۇيـۇپ ئـش ھەركىتـى قۇلايسىزلىشـۋاتقان قورسـىقىغا قاراپ چـىدىمىغان ۋارس ئـۇنى چـىلىك قۇچاقلىغان شـۇ دەملەردە دىلنازغا ھەم ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بەرگەن ئىدى. كۆزلىرىدىكى ياش پۇشايمان ۋە ئەلەمگە گۇۋاھ بولغان ئـىدى. دىلنازنى باغرىغا باسقان دەملەردە ، ئۇنـىڭ ۋەيـرانە تـۇرقى بىـلەن ئۆزىنىـڭ پـوزۇر كـيىـنگەن تـۇرقىنى سېلىشـتۇرغان دەملەردە، بەدىنىدىن تارىغان ئەتىر ھىدىنى يۇشۇرۇشقا تىرىشقان دەملەردە ئۇ يـۈرىكىگە پىچىرلىغـان ئـىـدى، "مەن نــمە ئۈچـۈن بەختىمنـى قەدىرلىمەيمەن؟نىمە ئۈچۈن ئـازىمەن؟ نـىمە ئۈچـۈن ھسىياتقا قـۇل بـولىمەن؟ ...مۇشـۇنداق ۋاپـادار ئايـالىم تۇرسـا يەنە نـىمە ئۈچـۈن بەختىمنـى سـىرتتىن ئـىـزدەيمەن؟ نـىـمە ئۈچـۈن بـىـر مەزگىللىـك شـەيتانىنىڭ ئازدۇرىشـىنى يېڭەلمەيمەن؟...مەن ئەتىدىن باشلاپ ئادەم بـولاي، ئـادەم بـولاي ..." دەپ ئۈنسىز ئازاپلانغـان ئـىدى. دىلنـاز بـىلەن خوشلۇشـۇپ ئـۆيىگە قايتـىپ كەلگەنـدىن كـيىـن، ھەمـمە ناپـاكلىقتىن قۇتۇلمـاقچى بولغانـدەك مۇنچىـدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق يۇيۇنغان ، ئۆز-ئۆزىگە نەچچە رەت ۋەدە بەرگەن ئىدى. تۈن كىچىـدە ئورنـىدىن تـۇرۇپ شـۈكرى نـامىزى ئـۈتەپ ئۇلـۇغ خـۇدادىن كـۆڭلىگە ئـىنساپ ، ئىمان تىلىـگەن ئـىدى. جەينامـازدا قـىبلىگە قـاراپ ئولتـۇرۇپ يـاش تـۆككەن، بـىـر مەزگىللىـك شـەيتانىنىڭ ئازدۇرىشـىدىن ئۈكـۈنگەن ئـىـدى. بۈگۈنىدىن باشلاپ يېپيېڭى تۇرمۇشنى باشلاشنى نىيەت قىلغان ئـىدى. تـوغرا، ئـۇ 2-3 كـۈن شـۇنداق قىلـدى. كاللىسـىدىكى ھەمـمە خىيـالنى يۇقۇتۇشـقا تىرىشـىپ ، دىلنازنـىڭ قېشىغا يۈگـۈردى، ئۇنىڭغا ھەمرا بولـدى، تەسەللى بەردى، ۋەدە بەردى. ئـۆز بەختىنىـى مەڭگـۇ قەدىرلەشـىنى نىـيەت قىلدى...ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس...4-كۈنىگە كەلگەندە تۇيۇقسىز ئۇرۇلغـان تېلىفۇن ، تاتلىق پىچىرلاش ئۇنىڭ ئىرادىسىنى يەنە ئاستـا-ئاستا بوشـاتتى. "بۈگۈن ۋاقتىم يـوق، كەچـۇرۇڭ..." دەپ تېلىفۇننى ئۈزدىـۇ، ئىچ-ئىچىـدىن يىلتىـز تارتـىپ قۇترىۋاتقـان بـىر ھىسيات يەنە ئۇزاققا بارماي تېلىفۇننى قولىغا ئېلىشقا ، ھېلىقى تونۇش نۇمۇرنى بېسىشـقا ، "ئىشىم تۈگىـدى. سـىز دېـگەن ۋاقىتتـا چۇقـۇم يېتىـپ بـارىمەن..." دېـگەن ئۈچۈرنى يېزىشقا مەجبۇر قىلـدى. كۆڭلىـدە "پەقەت مۇشـۇ بىـر قېتىملا ئۈچرىشىمەن، بىر قېتىملا سىردىشىمەن...ئەمدى گەپنى ئىنىق ئېيتىپ ئۇنىـڭ بىـلەن مەڭگۈلـۈك جۇدالىشـىمەن..." دەپ قايتـا-قايتا نـيەت قىلـدى.

لېكىن ئاقىۋەت نمه؟...بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش يەنە نۇرغۇن ئۇچرىششلارنىڭ، مۇڭلارنىڭ، پىچىرلىششلارنىڭ، ئوتلۇق سۆيۈشۈشلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. تېلېفون يەنە شۇ تونۇش نومۇرلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇچرىشىش مۇمكىن بولمىغان ۋاقىتلاردا تېلېفوندىن ئېچىرقىغان مۇھەببەتنىڭ ئەسەبى پىچىرلاشلىرى ئۈزۈلمىدى. تېلېفون پولنىڭ ئاۋۇپ كىتىشىمۇ كۆزگە كۆرۈنمىدى.

بۈگۈن ۋارىس يەنە ئاۋالقىدەكلا چىرايلىق ياساندى. رەيھان سوۋغا قىلغان يوللۇق ئاق كۆينەكنى كەيدى. ئۆيدىكى چوڭ ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ بەستىگە قايتا-قايتا قاراپ، ئەينەك ئىچىدىن رەيھان چىقىپ كېلىدىغاندەكلا كۈلۈمسىرەپ كەتتى. ئۇ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرغاچ ئاخشام رەيھان ئولتۇرغان ئورۇندۇققا بىر پەس قارىدى. ئۇنىڭ قالدۇق ھىدىنى ھىدلىماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، بۇرنىنى يېقىن ئاپاردى. بەستلىك قوللىرى بىلەن ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى ئاۋايلاپ سىلىدى. ئاخشام چايخانىدىن چىقىپ رەيھاننى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇش جەريانىدا مۇشۇ ئورۇندا قىنىپ سۆيۈشۈشكەن شىرىن دەملەرنى ئەسلەپ ھاياجانىدىن يەنە يۈرەكلىرى سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۇمران كۆكرەكلىرىنى ئەسەبىلەرچە مۇجۇقلاپ، تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەللىرىنى چىڭ قاماللىغان قوللىرىغا قاراپ، لەۋلىرىنى ئاجايىپ ھۇزۇر ئىچىدە يالاپ قويدى. تەنھالىقتا ئۆزىگە ئالەمچە سۆيگۈ ، ئۇنتۇلماس شىرىن كۈنلەرنى ئاتا قىلغۇۋاتقان بۇ گۈزەل قىزغا بولغان ئوتتەك ئىنتىلىش ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى يەنە بىر پەس تىترىتىۋەتكەن ئىدى. ئىدارىسى تەرەپكە مېڭىۋاتقان ۋارىس تۇرۇپلا ماشىنىنىڭ رولنى بوراپ رەيھاننىڭ ياتىقى بار يولغا قەرىلىدى. ھاياجانلىنىپ تۇرغان ھىسلىرىنى يۇشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ ئۇ ماڭغان يوللارنى، ئۇ تۇرغان بىنانى بىر كۆرۈۋېتىپ ماڭماقچى بولدى. ئۇ خىياللار ئىچىدە شۇ يولنى بويلاپ مېڭىۋاتقاندا تۇيۇقسىز تېلېفونى سايراپ قالدى. "رەيھان، رەيھان..."ھاياجانىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان ۋارىس خوشاللىق ئىچىدە تېلېفوننى ئېلىپ قۇلىقىغا ئاپاردى.

-ۋەي، ئوبدان ئۇخلاپسىزمۇ؟

-ھە...ھە...شۇ...شۇنداق...

ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ كېتىۋاتقان ۋارىس تېلېفوندىن ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ، ماشىنىنى قانداق تورمۇزلاپ توختاتقىنىنىمۇ

بىلمەي قالدى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ ،بىردەم يۈرىكىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. رەيھاننىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ سالمىغانلىقىغا مىڭ شۈكرى ئوقۇپ، تېلېفوننى قولى بىلەن تۇسۇپ بىر نەچچىنى ئېغىر تىنىۋالدى.
ـ ھە...ئا...ئاپا...سالامەت تۇرۇپلا. بىرەر ئىش بارمىدى؟ـ ۋارىسنىڭ بوينى تېلېفون بىلەن تەڭ يەرگە ئېگىلدى.
ـ شۇنداق. 2 كۈن بولدى ، دىلنازنىڭ ئەھۋالى شۇنچە يامان تۇرسا ماۋۇ ئۆيگە كېلەيمۇ دىمەيسىزغۇ؟
ۋارىس تېلېفوندىن قۇپاللا ئاڭلانغان پەرىدە خانىمنىڭ ئاۋازىغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. "ئەمدى نىمە ئىش بولغاندۇ؟ مىنىڭ بەزى ئىشلىرىمنى بىرەرسىدىن ئاڭلاپ سالغانمىدۇ؟ ياكى ئاخشام بىرەرسى ئىككىمىزنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟ "دىگەندەك قورقۇنچلۇق خىياللار ئۇنىڭ ئېڭىدا چاقماق چاققاندەك پەيدا بولۇپ، قورققىنىدىن لاغ ـ لاغ تىترەپ كەتتى. بايىقى خوشال كەيپىياتى، شىرىن ھىسلارغا چۆمگەن تاتلىق خىياللىرى ، چىرايىدىكى شاتلىق كۈلكىسى نەلەرگىدۇر يوقالغان ئىدى...

ـ ھە...ھە...شۇ باراي دىگەن. لېكىن ئالدىراش بولۇپ قالدىم ئاپا . بۈگۈن چۈشلۈك دەم ئېلىشتا چوقۇم بارىمەن .ـ ۋارىس پەرىدە خانىم كۆز ئالدىدا شۇ بۇرۇنقى ئەلپازى بىلەن ھۆرپىيىپ تۇرغاندەك دۇدۇقلاپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.
ـ شۇنداقمۇ؟ سىزنىڭ خىزمىتىڭىز مۇشۇ كۈنلەردە نازىر دادىڭىزنىڭ خىزمىتىدىنمۇ ئالدىراش بولۇپ كىتىپ بارىدۇ دىسە . لېكىن چۈشكىچە قاراپ ئولتۇرماي ھازىرلا كىلىڭ. دىلنازنىڭ شۇ تاپ ھىچ ھالى يوق تولغۇنۇپ ياتىدۇ.
ـ نىمە؟ ھالى يوق. يەنە نىمە ئىش بولدى ئاپا؟
ـ نىمە ئىش بولاتتى قارى بالام. شۇ بالىڭىزنىڭ خاپىلىقى بولمامدۇ، يەنە قورسىقى تولغاپ ئاغرىپ كىتىپتۇ. بىر كىچە ئازاپلىنىپ يىغلاپ چىقىپتۇ. يا بىرەرسىمىزنى چاقىرماپتۇ.
ـ ۋاي خۇدايىم ، نىمانداق ماڭا تىلىفون قىلمىغاندۇ ھە؟ـ ۋارىس تەشەببۇسكار ھالەتكە ئۆتىۋېلىپ، چۈچۈپ كەتكەندەك جىددى جاۋاپ بەردى.
ـ ۋاي تاڭ. مۇشۇ كۈنلەردە سىزنىڭ گىپىڭىزنى قىلساقمۇ قاپىقى

تۇرۇلۇپ قىلىۋاتىدىغۇ؟ ئاراڭلاردا بىرەر ئىش بولغاندەكلا قىلىدۇ ؟ ئەتىگەن ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ يىغلاپ سالاپتىمەن. "نىمىشقا ۋارسقا تېلىفۇن قىلمىدىڭ؟" دىسەم ، ئۇ كۆزلىرىگە لىممىدە ياش ئېلىپ " ئۇ ھازىر بەك ئالدىراش، مىنى ، ماۋۇ بالىنى ئويلىغۇدەك ۋاقتى يوق، ئۇ ھازىر باشقا ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى" دەيدۇ.

- يا...ق، ياق...ئاپا. باشقا ئىش يوق . شۇ ئۆزلىرىگىمۇ كۆپ دىگەنتىم، ئۆيگە بېرىشقا شۇنچە ئالدىراپ تۇرسامۇ ماۋۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىرى ئالدىغا سېلىۋالدى. ئۆزەممۇ بەك خىجىل شۇ تاپ..

-بولدى، بولدى. باشقا گەپلەرنى كىيىن دىيىشەيلى. مانا ھازىر دادىسى بىلەن بىرگە دوختۇرغا ئاپىرايلى دەپ جىددىيلىشىپ تۇرىۋاتىمىز . شۇڭا ئاپال، بالا لازىم بولسا ھەر قانچە ئالدىراش مۇھىم ئىشىڭىز بولسىمۇ شۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ ھازىرلا كىلىڭ جۇمۇ...-پەرىدە خانىم بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا كەسكىن، ئۇرغۇلۇق سۆز قىلىپ، ۋارسنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تېلىفۇننى قويىۋەتتى.

-بولىدۇ ئاپا. ھازىرلا...- ۋارس ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلگەن تېلىفۇنغا قاراپ خۇددى گۇناھكارلاردەك ئىگىلىپ تۇرۇپ جاۋاپ قايتۇردى. ئۆز-ئۆزىگە يانغان ئەكس سادانى تىڭشاپ بىردەم ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى بارمىسا زادىلا بولمايتتى. بۇ تېلىفۇننى دىلناز ئەمەس بەلكى قايىقى يامان پەرىدە خانىم بەرگەن ئىدى. ئۇ دىلنازنىڭ ساددا قەلبىنى ئالداپ كىتەلىگەن بىلەن بۇ كۆزلىرىدىن سۇئال تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قېينى ئاپىسىنى ھەرگىز ئالدىيالمايتتى. ھەم ئالداشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ۋارس رەيھاننىڭ ياتىقى ئالدىدىكى يولغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كىيىن ، ماشىننى ئوت ئالدۇرۇپ ئاستا كەينىگە ياندۇردى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن رولنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇشقا تىرىشىپ نازىرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. كاللىسىغا بىر قانچە كۈندىن بىرى يۇقالغان دىلنازنىڭ مىسكىن، تاتىراڭغۇ چىرايى بىلەن "ئەمدى نىمە ئىش بولغاندۇ؟ بويىدىن ئاجراپ كەتمەس ھە" دىگەندەك قورقۇنۇچلۇق سۇئال كىرىۋالدى. بەختىلىك ئائىلە، ئۇماق بۇدرۇق بالا، ھەممە جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋاپادار ، ئەقىللىق خوتۇن...ئۇ شۇ تاپ پەرىدە خانىم مۇزدەك بىر چېلەك سۇنى ئۇنىڭ بېشىدىن قۇيۇپ ، قايمۇقۇپ قالغان كاللىسىنى سەگىتىپ قويغاندەك سەگەكلىشىپ قېلىۋاتاتتى . بىر مەزگىللىك

شەيتانۇ ھىسلاردا ئالدانغان قەلبى ئاستا ـ ئاستا ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشقا باشلىغان ئىدى . مۇھەببەت دىگەن نىمە ؟ ھەقىقى سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش دىگەن نىمە؟ ئۇ دەل ۋاپادار ئايالنىڭ ئۆزىنى يولدىشىغا بېغىشلىشى، تاتلىق پەرزەنتىنىڭ ئائىلىگە بەخىت ئاتا قىلىشى، ئىككى ياشنىڭ ئورتاق بىر نىشان، ئورتاق بىر ئارمان ئۈچۈن ، جەننەت ئائىلىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى...ۋارىس يول بويى ئۆز ـ ئۆزىدىن سوئال سوراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە جاۋاپ بىرىپ كەلدى. بىردەملىك ھىسيات ئالدىدا ئېزىش، شەيتانىنىڭ دەقىقە تاتلىق ھۇزۇرىغا ئەسىر بولۇش ئۇ مۇھەببەت ئەمەس، ئۇ دىگەن ئازاپنىڭ باشلىنىشى، دەرتنىڭ يىلتىزى، گۈلدەك بەختىنىڭ كۈلدەك توزىشى ...دەپ يەكۈنمۇ چىقاردى. كۆڭلىدە " ياق، ياق...مەن دىگەن كىم؟ مەن دىگەن ۋارىس ، ئۆمۈر بويى پەقەت بىر دىلنازنىلا ياخشى كۆرىدىغان ، ئۇنىڭ قۇربانلىقلىرى ئۈچۈن جاۋاپ قايتۇرىدىغان ۋارىس. شۇڭا مەن شەيتانغا ئەل بولماسلىقىم، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىشىم، ئىدىيە تۇۋۇنۇشۇمنى قەتئىي بويسۇندۇرۇشۇم كېرەك..." دەپ قايتا ـ قايتا نىدا قىلدى. ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت ، ئىلھام بەردى.

كۈز كىلىپ قالغاچىقمۇ دەرەخلەرنىڭ سارغايغان غازاڭلىرى يوللاردا ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى. ۋارىس ماشىنىنىڭ دەرىزىسىدىن ئەتىگەننىڭ مۇزدەك شامىلىدا ئۇيان ـ بۇيان لەيلەپ يۈرگەن غازاڭلارغا ، يالىڭاچلىنىپ يىتىم بالىدەك بويىنىنى قىسىپ قېلىشاتقان دەرەخلەرگە، يول بويىلىرىدا بەرگىلىرى تۆكۈلۈپ ، خازان بولىشاتقان ھەر خىل گۈل ـ گىياھلارغا قارىغاچ خىيال سۈرۈپ ماڭدى. خۇددى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى شۇ دەرەخلەردەك يالىڭاچلىنىپ قالغاندەك، بەختى شۇ يوپۇرماقلاردەك خازان بولۇپ، سەرگەردانلىقتا لەيلەپ يۈرگەندەك ھىس قىلىپ ، ئازغۇنلۇقتا مەھكۇم بولغان يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنىدىن ئاچچىق بىر يىغا كىلىپ ، كۆزلىرىگە ئەلەملىك ياش ئالدى. ئۇ گۈل بەرگىلىرىنىڭ تۆزۈپ كىتىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. بىر گۈلنى ، ئۈزۈلگەن بىر غۇنچىنى دەپ باغۇ بوستانىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى.

ۋارىس ماشىنىسىنى نازىرنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئالدىراپ توختۇتۇپ ، ھاسىراپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىردى، خىزمەتچى ئايال بىلەن مۇنداقلا سالاملىشىپ، 2 ـ 3 پەشتاقنى بىر ئاتلاپ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى دىلنازنىڭ ھوجرىسىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرديىۇ، دىلنازنى يۆلەپ

جىددىيلىشىپ ئولتۇرغان نازىر بىلەن پەرىدە خانىمنى كۆرۈپ تۇرغان ئورنىدا ياغاچتەك قېتىپلا قالدى. ئۇ ئۆكۈنۈش ، پۇشايمان ئىچىدە ئازاپلىنىپ ، دىلنازنىڭ تاتارغان چىرايىغا ، ياش ئەگىگەن نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراشقا بەرداشلىق بىرەلمىدى، راست گەپنى دىسە ، جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ دەقىقە جىمجىت تۇرغاندىن كيىن، ئاستا قەدەملەر بىلەن دىلنازنىڭ قېشىغا كىلىپ زوڭزۇيۇپلا ئولتۇردى.

- سىزنى ياخشى كۆتەلمىدىم دىلناز، سىزدىن ياخشى خەۋەر ئالالمىدىم، سىزنى قىين كۈنلەرگە قويدۇم.-ۋارسىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئۇ ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن كۆزلىرىنى ئاستا-ئاستا دىلنازنىڭ چىرايىغا ئاغدۇردى. ئاغدۇردىيۇ ، ئۇنىڭ ئەپسۇسلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ، چاناقلىرىدا لىغىرلاپ قالغان ياشلىرىغا قاراپ ھودۇقۇپ كەتتى.

دىلناز ۋارسىنىڭ گېپىگە يا "ياق"، يا "ھە" دەپ جاۋاپ بەرمەي ئۈنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. نىمىشقىدۇر بېشىنى ئىككى يانغا ئاستا چايقايتتى. چىرايىدىن "ئىشەنمەيمەن، ھەممىسى يالغان..." دەۋاتقاندەك مەنا چىقاتتى. ۋارس دىلنازنىڭ پۈتنى تۇتۇپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كيىن، ئۇنىڭ ئىنكاسسىز ھالىتىگە قاراپ يەنە گەپ قىلىشتىن ئەيمەندىمۇ ئاستا نازىرغا بۇرۇلدى.

-دادا، ئەمسە ماڭامدۇق؟

- ماڭىلى . ماڭىلى...ماڭماي قاچانغىچە ئولتۇراتتۇق بۇ يەردە، ئاۋايلاپ كۆتىرىڭ جۇمۇ، بالا چۈشۈپ كەتمەي دەپ قاپتۇ.- پەرىدە خانىم يولدىشىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، گەپنى سۇزۇپ-سۇزۇپ زەردە بىلەن جاۋاپ بىرىۋەتتى. قارىماققا ئۇ ھەقىقەتەن ۋارستىن خاپا بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

-بولدى، بولدى. بوشراق سۆزلىسەڭمۇ پاك ئادەم يوق بۇ يەردە.- نازىر خىجىللىقتىن بېشىنى كۆترەلمەي قالغان ۋارىسقا قاراپ قويۇپ ، ئايالىغا غەزەپ بىلەن ئالايدى.

- پاك ئادەم بار دادىسى، بار. دىلنازنىڭ ئەھۋالىنىڭ كۆڭلىرى يامانىشىپ، قورسىقىنىڭ ، بىلىنىڭ تولغاپ ئاغرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى نەچچە قېتىم دىسەكمۇ بەزىلەرنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتتىغۇ...

ـ بولــدى. ـ نــازىر ئاچچىغــدا تــوۋلاپ ســالدى. ـ نىمانــداق غەرەز ئۇقمايسەن. چىرايلىق گەپ قىلساڭ بىر يەرلىرىڭ كاملاپ قالامدۇ سىنىڭ ھە؟

ـ بىلىســىزغۇ دادىســى، مەن نەچــچە يىلــدىن بــىرى چىرايلىــق گەپ قىلىپ كىلىۋاتىمەنغۇ. لىكىن ھازىرغا كەلگەندە چىدىيالمىدىم. دىلناز ئەسلى قىزىلگۈلــدەك قىــز ئىــدى. بالىغــا قورســاق كــۆتىرىمەن دەپ مۇشــۇنداق ھالغــا چۈشۈپ قالدى، ئاغرىقچان بولۇپ قالدى. ئۇ بۇلارنى كىم ئۈچــۈن قىلىۋاتــدۇ؟ ھە كىــم ئۈچــۈن؟... بەزىــلەر مــاۋۇ يەردە ئايــالى جــان تالىشــىپ يىتىــپ، مۇردىغىلا ئوخشاپ قىلىۋاتسا "قايىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟" دەپ بىــرەر ئىغىز سوراپمۇ قويمايۋاتسا؟...

ـ خــۇدا ھەققــى بولــدى تاكاللاشــماڭلار.مەن جىــنىم بىــلەن قالغانــدا بۇنداق كۈڭۈل ئــاغرىقلىرىنى تــارتقۇدەك ماجــالىم يــوق. تــىزراق دوختۇرخانىغا بارايلى... ـ دىلنازنىڭ زەئىپ يىغلاڭغــۇ ئــاۋازى پەرىــدە خانىمنىــڭ ئــاۋازىنى قايناپ تۇرغان قازانغا سۇغۇق سۇ قۇيغاندەك جىمىتۇەتتى. ۋارىس خىجىللىق ، ئۇكۇنۇش ئىچىدە يەرگە قاراپ دىر ـ دىر تىترەپ، ئولتۇرغان يىرىــدە يىقىلىــپ چۈشكىلى تاس ـ تاس قالدى. ئۇ پەرىدە خانىمنىڭ بۇنداق قــاتتىق ئاھــانىتىنى ئاڭلاپ باقمىغانغا ئۇزۇن بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ ھۆرمىتىگە ئىرىشىپ ، بــۇ ئــۆيگە خوشــال كىلىــپ ، خوشــال قايتــاتتى. پەرىــدە خانىمنىــڭ ئــانىلىق مىھرىنى ھىس قىلىپ ، يۈرىتىكى ئاتا ـ ئانىسىغا بولغــان سىغىنىشــىنى ئاســتا ـ ئاستا ئۇنۇتقان ئىدى.

ـ قىنى مەن كــۆتىرەي... ـ سۆكۈت ئىچىــدە ئــۇزاق ئولتۇرۇپ،ىرىشىنىڭ ئەپسىزلىكىنى ھىس قىلغان ۋارىس ئاستا ئورنىدىن تــۇردى ـ دە، ئەركەكــلەرگە خاس جاسارىتى بىلەن قورسىقى تومپىيىــپ قالغــان دىلنــازنى دەس كــۆتىردى. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ يۈزلىرىنى ۋارىستىن ئەپقىچىشقا ئورۇنغــان دىلنــاز يەنە نىمىشقىدۇر ئىككى قولى بىلەن ۋارىسنىڭ بوينىدىن گىرەلەشتۇرىۋالدى. بىشىنى ۋارســنىڭ مۇرىســىگە ئاســتا قويــدى. قويــدىيۇ، بۇرنىغــا تۇيۇقســىز ئۇرۇلغــان كۈچلــۈك ئەتىرنىــڭ ھىدىــدىن سەســكەنگەندەك ، بىشــىنى ئىتتىكلا كۆتــۈرۈپ كۆزلىرىنى يۇغان ئىچىپ ۋارىسنىڭ كۆزلىرىگە سوئال نەزىرى بىــلەن تىكىلــدى. لىكىن ۋارىس ھىچقانداق ئىنكــاس قايتۇرمــىدى. ئۇنىــڭ كاللىســدا شــۇ تــاپ ئــۇ ئىشــلار ئەمەس، خانىمنىـــڭ زەھەردەك گەپلىـــرى ھۆكـــۈم ســـۈرەتتى. ئـــۇنى ۋىجدان، ئىمان، قەسەم ئۈستىدە ئويلاندۇراتتى. ئۇ تەگسىز خىيالــلار ئىچىــدە

نازىر ۋە پەرىدە خانىمنىڭ ھەمرالىقىدا ئالدىراش ھۆجرىدىن چىقىپ، دىلنازنى ماشىنىغا ئالدى ـ دە، دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

مانا، بالا تۇغۇلۇشقا 30 كۈن قالغان پەيتلەردە دىلناز يەنە ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى نازىر ۋە پەرىدە خانىمنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. بالا يەنە بويىدىن ئاجراپ كېتىشكە قىل ـ قىل قالغان ئىدى. دوختۇرلارنىڭ جىددى تەدبىر قوللىنىشى ، داۋالىشى بىلەن ھامىلە ساقلاپ قېلىندى. دىلناز ئەمدى بالا تۇغۇلغۇچىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالى دەرىجىلىك مەخسۇس كۈتۈش ئۆيىدە داۋالىنىدىغان بولدى. ئەمدى شۇ 30كۈن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتسە بۇ ئەتىۋارلىق بالا دۇنياغا كۆز ئېچىپ بۇ ئائىلىگە بەخت ئاتا قىلاتتى. دىلنازنىڭ زەئىپ كۆڭلىگە تەسەللى بولاتتى. پەرىدە خانىم تەكشۈرۈشتىن كېيىن ، دىلنازنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى، ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىشىنى، بالا ئۈچۈن يەنە قۇربانلىق بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇنىڭغا خۇدادىن جاسارەت، ساقلىق تىلىدى.

نازىر ئىشقا كەتتى. پەرىدە خانىم لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ماڭدى . ياتاقتا يەنە ۋارىس بىلەن دىلنازلا قالدى. لېكىن ئۇلار بىر ۋاقىتلارغىچە ئۈن ـ تىن چىقارماي جىمجىت ئولتۇرۇشتى. "مۇدىكى بارنىڭ خۇدىكى بار" دېگەنىدەك ، ۋارىس ئېغىز ئېچىشقا نەچچە رەت ئۇرۇنىدىيۇ، لېكىن ئېغىزىغا كىلىپ قالغان گەپلىرىنى يۇتىۋېتىپ ، يەنە ئۇھسىنىپ يەرگە قارىۋالدى. قوللىرىنى دىنازنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ئوڭشاپ قويۇشقا ، ئاسما چۈشىۋاتقان نازۇك قوللىرىنى چىڭ سىقىمداشقا نەچچە رەت ئاپاردىيۇ، يەنىلا تىترەپ كەتكەن قوللىرىغا قاراپ ئىتتىكلا تارتىۋالدى. ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى، دىلنازنىڭ مىسكىن ھالىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى ئويلاپ قاتتىق ئازاپلاندى. ئەمدى ئۆزىنى ئوڭشىۋالمىسا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى، يەنە بىر مەزگىل ئازغۇن ھىسسىياتلارغا قۇل بولسا كۆز ئالدىدىكى ئالتۇندەك بەختىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى ھەقىقى ھىس قىلدى. ئۇ شۇ تاپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ياتقان دىلنازنى باغرىغا باسقۇسى، ئۇنى ھىدلىغۇسى، ئۇنىڭدىن يىغلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغۇسى كىلىۋاتاتتى. "مەن خاتا قىلدىم، مەن ئازدىم، مەن بەختىمنى قەدىرلىمىدىم. مىنى كەچۈرۈڭ..." دەپ توۋلىغۇسى

كىلىۋاتاتتى. لېكىن يەنىلا ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى.
ئەنە شۇنداق جىمجىت مۇھىتتا، ۋارسىنىڭ تېلېفونى تۇيۇقسىز يەنە سايراپ كەتتى. كۆزىنى چىڭ يۇمىۋالغان دىنازمۇ ، خىيالغا پاتقان ۋارسىمۇ چۆچۈپ بىر-بىرىگە تىكىلىپ قالدى. ۋارس دىلنازنىڭ چىرايىغا قورقۇنۇش ئىچىدە قاراپ قويۇپ، توختىماي سايراۋاتقان تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ نومۇرىغا كۆز يۈگۈرتتى. "توۋا، يەنە شۇ نومۇر..." ۋارسىنىڭ نىمشقىدۇر مۇشتۇمى بازغاندەك چىڭ تۈگۈلدى. تېلېفوننى ئېلىش-ئالماسلىق ئۈستىدە دەقىقە ئويلىنىپ ، تېلېفوننى ئىتتىكلا ئۈزىۋەتتى. ۋارسىنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ ياتقان دىلناز ، ۋارسىنىڭ چىرايىغا "لاپ" قاراپ قويۇپ، ئاجايىپ مۇرەككەپ ھىسياتتا مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى.

- ئۈزىۋەتتىڭىزغۇ؟ يەنە شۇ جىددى ئىشلار بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟...
-ھە...ياق..ياق...ئىدارىدىن كەپتۇ. يەنە شۇ چۇقۇم "ئانداق يىغىن، مانداق ئۇرۇنلاشتۇرۇش" بار دەيدۇ. شۇڭا ئۈزىۋەتتىم. -چىرايى باشقىچە تاتىرىپ كەتكەن ۋارس ، دىلناز تۇرۇپلا " قېنى مەن كۆرۈپ باقاي" دەپ سالىدىغاندەك تېلېفوننى ئىتتىكلا يەنچۇقىغا سېلىۋەتتى.
- يەنە شۇ كېچە-كېچىلەپ ئېچىلىدىغان يىغىن-ئۇرۇنلاشتۇرۇش ئوخشىمامدۇ؟ سىز ئامراققۇ ئاشۇنداق ئالدىراش خىزمەتكە . كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇپ قالمىسۇن ھازىرلا بېرىڭ...-دىلنازنىڭ ئاۋازى شۇنچە پەس ، سىلىق چىقىسىمۇ، لېكىن قاتتىق تەنە ئارلىشىپ كەتكەن گەپلەر ۋارسىنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تەگدى.
-تۇۋا دەڭ دىلناز. سىز مۇشۇنداق ھالەتتە ياتسىڭىز ، سىزنى تاشلاپ ماڭارمەنمۇ؟ ھەر قانداق ئالدىراش خىزمەت بولسىمۇ تۇرغاچ تۇرسۇن ئەمدى.
ۋارسىنىڭ گېپى ئاياقلاشماي تۇرۇپلا ، يەنچۇقىدىكى تېلېفون يەنە سايراپ كەتتى. گەپلىرىنى قۇلاشتۇرالماي ئاۋارە بولۇپ كىتىۋاتقان ۋارسىنىڭ

يۇرىكى يەنە ئېغىرىغا كەپلىشىپلا قالدى. دىلنازنىڭ "قانداق؟" دەپ مەنىلىك تىكىلىشلىرىدىن شۈنچىلىك بىئارام بولدىكى، دىلنازنى باشقىچە چۈشۈنۈپ قالامدىكىن دىمىسە تېلىفۇننى ئېلىپ پارە-پارە قىلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ تېلىفۇننى يەنە ئۈزىۋېتىشنى بىئەپ ھىس قىلىپ، تېلىفۇننى قولىغا ئالدى-دە، دىلنازغا "يەنە شۇ ئىدارىدىكىلەر، بەك جىددى ئىش ئوخشايدۇ، مەن سۆزلىشىپلا كىرەي " دەپ قويۇپ ،تېلىفۇننى چىلىڭ سىقىمدىغىنىچە ئالدىراش سىرتقا ماڭدى...

ۋارىس خۇددى دىلناز كارۋاتتىن چۈشۈپ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقىدىغاندەكلا ئەندىكىش ئىچىدە كەينىگە نەچچە رەت قاراپ قويۇپ، تېلىفون كۇنۇپكىسىنى تىترەپ تۇرۇپ باستى. نىمىشقىدۇر كارىدوردىكى سىستىرا قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەجەپلىنىپ قارىشىدىن ئەيمىنىپ، بىر قولى بىلەن ئېغىزىنى توسۇپ بوشقىنا پىچىرلىدى.

-ھە..ھە...نىمە گەپ ئىدى؟ نىمانداق تېلىفون قىلىۋېرىسىز؟ مىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىلى قىل قالدىڭىز.

-نىمە؟ نىمە دەۋاتىسىز؟ مەن تېلىفون قىلسام خوشال بولىدىغان ئادەم ئەجەپ بۈگۈن تېلىفۇننى ئېلىپلا كايىپ كىتىۋاتىسىزغۇ؟ - تېلىفوندىن ۋارسىنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالىدىغان زىل ئاۋاز ئاڭلاندى.- زادى نىمە ئىش بولدى ؟

- نىمە ئىش بولاتتى. بىز ئاخشام سۆيگۈ لەززىتىدە مەس بولۇپ يۈرگەندە، ئايالىمنىڭ قورسىقى تولغاپ تاس-تاس قاپتۇ بالام چۈشۈپ كەتكىلى. ئەتىگەندە دوختۇرخانىغا ئەكىلىپ قۇتقۇزىۋالدۇق. ھازىر مەن دوختۇرخانىدا ئايالىمغا ھەمرا بولۇپ ئولتۇرىۋاتىمەن .

-شۇنداقمۇ؟ قارىغاندا سىزگە شۇ ئايالىڭىز، بالىڭىز بولسىلا بولغۇدەك ھە ۋارىس ، تېلىفون قىلسام چىرايلىق گىپىڭىزدىن بىرەر ئېغىز يوق قايناپلا كىتىۋاتىسىزغۇ، قىنى ئۇ ئاخشامقى سۆزلىرىڭىز، ۋەدىلىرىڭىز ؟- رەيھاننىڭ تەنە ئارىلاش قىيىداشلىرى ۋارسنى بىرپەس تەمتىرىتىپ قويدى.

-بولدى، بولدى رەيھان . مىنىڭ ھازىر سىزگە چۈشەندۈرگۈدەك ۋاختىم يوق. مەن كەچتە سىزگە ئايرىم تېلىفون قىلاي، شۇ ۋاقىتتا قالدى گەپلەرنى دەيمەن...ھە راست، ئەمدى مەن تېلىفون قىلمىغۇچىلىك ماڭا

ھەرگىــز تېلفــۇن قىلمــاڭ، ئۇچۇرمــۇ يوللىمــاڭ. ئاڭلــدىڭىزمۇ؟- ۋارىس ھەم يىلــنىش ھەم بــۇيرۇق ئارىلىشــىپ كەتــكەن مــۇرەككەپ ھىســيات ئىچىــدە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى.

-نىــمە؟ ســىز كىمــگە گەپ قىلىۋاتىســىز ۋارىس. قېنــى دەڭە، ســىز ۋارىسمۇ ياكى باشقا بىر ئادەممۇ ؟ ئەجەپ قۇلۇقۇمغا ئىشەنمەيلا قېلىۋاتىمىنا ؟ سـىز تـورۇپلا باشـقا بىـر ئـادەمگە ئۆزگـۈرۈپ قالمىغانسـىز. ئايـالىڭىز بىزنىـڭ ئىشلىرىمىزنى ئۇقۇپ قاپتىمۇ يە؟-تېلىفۇندىن كىلىۋاتقـان بىـر تـالاي سـوراقلار ۋارىسنىڭ جىددىلىشىپ تۇرغان نىرۋىلىرىنى تېخىمۇ قوچۇپ، ئۇنىـڭ بېشـىنى ئايلاندۇرىۋەتتى.

-بولدى. بولدى. مىنىڭ ھازىر كۆڭلۈم تازا جايىدا ئەمەس. ھەم سىز بىــلەن گەپ تالىشــىپ ئولتۇرغـۇدەك ۋاقتىممـۇ يــوق. قــالغىنى مەن كەچـتە تېلىفـۇن قىـلاي. خـوش....-ۋارىس رەيھانىنــىڭ ئــاۋازىنى يەنە قايتـا ئاڭلاشـىنى خالىمىغانـدەك تېلىفـۇننى ئىتتىكلا ئۈزىـۋەتتى. ھاسـىراپ ئېغىزىغا كەپلىشـىپ قالغـان يۈرىكىنىـڭ رىتىمىنــى پەسـەيتمەكچى بولغانــدەك، كارىــدور ســىرتىغا چىقىپ كۆزىنى يۇمۇپ سىرتنىڭ ھاۋاسىدىن قېنىپ ھىدلىدى. ئۇ بۇ جىددى ، بىسەرەمجان كەيپىياتىنى دىلنازغا كۆرسىتىشنى خالىمايتتى. ئۇنىـڭ كاللىسـىدا باشــقىچە گۇمــان پەيــدا بولــۇپ قېلىشــتىن، ئــۇنى ئۇمۇتىسىزلەندۇرۇۋشــتىن قورقــاتتى. پەرىــدە خانىمنىــڭ گەپ ســۆزلىرى ئــۇنى خــېلىلا ســەگىتىپ، بىــر مەزگىللىك شىرىن ھىسلارغا چۈمگەن ئالدانغان ھىسياتىنى داۋالغۇتۇپ قويغـان ئىدى. "يـاق، يـاق...ئەمـدى ئاخىرلاشـتۇردىغان كـۈن كەلـدى، ئەمـدى ئېزىققان كۆڭۈلگە يۈگەن سالىدىغان كۈن كەلدى. كـاللامنى سـىلكىۋېتىپ ئـۆز تۇرمۇشۇمغا كۆڭـۈل بۆلۈدىغـان كـۈن كەلـدى. ھېلىمـۇ 1-2ئـاي شـەيتانغا ئەل بولـۇپ يـۈردۈم، ئـازدىم. گەرچە باشـقا چـوڭ ئىشـلارنى سـادىر قىلمىغـان بولسامۇ، پەرىشتىدەك ئايالىمغا خىيانەت قىلدىم، ئۇنىڭغا نىسـىپ كۆڭلـۈمنى باشقا بىرىگە تەقدىم قىلدىم. ئۇنى سەۋدايىلەرچە ياخشـى كـۆرۈپ قالـدىم. بـۇ ياخشــى كۆرۈشــمۇ يــاكى بىردەملىــك قىزىقىشــمۇ بۇنىڭغــا ئۆزەممــۇ جــاۋاپ تاپالمىدىم. شۇڭا بۇگۈن چۇقۇم ئۇنىـڭ بىـلەن ئـادا-جـۇدا بولۇشـۇم كېـرەك. كۆڭلۈمدىكى تۈگۈننى دىيىشىم كېرەك..." ۋارىس پۇشايمان ۋە ھەسـرەت ئىچىــدە ئۇلــۇغ -كىچىــك تىنىــپ كەتتــى. قــۇلاق تۇۋىــدە جــاراڭلاپ تۇرغــان رەيھانىنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل، يېقىملىق ئاۋازىنى ئۇنتۇپ كىتىشكە تىرىشتى. ئۇ

سائىتتىكە قاراپ دىلنازنى بەك ئۇزۇن ساقلىتىپ قويغانلىقىنى ئىسىگە ئالدى-دە، نىمىشقىدۇر تېلىفۇننى ئالدىراپ قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭدىكى بارلىق ئۇچۇرلارنى بىر-بىرلەپ ئۇچۇرۇشكە باشلىدى. ۋارىس قايتا-قايتا ئۇقۇپ، ئۆزىگە قۇرئان ئايەتلىرىدەك تۇنۇش ھەم يادا بۇلۇپ كەتكەن ئۇچۇرلارنى تىترەپ تۇرۇپ ئۇچۇرەتتى. ئۇچۇرۇش ئالدىدا يەنە نىمىشقىدۇر ئۇ ئۇچۇرلارنى قايتا-قايتا ئۇقۇشۇلىشقا تىرىشاتتى. "سىزنى سۆيىمەن" دىگەن تاتلىق پىچىرلاشلار شۇ ئۇچۇر بىلەنلا مەڭگۈ يۇقىلىدىغاندەك ئۇنىڭ ئىرادىلىرىنى يەنە ئانچە-مۇنچە تەۋرىتىپمۇ قوياتتى. ئۇ ھەممە ئۇچۇرلارنى ئۆچۈرۈپ بولغاندىن كىيىن، قۇرۇقدالغان ئۇچۇر ساندۇقىغا قاراپ كۆڭلى بىر ئاز جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ، ھەممە ئەندىشە مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىگەندەك "ئۇھ" تارتىپ قويدى. ئۇ تېلىفۇننى يەنچۇقىغا سېلىپ، كارىدوردىكى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى ئاندا-مۇندا تۈزىۋالغاندىن كىيىن، چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، دىلنازنىڭ ياتىقىغا ئاۋايلاپ كىرىپ كەلدى.

دىلناز تېمىۋاتقان ئاسما ئۇكۇلغا قارىغىنىچە خىيالغا كەتكەن بۇلۇپ، كۆز قارچۇقى قېتىپ قالغاندەكلا قىلاتتى. يۈرەك تىنىشى ئاستا تامچىلىۋاتقان سۇيۇقلۇقتا ئوخشاش زەئىپ ھەم پەس ، خىيالى خۇددى چۈۋۈلۈپ ياستۇقتا كەڭ يېيىلغان قاپقارا چاچلىرىدەكلا چىگىش ھەم مۇرەككەپ ئىدى. بەزى-بەزىدە ئۆتكەن ھاياتىغا، بىر مەزگىللىك يۇقالغان بەختىگە، خىيانەتكە ئۇچرىغان ساپ سەمىمى كۆڭلىگە ھەسرەت چىكىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قوياتتى. ئۇ ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ كىرگەن ۋارىسقا مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئاستا قارىدى. ۋارىسنىڭ قولاشمايۋاتقان ساختا تەبەسسۇم، تەمكىنلىكىگە قاراپ بىر نەرسە دىيىشنى ئويلىدىيۇ، يەنە ئۆزىچە جىم بولدى.

ۋارىس كارۋات بىشىغا كىلىپ نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ئادەمدەك بىر پەس تەمتىرەپ تۇرۇپ كەتتى-دە، ئاستا ئۈستەل ئۈستىدىكى چايدانىنى ئېلىپ چاي قۇشۇشقا باشلىدى.

-نىمە ئىش قىلىۋاتىسىز ۋارىس؟- ۋارىسنىڭ ئىش-ھەركىتىنى كۈزۈتۈپ ياتقان دىلناز ئۇنىڭ چىپىلداپ تەرلەشكە باشلىغان بۇرنىغا قارىغاچ سورىدى.

-ھە، ھە...شۇ سىزگە چاي قۇيۇپ بېرەي دەپ. ئۇسساپمۇ قالغانسىز...

-رەخمەت ھە، ماڭىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋاقىتلىرىڭىز بولىدىكەن.- دىلناز ۋارىسنىڭ كۆزلىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەچ ئۇ تەڭلىگەن ئىستاكاننى ئاۋايلاپ ئالدى.

-بۇ نىمە دىگىنىڭىز دىلناز. مەن ھەر ۋاقىت سىزگە كۆڭۈل بۆلسەم دەپ ئويلايمەن. پەقەت مۇشۇ ئارىلىقتا ئالدىراش بولۇپ قېلىپ ھەمرا بۇلالمىدىم شۇ . قالغىنى مىنىڭ قانداقلىقىمنى سىز ئوبدان بىلىسىزغۇ؟- ۋارىس ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن ئۇلىما قاشلار ئارىسىدىكى ئەركەكلەرگە خاس ئۆتكۈر كۆزلىرىنى دىلنازنىڭ مىسكىن كۆزلىرىگە تىكتى. ئۇ شۇنچە تەمكىن بولۇشقا تىرىشسىمۇ بۇرنىنىڭ ئۇچىدا يەنە پۇررىدە تەر تەپچىدى.

-بىلىمەن. ئەلبەتتە بىلىمەن. مەن سىزنى بىر ئۆمۈر ماڭا كۆڭۈل بۆلىدۇ. مىنى سۆيىدۇ. مەن بىلەن مەڭگۈ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ دەپ تاللىغان. خۇدا تىلەكلىرىمنى مەڭگۇ مۇرات تاپقۇزغاي، بالامنىڭ بىر ئۆمۈر بەختىنى بەرگەي، گۈلدەك ئائىلىمىزنى مەڭگۇ شات-خورام ياشاشقا نىسىپ قىلغاي...-دىلناز بىر قانچە ئايدىن بىرى كۆڭلىنى يارا قىلىپ كەلگەن ئازابىنى ، دەرت-ھەسرىتىنى، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ تۆكۈۋېلىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن يەنە ئۇلارنىڭ مەڭگۇ بىمەنە خىيال بولۇپ قېلىشىنى ئۈمۈت قىلغاندەك گېپىنى تۇرۇپلا ئۆزگەرتىۋالدى. بەلكىم ھەممىسى بىھۇدە گۇمان بولىشى مۇمكىن، بەلكىم شۇنداق ئالدىراش بولۇپ قالغاندۇ؟...دىگەندەك خىياللار يەنە ئۇنىڭ ئازاپلىرىغا تەسەللى بىرىۋاتاتتى.

ۋارىس دىلنازنىڭ سۆزلىرىدىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ئەركىن نەپەس ئالدى. بايىقى ئەنسىز خىياللار كاللىسىدىن سەل-پەل نېرى بولۇشقا باشلىدى. كەڭ قورساق ،ۋاپادار ،پەرىشتە سۈپەت ئايالىنىڭ نەمدەلگەن قارچۇقلىرىغا قاراپ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەيىپلىمىگەنلىكىدىن خوشال بولدى. ئۇ ئاستا قولىنى سۇنۇپ دىلنازنىڭ ئاسما چۇشۇۋاتقان قولىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ بوشقىنا سىلىدى. دىلنازنىڭ مۇھەببەتلىك بېقىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، گۇناھكارلاردەك ئۇنىڭ قولىنى لەۋلىرىگە يېقىپ ئۇنىسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ قارىماققا بىر مەزگىل ئازغان يوللىرى ئۈستىدە تۇۋبە قىلىۋاتقاندەك، ئاللادىن ئۆزىگە ئىنساپ ،

ئىمان، ۋىجدان تىلىۋاتقاندەك، دىلنازغا ئۇنىسىز قەسەم بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ۋارىسنىڭ ئۇنسىز ئولتۇرۇشىدىن كۆڭلى ئىمىشقىدۇر باشقىچە بىئارام بولغان، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ قالغان دىلناز تۇيۇقسىزلا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئورنىدىن ئاستا مىدىرلىدى.

- ۋارىس، ئاپام نىمانداق كەلمەيدىغاندۇ؟ قورسۇقۇم سەل ئېچىۋاتىدۇ.

- ھە..ھە...- ۋارىس بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئالدىراپ سورىدى.- نىمە يىگۈڭىز كېلىۋاتىدۇ . مەن ئەكىلىپ بېرەي.

- بولدى. بولدى. سىز مەندىن ئايرىلماڭ ۋارىس ، ئۆيدىكى يالغۇز قالدىم ، ئەمدى دوختۇرخانىدىمۇ يالغۇز قالغۇم يوق. ئاپامغا دەي ئەكىلىپ بەرسۇن .- دىلناز ناھايىتى ئالدىراش قىياپەتتە قولىنى ۋارىسقا ئۇزاتتى، قارىماققا ئۇنىڭ راستىنلا قورسىقى ئېچىپ كەتكەندەكلا قىلاتتى. - ھەر راست ۋارىس، تېلىفۇنۇم ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. سىزنىڭ تېلىفۇنىڭىزدا ئۇراي.

ۋارىس قۇيۇن يەنچۇقىدىن تېلىفۇننى ئېلىپ دىلنازغا تەڭلىدى. خۇددى مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ، ھېلىقى تاتلىق ئۇچۇرلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىقىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن سۆيۈندى. تېلىفۇننى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن دىلنازنىڭ نازۇك قوللىرىغا تۇتقۇزدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس. ئۇ ئالدىدىكى ئايالىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ تىرىشچان، ئەڭ ئۆتكۈر قىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلارنى نەقەدەر ئەتراپلىق ئويلايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ مىسكىن كۆزلىرىدە يەنە نۇرغۇن مۇرەككەپ سۇئاللارنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىغا، ئۇنىڭ ھەر بىر تىكىلىشى، ھەربىر قارىشىدا يەنە نۇرغۇن مۇرەككەپ ئىچكى تۇقۇنۇشنىڭ يۇشۇرۇنغانلىقىغا سەل قارىغان ئىدى.

ئەقىللىق قىز ئۆيىگە تېلىفون قىلغان ئارىلىقتا "كەلگەن تېلىفون خاتىرىسى" دىن بايىقى 2 قېتىملىق ئوخشاش نومۇرلۇق تېلىفون نومۇرىنى كۆرۈپ ئۆلگۈردى. ئاپىسىنىڭ تېلىفون ئېلىشىنى ساقلىغاچ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، كۆڭلىنىڭ ئاپئاق بەتلىرىگە 11 خانىلىق نومۇرنى قايتا- قايتا يېزىپ چىقتى. خۇددى تىلسىمات ئىشىكىنىڭ مەخپى نومۇرىغا ئېرىشكەندەك ئۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلىۋېلىشقا تىرىشتى.

- ۋەي، ئاپاما.تېخى ماڭمىغان ئوخشىمامسىز، قورسۇقۇم سەل ئېچىۋاتىدۇ، ماڭا تاماق ئالغاچ كەلگەن بولسىڭىز. ھەر راست، تېلىفۇنۇم

ھوجرامدا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ ئۇنىمۇ ئالغاچ كىلىك...ـدىلناز ھاسىراپ تۇرۇپ ، ناھايىتى مىسكىن ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا مەقسىدىنى تىز ـ تىز ئاخىرلاشتۇرۇپ تېلېفۇننى ئىتتىكلا ئۈزۈۋەتتى ـ دە ، تېلېفۇننى ئىرەنسىزلا ۋارسقا ئۇزاتتى. لېكىن كۆڭلىدە بولسا ھېلىقى نۇمۇرنى تىنىمسىز يادلايتتى. شۇ نۇمۇرلار ئۇنىڭ بارلىق دەرت ـ ھەسرەتلىرىگە گۇۋاھ بولىدىغاندەك ، ئۇنى ئازاپلاپ كەلگەن تۈگىمەس سوراقلارغا جاۋاپ بېرىدىغاندەك يۈرىكى ھاياجان ئىچىدە سوقاتتى. بىر تۇرۇپ ئۇ نۇمۇرلارنىڭ ۋارسنىڭ خىزمەتدىشىنىڭ نۇمۇرى بولۇپ چىقىپ ھەممە گۇمانلارنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ يوقۇلىشىنى ئۈمۈت قىلسا ، بىر تۇرۇپ ۋارسنىڭ مۇرەككەپ ھىسسىياتىنىڭ ئاشكارا بولۇپ ھەممە يۇشۇرۇن سۈيۈشلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولۇشىنى ئۈمۈت قىلاتتى. ئۇ بەختىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرۇپ ، يەنە شۇ بەختسىزلىكلەرنى بىلىشكە قىزىقاتتى . ۋارسنىڭ قورسىقىدىكى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسى ئۇچۇن مەڭگۈ ياخشى ئاتا بولۇپ قېلىشىنى تىلەپ تۇرۇپ ، يەنە كۆڭدەشلىك ئوتىنى ۋولقانغا ئايلاندۇرىدىغان باشقا بىر ئايالنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاشقا ئالدىرايتتى...

پەرىدە خانىم بىر قاچا تاماقنى كۆتۈرۈپ كەلدى. "قورسىقىم ئېچىپ كەتتى"دىگەن دىلناز تاماقنى ئامالسىز زورىغا يەپ ، ئۈزىنى يەنە كارۋاتقا تاشلىدى. ئۇ دەم ئالماقچى بولۇپ كۆزىنى يۇمىدىيۇ ، لېكىن دۈۋە ـ دۈۋە سان ـ سىفىرلار ئۇنى يەنە بىئارام قىلىشقا باشلىدى. 11 خانىلىق سانغا ئوخشايدىغان تونۇمۇنىڭ سان ـ سىفىر ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇيۇندەك پىقىرايتتى. بېشى قېيىپ ، ئىچى سىقىلىپ كەتكەن دىلناز ئامالسىز يەنە كۆزلىرىنى ئېچىپ ۋارسنىڭ كەيپىياتىنى ئاستا كۈزەتتى. ئۇنىڭ جىددىلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا ، قولاشمايۋاتقان گەپ ـ سۆزلىرىگە قاراپ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى. پەرىدە خانىم بىر نەرسىنى ھەققىدە بايقاپ قالدىمۇ ، ئارىلىقتا باشقا پاراڭلارغا قېتىپ ، زەردىلىك گەپلەر بىلەن ۋارسنىڭ يۈرىكىنى پات ـ پات مۇجۇپ قويدى. ئۇنىڭ راستىنلا خاپا بولۇپ قالغانلىقى، ۋارستىن ئۈمۈتسىزلەنگەنلىكى چىرايىدىن مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. پەرىدە خانىمدىن قورۇنۇپ ، ئورۇندۇقتا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ۋارس شۇنچىلىك بىئارام بولدىكى، ئۆتكەن كۈنلىرى ، ئېزىتقۇ ھىسلىرى ئۇستىدە

ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئويلاندى. دىلناز بىلەن رەيھانىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى. ئۆزىگە ناتونۇش بولغان بىر قىزنىڭ سىرلىق مۇھەببىتى بىلەن دىلنازنىڭ سەممىي، ساپ مۇھەببىتىنى بىرمۇ-بىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن قۇربانلارنى بەرگەن بۇ سۆيۈملۈك ئايالنىغا ھەقىقەتەن يۈز كىلەلمەيدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھىس قىلدى. ئۆزىدەك بىر سەھرالىق يىگىتنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ئاتا-ئانىلىق مېھرىنى بەرگەن نازىر ۋە پەرىدە خانىمنىڭ ئەجرىگە ۋاپاسىزلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرىۋاتقانلىقىدىن ئەلەم ئىچىدە ئۆكۈندى.

ئارىلىقتا ياتاقتىن دوختۇر-سېستىرالار ئۈزۈلمىدى. ئۇلار بۇ تالانتلىق دىكتور قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل، يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىۋالغۇسى باردەك پات-پات كىرىپ ئەھۋال سوراپ تۇردى . ھامىلىنىڭ نورمال، سالامەت ئىكەنلىكىنى، ئەنسىرىمەي ياخشى ئارام ئېلىشىنى ئېيتىشىپ ئۇنىڭغا سالامەتلىك ، خوشاللىق تىلىدى . ۋارس كىرىپ -چىقىۋاتقان سېستىرا قىزلارغا چىرايلىق كۈلۈپ سالام قىلىشنى ئويلىدىيۇ، يەنە نىمىشقىدۇر دىلناز ۋە پەرىدە خانىمنىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك جىمجىتلا ئولتۇردى. خۇددى ئۇلار ئۆزىنىڭ سېستىرا قىزلارغا قارىغاندىكى ھەر بىر ھەرىكىتىنى مەخسۇس كۈزۈتۈپ تۇرغاندەكلا ئەندىكتى. دىمىسىمۇ "ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك" دىگەندەك ، ئۆزىمۇ يەنە شۇ قىزلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەيدىسى، ئەۋرىشىم قامىتىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ سېلىشىدىن قورقۇپ ئولتۇراتتى.

دىلناز كۆزلىرىنى تۇرۇسقا تىكىپ ئۇزاق ياتقاندىن كىيىن، ئۆزىگە ھەمرا بولىۋاتقان ۋارسنى سىنىماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ ئىشقا بېرىشىنى ئېيتتى. لېكىن ۋارس چىرايلىق رەت قىلىپ ، دىلنازنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى يۇشۇرۇشقا تىرىشىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دىلنازنىڭ ئاسما چۈشۈۋاتقان قولىنى سىلىدى. گۇناھكار ئادەمدەك بېشىنى ئېگىپ ئولتۇرۇپ، دىلنازنىڭ پۈت-قولىنى ئاۋايلاپ تۇتتى. دىلناز ۋارسنىڭ كۈچلۈك قوللىرىدىكى بەدىنىگە تارىۋاتقان شىرىن ئېقىمنىڭ تەسىرىدىن بىر پەس ھاياجانلانغاندىن كىيىن، خۇددى ئانا مېھرىگە ئېرىشكەن بوۋاقتەك تاتلىق خىياللار ئىچىدە ئاستا ئۇيقىغا كەتتى. ئارىلىقتا پەرىدە خانىمۇ قىنىپ ئۇخلىۋالدى. ۋارس گەرچە دىلنازغا

مېھرىبانلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆيىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خىياللىرى يەنە ئىچ يانچۇقىدىكى تېلېفونىدا ئىدى. تېلېفونىنىڭ تۇيۇقسىز سايراپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدەك سىرتتىن نەچچە رەت تۇتۇپ قويىدى. كەچكە يېقىن ئۇلار ۋارىس سىرتتىن ئەكىرگەن تاماق بىلەن غىزالانغانىدى. تاماقتىن كېيىن پەرىدە خانىم ۋارىسنىڭ ئەمدى قايتىپ كېتىشىنى، كىچىچە دىلنازغا ئۆزى ھەمرا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋارىس "ئۆزلىرى قايتىپ كېتىپ دەم ئالسىلا، مەن ھەمرا بولاي" دەپ قانچە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن پەرىدە خانىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ، ئىشەنمىگەنىدەك يەنىلا ئۇنى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى.

ۋارىس بۈگۈن ئۆز-ئۆزىگە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ، ھەممە ئىشلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىش، پەقەت دىلنازغىلا ھەمرا بولۇپ ئۇنىڭغا ھەقىقى ۋاپادارلىقىنى كۆرسىتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، دوختۇرخانىدىن چىقىپلا يەنە باشقىچە خۇشاللىققا ئېرىشكەنىدەك بولدى. ئەمدى رەيھان بىلەن كۆرۈشۈشكە ، ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دېيىشكە ۋاقىت چىققان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە بىر مەزگىللىك شېرىن دەملەرنى بەخشەندە قىلغان گۈزەل نازىنىندىن ئايرىلىشنى پەقەت خالىمىسىمۇ ، بۈگۈن قەتئىي ئادا-جۇدا بولۇۋېلىشقا نىيەت قىلدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئادەمدەك بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن، رەيھانغا تېلېفون قىلدى. ھازىرلا ياتىقىغا ئالغىلى بارىدىغانلىقىنى، بىنا ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇشىنى ئېيتتى. ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ رەيھاننىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى كۈن، ۋىدالىشىش كۈنى. بىر مەزگىللىك ئوتلۇق ھىسلارنى دەپنە قىلىدىغان كۈن ئىدى. ئۇ ئۆز كەلگۈسى، بەختى، مەڭگۈلۈك خۇشاللىقى ئۈچۈن چۇقۇم شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. دىلنازدەك گۈزەل، ۋاپادار ئايالى تۇرسا ئۇنىڭ يەنە شەيتاننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ ، ئازغۇن كۆڭۈللەرنىڭ كەينىدە سەۋدايىلەرچە قاترىشى ھەقىقەتەن بىمەنىلىك ئىدى. ئۇ يولدا مېڭىپ ئۆزىنىڭ قارارىنى توغرا تاپقاندەك بېشىنى لىڭشىتتىيۇ، يەنە رەيھاننىڭ "مەن

سىزنىڭ پەرىزاتتەك ئايالىڭىز بارلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. لېكىن مىنىڭ باشقا ھېچقانداق مەقسىتىم يوق. پەقەت سىزنىڭ كىلىشكەن قامىتىڭىزنى، ئوتلۇق كۆزلىرىڭىزنى، مېھرىبانلىقىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈنلا سىز بىلەن بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن..." دېگەن تاتلىق سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ دائىم مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھىسيات ئىچىدە قىينىلاتتى. ۋىسال ئىچىدە جۇدالىقنى ئىزدەيتتى. جۇدالىق ئىچىدە يەنە ئوتلۇق سېغىنىشقا تولاتتى. ئۆز-ئۆزىگە "خۇدايىم بۇيرىسا ئەتىدىن باشلاپ ئادەم بولىمەن، قەتئى تېلفۇن قىلمايمەن، ئىزدىمەيمەن" دەپ نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بىرەتتىيۇ، لېكىن بىر كىچە ئۆتۈپ يەنىلا شۇ ھىسياتلار ئىچىدە ئېزىلاتتى. بەزىدە تۇرۇپ ئۆزىدەك تىرىشچان، ئىرادىلىك، قەيسەر بىر يىگىتنىڭ نېمە ئۈچۈن ھىسيات داۋالغۇشى ئالدىدا ئېزىلىپ قالىدىغانلىقىغا، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغانلىقىغا ھەيران قالاتتى. ئىرادە بىلەن ھىسيات ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۇنىڭ ئېڭىدا ھەر كۈن ھۆكۈم سۈرەتتىيۇ، بىر كىچە ئۆتسە يەنە كۆپۈكتەك تۈزۈپ كىتەتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈن قەتئى نىيەتكە كەلدى. ھەر كۈن كەچ رومانتىك چايخانىلارنىڭ ئايرىم خانىلىرىدا ، ئىسىل تاماقخانىلاردا رەيھان بىلەن بىرگە مۇڭدىشىشقا ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە شەھۋەتلىك تىكىلىپ ئولتۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەن ۋارىس بۈگۈن نىمىشقىدۇر رەيھاننى ماشىنىغا ئېلىپ، شەھەر سىرتىغا قاراپ ھەيدىدى. "ۋارىس بىلەن مۇھەببەتلىك بېقىشىپ، قىزغىن كۆرىشىمەن، ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى ئاخشامنىمۇ ئاشىق-مەشۇقلاردەك ئۆتكۈزىمەن" دەپ ئويلىغان رەيھان ، ئۇنىڭ ئۈنسىز ئولتۇرۇشىغا ، ماشىنىنى داڭلىق ئاشخانا، چايخانا تەرەپكە ئەمەس، شەھەرنىڭ سىرتىغا قاراپ ئۈچقاندەك ھەيدىشىگە ھەيرانلىقتا ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ قىز دىمىسىمۇ ھەققەتەن چىرايلىق ئىدى. چىرايىنىڭ بىر يەرلىرى دىلنازغىلا ئوخشايتتى. ئالاھىدە گىرىمىدىنىمۇ كىرپىكلىرى ئوقيادەك قايرىلغان بولۇپ ، شەھلا كۆزلىرى سېھىرلىك نۇر چېچىپ تۇراتتى. كەڭ ئويمۇلۇق كۆيتىسىدىن چىڭ كەلگەن يۇغان كۆكسى مانا مەن دەپ چىقىپلا قالغان بولۇپ . كىيىۋالغان تار پادىچىلار ئىشتىنى بىلەن كوپتىسى ئارلىقىدا بېلىقتەك ئەۋرىشىم بىلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىندىكىدە بولسا ئۇماق ، چىرايلىق ئاق ئالتۇن ئۈزۈك پارقىرايتتى. قىزغۇچ بوييىۋالغان ئۇزۇن چاچلىرى شۇنچىلىك سىلىق، جەزبىدار ئىدى. بۈگۈن ۋارىس رەيھان بىلەن مۇنداقلا

سالاملىشىپ ، ئۇنىڭ نازۇك تۈيغۇلارنى ئويغۇتىدىغان قامىتىگە دىققەتمۇ قىلماي ماشىنىنى ھەيدەۋەردى. چەتئەلنىڭ قايسىبىر مۇگىلۇق مۇزىكىسىنى قويۇپ بىرىپ، پات-پات دەرىزىدىن كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىغا سەپ سالغاچ ماڭدى. بەزى-بەزىدە رەيھاننىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگە قاراشنى ئويلىدىيۇ، يەنە تۇرۇپلا بۇرۇلغان بېشىنى دەرھاللا ئوڭشاپ كۆزلىرىنى ئەپقاچتى . رەيھان ئۆزىنى ھەر قانچە تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ يەنىلا جىددىيلىك ئىچىدە ئولتۇرىۋاتقان ۋارىسقا قاراپ ئىچى سىقىلىپ، ئاخىرى ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

-ۋاي ۋارىس، بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ مەيلى ئۆزى گەپ باشلىسۇن دەپ ئولتۇرسام جىمنىمى بەك سىقىۋەتتىڭىز. بىر ئۇلۇپ كىتىدىغان ئىش بولسىمۇ جاڭ-جۇڭ بىر نەرسە دىسىڭىز بولمامدۇ؟

ۋارىس رەيھاننىڭ تاتارغان چىرايىغا قاراپ قويۇپ، يەنە جىمىدە ماشىنىسنى ھەيدەۋەردى. رەيھان ئۇنىڭ ئېغىزىدىن گەپ كۈتۈپ ھارغاندىن كىيىن، چىرايلىق قول سومكىسىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ، قارا ئەينىكىنى چاچلىرىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، سىرتنىڭ مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇردى . نەچچە قېتىم يەنە گەپ تىششىنى ئويلىدىيۇ، يەنە قۇشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ۋارىسقا قاراپ ئامالسىز جىم بولدى. ماشىنا ئىگىز-ئىگىز بىنالارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاندا-مۇندا ئۆيلەر بار يوللارنى بويلاپ مېڭىۋەردى. شۇ تاپ، گەرچە ھەر ئىككى ياشنىڭ كۆزى ئەتراپتىكى مەنزىرىلەردە بولسىمۇ، كاللىسىدا مۇرەككەپ زىددىيەتلىك خىياللار ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاق جىمجىت ماڭغاندىن كىيىن، ئاخىرى ئۈلانبايىنىڭ كەڭ سايلىرىدا چىقتى. يىراقتىن بىر -بىرى بىلەن بەس تالىشىپ پىرقىرىشىپ تۇرغان ساناقسىز چاقپىلەكلەر كۆرۈندى. ئۈلانبايىدىكى بۇ چاقپىلەكلەر كەچنىڭ شەپەق نۇرى ئاستىدا شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك ، شۇ قەدەر گۈزەل كۆرۈنەتتى. خۇددى كىنولاردىكى ئاشىق-مەشۇقلار بىر-بىرىنى قوغلاپ ۋىسال ئىچىدە شاتلىنىدىغان مەنزىرىگىلا ئوخشايتتى. ۋارىس ئاخىرى ماشىنىنى بىر-بىرىدىن ھەيۋەتلىك چاقپىلەكلەر ئارىسىغا ئەكىلىپ توختاتتى. رولنى تۇتۇپ بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كىيىن ماشىنىدىن ئاستا چۈشۈپ ، غەرپكە پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى.

ئۈلانبايىدا شامال خېلىلا كۈچلۈك بولۇپ، سان-ساناقسىز چاقپىلەكلەر

ۋارسنىڭ كاللىسىدىكى زىددىيەتلىك خىياللاردەك توختىماي پىقىرايتتى. بۇ يەر شۇ قەدەر جىمجىت بولۇپ، يولدىن ئاندا-مۇندا ئۆتۈپ قويىدىغان چوڭ-كىچىك ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. ۋارس ماشىنىغا يۆلەنگىنىچە پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ كەچكى شەپەق مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك خىياللار ئىچىدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئۈنسىز تۇرۇپ كەتتى. ماشىنىدىن ئاستا چۈشكەن رەيھانمۇ ۋارسنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىپادىسىز ھالىتىگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نەزىرىنى ئوخشاشلا كەچكى شەپەققە ئاغدۇردى. قارىماققا شۇ دەقىقىلەردە ئۇلارنىڭ كۆزى پېتىۋاتقان قۇياشتا ئىدى. بۇنداق ۋاقىتتا قۇياشقا خالىغانچە قاراشقا، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشقا بولاتتى. چۈنكى پېتىۋاتقان قۇياش ھەم چوڭ، ھەم چىرايلىق ئىدى . ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقمايتتى. پۈتۈن تەبىئەتكە قىزغۇچ نۇر تۆكۈپ ، خۇددى رومانتىك چايخانىلارنىڭ ئايرىم خانىلىرىدىكى قىزغۇچ چىراق نۇرىدەكلا جەلپكار ئىدى. لېكىن ئۇ چىڭقى چۈش مەزگىلىدىكىدەك تەبىئەتكە ئىللىق ھارارەت، ھاياتلىق ئاتا قىلالمايتتى. بۈگۈن زىمىن بىلەن خوشلۇشۇپ كىرىپ كەتسە ئەتە ئىللىق چىراي ئېچىپ چىقىشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. رەيھان ۋارسنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزەتكەچ شامالدا يەلپۈنۈپ بۇزۇلغان ئۇزۇن چاچلىرىنى ئاستا تۈگۈپ بوغىۋالدى. گەرچە ھازىر ھاۋا ئانچە سوغۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلانباينىڭ ھاۋاسى ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسىدىن خېلىلا سوغۇق بولغاچقا ، توختىماي مۇزدەك شامال يۈزلەرگە ئۇرۇلاتتى. رەيھان سوغۇقتىن توڭدىمۇ قانداق ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ چىڭ تۈگۈلدى. ئۇ خىياللار ئىچىدە ئۈھسىنىپ تۇرىۋاتقان ۋارسقا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ قويۇپ يەنە ئامالسىز ئېغىز ئاچتى:

- قېنى دېگە، مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ زادى نېمە دېمەكچى ئىدىڭىز؟ ئۆلانباينىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئىچىدە رومانتىك توي تەكلىپى قۇيماقچىمۇ يا ؟...-رەيھان خاپا بولغاندەك تەنە قىلدى.

ۋارس رەيھاننىڭ تەنىلىك گېپىدىن ئەندىككەندەك، ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ سوئال تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە ئاستا قارىدى. بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن ئېغىزىنى ئۆمەللەتتىيۇ، يەنە نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. ۋارسنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ ئىچى سىقىلىپ تۇرغان رەيھاننىڭ قۇشۇمىلىرى تۈرۈلدى.

-ۋاي خۇدا. چاقچاق قىلىپ قويدۇم. خۇددى هازىدار ئادەمدەك خۇرسىنىپلا كەتتىڭىزغۇ؟ خۇتۇن باللىرىڭىز ساقتۇ؟ بۇنداق جىم تۇرىۋالسىڭىز يۈرۈكۈم پارە-پارە بولۇپ كىتىدىكەن مىنىڭ.هەر قانچە مۇهىم گەپ بولسىمۇ بىر دەۋېتىڭا، هىچبولمىغاندا ئىچىڭىز بوشاپ قالىدۇ. - رەيهان ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك ۋارسىنىڭ يىنىغا ئاستا سۈرۈلدى. ناهايتى زور غەيرەت بىلەن ۋارسىنىڭ قوللىرىنى ئاستا تۇتۇپ چىڭ سىقتى.

- قويىۋېتىڭ.- ۋارس بەدىنىگە ئۇلاشقان ئاجايىپ بىر سىزىمدىن دەرهاللا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. قولىنى رەيهانىڭ قولىدىن ئىتتىكلا تارتىپ، ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە يۈرۈشتى. ئۇ هەيرانلىقتا ئۆزىگە قاراپ ئاغزىنى ئىچىپلا قالغان رەيهانغا قاراشقا جۇرئەت قىلالماي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ، پارقىراق بەتىنىكىسدە يەرلەرگە نىملەرنىدۇ جىلاشقا باشلىدى. مۇشۇ دەقىقىدە ئۇ شۇنداق قىلمىسا بولمايتتى. رەيهاندىن جۇدا بولۇش ئۈچۈن بەزى تۇيغۇلىرى بىلەن كۈرەش قىلمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمىسا بولمايتتى. چۈنكى رەيهانىڭ بەدىنىدىن تارىغان هارارەت ئۇنى كۆل قىلىپ تاشلايتتى. ئۇ ئۇنداق يېقىنچىلىققا بەرداشلىق بىرەلمەيتتى. يەنە بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇرسا بىر كۈندىن بىرى ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىلىرى، ئىرادىلىرى چۈقۈم ئۆز رولىنى يۇقۇتاتتى. رەيهانىڭ سىرلىق مۇهەببىتى، سۆيگۈسىگە ئەل بولۇپ كىتەتتى.

-توۋا، نىمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ خۇددى مەندىن ئەسكى چاپاندىن، رەزگى كىسەلدىن قاچقاندەكلا قىچىۋاتىسىزغۇ؟- رەيهان شۇنچىلىك خورلۇق هس قىلدىكى، كۆز قارچۇقى لىققىدە ياشقا تولدى.

-ياق.ياق...-ۋارس رەيهانىڭ سۆزلىرىدىن ئىسىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇ رەيهانىڭ خاپا بولۇپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلانغاندەك، كۆڭلىدىكىنى ئۇچۇق ئىيتىشنىڭ ناهايتى زۆرۈرلىكىنى هس قىلىپ ، زور غەيرەت بىلەن رەيهانغا تىكىلدى.

-رەيهان. سىزگە بۈگۈن بىر ئىشنى دىمىسەم قەتئى بولمىغۇدەك. سىزنىڭ مىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن. لىكىن ئويلاپ باقسام بۇ هەقىقى مۇهەببەت ئەمەسكەن. مىنىڭ ئائىلەم ، ئايالىم بار ئادەم، سىز بولسىڭىز تېخى توي قىلمىغان قىز. مەن بۈگۈن كۆپ ئويلاندىم. بۇ سەپەر هامىنى هىجران بىلەن

ئاخىرلىشىدىكەن. ھەر ئىككىمىزگە ئىغىر دەرت-ھەسرەت ئاتا قىلىدىكەن. شۇڭا بىز ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشقا ۋاقتىدا خاتىمە بىرەيلى. بۈگۈندىن باشلاپ ئايرىلىپ كىتەيلى.- ۋارىس "ئايرىلىپ كىتەيلى " دىگەن گەپنى شۇنچىلىك زەئىپ ھەم تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئىيتىپ، رەيھاننىڭ كۆزلىرىگە يىلىننىش ھەم مۇھەببەت ئارلىشىپ كەتكەن مۆرەككەپ ھىسيات ئىچىدە قايتا قارىدى. يۈرىكى "ئايرىلىپ كىتەيلى" دىگەن سۆزدىن بىر پەس ئىغىپ كەتتى.

-ئايرىلىپ كىتەيلى؟- رەيھان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك ھەيرانلىق ئىچىدە ۋارىسنىڭ كەچكى شەپەقتەكلا قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە قارىدى . سۈتتەك سۈزۈك چىرايى بىردەم قارا بۇلۇت ئىچىدە قالغان قۇياشتەك خۇنۇكلىشىپ كەتتى. - نىمە دەۋاتىسىز؟ نىمە ئۈچۈن ئەمدى؟

ۋارىس رەيھاننىڭ راستىنلا ھەيران قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھەم بۇنداق ئايرىلىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئىغىر كىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. لىكىن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرۈۋەرسە يەنە نۇرغۇن بىمەنە ئىشلارنىڭ ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بىرىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئامالسىز سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتى.

-سىز ئىنىق بىلىسىز رەيھان. مىنىڭمۇ ئايرىلىپ كەتكۈم يوق. سىز ماڭا ئۇچراشقان كۈندىن باشلاپ مەن مۇشۇنداق سەۋداغا ئايلىنىپ قالدىم. تۇرمۇشنىڭ بارلىق خوشاللىقىنى پەقەت سىزدىنلا تاپتىم. رەيھان دىگەن ئىسىم يۈرۈكۈمگە نەقىش بولۇپ ئۇيۇلۇپ كەتتى. لىكىن بۇ ھەقىقى تۇرمۇش ئەمەس. بۇنداق خۇپپيانە مۇھەببەت ھامان بىزنى داغدا قويۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئايالىمنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنى سۆيىمەن. تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالامنى تىخىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئايالىم ئەزەلدىن مەندىن نۇرغۇن ئارزۇ-ئۈمۈتلەرنى كۈتۈپ ، ماڭا ئىشىنىپ كەلگەن. شۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلسام ۋىجدانىم كۆتىرمەيدىكەن. سىزمۇ تىخى ياش، سىزمۇ بىر بەختلىك ئائىلىگە، ھەقىقى مۇھەببەتكە مۇھتاج. شۇڭا سىزنىڭمۇ كەلگۈسىڭىزنى ئويلىمسام بولمايدۇ.-ۋارىس نىمە دەپ ئىپادە بىلدۈرىدىكىن دىگەندەك رەيھاننىڭ كۆزلىرىگە ئاستا قاراپ قويىدى.

- سىزنى چۈشەنمەك بەك تەسمۇ نىمە ۋارىس. ئاخشام قۇلۇقۇمغا

شۈنچىلىك تاتلىق پىچىرلاپ " مەن سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن. سىز مېنىڭ هاياتىم.مېنىڭ بارلىقىم..." دەۋاتمامتىڭىز. بۇگۈن ئەجەپ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزگە ئۈششۈك تېگىپ قاپتىغۇ؟ يەنە باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ يە؟...-رەيھان هازىرلا بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلايدىغاندەك ئېغىزىنى نازۇك قوللىرى بىلەن چىڭ تۇتىۋېلىپ ، باشقا ياققا قارىۋالدى.

- ئۇ...ئۇ...ئۇنداق ئەمەس. بۇگۈن ئايالىمنىڭ هالىتىگە قاراپ ھەقىقەتەن ئىچىم سىرىلىپ كەتتى. ئۇ مەن ئۈچۈن شۇنداق قۇربانلارنى بىرىۋاتىدۇ. پەقەت مەن ئۈچۈنلا ياشىغاندەك ياشىۋاتىدۇ. سىز بىلىسىز، ئۇنىڭ يەڭگىيدىغان ۋاقتىغىمۇ ئازلا قالدى. لېكىن هازىرقى ئەھۋالى ناهايىتى ناچار، بالا بويىدىن ئاجراپ كەتكىلى تاس-تاس قاپتۇ. ئۇ ئەمدى ھېچقانداق روھى ئازاپنى كۆتىرەلمەيدۇ. شۇڭا مەن بۇگۈن كۆپ ئويلۇنۇپ بۇ قارارنى چىقاردىم.

- راس دەۋاتامسىز؟ - رەيھان ئەپسۇسلۇق ئىچىدە بېشىنى چايقاپ ،بۇلاقتەك چىرايلىق كۆزلىرىنى ئالدىدىكى چاقپىلەككە تىكتى، ئاۋازى تىترەپ كەتتى. -ياق،ياق...ماڭا بۇنداق تەلەپنى قويىسىڭىز مەن كۆتىرەلمەيمەن. مېنىڭ ماۋۇ نازۇك يۈرۈكۈم كۆتىرەلمەيدۇ. مەن سىزنى قانداقلارچە ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. بۇ دىگەن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، سىز ماڭا مۇھەببەتنىڭ نىمىلىكىنى ھەقىقى ھېس قىلدۇردىڭىز. مىنى سۆيگۈنىڭ ئەڭ گۈزەل ساھىللىرىغا باشلاپ كىردىڭىز. مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ سىزسىز ياشيالمايمەن. ئەمدى بۇ كۈنگە كەلگەندە سىزدىن ئايرىلىپ كىتىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.

- ياق.ياق...ئۇنداق دىمەڭ. سىزدەك چىرايلىق قىزغا ياخشى يىگىتلەر يەنىلا كۆپ. سىزنى مەندىنمۇ بەك قەدىرلەيدىغان ، ياخشى كۆرىدىغان ، سىزنى بىر ئۆمۈر بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدىغان يىگىتلەر هامان چىقىدۇ.-ۋارىس بېشىنى ئېتتىكلا كۆتۈرۈپ ، رەيھاننىڭ ياش لىغىرلاپ قالغان كۆزلىرىگە ئازاپ ئىچىدە قارىدى.

- بۇ نىمە دىگىنىڭىز ھە، نىمە دىگىنىڭىز. سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى شۇنچىلىك ئاددى دەپ قارامسىز. بىلەمسىز ، سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى ھېچقانداق نەرسە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مەن يەنە سىزدىن باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈمگە ئىشەنمەيمەن ....- رەيھان ئاشىق ۋىسالىغا زار بولغان مەشۇقتەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغۇنىچە ئاستا كىلىپ ۋارىسنىڭ

مۇرىسگە بېشىنى قويدى.ـ مەن ئويلۇنۇپ قالدىم ۋارس، ماڭا كۆڭلىڭىزدىكى راس گەپنى بىر دەڭە، سىز مېنى زادى ياخشى كۆرەمسىز ـ كۆرمەمسىز؟
ـ ھە...ھە...ـ ۋارس رەيھاننىڭ سۇئالىدىن ئەندىكىپ كەتتى.
ئۇنىڭ سۇئالى "دىلنىاز بىلەن ئىككىمىزدىن بىرنى تاللاڭ" دىگەندەك بىلىنىپ نىمە دىيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. رەيھاننىڭ تىنىقى بەدىنىگە ئۇرۇلىشى بىلەنلا يەنە بىردەملىك جايغا چۈشكەن يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. تىنىقى يەنە ئېغىرلاشتى. ئۇ كەينىگە داجىپ ماشىنىغا چاپلىشىپلا قالدى. رەيھانغا بولغان قىزىقىشىم زادى مۇھەببەتمۇ ياكى بىردەملىك قىزىقىشمۇ؟ ۋە ياكى قەلبىمدە قوتۇرغان ئەسەبى ھىسسىياتنى بېسىقتۇرۇشقا بولغان ئېھتىياجمۇ؟ ... نىمە ئۈچۈن بىر قەلبتە ئىككى ئادەمنىڭ مۇھەببىتىنى سىغدۇرۇشقا بولىدۇ. دىلنازنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق. ئۇنداقتا يەنە نىمىشقا رەيھانغا قىزىقىمەن. ئۇنىڭدىن خوشاللىقىمنى ئىزدەيمەن؟ ئۇنىڭ جىسمىدىكى ھارارەتتىن ئۆزەمنى يۇقۇتۇپ قويىمەن؟ ...ۋارس مۇرەككەپ سۇئاللار ئىچىدە تەمتىرەپلا قالدى. ياخشى كۆرىمەن دىسە ، ئايالىمنى ياخشى كۆرمەيمەن دىگەن مەنا چىقاتتى. ياخشى كۆرمەيمەن دىسە ، بۇ چاققىچە ئۇنى ئالدىغان بولۇپ چىقاتتى. لېكىن مۇشۇنداق مۇھىم دەقىقىدە ئەڭ ئۇرۇنلۇق جاۋاپ بىلەن ئۇنى قايىل قىلىشى، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنىمۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىمۇ زىدە قىلماسلىقى كىرەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ بىردەم ئويلانغاندىن كىيىن ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن رەيھاننىڭ مۇرىسىدىن ئاستا كۆتىرىپ ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى.ئۇنىڭغا ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە ھەسرەت ئىچىدە تىكىلدى. ـ سىزنى ياخشى كۆرىمەن. ئەلبەتتە ياخشى كۆرىمەن. لېكىن بۇ مۇھەببەت مەڭگۈلۈك ئەمەس. مەن سىزنى دەپ ئائىلەمدىن ۋاز كىچەلمەيمەن. ئاياللىمنىڭ سۈتتەك قەلبىگە داغ چۈشۈرۈشنى خالىمايمەن. شۇڭا ئامالسىز مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.
رەيھان ۋارسنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يىنىككىنە بىرنى تىندى. قارىماققا قەلبىدىكى تۇرلۇك گۇمان ـ ئەندىشىلىرى يۇقالغاندەك قىلاتتى.
ـ مەن ئوبدان بىلىمەن ۋارس . ئاياللىڭىز ھەممە جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن، چىرايلىق، قابىلىيەتلىك قىز. سىزمۇ بۇ تۇرمۇشقا ناھايىتى تەستە ئېرىشكەن . لېكىن ئويلاپ بېقىڭ ۋارس، مەن قاچان سىزگە ئارتۇقچە تەلەپ

قويۇپ باقتىم؟ قاچان "ئايالىڭىزدىن ئاجرىشىڭ، مەن بىلەن توي قىلىڭ"دەپ باقتىم؟ . توغرا، سىزنىڭ بىر ئۆيدان بەختلىك ئائىلىڭىز بار، سىز ئۇلاردىن ھەرگىز ۋاز كېچەلمەيسىز. لېكىن مېنىڭمۇ سىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىڭىزنى بۇزۇش نىيىتىم يوق. پەقەت مۇشۇ سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمغا يۈگەن سالالماي سىزدىن سۆيگۈ ، مۇھەببەت تىلەپ ياشاپ كەلدىم. بىز پەقەت بۈرۈنقىدەكلا ئارلىشىپ ئۆتسەكلا بولىدۇ. مېنىڭ ئاشىق قەلبىمنى ئوتلۇق سۆيگۈڭىز بىلەن سۇغۇرۇپ تۇرسىڭىزلا بولىدۇ. مەن پەقەت سىزدىن شۇنىلا كۈتىمەن...- رەيھان ھاياجان ئىچىدە نازۇك قوللىرى بىلەن ۋارىسنىڭ بىلىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، بېشىنى يەنە ئۇنىڭ مۇرىسىگە قويدى.

رەيھاننىڭ كەڭ ئويمىلىق ئاپئاق كوپتىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چىڭ، يۇغان كۆكسى ۋارىسنىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ تىنى "جىغغىدە" قىلىپ كەتتى. بىر ئەسەبىي ھىسسىيات تۇمۇر-تومۇرلىرىدا دولقۇن ياساپ، سەزگۈ ئەزالىرىنى ئويغۇتۇپ، ئۇنىڭ زىددىيەتلىك خىياللار ئىچىدە قىينىلىۋاتقان بېشىنى تېخىمۇ قوچىۋەتتى. تىنىقلىرى رەيھاننىڭ تىنىقى بىلەن قوشۇلۇپ يۈرەكلىرى ھاياجان ئىچىدە سوقۇپ كەتتى.

- لېكىن، لېكىن...سىز ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟ سىزگىمۇ كېيىن ھامان بىر ئائىلە كېرەكتە؟- ۋارىس شۇنداق دېدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى ماگىنىتتەك تارتىپ تۇرغان بۇ زىلۋا بەدەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

-توغرا ، ماگىمۇ ھامان بىر ئائىلە كېرەك. لېكىن ھىسسىياتنى باشقۇرۇش بەك تەسكەن ۋارىس. سىزنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن بىرى پەقەت دۇنيانىڭ خوشاللىقىنى سىزدىنلا ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزەمنىڭ قانداق بولۇپ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئۆزەممۇ ھەيران. مەن مۇشۇنداق شور پىشانە بىر قىزكەنمەن. ئۆزەم ياخشى كۆرگەن ئادەمنى بىر ئۆمۈر مەخپىي سۆيۈپ ئۆتىدىغان ئوخشايمەن. شۇڭا ھازىرچە كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق. قالغان ئىشلارنى بېشىمغا كەلگەندە كۆرەرمەن. لېكىن سىز بىلىشىڭىز كېرەك ۋارىس، سىز مەندىن مۇنداقلا ئايرىلىپ كەتسىڭىز مەن ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. مەن ساراڭ بولۇپ قالىمەن. -رەيھان

تـۇرۇپلا ئىسـەدەپ كەتتـى. ئـۇ راسـتىنلا ۋارسـقا ئاشـىقمۇ يـاكى ۋارسـىنىڭ ھىسداشـلىقىنى قوزغـاش ئۈچـۈن شـۇنداق قىلىۋاتامـدۇ بىـر نـىمە دېگىلـى بولمايتتى.

ۋارسـىنىڭ تىنـى شـۈرردە ئىربـپ كەتتـى. نىمىشـقىدۇر ئۇزىمـۇ سـەزمىگەن ھالـدا كەڭ ئالقانلىرى بىـلەن رەيھاننىـڭ چـاچلىرىنى سـىلىغاچ ، ئۇنىـڭ مەڭزىـدىكى ياشـنى ئـاۋايلاپ سـۈرتتى. ئۇنىڭغـا تەسـەللى بەرمەكچـى بولغانـدەك غـۇلچىنى كەڭ يېيىـپ چىـڭ قۇچاقلاشـقا ئۇرۇنـدى. ئۇرۇنـدىيۇ، كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە كەلگەن دىلنازنىـڭ دوختۇرخانـدىكى سىماسـى، پەرىدە خانىمنىڭ تەنلىـك گەپلىـرى ، نازىرنىـڭ سـۈكۈتتە چۆمگەن چىرايـى ئۇنىـڭ قـوللىرىنى ھـاۋادا لەيلىتىـپ قويـدى. ئـۇ رەيھاننىـڭ باغرىـدا ھۆشسىزلىنىشقا باشلىغان سەزگۈسىنى ئاستا ئويغاتتى. ئۇنى قىيىـپ سۈيۈشـكە ئاپارغـان لەۋلىرىنـى تىتـرەپ تـۇرۇپ بوشـىقىنا چىشـلىدى. ئـۆزىگە " ياق،يـاق...شـەيتانغا ئەل بولما، ئـادەم بـول، ئـادەم..." دەپ نـىدا قىلدى. ئۇ مەستخۇشلۇقتا ئۆزىنى يوقاتقـان رەيھاننىـڭ بېشـىنى مەيدىسـىدىنمۇ ئىتتىرمـىدى. ئۇنىـڭ قوللىرىنمـۇ بوشـاتمىدى. لـېكىن ئۆزىنىـڭ بىـر دەملىـك چاپچىپ تۇرغان ھىسياتىنى زورىغا بېسىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى.

ـ لـېكىن رەيھـان ، سـىزگە دىسـەم، مەن ھـازىرقى بەختلىـك ئائىلەمگە ناھايتى تەستە ئېرىشكەن، مەن شۇ ۋاقىتلاردا "بۇ بەختىمنـى مەڭگـۇ قوغـدايمەن، ئايالىمغـا مەڭگـۇ سـادىق بـولىمەن. مەڭگـۇ ۋاپـادار ئەر بولىمەن " دەپ قەسەم قىلغان. لېكىن ھازىر ئۇنـداق قىلالمـاي قالـدىم. سىزنى ئۇچراتقانـدىن بـىرى بىـر تەرەپـتىن شـاتلىنىپ تـۇرۇپ، بىـر تەرەپـتىن ئازاپلىنىـپ ئۆتتـۇم. ھەر قېتىم ئايالىمنىـڭ ئالـدىغا بارسـام، ئـۆزەمنى ئېغىـر گۇناھكـاردەك ھـس قىلـدىغان بولـۇپ قالـدىم. ئۇنىـڭ مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن يۈرەكلىرىم زىدە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزلىرى، ھەر بىـر قارىشـىدا مىنـى ئەيىپلىۋاتقانـدەك مەنـا چىقىـدۇ. ئـۇ گەرچە مىنىـڭ كۆڭلـۈمنى ئـاۋايلاپ بىۋاسـتە ئۇچـۇق ئىپـادە بىلـدۈرمىگەن بولسـىمۇ، ئـۇ ئاللىبۇرۇن مەندىكى ئۆزگىرىشنى ھـس قىلىـپ بولـدى. مىنىـڭ ئەمـدى ئـۇنى يەنە ئازاپلاپ ئۆتكۈم يوق. ئۇ مۇشـۇنداق ئېغىـر ئەھۋالـدا ئەمـدى باشـقا روھـى بېسىمنى كۆتىرەلمەيدۇ.

ـ نىمىشقا ئەمدى؟ ـ رەيھان ھىسداشلىق قىلغاندەك سورىدى.

ـ بالام تۇغۇلغىلى ئازلا قالدى. ئۇنىڭ ساق ـ سالامەت تۇغۇلىشى ھەممىمىزنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى. ئۇ بالام ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى تارتتى. بويىدىن نەچچە قېتىم ئاجراپ كەتكىلى قوپۇپ يەنە شۇ بالا ئۈچۈن ھەممە قىيىنچىلىقلارغا چىدىدى. مەن ئەمدى ئۆزەمنى سورىمىسام چۇقۇم مەڭگۈلۈك ھەسرەتتە قالىمەن...ـ ۋارىس ناھايىتى ئېغىر ئازاپقا دۇچار بولغان ئادەمدەك ئېغىر ـ ئېغىر خورسىنىپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر روھى ئازاپ ئىلىكىگە ئالدى.

ۋارىسنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ رەيھاننىڭ نىمىشقىدۇر كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئېڭىدا بىر تالاي تاتلىق خىياللارنى سۈرۈپ ئۆلگۈردى. بارماقلىرى بىلەن قانداقتۇر بىر سانلارنى سانىغاندەك قىلدى. ئۇ ۋارىسنى ئۆزىگە تېخىمۇ قارىتىش ، ئۆزىگە تېخىمۇ سەۋدا قىلىش مەقسىتىدە تاتلىق كۈلۈمسىرەپ ، قىزىل غۇنچىدەك لەۋلىرى بىلەن ۋارىسنىڭ مەڭزىگە بوشقىنا سۆيدى.

ـ سىز ئەلبەتتە ئايالىڭىزغا كۆيۈنىشىڭىز كېرەك. مەن سىزنى ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ تارتىۋالمايمەن. لېكىن مەن پەقەت سىزنىڭ ئازاپلانغان قەلبىڭىزگە ئوتلۇق سۆيگۈم ئارقىلىق تەسەللى بېرىپ تۇرسام دەيمەن. سىز بىلەن پات ـ پات ھاياتنىڭ ئەڭ شېرىن مىنۇتلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزسەم دەيمەن. شۇڭا مىنى ھەر ۋاقىت ئىزدىسىڭىز بولىۋېرىدۇ. پەقەت سىز خالىغان ۋاقىتتىلا...ـ رەيھان تەمتىرەپ تۇرۇپ قالغان ۋارىسنىڭ خۇمارلاشقان قارا كۆزلىرىگە جادۇ كۆزلىرىنى تىكىپ ، لەۋلىرىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ئاستا ياقتى. ۋارىسنىڭ قۇيۇق ،يىرىك بۇرۇتلىرىنىڭ يۈزلىرىگە سانجىلىشىغا قارىماي، ئۇنى ئاچ قالغان بۆرىدەك ئەسەبىلەرچە سۆيۈپ كەتتى.

ۋارىسنىڭ بىردەملىك پەسكويغا چۈشكەن ئەرلىك ھىسياتى، قەتئى ئىرادىلىرى يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئېڭىدا شەيتان لەززىتى بىلەن ئىرادىسى بىر مەھەل كۆرەش قىلدى. ئۇ بۇنداق بولماسلىقنى ئۈمۈت قىلىپ تۇرۇپ، يەنە جانان ئالدىدا جان تەسەددۇق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئائىلە، ئايال، بالا...ھەممىسى بىر چۈشتەكلا ئۇنىڭ دولقۇنلىۋاتقان ھىسياتى ئالدىدا ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىپ كەتتى. ئۇ دىلنازغا زار بولغان ئەرلىك ھىسياتىنى بېسىشقا ئامالسىز قېلىپ ، رەيھاننى بار كۈچى بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى ـ دە، ئۇنىڭ لەۋلىرىنى چىشلەپ ئۈزىۋېتىدىغاندەكلا سۆيۈپ كەتتى. بايىقى قۇچاقلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان قوللىرى رەيھاننىڭ مەيدىسىنى ، ساغرىسىنى ،

يەنە ئاللىقانداقتۇر يەرلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇ تىزلىشىۋاتقان نەپسىنى بېسىشقا ئامالسىز قېلىپ، بىر قولى بىلەن ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئاچتى-دە، رەيھاننى ھاسىراپ تۇرۇپ ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇققا ياتقۇزدى...

قۇياش تاغ كەينىگە ئۆتۈپ ، گۇگۇم پەردىسى يېيىلغان بولۇپ، بۇ ئادەمسىز ماكان تېخىمۇ جىمجىتلىقتا چۆككەن ئىدى. چاقپىلەكلەرمۇ تەبىئەت بىلەن تەڭ ئۇيقۇغا كەتكەندەكلا تىمتاس توختاپ قالغان ئىدى. "پاسات " ماركىلىق قارا ماشىنىمۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىشىپ ، بۇلارنىڭ ئەسەبىلىكتە چېكىگە يەتكەن ھايۋانى ھىسياتىنى يۇشۇرۇپ تۇراتتى. ھىسيات يەنە ئىرادىلىك بىر ئىنساننىڭ ئۇلۇغوار غايىلىرىنى بىت-چىت قىلىۋەتتى. شەيتاننىڭ نازلىق كۈلۈمسىرىشى، سۆركىلىشى، ئەركىلىشى ئۇنىڭ قەلبىگە يەنە بىر ئېغىر گۇناھنى يېزىپ قالدۇردى. ئۇنىڭ پەرشتە ئالدىدىكى قەسىمىنى، بۇرچىنى نىجاسەت ئىچىگە كۆمۈپ، ناپاكلىققا سۆرەپ كىردى. ئىنسان ئەنە شۇنداق ئاجىزغۇچى. ھىسيات ئالدىدا قولدەك باش ئەككۈچى. يۈكسەك ئىرادە بىلەن ياشاپ تۇرۇپمۇ ، شەيتاننىڭ ھۆزۈرى ئالدىدا ئۆز قەدىر-قىممىتىنى يوقاتقۇچى. قېنى كىم بۇ دۇنيادا ئازمايمەن دېيەلەيدۇ؟ جاناننىڭ سېھرىدە مەس بولمايمەن دېيەلەيدۇ؟ ئوتلۇق نەپەس، شېرىن لەززەتلەر ئالدىدا يەنە ئىمان، ئېتىقات بىلەن ياشالايمەن دېيەلەيدۇ؟... توغرا، ۋارىسنىڭ ئىرادىلىرى يەنە قەلبىدە قۇترىغان شەيتاننىڭ سېھرىلىك ئېزىقتۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. ئۆز-ئۆزىنى شۇنچىلىك ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇپمۇ، رەيھاننىڭ نازىغا بەرداشلىق بىرەلمىدى. دىلنازنىڭ ئارمانلار ئىچىدە قاغجىراپ قالغان پاك قەلبىگە يەنە بىر قېتىم ئېغىر خىيانەت قىلدى. ئەرلەرنىڭ كۆزى ئاياللارنى كۆرسە راستىنلا كور بولۇپ قالىدىكەن، ئۆتكۈر پىكىرلىرى توختاپ قالىدىكەن ...ۋارىسمۇ ھازىرغىچە "رەيھان زادى نىمە ئۈچۈن مېنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ قالدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ماڭا تېنىنى خوشاللىق بىلەن تەقدىم قىلىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن مەندىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدۇ؟..." دىگەننى ئەسلا ئويلاپ باقمىدى. شۇ تاپ ئۆزىنى كەلگۈسىدە نىمە تەقدىرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقى ، ئەتە يەنە نىمە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشقا ئەسلا رايى يوقتەك، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنۇتقان ھالدا رەيھاننىڭ تېنى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى...

دىلنازنىڭ دوختۇرخانىغا كىرگىنىگىمۇ 5 كۈن بولۇپ قالدى. ئارىلىقتا نازىرمۇ، دىلنازنىڭ خىزمەتداشلىرى- دوسلىرىمۇ كۆنىدە يوقلاپ تۇردى. دەستە-دەستە گۈللەر ياتاقنى تولۇپ كەتتى. پەرىدە خانىم ئاررۇلۇق قىزىنىڭ سارغايغان چىرايى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولدى. ۋارىس ئىشتىن چۈشۈپ دوختۇرخانىغا تاماق تۇشۇۋاتقان ، دىلنازغا تەسەللى بىرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قاراڭغۇ چۈشمەستىنلا بەزى ئىشلارنى باھانە قىلىپ، ئامالسىزلىق ئىچىدە خوشلىشىپ كىتەتتى. دىلناز ۋارىسنىڭ ھەر كۈنى يېنىغا كەلگەندىكى كەيپىياتىنى كۆزىتىپ ياتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇزەشلىرى، چىرايىدىكى قانداقتۇر بىر خوشاللىق بىلەن جىددىلىك گىرەلىشىپ كەتكەن ئىپادىلەر ئۇنىڭغا يەنىلا تەسىر قىلدى. ئۇ كاللىسىدا ئۇزۇلمەي پىقىراپ تۇرغان ھېلىقى نومۇرغا تېلېفون بىرىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن يېنىدا ئۆزىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماي ھەمرا بولىۋاتقان ئاپىسىدىن ئىھتىيات قىلدى. بىر تۇرۇپ بۇ نومۇرغا تېلېفون قىلىپ ئۆزىگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرىسە، بىر تۇرۇپ ۋارىسقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقتى.

پەرىدە خانىم باشقا ھەر قانداق ئانىغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دىلنازنى كۈتتى. كۈندۈزلىرى ئاندا-مۇندا ئۇخلىغان بىلەن كىچىلەرنى دىلنازنىڭ بېشىدا كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. ئەتىۋارلىق قىزى ۋە نەۋرىسىگە بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپلا ئۆتتى.

بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن تاتلىق ئۇخلاپ ئويغانغان دىلناز يېنىدا ئۆزىنى يەلپۈگەچ پۈتىنى تۈتۈپ ئولتۇرغان، چىرايىنى ھارغىنلىق قاپلىغان ئاپىسىنىڭ ھالىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى. كىچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈپ چىققان پەرىدە خانىم ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ، ئۇيقۇلۇق

كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ دىلنازنىڭ پۈتنى تۈتىۋاتاتتى. تۇرۇپ-تۇرۇپ قاتتىق ئەسنەپ كىتەتتى. ھەپتىدىن بىرى گىرىم قىلىنمىغان چىرايى، يۇيۇلمىغان چاچلىرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە پەقەت ئوخشىمايتتى. تۇغرا، ئارزۇلۇق قىزى كىسەل كارۋىتىدا ياتسا ئانىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشاشقا قانداقمۇ رايى بارسۇن؟ قاراپ تۇرۇپ گىرىم قىلىشقا قانداق كۆڭلى تارتسۇن؟...دىلنازنىڭ بىچارە ئاپىسىغا قاراپ ئىچى سىرىلىپ كەتتى. ئۆزىنى بىقىپ چوڭ قىلىپ، ئۇقۇتۇپ، ئۆي-ئۇچاقلىق قىلىپ بولۇپمۇ ، يەنە ئۆزى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇپ دوختۇرخانىدا يىتىپ-قوپۇپ، كىچىلىرى ئۇيقۇسىز تاڭ ئاتقۇزىۋاتسا ئۇنىڭ قانداقمۇ ئىچى ئېچىشمىسۇن؟...دىلناز ھىچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. گەپ قىلسا يىغلاپ تاشلايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ جىمجىت ياتتى. پەرىدە خانىم قىزىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئۇنىڭ پۈتىنى تۇتىۋەردى. بىر ھازادىن كىيىن قوللىرى ئاستا بوشاپ، كۆزلىرى خىرەلەشتى. دىمىسمۇ ئۇ ھەقىقەتەن ھارغان ئىدى، ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئېچىشقا خىلى تىرىشتىيۇ، يەنە ئامالسىز دىلنازنىڭ پۈتىغا بىشىنى قويغىنىچە ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. دىلنازنىڭ پۈتى ئۇيۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاپىسىنى ئويغۇتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن چىشىنى چىشلەپ ياتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ھالىغا قاراپ ، ۋارسنى تىزراق قايتىپ كەلسىكەن دىگەنىدەك ئىشىككە نەچچە رەت قاراپ چىقتى.

ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋارس تاماق كۆتىرىپ ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ پەرىدە خانىمنى ئويغۇتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قولىدىكى تاماقنى ئاۋايلاپ قويۇپ، دىلنازنىڭ يىنىدىكى ئورۇندۇققا كىلىپ ئولتۇردى. خىياللار ئىچىدە ياتقان دىلناز ۋارسنىڭ كەلگىنىدىن خوشال بولدىيۇ، يەنە ئۇنىڭ ئۈستى بىشىغا قاراپ تىنى جىغغىدە قىلدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئاۋالقىدەكلا چىرايلىق ياسانغان بولۇپ، قارىماققا ئۈچىسىدىكى كەستۈمنى يىڭى سىتىۋالغاندەكلا قىلاتتى. ۋارس پەرىدە خانىمغا قاراپ قويۇپ، ھىچ ئىش بولمىغاندەك ئىغىزنى ئاستا دىلنازنىڭ قولىقىغا ئاپىرىپ پىچىرلىدى:

-بۈگۈن ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ سىزنىڭ قىشىڭىزغا كىلەلمەي دەپ ۋاقتنى شۇنچىلىك تەستە ئۆتكۈزدۈم بۈگۈن...

دىلناز ۋارسىنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈش ئىچىدە تىكىلدى. ۋارسىتىن كىلىۋاتقان كۈچلۈك ئەتىرنىڭ ھىدى ئۇنى بىئارامسىزلاندۇرىۋاتقان،

كۆندەشلىك ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ساختا سۆزلىرى يەنىلا مۇگىسرىغان قەلبىگە تەسەللى بولدى. ئۇ ۋارسىنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە تىكىلىپ ، ھالسىزلانغان قولى بىلەن ئۇنىڭ يىپەكلا قىرىلغان پارقىراق يۈزىنى بوشقىنا سىلىدى.

ـ رەخمەت. بارغانسىرى ياخشى بولۇپ قېلىۋاتىمەن.

ۋارس بەدىنىدىن تارىۋاتقان ئەتىر ھىدىدىن بىئەپ ھىس قىلدىمۇ ، ياكى دىلنازنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن مۇھەببەتلىك سۇلغۇن كۆزلىرىدىن ئەندىكتىمۇ ، ئاستا بېشىنى كۆتىرىپ ياندىكى ئورۇندۇققا كىلىپ ئولتۇردى. دەقىقە ئارلىقىدا ئۆزىنىڭ تۇرقى بىلەن دىلنازنىڭ زەئىپ تۇرقىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ قورساق كۆتۈرىشتىن ئىلگىركى پەرىزاتتەك ئۇماق سىماسى كۆز ئالدىدىن "لاپ" قىلىپ ئۆتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ خىياللار ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەتتى، ئايالار قورساق كۆتۈرسە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كىتىدۇ دەيدىكەن، لېكىن دىلناز نىمىشقا بۇنچىۋالا سولغۇن، ۋەيرانە ھە...دىگەن سوئاللارنى قويدى. دىلنازنىڭ بۇ تۇرقىنىڭ نىمە ئۈچۈن كۆزىگە سىغمايۋاتقانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

ـ كەلدىڭىزما؟

پەرىدە خانىمنىڭ قوپالا چىققان ئاۋازى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ خىياللارغا غەرق بولغان ۋارسنى چۆچىتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقتىن قانداق تۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدى.

ـ ھە...ھە... ئاپا. قارىسام ئۇخلاپ قاپتىكەنسىز، ئويغۇتىۋەتمەي دەپ ...

پەرىدە خانىم ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ ۋارسىنىڭ ئۇستى بېشىغا قاراپ قويدى.

ـ شۇنداقمۇ، كىچىسى ئۇخلىمىغان بولغاچقا كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەن ئوخشايدۇ قاراڭ، قارىسام سىز ئوبدانلا ئۇخلىغان ئوخشايسىز؟

پەرىدە خانىمنىڭ تۇلۇمدىن توخماق چىققاندەكلا دىگەن گىپى ۋارسىنىڭ ئۇدۇللا يۈرىكىگە بىرىپ تەگدى. نىمە ئۈچۈن بۇنداق گەپ قىلىدىغاندۇ؟ دىگەندەك پەرىدە خانىمنىڭ يىمىرىلگەن قاشلىرىغا ئەيمىنىش ئىچىدە قارىدى. مۇشۇنداق تەنە گەپلەرنى ئاڭلاشقا ھەقلىقلىقىنى ئۆزى ئوبدان بىلگەچكىمۇ ئامالسىز جىم ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ـ بولدى ئاپا، ـ دىلناز خاپا بولغانىدەك ئاپىسىغا يىلىنىش ئىچىدە تىكىلدى.

ـ ھەپتىدىن بىرى ئۇيقۇسىز بەك چارچاپ كەتتىڭلە ئاپا. ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بەك قەرزدار بولۇپ قالدىم.ـ ۋارىس گۇناھىنى تونۇغاندەك سۆز قىستۇردى.

ـ بىلىسىڭىزلا بولاتتىغۇ شۇنى. مەنغۇ قىزىم ئۈچۈن چارچاپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى. لېكىن ئېرى بولغان ئادەمنىڭ كارى بولمايۋاتقاندىكىدىن ئادەمنىڭ زەردىسى قايناپ قالىدىغان گەپكەن.

ـ مەن...مەن...ـ ۋارىس بىر نەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى.

ـ ئاپا، نىمانداق گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، ۋارىسمۇ كۆڭلىدە كىلىپ يوقلاپ تۇرىۋاتامدۇ مانا، بىشىدا كىچىسى مەن قاراپ دىسە ئۆزەڭ ئۇنۇمۇدۇڭ. ئۇنىمۇ تەڭلىكتە قويمىساڭ بولمامدۇ؟

ـ قانداق تەڭلىكتە قاپتىمەن. سەن دۇم چۈشۈپ كۆزۈڭگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگىنى بىلەن، ئانا بولغان ئادەمنىڭ يۈرىكى چىدىمايدىكەن. مەن بورۇنقى ۋارىسجاننى تاپالمىدىم ھازىر...

توغرا، دىلناز ۋارىسنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلماي قالامدۇ؟ ئۇ ئاللىبۇرۇنلا بىلىپ بولغان. لېكىن ئارىلىقتىكى مۇھەببەتكە داغ چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇشكە، يۈرىكىدە يىغلاشقا مەجبۇر بولغان . بىھۇدە گۇمانلار بىلەن تاكاللىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك ئادىمىدىن ئايرىلىپ قىلىشتىن قورققان. ئۇنى سەمىمى-ساداقتى،ئاقكۆڭۈللىكى، كەڭ قورساقلىقى بىلەن قايتۇرۇپ كىلىشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتى، ئەخلاق-پەزىلىتى، ۋاپادارلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇ نىمە ئۈچۈن ھىلىقى تېلىفۇن نۇمۇرىنى ئۇنىسىز يادلايدىيۇ، يەنە نىمە ئۈچۈن تېلىفۇن قىلمايدۇ، قولىغا تېلىفۇننى نەچچە رەت ئېلىپ شۇ نۇمۇرنى باسىدىيۇ، يەنە نىمە ئۈچۈن دەرھاللا ئۆچۈرىۋېتىدۇ؟...چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ دىلىنى سەختە قىلىشنى خالىمايدۇ، تەستە ئېرىشكەن مۇھەببىتىگە دۈشمەنلىك تېپىپ قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇ كۆڭچىلىك ئىچىدە پۈچۈلۈنۈپ تۇرۇپ يەنە ۋارىسقا ئۈمۈت بىلەن تىكىلىدۇ. ئۇنىڭغا يۈرىكىدىن ئىشىنىدۇ...دىلنازنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئانارەدەك قىزىرىپ يەرگە

قـاراپ ئولتۇرغـان ۋارسـىنىڭ بىچـارە قىيـاپىتىنى كۆرۈشـنى خالىمىغانـدەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمىۋالدى. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كىيىن ۋارسنى تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ ئىغىز ئاچتى:

ـ ئاپـا ، سـىنىڭ مەن ئۈچـۈن قانچىلىـك جاپـا تارتىۋاتقـانلىقىڭنى بىلىمەن. خۇدايىم بۇيرىسا بالامنى ساق ـ سالامەت تۇغۇپ بولغاندىن كىيىن بىر ئۆمۈر سىنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىپ ئۆتەرمەن دەپ ئويلايمەن. مۇشـۇ بـىر ھەپـتە ئىچىدىلا مىنى دەپ بەك جۇدەپ كەتتىڭ. قارىغىنا ، كۆزلىرىڭمۇ ئولتۇرۇشـۇپ كىتىپتـۇ. شـۇڭا ئەتە ـ ئۆگـۈن دەم ئىـلىش بولغانـدىكىن يېنىمـدا ۋارس ھەمـرا بولسۇن ، سەن ئۆيگە قايتىـپ كىتىـپ 2 كـۈن ئوبـدان ئـارام ئىلىـۋال. قانـداق دىدىم ۋارس؟

ۋارس بىردەم دىلنازنىڭ مۇھەببەتلىك كـۆزلىرىگە ، بىـردەم پەرىـدە خانىمنىـڭ مەنىستىمەسـلىك ، ئىشەنمەسـلىكتەك سـۇغۇق نـۇر چىقىـپ تۇرغـان كۆزلىرىگە قاراپ نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

ـ توغرا...توغرا...شەنبە ـ يەكشەنبە كـۈنى بولغانـدىكىن مەنمـۇ دەم ئالىمەن. شۇڭا ئاپا ئۆزلىرى ئۆيگە بىرىپ ئوبـدان بىـر دەم ئىلىـپ كەلسىلە.ـ ۋارس شۇ گەپنى ناھايىتى تەستە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئىغىزىدىن چىقاردى.

ـ بولـدىلا ، سـىنىڭمۇ ئـاي كۈنـۈڭ توشـقىلى ئـازلا قالـدى. خـۇدايىم بۇيرىسا يەنە 10كۈن چىدىسام ئۇماق نەۋرەم بىلەن دىدارلىشىمەن. شۇڭا جاپـا تارتساممۇ يەنىلا ئۆزەم ھەمرا بولاي .ـ پەرىدە خانىم ۋارسنىڭ گـىپىگە ئـىرەن قىلمىغاندەك دىلنازغا قارىدى .

ـ ئاپا ، ماڭا ئىشەنمەيۋاتاملا نىمە؟ دىلناز سىلىنىڭ قىزلىرى بولغان بىلەن مىنىڭمۇ ئاپالىم. مەن ئۇنىڭغا نىمە دەپ كۈيۈنمىگۈدەكمەن ؟ خـاتىرجەم بولسـىلا ، مەن ئۇنىــڭ ھالىــدىن ئوبــدان خەۋەر ئــالىمەن.ـ ۋارس ئــۆزىنى مېھرىبانلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك دىلنازنىـڭ كـارۋىتى قېشـىغا كىلىـپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.ـ قانداق دىدىم دىلناز؟

ۋارسـىنىڭ ئوتلـۇق قـوللىرى دىلنازنىـڭ مـۇزدەك قوللىرىغا باشـقىچە ھـارارەت بەردى. ئـۇ ۋارسـقا قـاراپ مىيىقىـدا تـاتلىق كۈلۈمسـىرەپ قويغانـدىن كىيىن قايىللىق ئىچىدە بىشىنى بوشقىنا لىڭشىتتى.

ـ ئاپالىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەنسىز ھە؟ـ پەرىدە خانىم دەرىـزىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇدۇللا سورىدى.

- بولدى ئاپا، بولدى. مىنى يەنە بىئارام بولسۇن دەمسەن. قارا چاچلىرىڭغا ، ھەپتىدىن بىرى يۇيۇشقىمۇ پۇرسەت بولماي باشقىچىلا بولۇپ قاپتۇ. ھازىر مىنىڭ ئەھۋالىممۇ خېلى ياخشى. ۋارس ھەمرا بولسىلا بولدى. شۇڭا سەن قايتىپ كېتىپ 2 كۈن ئوبدان ئارام ئېلىۋال. دۈشەنبە كۈندىن باشلاپ يەنە سەن ئاۋارە بولىسەن ئەمەسمۇ؟ - دىلناز ئاپىسىنىڭ تەنە گەپلىرىدىن ئاغرىندىيۇ، يەنە ئۇنىڭ چۈۋۈلغان چاچلىرىغا، ھارغىن چىرايىغا، سەل-پەل كىرلەشكەن كىيىملىرىگە قاراپ كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم بولدى. گەرچە تاماقنى بەزىدە دادىسى، بەزىدە ئائىلە خىزمەتچىسى، بەزىدە ۋارس تۇشۇپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشىنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى دىلنازمۇ ئوبدان بىلەتتى.

پەرىدە خانىممۇ ئۆزىنىڭ چارچىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ۋارسنىڭ پاكىزە، چىرايلىق كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كىرلەشكەن،پۇرلاشقان كىيىملىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئوغىسى قايىنىغاندەك بولدى. ئەزەلدىن ئۆزىنى راۋۇرۇس تۈزەپ يۈرىدىغان بۇ بوغماق خانىمنىڭ بۇگۈنكى تۇرقى ھەقىقەتەن ئۆزىگە ئوخشىمايلا قالغان ئىدى. توغرا، دىلنازمۇ يەڭگىلى ئازلا قالدى. يەڭگىلەندىن كېيىن يەنە ئۆيگە ئېلىپ كېتىدىغان گەپ، ئارقىدىن ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. شۇڭا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بولسىمۇ ئۆزەمنى ئوڭشىغاچ ئۆينى بىر قۇر تازىلاپ يىغىشتۇرىۋالاي، كەم-كۈسىلارنى ئېلىۋالاي...پەرىدە خانىم دىلنازنىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق تاپقاندەك ئاستا بېشىنى لىڭشىتىپ، ۋارسقا قارىدى.

-مىنى خاتىرجەم قىلالامسىز ۋارس، ياتاقتا باشقا ئادەم يوق ، دىلناز يالغۇز قالسا ھەرگىز بولمايدۇ جۇمۇ.

- ۋاي خاتىرجەم بولسىلا ئاپا، يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايمەن. - ۋارس پەرىدە خانىمنى خاتىرجەم قىلماقچى بولغاندەك ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن جاۋاپ بەردى.

- بولدىلا ئاپا، نىمانداق ئەنسىرەپ كېتىسەن. ۋارسقا ئىشەنمىگەندەك بەك ئەزۋەيلەپ كەتتىڭ. ئۇنى خىجىل قىلمىغىنا .

- بولدۇ، بولدۇ. خىجىل قىلماي، ئۇمۇ ئادەم بولغاندىكىن كاللىسى بىلەن بىر ئىش قىلار . ئۇنداقتا تاماقنى بولسىمۇ مەن ئەكىلىپ بىرەي.

- بولدى ئاپا، ئاۋارە بولما، ئۆي بىلەن دوختۇرخانىنىڭ ئارلىقىمۇ

خېلى بار. تاماق ئېتىمەن، تۇشۇيمەن دىسەڭ قانداق ئارام ئالىسەن، 2 كۈن دىگەن تاماقنى ۋارىس سىرتتىن ئەكىلىپ بېرىدۇ. سەن تاماقنىڭ ئىشىنى قويۇپ ئۆيدىكى ھەدىمىز بىلەن باشقا تەييارلىق ئىشلىرىڭنى قىلىۋال.

ـ شۇنداق قىلىڭ ئاپا. مەن تاماقنى سىرتتىنلا ئەكىرىمەن. 2كۈن بولسىمۇ دىلنازنى ئامراق تاماقلار بىلەن بېقىۋالاي،ـ ۋارىس گىپىنىڭ ئاخىرىنى پەرىدە خانىم ئاڭلاپ قالمىسۇن دىگەندەك دىلنازنىڭ قولىغا كىلىپ پىچىرلىدى.ـ ئاچچىق كالا گۆشى ئۆگرىسىدىنمۇ بىر پىيالە ئىچىۋېلىڭ...

دىلنازنىڭ كۆڭلى ۋارىسنىڭ ئەركىلىتىشىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. مۇھەببەت دىگەن يەنىلا شۇنچىلىك ئۇلۇغ نەرسە، ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ بىر ئېغىز تاتلىق سۆزىمۇ، چاقچىقىمۇ ئادەمگە ئالەمچە ھۇزۇر، كۈچ ـ ماغدۇر ئاتا قىلىدۇ. جەننەت بەختىگە چۆمدۈرىدۇ. دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە نىمىشقىدۇر لىققىدە ياش كەلدى. ئۇ ۋارىسنىڭ قاپقارا ئۇلىما قاشلار ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرىگە مۇھەببەتلىك ئىنتىلىش ئىچىدە زارىقىپ تىكىلدى.

قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان پەرىدە خانىمنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولدى. ۋارىسنىڭ يۇشۇرۇن گەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىندىمۇ، ياكى ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن بىئەپ ھىس قىلدىمۇ، خاپا بولغاندەك باشقا ياققا قارىۋالدى. نىمىشقىكىن ۋارىسنى تۇنجى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ قىلىقلىرى كۆزىگە سىغماي كەلگەن ئىدى. قىزىنىڭ بىر نامرات دىھقان بالىسىغا ياتلىق بولۇپ قېلىشىغا ئىچىنغاندەك ئۇنىسىز ئازاپلىنىپ ئۆتتى. ئارىلىقتا ۋارىسنىڭ ۋاپادارلىقى، ئەخلاقى، تىرىشچانلىقى ئۇنى بىر مەھەل تەسىرلەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئۇنىڭدىن رازى بولالماي كەلدى. بۇلۇپمۇ دىلنازنى ئۆيگە ئەكىلىۋالغاندىن كېيىنكى ۋارىستىكى ئۆزگۈرۈشلەر ئۇنى تولىمۇ بىئارام قىلىپ كەلگەن ئىدى.

ـ بوپتۇ ئەمىسە ۋارىسجان. دىلنازنى 2 كۈن سىزگە تاپشۇردۇم. ئۇنىڭغا ھەمرا بولدۇم دەپ ئۇخلاپ ئولتۇرماي، پات ـ پات دوختۇرلاردىن ئەھۋال ئۇقۇپ تۇرۇڭ، دىلنازنىڭ ، بالىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈتۈپ تۇرۇڭ جۇمۇ.ـ پەرىدە خانىم ئاچچىغىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك تەنە قىلدى.

ـ بولىدۇ ئاپا.

ۋارىس پەرىدە خانىمنىڭ گەپلىرى ئۆزىگە ھەقىتەك بېشىنى تۇۋەن

قىلىپ، مۇلايىملىق بىلەن جاۋاپ بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يەنە بىر مۇنچە ئۇرۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلىدى. پەردە خانىم دىلنازغا تاماق بېرىش ۋاقتى، ئۇكول سالدۇرۇش ۋاقتى، ئۇنىڭ پۇت-قولىنى تۇتىدىغان ۋاقتىدىن باشلاپ تەپسىلى توختالدى. كىچىسى ئۇخلاپ قالماسلىقنى قايتا-قايتا تاپىلىدى. ئۇ ۋارىس ئەكەلگەن تاماقتىن دىلنازغا ئۇبدانلا يىگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ،ئۇنىڭ چىرايىدىكى باشقىچە خوشاللىققا قاراپ كۆڭلى بىر ئاز جايىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ نازىرنىڭ شوپۇرىغا تېلىفون قىلىپ قويۇپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى، دىلنازنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىنى قايتا رەتلىدى. قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك دىلنازنىڭ مەڭزىگە ئانىلىق مېھرى بىلەن قېنىپ سۆيدى. يەنە كۆڭلى ئارام تاپمىغاندەك ۋارىسقا دىلنازغا ئوبدان قاراش توغرۇلۇق قايتا-قايتا تاپىلىدى. شوپۇر ياتاققا كىرىپ كەلگەندىن كېيىن ياتاقتا دۈۋىلىنىپ قالغان سوۋغاتلارنى تەستە كۆتىرىپ خوشلۇشۇپ ماڭدى...

كارۋات بېشىدا دىلنازنىڭ نازۇك قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، ئىدارىسىدىكى بەزى قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان ۋارىسنىڭ تۇرقىغا قارىغان ئادەم ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايتتى. قارىماققا ئۇلار شۇنچىلىك ئىجىل. شېرىن ۋىسال دەملىرىگە قېنىشمىغان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئۆلگىسى. دىلنازنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان زارىقىش، ئۆتتەك مۇھەببەت. ھەر ئىككى ياش تېلىقىپ كۈلۈۋاتىدۇ، بىر-بىرىگە ئاجايىپ سۆيگۈ تاماسىدا تىكىلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە زىددىيەتلىك خىيال. ۋارىسنىڭ خىيالىدا بوگۈن كەچتىكى ئۇچرىشىش، ئوتلۇق تىنىق، نازلىق ئىڭراش، تۇمۇر-تۇمۇرلارنى لەرزىگە سالىدىغان تۇيغۇ...دىلنازنىڭ خىيالىدا ۋارىستىكى ئۆزگۈرۈش، ئۇنىڭدىكى سالاپەت، ئۆتكۈر ئەتىر ھىدى، ئەنىسىز سايرايدىغان تېلىفون، ھېلىقى 11 خانىلىق سان-سىفىر...لېكىن بۇ خىياللار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىلا تەۋە، ئۇلار گەرچە مەجبۇرى ھالدا شۇنچە قىزغىن مۇڭدىشىۋاتقان بولسىمۇ، سىرلىق كۆزلەر بۇنىڭغا گۇۋاھ. ئەنسىز سوقىۋاتقان يۈرەكلەر بۇنىڭغا گۇۋاھ.

دىلنازنىڭ ھەپتىدىن بىرى يۈيۈلمىغان چۇۋۇلغان چاچلىرىنى بوشقىنا سىلاپ ، خىياللار ئىچىدە ئولتۇرغان ۋارىس دىلناز ئالدىدا تېلىفوننىڭ سايراپ قېلىشىنى خالىمىسىمۇ ، لېكىن يەنە قانداقتۇر بىر خىل ئىستەكتە پات-پات

كاستيومىنىڭ يانچۇقىنى تۇتۇپ قوياتتى. ئۆزىنى تەشنا قىلغان قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئارىلىقتا قايسىبىر ئاغىنىسىگە تېلىفۇن قىلىشنى باھانە قىلىپ ، يېڭى ئۇچۇر بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئەپسۇس، رەيھاندىن بىرەرمۇ ئۇچۇر يوللانمىغان ئىدى. ئۇ تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. تېلىفۇن قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا باھانە تاپالماي بىئارام بولۇپ كەتتى . كىسەلچان ، ھارغىن چىراي ئاياللىنىڭ قېشىدا زورىغا كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ، مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشتىن زىرىكىپ، رەيھانىنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمىنى ، شېرىن لەۋلىرىنى، ئوتتەك بەدىنىنى سېغىنىشقا باشلىدى . ئاجايىپ تۇيغۇ، يۈرەكنى ھاياجانغا سالىدىغان ناز-خۇلۇق، دىلنازدىن ئېرىشىپ باقمىغان ئۆزگىچە لەززەت... ۋارىس بىر پەس شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ، لەۋلىرىنى نەچچە رەت يالاپ چىققاندىن كېيىن، تۇرۇپلا كالللىسىنى قايتا-قايتا سىلكىۋەتتى. گەپتە ئېزىپ كېتىپ، دىلنازدا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۆزىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى، چىرايىغا يەنە زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئامالسىز ساختا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى.

- دىلناز، بالىمىز قىزمىدۇ ياكى ئوغۇلمىدۇ، شۇنداق بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ مىنىڭ ؟- ۋارىس سوئال نەزىرى بىلەن دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە دىققەت قىلغاچ، ئۇنىڭ تولۇمدەك يوغۇناپ كەتكەن قورسىقىنى بوشقىنا سىلىدى.

- قىز بولسا خوشال بولامسىز ياكى ئوغۇل بولسىمۇ؟-دىلناز ئېرەنسىزلا سورىدى.

-ئەلبەتتە ئوغۇل بولسا خوشال بولىمەن، "ۋاھىتجان"

دېگەن ئىسمىنى ئويلاپ قويغىلى خېلى بولدى. ھەر راست، ب چاۋدا تەكشۈرتكەندە دوختۇرلار نىمە دىدى؟

- ھېچنەرسە.-دىلناز ۋارىسنىڭ ھاياجاندىن يېنىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ئۇھسىندى.- خۇدايىم نىمە بەرسە شۇ بۇلار.

-ئوغۇ شۇ دىلناز، لېكىن سىزچە قىز بولسا ياخشىمۇ، ئوغۇل بولسىمۇ؟-ۋارىس دىلنازنىڭ چىرايىدىكى سۇلغۇنلۇق، بىئاراملىقنى ھېس قىلمىغاندەك ئالدىراپ سورىدى.

- مەن ھازىر نىمە دىيىشىمنى بىلمەيمەن. قىز بولسۇن ، ئوغۇل

بولسۇن خۇدايىم بەختىنى بەرسىلا بولاتتى. بۇ دۇنيادا قىز بالا بولۇپ ياشىماق تېخى تەس تۇرسا، ئۇغۇللاردا تېخى ۋاپا بولمىسا.ـ دىلناز سۆزىنى تۈگۈتۈپ ۋارىسنىڭ ئۇگۇشكە باشلىغان چىرايىغا سۇلغۇن كۆزلىرىنى تىكتى. ۋارىسنىڭ يۈرىكى دىلنازنىڭ قارىشىدىن خۇددى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان ئادەمدەك رىتىمسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇ دىلنازنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆزلىرىنى دەرھال باشقا ياققا ئاغدۇردى.

ـ بۇ...بۇ...بۇ نىمە دېگىنىڭىز؟ ئوغۇل بولۇپ قالسا، چۇقۇم ۋاپالىق، ئىنساپلىق ئوغۇل بولىدۇ. خۇدايىم بەختىنى بېرىدۇ. ياخشى تىلەكلەرنى تىلىمەي نىمانداق كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىسىز...ـ ۋارىسنىڭ تىللىرى كالۋالىشىپ، دۇدۇقلاپ كەتتى.

ـ ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، دادىسىنىڭ خاراكتېرىنى تارتقاي، تىرىشچان، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ۋاپادار بولغاي، سىزدەك ئايالىغا ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان ئەر بولغاي. بىر ئۆمۈر ياخشى كۈنگە ئېرىشكەي...

بىچارە قىز تىلەكلىرىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئىچ-ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئۆكسۈش ۋە ئازاپىنى يۇشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، تۈيۈقسىز ئىسەدەپ كەتتى. ئالقانلىرى بىلەن گىرىمسىز، نۇرسىز كۆزلىرىنى تۇسۇۋېلىپ بىر ھازا ياش تۆكتى. سىزدەك ۋاپاسىز ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن، ئايالىنى دەرتتە قويىدىغان تۈزكور بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن. ئايالى يولىغا تەلمۈرۈپ زار بولۇپ كەتسىمۇ، يەنە سىرتتا ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خوشى بىلەن ئالدىراش بولىدىغان يىگىت بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن، ئايالىنىڭ ھەسرەتلىك ئۇھلىرىغا، مۇڭلىرىغا، كۆزىدىكى ئازاپلىق ياشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئۆزىگە " نىمە ئۇچۇن " دەپ سۇئال قويمايدىغان، ئازراق پۇل، خوشاللىقنى كۆرۈپ ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇپ كىتىدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن...دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە دەرتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ۋارىسنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى. قارىماققا بىر قانچە كۈندىن بىرى قەلبىنى بۇرۇختىما قىلىپ كەلگەن ھەسرەت- ئازاپلىرىنى، كۈنچىلىكلىرىنى ئىچىگە پاتۇرالماي، ھەممىنى ئاچچىق يىشىدىن ئىپادىلىماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ۋارىسنىڭ " نىمە بولدىڭىز" دەپ قايتا- قايتا سوراشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، تازا قېنىپ يىغلىۋالدى.

دىلناز بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قالغان ۋارسىنى كۆرۈپ يەنە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. ياشلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن ئېتىك سۈرتۈپ، ۋارسىنىڭ تىترەپ كەتكەن قوللىرىنى ئاستا تۇتتى.

ـ ھاياجانلىنىپ كىتىپتىمەن. بالامنىڭ بەختىنى ئويلاپ...

ـ مىنى بەك ئەنسىرەتتىڭىز. مۇشۇ يېقىندىن بۇيان يۈرۈگۈم ئېغىپلا تۇرىدۇ. كۆزلىرىڭىزدىن، سۆزلىرىڭىزدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم مەن....ـ دىلنازنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى بىر ئاز جايىغا چۈشكەن ۋارسىنىڭ تاتىرىپ قالغان چىرايىغا يەنە قىزىللىق يۈگۈردى. ـ بۇنداق ھاياجانلانماڭ. ساق ـ سالامەت يەڭگىشىڭىزگە تەسىر يېتىدۇ جۇمۇ.

ـ بولىدۇ دادىسى، مەن دىققەت قىلاي.

"دادىسى" دىگەن سۆز غەلىتە بىلىنىدىمۇ، ياكى ئاتىلىق شەرىپىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندىمۇ ۋارسىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتا يوغان ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كارۋات يېنىدا زوڭزىيىپلا ئولتۇرۇپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك دىلنازنىڭ قېشىغا تېخىمۇ يېقىن كەلدى.

ـ نىمە دىدىڭىز، قايتا بىر دەڭە. يۈرۈگۈم ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى مىنىڭ .

دىلناز ۋارسىنىڭ كەيپىياتىدىن ئالەمچە خوشال بولدى. يەنىلا "چىرايلىق سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ" دەپ ، بىر ئېغىز گەپنىڭ ۋارسقا بەرگەن تەسىرىدىن سۆيۈندى. ئۇنىڭ نىمشقىدۇر تۇرۇپلا ئەركىلىگۈسى كەلدى. تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ، بىر چاغلاردىكى ئەڭ شىرىن دەملەردە قىلىدىغان ئامراقلىقى بىلەن ۋارسىنىڭ ئىككى قولىنى مۇھەببەت بىلەن تۇتۇپ پىچىرلىدى.

ـ دادىسى. جېنىم دادىسى...

ھاياجانلىق مىنۇتلار باشلاندى. بىر مەزگىللىك يۇقالغان ئەرلىك مەسئۇلىيەت، ئاتىلىق مەجبۇرىيەت قايتىدىن بىخ سۈردى. "دادا" دىگەن سۆز ۋارسىنىڭ يۈرىكىنىڭ قات ـ قاتلىرىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دادا بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلىۋاتقاندەك، بۇ خوشاللىققا ئەمدى ئېرىشىۋاتقاندەك ئەڭ بەختىيار دەقىقىلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئالدىدىكى دىلنازنى بىر مەزگىل يوقۇتۇپ ئەمدى ئۇز قويىنىغا قايتۇرۇپ كەلگەندەك ، ئۇنىڭ

ياشــلىق يــۈزلىرىنى ئــوتتەك ئالقــانلىرى ئارىســىغا ئالــدى. ئــۇ دىلنازنىــڭ كۆزلىرىدىكى ئىنتىلىش، ئاشىقلىق نۇرىغا بەرداشلىق بىرەلمەي ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قۇچاقلىدى...

ۋارسىنىڭ قۇيۇن يەنچۇقىدا تۇيۇقسىز سايرىغان تېلېفۇنىنىڭ ئاۋازى ، بىــر ـ بىــرىگە گىرەلىشــىپ ئەڭ تــاتلىق ھىســلارغا چۆمــۈلگەن ئەر ـ خوتۇنىنىــڭ خىياللىرىنى بۇزىۋەتتى. ئىككى ياشنىڭ چىڭ چاپلاشقان كۆكرەكلىرى ئارىسىدا چۆلدىكى قاغىنىڭ ئاۋازىــدەك چىقىۋاتقــان قوپــال مۇزىكــا ھەر ئىككــى ياشــنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزلىككە سېلىۋەتتى. ۋارس دىلنازنىڭ يۈزىمــڭ سۇئال تولۇلۇپ تۇرىۋاتقان كۆزلىرىگە قارىماستىن ئالدىراش يانچۇقىدىن تېلېفۇننى ئالدى ـ دە، نومۇرغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپلا قالدى. كۆز ئالدىدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. "ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك" دېگەندەك ، تۆكــۈرىكىنى نەچــچە رەت يۇتــۇپ، دىلنازنىــڭ كــۆزلىرىگە قــاراپ ســالدى. نىمانــداق قورقۇنۇشــلۇق كــۆز؟ ئــۇ ماڭــا نىمانــداق يــات مەخلۇققــا قارىغانــدەك سۇغۇق قارايدۇ؟ ئۇ خۇددى بــۇ تېلېفۇنىــڭ رەيھانــدىن كەلگەنلىكىنــى بىلىــپ قالغانــدەكلا قىلامــدۇ نىــمە ؟...ۋارس خىيــاللار ئىچىــدە بويىنىغا گىرەلەشــكەن دىلنازنىڭ قوللىرىغا قاراپ سالدى. ئۇنىڭ قوللىرى ھازىرلا ئــۈزىنى بوغــۇپ ـ بوغــۇپ ئۆلتۈرىۋېتىدىغانــدەك بىلىنىــپ، بــوينىنى تــېزلا ئۇنىــڭ قوللىرىــدىن ئــاجراتتى. لــېكىن ئــۇ ئەقىللىــق كەلــدى. تېلېفــۇننى "ئــالايمۇ ـ ئالمــايمۇ" دەپ دەقىــقە ئىككىلەنگەنــدىن كــېيىن، دىلنازنىــڭ باشــقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىــلەن كۇنــۇپكىنى باستى.

ـ ۋەي كىمۇ؟ ـ ۋارس بىر نەچچىنى ئېغىر تىنىۋالغانــدىن كــېيىن ، ناھايىتى ئىرەنسىز ھالەتتە سورىدى.

تېلېفۇندىن بىر قىزنىــڭ شــۇنچىلىك زىــل ئــاۋازى ئاڭلانــدى، بەزىــدە ئەركىلىگەندەك، بەزىدە بــۇيرۇق قىلىۋاتقانــدەك چىقىۋاتقــان بــۇ ئــاۋاز يــۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشــىپلا قالغــان دىلنــازنى ئــازاپ دېڭىزىغا تاشــلىدى . ئــۇ شــۇ دەقىقىلەر ئىچىــدە ھېچقاچــان تارتىــپ باقمىغــان بىــر دەرتنــى تارتىــپ ئــۆتتى. يـــۈرەكلىرى تىنىمســـىز مۇجۇلـــۇپ، ئـــامبۇردەك قىســـىلىپ ، نىرۋىلىـــرى قالايمىقانلىشىپ كەتتــى . ئۇنىــڭ شــۇ دەقىقىلەردىكــى ئــازابى نەچــچە ئايــدىن بىرى تارتقان ئازاپلىرىدىن كۆپ، ھەسرەتلىرىدىن ئېغىــر ئىــدى. ئــۇ ۋارســنىڭ

ئۆگـۈپ كىتىۋاتقـان چىرايـى، كۆزلىرىــدىكى جىــددىيلىك، تىلىفـۇن تۇتقـان قوللىرىنىــڭ تىترەشـلىرى ۋە گەپ-سـۆزلىرىدىكى كىكەچلەشـكىچە دىققـەت قىلدى. ئۇنىڭ " هە، هە، ماقۇل، ماقۇل..." دەپ جاۋاپ بىرىـپ تـۇرۇپ، ئـۆزىگە پـات-پـات ئەنسىــز قـاراپ قويىشــىدىن قانــداقتۇر بىــر كۆڭۈلسىزلىكنى سىزىپ يەتتـى. كـۆكرەك قەپىـزىگە پاتماي قالغان يـۈرىكنى پات-پات سىلاپ قويۇپ، ۋارستىن نېرىراقتا سۇرۇلۇپ ئولتـۇردى. ئـۇ شـۇ تـاپ ئۆزىگە هاي بىرىپ ئولتۇرمىسا، ۋارسىنىڭ قولىدىن تېلىفۇننى يۇلۇپ ئېلىپلا ، تېلىفۇنـدىكى قىزنىـڭ كىـم بولىشـىدىن قەتئىـنەزەر ئەڭ سـەت گەپـلەر بىـلەن تىللاپ تاشلايدىغاندەكلا قىلاتتى.

ۋارس بىر مۇنچە "هە،ماقۇل" دىـن كـيىن " مەن سەل تۇرۇپ چۈقۇم بارىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ..." دىـگەن گەپ بىـلەن تېلىفـۇننى ئـۈزدى. تېلىفـۇننى ئـۈزۈپلا بىــر نەرسـىلەرنى ئاقتۇرغـان بولـۇپ، تېلىفۇننى تىترەك هالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى. ئـۆزىنى ئەڭ مۇشـكۇل هـالەتكە قويغان تېلىفۇندىن ئۆچىنى ئالماقچى بولغانـدەك، ئـۇنى مۇجـۇپ پـارە-پـارە قىلىۋېتىدىغانــدەك كۈچلـۈك ئالقانلىرىـدا چىـڭ سـىقتى. ئـۇ ئـۆزىنى بىــردەم ئوگشــۋالغاندىن كــيىن، ئۇرۇنــدۇق يۆلەنچۈكــدىكى لــۆڭگىنى ئېلىــپ، پىشانىلىرىدا تەپچىپ تۇرغان تەرلەرنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

-كىمـكەن ئـۇ؟ ئەجەپ جىددىيلىشـىپ كەتتىڭىـز.-دىلنـاز ئـۆزىنى تۇتىۋېلىشقا قانچە تىرىشسىمۇ ، يەنە ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

-هە..هە...بىزنىــڭ ئىدارىــدىكىلەر.-ۋارس دىلنازغــا قارىمــايلا، قولىدىكى لۆڭگىنى قاتلىغان بولۇپ جاۋاپ بەردى.

- هە. بىرقىزنىڭ ئاۋازىدەكلا قىلىدىغۇ؟

-شـۇ..شـۇ...بىزنىـڭ ئىدارىـدىكى بىـر قىـز، -ۋارس دىلنازنىـڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلدى. ئۇنىـڭ چىرايىـدىكى بـايىقى كـۈلكە-تەبەسسۇملار نەلەرگىدۇ يوقالغان ئىدى. ۋارس دىلناز هەممە ئىشلارنى بىلىـپ قالغانـدەك ، بىــر قىزنىــڭ ئاۋازىــدەكلا قىلىــدىغۇ دىــگەن ســۇئالى خـۇددى " ئـۇ ئىدارىڭىزدىكى قىز ئەمەس، ئۇ دىگەن ئاشنىڭىز، مىنىـڭ يـۈرىكىمنى دەرتـكە قويـۇپ، كۆڭـۈل ئېچىۋاتقـان پەسـكەش بـۇزۇق. هېلىقـى غەلـتە كىيىنىـپ يۈرىدىغان شۇم بۇيا رەيهان..." دەپ ئاگىلىنىۋاتقاندەك دۈدۈقلاپ تۇرۇپ قايتـا-قايتـا چۈشـەندۈرۈپ كەتتـى.- بـۇ...بـۇ...بۇگـۈن جۇجـاڭ يوقۇرغـا

يوللايـدىغان بىـر ماتىرىيـالنى ئىشلەشـكە ئۇرۇنلاشـتۇرغان، خىـزمەت ۋاقتىـدا تۈگۈتۈپ بولالمىدۇق. شۇڭا كەچتە بىرقانچىمىز جابەر ئىشلەپ ئەتە-ئەتىگەندە يـوللاپ بولـدىغانغا دىيىشـكەن. مەن...مەن بۇگـۈن سـىزگە ھەمـرا بولىدىغانلىقىمنى بىلمىگەچكە ...

ۋارىس سـۆزىنىڭ ئـاخىرىنى دىـيەلمەي قالـدى. نىمىشـقىمۇ كەچـتە قونىدىغان بولغاندىكىن تېلىفۇننى ئېتىۋەتمىگەنـدىمەن دىگەنـدەك ئۆكۈنـۈش خىياللىرىدا قىينالدى.

- شۇنچە مۇھىم خىزمەتمىـدى ئـۇ ؟ -دىلنـاز ۋارىسـنىڭ سـۆزلىرىگە ئىشەنمىسىمۇ يەنە ئۇنى سىناپ باقماقچى بولدى.

- ھە...بەك مـۇھىم خىـزمەت. ئىـدارىنىڭ مەملىـكەت دەرىجىلىـك ئىلغارلىق ماتىرىيالى ئىدى.

-سىز بارمىسىڭىزمۇ باشقىلار ئىشلەپ يوللىيالار؟

-يوللايدۇ...لېكىن...لېكىن شۇ بىر قىسىم مۇھىم سان-سىفىرلار مەندە ئىدى. رەھبەرلىك بەك تاپىلاپ كەتكەن.

-ئەجەپ سـىلەرنىڭ ئىدارىـدا قىزلارمـۇ ئىسـمىنا قوشـۇپ ئىشلەيدىكەن دىسە، سىزگە تېلىفۇن قىلغان قايسى قىز ئۇ؟

- ئـۇ...ئـۇ...-ۋارىس دىلنازنىـڭ بۇنـداق سـۇئال سـوراپ قىلىشـىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئەمـدى نـىمە دەپ جـاۋاپ بىرىشـى كېـرەك. ئـۇ ئاساسەن ئىدارىسىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسـىنى تۇنۇيـدىغان تۇرسـا. ۋارىسـنىڭ كاللىسىغا تىزلا بىر ئىش كەلدى.- يېڭى كەلـگەن قىـز. مەخسۇس ئىـدارىنىڭ ماتىرىياللىرىنى باسىدۇ.

- ھە مۇنداق دەڭ. سىزنىڭلا ماتىرىيالىڭىزنى باسامدۇ ياكى ھەممە ئادەمنىـڭ ماتىرىيـالىنى باسـامدۇ؟ - دىلنـاز خـۇددى ئۇيـۇن ئويناۋاتقانـدەك قەستەن سوراشقا باشلىدى.

-بۇ نـىمە دىگىنىڭىـز. يـا ئـۇ مىنىـڭ مەخسـۇس كـاتىۋىم بولمىسـا. ئىـدارىنىڭ ماتىرىيـاللىرىنى باسـىدۇ دىـدىمغۇ سـىزگە،- ۋارىس دىلنازنىـڭ سۇئالىدىن تىرىككەندەك قاپاقلىرىنى تۈردى.

- ئەمدى دەيمىنا، شەخسى ماتىرىيـال باسـىدىغان قىزلارمـۇ بـاركەن دەپ ئاڭلىغانتىم...

ۋارىسنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. " نىمە دىگەن يامان ئايـال

ھە؟" دەپ ئـۆز-ئـۆزىگە پىچىرلـىدى. ئـۇ بۇنـداق يۇۋاشـلىق بىـلەن چۈشـەندۈرۈپ ئولتۇرسـا ئوسـال ئەھۋالغـا چۈشـۈپ قالـىدىغانلىقىنى بىلىـپ، دەرھاللا مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى.

- ئەجەپ بىتايىن گەپلەرنـى قىلىـدىغان بولـۇپ قاپسىزغۇ، خـۇددى باشقا بىر ئىشلاردىن گۇمـان قىلىۋاتقانـدەكلا . خىزمەتـداش دىـگەن ئاشـۇنداق بەزىدە بىرگە كامانـدىروپكىغا چىقىـدىغان، بىـرگە جـابەر ئىشـلەيدىغان گەپ. ماڭـا ئىشەنمەمسـىز يـا؟ مەنمـۇ شـۇ قانـداق قىلسـام ياخشـى ئىشـلەيمەنكىن، رەھـبەرلىككە ياخشـى بـولالايمەنكىن دەپ تىرىشـىۋاتىمەن. مىنىـڭ شـۇنداق جاپالىق ئىشلىشىممۇ شۇ ئائىلەم ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ يا مەن ھازىر سىزنى تاشلاپ قويۇپ، ئىشلىگىلى بارىمەن دىمىسەم يە؟...-ۋارىس يۇقـارقى گەپنـى خـۇددى پىلىمۇتتىن ئوق چىقىۋاتقاندەكلا ئۈزمەي تۆكەتتى. تۆگـتىپلا دىلنازدىن نارازى بولغاندەك ئۇنىڭ قوللىرىنى قويىۋېتىپ، ياندىكى چىرايلىق راسلانغان كارۋاتقا كىلىپ ئۆزىنى تاشلىدى.

- بولـــــدى، بولـــــدى. چاقچـــــاق قىلىـــــپ قويـــــدۇم. ئەجەپ قىيىدىۋالىدىكەنسىز. بەك مۇھىم ئىش بولسا بېرىپ كىلىڭ...

ۋارىس دىلنازنى "راسـت دەۋاتامـدۇ" دىـگەنـدەك بېشـىنى كۆتىرىپ قاراپ قويىدى.

- بولـدى بارمـاي. ئاپـامۇ كەتـكەن تۇرسـا، سـىزنى يـالغۇز قويـۇپ قانــداقمۇ بىــر يەرگە بــارالايمەن. ماتىريـــال يوللانمـــاي قالســـا يـــا بۇلـــۇم دەرىجىلىكتىن چۈشرىۋىتەر ياكى بىر-ئىككى دەرىجە مائاشىمنى ئېلىۋىتەر شۇ .

دىلناز ئىككىلىنىش ئىچىدە تەمتىرەپلا قالدى . ئەگەر ئـۆزى بىھـۇدە گۇمانلارنى قىلىپ سالغان بولسا، ۋارىسنىڭ دىگىنـى راس بولـۇپ قالسـا نـىمە دىگۈلـۈك ؟ رەھبەرلـىك ئۇنىڭغـا ئىشـىنىپ شـۇنداق مـۇھىم خىزمەتلەرنـى تۇتقۇزىۋاتىدۇ. بۇلۇم باشلىقلىقىمۇ ئۆستۈردى. ئەمدى مەركەزگە يوللايـدىغان ماتىرىيالغا سەل قاراپ، ۋاقتىدا ئىشلەنمەي قالسا ئۇنىڭ ئـاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. "مەملىكەت دەرىجىلىك ئىلغار ئـورۇن" شـەرىپىدىن مەھرۇم قالسا ، ۋارىسـنىڭ بۇنـدىن كىيىنمـۇ خىـزمەت ئىسـتىقبالىغۇ زور تەسـىر يىتىـدۇ...دىلنـاز زىـددىيەتلىك خىيـاللار ئىچىـدە ئـۇزاقتىن-ئـۇزاق قىينىلىـپ ياتتى. ئۇ ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلاپ كۆزىنى چىڭ يۇمغۇنىچە ياتقان ۋارىسقا پات-پات قاراپ قويۇپ، بىر نەرسە دىيىشكە ئۇرۇنىدىيۇ، يەنە نەچچە قېتىم توختاپ

قالدى. بىرىلىك دىسە ئۆزى يالغۇز قالدۇ. بارماق دىسە مۇھىم خىزمەتكە تەسىر يىتىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟...دىلناز ئۇيان-بۇيانغا نەچچە رەت ئۆرۈلۈپ، ئۆز-ئۆزى بىلەن كەسكىن مۇنازىرە قىلغاندىن كىيىن ئامالسىز ئېغىز ئاچتى.

-ۋارىس بۇياققا كىلىڭە.

ۋارىس دىلنازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەك بىر ئۇزاق يىتىۋەتكەندىن كىيىن، ناھايىتى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ دىلنازنىڭ قېشىغا خوشياقمىغاندەك كىلىپ، ياندىكى ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇردى.

- مىنى تازىلىق ئۆيىگە ئەكىرىپ چىقىڭ. سىز كەلگۈچە تەرەت قىلغۇم كىلىپ قالسا قىينىلىپ قالماي...-دىلناز ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇرۇۋسقا قاراپ ئولتۇرغان ۋارىسقا قولىنى ئۇزاتتى. - ۋارىس مەن گەپ قىلىۋاتىمەن.

ۋارىس ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. " ئاخىرى ئىشەندۇردۇم. خۇداغا شۈكرى " دەپ ئۆز-ئۆزىدىن رازى بولۇپ دىلنازنىڭ قېشىغا باردى.

-قانچىلىك ۋاقىتتا تۈگەر ئۇ ئىشىڭىز؟

-بىرەر سائەتتە تۈگەرمىكىن. مۇمكىن بولسا مەندىكى ماتىرىياللارنى تاشلاپ بىرىپلا كىلىمەن.

-ئەمىسە تىز بېرىپ كىلىڭ. خىزمەتداشلىرىڭىز ساقلاپ قالمىسۇن؟- دىلناز گەپنى شۇنچە سىلىق دىيىشكە تىرىشىۋاتىسمۇ، لىكىن " ساقلاپ قالمىسۇن " دىگەن گىپى يەنىلا ناھايىتى ئۇرغۇلۇق چىقىپ كەتتى.

-مەن كەتسەم سىز قانداق قىلىسىز. ئاپام يالغۇز قالمىسۇن دەپ شۇنچە تاپىلىغان تۇرسا. بولىدىلا دىلناز. مەن يەنىلا بارماي .- ۋارىس ئىشىكتىن چىقىشقا شۇنچە ئالدىراپ تۇرسىمۇ، دىلنازنىڭ بېرىپ كىلىڭ دىگەن گىپىنى ئاڭلاپ رەيھاننىڭ سىماسى كۆز ئالدىغا كىلىۋېلىپ، يۈرىكى ھاياجان ئىچىدە تىپىرلاپ تۇرسىمۇ يەنىلا ھىسياتىنى يۇشۇرۇشقا تىرىشتى.

-ھېچقىسى يوق. بىرەر سائەت دىگەن تېلىۋۇزور كۆرگەچ تۇرىمەن. بەك جىددى ئىش بولۇپ قالسا سىستىرالارنى چاقىرىمەن. ھازىر ئەھۋالىم خېلى ياخشىغۇ، سىز خاتىرجەم بېرىۋېرىڭ. لىكىن قايتىپ كەلگەندە ماڭا ئالما ئالغاچ كىلىشنى ئۇنۇتماڭ، ئالما يىگۈم كىلىۋاتىدۇ ...

-ئۇنداقتا مەيلى. مەن تىزلا بىرىپ كىلەي. بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ماڭا تېلفۇن قىلىڭ جۇمۇ، سىزدىن ئەنسىرەپ قالىمەن. ھە راس، مىنىڭ ئىدارىغا كەتكىنىمنى ئاپام ئۇقۇپ قالمىسۇن، بولمىسا كۆرىدىغان كۈنۈم بار مىنىڭ ...-ۋارىس چاقچاق قىلغاندەك دىلنازنىڭ مەڭزىنى بوشقىنا چىمداپ قويدى.

-تىز بىرىپ تىز كىلىڭ ئەمىسە، مەن يولىڭىزغا قاراپ قالماي...

دىلناز كارۋاتتىن چۈشكەچ ۋارىسقا يۆلەندى. ۋارىس دىلنازنىڭ بىر قولىنى بويىندىن ئۆتكۈزۈپ ، بىر قولى بىلەن بىلىنى تۇتۇپ ئاۋايلاپ تازىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. دىلناز ۋارىسنىڭ كۆكرەكلىرىدىن ئاجايىپ بىر ئوتلۇق ھارارەتنى ھىس قىلدى. ئۇنىڭ تىنىمسىز سوقۇپ كىتىۋاتقان يۈرىكىنى قايتا-قايتا تىڭشىماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى. ئۇ ۋارىسنىڭ بىر ئۆمۈر ئۆزىنى مۇشۇنداق ھاپاش قىلىشىنى، ئۆزىگە كۆيۈنىشىنى تولىمۇ ئۈمۈت قىلدى. ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ قۇچىقىدا جان بىرىشمۇ بىر بەخت ، ئۇنىڭ جىسمىدىن مۇھەببەتنىڭ ھىدىنى ھىدلاشمۇ بىر بەخت، ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاشمۇ بىر بەخت...دەپ ئويلىدى. لېكىن بىچارە قىز ۋارىسنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۆزىنى باغرىغا باسقاندىكى ھاياجاندىن ئەمەس، بەلكى دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كىيىنكى يۈشۈرۈن ئۇچرىشىشنىڭ ۋەسىلىدا سوقۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتى. كۆڭلىنىڭ بىرىيەرلىرى گۇمان ئىچىدە قىينالسىمۇ، يەنىلا بۇنداق ھارارەت ئالدىدا ئۇنى ئويلاشنى خالىمايتتى.

تۇغرا. دۇنيادا ياخشى قىزلار، گۈزەل قىزلارنىڭ بەختسىز بولۇپ قالىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ پەرىشتىدەك ئاق كۆڭلى، قۇياشتەك نۇرلۇق چىھرى تۇرۇپمۇ يەنە ھەر ۋاقىت ئازاپ ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ساداقىتى، ساپ مۇھەببىتى بىر قىسىم پەسكەش، ۋىجدانسىز ئادەملەرنىڭ قولىدا ۋەيران بولۇپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىدۇ. بۇ مانا مۇشۇنداق جاھان. شاللاقلار كۈلىدىغان ، ئاقىللارغا نىسىپ بولمايدىغان. رەزىللىكنى ھەممە ئادەم يۇقتۇرىدىغان، پاك ئىنسانلار كۈن كۆرەلمەيدىغان جاھان. قىزلار پۇل ئۈچۈن

ئىنسانى قەدىر-قىممىتىنى يۇقاتسا، ئۇغۇللار بىردەملىك شەيتانىۇ لەززەتىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان جاھان. ئاجىزلار ئۇنسىز ياش تۆكىدىغان، مۇشتۇمى زور ھۆرمەت تاپىدىغان جاھان...لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ سورىقى بار. ھەممە جەرياننىڭ يەكۈنى بار. خۇدا ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، تەڭشەپ تۇرغۇچى. نىمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن دەپ ، ھەممە ئادەم ئاخىرى ئۆزىگە تەۋە نەرسىگە ئېرىشىدۇ خالاس...

كۈتۈش باشلاندى. باشقا ۋاقىتلاردا تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىت بۈگۈن دىلنازغا شۇنچىلىك ئۇزۇن بىلىندى. ئۇ بىر سائەتنى ناھايىتى تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ۋارىسنى قايتىپ كېلەمدىكىن دەپ ھارغىن قەدەملىرىنى ناھايىتى تەستە يۆتكەپ كارىدورغا نەچچە قېتىم چىقىپ قارىدى. ۋارىستىن بىرەر تېلېفۇن ياكى ئۇچۇر كېلىپ قالامدىكىن دەپ تېلېفۇننى نەچچە قېتىم ئاچتى. بىر سائەتمۇ ئۆتتى، بىر يېرىم سائەتمۇ ئۆتتى. ئىككى سائەتمۇ ئۆتتى. ھازىر قايتىپ كېلەر دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ئىشىككە تەلمۈرۈۋاتقان ۋاقىت ئۆتىۋەردى. لېكىن ۋارىسنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. كاللىسىغا خىلمۇخىل مۇرەككەپ خىياللار كىرىۋالغان دىلناز ئاخىرى ئەنسىرەشكە باشلىدى. كۆز ئالدىدا ھېلىقى تېلېفۇن ئۇرغان قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋاز بىلەن ۋارىسقا ئەركىلىۋاتقان كۆرۈنىشى كېلىۋالدى. شۇ تاپ دوختۇرخانىنىڭ بۇ ئازادە ، ئالىي دەرىجىلىك ياتىقىمۇ ئۇنىڭغا تار بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ يېتىپ باقتى، ئولتۇرۇپ باقتى، ياتاق ئىچىدە ئۇيان-بۇيان مېڭىپ باقتى. دەرىزە تۈۋىگە كېلىپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ باقتى . لېكىن كۆڭلى پەقەت جايىغا چۈشمىدى. ئۇ سائىتىگە قاراپ قاتتىق جىلە بولغاندىن كېيىن، ئامالسىز تېلېفۇننى ئېلىپ ۋارىسقا تېلېفۇن قىلماقچى بولدى. تېلېفۇن نومۇرىنى بېسىۋېتىپ، ئۇنىڭغا نىمە دېيىش توغرىسىدا ئويلاندى. ئىچ-ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئازاپنى ، نەپرەتنى زورىغا بېسىپ ناھايىتى تەستە تېلېفۇننى قولىقىغا ئاپاردى.

تېلېفۇندىن "بۇ تېلېفۇن ئېتىۋېتىلگەن " دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن دىلنازنىڭ يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپلا قالدى. ئاچچىق بىر ئەلەم نىمجان يۈرىكىنى تېخىمۇ قوچىۋەتتى. "ئىتىڭ، ئىتىڭ...زادى نىمە ئۈچۈن" دىلناز ئۆز-ئۆزىدىن قايتا-قايتا سورىدى. يۈرىكىنىڭ بىر

يەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان كۈنچىلىك، رەشىك ئوتى كۆچلۈك يالقۇنغا ئايلىنىپ، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. قولىدىكى تېلېفوننى يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس ـ تاس قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىز " مېيى تۆكەپ قالدىمۇ يە" دېگەن سوئال كەلدى ـ دە، ۋارىسىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ نومۇرىنى ئالدىراپ باستى. دىلناز ۋارىس تېلېفوننى ئېلىپ قالار دېگەن ئۈمۈتتە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ساقلىدى، تېلېفوننى قايتا ـ قايتا ئۇردى. لېكىن ئىشخانىسىدىن بىرەر ئادەم تېلېفوننى ئالمىدى.تېلېفوننى تۇتۇپ ھارغان دىلنازنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلۇشۇپ كارۋاتتا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئاياللىق، ئانىلىق قەدىر ـ قىممىتى يەرگە ئۇرۇلۇپ، خىرۇستالدەك قەلبى پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەندەك شۇنچىلىك ئازاپلاندىكى، بۇ زەربىنى كۆتىرىشكە ئامالسىز قالدى. ئۇ بېشىنى ئۇنسىز چايقىدى. تىزلىشۋاتقان نەپسىنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن نەچچە قېتىم ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئىستاكاندىكى سوۋۇتۇلغان قايناقسۇدىن قانغۇچە ئىچتى. لېكىن كاللىسىغا كىرىۋالغان ئۆچمەنلىك، نەپرەت ئوتى بېسىلمىدى. "ھەممىسى يالغان ، ھەممىسى يالغان... ئۇ ئىداربدا ئەمەس، خىزمەتداشلىرى بىلەن ئەمەس. ھېلىقى تېلېفون قىلغان قىز چوقۇم ئۇنىڭ ئاشنىسى . ئۇ چوقۇم شۇنىڭ قېشىغا كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولغىلى كەتتى. ئۇ نىمە ئۈچۈن مىنى ئالدايدۇ؟ نىمە ئۈچۈن مىنى خارلايدۇ؟ قېنى ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرى، قەسەملىرى؟ قېنى بىزنىڭ ساپ مۇھەببىتىمىز، شىرىن مىنۇتلىرىمىز، بەختىيار كەلگۈسىمىز؟...ئۇ ئۆزگىرىپتۇ. راستىنلا ئۆزگىرىپتۇ. مەن نىمە دېگەن ساددا، نىمە دېگەن ئەخمەق. ئۇنىڭ شۇ ياسىنىشىدىن، ئەتىر چېچىشىدىنلا كۆڭلۈمگە گۇمان كەلگەن ئىدى. لېكىن يەنىلا ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاپتىمەن. ئۆزەمنىڭ گۇمانخورلىقىنى ئەيىپلەپتىمەن...مەن نىمە دېگەن تەتۈر پىشانە، نىمە دېگەن بەختسىز..." دىلناز خۇددى ساراڭلاردەك ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپلا كەتتى. چاچلىرىنى قامالاپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇردى. بىر چاغلاردا ۋارىسنىڭ يۈزىگە ئاتەش ئوتلىرىنى چاچقان نۇرانە شەھلا كۆزلەردىن يامغۇردەك ھەسرەتلىك ياشلار تۆكۈلدى. تۇرمۇش دېگەن ئاجايىپ بىر جەريانكەن، مۇرەككەپ بىر مۇساپىكەن. ۋارىس ئۆزگەردى، شۇنچە ئىرادىلىك، ۋاپادار، ئەخلاقلىق بىر ئادەم ئۆزگەردى. مەندەك بىر ئايالدىن باشقا يەنە بىر ئايالنى سۆيەلىدى. ئۇنىڭغا كۆڭلىنى بىرەلىدى. دېمەك بۇ جاھاندا ئۆزگەرمەيدىغان ،

ئىرادىسى تەۋرەنمەس، بىر ئۆمۈر ئايالىغا ۋاپادارلىق بىلەن كۆيىنىدىغان ئادەم چىقمايدۇ . قېنى بۇرۇنقى ۋارس؟ مەن ياخشى كۆرگەن ۋاپادار يىگىت؟ قېنى مەن بىلەن تۇنجى ئۇچراشقاندىكى سەممى كۆڭۈل؟...دىلنازنىڭ كاللىسى بىر تالاي سۇئاللاردىن قايمۇقۇپ كەتتى. چىرايىدىن ئەسلا كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇڭ ھەسرەت تۆكۈلدى. ئۇ ئىڭىكىنى تىزىغا قويۇپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق ياش تۆكتى. ئارىلىقتا دورا بىرىش ئۇچۈن كىرگەن چىرايلىق سىستىرا قىزغىمۇ دىققەت قىلمىدى. سىستىرا قىز ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ ، بىر نەرسە دېيىشنى ئەپسىز كۆرۈپ ، دورىنى ئۈستەل ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. دىلناز خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن، ئىتتىكلا بېشىنى كۆتىردى-دە، يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ناھايىتى تەستە ئېچىپ قولىدىكى سائەتكە قارىدى. سائەت 11 بولغان بولۇپ، ۋارسىنىڭ كەتكىنىگىمۇ دەل 3 سائەت بولغان ئىدى. ئۇ ئەمدى ۋارسىنىڭ كىلىشىدىن ئۈمۈدىنى راستىنلا ئۈزمەكچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە قانداقتۇر ئۈمۈت ئىچىدە ۋارسىنىڭ تېلېفۇن نۇمۇرىنى باستى . ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس... تېلېفۇندىن "ئىتىك" دىگەن ئاۋازدىن باشقا ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى. ئۇ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن ، خۇددى بىر يېڭى ئۇچۇرغا ئىرىشكەندەك ، ناھايىتى جىددىلىك ئىچىدە تېلېفۇنىغا ھېلىقى ئۆزىگە يادا بولۇپ كەتكەن نۇمۇرنى كىرگۈزۈشكە باشلىدى. بىر قانچە كۈندىن بىرى ئۆزىنى قىيناپ كەلگەن بۇ نۇمۇرغا تېلېفۇن قىلىش پۇرسىتى كەلگەندەكلا جىددىلىشىپ كىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى بۇ تېلېفۇننى خۇددى ۋارس ئالىدىغاندەك ئەنسىز سۇقۇپ كەتتى. ئۇ نۇمۇرنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، "ئۆلايمۇ -ئۆلمايمۇ" دەپ ئىككىلىنىش ئىچىدە قالدى. تېلېفۇندا نىمە دىيىش، نىمە دەپ سوراش...توغرىسىدا كاللىسىغا گەپ تىزىشقا باشلىدى. قىز بولۇپ قالسا مەن ۋارسىنىڭ ئايالى، ماڭا ۋارسنى قايتۇرۇپ بىرىڭ دەپ يىلىنىشى كېرەكمۇ؟ ياكى سەت گەپلەر بىلەن ئۇنى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىش كېرەكمۇ؟ ئەگەر ئەر كىشى بولۇپ قالسا نىمە دىگۈلۈك؟...دىلناز قاتتىق تىتىلداپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن بىرەرسى بىلەن سەن-پەن دېيىشىپ باقمىغان قىز تۇرسا ، تېلېفۇندا سەت گەپلەرنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھازىرقى ھالىتىدە ئاللا-توۋا كۆتىرىپ كىتىدىغاندەك قىلغان بىلەن، تېلېفۇننى ئالسا ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى... ئۇ قاتتىق ئىككىلىنىش، دىلغۇللۇق

ئىچىدە ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە تېلېفوننى باستى. خۇددى تېلېفوندىن بىرسى چىقىپ ئۇنى بوغۇپ تاشلايدىغاندەكلا ، تېلېفوننى تىترەپ تۇرۇپ ناھايىتى تەستە قولىقىغا ئاپاردى.

تېلېفون بىر ھازا تووۇلغاندىن كېيىن، ناھايىتى تەستە بىر قىزنىڭ ئۈزۈلۈپ بوشقىنا ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ كىمۇ؟...

ـ ھە...ھە... سىز...سىز كىم بولىسىز؟ـ بىر قىزنىڭ ناھايىتى سۇزۇك ، زىل ئاۋازىنى ئاڭلىغان دىلناز نىمە دېيىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ كەتتى. بىر قولىدا ئەنسىز سۇقۇپ كەتكەن يۈرىكىنى چىڭ باستى.

ـ سىز كىمنى ئىزدەيسىز؟ ساراڭمۇ نىمە بۇ؟...

قىزنىڭ قوپاللا گېپىدىن نىمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان دىلناز ھاسىراپ تۇرۇپ ئىتتىكلا تېلېفوننى ئۈزىۋەتتى. ئۈزىۋەتتىيۇ، تېلېفون يەنە تۇيۇقسىزلا ئولىنىپ قالىدىغاندەك جىددىيلىشىپ باتارىيەسىنىمۇ ئېلىۋەتتى . ئۇ ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتكەن ئىدى. ھالسىز چىرايىدىن دەققە ئىچىدە تەرچىپ چىققان تەر مەڭزىگە سىرغىدى. ئۇ كارۋاتقا تاشلاپ قويۇلغان تېلېفونغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز كارۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ بوۋاق بالىدەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. يۈرىكىنى قامالاپ تۇرغان ئاچچىق ئازاپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەختە ـ لەختە قىلىۋەتتى.

quot&;خىزمەتداش...خىزمەتداش....نىمانداق چىرايلىق ئىسىم ھە. مىنىڭ گۇمانلىرىم توغرا چىقتى. ئۇ بۇ خىزمەتدىشىنى تېپىۋالغىلى خېلى بولغان، مەن چوڭ ئۆيگە كەتكەندىن باشلاپلا تېپىۋالغان. مەن بىلەن ئارلىشىۋاتقان، توي قىلىپ بىرگە ئۆتىۋاتقان مەزگىلدىمۇ بۇنچىلىك ئۆزىگە ئەھمىيەت بىرىپ كەتەلمىگەن ئادەمنى شۇنچىۋالا ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۆزىگە ماگىنىتتەك تارتىۋالغان قانداقراق قىزدۇ ئۇ ؟ ئۇ شۇنچىۋالا چىرايلىقمىدۇ؟ مەندىن ئېشىپ چۈشكىدەك نىمە ئالاھىدىلىكى بار بولغىيتتى؟ كونىلارنىڭ ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ دىگەن تەمسىلى نىمە دىگەن توغرا ھە. ئۇ راستىنلا ماڭا ئاسىلىق قىلغانمىدۇ؟ پاك قەلبىمگە، ھىسسىياتىمغا خىيانەت قىلغانمىدۇ؟ ماڭا تەۋە كۆڭلىنى باشقا بىرسىگىمۇ بەرگەنمىدۇ؟...ياق، خۇدا ساقلىغاي، ئۇ كۈنلەرنى ماڭا كۆرسەتمىگەي. مەن ئەمدى ئۇنداق كۈنلەرنى كۆرسەم بەرداشلىق بىرەلمەيمەن. مىنىڭ يۈرۈگۈم ھېلىمۇ زىدە بولۇپ كەتتى. نۇرغۇن

قۇربانلىقلارنى بەردى. ئەمدى دەرت ئۇستىگە دەرت كۆتىرەلمەيدۇ...ئەگەر راستىنلا ئاشۇنداق بولۇپ قالسچۇ؟ ...ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا مەن ئۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن. مىنى مۇشۇنداق ئەھۋالدا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، شۇ قىزنىڭ قويىنىدا يېتىۋاتقان بولسا ئۇ مەڭگۈ مىنىڭ قەلبىمدە ئۆلگەن بولىدۇ، مەڭگۈ ئۆلگەن بولىدۇ..." بىچارە قىزنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. كاللىسىدا قۇيۇندەك پىقىرىۋاتقان زىددىيەتلىك ئوي-پىكىرلەر، قورقۇنچلۇق خىياللار ئۇنىڭ ئاجىز قەلبىگە ئۆتكۈر تىغلىرىنى تىقتى. ئۇ قورسىقىنى بوشقىنا سىلىدى. بەختىسىز ، بىتەلەي بالىسىغا قاراپ ئازاپ ئىچىدە تولغۇنۇپ كەتتى. "ئىست، ئىست بالام، ئىست ئەقىدەم، ئەجرىم..." دەپ ئۇنسىز نىدا قىلدى. ئۇنى قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. ئاپىسىنىڭ تاپىلاشلىرى، "قورسىقىدا بار ئايال يالغۇز قالسا بولمايدۇ" دەپ پات-پات ئىسرىق سېلىشلىرى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ خۇددى نۇرغۇن جىن-شايادۇنلار ، ئەرۋاھلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىۋاتقاندەك ئەتراپىغا توختىماي ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ چىقتى. ئۇ ياستۇقى ئاستىدىكى چوڭ بىسلىق پىچاقنى قولىغا ئاستا ئېلىپ، خۇددى شۇ پىچاق ئۇنى ھەممە بالا قازادىن قوغداپ قالىدىغاندەك چىڭ تۇتۇپ ئولتۇردى. ئۇ تېلىۋىزور كۆردى. كىتاپ ئوقۇدى. لېكىن كاللىسىغا ھېچ نەرسە كىرمىدى. قەلبىنى ئازاپلاپ تۇرغان كۈندەشلىك، خىيالىدىكى ۋارسىنىڭ ھېلىقى نامەلۇم قىزنى باغرىغا بېسىپ يېتىۋاتقان كۆرۈنۈش ئۇنى توختىماي قىيىنسا، قورقۇنچ ئىچىدە قالغان يۈرىكى خۇددى ھازىرلا قېپىدىن چىكىتىدىغاندەك سوقاتتى. ئۇ شۇنچە ھەسرەت ئىچىدە تۇرۇپمۇ يەنە بىر خىل ئۈمۈت ئىچىدە ئىشىككە قاراپ ياتتى. پات-پات يەنە جىمجىتلىقتا چۆمگەن كارىدورغا چىقىپ ۋارسىنىڭ يولىغا تەلمۈردى. قولىغا تېلېفوننى ئېلىپ ھېلىقى قىزغا نەچچە رەت تېلېفون قىلىشىنى ، "سىز كىم؟ ۋارسىنى تونۇمسىز؟ ئۇ يېنىڭىزدىمۇ؟..."دەپ سوراشنى ئويلىدىيۇ، يەنە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭدىن يەنە ئاللىقانداقتۇر دەشنامىلارنى يەپ سېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىتتىكلا ئىتىۋەتتى.

بىچارە قىز ئامالسىز يالغۇزلۇق ئىچىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بىچارە ئاپىسىنى شۇنچىلىك سېغىندى. ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ تاپا-تەنىسىگە قېلىشتىن ئەنسىرىدى.

دىمىسمۇ  بايا ئۇ ئاپىسىنى ئۆزى كەتكۈزىۋەتكەن ئەمەسمىدى، ۋارس ئاپىسىغا بىر مۇنچە ۋەدىلەرنى بەرمىگەنمىدى. ئەمدى يەنە نىمە دەپ تىلىغۇن ئالىدۇ؟ ئەگەر ئاپىسى بۇنداق ئەھۋالنى كۆرسە ۋارسنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ. ئۇنى بولۇشىغىچە ئەيىپلەيدۇ. ئۇنى ئادەم بولغانغا تويغۇزۇپ رەسۋا قىلىدۇ. ۋاقتى كەلسە ھەممىنى بىر يەرگە چۆرۈپ تاشلاپ  دىلنازنى ئاجراشتۇرىۋالىدۇ. لېكىن دىلناز ۋارستىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭدىن شۇنچە نەپرەتلىنىپ تۇرسىمۇ ، يەنە ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئىنتىلىدۇ. ئۇ تۇنجى ياخشى كۆرگەن ئادىمىدىن مەڭگۈ مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. ھەم كۆڭلىنىمۇ مەڭگۈ باشقا ئادەمگە بېرەلمەيدۇ... بەلكىم بۇگۈنمۇ بىر تاسادىپى ئىشى چىقىپ قالغاندۇ؟ ياكى بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالغاندۇ؟...ئىشككە قاراپ ھارغان دىلناز قەلبىدىكى جىددىلىك ، قورقۇنچنى بېسىقتۇرماقچى بولغاندەك دەرىزە تۈۋىگە ئاستا كەلدى. ئۇ ئاسماندىكى تۇمەنمىڭ يۇلتۇزلارنى بىر ھازا كۆزەتكەندىن كېيىن، نەزىرىنى دوختۇرخانا ئىچىگە قاراتتى. دوختۇرخانىدىكى ياتاق ۋە ئائىلىلىكلەرنىڭ ئۇچۇۇشكە باشلىغان چىراقلىرىغا قاراپ ئۇھسىندى. جىمجىتلىققا چۆككەن مەنزىرىدىن كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم بولدى. ئۆزىنى مەڭگۈ مۇشۇنداق تەنھا قالغاندەك غېرىپلىق ئىچىدە قىينالدى. كېچە ئاسمىنىغا قاراپ دەرتلىك ئۇھ تارتقان قىزنىڭ كۆڭۈل ئىكرانىدا  بۇرۇنقى ئەسلىمىلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.  مۇشۇنداق يۇلتۇزلۇق كېچىلەردىكى كەچلىك تەكراردىن كېيىنكى مەكتەپ گۈللۈكىدىكى تويماي بېقىشلار، مۇڭدىششلار، ئۇلۇغۋار پىلانلار...ۋارسنىڭ تۇنجى خېتى، ئۇنىڭدىكى ساددىلىق، ئالىجاناپلىق، ۋاپادارلىق...توي كېچىسىدىكى ۋەدىلەر، تويدىن كېيىنكى شېرىن، بەختلىك تۇرمۇش، ھەممە ئادەملەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگەن بىر نەچچە يىللىق خوشال مىنۇتلار...دىلناز شۇ كۈنلەرنى يىراقتا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشاتتى. ئەمدى ئۇ كۈنلەر دىلنازدىن ناھايىتى يىراقتا قالغاندەك، مەڭگۈ تۇتۇپ قالغىلى بولمايدىغاندەك كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم بولدى. ئۇ ۋارستىن قاتتىق نەپرەتلەندى. ئۇنىڭ ساداقەتسىزلىكىدىن ئاغرىندى. سەھرادىكى بىچارە ساددا قىيناتا-قىيناپانىسىنى ، ئۇلارنىڭ ۋارس ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ئويلاپ قەلبىگە يىغا ئولاشتى. ئاشۇ مېھرىبانلار ۋارستىن نىمىلەرنى كۈتكەن ، ئۇنىڭ بەختىنى كۆرۈپ قانچىلىك خوشال بولغان ئىدى ھە؟ لېكىن ئۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. كونىلارنىڭ "مانتا كۆرمىگەن سەھرالىق قاسقانغا دۈم

چۈشۈپتۇ" دىگەن گېپى توغرا ئوخشايدۇ. ئۇ شۇنداق قىلدى. مۇشۇ خىزمەت، پۇل، بەختكە قانداق ئېرىشكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ ھېسسيات ئالدىدا كور بولدى. ئازغۇنلۇق يولىدا ئېزىقتى. گۈلدەك بەختىنى قەدىرلىمىدى. ئاتا بولۇش ئالدىدىكى خوشاللىقىدىن مەھرۇم قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھەر قانداق ئىشنى تاشلاپ قويۇپ كەلمىگەن ئادەمنى زادى نىمە دىگۈلۈك؟، "ئايالىم ئاغرىق" دىگەننى ئويلىمىغان ئەرگە قانداق ئىشەنچ قىلغۇلۇق؟...

دىلناز بىر كىچىنى ئامالسىز ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. كۆزى ئىشىككە تەلمۈرۈپ ھاردى. نىرۇلىرى چىچىلدى. بىر كىچە قانچە قېتىم كۆز يېشى قىلغىنىنى، قانچىلىك ئۇھ تارتقىنىنى، قانچە قېتىم يىتىپ، قانچە قېتىم ئۆرە بولغىنىنى بىلەلمىدى. قانداق ۋاقىتلاردا كۆزى ئۇيقۇغا كەتكىنىمۇ بىلمىدى. لېكىن قىسقىلا ئۇيقۇسىدا كۆرگەن تالاي قورقۇنچلۇق چۈشلەر ئۇنىڭ ھالسىرىغان بەدىنىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، غېرىپ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئېزىۋەتتى...

ئەتىسى سەھەر تەكشۈرۈشكە كىرگەن دوختۇرلار ئۇيقۇغا كەتكەن دىلنازنىڭ ھالىتىگە قاراپ ھەيران قالدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاجايىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ قىزنىڭ بىچارە تۇرقى ھەر قانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. چۇۋۇلغان چاچلار، ياش تامچىلىرىدىن باشقىلا تۇسكە كىرىپ قالغان ياداڭغۇ چىراي، قولىدا چىڭ سىقىمدالغان پىچاق ...دوختۇرلار بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتتى-دە، دەرھاللا دىلنازنى بوشقىنا نۇقۇپ ئويغاتتى.

-بۈگۈن ھالىڭىز ئەجەپ خاراپقۇ دىلناز؟ - مەخسۇس دوختۇر ئانىلاردەك مېھرىبانلىق بىلەن دىلنازنىڭ پىشانىسىنى تۇتتى.- بىرەر ئىش بولدىما؟

-ياق...ياق...-دىلناز ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان كۆزلەردىن ئەندىكىپ ئىتتىكلا بېشىنى كۆتەردى. قولىدىكى پىچاقنى دەرھاللا ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقتى. - باشقا ئىش يوق.

- ئاپىڭىز قېنى؟

- ھە...ئاپاما؟... ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەتكەن.

-ئۇنداقتا كېچىدىن يالغۇز ياتقان ئوخشىماسسىز؟- دوختۇر

ئەنسىزلىك ئىچىدە ئالدىراپ سورىدى.

ـ ھە...ياق...ياق...بولدىشىم ھەمرا بولغان. سىرتقا تاماققا چىكەتتى. ھازىرلا كېلىدۇ...ـ دىلنازنىڭ يۈرىكى بىر كىچىلىك ئازاپتىن ئۆرتىنىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئىززەت ھۆرمىتى ئۈچۈن يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. كۆڭلىدە بولسا نەپرەت ئىچىدە قىينالدى.

دوختۇرلار دىلنازنىڭ كۆلۈمسىرىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا زىيادە جىددىيلەشمەسلىك، ئۆزىنى ئاسراش، كەيپىياتىنى تەڭشەش توغرىسىدا بىر مۇنچە نەسىھەت قىلىپ چىقىپ كېتىشتى. لېكىن ئۇلار بۇ قىزنىڭ دەرتلىك يۈرەك تىۋىشىنى تەكشۈرەلمىدى، يۈرەك تەكشۈرۈش ئەسۋابىدا ئۇنىڭ نىدالىرىنى ئاڭلىيالمىدى. بۇ قىز بىر كىچە كۈتتى. لېكىن ۋاپاسىز يارى كەلمىدى. بىرەر ئۈچۈرمۇ يوللىمىدى. ئەتىگەندە بولسىمۇ كېلىپ "كىچىدىن ماناق جىددى ئىش چىقىپ قالدى" دەپ يالغان ئېيتىپ بولسىمۇ ئۆزىنى ئاقلىمىدى. دىلناز قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى، قورسىقىدا تىنىمسىز تېپىرلاپ تۇرغان بالا خۇددى قورسىقى ئېچىپ قالغاندەكلا ئاپىسىنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئۇ نەپرەت ئىچىدە تۇرسىمۇ ، يەنە ۋارسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بېسىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ شۇ تاپ ۋارستىن ئەنسىرەپ تېلېفون قىلىۋاتامدۇ ياكى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ تېلېفون قىلىۋاتامدۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

تۇۋا، ئەتىگەندە ئېچىلىپ قالغىنى قىزىق...دىلنازنىڭ ئۇيقۇدىن كېيىن بىر ئاز جايىغا چۈشكەن يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ۋارسىنىڭ تېلېفونى ئۇلانغان ئىدى . مانا ئەمدى بىر تالاي كەچۈرۈم سوراشلار باشلىنىدۇ. يالغان ياۋىداق سەپسەتىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ۋارسىنىڭ ئۈنى چۈشۈپ، دىلنازغا يېلىنىدۇ. يەنە ئەڭ تاتلىق شېرىن-شېكەر سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە باشلايدۇ...ئۆزىنى ئاقلايدۇ...دىلناز غەزەپ ھەم جىددىيلىك ئىچىدە ۋارسىنىڭ تېلېفونىنى ئېلىشنى ساقلاپ ئولتۇردى.

-ۋەي كىمۇ؟

تووۋا، مىك تووۋا...ئاخشامقى تونۇش ئاۋاز، ھېلىقى قىزنىڭ ئىزىلەڭگۈ ئۈيقۇچان ئاۋازى...خاتا ئۇرۇپ سالدىمۇ نېمە؟...دىلناز تېلېفۇن نومۇرىغا قايتا قارىدى. توغرا، ۋارىسنىڭ نومۇرى. ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن نەچچە يىللىق نومۇر. ئەمدى ماۋۇ قىز كىم؟ ئۇ نېمە دەپ ۋارىسنىڭ تېلېفونىنى ئالدۇ؟ يا ئاخشام ئىشلىگەن بولسا تېلېفونى مۇشۇ قىزدا قالغان بولغىيتتىمۇ يە؟ ...دىلناز خىياللار ئىچىدە ئېغىزىن گەپ چىقىپ كەتكىنىمۇ تۇيماي قالدى.

-مەن دىلناز . سىز كىمۇ؟

تېلېفۇندىن بىر ھازا سادا كەلمىدى. دىلنازنىڭ قۇلىقىغا پەقەت ھېلىقى قىزنىڭ ئېغىر-ئېغىر تىنىقلىرى ئاڭلاندى. ئۇزاق ساقلاپ غەزەپتىن يېرىلىپ كەتەي دەپ قالغان دىلناز ئۆزىنى باسالماي ۋارقىراپ سالدى .

-سىز زادى كىم ھە؟ ئەجەپ ئۇنىڭىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپلا كەتتىغۇ؟

-بەك بىلگۈڭىز بار ئوخشىمامدۇ سىزنىڭ.-تېلېفۇندىن كىنايە ئارىلاش مۇغەمبەرلەرچە كۈلكە ساداسى كەلدى . - ئۇنداق بولسا قۇلىقىڭىزنى دىك تۇتۇپ ئاڭلاڭ، مەنچۇ ۋارىس مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرۈپ قالغان ، بىر كۈن كۆرمىسە جان تەسەددۇق قىلىدىغان قىز . ئىسمىمچۇ لالە رەيھان. . .ھا،ھا،ھا...

لاغ-لاغ تىترىگىنىچە كارۋات بېشىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان دىلناز يىقىلىپ چۈشكىلى تاس-تاس قالدى. تېلېفۇندىن ئاڭلانغان ئەرۋاھنىڭ كۈلكىسىدەك كۈلكە قۇلاقلىرىنى يىرىپ ئۇدۇللا يۈرىكىگە ئۇرۇلدى. ئۇ بىر بۇزۇق قىزنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن شۇنچىلىك خورلۇق ھېس قىلدىكى، تېلېفۇندىلا رەسۋاسىنى چىقىرىپ تىللىۋەتكىلى قىل قالدى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىگە ھاي بەردى، ئېغىرلىشىۋاتقان تىنىقلىرىنى پەسەيتىشكە تىرىشىپ، كۆزلىرىگە لىققىدە كېلىپ قالغان ياشلىرىنى ئازاپ ئىچىدە سۈرتىۋەتتى-دە، ئاۋازىنى ناھايىتى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشتى.

- شۇنداقمۇ. ۋارىسنىڭ ئاشنىسى دەڭ. بولدىلا، ھازىرچە باشقا ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلغۇم يوق. لېكىن پەقەت شۇنىلا بىلگۈم بار، سىزدە ۋارىسنىڭ تېلېفۇنى نېمە ئىش قىلىدۇ؟

- بەك بىلگۈڭىز بولسا ۋارىسنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ.

- ھە...ھە...ئە...-دىلناز تەمتىرەپلا قالدى. تالا مۇشۈكى ئۆي مۇشۈكىنى قوغلاپتۇ دەپ ماۋۇ پاسكىنىنىڭ نوچىلىقىنى قارا. دىلناز ئىغىزىغا يىغىلىپ قالغان تۈكۈرۈكىنى ناھايىتى تەستە يۇتۇپ سورىدى.- ۋارىس يېنىڭىزدا ئوخشىمامدۇ ؟

- ئەلبەتتە، قۇچۇقۇمدا تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ. كېچىدىن بەك چارچاپ كەتتى بۇ بايقۇش.

تۇۋا ، نىمانداق قىلىن نىمە بۇ. بۇ زادى قىز بالىمۇ ياكى جىن شايادۇنمۇ؟ ئىزا تارتىدىغان ئىش نەدە بۇنىڭدا ھە؟...دىلناز ھەيرانلىقتا ياقىسىنى چىشلەپ سالدى. قانداقتۇر بىر ئوت يۈرەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ ، پۈتۈن جىسمىنى ئامبۇردەك قىستى.

-ئۇنداقتا تېلىفۇننى ۋارىسقا بەرگەن بولسىڭىز.- كاللىسى قۇيۇندەك پىقىراپ كەتكەن دىلناز ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان غەزىپىنى باسالماي ، غۇنچىدەك لەۋلىرىنى چىشلەپ ئۇزىۋېتەيلا دەپ قالدى.

- مانا ھازىرلا خانىم...-تېلىفۇننىڭ ئاۋازى بىر پەس توختاپ، دىلنازنىڭ قولىقىغا ھېلىقى قىزنىڭ ناھايىتى ئەركە، زىل ئاۋازى ئاڭلاندى.- ۋارىس، ھەي ۋارىس، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، سىزگە تېلىفون. كۆزىڭىزنى ئېچىڭە جېنىم. ..

دىلناز ھەممىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. لېكىن بۇنىڭ رىئاللىق ئىكەنلىكىگە پەقەت ئىشەنمىدى. ۋارىسقا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، ئىشەنچ، قايىللىق ئۇنىڭغا بۇ رىئاللىقنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۇيۇندەكلا ھىس قىلدى. بىرسىنىڭ قورىۋاتقان تونۇرىقىدەكلا ، بىر ئىغىر چاقچاقتەكلا ھىس قىلدى. ئۇ پەقەت شۇ تاپ ۋارىسنىڭ ئاۋازىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسىلا ئاندىن بۇنىڭ رىئاللىق ئىكەنلىكىگە ھەقىقى ئىشىنىدىغاندەك تېلىفۇننى قۇلىقىغا تىخمۇ يېقىن ئاپىرىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇردى.

-ۋەي...كىمۇ؟

تېلىفۇندىن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاچالماي قالغان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك ۋارىسنىڭ سوزۇق، بوشقىنا ئاۋازى كەلدى.

مانا رىئاللىق. مانا ئازاپ ۋە ھەسرەتكە تولغان رەزىل دۇنيا. بىر قىزنىڭ ۋاپا-ساداقەت تارىخىغا يېزىلغان قانلىق قىسمەت. شۇ تاپ دىلنازنىڭ

قۇلىقىدا " كىچىدىن بەك چارچاپ كەتتى، قۇچۇقۇمدا ئۇخلاۋاتىدۇ. ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. كۆزىڭىزنى ئېچىڭە جىنىم... " دېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋازلار قايتىدىن ئەكس سادا بېرىپ جاراڭلىدى. توۋا، توۋا... قۇبۇل قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاچچىق رېئاللىق. ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر ھەسرەت. ۋاپا-ساداقەتنى مىزان قىلغان بىر ئۇلۇغ ئايالنىڭ روھى ئۇلۇمى... بۇ نىمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئەلبەتتە، ۋارسىنىڭ بىر قىز قويىنىدا يېتىۋاتقانلىقىدىن، بىر پەرىشتىگە خائىنلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن، ۋاپاسىزلىقتا چېكىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بەختلىك ئائىلە، ئۇماق پەرزەنتتىن مەھرۇم قېلىپ، ھەسرەت ، پۇشايمان ئىچىدە تەنھالىق سەپىرىگە قەدەم ئېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ... ۋارسىنىڭ ئاۋازىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان بىچارە قىز ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىشكە پەقەت بەرداشلىق بېرەلمىدى. " ۋەي، كىمۇ؟ " دېگەن سادادىن كېيىنلا قولىدىكى تېلېفۇن تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىن ئاجراپ ياتاققا ياتقۇزۇلغان ئاپئاق چىنە قىش ئۇستىگە چۈشۈپ پارە-پارە بولدى. قورسىقى ئېچىپ ھالى قالمىغان قىز بۇ دەرتلەرنى كۆتىرىشكە ئاجىزلىق قىلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتىشكىمۇ رايى بارماي ياتاقنىڭ تېمىغا يۈلۈنۈپلا قالدى.

دىلناز چۈۋۈلغان تېلېفۇنغا قاراپ ، ھەممە نەرسىسىنىڭ ئاشۇ تېلېفۇندەك پارە-پارە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ زېدە بولغان قەلبىدە مۇھەببەت، ئائىلە، كەلگۈسى ھەممىسى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يۇقىتىۋاتاتتى. توۋا، بىر چاغلاردا مۇشۇ تېلېفۇننىمۇ ۋارس سوۋغا قىلغان ئەمەسمىدى، توي قىلىشتىن ئىلگىرى مۇشۇ تېلېفۇندا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن كۆڭۈل سىرلىرىنى تۆكۈشكەن ، ئاشىقلىق ئوتلىرىدا كۆيۈشكەن ئەمەسمىدى. تويدىن كېيىنمۇ مۇشۇ تېلېفۇندا ۋارسىنىڭ تاتلىق، مۇھەببەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىگە خوشاللىق تېپىپ كەلگەن ئەمەسمىدى... ئەپسۇس، ھازىر ئۇنداق ئەمەس، بۇ تېلېفۇنمۇ، ئۇنىڭدىكى مۇھەببەتلىك ئاۋازلارمۇ ئەمدى دىلنازغا تەۋە بولماي قالدى. ئۇ دىلنازنىڭ نازۇك دىلىدەكلا پارە-پارە بولۇپ كەتتى. ۋارسنىڭ ئازغۇن ھىسياتىدەكلا قىممىتىنى يۇقاتتى..

دىلناز قانداق ۋاقىتلاردا كارۋاتقا كىلىپ ياتقانلىقىنى بىلمەي قالدى.

ئۇكـۇل كۆتـىرىـــپ كــىرگەن سىســـتىرا قىزنىـــڭ ھەيرانلىــق چىقىـــپ تۇرغـــان كۆزلىرىــدىن ئــۆزىنى قــاچۇرۇپ ، باشـقا ياققـا قارىۋالــدى. ئۇنىــڭ شــۇ تـاپ ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشكىنى، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تاراشقىنى، يـاداڭغۇ چىرايىدا قېتىپ قالغان ياش ئىزلىرىنى سۈرتىشكىنى رايىـى يـوق ئىـدى. ئۇكـۇل يىڭنىسى تۈمۈرىغا سانچىلدى. لېكىن ئۇ ھېچ بىـر سـىزىمنى ھـىس قىلمىـدى. چۈنكى يىڭنىنىڭ ئاغرىقى ئۇنىڭ نەزىرىدە ۋارىس قالدۇرغان ئازاپ ، يـۈرىكىگە تىققان ئۆتكۈر تىغ،پۈتۈن جىسـمىنى كۆيـدۈرگەن نەپـرەت يـالقۇنلىرى ئالدىـدا ھېچنەرسـە ئىـدى. ئـۇ كـۆزلىرىنى چىـڭ يۇمـۇپ بىـر پەس ياتقانــدىن كــېيىن تۈرۈپلا سىستىرا قىزغا قاراپ ئۆرۈلدى.

ـ سىڭلىم، تېلىفۇنىڭىزنى ئىشلىتىۋالسام.

سىستىرا قىز ياتاقتا چېچىلىپ ياتقان تېلىفۇن پارچىلىرىغا قـاراپ بىـر نەرسـىنى تۇيغانــدەك قىلــدى. ئــۇ ئالــدىراپ يەنچۇقــدىن تېلىفــۇننى ئېلىــپ ئۇزاتتى ـ دە، ياتاقتىكى تېلىفـۇن پـارچىلىرىنى يىغىشـتۇرۇپ ئۈسـتەل ئۈسـتىگە ئېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئاستا ياتـاقتىن چىقىـپ كەتتـى. ئاخشـام ئـازلا بىـر نەرسـە يىگەچكىمـۇ، قورسـىقى بارغانسـىرى ئېچىـپ، بەدىنـى بارغانسـىرى ھالسىزلىنىۋاتقان دىلنـاز ئاپىسـىغا تېلىفۇن قىلىش ئۈچۈن تېلىفۇننى قولىغا ئالدى. ئالـدىنۇ، زىـددىيەتلىك خىيـاللار ئىچىـدە خېلـى ئـۇزاق ئويلانغانـدىن كـېيىن، يەنىلا ۋارىسنىڭ تېلىفۇن نۇمۇرىنى باسـتى. ئـۇ شـۇ تـاپ نىمىشـقا بـۇ نۇمـۇرنى بېسـىۋاتقانلىقىنى، نىمىشـقا پەقەت بىــر قورسـىقىنى دەپ يەنە شــۇ تۇزكور ئەبلەخكە تېلىفۇن قىلىۋاتقانلىقىنى پەقەت بىلمەيتتى.

ـ ۋەي.ـ باشقا يات نۇمۇر بولغاچقىمۇ ۋارىس تېلىفۇننى ناھايىتى تېزلا ئالدى.

ۋارىسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دىلنازنىڭ نىرۋىلىرى دەقىقە تۇرمۇزلىنىپ قالغاندەك بولدى. ھەممە گۇناھ ۋارىستا تۇرسا، يەنە ئۆزى گۇناھكاردەك نىمە دىيىشنى بىلمەي كىكەچلەشتى.

ـ ۋە...ۋەي. مەن دىلناز.

ـ نى...نى...نىمە؟ دىلناز؟...

دىلناز ۋارىسـنىڭ ئەزەلـدىن بۇنچىلىـك جىددىلەشـكەن، تەمتىـرىگەن ئـاۋازىنى ئەسـلا ئـاڭلاپ باقمىغـان ئىـدى. ئـۇ تېلىفـۇننى بىـر پەس تۇتـۇپ تۇرغاندىن كېيىن ، كەيپىياتىنى تەڭشىۋېلىپ، كـايىش ئورنىغا سـىلىقلا سـۆز

قىلدى.

ـ ھە. مەن دىلناز. بەختىدىن ئايرىلىپ يالغۇزچىلىقتا قىينىلىپ زار-زار يىغلاۋاتقان دىلناز. ـ دىلناز ئۆزىنى شۇنچە تۇتىۋىلىشقا، تەمكىن تۇرۇشقا تىرىشسىمۇ ، لېكىن يەنىلا ئىسەدەپ كەتتى.

دىلناز جاۋاپسىز تېلېفۇنغا قاراپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپ ۋارىسنىڭ جىددىيلىشىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالغانلىقىنى، ئۆزىنى قاچۇرۇشقا جاي تاپالماي تىت-تىت بولىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئاخشام قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ، ئۆز-ئۆزىگە مىڭلارچە لەنەت ئوقۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى.

ـ ۋا...ۋارىس. ئاڭلاۋاتامسىز. مەن دىلناز. بولدى قورقماڭ، مەن ھازىر سىز بىلەن جىدەللىشىش ئۈچۈن تېلېفۇن قىلمىدىم. ھەم سىز بىلەن جىدەللەشكىدەكمۇ ھالىم يوق. مەن پەقەت سىزنى 5 يىللىق ئەر-خوتۇنلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىر قاچا تاماق سۇنۇپ بېرەمدىكىن دەپ تېلېفۇن قىلدىم. سىز بىلىسىز ، مەن ھازىر ياتاقتىن ھېچ يەرگە بارالمايمەن. ئاپامغىمۇ تېلېفۇن قىلالمايمەن. شۇڭا ماڭا مۇشۇ بىر قېتىم تاماق ئەكىلىپ بېرىڭ. ئۆتۈنۈپ قالاي، پەقەت مۇشۇ بىر قېتىم. ـ دىلنازنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ تېلېفونغا ئاقتى.ـ ئەمدى سىزنى ئىككىنچى ئاۋارە قىلمايمەن، بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۆتۈنۈشىم بولۇپ قالسۇن، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم...

بارغانسېرى ھاياجانلىنىۋاتقان دىلنازنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە قۇربى يەتمەي تېلېفۇننى ئۈزىۋەتتى. پۈتۈن بەدىنىگە قۇشۇلۇپ سىقىراپ ئاغرىۋاتقان كاللىسىنى ھەر تەرەپكە چايقىدى. نىمجان ئالقىنىدا پىشانىسىگە بىر نەچچىنى ئۇرىۋەتتى. شۇ تاپ بوتولكىدىكى سۇيۇقلۇق تومۇرلىرىغا تېمىۋاتسا، ئاچچىق كۆز يېشى يۈرىكىگە تېمىۋاتاتتى. دىلناز ئاخىرى نەچچە ئايدىن بېرى قەلبىنى قىيناپ كەلگەن ئازابنىڭ ئاچچىق يەكۈنىگە ئېرىشتى. مانا بۈگۈن ئۆزى ئىشەنگەن يولدىشىنىڭ ھەقىقى ئازغۇن ھالىتىنى كۆرگەندەك بولدى. قەلبىدىكى بىر ئۇلۇغ ئوبراز ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتتى. پۈرەكلەپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان مۇھەببەت گۈللىرى جۇدۇنىدا بەرگىلىرىدىن ئايرىلدى، شېخىدىن قايرىلدى. مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ـ ئۇ پەقەت كىنو ئىكرانلىرىدىكى، رومانتىك ھىكايىلەردىكى دەبدەبىلىك تىما. ئۇ رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراقتا. مانا ، شۇنچە ئۇزۇن ، شۇنچە ئازاپلىق ۋىسال دەملىرىنى

بىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بايلىق بىلەن نامراتلىق، ئەمەلدار بىلەن دېھقان ، شەھەر بىلەن سەھرا ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن زىددىيەتلىك تۇقۇنۇشلارنى بېكىپ، ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرگەن ، بىر ئۆمۈر شۇ بەختىنى قوغداش ئۈچۈن قەسەم ، ۋەدىلەرنى بەرگەن ۋارستەك بىر يىگىتمۇ ئازدى. مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنى رىئاللىقتا ئايلاندۇرالمىدى. ئازغۇن ھىسياتقا قۇل بولۇپ، شەيتانغا باش قويدى. گۈلنىك قەدرىگە يەتمەي، زەھەرلىك تىكەنگە قول ئۇزاتتى .

مۇھەببەت يەنىلا شۇنچىلىك ئۇلۇغ . دىلناز ھاياتىدا پەقەت بىرلا ئادەمنى ياخشى كۆرگەن. پەقەت بىرلا ئادەمگە بارلىقىنى تەقدىم قىلغان، پەقەت شۇ بىرلا ئادەم ئۈچۈن قۇربان بىرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. شۇ تاپ ئۇنىڭ نەپرىتى چېكىگە يەتتى. ۋارسقا ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇنى چايناپ پۈركىۋەتكۈسى كەلدى. لېكىن قورسىقىدا يەنىلا شۇ ئەبلەخنىڭ بالىسى، گۇناھسىز نارىسىدە. ئۆزى بولسا ھەممە ئىتراپ قىلغان، ھەممە ھەۋەس قىلغان قىز. ئۇ شۇنچە ئازاپلىنىپ تورۇپمۇ يەنە بۇ ئىشلارنى جار سېلىشنىڭ ، خەلقى ئالەمگە پىيىشىنىڭ، ئۆزئىززەت-ھۆرمىتىنى ۋەيران قىلىشنىڭ تۇلىمۇ ئاخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ۋارىسنىڭ شۇنچە تېز ئۆزگۈرۈپ، باشقا بىرىگە كۆڭۈل بەرگەنلىكىگە پەقەت ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى. " نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئۇ نىمە ئۈچۈن ئازدى؟" دىگەن سۇئال كاللىسىغا كىرىۋالدى. ئۇ ھازىرقى تۇيغۇلىرىدا ھەقىقى مۇھەببەتنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ھەر قانداق خاتالىقىنى كەچۈرىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپ ۋارس بىر قاچا تاماقنى خىجىللىق ئىچىدە كۆتىرىپ كىرسە ، ئۆزىدىن تىزلىنىپ ئۆلتۈرۈپ كەچۈرۈم سورىسا، بۇ ئىشلارغا بولىدى قىلىۋېتىدىغاندەك تۇيغۇلاردا بولۇشقا باشلىدى.

دىلنازنىڭ ئۇكۇلىمۇ چۈشۈپ بولدى. تېلىفۇن قىلىنىپ يەنە بىر سائەت ئۆتتى. نەپرەت ئىچىدە قىينالغان يۈرەك يەنە پات-پات ئىششىككە تەلمۈرۈپ تۇردى. بىر قاچا ئىسسىق تاماقنىڭ ھىدىنى ھىدلاشقا ئالدىرىدى. لېكىن ۋارسنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقىمۇ ئىشىكتىن ۋارسنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ خىزمەتداشلىرى، يېقىن دوسلىرى يوقلاپ كىرىشكە باشلىدى. ھەر سائەت ئىچىدە يېڭى مېھمانلار كىلىپ-كىتىپ تۇردى. ھەممىسى دىلنازنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتتى، كۆز يېشى قىلدى. كىرگەنلىكى

ئادەم دىلنازدىن ۋارسنى سورىدى. "قۇڭام سېسىق دەپ كىسىۋەتكىلى بولمىغىنىدەك" دىلناز بارلىق دەرت-ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھەممىسىگە "تاماقتا چىكەتكەن، ھازىرلا كىرىدۇ" دەپ جاۋاپ بېرىپ ياتتى. ئۇ نەپرەت ئىچىدە قىينالسىمۇ يەنە شۇ دوسلىرى ئالدىدا ۋارسنىڭ بىر قاچا ئىسسىق تاماقنى كۆتىرىپ كىرىپ كىلىشىنى شۇ قەدەر ئۈمۈت قىلدى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ "بىچارە" بولۇپ قېلىشىدىن شۈنچىلىك ئېھتىيات قىلدى. ئەپسۇس، ئۇنى يوقلاپ كەلگەن مېھمانلار ساقلاپ-ساقلاپ ، ۋارس بىلەن كۆرۈشەلمەي ئامالسىز خوشلۇشۇپ كىتىشتى. ئىشىككە قاراپ كۆزى تىشىلەي دەپ قالغان دىلناز مانا ئەمدى ئازاپنىڭ نىملىكىنى ھەقىقى ھىس قىلدى. بىر سائەت ئۆتتى، ئىككى سائەت ئۆتتى، ئۈچ سائەت ئۆتتى، تۆت سائەتمۇ ئۆتتى. ئەتىگەنلىك تاماق يىمەي ھالسىزلىنىپ ياتقان دىلناز چۈشلۈك تاماقنىمۇ ئىرىشەلمىدى. بۇ ھاياتىدا ئەڭ باياشات تۇرمۇش ئىچىدە ياشاپ، ئەڭ ئالى تاماقلارنى يەپ كەلگەن نازىنىنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى، پۇتۇن شەھەر خەلقىنى قايىل قىلغان پەرىشتىدەك گۈزەل دىكتور قىز بۇگۈن 2 ۋاخ ئاچ قالدى. قورساقلىرى بارغانسىرى تارتىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. ئۇ تاماق دەپ بىرلا تىلىغۇن قىلسا ياتاقنىڭ ھەر خىل تائاملار بىلەن تولۇپ كىتىدىغانلىقىنى ئىشىنەتتى. دادىسى، ئاپىسى، يېقىن دوسلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بۇلاتتى . ئەپسۇس ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. قىزلىق ئىززەت، ئاۋۇ ئىچىدە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. پەقەت ۋارسنى ھەقىقى سىناپ باقماقچى، ئۇنىڭ چىن ماھىيىتىنى ، مۇرەككەپ سۆيگۈ ھىسياتىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدەك ئۇنىڭ بىر قاچا تامىقىغا تەلمۈرۈپ ياتتى. نەتىجىدە بىچارە قىزنىڭ دەرتلىك قەلبى مىڭ ئەپسۇس ئىچىدە قىينالدى. ئۇ ئىشەنگەن ۋارس، ئۇ ئىشەنگەن ئەرنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. يەتتە سائەت، سەككىز سائەت، توققۇز سائەت...مانا قۇياش نۇرى ياتاقتىن ئاستا-ئاستا يۇقۇلۇپ، گۇگۇم پەردىسى يېپىلدى. ئۆيدە بولغان بولسا مىزىلىك كەچلىك تاماقتىن ھوزۇرلىنىدىغان دەقىقىلەرمۇ ئۇتۇپ كەتتى. دىلناز ساق بىر كۈن ، ئۈچ ۋاخ ئاچ قالدى. ئۇ شۇتاپ ئازاپ ئىچىدە شۈنچىلىك قىينالدىكى، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەۋەتكىلى تاس-تاس قالدى. ئۇيان-بۇيانغا توختىماي ئۆرۈلدى. مارجانىدەك ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆلگۈرەلمىدى. قورسىقىدىكى بالىمۇ ئاچلىقتىن ئۇخلاپ قالغانىدەك جىمجىت

بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ تاپ ئاچلىقتىن قىينىلىۋاتامدۇ ياكى ئۆزىگە بۇ قانلىق قىسمەتنى ھەدىيە قىلغان ۋىجدانسىز ۋارىستىن نەپرەتلىنىۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئەمدى ھەممە نەرسە تۈگىگەن ئىدى. ئاچلىق ، ئازاپ ئىچىدە قىينىلىپ ياتقان قىزنىڭ قەلبىدە ۋارىسنىڭ ئوبرازى پۈتۈنلەي ئۆلگەن ئىدى . ئۇنىڭ نەپرىتى چېكىگە يەتتى. ئۇ ئەمدى ۋارىسنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيدۇ، بىرقاچا تاماق سۇنۇش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت چىقىرالماي، قانخور ئالۋاستىلارنىڭ قۇچىقىدا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان ۋاپاسىز يارىدىن ئۆمۈرلۈك سەسكىنىدۇ. ئەمدى دەرت چەككەن قەلبىدىن بۇ ئازغۇنغا قىلچىلىك ئورۇن بېرەلمەيدۇ...

ئەنە. كارۋاتتا مۈردىدەكلا بىر قىز . قېنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى نۇرلۇق شەھلا كۆزلىرى، قېنى پارقىراق سۇمبۇل چاچلىرى، قېنى سۇس گىرىم ئىچىدە پارقىراپ تۇرغان سۈتتەك چىرايى...مانا ئەمدى ھەممىسى يوقالغان . ئۇنىڭ ئورنىغا نۇرسىز، ياشلىق كۆز، چىگىش چاچ، يادىكىغۇ ، مىسكىن چىراي ئالماشقان. توغرا، ئىنسان ھەممە نەرسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ھەممە ئېغىرچىلىقلارنى كۆتىرەلەيدۇ. پەقەت ئۆزى ھەقىقى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ، خائىنلىقىنى كۆتىرەلمەيدۇ. يۈرىكىنى لەختە-لەختە قىلغان ئاشىندارچىلىقنى كۆتىرەلمەيدۇ.

بىر چاغلاردا ئىشىكنىڭ بوشىقىنا چېكىلىشى بىلەن خىياللىرىن چۆچۈپ ئويغانغان دىلنازنىڭ كۆزلىرى قىيا ئېچىلغان ئىشىككە قاراپ قېتىپلا قالدى. ئىشىك تۈۋىدە ۋارىس بىر قولىدا تاماق قاچىسى، بىر قولىدا بىر مۇنچە مىۋە-چىۋىلەرنى كۆتىرگىنىچە يا ياتاققا كىرىشنى، يا چېكىنىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇراتتى. دىلنازنىڭ ئاچچىق يىغىدىن ئىششىپ ، قىزىرىپ كەتكەن نەپرەتلىك كۆزلىرى ۋارىسنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. توۋا، بۇ قېتىم ئۇ ھېچقاندىاق ھاياجانلانمىدى، ۋارىسنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنى كۆرۈپ تىنى جۇغۇلدىمىدى. يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپمۇ كەتمىدى. پەقەت قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن پارتلاپ چىققان نەپرەت ئىچىدە لاغ-لاغ تىترەپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇيان-بۇيانغا ئەپقىچىۋاتقان ۋارىسنىڭ ئۇستى-بېشىغا كۆز يۈگۈرتتى. نىمە دىگەن رەتلىك، پاكىزە كىيىنىش ھە. بىر چاغلاردا دىلناز چوڭ ئۆيدە ياتقاندا يوقلاپ كەلگەندىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق كىيىنگەن. بۇگۈنمۇ شۇنداق. پارقىراق چاچ، يارىشىملىق قارا كاستيوم، ئاپئاق كۆينەك، ئەينەكتەك ئاياق . ھازىرلا بىرەر تويدىن قايتىپ كەلگەندەكلا ...مانا ، ئىككى تەرەپتە

ئىككى دۇنيا، چىرايلىق ياسانغان، پۈتۈن بەدىنىدىن ئەتىر ھىدى كېلىۋاتقان ئەر بىلەن، يادىڭغۇ سۇلغۇن چىراي، چۈۋۈلغان چاچ، پۇرلاشقان كىيىم بىلەن نىمجان تىنىقى كارۋاتقا چاپلاپ ياتقان بىچارە ئايال...

ئۇزاق ۋاقىتلىق جىمجىتلىق، نەپرەتلىك قاراشتىن نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان ۋارىس ، كېيىكتەك ئۈركۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەردىن كۆتىرمەي ئاستا كىلىپ، قولىدىكى تاماق قاچىسى بىلەن مېۋە-چېۋىلەرنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. ئۇ دىلنازغا قايتىدىن قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، تاماقنى سۇۋۇسۇن دىگەندەك ئېغىزىنى ئېچىپ قويۇپ، ياندىكى ئورۇندۇقنى ئاستا تارتىپ ئاۋايلاپ ئولتۇردى.

-يۇقال، يۇقال...-كارۋاتتا ھالسىز ياتقان دىلناز تۇيۇقسىز ئېلىشىپ قالغان ئەسەبى كىسەلدەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، شۇ تاپ بىر كىچە-كۈندۈز ئۇنسىز يىغىدا قىزارغان كۆزلەر بىلەن چۇۋۇلغان ئۇزۇن چاچلار قوشۇلۇپ بەئەينى كىنولاردىكى ۋەھشى ئالۋاستىلارغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇ ھەيرانلىقتا ئۆزىگە قاراپ تەمتىرەپ قالغان ۋارىسقا قاراپ، ھازىرلا يالماپ يۇتىۋېتىدىغاندەك شۇنچىلىك سەت ئالايدى-دە، ئۈستەل ئۈستىدىكى تاماق قاچىسنى چاقماق تىزلىكىدە كۆتىرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. -تۇزكور ئەبلەخ، مەلئۇن ، ھايۋان....مىنىڭ سىنى كۆرەر كۆزۈم يوق. بۇ يەردىن ھازىرلا يوقال. ئىككىنچى كەلگۈچى بولما، مەڭگۇ يۇقال...

ئۈستى-بېشىغا تۇيۇقسىز تۆكۈلگەن مايسىز سۇيۇق ئاشتىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ۋارىس قىزىق ئاشنىڭ بەدىنىنى كۆيدۇرگىنىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇنىڭ بايىقى سۆلەتلىك تۇرقى ئەمدى پۈتۈنلەي ئۆز سالاپىتىنى يۇقاتقان ئىدى. قاپقارا چاچ، پارقىراق يۈز، قىرلانغان كاستيومىدا لەيلەپ قالغان چۆپلەر ئۇنى ھازىرلا يۇندا ئازگىلىدىن چىققان قارا ئىشچىغىلا ئوخشۇتۇپ قويغان ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئىنكاسسىز ھالدا جىملا تۇردى . قارىماققا ئۇ ئاللىبۇرۇنلا مۇشۇنداق بولۇشنى بىلگەندەك قىلاتتى. ئۇ يۈزىدىكى چۆپلەرنى ئادالمىدى، دىلنازغىمۇ كايىمىدى ، ياتاقتىن ئۆرۈلگەنچە چىقىپمۇ كەتمىدى. پەقەت پادىشاھ ئالدىدىكى قۇلدەك، جاللات ئالدىدىكى جىنايەتچىدەك بويىنىنى ئىگىپ جىمجىتلا تۇردى.

- ئادەم ئەمەس ئىپلاس، يۇقال دىدىمغۇ، ئاڭلاۋاتامسەن، كۆزۈمدىن يۇقال. بۇ نەرسىلىرىڭنى ئاپىرىپ ھېلىقى ئاشناڭغا ئاپىرىپ بەر. - دىلنازنىڭ

غەزىپى قايتىدىن پارتلىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا بىچارىلەرچە قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ۋارىسقا ئىچ ئاغرىتىش تۇگۇل تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى-دە، ئۇستەل ئۈستىدىكى مىۋە-چىۋىلەرنى قايتىدىن ۋارىسقا قارىتىپ ئاتتى. - مەن سەندىن خوش بولۇپ كىتەي، مىنىڭ ئىچىمنى سىقما، مىنى بۇنداق ئازاپلىما ، كۆزۈمدىن دەرھال يۇقال، دەرھال...

مىۋە -چىۋىلەر ياتاق ئىچىدە ھەريان چېچىلدى. ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن يۇگۇرۇشۇپ كىرگەن 2 سىستىرا قىز بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كىيىن، ئەر-خوتۇن جىدىلىگە ئارلىششىنى بىئەپ ھىس قىلىپ ، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. ۋارس يەنىلا جىمجىت تۇراتتى. ئۇ ئەزەلدىن پەرىشتىدەك گۇزەل، زىلۋا ئايالىنىڭ بۇگۇنكىدەك قورقۇنچلۇق تۇرقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ھەر قاچان ناھايىتى سىلىق-سىپايە ، مۇھەببەتلىك پىچىرلايدىغان ئايالىنىڭ بۇگۇنكى سەنلەپ تىللاشلىرىغا ھەقىقەتەن ھەيران قالدى. بەلكىم ئۇ بۇگۇنمۇ ئالدىنقى ۋاقىتلارغا ئوخشاش دىلىنازنى ئالدايمەن، ئۇنىڭ ساددا كۆڭلىدىن پايدىلىنىمەن، شىرىن-شىكەر سۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالىمەن...دەپ ئويلىغان بولسا كىرەك؟ بەلكىم بىردەملىك كۆڭۈل خوشى ئالدىدا ئۆزىنى يۇقۇتۇپ، كىسەل ئايالىم ئۆزى بىلەن بولۇپ مەندىن گۇمانلانمايدۇ، ماڭا ئىشىنىدۇ...دەپ ئاقىللارچە ئويلىغان بولسا كىرەك؟...لېكىن رىئاللىق ئۇنداق ئاددى بولماي قالدى. ھەممە نەرسە ئاشكارا بولدى. ياختىنىڭ ئىچىدە چوغنى ساقلىغىلى بولمىغىنىدەك ، ۋارسىنىڭ بىر نەچچە ئايلىق پەسكەش يۇشۇرۇن مۇھەببىتى دوستىخانغا چىقتى . چىنە چېقىلدى. رىشتە كۆۋرۈكى ئۇزۇلدى. ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشەنچ يۇقالدى. ئەمدى ۋارسنى نىمە قىسمەتلەر كۇتىدۇ؟ ئۇ ئەمدى زادى نىمىگە ، كىمگە ئىرىشىدۇ؟ ئۇنىڭ ئائىلە بەختى، خىزمىتى، كەلگۇسى قانداق بولىدۇ؟...بۇنىڭغا ھازىرچە ھېچكىم بىر نەرسە دىيەلمەيتتى.

لەززەتنىڭ كەينىدە ھەسرەتنىڭ، بەختنىڭ كەينىدە ئازاپنىڭ يۇشۇرۇنغانلىقىنى ناھايىتى كىچىكىپ ھىس قىلىۋاتقان ۋارس نىمە دىيىشىنى پەقەت بىلەلمىدى. ئۇ بىر ئېغىزگەپمۇ ياندۇرمىدى، بىر ئېغىز كەچۈرۈممۇ سورىمىدى. ئوت ئۇستىگە ياغ چېچىشنى ،دىلنازنىڭ ھازىرقى ئازابىنى ئۇلغايتىشنى خالىمىغاندەك ، بارلىق گۇناھنى بويىنغا ئېلىپ ، شۇ يۇندا

ئازگىلىدىن چىققاندەك تۇرقى بىلەن ئىغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ياتاقتىن ئاستا چىقىپ كەتتى. بىر دەملىك تەلۋە ھالىتىگە كىلىپ ، ۋارسىنى قورقۇتۇپ لاغ-لاغ تىترەتكەن دىلناز ۋارس ياتاقتىن چىقىپ كىتىشى بىلەنلا خۇددى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سۇلغۇنلۇق ھالىتىگە قايتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك بىچارە، شۇنچىلىك تەنھا ھىس قىلدىكى، بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەندەك، بۇ دۇنيادا تىكەندەكلا يالغۇز قالغاندەك ھىس قىلدى. ئۇ قورسىقىنىڭ ئىچىشىغا، بىلىنىڭ تۇۋەن قىسمىنىڭ تولغاپ ئاغرىشىغا قارىماي، كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى-دە، كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى...ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى كەچكى جىمجىتلىققا چۈكۈۋاتقان دوختۇرخانا كارىدورىدا ئۈزۈندىن-ئۈزۈن ئەكسى سادا قايتۇرۇپ ئۈزۈلمىدى...

دىلناز خىلى ئۇزاق كۆز يېشى قىلغاندىن كىيىن ھۇشىغا كەلگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى بۇنداق تاشلىۋەتسە بولمايتتى. ۋارس كۆڭۈل بۆلمىدى، ئاسرىمىدى. ئەمدى ئۆزىگە ئۆزى كۆڭۈل بۆلمىسە، بالىسى ئۈچۈن بولسىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، دەرتلەرگە چىدىمىسا بولمايدۇ. ئاچ قورساق ھالەتتە ھەسرەتلىنىپ ياتسا قورسىقىدىكى بىچارە نارسىدىگە ئۇۋال بولىدۇ. ئۇ ئۇزۇقلۇققا مۇھتاج، ئۇ مۇھەببەتكە مۇھتاج. ئۇ يەنە 4-5 كۈندىن كىيىن بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. بۇ ئاچچىق-تاتلىق قىسمەتلەر چىك گىرەلىشىپ كەتكەن دۇنيا بىلەن دىدارلىشىدۇ. دىلناز بۇ بوۋاق ئۈچۈن يېرىم يىلدەك جاپا تارتتى، قىينالدى. خىزمەتنى، ئۆگىنىشنى ، ئائىلىنى

...ھەممىنى تاشلاپ بۇ بوۋاق ئۈچۈن كارۋاتقا مىخلىنىپ كۈن ئۆتكۈزدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى تۈگىدى، قەلبى زىدە بولدى، يولدىشى ئازدى، ئائىلىسى خازان بولدى. شۇ تاپتا قورسىقىدىكى مۇشۇ بەختىسىز پەرزەنتىدىن باشقا ھېچقانداق خوشاللىقى قالمىدى. شۇڭا بالىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇشى كېرەك، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئويلىشىشى كېرەك. ئاشۇ بىگۇناھ تۆرەلمە ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇزۇقلىنىشى، تاماق يېيىشى كېرەك.

يوتقاننى بېشىغا چۈمكەپ ئۇزاق كۆز يېشى قىلغان دىلناز ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزى يەكۈن چىقارغاندەك بولدى. ئۇ كارۋاتقا يۆلىنىپ بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئاۋايلاپ كارۋاتتىن چۈشۈپ ئاستا قەدەملەر بىلەن تازىلىق ئۆيىگە كىردى. تازىلىق ئۆيىدىكى ئەينەككە خۇددى يات بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى كۆرىۋاتقاندەك ئۈركۈنۈش، ھەسرەت ئىچىدە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، مۇزدەك سۇغۇق سۇدا يۈز-كۆزلىرىنى يۇدى. چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ناھايىتى تەستە تاراپ چىقتى. ئۇخلاش كىيىمىنى سېلىپ ، ھازىدار ئاياللاردەك چامادان ئىچىدىن مەخسۇس كەڭ ،ئۇزۇن قارا كۆينەكنى ئېلىپ كەيدى. ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىش جەريانىدىمۇ شۇنچىلىك قىينالدى. تۇلۇمدەك قورسىقى بىلەن ھەركەت قىلىش بەكمۇ تەسكە توختىدى. لېكىن ئۇ بەرداشلىق بەردى، چىدىدى. كىيىنىپ كاۋاتقا يۆلىنىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، كىچىك قول سومكىسىنى كۆتىرىپ ، ھارغىن، ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ كارىدورغا چىقتى. كارىدور كىچە جىمجىتلىقىغا چۆككەن بولۇپ، قارىماققا ئاندا-ساندا مېڭىشىۋاتقان دوختۇر-سېستىرالاردىن باشقا ھەممە بىمار شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەكلا قىلاتتى.

دىلناز بەللىرىنى چىڭ قامالىغىنىچە ئۆردەكتەك تەستە ئىغاڭلاپ ، دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئاشخانىغا ئاران چىقتى. ئېغىر تاماقلارغا كۆڭلى تارتماي بىر قاچا ئۆگرە بۇيرۇتۇپ ، پۇۋلەپ تۇرۇپ ھۆزۈرلىنىپ ئىچتى. بۈگۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ھەسرەتلىك كۈننى كۆرۈپ، ئاچچىق ئازاپلارنى تارتىپ چىققان ، كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم بولغان بولسىمۇ ، نىمىشقىدۇر ئۆگرىنى ئىچىپ بولۇپ قورسىقى تويمىغاندەك يەنە 5 زىخ كاۋاپ بۇيرۇتۇپ يەۋەتتى. قارىماققا ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تەمكىن ، شۇنچە روھلۇق تۇتىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەممە نەرسىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ، ئۇمۇت، ئىشەنچ بىلەن ياشاشقا بەل باغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بەلكىم سىرتقى قىياپىتىدە

ئۆزىگە خاس خاراكتىرىنى ساقلاۋاتقان بولسىمۇ، ئاجىز قەلبى ئۈنسىز يىغلىغان بولىشى مۇمكىن، توزىغان سۆيگۈ گۈللىرىگە ئىچىنىپ يۈرەكلىرى لەختە ـ لەختە زەرداپقا تولغان بولىشى مۇمكىن...

ئاشخانىدىن چىققان دىلنازنىڭ قەدەملىرى دوختۇرخانا ئىشىكىگە كەلگەندە توختاپلا قالدى. ئۇ بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرمىگىلى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار بولغانىدەك ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇرۇمچىنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە سەپسالدى. ئاپئاق نۇر تارقىتىپ تۇرغان كوچا چىراقلىرى ، ئاندا ـ ساندا ئۆتۈشۈپ تۇرغان چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار، رەت ـ رەت ئېگىز بىنالار ئاستىدىكى كىچىلىك سودىسى تۈگىمىگەن ماگىزىنلار...دىلناز تۇرۇپلا ياتاققا كىرىشتىن يالتىيىپ قالدى، ياتاققا كىرسە نىمە بار؟ كىم ئۇنىڭغا ھەمرا بولىدۇ؟ كىرسە پەقەت بۇگۈنكى ئاچچىق رىئاللىقنىڭ ئاسارىتىدە يەنە قىينىلىدۇ، ۋارسىنىڭ رەزىل تۇرقىنى ئەسلەپ قالىدۇ. ياستۇق ئاستىدىكى چوڭ پىچاقنى قامالاپ، خىيالىغا بىپسىپ كىرگەن جىن ـ ئەرۋاھلار بىلەن ئېلىشىدۇ...ئازاپ ئىچىدە قىينالغان دىلناز شۇلارنى خىيال قىلغاندىن كىيىن، نىرۋىلىرىنى بىر پەس سەگىتمەكچى بولغانىدەك ،ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ پىيادىلىكلەر يولىنى بويلاپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ماڭدى ، خېلى ئۇزۇن ماڭدى، دوختۇرخانا بەكمۇ يىراقتا قالدى. پىيادىلىكلەر يولىدا ھەر خىل مەقسەتتە مېڭىشۋاتقان ئادەملەر بۇ دىكتور قىزغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قويۇشاتتى، نىملەرنىدۇ پىچىرلىشاتتى، خۇددى دىلنازنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىلىپ قالغانىدەك كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قارايتتى. لېكىن دىلناز جىمجىتلا ماڭدى. ئۇ شۇتاپ ھېچقانداق نەرسىنى ئويلاشنى خالىمايتتى. كۆڭۈل ئېكرانىدىكى ئاچچىق رىئاللىقنى يىراقلارغا قوغلاشقا تىرىشاتتى. ئۇ كىتىۋېتىپ جۈپ ـ جۈپ مېڭىشۋاتقان ئامراق ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ، تاتلىق باللىرىنى كۆتىرىشىپ بەختىلىك ئائىلىسىنى "كۆز ـ كۆز قىلىشۋاتقان" ئەر ـ خۇتۇنلارغا زوقلىنىپ ماڭدى. ئۇلاردىن شۇنچىلىك ھەۋەسلەندى. ئۆزىنىڭمۇ بىر چاغلاردا ئاشۇنداق بەختىيار تۇرمۇشى بولغانلىقىنى ئۇكۈنۈش ئىچىدە ئەسلىدى، قورسىقىنى سىلاپ، تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بەختىسىز بالىسىغا ئىچ ئاغرىتتى، ئېچىندى. بالىسىنىڭ ئاشۇ ئەر ـ ئاياللارنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ ئويناقشىۋاتقان باللاردەك بەختىلىك كۈنلەرگە ئېرىشىشىگە ئەسلا كۆزى يەتمىدى.

بىر سائەتتەك ئۇزۇندىن-ئۇزۇن خىياللار ئىچىدە ماڭغان دىلناز چارچىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يول بويىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. لېكىن دوختۇرلارنىڭ تاپىلاشلىرىنى بىر ياقلارغا چۆرۈپ قويۇپ ، سالامەتلىكىنى ئويلاشماي مۇشۇنداق كۆپ مۇساپىنى پىيادە باسقانلىقىغا قىلچە ئۆكۈنمىدى. ئۇ كۆزىنىڭ مۆزدەك شامىلىدا چارچىغان نېرۋىلىرىنىڭ بىر ئاز ئارام ئېلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەتراپقا خېلى ئۇزاق قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن كەينىگە ياندى. دوختۇرخانىغا پىيادە قايتىپ بۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چوڭ يولغا چىقىپ تاكسى توسماقچى بولدى. ئۇ دوختۇرخانا تەرەپكە قاتناۋاتقان تاكسىدىن بىرنى توسۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتىردىيۇ، ئىمىشقىدۇر تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. كۆزلىرى يىراقتا كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان ۋارسىنىڭ ئىدارىسىنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى سۇقۇپ كەتتى. تووۋا، ئۇ مەقسەتسىز پىيادە مېڭىپ ئۆز ئۆيىنىڭ قېشىغىلا كېلىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ تۇرۇپلا ئۆيىنى سېغىنىپ قالدى، 3 ئايغا يېقىن بۇ ئۆيگە بىرەر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغاچقا، جاپادا تۇتقان ئۆيى، ۋارسقا تاماق تەييارلىغان چىرايلىق ئاشخانىسى، ئۆزى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن گۈللىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئەڭ مۇھىمى ۋارس 3 ئايدىن بېرى يالغۇز ھايات كەچۈرگەن تۇرمۇش ئۇنى قىزىقتۇردى. تووۋا، تۇيۇقسىز دىلنازنىڭ دوختۇرخانا تەرەپكە بۇرۇلغان قەدەملىرى ئۆيى تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى، دوختۇرخانا تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر تاكسىنى ئالدىراپ توستى-دە، ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپ ئىمىشقا ئۆيىگە بېرىشنى ئويلاپ قالغانلىقىنى، ئىمە ئۈچۈن ۋارس 2-3 ئايدىن بېرى پەسكەشلىك قىلغان ،بۇلغىغان ئۆيىنى يەنە سېغىنغانلىقىنى بىلمەيتتى. بەلكىم ۋارسىنىڭ 2-3 ئايدىن بېرى بۇ ئۆيىنى قانداق تۇتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە قىزىقىۋاتقاندۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن كەتكەندىن كېيىنكى ھالىتىنى قايتا بىر كۆزۈتۈپ باققۇسى كەلگەندۇ؟ ۋە بەلكىم ۋارسقا بولغان ئۆچمەنلىك ئىچىدە ئۆزى بىر قوللۇق تۇتقان شۇ ئۆيىنى ، مۇھەببەت غۇنچىلىرى پۆرەكلەپ ئېچىلغان رومانتىك ھوجرىسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگۈسى كەلگەندۇ؟...

4-قەۋەتتىكى ئۆيگە شۇنچىلىك تەستە ھاسراپ چىققان دىلناز خۇددى 30-40-قەۋەتكە چىققاندەك قاتتىق قىينالدى. ئۇ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تامغا يۆلەنگىنىچە ئۇزاق ھاسراپ تۇردى. بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالايلا دەپ قالغان

يۈرىكىنىــڭ رىتىمســىز سوقۇشــىغا ئەگىشــىپ، پىشــانىلىرىدىن ئاققــان تەر بۇيۇنلىرىنى نەمدىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ تۇتقىچىنى تۇتۇپ خېلى ئۇزاق تۇردى. ئۇ ۋارسىنىڭ ئۆيدە بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئەگەر ۋارس ئۆيدە بولـۇپ قالسا نىمە دېيىشىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئىشكنى قېقىش ئۈچۈن قولىنى ئاپاردىيۇ، يەنە نىمىشــقىدۇر ۋارســىنىڭ ئىشــكنى ئاچقانــدىكى بىــزەڭ تــۇرقىنى كۆرۈشــنى خالىمىغاندەك، قول سومكىسىدىن بىـر بـاغلام ئـاچقۇچنى ئالـدى ـ دە، ئۆيىنـىڭ ئاچقۇچىنى ئىشىككە سالدى .

ئۆي ۋارسىنىڭ تۇرمۇشىدەكلا چېچىلاڭغۇ، ۋەيرانە بولۇپ چىقتـى. بىـر چاغلاردا دىلنـاز چىنىـدەك تۇتقـان پـاكىزە، رەتلىـك ئـۆي كـۆرۈنمەيتتى. تۇپـا باسـقان ئـائىلە جابـدۇقلىرى، ئۈسـتەل ئۈسـتىدىكى ئېشـىپ قالغـان تامـاق قالدۇقلىرى، يۇيۇلمىغان قاچا ـ قۇچىلار، ئۇ يەر ـ بـۇ يەردە چېچىلىـپ ياتقـان كـىيىم ـ كېچەكـلەر... دىلنـاز ئىشـىككە يۆلىنىـپ تـۇرۇپلا قالـدى. كـۆز ئالـدى قاراڭغۇلۇشـۇپ، مېڭىسـى زوڭۇلـداپ ئاغرىـپ كەتتـى. ئـۇ بۇنـداق مەنزىرىنـى كۆرەرمەن دەپ ئەسلا ئويلىمىغان ئىدى، ۋارسىنىڭ ھىسيات جەھەتتىلا ئەمەس، ئائىلە ، مەسـئۇلىيەت، پـاكىزلىق، خـاراكتىر جەھەتتىمـۇ پۈتـۈنلەي ئۆزگىرىـپ كەتكەنلىكىگە ھەقىقى ئىشەندى. ئەزەلدىن ئۆي تۇتۇشقا ھىرىسمەن، رەتلىـك ، ئەسـتاھىدىل ۋارسـىنىڭ قىسـقىغىنا ۋاقىـت ئىچىـدە شـۇنچە تېـز ئۆزگىرىـپ كېتىشىنى پەقەت ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى...

ئۆيدە ۋارس كۆرۈنمەيتتى، ئەھۋالدىن قارىغانـدا ئـۇ دوختۇرخانىـدىن چىقىپ باشقا يەرگە كەتكەندەك قىلاتتى. بەلكىم ھېلىقى پاسكىنا قانجۇقنىـڭ قېشـىغا كەتكەنـدۇ؟ يەنە شـۇنىڭ يۇندىسـىنى ئىچكىلـى كەتكەنـدۇ؟...دىلنـاز مېھمانخانىدىكى ۋەيرانچىلىققا قاراپ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولـدى دە، ئـۇدۇللا ياتاق ئۆيىگە كىردى.كىردىيۇ قـوش كىشـىلىك كارۋاتتـا قالايمىقـان تاشـلىنىپ ياتقــان يوتقــان ـ كــۆرپىلەرگە قــاراپ تــۇرۇپلا قالــدى. ھەيرانلىقتــا لاغ ـ لاغ تىترەۋاتقـان دىلنـاز يىقىلىـپ چۈشۈشـتىن ئەنسىرىگەنـدەك ئىشـىكنىڭ تۇتقۇچىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىـلەن چىـڭ تۇتىـۋالـدى. ئۇنىـڭ كارۋاتقـا قادالغان كۆزلىرى قېتىپلا قالغان ئىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق تۇردى، كارۋات قېشىغا بېرىشقا پەقەت جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى كارۋاتتا دىلناز ئەزەلدىن ئىشلىتىپ باقمىغان، پەرىدە خانىم دىلنازنىڭ تويى ئۈچۈن مەخسۇس ئـۆز قـولى بىـلەن تىكىپ بەرگەن ئوتقاشتەك قىزىل تاشلىق بىـر جـۈپ يوتقـان ـ كـۆرپە يېيىلىـپ

ياتاتتى. دىلناز بۇ يوتقان كۆرپىنى توي قىلغان 5 يىلدىن بىرى بىر قېتىممۇ ئىشلىتىپ باقمىغان، ئاپىسىنى كۆرگەن كۆزدە قەشقەرنىڭ چىرايلىق نەقىشلەنگەن ئۇرۇس ساندۇقى ئۈستىگە تىزىپ ساقلاپ كەلگەن ئىدى... ئۇ ئىشلارنىڭ داۋامىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. لەيلەپ تۇرغان قەدەملىرىنى شۇنچىلىك زەئىپلىك ئىچىدە يۆتكەپ كارۋات قېشىغا كەلدى. ئوتقاشتەك قىزىل يوتقاننى بوشقىنا پەسكە تارتتىيۇ، كۆز ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىگە قاراپ ئايلىنىپ كەتكىلى تاس-تاس قالدى. ئۇ بۇ پەسكەش، نىجىس ، ئىپلاس مەنزىرىنى كۆرۈشنى خالىمىغاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. پەرىدە خانىم تىككەن كۆرپىنىڭ ئاپئاق كىرلىكىنىڭ بىر قانچە يېرىدە قېتىپ قالغان داغ ئىزلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پەسكە سىرىلغان يوتقان بىلەن تەڭ دىلنازنىڭ ئالدىغا چۈشكەن چىلتىلىق قىزىل كالتە كۇسار ئۇنىڭ كۆزىگە قىپ-قىزىل قاندەكلا كۆرۈندى.

-ياق،ياق...مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس...ھەممىسى بىر چۈش، ھەممىسى قۇرۇق خىيال...-ئاچچىق ئەلەم، نەپرەت، پۇشايمان ، ھەسرەتلەر ئىچىدە يۈرىكى كۈيۈپ كۈل بولغان دىلناز ئەسەبىلەرچە ۋارقىراپ تاشلىدى. - ئاھ خۇدا، بۇ ماڭا نېمە كۈن؟ نېمە قىسمەت؟ مەن قايسى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىم ئۈچۈن مۇشۇنداق ئازاپلارنىڭ قۇربانى بولىمەن؟ ئەي خۇدا، مەندەك ئاجىز بەندەڭگە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئازاپلىق رىئاللىقنى كۆرسۈتۈپ قىنايسەن؟...

دىلناز ئەمدى ھەممىنى چۈشەندى، ۋارس ھېلىقى بۇزۇق بىلەن شۇ پەسكەشلىكلەرنى دەل مۇشۇ كارۋاتتا، مۇشۇ ئاپئاق يوتقان كۆرپىلەردە قىلغان. مۇشۇ كارۋاتتا يىلاندەك چىرمىشىپ ياتقان، تاتلىق پىچىرلىشىپ، ئەسەبى تۇيغۇلاردا يايرىغان...نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق مەنزىرە؟ نېمە دېگەن رەزىل يۈرەك؟...بۇ ھوجرا ، بۇ كارۋات ئەسلى كىمگە مەنسۇپ ئىدى؟ ئەلبەتتە ، پەرىشتە قىز دىلنازغا مەنسۇپ ئىدى. ئەپسۇس، ۋارس توي كۈنى مۇشۇ ھوجرىدا، مۇشۇ كارۋاتتا دىلنازنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى سىلاپ ، ئۇنى ئەڭ پاك، ئەڭ شېرىن تۇيغۇلاردا قۇچاقلاپ قىلغان مەڭگۈلۈك قەسەم-ۋەدىلىرىگە خائىنلىق قىلدى. ئۇنىڭ ۋىسال ئىچىدە كۈلگەن گۈلدەك تۇرمۇشىغا ئوت قويدى. توۋا، دىلناز تويدىن كېيىنكى 5 يىلنى مۇشۇ ھوجرىدا خۇددى 1 كۈندەك بەختلىك، خوشال، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەر ئىچىدە

ئۆتكۈزمىگەنمىدى؟...بىچارە دىلنازنىڭ ئاچچىق يىغىغا كۈنۈپ كەتكەن كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلار توختىماي قۇيۇلدى. دىمىسىمۇ ، بۇ قىزنىڭ ھازىرغىچە تۆككۈلگەن ياشلىرىغا قاراپ ،ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭ كۆز قارچۇقىدا خۇددى بىر دەريا باردەك ھېس قىلاتتى . ئۇ ئامالسىز ئاپىسىنىڭ قولى تەككەن يوتقان كۆرپىلەرگە قاراپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. بىچارە ئاپىسىنىڭ ئەجرىنىڭ نىجاسەت ئىچىدە بۇلغانغانلىقىغا قاتتىق ئېچىندى.

پۈتۈن ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆككەن ، پۈتۈن بىنالارنىڭ چىراقلىرى ئۆچۈپ ھەممە شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بىر چاغلاردا ۋارىس ئىشكنى تاراقلىتىپ ئېچىپ، دەلدەڭشىگىنىچە ھوجرا ئىشىكىدە پەيدا بولدى. دىلناز ۋارىسنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا جىمجىت ئولتۇردى. قارىماققا ئۇ ئاللىبۇرۇن ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىپ بولغاندەك قىلاتتى. ھوجرا ئىشكىدىن كىرگەن ۋارىس كارۋات گىرۋىكىدە ئەرۋاھتەكلا ئولتۇرغان يوغان قورساق دىلنازنى كۆرۈپ شۇنچىلىك قاتتىق چۆچۈدىكى ، ھاراقتىن كەيىپ بولغان كاللىسىغا بىر چىلەك مۇزدەك سۇنى قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى . ئۇ قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئالدىدا ئولتۇرغان دىلنازغا تىككىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. دىمىسىمۇ ئۇ "دىلنازنى ئۆيگە كىلەر" دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. شۇنچە چوڭ قورساق بىلەن كىسەل ئازابى تارتىپ ئىگراپ ياتقان قىزنىڭ بۇ ئۆيگە قانداق بولۇپ كىلىپ قالغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى قايتا-قايتا ئۇۋۇلاپ قاراپ چىقتى. توغرا، دىلناز. ئەسەبىلىكى چېكىگە يەتكەن قانخور قاتىلدەك چىراي...

دىلناز ئۆزىگە قاراپ لاغ-لاغ تىترەپ كەتكەن ۋارىسقا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېغىز سەن-پەنمۇ دىيىشمىدى. دوختۇرخانىدىكىدەك ۋاقىراپ-جاقىراپ يىغلاپمۇ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ شۇ تاپ بۇنداق قىلىشنىڭ ئەمدى ھەقىقى ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ئەمدى ئۇنداق قىلىشنىڭ ھەم زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ تۇرۇپلا

قـاتتىق غەيـرەتكە كەلـدى. ئـاچچىق نەپـرەتتىن پەيـدا بولغـان غـايەت زور كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ئالدىدىكى چىلتەكلىك قىزىل كالتە كۈسارنى يۇلۇپلا ئالدى ـ دە، ۋارسىنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى. ئارقىدىنلا كارۋاتقا چىقىپ ئاپىسى مىلىڭ بىر جاپالاردا تىككەن يوتقانىنىڭ تاش ـ ئەستەلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈچەپ سۆكۈشكە باشلىدى. "پاراس، پاراس، پاراس..." دىلناز ھازىرلا بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلايدىغاندەك لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە يوتقان تاشلىرىنى پاراسلىتىپ سۆكتى . ئۇ شۇ تاپ يوتقان تېشىنى سۆكىۋاتامدۇ ياكى ئۆزىنىڭ دەرتلىك يۈرىكىنى سۆكىۋاتامدۇ بىلمەيتتى. بۇ تاساددىپى مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان ۋارسىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتتى، ئۆتكۈزگەن ئېغىر گۇناھلىرى ئۇچۇن ئاچچىق يۇتتى. شەيتانىنىڭ نازلىق كۈلكىسى ئالدىدا ئېزىققان ۋارس ئاقىۋەتنىڭ بۇنچىلىك قورقۇنۇچلۇق بولۇپ كېتىشىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدى. دىلناز يوتقان تېشىنى ھەر بىر قېتىم پاراسلىتىپ سۆككەندە يۈرىكى بىغىشىدىن پاراسلاپ ئۈزۈلگەندەك بولدى. نىرۋىلىرىدا چاقماق چاقتى، ئېڭىدا قاپقارا بوران گۈركىرىدى...ئۇ ھېچنەرسە دەپ ئىنكاس قايتۇرالمىدى. دىمىسمۇ ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشقا يۈزى يوق ئىدى، ھەم جۈرئەتمۇ قىلالمايتتى. ئەمدى نىمە كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي قورقۇنۇچتىن تۈگۈلۈپلا قالغان ئىدى.

دىلناز يوتقان تېشىنى سۆكۈپ بولغاندىن كىيىن، كۆرپە تاشلىرىنىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن سۆكۈشكە باشلىدى. ئاندا ـ ساندا ئېغىر ئۇھ تارتىپ "تووۋا، تووۋا..." دەپ نىدا قىلىشىدىن باشقا ھېچنەرسە دىمىدى. ئۇ شۇ تاپ بۇلارنى نىمە ئۇچۇن سۆكىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم ۋارسىنىڭ ئالدىدا نەپرىتىنى مۇشۇ ئارقىلىق ئىپادىلىۋاتقاندۇ؟ بەلكىم ئاپىسىنىڭ ئاپئاق كۆڭلىنىڭ مەينەتچىلىك ئىچىدە قالغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ؟ بەلكىم بارلىق ئازاپ ـ ھەسرەتلەرنى، بۇلۇپ ئۆتكەن پەسكەش ئاشنىدارچىلىقنى مۇشۇ ئارقىلىق تۈگەتمەكچى بولغاندۇ؟...دىلناز كۆرپە تاشلىرىنى سۆكۈپ بولغاندىن كىيىن، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يوتقان ـ كۆرپە تاشلىرىنى بىر يەرگە يىغدى. كۆتىرىشكە رايى بارمىغاندەك قاتلىشىپ تۇرغان ياستۇق لۆڭگىسىگە چەگدى ـ دە، كۆتىرگىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئىشىككە يۈلىنىپ بىچارىلەرچە توختاپ قالغان ۋارس ئۆزىگە يىقىنلىشىۋاتقان دىلنازغا قاراپ تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشتى، يا سىرتقا

چىكىتىشنى، يا ئىچىگە كىرىشنى بىلەلمەي ، دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە يىلىنىش ئىچىدە بىچارىلەرچە تىكىلدى. لېكىن دىلناز ۋارىسقا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ يېنىدىن سۈركۈلۈپ ئۆتكەندە ، ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيدىغان ۋارىسنىڭ تىنىدىن تارقالغان ھاراقنىڭ سېسىق ھىدىدىن ھەيرانمۇ قالمىدى. ئۇ ئىشىكتىن ئاستا چىقىپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى-دە ، بىر قولىدا كىچىك ماي تۆڭگى، بىر قولىدا ھېلىقى بوقچىنى كۆتىرگىنىچە كارىدوردىن پەسكە قاراپ ماڭدى.

ۋارىس ھەيرانلىق ئىچىدە دىلنازنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدى. پەشتاقتىن ھاسىراپ چۈشۈۋاتقان دىلنازغا ياردەملىشىشنى، ئۇنى يۆلىۋېلىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپمۇ ماڭالمىدى. ئۇ بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك تېزلا دەرىزە ئەينىكىدىن پەسكە قارىدى. توۋا، توۋا...دىلناز بىنا ئالدىدىكى گۈللۈك تۈۋىگە ھېلىقى يوتقان-كۆرپە تاشلىرىنى تاشلىغاندىن كېيىن، ئۈستىگە ماي چېچىۋاتاتتى. دىلناز مايىنى چېچىپ بولغاندىن كېيىن، چاقماقنى چىقىپ " گۈپ" لا قىلىپ ئوت يېقىۋەتتى. ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى، ھېلىقى رەخ پارچىلىرى كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ئىچىدە ئاستا-ئاستا كۆيۈپ كۈل بولدى. بىچارە قىزنىڭ ساددا قەلبىگە زەھەر چاچقان، پاك ھىسسىياتىنى خورلىغان پەسكەش ئاشنىدارچىلىقنىڭ قانلىق داغلىرى ئۆچكەندەك بولدى. ئەپسۇس، دىلناز پەقەت رەخنى يۇقاتتى، قانلىق داغنى يۇقاتتى. لېكىن قەلبىگە ئورنىغان ئاچچىق ئەسلىملەرنى يۇقۇتالمىدى، بەختىيار تۇرمۇشىغا بۇسۇپ كىرگەن رەزىل، قورقۇنۇچلۇق تىراگىدىيەنى يۇقۇتالمىدى. ۋارىسنىڭ ئازغۇن تارىخىنى يۇقۇتالمىدى...دەرىزە تۈۋىدە پەسكە قاراپ تۇرغان ۋارىس كۈچلۈك ئوت يالقۇنلىرى ئالدىدىكى دىلنازنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق دەرت-ئازاپىنىڭ شۇ تاپ ئاچچىق ياش بولۇپ قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. دىلنازنىڭ شۇنچە ئېغىر كىسەل ۋە ھامىلدارلىق ئالدىدىمۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ھەيرانۇ- ھەس قالدى. ئۇ قاتتىق ئازاپلاندى. ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى ئۇكۇنۇش، پۇشايمان ئىچىدە ئويلىدى. ئۆزىدىن قاتتىق نەپرەتلەندى. ھېچقاچان كەلمىگەن قىزنىڭ تونۇگۇن نىمىشقا بۇ ئۆيگە كەلگۈسى كەلىپ قالغانلىقىنى تىگىگە يەتكىلى بولمايدىغان گۇمانلار ئىچىدە ئويلاندى. لېكىن

يەكۈن چىقىرالمىدى. ئاخشامقى دىلناز قېشىغا ئالدىرىغان قەدەملىرى ئالدىدا توختىماي ھەرخىل ناز-كەرەشمە ئىچىدە پەيدا بولىۋاتقان رەيھاننىڭ تۇرقىدىن بىر نەرسىلەرنى ئىزدىگەندەك قىلدى. لېكىن ھېچنەرسە تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئەتىگەن قايتىپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى بۇرۇنقىغا ئەسلا ئوخشىمايدىغان مۇغەمبەرلەرچە كۈلكىسى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى. لېكىن كۈلكە ئىچىدىكى سىرنى بايقىيالمىدى...ئەپسۇس،مىڭ ئەپسۇس. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان ھىسياتىنىڭ ئاجىزلىقى، ئازغۇنلىقى دەپلا بىلدى...

ھەممە كۈيۈپ كۈلگە ئايلاندى. دىلناز قاپقارا كۈلگە قاراپ يەنە بىر نەچچە مىنۇت ئۈنسىز تۇرۇپ كەتتى. بىر نوقتىغا تىكىلىپ قالغان نۇرسىز كۆزلەردىكى ياش قۇرۇپ تۆكۈلگەندەكلا قىلاتتى. ئۇ ئاستا كۆزلىرىنى ئۆيىنىڭ چىراق يېنىپ تۇرغان دەرىزىلىرىگە قاراتتى. كۆزى مېھمانخانا دەرىزىسى تۈۋىدە پەسكە قاراپ تۇرغان ۋارسىنىڭ مەيۈس كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. دىلناز ۋارسقا قاراپ ئېچىنىش، نەپرەت ئىچىدە بېشىنى بوشقىنا چايقىدى، بۇ ئۆيدىن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىپ مېڭىۋاتقاندەك پۈتۈن بىناغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ كەتتى. ئۇ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن قەدەملىرىنى بىنا تەرەپكە ئەمەس دەرۋازا تەرەپكە قاراپ يۆتكىدى...

-خۇدا ھەققى، جېنىم دىلناز، مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى مۇشۇ بىر قېتىم كەچۈرۈڭ...- پەشتاقتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چۈشكەن ۋارس بىنادىن يىراقلىشىۋاتقان دىلنازنىڭ ئالدىدا كۈچىدىكى بىچارە قەلەندەرلەردەكلا تىزلاندى.- مەن گۇناھكار، مەن ھايۋان، مەن خائىن...مەن سىزدىن خوش بولۇپ كەتەي دىلناز، مېنى دەپ ئۆزىڭىزنى بۇنچە ئازاپلىماڭ، بالىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى بىر قېتىم كەچۈرۈڭ...پەقەت بىر قېتىم...

دىلناز ئالدىدىكى بىچارە ئىنسانغا قاراپ مىيىغىدا كۈلدى. ئىسىت ،ئىست ۋارس، بۇرۇنراق ئويغانساڭ بولماسمىدى، بۇرۇنراق ئۆزۈڭنى تونىساڭ بولماسمىدى، بۇرۇنراق "مەن كىم" دەپ ئۆزۈڭگە سوئال قويساڭ بولماسمىدى...ئەپسۇس، بەك كېچىكتىڭ. مېنىڭ يۈرۈكۈم ئاللىبۇرۇن زەخمە يىدى، قەلبىم جاراھەتلەندى. پاك سۆيگۈم دەپسەندە بولدى. ئەمدى كەچۈرۈم سورىغىنىڭ بىكار. تىزلانغىنىڭ بىكار، يالۋۇرغۇنىڭ بىكار...دىلناز سېنىڭ ھەرقانداق خاتالىقىڭنى كەچۈرسە كەچۈرىدىكى ، بۇگۈنكى ۋاپاسىزلىقىڭنى،

سۆيگۈ خائىنلىقىنى ئەسلا كەچۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ روھى ئۆلدى،ساغلا بولغان قەلبى ئۆلدى...دىلناز ئالدىدىكى ۋارسقا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قەلبىگە ئۇنسىز پىچىرلىدى. ئالدىدىكى ھاراق كەيپىدە ئۆزىنى يۇقاتقان بىچارە ۋارسنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ ئالدىغا قاراپ مەغرۇرانە ھالدا قەدەم تاشلىدى.

ـ دىلناز. مىنى كەچۈرۈڭ، مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىردىم، رەيھاننىڭ كەينىگە كىردىم. بىلىمەن، مەن سىزگە مەڭگۈ يۈز كىلەلمەيمەن، مەڭگۈ تىك تۇرۇپ قارىيالمايمەن. خۇدا ھەققى، مەن ئەمدى ئادەم بولىمەن، خاتالىقىمنى تونۇيمەن، سىزدىن ئۆتۈنەي دىلناز ، گۇلدەك ئائىلىمىز ، نارىسىدە بالىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ مىنى پەقەت مۇشۇ بىرلا قېتىم كەچۈرۈڭ...

ـ جاۋاپسىز قالغان ۋارس قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دەلدەڭشىگىنىچە دىلنازنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

دىلناز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە گەپ قىلىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى نەپرەت، ئۆچمەنلىك پات يۇقىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋارسنىڭ ئالدىنى توسۇشقا قارىماي مېڭىۋەردى. يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ھارغان ۋارس دىلنازنىڭ ئارقىسىدىن ۋاقىرىدى.

ـ دىلناز توختاڭ. مىنى كەچۈرمىسىڭىزمۇ مەيلى. لېكىن ھازىر يېرىم كىچە بولۇپ قالدى. يولدا ماشىنا يوق. سىزنى دوختۇرخانىغا ئۆزەم ئاپىرىپ قوياي.ـ ۋارس دىلنازنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ، دەلدەڭشىگىنىچە بىنا ئالدىدا توختۇتۇپ قويۇلغان ماشىنىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ماشىنا دىلنازنىڭ كەينىدىن يەتكۈچە ئۇ ئاللىبۇرۇن دەرۋازىدىن چىقىپ بولغان ئىدى. ئۇ يولنى بويلاپ دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ۋارس دىگەندەك بۇ يولدا ھېچ بىر تاكسى ماشىنا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئىككى تەرەپتىن ماشىنىنىڭ كىلىشىنى كۈتكەچ ھارغىن قەدەملەر بىلەن يولنى داۋاملاشتۇردى.

ـ قېنى چىقىڭ، ـ قاتتىق تۇرمۇزلانغان "پاسات" ماركىلىق ماشىنا دىلنازنىڭ قېشىدىلا توختىدى. چۈچۈپ كەتكەن دىلناز ماشىنا ئىچىدىكى ۋارسقا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ،يولىغا مېڭىۋەردى.

ـ قېنى چىقىڭ ، ئۆزىڭىزنىمۇ، مىنىمۇ ئۇنداق قىينىماڭ. مەندىن مەڭگۈ نەپرەتلەنسىڭىزمۇ مەيلى، لېكىن بۈگۈن ماشىنىغا چىقمىسىڭىز قەتئى

بولمايدۇ.خۇدا ھەققى مەن سىزدىن خوش بولۇپ قالاي . ـماشىنىنى ئاستا ھەيداۋاتقان ۋارىس ماشىنا دەرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ يىلىندى. ـ مۇشۇ تەلپىمنى بولسىمۇ قوبۇل قىلىڭ...

ئالدى تەرەپتىن تۇيۇقسىز چىقىپ قاتتىق سىگنال بەرگەن كىرا ماشىنىسىنى كۆرگەن ۋارىس، كەينىپتىن قىزارغان كۆزلىرىدە قاياققا قاراشنى بىلەلمەي، ماشىنىنىڭ رولىنى يانغا كۆچەپ بورىدى. تۈز كېتىۋاتقان ماشىنا كۆچلۈك بۇرۇلۇشتىن يانغا شۇنچىلىك سەت قەرىلدىكى خىياللار ئىچىدە مېڭىۋاتقان بىچارە قىز دىلنازنىڭ ئۆزىنى ئەپقېچىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەي ، ئۇنى ياندىكى گۈللۈك ئىچىگە تۈپتەكلا قاڭقىتىۋەتتى. دەقىقە ئىچىدە قىسمەت ئۆزگەردى، قاتتىق تۇرمۇزلانغان ماشىنا يول بويىغا كىلىپ توختىدى. چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ۋارىس گۈللۈكتىكى ھۇشسىز ياتقان دىلنازغا قاراپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بېشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قامااللىدى.

ـ دىلناز،دىلناز...

ئەكس سادا كىچە ئاسمىنىدا قايتىدىن جاراڭلىدى. ۋارىسنىڭ ئەسەبى ۋارقىرىشىدىن ئاللىبۇرۇن ھۇشىدىن كەتكەن دىلناز مىدىرلاپمۇ قويمىدى. نىمە قىلىشنى بىلمەي قالغان ۋارىس بېشىنى تۇتۇپ بىر پەس ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كىيىن ، تۇيۇقسىز ھۇشىغا كەلگەن بىماردەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، ماشىنىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ دىلناز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. مانا، تەتۈر قىسمەت، ئاچچىق رىئاللىق . زىددىيەت ۋە تۇقۇنۇشقا تولغان كىشىلىك تۇرمۇش. توۋا، مىڭ توۋا...بىچارە قىز. خاپىلىق ئۈستىگە خاپىلىق تاتقۇچى، ئازاب ئۈستىگە ئازاپ چەككۈچى. ئەقدە گۈللىرى ۋاپاسىز قارا بورانىدا خازان بولغۇچى. سەن بۇ تۇرمۇشتا ھازىرغىچە نىمىگە ئىرىشتىڭ؟ ئەمدى نىمىگە ئىرىشمەكچى؟... ھىسسىيات ئالدىدا بىر ئۆمۈر قەرزىگە بوغۇلغان ۋارىس دىلنازنىڭ ئاپئاق پاقالچاقلىرىدىن سىرغىپ چۈشىۋاتقان قىپ-قىزىل قانغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. كاللىسىغا شۇنچىلىك قورقۇنۇچلۇق بىر خىيال كەلدىكى نىمە قىلىشنى بىلمەي ئىسەدىگىنىچە ئۆزىنى دىلنازغا تاشلىدى...مانا، ئازغۇنلۇقنىڭ ئاقىۋىتى، ۋاپاسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتى. بۇ دۇنيادا ھەر قانداق ئادەم قىلمىشىدىن جاۋاپ بەرگۈچى، ۋىجدان ئالدىدا سوتلانغۇچى... شۇنداق ، ۋارىس يەنە ئۆيلىمىغان يەردىن دەقىقە ئىچىدە بىر نارىسىدىنىڭ قان-قەرزىگە بوغۇلدى. ئاتىلىق مېھرى-مۇھەببەت قەرزىگە بوغۇلدى. بىر ۋاپادار

ئايالنىڭ ساپ سۆيگۈ قەرزىگە بوغۇلدى...

سۇس رەڭدار چىراقلار ۋە مۇڭلۇق مۇزىكىلارغا تولغان رومانتىك چايخانا. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئاشىقلىق ۋىسالىدا مەستخۇش بولغان قىز ـ يىگىتلەر، گۈڭگا مەنزىرىلەر ئىچىدە ئاجايىپ سېھىرلىك كۆرۈنىدىغان رەڭلىك ئىچىملىكلەر، بەزى ـ بەزى چىرمىشىپ قالىدىغان بەدەنلەر...

بىر بۇلۇڭدىكى ئايرىم ئورۇندا يالغۇز ئولتۇرغان رەيھان رومانتىك مۇزىكىلار ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ كىتىشكە تىرىشىۋاتقاندەك بىر بوتولكا پىۋىنى ئۇزۇلدۇرمەي ئىچىۋەتتى. ئۇ ئەتراپتىكى جۈپ ـ جۈپ قىز ـ يىگىتلەرگە شۇنچىلىك ھەۋەسلەندى. ئۆزىنىڭمۇ بىر چاغلاردا ئاشۇنداق گۈزەل كۈنلىرى بولغانلىقىنى، لېكىن پۇل،ھىسيات ئۈچۈن ھەممىنى تىگىشىۋەتكەنلىكىنى، باي ـ باياشاتلىق، راھەت تۇرمۇش، ئىسىل كىيىم ـ كىچەكلەر ئۈچۈن شۇ بەختىيار مىنۇتلار بىلەن خوشلا شقانلىقىنى ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئەسلىدى. ئۇ ئازغۇنلۇق ئىچىدە پۇل تاپتى، راھەت تاپتى . لېكىن بەخت تاپالمىدى، چىن مۇھەببەت تاپالمىدى، ئۆزىنى ھەقىقى قەدىرلەيدىغان يىگىت تاپالمىدى، بەختلىك ئائىلە تاپالمىدى. ئۇنىڭدا ئەسلى ھەممە نەرسە بار ئىدى، گۈزەل چىراي، زىلۋا قامەت، بىلىم... لېكىن ئۇ نادانلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئالى مەكتەپنى مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ قالدى، پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلدى. گۈلدەك ياشلىقىنى رەڭدار كوچىلاردا شەيتان بىلەن بىرگە ئۇسۇل ئويناپ ئۆتكۈزدى. ۋىجدان، غۇرۇر، ئىپپەت دىگەنلەر بىلەن ھىساپلاشمىدى. ئۇ مۇشۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە پۇل ئۈچۈن قانچە قېتىم ناپاكلىققا قەدەم باسقىنىنى، خۇددى ئارتىسلاردەك رول ئېلىپ قانچىلىغان ئىناق ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەم بۇلار توغرىسىدا ئەسلەشنىمۇ خالىمايتتى. گەرچە ئەمىلىيىتى مۇشۇ يولدا بولسىمۇ، لېكىن بەزى ـ بەزىدە ئۆكۈنۈپمۇ قوياتتى. بەختلىك ئاياللارنى كۆرسە ئىچى كۆيەتتى، ھەۋەسلىنەتتى، ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بەختىسىز بولۇپ قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنەتتى.چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ ناھايىتى خوشال يۈرىۋاتقان بىلەن جىمجىت كىچىلەردە تەنھا ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ياش تۆكەتتى، يۈرىكى ئىزىلەتتى. ئۆز كەلگۈسىنى

ئۆز قولىدا ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىغا ئىچىناتتى. ئوت دېڭىزىغا غەرق بولىۋاتقان قەدەملىرىنى تارتىۋېلىشقا تىرىشاتتىيۇ، لېكىن يەنە ئازغۇنلۇق غالىپ كېلىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ماڭاتتى.

تۇيۇقسىز ئالماشقان مۇزىكا بىلەن تەڭ رەيھاننىڭ خىياللىرىمۇ ئۈزۈلدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ ئېغىر خۇرسىنۇپ قويغاندىن كېيىن، پىۋىدىن يەنە بىر رومكا قۇيۇپ ھەممىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى، يۈرەكلىرى بىر ئاز سەگىپ ئارام تاپقاندەك بولدى. ئۇ سائىتىگە قارىدى. ۋاقىت خېلىلا بىر يەرگە بارغان بولۇپ دېيىشكەن ئادىمى ھېچ كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئىشىككە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، تاقەتسىزلىنىپ تېلېفۇنىنى قولىغا ئالدى.

-ۋەي، مەن سىزنى ساقلىغىلى ساق بىر سائەت بولدى. كەلمەمسىز؟

رەيھاننىڭ جىددىيلىشىپ تۇرغانلىقى سۆزىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇزۇن تىرناقلىرىغا سۇۋالغان قىپ-قىزىل لاكقا رەڭداش ئۇماق تېلېفۇنىنى قۇلىقىغا چاپلاپ، قارشى تەرەپنىڭ گېپىگە "ھە، ھە..." دەپلا جاۋاپ بېرىپ ئاڭلىدى. قارشى تەرەپ بىلەن خوشلۇشۇپلا ، رەڭلىك ئۇزۇن چۇچۇلار بىلەن تولغان تىمساق بېشى شەكىللىك سومكىسىدىن گىرىم ئەينىكىنى ئېلىپ، ئالدىراش ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي رەيھاننىڭ قېشىغا ئۇزۇن چاچ، ئۇرۇق بىر ئەر پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يېرىم ئېتىلگەن كۆينىكىدىن ئەتىسىز ئۇستىخىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بوينىدىكى توم ئالتۇن زەنجىر گۈڭگا چىراق نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى. قىسىق نۇرسىز كۆزلەردىن يەنىلا شۇملۇق، زەھەرخەندىلىك يېغىپ تۇراتتى. بۇ دەل تۈرمىدىن چىقىپ ئۆزگۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن رەزىل ئاق سودىسى بىلەن ئارلىشىپ بارغانسىرى ۋەھشىلىشىۋاتقان قانخور ئەبلەخ ئەكرەم ئىدى. قارىماققا ئۇ رەزىل يوللار بىلەن پۇل تېپىپ خېلىلا بېيىپ قالغان، ئۇستى-باشلىرىغا يېڭىچە سالاپەت قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرسىز كۆزلەر، زەئىپ تەن يەنىلا ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى مانا مەن دەپ نامايەن قىلىپلا تۇراتتى.

- مېنى بەك ساقلىتىۋەتتىڭىز ئەكرەم .- رەيھان ئالدىدىكى ئۇزۇن پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ، پۈرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتقان ئەكرەمگە قاراپ نازلاندى.

- مانا كەلدىمغۇ، نۇرغۇن مۇھىم سودىلىرىمنى تاشلاپ قويۇپ كەلدىم

جۇمۇ . ـ ئەكرەم تەكەللۇپ قىلمايلا رەيھاننىڭ ئالدىدىكى پىۋىدىن بىر رومكا قويۇپ ئىچىۋەتتى .

ـ ھە ، مەن تېخى سىزنى ۋەدىسىدە تۇرماي قالامدىكىن دەپ ئويلاپتىمەن .

ـ نىمە؟ ـ ئەكرەم مەنستىمەسلىك نەزىرى بىلەن رەيھانغا قارىدى . ـ بىزنى كىم چاغلاپ قالغان خان . مەن ھازىرغىچە دېگىنىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كېلىۋاتقان نوچى . ئەكرەم قۇپال دىسە پۈتۈن ئۈرۈمچى تەۋرەيدۇ ھازىر . . .

ـ ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن ، شۇ سىزنى دەپلا مەنمۇ ۋەزىپەمنى تۈلۈق ئورۇنداپ كەلدىم مانا .

ـ ياخشىغۇ ، تۈنۈگۈن تېلېفوندا دېگەن گەپلەر راسكەن ھە؟ مەنمۇ تىلىك ـ تىڭلاپ بولدۇم . پىلان ئاخىرى تۈلۈق ئەمەلگە ئېشىپ بوپتۇ .

ـ شۇنداق ، پەقەت سىزنى دەپلا بارلىق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدىم . بىلەمسىز ، بۇ 3 ئايدىن بېرى قانتى بوغۇلغان قۇشتەكلا ياشىدىم . ئەركىنلىكىمدىن مەھرۇم قالدىم . باشقا بىر ئادەم بولۇپ ياشاش بەك مۇشكۇل جەريانكەن . لېۋىمنى چىشلەپ ، ئۆزەمنى زورىغا بېسىپ يالغان ئاشىق بولۇپ ياشىدىم دىسە . . . يىگى ئۇقۇش پۈتتۈرگەن قىز بولۇپ ، ۋارىسنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز بولۇپ . . . .

ـ بولدى ، بولدى . . . جەرياننى ئاڭلاپ بولالمايمەن ، مىنىڭ قىزىقىدىغىنىم نەتىجە . ماڭا پەقەت نەتىجىسىنىلا سۆزلىگىن . ـ ئەكرەم ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتقان رەيھاننىڭ سۆزىنى كىسىپلا ئۈزىۋەتتى .

ـ بولىدۇ . ـ رەيھان ئەكرەمنىڭ قوپاللىقىغا نارازى بولغاندەك دومسايدىيۇ ، يەنە ئەكرەمنىڭ قورقۇنۇچلۇق كۆزلىرىگە قاراپ ئىتتىكلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى . ـ مەن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم . ۋارىسنى مەندىن پەقەت مىھرىنى ئۈزەلمەيدىغان قىلىۋەتتىم . ئايالى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىمۇ يېنىمدىن ئايرىمىدىم . ئالدىنقى شەنبە كۈنى "ئايالىم دوختۇرخانىدا يالغۇز قالدى ، قايتمىسام بولمايدۇ" دەپ شۇنچە تىرىشسىمۇ ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللۇنۇپ ماڭغۇزمۇدۇم . قەستەن ئۆيىگە بېرىپ قوندۇم ، ئايالى ئۇرغان تېلېفوننى قەستەن ئېلىپ يۈرىكىنى ئەزدىم . شۇ كۈنى ھەممە ئىش ئاشكارا بولۇپ ۋارىسنىڭ ئايالى ئۆيىگە كەپتۇ ، مەن ھىلىقى ئىشتىن كىيىن

قەستەن كالتە ئىشتىنىنى قوْيۇپ قويغان، شۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ، ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپتۇ، ۋارستىن پۇتۇنلەي مېھرىنى ئۈزۈپتۇ، ئۇنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ...

- تازا كۆڭۈلمدىكىدەك ئىش بوپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت سىنىڭ تۆھپەڭ. مەن بىۋاستە قول سۇنسام راستىنلا ياخشى بولمايتتى. مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ گوشىدا ئۆزىنى قورۇپ دەردىمنى ئالدىم. قىساسىمنى ئالدىم...- ئەكرەم مۇشتىلىرىنى تۈگۈپ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ كەتتى.

-لېكىن، لېكىن...-رەيھان بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغاندەك دۇدۇقلاپ گېپىنىڭ داۋامىنى دېيەلمىدى.

-نىمە لېكىن، تىلىڭنى چاينىماي تېز-تېز دىمەمسەن.

-لېكىن... شۇ كىچىسى ۋارس ئايالىنى ئۆز ماشىنىسىدا سوقۇۋېتىپتۇ، مىنىڭ كۆڭلۈمنى قاتتىق يېرىم قىلغىنى-ئايالىنىڭ قورسىقىدىكى تۇغۇلۇشقا ئازلا قالغان بالىسى شۇ ۋەقەدە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كىتىپتۇ. ئايالى ھازىر دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇشتا ئىكەن...-رەيھان قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە قالغاندەك لەۋلىرىنى بوشقىنا چىشلەپ ئېغىر خورسىنىپ كەتتى.

- خوپ بوپتۇ. مانا ئەمدى كۆڭلۈمدىكىدەك بوپتۇ. ئاۋۇ قانجۇقمۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا تېخىمۇ خوش بولاتتىم. - ئەكرەمنىڭ چىرايى غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمگەن ئادەمدەك شاتلىققا چۆمدى.

- بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟ ھېلىمۇ بىر بەختلىك ئائىلىنى ۋەيران قىلغاندىكىن يېتەر. بىچارە بالىسىغا قېتىپ ئايالىمۇ ئۆلۈپ كەتسە ۋارس قانداق بەرداشلىق بىرەلەيدۇ؟

- بەرداشلىق بىرەلمىسە ئۇمۇ ئۆلسۇن. مىنى قەسلىگەن ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. خوپ بوپتۇ تازا.

- لېكىن...لېكىن ئەكرەم، مەن بەك ۋىجدان ئازابى تارتىپ كەتتىم. كۆڭلۈم بەك يېرىم...

-نىمىشقا ئەمدى؟

- چۈنكى...چۈنكى...-رەيھان بىر پەس گېپىنىڭ داۋامىنى دېيەلمەي دۇدۇقلاپ كەتتى.- ۋارسقا بەك ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بىچارە شۇ تاپ ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلدى، ئەمدى نىمە كۈنلەرنى كۆرەر...

- نىمە كۈننى كۆرسە كۆرمەمدۇ. بىزنىڭ نىمە كارىمىز. بولسا

سەرگەردانلىقتا ۋەيران بولۇپ كەتسۇن ئۇ سەھرالىق تومپاي...

- لېكىن...

- لېكىن، لېكىنلا دەۋېرىسەنغۇ. سەن زادى نېمە دېمەكچى؟ قارىغاندا ۋارىسنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن ھە؟- ئەكرەم خۇددى رەيھاننىڭ بېشىغا غەزەپ بىلەن سالىدىغاندەك ، قولىدىكى پىۋا بوتولكىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى.

- بۇنىڭغا ئۆزەممۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ياخشى كۆرۈشمۇ ياكى ھېسداشلىقمۇ پەقەت ئۇقالمىدىم.-ئەكرەمنىڭ كەيپىياتىدىن بىر ئاز جىددىيلەشكەن رەيھان تىترەپ كەتتى.

-ھا،ھا،ھا...ئاشىنىدارچىلىقتىمۇ چىن مۇھەببەت بولىدىكەن دېسە، ھەممىسى قۇرۇق خىيال. قۇرۇق خىيال...-ئەكرەم غەزەپلەنىدىمۇ ياكى رەيھاننىڭ سۆزلىرىنى بىمەنە ھېس قىلدىمۇ، جىمجىت چايخانىنى بېشىغا كىيىپ بىر ھازا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

- لېكىن ئەكرەم ، سىز بىلمەيسىز، ۋارىس ھەقىقەتەن ياخشى يىگىت ئىدى. ئۇنى ئالداپ بولۇپ ئۆزەم يالغۇز قالغاندا بەك بىئارام بولۇپ ياشىدىم .

- شۇنداقمۇ؟ ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ. ئۇ يالاڭتۆشكە كۆڭلەك چۈشۈپ قالغان بولسا ئاۋۇ قانچۇقتىن دەرھال ئاجراشتۇرۇپ توي قىلىۋال ئەمىسە...

- توۋا دەڭ ئەكرەم، توۋا دەڭ... -رەيھان ئەتراپتىكى ئۆزلىرىگە قاراشقان ئادەملەرگە ئەيمىنىش ئىچىدە قاراپ قويۇپ ئاۋازىنى پەسلىدى.- بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس...

-ئەمىسە نىمانداق قاملاشمىغان بىمەنە گەپلەرنى دەپ يۈرۈيسەن، ھېلىمۇ "ياخشى كۆرۈپ قالدىم" دەپ ھەممە پىلاننى پاش قىلىپ قويماپسەن. ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولساڭ مەندىن ياخشى كۈن كۆرمەيتتىڭ. بولدىلا، ئەمدى بۇ گەپنى دېيىشمەيلى. قېنى دېگىنە ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

- بۇگۈندىن باشلاپ تېلېفون نومۇرۇمنى ئۆزگەرتىۋەتتىم، ھېلىقى ياتاقنىمۇ قايتۇرىۋەتتىم. ئەمدى ۋارىس مېنى ھەرگىز تاپالمايدۇ. شۇڭا ماڭا تېگىشلىك ھەقنى بەرسىڭىز باشقا يۇرتقا كېتەيمىكىن دەيمەن.

- باشقا يۇرتقا بارساڭ نېمە ئىش قىلماقچى؟

- ھازىرچە ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن. كېيىنچە بىر گەپ بولار. -رەيھان

ئامالسىز قالغان ئادەمدەك مۈرىسىنى بوشقىنا قىسىپ قويۇپ ئۈرۈندۇقتا يۆلەندى.
- ئۇنداقتا ساڭا بىر تەكلىپ بېرەي. ئويلۇنۇپ باقامسەن؟- رەيھاننىڭ كەيپىياتىنى كۆزۈتۈپ ئولتۇرغان ئەكرەم ياخشى بىر پۇرسەت كەلگەندەك ، رەيھاننىڭ قېشىغا تېخىمۇ يېقىن كەلدى.
- ياخشى تەكلىپ بولسا ئەلبەتتە ئويلۇنۇپ باقاي.
- ماۋۇ گېپىڭ بولدى . ئەمدى رەيھاندەك گەپ قىلدىڭ. كۆڭلىگە "ئۇلۇغ" پىلانلارنى پۈككەن ئادەم كىچىككىنە ئىشلاردا ئىرىپ كەتكىلى تۇرسا بولمايدۇ. ھەممە ئىشتا كەسكىن قارار چىقىرىپ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. مەن ھازىر چوڭ بىر سودا ئىشىنى قىلىۋاتىمەن.- ئەكرەم ئۇستەلنىڭ ئالدىغا سۈرۈلۈپ رەيھاننىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى.- بالا سودىسى. ئىچكىرگە ئاپىرىپ ساتىمىز. پايدىسى ئالامەت ياخشى. بىز پەقەت باللارنى ئىچكىرگە ئاپىرىپ ئالغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرسەكلا ئىش پۈتىدۇ. قانداق، قىلىشنى خالامسەن؟
- نىمە؟ بالا سودىسى؟ - جىددىلىشىپ كەتكەن رەيھان ئېغىزىنى تۇتۇپلا قالدى.
-ئۈنۈڭنى پەس قىل. ماڭا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بىرەي دەمسەن نىمە؟ سەن پەقەت ئۇلارنىڭ ھەدىسى بولۇپ يولدا بىرگە مېڭىپ بەرسەڭلا بولىدى. باشقا ئىشلارنى ئۆزەم جۆندەيمەن.
- ئۇ باللار ئىچكىردە نىمە ئىش قىلىدۇ؟
-ئۇنىڭ بىلەن سىنىڭ نىمە كارىڭ. بىزنىڭ قولىمىزدىن ئالغانلار باشقا بىرسىگە ساتامدۇ، ئوغۇرلۇققا سالامدۇ...بۇنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدۇ. سەن پەقەت ۋاستىچى بولۇپ بىرىسەن خالاس.
- ئۇ باللارنى نەدىن تاپىمىز؟
- بۇنىڭغا سەن باش قاتۇرما. ئۇ باللارنى تاپىدىغانغا مەخسۇس ئادەملىرىم بار. ھازىرغىچە 2 قېتىم يولغا سېلىپ بولدۇق. بۇگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدە يەنە باشقا شەھەرلەردىن 4-5 بالا ئەكەلمەكچى. سەن شۇلارنى يەتكۈزسەڭلا بولدى.
- قانداق بۇلار ھە؟- نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشنى بىلەلمەي قالغان رەيھان تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قىزىل بۇيالغان ئۇزۇن چاچلىرىنى

بوشقىنا قاماللىدى.

ـ ئاخماق قىز. ئوبدان بولىدۇ. پۇل تاپسەن پۇل. مۇھىم پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردى دىمىسەمۇ بۇ ئىشنى قىلىدىغانغا ئادەم كۆپ ماڭا. پەقەت شۇ سىنىڭ غىمىڭنى، ئىقتىسادىڭنى ئويلاۋاتىمەن مەن.ـ ئەكرەم سۆزىنى تۈگۈتۈپ قويان يەنچۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى ئالدى.ـ ئالدىنقى قېتىم بەرگىنىم 10مىڭ يۈەن، پىلان بويىچە ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ بولغاندىن كىيىن بىرىدىغىنىم ماۋۇ 10 مىڭ يۈەن. قانداق بولغاندۇ؟

ـ رەخمەت. رەخمەت.ـ رەيھان ئالدىدىكى بىر باغلام قىزىل پۇلغا قاراپ دەقىقە تۇرۇپ قالغاندىن كىيىن، ئىتتىكلا ئېلىپ سومكىسىغا سالدى.ـ ھەقىقەتەن ۋەدىڭىزدە تۇرىدىكەنسىز. بولدى، مەن كىيىنكى پىلانىڭىزغا قوشۇلدۇم. مەن قىلاي...

ئەكرەم بىلەن رەيھان گۈگۈگا چىراق نۇرى ئاستىدا يەنە بىر مۇنچە پىلانلارنى تۈزۈشتى. پاراڭ ئارىلىقىدا بىر ھازا قاقاقلاپ كۈلۈشتى. رەيھانىنىڭ بايىقى ئۈكۈنۈش ئىچىدە قىلغان سۆزلىرىنىڭ ئورنىنى كىيىنكى" ئۇلۇغۋار" پىلان ئىگەللىگەن بولۇپ، 20 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ كۈچى ئۇنىڭ ئىڭىدىكى ھىسداشلىق، مۇھەببەت ۋە ئاللىقانداقتۇر مۇرەككەپ ھىسياتلارنى پۈتۈنلەي يۇقاتقان ئىدى. توغرا، ئازغۇن قىزلارنىڭ ھىسياتى داۋالغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا پەقەت پۇل بولسىلا بولىدى، پۇل بولسىلا ھەممە ئىشنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. رەزىللىك چەمبىرىكى ئارىسىدا توختىماي پىقىرايدۇ. ھازىرغا قەدەر ياشلىق باھارىنى مۇشۇنداق ئازغۇنلۇق يولىغا ئاتىۋەتكەن قىز بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ بۇلۇپلا ، يەنە پۇل ئۈچۈن ئەڭ پەسكەش، رەزىل بالا سودىسىغا ئاتلانماقچى بولىدى. ئەكرەمدەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان پەسكەش ، رەزىل بىر ھايۋاننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ يەنە نۇرغۇن ئائىلەرنى يىغا ـ زارىغا تولدۇرماقچى بولىدى. نارىسىدە باللارنى ئاتا ـ ئانا مېھرىدىن، ئاتا ـ ئانىلارنى ئەڭ ئەزىز پەرزەنتىدىن ئايرىپ، ئۇلارنى تىرىك دوۋزاخقا تاشلاپ ، ئۇلارنىڭ ئاچچىق ئازاپلىرى بەدىلىگە كۈلمەكچى بولىدى. مەن بۇ دۇنياغا نىمە ئۈچۈن كەلدىم؟ مىنىڭ ياشاش پىرىنسىپىم نىمە؟ مەن زادى نىمىگە ئىرىشمەكچى؟...دىگەنلەرئۈستىدە ئەسلا باش قاتۇرماي، پەقەت شۇ نىجىس پۇل ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى ساتماقچى بولدى...

بۇ دۇنيا ئەنە شۇنداق. ئالجاناپلار بىر ئۆمۈر ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئىزدەنسە، پەسكەشلەر بىر ئۆمۈر رەزىل ئىشلارنى قىلىپلا ياشايدۇ. ئۇلار ۋاقىت بىلەن ھىساپلاشمايدۇ، ھايات بىلەن ھىساپلاشمايدۇ. مىھرى-مۇھەببەت بىلەن ھىساپلاشمايدۇ. بىر ئۆمۈر پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى، ئىمانىنى سېتىشتىن يانمايدۇ...

رەيھان ئەكرەم بىلەن خوشلۇشۇپ بۇ سودىغا ئارلىشىش-ئارلاشماسلىق توغرىسىدا خېلى ئويلانغان بولسىمۇ، لېكىن ماددى تۇرمۇش ئېھتىياجى ،ئەجىرسىز كۆپ پۇلغا ئېرىشىش ئېھتىياجى غالىپ كېلىپ، ئارىدىن 2 كۈن ئۆتمەيلا پىلان بويىچە ئەكرەمنىڭ ياتىقىغا كەلدى. كۆچمەن قەبىلىلەردەك دائىم مېھمانخانىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەكرەم بۇ قېتىم 3 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىنىڭ خېلىلا كۆركەم بىر ياتىقىغا ئورۇنلاشقان ئىدى. رەيھان مېھمانخانىنىڭ پەشتاقلىرىدىن خۇددى ئوغرىدەك دەككە-دۈككە ئىچىدە ئالدىراش چىقتى. خۇددى ئەتراپتا بىر توپ ساقچى ئۇنى مەخسۇس كۈزىتىپ تۇرغاندەك بۇلاقتەك چوڭ كۆزلىرىنى ھەر يانغا ئەنسىزلىك ئىچىدە ئاغدۇردى. ھاسىراپ ياتاق ئالدىغا يېتىپ كەلگەن رەيھان پىشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئالدىراش ياتاقنى چەكتى. لېكىن ياتاق ئىچىدىن ھېچ سادا كەلمىدى، يەنە چەكتى، يەنە سادا يوق. يەنە چەكتى، يەنە سادا يوق...يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپلا قالغان رەيھان تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ بىر پەس نىمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئەكرەمنىڭ تېلىفۇن نۇمۇرىنى ئالدىراپ باستى.

تېلىفۇن ئۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئەكرەم پەيدا بولدى. قارىماققا ئۇمۇ ناھايىتى جىددىيلىشۋاتقان بولۇپ، ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا ئالدىراپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، رەيھاننىڭ قولىدىن تۇتۇپلا ياتاققا ئېلىپ كىردى.

ياتاق ئىچىدە ھېلىقى باللار كۆرۈنمەيتتى. بەلكى قارا كىرىسلودا ئۈستەلنى چۆرىدەپ 3 ئادەم ئولتۇراتتى. شۇ تاپ ئۇلارنىڭ چىرايىدىمۇ قان قالمىغان بولۇپ، ئارقىسىغا ئۆتكۈزۋالغان قوللىرىدا نىمىلەرنىدۇ يۇشۇرۇپ

تـۇراتتى. قورقۇنۇچلـۇق يـاداڭغۇ چىـراي، قـانخور كـۆز، چاكىنـا كىـيىم-كـىچەك...رەيھـان ئالدىـدىكى ئـادەملەرگە قـاراپ جىددىيلەشـسە، ئالدىـدىكى ئادەملەر رەيھانغا قاراپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

- بولدى، بولدى. جىددىيلەشمەڭلار. ئۆز ئادەم، مەن سىلىگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن قىز.- چىرايىدىكى جىددىيلىكنى يۇقۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان ئەكرەم ئالدىدىكى ئۇلپەتلىرىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى.

ھېلىقى 3 ئادەم ئالدىدىكى چىرايلىق قىزغا باشتىن-ئاياق بىر پەس قاراپ چىققاندىن كىيىن، ئاستا قوللىرىنى ئالدىغا ئالدى. توۋا، بۇ نىمە ئىش ئەمدى؟...رەيھان قولىدا شىفرىس ۋە باشقا تاماكىغا ئوخشاش چىكىملىكلەرنى تۇتقان ئـادەملەرگە قـاراپ بىـر پەس ھەيرانلىقتا تـۇرۇپلا قالـدى . ھېلىقـى 3 ئادەم ئەكرەمنىڭ چىرايىغا قاراپ خاتىرجەم بولغاندىن كىيىن، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك رەيھاننىڭ كۆز ئالدىدىلا بىرسى قولىغا ھېلىقى شىفرىس يىڭنىسىنى ئاۋايلاپ تىقسا، بىرسى قولىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئاجايىپ ھۇزۇر ئىچىدە شۈرىدى. بىر قاراشتا بۇلارنىڭ چىرايى شۇنچە قورقۇنۇچلۇق ، قۇپال كۆرۈنگىنى بىلەن لېكىن شىفرىس، تاماكا تۇتقان جانسىز قوللىرى يەنىلا تىترەپ تۇراتتى، سۇلغۇن كۆزلەر، تاتارغان چىراي، ھېلىلا يىقىپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بەدەن...رەيھان بۇلارنىڭ ئاق ئالۋاستىغا خۇمار بولغان ئازغۇن ياشلار ئىكەنلىكىنى بىلدى، كۆيىنىكىنى پۈتۈنلەي سىيلىۋېتىپ ئـۆزىنى كارۋاتقا تاشـلاپ ياتقـان ئەكـرەمگە قورقـۇنچ ئىچىـدە قـاراپ تىنـى جۈغۈلداپ كەتتى. خـۇددى ئالدىـدىكى بـۇ ئـادەملەر ھـازىرلا ئۇنـىڭ پـۇت - قـولىنى بـاغلاپ نـازۇك قوللىرىغـا ھېلىقـى زەھەرنـى ئۇرىدىغانـدەك لاغ-لاغ تىترىدى. ئۇ بۇرۇن ئەكرەمنىڭ ئاق چېكىدىغانلىقىنى، بەزىدە ئـاق سودىسى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇگـۈن ئـۆز كـۆزى بىلەن كـۆرۈپ نىمە قىلىشىنى، نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي ئۇزاق ئۆرە تۇرۇپ كەتتى.

كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بىر پەس ئارام ئالغان ئەكرەم داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان رەيھانغا قاراپ مىيىقىدا كۈلدى.

- قانداق؟ سىنىڭمۇ جەنـنەت ھـۇزۇرى سـۈرگۈڭ كىلىۋاتامـدۇ؟ ئەگەر خالىساڭ سەن ئۈچۈن ھەممىسى ھەقسىز.

-ياق، ياق...مەن ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىدىم، شۇ ...شۇ...ماڭا غەلىتە بىلىنىپ كەتتى. -رەيھان ئەكرەمنىڭ سۇئالىدىن ئەندىكىپ كارۋاتقا كىلىپ ئاستا ئولتۇردى. قارىماققا ئۇ بۇ يەرگە تەۋەككۇل قىلىپ كىلىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

-بولدى، بولدى. مۇنداقلا دەپ قويدۇم. سەن بۇنىڭغا كۆنۈپ قالساڭ بىزنىڭ چوڭ سودىمىز قانداق بولىدۇ. بولدى جىددىيلەشمە.-ئەكرەم كارۋاتتىن قوپۇپ، پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇردى.- قىنى دىگىنە، ھازىرقى ئولتۇرۇشۇڭ نەدە بولدى؟

- بىر مىھمانخانىدىن ھەپتىلىك ياتاق ئالدىم.

- ۋارىس بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ ئۇ سىنى ئىزدەپ كەلدىمۇ؟

-ياق...ياق...-ۋارىسنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان رەيھان دۇدۇقلاپ كەتتى. يۈرىكى بىر پەس رىتىمسىز سوقتى. - مەن سىز بىلەن كۆرۈشۈپلا بۇرۇنقى ياتىقىمدىن كەتكەن. تېلىفون نومۇرۇمنى ئالماشتۇرىۋەتكەن. شۇڭا ئۇ مىنى تاپالمىدى ھەقاچان.

- ياخشى بوپتۇ. دەردىڭدە ساراڭ بولۇپ ئۆلسۇن ئۇ مۇناپىق. ئائىلىسىدىنمۇ ئايرىلىپ، سەندىنمۇ ئايرىلىپ تېخى كۆرىدىغان كۈنى بار ئۇ لاتىنىڭ...-ئەكرەم شۇملۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن رەيھاننى بىر پەس كۈزەتكەندىن كىيىن، تاماكا تۇتاشتۇرۇپ شوراشقا باشلىدى.

- نىمە بولۇپ كەتكەندۇ دەپ قالدىم. خىيالىمدىن چىقىرىۋەتەي دەپ ھەر قانچە تىرىشسامۇ يەنىلا كاللامغا كىرىۋالىدۇ. ئويلاپ باقسام ھازىرغا قەدەر بىرەرسىگە ئۆنچىلىك قىزىقىپ قالماپتىكەنمەن.-رەيھاننىڭ ئۆكۈنىشى يەنە باشلانغاندەك كەڭ پۇشقاقلىق پادىچىلار ئىشتىنىدىن چىقىپ تۇرغان ئىگىز پاشنىلىق ئايىغىغا قاراپ خىيالغا چۆمدى.

-ھا، ھا،ھا...خىلى ئوتى بار ئوخشىمامدۇ ئۇ گۆيىنىڭ. چىرايلىق قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغىنىغا قارىغاندا بىرەر سىھرى بارمۇ يە؟

-ئۇقمايمەن، سەممىلىكى، كۆيۈمچانلىقى مىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان بولسا كىرەك.

- سەممىلىكى؟ ھا،ھا،ھا...سەممىي، كۆيۈمچان بولسا ئايالىغا ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ ئۇ مۇناپىق. ھە قاچان باشقا يەرلىرى رام قىلىۋالدىغۇ دەيمەن سىنى، بولمىسا ئاسانلىقچە بىرسىگە بوي بىرىدىغان رەيھان ئەمەس

سەن...ھا،ھا،ھا....

ئەكرەمنىڭ پىخىلداپ كۈلۈشىگە ئەگىشىپ ھېلىقى بىردەملىك ئاجايىپ ھۇزۇردىن بىھوش بولغان قورقۇنۇچلۇق چىرايلارمۇ ئىغىزىنى كالاچتەك ئېچىپ بىر ھازا تەڭ كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىن رەيھاننى مازاق قىلىۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. بۇ كۈلكىلەر رەيھانغا شۇنچىلىك ھار كەلدىكى، ئۇدۇللا بىرىپ يۇرىكىگە تەگدى. ئۇ بۇ 4 ئەبلەختىن قورقمىسا شۇ ھامانلا " شۇنداق ، ھەممە يىرى رام قىلىۋالدى. ئۇ ھەقىقەتەن باشقا ئەرلەرگە زادى ئوخشىمايدۇ، سىلەرگە ئوخشىمايدۇ " دەۋەتكۈسى كەلدى. لىكىن ئۇلارنىڭ چىشىغا تىگىپ ئۆزىگە بىرەر ئاۋارىچىلىق تىپىۋىلىشىدىن ئەنسىرەپ يەنىلا جىم ئولتۇردى.

ـ قانداق ، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ـ بىر ھازا قاقاقلاپ كۈلگەن ئەكرەم رەيھاننىڭ كۆزلىرىدىن ئەگىگەن ياشلارغا قاراپ بىر پەس سۈكۈتكە چۆمگەندىن كىيىن گەپنى بورىدى. ـ بولدى، بولدى. ئۇ ئەبلەخ بىلەن ئەمدى نىمە كارىمىز. ئۆلەمدۇ، تىرىلەمدۇ ئۆزىنىڭ شورى. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گىپىگە كىلەيلى ، ھېلىقى پىلانىمىز ئۈچۈن تەييارلىق بىلەن كەلگەنسەن؟

ـ شۇ..شۇنداق.ـ رەيھان ياتاق ئىچىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ چىققاندىن كىيىن ئاستا سورىدى.ـ قېنى ئۇ باللار، كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ـ بار. ھەممىسى تازىلىق ئۆيىدە. پەقەت ئەمدى سىنىڭ تەييارلىقىڭغىلا قاراپ قالدۇق.

ـ تازىلىق ئۆيىدە؟ـ رەيھان ھەيران قالغاندەك ئەكرەمنىڭ قىسىق كۆزلىرىگە تىكىلدى.ـ نىمە ئىش قىلىدۇ ئۇ يەردە؟

ـ ئاخماق قىز. ئەمىسە ئاپئاق كارۋاتقا ئاچقىپ ياتقۇزۇپ قويامدۇق ئۇ شۇملارنى.ـئەكرەم رەيھاننىڭ سۆزىنى مەنسىتمىگەندەك مىيىغىدا كۈلدى.

رەيھاننىڭ نىمىشقىدۇر كۆڭلى بىر قىسملا بولدى. ھېلىقى باللارنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى. قانداقراق باللاردۇ ؟ دىگەن خىياللار ئىچىدە بىر پەس گاڭگىرىدى.

ـكۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

ـئەلبەتتە. ئەمدى بىر مەزگىل ئايرىلمايسەن ئۇلاردىن. خالىغانچە كۆرۈپ مۇڭدىشىۋال.ـئەكرەم شىفىرىسىنى ئورۇپ بولۇپ كىلەڭسىز بەدىنىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ ياتقان بىرسىگە قاراپ بۇيرۇق قىلدى.ـ ھەي نىجات،

باللارنى بۇياققا ئاچىق .

بېشىنى قاپاقتەكلا ئاپئاق قىرىۋالغان ، كۆزىنىڭ ئاستىنقى قاپاقلىرى ساڭگىلاپ شۇنچىلىك سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان بەستلىك بىرسى ئەكرەمنىڭ بۇيرىقىدىن كېيىنلا دەرھال ئورنىدىن تۇردى-دە، تازىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

تازىلىق ئۆيىدىن بىردەملىك قىيا-چىيا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، 4 ئۇغۇل بالا چىقىپ كەلدى . قارىماققا 3 بالا 10-11 ياشلاردا بولۇپ، يەنە بىرسى ئەمدىلا 5-6 ياشقا كىرگەندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قورقۇمسىراپ تۇرغان كۆزلىرى شۇنچىلىك سولغۇن، شۇنچىلىك بىچارە ئىدى. ھېلىقى ئايپاڭۋاش ئۇردىمۇ بەزىلىرىنىڭ يۈزلىرى تاياق ئىزىدىن كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن كىيىم-كېچەكلىرى خېلىلا يارىشىملىق، چىرايلىق بولۇپ ، قارىماققا خېلى ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ باللىرىدەك قىلاتتى.

خۇددى ھەربىلەردەك سەپ بۇلۇپ، يەرگە قاراپ دىر-دىر تىترەپ تۇرغان باللارغا قاراپ رەيھاننىڭ كۆڭلى باشقىچە بىئارام بولدى. يىراق شەھەردىكى تاتلىق ئىنى-سىڭىللىرى كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇپ خۇددى شۇلار ئازاپ تارتىۋاتقاندەك، خارلانغاندەك كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇ ئەڭ ئارقىدا ئىسسەدەپ تۇرغان 5-6 ياشلار چامىسىدىكى ئۇغۇل بالىغا كۆز يۈگۈرتتى. نىمانداق ئۇماق بالا ھە؟...رەيھان بالىغا قاراپ ئالى مەكتەپتىكى ھاياتىنى ئەسلەپ قالدى، يامان يوللارغا كىرىپ قورساق كۆتىرىپ قالغان، ھەر كۈن قورسىقىنى چىڭ تېڭىپ يۈرگەن، كېيىن ئامالسىز دوختۇرخانىدا بېرىپ ئالدۇرىۋەتكەن كۈنلەر كۆز ئالدىغا كەلدى. "ھەي، شۇ بالامنى تۇققان بولسام دەل مۇشۇ ئۇغۇلدەك ئۇماق بالا بۇلار ئىدى ھە"...دەپ بوشقىنا پىچىرلىدى. ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئىچىدە دەقىقە قىينالغان رەيھان بالىنىڭ ئۇستى باشلىرىغا قايتىدىن قارىدى. بالىنىڭ بودەك چىرايى، قاپقارا قاشلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى...ناھايىتى ئۇماق بولۇپ، چىرايلىق ياسىتىپ قويۇلغان چاچلىرى، ئۇستىگە كىيۋالغان ئۇماققىنا پادىچىلار كىيىمى...ئۇنىڭ تۇلىمۇ ئەتىۋارلىنىپ بېقىلغان بالا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. لېكىن ياشاڭغۇرىغان ، كېيىكتەك ئۈركۈپ تۇرغان قىسىق كۆزلىرى بەك سولغۇن ئىدى. يۇمران مەڭزىدە خېلىلا قاتتىق تەككەن تەستەكنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

- ۋاي خۇدا، بۇ باللارنى نەدىن ئەپكەلدىڭىز ئەمدى؟ - رەيھان ھېلىقى بالىنىڭ قىزارغان مەڭزىنى سىلىغاچ ئەكرەمدىن سورىدى.

- ئۈرۈمچىلىك ئادەملەرنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭى بەك ئۆسۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ باللىرىغا تەككىلى بولمايدۇ ھازىر. ئۇنداق قىلساق ئۆزىمىزگىمۇ ياخشى ئەمەس. شۇڭا يىراق شەھەرلەردىن ئەكەلدۇق .-ئەكرەم ئۆزىنىڭ ئاقىلىققىدىن مەغرۇرلانغاندەك تاماكىسىنى كۇچەپ شوراپ، ئېغىزىدىن چەمبىرەك ئىس چىقىرىپ پۈۋلىدى.

- ھە.- رەيھان ئېغىر تىندى. قارىماققا ئۇنىڭ بۇ ئۇماق باللارغا قاراپ ئىچى سىرىلغاندەك قىلاتتى. مۇشۇنداق سەبى باللارنى يىراق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ قارا جەمىيەتنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا سېتىۋېتىشكە كۆزى قىيمىغاندەك، ئۇلارنىڭ شۇ يەرلەردە ئاچ-زارلىقتا خارلىنىپ ياشىشىغا چىدىمىغاندەك باللارغا تويماي قارىدى. تاياق زەربىسىدىن قىزارغان چىراي ۋە پۇت-قوللارغا قاراپ يۈرىكى ئېزىلدى.

- بۇ باللارنى ئۇردىڭىزما ئەكرەم؟

- چىرايلىق گەپ قىلسا ئاڭلىمىدۇ بۇ شۇملار. كۆندە ئاتا-ئانام، ئۆيۈم دەپ غەلۋە قىلىپلا تۇرسا. شۇڭا يۈرىكىنى مۇجۇپ قويمىساق بولمايدۇ. تاياق يېمىسە ئادەم بولمايدۇ بۇ ھاراملىقلار.- ئەكرەمنىڭ دىۋەيلەپ كىلىشى بىلەن تىترەپ تۇرغان باللار قايتىدىن چىقىرىشىپ تۇگۇلۇپلا قالدى. ئەكرەمنىڭ ئۇزۇن ئالقانلىرى يۈزلىرىگە تىگىپ كىتىدىغاندەك، يۈزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەپقاچتى.

-تۇز تۇر.- ئەكرەم رەيھانغا چاپلىشىپ تۇرغان ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ بېشىغا "پاققىدە" بىرنى سېلىپ ۋاقىرىدى .- ئاپاڭغا ئوخشۇتۇپ قالدىڭمۇ شۇمتەك. بۇ يەردە سەن ئەركىلەيدىغان ئادەم يوق جۇمۇ...

رەيھاننىڭ قۇچىقىدىكى بالا بېشىغا تەككەن تاياقنىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنى تۇتىۋالالماي چىقىراپ يىغلاپ كەتتى. تىنىقى يېتىشمەي قالغان ئادەمدەك قاتتىق ئىسەدەشكە باشلىدى.

- مە...مە...مەن...ئا..ئاپام قېشىغا كىتىمەن. ئاپام قېشىغا كىتىمەن. -بالىنىڭ ئېغىزىدىن ناھايىتى تەستە چىقىۋاتقان يىغلاڭغۇ ئاۋاز ياتاقنى بىر ئالدى.

- ئۇنىڭغا ئۇچۇر ھاراملىق. قايسى ئاپاك قىشىنغا كىتەتتىك. ئەمدى ئاپام دەپ غەلۋە قىلغۇچى بولما. ئەگەر يەنە بېشىمنى ئاغرىتىدىغان بولساڭ قۇلىقىڭنى كىسىۋېتىمەن.- ئەكرەم يېنىدىن ئۇزۇن پىچىقىنى چىقىرىپ ھېلىقى بالىنىڭ كۆز ئالدىدا پىقىراتتى.- ماۋۇنى كۆردىڭمۇ؟ ھېلى تىلىڭنىمۇ قۇشۇپ كىسىۋەتمەي يەنە...

بىسلىق، پارقىراق پىچاقنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن بالا يىغىدىن چىپپىدە توختىدى. ياندىكى بالىلارمۇ ئەكرەمنىڭ كۆزلىرىگە يىلىنىش ئىچىدە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ جىم بولۇشتى. ئەكرەم قاندەك قىزىرىپ كەتكەن قىسىق كۆزلىرىدە ھەر بىر بالىغا قايتا-قايتا ئالىيىپ چىققاندىن كىيىن، ھېلىقى تاقىرباشقا بالىلارنى ئەكىرىپ كىتىشنى ئىشارە قىلدى.

تاقىرباش بالىلارنى تازىلىق ئۆيىگە سۆلاپ قويغاندىن كىيىن، باشقا 2 ئادەمنى ئېلىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. ياتاقتا يەقەت ئەكرەم بىلەن رەيھانلا قالدى. لېكىن ئۇلار بىر ئۇزاققىچە گەپ-سۆز قىلىشماي جىمجىتلا ئولتۇردى.

- باشقا بالىلارغۇ مەيلى. ئاۋۇ كىچىك بالىغا بەك ئىچىم ئاغرىپ قالدى مىنىڭ. تېخى ئانا مېھرىگە قانمىغان سەبى بالىكەن. ئۇنى ئاپىسىغا قايتۇرۇپ بەرسەك قانداق ؟- رەيھان قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ ئولتۇرغان ئەكرەمگە يىلىندى.

- نىمە؟ -ئەكرەم رەيھاننىڭ سۆزىگە ھەيران قالغاندەك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلدى.- كۆن قاياقتىن چىقتى بۈگۈن . ئەجەپ ۋاپادار بولۇپ كىتىپسەنغۇ سەن . بىلەمسەن ئۇنى ئاپىسىغا قايتۇرۇپ بەردۇك دىگەنلىك ئۆزىمىزنى ساقچىغا تۇتۇپ بەردۇك دىگەنلىك. ئانداق ئاخماق ئادەم ئەمەس بىز . سەن بىلمەيسەن، ئۇنداق كىچىك شۇملارمۇ خىلى پۇلغا يارايدۇ.

-لېكىن....لېكىن...

-بولدى. بولدى...نىمە لېكىن پېكىن ئۇ ...بۇ كەسپنى بارغۇ يۇرەككە تاش تېگىپ قويۇپ قىلىدىغان گەپ. ئانداق مىكى-مىكى ئىشلار بىلەن پۇل تېپىپ بولغۇلى بولمايدۇ. سىنى تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ يۈرىكى پىشىپ كەتتى، قېتىپ كەتتى دىسەم يەنىلا يۇمشاقباشلىق قىلىۋاتىسەنغۇ. ساڭا دەپ قۇياي رەيھان، بۇنداق چوك-چوك سودىلاردىچۇ كەسكىن بول. 2-3 قېتىم قىلساڭ كىيىنچە سەنمۇ بىزدەك پىشىپ كىتىسەن.- پارقىراق پىچاقنىڭ بىسلىرىنى كۆيىنىكىگە سۈرتىۋاتقان ئەكرەم نىمىشقىدۇر

ئىتتىكلا بېشىنى كۆتىرىپ سورىدى.- يا بۇ ئىشنى قىلىشتىن يالتىيىپ قالدىڭمۇ يە؟

-يا...ق...ياق...شۇ بىر ئاز ئىچىم ئاغرىپ قالدى. - ئەكرەمنىڭ تۇيۇقسىز يەۋەتكۈدەك قارىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن رەيھان، ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئىشلارغا ئارلىشۋاتقانلىقىدىن ئۇكۇنگەندەك لەۋلىرىنى بوش چىشلەپ سىلىقلا سورىدى . - بۇ باللارنى قايەرگە ئاپىرىمىز ئەكرەم؟

- مەركەزگە. پايتەخت بېيجىڭغا...

- قاچان ماڭىمىز؟

- ئالدىرىما، سەن تېخى بۇ ئىشتا تەجرىبىسىز. ساڭا نەگە بېرىش، نەدە تۇرۇش، نىمە ئىش قىلىش، گەپ-سۆز، ھەركەتتە نىمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش توغرۇلۇق ئوبدان دەرس بەرمىسەك بولمايدۇ. قالغىنىغۇ سەن ئۇستا ئارتىستتىن قېلىشمايسەن، سېنىڭ بۇ ئىشلارنىمۇ كۆڭۈلۈمدىكىدەك بېجىرىدىغىنىڭغا ئىشىنىمەن. شۇڭا ئاۋال بۇ شۇملارنى ئۆزەڭگە كۆندۈرگەچ تۇر ھە...

رەيھان ئەكرەمنىڭ سۆزلىرىگە بوشقىنا باش لىڭشىتتى. دىمىسىمۇ ئۇنى بىر ئېغىر سىناق كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ قېتىمقى ئىش بۇرۇنقى بېجىرگەن ئىشلارغا ئەسلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ رولىنى ئېلىشقا تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكىنى بىلەن بۇ خەتەرلىك سودا ئۇنچىۋالا ئاددى ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇرۇندىن رەزىل ئىشلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەلدى، باشقىلارنىڭ ئاچچىق يىغىسىدا شاتلىنىپ كۈلدى، بەختلىك ئائىلىلەر گۇمران بولغان ھامان ئۇمۇ تەڭلا ئاشقىلىقتىن يۈز ئۆرىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل ھۆسنى، يېقىملىق ئاۋازى، ناز-كەرەشمىسى بىلەن بۇ ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ كەلدى. ئەپسۇس، بۇ سودا ئۇنداق ئاددى ئەمەس ئىدى. بۇ- بەك خەتەرلىك سودا، قانۇنسىز سودا، جەمىيەت قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ زەربە بېرىۋاتقان سودا...بۇ ئىش ئەپلەشمەي قالسلا ھاياتى تۈرمىدە ئاياقلىشىدۇ، ياشلىقى، بەختى...ۋەيران بولىدۇ. رەيھان ئويلۇنۇپ قالدى. ئەكرەم دىگەندەك باللارنى ئۆزىگە مايىل قىلىش، ئامراق قىلىش بەك مۇھىم. ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ مېڭىۋاتقاندەك، ئاپىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك تەسىر بېرىش تېخىمۇ مۇھىم. رەيھان بۇ ئىشنىڭ خەتىرىنى ئويلاپ تۇرۇپلا بۇ ئىشتىن يېنىۋېلىشنىمۇ ئويلىدى، باغلام-باغلام پۇللاردىن ۋاز كەچمەكچىمۇ

بولـدى. لـېكىن ئەكرەمنىــڭ قىساســكار چىرايىغــا قــاراپ يەنــىلا خىيالــدىن يالتايـدى. قولــدىن ھەر بـالا كېلىـدىغان بـۇ جىنايەتچىنىـڭ قولـىدا ۋەيـران بولۇپ كېتىشتىن راسلا قورقتى.

ـ جىم بولـۇپ كەتتىڭغـۇ، دىسـەم ـ دېمىسـەم شـۇ پۇلنىـڭ غېمىنـى قىلىۋاتىسەنغۇ ھە، خاتىرجەم بول، بۇ سودىنى جايىدا بىجىرسـەڭلا يەنە ساڭا 20مىـڭ يـۈەن ھەق بـار. ـ ئەكـرەم كـۆينىكىنى كەيـگەچ بويىنـىدىكى ئـالتۇن زەنجىرنى رەيھانغا كۆرسـەتتى. ـ كۆردۈڭـمۇ يەنە مۇنـداق سـوۋغاتتىن بىرسـىمۇ بار...

رەيھان ئەكرەمگە قـاراپ كۈلـۈپلا قويـدى. دىمىسـمۇ ئـۇ بـۇ ئىشـلارنى پەقەت پۇل ئۈچۈنلا قىلىۋاتىدىغۇ، شۇ پۇلنى دىمىسە نىمە دەپ بـۇ خەتەرلىـك ئىشـقا تەۋەككـۇل قىلغـۇدەك ھە...رەيھـان كاللىسـىدىكى ھەمـمە خىيـالLارنى چۆرۈپ تاشلىۋاتماقچى بولغاندەك ئورنىدىن ئىتتىكلا تۇرۇپ ناھايىتى كەسكىن جاۋاپ بېرىۋەتتى.

ـ خـاتىرجەم بولـۇڭ. بـۇ جاھانــدا مەن رەيھـان بىجىرەلمەيــدىغان ھېچقانــداق ئىــش يــوق . ئەمىســە مەن قايتىــپ كەلگــۈچە ســوۋغاتلىرىڭىزنى تەييارلاپ تۇرۇڭ ھە...

رەيھـان ئەكـرەم بىـلەن يەنە بىـر دەم پـىلان تۈزۈشـكەندىن كـىيىن، تەييارلىقلىرىنى تۈلۈق تۈگۈتۈپ مۇشۇ ياتاققا كېلىـدىغان بولـۇپ خوشلاشـتى. ياتاقتىن چىقىش ئالدىدا تازىلىق ئۆيىگە كىرىـپ مـۇزدەك سـۇغۇق چىـنە قـىش ئۈستىدە قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقان باللارغا قايتىدىن قارىدى. بۇلۇپمۇ ھېلىقى ئۇمـاق كىچىـك بالىغـا باشـقىچە نەزەر ۋە مـۇھەببەت بىـلەن قـاراپ چىقتـى. كۆڭلىدە ئۇ بالىنى ياتىقىغا بىرگە ئاپىرىپ كېلىشنى ئويلىدىيۇ، ئەكرەمگە نىمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلەلمەي يەنە ئامالسىز ئۆزى يـالغۇزلا قـايتتى. شـۇ تـاپ بىنادىن چۈشۈۋاتقان رەيھاننىڭ قەلبىدە نۇرغۇن چىگىش، مۇرەككەپ سـۇئالLار ھۆكـۈم سـۈرەتتى. ئالدىـدىكى تەسـۋۋۇر قىلىــش قـىيىن بولغـان مۇسـاپىلەر ئۈستىدە ئويلىناتتى. بۇ باللارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. ئــۇ شــۇ خىيــالLار ئىچىــدە يەنە ۋارســىنى ئــويلاپ قالــدى. تېلىفــۇن ئالماشتۇرىۋەتكەن بىر ھەپتىـدىن بىـرى قەلبىنـى ئـازاپلاپ كەلـگەن سېغىنىش ھىسياتى ئۇنىڭ قەلبىنى قايتىدىن كۆيدۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىـڭ نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق خىيال ۋە قىزىقىشقا كېلىپ قالغانلىقىغا ھەيران ئىدى.

پۇل ئۇچۇن ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بۇزۇپ تۇرۇپمۇ يەنە قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئۇنى ئىزدىشى ئۆزىگىمۇ بەك غەلىتە بىلىنەتتى. ۋارسىنىڭ ئۇلىما قاشلار ئارىسىدىكى چىرايلىق قارا كۆزلىرى، قامەتلىك جىسمى، كەڭ، هارارەتلىك كۆكرەكلىرى كۆز ئالدىغا كەلسىلا ، ناپاكلىقتا ئەسىر بولغان ۋۇجۇدى هاياجانغا تولاتتى...مېهمانخانىدىن ئالدىراپ چىققان رەيهان يول بويىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭچە بولسا شۇ تاپ ئاشۇ تاتلىق خىياللىرى ئىچىدە بۇ يولدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن پىيادە ماڭغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئۇ ۋارسىنى قايتىدىن ئۇچرىتىپ قېلىشتىن قورقتى. بەلكىم هازىرغىچە ۋارس بۇ رەزىل سۈيىقەستنىڭ تىگىگە يىتىپ بولغاندۇ، هەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ بۇ تاساددىپى سۆيگۈ سەپىرى ئۈستىدە ئويلانغاندۇ، بەلكىم تېلفۇنىدا دىگەن گەپلىرىنى دىلنازدىن ئاڭلاپ ، تۇرمۇشىنى بۇزغان رەيهاننى هەر تەرەپتىن ئىزدەپ يۈرگەندۇ....ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزى قورقۇپ كەتكەن رەيهان ئەتراپقا ئەندىكىش ئىچىدە قاراپ قويغاندىن كىيىن،پىيادە مېڭىشتىن ۋاز كىچىپ، دەرهاللا قارا كۆز ئەينىكىنى تاقىدى-دە، كىلىۋاتقان كىرا ماشىنىسىدىن بىرنى ئالدىراپ توستى...

هەممە يەرنى توپا-چاڭ باسقان ئۆي، ئۈستەل ئۈستىدە قالايمىقان تاماق قالدۇقلىرى، قۇرۇقدالغان هاراق بوتولكىلىرى، ئۇ يەر بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان كىيىم-كىچەك ۋە باشقا نەرسىلەر... سۈرتىلمىگىلى ئۇزۇن بولغان خىروم كىرىسلودا ۋارس كۆزىدە لىق ياش هالدا تامغا ئېسىلغان توي خاتىرە رەسىمگە قاراپ ئېغىر ئۇهسىنىپ ياتماقتا. رەسىم رامكىسىدىكى گۈزەل مىنۇتلار ئەمدى مەڭگۈ قايتىلانمايدىغان چۈشتەك ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇنسىز ئازاپلىماقتا. ئۇ قەدرىگە يەتمىگەن گۈزەل پەرىشتىنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمى، يىگىت قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان شەهلا كۆزلىرى، گىلاستەك ئۇماق لەۋلىرى، ئەۋرىشىم قامىتى...ئەمدى ئۇنىڭغا نىمىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى كىچىكىپ هىس قىلدۇرماقتا. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك سۇلغۇن، بەدىنى شۇنچىلىك زەئىپلەشكەن بولۇپ، رەسىم رامكىسىدىكى دىلنازنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ خۇددۇكسىرەپ ياتماقتا...

توغرا، قېنى ۋارسىنىڭ  بىر چاغلاردىكى سالاپىتى ؟ رەتلىك، پاكىزە كىيىم ـ كېچەكلىرى؟ قېنى ئۇنىڭ كۆندە بىر قىرىلىپ پارقىراپ تۇرىدىغان يۈزلىرى؟ خۇشبۇي ئەتىرلىرى؟  شاتلىقتىن نۇرلىنىپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرى؟...ئەپسۇس، ئۇ ھازىر شۇ قەدەر سۇلغۇن. شۇ قەدەر مىسكىن، شۇ قەدەر تەنھا...ھەپتە ئىچىدىلا ئۇرۇقلاپ باشقىچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەكلا...كىرپە تىكىنىدەك ئۆسۈپ كەتكەن قاپقارا ساقال ـ بۇرۇت، رەتسىز چاچ، ئاچچىق يىغىدىن قىزارغان كۆز، ئۆستىدىكى رەتسىز، قولاش كىيىم ـ كېچەك...توغرا، ئۇ مۇشۇنداق ياتقىلى ئۇدا بىر قانچە كۈن  بولدى، ئارىلىقتا بىر قانچە رەت دوختۇرخانىغا بېرىپ ئىشىك تۈۋىدە بىچارىلەرچە تەلمۈرگەن، يۈكۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن  پەردە خانىم تەرىپىدىن ئەڭ قاتتىق تىللار بىلەن ھاقارەتلىنىپ قايتىپ  كەلدى، ھېچقاچان قاتتىق گەپ قىلىپ باقمىغان نازىرنىڭ يەۋەتكۈدەك قارىشىدىن، قاتتىق سىلكىشىدىن ، " كۆزۈمدىن يوقال، ئادەم ئەمەس ھايۋان.." دەپ ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل تىل سىپلىشىدىن يۈرىكى مىڭ پارە بولدى.  سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ مۇھەببىتىدىن، ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن تەڭ  تاتلىق پەرزەنتىدىنمۇ ئايرىلىپ تاغدەك دەرت، بېسىم ئاستىدا ئۆزىنى يوقاتتى.  ھالسىز جىسمى تىرىك  پېتى دوۋزاخقا تاشلاندى .  پۇشايمان ، ھەسرەت جىسمىنى ئەگدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ئاقلاشقا، ۋاپادارلىق كۆرسىتىشكە ئاجىز كەلدى. ئامالسىز ئۆيىگە قايتىپ  مۇشۇ كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ ، چاراسلاپ ئاغرىپ كەتكەن بېشىنى چىڭ قامالالاپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ھېچ يەرگە بارغۇسى كەلمىدى، سىرتقا چىقىپ ئىسسىق تاماق يېيىشكىمۇ، دوسلىرى بىلەن مۇڭدىشىشقىمۇ  رايى قالماي، ئىدارىسىدىن رۇخسەت سوراپ ، قورسىقى ئاچسا قاتتىق قۇرۇق نان يەپ ، ئۆي ئىچىدە بۇرۇختۇما بولۇپ ئەسلىمىلەر ئىچىدە ياشىدى.  توغرا، ئۇنىڭ شۇنداق گۈزەل كۈنلىرى بولغان، بەختىيارلىق ئىچىدە كۈلگەن ، ئائىلە بەختىدىن سۆيۈنگەن، ئاتەش مۇھەببەت ئىچىدە ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىلىرى بولغان. ھەممە ئادەم ھەۋەستە زوقلۇنۇپ قارايدىغان، سۆيۈنىدىغان پەرىشتىدەك ئايالى بولغان. لېكىن بىر قىز تۇيۇقسىز ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىردى، ئۇنىڭ تېگىرقاپ قالغان ھىسياتىنى ئالداپ كەتتى، ئۆزىگە رام قىلدى، ئۇمۇ  شەيتانىنىڭ كەينىگە كىردى، نەچچە يىللىق مېھرىبان ئايالىنىڭ ئەقىدىسىگە خائىنلىق قىلىپ نازكەرەشمىلىك سەنەمگە ئاشىقى

www.kitaphumar.com كىتاپخۇمار بىلوگى

بىقارار بولدى. ئەپسۇس، بۇ جاھاننىڭ بەزى ئىشلىرى بەك قىزىق بولىدۇ دېسە. ۋارىس ۋەقە يۈز بېرىپ ئىككىنچى كۈنى رەيھاننى ئىزدەپ بېرىپ قەلبىدىكى دەرتلىرىنى تۆككەندىن كېيىن، ئۇنى ئەتىسىدىن باشلاپ قايتا ئۇچرىتالمىدى، نەچچە يۈز قېتىم تېلېفۇن بېرىپ ئالاقىلىشالمىدى، قەلبىنى ھاياجانغا سالغان مىنۇتلارنىڭ شاھىدى بولغان رەيھاننىڭ ياتىقىغا بېرىپمۇ ئۇنىڭ ئىز دېرىكىنى ئالالمىدى، قۇرۇقدالغان ياتاققا قاراپ ھەيرانلىقتا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. قەلبى زىدە بولغان دەملەردە ئاشىنىسىدىن زەررىچە تەسەللى تاپالماي، ئۇنى ھەر يان ئىزدەپ ھېرىپ، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئېتىۋېتىلگەن تېلېفۇنىنى كۈتۈپ-كۈتۈپ، ئاخىرى ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ رەيھاننىڭ نىمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ جىمجىتلا يوقاپ كېتىشىنى، چىن دىلىدىن ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرگەن يارىنى نىمە ئۈچۈن ئاچچىق ھىجران ۋە ئازاپقا سېلىپ قويۇپ تاشلاپ كېتىشىنى پەقەت چۈشۈنەلمىدى. ھەر قانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئايالىدىنمۇ، بالىسىدىنمۇ، ئاشىنىسىدىنمۇ بىراقلا مەھرۇم قېلىپ تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ خوشال كۈنلىرى مەڭگۈ ئاياقلاشقاندەك، بىر تالاي ئاچچىق، ئازاپلىق كەلگۈسى ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك يۈرىكى ئېزىلىپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئىچىدە تەنھا يېتىشقا مەجبۇر بولدى...

قورسىقىنىڭ سەل-پەل ئاچقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋارىس كىرىسلودىن ناھايىتى تەستە تۇرۇپ، پۇرلىشىپ كەتكەن كۆينىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئاستا ئېتىشكە باشلىدى. ئالدىدىكى رەتسىز ئۈستەلنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئورۇنىدىيۇ، تۇيۇقسىز بېشى قايغاندەك بولۇپ ئېغىر جىسمىنى يەنە كىرىسلوغا تاشلىدى. ئۇ بېشىنىڭ قېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بەدىنىدە ماغدۇر قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر چاغلاردا دىلنازنىڭ مۇشۇ كىرىسلودا ئۇنىڭغا ئەڭ ئىسسىل تاماقلارنى سۇنۇپ يىگۈزۈپ قويغانلىقىنى، ئاغرىپ قالغاندا مۇشۇ كىرىسلودا ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن تۇتۇپ قويغانلىقلىرىنى بىر-بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى. ئاشۇ بەختلىك كۈنلەرنى ئۆز قولىدا ۋەيران قىلغانلىقىغا ئاچچىق ھەسرەتتە ئۆكۈندى. كۆزلىرى يۇمۇلۇشى بىلەنلا نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنى قىيناپ كەلگەن دىلناز ۋەقەگە ئۇچرىغان مىنۇتلار كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. دىلنازنىڭ، پەردە خانىمنىڭ، ھەتتا نازىرنىڭ ئاچچىق تەنە گەپلىرى، نەپرەتلىك سۆزلىرى قۇلاق

تۈۋىدە توختىماي جاراڭلاشقا باشلىدى...

دىلنازنىڭ پاقالچاقلىرىدىن ئېقىۋاتقان قىپ-قىزىل قانغا قاراپ كەيپىلىكتە نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ۋارس خىلى ئۇزاقتىن كېيىن ئىسىگە كەلگەندەك ئۇنى ئەڭ يېقىن دوختۇرخانىغا ئاپاردى. ئەپسۇس ، ماشىنا دىلنازنىڭ قورساق قىسمىغا قاتتىق تەككەچكە بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان نازىر ئائىلىسىنىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىسى زەخىملىنىپ دوختۇرخانىغا بارغۇچىلىك تۇنجۇقۇپ قالدى. دوختۇرلار ئوپېراتسىيە قىلغاندا ئالىلىۋۇرۇن تىنىقىدىن قالغان بەختىسىز ئۇغۇل ئالدۇرىۋېتىلدى. ۋارس قۇچىقىدىكى تىنىقسىز نارىسىدىگە قاراپ نەچچە سائەتلەپ ياش تۆكتى، بۇنىڭ رىئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك ئۆزىنى قايتا-قايتا كاچاتلىدى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ھۇشىغا كەلگەن دىلنازنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك ھەسرەتلىك يىغىسى، سۇلغۇن كۆزلىرىدىكى نەپرەت ئۇچقۇنى، "ئادەم ئەمەس ھايۋان، ئىپلاس، سەن مېنىڭ، بالامنىڭ، پۈتۈن ئائىلەمىزنىڭ بەختىنى بۇزدۇڭ، شاتلىقنى بۇزدۇڭ. يوقال، يوقال..." دەپ دوختۇرخانىنى بېشىغا كىيىپ ئەسەبىلەرچە ۋاقىراپ جار سېلىشى... قىزنىڭ ھالىغا قاراپ يۈرىكى پۇچۇلۇنۇپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىاي دەپ قالغان پەردە خانىمنىڭ "ئىست ، پەس سەھرالىق، ئىست ساڭا قىلغان ئەقىدەم، ئىست گۆلدەك ئۇماق قىزىم..." دىگىنىچە ۋارسىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن قاتتىق تەستىكى...

ۋارس ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پەردە خانىمنىڭ تەستىكى قايتىدىن تەككەندەك ساقال باسقان يۈزىنى بوشقىنا سىلاپ قويدى. ئېڭىدىكى دىلنازنىڭ نەپرەتلىك كۆزلىرى يۈرىكىنى يۇلۇپ، پۈتۈن جىسمىنى قىيما چىيما قىلىۋەتتى. شۇ تاپ ۋارسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆي يىقىرىۋاتقاندەك بىلىندى. تەنھالىق نىمىدىگەن ئېغىر ھە؟ شۇنچە تەستە ئېرىشكەن بەختىمنى ئۆزەم ۋەيران قىلدىم، ئازغۇنلۇق يولىدا ئېزىقتىم. بىردەملىك قىزىقىش، ھەۋەس ئىچىدە ئۆزەمنى ئۇنۇتتۇم، ئۆز بالامنى ئۆزەم ئۆلتۈردۈم. ئەمدى مىنى ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ، دىلنازمۇ، ئاتا-ئانىسىمۇ كەچۈرمەيدۇ. مەن ئەمدى ھەممىدىن ئايرىلدىم، ھەممىدىن مەھرۇم قالدىم... قەلبىدىكى ئازاپلىق دەرتنى پەسەيتىشكە ئامالسىز قالغان ۋارس ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭچە بولسا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر قورقۇنچلۇق چۈش بولۇپ قالسا بەك

ياخشى بولاتتى. شۇ تاپ ۋارسىنىڭ ھەممە ئەسلىمىلەردىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كەتكۈسى، ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكۈسى، ھەتتا مۇشۇ ياتقانچە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكۈسى كەلدى...بۇنداق دەرتلىك ياشىغاندىن ئۆلۈپ بىراقلا قۇتۇلۇشنى ئۇمىت قىلدى...لېكىن خىيال يەنىلا خىيال، رىئاللىق يەنىلا رىئاللىق. ئۇ بۇنداق ئاسانلىقچە جېنىدىن جۇدا بولسا بولمايدۇ، بىر قىزنىڭ قەلبىگە ئۇنتۇلغۇسىز ھەسرەتتىن قاپقارا داغ قالدۇرۇپ جىمجىتلا يۇقاپ كەتسە بولمايدۇ. گۈلدەك بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈن خوشاللىقنى ۋەيران قىلىپ سوراقسىز قالسا بولمايدۇ. ھەر ئادەم ئۆز قىلمىشىغا جاۋاب بىرىشى كېرەك، ئازغۇنلۇق ، پەسكەشلىكنىڭ، ۋاپاسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىشى كېرەك، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بۇ ئالەم پۈتۈنلەي رەزىللىككە تولۇپ كىتىدۇ، ئادەملەر قارا كۆڭۈل بولۇپ كىتىدۇ، بىر-بىرىنى قەسلەيدۇ، ھەتتا بىر-بىرىنى تىرىك يەۋېتىشتىن يانمايدۇ.

كىرىسلودا نەچچە يۈز رەت تولغۇنۇپ ، ئۇزاقتىن ئۇزاق ئازاپلىق كۆز يېشى قىلىپ چىققان ۋارسىنىڭ نىرۋىلىرى چارچىدى. پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا تاپالماي قاتتىق بىئارام بولدى. ئۇ ئەمدى دىلناز ئالدىدا يۈكۈنۈپ باش قويمىسمۇ بىكار، يالۋۇرسىمۇ بىكار، ئۆزىنى ئۇرسىمۇ بىكار. ئۇنىڭغا تاغدەك ئىشىنىپ، بارلىقىنى تەقدىم قىلغان دىلناز ئەمدى ئۇنى كەچۈرمەيدۇ، ۋارسىنىڭ بۇ خاتالىقىنى قوبۇل قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن نەچچە يىللىق تۇرمۇشىغا خاتىمە بىرىدۇ. ئەمدى ۋارسىنىڭ نازىر ئائىلىسىدىكى ئورنىمۇ پۈتۈنلەي يوق بولىدۇ. كىم بىلىدۇ، پەردە ئارقىسىدا ۋارسىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى خەلقى ئالەمگە يېيىپ ئۇنىڭ بۇ شەھەردە ياشىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەمدۇ تېخى؟...ۋارس پەردە ئارقىسىنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرە-كەلتۈرمەيلا تىترەپ قورقۇپ كەتتى، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن جىسمى لاغ-لاغ تىترىدى، يۈرىكى ئەنسىز سوقتى...ئۇ بارلىق خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك بېشىنى نەچچە رەت سىلكىۋەتكەندىن كېيىن، خۇددى كۈچىدىكى سەرگەردان باللاردەك بىچارىلەرچە تۈگۈلۈپ، ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇشقا مەجبۇر بولدى...

ئىشكىنىڭ تۇيۇقسىز چېكىلىشىدىن ئويغانغان ۋارس قاپاقتەك ئىسىلىپ كەتكەن كاللىسىنى ناھايىتى تەستە كۆتۈرۈپ، ھارغىن قەدەملىرىنى تەستە

يۆتكەپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكنى ئاچتىيۇ، ئۆزىنىڭ ئۇستى-بېشىغا قاراپ ھەيران قالغان دوستى مۇرادىلنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كىلىشىدىن خەۋىرى بولسىمۇ ،يەنىلا خىجىللىق ئىچىدە تۇرۇپلا قالدى.

- تو ۋا ئاداش، ھالىڭ نىمانداق خاراپ سىنىڭ. بىر نەچچە ھەپتە ئۇچراشماي قالساق ماۋۇ بولۇپ كەتكىنىڭنى قارا...-مۇرادىل تەمتىرەپ تۇرۇپ قالغان ۋارسىنىڭ ئۇستى بېشىغا قايتا-قايتا قاراپ چىققاندىن كىيىن ، ئۇنىڭغا ھىسداشلىق قىلغاندەك ئاستا بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى.

- سا...سالامەت تۇرۇپسەن ئاداش، ئۇزۇن بوپتۇ سەن بىلەن دىدارلاشمىغىلى. - ۋارس دۇدۇقلىغىنىچە ئۆزىنىڭ تۇرقىدىن قورۇنغاندەك يالاڭئاياق پۇتىنى كۆرسۇتۇپ قويدى .- بەك سەت ئىش بولدى ھە، قىنى كىرە...

ۋارس مۇرادىلنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ، ئۆزى نىمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن بۇرۇن مىھمانخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. كىرىسلودىكى كىيىم-كىچەك ، ئۇستەلدىكى پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇش ئۇچۇن جىددىلىشىپ نىمە ئىلىپ، نىمە قويۇشنى بىلمەي ئۇزاق تەمتىرىدى. ئۇ بارچە نەرسىلەرنى پومۇداقلاپ قۇچىقىغا يىغدى-دە ، ياتاق ئۆيگە تاشلاپ ئاران ئۈلگۈردى. ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ۋارس خۇددى بۇ ئۆينى يېڭىدىن كۆرىۋاتقاندەك، خۇددى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك ھەيرانلىقتا ئۇياق-بۇياققا بويۇنداپ قارىدى ، تازىلانمىغىلى ئۇزۇن بولغان مىھمانخانىغا كىرىپ تۇپا باسقان كىرىسلوغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كىيىن ئامالسىز ئاستا ئولتۇردى.

- ۋارس، سەن مۇشۇنداق كۈنگە قالدىڭما ئەمدى؟ قىنى دىلناز بىر چىرايلىق تۇتقان گۈلدەك ئۆي؟ خىلى دىتى بار ئاداش دىسەم سەنمۇ...- ئۆي ئىچىگە قاراپ كۆڭلى بىئارام بولغان مۇرادىل ئاچچىقلاندى.

- مە...مە...مەن...-ۋارس نىمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلمەي گاچىلىشىپ كەتتى.- مەن ساڭا تىلفۇندا دىدىمغۇ ، ئۆزەمنىڭ نىمە ئىش قىلىپ قويغىنىمنى بىلمەيمەن . شۇ تاپ ئۆزەمنىڭ گۆشىنى ئۆزەم يىگۈدەك بولۇپ كىتىۋاتىمەن. بۇ دەرتلەرنى كۆتۈرگىدەك ھالىم قالمىغاندا ئۆينى تازىلاشقا قانداق رايىم بارسۇن...

- توۋا ئاداش توۋا، سەن ئەتىگەن تىلفۇن قىلغاندىن بىرى

قۇلۇقۇمغا پەقەت ئىشەنمەيلا قالدىم. پۈتۈن خىيالىم سىنىڭ ئىشىڭدىلا قالدى....ئەمدى قايتىدىن بىر دىگىنە، ئۆز قۇلۇقۇم بىلەن بىر ئاڭلاپ باقاي . تېلىفۇندا دىگەن گەپلىرىڭ راسما؟ سەن راسلا ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلغانسەنما ؟ ـ مۇرادىل گاڭگىراش ۋە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە خۇددى جىنايەتچىنى سوراق قىلىۋاتقان ساقچىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن سۇئال ياغدۇردى.

ـ نىمە دەيمەن جىنىم ئاداش، نىمە دەيمەن. ئۆزەمنىڭ قانداق بولۇپ مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. ھەممە ئىشلار خۇددى جىمجىتلا ئۆتۈپ كىتىدىغاندەك ،مەڭگۈ سىر پېتى قالىدىغاندەك كۆلۈپ يۈرۈپتىمەن. شەيتاننىڭ سەنىمگە ئۇسۇل ئويناپتىمەن. ئازغۇن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن. ئەمدىلىكتە ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلغاندا ھۇشۇمغا كەلدىم. لېكىن ھۇشۇمغا كەلگەندە مەن بەك كىچىكلەپ كەتتىمەن، بەكلا كىچىكلەپتىمەن .... ـ دەردىنى تۆكۈشكە ئادەم تاپالماي ئاران قالغان ۋارىس دوستىنىڭ ئالدىدا بىچارىلەرچە يۈكۈنۈپلا ئولتۇردى.ـ مەن پەقەت بەرداشلىق بىرەلمىدىم. پەقەتلا...

ـ قوپە ئورنۇڭدىن ئاداش.ـ مۇرادىل ئورنىدىن تۇرۇپلا يۈكۈنۈپ يەرگە قاراپ مىشىلداپ ئولتۇرغان ۋارىسنى دەرھال يۆلىدى.ـ نىمانداق بىچارىلىك بۇ. ئۆزەڭنى ئەركىن تۇت، قېنى سافاغا كەل...

مۇرادىل كىچىك باللاردەك يۇم ـ يۇم ياش تۆكىۋاتقان ۋارىسنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىتتىك ئاشخانىغا چىقتى ـ دە، تۇرىبىدىن مۇزدەك بىر پىيالە سۇ ئەكىرىپ ۋارسقا تەڭلىدى.

ـ قېنى بۇنى ئىچىۋەت. بىر ئاز بولسىمۇ سەگىدەپ قالىسەن. مىنىڭ يەنىلا بەزى ئىشلارغا پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ماڭا بۇ ئىشلارنىڭ جەريانىنى تەپسىلىراق سۆزلەپ بەرگىن. مەن تولۇق خەۋەردار بولغاندىن كىيىن ئاندىن مەسىلىھەت بويىچە ئىش قىلايلى...

ۋارىس دوستىنىڭ چىرايىغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كىيىن، ئۇنىڭ قولىدىكى سۇنى ئېلىپ چۆلدە قالغان يولۇچىدەك بىر كۆتىرىپلا ئىچىۋەتتى. بىر ھەپتىدىن بىرى ئىچىنى سىقىپ تۇرغان كۆڭۈلسىزلىك،بەختسىزلىكنىڭ دەرتلىك يېشىنى قېنىپ تۆكۈۋالغۇسى كەلگەندەك قۇرۇق پىيالىنى ئىككى قولىدا سىقىمداپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. چاناقلىرىغا پاتماي قالغان دەرتلىك ئازاپنىڭ ئاچچىق ياشلىرى تاتارغان مەڭزىنى بويلاپ پەسكە ئاستا

سىرغىدى...دىمىسىمۇ ئۇ بىر ھەپتىدىن بىرى بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئېغىر ئازابىنى تارتىپ كەلدى. ئەڭ قاتتىق تىل ـ ھاقارەتنى ئاڭلىدى. بىر تالاي يېقىن ئادەملىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالدى. ئۆزىگە ھايات بەرگەن، ئۈمىت بەرگەن، بەخت بەرگەن مۇھەببەت گۈللىرىنى ئۆز قولىدا نابۇت قىلدى...ئۇ بۇ دەرتلىرىنى كىمگە ئېيتىشنى ، كىملەردىن مەسلىھەت سوراشنى بىلەلمەي بىرھەپتە قاتتىق قىينىلىپ ئۆتتى. شىرىن چۈشتەك ئۆتىۋاتقان بەختيار تۇرمۇشنى قاپقارا زىندانغا باشلاپ، شۇ زىندان ئىچىدە يىلاندەك تولغۇنۇپ چىقتى. ئامالسىز ئاخىرى ئۆزىنىڭ بۇ پەسكەشلىكىنى، ۋاپاسىزلىقىنى، ئازغۇنلىقىنى يەنىلا قەدىردان ساۋاقدىشى، قىيامەتلىك دوستى مۇرادىلغا دىيىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ئۇنىڭغا تېلىفۇن قىلدى. شۇڭا ئەمدى ئىچ باغرىنى تازا تۆكۈشىلىشى، دوستىنىڭ قۇچىقىدا بۇقۇلداپ يىغلىشىلىشى كېرەك. شۇنداق بولسا يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرغان دەرتلىك ئازاپلار بىردەم بولسىمۇ يىنىكلەپ قالار...

ۋارىس سۇلغۇن كۆزلىرىنى دوستىنىڭ ئۆزىگە ھەيرانلىقتا تىكىلگەن نۇرلۇق كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ كىرىسلوغا يۆلەندى. ئۇدۇل تامدىكى چولپانلارنىڭ توي خاتىرە سۈرىتىدەكلا چىرايلىق تارتىلغان سۈرەتكە قاراپ ئېغىر ـ ئېغىر خۇرسىنغاندىن كېيىن، بىر مەزگىللىك تاتلىق ئەسلىمىلەرگە چۆمگەن شىرىن چۈشتەك يۇشۇرۇن تۇرمۇشنى باشتىن سۆزلەشكە باشلىدى...

.........

ـ مۇنداق دە. توۋا ، توۋا...دىلنازدەك گۈزەل ،پەرىشتە سۈپەت ئايالىڭ تۇرسا نەدىكى بىر بۇزۇقنىڭ كەينىدىن ئىتتەك ئەگىشىپ يۈردۈم ـ دە. شۇ مەينەتنىڭ يالىقىنى يالاپ يۈردۈم ـ دە...توۋا، سەندەك بىر ئادەمنى مۇشۇنداق ئىش قىلدى دىسە كىممۇ ئىشىنەر ھە؟ تېخى دىلنازنى ئۆز ماشىناڭدا سۆقۈشتۇرۇپسەن...ھەي...ـمۇرادىل ۋارىسنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئوتى ئۆچەي دەپ قالغان تاماكىسىنى كۆيۈندىلەر بىلەن لىق تولغان كۈلدانغا تاشلاپ ، يېڭىدىن بىر تاماكا تۇتاشتۇرۇپ كۆچەپ ـ كۆچەپ شوراشقا باشلىدى.

ـ ھازىر ئۆزەممۇ ئىشەنمەي قالدىم. ھەممە ئىش خۇددى چۈشتەكلا بىلىنىدۇ. لېكىن مەن ئاللىبۇرۇن ئاشۇ پەرىشتىدەك ئايالىمدىن، ئۇماق

بالامدىن، بەختىلىك ئائىلەمدىن مەھرۇم قالدىم. ياق، ھەممە نەرسەمدىن مەھرۇم قالدىم. ئەمدى مېنىڭ كەلگۈسۈم پۈتۈنلەي نابۇت بولدى. دىلناز مېنى ئەمدى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ. مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ...ـ ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئىچىدە بىر ھازا قىينىلىپ چىققان ۋارىس قىزارغان كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىنى يۇشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، چۈۋۈلغان چاچلىرىنى ئازاپ ئىچىدە قايتىدىن قاماللىدى.

ـ توختا.توختا... رەيھان دېگەن قانجۇقنىڭ گېپىنى قىلايلى. ئويلاپ قالدىم: ئۇ ئەجەپ بىشىدا ساڭا ماگىنىتتەك چاپلىشىۋېلىپ، ئىتتەك ئەگىشىپ ، ئەمدىلىكتە بۇ ئىش يۈز بەرگەندە نىمىشقا تۇيۇقسىزلا يۇقاپ كىتىدۇ ھە. ئۇ بۇ ئىشلارنى مەقسەتلىك قىلغانمۇ يە؟...ـ سەزگۈر مۇرادىل خۇددى بىر نەرسىدىن گۇمان قىلغاندەك قۇشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ئويلۇنۇپ كەتتى. ـ چۇقۇم شۇنداق ، ئۇنداق بولمىسا ئۇ نىمە ئۈچۈن سەندىن پۇل تەلەپ قىلمايدۇ. زىبۇ ـ زىننەت،كىيىم ـ كىچەك تەلەپ قىلمايدۇ. ئەگەر راستلا ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا ، نىمە ئۈچۈن سەن ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغاندا يېنىڭدا پەيدا بولۇپ ساڭا مۇھەببەت بەرمەيدۇ؟ بۇنىڭدا چۇقۇم بىر مەقسەت بار...

ـ بۇنى مەنمۇ ئويلۇدۇم. لېكىن پەقەت تېگىگە يېتەلمىدىم. بەلكىم مېنى ھەقىقى ياخشى كۆرسىمۇ، بۇ ئىشلار ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا ئۆزىنىڭ كەمسىتلىشىدىن، بىرەر خەۋپكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلغانمىكىن...

ـ بەلكىم شۇنداقتۇ...لېكىن بۇ جاھاننى ئۇنداق ئاددى تەسەۋۋۇر قىلساق بولمايدۇ. ئادەملەرنى چۈشەنمەك بەك مۇشكۇل، بەك مۇشكۇل. كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئەر ئىزدەپ ، ئۇلارنى يولدىن چىقىرىدىغان جالاپلارمۇ ئاز ئەمەس بۇ شەھەردە...ـ مۇرادىل دوستىغا ھىسداشلىق قىلغاندەك گۇنانى يەنە شۇ رەيھانغا ئارتىپ سۆز قىستۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ـ لېكىن ئۇ زادى نەگە كەتكەندۇ؟ شۇ ۋەقەدىن كېيىنلا تېلىفۇنىمۇ ئىتىك. 100 قېتىمدىن ئارتۇق ئۇرغاندىمەن پەقەت ئاچمىدى. ياتىقىدىمۇ يوق...

ـ نىمە؟ نىمە دەۋاتىسەن؟ـ مۇرادىل ھەيرانلىقتا ۋارىسنىڭ كۆزلىرىگە مۇزدەك قارىدى.ـ شۇنچە ئىشلار بولغان تۇرسا يەنە شۇ قانجۇقنى ئىزدەپ

يۈردۈكۈمگە سەن. تېخى 100 قېتىمدىن ئارتۇق تېلېفون قىپسەن. قارىغاندا يۈرۈكۈڭنى يۇلۇپ ئەكەتكەن ئوخشايدۇ ھە ئۇ جالاپ...تېخى دىلنازنىڭ دەردىدە مۇشۇنداق خاراپلىشىپ كەتتىمكىن دىسەم ئەسلى يەنە شۇ قانجۇقتىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەپسەن ھە...

-يا...يا...ياق... مەن ئۇنداق دىمەكچى ئەمەس- مۇرادىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ كەتكەن ۋارىس ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كەتتى.- مەن پەقەت ئۇنى نەگە كەتتىكىن دەپ ئۇققۇم كەلدى. ھەممە نەرسىدىن تەڭلا ئايرىلىش بەك ئېغىر كىلىدىكەن ئادەمگە...

-مانا دىمىدىممۇ، خۇيلۇق جالاپلارنىڭ ئۇسۇلى بۇ. ئاۋۇ ئازغۇن يۈرۈكۈڭگە بىر ئوت سېلىپ قويغان گەپ ئۇ...بولدى. بولدى...كۆڭلۈڭنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قىلماي ئەمدى مۇھىم ئىشقا ئۆتەيلى. سەن ھازىر قانداق قىلاي دەپ ئويلاۋاتىسەن؟

-ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن . مۇمكىن بولسا دىلنازدىن كەچۈرۈم سورىغۇم بار. ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قالغۇم بار. ئۇنىڭدىن ئايرىلسام بۇ شەھەردە مىنىڭ ھېچنەرسەم قالمايدۇ. تاپقان پۇلۇم پۇل بولمايدۇ، قىلغان خىزمىتىم خىزمەت بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەلپازىدىن بەك قورقۇپ قالدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇقۇپ بولغان چېغى ماڭا شۇنداق سەت مۇئامىلىدە بولدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك يۈزۈممۇ قالمىدى. ئۆزەمنى مىنىڭ ئاقلىسامۇ بىكار...

-ئۇنداقتا ئاجرىشىپ كىتەمسەن؟

-يا..ياق...-يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ۋارىس خۇددى سوتچىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈردى.-ياق... مىنىڭ ھەرگىز ئۇنداق نىيىتىم يوق. مىنىڭ دىلناز بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگۈم بار. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر مۇھەببىتىگە ئېرىشكۈم بار. ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر...

- ھا ھا ھا...-مۇرادىلنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى تۇپيا باسقان ئۆيىنىڭ مۇزدەك سۇغۇق تاملىرىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ ۋارىسنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك قەستەن سورىدى. - قىزىق ، ئۇنداقتا ئەجەپ دىلنازسىزمۇ خېلى كۈنلەرنى ‹مەنىلىك › ئۆتكۈزۈپ كەپتىكەنسەنغۇ ؟

- بولدى مۇرادىل. بولدى. ماڭا ئەمدى ئۇنداق ئېغىر چاقچاق قىلما،

تەنە گەپ قىلمـــا...بـــۇرۇن تۇرمۇشـــنىڭ ئـــاچچىق-چـــۈچۈكىنى تېتىـــپ باقماپتىكەنمەن. مانا ئەمدى راۋۇرۇس تېتىدىم. بۇ ھاياتىمدىكى بىر قېتىملىـق ئېزىش. پەقەت بىرلا قېتىملىـق. مەن ئەمـدى نىمىنىـڭ خاتـا، نىمىنىـڭ تـوغرا ئىكەنلىكىنى قايتىدىن ئويلاندىم. ئادەم بولـدۇم. ئـۆز-ئـۆزەمگە شـۇنداق ۋەدە بىرىمەنكـى: مەن بۇنـدىن كـيىن ئادەمـدەك ياشـايمەن، ۋارسـتەك ياشـايمەن. ئاشـۇ سـەھرادىكى مېھرىبـان ئاتـا-ئانـام ئۈمـۈدى ئۈچـۈن ياشـايمەن. ئـۆزەمنى قايتىدىن ئىزدەيمەن...- مۇشتۇمى تۈگۈلۈپ تىترەپ سـۆزلەۋاتقان ۋارس ئـۆز-ئۆزىگە قەسەم بىرىۋاتقاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ۋارسـقا قـاراپ ئىچـى سـىرىلغان مۇرادىلنىـڭ كـۆڭلى تۇلىمـۇ يېـرىم بولدى. بىر چـاغلاردىكى پۈتـۈن مەكتەپنىـڭ ئالقىشـىغا ئىرىشكەن بىلىملىـك، ئەخلاقلىق يىگىتنىڭ بۈگۈنكى ئاجىزانە تۇرقىغا قـاراپ ئېغىـر ئۇھسـىندى. بـۇ تۇرمۇشـنىڭ ئەگـرى توقـاي يوللىرىـدا نۇرغـۇن ئادەملەرنىـڭ ئېزىـپ ۋەيـران بولـۇپ كىتىـدىغانلىقىغا ئىشـەندى. بەزى ئادەملەرنىـڭ ئـۆز خاھىشـى بىـلەن ئەمەس باشقىلارنىڭ ئېزىقتۇرىشى، قىزىقتۇرىشى بىلەنمـۇ بىردەملىـك ھىسـياتقا قۇل بولۇپ، ئۆز بەختىنى ۋەيران قىلىـدىغانلىقىغا ئىشـەندى. دىمىسـىمۇ ، بـۇ دۇنيادا ۋارستەك قىسمەتلەرگە ئۇچرايـدىغان ئـادەملەر تـولا. نۇرغـۇن ئـادەملەر ھەر ۋاقىـت قەسـت ئىچىـدە ياشـايدۇ. پەسـكەش ئـادەملەر ئۆزىنىـڭ رەزىـل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچـۈن ھەرخىـل ۋاسـتىلەرنى قوللىنـۇپ ئۇلارغـا ئـورا كولايـدۇ. ئۇلارنىـڭ ئۈلـۈمىنى تىلەيـدۇ. ھەممىسـى شـۇ كىچىككىـنە ئۆچمەنلىـك يـاكى پـۇل ئۈچـۈن... ئەگەر ھەمـمە ئادەمـدە باشـقىلارنى ئەپـۇ قىلىش، ھىسداشلىق قىلىش، مۇھەببەت بىرىش تۇيغۇسى بولغان بولسىدى بۇ تۇرمۇش ئۈنچىـۋالا مۇرەككەپلىشـىپ كەتمـىگەن. ئـادەملەر بـۇنچە رەزىللىشـىپ كەتمىگەن بولاتتى. ھەممە شات خورام ، بەخىت ئىچىدە كۈلگەن بولاتتى....

-ھەر راسـت ئـاداش، ئاتـا-ئاناڭنىـڭ گېپىنـى قىلىـپ قالـدىڭ. بـۇ ئىشلاردىن ئۇلار خەۋەر تاپتىمۇ؟- مۇرادىل مۇھىم بىر ئىشنى ئىسىگە ئالغاندەك ئالدىراپ سورىدى.

-يـاق. ئانـام 10كـۈن ئىلگىـرى " دىلنـاز يەڭگىگەنـدە خەۋەر قىلىڭ، مەن بېرىـپ بىرەر ئاي بېقىپ كىلەي" دەپ تېلىفۇن قىپتىكەن. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كىيىن نىمە دەپ تېلىفۇن قىلىشنى پەقەت بىلەلمىدىم. "مەن دىلنازغا خـائىنلىق قىلـدىم، ئـۇنى يارىلانـدۇردۇم، بـالامنى ئـۆز

قولۇمىدا ئۆلتۈردۈم..." دەپ قانداقمۇ ئېغىز ئاچىمەن مەن...ئۇلارنى ئەمدى قىينىغۇم يوق...–ۋارىس خۇددى ئاتا-ئانىسى گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغاندەكلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

– لېكىن ئويلاپ باقتىڭمۇ ئاداش. بۇ ئىشنى بۆگۈن دىمىسەڭ ئەتە-ئۆگۈن ئۇلار ھامىنى ئۇقىدۇ. شۇڭا ۋاقتىدا دىگىنىمىز ياخشى. سەن دىلناز بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئويلىغان ئىكەنسەن ئۇلار بۇ ئىشتىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىشى كېرەك. ئادىمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بولسىمۇ دىلنازنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا ناماقۇللۇقىا بېرىشى، قېيىناتا-قېينانا بولۇش سۈپىتى بىلەن كىلىنىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك. بولمىسا دىلنازنىڭ ئاتا-ئانىسى تېخىمۇ ئاغرىنىپ ، سىلەرنىڭ كېيىنكى ئىشىڭلار تېخىمۇ تەسكە چۈشىدۇ...

– ئۇدىگىنىڭغۇ توغرا ئاداش. لېكىن بىچارە ئاتا-ئانام توي ئىشىمىدىمۇ كۆپ جاپا تارتقان، خورلۇق تارتقان. ئەمدى ياشىنىپ قالغاندا يەنە نازىرنىڭ ، خانىمنىڭ ئېغىر گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى زىدە بولۇپ قالامدىكىن، كىسەل بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانامنىڭ يۈرەك كىسىلى بار ئاداش...

– ئۇنداقمۇ بولماس. قۇدا بولغاندىكىن ھەممە ئىشنى لايىقىدا قىلار. لېكىن ئۇلار كەلمىسە زادى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلارمۇ ، بىزمۇ خىزمەت ئىشلىشىمىز كېرەك. گۇناھىمىزنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ تۆۋبە قىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا تېلېفۇن قىل ، ئۇلار بۆگۈنلا يولغا چىقسۇن. ئەگەر سەن دىيەلمىسەڭ مانا مەن دەي. بۇ ئىشقا سەل قارىساق بولمايدۇ . – مۇرادىل ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن ئالدىراش يان تېلېفۇنىنى قولىغا ئالدى.

– دىگىنىڭ دۇرۇس ئاغىنە، دۇرۇس. شۇنداق قىلايلى. شۇ تاپ كاللامدىن بىر ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك بولىۋاتىمەن. كۆڭلۈمۇمۇ سەل كۆتىرىلىپ قالدى. تېلېفۇننى سەل تۇرۇپ يەنىلا ئۆزەم ئۇراي...–ۋارىس دوستىنىڭ غەمخورلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

– سەنمۇ دىلناز مىنى كەچۈرمەيدۇ. قېيىناتام-قېينائانام تىللايدۇ دەپ يېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ. گۇناھىنى سەن ئۆتكۈزگەندىكىن ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ قېشىدا بولۇشۇڭ كېرەك. ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشىڭ كېرەك. تىللىسىمۇ، ئۇرسىمۇ مەيلى دەپ تۇر. سەن ئۇلاردىن قورقۇپ بۇ يەردە دەرتلىنىپ ياتقىنىڭ بىلەن ئۇلار كۆڭلىدە " ئەسلى نىيىتى شۇكەن. مۇشۇنداق

ئەھۋالــدىمۇ كىلــىپ قويمــىدى، ئــادەم ئەمەس تۈزكــوركەن ئــۇ " دەپ سەندىن قاتتىق ئاغرىنىدۇ. ئىش تېخىمۇ يامانلىشىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى كەينىگە سىوزمايلى. مىنىڭچە بىز بۆگـۈنلا دوختۇرخانىغا بېرىشىمىز كېرەك. سەن دىلنازدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن كەچۈرۈم سورا. ناماقۇل بول. گۇناھىڭنى تونۇ...

ـ قانداق بولار ھە؟ مىنىڭ ئۇلارغا قارىغۇدەكمۇ جۈرئىتىم يوق.

ـ ئۇغۇل بالىدەك گەپ قىلە. ھەجەپ ئاشۇ پەسكەش ئىشلارنى قىلغانىدا قاراشقا جۈرئەت قىپتىكەنسەنغۇ؟ بولىدى، بولدى...بۇ جاھاندا ئازمايدىغان كىم بار. بەزى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشلار يۈز بېرىپمۇ يەنە بىرسى ـ بىرسىنى كەچۈرۈپتىدۇ. كونىلار "بىركۈنلۈك ئەر خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا مىڭ يىللىق مېھرى ـ مۇھەببەت بار " دەپتىكەن. سەن خاتالىقىڭنى تونۇپ بوينۇڭغا ئالساڭ، چىن دىلىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ بۇندىن كېيىن ئادەم بولساڭ، مىنىڭچە دىلناز چۇقۇم سىنى كەچۈرىدۇ. مەن بىلىمەن ئۇ سىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ. مۇھەببەت ھەرقانداق خاتالىققا كۆز يۇمىدۇ ...شۇڭا دوختۇرخانىغا بۆگۈنلا بارىمىز. قېنى تەييار بول...

ـ لېكىن...لېكىن...

ـ ۋاي، ۋاي...نىمانىداق سۆرەلمىلىك قىلىسەن. دىلنازنى، كەلگۈسىڭنى ئويلىساڭ دەرھال تەييار بول.

ـ بولىدۇ ئاداش. سەل تەخىر قىل ھە...

ۋارىس مۇرادىلغا تۇيا باسقان تىلىۋۇزۇرنى ئېچىپ بىرىپ، جىددىلىك ۋە قورقۇش ئارلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھىسسىيات ئىچىدە يۈيۈنۈش ئۈچۈن مۇنچىغا كىرىپ كەتتى. مۇرادىل كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ دوستىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە باش قاتۇردى. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتكە ئىچ ئاغرىتتى. ئۆزىنىڭ ھازىرقى گۈلدەك تۇرمۇشىنى قەدىرلەشنى، 2 ياشلىق ئوماق ئوغلىنى ياخشى تەربىيەلەشنى، ئايالىغا مەڭگۈ سادىق بولۇپ بەختلىك ياشاشنى ئويلىدى. تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدىغان رەيھانىدەك ئازغۇن شەيتانلاردىن ھەر ۋاقىت ئېھتىيات قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلدى. ئادەم بەختتىن مەھرۇم قالغاندا ئاندىن بەختنىڭ قەدرىگە يىتىدۇ. بەختنىڭ مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. بەختلىك ئائىلىسى بولمىغان ئەر مەيلى قانچىلىك شۆھرەت قازانسۇن، مەيلى قانچىلىك پۇل تاپسۇن، مەيلى قانچىلىك ھوقۇق ـ

ئىمتىيازغا ئىگە بولسۇن ئۇ  يەنىلا بەختىسىز. ئادەم پەقەت ئىللىق ئائىلىدە، مېھرىبان ئاياللىق مۇھەببىتىدە، ئۇماق پەرزەنتىنىڭ چېھرىدە ھەقىقى بەختكە ، بۇ دۇنيانىڭ خوشاللىقىغا ئېرىشەلەيدۇ.  ئائىلە ئۇ باقى ئالەمدىكى ئەڭ بۈيۈك جەننەت...مۇرادىل بەختىنىڭ يەكۈنىگە ئېرىشكەندەك ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ بىر چاغلاردا گۈلدەك بىزىلىپ، شات-خۇراملىققا، كۈلكىگە تولغان ۋارسىنىڭ ئۆيىگە قايتىدىن سەپسالدى. ئايالسىز خارابىلىككە ئايلانغان ئۆينىڭ ئىسسىل جاھازلىرىنى سىلىدى. تاماق ئېتىلمىگىلى نەچچە ئاي بولغان ئاشخانىنىڭ مۇزدەك تاملىرىدىن ، خىروستال قاچىلاردىكى مېھرىسىز پارقىراشلاردىن تەنلىرى تىترىدى . دىلنازنى ئاچچىق ئازاپقا مەھكۇم قىلىپ ، يۈرىكىگە ھەسرەتتىن قاپقارا داغ سالغان ھوجرىغا، كارۋاتقا، يوتقان-كۆرپىلەرگە قاراپ غەزەپكە كەلدى. توغرا، بىر ئائىلىگە ،ئەرگە ئۆز ئايالىدەك كۆيۈنىدىغان ، مېھرىنى بېرىدىغان، ئەجىر سىڭدۈرىدىغان يەنە بىر ئايال بولماس. ئۆي ئايال قولى بىلەن ئۆيدۇر. ئايال قولى بىلەن مېھرلىكتۇر. ئايال قولى بىلەن چىرايلىقتۇر. ئايالنىڭ ئەينەكتەك سۈزۈك قەلبى بىلەن بەرىكەتلىكتۇر...مۇرادىل بىردەم ئۈنسىز ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ شەھەردە يەككە-يىگانە قالغان دوستىغا بار كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشنى ، ئۇنىڭ بۇ غېرىپلىقتا چۆمگەن ئائىلىسىگە قايتىدىن خوشاللىق، بەخت ئاتا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ،  ئۇنىڭ مۇنچىدىن چىقىشىنى ساقلىغاچ ئۆينى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى...

ساقال بۇرۇتلىرىنى پاكىزە قىرىپ، ئالى دەرىجىلىك كاستۇم بورولكا كىيىۋالغان ۋارسقا خىلى سالاپەت كىرىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا  چىرايىدىكى تەشۋىش، جىددىلىك، بىئاراملىق يوقالمىغان ئىدى. ئۇ بۆگۈن ماشىنىسىنى ھەيدىمىدى، ئۆي ئالدىدا توپىا بېسىپ تۇرغان ماشىنىسىغا ئۈمىسىنىپ قاراپ قويۇپ، مۇرادىل بىلەن ئىدارە ئالدىغا چىقىپ بىر تالاي سوۋغاتلىق سېتىۋالغاندىن كېيىن تاكسى توستى. ئۇلار دوختۇرخانا ئالدىغا كەلگەندە پۈتۈن ئالەم كەچكى شەپەق نۇرلىرىغا تولغان بولۇپ گۈگۈم پەردىسى

يېپىلىۋاتاتتى. ۋارس قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرغان مۇرادىلىنىڭ كۆزىگە قايتىدىن بىر قارىۋېتىپ، ناھايىتى تەستە ماشىنىدىن چۈشتى. تىترەپ تۇرغان قوللار، ئۈركۈپ تۇرغان كۆزلەر، چىلىق تەرگە چۆمۈۋاتقان يۈزلەر... ۋارسنىڭ يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى تىز سوقۇشقا باشلىدى. كۆز ئالدىغا ھالسىز ياتقان دىلناز، جاللاتتەك ھەيۋە قىلىپ تۇرغان پەرىدە خانىم، بۈركۈتتەك كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ تۇرغان نازىر كىلىشى بىلەن لاغ-لاغ تىترەپ كەتتى. ئۇ دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن قەدەم ئالدىيۇ، دىلناز ياتقان بىناسىنى كۆرۈشى بىلەنلا يۈرەك رىتىمى قايتىدىن تىزلىشىپ ، دەرھال دوستىدىن قولىنى ئاجرىتىۋالدى . ئۇ ئۆزىگە شۇنچە غەيرەت تىلەپ بۇ يەرگە كەلگەن بولسىمۇ ھالقىلىق پەيتتە يەنىلا ئۆزىنىڭ جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. پەرىدە خانىمنىڭ قاتتىق تەستىكى كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن دەقىقىلەرنىڭ يەنە قايتىدىن يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلدى. دىمىسىمۇ جىمى گۇناھ ئۆزىدە بولغاندىكىن ئۇنىڭ قورقىشى، جىددىلىشى بەرھەق ئىدى.

- نىمە بولدى ئەمدى ساڭا . تۇرۇپلا قالدىڭغۇ؟- مۇرادىل ۋارسنىڭ قولىنى تارتقاچ پەرۋاسىزلارچە سورىدى.

- ياق،ياق...مەن كىرەلمىگۈدەكمەن مۇرادىل. مەن كىرەلمىگۈدەكمەن. مەن دىلنازنىڭ نەپرەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىيالمىغۇدەكمەن. قېيناتام-قېيناتانامنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك تىل ھاقارەتلىرىگە بەرداشلىق بىرەلمىگۈدەكمەن . بىلىمەن، جىمى گۇناھ ئۆزەمدە ، ئەمدى كۆرىدىغان كۈنۈم مۇشۇ ئوخشايدۇ، بولدىلا قايتىپ كىتەيلى....- ۋارس يىلىنغاندەك بىردەم تىركىشىپ قالدى.

- ھەي ئاغىنە ، دىلنازغۇ ئايالىڭكەن، ئادەتتىكى بىرە ر تونۇشۇڭ بولسىمۇ بۇ چاققىچە كۆرۈپ بولار بولغىيدىڭ. بۇنداق ئەزمىلىك قىلماي تىز ماڭ. كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يولۇڭغا قاراپ كۆزلىرى تىشىلىپ كىتەي دەپ قالدىمۇ تېخى؟

-چاقچاق قىلما ئاداش ، يەنىلا مازاق قىلغىلى تۇردۇڭ.- ۋارس شۇنچە قامىتى بىلەن كىچىككىنە نەرسىنى كۆتىرىشكە بەرداشلىق بىرەلمىگەندەك قولىدىكى سوۋغاتلارنى يەرگە قويۇپلا تامغا يۆلەندى. - مىنىڭ قەدەم ئالغۇدەكمۇ ھالىم يوق. ماڭا ۋاكالىتەن سەن كىرىپ چىقامسەن يە؟

- ماۋۇ قىزىق گەپنى ئەمدى. سەن بىلەن كىرمىسەممۇ مەن ھەر

ۋاقىت يوقلاپ تۇرالايمەن. مەقسەت سىنى ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورامدىكىن، ئۇلارنىڭ مۇزدەك قېتىۋالغان نەپرىتىنى ئېرىتەمدىكىن، ئىشىنىڭ ياخشى تەرەپكە بۇرۇلىشىغا پۇرسىتى بولامدىكىن دىگەن گەپ. ماڭ قارا جىنىم ئادىشىم، سەن ئەمدى مۇشۇ كىرگەنچە ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي كۆتكىن. مەيلى ئاقىۋىتى قانداق بولىشىدىن قەتئىنەزەر چۇقۇم شۇنداق قىل. ئۆزەڭنىڭ خاتالىقىنى ئۆزەڭ تۈزەت. مەن ساڭا دىسەم سەن بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭ مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالىسەن، ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالىسەن...—مۇرادىل سۆزىنى تۈگۈتۈپ، ۋارسقا قارىمايلا يەردىكى نەرسە-كېرەكلەرنى كۆتىرىپ ئۇدۇلدىكى گۈل دۇككىنى ئىشارە قىلدى.— ھەر راست، بىر دەستە ئەتىرگۇل سېتىۋالايلى. گۈل دىگەن ئۇ كۆڭۈل. كۆڭلۈڭنى ئاددى ئىشلاردىن باشلاپ ئىپادىلەپ تۇرغىن.

مۇرادىل ۋارسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا گۈل دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى. دوستىنىڭ يەنە دىلىغوللۇق ئىچىدە قالغانلىقىغا ھىسداشلىق قىلدى. ئالتۇندەك بەخت ئىچىدە تۇرۇپمۇ قەدرىنى بىلمىگەن دوستىنىڭ ئاجىزلىقىغا ،ئويلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان ئەڭ گۈزەل قىزغا، ئەڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىپ تۇرۇپمۇ ، كوچىدىكى ئازغۇن شەيتانلارغا ئەل بولۇپ كەتكەن نادان كۆڭلىگە ئەپسۇس ئىچىدە ئۇكۇندى. بولىدىغان ئىش بولدى، چىنە چېقىلدى. ئەمدى كايىشنىڭ، تىللاشنىڭ ئورنى يوق. ئازاپ ئىچىدە قىينالغان ئادەمگە ھەسسىلەپ ئازاپ ئارتىشنىڭ ئورنى يوق. مىڭ كايىغان بىلەنمۇ بۇرۇنقى تۇرمۇشنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. لېكىن يەنە ئىمكانىيەتلەر ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ باقسا بولىدۇ...توغرا، بىر كۈن كىچىكسە بىر كۈنلۈك كۆڭۈلسىزلىك ئاۋۇپ ماڭىدۇ ، ئارىغا تېخىمۇ سوغۇقلۇق چۈشۈپ ئۇلارنىڭ مۇھەببەت دەرىزى چوڭقۇرلاپ بارىدۇ. تۇرمۇش دىگەندە ئادەم تەشەببۇسكار بولۇش كېرەك. ئۆز خاتالىقىنى تۈنۈيدىغان روھ بولۇشى كېرەك. بەختلىك تۇرمۇشنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. بەلكىم ۋارس نەچچە ئېغىز ھاقارەتلىك تىل ئاڭلاپ ، بىر قانچە قاتتىق تەستەك يەپ ، ئۇلاردىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپ ، شۇ بۇرۇنقى گۈزەل كۈنلىرىنى قايتۇرۇپ كىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئەر-ئايال بىر ياستۇققا باش قويۇپ تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلىۋالسىلا ھەممە كۆڭۈلسىزلىك ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ كىتىشى مۇمكىن...مۇرادىل خىياللار

ئىچىدە بۆگۈنىنى قولدىن بەرمەسلىكنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ھەقىقى ھىس قىلىشقا باشلىدى...

ۋارىس ئامالسىز مۇرادىلغا ئەگىشىپ گۈل دۇكىنىدىن بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈل سېتىۋالدى. ئەتىرگۈلنى ھەر قېتىملىق دىلنازنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە سوۋغا قىلغان گۈلگە ئوخشاشلا چىرايلىق ئوراتقۇزدى. ئەتىرگۈلنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ شۇ گۈزەل مىنۇتلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆلگۈردى. تاتلىق ئەسلىمىلەر ئىچىدە كۆزلەر ئاچچىق يىغىغا تولدى. ئەسلىمە ئىچىدىكى دىلنازنىڭ ئەتىرگۈللەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىكى تاتلىق تەبەسسۇمى، قېنىپ ھىدلىشى، ئارقىدىن ۋارىسنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇشى...ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرىۋەتتى. تووا، مىنىڭمۇ شۇنداق گۈزەل كۈنلىرىم بولغان ئىدى ھە، پەرىدەك گۈزەل ئايالىم بىلەن قولتۇقلىشىپ مېڭىپ ، ھەۋەس بىلەن قارىغان ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن ئىدىم. ئائىلىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز شوخ كۈلكىلەر، مېھرىلىك بېقىششلار، كۆڭۈللۈك مىنۇتلار...ھەي...ۋارىس ئەمدى ئۇ كۈنلەرنىڭ قايتىپ كىلىشىگە ئىشەنمىگەندەك بېشىنى ئاستا چايقاپ قويۇپ ، ئەتىرگۈلنى خۇددى دىلنازنى باغرىغا باسقاندەك ئاۋايلاپ باغرىغا باستى.

لىفت ئىچىدىن چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا چىققان ۋارىس دىلناز ياتقان ياتاقنىڭ ئالدىغا كىلىشكە جۈرئەت قىلالماي يەنىلا توختاپ قالدى. مۇرادىلنىڭ ھەر ۋاقىت مەدەت بېرىپ تۈرتىشى بىلەن خېلىلا جان كىرگەندەك قىلسىمۇ ، يەنىلا تىترەپ تۇرغان قوللار، ئەتراپقا ئەندىشە ئىچىدە تىكىلگەن كۆزلەر ئۇنىڭدىكى ئاجىزلىقنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. مۇرادىل ۋارىستىن ياتاقنى سورىغاندىن كىيىن، ئىشىك ئەيىنىكىدىن ياتاققا قاراپ تۇيۇقسىزلا چىرايىغا باشقىچە كۈلكە يۈگۈرتۈپ ۋارىسنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

-ھەي ئاداش، دىلناز ياتاقتا يالغۇزكەن. كىتاپ كۆرىۋاتقاندەك قىلىدۇ...-مۇرادىل يەنىلا بۇرۇنقى شوخلۇقى بىلەن ۋارىسقا كۆز قىسىپ قويدى. - تېز بول...

-نېمە؟ يالغۇزكەن...-ۋارىس ئىشەنمىگەندەك قولاشمايۋاتقان قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى، ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالايلا دەپ قالغان يۈرىكىنى بىر قولى بىلەن سىپاپ تۇرۇپ، ياتاق ئىچىگە بۇيۇنداق قارىدى.

ئاھ مۇھەببەت. ئىنسانغا ئەڭ بۈيۈك دەقىقىلەرنى ئاتا قىلغان، بىر ئۆمۈر بەختكە مۇيەسسەر قىلغان ئۇلۇغ مۇھەببەت. بۇ دۇنيادا كىم سەنسىز ياشىغان؟ كىم سەنسىز بەختنى تاپقان؟ سەن بولغاچقا ئالەم گۈزەل، سەن بولغاچقا تۇرمۇش گۈزەل. سەن قاغجىرىغان ئېتىزغا سۇ قۇيغاندەك، دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئادەملەرگە ھاياتلىق بېرىسەن. سولغان گۈللەرنى ياشارتىسەن. ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە تېڭىرقىغانلارغا ئىشەنچ ئاتا قىلىپ ئۇلارغا قۇياشتەك ھارارەت بېرىسەن. سېنىڭ ۋەسلىڭگە يېتىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەم كۈرەش ئىچىدە ياشايدۇ، غەلبە ئىچىدە ياشايدۇ. جەننەت كۆلكىسى ئىچىدە ياشايدۇ.

ۋارىسنىڭ يۈرىكى دىلنازنى كۆرۈش بىلەن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. خۇددى ئۇنى نەچچە ئەسىر كۆرمىگەندەك ئۇنىڭ خاپىلىق يېغىپ تۇرغان چىرايىغا، تولۇلگەن چىرايلىق قۇشۇملىرىغا ئوغۇرلۇقچە تويماي قارىدى. دىلناز شۇ تاپ كارۋاتقا تىكلەنگەن ياستۇققا يېرىم يۆلىنىپ ، قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، بىرىلىپ كىتاپ كۆرۈۋاتاتتى. بۇلاقتەك قاپقارا كۆزلىرىدىن يەنىلا شۇ قەدەر مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. كىتاپتىكى قۇرلارغا قاراپ مىدىرلىۋاتقان غۇنچىدەك لەۋلىرى يەنىلا شۇنچىلىك تاتىراڭغۇ ئىدى. ئۇ گەرچە بەك ياداڭغۇ، ئاجىزدەك قىلسىمۇ، ئاپئاق كىرلىك ۋە ئىچ كىيىم بىلەن يەنىلا بولۇت ئۈستىدىكى پەرىزاتتەك جەلپكار كۆرۈنەتتى . شۇ مىسكىنلىك ئىچىدە يەنىلا تەبىئى گۈزەللىكىنى ئەسلا يوقاتمىغان ئىدى.

دىلناز كىتاپ كۆرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز قورسىقىنى مۇجۇقلاپ كەتتى. كىتاپنى بىر يانغا تاشلاپ ئالدىراپ كارۋات ئۈستىدىكى كۇنۇپكىنى بېسىشقا ئۇرۇندى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ۋارىسنىڭ بايىقى جىددىيلىكلىرى نەلەرگىدۇ يوقاپ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ياتاق ئىچىگە كىرىپ قالدى. قولىدىكى بىر دەستە ئەتىرگۈلنى كۆتىرگىنىچە دىلنازنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

ـ مىدىرلىماڭ دىلناز. مىدىرلىماڭ. دوختۇرنى مەن چاقىرىپ كىرەي...

دىلنازنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىچىدە ۋارىسقا تىكىلدى. نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىر ئۈچقۇن كۆزىدىن چاقناپ ئۆتتى. دىمىقىغا ئۇرۇلىۋاتقان ئەتىرگۈلنىڭ خۇشبۇي ھىدىدىن زوقلىنىپ ، قانداقتۇر بىر نەرسىگە زارىققان ئادەمدەك چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتتىيۇ يەنە نىمىشقىدۇر ياستۇققا يۆلىنىپ

كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

ـ قانداق دىلناز؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ ـ دىلنازنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ۋارىس نىمە قىلىشنى بىلەلمەي دىلنازدىن ئەنسىزلىك ئىچىدە سورىدى.

دىلناز كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۈن ـ تىنسىزلا ياتتى. ئالدىنقى قېتىمقىدەك ۋارقىراپ ـ جاقىراپمۇ كەتمىدى، دوختۇرخانىنى بېشىغىمۇ كەيمىدى. ئۇنى "ۋاپاسىز، بۇزۇق، ئىپلاس..." دەپمۇ تىللىمىدى. ۋارىسنىڭ سوئاللىنى ئاڭلىمىغاندەك ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي جاۋاپسىز قالدۇردى. ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغانچە ئۇھسىنىپ يېتىۋەردى. لېكىن كۆز جىيەكلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئاستا سىرغىپ مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. دىمەك. ئۇ يۈرىكىدە پىچىرلىۋاتاتتى. دۇنيانىڭ رەزىللىكىدىن ، ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئاغرىنىۋاتاتتى. ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن ئادىمىنىڭ ئىشەنچىسىز چىقىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنىۋاتاتتى. بىرلا ۋاقىتتا بىر تالاي كۆڭۈلسىزلىك ئازابىغا قوشۇپ تاتلىق بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىغا ئىچىنىۋاتاتتى. شۇنچىلىك ئىچىنىش ، نەپرەت ئىچىدە تۇرۇۋېمۇ يەنە كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى ئالدىدىكى قەلبىگە تۇنجى مۇھەببەت ئۇرۇقىنى سالغان ۋاپاسىزنى سېغىناتتى. ئۇنىڭ مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭغا يەنىلا سەۋدايىلەرچە ھىسداشلىق قىلىشقا تىرىشاتتى...

ئىشىكتىن دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش قەغىزىنى كۆتىرىپ كىرىپ كەلگەن پەرىدە خانىم ۋارىسنى "كىمدۇ؟" دىگەندەك ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، تۇيۇقسىز قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقنى كۆرگەندەك ۋاقىراپ تاشلىدى:

ـ ۋاي خۇدا...توۋا ، توۋا...يەنە نىمە دەپ كەلدىڭ سەن ؟ قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ؟ قانداق يۈزى قېلىن سەھرالىق سەن ھە؟ ماڭ، ماڭ...يۇقال. كۆزۈمدىن يۇقال. بىچارە قىزىمنى ئەمدى ئارامىدا قوي...

ۋارىسنى بىردەم پاراڭلىشۋالسۇن دەپ ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان مۇرادىل پەرىدە خانىمنىڭ ئەسەبىيلەرچە توۋلىشىدىن ئالدىراش ياتاققا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ـ ھەدە، بولدى چىچىلمىسىلا ، ھەر قانداق ئىش بولسا چىرايلىق

سۆزلىشەيلى. ۋارسقىمۇ بىر پۇرسەت بەرسىلە...- مۇرادىل ئۆزىنى قانچە تەمكىن تۇتتۇشقا تىرىشسىمۇ ، سۇرلۇك خانىمنىڭ ئالدىدا يەنە ئۆپكىدەك قىزىرىپ جىددىيلىشىپ كەتتى.

- نىمە؟ سىز نەدىن كەلدىڭىز ئەمدى؟ ماڭا نەسىھەت قىلماي نېرى تۇرىڭە. پۇرسەت بىرەممىشمەن. بىلىپ قويۇڭ، مەن بۇ ۋاپاسىز كىيوغلۇمغا كۆپ پۇرسەتلەرنى بەرگەن. ئاشۇ يىراق سەھرادىن ئەكىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان، گۆلدەك قىزىمنى چەتئەلدە ئوقۇغان نى-نى داڭلىق ئاسپىرانت يىگىتلەرگە بەرمەي مۇشۇ تۇزكورغا بەرگەن. نۇرغۇن ھۇقۇقدار، باي قۇدىلارغا بەرمەي سەھراغا كىلىن قىلغان ...ئەمدى يەنە نىمە پۇرسەتكەن ئۇ. ئەمدى پۇرسەت بەرسەم ماۋۇ بىچارە قىزىمنىڭ ئۇلۇكىنىمۇ ئالدىمغا تاشلاپ بىرىدۇ بۇ قاتىل...- پەرىدە خانىم مۇرادىلنىڭ ئالدىدا ئالتۇن ئۈزۈكلەر پاتماق قالغان بوغماق ئالقانلىرىنى ھەريان پۇلاڭلىتىپ قايناپلا كەتتى. قېنىق گىرىم سۇرتۇلگەن يۈزلىرى تاتىرىپ ، چىرايلىق كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كىتەيلا دەپ قالدى.

ۋارس پەرىدە خانىمغا ھېچقانداق جاۋاپ قايتۇرالمىدى. ئۇنىڭ "سەھرالىق، تۇزكور، قاتىل..." دىگەندەك ھاقارەتلىرىنى ئۆزىگە ھەقلىقتەك بويىنىنى ئىگىپلا تۇردى. ئۇ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالدىن بىلگەچكىمۇ يەنىلا ئۆز-ئۆزىگە مەدەت بىرىشكە مەجبۇر بولدى. خۇدادىن ئۆزىگە كۈچ قۇۋەت تىلىدى.

-توغرا ھەدە، نازىر ئاكام ھەم ئۆزلىرى ۋارسقا كۆپ پۇرسەت بەرگەن. بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز. لىكىن بۇ دۇنيادا ئازمايدىغان ئادەم يوق. ئۇمۇ ھازىر قاتتىق ئازاپ ئىچىدە قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىمۇ بىلىدىلا ، ۋارس ئەزەلدىن ئەخلاقلىق، بىلىملىك، تىرىشچان، ۋاپادار يىگىت ئىدى. دىلناز بىلەن ياخشى ئەر-خوتۇن بولۇپ نۇرغۇن يىل بەختىلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئوغلىدەكلا بولۇپ قالغان. لىكىن كىم بىلسۇن بۇ قېتىم ئۇنى بىر جىن ئازدۇرۇپ كىتىپتۇ. ئۇنىڭ ساددا قەلبىدىن پايدىلىنىپتۇ. ۋارسنى مەن چۈشىنىمەن، ئۇمۇ دىلنازغا، ئۆزلىرىگە مەڭگۈ يۈز كىلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. پەقەت سىلەردىن مۇشۇ بىر قېتىم كەچۈرۈۋېتىشىڭلارنى سورايدىكەن. شۇڭا مەن يەنە دەيمەن، ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر پۇرسەت بەرگەن بولسىلا. - مۇرادىل پەرىدە خانىمغا

يىلنىغاچ ۋارسىنىڭ پىشىدىن بوشقىنا تارتىپ قويدى.

ـ مە..مە...مەن....مـى..مىنـى كەچۈرسـىلە ئاپـا، مەن ھەقـقەتەن ئۆزلىرىگە ، دىلنازغا يۈز كېلەلمەيمەن. مەن قاتتىق پۇشايمان قىلـدىم. راسـلا بەك پۇشايمەن قىلدىم...ـۋارس پەرىدە خانىمنىڭ كۆزىگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي شۇ گەپنى ئاران تەستە دۇدۇقلاپ دېيەلىدى.

كـۆزلىرىنى يۇمۇۋالغـان بولسـىمۇ، ھەمـمە گەپلەرنـى ئىنـىق ئاڭلاپ ياتقان بىچارە دىلناز ئازاپتىن تولغۇنۇپ كەتتى. يا ئاپىسىغا ، يا مۇردىلىغا، يـا ۋارسـقا گەپ قىلىشـنى بىلەلـمەي تىگىرقـاپ ، چىڭقىلىـپ ئاغرىـپ كەتـكەن بېشىنى ياستۇققا چۆمكىدى...

ـ كەچۈرسـىلە؟...ـ پەرىــدە خـانىم مەسـخىرە قىلغانـدەك ۋارسـقا شۇنچىلىك سەت ئالايدىكى كۆزىدىلا يەۋەتكىلى تاس قالدى. ـ ئىنىق بىلىـپ قال ۋارس. مەن ئەمدى سىنى كەچۈرەلمەيمەن، سىنى كەچۈرگىدەك ئورۇنمـۇ قالمىدى. سەن بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ پۈتكۈل خوشاللىقىنى بـۇزدۇڭ . مەھـرۇم قىلدىڭ. قىزىمنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلدىڭ. نەۋرىمىزدىن ئايرىـدىڭ...قىنـى دېگىنە، ئۆزەڭدىن بىر سوراپ باقاي. سـىنى كەچـۈرگىلى بولامـدىكەن. ساڭا يەنە يول قويغىلى بولامدىكەن؟ ياق، ياق...ئەمدى ئورنىغا كەلمەيـدۇ. مەڭگـۈ ئورنىغا كەلمەيدۇ.ـ ئـاچچىقتىن يېرىلىـپ كـېتەي دەپ قالغـان پەرىـدە خـانىم ھاسىراپ كەتتى. ئالدىدىكى ئورۇندۇقنى ناھـايىتى سـەت تارتىـپ ئولتـۇرۇپ ، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن دىلنازنى ئىشارە قىلىپ قايتىـدىن ۋاقىرىـدى .ـ قارىغىنـا قىزىمنىـڭ ھالىغا؟ ھەممىنـى قىلغـان سـەن . ھەممىنـى قىلغـان سەن...

ۋارس نىمە دېيىشنى بىلمەيلا قالدى. پانالىق تىلەپ بىـردەم چىـپ- چىپ تەرلەپ كەتكەن مۇرادىلىغا، بىـردەم بېشىـنى ياسـتۇققا چۆمكەپ ھەمـمە ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشۋاتقان دىلنازغا بىچارىلەرچە تەلمـۈردى. ۋارسـقا ناھايىتى زور غەيرەت ، مەدەت بېرىپ كەلگەن مۇرادىلىمـۇ شـۇ تـاپ خانىمنىـڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك ئويلۇنۇش ئىچىدە قالغان ئىدى.

پەرىدە خـانىم بىـر ھـازا ۋارقىـراپ ھارغانـدىن كـېيىن، بىـر مـۇنچە سوۋغا سالاملارنى كۆتىرىپ تۇرغان مۇرادىلىغا قاراپ زەردە قىلىشقا باشلىدى:

ـ "قازاننىڭ قېشىغا بارساڭ قارىسـى يۇقـار، يامانـنىڭ قېشـىغا بارسـاڭ يارىسـى" دەپ ، كـىم بىلـدۇ ۋارسـنى مۇشـۇ يولغـا سـىز

باشــــلىدىڭىزمۇ تېخــــى؟ "مانتـــا كـــۆرمىگەن ھابــــدال قاســـقانغا دۇم چۈشۈپتۇ" دەپ سەھرالىق دىگەن چوڭ شەھەرگە كىلىپۈپلىپلا، ئۇبـدان تۇرمۇشقا ئىرىشۋېلىپلا ئەسلى ـ ۋەسلىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن...

ـ ئۇنداق ئادەمنى قارىسىغا ئەيىپلەپ كەمستىمىسىلە ھەدە. بىزنىڭمۇ ئۈزىمىزگە چۈشلۇق غۇرۇرىمىز بار. سەھرالىق بولغان بىلەن خىلى ئىمان ـ ئىنساۋىمىز بىلەن ياشايمىز بىز... ـ پەرىدە خانىمنىڭ زەھەردەك ئاچچىق گېپىدىن يۈرىكى تىلىنغان مۇرادىل غەزەپلەنگەندەك تىترەپ كەتتى.

ـ بولدى، بولدى. ھەر ئىككىڭ چىقىشە ياتاقتىن.ـ جىلە بولۇپ ئولتۇرالماي قالغان پەرىدە خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، دەقىقە نىمە قىلىشنى بىلەلمەي ۋارسىنىڭ قولىدىكى ئەتىرگۈلنى يۇلۇپلا ئېلىپ، بار كۈچى بىلەن ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى.ـ ئاپىرە بۇ سېسىق گۈلۈڭنى. بۇ بىر نىمەڭ بىلەن كىمنى ئالدىماقچىدىڭ سەن. بۇ گۈلۈڭنى قىزىم ھاملدار بولۇپ يۈلۈڭغا تەلمۈرگەن ۋاقىتتا ئەكەلسەڭ بولماتتى؟ دوختۇرخانىدا ئىڭراپ ئازاپلىنىپ ياتقان ۋاقىتتا ئەكەلسەڭ بولماتتى؟ ئەمدى ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىپ بولۇپ، دەرت ـ ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلىپ بولۇپ تاماشا كۆرگىلى ئەكەلدىڭما بۇ بىر نىمەڭنى؟ بۇنداق بىر نىمەڭدە كوچىدىكى بۇزۇقلارنى ئالدىيالىغىنىڭ بىلەن مىنىڭ قىزىمنى ئالدىيالمايسەن. ئەمدى ئۇنىڭ سەندەك تۇزكورنى كۆرىدىغانغا كۆزى يوق...ماڭ ماڭ ماڭ...كۆزۈمدىن يوقۇلۇش...

پەرىدە خانىم يەردە چېچىلىپ ياتقان گۈللەرگە قاراپ ئېغىر ئۇھسىنىپ تۇرغان ۋارىسنى ئىتتىرگىنىچە ئىشىك تەرەپكە ھەيدىدى. قۇدرىتى يەتسە ئۇنىڭ شۇ ئەلپازىدا ۋارسىنى نەچچىنى سىلىۋەتكىسى، بۇغۇۋپلا ئۆلتۈرىۋەتكۈسى باردەك قىلاتتى. دىمىسىمۇ ئۇ بەربىر ئانىدە. قايسى بىر ئانا قىزىنىڭ بۇنداق ئازابىغا بەرداشلىق بىرەلەيدۇ؟ كىيوغلىنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى قۇبۇل قىلالايدۇ؟ ھەممە جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن گۈلدەك قىزىغا خائىنلىق قىلغان ، ئۇنىڭ قەدرىنى قىلمىغان يىگىتنى كەچۈرەلەيدۇ؟...توغرا، ئۇ قىزىنىڭ بەختىسىز بۇلۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ، ياخشى كۆرگەن ئادىمىدىن ئايرىۋېتىشىنى خالىمايدۇ، تۇل دىگەن ئاتاقنى ئېلىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ...لېكىن يەنىلا بۇنداق روھى بېسىمنى كۆتىرەلمەيدۇ. ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرغان ئادەمنى قايتا قۇبۇل قىلالمايدۇ...

ـ توختاڭ ئاپا....

تۈيۈقسىز ئاڭلانغان دىلنازنىڭ يىغلاڭغۇ لىكىن زىل ئاۋازى ئىشىك تەرەپكە سەنتۈرۈلۈپ كەلگەن ھەممەيلەننى جىممىدە توختۇتۇپ قويدى. ۋارسىمۇ ، مۇرادىلمۇ، غەزەپتىن قارىداپ كەتكەن پەرىدە خانىمۇ تەڭلا دىلنازغا قارىدى. ئەتىدىن بىرى بارچە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۈستىگە ئازاپ چىكىپ ياتقان بىچارە قىز كۆزىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇ شۇ تاپ شۇنچىلىك پەرىشان ھالدا قورسىقىنى چىڭ تۇتقىنىچە ياتاق ئىچىدە چىچىلىپ ياتقان گۈل بەرگىلىرىگە قاراپ ئۇھسىنىپ ئولتۇراتتى. قارىماققا ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسىلەرنىڭ يەردە چەيلىنىپ ياتقانلىقىغا ئىچىنغانىدەكمۇ قىلاتتى.

- سالامەت تۇرۇپسىز مۇرادىل، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتۇق.- دىلناز مۇرادىلدىن تىنىچلىق سورىۋەتكەندىن كىيىن ئاپىسىغا قارىدى.-ئاپا ، مەن ۋارس بىلەن ئايرىم بىر سۆزلىشۋالسام ، ئۇنىڭغا دەيدىغان ئازراق گىپىم بار ئىدى...

- ۋاي قىزىم، ئەمدى بۇنىڭغا دەيدىغان يەنە نىمە گەپ بار؟ گەپ قىلىشىڭغىمۇ ئەرزىمەيدۇ بۇ ئادەم ...-پەرىدە خانىم ۋارسنىڭ دىلناز قېشىغا بېرىشىنى خالىمىغاندەك ئۇنى يەنە سىرتقا ئىتتىردى.

- سەندىن خوش بوپ قالاي ئاپا، پەقەت بىر نەچچە مىنۇتلۇقلا گىپىم بار.

- ياق، ياق...بولمايدۇ. ئۇنىڭ قېشىڭغا بېرىشىدىن ئەنسىرەيمەن قىزىم . كىم بىلىدۇ؟ ئۇ يەنە نىمە شۇملۇقلارنى پۈكۈپ كەلدى قېشىڭغا؟...

- خاتىرجەم بول ئاپا، خاتىرجەم بول. بۇ مىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پىكىرلىشىشىم بولۇپ قالىدۇ...- دىلناز مىيىغىدا كۈلۈشكە ھەر قانچە تىرىشسىمۇ ، شۇ سۆز ئېغىزىدىن چىقىشى بىلەنلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.تىترەڭگۈ زىل ئاۋازى ياتاقتىكى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئەزدى...

پەرىدە خانىم قىزىنىڭ ئىرىپ كىتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك بىر پەس

تىگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ۋارسقا ناھايىتى سەت ئالىيىپ قويۇپ، يەرگە چېچىلىپ ياتقان ئەتىرگۇلدىن بىرنى زەربە بىلەن دەسسىگەندىن كېيىن ياتاقتىن ناھايىتى تەستە ئايرىلدى. مۇرادىلمۇ ۋارسنىڭ كۆزلىرىگە "غەيرەتلىك بول" دىگەندەك ئىشارە قىلغاندىن كېيىن پەردە خانىمنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

مانا ، ياتاقتا پەقەت دىلناز بىلەن ۋارسلا قالدى. بىرسى كارۋاتتا ياستۇقنى قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ كۆز يېشى قىلسا، بىرسى جىنايەتچىدەك بوينىنى ئىگىپ ئۆرىلا تۇردى. ئەگەر بۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇشۇنداق بىر كۆڭۈلسىزلىك بولمىغان بولسا، بۇنداق پىنھان جىمجىتلىق ئىچىدە ئالىلبۇرۇن بىرسى-بىرسىگە مۇھەببەتلىك بېقىشىپ، قەلبى سىرلىرىنى تۆكۈشۈپ، ئەڭ تاتلىق ھىسلارغا چۈمۈلۈپ بولغان بولاتتى. بىرسى-بىرسىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، ھىدلىرىنى ھىدلاپ، تەندىن-تەنگە ئۆرۈلگەن ئوتلۇق ھارارەتلەردە بەختىنى تاپقان بولاتتى. لېكىن ئەمدى ئۇنداق بولماي قالدى. ئارىغا بىر چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بولدى. ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ زۆرۈر بولغان ئىشەنچ يوقالدى. يۈرەككە ئۆچمەس قاپقارا بىر چېكىت ئۆرۈلدى ...ۋارس دىلنازنى نىمە دەپ ئېغىز ئاچىدىكىن دەپ ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا نەچچە رەت قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەسەبىلەرچە تىللاپ كىتىشكە تەييارلىق قىلىپمۇ ئۈلگۈردى . لېكىن دىلناز پۈتۈن دەرتلىرىنى يېشى ئارقىلىق يۇيىۋەتمەكچى بولغاندەك ياستۇقنى قۇچاقلاپ يەنىلا ئۈنسىز كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى.

دىلناز خېلى ئۇزاق ئىسەدىگەندىن كېيىن، بىردىنلا ناھايىتى قەيسەرلىك بىلەن بېشىنى كۆتىرىپ كۆز ياشلىرىنى نازۇك ئالقانلىرى بىلەن سۈرتىۋەتتى. قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرىنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن تۈگۈۋېلىپ، ۋارسقىمۇ قارىماستىن ئارىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

- ۋارس، بولدى ئۆرە تۇرىۋەرمەي ئۇرۇندۇققا كىلىپ ئولتۇرۇڭ.

ۋارقىراپ -جاقىراشنىڭ ئورنىغا ناھايىتى سىلىق ئاۋازنى ئاڭلىغان ۋارس قۇلۇقىغا ئىشەنمىگەندەك دىلنازغا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىدىيۇ، يەنىلا تۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىمىدى. ئۆرە تۇرۇپ گۇناھنى يۈيماقچى بولغاندەك ، دىلنازنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقا لايىق ئەمەستەك چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن يۈزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن قايتا-قايتا سۈرتۈپ جىمجىتلا تۇردى.

ـ بوپتۇ ، ئۆلتۈرۈشنى خالىمىسىڭىز ئۇرە تۇرسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.ـ دىلناز دەرىزە تەرەپكە قاراپ گىرىمسىز لەۋلىرىنى بوشقىنا چىشلىدى.

ـ مە...مە...مەن يەنىلا ئۆرە تۇرىۋېرەي دىلناز. ئۆزەممۇ مۇشۇنداق تۇرۇشقا ھەقلىق.ـ ۋارىس ئايالىغا ئەمەس باشقا بىر چوڭ ئەمەلدارغا گەپ قىلىۋاتقاندەك دۇدۇقلاپ كەتتى.ـ سىز...سىز...سىزلا كەچۈرسىڭىز مەن ئالدىڭىزدا مەڭگۇ مۇشۇنداق تۇرۇشقا رازى...

دەرىزە تەرەپكە قاراپ ئۆلتۈرغان دىلناز ۋارىسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىمۇ سەزمەستىن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ سالدى . نەپرەت ۋە مۇھەببەت گىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلەر بىر-بىرىگە مىختەك تىكىلدى. ھەر ئىككى كۆز بۇ خىل قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ياق كۆز ئەمەس يۈرەك بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇنچە كۆپ كۆڭۈلسىزلىكنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ھۇشسىز 4 سائەت ئوپېراتسىيەدە ياتقان، 9 ئاي قوساق كۆتىرىپ ئەتىۋارلىق بالىسىدىن ھىجران ئىچىدە ئايرىلغان، پاك ھىسسىيات ۋە ئىشەنچىسىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قالغان، ۋارىستىن ئۆلگۈدەك نەپرەتلەنگەن يۈرەك شۇ تىكىلىش ئىچىدە دەقىقە ئېرىگەندەك بولدى. ۋارىسنىڭ ھەپتە ئىچىدىلا ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىگە، ياداڭغۇ چىرايىغا، پۈتۈن جىسمىدىن غېرىپلىق، مىسكىنلىق چىقىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ ئىچى قاتتىق سىرىلدى. ـ تىۋۋا، نىمانچىۋالا مىسكىن ، چۈشكۈن كۆزلەر ھە...ـ دىلناز ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى.ـ كۆڭۈل خۇشى قىلىپ قېنىـ قېنىغا پاتماي يۈرگەن ئادەملەرنىڭمۇ بىچارە بولىدىغان كۈنلىرى، ئۆزىنى تۈزىمەيدىغان، چۈشكۈنلىشىدىغان، ئۈمۈتسىزلىنىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدىكەن ھە...دىلناز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ھىسسى تۇيغۇلىرى ئىچىدە قىينىلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى-دە، دەرھال كۆزىنى ۋارىستىن قاچۇردى. ناھايىتى تىزلا تەمكىن بولۇشقا، ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا، ۋارىسنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋاسىز مۇئامىلىدە بولۇشقا تىرىشتى.

ـ بەك ئەپسۇس، ئەمدى مىنىڭ ئالدىمدا ئەمەس، ئاشۇ لالە رەيھانىڭىز ئالدىدا مەڭگۇ مۇشۇنداق تۇرۇڭ.ـ دىلناز ۋارىس بىلەن بۇرۇنقى ئىشلارنى تەگەشنى، ئۇنىڭ بىلەن جىدەللىشىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىمۇ ، بىردەم تەنە قىلغاندىن كىيىن مەقسەتنى ئىنىقلا دەۋەتتى.ـ ۋارىس، ئەمدى ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ پەقەت ئورنى قالمىدى. شۇڭا سىزگە پەقەت بىرلا گەپنى دىمەكچى مەن. بىز ئاجرىشىپ كىتەيلى.

ۋارىس دىلنازنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. قاپقارا قارا كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭقۇيۇپ، لەۋلەر ئۈنسىز تىترىدى. ئۇ ھەيرانلىق، تەئەججۇپ ئىچىدە قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئۆزىنى ناھايىتى مەغرۇر تۇتۇپ ئولتۇرغان دىلنازغا "لاپ" قىلىپ قاراپ سالدى.ئۇ تەييارلىق بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرىدىغان دىلنازنىڭ كىسىپلا "ئاجرىشىش" توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بەرگەن ئايالىنىڭ شۇنچە كەسكىن قارار چىقىرىۋەتكەنلىكىگە تۇلىمۇ ئەپسۇسلاندى.

- نىمە؟ نىمە داۋاتىسىز دىلناز؟- خېلىدىن بىرى ئۈنسىز باش ئىگىپ تۇرغان ۋارىس تۇيۇقسىز كارۋات بېشىغا كىلىپ زوكزۇيۇپلا ئولتۇردى، دىلنازنىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان مىسكىن كۆزلىرىگە بىچارىلەرچە تەلمۈردى. - مىنى پەقەت كەچۈرۋەتەلمەمسىز؟

-ياق، كەچۈرەلمەيمەن. سىزچە كەچۈرۈم قىلىشىم كېرەكما؟- دىلناز تىترەپ ئولتۇرغان ۋارىسقا قارىمايلا جاۋاپ بەردى.

- ماڭا بىر قېتىم پۇرسەت بىرىڭ دىلناز، پەقەت بىر قېتىم....- ۋارىس كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ بىچارىلەرچە يىلىندى.- مەن ھاياتىمدا بۇنداق چوڭ خاتالىقنى سادىر قىلىپ باقمىغان ھەم بۇنداق پۇشايمانمۇ قىلىپ باقمىغان. مەن سىزگە يۈز كىلەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن. سىزنىڭ ئەقىدىلىرىڭىزگە، ماڭا بولغان چىن ھىسياتىڭىزغا راستىنلا يۈز كىلەلمەيمەن. مەن ئازدىم، سىزنى ئالدىدىم، ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى خارلىدىم. لېكىن سىزسىز مىنىڭ كۈنۈم كۈن ئەمەس دىلناز ، كۈن ئەمەس...شۇڭا مىنى يەنىلا سىز قۇتۇلدۇرۇۋالمىسىڭىز بولمايدۇ...-ۋارىس ناھايىتى غەيرەتتە دىلنازنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى تۇتۇشقا قولىنى ئۇزاتتىيۇ، دىلنازنىڭ تۇيۇقسىزلا يانغا سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇشىدىن توختاپلا قالدى.

- نېرى ئاپىرىڭ قولىڭىزنى، ئەمدى ئاشۇ ناپاك قولىڭىزدا مىنىمۇ بۇلغاي دەمسىز، بىلىپ قويۇڭ، ئەمدى قولۇمنى تۇتۇش سىزگە ئىككىنچى نىسىپ بولمايدۇ...

- بولدى دىلناز ،بولدى. مىنى ئەمدى بۇنداق قىيناۋەرمەڭ. خۇدا ھەققى ماڭا ئىشىنىڭ. مەن بۇندىن كىيىن ئادەم بولىمەن. قىلغانلىرىمغا تۇۋبە قىلىمەن. مەڭگۈ سىزگە سادىق بولۇپ ئۆتىمەن. راس، خۇدا ھەققى...-

قوللىرى ھاۋادا لەيلەپ قالغان ۋارىس دىلنازنى ئۆزىدىن مەڭگۈلۈك يىراقلاپ كەتكەندەك ھۇدۇقۇپ كەتتى.

ـ نىمە؟ ماڭا ئىشىنىڭ؟...ـ دىلناز ۋارىسنىڭ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغاندەك مىيىغىدا كۈلدى.ـ ...توغرا، بۇرۇن مەن سىزگە شۇنچىلىك ئىشەنگەن، پاك كۆڭلۈمنى بەرگەن، بارلىقىمنى تەقدىم قىلغان، سىز بىلەن توي قىلىپ بىر ياستۇققا باش قويغان. ھەتتا ھامىلدار بولۇپ يېتىۋاتقان مەزگىلدە سىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ تۇرۇپمۇ سىزگە ئىشەنگەن. بەزىدە ئۆزەمنىڭ گۇمانخورلىقىغا نەپرەت ئوقۇغان. لېكىن كىم بىلسۇن، گۈلدەك باھارنىڭ كەينىدە زىمىستان قىشمۇ ، تاتلىق كۈلكىلەرنىڭ ئىچىدە ئاچچىق يىغىلارمۇ باركەن ئەمەسمۇ؟ تاغدەك ئىشەنگەن ئادەملەرمۇ مىنى ئالدايدىكەن ئەمەسمۇ؟ مىنىڭ ساددىلىقىمدىن، ئاقكۆڭۈللۈكۈمدىن پايدىلىنىدىكەن ئەمەسمۇ؟...ـ دىلنازنىڭ كۆلۈمسىرىشى تىز ـ تىز سۆزلىشىگە ئەگىشىپ بىلىپ ـ بىلمەي ئىسەدەشكە ئۆتتى.

ۋارىس ئەمدى نىمە دىيىشنى بىلەلمەي قالدى. گەپ قىلىش ئۈچۈن ئېغىزىنى نەچچە رەت ئۆمەللەتتىيۇ يەنە توختاپ قالدى.

ـ بولدى ۋارىس. ماڭا ئەمدى ۋەدە بەرمەڭ. سىز ماڭا توي كىچىسى مانا مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ نۇرغۇن قەسەملەرنى بەرگەن ئىدىڭىز. مەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ، مىنى مەڭگۈ بەختلىك قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان ئىدىڭىز. بىلەمسىز. مەن شۇ ۋاقىتتا قانچىلىك خوشال بولغان، ئۆزەمنى قانچىلىك بەختلىك ھىس قىلغان ھە ؟ لېكىن سىز ئۇ قەسەملىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز. بىردەملىك كۆڭۈل خوشىڭىزنى دەپ ئۇلۇغ خۇداغا خائىنلىق قىلدىڭىز. ماڭا خائىنلىق قىلدىڭىز. مىنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچەمگە، سۆيگۈمگە خائىنلىق قىلدىڭىز. ـ دىلناز ئەپسۇسلۇق ئىچىدە بېشىنى چايقاپ، نەچچە رەت ئېغىر خۇرسىنىپ كەتتى...

ـ لېي ...لې ...لېكىن دىلناز. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن. مەن سىزدىن ھەرگىز ئايرىلالمايمەن. سىزدىن ئاجرىشالمايمەن. ـ كارۋات بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ۋارىس تۇيۇقسىزلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.ـ ماڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پۇرسەت بىرىڭ دىلناز. سىزدىن ئۇدۇنيا ـ بۇ دۇنيا خوش بوپ كىتەي. سىز بۇنداق چىڭ تۇرىۋالسىڭىز ئاتا ـ ئانىڭىز ماڭا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كىتىدۇ.مىنى

مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ...

- كۆزنىڭىزنى يۇغان ئېچىڭ ۋارس، بۇ دېگەن دوختۇرخانا، كارۋاتتا يېتىۋاتقىنى دىلناز. مېنى رەنجىتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. ئۇ مېنىڭ ئايالىم. ئۇنىڭغا بولغان ھىسسىياتىڭىزنى ماڭا چاپلىماڭ . سىز مېنىڭ دىلىمنى ئاللىبۇرۇن ئىزىۋەتتىڭىز. مەن قوساق كۆتىرىپ مېدىرلىماي ياتقان مەزگىللەردە مېنى ئۇنتۇدىڭىز. ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭۈل خوشى ئۈچۈنلا ئالدىراش بولدىڭىز. مېنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىمنى ، سىزگە تەلمۈرگەن ئۈتلۈق نەپەسلىرىمنى كۆرمەسكە ، بىلمەسكە سالدىڭىز. " خىزمىتىم ئالدىراش، مەكتەپنىڭ ئىشى ئالدىراش..." دەپ مېنى ئالداپ كەلدىڭىز. مېنى ئۈنچىۋالا دۆت كۆرۈپ كەتمەڭ ۋارس، دۆت كۆرۈپ كەتمەڭ. مەن سىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىلغان، نازۇك تۈيغۇلىرىم تۈيغان. بۇ دۇنيادا قايسىبىر ئايال يولدىشىدىكى بۇنچىلىك ئۆزگىرىشنى بىلمەي قالىدۇ؟ ...لېكىن مەن سىز بىلەن يۈز قاتۇرۇشمىدىم، تاكاللاشمىدىم. نېمە ئۈچۈن ؟ بىلەمسىز نېمە ئۈچۈن؟...چۈنكى مەن سىزنى ياخشى كۆرگەچكىلا، ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرگەچكىلا...كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىشنى، ئارىلىقتا ھالاك پەيدا قىلىشنى پەقەت خالىمىدىم. لېكىن سىز ئۆزىڭىزنى تۇيمىدىڭىز، يۈرىكىڭىزنى قاپتەك قىلىپ ئەسلى ـ ۋەسلىڭىزنى ئۇنتۇدىڭىز... - دىلناز ئۆزىنى شۇنچە تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، ئىچىدىكى ئاچچىق ھەسرەت ـ ئازاپىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. بىر تەرەپتىن ئازاپلىق ئەسلىمىلەر ئىچىدە قىينالسا، بىر تەرەپتىن ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان يولدىشىغا قاراپ يۈرەكلىرى مىڭ پارە بولدى. مارجاندەك ياشلار سۇلغۇن يۈزلەرنى بويلاپ ئاستا ئېقىپ، ئاپئاق ئۇخلاش كىيىمنى نەمدەشكە باشلىدى.

ۋارس يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. دىلنازنىڭ مارجاندەك تۆكىلىۋاتقان ياشلىرىغا قاراپ يۈرىكى قان يىغلىدى. ئاشۇنداق مېھرىبان، جاپاكەش، بىلىملىك ئايالىنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلغانلىقىغا نەچچە رەت ئۆكۈنۈپ چىقتى. ئۇ دىلنازنىڭ ئۆزىنى كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدى. قارىماققا نازىر ، پەرىدە خانىم ، دىلناز بۇ ئىشتا ئاللىبۇرۇن بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك قىلاتتى. "دىلناز بۇ خاتالىقىمنى ئەسلا كەچۈرمەيدۇ. بۇ ئېنىق. لېكىن ئۇ مېنى راستىنلا ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانمىدۇ؟ مېنى قەلبىدىن

چىقىرىۋەتكەنمىدۇ؟ ...نىمە ئۈچۈن يارىشىش ئىمكانىيىتى قويمايدۇ. قەتئىي چىڭ تۇرىۋالىدۇ؟..." ۋارىسنىڭ ئويلىغانىسىرى بېشى قېتىپ كەتتى. شۇ تاپ ھېلىقى ئۆزىگە مەجنۇنلارچە ئاشىق بولۇپ، سايىدەك ئەگىشىۋالغان رەيھاننى تېپىۋالسا ، ئۇنى بۇغۇزلىۋېتىدىغاندەك تۇيغۇلاردا بولدى. ئۆزىنىڭ تىنچ سۇدەك بەختىيار تۇرمۇشىنى بۇزغان، سۆيۈملۈك ئايالىدىن ، ئۇماق بالىسىدىن ئايرىغان بۇزۇقتىن قاتتىق نەپرەتلەندى. بەلكىم شۇ قىز ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەركەكلىك ھېسياتىنى ئازدۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ تەنھا تۇرمۇشىغا شەيتانۇ لەززەت بېغىشلىمىغان بولسا بەلكىم بۇ كۆڭۈلسىزلىك بولماس ئىدى ھە...

- مەن گۇناھكار دىلناز. مەن ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، ئەمدى ئۆزەمنى ئاقلاشنىڭ ئەسلا ئورنى يوق. پەقەت سىزنىڭ ئالدىڭىزدا باش ئېگىپ تۇرۇۋېتىن، سىزگە يالۋۇرۇشتىن، سىزنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭىزنى تىلەشتىن باشقا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئىشەنسىڭىز. مەن مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى قاتتىق ئازاپلىنىپ چىقتىم. سىزگە خائىنلىق قىلىشلا ئەمەس، بەلكى سىزنى ئۆز قولۇمدا يارىلاندۇرۇپ، بالامنى ئۆز قولۇمدا نابۇت قىلىپ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. ئۆزەمنىڭ مەڭگۈ ۋىجدان ئازابى تارتىپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىمەن دىلناز. بىلىمەن... بۇ ئازاپ مىنى ئەمدى بىر ئۆمۈر قىينايدۇ، يۈرۈكۈمنى تىلىدۇ. مىنى ئاستا-ئاستا ئۆلتۈرىدۇ...لېكىن، سىز ماڭا يەنە بىر پۇرسەت بەرگەن بولسىڭىز مەن ئۆزەمنى قانچىلىك بەختلىك ھېس قىلار ئىدىم ھە...- ۋارىس خۇددى جەينامازدا ئولتۇرۇپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك دىلنازغا قاراپ مۆلدۈرلۈق كۆزلەردە يىلىندى...

قىز كۆڭلى يەنىلا شۇنچىلىك نازۇك، شۇنچىلىك رايىش. كۆڭلى - كۆكسى دەريادەك كەڭ، مېھرىبان دىلناز ئالدىدىكى بىچارىلەرچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ۋارىسقا قاراپ يەنىلا بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قامەتلىك جىسمىنىڭ تۇرۇپلا يادەك ئېگىلىپ ، سۆيگۈ قەلەندەرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈندى. ئاجىز تۇيغۇلىرى ئالدىدىكى ئازغۇن يولدىشىنى ئاستا يۆلەپ باغرىغا بېسىشنى، ئۆزىنىڭ نەچچە ئايلىق ئاچچىق ئازابىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىشنى ئويلىدى. ئۇنىڭ تىننىقلىرىنى ھىدلاپ ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ " سىز مىنى ئالدىدىڭىز، مىنى خارلىدىڭىز. لېكىن مەن سىزنى نەپرەت ئىچىدە تۇرۇپ سېغىنىمەن، ئۆچمەنلىك ئىچىدە سۆيىمەن. مەنمۇ

سىزدىن ئەسلا ئايرىيالمايمەن. سىزدىن ئاجرىشالمايمەن..." دېيىشنى ئويلىدى . لېكىن قانداقتۇر قىزلىق غۇرۇر يول قويماي‍ۋاتاتتى. خارلانغان نازۇك يۈرەك، مىسكىن دىل يول قويماي‍ۋاتاتتى. ئازار يېگەن ئاتا-ئانا قەلبى يول قويماي‍ۋاتاتتى... مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئىچىدە بىر پەس قىينالغان دىلناز ۋارىس ئالدىدا ئۆكسۈپ يىغلىۋېتىشتىن، ئۆزىنىڭ يەنىلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئېهتىيات قىلىپ، كارۋاتتىن ئاستا سىرىلىپ چۈشتى-دە، دەرىزە قېشىغا بېرىپ كەچكى شەپەقنىڭ مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلانماقچى بولغاندەك نەزىرىنى يىراقلارغا ئاغدۇردى.

ۋارىس دىلنازنىڭ ئاپئاق ئۇخلاش كىيىمى بىلەن پەرىزاتقىلا ئوخشاپ قالغان نازۇك جىسمىغا قاراپ يەنە خىياللارغا چۆمدى. ئۇنىڭ مەكتەپ كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدىكى رىياسەتچىلىك قىلغان ئاجايىپ جەزبىدار ھالىتىنى، مەكتەپ گۈللۈكىدىن ھەر قېتىم ئۆتكەندىكى ئەتراپقا پەرۋاسىزلارچە قاراپ ماڭىدىغان تەمكىن، مەغرۇر قىياپىتىنى، توي كۈنىدىكى ئاپئاق كۆينەكنى كىيىپ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل قىزغا ئايلانغان دەقىقىلىرىنى ، تويدىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك ئاشىق-مەشۇقلاردەك قولتۇقلىشىپ ماڭغان ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلىرىنى ئويلاپ قاتتىق بىئارام بولدى. "ھەر قانداق نەرسە قولدىن كەتكەندە قەدىرلىك بولىدۇ" دەپ ، شۇنچىۋالا ئەزىز، ئۇلۇغ ئايالنى قەدىرلەپ ئۆتمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئەمدى دىلنازنىڭ جىسمى، روھى مەڭگۈ ئۆزىگە تەئەللۇق بولمايدىغاندەك، بۇگۈندىن باشلاپ ئەڭ ئازاپلىق تەنهالىق كوچىسىدا سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلايدىغاندەك قاتتىق ئازاپلاندى. ئۇ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ سەزمەي ئورنىدىن تۇرۇپ دەرىزە تۈۋىگە يېقىنلاشتى.

- دىلناز، مېنىڭ يۈرۈكۈم يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى. مەن پەقەت بەرداشلىق بېرەلمىدىم. مېنىڭ سىز بىلەن يارىشىۋالغۇم، سىزنى ئۆيگە ئەكەتكۈم بار. سىز بىلەن بەختلىك تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن باشلىغۇم بار...- ۋارىس دىلنازنىڭ يىراققا تىكىلگەن كۆزلىرىگە يەنە يىلىنىش ئىچىدە تىكىلدى. ئۇ شۇ تاپ مەيلى قانداق رەددىيەگە ئۇچرىسۇن، يەنىلا دىلنازنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى.

- بولدى ۋارىس. ئەمدى يىلىنماڭ. مېڭ يىلىنسىڭىزمۇ بىكار. ئەمدى ئۇ ئۆيىنىڭ گېپىنىمۇ قىلماڭ. بىر چاغلاردا پاك قوللۇرۇم بىلەن شۇ ئۆي ئۈچۈن

نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن، ئۇنى گۈلدەك تۈتۈپ كەلگەن ئىدىم. شۇ ئۆيدىن بۇ دۇنيانىڭ خوشاللىقىنى تاپقان ئىدىم. لېكىن سىز قەلبىڭىزنىلا ئەمەس، مەن تۇتقان ئۇ ئۆينىمۇ ئالىبۇرۇن بۇلغاپ بولدىڭىز. بىز توي كېچىسىدىكى ئەڭ شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزگەن، نەچچە يىللىق ھالال مۇھەببەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان شۇ كارۋاتنىمۇ ، ئاپام بىر قوللۇق تىكىپ بەرگەن يوتقان-كۆرپىلەرنىمۇ بۇلغاپ بولدىڭىز. ئەمدى ئۇ ئۆيدە پاكلىق بولمايدۇ، بەرىكەت بولمايدۇ. پەرىشتە بولمايدۇ...بەختلىك تۇرمۇش ھەم مەڭگۈ بولمايدۇ. - دىلناز تۇرۇپلا گېپىنى توختۇتۇپ ۋارسقا بۇرۇلدى-دە، ئۇنىڭ تەمتىرەپ قالغان كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلىپ بىردەم تۇرۇپ كەتتى.- بولدى. ھەممە ئىش تۈگىدى ۋارىس. ھەممە ئىش تۈگىدى. مەن ئەمدى چۇقۇم ئاجرىشىپ كىتىمەن. چۇقۇم...

-ياق. ياق...-ئاجايىپ غەيرەتكە كەلگەن ۋارس بىرىپلا دىلنازنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى چىڭ سىقىۋالدى. - مەن ئاجراشمايمەن. ھەرگىز ئاجراشمايمەن. ئۇرسىڭىزمۇ، تىللىسىڭىزمۇ، ئۆلتۈرىۋەتسىڭىزمۇ ئاجراشمايمەن.

ۋارسىنىڭ ئاۋازى خىلى يۇقىرى چىقىپ كەتتىمۇ، ياتاق ئىچىدە بىرپەس ئەكس سادا قايتۇرىۋەتتى. يۇقىرى ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن پەرىدە خانىم دىلنازدىن ئەنسىرىدىمۇ قانداق، تۈيۈقسىز ئىشكنى زەرب بىلەن ئېچىپ كىردى. كىرديۇ، دەرىزە تۈۋىدە قىزىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرغان ۋارسنى كۆرۈپ جان-ئىمانى چىقىپ كەتتى.

- تارت نىجىس قولۇڭنى. ۋاي خۇدا. نىمانداق قىلىن بىر نىمە ماۋۇ...شۇنچە قاتتىق گەپمۇ ، ئىزا-ئاھانەتمۇ ئۆتمىسە نىمە دەي ئەمدى؟ ...ماڭ ، ماڭ...ئەمدى ساڭا بىرىدىغان قىزىم يوق. ساڭا ئالدىنىدىغان قىزىم يوق. دىلنازنىڭ ئاجراشقىنى ئاجراشقان...- پەرىدە خانىم ئىشىكتىن قانچە تىز كىرگەن بولسا، ۋارس قېشىغا شۇنچە تىز كەلدى-دە، پىلىمۇتنىڭ ئوقىدەك چىقىۋاتقان سۆزلىرىنى توختاتماي ، ئۇنى چاپىنىنىڭ پىشىدىن تارتىپلا ئىشىك تەرەپكە سۆرىدى. - ئەمدى بىزنى ئىككىنچى ئاۋارە قىلغۇچى بولما. بىرىپ ئاجرىششقا تەييارلىق قىل. قالغىنى رەسۋايىڭنى سوتتا چىقىرىمەن...

ۋارس لەۋلىرىنى بوشقىنا چىشلەپ، قولىدىن پۇتىن بەدىنىگە تارىغان ئاجايىپ سەزگۈ-ھارارەتنى دەقىقە بىھۇش بولغان دىلنازغا باللارچە

تەلمۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىدىن "ئاپا، ئاپا...." دەپ يىلىنغان ئاۋازدىن باشقا ھېچقانداق بىر سادا ئاڭلىيالماي ئامالسىز ياتاقتىن چىكىتىشكە مەجبۇر بولدى. دىلناز شۇنچە خورلۇق تارتىپ تۇرۇپمۇ، ئاپىسىنىڭ ۋارسىنى بىر ئىتنى سۆرىگەندەك سۆرەپ مېڭىشىدىن يۈرىكى مىڭ پارە بولدى. ۋارسىنىڭ كۆزلىرىدىكى يىلىنىش، مىسكىنلىك ، بىچارىلىكىنىڭ نۇرىدا ئۆزىنى يۇقاتتى. ئۇ ۋارسىنى ياتاقتىن چىقىرىۋېتىپ ئۆزىنى باغرىغا بېسىش ئۈچۈن كەلگەن ئاپىسىنى ئۇمۇتسىز قالدۇرۇپ، ئۆكسۈگىنىچە نازۇك جىسمىنى كارۋاتقا تاشلاپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى...

ۋارس پەردە خانىمنىڭ "ئىست، تىگى پەس.." دىگىنىچە ياتاق ئىشىكىنى ناھايىتى قاتتىق يېپىشى بىلەن تەڭ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تاس-تاس قالدى. بىر ھەپتىدىن بىرى ئاچچىق يۇتۇپ زەدە بولۇپ كەتكەن يۈرىكى بۇ ئەلەمنى كۆتىرىشكە پەقەت بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ شۇنچىلىك خورلۇق ھېس قىلدىكى، ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان دوستى مۇرادىلنى قۇچاقلىغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئەمدى تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، نازىر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىرادىسىنىڭ ناھايىتى چىڭلىقىنى، دىلنازدىن ئايرىلىشىنىڭ كىرپىك بىلەن قاش ئارلىقىدىلا قالغانلىقىنى ھەقىقى ھېس قىلىپ يەتتى. تەنھالىق ئەمدى باشلىنىدۇ. ئازاپ ئەمدى باشلىنىدۇ. باياشات، خوشال-خورام تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان، پۈتۈن شەھەر بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىزنى ئەمرىگە ئالغان ئادەم ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغاندا ئۆزىنى قانداق ھېس قىلار؟ خىزمەتداشلىرىنىڭ ، دوسلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى كۆرگەندە، ئىناق ئائىلىسىنى كۆرگەندە قانچىلىك ئازاپلىنار؟ ...ئۇ ئەمدى بەختسىزلىك ئىچىدە بەختىنى سېغىنىدۇ. قەدرىنى قىلمىغان سۆيگۈسىنى سېغىنىدۇ. ئۆزىگە بىر مەزگىل خوشاللىق، بەخت، باياشاتلىق ئاتا قىلغان گۈلدەك تۇرمۇشىنى سېغىنىدۇ. ئەپسۇس، ئۇ سېغىنغاندا كېچىككەن بولىدۇ. ھەممە نەرسە قولدىن كەتكەن بولىدۇ. ئۇ ئەمدى قانچە زور بەدەل تۆلىگەن بىلەن ، قانچە گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەن بىلەن، ئەڭ كۆپ پۇل، ئەڭ كاتتا ھوقۇققا ئېرىشكەن بىلەن بىرىنچى مۇھەببىتىنىڭ ئورنىنى مەڭگۈ تولدۇرالمايدۇ . بىرىنچى مۇھەببەتنىڭ ، بىرىنچى نىكاھنىڭ ياشلىق ئەسلىمىلىرىگە قالدۇرغان شېرىن دەقىقىلىرىنى

مەڭگۈ قايتۇرالمايدۇ ...ئۇ ئەمدى شۇ گۈزەل تۇرمۇشنى ھەسرەت، ئازاپ ئىچىدە بىر ئۆمۈر سېغىنىدۇ...

مۇرادىلمۇ بۇگۈنكى تىرىشىشىنىڭ زادىلا ئۈنۈم بەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، ۋارىسنىڭ بۇ ئائىلىگە سالغان روھى بېسىمىنىڭ، زەربىسىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئىچى كۆچلۈك قىزنىڭ بۇ ئازاپقا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىنى، ۋارىسقا ئىشەنگەن، ئۇنى قوللىغان، ئۇنى مېھرىبانلارچە باغرىغا باسقان نازىر ئائىلىسىنىڭ تۇلىمۇ ئۈمۈتسىزلەنگەنلىكىنى ئەمىلىيەتتىن ئېنىق كۆردى. ئۇ ئەمدى ئامالسىز دوستىنى ئاستا يۆلەپ دوختۇرخانىدىن ئايرىلىشى كېرەك. ئۇنىڭغا بىر مەزگىل روھى تەسەللى، مەدەت بېرىشى كېرەك.ئۇنىڭ تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. بەلكىم ۋارىسمۇ يېڭى تۇرمۇش ئىچىدە ئەسلىمىلەرنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ بارار....

دوختۇرخانا كارىدورىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋاتقان دوختۇر ـ سېستىرالار ۋە بىر قىسىم كېسەللەر شۇنچە سالاپەت بىلەن كۆز يېشى قىلىپ مېڭىۋاتقان ۋارىسقا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىشىپ قالدى. ئۇنىڭ بىرەر تۇققىنىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھەسرەتكە چۆمگەن تۇرقى ۋە يىغىسىدىن ھېچنەرسىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا يەنىلا ھېسداشلىق قىلىدى. ۋارىسنىڭ ئەمدى بۇ دوختۇرخانىغا قەدەم باسقۇدەك، دىلنازىغا يىلىنغۇدەك جۈرئىتىمۇ قالمىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ راستىنلا بەكمۇ يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ دوستىغا يۆلەنگەچ ، ئۆز بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرگە زادى كىمنىڭ سەۋەپچى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئاجىز قەدەملەر بىلەن مېڭىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز لىفىت تەرەپتىن كېلىۋاتقان نازىر ۋە ئۇنىڭ شوپۇرىنى كۆرۈش بىلەنلا نىمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمترەپلا قالدى. ۋارىس بۇ ئائىلىگە تۇنجى قەدەم ئالغان كۈندىن باشلاپ ئاتىلارچە مېھرىبانلىق قىلىپ كەلگەن، كۆيۈنگەن نازىرنىڭ ئالدىنقى قېتىمقىدەك تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان، قاتتىق ھاقارەتنى ئەسلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. بۈگۈنمۇ نازىر ۋارىسنى يىراقتىن كۆرە ـ كۆرمەي قوشۇمىلىرىنى شۇنچىلىك سەت تۈردىكى، ۋارىس ئۇنىڭ مۇشتۇمىنىڭ ناھايىتى چىڭ تۈگۈلۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى. ۋارىسنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، نازىرنىڭ كۆزىگە قايتا قاراشقا پەقەت جۈرئەت قىلالمىدى. بىر پەس كاللىسى تۇرمۇزلىنىپ قالغان ۋارىس

دىلناز ۋە پەرىدە خانىمدىن بەكرەك نازىرغا ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھەقىقى ھېس قىلدىمۇ قانداق، تۇيۇقسىز بايىقى ھالسىز تۇرقىنىمۇ ئۇنتۇپ، دوستى مۇرادىلىدىن چاچراپ ئاجرىدى-دە، يانىدىكى پەلەمپەيدىن ئۇچقاندەك پەسكە قاراپ يۈگۈردى...

تۇرمۇشنى مۇرەككەپ قىلغىنى يەنىلا ئادەم. سەن تۇرمۇشقا كۈلۈپ باقساڭ، ئۇنى سۆيسەڭ ، قەدىرلىسەڭ ئۇمۇ ساڭا كۈلۈپ باقىدۇ، سېنى خوشاللىققا، بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەكسىچە ئۇنى چىن مەنىسى بىلەن سۆيمىسەڭ، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقى تەرتىپى، يولى بىلەن ياشىمىساڭ ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق نەزىرىدە قارىساڭ ، ئۇمۇ سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ، سېنى ئازاپقا، يىغىغا ، ئاچچىق ھەسرەتكە قويىدۇ. توغرا، تۇرمۇش بىر پارچە ئېتىز دېمەكتۇر. سەن ئۇنىڭغا نىمە تېرىساڭ شۇ ئۈنىدۇ. بۇغداي تېرىساڭ بۇغداي ئالىسەن، تىكەن تېرىساڭ تىكەن ئالىسەن خالاس...

ۋارىس ئاچچىق يىغىغا، ئازاپقا ئېرىشكەندىن بىرى ئاندىن ئۆز تۇرمۇشىغا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى تەپسىلى ئويلۇنۇشقا باشلىدى. باللىقتىكى غۇربەت تۇرمۇش، جاپالىق ئەمگەك، يېزا تۇرمۇشى، ئالى مەكتەپتىكى ئىقتىسادى قىيىنچىلىق، دىلنازغا يۇشۇرۇن ئاشىق بولغان ۋاقىتتىكى تاتلىق تۇيغۇ ۋە ئۆزگە بولغان ئېغىر بېسىم، دىلنازنىڭ ئالىجاناپلىقى، ساداقەتلىكلىكى، قەيسەرلىكى، تويدىن كېيىنكى بەختلىك، خوشال كۈنلەر...ئۇ ناھايىتى تەستە ئېرىشكەن بەختىنى ناھايىتى تېزلا ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىگە قاتتىق ئېچىندى. بەخت ئىچىدە خۇدىنى يوقۇتۇپ ئۇنىڭغا تۆلىگەن بەدەللىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈندى.

ۋارىس دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ ئۆزىنى تىنك قىيادىن غۇلاپ چۈشكەندەكلا ھېس قىلىپ تېخىمۇ جىم بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۆز بەختىنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا، دىلنازدىن ئازاپ ئىچىدە جۇدا بولىدىغانلىقىغا، بۇ چوڭ شەھەردە يەككە يىگانە قېلىپ ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بىر ھەپتە ئەنە شۇنداق قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە ئۆتتى. يىگەن تاماق تاماق بولمىدى. ئۇيقۇ ئۇيقۇ بولمىدى.

خىزمەتمۇ خىزمەت بولمىدى. مەيلى نىمىلا ئىش قىلسۇن پۈتۈن خىيالى يەنە شۇ ئازاپلىق ئەسلىمىلەرگە كىتىپ ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزدى. دىلنازنىڭ ئەپۇسىغا ئىرىششى ئۈچۈن دىلنازنىڭ يەرگە چۈشۈپ پارە بولغان تىلىغۇنىغا ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن تىلىفۇن قىلغان بولسىمۇ ئۇلانمىدى. دوختۇرخانىغا نەچچە رەت ئىزدەپ بارغان بولسىمۇ ئىشىكتىن كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي يېنىپ كەلدى. ئەمدى پەقەت ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆيگە يالغۇز بەنت بولۇپ كۆڭ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. خىزمەتداشلىرى ھەممە ئىشنى بىلىپ قالغاندەكلا ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سورىغان سوئاللىرىغا قىسقا-قىسقىلا جاۋاپ بىرىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ يۈرۈش ئادەتكە ئايلاندى. يىغىلىشلارغا، سورۇنلارغا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتتى. باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى توغرۇلۇق سوئال سوراپ سىلىشىدىن ھەر ۋاقىت ئەندىشە قىلىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئۆيگە بۇرۇقتۇما بولۇپ تىرىكىپ، زىرىكىپ ئاخىرى يېرىم كىچىلەردە سىرتقا چىقىپ ئۆيىگە بوتولكا تۇشۇيدىغان، مىھمانخانىدا دىلناز بىر قوللۇق تىزغان بۇيۇملارغا، تويلۇق رەسىملەرگە قاراپ ھەسرەت ئىچىدە يالغۇز ئىچىدىغان بولدى. ئۇ ئىچكەنسىرى دەرتلىك كۆز يېشى قىلاتتى. ئۇن سىلىپ يىغلايتتى. بەختلىك ئائىلە، خاتىرجەم تۇرمۇش بولمىسا ئادەمنىڭ ھىچقانداق ئىشىنىڭ ئالغا باسمايدىغانلىقى، كۆڭۈلنىڭ مەڭگۈ ئاچ پېتى قالىدىغانلىقى ، ھاياتتا ئىرىشكەن ھەر قانداق ئۇلۇغ نەرسىنىڭ بۇ بوشلۇقنى مەڭگۈ تولدۇرۇپ بۇلالمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنىڭ تىگىگە يىتىپ، شۇ گۈزەل تۇرمۇشىنى قايتۇرۇپ كىلىش ئۈچۈن شىرىن خىياللارنى سۈرەتتى...

ۋارىس دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنىلا ئۆيگە تىلىفۇن قىلغان ، دىلنازنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان، ئاتا-ئانىسىنىڭ دەرھال كىلىشىنى ئۆتۈنگەن ئىدى. لېكىن كۈزنىڭ جىددى تېرىلغۇ ئىشلىرى، قىشلىق تەييارلىق تۈپەيلى بىچارە دىھقان ئاتا-ئانا ۋاقتىدا سەپەرگە ئاتلىيالمىغان ئىدى. مانا بۈگۈن ساق ھەپتە ئۆتكەندە ۋارىس دادىسىنىڭ تىلىفۇنىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان سىڭلىسىغا رۇخسەت ئېلىپ ئۇرۇمچىگە بىرگە يولغا چىققانلىقىنى ئۇقتى. ئۇقتىيۇ، بىر تەرەپتىن ئاپىسىنىڭ كىلىپ بەزى ئىشلارنىڭ ياخشى تەرەپكە بۇرۇلىشىدىن ئۈمۈتلىنىپ خوشال بولسا، بىر تەرەپتىن ھەقىقى ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان ئاپىسىنىڭ ھەممە ئىشلارنى بىلىپ

سىلىشىدىن قاتتىق تەشۋىشلەندى. ئۆزىنى شۇنچىلىك ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان، ئوقۇتقان، ئەڭ زور بەدەللەرنى تۆلەپ تويىنى قىلغان ئانىنىڭ قەلبىگە ئاچچىق ئوكۇنۇش، ئۈمۈتسىزلىك، ئازاپ سېلىپ قويۇشتىن قاتتىق ئەنسىرىدى. بىچارە ئانىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ئازغۇنلىقىغا نەپرەتلىنىشتىن، بەرگەن سۈتىگە رازى بولماي قىلىشىدىن قاتتىق قورقتى. لېكىن ئامال قانچە؟ ئۇلار بۇ ئىشنى بۇگۈن ئوقمىسا چوقۇم ئەتە ئوقىدۇ. ئەتە ئوقمىسا چوقۇم ئۆگۈن ئوقىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇرۇن ئوقىنى ياخشى . بەلكىم چوڭلار ئارىغا چۈشۈپ ھەل قىلسا ئىشلار ياخشى تەرەپكە مېڭىپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەس...

ۋارس ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ئانىسىنىڭ ئەنسىرەپ قالماسلىقى ئۈچۈن زورمۇ زور ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈردى. پاكىزە كىيىم-كېچەكلىرىنى ئاختۇرۇپ كەيدى. ئۆيلەرنى چالا-پۇلا سۈرتۈپ رەتلەپ چىقتى. تۇيۇقسىز ماشىنىسىنى يۇدۇرۇپ خېلى ئىسكەتكە كىرگۈزدى. ئۇ يول بويى ئەنسىزلىك ئىچىدە ماشىنا ھەيدىدى، رول تۇتقان قوللىرى توختىماي تىترەپ چىقتى، پات-پات تېز-تېز كېلىۋاتقان ماشىنىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ باشقا ماشىنىلارغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس-تاس قالدى. ئۇ دىققىتىنى يىغىشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ لېكىن پىكرى يەنىلا قۇمدەك چېچىلىپلا تۇردى. ئۇ ئەزەلدىن ماشىنا ھەيدىگەندە بۇنچىلىك جىددىيلەشمىگەن، بۇنچىلىك تەمتىرىمىگەن ئىدى. يىتكەتكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئۆزىنىڭ چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن تۇرقىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

بۇندىن 5 يىل ئىلگىرى ئاللىچە بەخت ۋە خوشاللىق ئىچىدە ئاپىسىنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن چىققان يىكەت. قارىماققا ھېچ نەرسە ئۆزگەرمىگەندەك... توختىماي كىرىپ چىقىۋاتقان چوڭ-كىچىك ماشىنىلار، يىكەت ئالدىدىكى قىزىق بازار، يايمىچىلارنىڭ توۋلاپ مال سېتىشى، سودىلىشىۋاتقان يولۇچى يىدىكلىرى، ئاندا -مۇندا ئۇچراپ تۇرىدىغان سەرگەردان-تىلەمچى، ئوغرى-يەنجۇقچى...ئىشقىلىپ ھەممە تۇرمۇش بۇرۇنقىدەكلا...لېكىن بىرلا نەرسە ئۆزگەرگەن. ۋارس بۇرۇن كەلگەندە بەخت ، خوشاللىق ئىچىدە ئاتا-ئانىسى كۈتىۋېلىشقا چىققان بولسا، بۈگۈن ئاچچىق پۇشايمان، ئازاپ ئىچىدە چىقتى. بۇرۇن دىلناز بىلەن بىرگە مۇھەببەتلىك چىققان بولسا، بۈگۈن يەككە يىگانە

هالدا دەرتلىك چىقتى. ئاپىسىغا بىر تالاي روھى ئازاپ، بىقۇۋۇللۇق، ئاچچىق كۆز يېشى ئاتا قىلغىلى چىقتى...ماشىنا كۈتىۋاتقان ۋارىس بىكەت ئەتراپىنى بىر نەچچە رەت ئايلىنىپ چىقتى. بىر قانچە قىز زورمۇ زور تۇتقۇزۇپ قويغان ھاياسىز دورا ئىلانلىرىنى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئۇقۇپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى. ياندىشىپ كەلگەن بىر ئادەمنىڭ "مېھمانخانىدا ياتامسىز، مۇلازىمەت ئەلا، ھەممە تەلىپىڭىز قاندۇرىلىدۇ، بۇ كارتوچكا..." دېگەندەك بىمەنە گەپلىرىنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ يىراقلارغا كەتتى. 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر جۇپ ئەر-ئايال تىلەمچىنىڭ داپ ۋە سىرپايلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ چېلىپ ناخشا توۋلاشلىرىغا قىزىقىپ خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ نامرات بولسىمۇ بىر-بىرىنى مۇھەببەتلىك ئەركىلىتىپ شۇنچىلىك قىزغىن ياشاۋاتقانلىقىغا ھەۋەسلەندى. ئۇ خېلى ئۇزاق ئايلانغاندىن كېيىن بىكەت دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىۋاتقان قەشقەرنىڭ يۈلۈچىلار ئاپتوبۇسىنى كۆرۈپ ئالدىراپ بىكەت ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىردى.

ۋارىس ھازىردەك كېيىنگەن ئانىسىنى كۆرۈشى ھامان پۈتۈن بەدىنىگە يىغا ئۇلاشتى. ئاپئاق ياغلىق ئىچىدە ئاپئاق چاچلار ، قارا پەلتۇ ئىچىدىكى ئۇرۇق ، ئىگىلگەن بەدەن. ئېغىر ئەمگەك بېسىمىدىن ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىراي، ياشاڭغۇراپ تۇرىدىغان نۇرسىز كۆز، يۈزلەرنى قاپلىغان قات-قات قورۇق...ۋارىس ئالدىنقى يىلى بارغاندا ئانىسىنىڭ بۇنچىلىك قېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلمىغان ئىدى. مانا بىر يىل ئۆتە-ئۆتمەي ئانىسىدا نۇرغۇن ئۆزگۈرۈشلەر بوپتۇ. تېخىمۇ قېرىلىقتا قاراپ مېڭىپتۇ. ۋارىس ھەر ئايدا ئەبەرتىۋاتقان 500 يۈەن پۇلنى بۇلار نەگە سەرپ قىلىدىكىن ھە؟ ئۇبدان ئوزۇقلىنىپ، ئەمگەك بېسىمىنى يېنىكلەتسە ، ئۆزىنى ئاسرىسا بولمامدىغاندۇ؟...ۋارىس ئانىسىدىن بىردەم ئاغرىنغان بولسىمۇ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن ئانىسىنىڭ يەنىلا ئىللىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئانىسىنىڭ باغرىدا بىر مەزگىل يۇقاتقان بەختىنى ، مېھرى-مۇھەببەتنى ھېس قىلىپ خېلىلا يېنىكلەپ قالدى. چوڭقۇر خېلىلا يېتىلگەن، قىزلىق نازاكەت ۋە ھايا ئىچىدە جىلۋە قىلىپ تۇرغان سىڭلىسى رۇشەنگۈل بىلەنمۇ چىڭ قۇچاقلاشتى. ۋارىس ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى ماشىنىغا سالغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى تاماقلاندۇرۇپ بولۇپ ئاندىن ئۆيگە ئەكېتىش ئۈچۈن دۆڭكۈۋرۈك ئەتراپىدىكى بىر ئالاھىدە ئاشخانىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ـ ئاكا ، بۇ سىنىڭ ماشىناڭما ؟ بەك چىرايلىق ئىكەن.ـ ۋارسىنىڭ سىڭلىسى ھەيرانلىق ۋە خوشاللىق ئىچىدە ماشىنا ئىچىنى بىر قۇر سىلاشتۇرۇپ چىققاندىن كىيىن، ئاكىسى ئولتۇرغان ئورۇندۇققا يېقىنلاشتى.ـ مەن سەندىن بەك پەخىرلىنىمەن ئاكا ..

ـ رەخمەت سىڭلىم. ـ ۋارس شۇنداق دىدىيۇ، يۈرىكىگە بىر زەھەرلىك پىچاق تىقىلغاندەك تىپىرلاپ كەتتى.

ـ ئانا ، ئاكام ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك ھە. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ، قابىلىيىتى بىلەن بۇ چوڭ شەھەردە قالدى. دىلناز ئاچامدەك چىرايلىق قىز بىلەن توي قىلىپ، كاتتا بىر باشلىققا كىيوغۇل بولدى. بىزنىڭ ھالىمىزدىنمۇ شۇنداق ياخشى خەۋەر ئېلىپ كىلىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇ بەك ياخشى...ـ رۇشەنگۇل ناھايىتى خوشال ھالدا يەنە ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

ـ شۇنداق بالام شۇنداق. ئاكاڭنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. دىلناز قىزىمنىمۇ خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ئاكاڭنىڭ بەختىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ تاتلىق كىلىنىمنىڭ تىرىشچانلىقىدىن كەلگەن قىزىم. ئۇلارغا كۆز تەگمىسۇن ئىلاھىم ..

ۋارس ماشىنا ئەينىكىدىن ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ خوشال تەبەسسۇمىنى كۆرۈپ ئولتۇردى. لىكىن باشقا ھىچ نەرسە دىيەلمىدى. ئانىسى توغرا ئېيتىدۇ. ۋارسنىڭ بۇنداق ئىمتىيازغا ئىرىششى، كۆپ پۇل تېپىشى، ئالى ماشىنىلاردا ئولتۇرۇشى...ھەممىسى دىلنازنىڭ تۆھپىسى، دىلنازنىڭ تىرىشچانلىقى. دىلناز ۋارسقا مۇشۇ پۇرسەتلەرنى بەرمىگەن بولسا ئۇ ئاشۇ يىراق سەھرادا زادى نىمىگە ئىرىشەر بولغىيتتى؟ قابىلىيەت بولغان بىلەن پۇرسەت بولمىسا بولمايدۇ. شارائىت بولمىسا بولمايدۇ. ئۇ دىلناز بىلەن بەختىنى تاپقان، تەختىنى تاپقان...قىسقىسى ئۆزى ئىرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپقان...لىكىن ئۇ ئىرىشكەن نەرسىلەرنىڭ قەدرىنى بىلەلمىدى. بىردەملىك كۆڭۈل خوشى ئۈچۈن ھەممىنى تىگىشىۋەتتى. ئىمتىيازلىق ئائىلىدىن، مىھرىبان ئايالدىن، ئۇماق پەرزەنتتىن، بەختلىك تۇرمۇشتىن ئايرىلدى. ئەمدى ئۇ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىغا بۇ گەپلەرنى قانداقمۇ دىيەلەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ خوشال كەيپىياتىغا قانداقمۇ مۇزدەك سۇ سېپەلەيدۇ؟ ئۇ ئەمدى ئاپىسى بۇ ئەھۋاللارنى دىلناز ئائىلىسىدىن ئۇققۇچە

سۆكۈتتە تۇرۇشقا مەجبۇر...

ۋارس ئۈنسىز كىتىۋېتىپ تۇرۇپلا ئاپىسىنىڭ ماشىنى ئىچىنى، ئۆلتۈرىۋاتقان ئۇرۇندۇقنى مېھرى بىلەن سىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. كۆردىيۇ يۈرىكى "قارت" قىلىپ قاتتىق بىئارام بولۇپ كەتتى. كۆز ئالدىغا تۈيۈقسىز ئانىسى ئولتۇرغان ئاشۇ ئورۇندۇقتا، ئانىسى سۆيۈنگەن ئاشۇ ماشىنا ئىچىدە رەيھان بىلەن قىلغان ناشايان ئىشلار، ئەسەبىي ھىسسىياتلار، ناپاك تىنىقلار كېلىۋالدى. ئاشۇ ناپاك تەنلەردە بۇلغانغان ئورۇندۇقتا پەرىشتىدەك پاك، سۆيۈملۈك ئانىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ ماڭغانلىقىدىن قاتتىق ئۈكۈندى. نەچچە يۈز رەت يۇيۇپمۇ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان روھى پاسىقچىلىقنى ئاشۇ ئانىسىنىڭ ئاللا ئالدىدا ئىبادەتتە كىيىدىغان پاك كىيىملىرىگە يۇقتۇرىۋاتقانلىقىدىن يۈرەكلىرى قان بولدى. توغرا، ھەممە پىشكەللىكنىڭ بېشى ئاشۇ ئەمەسمىدى. ئاشۇ بۇلغۇنۇش، ناپاكلىق ئەمەسمىدى. روھ بۇلغانسا ئىمان تەك بۇلغۇنىدۇ. تەن بۇلغانسا مۇھەببەت تەك بۇلغۇنىدۇ. رەيھان ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا پەيدا بولمىغان، ئۇنىڭغا جادۇ كۆزلىرىدە تىكىلمىگەن، ئۇنىڭ ئەسەبىي ھىسسىياتلىرىنى ئويغاتمىغان بولسا ، مۇشۇ ماشىنىدا ئۇنىڭغا يىلاندەك چىرمىشىپ ئۇنىڭ ئەقلىنى بۇلغىمىغان بولسا بۇ ئاقىۋەت كۆرۈلمىگەن بولاتتى. ۋارسمۇ دىلنازغا بولغان چىن ئەقىدىسى بىلەن ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى قەدىرلىگەن بولاتتى. ئاپىسىنى دىلناز بىلەن بىرگە خوشال كۈتىۋېلىپ، تاتلىق بالىسىنى ئەركىلىتىپ ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشقان بولاتتى. تېخىمۇ گۈزەل ،تېخىمۇ بەختىيار تۇرمۇش مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرغان بولاتتى...ۋارس ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئاپىسىنى بۇ ماشىنىغا سالغانلىقىدىن قەلبى ئازاپقا تولدى.

ۋارس خېلى بىر يەرلەرگىچە ئاپىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ سۇئاللىرىغا قىسقا-قىسقىلا جاۋاپ بېرىپ ماڭدى. كۆڭلى بىئارام بولغاچقىمۇ ئۇلارنىڭ خوشاللىقىغا ھەرقانچە قىلسىمۇ شېرىك بولالمىدى. ئۇ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىمۇ بىر ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى:

- رۇشەنگۇل . بۇ سىنىڭ ئۇرۇمچىگە تۇنجى كېلىشىڭ. شۇڭا ئەتراپىنى قانغۇدەك كۆرىۋال جۇمۇ.

- ماقۇل ئاكا. بۇرۇندىن بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مانا ئاخىرى

رئاللىقا ئايلاندى. خۇدايىم بۇيرىسا كىلەر يىلى ئالى مەكتەپكە ئىمتاھان بەرسەم چۇقۇم سەن ئوقۇغان مەكتەپتە ئوتۇشكە تىرىشىمەن. سەن ۋە دىلناز ئاچام بىلەن 5 يىل بىرگە تۇرىۋالمىسام ھېساپ ئەمەس.... رۇشەنگۇل ناھايىتى شوخلۇق بىلەن ئالدىغا ئېگىشىپ ۋارسىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى ۔
-خۇدايىم تىلىكىڭنى بېرەر قىزىم. سىنىڭمۇ ياخشى ئوقۇپ ياخشى خىزمەت تېپىشىڭنى، ئاكاڭدەك بەختلىك ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭنى ھەر نامىزىمدا تىلەيمەن .- ئانا قىزىنىڭ بېشىنى بوشقىنا سىلىدى.
"خۇدايىم ئاپامنىڭ قەدىمى يارىشىپ قالسا شۇنداق بولىدۇ. بولمىسا ئاشۇ مۇزدەك ئۆيدە مەن بىلەن تۇرىسەن شۇ... دىلناز ئاچاڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ دىدارلىشىدىغانغا، تاتلىق مۇڭدىشىدىغانغا پۇرسەت بولامدۇ ساڭا ھە ..." ۋارىس سىڭلىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆز-ئۆزىگە ئاچچىق پىچىرلاپ سالدى.
-بالام ۋارسجان. ئەتىدىن باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ قىزىم دىلنازنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمىز. قېنى دىگىنە، ھازىر ئەھۋالى قانداقراق؟ يەنە دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتامدا؟ - ماشىنا ئەينىكىدىن يول ياقىسىدىكى ئېگىز بىنالارغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ ئولتۇرغان ئانا تۇيۇقسىز مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئىسىگە ئېلىپ ئەنسىزلىك ئىچىدە ۋارسقا تىكىلدى.
-ھە...ھە...يا..ياخشى...خېلى ياخشى...-ۋارىس كېكەچلەپ كەتتى. - ھا...ھازىرمۇ دوختۇرخانىدىمىكىن؟..
-نىمە؟ دوختۇرخانىدىمىكىن دەيسەنغۇ بالام. نەدىلىكىنى سەن بىلمەمسەن؟
- قايسى كۈنى بارغاندا دوختۇرخانىدا ئىدى. دادام-ئاپاملارنى چوڭ ئۆيگە ئەكەتتىمىكىن دەپ ....- ۋارىس گېپىنىڭ داۋامىنى دىيەلمەيلا قالدى. بىردەمدىلا پىشانىسىدە مۇزدەك تەر پەيدا بولدى.
- ھە. - ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئانا خاتىرجەم بولغاندەك سۆز قاتتى.- مەن تېخى سىنى ئايالى ئاغرىپ ياتقاندا يوقلىماي ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ يۈرگەن ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن. ئۆيدە كۈتۈنسىمۇ ياخشى بولىدۇ...
ۋارىس بېشىغا مۇزدەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك چىلىق تەرگە چۆمۈپ

ئۇلتۇرالمايلا قالدى. ئاپىسىنىڭ بەزى گەپلەرنى كوچىلاپ سورىماسلىقىنى خۇدادىن نەچچە رەت تىلەپ چىقتى. ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتنى نىمە ئۈچۈن شۇنچە يۇشۇرىۋاتقانلىقىغا ئۆزىمۇ بىر نەرسە دىيەلمەيتتى.

- ھەر راست بالام. سىلەرگە ئەجەپ بىر كىلىشمەسلىك بوپتۇ دىسە.

بىرەر ئاي بولىدىمىكىن دىلناز قىزىم ئەھۋال سوراپ تېلىفۇن قىپتىكەن. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىسام ، "ناھايىتى ياخشى، بالىنىڭ سالامەتلىكىمۇ نورمال " دىگەن ئىدى . داداڭ ئىككىمىز شۇنداق خوشال بولغان ئىدۇق. دىلناز قىزىمغا "خۇدايىم بۇيرىسا يەڭگىشىڭىز ھامان بىرىپ ئۆزەم 1-2 ئاي بېقىپ كىلىمەن " دىگەن ئىدىم. ئەجەپ تېلىفۇندا تۇيۇقسىز ئۆزى چۈشۈپ كەتتى دەيسەن. مەن پەقەت ئىشەنمەي قالدىم. راس گەپنى قىلە بالام، دىلناز قىز بىرەر يەردىن يىقىلىپ چۈشتىمۇ يە؟- نەۋرىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىگە چىدىمىغان بىچارە ئانا مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

- ھە...ھە...يا...ياق...-ۋارس بىر پەس نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئەڭ قورقۇنۇچلۇق، ئېغىر سۇئاللار ئۇنىڭ ئاجىز جىسمىنى ئىگىپ، زىدە بولغان يۈرىكىنى قوچىۋەتتى.- راس ئانا. ئۆزى چۈشۈپ كەتكەن. بۇرۇنمۇ ئىزچىل قورسىقىنىڭ تۆۋەن قىسمى ئاغرىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئىشىمىكىن...- ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى، سۇقۇۋەتكەنلىكىنى دىيىشنى خالىمىغان ۋارس ئامالسىز يەنە يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

- 4 يىل ئارزۇ قىلىپ ئاران بىر قوساق كۆتىرگەندە خۇدايىم بۇ بالامنىڭ رىسقىنى بەرمەپتۇ. تېلىفۇندا بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كىيىن داداڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇدا نەچچە كۈن بىئارام بولۇپ يۈردۇق. كېچىلىرىمۇ ئۇيقۇمىز كەلمىدى. بىچارە دىلناز قىزىم قانچە ئازابلانغاندۇ ؟ نازىر بىلەن پەرىدە خانىم قانچە بىئارام بولغاندۇ؟...-ۋارسنىڭ ئانىسى يىنىك ئۇھ تارتىپ ، كۆز جىيەكلىرىدە لىغىرلاپ قالغان ياشلىرىنى ئاق ياغلىقىنىڭ گىرۋەكلىرىدە ئاستا ئېيتتى.

-بولدى ئانا، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئاكا سەنمۇ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. خۇدايىم كۆپ پەرزەنت ئاتا قىلغاي سىلەرگە. تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. شۈكرى سەۋر قىلايلى...- ئاپىسىنىڭ كۆز يىشىغا قاراپ بايىقى خوشاللىقلىرى نەلەرگىدۇر يۇقالغان رۇشەنگۈلنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ،ئانىسىنىڭ

ياشلىرىنى سۈرتكەچ تەسەللى بىرىشكە باشلىدى.

ۋارسىنىڭ بىردەملىك بىسىققان ئازابى قايتىدىن پارتلىدى. ئاپىسىنىڭ دەرتلىك كۆز يىشى، سىڭلىسىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلدى. 10 نەچچە كۈندىن بىرى يۈرىكىنى قىيناپ كەلگەن پۇشايمان چېكىگە يەتتى. ئۇ شۇ تاپ ئانىسىنىڭ سۇئاللىرىدىن قورقمىسا پۈتۈن دەردىنى ئاچچىق يىغىسى ئارقىلىق تازا ئۆكسۈپ چىقىرىۋالغۇسى كەلدى. يۈرىكىنى سىقىپ تۇرغان روھى ئازاپتىن بىر ئاز بولسىمۇ قۇتۇلغۇسى كەلدى. لېكىن ئىچىدە قان يىغلاپ تۇرسىمۇ چىرايىغا سۈس تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ مېڭىشتىن باشقا ئامال قىلالمىدى. ئۇ ھەممە ئىشلارنى ۋاقتىلىق ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى چىرايلىق بىزەلگەن بىر ئۆيگە ئاشخانىسىغا باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قارىماي نەچچە خىل تاماق بۇيرۇتۇپ ئوبدان غىزالاندۇردى. ئۇلارنى خەلق باغچىسىغا ئەكىرىپ بىر ئاز ئارام ئالدۇردى. سىڭلىسىغا ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۆيگە كەلگۈچىلىك ئۇرۇمچىدىكى يېڭىلىقلارنى، ئۆزگىرىشلەرنى توختىماي سۆزلىدى. قىسقىسى ئۇ ئۆزىنىڭمۇ، ئانىسى ۋە سىڭلىسىنىڭمۇ كەيپىياتىنى بۇزۇۋشىنى خالىمىدى. كىيىن يۈز بىرىدىغان قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كۆڭلى تۇيدىمۇ ، ئانىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن بىر نەچچە كۈن غەم قايغۇنى ئۇنتۇپ خوشال ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ قالدى...

ئەتىسى ئانا دىلىنىڭ يوقلاشقا ئالىدىغان نەرسە-كېرەكلەرنى سېتىۋالغاندىن كىيىن ، ۋارسنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئالدىراتتى. ۋارس "ئەتە-ئۆگۈنلەردىن بارغىن" دىسىمۇ ئانا پەقەت ئۇنىماي تۇرىۋالدى. تاتلىق كىلىنىدىن ئەھۋال سوراش ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ دىدارلىششقا ئالدىرىغان ئانىنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى يېرىم قىلىشنى خالىمىغان ۋارس ئامالسىز تاغدەك بىسىم ئاستىدا بىنادىن چۈشتى.

بىنا ئالدىدىكى چىملىقلارمۇ سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلىغان ، دەرەخلەرمۇ خېلىلا يالىڭاچلىنىپ قالغان بولۇپ يازنىڭ ياپېشىللىقىغا كۈنۈپ قالغان كۆڭۈللەرگە باشقىچە بىر خىل سوغۇقلۇقنى سالاتتى. كەچكۈزنىڭ مۇزدەك شامىلىمۇ بەزىدە ئادەمنىڭ تىنىنى تىترىتەتتى. ئانا بىنادىن چىقىپ نىمىشقىدۇر ئاسمانغا قاراپ سالدى. بۈگۈن ھاۋا شۇ قەدەر تۇتۇق بولۇپ ، كۆپكۆك بولۇت ۋە ئىللىق قۇياش كۆرۈنمەيتتى. خۇددى ھەممە يەر ئۈستىدىكى

ئـاق يـاغلىق ۋە قـارا پەلتـۇدەك ھازىـدار كـۆرىنەتتى. ئانـا ماشـىنىغا يېقىنلىشىۋاتقاندا بىنا ئالدىغا ياتقۇزۇلغان رەڭلىك خىشقا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس-تاسلا قالدى. چاققان كەلگەن رۇشەنگۈل دەرھاللا ئانىسىنى قۇچاقلاپ يۆلىۋالدى. بۇسۇغۇدىن ئەمدىلا قەدەم ئېلىپ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ھاۋا ۋە كىلىشمەسلىككە ئۇچرىغان ئانا ماشىنىغا چىقىپلا نىمىشقىدۇر جىم بولۇپ بولۇپ ئۈنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. كەيپىياتىنى ھەر قانچە خوشال تۇتاي دېسىمۇ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يېرىم بولدى. ئۇ شۇ تاپ ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىغا بىر نەرسە دىيەلمەيتتى. ئاپىسىنىڭ كەيپىياتىنى كۆزۈتۈپ ئولتۇرغان ۋارىسمۇ قانداقتۇر بىر كىلىشمەسلىكنىڭ سايىسىنى كۆرىۋاتقاندەك ئورنىدا ئولتۇرالماي بىئارام بولۇشقا باشلىدى.

ۋارىس دوختۇرخانىغا يېقىلاشقانسىرى تېخىمۇ دەككە-دۈككىگە چۈشتى. دوختۇرخانىغا ئالدىغا كەلگەندە ھەقىقەتەن ئىككىلىنىپ، ئانىسىنى دىلىناز قېشىغا قانداق باشلاپ كىرىش توغرىسىدا قىيىن مەسىلىگە دۈچ كەلدى. دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن ئاتلاپ دىلىناز ياتقان ياتاق بىناسىغا يېقىنلاشقانسىرى ئۈنى چىلىق-چىلىق تەر قاپلىدى. پەردە خانىمنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك زەھەرلىك گەپلىرى، قوپاللىقلىرى كۆز ئالدىغا كىلىۋېلىپ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. شۇ تاپ ئۇ يالغۇز بولغان بولسىدى، ئاللىبۇرۇن كەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان قىلىپ بۇ يەردىن غىپپىدە تىكىۋەتكەن بولاتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇ يالغۇز ئەمەس، ئۇنىڭ قېشىدا دىلنازنى يوقلاش ئۈچۈن مىڭ نەچچە كىلومىتىر مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن جاپاكەش ئانىسى بار، ئۇنى تاشلاپ كەتسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسە بولمايدۇ. ئەمما قانداق قىلىش كېرەك؟... تاغدەك بېسىم ئاستىدا قاتتىق قىينالغان ۋارىس ياتاق بىناسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كىلىپلا تۇيۇقسىز قولىدىكى بىر تالاي سوۋغا-سالاملارنى ئالدىراش سىڭلىسىغا تۇتقۇزدى.

- ماۋۇ دۆتلۈكۈمنى ئانا، بۈگۈن سائەت 2 دە تىل تەربىيەلەش مەكتىۋىدە يىغىن ئاچماقچى ئىدىم. سەن بىلەن بۇلۇپ ھەممىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ. شۇڭا سىلەر كىرىپ كۆرۈشكەچ تۇرساڭلار.

- بۇنداقتا قانداق بولىدۇ بالام. بەك ئالدىرىساڭ بىزنى كۆرۈشتۈرۈپ

بولۇپ ئاندىن بارغىن. بىز يا كىلىنچەكنىڭ ياتقىنى بىلمىسەك.- تۇيۇقسىز ئۆزگۈرۈشتىن ھودۇقۇپ قالغان ئانا ۋارسقا يىلىنغاندەك قارىدى.

- ياق ئانا. بەك مۇھىم يىغىنتى ئۇ . ھېلىمۇ 10مىنۇت كىچىكىپتىمەن. تىز بارمىسام ھەممە ئۇقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ماڭا قاراپ قالىدۇ. بولدى سىلەر كىرىۋېرىڭلار، مۇشۇ بىنانىڭ 4-قەۋەت 13-نومۇرلۇق ئۆي...-ۋارىس ناھايىتى ئالدىرىۋاتقاندەك ئانىسىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا دەرۋازا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئىبغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىك تىنىپ يۈگۈرىۋاتقان ۋارىس، يەنە تۇيۇقسىز قانداقتۇر مۇھىم بىر ئىشنى ئىسىگە ئالغاندەك دەرھال قەدىمىنى توختۇتۇپ، بىنا ئىشىكىگە قەدەم ئالغان ئانىسىنى ئالدىراش چاقىردى.

-ئانا، ئانا...

ئانا قەدەملىرىنى توختۇتۇپ ۋارىسنىڭ كىلىشىنى كۈتتى. ۋارىس كىلىپلا ئالمىدەك قىزارغان يۈزلىرىنى ئانىسىنىڭ تەئەججۇپ كۆزلىرىدىن ئاچقىچىپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى.

- بىر ئىش بار ئىدى ئانا. سىنىڭ خەۋىرىڭگە سېلىپ قوياي.- ۋارىس بىر پەس گەپنى نەدىن باشلاشنى ئۇقالماي قاتتىق بىئارام بولدى. قارا بەتىنىكسىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرگە نىملەرنىدۇ جىلىغاچ ئاران تەستە كىكەچلەپ ئىبغىر ئاچتى. -با...بالا چۈشۈپ كەتكەندىن كىيىن دىلنازمۇ، ئاتا-ئانىسمۇ ئاجرىشىپ كىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى.شۇڭا... - نىمە؟- قورۇق قاپلىغان سۇلغۇن كۆزلەر ھەيرانلىقتا ۋارسقا مىختەك تىكىلىپ ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى بۇلۇۋەتتى - نى ..نى...نىمە دەۋاتىسەن جېنىم بالام؟ ئاجرىشىش...

-شۇنداق ئانا. لىكىن ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. پەقەت ئۇلارنىڭ نىيىتىدىن سىنىڭمۇ خەۋىرىڭ بولۇپ قالسۇن دەپ دىيىشىم. تۇيۇقسىز ئاڭلىساڭ ھەيران قىلىپ جىددىلىشىپ كەتمە يەنە ....-ۋارىس گەپنى قانداق يىغىشتۇرۇشنى بىلەلمەي يەنىلا يالغان ئىيتىشقا مەجبۇر بولدى.

- نىمىشقا ئۇنداق بولىدۇ بالام. نىمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟ بالىنىڭ چۈشۈپ كىتىشى يا سىنىڭ خاتالىقىڭ بولمىسا. بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى...

-بولدى ئانا، بولدى. ساڭا ئەسكەرتىپ قويايلا دىدىم شۇ. قالغىنى شۇ گەپلەر بولۇپ قالسا ئامال بار ئاجراشماسلىق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتەرسەن

ھە...ـ ۋارس گەپنى دەپ بۇلۇپلا ئانىسىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماستىن يۈگۈرگەچ سىڭلىسىغا تووۋلىدى.ـ ئۇكام. دوختۇرخانىدىن چىقىپلا ماڭا دەرھال تېلېفون قىلغىن. مەن سىلەرنى ئالغىلى كېلىمەن...

ۋارس خۇددى ياتاق بىناسىدىن تۇيۇقسىز نازىر ياكى پەرىدە خانىم يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆزىنى رەسۋا قىلىدىغاندەك تىز-تىز قەدەم ئېلىپ يۈگۈردى. ئەتراپقا شۇ چىرايلارنىڭ بىرەرسى قاراپ تۇرغاندەك ئەندىكىش ئىچىدە كۆز يۈگۈرتتى. ئالدىراشچىلىقتا دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان بىر قانچە ئەر-ئاياللىغا سۈقۇلۇپ كەتكىلى تاس-تاس قالدى. ئۇ ماشىنىغا چىققاندىلا ئۆزىگە كەلگەندەك بولۇپ، ئۇرۇندۇق يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويۇپ كۆزلىرىنى خېلى ئۇزاق يۇمۇپ ئولتۇردى. دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىنى ئۇزاقتىن-ئۇزاق سىلاپ چىقتى.

نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ۋارس قەيەرگە بېرىشىنى، نېمە ئىش قىلىشىنى بىلەلمەي ماشىنىسىنى مەقسەتسىز ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. كۆز ئالدىدا ئانىسىنىڭ ياتاققا كىرىپ دىلنازۋە پەرىدە خانىم بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنكى بىچارە قىياپىتى ھەر يان ئۇچۇشقا باشلىدى. "پەرىدە خانىم ماڭغۇ شۇنچە قاتتىق مۇئامىلىدە بولغان، ھاقارەتلىگەن، تاياق سالغان. ئەمدى ئانام چوڭ ياشتىكى قۇدىسى بولغاچقا، شۇنچە يىراق يەردىن كەلگەچكە ئانچە-مۇنچە يۈز خاتىرە قىلار ھە. گەپنى سىلىق-سىپايە ئوتتۇرغا قويار. ئۇلۇغ خۇدا، قىبىلائانامنىڭ، دىلنازنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى يۇمشاتقايسەن. بىچارە ئانامنىڭ يۈرىكىنى دەرتتىن، كۆزلىرىنى ياشتىن يىراق قىلغايسەن..."...ۋارس خىياللار ئىچىدە ئاچچىق تولغىنىپ، بىچارە ئانىسىغا بىر تالاي كۈچ قۇۋۋەت تىلەپ چىقتى. بىچارە ئانىسىنىڭ ئەمدى مۇشۇ ياشقا كەلگەندە يەنە ئۆزى ئۈچۈن باشقىلار ئالدىدا قولدەك باش ئېگىپ ھاقارەتلىنىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلدى.

مەقسەتسىز ئايلىنىپ ئۇزاق بارمايلا ۋارسنىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى، تېلېفوننى سىڭلىسى رۇشەنگۈل بەرگەن بولۇپ، دىلنازنىڭ تېخى تۇنۇگۈنلا ياتاقتىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇ تېخىمۇ ئېغىر بېسىم

ئىچىدە ماشىنىسىنى ھەيدەپ ، دوختۇرخانا ئالدىدا ئېغىر خىيالغا چۆكۈپ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ قېشىغا باردى.

- تۈنۈگۈن چىقىپ كىتىپتۇما ئانا؟ - ۋارىس ئەنسىزلىك ئىچىدە ئانىسىنىڭ مىسكىن كۆزلىرىگە قارىدى.

-ھە. تۈنۈگۈن چىقىپ كىتىپتۇ. ئەمدى ئۆيىگە بارمىساق بولمىغۇدەك بالام.- ئانا نىمىشقىدۇر بىئارام بولغاندەك قۇشۇپ قويدى.- راس گەپنى قىلسام شۇ ئۆيگە زادى بارغۇم يوق ئىدى مىنىڭ...

ۋارىس ئۈن -تىن قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ئانىسىنىڭ توي ئالدىدىكى شۇ ئۆيدە تارتقان يۈرەك زىدىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. ئۇ چاغدىغۇ قىز سوراپ ئادىمگەرچىلىك يولى بىلەن بارغان. بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن ئۆزى بىلمەي بىر تالاي گۇناھلارنى زىممىسىگە يۈكلىگىلى بارىدۇ. ئاچچىق روھى ئازاپنى تارتقىلى بارىدۇ. بالا دەردىدە يىغلىغىلى بارىدۇ...ۋارىسنىڭ خىياللىرى بارغانسىرى چىچىلىپ كەتتى. ئانىسىغا يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئىچى ئاغرىپ ھىسداشلىق قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۈنى "بولدى بارما "دىيەلمىدى.

- بارمىساق قانداق بولىدۇ ئانا. بولدى ئۇ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەت. بالاڭنىڭ كىيىنكى ئىشلىرىنى ئويلا.-ۋارىس ئانىسىنىڭ قولىدىكى سوۋغاتلارنى ماشىنىنىڭ كەينى ساندۇقىغا سالغاچ قۇشۇپ قويدى- تاتلىق كىلىنىڭنى كۆرگۈڭ كەلگەندۇ؟

- دىلناز قىزىمنىغۇ قەۋەتلا كۆرگۈم كەلدى . بىچارە قىزىم 9 ئاي قورساق كۆتىرىپ كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتى. خۇدا ئىشلىرىنى ئاسان قىلغاي ئۇ بالامنىڭ...

- ئەمىسە ئۇدۇل ئۆيگە ھەيدەيمۇ ئانا ؟

-بولىدۇ بالام . بىزمۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئالايىتەن كەلگەندىكىن سوزماي بۈگۈنلا بىرىپ كۆرۈشۈپ كىلەيلى. ھىلىمۇ بەك سۇزۇلۇپ كەتتى...

ۋارىس ماشىنىنى تىزلا بوراپ نازىرنىڭ داچىسى بار تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك مىڭىپ كەتتى. يولدا ئانىسىغا مەكتەپكىمۇ بارماي قايتىپ كەلگەنلىكىنى، بىر مۇنچە ئۇقۇتقۇچى-ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرمۇ مەكتەپتە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى، ھىلىمۇ كۆپ كىچىكىپ كەتكەنلىكىنى قايتا-قايتا ئەسكەرتىپ تۇردى. مەقسىدى ئۇلارنى نازىرنىڭ قورۇسى ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپلا غىپلا قىلىپ قىچىش ئىدى.

نازىرنىڭ قورۇسى ئالدىغا كەلمەي تۇرۇپلا جىددىيلىشىپ كەتكەن ۋارىس ماشىنىنى يىراقتىلا توختاتتى. 2 قەۋەت بىنا ئۇنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ ھەيۋەت ، تېخىمۇ سۇرلۇك بىلىندى، بىنانىڭ دەرىزىلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە نازىرنىڭ كۆزىدەكلا كۆرۈنۈپ قاتتىق ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا قۇربى يەتمەي، قورۇنۇپ ئولتۇرغان ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى ناھايىتى ئالدىراش قىياپەتتە ماشىنىدىن چۈشۈردى-دە، بۇرۇنراق قايتىپ كەلسە ئۇدۇللا كىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇلارغا خوش دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ماشىنىنى تېزلىكتە قوزغاتتى...

ۋارىس مەقسەتسىز كوچا ئارىلاپ چارچىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كاللىسىدىكى تۈگىمەس قورقۇنۇچلۇق خىياللار ئۇنى قاتتىق قىينايتتى. ئاپىسىنىڭ نازىر ئائىلىسىدە مۇزدەك سوغۇق گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ئوغلىغا بولغان ئۈمىتسىز ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالاتتى. بىچارە ئانىسىنىڭ تۇلۇمدەك سىمىز پەرىدە خانىم ئالدىدا ئاجىزانە ئولتۇرغان سۇلغۇن، تىترەڭگۈ ھالىتىنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشاتتى...لېكىن ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق، "ئۆزەم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي داۋاغا " دەپ ئۇنى بىرەر قىسمەت كۈتۈپ تۇرغاندۇ... ۋارىسنىڭ نىرۋىلىرى چاراسلاپ ئاغرىپ كەتكەچكىمۇ ئاخىرى ئامالسىز ماشىنىنى ئۆيى تەرەپكە قاراپ ھەيدىدى.

ۋارىس ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن يەنە نىمە قىلىشىنى بىلمەي ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇزاقتا بارمايلا ئىشكاپ ئىچىدىكى بىر قاپ تاماكا يەنە قولىغا چىقتى. ئۇ بارلىق دەرتلىرىنى، قورقۇنچلۇق خىياللىرىنى تاماكا ئىسى بىلەنلا پۈۋلەپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، دەرىزە تۈۋىگە بېرىپ كۈچەپ تاماكا چەكتى. ئۇ پۈۋلىگەن ئىسلار خۇددى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ساناقسىز سوراق بەلگۈسىدەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە قالغان نىمجان جېنىنى تېخىمۇ قىينىۋەتتى. ۋارىس بىر ھازا تاماكا چەككەندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئۇيقۇ باسقاندەك قىلدى-دە، ئۇدۇللا كىلىپ مىھمانخانىدىكى چوڭ كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن تۇيۇقسىز سايرىغان تېلفۇن مۇزىكىسى تېخى ئۇيقۇغا غەرق بولمىغان ۋارىسنى چۆچۈتىۋەتتى. ۋارىس ئالدىراپ تېلفۇنىنى قولىغا ئالدى-دە، نازىر ئۆيىنىڭ تونۇش نومۇرلىرىغا قاراپ ئەندىكىپ كەتتى. تېلفۇننى ئېلىش-ئالماسلىق توغرىسىدا دەقىقە تېڭىرقاپ قالغان ۋارىسنىڭ

پىشانىسىنى چىپ-چىپ تەر قاپلاپ، بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك تىنالمايلا قالدى. بۇ تېلېفوننى ئانىسى ياكى سىڭلىسى بەرگەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى نومۇرلار ۋارىسقا خۇددى پەردە خانىمنىڭ قورقۇنچلۇق كۆزلىرىدەك بىلىنىپ كەتتى. تېلېفوندىن نازىرىنىڭ ياكى پەردە خانىمنىڭ زەھەرلىك گەپلىرى ئاڭلىنىدىغاندەك بىردەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن تۇرۇپلا تېلېفوننى ئۈزىۋەتتى. ۋارىسنىڭ يۈرىكى قايتىدىن بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئانىسىنىڭ قانداق قىيىن ئەھۋاللاردا قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئۇمۇتسىز قالدۇرۇپ ئالدىغا بارمىغانلىقىغا ئېچىندى. ئەڭ مۇھىمى داچا ئالدىدا دىلنازنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقتى. ئۇ دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن كۆكرىكىنى بوشقىنا سىلاپ ئۆزىنى كىرىسلوغا تاشلىشىغا تېلېفون يەنە ئەنسىز سايراپ قالدى. ۋارىسنىڭ كۆزلىرى يەنە شۇ تونۇش ئۆي نومۇرى بىلەن ئۇچراشتى-دە، باشقا ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن تېلېفوننى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئارقىدىن تېلېفوننىڭ ئېتىلگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلمىغاندەك باتارىيەسىنى ئېلىپ ئاندىن يۈرىكى جايىغا چۈشتى..

بىر چاغلاردا ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىشىدىن ئويغانغان ۋارىس ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ، قاپاقتەك ئىششىپ كەتكەن بېشىنى تۇتقىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇيقۇچىلىقتا دەماللىقتا كۆز ئالدىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بولالمىدى. ئۇ ئىشىكنى قىيا ئاچتى-دە، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە ئۈنسىز تۇرغان ئانىسى بىلەن ئۇنى يېقىنىدىن چىڭ يۆلىۋالغان سىڭلىسى ۋە نازىرىنىڭ شوپۇرىسىنى كۆرۈپ تۇيۇقسىزلا سەگەكلىشىپ كەتتى.

-ئا...ئا...ئانا كەلدىڭىزما؟...

ۋارىسنىڭ سوئالى جاۋاپسىز قالدى. شۇ ئارىدا ۋارىسنىڭ ئانىسى كۆزلىرىنى دەقىقە يۇمۇپ، لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى. رۇشەنگۇل ئاكىسىنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمۈتسىزلىك ئىچىدە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئانىسىنى يۆلىگىنىچە ئۈن-تىنسىزلا ئۆي ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ۋارىس ئىشىك تۈۋىدە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئانىسىنىڭ كەيپىياتىدىن نازىر ئۆيىدە بولغان گەپ-سۆزلەرنى بىلىپ يەتتى. ئانىسىنىڭ قانچىلىك روھى بېسىم ئىچىدە قىينالغانلىقىنى، ئازاپلانغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدى. تۇرۇپلا ئۆزىنى كاچاتلاپ ئۇرغۇسى كېلىپ ، بىچارە ئانىسىنى ياشانغاندا مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ

قويغانلىقىغىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. قارىغاندا ئىشىنىڭ ياخشى تەرىپىدىن يامان تەرىپى ئېغىردەك قىلاتتى. ئۇ بىرپەستىن كېيىن ئۆزىگە كەلگەندەك بولۇپ نازىرنىڭ شوپۇرى بىلەن سۇغۇقلا خوشلۇشۇپ ئۆيگە كىردى.

ۋارىس ئاتالسىز ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ تۇرۇۋسقا قاراپ ئازاپلىق خىياللار ئىچىدە ياتقان ئانىنىڭ كۆزلىرىدە لىق ياش لىغىرلايتتى. پات-پات ئېغىر-ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى. رۇشەنگۈل ئانىسىنىڭ بىلەكلىرىنى يېنىش-يېنىشلاپ تۇتىۋاتاتتى. ۋارىس ئىشىك تۈۋىدە بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن كارۋات قېشىغا كېلىشكە ئانىسى تۇيۇقسىزلا ئۆرنىدىن تۇردى-دە، ئىسەدىگىنىچە ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى.

- مەن ...مەن... نىمە دىگەن تەتۈر پىشانە، نىمە دىگەن بىتەلەي...مەن بىر ئادەم چوڭ قىلدىم دەپ ئەمەلىيەتتە بىر يارىماس ھايۋاننى بېقىپتىمەن. ئاپئاق سۈتۈمگە يۈز كىلەلمەيدىغان ھايۋاننى...

ياندا ئولتۇرغان رۇشەنگۈلمۇ ئانىسىنىڭ ھالىغا قاراپ ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى. بىر قولىدا ئانىسىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتسە، بىر قولىدا ئۈنىڭ قوللىرىنى تۇسۇۋېتتى. ۋارىسنىڭ بېشى پىرقىراپ ، چاراسلاپ ئاغرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئانىسىنىڭ بىچارە، ئازاپلىق ھالىغا قاراپ بۇقۇلداپ يىغلىنىچە تۇرغان يېرىدىلا تىزلاندى.

- خۇدا ھەققى جېنىم ئانا، ئۆزەڭنى بۇنداق قىينىما. مەن ئەجرىڭگە يۈز كىلەلمەيمەن. سۈتۈڭگە يۈز كىلەلمەيمەن. مەن ۋاپاسىز، مەن تۇزكۇر، مەن ھايۋان...مەن ھايۋان...

ئۆي ئىچىنى بىر پەس يىغا-زارە قاپلىدى. ۋارىسنىڭ ئەلەملىك يىغىسىغا قۇشۇلۇپ، بىچارە ئانا بىلەن رۇشەنگۈلمۇ بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ ھازىدارلاردەك يىغلاپ كەتتى. بىچارە ئانىنىڭ ئاجىز تىنى ئەلەملىك ئۆكسۈش ئىچىدە ياپراقتەك تىترەيتتى. قارىماققا ئۇ بۇگۈن بىر كۈندىلا نەچچە يىللىق قېرىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

- جېنىم...جېنىم ئانا، مىنى كەچۈرگىن. مەندەك دۆت ئوغلۇڭنى كەچۈرگىن. ئەسلى سىنى بۇنداق ئازاپقا، بۇنداق ئېغىر كۈنگە قويمىسام بولاتتى. تارتقان خورلۇقلىرىڭ، جاپالىرىڭ ھېلىمۇ ساڭا يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن مەن ئاتالسىز قالدىم. ئىشلىرىم سىنىڭ يۈزۈڭ ، تىرىشچانلىقىڭ بىلەن

ئوڭشۇلۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ ئويلۇدۇم. لېكىن ھازىر ئويلۇساممەن خاتا قىپتىمەن. خاتا قىپتىمەن...

ۋارسىنىڭ يۈرەكلىرى پىچاقتا تىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى. بۇرۇنقى دەرتلىك ئازاپلىرى ئەمدى ئانىسىنىڭ بىچارە ھالى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ قىينىۋېتاتتى. ئانا بىر ھازا ئۆكسىگەندىن كېيىن قىزىغا قاراپ بوشقىنا پىچىرلىدى:

- بالا...بالام، ھازىر مىجەزىم تازا ياخشى ئەمەس، يۈرۈكۈم ئاغرىپ تۇرىدۇ. ئاكاڭغا دە، مىنى بىردەم ئارامىمدا قويسۇن، بىردەم بولسىمۇ مىنى قىينىمىسۇن...

ۋارس ئانىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى پات كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ يەتتى. يۈز تۇرانە گەپ قىلىشقىمۇ رايى بولمىغان ئىكەن دىمەك كۆڭلى قاتتىق رەنجىگەنلىكى ئىنىق...ۋارس ئانىسىنىڭ يېشىنى ئېيتىشقا، ئاجىز ئورۇق قوللىرىنى سىقىمداشقا، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆكسۈپ تۇرۇپ بېشىنى قويۇۋشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئاستا ئورنىدىن تۇردى. گەپ قىلىشقا تەڭشەلگەن سىڭلىسىغا "بولدى" دىگەندەك قول ئىشارىسى قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

- مىنى كەچۈرمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن ئانا. مەن ھازىر ھەممىدىن ئايرىلدىم، ئەمدى سەندىنمۇ ئايرىلىپ قالغۇم يوق...شۇڭا ئۆزەڭنى بۇنداق قىينىما...خۇدا ھەققى، سەندىن خوش بوپ قالاي...

ۋارسنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى ياتاق ئۆي ئىچىدە خېلى ئۇزاق ئەكس سادا قايتۇردى. ۋارس ئانىسىنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئۆزىنى يەنىلا كىرىسلوغا تاشلىدى. قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەن بولسىمۇ بىر نەرسە يېيىشكە ھېچ رايى بولمىغاچقا يەنە جىممىدە ياتتى. ئۇنىڭ ئەمدى ئىشلارنىڭ داۋامىنى ئويلاشقا جۈرئىتى قالمىغان ئىدى.

ۋارس بىر كىچە پەقەت ئۇخلىيالمىدى. كىرىسلودا ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ، نۇرغۇن قورقۇنۇچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقتى. خىيالىدىمۇ نۇرغۇن چىگىش خىياللار ئۇنى قىينايتتى. ئىنىقكى نازىر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى كەچۈرىشى، كىيىنكى تۇرمۇشىغا پۇرسەت بىرىشى مۇمكىن ئەمەس، دىلنازنىڭ يۈرىكىدىكى نەپرەتنىڭ مۇھەببەتكە ئايلىنىشىمۇ تەس...ئۇمۇ ئەمدى ئاجرىششتىن ئىبارەت بۇ يولنى تاللىغان گەپ...

ۋارس تاڭغا يېقىن سىڭلىسىنىڭ ياتاق ئۆيىدىن چىقىپ تازىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭغىنىنى ، يان ئۆيدە بامدات نامىزى ئۇقۇغانلىقىنى تۇيۇپ ياتتى. لېكىن 5 ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان مۆئمىن ئانىسى بۈگۈن نامازغا قوپمىغان ئىدى. بەلكىم قاتتىق چارچاپ كەتكەن بولسا ، مىجەزى ياخشى بولمىسا بۈگۈن قوپمىدى بولغاي...

دەرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئۆينى خېلى يورۇتقان بولسىمۇ، ۋارس چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتكەن بېشىنى يەنىلا كۆتىرەلمەي بىر ھازاغىچە ياتتى. بىر ۋاقىتلاردا سىڭلىسى بىر قاچا سۇيۇقاشنى ئەكىرىپ قويۇپ، گەپ-سۆز قىلماي جىمجىتلا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاران تەستە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى-دە، سىڭلىسىنىڭ ئانىسى ياتقان ئۆيگە كىرىپ كىتىۋاتقان سۈلغۈن ھالىتىگە قاراپ ئېغىر خۇرسىندى.

ۋارس ھور چىقىپ تۇرغان ئاشقا ئەمدى ئېغىز تەگمەي دىگەندە، ياتاق ئۆيدىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ چىققان سىڭلىسى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۈنى چاقىرىپ قالدى.

-ئا...ئاكا...-رۇشەنگۈل گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بىر پەس ئىسەدەپ كەتتى.- ئا...ئا...ئانام....

- ۋاي نىمە بولدى؟ يىغلىماي دىسەڭچۇ؟..

-ئانامنى تاماققا چاقىرسام گەپ قىلماي ياتىدۇ. ھۇشىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ...

-نىمە؟...-ۋارس سىڭلىسىنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئايلانغاندەك بولۇپ، ئۇدۇللا ياتاق ئۆيگە قاراپ يۈگىردى. قانداقتۇر بىر شۇملۇقتىن يۈرەكلىرى مۇجۇلۇپ ئىچ-ئىچىدىن يىغا ئۇلاشتى. ئۇ تۇرۇسقا قاراپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ياتقان ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپلا ئۇنىڭ بېشىنى كۆتىردى.

-ئا...ئانا...ئانا....

رۇشەنگۈلمۇ ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ تەڭلا تووۋلىدى.

-ئانا...ئانا...

ئانا جىمجىت ياتاتتى. كۆز جىيەكلىرىدىكى قورۇقلار ئەتراپىدا ياش تامچىلىرى قېتىپ قالغان ئىدى. ۋارس قوچىقىدىكى ئانىسىنى بوشقىنا سىلكىشلىۋىدى ئانىسىنىڭ بېشى لەسسىدە يانغا سىرىلدى. ۋارسنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېغىپ كەتتى. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق كۆز ئالدىدا

زاھىر بولدى. نىرۋىلىرى قالايمىقانلىشىپ، يۈرەكلىرىنىڭ سوقۇشى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ تىنىقىغا قولىنى ئاپىرىپ ، تۈيۈقسىزلا ۋاقىراپ كەتتى.

ـ ياق...ياق...ياق....

ۋارىس ئىســـــەدىگىنىچە ئانىســـــىنىڭ باغرىغـــــا ئـــــۆزىنى ئـــــاتتى. "ياق" دىگەن يىغلاڭغۇ ئاۋاز ئۆي ئىچىدە توختىماي ئەكس سادا قايتۇراتتى. 30 يىلدىن بىرى ۋارىسقا ئىللىق مۇھەببەت بىرىپ كەلگەن ئوتلۇق تەن مۇزدەك قېتىپ قالغان بولۇپ، ۋارىس قوچىقىدىكى سوۋۇشقا باشلىغان ئانا تىنىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. يىغلاپ تۇرۇپ مەڭزىنى ئانىسىنىڭ مۇزدەك مەڭزىگە يېنىشلاپ ياقتى. تىنىنى توختىماي پۇرىدى. لېكىن ئاجىز ، ئۇرۇق تەن ئۇنىڭ قۇچىقىدا بۇ دۇنيانىڭ بارلىق خوۋلۇقلىرىدىن مۇستەسنا ھالەتتە يەنىلا جىمجىت ياتاتتى...

ـ ئانا ، جېنىم ئانا. كۆزۈڭنى ئاچ. كۆزۈڭنى ئاچ...

ۋارىسنىڭ، رۇشەنگۈلنىڭ نالە-پەريادلىرى جاۋاپسىز قالدى. يۇشۇرۇن يۈرەك كىسىلىگە گىرىپتار بولغان بىچارە ئانا ئاخىرى قەدىردان بالىسىنىڭ دەردىنى كۆتىرەلمەي،قۇدىلارنىڭ يۈرىكىنى تىلغان زەھەرلىك گەپلىرىگە بەرداشلىق بىرەلمەي ، ھېچكىمنى ئاۋارە قىلمايلا بۇ دۇنيا بىلەن جىمجىتلا خوشلىشىپ كەتتى. نەچچە 10 يىللىق تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىنى، ئېتىز-ئېرىق ئېغىرچىلىقلىرىنى، ئائىلىنىڭ تۈرلۈك تۈمەن ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتىرىپ كەلگەن قەيسەر تەن ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە كىچىككىنە روھى بېسىمنى كۆتىرەلمىدى. ئۈمۈتسىزلىكنى كۆتىرەلمىدى. ۋاپاسىزلىقنى كۆتىرەلمىدى. دىمەك- بىر ئۇلۇغ ئانا بالا دەپ ياشاپ، بالا دەپ جاپا تارتىپ يەنە شۇ بالا دەپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. لېكىن ھېچكىم بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان ئىدى. ۋارىسمۇ، رۇشەنگۈلمۇ، قۇدىلارمۇ بۇنداق ئېغىر كۈنگە قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدى. مانا بىر كىچىككىنە شەيتانۇ باشلىنىش ئاخىرىدا بىر بەختىلىك ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ، ئاتىنى ئايالىدىن، بالىنى ئانىدىن ئايرىپ بىر باشقا چىقتى...

جىمجىتلىقتا چۆككەن قەبرىستانلىقتا ۋارىسنىڭ قەدىمى يەنە بىرىنچى بولۇپ تەگدى. ئۇ نۇرغۇن قەبرىلەرنى يىراقتا قالدۇرۇپ، ناھايىتى ئاددى بىر

قەبرىنىڭ ئالدىغا ئاستا كەلدى-دە، بىرگە ئېلىپ كەلگەن بىر چېلەك سۇنى قەبرە ئۈستىگە ئاستا سەپتى. پۇشايمان، ھەسرەت ئىچىدە قىينالغان يۈرەكلەردىن ئاققان نەچچە تامچە ياش سۇ بىلەن قوشۇلۇپ قەبرىگە سىڭدى. ۋارىس قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپلا ئولتۇردى. تۈن قاراڭغۇسىدا قەبرىستانلىق شۈنچىلىك سۈرلۈك، قورقۇنۇشلۇق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ۋارىس ھەممە تەشۋىشتىن خالىي ئىدى. ئۇنىڭ ئېڭىدا بىر ئانا ئوبرازىلا ھۆكۈم سۈرەتتى. پەقەت بىر ئازاپلىق كەچمىشلا ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ قەبرىستانلىقتا چوڭ شەھەرلەردىكىدەك ئالاھىدە ياسالغان قەبرىلەر، گۈمبەزلەر بولمىسىمۇ ، ۋارىسنىڭ ئانىسىغا ئوخشاشلا بىر ئۆمۈر جاپادا ئۆتكەن،ئىشچان، سەممىي ، ئۇلۇغ ئاتا-ئانىلارنىڭ روھى بار ئىدى. ۋارىس بۈگۈن كۈندىلىك ئادىتىگە ئوخشاش دۇئاغا قول كۆتىرىپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئانىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. دۇئاغا كۆتىرگەن قوللار تىترەپ، يۈرەككە پاتماي قالغان بىر تالاي ھەسرەت كۆزلەردىن مارجان كەبى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ئىسەدىگەندىن كىيىن يۈزىنى قەبرىنىڭ جانسىز تۇپىلىرىغا يېقىپ ئۈنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. قارىماققا ئۇ شۇ تاپ ئانىسىنىڭ روھى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ كەتمەكچى بولغاندەكمۇ قىلاتتى.

-بالام ۋارىسجان...

ۋارىس تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتىرىپ ، ئۆزىگە مېھرىبانلارچە قاراپ تۇرغان دادىسىنى كۆردى. ئايالىنىڭ ئىچ ئاغرىقى، بالىسىنىڭ ھەسرەتلىك ھالىتى بىچارە ئابدۇللا ئاكىنىمۇ خېلىلا جۈدەتكۈزىۋەتكەندەك قىلاتتى.

-بولدى ، سەۋىر قال بالام ، سەۋىر قىل. خۇدا ئاناڭنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن، ئۇ ئالەمدە بولسىمۇ بەختىنى بەرسۇن...تولا كۆز يېشى قىلما ئاناڭنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن بالام...- ئابدۇللا ئاكا ناھايىتى زور غەيرەتتە ۋارىسقا تەسەللى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، كۆزچاناقلىرىغا پاتماي قالغان ياشلىرىنى يۇشۇرۇپ قالالمىدى.

-لېكىن دادا، مەن پەقەت چىدىيالمىدىم. ئويلاپ باقسام بىچارە ئانامنىڭ ئەجرىنى قىلچىلىك قايتۇرالماپتىمەن، پەقەت ئۆزەم بىلەنلا بولۇپ ئانامنى، سىزنى ئويلىماپتىمەن. مەن بىر ئۆمۈر پۇشايمان ئىچىدە قىينىلىپ ئۆتكۈدەكمەن دادا...- ئاستا ئورنىدىن تۇرغان ۋارىس دادىسىنىڭ ساقاللىق

مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ـ بولدى. يۈرۈكۈمنى زىدە قىلما بالام. جاننى ئاللا ئالىدۇ. تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. بۇ دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار بالام...

ـ 10 نەچچە كۈندىن بۇيان يېتىملىكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بىلىپ يەتتىم دادا. ئانىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى بىلىپ يەتتىم. لېكىن ئەمدى جاپاكەش ئانامنى بېقىۋالاي، ئەجرىنى قايتۇراي دىسەم ئۇ يېنىمدا يوق. ئۇنى تۇپىغا كۆمۈۋەتتىم. ئۇنى ئۆزەم كۆمۈۋەتتىم...

ۋارىسنىڭ يىغىسى قەبرىستانلىقنى بىر ئالدى. ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ ئۇزاق كۆز يېشى قىلىشتى. جۇدالىقنىڭ ئازابى ئاتىنى، بالىنىمۇ قاتتىق قىينىۋەتتى. ھەممە نەرسە قولدىن كەتكەندە قەدرىنى تاپىدۇ دەپ، قەدرىنى بىلمىگەن ئاددى بىر ئانا ئەمدى ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتتى. بەلكىم ۋارىسنىڭ بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇش مۇساپىسىدە تېخىمۇ كۆرستىشى مۇمكىن.

ئانا ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىنسان. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىنسان تىلىدا تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئانا بالىسى ئۈچۈن قانچىلىك جەۋرى ـ جاپالارنى تارتسىمۇ يەنىلا ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھىس قىلىدۇ. بالا چېھرىدىكى كۈلكە بىلەن كۆكلەيدۇ. لېكىن يېتىملىك يامان، ئانىسىزلىق يامان. بۇلۇپمۇ ئۆز قولىدا دەپنى قىلغانلار ئۈچۈن تېخىمۇ يامان...

ئابدۇللا ئاكا ۋە مەھەللىدىكى بارلىق ئۇرۇق ـ تۇققان ، خوشنىلار ۋارىسنىڭ ئانىسىنى تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتتى دەپلا قارىدى. ئەمىلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. لېكىن ئۇنىڭ سەۋەبى پەقەت ۋارىس بىلەن رۇشەنگۈلنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئازاپلىق يارا بولۇپ قالغان ئىدى.

ۋارىس بۈگۈن قەبرىستانلىقتا شۇنداق ئۇزاق ئولتۇردى. دادىسىنىڭ دۈئاسىدىن كېيىنمۇ يەنە يالغۇز قالدى. چۈنكى ئۇ بۈگۈن ئۇرۇمچىگە قايتماقچى ئىدى. ئانىسىنىڭ قەبرىسىدىن، ئۇنىڭ روھىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. يېتىملىكنىڭ قەدىمىنى بېسىپ يىراق شەھەردە پۇشايمان ئىچىدە ياشىغۇسى يوق ئىدى. لېكىن ئامال يوق. ئۇ يەردە ئۇنى خىزمەت بىلەن ھەسرەت باسقان ئۆيى ساقلاپ تۇرىدۇ.ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆز قىممىتىنى يۇقاتقان ، مېھرىبان ئايالىدىن، ئۇماق پەرزەنتىدىن، بەختلىك ئائىلىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئامالسىز ياشىشى كېرەك، ئازاپ ئىچىدە بولسىمۇ ياشىشى كېرەك...

دىلناز دەم ئالغان 3 ئاي ۋاقىت شۇنچىلىك تەستە ئۆتتى. تۇرمۇشىنى ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە شۇنچىلىك گۈزەل، بەختلىك ھىس قىلغان قىز نەتىجىدە بىر تالاي ئازاپ-ھەسرەتكە گىرىپتار بولدى. ساپ مۇھەببىتىگە بولغان خائىنلىق، مىڭبىر جاپادا قوساق كۆتۈرگەن ئوغلىدىن ئايرىلىش ئازابىغا قوشۇلۇپ ۋارىسىنىڭ ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى ئۇنى ئۇنسىز ياش تۆكىدىغان، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىدىغان، تەنھالىق ئىچىدە تېخىمۇ قىينىلىدىغان قىلىپ قويدى. ئۇ ۋارىسىنىڭ ئاپىسى يوقلاپ كەلگەن شۇ كۈنىلا بىر خىل كۆڭۈلسىزلىكنى ھىس قىلغان ، ئاتا-ئانىسى بىلەن نىملەرنى دېيىشكەنلىكى، قانداق ئاھانەتلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، كېتىش ۋاقتىدا دىلنازنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ، ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغان ، دىلنازنى تىترەپ تۇرغان جانسىز قوللىرى بىلەن باغرىغا چىڭ بېسىشقا ئۇرۇنغان، "بىزنى كەچۈرۈڭ جېنىم قىزىم، بىز سىزگە مەڭگۇ يۈز كىلەلمەيمىز، مەڭگۇ يۈز كىلەلمەيمىز..." دەپ بوشقىنا پىچىرلىغان بىچارە تۇرقى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. پەردە خانىمنىڭ ئىشىك تۈۋىدە بىلىنى تىرەپ، ۋارىسىنىڭ ئاپىسىغا ئالىيىپ قارىغان كۆزلىرىدىنلا ئۇنىڭ مىھانلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈرگەن ، "تىگى پەس قەلەندەرلەر..." دەپ بوشقىنا تىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكى شۇنچىلىك ئېچىشقان ئىدى... ئەتىسىلا قېينى ئاپىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى. بىر ئائىلە ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى. قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن نازىر ھەققى ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كيىن، نىمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىرغان پېتى مىيتنى ئېلىپ جەنۇپقا يولغا چىقتى...دىلناز ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ قان يىغلايدىغان بولدى. بۇرۇن تارتقان دەرت-ھەسرەتلىرىنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ئېغىر ۋىجدان ئازابى قېتىلغانلىقىنى ھىس قىلدى. ئۇ قېينائانىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىگە زادى كىمنىڭ سەۋەپچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. بىر تۈرۈپ ئاپىسىدىن كۆردى، ئاپىسىنىڭ زەھەرخەندىلىكىدىن نەپرەتلەندى. يەنە بىر تۈرۈپ بارلىق خوشاللىقىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەپچى بولغان ۋارىستىن كۆردى ، ئۇنىڭدىن

يىرگەندى. دىلناز ئەمدى قانداق ئويلىسۇن ھەممىسى تۈگىگەن ئىدى. دىلنازنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قەلبىدە ۋارىسقا بولغان نەپرەت-ئۆچمەنلىك قالغان بولسا، ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ۋارىسنىڭ قەلبىدە پەرىدە خانىمغا نىسپەتەن غەزەپ-نەپرەت قەپقالغان ئىدى.

دىلناز 3 ئايىنى بۇرۇقتۇمۇلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. بۇرۇنقى بەختلىك بۇ ئائىلىدە بىر مەزگىللىك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ھېچكىم ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. بۇرۇنقى ئىشلارنى تىلغا ئالمايتتى. پەرىدە خانىم ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە تەكەببۇرلۇقىدىن كەپ چىققان ئاقىۋەتتىن خىجىلمۇ دىلنازغا ئۆچۈقتىن-ئۆچۈق قارىيالمايتتى. دىلناز بۇ مەزگىلدە ۋارىسقا تېلېفون قىلىشىنى، ئەھۋال سوراشنى، كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشىنى كۆپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنداق قىلالمىدى. ھېسداشلىق بىلەن نەپرەت ئارلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ئىچكى ھېسسىياتى يەنىلا يول قويمىدى. ۋارىسمۇ ئۇنى بىر قېتىممۇ ئىزدەپ كەلمىدى، بىرەر قېتىممۇ تېلېفون قىلمىدى. دېمەك ۋارىس ئاجرىشىش قارارىغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. لېكىن تۇرمۇشتا ھەممە نەرسە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىدىكەن، دىلنازنىڭ نەپرەتكە تولغان قەلبى يەنىلا بەزى-بەزىدە يۇمشاپمۇ قالاتتى. بىر چاغلاردا رەشىك ئازابى تارتىپ قىلدەك تولغانغان دەملىرىنى، دەرتلىك ياش تۆككەن مىنۇتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشاتتى. قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدىن يەنىلا ئوتلۇق بىر سىمانى ئىزدەيتتى. ئۇنى خىيالىدا نەچچە كەچۈرۈپ چىقاتتى. لېكىن رىئاللىق ھامىنى رىئاللىق. گەرچە بۇ مۇھەببەت دىلنازغىلا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇھەببەتكە يەنە ئائىلىدىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. گەرچە دىلناز ئاقكۆڭۈللىكى، سەمىمىلىكى بىلەن بۇ ئېغىر گۇناھنى كەچۈرگىنى بىلەن نازىر ۋە پەرىدە خانىم ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر گۆھەردىن ئەتىۋا قىزىنى ئۆز ئىززىتىنى بىلمەيدىغان تۈزكورنىڭ قولىغا ئەمدى ھەرگىز تۇتقۇزمايدۇ...

دىلناز ئەنە شۇنداق ئازاپ ئىچىدە يېڭى بىر يىلنى كۈتىۋالدى. يېڭى يىل ئاخشىمىنى ياتاق ئۆيىگە بىكىنىپ جىمجىتلا ئۆتكۈزدى. دادىسى، ئاپىسى، يېقىن دوسلىرى ئىبەرتكەن يېڭى يىللىق دەستە-دەستە گۈللەرمۇ، ئاپىسى

مىڭبىر جاپادا قورۇغان نەچچە خىل قورۇملارمۇ ئۇنى ھېچبىر خوش قىلالمىدى. ئۆزىنى ئانچە-مۇنچە تۈزەشتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ ئۇمۇ خوش ياقمىدى. دەرىزىدىن لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قاراپ ئەسلىملەر ئىچىدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن بۆگۈنكىدەك يىگىي يىل ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، بۆگۈنكىدەك يىتىمسىرىمىغان، بۆگۈنكىدەك چۈشكۈنلەشمىگەن... توي قىلغان 5 يىلدىن بىرى ھەر يىڭى يىلنى خۇددى بىر يىڭى ھاياتنى كۈتىۋالغاندەك، يىڭى بىر بەختنى قارشى ئالغاندەك ئۆتكۈزگەن. يىڭى يىل ئاخشىمىدا ۋارسىنىڭ مۇھەببەتلىك سۆزلىرى ئىچىدە، ئەڭ بەختلىك دەقىقىلەرگە ھەمرا بولغان. ۋارسىنىڭ ئاددىلا سوۋغىلىرىدىن شۇنچىلىك شاتلانغان.ئەپسۇس، ئۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى. ئۇ ئەمدى بىر چۈش خالاس...

دەرىزە سىرتىدىكى يېغىۋاتقان قارغا قاراپ ئولتۇرغان دىلنازنىڭ ئاپئاق قارلاردىنمۇ كۆڭلى ياندى. كۆڭۈل ئازادە بولمىسا، شاتلىق بولمىسا ئاپئاق قارلارغا قاراپ تاماشا قىلىشنىڭ نە زۆرۈرىيتى بولسۇن...بۇنداق بۇرۇقتۇمۇلۇق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىۋەرسە كىيىن نىمە بولماقچى؟...دىلناز كارۋاتقا كىلىپ بىردەم ئۇھسىنغاندىن كىيىن ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قىشلىق يېپىنچىسىنى ئاتتى ـ دە، ياتاق ئۆيدىن چىقىپ پەسكە قاراپ ماڭدى.

دىلناز مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەندە نازىر بىلەن پەرىدە خانىم ئۇن-تىنسىز تىلىۋىزور كۆرىۋاتقان بولۇپ، دىلنازنىڭ كىرىشىدىن ھەيران قالغاندەك بىر-بىرىگە قارىشىپ دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇشتى. پەرىدە خانىم قىزىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئاستا يېنىغا ئەكەلدى.

ئۆي ئىچىدە يەنە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. دىلنازنىڭ سۇلغۇن كەيپىياتىغا قاراپ نازىرمۇ، پەرىدە خانىممۇ نىمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلمەي خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ خىل جىمجىتلىقتىن ئىچى سىقىلغان پەرىدە خانىم ئۆزىنى باسالماي يەنە ئاۋال گەپ باشلىدى.

ـ تاتلىق قىزىم، بابا تاماقمۇ يىمەي چىقىپ كەتكەنتىنىڭ. قورسىقۇڭ

ئاچقان بولسا مەن ھازىرلا تاماق قىلىپ بېرەي؟

- قورسىقىم توق.

دىلنازنىڭ سوغۇقلا قايتۇرغان جاۋابى پەرىدە خانىمنىڭ ئىغىزىنى تۇۋاقلاپلا قويدى. قىزىنىڭ كەيپىياتىنى كۆزەتكەچ تىپلىۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان نازىر تىپلىۋىزورنى ئاستا ئۆچۈرۈپ قىزىنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە مېھرىبانلارچە تىكىلدى.

- جېنىم قىزىم. بۇنداق قىلىشىڭىز بولمايدۇ. سىزگە نىمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىسەممۇ، لېكىن سىز چۇقۇم ياخشى ئۇزۇقلىنىشىڭىز، ۋاقتىدا تاماق يېيىشىڭىز كېرەك. شۇڭا ئاپىڭىزنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ قىزىم.

- راس دادا. مىنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى. شۇ سىلەرگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى.- دىلناز ئۆزىنى تەمكىن كۆرسەتمەكچى بولدىمۇ، ساپاغا يۆلەنگەن ماغدۇرسىز جىسمىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا تىرىشتى.

- شۇنداقمۇ بالام. قېنى دەڭە، قۇلۇقىمىز سىزدە .-نازىر بىلەن پەرىدە خانىم تەڭلا دىلنازغا تىكىلدى.

- مىنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىممۇ تۈگەپ قاپتۇ دادا، ھېلىمۇ ئىدارە رەھبەرلىكى ماڭا كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىپ بەردى. شۇڭا يېڭى يىل بولغاندىكىن مەنمۇ ئەتىدىن باشلاپ خىزمەتكە چۈشەيمىكىن دىگەن. شۇڭا سىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دەپ كىرىشىم.

- ياق بالام ، بولمايدۇ. تېخى تولۇق ئەسلىگە كىلىپ بولالمىدىڭ، بۇنداق ئەھۋالدا ئىشقا چۈشۈپ خىزمەت ئورنىڭدا يىقىلىپ چۈشسەڭ مەن قانداق قىلىمەن بالام. شۇڭا يەنە بىر مەزگىل سىنى ئۆيدىن كۈتمىسەم بولمايدۇ جېنىم قىزىم. - دىلنازنىڭ گېپى ئاياقلاشماي تۇرۇپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتكەن پەرىدە خانىم نازىرنىڭ جاۋاپ بېرىشىنى كۈتمەيلا سۆزلەپ

كەتتى.- ئاۋۇ تىگى پەسىنگغۇ سەن بىلەن كارى بولمىدى بالام، ئەمدى ئۆزەڭنىڭمۇ كارى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ بىزگە خىزمەت ، پۇل لازىم ئەمەس بالام. سىنىڭ سالامەتلىكىڭ، ساقلىقىڭ كېرەك...

گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن نازىر ئاياللىنىڭ سۆزلىرىدىن ئاغرىنىدىمۇ ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئېغىر بىر تىندى.

- ھەي، سىنىڭ مۇشۇ كوت-كوت مىجەزىڭ قاچانمۇ ئوڭشىلار ھە؟ بىردەم بولسىمۇ جىم ئولتۇرساڭ بولمامدۇ. قىزىمىزنىڭمۇ ئويلىغانلىرى باردۇر. ھەممە ئىشتا دائىم مۇشۇنداق ئالدى پەشلىك قىلىسەن، يا بۇ ئالدى پەشلىكىڭ بىر خوشاللىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. قاچان قارىسا ئادەمگە ئىش تېپىپ بىرىپلا تۇرغان...

ئۇزاق ۋاقىتتىن بىرى كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە دەردىنى چىقىرالماي قالغانمۇ قانداق، نازىرنىڭ ئاددىلا گېپى پەرىدە خانىمنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تەگدى.

-مەن ئالدى پەشلىك قىلىپ خاتا قىپتىمەنمۇ دادىسى. خاتا قىپتىمەنمۇ؟...بىلسىلە، مەن مۇشۇ ئالدى پەشلىكىم بىلەن سىلىنى نى-نى خاتا ئىشلاردىن توسۇپ باققان، نى-نى بەختسىزلىكلەردىن تۇسۇپ باققان ...لېكىن سىلى ئاڭلىدىلىمۇ، مىنىڭ پىكىرىمنى توغرا تاپتىلىمۇ؟ ... مىنىڭ پىكىرىمنى بىرەر قېتىم توغرا تاپقان بولسىلا ماۋۇ گۈلدەك قىزىمىز بۇنداق بەختسىز بولۇپ قالمىغان، بىزمۇ بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ياشىمىغان بولاتتۇق...ھەممىسى، ھەممىسى ...- پەرىدە خانىم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمەي ئىسەدەپ كەتتى.

-ھەممىسى، ھەممىسى ...دەيسەنغۇ. نىمە ھەممىسى ؟ قېنى دىگىنە نىمە ھەممىسى؟...- ئاياللىنىڭ سۆزلىرىدىن جۇدۇنى ئۆرلىگەن نازىر ۋاقىراپ سالدى.

-شۇ...شۇ...ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبى. ئۇز ۋاقىتتا

"قىزىمىزنى بۇ تىگى پەسكە ياتلىق قىلمايلى، سەھراغا كىلىن قىلمايلى " دىسەم پەقەت ئۇنىمىدىلا. خۇددى بۇ تۇزكور ئۆزلىرىگە ئالتۇن تىللا تۆكۈپ بىرىدىغانىدەك. مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ. گۆلدەك قىزىمىزنى بەختىسىز قىلىپ، ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلىپ ئولتۇردۇق مانا. خەلقى ئالەم ئالدىدا كۆتىرىپ يۈرىدىغانغا يۈزۈمىزمۇ قالمىدى. خوپ بولدى...

-بولدى كاسىلدىما. مەن قىزىمنى بەختىسىز بولسۇن، ئازاپ تارتسۇن، تۇل قالسۇن ...دەپ بۇ تويغا قوشۇلۇپتىمەنما؟ . مەنمۇ ئۇنىڭ بەختىنى ئويلىغان، كەلگۈسىنى ئويلىغان. لېكىن ئۇ مەلئۇننىڭ بۇنداق قىلىشىنى مەن نەدىن بىلەي...

-تىگى پەسنىڭ قىلىقىمۇ پەس دىگەننى ئاڭلىمىغانمۇ ئۆزلىرى. زادى مۇشۇنداق بولماقچىدى. شەھەردە قىلىپ، خىزمەتكە ئورۇنلۇشۇپ، پۇل تېپىپ ئاخىرى مۇشۇنداق قىلماقچىدى. ئاشۇ بۇزۇلغان ۋاقىتلىرىدىلا بەزى ئىشلارنى كۆڭلۈم تۇيغان مىنىڭ . گەپ قىلىپ قۇيساي دىسەم نەچچە قېتىم شۇ تۇزكورنىڭ ئالدىدىلا ئېغىزىمنى تۇۋاقلاپ قويغان ئىدىلە. تېخى شۇنىڭغا بۇلۇشۇپ كەتكەن ئىدىلە. مانا ئەمدى ئوبدان بىلىپ قالسىلا، قىزىمىزنىڭ بەختىنى بۇزغان مەنمىكەن ياكى ئۆزلىرىمىكەن...

نازىر ئالدىدا ھەر ۋاقىت خوش دەپ تۇرىدىغان، نازىرنىڭ گېپىگە ئىنچىل ئىتائەت قىلىدىغان پەرىدە خانىم ئەزەلدىن نازىرغا بۇنداق كايىمىغان، گۇناھ قويۇپ باقمىغان ئىدى. بىر مەزگىللىك روھى ئازاپ ئىچىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولۇپ تۇرغاندا نازىرنىڭ ئاددىلا گىپىنى سىغدۇرالماي قالدى. قىسقىسى ۋارىسقا بولغان ئۆچمەنلىك چىكىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەردىنى ئادەم تاپالمىغاندەك نازىردىن ئېلىۋاتاتتى. ياق ياق...ئۇ دەردىنى ئالغان، ياتاق ئۆيگە بىكىنىۋېلىپ ئازاپلىنىپ ياتقان قىزىنىڭ ھالىغا قاراپ، يېقىن-يۇرۇق ئاياللارنىڭ ھەر ياندىن ھىسداشلىق قىلىپ ئىچ ئاغرىتىشىغا، تۇگىمەس تاپا-تەنىلىرىگە قاراپ چىدىمىغان. نەتىجىدە تېخى ئاپىسىنىڭ 40 نەزىرىسى بەرمىگەن ۋارىسنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ ، جان ئاچچىغىدا خىزمەتداشلىرى ئارىسىدا تازا رەسۋاسىنى چىقارغان، ئۇنىڭ يۈزسىزلىكى، ۋاپاسىزلىقى،

ئەخلاقسىزلىقنى بىر مۇنچە ئادەملەرنى يىغىپ داۋراڭ سالغان. ئۇنى بۇلۇشىغىچە قارىغان. ئۇنىڭ ئىدارىدىكى ، جەمىيەتتىكى ئورنىنى بىر پۇڭغا ئەرزىمەس قىلىۋەتكەن... لېكىن بۇلار پەرىدە خانىمغا نىسپەتەن يەنىلا ئاز ، ئۇ ۋارسنى چاپاناپ پۈركىۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدۇ.

نازىر بىلەن پەرىدە خانىمنىڭ ئارلىقىدا ئۇلارنىڭ تاكاللىشىشىغا قاراپ چىدىمىغان دىلناز قولىقنى ئىتتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. ئەزەلدىن تاكاللاشمايدىغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يەنە شۇ كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلى ئازارلىشىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى تۇلىمۇ يېرىم بولدى.

ـ بولدى ، بولدى...مىنىڭ ئەمدى سىلەرنىڭ تاپا ـ تەنەڭلەرنى ئاڭلاشقا قۇربۇم يوق. مىنى خوش بولسۇن دىسەڭلار ئەمدى ئۇنىڭ گىپىنى قىلماڭلار، ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئالماڭلار. مەن سىلەردىن خوش بوپ قالاي. خوش بوپ قالاي.

تۈيۇقسىز ئورنىدىن تۇرغان دىلناز قولىنى ئاپىسىنىڭ قولىدىن سىلكىپ ئاجراتتى ـ دە، ئىسەدىگىنىچە مېھمانخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. كۆڭلى غەش ئولتۇرغان نازىر قىزىنىڭ يىغىسىغا قاراپ چىدىمىدىمۇ، ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ئايالىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.

ـ ھەي، ھەي...ـ نازىر بېشىنى چايقىغىنىچە بىگىز بارمىقىنى پەرىدە خانىمنىڭ كۆز ئالدىدا شىلتىشكە باشلىدى.ـ سەن قاچانلا قارىسا باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بىرىپ ئۆتەمسەن ھە، قېرىغانسىرى مىجەزىڭ تېخىمۇ ئۇسال بولۇپ كىتىۋاتىدىغۇ سىنىڭ. ماۋۇ قىزىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىملىقىنى بىلىسەنۇ نىمىشقا يەنە ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سىپىسەن. كۆڭلىنى كۆتىرىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن يەنە كۆڭۈلنى زىدە قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىسەن. سەن قاچانمۇ ئادەم بۇلىسەن ھە؟ قاچانمۇ؟...

ـ ماۋۇ گەپنىڭ نوچىقىلىقىغا قاراڭ ئەمدى.ـ پەرىدە خانىم نازىرنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قولىنى بىلىگە

تىرىدى.ـ مەن ئەمدى ئادەم بولماي قالغان ئوخشىمامدىمەن، قېنى دىسىلە، مىنىڭ نەرىم يارىماي قىلىۋاتىدۇ ئۆزلىرىگە؟ نەرىم كۆزلىرىگە سىغمىدى؟ " ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ قاياشى" دەپ يەنە شۇ ھايۋانغا بۇلۇشۇپلا تۇرىدىلىغۇ. قېرى كۆرۈنۈپ كەتكەن بولسام سىلىمۇ بىرەر ياش بۇزۇقتىن بىرنى ئەكىرىۋالماملا ئەمىسە...

پىلىمۇتتەك سۆزلەپ ھارغان پەرىدە خانىم جاۋغىيىدىكى تۈكۈرۈكلەرنى قولى بىلەن ئېيتىشقا ئۆلگۈرمەي تۇرۇپ، مەڭزىگە تەككەن قاتتىق شاپىلاقتىن سافاغا ئوڭدىسىغىلا چۈشتى. ئۇ خۇددى چۈش كۆرىۋاتقاندەك، ئالدىدا قولىغا قارىغىنىچە گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان نازىرغا بىر پەس قاراپ تۇردى.ـدە، تۇيۇقسىز يۈزىنى سافاغا يېقىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

نازىر خېلى ئۇزۇنغىچە گاڭگىراپ تۇرۇپ كەتتى. ئايالىنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىشىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. دىمەك ـ ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىغا قول تەككۈزگەنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى. دىمىسىمۇ توي قىلغان 30 يىلدىن بۇيان ئۇ ئەزەلدىن ئايالىنى تاك قىلىپ چېكىپ باقمىغان ، ھەتتا قۇدىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىگە ئايالىنىڭ سەۋەپچى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئامالسىز ھەممىنى ئىچىگە يۇتىۋەتكەن ئىدى. توغرا، ئۇمۇ ئۆز قىزى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدىغۇ ، قىزىنىڭ بەختىسىز بولۇپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ كايىۋاتىدىغۇ ، ھەر قانداق ئانا ئەلبەتتە ئۆز بالىسى ئۈچۈن غەم يەيدۇ، ئازاپ چېكىدۇ، ئاھ ئۇرۇدۇ ئەمەسمۇ...نازىر بىر ھازا گاڭگىراشتىن كىيىن ئايالىنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئۇرۇنلۇقتەك ھىس قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلىشىغا پەرۋا قىلماي، يەنىلا قىزىغا تەسەللى بىرىش ئۈچۈن ئىككىنچى قەۋەتكە قاراپ ئالدىراش ماڭدى.

دىلناز يېڭى يىللىق دەم ئېلىشتىن كىيىنكى بىرىنچى كۈنىلا ئىشقا چۈشتى. دادىسى ئۇنى ئىستانسا دەرۋازىسىغىچىلىك ئاپىرىپ قويدى. ئاپئاق قارلارنى يىنىك دەسسەپ ئىشخانا بىناسى تەرەپكە كىتىۋاتقان دىلناز بۇگۈن

ئـۆزىنى خـېلىلا تۈزەشـتۈرۈۋالغان ئـىدى. يـېڭىلا سـېتىۋالغان قـاملىق قىزىـل پەلتۇسى ئىچىدە يەنىلا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان بىـر پـارچە ئـوتنى ئەسـلىتەتتى، سۇس گـىرىمى تېخى تولۇق يۇقالمىغـان داغلىرىنـى خـېلىلا يۇشـۇرغان بولـۇپ، ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرى چىرايلىق تولغۇلغەن ئـىدى . گەرچە بىـر مەزگىللىـك ئازاپلىق كەچمىشلەردىن كېيىن بۇرۇنقىدىن سەل جۇدىگەن، كۆزلىرىـدىن بىـر خىــل مەيۈسـلۈك چىقىــپ تۇرســىمۇ، يەنــىلا تەبىئـى گـۈزەللىكى ئـادەمنى لال قىلاتتى ... دىلناز بىنادىن خۇددى ئـۇركىگەن كېيىكـتەك جىـددىلىك ئىچىـدە چىقتــى. ئالــدىغا ئۇچرىغــان خىزمەتداشــلىرى بىــلەن قىــزغىن سالاملاشــقان بولسـىمۇ، ئـۇلار خـۇددى دىلنازنىـڭ تۇرمۇشـىنى سـوراپ سـالىدىغاندەك ئـۇلار بىلەن تېزلا خوشلاشتى، بەزىـدە تـۇرۇپ خىزمەتداشـلىرىنىڭ كـۆزلىرى ئـۇزىنى مازاق قىلىۋاتقاندەك، "هالىڭ شۇنچىلىك" دەۋاتقانـدەك بىلىنىـپ كەتتى.

دىلناز ئىشقا چۈشكەن بىرىنچى كۈنىلا يەنىلا ئىكران ئالدىغا كەلـدى. ئـۇ بۇگۈندىن باشلاپ ھەمـمە كۆڭۈلسـىزلىكلەرنى ئۇنتـۇپ، پۈتـۈن نىيىتـى بىـلەن خــزمەتكە چۆكـۈش، شـۇ ئـارقىلىق بىـر مەزگىـل بولسـىمۇ روھـى بىسـىمدىن قۇتۇلـۇش نىيىــتىگە كەلــگەن ئــىدى. ئــۇ پۈتــۈن خىزمەتداشــلىرىنىڭ ئــۆز تۇرمۇشىدىكى بـارلىق كۆڭۈلسـىزلىكلەردىن تەپسـىلى خەۋەردار ئىكەنلىكىنـى ، خىزمەتداشــلىرىلا ئەمەس ئــۆزىگە كۆڭــۈل بۆلــدىغان جەمىيەتتىكــى بــارلىق كۆرۈرمەنلەر ئارىسىدا ئۆزى توغرۇلۇق نۇرغۇن پاراڭلارنىڭ ئېقىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەن . لېكىن ئامال يوق، باشقىلارنىڭ كۆزىنى كور قىلىۋەتكىلى، ئېغىزىنـى چـاپلاپ قـويغىلى بولمايـدۇ دە. ئـۇ يەنـىلا ئىكـران ئالـدىغا چىرايلىـق گىـرىم قىلىپ، ئەڭ تاتلىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن پەيدا بولۇشى كېـرەك. خەۋەرلەرنـى يەنــىلا زىــل ئــاۋازى بىــلەن شـۇنچىلىك راۋان، جـاراڭلىق ئۇقۇشـى كېـرەك. ئۆزىنىــڭ تەبىئـى تـالانتىنى يەنە تولـۇق نامـايەن قىلىشـى كېـرەك. ئۆزىنىــڭ ئوبرازىغا بۇرۇندىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلىشى كېرەك...

ئارىدىن بىر قـانچە كـۈن ئۆتـۈپ كەتتـى. دىلنـاز خـزمەت بىـلەن بولـۇپ خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھىس قىلـدى. لـېكىن كـم بىـلەن ئۇچراشسۇن ، كىم بىلەن سالاملاشسۇن يەنىلا تۇرمۇشى توغرۇلۇق گەپ باشلىناتتى. قارىماققا

ھەممە ئادەم ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ بەزى ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا باشقىچە قارىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىدى. بەزى ئەر خىزمەتداشلىرى پاراڭ ئارىلىقىدا تېتىقسىز گەپ-سۆزلەردىنمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى ئۇنۇتمىدى. لېكىن ئۇ ھەممىگە سىپايىلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپلا قويىدى.

ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي دىلنازنىڭ بىر يېقىن دوستى ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قالدى. دىلناز 2 يىل ئىلگىرى يولدىشىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بۇ دوستى بىلەن پات-پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە كۆپ قېتىم تەسەللى بەرگەن ئىدى. بۈگۈن ئۆزىمۇ كۆڭلىدىكى دەرتلىرىنى تۆكۈۋېلىشنى مۇۋاپىق كۆردىمۇ ئۇنىڭ تەكلىپىگە تېزلا قوشۇلدى. ئىشتىن چۈشۈپلا چىرايلىق گىرىم قىلىپ، ئەڭ يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىپ دوستى بىلەن دېيىشكەن چايخانىغا ۋاقتىدا كەلدى. دوستىغا تېلېفون قىلغان ھامان چايخانا ئىشىكىدە بىر قىز پەيدا بولدى.

-دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ جېنىم دوستۇم.- چېچىنى سۇس قىزىل بوياپ، قېنىق گىرىم قىلىۋالغان قىز دىلنازنى چىڭ قۇچاقلىدى. - سىرتلارغا چىقمىغىلىمۇ ئۇزۇن بولدىغۇ دەيمەن ساڭا، يەنىلا شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپسەن .

-رەخمەت زۇلخۇمار ، سەنمۇ شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپسەن.-دىلناز دوستىنىڭ قېنىق گىرىمدىن رازى بولمىغاندەك ئاددىيلا سالام قىلدى. - بۈگۈن باشقىچىلا ياسىنىۋاپسەنغۇ سەن ھە.

-شۇنداقمۇ، بەك ئاددىي-ساددا يۈرۈپ كەتسەك باشقىلارنىڭ نەزىرىگە ئىلىنماي قالىدىكەنمىز. شۇڭا ئۆزەمنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرەي دېدىم شۇ. مېھمانلىرىم ئالدىدا چىرايلىق دوستۇمدىن چىنىپ قالماي دەپ...

دىلناز ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرىنى دوستىنىڭ ئۈستى-بېشىغا ئاغدۇردى. بۇرۇنقىغا پەقەت ئوخشىمايۋاتقان زۇلخۇمارنىڭ يۈرۈش-

تۇرۇشىلا ئەمەس ،گەپ سۆزلىرىمۇ باشقىچە چىقىۋاتاتتى.

ـ قايسى مېھمان ئۇ؟ مەن بىلەلمەي قالدىمغۇ؟

ـ ھە...ھە... شۇ...شۇ مېنىڭ ئىككى دوستۇم. سىنىڭمۇ كۆڭلۈم بەك يېرىم دىلناز ، ئۇزۇن بولدى يالغۇزلۇقتا بۇرۇقتۇما بولۇپ ئۆتىۋاتىسەن. شۇڭا كۆڭلۈڭنى ئېچىلىپ قالسۇن دەپ ئۇلارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قويغان. قانداق بوپتىمۇ؟ـ زۇلخۇمار كۆزلىرىنى باشقىچە ئوينۇتۇپ ھەييارلىق قىلدى.

ـئوبدان بوپتۇ. رەخمەت ساڭا. دوس دىگەن يەنىلا دوسىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدۇ ھە . رەخمەت. رەخمەت...

ـ بولدى ، رەخمەتنى كېيىنچە ئېيتىۋال، تېز كىرەيلى، ئۇلار ساقلاپ قالمىسۇن.

زۇلخۇمار دىلنازنىڭ قولىنى يېتىلەپ چايخانىغا قاراپ ماڭدى. چايخانىنىڭ نەچچە ئون ئۈستىلىدىن ئارىلاپ ئۆتۈپ ئەڭ چەتتىكى بىر ئايرىمخانىغا باشلاپ كىردى. ئايرىمخانىغا ئاۋال قەدەم ئالغان دىلناز سۈس قىزىل چىراق نۇرىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىككى ئەرنى كۆرۈپ چۈچۈپ كەتتى:

ـ زۇلخۇمار ، خاتا كىرىپ قاپتۇق. بۇ يەردە باشقىلار باركەن.ـ دىلناز شۇنداق دىگەچ دەرھال كەينىگە داجىدى .

ـ ياق، خاتا كىرىپ قالمىدۇق. بۇ باشقىلار ئەمەس، مەن ساڭا دىگەن دوسلۇرۇم.قېنى كىرە ...ـزۇلخۇمار كەينىگە داجىغان دىلنازنى ئالدىغا ئاستا ئىتتەردى.

ـ ياق، ياق...مەن كىرمەي، مەن كىرمەي. مەن تېخى قىز دوسلۇرۇڭ

چېغى دەپ ئويلاپتىمەن. بولدى مەن قايتىپ كىتەي.

-ۋاي نىمە دىگىنىڭ بۇ. بۇ يەرگە كىرىپ بۇلۇپ چىقىپ كەتسەڭ ماۋۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭا سەت ئەمەسمۇ. بولدى بىردەم ئولتۇرە.

دىلناز تۇرغان ئورنىدا دەقىقە تۇرۇپ قالدى. كىرىش-كىرمەسلىك توغرىسدا كاللىسىدا كەسكىن تالاش-تارتىش بۇلۇشقا باشلىدى. مەن تېخى بىرسىنىڭ نىكاھىدا تۇرۇپ بۇنداق يەرلەردە باشقا ئەرلەر بىلەن ئولتۇرسام قانداق بولۇدۇ؟ باشقىلار كۆرۈپ قالسا نىمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟...دىگەن سۇئال توختىماي پىرقىرىدى. شۇ ئارىدا ھىلىقى ئادەملەردىن بىرسى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز قاتتى:

-دىلناز ، بىز قورۇققىدەك ئادەملەرمۇ ئەمەس. يا بىز ئادەم يىمەيمىز. دوستىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىردەم ئولتۇرۇڭ ، قېنى تورگە ئۆتۈڭ. قېنى...

دىلناز بىردەم گاڭگىرىغاندىن كىيىن قانداق بۇلۇپ ئولتۇرۇپ قالغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. لېكىن كاللىسىنى يەردىن ئۈزمەي چىگىش خىياللار ئىچىدە قىينالدى. ھىلىقى ئىككى ئەرنىڭ توختىماي ئىچىملىك بۇيرىتىشلىرى، دوستىنىڭ ئۆزىنى توختىماي ماختاشلىرىمۇ قۇلۇقىغا كىرمىدى. ئۆزىنى خۇددى ئېغىر بىر گۇناھ ئىش قىلىپ سالغاندەك، ۋارس ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى ئۆزىمۇ ئۆتكۈزىۋاتقاندەك ئازاپلاندى.

-دىلناز...دىلناز....

زۇلخۇمارنىڭ قايتا-قايتا ئۈنلۈك چاقىرىشىدىن ئىسىگە كىلىپ بېشىنى كۆتىرگەن دىلناز "نىمە؟" دىگەندەك قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قويدى.

- ئەتىدىن بۇلارغا سىنى تۇنۇشتۇرۇپ ھېرىپ كەتتىم. سىنى تۇنۇشتۇرمىسامىمۇ بۇلار سەندەك داڭلىق رىياسەتچى قىزنى ئوبدان بىلىدىكەن .

ئەمدى بۇلارنىمۇ ساڭا تۇنۇشتۇرۇپ قوياي.ـ زۇلخۇمار مۇغەمبەرلەچە ھىجىيىپ ئىككى ئەرگە كۆزنى قىسىپ قويدى.ـ بۇياق مىنىڭ يېقىن دوستۇم قۇربانجان ئاكام ، بۇياق قۇربانجان ئاكامنىڭ دوستى پۇلات ئاكام...

دىلناز زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئىككى ئەرگە بوشقىنا باش لىڭشىتتى. لېكىن ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ ياشتىكى بۇ ئاكا يوللۇق ئادەملەرنىڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىشىدىن تىنى شۈركىنىپ كەتتى. بۇلۇپمۇ يېنىدا ئولتۇرغان پۇلات ئىسىملىك سىمىز ئادەمنىڭ ئوغرىدەك قارىشىدىن سەسكەنگەندەك يانغا قارىۋالدى.

ئارىدا دىلناز نەچچە قېتىپ قايتىپ كىتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ زۇلخۇمارنىڭ قايتا ـ قايتا زورلىشى بىلەن يەنە توختاپ قالدى.

ـ ئۇنچىۋالا ئىھتىياتچان بولۇپ كەتمە دوستۇم. بەزىلەر سىنىڭ، بىزنىڭ قەدرىمىزنى بىلمىگىنى بىلەن ماۋۇ ئاكىلار قەدرىمىزنى ئوبدان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇشقا پىشقان، بىز دىگەن يەردىن چىقالايدۇ. شۇڭا ئۆزەڭنى ئەركىن تۇت دوستۇم.ـ زۇلخۇمار شۇنداق دىگەچ رومكىدىكى ئىچىملىكنى دىلنازنىڭ چاي ئىستاكانىغا سۇقۇشتۇرۇپ "گۈپ" قىلىپ ئىچىۋەتتى. ـ ۋارىس سىنى تاشلىۋەتكىنى بىلەن پۇلات ئاكام سىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ. قانداق دىدىم پۇلات ئاكا...

ـ شۇنداق ، شۇنداق...ـ دىلنازنىڭ كۆزىگە يەۋەتكۇدەك قاراپ ئولتۇرغان سىمىز ئەر ئورنىدىن قوزغۇلۇپ كەتتى. ـ دوستىڭىزدىن ئاڭلىسام ھېلىقى گۇي سىزگە ۋاپا قىلماپتۇ. سىزمۇ ئاجرىشىپ تەنھا ئۇتىۋاتقاندىكىن دوس بوپ قالايلى. خۇدايىم بۇيرىسا سىزنى ھەرگىز نائۇمۇت قالدۇرمايمەن. سىزدەك گۈزەل پەرىزات ئۈچۈن جېنىمدىن كىچىشكىمۇ رازىمەن.

دىلنازنىڭ بېشى پىرقىراپ كەتتى. نىمە دىگەن تېتىقسىزلىق بۇ. مەن قانداق يەرگە كىرىپ قالدىم ھە، ئالدىمدىكى زۇلخۇمارمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ؟ ئادەم دىگەن نىمانداق تېز ئۆزگىرىپ كىتىدۇ ھە؟ ياكى بولمىسا تەنھالىق

ئادەمنى مۇشۇنداق بۇلۇشقا مەجبۇرلامدىغاندۇ؟ ...دىلناز ياندىكى ئەرگە نازلىق ئەركىلىگۋاتقان زۇلخۇمارغا قاراپ قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

-زۇلخۇمار، قېنى دىگىنە ، كىم مىنى ئاجراشقان دەيدۇ؟ كىم مىنى تۇل قالدى دەيدۇ؟ سەن مىنىڭ ھەقىقى دوستۇم بۇلىدىغان بولساڭ قالايمىقان جۆيلۈپ يۈرمە. مەن سىنى بۇنداق تىز ئۆزگىرىپ كىتەر دەپ ئەسلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. مەن سەندىن بەك ئۈمۈتسىزلەندىم.- بۇيەرگە راستىنلا خاتا كىلىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ تىترەپ كەتكەن دىلناز ئۆزىگە ھاياسىزلارچە قاراپ تۇرغان پۈلات ئىسىملىك ئادەمگە زەردە بىلەن تەگدى.- سىزمۇ ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلىڭ. مەن تۇل، تەنھا ئەمەس. مىنىڭ يولدۇشۇم بار. خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ مەن ئۇنى كەچۈرىۋېتەلەيمەن. ئۇ سىزگە قارىغاندا يەنىلا مىڭ ھەسسە ياخشى. مىڭ ھەسسە ياخشى...خوش مەن كەتتىم.

بۇنداق تېتىقسىزلىققا يۇلۇقارمەن دەپ ئويلىمىغان دىلناز ھەممەيلەنگە غەزەپ بىلەن ئالايدى-دە، سومكىسىنى يۇلۇپ دىگەندەك ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. شۇ ئارىدا ھېلىقى ئادەم تۈكلۈك سىمىز قوللىرى بىلەن دىلنازنىڭ يۇمران بارماقلىرىنى تىزلا تۇتىۋالدى.

- يولدۇشىڭىز بولسا نىمە بوپتۇ دىلناز، مىنىڭمۇ ئايالىم ، ئائىلەم بار. ئۇلار بىزگە تاقاشمايدۇ. سىز خالىسىڭىزلا بىز ياخشى دوس بوپ قالالايمىز.

-قولۇڭنى تارت ئەبلەخ. - دىلناز قولىنى غەزەپ بىلەن سىلكىدى.- ئەمدى ئىككىنچى مىنىڭ ئىسمىمنى ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما. ئىززىتىڭنى قىلسام بىلمىدىڭ. ئەمدى يەنە ماڭا يېپىشىۋالىدىغان بولساڭ ساقچى چاقىرىمەن. سىنى تۈرمىگە سۇلىتىۋېتىمەن.

پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن دىلناز كۆز جىيەكلىرىدىن ئاققان ياشلارنى توختىتالمىدى. ئۇ چىقىپ كىتىۋېتىپ ئىشىك تۈۋىدە بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى-دە، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ زۇلخۇمارغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

- سەن ئۆزگۈرۈپسەن . راستىنلا ئۆزگۈرۈپسەن. ئەمدى مىنى ئىككىنچى ئىزدىگۈچى بولما، ئەسلىدە مەن سەن بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشىمەن، سىردىشىمەن، يارا بولغان قەلبىمگە تەسەللى تاپىمەن دەپ كەپتىكەنمەن. ئەمدى قەلب خاتىرەمدىن سەندەك بىر دوستۇمنى مەڭگۈلۈك يۈيىۋەتتىم. راس مەڭگۈلۈك يۈيىۋەتتىم. خۇدا كۆڭلىڭگە ئىنساپ بەرگەي. ئىنساپ بەرگەي...- دىلناز گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن زۇلخۇمارنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالمايلا ، بىشنى چايقىغىنىچە ئايرىمخانىنىڭ ئىشىكىنى غەزەپ بىلەن يىپىپ چىقىپ كەتتى.

چايخانىدىن ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ چىققان دىلناز خۇددى ئۇلار ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقىدىغاندەك، ئۇدۇللا كەلگەن بىر تاكسىنى توستى-دە، ئۆزىنى كەينىدىكى ئورۇندۇققا تاشلىدى. ئۇنىڭ هازىرقى غەزىپىنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق كىلەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۆز-ئۆزىگە "تووا، تووا" دەپ پىچىرلايتتى. تارتقان ئازاپلىرى ئاز كەلگەندەك ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ نىمە كۈن؟ نىمە كەلگۈلۈك؟ بۇ ئادەملەر نىمانداق رەزىللىشىپ كەتتى. ئاجراشقانلارنى ، تۇل قالغانلارنى نىمە كۆرىدۇ؟ تەنها ئايالللارنىڭ هەممىسى يامان يولدا مىڭىشى ، ئىزىقىشى كىرەكمۇ؟ جەمىيەت نىمە ئۈچۈن ئۇلارنى سىغدۇرالمايدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئۇلارنى چەتكە قاقىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تۇل بوپ قىلىشى زادى كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟ نىمە ئۈچۈن بۇنداق ئايالللارغا دائىم هاياسىز كۆزلەر تىكىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاجىز قەلبىنى زىدە قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ نام شۆھرىتىگە نىمە ئۈچۈن داغ تەككۈزىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن، زادى نىمە ئۈچۈن؟...دىلناز ئاخىرىنى ئويلاشقا بەرداشلىق بىرەلمىدى. بۈگۈن ئۆزىنى تىك قىيادىن يەرگە غۇلاپ چۈشكەندەك، بارلىق ئىززەت-هۆرمىتى يەر بىلەن يەكسان بولغاندەك هىس قىلىپ كەتتى. زۇلخۇمار دوستى تۇرۇپ، ئۆزىنى تۇلۇق چۈشۈنۈپ تۇرۇپ يەنە نىمشقا شۇنداق يەرگە، ئاشۇ پەسكەش ئادەملەر ئارىسىغا باشلايدۇ؟ ئۇ بۇ ۋاستە ئارقىلىق زادى نىمىگە ئىرىشمەكچى ؟ دىگەن سۇئال ئۇنىڭ ئىڭىدا جاۋاپسىز قالدى. ئوقيادەك كىرىپىكلەر نەمدەلگەن، غۇنچىدەك لەۋلەر سەدەپتەك چىشلار ئارىسىدا چىشلەنگەن بولۇپ، ماشىنا سىرتىدىكى هەممە ئادەم ئۇنىڭغا بوزۇلۇپ كەتكەندەك، هەممە جاينى

بۇزۇقچىلىق، پەسكەشلىك قاپلاپ كەتكەندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. يۈرىكىنى تۇتۇپ ئىڭىر ـ ئىڭىر ئۇھسىنىۋاتقان دىلنازنىڭ كۆز ئالدىغا تۇيۇقسىزلا ئىستانسا باشلىقىنىڭ بۇرۇنقى بىمەنىلىكى كېلىۋالدى. ھېلىقى ماشىنا ئىچىدە قىلغان بىمەنە سۆزلىرى يۈرىكىنى يەنە بىر قېتىم مۇجىدى.ئۇ شۇلارنى ئويلىغاچ كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا ئەتىدىن بېرى دىققەت قىلمىغان تاكسى شوپۇرىغا قاراپ سالدى. توۋا...تاكسى شوپىرى دىلنازدىن خېلىلا كىچىك بولسىمۇ ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكىدىن دىلنازغا ھاياسىزلارچە تىكىلىپ تۇراتتى. تىنى باشقىچە جىغىلداپ كەتكەن دىلناز ھېلىقى شوپۇر يىگىتمۇ ئۇنىڭغا بىمەنە ، ھاياسىز سۆزلەرنى قىلىپ سالىدىغاندەك ، ئۆيىگە بارماي تۇرۇپلا ماشىنىنى توختۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

ـ رەخمەت ئۇكام، بولدى مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈۋالاي. مانا ماۋۇ پۇل...

دىلناز تەڭلىگەن پۇلغا قاراپ شوپۇر يىگىت دىمىغىدا كۈلدى.

ـ بولدى . رىياسەتچى ھەدە. سىزدىن كىرا ئالمايمەن. بۇندىن كېيىن چىقىپ قالسىڭىزمۇ ئالمايمەن.

ـ نىمىشقا ئەمدى؟ ـ دىلناز قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن ھەيرانلىق ئىچىدە سوراپ قالدى.

ـ سىز ماشىنىغا چىققاندىن بېرى سىزنى قانغۇچە كۆرىۋالدىم. ئادەتتە نۇرغۇن پۇل خەجلەپمۇ سىزنى بۇنداق كۆرۈشكە نىسىپ بولماس ئىدى. سىز تويى قىلىپ ئاجرىشىپ كەتسىڭىزمۇ، لېكىن يەنىلا 18 ياشلىق قىزدەكلا شۇنداق چىرايلىقكەنسىز. خام يەۋەتكۈدەكلا...ـ يىگىت ھاياسىزلىق بىلەن كۆزىنى بوشقىنا قىستى.

ـ يۇ...يۇ...يۇقال..يۇقال...ـ دىر ـ دىر تىترەپ ، غەزەپتىن تىلى كالۋالىشىپ كەتكەن دىلناز ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى شۇنچىلىك قاتتىق ياپتى ـ دە، قولىدىكى 50 يۈەن پۇلنى دەرىزە ئەينىكىدىن ھېلىقى يىگىتنىڭ چىرايىغا

قارىتىپ ئاتتى.ـ ئادەم ئەمەس ھايۋان...كۆزۈمدىن يۇقال...

دىلنازنىڭ ئەمدى ماڭغۇدەكمۇ مادارى قالمىغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى دىمىسە تۇرغان يىرىدىلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كىتىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ ئادەملەرگە زادى نىمە بولدى؟ زادى نىمە بولدى؟... دەپ ئۆز-ئۆزىدىن توختىماي سۇئال سورايتتى.ئۆزىنى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئويۇنچىقىغا ئايلىنىپ قىلىشۋاتقاندەك ھىس قىلىپ كەتتى.

چىگىش، مۇرەككەپ سۇئاللار، تىگى يوق تۇرمۇش زىددىيىتى ئىچىدە ئۇزاق قىينالغان دىلناز ھارغىن قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە ئاران دىگەندە كىلىشۋالالىدى. ئاپىسىنىڭ تەلمۈرۈشلىرىنى نائۈمىت قالدۇرۇپ ، ياتاق ئىچىگە بىكىنىدى. كىيىملىرى بىلەنلا كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە، يەنە بىر ئازاپلىق، ھەسرەتلىك كىچىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى... ئۇ شۇ تەرىزدە بىر ئايال ئۈچۈن بىر مەسئۇلىيەتچان ئەرنىڭ ، بىر ئىللىق ئائىلىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ، تەنھا ، تۇل ئاياللارنىڭ راسلا خاتىرجەم ، تىنچ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى، پاك ياشاپ تۇرۇپمۇ پىتنە-پاسات، تۆھمەتلەردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، بىزەڭ ئادەملەرنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر ۋاقىت ئەگىپ يۈرىدىغانلىقىنى ...ئاستا-ئاستا ھىس قىلىشۋاتاتتى...

كۈنلەر ئۆتكەنسىرى دىلنازنىڭ قەلبىدىكى ئاجرىشىش مەسىلىسى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ باردى. پەرىدە خانىمنىڭ تاپا تەنىلىرى بىلەن نازىرمۇ ئاجرىشىشنى مۇۋاپىق تاپقان بولۇپ، كۆپ قېتىم دىلنازغا ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بىجىرىۋېتىشنى ئوتتۇرغا قويىدى. دىلناز دائىم "بولىدۇ، ھازىر يېڭىدىن ئىشقا چۈشكەچكە بەك جىددى بوپ قالدىم، مەن تەييارلىق قىلاي" دەيتتيۇ، نىمىشقىدۇر يەنە كەينىگە سوزاتتى. بۇ ئائىلىدە ۋارىسقا ئەمدى مەڭگۈ ئۇرۇن يوقلىقىنى بىلسىمۇ، قەلبىدىكى ۋارىسقا بولغان ئۈنتۈلغۇسىز مۇھەببەتنى مەڭگۈلۈك كۈمۈۋېتىشنى يەنىلا خالىمايتتى.ئىشقا چۈشكەن ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە

ئۇچرىغاچقىمۇ يەنىلا ئۆزى ئۇچۇن ۋارىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ھىس قىلغان ئىدى. ئۇ دوسلىرىدىن ۋارىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىتىپ قالمىدى. ئۇنى قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدىن سېغىنسىمۇ ئۇنى بىۋاستە ئىزدىيەلمىدى. مۇھەببەت بىلەن غۇرۇر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەش ئىچىدە ھەر ۋاقىت ۋارىسىنىڭ چۈشكۈنلەشكەن، يادىڭغۇ چىرايىنى، قولىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان، بەزى-بەزىدە لەيلەپ قالىدىغان ئاجىز تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يۇم-يۇم ياش تۆكۈپ ئازاپلاندى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ئۇنىڭغا قايتىدىن مەدەت، ئىلھام بەرگۈسى، ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتقۇسى كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەمدى ئاتا-ئانىسىغا ۋارىس بىلەن يارىشىۋېلىش ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇش توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشى مۇمكىن بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى...

خىزمەتكە بىرىپ-كېلىشتە تاكسىدا ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغان دىلناز بۈگۈن يەنىلا دادىسىنىڭ ماشىنىسى بىلەن خىزمەت ئورنىغا كەلدى. ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئاپئاق شارپىسىنى بوينىغا نەپىس ئوراپ يىنىك قەدەملىرى بىلەن بىنا پەشتىقىغا يېقىنلاشتى. ئۇ پەشتاقتىن چىقىۋېتىپ سەل نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر ئايالنى ئۇچراتتىيۇ، لېكىن مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئېرەنسىزلا بىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

-دىل...دىل....دىلناز...دىلناز...

تۇيۇقسىز چاقىرغان ئەنسىز ئاۋازدىن بىر ئاز غەلىتىلىك ھىس قىلغان دىلناز كەينىگە يېنىپ ئىشكتىن چىقتىيۇ، يىراقتىكى قارا ياغلىق ئارتىۋالغان ناتونۇش ئايالنى تونۇمىغاندەك ھەيرانلىق ئىچىدە سورىدى:

-مىنى چاقىرىۋاتامسىز؟

دىلنازنىڭ سوئالىدىن بىر دەقىقە گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان ئايال قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ دىلنازنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتى، ئالەمچە مەيۈسلۈك، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە بېشىدىكى ياغلىقنى ئاستا پەسكە تارتتى...دىلناز

قانداقتۇر بىر خىل مۇرەككەپ ئىچكى ھىسيات ئىچىدە ئالدىدىكى ئايالنىڭ چىرايىغا باشقىدىن كۆز يۈگۈرتتى. ئىگىلگەن قەددى، چوڭلارغا خاس كىيىم-كېچەكلىرىدىن ھېچنەرسىگە ئىرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ياداڭغۇ چىراي، نۇرسىز كۆزلەردىن قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىگە ئورناپ كەتكەن خوشخۇي بىر قىزنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى. تەييارلىقسىز تۇرغان دىلنازنىڭ ئېڭىدا تۇيۇقسىز " سەلىمە" دىگەن ئاۋاز ئەكس سادا قايتۇرغاندەك بولدى-دە، ھەيرانلىقتىن ئۆزىنىڭ تووۋلاپ سالغىنىنى تۇيمايلا قالدى.

- سەلىمە، سەلىمە...

ئاھ، جۇدالىقتىن كېيىنكى قايتا ئۇچرىشىش. ئاھ ، يۈرەكلەرنىڭ تەكتىگە ئورناپ كەتكەن چىن دوسلۇق، ئۇنتۇلماس ساۋاقداشلىق ئەسلىمە...دىلنازنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتمىدى. نەچچە يىللاردىن بۇيان ھېچبىر ئىز-دىرىكىنى ئالالمىغان بىچارە دوستىنى قايتا ئۇچراتقانلىقىدىن شۇنچىلىك خوشال بولدىكى، خۇددى يۈتتۈرۈپ قويغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھىغا ، ۋارىسىنىڭ بۇرۇنقى ساپ-سەممىي مۇھەببىتىگە قايتىدىن ئېرىشكەندەك دوستىنىڭ ھالسىز جىسمىنى باغرىغا چىڭ باستى. ئۆزىنى تۇتۇشقا ئامالسىز ھالدا، دوستىنىڭ مۇزدەك مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

-مە...مەن...مەن چۈش كۆرىۋاتمايدىغاندىمەن ھە، بۇ ئۇگۇمىمۇ چۈشۈممۇ؟سەن راسلا سەلىمەمۇ؟ - دىلناز ئىسەدىگىنىچە دوستىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كىتىشكە تىرىشتى.

- راس ئاداش ، راس...مەن شۇ سەلىمە. مەن شۇ ئازغۇن ، بەختىسىز سەلىمە...- ھېلىقى ئايال قورۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەيرانە تۇرقىنى دىلنازدىن قاچۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دوستانە تەسەللىگە زار بولغان قەلبى ئۇنىڭغا يول قويمىدى. ئۇمۇ دوستىنىڭ يىغىسىغا قوشۇلۇپ يامغۇردەك ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

بىنا ئىشكىدىلا قۇچاقلىشىپ ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقان دىلنازغا قاراپ ئىشقا

ماگغان خىزمەتداشلىرى  ھەيرانلىق ئىچىدە بىر پەس قارىشىپ قالدى، دىلنازنىڭ بىر قانچە يېقىن دوستى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تەسەللى بېرىشنى ئويلىدىيۇ يەنە يالتايدى . شۇ تاپ  ئىككى دوست بىر گەۋدىگە ئايلانغان بولۇپ ، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىدىن مۇستەسنادەك قىلاتتى. توغرا،   بۇ ئۇلن سىلىپ يىغلاشلار ئىچىدە ئۇزاق يىللىق جۇدالىقتىن كىيىنكى ئۇچرىشىش خوشاللىقى بار ، ئۇلۇم ئىگى شەكىللىنىپ بولغان بىر جان دوستىنىڭ ھاياتلىق خوشاللىقى بار ، ئۇلار بىلسە ئىدى  يەنە شۇ خوشاللىقلار ئىچىدە مۇھەببەتتىن زەربە يەپ ۋاپاسىزلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان ،ئوخشاش بەختىسىزلىكنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ دەرتلىك ئازاپلانغان ئىككى قەلبنىڭ ئاچچىق پىغانىمۇ بار...

تۇرمۇشتىكى بەزىبىر تاساددىپىلىقلار ئادەمنى راسلا گاگگىرىتىپ قويىشى ئىنىق.  دىلنازمۇ ئۇزاق يىغىدىن كىيىن كۆزىگە ئوتتۇرا ياش كۆرۈنگەن ئايالنى ياق دوستىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئۇنىڭغا يەنە ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلارنى سۈرتۈپ، تاتارغان مەگزىنى توختىماي سىلىدى. قارىماققا ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ئۇچرىشىشنى بىر چۈشتەكلا ھىس قىلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ راسلا سەلىمە ئىدى. بىر چاغلاردا گۈزەل ئۇقۇش دەقىقىلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزگەن جان ساۋاقدىشى، دىلناز بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ خوشلۇشۇپ، ئۇزۇن مەزگىل ئۇن-تىنىسىز يوقالغان بەختىسىز  سەلىمە ئىدى.

دىلناز سەلىمە بىلەن ئۇزاقتىن-ئۇزاق قۇچاقلاشتى، ئۇزاقتىن-ئۇزاق كۆز يېشى قىلىشتى. لېكىن ھېچقايسىسى دەماللىقتا نىمە دېيىشنى بىلەلمىدى. دىلناز شۇ تاپ بەك خوشال ئىدى. ئۇ سەلىمەنى خېلى ئۇزاق قۇچاقلىغاندىن كىيىن ، ئۇنىڭغا بىردەم  كۈتۈپ تۇرىشنى ئېيتىپ،   5 مىنۇتقىمۇ بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە رۇخسەت سوراپ چىقتى. سەلىمەنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە يەنە بىر پەس قارىۋەتكەندىن كىيىن، ئۇنى  چىڭ قولتۇقلىغىنىچە ئۆيىگە تەرەپكە راۋان بولدى.  ئۇنىڭ شۇ تاپ دوستىنىڭ نەچچە يىللىق ھايات مۇساپىسىنى تولىمۇ بىلگۈسى كىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن سىر بوپ قالغان ھاياتلىق بىلەن ئۇلۇم ، ئانا-بالا، ئۇرۇق-تۇققان مۇناسىۋىتى، كىيىنكى زىددىيەتلىك تۇرمۇش

جەريانى ئۇنى جىددىلەشتۈرىۋاتاتتى. ئۇ ماڭغاچ خۇددى ھىلىقى بالا ھازىرمۇ سەلىمەنىڭ قورسىقىدا باردەك ئۇنىڭ ئۇررۇقلاپ كەتكەن جىسمىغا قايتا ـ قايتا قاراپ سالدى.

دىلنازنىڭ چوڭ ئۆيىگە كىلىپ ماشىنىدىن چۈشكەن سەلىمە بىر بىناغا، بىر دىلنازغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر سوئال باردەك قىلاتتى.

ـ ئۇنتۇپ قالمىغانسەن دوستۇم، بۇ بىزنىڭ ئۆي. بۇرۇنقى شۇ ئۆي....ـ دىلناز سەلىمەنىڭ قارىشىدىن ئەجەپلىنىپ قايتا بىر ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ـ بىلىمەن....ـ سەلىمە ئاستا كىلىپ دىلنازنىڭ قولىنى سىقتى.ـ بۇ ئۆينى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي دىلناز. مەن نۇرغۇن دەم ئىلىش كۈنلىرىمنى مۇشۇ قورودا شۇنداق مەنىلىك ئۆتكۈزگەن تۇرسام...لىكىن...لىكىن...ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى قەيەردە؟

تەييارلىقسىزلا تۇرغان دىلناز دەققە نىمە دىيىشنى بىلمەي قالدى. ئىڭىدا يىرىم يىلدىن بىرى بىر قىتىممۇ ئاياق بىسىپ باقمىغان ئۆيى، دەھشەتلىك دوۋزاخنى زاھىر قىلغان ھۆجرىسى پەيدا بولۇپ، چىرايلىق كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

ـ ھە..ھە...بار...بار...

ـ مىنىڭ ئۆز ئۆيۈڭنى ، سىنىڭ گۈلدەك بەختلىك تۇرمۇشۇڭنى بەكمۇ كۆرگۈم بار ئىدى.

ـ خۇدايىم بۇيرىسا...ـ ئىغىر تىنىقتىن كۆزلىرىنى چىم يۇمغان دىلناز ئىغىرىدا شۇنداق دىدىيۇ، كۆڭلىدە "ئەمدى مۇمكىن بولمايدۇ، مۇمكىن بولمايدۇ.." دەپ پىچىرلىدى. يەنە باشقا ئىغىر سوئاللارنىڭ سورىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، گاڭگىراپ قالغان سەلىمەنى ئالدىراتقىنىچە

چىرايلىق نەقىشلەنگەن دەرۋازىنى ئاچتى.

بىر چاغلاردىكى سەلىمەنىڭ ئازاپلىق ئەسلىمىلىرىگە ھەمرا بولغان ئۆيدە يەنە ئۇنىڭ يېڭى ئازاپلىق ئەسلىمىلىرى باشلاندى، ئىككى دوست بىر-بىرىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈشۈپ ، يۈرەكنى زىدە قىلىدىغان كەچمىشلەرگە ھەمرا بولدى. سەلىمە ئامالسىز دىلناز بىلەن خوشلاشقان دەقىقىلەردىن باشلاپ بېشىغا كەلگەن بارلىق قىسمەتلەرنى قان يىغلاپ سۆزلەپ چىقتى. شۇ يىراق يېزىدا ئۆتكۈزگەن تەنھالىق تۇرمۇشىنى، ئازاپلىرىنى، ئاتىسىز بالا بېقىش جەريانىدىكى پىتنە-پاساتلارنى...قىسقىسى سارىخان ئاپىسىنىڭ ياخشىلىقىدىن تارتىپ ھەممىنى بىر بىرلەپ سۆزلەپ چىقتى. لېكىن ئارىلىقتا ئۈرۈمچىگە بارغان، ئەكرەمنى ئىزدىگەن، ئازاپلىق ياش تۆككەن جەريانىنى سۆزلەشنى خالىمىدى. دىلنازنىڭ ئۆزىنى ئەيىپلىشىدىن قورقتى...

دوستىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاپلارنى ئاڭلاپ چىدىيالمىغان دىلناز ئۇنى نەچچە رەت باغرىغا باستى، تالاي قېتىم يۇم-يۇم ياش تۆكتى، ئورنىدا ئولتۇرالماي ياتاق ئۆيىنى نەچچە رەت ئايلىنىپ چىقتى ، ئاياللارنىڭ بەختسىزلىكىدىن كۆڭلى مىڭ پارە بولدى. ئەكرەمنىڭ ۋاپاسىزلىقى ۋارىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكىنى لەختە-لەختە قىلىۋەتتى.

-كىينچۇ؟ كىيىن قانداق بولدى؟- كۆڭلى تولمۇ يېرىم بولۇپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالغان دىلناز سەلىمەنى ئالدىراتتى.

- مىنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈم ئالدىمىدىكەن دىلناز. ئالدىمىدىكەن. مەن تەنھالىق ئىچىدە شۇنچە ئازاپلارنى تارتقان، شۇنچە ئېغىر كۈنلەرنى كۆرگەن بولسامۇ، لېكىن خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن جازاسى تۈگىمىگەن ئىكەن. ئاتا-ئانامنىڭ، ئاكامنىڭ ئۆمۈرلىرىنى يەردە قويۇپ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگىنىمنىڭ ، قىزلىق پاكلىقىمنى قەدىرلىمىگەنلىكىمنىڭ جازاسى تېخى تۈگىمىگەن ئىكەن.-لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىۋالغان سەلىمەنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىشقا باشلىدى.- كىيىن ماڭا ئانامدەك مېھىر بەرگەن سارىخان چوڭ ئاپامۇ

كىسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇنى قان يىغلاپ يەرلىككە قويۇپ، شۇ يېزىدا يەنە تىكەندەك يالغۇز قالدىم. ئارىلىقتا يېزىدىن نۇرغۇن ئەرلەر تويى تەكلىۋى قويدى ، لېكىن ئۇلارنى چىرايلىقچە رەت قىلدىم، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ ئەكرەمدەك ، ھەممىسى ۋاپاسىزدەك، ھەممىسى مىنى يەنە تاشلىۋېتىدىغاندەك ئۇلاردىن قورقتۇم. جاپا ئىچىدە تەنھا ئۆتۈشكە چىدىدىمكى، ئۇلار بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى راۋا كۆرمۇدۇم . قىسقىسى تەتۈر پىشانە ئوغلۇمغا چىدىمىدىم. ئۇنى ئۆگەيلىتىشنى خالىمىدىم. ئۇنى بىر قوللۇق بېقىشنى، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ئۇنى ياخشى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىشنى ئويلۇدۇم.

سەلىمە ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىنى بىرىلىپ ئاڭلىۋاتقان دىلنازنىڭ تۇيۇقسىز ئۆمچۈيۈپ يىغلىشىدىن ئەجەپلەنگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. لېكىن دىلنازنىڭ بالا گېپىنى ئاڭلاپ، ۋارسىنىڭ قولىدا بۇ ئالەمدىن ئايرىلغان ئەزىز ئوغلىنى ياد ئەتكەنلىكىنى پەقەت بىلەلمىدى.

ـ كېيىن بۇ يېزىدىن ئايرىلدىم . 2ـ3يىلدىن بىرى دېھقانچىلىق قىلىپ تاپقان ئازغىنا پۇلۇمغا تايىنىپ ناھىيە بازىرىدا كىچىك بىر يايما ئېچىۋالدىم. گەرچە دۇككان ئاددى، مال ئاز، كىرىم تۆۋەن بولسىمۇ مەن يەنىلا تىرىشىپ ئىشلىدىم. بىرنى ئىككى قىلىش، ئىككىنى ئۈچ قىلىش ئۈچۈن ھەر قانداق جاپاغا چىدىدىم. مەقسىتىم يەنىلا شۇ بالامنى ياخشى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىدى. ئەنە شۇنداق قىلىپ 3 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۈم . سودام بارغانسىرى ياخشىلاندى، پۇلۇم بار بولدى. ئاددى بولسىمۇ بىر ئۆي سېتىۋالدىم. بالامنى شۇ ناھىيىدىكى ئەڭ ياخشى يەسلىگە بەردىم. بالامنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەقىللىق، تىرىشچان، ئەخلاقلىق ئادەم قىلىپ چىقىشنى ، دادىسىدەك ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز، لۈكچەك بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمۈت قىلدىم. تىلەكلىرىم ئۆلۈغ خۇداغا يەتتىمۇ، ئوغلۇم ئەختەمجان كىچىكىدىن باشلاپ ناھايىتى گەپ ئاڭلايدىغان، ئەقىللىق بالا بولدى. يەسلىدىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. ئۆزەمنىڭمۇ مەلۇماتىم بولغاچقا ئۆيدىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتىم...ـ سەلىمە ئۆز ئوغلىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىدىن سۆيۈنگەندەك مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى.ـ سەن بىلمەيسەن دىلناز. سەن

بىلمەيسەن. ئوغلۇم شۇنداق چىرايلىق بالا بولغان، پاقلانداك شۇنداق سىمىز ئىدى. كۆزلىرى ئەكرەمنىڭ كۆزىدەك سەل قىسىق بولسىمۇ لېكىن يەنىلا شۇنداق ئۇماق ئىدى. ئۆزەم يىمىسەممۇ ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى يىگۈزەتتىم، ئۆزەم كەيمىسەممۇ ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كەيگۈزەتتىم. ـ سەلىمەنىڭ تۇرۇپلا بايىقى مىيىغىدا كۈلۈمسىرىشى نەلەرگىدۇ يۇقالدى. تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سومكىسىدىن بىر قانچە سۈرەتنى ئېلىپ دىلنازغا ئۇزاتتى...ـ قا...قارا...بۇ مىنىڭ ئوغلۇم ، مىنىڭ ئوغلۇم...

دىلناز سەلىمەنىڭ قولىدىن سۈرەتلەرنى ئېلىپ بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. ھەر بىر سۈرەتتە ئۇماق ئەختەمجاننىڭ سىماسى كۈلۈپ تۇراتتى...بىر قارىسا سەلىمەگە، بىر قارىسا ئەكرەمگە ئوخشاپ كىتىۋاتقان ئۇماق گۆيغا قاراپ دىلنازنىڭمۇ ھەقىقەتەن مەسلىكى كەلدى.

ـ راس. نىمە دىگەن ئۇماق گۆي بۇ...پاقلاندەك سىمىز بىقىپسەن.ـ رەسىمگە تويماي قارىۋاتقان دىلناز تۇيۇقسىز بىشىنى كۆتىرىپ مەيۈسلۈك ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەتكەن سەلىمەدىن ئالدىراپ سورىدى.ـ ھە راست، ئوغلۇڭنى ئەكەلمەپسەنغۇ؟ ئوغلۇڭ نەدە قالدى؟

دىلنازنىڭ سۇئالى جاۋاپسىز قالدى. سەلىمەنىڭ جىسمى بارغانسىرى ئىگىلىپ كىتىۋاتاتتى. بايىتىن بىرى ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ سۆزلەۋاتقان سەلىمەنىڭ بىچارىلارچە ئۆمچىيىشى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى. ھىسداشلىقىنى قوزغايتتى.

ـ سەلىمە، سەندىن سورىۋاتىمەن. ئوغلۇڭ قېنى؟..

دىلنازنىڭ قولىدىن ئوغلىنىڭ بىر پارچە رەسىمىنى ئاستا ئېلىپ باغرىغا باسقان سەلىمە تۇرۇپلا ئىسەدەپ كەتتى:

ـ مە...مەن...مەن ئۇنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم. ئۇنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم. ئۇنى ئادەم بېدىكلىرى ئوغۇرلاپ كەتتى. ئىپلاس قانخور ئالۋاستىلار ئوغۇرلاپ

كەتتى...-تۈيۇقسىز ئەنسىز ۋاقىراپ كەتكەن سەلىمە ئارقىدىنلا دىلنازنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.- بىلەمسەن دىلناز، بىلەمسەن...مېنىڭ تېخى كۆرىدىغان كۈنۈم بار ئوخشايدۇ. دەرت-ھەسرەتلىك كۈنلىرىم ئالدىمدا ئوخشايدۇ. خۇدا نېمىشقا بارلىق ئازاپنى ماڭىلا سالىدۇ؟ نېمىشقا مېنىلا قىينايدۇ؟ نېمىشقا بىرتالاي ئېغىر كۈنلەرگە قويۇپ، ئەمدىلىكتە يەنە شۇ بالامنىمۇ مەندىن ئايرىۋېتىدۇ؟...مەن بۇ دۇنيادا شۇ بالام ئۈچۈنلا ياشاپ قالغان ئەمەسمىدىم، شۇ بالامغىلا تارتىشىپ قالمىغانمىدىم...ئەمدى مەن ئۈچۈن ياشاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالسۇن، نېمە ئەھمىيىتى قالسۇن؟...

سەلىمە گېپىنىڭ داۋامىنى دېيەلمەيلا قالدى. ئۇنىڭ يىغىسى ئۆي ئىچىدە خېلى ئۇزۇنغىچە ئەكس سادا قايتۇرۇپ ئۈزۈلمىدى. دىلناز قۇچىقىدا توختىماي ياش تۆكۈۋاتقان سەلىمەنىڭ چاچلىرىنى سىلىغىنىچە ئويغا پاتتى. ياق. ئۇنىڭمۇ يۈرىكى يىغلىدى. ئاجىز دوستىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر قىسمەتلەردىن يىغلىدى، بارلىق ئۇرۇن-تۇققانلىرىدىن ئايرىلىش بىلەن بىرگە ئەزىز ئوغلىدىنمۇ ئايرىلغان دوستىنىڭ بەختسىزلىكىگە يىغلىدى. ئاياللارنىڭ ئاجىزلىقىغا قاراپ يىغلىدى. ئۇ شۇ تاپ دوستىغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيۋاتاتتى...

سەلىمە ھەممىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى. دىلنازنى نەچچە ئون قېتىم قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى. ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن ، تەتۈر پېشانىلىكىدىن ئاھ ئۇرۇپ سۆزلىدى...ئەتىگەن بىر چىرايلىق چېچەكنى ياستىپ، بىر چىرايلىق كىيىندۈرۈپ يەسلىگە يولغا سالغان، مېھرى بىلەن سۆيۈپ خوشلاشقان ئوغلىنى كەچتە تاپالمىغانلىقىنى، پۈتۈن ناھىيىنى نەچچە رەت ئايلىنىپ ئوغلىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغانلىقىنى ، شۇ كۈنلا چوڭراق ياشتىكى يەنە 3-4 باللىنىڭ تەڭلا يۇقاپ كەتكەنلىكىنى ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىكى خادىملارنىڭمۇ بىر ھەپتە ئىزدەپ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىغانلىقىنى، شۇ ناھىيە، شۇ ۋىلايەتتە 1 ئايدىن ئارتۇق ئېلان چىقىرىپ ئىزدەپ يەنىلا ھېچ خەۋەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، كېيىن كۈندە قان يىغلاپ بەئەينى ساراڭلاردەك بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قىلىشنىڭ نەقەدەر ئازاپلىق ئىكەنلىكىنى، بۇلۇپمۇ بالا مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقى،

بالا ھىجرانىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى...قىسقىسى ھەممە ئەھۋالنى يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغا ئىچىدە سۆزلىدى.

-بولدى ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، خۇدايىم ئىشلىرىڭنى ئاسان قىلغاي.-نىمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىگەن دىلناز سەلىمەنىڭ 30 ياشقا بارماي تۇرۇپ ئاقىرىۋاتقان چىكە چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى. - ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

- جېنىم دىلناز، مەن ھازىرغىچە توختىماي ئىزدەۋاتىمەن . كىچە-كۈندۈز ئىزدەۋاتىمەن. بىردىنبىر ئارزۇيۇم بالامنى تېپىش. ئۇنى باغرىمغا بېسىش... سەن دەپ باقە دوستۇم؟ مىنىڭ بۇ دۇنيادا شۇ ئوغلۇمدىن باشقا يەنە نىمەم بار؟ نىمەم بار؟ ئۇنىڭسىز ماڭا نە بەخىت، نە خوشاللىق..؟... كىيىن باشقىلار يەتكۈزگەن خەۋەر بويىچە ئۈرۈمچىگە كەلدىم. لېكىن بۇلۇڭ-پۇشقاقلارنى قويماي كىزىپمۇ يەنە تاپالمىدىم. كىيىن سىنى ئىزدەشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. نەچچە رەت ئىزدەشكە ئۇرۇنۇپ يەنە يالتايدىم. 5-6 يىلدىن بىرى ئۇن-تىنسىز يۇقاپ كىتىپ، ساڭا نۇرغۇن ئۇڭۇشسىزلىقلارنى تېپىپ بىرىپ يەنە سىنى ئىزدەشتىن خىجىل بولدۇم. لېكىن يەنە ھېچبىر ئامال قىلالمىدىم. بۇ ئۈرۈمچىدە سەندىن باشقا بىرەر يېقىن ئادىمىم بولمىغاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن تىلىۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلىگەچكە ئاخىرى يەنە سەندىن ياردەم سوراش قارارىغا كەلدىم. نەچچە ئون قېتىم ئىدارەڭگە باردىم، سىنى نەچچە قېتىم كۆزەتتىم، لېكىن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. بۈگۈن قانداق غەيرەتكە كەلدىمكىن تاڭ سىنى ئاران چاقىرالىدىم... -سەلىمە يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى دوستىنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىت بىلەن تىكتى.-جېنىم دوستۇم، ئەمدى بىر ئۈمۈتنى ساڭا باغلىدىم. تىلىۋىزىيە ئىستانسىسىدا سۈرەتلىك ئېلان بەرسەك بىرەر ئۈچۈرى بۇلۇپ قالارمىكىن دەيمەن، شۇڭا ماڭا يەنە بىر قېتىم ياردەم بەرگىن جېنىم دوستۇم. سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي يەنە بىر قېتىم...

-بولدى، بولدى...بۇنداق يىلىنىپ گەپ قىلما سەلىمە. سەندەك دوستۇم ئۈچۈن مەن جان دەپ ياردەم بىرىمەن. جان دەپ ياردەم بىرىمەن،

خۇدا ئىشلىرىمىزنى ئاسان قىلغاي ....دىلناز سەلىمەگە ئىشەنچ بەرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى چىڭ سىقتى...

ئىككى دوست بىر كىچە كىرپىك قاقماي مۇڭدۇشۇپ چىقتى. يىغلىشىپ چىقتى. دىلناز بوگۈنكى تاساددىپى ئۇچرىششتىن ھەم ھەيرانلىق، ھەم خوشاللىق ، ھەم ئازاپلىق ھىس قىلدى. سەلىمەنىڭ قەيسەرلىكىدىن زوقلانسا، ئۇنىڭ بەختىسىزلىكىدىن ئازاپلاندى. "سەلىمە ئىغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ بىر ئۆمۈر دەرت-ھەسرەتكە قالدى، بەختىسىز بوپ قالدى. لىكىن مەن ۋىجدانىم ، ئىمانىم، ئەخلاقىم بىلەن ياشاپ تۇرۇپمۇ، مۇھەببەتنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت سادىق بولۇپ تۇرۇپمۇ يەنە بەختىسىز بوپ قالدىم. مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولدۇم، تەنھالىققا ئەسىر بولدۇم...بۇ نىمە ئۈچۈن؟ زادى نىمە ئۈچۈن؟ ..." دىگەن سۇئال ئۇنى بىر ھازا قىيناپ چىقتى. كىيىن سەلىمەمۇ دىلنازنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقتى. دىلنازنىڭ ئائىلىسى، يولدىشى، پەرزەنتى توغرىسىدا توختىماي سۇئال سورىدى. لىكىن دىلناز نىمىشقىدۇر دىلنازغا ئۆز تۇرمۇشىدىكى بىر تالاي كەچمىشنى بىلدۈرۈشنى خالىمىدى. دەرتلىك قەلبى ئازاپتىن پارتلاپ كىتەي دەپ قالغان بولسىمۇ ۋارىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ، پەرزەنت جۇداسىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى. پەقەت "گەرچە شۇنچىلىك بەختلىك ياشىۋاتقان بولساقمۇ، خۇدا تىخى پەرزەنت نىسىپ قىلمىدى...ھازىر يولدۇشۇم جەنۇپتىكى بىر ۋىلايەتكە 2ئايلىق خىزمەتكە كەتتى، ئۆزەمنىڭ ئۆيى ئىش ئورنۇمغا بەك يىراق بولغاچقا بۇ مەزگىلدە چوڭ ئۆيدە تۇردۇم..." دەپ قىسقا-قىسقىلا جاۋاپ بەردى. بەلكىم ئۇ ئۆز دەردىنى كۆتىرىشكە بەرداشلىق بىرەلمەي قالغان جان دوستىغا يەنە بىر تالاي ئازاپنى ئارتىشنى خالىمىغان بولسا كىرەك...

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى. دىلناز سەلىمەنىڭ ئوغلىنى ئىزدەش ئىلانىنى تىلىۋىزورغا بەردى. ئەكرەمجاننىڭ چىرايلىق رەسىمى ئۆي-ئۆيلەردە ئۈدا نەچچە كۈن كۆرۈلدى. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بۇ ئۇماق بالىغا مىھرىبانلارچە

ھىسداشــلىق قىلىــپ ئۇنــىڭ تــىزراق تېپىلىشــىنى ئۈمــۆت قىلىــا، ئــادەم بىدىكلىرىنىڭ ئىمانسىزلىقى، ۋىجدانسىزلىقىدىن ئۆلگۈدەك نەپرەتلىنىپ ئۇلارغا ئۆلۈم تىلىدى. شۇ تەرىزدە سەلىمە ئۆرۈمچىدە 10 كۈنگە يېقىن تۇرۇپ قالـدى. كۈندە دىلنازنىڭ خوشخەۋىرىنى كۈتتى. لېكىن بالىدىن ھېچ خەۋەر بولمىدى. بىرەر كىشمۇ تېلفۇنىيە ئىستانسىسىغا تېلىفۇن قىلمىدى. بۇ يەردىمۇ بالىسىنىڭ خەۋىرىگە ئېرىشىشتىن ئۈمۈدىنى ئۈزگەن سـەلىمە ئـاخىرى دوسـتىنىڭ تۇتـۇپ قىلىشـىغىمۇ ئۇنىماي ، ئۇنىڭغا ئالاقىلىشـىش ئادرىسـىنى قالـدۇرۇپ ھىجـران ئىچىدە يەنە خوشلۇشۇشقا مەجبۇر بولدى...

قىش كىتىپ باھار كەلـدى. تەبىـئەت قىشـلىق ئۇيقۇسـىدىن ئويغىنـۇپ ، ھەر تەرەپتىن باھار چىچەكلىرىنىڭ ھىدى كىلىشكە باشلىدى. يـول بويىـدىكى سۆۋادان تىرەكلەر نوتىلاپ، بىـر مەزگىـل قۇرىغـان چىملارمۇ ئـۆز يېشىلللىقىغا قايىتتى. يول-يوللارغا رەڭگارەڭ تەشتەكلىك گـۈللەر تىزىلىـپ، قىشـلىقى قـار ئاجرىمايـدىغان ئۈرۈمچىنىـڭ پاتقـاق كوچىلىرىغىمـۇ خىلـى ئىسكەت كىرىـپ قېلىۋاتــاتتى. ئەپســۇس، بــۇ باھــار دىلنازغــا ھېچقانــداق خوشــاللىق بېغىشـلىيالمىدى. ئۇنىـڭ قەلبـى يەنىـلا مـۇزدىن ئاجرىمىـدى. ئـۇ باھـاردىكى قۇياشـتەك تەبەسسۇم قىلىشـنى ئـويلايتتى، باھـاردىكى قۇشـلاردەك ۋىچىـرلاپ كۈلۈشنى ئويلايتتى، قەلبلەرنى ئىللىتىدىغان باھارنى خوشاللىق، ئۈمۈت بىلەن كۈتىۋېلىشـنى ئـويلايتتى...لـېكىن جـاراھەتلەنگەن قەلـب ئـۇ خوشـاللىقلارنى نەلەرگىـدۇر قوغلايتتى . يالغۇزلۇق، تەنھالىق ئۇنى تېخىمۇ قىينايتتى...

ئوپىراتۇر ئالدىدا بۆگۈنكى خەۋەرلەرنى زورى بىـلەن كۈلۈمسىرەپ ئۇقـۇپ تۈگۈتۈپ، ھارغىن قەدەملەر بىلەن ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەن دىلناز ئۆزىنىڭ ئورنىغـا ئاسـتا كىلىـپ ئولتـۇردى. سومكىسـىدىن كىچىـك ئەينىكىنـى ئېلىـپ ئولتۇرۇشـۇپ كەتــكەن كــۆزلىرىگە بىــر پەس قــاراپ تۇرغانــدىن كــىيىن، تارتمىسىدىن سەلىمەنىڭ ئوغلى ئەختەمجاننىڭ رەسىمىنى قولىغا ئالدى. بىـر يەرلىـرى ئەكرەمنــى تارتقـان بالىنىـڭ چىرايىغـا قـاراپ بەختىسـىز دوسـتى سـەلىمەنى خىلـى ئـۇزۇنغىچە خىيـال قىلـدى. بىـر چـاغلاردا مـا ئۇسـتامنىڭ ئاشخانىســىدا كــۆرگەنچە ھــازىرغىچە ئۇچرىتــىپ باقمىغــان ئەكرەمنىــڭ مەسئۇلىيەتسـىزلىكى، ۋىجدانسـىزلىقىنى كۆڭلىـدە نەچـچە مىـڭ رەت تىللاپ

چىقتى. دىلناز ئاشۇنداق بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بىر ئولتۇرسا سائەت ـ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولاتتى. خىياللىرى خىياللىرىغا ئۇلۇشۇپ، ئۇنى ھەر خىل مۇرەككەپ تۈيغۇلار ئىچىدە قىينايتتى.

تۈيۈقسىز سايرىغان ئىشخانا تېلېفونى دىلنازنىڭ تېگى يوق خىياللىرىنى بۆلىۋەتتى. رەسىمدىن بېشىنى كۆتىرگەن دىلناز تېلېفوننىڭ سايرىشىدىن بىزار بولغاندەك ، ئالدىدىكى تېلېفونغا سوغۇق نەزەردە قارىۋەتكەندىن كېيىن خوشياقمىغاندەك ئالدى.

ـ ۋەي، ياخشىمۇ سىز...تىلىۋىزىيە ئىستانسىسى...

ـ ۋەي. ۋەي...دىلنازما...مەن ئېلان بۆلۈمىدىكى مۇختەر. ۋاقتىڭىز بولسا ھازىرلا ئېلان بۆلۈمىگە بىر كىرىپ چىكەتسىڭىز...

ـ نېمە؟...ـ سەلىمەنىڭ بالىسىنىڭ خىياللىرىدىن تۇلۇق ئويغۇنۇپ بولالمىغان دىلناز "ئېلان بۆلۈمى" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ كەتتى.ـ توختاپ تۇرۇپ مۇختەر، توختاپ تۇرۇڭ...نېمە مۇھىم ئىشكەن؟

ـ سۆيۈنچە بەرسىڭىز دەپ بىرىمەن. سۆيۈنچە...سەل تۇرۇپ كۆرىشەيلى...

دەماللىقتا نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەن دىلناز ئاللىبۇرۇن قويىۋېتىلگەن تېلېفونغا قاراپ بىر پەس ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن تۈيۈقسىز"توغرا، چۇقۇم شۇ خەۋەر...چۇقۇم ئەختەمجاننىڭ خەۋىرى..." دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى... قولىدىكى رەسىمنى كۆتۈرگەن پېتى تىز ـ تىز قەدەملەر بىلەن ئېلان بۆلۈمىگە قاراپ يۈگۈردى...

10 مىنۇتقىمۇ بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە دىلناز قولىدا بىر كونۋېرتنى كۆتىرگەن پېتى ئىشخانىسىنىڭ ئىشكىدە بۇرۇنقى سۇلغۇنلىقى بىلەن پەيدا

بولدى. ئۇنىڭ بايىقى تىلىفۇننى تاپشۇرۇپ ئالغاندىكى خوشاللىقى نەلەرگىدۇر يۇقالغان بولۇپ ، قولىدىكى كونۋېرتنى ئۇستەل ئۇستىگە "پاققىدە" تاشلىدى. ئۇ ئورۇندىقىغا كىلىپ خىلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرغاندىن كىيىن ، ھىلىقى كونۋېرتنى يەنە قولىغا ئالدى. ئىچىدىن بايا ئىيلان بۇلۇمىدىن بەرگەن بىر تۇمەن نەقپۇلنى ئىلىپ، قىپ-قىزىل 100يۇەنلىك پۇللارغا قارىغىنىچە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. شۇ تاپ ئۇ بىر شىركەتنىڭ مەھسۇلات ئىلانىغا چىقىپ ئىرىشكەن بۇ كىرىمدىن خوشال بۇلۇشى كىرەك ئىدى. ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن تەكلىپ قىلىۋاتقان شىركەتلەرگە قاراپ سۆيۈنىشى كىرەك ئىدى. ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىدىن، گۆزەللىكىدىن پەخىرلىنىشى كىرەك ئىدى...لىكىن ئۇ پەقەت خوشال بولمىدى. سەلىمەنىڭ بالىسىنىڭ خەۋىرىگە ئالمىشىپ قالغان 10000يۇەن نەقپۇل ئۇنىڭغا ھىچقانچە بىلىنمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پۇل ھىچقانداق نەرسىگە قادىر ئەمەس ئىدى. بەختىنى، خوشاللىقنى، كۆلكىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايتتى. بۇلۇپمۇ ئىنسان ئۇچۈن ئەڭ ئۇلۇغ بولغان مۇھەببەتنى، ئىللىق ئائىلىنى سېتىۋېلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. توغرا، ئۇنىڭ ھازىر پۇلى بار، خەلق ئارىسىدا يۇكسەك ھۆرمىتى بار، قولىنى نەگە سوزسا سۇزالايدىغان، نىمىنى قىلىمەن دىسە قىلالايدىغان ئاتا-ئانىسى بار...لىكىن بۇلار بىر ئىللىق ئائىلە، بىر ئەر مۇھەببىتى ئالدىدا ھىچنەرسە ئەمەس...نامرات بولسىمۇ شوخ كۆلكىلەر ئۆچمەيدىغان بەختلىك تۇرمۇش ئالدىدا راسلا ھىچنەرسە ئەمەس...

دىلناز توغرا ئويلىدى...كىم يوقسۇزلۇق ئىچىدە بەخت بولمايدۇ دەيدۇ؟ كىم يامغۇر ئۇتۇشۇپ تۇرىدىغان كونا كەپىلەر ئىچىدە بەخت بولمايدۇ دەيدۇ.؟ كىم تۇپۇلۇق ئىتىزلاردا، جاپالىق ئەمگەكلەردە بەخت بولمايدۇ دەيدۇ؟...بەخت دىمەكلىك قانائەت قىلىش دىمەكلىكتۇر. بەخت دىمەكلىك ئۆز-ئۆزىدىن رازى بۇلۇش دىمەكلىكتۇر. بەخت دىمەكلىك شۈكرى قىلىش دىمەكلىكتۇر...بەلكىم ئالتۇن قەسىر ئىچىدە ، ئەيشى-ئىشرەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىۋاتقان پادىشاھمۇ ھازىرغىچە ئاشۇلار ھىس قىلغان بەختنى ھىس قىلمىغان بۇلۇشى مۇمكىن. دۇنيادا كۆڭۈل ئازادىلىكىگە، كۆڭۈل توقلۇققا، خوشال كەيپىياتقا نىمە يەتسۇن؟...بىلسەڭ ئىدىڭ...ئۆز-ئارا مىھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، مۇھەببەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ئاشۇ نامرات -يوقسۇللار، جاپاكەش

دېھقانلار، كۆڭلى دەريادەك پاك نىيەت كىشىلەر باشقىلار ئۇن-تىنسىز قوغلىشىۋاتقان بەختتىكە ئاللبۇرۇن ئېرىشىپ بولغان...بىلسەڭ ئىدىڭ...ئىنسان دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ لېكىن بىر ئىللىق ئائىلىگە ئېرىشەلمىگەن بولسا ئۇ يەنىلا مەڭگۈ بەختسىزدۇر...

دىلنازنىڭ خىياللىرى يەنە خىياللارغا ئۇلاشتى... كۆڭۈل ئاسمىنىدا يەنە ۋارىسنىڭ سىماسى ئەكس ئەتتى...بىر چاغلاردىكى بەختىيار تۇرمۇشى كۆز ئالدىغا كەلدى..."شۇنداق بىر گۈزەل كۈنلىرىم بولغان ئىدى ھە" دەپ ئېغىر خۇرسىندى...

ئىككىنچى قېتىم ئەنسىز سايرىغان ئىشخانا تېلېفونىنىڭ ئاۋازى خىياللار ئىچىدە ئولتۇرغان دىلنازنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپ تېلېفوننى ئېلىشقا پەقەت رايى يوقتەك قىلاتتى. لېكىن يەنە ئامالسىز تېلېفون تۇرۇپكىسىنى غۇنچىدەك لەۋلىرىگە يېقىنلاشتۇردى.

-ۋەي. ياخشىمۇ سىز، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى...

دىلناز ھېچقانداق سادا كەلمىگەن تېلېفون تۇرۇپكىسىغا ھەيرانلىق ئىچىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن تەلەپپۇزىنى قاتتىقراق قىلدى:
- ۋەي. گەپ قىلىڭ...كىمنى ئىزدەيسىز؟...

-مە...مە...مەن...ۋارىس....

-ھە؟...-تۇيۇقسىز ئاڭلانغان تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتكەن دىلناز قۇلۇقىغا ئىشەنمىگەندەك ھېلىقى ئىسمنى ئۆزى تەكرارلاپ سالدى .- ۋا...ۋارىس...

-شۇنداق دىلناز، مەن ۋارىس...

تېلېفون تۇرۇپكىسىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئىككى قولى

بىلەن چىڭ تۇتىۋالغان دىلنازنىڭ ئاپئاق پىشانىسىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. نازۇك بەدىنى يىنىك تىترەپ كەتتى...يېرىم يىلغا يېقىن ئاڭلاشقا نىسىپ بولمىغان بوم لېكىن يېقىملىق ئاۋاز ئۇنى قاتتىق هاياجانغا سېلىۋاتاتتى. مۇز بولۇپ قېتىپ كىتىۋاتقان قەلبىگە ناھايىتى ئىللىق بىر سىزىمنى تارتىۋاتاتتى...ئۇ دەل مۇشۇنى كۈتكەن ئىدى. ۋارسىنىڭ دەل مۇشۇنداق تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىشىنى، تېلىفۇن قىلىشىنى كۈتكەن ئىدى. ۋاقتىنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى...

ـ سىزمۇ بۇ دۇنيادا باركەن ھە ۋارس . سىزنىڭمۇ ماڭا تېلىفۇن قىلىدىغان ۋاقىتلىرىڭىز بولىدىكەن ھە ؟ـ يىغلامسىراپ چىقىۋاتقان ئاۋازىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىۋاتقان دىلناز يەنىلا ئاجىز كەلدى.ـ سىزنىڭ ماڭا ھامان تېلىفۇن قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم...

ـ شۇنداقمۇ؟

قوپاللا ئاڭلانغان ئاۋازدىن غەلىتىلىك ھىس قىلغان دىلناز تۇرۇپلا قالدى.

ـ نىمە ؟ خاتا گەپ قىلىپ سالدىمما ۋارس...

ـ ياق.

ـ ئەمىسە نىمىشقا...نىمشقا...ـ دىلناز گېپىنىڭ داۋامىنى دىيەلمەيلا قالدى.

ـ مىنىڭ ئەمدى سىزگە تېلىفۇن قىلىشىمنىڭ نىمە زۆرۈرىيىتى قالدى دىلناز. بىز ئاجرىشىدىغان ئادەم تۇرساق...ـ ۋارس دىلنازغا ئەمەس باشقا بىرىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك ئىرەنسىزلا جاۋاپ بەردى.

ـ نىمە؟ نىمە دەۋاتىسىز؟...ئاجرىشىدىغان ئادەم تۇرساق...ـ دىلناز كەسكىنلىك بىلەن ئاڭلانغان ئاۋازدىن خۇدۇنى يوقاتقاندەك گاڭگىراپ

كەتتى.ـ سىز شۇنداق قارامسىز؟...

ـ شۇنداق دىلناز. مەن بۈگۈن دەل مۇشۇ مەقسەتتە تېلىفۇن قىلدىم. بىز ئاجرىشىپ كىتەيلى. ئەتىلا رەسمىيەتنى ئۆتىۋېتەيلى...

ئەزەلدىن دىلنازنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىپ كەلگەن ۋارىسنىڭ بۈگۈنكى قوپال، كەسكىن پوزىتسىيەسى دىلنازنى راستىنلا ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇرىۋەتتى. بۇ ئۇتۇقمۇ ـ چۈشۈمۇ دىگەندەك نازۇك بارماقلىرىدا مەڭزىنى بىر نەچچە قېتىم بوش چىمدىدى. ئۇ ھازىرغىچە ۋارىسنى بۇنداق مۇئامىلىدە بولۇدۇ، بۇنداق تېلىفۇن قىلىدۇ دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان، ئۇنى ھازىرغىچە ئايالىنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئازاپلىنىق پىراق چېكىۋاتىدۇ، ئايالىنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىشنى، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلاشنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. ۋارىسنىڭ دوختۇرخانىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ، دىلناز ئاجرىشىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقاندا "quot;خۇدا ھەققى مىنى كەچۈرۈڭ، ماڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بىرىڭ..."quot; دەپ قايتا ـ قايتا يىلىنغان ۋاقىتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆزىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى...

ـ بۇ گەپنى سىز دەۋاتامسىز ۋارىس؟ـ مەڭزىنى بويلاپ ئاققان ياشلارنى سۈرتۈشكىمۇ ماجالى قالمىغان دىلناز تىترەڭگۈ ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى.ـ جىمى گۇناھنى ئۆزىڭىز پەيدا قىلىپ تۇرۇپ ، مىنىڭ ئەقىدەمنى، مۇھەببىتىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئاجرىشىشنى مەندىن بۇرۇن ئوتتۇرغا قويىۋاتامسىز؟ سىزنىڭ ئىرادىڭىز شۇنچىلىكمىدى ۋارىس...شۇنچىلىكمىدى...

ـ ئاجرىشىشنى ئاۋال سىز ئوتتۇرغا قويغان.ـ ۋارىسنىڭ قوپاللىقى يەنە يۇقۇمىغاندەك قىلاتتى.

ـ توغرا مەن ئوتتۇرغا قويغان. مەن ئوتتۇرغا قويغان. قېنى سىز ئويلاپ بېقىڭە، سىز مەندەك ئەھۋالغا دۇچار بولسىڭىز قانداق قىلماقچى ئىدىڭىز؟

يولدىشىڭىزنى يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كەچۈرىۋېتەلەمسىز؟...

دىلنازنىڭ سۆزى راستىنلا ۋارىسنى ئويلاندۇرۇپ قويدىمۇ تېلېفۇندىن بىر ھازا ھېچقانداق سادا كەلمىدى. دىلناز خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلىغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى.

-ۋارىس سىز مېنى راستىنلا بەك ئۈمۈتسىزلەندۈردىڭىز. راستىنلا...مەن سىزنى بۇنچىلىك ئىرادىسىز دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. بۇنچىلىك ۋاپاسىز دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. مەن ئەمدى ئىشىنىۋاتىمەن ، ئەمدى ئىشىنىۋاتىمەن...سىز ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپسىز، ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپسىز...

-توغرا دىدىڭىز دىلناز ، مەن ئۆزگەردىم. شۇڭا سىزگە ئاجرىشىش ئىلتىماسىنى قويۇۋاتىمەن. مەنمۇ ئەمدى ئۆز يولۇمنى تېپىۋالاي، سىزمۇ تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىدىن باشلاڭ. مەن ئىشىنىمەن : ئۇلۇغ خۇدا پەرىشتىدەك ئاقكۆڭۈل قىزنىڭ چوقۇم بەختىنى بېرىدۇ، ۋاپادار، ۋىجدانلىق يىگىتتىن بىرنى چوقۇم نىسىپ قىلىدۇ...

ۋارىسنىڭ بايىقى سۇرلۇك ئاۋازىنىڭ تەدرىجى بوشاپ تىترەپ چىقىۋاتقانلىقىدىن ھەم ھەيران قالغان ھەم يۈرىكى ئېچىشقان دىلناز ئېغىر بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن، جىددىيلەشكەن ھالدا سورىدى:

- سىزدىن بىر سۇئال سورىغۇم بار ۋارىس. ماڭا ئىنىق جاۋاپ بىرىڭ . مېنى زادى ياخشى كۆرمەمسىز-كۆرمەمسىز؟؟؟

-ھە...ھە...ياق....-دىلنازنىڭ تۇيۇقسىز سۇئالىدىن ئەندىكىپ كەتتىمۇ، ۋارىس دۇدۇقلاپ كەتتى...

-ئىنىق جاۋاپ بىرىڭ ۋارىس، ئىنىق جاۋاپ بىرىڭ. زادى ياخشى كۆرمەمسىز كۆرمەمسىز؟...- يۈرىكىنى قايتا-قايتا سىلاپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىۋاتقان دىلناز بۇغۇلۇپ كەتتى.

ـ ياخشى كۆرمەيمەن. پەقەت ياخشى كۆرمەيمەن...مەن سىزنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن. ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن...

ـ نىمە؟ـ تېلېفۇن تۇرۇپكىسىدىن بورانىدەك گۈكىرەپ چىققان ئاۋازدىن كۆز قارچۇقلىرى كەڭسىپ كەتكەن دىلناز بىر پەس گاڭگىراپ قالدى.ـ ياق. ياق...مەن ئىشەنمەيمەن. مەن ئىشەنمەيمەن...

ـ ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىك ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى...لېكىن بىز چۇقۇم ئاجرىشىپ كىتىشىمىز كېرەك. بولدى ئەتە سائەت سەككىزدە ئاجرىشىش ئورنىدا كۆرىشەيلى. خوش...

تۇيۇقسىز تاراققىدە قويۇلۇپ ئۈزۈلگەن تېلېفۇنغا قاراپ داڭ قېتىپ قالغان دىلناز نىمە قىلىشنى بىلەلمەي بىر هازا تۇرۇپ كەتتى. كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلار قولىدىكى تېلېفۇن تۇرۇپكىسىنى هۆل قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ شۇ تاپ بۇلارنىڭ رىئاللىق ئىكەنلىكىگە پەقەت ئىشەنمەيۋاتاتتى. ۋارىسىنىڭ ئاجرىشىشتىكى بۇ تەشەببۇسكارلىقىنى قەلبىگە پەقەت سىغدۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ دوستلىرىدىن، بەزى خىزمەتداشلىرىدىن ۋارىسىنىڭ ئەهۋالىنى بىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ دائىم قولىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان، بەزى ـ بەزىدە لەيلەپ قالىدىغان ئاجىز تۇرقىنى ئاڭلاپ تۇرغان، بۇلارنى ئاڭلىغاندا "جۇدالىق ئوتىدا"، ئائىلە ۋەيرانچىلىقىدا" مۇشۇنداق بولۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا هىسداشلىق قىلغان. ئۇنىڭغا يەنە قايتىدىن مۇهەببەت بېغىشلاشنى خىيال قىلغان...لېكىن بۇگۈنكى رىئاللىق نىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟...ياكى ۋارىس دىلنازنى كۈتۈپ ئۇنىڭدىن هېچ سادا كەلمىگەندىن كىيىن مۇشۇ قارارغا كەلگەنمىدۇ؟ ياكى باشقا بىر چىرايلىق قىز بىلەن تۇنۇشۇپ يېڭى بىر قايناملغا كىرىپ كەتتىمۇ؟...

بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتكەن دىلناز ئورۇنىدۇقتا "لەسسىدە" ئولتۇرۇپ قالدى. بىر نوقتىغا تىكىلگەن بۇلاقتەك

كۆزلىرىدىن مارجانىدەك ياشلار ئۇزۇلمەي تۆكۈلەتتى. نازۇك بارماقلار ئۇزۇن قاپقارا چاچلارنى شۇنچىلىك قاتتىق سىقىمدىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى ھازىرلا يۇلۇپ تاشلايدىغاندەك كۆرىنەتتى. ئۇ شۇ تەرىزدە بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، نازۇك قەلبى ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بېرىشكە ئاجىز كەلدىمۇ، بېشىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى...

دىلناز ئىشتىن بۇرۇنلا قايتتى. يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئاپىسىدىن قاچۇرۇپ ياتاق ئۆيگە بىكىندى. يېتىپ باقتى، ئولتۇرۇپ باقتى، ياتاق ئىچىنى نەچچە رەت ئايلىنىپ باقتى . لېكىن كاللىسىدىكى "نېمە ئۈچۈن؟" دېگەن تىگى يوق سوئالنى پەقەت يۇقىتالمىدى. بۇگۈنكى روھى ئازاپنى سىغدۇرۇشقا پەقەت قۇربى يەتمىدى. يۈرىكىنى خۇددى بىرسى مۇجۇغاندەك تولغاندى...ئۇ شۇ تاپ بىرەر يېقىن دوستىغا تېلىفۇن قىلىشنى، ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكۈشنى ئويلىدىيۇ، يەنە تېزلا يالتايدى. ئەزەلدىن ئۆز تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى باشقىلارغا دېمەيدىغان، ھەم دېيىشنىمۇ خالىمايدىغان بۇ قىز خېلى ئۇزاق بىئارام بولغاندىن كېيىن يەنىلا ئاپىسىنى كۆڭلى تارتتى...

چىرايىدا قان قالمىغان پەرىدە خانىم قولىدىكى خىرۇستال پىيالىنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئېتىپ پارە-پارە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپ بەدىنى بەزگەك ئادەمدەك تىترەپ كەتكەن بولۇپ ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن، قۇشۇمىلىرى غەزەپ بىلەن تۈرۈلگەن، مۇشتۇمى چىڭ تۈگۈلگەن ئىدى. چېقىلغان چىنە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا مېھمانخانا ئۆيدە پەيدا بولغان نازىر غەزەپتىن پارتلاپ كېتەيلا دەپ قالغان ئايالىغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئۇنىڭغا بىۋاستە گەپ قىلىشتىن يالتايدىمۇ، سافاغا يۆلەنگىنىچە تۇرۇۋسقا تىكىلىپ قالغان قىزىنىڭ قېشىغا باردى؛

-قىزىم، ئاپاڭ بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قالدىڭما؟-نازىر قىزىنىڭ

چۈۋۈلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى.

ـمەن قىزىم بىلەن بىكاردىن بىكار سۇقۇشىدىغانغا ساراڭ بولۇپ قالمىدىم دادىسى. ئاۋۇ لەنتى تۈزكورنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆز گۆشۈمنى ئۆزەم يىگۈدەك بولۇپ كىتىۋاتىمەن...ـپەرىدە خانىم بايىقى ئەلپازىنى ئۆزگەرتمەي قايناپ كەتتى.ـ ئاڭلىسىلا "تىۋاتىمەن" دەپ كىتىلا دادىسى،" تىۋاتىمەن" دەپ كىتىلا ... جىمى قىلغۇلۇقنى ئۆزە قىلىپ بولۇپ، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىزدىن بۇرۇن ئاجرىششىنى تەلەپ قىلىپتۇ ئۇ پەسەندە...تېخى "مەن سىزنى ئالىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن. سىزنى پەقەت ياخشى كۆرمەيمەن"دەپتۇ. ئاڭلىدىلمۇ دادىسى، ئاڭلىدىلمۇ؟...جاھاندا مۇنداق تۈزكور ھايۋانلارمۇ باركەن...

ئايالىنىڭ گېپىنى ئۈنسىز ئاڭلاپ ئولتۇرغان نازىر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئېغىر بىر تىندى. ۋارسقا چىش-تىرنىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن پەرىدە خانىمنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى راست تاپمىغاندەك قىزىغا سۇئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

ـشۇنداق دادا..ئاپامنىڭ دىگەنلىرى توغرا. ئۇ بۈگۈن ئىشخانامغا تېلىفۇن قىلدى. ئەتە ئەتىگەن ئاجرىشىش ئورنىدا كۆرۈشىدىغان بولدۇق...ـ دىلناز يىتىم قالغان قوزىدەك شۇنچىلىك يۇۋاش، شۇنچىلىك رايىش ھالدا مەيۈسلۈك بىلەن جاۋاپ بەردى.

ـ بىرەر سەۋەبىنى دىمىدىما قىزىم؟

ـنىمە سەۋەبى بۇلاتتى دادىسى.ـ پەرىدە خانىم قىزىدىن سۇئالغان سوئالغا ئۆزىلا جاۋاپ بىرىۋەتتى. ـ ئىت يۇندىغا تويماس دەپ يەنە شۇ بۇزۇقتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن گەپ. شۇ بۇزۇقنىڭ يۇندىسىنى ئىچىپ ياشايدىغان كۈنگە قالغان گەپ..تىگى پەس ئادەم دىگەن ھامان تىگى پەسلىكىنى قىلىدۇ دادىسى... بوپتۇ. ئىلتىماسىنى ئوبدان بىر تەستىقلاپ قويايلى.

ـ قايسى ئىلتىماسنى؟

ـ قايسى ئىلتىماس بۇلاتتى. ئاجرىشىش ئىلتىماسى بولمامدۇ. مەن نەچچە ئايدىن بۇيان ماۋۇ قىزىمىزغا "ئاجرىشىش رەسمىيتى ئۆتتۈۋەت، ئاجرىشىش رەسمىيتى ئۆتتۈۋەت" دىسەم "مانا، ئەنە" دەپ هازىرغىچە سۆزۈپ كەلگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئاۋۇ تۈزكور ئالدىمىزغا چىقىپ تۇردى...شۇڭا ئاجرىشىش دىگەننىڭ نىمىلىكىنى بىر كۆرسىتىپ قويىمىسام بولمايدۇ ئۇ ئەبلەخكە...ـ پەرىدە خانىم هازىرلا چايناپ يۇتكۈۋېتىدىغاندەك چىشلىرىنى گىرىسلىتىپ كەتتى.

ـ بوپتۇ قىزىم . ئەتە دىگەن بولسا ئەتىلا بىرىپ رەسمىيەتنى بىجىرىۋەت.ـ خىيلى ئۇزۇنغىچە نىمىلەرنىدۇ ئويلانغان نازىر قىزىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ ئۇھسىندى.ـ ئەمدى ئۇنىڭغا تارتىشىدىغانىنىڭ ئورنى قالمىدى قىزىم. خۇدايىم ياخشىلارغا هامان باشپاناھ بولىدۇ. سەندەك مىھرىبان، پەرىشتىدەك قىزىمنىڭ هامان بەختىنى بىرىدۇ...

ـ يەنە بىر گەپ.ـ پەرىدە خانىم دەرهاللا قىزىنىڭ قىشىغا كىلىپ ئولتۇردى.ـ ئەتە بارسەن، لېكىن يالغۇز بارمايسەن.

ـ نىمىشقا ؟ـ دىلناز هەيران بۇلۇپ سورىدى.

ـمەن بىللە بارىمەن. يالغۇز بارساڭ سىنى يەنە بۇزەك كۆرمىسۇن ئۇ ئەبگا...

ـ لېكىن ...لېكىن...

ـ يەنە نىمە لېكىن ئۇ قىزىم ، ئەتە بىرىپ يەنە قازىنىڭ پىشماي قالمىسۇن دەيمىنا . مەن چۇقۇم بارىمەن. قىزىمنىڭ بەختىنى بۇزغان لەنىتىنىڭ جاجىسىنى تازا بىر بىرىۋالمىسام ماۋۇ يۈرۈكۈم چىدىمايدۇ.

چىدىمايدۇ...ـ كۆز جىيەكلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياشنى يېڭى بىلەنلا ئېيتىۋەتكەن پەردە خانىم چىلك تۇگۇلگەن مۇشتۇمنى سىمىز مەيدىسىگە نەچچە رەت مۇشتلاپ كەتتى..

مېھمانخانىدىن يەنە بىر ھازاغىچە پەردە خانىمنىڭ قارغاش-قاخشاشلىرى بىسىقمىدى. نازىر مۇرەككەپ ھىسسىيات ئىچىدە قىينالدى، دىلناز ئەتىكى ئاپىسىنىڭ ئېغىزىدىن پىلىمۇت ئوقىدەك چىققىنىغان زەھەرلىك گەپلەرنى، ۋارىسنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۆزىنىڭ ئەتىدىن باشلاپ ھەقىقى ئەرسىز ئايالغا ئايلىنىدىغانلىقىدىن، جەمىيەتتىكى يامان كۆز، يامان سۆزلەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشىدىغانلىقىدىن قاتتىق ئازاپلاندى. ۋارىسنىڭ بۇنداق تىز ئۆزگىرىپ كىتىشىگە زادى نىمىنىڭ سەۋەپچى ئىكەنلىگى ئۇستىدە ئۇزاق باش قاتۇردىيۇ، لىكىن ھېچقانداق جاۋاپقا ئىرىشەلمىدى...

ئەتىسى ئاپىسىنىڭ ھەمرالىقىدا ئاجىرىشىش ئورنىغا بارغان دىلناز يېرىم يىلدىن بىرى بىر قېتىممۇ ئۇچرىتىپ باقمىغان ۋارىسنى ئاخىرى كۆردى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلەر، خۇنۇك چىراي ، خىلىلا ئۇسۇپ قالغان ساقال-بۇرۇت، پۈتۈن تۇرقىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان مەيۈسلۈك ، بىچارىلىك....دىلنازنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ۋارىسنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى دوسلۇرىدىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدى. پەردە خانىمنى كۆرۈپ شۇنداقمۇ ۋارىسنىڭ تۇنۇگۇنكى كەسكىنلىكى، قوپاللىقىنى بۈگۈن ھېچيەردىن تاپقىلى بولمايتتى.

ۋارىس ئېلىپ كەلگەن توي خېتى ، نۇپۇس دەپتىرى...ئىش بىجىرگۈچى خادىمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. دىلناز ئىش بىجىرگۈچى ئايالنىڭ ئۆزىگە پات-پات قاراپ قويىشىدىن خىجىل بولۇپ كۆزىنى يەردىن ئۈزمىدى. "ئاجىرىشىش، ئاجىرىشىش..." دىگەن بىلەن بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ھىس قىلدى. ئىشخانىغا كىرىپ چىققۇاتقان ئادەملەردىن

شۈنچىلىك نۇمۇس قىلدىكى كىرىپ كىتەي دىسە يەر قاتتىق، چىقىپ كىتەي دىسە ئاسمان يىراق بىلىندى. تۇغرا .بىر چاغلاردا ۋارس بىلەن تويى خېتى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندىكى خوشاللىق، مۇھەببەت، نازلىق بۇگۈن يوق...كەلگۈسىگە بولغان ئۈمۈت، بەخت بۈگۈن يوق. شۇ ۋاقىتتىكى ئەتراپقا ئىشەنچ بىلەن قارىغان مەردانىلىق بۈگۈن يوق...

ئىش بېجىرگۈچى ئايال تويى خېتىدىكى بىر جۈپ ياشىنىڭ تۈرقى بىلەن ھازىرقى تۈرقىنى سېلىشتۇردىمۇ ، خېلى ئۇزاق كىنىشكىگە قاراپ ئولتۇرغاندىن كىيىن ئېغىز ئاچتى:

-ئاجرىششنى قايسىڭلار ئاۋال ئوتتۇرغا قويغان ؟

-مە...مەن....-چەتتىكى ئۇرۇندۇقتا ماشىنىسىنىڭ ئاچقۇچىغا قاراپ ئولتۇرغان ۋارس دىلنازغا "لاپ" قارىۋېتىپ بوشقىنا جاۋاپ بەردى.

- مانا بىز...- ۋارسىنىڭ جاۋابىغا ئۇلاپلا پەرىدە خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

-ھە...ھە...- ھېلىقى ئايال دەقىقە دۇدۇقلاپ قالغاندىن كىيىن پەرىدە خانىمغا كۈلۈمسىرىدى.- ئاجراشقۇدەك بىرەر چوڭ سەۋەپ بولغانما پەرىدە ھەدە...

- ئاجراشقۇدەك سەۋەپ بولمىسا مۇشۇ يەرلەردە قاتراپ يۈرىدىغان ئادەملەرمۇ بىز ئۇماق ئۇكام.-پەرىدە خانىم ۋارسقا غەزەپ بىلەن ئالىيىۋەتكەندىن كىيىن سۆزىنى داۋام قىلدى.- بىزگىمۇ بۇ يەرلەرگە كىلىپ يۈرۈش نۇمۇس ئىش... لېكىن نۇمۇسنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئالدىدا يەنە نۇمۇس قىلغۇدەك ئورنى قالمىدى ئۇكام. ماۋۇ سەھرالىق تىگى پەس كىيوغلۇم ئالتۇندەك قىزىمنى خارلاپ بىر جالاپقا بۇزۇلدى. ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئۆزى ئۆلتۈردى. ئەسلىدە قىزىمنى ئۆلتۈمەكچى ئىدى، لېكىن خۇدانىڭ ئىلتىپاتى

بىلەن ئۇ ئامان ئىسەن قېپ قالدى. شۇڭا ۋاقتىدا ئاجراشتۇرىۋەتمىسەم بىر كۈنلەردە بۇ يالغۇز قىزىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمەن...

ئىش بېجىرگۈچى ئايال ئالدىدا تۇگۈلۈپلا ئولتۇرۇپ قالغان ۋارىسنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئىشەنمىگەندەك سۈغۈقلا قاراپ قويدى.

- قېنى سىز جاۋاپ بېرىڭە، پەرىدە ھەدەمنىڭ دېگەنلىرى راستما؟

- ھە...-ۋارىس يەنىلا بوشقىنا جاۋاپ بەردى.

- ئۇنداقتا سىزمۇ ئاجرىشىشقا قۇشۇلامسىز؟

- ھە...

- باشقا بىرەر تەلىپىڭىز يوقما؟

- يوق.

ئىش بېجىرگۈچى ئايال بىر پەس توختاپ قالدى. بۇنداق ئىشلارنى كۆندە نەچچە ئون رەت ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئايالغا بۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بۇ ئىش ئانچە غەلىتە بىلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ۋاقىت تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، پەرىزاتتەك چىرايلىق دىكتور قىزنىڭ تۇرمۇشى ئۇنى قىزىقتۇرىۋاتاتتى. ئۇ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، ئىش بېجىرگۈچىگە خاس سالاپەت ۋە قائىدە بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

- بەلكىم تۇرمۇشىڭلاردىكى ئىشلار سىلەر دېگەندەك بولغاندۇ ياكى بولمىغاندۇ؟ لېكىن تۇرمۇشتا بەزى ئىشلاردىن ساقلىنىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە بولغاچقا بەزىدە يولدىن ئېزىپمۇ قالىدۇ. شۇڭا ھەممىڭلار يەنە ئوبدان ئويلىنىپ باقساڭلار، كەچۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك تەرەپلەرنى كەچۈرۈۋەتساڭلار، بىر-بىرىڭلارغا يەنە پۇرسەت

بەرسەڭلار، ھەممە ئاجراشقۇچىلار بۇ يەرگە قىينى قىزىقلىق قىلىپ كىلىدۇ. بىردەملىك ھىسياتقا بىرىلىپ ئاجرىشىدۇ. ئاجرىشىپ بولغاندىن كىيىن يەنىلا بــۇرۇنقى تۇرمۇشــىغا، بــۇرۇنقى يولدىشــىغا ھىچقانــداق نەرســىنىڭ تەڭ بولمايدىغانلىقىنى كىچىككىپ ھىس قىلىدۇ. شۇڭا مىنىڭ تەكلىۋىم يەنە بىر مەزگىل ئويلانغاندىن كىين كەلسەڭلار.

-بولمايدۇ. بولمايدۇ.- چاچراپ ئورنىدىن تۇرغان پەرىدە خانىم ھىلىقى ئايالنىڭ ئالدىغا تىزلىكتە كەلدى.- چىرايلىق ئۇكام، بىز بۇ يەرگە سىزنىڭ نەسىھەتىڭىزنى ئاڭلايلى دەپ كەلمىدۇق. ئاجرىشىش ئۇچۈن كەلدۇق. شۇڭا ئىشنى سوزماقتەك سۇزۇپ ئولتۇرماي گاچ گاچ بىجىرىپ بىرىڭە...

-سىلە ئۇنداق دىگەنلىرى بىلەن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئاجراشتۇرۇشلا ئەمەس. بىزنىڭ يەنە ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرغان ئەر-خۇتۇنلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش مەسئۇلىيىتىمىزمۇ بار.

-بولدى. بولدى...بۇلار باشقا ئەر-خۇتۇنلارغا ئوخشىمايدۇ ئۇكام . پەقەت ئوخشىمايدۇ. -پەرىدە خانىم بىگىز بارمىقىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى.- ماۋۇ ئادەم بالىسىنىڭ قۇلىقى سىزنىڭ چىرايلىق گەپلىرىڭىزنى، نەسىھەتلىرىڭىزنى ئاڭلىمايدۇ. ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كىتىدۇ. ئەگەر ئاڭلايدىغان قۇلاق بولسا مەن ھازىرغىچە ئاڭلاتقان بولاتتىم. شۇڭا ھازىرلا بىجىرىپ بىرىڭ...

ئىش بىجىرگۈچى ئايال پەرىدە خانىم بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي رەسمىيەتنى بىجىرىپ بىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، كىرگەندىن بىرى يەرگە قاراپ جىملا ئولتۇرغان دىلنازغا قاراپ بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلدى.

- ئۇنداقتا پەرىدە ھەدە. ھازىر ئاجرىشىش دەۋاسى قىلىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ. شۇڭا بىز تىزىملىك بويىچە بىجىرمىسەك بولمايدۇ. شۇڭا يەنە 10 كۈندىن كىيىن كەلسىلە .شۇ ۋاقىتتا مەن بىجىرىپ بىرەي.

- ھوش.. يەنە 10 كۈن ساقلىسا ماۋۇ قىزنى بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالمىسۇن. بىز بۇگۈن ئاجراشقىنىمىز ئاجراشقان.-پەرىدە خانىمنىڭ ئەلپازى تۈيۈقسىزلا ئۆزگەردى.- بىزنى بۇ يەردە چۆگىلەپ يۈرىدىغانغا بىكاچى كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسىز، بىجىرەلمىسىگىز " مەن بىجىرەلمەيمەن" دەپ ئۇچۇق ئېيتمامسىز ئۇكام. سىزنىڭمۇ بېشىڭىزدا گېپىنى ئۆتكۈزىدىغان، ئىش بىجىرەلەيدىغان بىرەر باشلىق باردۇ...

پەرىدە خانىم نىمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان ئايالنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا دىلنازنى يېتىلىگىنىچە سىرتقا ماڭدى. ئۇزاق ئۆتمەي شۇ ئىدارىنىڭ رەھبىرىنى باشلاپ كىرىپ بىر ھازاغىچە چالۋاقىدى. پەرىدە خانىم ئالدىدا ئىگىلىپ كەتكەن باشلىق ھېلىقى ئايالغا نىمىلەرنىدۇ دەپ، يېرىم سائەتكىمۇ بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى تەييار قىلدى.

پەرىدە خانىمدىن نارازى بولدىمۇ ھېلىقى ئايال قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى ئۇستەل ئۇستىگە تىزىپ ۋارىس بىلەن دىلنازنى تەگلا چاقىردى.

- قېنى، ئەر-ئايال ئىككىڭلار كىلىپ قول قۇيۇۋېتىڭلار...

شۇ دەقىقىدە دىلناز بىلەن ۋارىسنىڭ ئېڭىدا چاقماق چاققاندەك بولدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇلۇم خېتىگە ئىمزا قويۇۋشقا ماڭغان مەھبۇسلاردەك شۈنچىلىك تەستە ئورنىدىن تۇردى. بىر-بىرىگە مۇھەببەت،نەپرەت گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھىسسىيات ئىچىدە بىر ھازا قاراپ قېلىشتى. ئۇستەل ئۇستىگە يېقىنلىشۋاتقان ئىككى يۈرەك ئوخشاشلا تىپىرلاپ كەتتى. ئاچچىق تولغۇنۇپ كەتتى. قەلەم تۇتقان قوللار دىر-دىر تىترىدى. بەختىلىك تۇرمۇشىغا خاتىمە بىرىپ مەڭگۈلۈك ئادا-جۇدا بولۇشقا، مۇھەببەتلىك يۈرەكلەر ئەمدى مەڭگۈلۈك ياتلىششقا قاراپ ماڭغان تۈنجى قەدەم ئۇلارغا شۈنچىلىك ئېغىر بىلىندى. شۇ ۋاقىتتا ۋارىس قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئاۋاز "ۋارىس ئابدۇللا" دىگەن ئىمزانى تىز-تىز قويدى-دە، دىلنازنىڭ ئالەمچە

ھەسرەت چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئەيمىنىش ئىچىدە تىكىلدى.

ۋارسىنىڭ كۆزلىرى دىلنازنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. دىلنازنىڭ كۆزىدىن "نىمە ئۇچۇن؟" دىگەن سوئال تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. قانداقتۇر بىر نەرسىنى تەلەپ قىلاتتى. بىر مىنۇتتەك ئۈنسىز تىكىلىشتىن كىيىن ھەر ئىككى ياشنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى.

-مىنىڭ كەچۈرۈڭ دىلناز. مىنى كەچۈرۈڭ...مەن سىزگە يۈز كىلەلمەيمەن. مەڭگۈ يۈز كىلەلمەيمەن. مەن سىزگە بىر ئۆمۈر قەرزدار...-ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز قالغان ۋارس دىلنازنىڭ قۇلىقىغا بوشقىنا پىچىرلىدى-دە، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھىچ كىشىگە "خوش" دىمەيلا سىرتقا قاراپ يۈگۈردى...

مانا شۇ كۈن ھەممە نەرسە تۈگىدى. ئىككى ياشنىڭ بىر چاغلاردىكى گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرى چىچەك ئاچمايلا تۈزۈپ كەتتى. بىر جۈپ ئوتلۇق قەلب مەڭگۈلۈك ھازىدار بولدى. ئاجايىپ قىسمەت: شۇ كۈنى ھاۋامۇ ئېچىلمىدى. ئۇزاققىچە چاقماق چېقىپ، بىر كىچە بوران چىقتى. شارقىراپ يامغۇر ياغدى. قاتتىق بوران گۈزەل باھاردا يېڭىلا ئېچىلغان چىچەكلەرنى تۆزىتىۋەتتى، يۇمران نوتىلارنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرىۋەتتى. تەبىئەتمۇ بۇ ئىككى ياشنىڭ ئاچچىق قىسمىتىگە ئېچىنىۋاتقاندەك، ئۇلار ئۈچۈن ياش تۆكىۋاتقاندەك قىلاتتى...

بەزىلەر بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ئىمان-ئىنساپ ئىچىدە ئۆتكۈزسە، بەزىلەر بۇزۇقچىلىق، جىنايەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلەر باشقىلارغا ئىزچىل ياردەم بىرىپ ئۆتكۈزسە، بەزىلەر ھەر ۋاقىت باشقىلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلەر ھەممە ئادەمگە بەخت تىلەپ ئۆتكۈزسە، بەزىلەر ئورا كولاپ ئۆتكۈزىدۇ...ھايات مانا مۇشۇنداق قىسمەتلىرى بىلەن سىرلىق. ئادەملەر

مانا مۇشۇنداق خاراكتىرى بىلەن سىرلىق...

ئەكرەم ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن دىلنازنىڭ تۇرمۇشىنى بۇزۇپ ، ئۆزىنىڭ قىساس ئېلىش مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنى يەنىلا بۇزۇقچىلىق، پەسكەشلىك يولى بىلەن مال-دۇنيا توپلاشقا، ئەيشى-ئىشرەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئاتلىنىپ ئاتنى. رەھىمانلىدىن پايدىلىنىپ بالا سودىسىنى نەچچە رەت ئۇگۇشلۇق تاماملىدى. ئادەم قىلىپىدىن چىققان مەلئۇنلار نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنى زار-زار يىغلىتىپ، ئىغىزىن ئانا سۈتى كەتمىگەن نارىسىدە بالىرىلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەكىرىپ ناتونۇش ئادەملەر ئارىسىغا تاشلىدى. باللار قولدىن-قولغا سېتىلىپ نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چەكتى. بىر قىسملىرى ئەڭ قىممەتلىك ئەزالىرىنى تەقدىم قىلىپ بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى، بىر قىسملىرى ئىشرەتخانىلاردا قانلىق كىچىلەرگە ھەمرا بولدى، بىر قىسملىرى ئوغۇرلۇققا سېلىندى. قارا جەمىيەت كاتتىۋاشلىرى تەرىپىدىن ئىغىر ئەمگەككە سېلىنىپ، ئۇرۇپ-قامچىلىنىپ، ئاچ-زارلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزدى...لېكىن ئەكرەم بۇلار بىلەن ھىساپلىشىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇنىڭ ھىساپلىشىدىغىنى يانچۇقىغا تۆكۈلىۋاتقان پۇللاردا ئىدى. بارغانسىرى كۆپىيىۋاتقان سان-سىفىرلاردا ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پۇل بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولاتتى. پۇل بولسا ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا، كەيىپ-ساپاغا بېرىلگىلى بولاتتى. پۇل بولسا ھەر قانداق نوچىنىمۇ بويسۇندۇرغىلى بولاتتى. پۇل بولسا ئۆزى ئۆچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان "ئاق ئالتۇن" نىڭ ھوزۇرۇنى ھەر ۋاقىت سۈرگىلى بولاتتى ...توغرا، ئۇ بۇ پۇللارنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىنسان سېتىپ ئېرىشكەن پۇل ئىكەنلىكىنى پەقەت ئويلىمىدى. دۇنيادىكى ئەڭ كەچۈرگىسىز جىنايەت يولى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئويلىمىدى. پەقەت قېين-قىينىغا سىڭىپ كەتكەن رەزىللىك، پەسكەشلىك يولىدا تېخىمۇ ئىچكىرلەپ مېڭىۋەردى. ئۇنىڭ پۇل تاپقانسىرى تاپقۇسى كەلدى. ئەڭ ئىسىل ماشىنىلاردا ئولتۇرۇپ، ئەڭ گۈزەل نازىنىنلارغا ھەمرا بولۇپ يۈرىكى تېخىمۇ چۇگايدى. نەتىجىدە تېخىمۇ تىز بېيىغىلى بولىدىغان چوڭ سودىنىڭ يولىنى تېپىۋالدى. ھەر قانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدىغان رەھىماندەك بىر ياخشى شېرىكىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىدىغان پۇرسەتلەرگە ئېرىشتى.

زەھەر سودىسى ئۇلارنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى. ئۇرۇمچى ئىچىدىكى ئېلىپ ـ سېتىش كەسپى تەرەققى قىلىپ كىيىنچە ئىچكىرىدىن مال يۆتكەشكە ئۆزگەردى . ئاردا رەيھان ئىچكىرىدىن نەچچە رەت ئاز مىقتاردىكى خىروئىننى ئۇكۇشلۇق ئەكەلدى. بۇ خىروئىننىڭ باھاسى شىنجاڭغا كىلىپلا نەچچە رەت قاتلىنىپ ئەكرەمنىڭ قولىغا خېلىلا جىق پۇل كىردى. رەيھانمۇ ھەر ۋاقىت ئۆزگە تەۋە نىسۋىسىدىن بەھرىمان بولۇپ تۇردى . ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئەقلىنى بۇغۇپ، كۆزىنى كور قىلىپ قويىدىغان بۇ پۇل ئەكرەمنىڭمۇ، رەيھاننىڭمۇ بۇ سودىغا بولغان مېھرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى.

بۇ قېتىممۇ رەيھان ئىچكىردىكى سودىسىنى ئۇكۇشلۇق تاماملىدى. ئايرۇپىلان ئىستانسىسىنىڭ تەكشۈرۈشى چىڭ بولغاچقا ، ئامالسىز يەنىلا پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۇرۇمچىگە قايتتى. پويىز ئىستانسىسىدا ئەكرەمنى خېلى ئۇزاق ساقلىدى، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. تېلېفون قىلدى، تېلېفونى ئېتىك چىقتى...ئىچىدە ئەكرەمنى نەچچە يۈز رەت تىللاپ چىققان رەيھان يەنە ئامالسىز تاكسى تۇسۇشقا مەجبۇر بولدى.

رەيھان بۇگۇنمۇ ئەكرەمنى 5 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىنىڭ ئالى دەرىجىلىك ياتىقىدىن تاپتى. رەيھان كىرگەندە ياتاقتا ئەكرەم بىلەن بىرگە يەنە يېرىم يالىڭاچ ئىككى قىز ئولتۇراتتى .

ـ ھالىڭىز مۇشۇمىدى سىزنىڭ. پويىز ئىستانسىدا سىزنى كۈتۈپ ھېرىپ كەتتىم ، بۇ يەردە يەنە ئىشقىۋازلىق قىلىۋاتامسىز؟ـ رەيھان ئەكرەمگە قاراشتىن نۇمۇس قىلغاندەك دەرىزىگە قاراپلا سورىدى.

ـ ئۇنداق ئەمەس.ـ ئەكرەم يېنىدا چاپلىشىپلا ئولتۇرغان ئىككى قىزنىڭ مەڭزىگە بوشقىنا سۆيگەندىن كىيىن ئۇلارنى چىقىپ كىتىشكە شەرەت قىلدى.

ـ ئەمىسە نېمىشقا چىقمايسىز؟

ـ ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ رەيھان ، ھازىر ئاپشاركىلار بەك

سەزگۈرلىشىپ كەتتى. سەللا بىخەستىلىك قىلساق پۈتۈن سودىمىز تۈگۈشۈپ، ئۆزىمىزنى تۈرمىغا سۇلاپ بىرىمىز. شۇڭا بۇنىدىن كېيىن ئازراق ئۇچرىشايلى دېگەن...

- ماۋۇ گەپنى كۆرۈۋاڭ ئەمدى. پۈتۈن سودىنى مەن قىلسام ، سىز ياتاقتىن چىقمايلا پايدىسىغا ئېرىشەمەكچىما؟ سىز ئۆزىڭىزنىلا ئويلامسىز؟ مىنىڭ بىخەتەرلىكىمگە كىم مەسئۇل بولىدۇ؟ - ئەكرەمنىڭ جاۋابىدىن جۇدۇنى ئۆرلىگەن رەيھان قايناپ كەتتى.

- خاتىرجەم بول ، مەن مەسئۇل بولىمەن. ئەگەر بىرەر ئۇقۇشمىسىزلىقىقا ئۇچراپ قالساڭ جاجىسى پۇل. ساڭغۇ ئىشىنىمەن رەيھان. سەن ھەرگىز چاندۇرۇپ قويمايسەن...- ئىچىدە زەھەر قايناپ‌ىدىغان ئەكرەم رەيھاننىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تۇتۇندى.- بۇندىن كېيىن تاپقان پايدىنىڭ تەڭ يېرىمىنى ساڭا بېرىمەن. سەن بۇنىدىن كېيىن تېخىمۇ بېيىپ كېتىسەن. سېنىڭمۇ بۇندىن كېيىن ھەممە نەرسەڭ بار بولىدۇ.

-راستىما؟- رەيھان ئىشەنمىگەندەك ئەكرەمگە قارىدى.

-ئەلبەتتە. مەن ساڭا قاچان يالغان ئېيتىپ باققان رەيھان ، قاچان قىلغان ۋەدەمدىن يېنىۋالغان؟ - ئەكرەم كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرغىنىچە رەيھاننىڭ ئالدىغا كەلدى.- بۇنىدىن كېيىن سودىنىڭ تېخىمۇ چوڭىنى قىلىمىز. پايدىنىڭ تېخىمۇ چوڭىنى ئالىمىز. سەنمۇ، مەنمۇ تۈگىمەس مال دۇنيانىڭ ئىگىسى بولىمىز...

رەيھان تولا بويۇلۇپ پارقىراقلىقىنى يوقاتقان چاچلىرىنى سىلىغىنىچە خىيلى ئۇزۇنغىچە خىيالغا چۆمدى. كۆڭلىدە نۇرغۇن شۇملۇقلارنى، نۇرغۇن ھىساۋاتلارنى قىلىپ ئۆلگۈردى.

-ھە راست.- ئەكرەم جىددى بىر ئىشنى ئىسىگە ئالغاندەك ئالدىراپ سورىدى.- بۇ قېتىمقى سەپەردە قانچىلىك يۆتكىۋالدىڭ...ئۇقۇشلۇق بولغاندۇ؟

ـ مەن دىگەن كىم ئەكرەم. رەيھان بار يەردە ھەممە ئىش ئۇڭۇشلۇق بولىدۇ. بۇدا ساق 100گىرام . ساق 100گىرام...ـ ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىدىن پەخىرلەنگەن رەيھان دەرھاللا ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقىدى ـ دە، ئەكرەم ئالدىدىلا تار كوپتىسىنى سېلىپ ، باغرىدىقى بىلەنلا قالدى.

رەيھاننىڭ يۇغان كۆكسى ئەكرەمنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىربولدى. زىلۋا بەدەنگە ماس كەلمىگەن يۇغان ئەمچەكلەر ئەكرەمنىڭ شەھۋىتىنى كۈچەيتىۋەتمەكتە ئىدى. ئۇ لەۋلىرىنى يالىغىنىچە رەيھانغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ ئاپئاق بىلىنى چىڭ قامالىدى.

ـ قولىڭىزنى نېرى تارتىڭ...ـمۇزدەك قولدىن چۈچۈپ كەتكەن رەيھان نەچچە قەدەم كەينىگە داجىدى.ـ مىنى خوشى تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قالدىڭىزما؟ ھەرگىز ئۇنداق خىياللاردا بولغۇچى بولماڭ...

رەيھان ئەكرەمگە تازا بىر ئالىيىۋەتكەندىن كىيىن ئەيمەنمەيلا قىزىل باغرىدىقىنى يەشتى ـ دە، باغرداقتىكى كۆكسىنىڭ ئورنىنى سوكۇپ ئىچىدىكى 2خالتا خىروئىننى ئەكرەمنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

ـ مانا ساق 100 گىرام...ئۆلچىۋېلىڭ...ـ رەيھان ساغلىقنىڭ ئەمچىكىدەك لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسىگە بىر پەس قارىۋەتكەندىن كىيىن، دەرھاللا كوپتىسىنى كىيىپ ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئەكرەمنىڭ قېشىغا كىلىپ ئولتۇردى.

ـ پاھ، پاھ...نىماندىداق ئەقىللىق ھە سەن رەيھان...ھۈنەرلىرىڭ بەك كۆپىقۇ سىنىڭ...ـ ئەكرەم قولىدىكى 2خالتا خىروئىنغا قاراپ سۆيۈنۈپ كەتتى.ـ ياشاپ كەت رەيھان. ياشاپ كەت...ھازىر بۇنىڭغا ئىھتىياجلىق ئادەملەر بەك كۆپىيىپ كەتتى. قولۇمدىكى مال يىتىشمەيلا قالدى. سەنلا بولساڭ ئۇلارنىڭ باغلام ـ باغلام پۇللىرى بىزنىڭ بولىدۇ...بىزنىڭ بولىدۇ...

ئەكرەم بىلەن رەيھان ياتاق ئىچىدە بىر هازا تەلۋىلەرچە كۈلۈشتى. ئۆزىنىڭ پۈتتىلىقىدىن، سودىسىنىڭ راۋاج تېپىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنىشتى. بۇندىن كېيىنكى سودا پىلانى ئۈستىدە ئەستاهىدىل مۇلاهىزە قىلىشتى. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭ سودىغا كىرىشىشنى، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنى پىلانلاشتى...

توغرا، بىر مىللەتنىڭ بېشىغا چىقىۋاتقان زەھەر مانا مۇشۇنداق مەلئۇنلار تەرىپىدىن تارقىلىدۇ. تېخى ئاق-قارىنى تولۇق پەرىق ئېتىپ بولالمىغان ياشلارنى دوۋزاخ سەپىرىگە باشلايدۇ. بىر ئادەمنى ، بىر ئائىلىنى، ئاخىرىدا بىر مىللەتنى ۋەيران قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق مەلئۇنلار بولغاچقا زەھەر چېكىدىغان ياشلار شىددەت بىلەن كۆپىيىدۇ، داۋاسىز كېسەللىك شىددەت بىلەن ئۆرلەيدۇ. نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەن ئىقتىساد كۆيۈپ ئاچچىق تۈتۈنگە ئايلىنىدۇ. ئاتا-ئانا باللىرىدىن، ئايال ئېرىدىن ، ئۇرۇق-تۇققان جان قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىدۇ. مۇھەببەت ئاجىزلاپ ھەممە زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ...

دىلناز ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتكەندىن كېيىن تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كەمسۆز، تېخىمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى. نازىر بىلەن پەرىدە خانىم قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممە جەھەتتىن تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن دىلناز ھېچ نەرسىدىن خوشاللىق تاپالمىغاندەك قىلاتتى.

دىلناز ئاجرىشىپ 10-كۈنىگە كەلگەندە ئىستانسا باشلىقى ئۇنى تۈيۈقسىز ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قالدى. ئۇنىڭغا مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخپارات كەسپىنىڭ 6 ئايلىق تەربىيىلىنىش ئوقۇتۇرۇش قەغىزىنى تۇتقۇزدى. ئىدارىغا كەلگەن بۇقېتىمقى بىرلا سانىنى ، بۇ ياخشى پۇرسەتنى دىلنازغىلا بېرىشنى لايىق تاپقانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەپ تېخىمۇ ياخشى

كەسىپ ئىگەلەپ كىلىشىنى ئۈمۈت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . دىلناز ھەم ھەيرانلىق ھەم ھاياجان ئىچىدە مەردان ئاكىغا بىر مۇنچە رەخمەت ئېيتىپ خوشلاشتى . ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ پۇرسەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى، بىر مەزگىل بولسىمۇ ھازىرقى بۇرۇقتۇمىلۇق تۇرمۇشتىن ئازات بولۇشىنىڭ تۇلىمۇ زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلدى. يىنىكلىك بىلەن ئاجرىشىش تەلىۋىنى قويۇپ، ھىچقانداق تەكەللۇپ قىلمايلا ئاجرىشىپ كەتكەن ۋارستىن بىر مەزگىل بولسىمۇ يىراق تۇرۇشنى ئويلىدى...ئەپسۇس، بۇ ساددا قىز كۆيۈمچان دادىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يول ماڭغانلىقىنى ، ئىستانسا باشلىقى بىلەن مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى ، بىر مەزگىل يېگى تۇرمۇش ئىچىدە ياشاپ بۇرۇنقى ئازاپنى ئۇنتۇپ كىتىشنى ئۈمۈت قىلغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى ....

دىلناز شۇنداق ئويلىغىنى بىلەن قەلبىنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا ۋارسنى ئۇنتۇيالمىغان ئىدى. نازۇك قەلبىگە مۇھەببەتنىڭ تۇنجى ئۇرۇقىنى چاچقان، ئۇنى بىخلاندۇرغان بىر ئوتنى ئۇنتۇيالمىغان، ئاجرىشىش كىلىشىمگە ئىمزا قويۇپ مەڭگۈلۈك جۇدا بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاجىز تۇرقىنى كۆز ئالدىدىن يۇقۇتالمىغان ئىدى. ئۇ بېيجىڭغا مېڭىشقا تەييارلىق قىلدى. نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى، خىزمەتداشلىرى-دوسلىرى بىلەن خوشلاشتى. لېكىن كۆڭلى يەنە بىر نەرسىنى تارتىپ تۇراتتى، ۋارس بىلەن بىر قېتىم ئەركىن-ئازادە مۇڭدىششىنى، ئۇنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىشنى ، ئاجراشقان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ قەلبىنىڭ يەنىلا شۇ ۋاپاسىزنى سېغىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئويلايتتى. بەزىدە تۇرۇپ مۇھەببەتنىڭ بۇ قەدەر ئۇلۇغلۇقلىقىغا ھەيرانمۇ قالاتتى...

دىلناز سەپەرگە چىقىشقا 2كۈن قالغاندا ۋارس بىلەن چۇقۇم كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقى ھىس قىلدى. 6 ئايلىق سەپەردىن كېيىن ئۇ ۋارسىنىڭ يېگى ئائىلىسىنى كۆرۈشتىن قورقتى. ئۆزىنىڭ ۋارسنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ، ئۇنىڭسىز كىيىنكى تۇرمۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. دىمەك: ئۇ ئەك جىددى پەيتتە ئۆز تۇرمۇشىدىكى ئەك كەسكىن قارارغا ئېرىشكەن ئىدى. يۈرىكىنىڭ ھامان بىر

ۋارس ئۇچۇنلا كۆيىدىغانلىقىغا ھەقىقى ئىشەنگەن ئىدى . ئۇ ناھايىتى تەستە تېلىفۇن بەردى. تېلىفۇن ئىتتىك چىقتى. ئۆيگە تېلىفۇن قىلدى، ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئۇ تېخىمۇ جىددىيلەشتى. ۋارس بىلەن ئالاقىلىشالماي قېلىشتىن راستىنلا ئەنسىزلىككە چۈشتى. ئۇ نەچچە قېتىم بىۋاستە ئىزدەپ بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋارسنىڭ قانداق مۇئامىلىدە بۇلۇدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە ئاخىرى قولىغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى...

" ئەسسالام ۋارس:

شۇ تاپتا بۇ خەتنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپتىمەن. بەلكىم نىمانداق ئاجراشقان ئادەم يەنە ماڭا خەت يېزىۋاتقاندۇ دەپ ئويلاۋاتقانسىز؟ بەلكىم مىنى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرمايدىغان مەيدانى يوق ئادەم قاتارىدا كۆرىۋاتقانسىز؟...

مەيلى سىز قانداق ئويلىماڭ مەن بۇ خەتنى چۇقۇم سىزگە يېزىشىم كېرەك. قەلبىمنى چۇقۇم سىزگە بىلدۇرۇشۇم كېرەك. ئاجىز يۈرۈكۈمنىڭ سىزگىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشىم كېرەك...

مەن سەپەرگە ئاتلانماقچى ۋارس. بۇ شەھەردىن يىراق يىل ئايرىلماقچى. مەركەزگە ئاخپارات كەسپىگە ئۇقۇشقا بارماقچى...بۇ مەن ئۈچۈن خوشاللىق سەپەر، يېڭى بىلىم ئىگەللەيدىغان، ئۆزەمنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان سەپەر، بىر مەزگىللىك روھى بېسىمىمنى يىنىكلىتىدىغان سەپەر..لېكىن يەنىلا قەلبىم يىغلايدۇ ۋارس ، قەلبىم يىغلايدۇ...دوۋزاخ ئازابىنى تارتىپ تۇرۇپ ، يەنە شۇ دوۋزاخ ئوتىنى سېغىنىندۇ...

مەن يىغلاپ ياشىدىم ۋارس، ساق بىر يىل يىغلاپ ياشىدىم. قورسۇقۇمدىكى 6ئايلىق بولغان بالامنى كۆتىرىپ ئاپامنىڭ ئۆيىگە بارغان شۇ كۈندىن باشلاپ كۆزۈمدىن ياش قورىمىدى. سىز مىنىڭ يۈرۈكۈمنى زىدە قىلدىڭىز، سىزگە بولغان پاك سۆيگۈمنى خار قىلدىڭىز، ئىشەنچەمنى يۇقاتتىڭىز...سىزدىن شۇقەدەر نەپرەتلەندىم، گۆلدەك بەختىنى ۋەيران

قىلغان ۋاپاسىزلىقىڭىزدىن ئۆلگۈدەك نەپرەتلەنىدىم...لېكىن بىلەمسىز ۋارىس، نەپرەت ئىچىدە يەنىلا مۇھەببەت بار ئىدى، سېغىنىش بار ئىدى...

مەن ھەيران ۋارىس، تولىمۇ ھەيران. بۇ يۈرەكنىڭ چىدامچانلىقىغا ھەيران، گۆش بىلەن تۆرەلگەن ئادەمنىڭ قەيسەرلىكىگە ھەيران...ئەگەر مەن تارتقان دەرتلەرنى باشقا بىرسى تارتقان بولسا ئىدى، ئاللىبۇرۇن تۈگۈشۈپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن مەن بەرداشلىق بەردىم، تەنھالىق ئىچىدە قىينالسامۇ ئۈمۈت ئىچىدە ياشىدىم. ھەر قانداق ئىبغىر ئازاپنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇدىغانلىقىغا ئىشەندىم...

لېكىن سىز ئىرادىسىز كەلدىڭىز ۋارىس. بىر چاغلاردا ئاپامنىڭ ئاچچىق گەپلىرىنى كۆتىرەلمەي ئۆينىسىزلا يۇرتىڭىزغا كەتكەن ئىدىڭىز ، مانا ئەمدى يەنە ئاپامنىڭ ئىبغىر تەنبىھلىرىگە بەرداشلىق بىرەلمىدىڭىز. ئاجرىشىشنى مەندىن بۇرۇن ئوتتۇرغا قويدىڭىز، قېنى ئۆزىڭىز جاۋاپ بىرىپ بېقىڭە؟ بۇ گۇناھنى مەن ئۆتكۈزدۈممۇ ياكى سىزمۇ؟ سىز مېنى ئازاپلىدىڭىزمۇ ياكى مەن سىزنىمۇ؟...

دەرت-ھەسرەتلىرىم ھەممىگە گۇۋاھ بولسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىڭىزگە يەنىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ۋارىس. پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. مەن سىز بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ياشاشنى ئارزۇ قىلغان، بەختلىك ئائىلىدە ئۇماق باللىرىمنى ياراملىق تەربىيەلەشنى ئۈمۈت قىلغان...سىز ئازمىغان بولسىڭىز، ماڭا ئاسىلىق قىلمىغان بولسىڭىز ئۇماق ئوغلىمىزمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالارئىدى، تاتلىق گۈگىراپ بىرەر ئىدى ھە...

بولدى ۋارىس...ئەمدى ئۇ ئىشلارنى قايتا تەكىتلىگىم يوق. ئۆزەمنىمۇ ئۆزگىنىمۇ قايتا ئازاپلىغۇم يوق...

ئاردا سىزنى كۆپ ساقلىدىم ۋارىس، ئاپام-دادام ئاجرىشىپ كىتىشىمنى قايتا-قايتا تەكىتلىسىمۇ مەن كەينىگە سوزدۇم. كۆڭلۈم نىمىنىدۇر ئىزدىدى، نىمىنىدۇر ئۈمۈت قىلدى...لېكىن سىز ئۇن-تىنسىز يۇقاپ كەتتىڭىز. پۈتكۈل

ۋاپاسىزلىقنى مەن قىلغانىدەك، بۇ رەھىمسىز رىئاللىقنى مەن كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك مىنى پەقەت ئىزدىمىدىڭىز. لېكىن كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ ۋارىس، سىز مىنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرىسىز، ھازىرمۇ سۆيىسىز. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، راستىنلا ئىشىنىمەن...

سىز مىنى ھەسرەتتە قويدىڭىز، داغدا قويدىڭىز...مىنىڭ سىزگە قىلغان ئەقىدىلىرىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتىڭىز. ئاتا-ئانامغا يۈز كېلەلمەيمەن ۋارىس، ئۇلارنىڭ ئەجىرىگە يۈز كېلەلمەيمەن...ئۇلارنىڭ بىر تالاي نەسىھەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ، ئۇلارغىمۇ ئاچچىق ئازاپ ئېلىپ كەلگەنلىكىمگە يۈز كېلەلمەيمەن...

لېكىن ۋارىس، مەن مۇھەببەت ئالدىدا يەنىلا باش ئەگدىم. يەنىلا تەسلىم بولدۇم. سىزنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ مەن ئۈچۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھەقىقى ھىس قىلدىم.

سىز ئېشەنسىڭىز ۋارىس، گەرچە ئاجرىشىش رەسمىيىتىگە قول قويۇپ، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈل-كېسىل تۈگىگەن بولسىمۇ لېكىن قەلبىم ئۈزۈلمىدى، سۆيگۈم ئۈزۈلمىدى. بېيجىڭغا مېڭىش سەپىرى مىنى كۆپ ئويلاندۇردى. مىنى ئاخىرقى يەكۈنگە ئېرىشتۈردى. مەن ئاجىز كەلدىم ۋارىس، بەكلا ئاجىز كەلدىم. بىلسىڭىز، مەن سىزسىز ياشىيالمايدىكەنمەن، سىزسىز بەختىكە ئېرىشەلمەيدىكەنمەن...ئىشىنەمسىز، ئاجرىشىش ئورنىدىكى مىسكىن تۇرقىڭىزغا قاراپ يۈرۈكۈم شۇنچىلىك ئېچىشقان ئىدى، قىزلىق غۇرۇرۇمنى قايرىپ قويۇپ سىزنىڭ باغرىڭىزغا سىڭىپ كەتكۈم كەلگەن ئىدى...

سىزدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق ۋارىس. سىزسىز ھەر قانداق بەختنى تەسەۋۋۇر قىلغۇم يوق...گەرچە ئاتا-ئانام بۇنى ھازىرچە قۇبۇل قىلالمىسىمۇ، ھامان قۇبۇل قىلىدۇ. مەن زىمىستان قىشنىڭ كىتىپ ئىللىق باھارنىڭ كىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ئۇلارنىڭمۇ سىزنى ھامان كەچۈرىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن...

شۇڭا دەيمەن ۋارس ، مىنى يەنىلا ھەقىقى ياخشى كۆرسىڭىز ئۇمۇت بىلەن ياشاڭ، مىنى ساقلاڭ...مەن ئىشىنىمەن ۋارس، بۇ قېتىملىق ئاجرىشىش بىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنىڭ خاتىمىسى ئەمەس. بەلكى تېخىمۇ بەختىيار تۇرمۇشىمىزنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ...راست شۇنداق بولىدۇ...

بولدى. خەتنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي ، سىزگە دىسەم قەلبىمدىكى گەپلەر بۇگۈن تۈگىمەيدۇ...ئاخىردا دەيدىغىنىم: مەن ئۆگۈنلۈككە ئايرۇپىلان بىلەن ماڭماقچى، شۇڭا مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ماڭا چۇقۇم تېلىفۇن قىلىڭ، مىنىڭ سىزنىڭ ھەقىقى يۈرەك سۆزىڭىزنى بەكمۇ ئاڭلىغۇم بار...

خوش دىيىشكە رايىم بولمىسمۇ يەنىلا خوش دىيىشكە مەجبۇرمەن ۋارس. سىزگە دىسەم مىنىڭ يۈرۈكۈم سىزگە مەڭگۈلۈك باغلانغان...سىز يۈرۈكۈمنى ئۆمۈرلۈك ئوغۇرلاپ كەتكەن...

خوش جېنىم ۋارس، خوش...قەددىڭىزنى تىكلەڭ. ئۈمۈتۋار بولۇڭ. مىنى ئەسلەپ تۇرۇڭ...سىزنىڭ تېلىفۇنىڭىزنى ھەرۋاقىت ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىمەن...

خەير...

سىزنى نەپرەت ئىچىدە سۆيۈپ : دىلناز..."

ئۆزى يازغان قۇرلارغا قاراپ ئۆزى تەسىرلىنىپ كەتكەن دىلناز ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى...خەتنىڭ ئاخىرىغا ھازىرقى يېڭى تېلىفۇن نۇمۇرىنى قالدۇرۇپ خەتنى ئاستا كونۋېرت ئىچىگە تىقتى...ياق كونۋېرتنى ئەمەس يۈرىكىنى تىقتى. ئاجىز سۆيگۈسىنى، ئەقىدىسىنى تىقتى... توغرا ، ئۇ ئۆزى دىگەنىدەك ئاخىرى ئاجىز كەلدى. ئۆزىنىڭ ۋارىسدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ئاخىرى ئېقرار قىلدى...

خەتنى قانداق بىرىش مەسىلىسىدە بىر ھازا ئويلانغان دىلناز سومكىسىدىن كىچىك خاتىرە دەپتىرىنى ئالدى. دەپتەردىن ۋارىسنىڭ دوستى مۇرادىلنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ ، ئاخىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن تېلېفون قىلدى...

2كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دىلناز مۇرادىلنىڭ خەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئۇققان بولسىمۇ ، لېكىن ۋارىستىن ھېچقانداق جاۋاپقا ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. ئۇ كۈتتى. بىر چاغلاردىكى تاتلىق ئەسلىمىلەر ئىچىدىكى ۋارىسنى كۈتكەندەك كۈتتى. دوختۇرخانىدا ئۇنى كۈتكەندەك كۈتتى. 2كۈن ئىچىدە تېلېفونغا نەچچە يۈز رەت قاراپ چىقتى. لېكىن ۋارس دىلنازنىڭ خېتىنى بىر پۈتۈك قىلىپ، ئۇنىڭ غۇرۇرىنى يەنە بىر قېتىم يەرگە ئۇرۇپ ، ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى يەكسان قىلىپ ئۈن-تىنسىزلا غايىپ بولدى...

ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ دىلنازنىڭ جىددىلىكى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ كۈتۈپ، كۈتۈپ ئاخىرى ئامالسىز دادىسىنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ ئايروپىلان ئىستانسىسىغا قاراپ ماڭدى. يول بويى تېلېفونىنى چىڭ سىقىمداپ كەلدى. ئىستانسا زالىدا دادىسى، ئاپىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقان دەملەردە كۆزى ھەر تەرەپتىن ۋارىسنى ئىزدىدى...لېكىن دىلناز ئۈمۈت قىلغان مۆھەببەت، خوشاللىق يۇقالغان ئىدى، ۋارسنىڭ ئۆزى تۈگۈل ، تېلېفونىمۇ ئۇنى ئۈمۈتسىزلەندۈرگەن ئىدى...

دىلناز ئاتا-ئانىسى بىلەن جۇدالىق كۆز يېشى ئىچىدە خوشلاشتى، تەكشۈرۈش ئورنىدىن ناھايىتى ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆتتى. قولىدىكى چامادانىنى ئاستا سۆرىگىنىچە خۇددى بىرسى بوينىنى باغلاپ ماڭغاندەك ئايروپىلان پەشتىقىغا قادەم ئالدى...ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس...دىلناز دەل شۇ دەقىقىلەردە ئىستانسا زالىنىڭ نېرىقى ئورۇندۇقىدا بېشىغا قارا شەپكە كىيىپ، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر ئەرنىڭ ئۈنسىز كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى ، دىلنازغا مۆھەببەت بىلەن تەلمۈرۈپ نىملەرنىدۇ

پىچىرلىغانلىقىنى ، لەۋلىرىنىڭ خىلى ئۇزۇنغىچە بوشىقىنا تىترىگەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى...

ئايروپىلان 4سائەتكىمۇ بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. دىلناز يېتىپ كەلگەندە بېيجىڭدا ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغان ئىدى. ئۇ چامىدانىنى ئېلىپ ماشىنا توختۇتۇش مەيدانىغا چىقتى، قولىدا گەرچە مەكتەپنىڭ ئادرىسى بولسىمۇ، لېكىن دەماللىقتا نەگە بېرىشنى، قانداق ماشىنا تۇساشنى بىلمايلا قالدى. ئۇ ئالدىدىن ئۆتىۋاتقان كىرا ماشىنىلىرىنى تۇسۇش-توسماسلىق توغرىسىدا خېلى ئىككىلەندى، ئالدىدىن ھەر بىر ئۆتكەن ماشىنىنىڭ شوپۇرىغا دىققەت قىلدى. كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك كىلىۋېلىپ ماشىنىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى...

دەل شۇ ئىككىلىنىشلەر ئىچىدە تۇرغاندا ئالدىغا تۇيۇقسىز چىرايلىق بىر قىزىل ماشىنا پەيدا بولدى. ماشىنىدىن بېشىغا يارىشىملىق بادام دوپپا كىيىۋالغان، ساقال-بۇرۇتلىرى پاكىزە قىرىلغان ، كىيىم-كىچەكلىرىدىن ناھايىتى ئىلمىلىك، پاكىزلىق چىقىپ تۇرىدىغان 40 ياشلار چامىسىدىكى تەمبەل بىر ئەر ئاستا چۈشۈپ دىلنازنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

دىلناز بوشقىنا ئىگىلىپ چىرايلىق سالام بەرگەن ناتونۇش ئەرگە قاراپ بىر پەس گاڭگىرىغاندىن كىيىن ئاددىيلا سالام قايتۇردى.

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

-سىز دىققەت قىلمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن سىڭلىم. مەن سىز بىلەن بىر ئايروپىلاندا كەلگەن. ئىسمىم قۇربان.- ھېلىقى ئەر ناھايىتى تەمشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئاچتى- قارىسام خېلىدىن بىرى گاڭگىراپ تۇرۇپ كەتتىڭىز.

بىيجىڭغا تۈنجى كىلىشىڭىز ئوخشىمامدۇ؟

دىلناز نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشنى بىلمەي قالدى. قارىماققا ناھايىتى ئىلمىلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنىڭغا يامان كۆزىنى تاشلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كىتىۋاتاتتى.

ـ قانداق دەيسىز؟

ـ شۇ...شۇ...ئەمدى دەيمىنا.ـ ھېلىقى ئەر سەل دۇدۇقلاپ قالدى.ـ مەنمۇ شەھەر ئىچىگە بارىمەن. ماشىنامۇ بىكار، شۇڭا خالىسىڭىز سىزنى بىرگە ئالغاچ كىتەي دىگەن. مىنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ يەنە...

ـ ياقەي.ـ دىلناز شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن ئەرگە ھېيقىش ئىچىدە قاراپ قويۇپ، ماشىنىنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى.

ـ خاتىرجەم بولۇڭ...ماشىنىدا شوپۇرۇم بار.ـ دىلنازنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگەن ئەر ئوتقاشتەك قىزىل ماشىنىنىڭ ئىشكىنى ئىچىپ رول تۇتۇپ ئولتۇرغان خەنزۇ شوپۇرنى كۆرسەتتى. ـخۇدا خالىسا ئىزچىل ئىمان بىلەن ياشاپ كىلىۋاتقان مۇسۇلمانمەن. پەقەت ياخشىلىق قىلىشتىن باشقا مەقسىتىم يوق.

ـ رەخمەت. رەخمەت...ـدىلناز مۇلايىملىق بىلەن خۇدانى تىلغا ئالغان ئەرگە ئىشەنچ قىلغاندەك قىلدى.ـ دۇرۇس ئادەملىكىڭىزغۇ چىرايىڭىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ ... سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ ئەمدى..

ـ بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟ ماشىنا بىكار تۇرسا...

دىلناز ماقۇللىقنى بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى. ھېلىقى ئەر چامادانىنى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ دىلنازنى ماشىنىغا تەكلىپ قىلدى. دىلناز كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىلەن يەنە ناھايىتى ئىككىلىنىش ئىچىدە ماشىنىغا چىقتى...

ماشىنا پايتەختتىكى ئايرودرومنىڭ كەڭ ئاسفالت يوللىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ قۇيۇندەك يۈرۈپ كەتتى. دىلناز كىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەن چىراقلارغا، يول بويىدىكى رەتلىك بىنالارغا كۆز تىككەچ ھىلىقى ئەر بىلەن شوپۇرنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

پاراڭدىن ھېلىقى خەنزۇنىڭ راستىنلا قۇربانجاننىڭ شوپۇرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. توختىماي "لاۋبەن، لاۋبەن ..." دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇردى. خەنزۇ تىلىنى ئاجايىپ ئۆلچەملىك سۆزلەۋاتقان ھېلىقى ئاكاشقا قاراپ تۇرۇپلا ھۆرمىتى قوزغالدى.

قۇربانجان شوپۇر بىلەن رېستورانىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكەندىن كېيىن دىلنازغا قاراپ بۇرۇلدى.

- ھە سىڭلىم. قارىسام بىر يەرلىرىڭىز ماڭا بەك تونۇشتەك بىلىنىدى. لېكىن ئەسلىيەلمىدىم. بېيجىڭغا بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنما؟...

-ھەئە...ئوقۇشقا كەلگەن. مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرستىتىغا يېرىم يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلدىم...

-ياخشىكەنغۇ. بۇرۇن قايەردە ئىشلەيتتىڭىز سىڭلىم؟

-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا .- ئۆزىنى خېلىلا يىنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلغان دىلناز چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ جاۋاپ بەردى.

-ھە...ھە...توغرا...توغرا...نىمانداق تونۇش چىرايىكىن دېسەم سىزنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپتىكەنمەن...-دەقىقە ھاياجانلانغان قۇربانجان سەل توختاپ قالغامدىن كېيىن قۇشۇپ قويدى .-ھە ئىسمىگە كەلدى، بۇدا يۇرتقا بارغاندا كۆرۈپتىمەن. سىز بىلەن تونۇشقۇنۇمغا بەك خوشالمەن...

ـ مەنمۇ.ـ جىق گەپ قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن دىلناز قىسقىلا جاۋاپ بەردى.

ـ ھە راس . ھازىر ئۇدۇللا مەكتەپكە بارامسىز سىڭلىم؟

ـ ھەئە ئاكا، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋېتىدىغان بولدۇم.

ـ ياقەي. مەن سىزگە ياردەم بېرىۋاتقانلىقىمدىن بەك خوشال...

قۇربانجان شوپۇرغا ماشىنىنى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراپ ھەيدەشكە بۇيرىغاندىن كېيىن دەرىزىدىن يوللارغا قارىغاچ نىمىلەرنىدۇ خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئارقا ئورۇندۇقتا قۇربانجاننىڭ ھەر بىر ھەركىتىگە يوشۇرۇن قاراپ ئولتۇرغان دىلناز ئۇنىڭ نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، بۇ يەرگە قاچان كەلگەنلىكىنى سوراشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن دەماللىققا ئېغىز ئاچالمىدى. ھەر بىر سۆزنى شۇنچىلىك تەكەللۇپ بىلەن قىلىدىغان بۇ خوجايىننىڭ كىچىك پېئىللىقى، ئىسىللىقى...ئۇنىڭغا خېلىلا تەسىر قىلغاندەك قىلاتتى...

شۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىز دىلنازنىڭ تېلېفونى سايراپ قالدى. دىلناز سومكىسىدىن تېلېفۇننى ئېلىپ بولغۇچە شۇنچىلىك جىددىلەشتىكى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. 2 كۈندىن بېرى سېغىنغان ئاۋازنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ، تىترەپ تۇرغان نازۈك بارماقلىرى بىلەن تېلېفۇننى قوبۇل قىلدى.

ئەپسۇس، تېلېفۇندىكى ئاۋاز ۋارىسىنىڭ ئەمەس بەلكى باشقا بىر قىز دوستىنىڭ ئاۋازى بولۇپ چىقتى. ئۇ دوستى بىر ھازاغىچە دىلنازنى ئۇزۇتۇپ قويالمىغانلىقىغا ئەپۇ سوراپ، ئۇنىڭ بېيجىڭدىكى سەپىرىگە خوشاللىق تىلىدى...دىلناز تېلېفۇننى ئۈزگەندىن كېيىن، تېلېفۇننى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. دەرىزىدىن بېيجىڭنىڭ كىچىلىك مەنزىرىسى قارىغاچ بىرپەس ئېغىر خىياللارغا چۆكتى...

قۇربانجان دىلنازنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ھېچنەرسە دىمىدى. ئۇمۇ

دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئۆزىنىڭ خىياللىرى بىلەن بەنت بولدى. شۇ تەرىزدە خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ماشىنا مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىپ كەلدى. قۇربانجان دىلنازنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ، مەكتەپ دىجۇرنىلىك ئۆيىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنى ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇردى.

-رەخمەت ئاكا...سىزنى بەك ئاۋارە قىلىۋەتتىم.- ئوقيادەك كىرپىكلەر ئارىسىدىكى نۇرلۇق كۆزلەر قۇربانجانغا تىكىلدى.- سىزگە نىمە دەپ رەخمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

-بولدى تۇزۇت قىلماڭ سىڭلىم. ھەممىمىز مۇسۇلمان ئەۋلادى. ئۆز-ئارا ياردەم بىرىش بىزنىڭ بۇرچىمىز...-دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن ئەيمەندىمۇ ، قۇربانجان باشقا ياققا قارىغاچ جاۋاپ بەردى.

دىلناز قۇربانجان ئاكا بىلەن خوشلۇشۇپ ، ياتاقتىكى يەنە بىر خەنزۇ قىز بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. ياتاقدىشىنىڭ ھەمرالىقىدا نەرسە-كېرەكلىرىنى خېلى ئۇزۇنغىچە يىغىشتۇردى. ئەزەلدىن تۇرمۇشقا ئەستاھىدىل مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن دىلناز ھەممە نەرسىسىنى جاي-جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئارام ئالدى. لېكىن خىيالىغا بۆگۈنكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بەرگەن ئادەم كىرىۋالدى. يول بويى بىر تۇققان قېرىندىشىدەكلا كۆيۈنۈپ ، ئەدەپ-قائىدە بىلەن گەپ قىلىپ كەلگەن قۇربانجاننىڭ ئوبرازى ئۇنى "جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ياخشى ئادەملەر بولىدىكەن ھە" دىگەن خىيالغا ئەكەلدى...

ئەتىسى ئەتىگەن ئاتا-ئانىسىنى خەۋەرلەندۈرۈشنى ئويلىغان دىلناز تېلىفۇن بىرىشكە ئالدىرىدى. سومكىسىنى ئاختۇردى يوق. كارۋات ئۈستىنى ئاختۇردى يوق، ئاخشام يۇغۇشتۇرغان نەرسەكېرەكلىرىنى ئاختۇردى يوق...ئۇ تېلىفۇننى ھېچ يەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن، بىر پەس كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئويلۇنۇپ كەتتى... ئۇ يان تېلىفۇننى ئاخشام ماشىنىدا كىتىۋېتىپ دوستىنىڭ تېلىفۇنىنى ئالغاندىن كېيىن قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرغاندەك قىلغان. كېيىن

ماشىنىدىن چۈشكەندە دىققەت قىلمىغان...ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن چۆچۈپ كەتكەن دىلناز تۇيۇقسىز "ۋاي خۇدا، ماشىنىدا قاپتۇ..."دىگىنىچە ئېغىزىنى تۇتۇپلا قالدى.

ئارىدىن 3كۈن ئۆتتى. دىلناز مەكتەپكە خېلىلا كۆنۈپ قالدى . ئاخپارات كەسپىنى تېخمۇ چوڭقۇر ئىگەللەش، تېخمۇكۆپ كەسپى بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن باشتىن باشلاپلا تىرىشتى. ئۇ ئەمدى ئۇرۇمچىدىكى بارلىق كەچمىشىنى بىر مەزگىل ئۇنتۇپ كىتىش قارارىغا كەلدى. ئەمىلىيەتتىمۇ بۇ يەردە ئۇنى تونۇيدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈدىغان ئادەم يوق، ئۇنى قىينايدىغان ۋارىس، كۈندە زارلىنىپ ئۆتىدىغان ئاپىسى يوق...ئۇ بۇ يەردە بىر مەزگىل تىنىچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. بىر مەزگىل ئاچچىق ئەسلىملەرنى ئۇنتۇپ كىتەلەيدۇ...لىكىن رىئاللىق ئۇنداق بولمىدى، ئۇ دەرس ۋاقتىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن دەرس ئاڭلىسىمۇ، لىكىن يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا يەنىلا خىيالى ۋارسقا كەتتى. ۋارسقا قالدۇرغان مۇھەببەتلىك نىداسىنىڭ جاۋابىنى ئۆز قەلبىدىن ئىزدىدى..

ئۇ كىلىپ 4-كۈنى كەچ تۇيۇقسىز ياتاقنى بىرسى چەكتى. ئىشىكنى ئاچقان خەنزۇ قىز دىلنازغا بىرسىنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ ناتونۇش شەھەردە ئۆزىنى ئىزدەيدىغان بىرسىنىڭ بارلىقىدىن ھەيران قالغان دىلناز ياتاقتىن تەئەججۇپ ئىچىدە چىقتى. چىقتىيۇ، ئاجايىپ ساالاپەت، سەممىلىك بىلەن ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان قۇربانجان ئاكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

-ۋۇي سىزمىدىڭىز... ؟

قۇربانجان دىلنازنىڭ سۇئالىغا جاۋاپ بىرىشنىڭ ئورنىغا كەڭ ئاالقانلىرىنى مەيدىسىگە يېقىپ بوشقىنا ئىگىلىپ سالام بەردى:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سىڭلىم، سالامەت تۇرۇۋپسىز...

ـ ۋە...ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...ـ قۇربانجان ئاكىنىڭ قائىدىلىكلىكى ئالدىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان دىلناز دۇدۇقلاپ كەتتى.ـ قېنى ئاكا، ياتاققا كىرىڭ. قېنى...

دىلناز ياتاققا كىرىۋاتقان قۇربانجان ئاكىنىڭ ئۇستى ـ بېشىغا دىققەت قىلىپ ئۇلگۇردى. ئاددى لېكىن يارىشىملىق قىلىپ كىيىلگەن قاپقارا كەستۇم بورولكا بېشىدىكى چىرايلىق بادام دوپپىسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنى يېڭى توي بولغان يىگىتكە ئوخشۇتۇپ قويغان ئىدى.

قۇربانجان دىلنازنىڭ كارۋىتىغا كىلىپ ئولتۇرۇۋپلا دۇئاغا قول كۆتىرىدى:

ـ ئامىن....

قۇربانجان دۇئادىن كىيىن ياتاققا باشتىن ئاياق قاراپ چىقىپ مەمنۇنىيەت بىلەن ئېغىز ئاچتى:

ـ بۇ ئالدىنقى قېتىم كىرگەن ياتىقىمۇ ياكى باشقا ياتاقمۇ؟

ـ شۇ ياتاق ئاكا...ـ دىلناز خىجىل بولغاندەك بوش ئاۋازدا جاۋاپ بەردى.

ـ قولىڭىز گۈلكەن ئەمەسمۇ سىڭلىم. سىز كىلىپ باشقىچە چىرايلىق بولۇپ كىتىپتۇ بۇ ياتاق.ـ قۇربانجان پاك ـ پاكىزە تازىلانغان ياتاققا كۆز يۈگۈرتكەچ يانچۇقىغا قولىنى تىقتى.ـ قايسى كۈنى كەچتە تېلىفۇنىڭىزنى ماشىنىدا ئۇنتۇپ قاپسىز ، ئەتىسىلا شوپۇرۇم ئەكىرىپتىكەن لېكىن بەك ئالدىراش بوپ كىتىپ ۋاقتىدا ئەكىلىپ بىرەلمىدىم. ئەيىپكە بۇيرىماڭ ھە...ـ قۇربانجان دىلنازنىڭ سۈتتەك ئاپئاق ئۇماققىنە كىچىك تېلىفۇنىغا مېھىر بىلەن قارىۋەتكەندىن كىيىن ئۇزاتتى..

-رەخمەت، -قۇربانجان ئاكىنىڭ ئالىجاناپلىقىدىن سۆيۈنگەن دىلناز سۈس كۈلۈمسىرىدى. -سىزنى بەك ئاۋارە قىلىۋەتتىم ئاكا...

-ھېچقىسى يوق سىڭلىم.-تېلېفۇننى دىلنازنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان قۇربانجان بىر قىزنىڭ ياتىقىدا ئۇزاق ئولتۇرۇشنى بىئەپ ھېس قىلدىمۇ دەرھاللا ئورنىدىن تۇردى.- بىر چىرايلىق تۇنۇشۇپ قالدۇق سىڭلىم. شۇڭا سىز بېيجىڭغا ناتونۇش بولغانىدىكىن بىرەر يارەمگە مۇھتاج بولسىڭىز ماڭا تېلېفۇن قىلىڭ، خۇدايىم بۇيرىسا قولۇمدىن كىلىشىچە يارەم بىرىمەن. مەنمۇ يېڭى كەلگەندە بەك يېتىمسىرىغان بۇ شەھەردە...مانا ماۋۇ مىنىڭ كارتوچكام ، ۋاقتىڭىز بولسا تېلېفۇن قىلىپ تۇرارسىز...

دىلناز قۇربانجان تەڭلىگەن ئىسىم كارتوچكىسىدىكى " دىيانەت مۇسۇلمانلار تىز تاماقخانىسى " دىگەن خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتتى :

- ئەسلىدە چوڭ خوجايىن ئىكەنسىزدە قۇربانجان ئاكا. بارىكاللا، تىجارىتىڭىز تېخىمۇ روناق تېپىپ كەتسۇن...

- ئادەمنى خىجىل قىلماڭ .-ۋىللىدە قىزارغان قۇربانجان كۆزىنى دىلنازدىن قاچۇردى.- بۇ پەقەت ھالال ئەمگىكىمنىڭ مەھسۇلى. خوجايىن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ...بولىدۇ سىڭلىم . مىنىڭ يەنە ئازراق جىددى ئىشىم بار ئىدى. مەن قايتاي. خۇدايىم بۇيرىسا مەنمۇ كىلىپ تۇرىمەن، سىزمۇ ھەر قانداق ئىش بولسا تارتىنماي تېلېفۇن قىلىڭ.

قۇربانجان دىلناز بىلەن چىرايلىق خوشلۇشۇپ ياتاقتىن ئايرىلدى. دىلناز نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە دەرىزىدىن قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ھەقىقى ئەرلەرگە خاس تۇرقى، سىپايىلىقى، دىيانىتىنى بىر چاغلاردا نازۇك قەلبىگە بۈسۈپ كىرگەن ۋارىسىنىڭ سىماسىغا تۈلىمۇ ئوخشاتتى. چىرايىدىن ھەقىقى مۇسۇلمانلارغا خاس ئىمان نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئالىجاناپلىقى ئۇنى خېلى ئۇزاققىچە ئويلاندۇرۇپ قويدى...ياتاقدىشى شىياۋياڭ ئۇنىڭ

دەرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇشىدىن بىر نەرسىنى ھىس قىلغاندەك مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدى...

دىلنازنىڭ بىپىجىڭدىكى ئۇقۇشىغىمۇ 1ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت بوپ قالدى، ئۇ بەزى-بەزىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشىنى، قەلبىدىكى ۋارىسنى، ئاتا-ئانىسىنى ئەسلىگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئۆگۈنۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ خەنزۇتىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدىكى ئالاھىدە قابىلىيىتى بىلەن بارلىق دەرسلەرنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭدى. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى ياتاقدىشى شىياۋياڭ بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. شىياۋياڭ 26 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ تېخى توي قىلمىغان قىز ئىدى. ئۇمۇ باشقا ئۆلكىنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ دىلناز بىلەن بىر كەسىپتە بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن ئىدى. مىجەزى شوخ ، ئۇچۇق، چىرايلىق بۇ خەنزۇ قىز دىلناز بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كەتتى. 1ئايدىن ئارتۇق تاماق-ياتاقتا بىرگە بولۇپ خۇددى بىرتۇققان ئاچا-سىڭىللاردەكلا بولۇپ قالدى.

1ئايدىن بىرى مەكتەپتىن سىرتقا چىقىپ باقمىغان دىلناز بۈگۈنكى دەم ئېلىشتا شىياۋياڭنىڭ ھەمرالىقىدا سىرتقا چىقتى. تاكسى تۇسۇپ بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان تيەنئەنمىن مەيدانىغا بېرىپ قانغۇچە زوقلاندى. تېلېۋىزوردىلا كۆرگەن بۇ مەيداننىڭ ئەمىلىيەتتە بۇنچىلىك چوڭ، بۇنچىلىك ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى.

ئارىلىقتا سۇغۇق ئىچىملىكنىڭ پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن پۇل قاپچۇقىنى ئاختۇرىۋاتقان دىلنازنىڭ قولىغا تۇيۇقسىز قۇربانجان بەرگەن ئىسىم كارتوچكىسى چىقىپ قالدى. ئۇ كارتوچكىغا بىر پەس قارىۋەتكەندىن كىيىن، سۇس جىۋىلەنگەن كۆزلىرىنى شىياۋياڭغا ئاغدۇرۇپ سورىدى:

-شىياۋ ياڭ، سىز بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر تاماقلىرىنى يەپ باققانمۇ؟

ـ ھە، كــاۋىپنى تېتىــپ باققــان. بەك تەملىــك ، بەك تەملىــك...ـ لەۋلىرىنى بوشقىنا يالاپ چىققان شىياۋياڭ قۇشۇپ قويدى.ـ بىزنىڭ ئۆلكىدىمۇ كاۋاپچى ئۇيغۇرلار بار، لېكىن كاۋىپىدىن باشقا تامىقىنى يەپ باقمىغان...

ـ شۇنداقمۇ، يېيىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ـ ھە. بەك يىگـۈم بـار، تېلـېۋىزوردىن ئۇيغۇرلارنىـڭ ھەر خىـل مىزىلىـك تاماقلىرىنى كۆرسەم شۆلگەيلىرىم ئېقىپ كېتىدۇ.ـ شىياۋياڭ شوخلۇق قىلىپ كۆزلىرىنى كىچىك باللاردەكلا ئويناقشىتىپ كەتتى.

ـئۇنداقتا بۈگۈن سىزنى بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ تاماقلىرىدا تازا بىر مېھمان قىلاي ھە.ـ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىغىمۇ ھەر خىل مىزىلىك تاماقلارنى كەلتۈرگەن دىلناز باشقىدىن خوشال بولدى.

مەكتەپنىڭ تاماقلىرىغا خېلىلا كۆنۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۆيدە ھەر ۋاقىت ھەر خىـل قـورۇمىلار، تامـاقلار بىـلەن غىزالىنىـپ كەلـگەن دىلنـاز يەنىـلا ئـۆز ئۆيىنىڭ، ئاپىسىنىڭ تاماقلىرىنى سېغىنغان ئىـدى. ئارىلىقتـا يېڭـى تونۇشـقان قۇربانجـان ئاكىنىــڭ ئىسـىم كارتوچىكىسـىنى نەچـچە ئـون قېـتىم كـۆرگەن، قانداقتۇر بىر تەنھالىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇنىڭغا تېلېفۇن قىلىشنـى ئويلىغـان بولسىمۇ لېكىن جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. تېخى تۇلۇق چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ رىستۇرانىغا بېرىشنى مۇۋاپىـق كـۆرمىگەن ئىـدى. لـېكىن بۈگـۈن شـۇنداق بىـر پۇرسـەت كەلگەنلىكىنـى ھـس قىلـدى، ئەمىلىيەتتىمـۇ بۈگـۈن قۇربانجانىنـىڭ رىستۇرانىغا ئۇ بىر خېرىدار سۈپىتىدە باراتتى.

دىلنـاز بىـلەن شـىياۋياڭ بىـر تاكسىغا چىقىـپ شـوپۇر ئۇسـتامغا ھېلىقى كـارتوچكىنى تەڭلـىدى . شـوپۇر كارتوچكىغـا "لاپ" بىــر قـاراپلا كارتوچكىنى دىلنازغا قايتۇرۇپ ماشىنىسنى بۇرىدى.

ـ كارتوچكىــدىكى ئادرىســنى تېخــى كۆرمىــدىڭىزغۇ؟ ـ شــوپۇرنىڭ

ئىرەنسىزلىكىگە ھەيران قالغان دىلناز ئالدىراپ سورىدى.

ـ ئادرىسقا قاراش كەتمەيدۇ. بۇ ئاشخاننى بارلىق تاكسى شوپۇرلىرى بىلىدۇ. بىزمۇ بەزىدە شۇ رىستۇرانغا بىرىپ غىزالىنىپ كىلىمىز. تاماقلىرى ئاجايىپ ياخشى. بەك ياخشى...ـشوپۇر ناھايىتى خوشخۇيلۇق بىلەن جاۋاپ بەردى.

تاكسى بىر قانچە ئايلانمىلارنى ئايلىنىپ ئۇزاقا بارمايلا بىر ئىگىز بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى، ھەم يىتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. دىلناز نىماندىاق يىقىن دىگەندەك شوپۇرغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قويۇپ ماشىنىدىن چۈشتى.

يىراقتىن ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە قىلىپ چىرايلىق يىزىلغان ناھايىتى ھەيۋەتلىك "دىيانەت مۇسۇلمانلار تىز تاماقخانىسى" دىگەن ۋىۋىسكىنى كۆرگەن دىلناز باشقىچە خوشاللىقا چۆمدى، تاماقخانا ئالدىدىكى رەت-رەت تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارغا، تاماقخانىغا كىرىپ -چىقىۋاتقان سالاپەتلىك خىرىدارلارغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. پايتەختتە مەركىزىدە مۇشۇنداق چوڭ تاماقخانىنى ئىچىپ روناق تاپقۇزغان قۇربانجان ئاكىغا باشقىچە ھۆرمىتى قوزغالدى. ئۇ بىر خىل ھاياجان ئىچىدە شىياۋياڭنى ئەگەشتۇرۇپ تاماقخانىغا قاراپ ماڭدى.

تىز تاماقخانىنىڭ ئىشىكىدىن ئاتلىغان دىلناز پۈتۈنلەي مىللىچە بىزەلگەن ، بەئەينى خان ئوردىغىلىرىغا ئوخشايدىغان ھەم ئازادە، ھەم ناھايىتى چوڭ تاماقخانىغا قاراپ ئاغزىنى ئىچىپلا قالدى. دىمىسىمۇ بۇ تاماقخانا ئۇرۇمچىدىكى خىلى-خىلى چوڭ رىستۇرانلاردىنمۇ ئازادە ئىدى. ئىچىدىكى لىققىدە ئولتۇرغان ھەر خىل مىللەتتىن بولغان خىرىدارلارغا ، پۈتۈنلەي مىللىچە پاسوندا كىيىنگەن مۇلازىم قىز-ئوغۇللارغا، دىماققا ئۇرۇلىۋاتقان پولو-مانتۇلارنىڭ مەستخۇش ھىدىغا قاراپ دىلناز دوڭكۇۋرۇكتىكى داڭلىق ئۇيغۇر تاماقخانىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كەتتى.

ئايرىم بىر ئۆستەلگە كېلىپ ئولتۇرغان دىلناز شىياۋياڭ بىلەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتىشكە باشلىدى. تاماقخانا ئىچىدە خەنزۇلارمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ، ئاندا=ساندا ئەرەپ-ئۇرۇسلارمۇ بار بولۇپ، ھەممىسى ناھايىتى ئىشتىها بىلەن غىزالىنىۋاتاتتى، تاماقخانا ئىچىدە خېرىدارلار ، كۆتكۈچى مۇلازىملار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن شۇنچىلىك جىمجىت شۇنچىلىك رەتلىك ئىدى. تام-تۈرۈسلىرىغا ئېسىلغان ھەر خىل ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرى، ئۇيغۇر قول-ھۈنەر بۇيۇملىرى، ئۇيغۇر ئۆرپ ئادەت ماي بۇياق رەسىملىرى دىلنازنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى، پۈتۈن تاماقخانىغا بىر رەت قاراپ چىققان دىلناز بىيجىڭدا مۇشۇنداق كاتتا تىز تاماقخانىنى ئېچىپ، مۇشۇنداق كۆپ خېرىدارلارنى جەلپ قىلغان قۇربانجان ئاكىنىڭ ئىقتىدارىغا، قەيسەرلىكىگە قول قويماي تۇرالمىدى.

دىلناز بىلەن شىياۋياڭ ھەر خىل تاماقلاردىن بۇيرۇتۇپ خېلىلا تويۇندى. دىلناز تاماق يەۋاتقاچ قۇربانجان ئاكىنى تاماقخانا ئىچىدىن خېلىلا ئىزدىدى. لېكىن قۇربانجان كۆرۈنمەيتتى. دىلنازنىڭ كاللىسىغا كارتوچكىدىكى نومۇر بويىچە تېلېفون قىلىش كەلدىيۇ دەرھاللا نىيىتىدىن يالتايدى. خۇددى نىسگە تاماق يېيىشنى مەقسەت قىلغاندەك بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى.

تاماقخانا بىلەن ھساپلىشىپ ، قىپ-قىزىل گىلەم سېلىنغان پەشتاقلاردىن ئاۋايلاپ چۈشىۋاتقان دىلناز تويۇقسىز ئۆزىگە قاراپ تۇرغان قۇربانجان ئاكىنى كۆرۈپ ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئالدىدا بۇرۇنقىدەكلا يارىشىملىق بادام دوپكا كىيىۋالغان قامەتلىك بىر ئەر ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سىڭلىم. - چىرايلىق سالام بەرگەن قۇربانجان دىلنازنىڭ ئالدىغا تېزلا كەلدى.

-ۋە...ۋە..ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.-دىلناز بۇ تاساددىپى ئۇچرىشىشتىن ھەيران قالدىمۇ دۇدۇقلاپ كەتتى.- سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن...

-شۇنداقمۇ؟-قولىدىكى سومكىسىنى بىر كۈتكۈچى قىزغا تۇتقۇزغان قۇربانجان مىيىغىدا كۈلۈپ چاقچاق قىلدى .-تېخى بىزنىڭ بۇ ئاددى كەپىگە مەن بىلەن دىدارلاشقىلى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن...

-هە...هە....شۇ...-بايىقى گاڭگىراشتىن تېخى تۈلۈق ئەسلىگە كىلىپ بۇلالمىغان دىلناز ۋىللىدە قىزاردى.- ئۆي تائاملىرىنى سېغىنىپ سىزنىڭ تاماقخانىڭىزغا  كەپ قالدۇق.

-چاقچاق قىلدىم سىڭلىم. چاقچاق قىلدىم. لېكىنزە تاماقخانامغا كىلىپ مەن بىلەن كۆرۈشمەي ماڭماقچى بولغىنىڭىز پەقەت ئوبدان بولماپتۇ. مەن خاپا بولدۇم جۇمۇ.-چىرايىدىن ئاتىلارچە مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدىغان قۇربانجان قۇشۇمىسىنى بوش تۈرۈپ قويدى.

-ئۇنداق ئەمەس ئاكا. سىزنى ئاۋارە قىلمايلى دىدىم شۇ...

-قانداقسىگە ئاۋارە بولىمەن دىلناز. سىزدەك مېھمانلىرىم كەلسە مەن خوشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن. - قۇربانجان دىلنازنىڭ ئالدىغىراق ئۆتۈپ ناھايىتى ئۇقۇمۇشلۇق ئادەمگە خاس سالاپەت بىلەن تاماقخانىنى كۆرسەتتى.-ئۇنداقتا مەرھەمەت.

-رەخمەت قۇربانجان ئاكا. بىز هازىرلا تاماقلىنىپ چىقتۇق. تاماقخانىڭىز ھەقىقەتەن بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان تاماقخانىكەن، تائاملىرىمۇ شۇنداق تەملىك. شۇڭا كىيىن يەنە كىلەرمىز.

-ياق. ياق...بايا مەن يوق بوپ قاپتىمەن. تۇنجى قېتىم قەدەم باسقىنىڭلاردا بۇنداق كەتسەڭلار بولمايدۇ. مىنىڭمۇ كۆڭلۈم بار.

-بولدى ئاكا، بىزنىڭمۇ مەكتەپكە قايتىدىغان ۋاقتىمىز بوپ قالدى. خۇدايىم بۇيرىسا بۇدا كەلگەندە سىزنى تازا ئاۋارە قىلىپ كىتەيلى. رەخمەت.

- ياق سىڭلىم ، بۇ ياتاقدىشىڭىز بىلەن كەلگەندە مۇشۇنداقلا يولغا سېلىپ قويسام قانداق بولىدۇ. بۇ دوستىڭىز مىنى تازا ئادىمگەرچىلىكى يوق ئادەم ئوخشايدۇ دەپ قالمىسۇن.

- ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايدۇ. سىزنىڭ قانچىلىك ياخشى ئادەملىكىڭىزنى مەن ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن. سىزدەك ياخشى ئادەملەر بەك ئاز ئۇچرايدۇ ئاكا...

- بوپتۇ، بوپتۇ، بىر قېتىملىق مىھمان قىلىش مىنىڭ گەدىنىمدە قالدى ئەمىسە . خۇدايىم بۇيرىسا كىيىن ئۆز ئۆيۈمدە مىھمان قىلىۋالاي...

....

دىلناز بىلەن قۇربانجاننىڭ نىملەرنى دىيىشكەنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ، شىياۋياڭ ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا كۆلۈمسىرەشلىرىگە، تەكەللۇپلىرىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. دىلنازنىڭ كۆزىگە قاراشقا بەرداشلىق بىرەلمەي قالغان قۇربانجاننىڭ ئىگىلىپ گەپ قىلىشلىرىدىن نىمىنىدۇر سەزگەندەك بولدى. ھەقىقى ئەركەكلەرگە خاس سالاپەت چىقىپ تۇرىدىغان نۇرانە چىراي ۋە قامەتتىن ئۆزىمۇ باشقىچە بىر خىل بولدى.

دىلنازنى قايتا-قايتا زورلاپ ھارغان قۇربانجان ئاخىرى ئۇلارنى ئۆز ماشىنىسىدا ئاپىرىپ قويۇش شەرتىنى قويدى. ئامالسىز قالغان دىلناز ئاخىرى نۇرغۇن رەخمەتلەرنى ئۇقۇپ قوشۇلدى. دىلناز بىلەن شىياۋياڭنى ماشىنىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان قۇربانجان سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ، تاماقخانىغا كىرىپ كەتتى-دە، ئۇزاق ئۆتمەي 2 نەپەر مۇلازىم يىگىتنىڭ ھەمرالىقىدا 2 يىشىك نەرسىنى كۆتىرىپ چىقتى.

ماشىنا قوزغالدى. دىلناز بىلەن قۇربانجان يول بويى تاماقخانىنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا پىكىرلىشىپ ماڭدى. بايىقى تاماقخانىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان دىلناز پەخىرلەنگەن ھالدا ئىغىز ئاچتى.

ـ تاماقخانىڭىز ھەقىقەتەن ئىسىلكەن قۇربانجان ئاكا، مەن تېخى بۇنچىلىك ئەمەستۇ دەپ ئويلىغان. سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزغا قول قويدۇم. راستىنلا قول قويدۇم.

ـ ھەممىسى ئاللانىڭ بەرىكىتى ئۇكام.ئاللانىڭ بەرىكىتى ....ـئاللانىڭ ئىسمىنى ياد ئەتكەن قۇربانجان باشقىچە جانلىنىپ كەتتى.ـ ئاللانى دوست تۇتقان، ئىنساپ ـ ئىمان بىلەن ياشىغان بەندىلەر يامان كۈنده قالمايدىكەن. ئاللا ئۇنداق بەندىلىرىنىڭ رىسقىنى كەڭ، ئىشلىرىنى ئۇڭۇشلۇق، تۇرمۇشىنى بەختلىك قىلىدىكەن. ئۇلۇغ خۇدانىڭ مۇشۇنداق كۈننى بەرگىنىگە قاتتىق شۈكرى قىلىمەن. قاتتىق شۈكرى قىلىمەن...

مۆئمىن مۇسۇلمانلارغا خاس ئىپتىخارلىق ئىچىدە سۆزلەۋاتقان قۇربانجانغا قاراپ دىلناز قىزىقسىندى:

ـ قايسى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قۇربانجان ئاكا؟

ـ مەنما؟ـ بىگىز بارمىقى بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتكەن قۇربانجان مىيىغىدا كۈلدى.ـ سىزچە قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندەك قىلىمەن سىڭلىم؟

ـ چۇقۇم ئىچكىردىكى بىرەر ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن.... ـ قۇربانجانغا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىگەن دىلناز دەقىقە ئويغا چۆمۈپ قوشۇپ قويدى.ـ مەن بىلىۋالدىم ، سىز چۇقۇم ئىقتىساد كەسپىدە ئوقۇغان...

ـ ھا.ھا.ھا....ـ قۇربانجان كۈلۈپ كەتتى. سوئال نەزىرى بىلەن دىلنازغا تىكىلدى.ـ سىز شۇنداق دەپ قارامسىز؟

ـ ئەلبەتتە.

ـ كەچۈرۈڭ دىلناز. قىياسىڭىز پۈتۈنلەي خاتا... مەن جەنۇبى شىنجاڭدا

پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپكىچىلىك ئۇقۇغان.

ـ نىمە؟ ـ دىلناز ئاغزىنى ئىچىپلا قالدى.

ـ شۇنداق سىڭلىم. ئائىلىمىز نامرات دىهقان ئائىلىسى بولغاچقا ئۇقۇيالمىغان، 5 ـ سىنىپتىن كىيىن دىنى مەكتەپتە تەلىم ئالغان، قۇرئان ساۋادىمنى چىقارغان.

ـ لىكىن...لىكىن...ـ دەقىقە گاڭگىراپ قالغان دىلناز دۇدۇقلاپ سورىدى.ـ لىكىن مىنىڭ پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. سىز ناهايىتى ئالى مەلۇماتلىق ئادەملەرگە ئوخشايدىكەنسىز، خەنزۇچىنى خەنزۇلاردىنمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز...

ـ شۇنداقمۇ، ئۇ پەقەت مىنىڭ تىرىشچانلىقىمنىڭ نەتىجىسى . مەن سىزگە دىدىمغۇ : ئىنسان ئىمان بىلەن ياشىسا، توغرا نىيەت بىلەن ئىش قىلسا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ھىچقانداق ئىش يوقكەن بۇ دۇنيادا.

ـ ئەمىسە قانداق بۇلۇپ بۇنچە چوڭ تاماقخانىنى قۇرۇپ چىقالىدىڭىز؟ سودىڭىزمۇ شۇنداق ياخشىكەن...

ـ مىنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگىنىمگىمۇ 15 يىلدىن ئاشتى.ـ قۇربانجان ئۇزاق ئەسلىمىسىنى سۆزلىمەكچى بولغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكتى.ـ نۇرغۇن ئىسسىق ـ سۇغۇقلارنى بىشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدىم. لىكىن نىيىتىم دۇرۇس بولغاچقا ھەر ۋاقىت قىيىنچىلىقتىن ناھايىتى تىزلا ئۇتۇپ كەتتىم. سىزگە دىسەم دىلناز. خۇدايىم بۇيرىسا مەن 20 يىلدىن بىرى 5 ۋاخ نامازنى تەرك ئىتىپ باقمىدىم. ئىمان بىلەن ياشىدىم. باشقىلارنىڭ بىر پۇڭ نەرسىسىگە خىيانەت قىلمىدىم، باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلمىدىم. شۇنداق بولغان ئىكەن ھەر ۋاقىت باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرىشىگە، قوللىشىغا ئىرىشتىم. يات ئادەملەر ئارىسىدىمۇ شۇنداق ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر باركەن. ماڭىمۇ نۇرغۇن ئادەملەر ياردەم قولىنى سۇندى.

نۇرغۇن خەنزۇ يولداشلار ئىقتىسادى ياردەملەرنى بەردى. ئەسلى كىچىككىلا بىر كاۋاپخانا ئاچاتتىم. ھەر قانداق خېرىدارلارنى ئۆزەمنىڭ تۇققىنىدەك كۆرۈپ ، تىجارەتتە ئادىل، سەممى بولۇپ نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۇم، نۇرغۇن خەنزۇ ئاغىنىلىرىم بار بولدى. ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ ، سىردىشىپ تىل جەھەتتىمۇ خېلى پىشىپ قالدىم، كېيىنچە شىنجاڭدىن چىقىپ لاغايلاپ قالغان بىر قانچە بالىنى ئۆزەمگە تارتىپ كىچىك ئاشخانا ئاچتىم، كاۋاپخانا، ئاشخانامنى بىر قانچە ئورۇنلارغا كەڭەيتتىم، كېيىن تەدرىجى پۇل تاپتىم، يول تاپتىم، بېيجىڭدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر تائاملىرىنى ياخشى كۆرىدىغان داڭدار شەخسلەر، رەھبەرلەر بىلەن تونۇشتۇم...شۇنداق قىلىپ بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ تاماقخانىنى ئېچىۋالدىم. سىزگە يەنە دىسەم سىڭلىم: مەن ئىزچىل سودىدا سەممى بولدۇم، ئىمان بىلەن ياشىدىم. شۇڭا بۇگۈنكى كۈنگە ئېرىشتىم...

قۇربانجاننىڭ ھاياجانلىنىپ سۆزلىشىگە قاراپ ئولتۇرغان دىلناز خۇددى ئالى مەكتەپتىكى جەمىيەتشۇناس پىروفىسورلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولدى. قۇربانجان ھەر بىر سۆزىدە تەكىتلەپ ئۆتىدىغان " ئىمان ، ئىنساپ " دىگەن سۆزلەر ئۇنى خېلىلا قىزىقتۇرىۋاتاتتى.

-دىمىسىمۇ ھەقىقەتەن تىرىشچان ئىكەنسىز. بۇنداق يات شەھەردە بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. سىز بىز ئۇيغۇرلار پەخىرلەنگۈدەك ئىشلارنى قىلىپسىز، مەن سىزدىن بەك قايىل بولدۇم قۇربانجان ئاكا...- دىلناز قانداقتۇر بىر خىل ئىپتىخارلىق ئىچىدە سۈس كۈلۈمسىرىدى.

دىلنازنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قۇربانجان سەل توختاپ قالدى، بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى . چىرايىدىكى بايىقى ھاياجان ئاستا-ئاستا يۇقىلىۋاتاتتى.

-لېكىن سىز بىلمەيسىز سىڭلىم.-قۇربانجان بېشىنى بوش چايقىدى.- بۇ چوڭ شەھەردە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىنى تۆكىۋاتقان، ئوبرازىمىزغا داغ تەككۈزىۋاتقان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. شىنجاڭدىن چىققان كۆپ ساندىكى

تىجارەتچىلەر توغرا يول بىلەن تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئوغرى-يەنجۇقچى، بۇلاڭچىلار بىزنى بۇ يەردە تۇرغۇسىز قىلىۋەتتى. كوچىلاردا ، ماگىزىنلاردا ئوغورلۇق قىلىۋاتقان باللار، ھەتتا چوڭ-چوڭ ياشتىكى يىگىتلەرمۇ پات-پات كۆزىمىزگە چېلىقىپ قالىدۇ. مەن ھازىرغىچە بۇ خىل باللاردىن نۇرغۇنلىرىغا ئاتىلارچە تەربىيە بېرىپ بۇ ئىشتىن قول ئۈزگۈزدۈم ، تاماقخانامغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياتاق-تاماقىدىن خەۋەر ئالدىم. ئۇلارغا ھالال ئىشلەپ ، ئەجىر قىلىپ پۇل تېپىشنى تەكىتلەپ كەلدىم. لېكىن ھەممىسىنى ئۆزگەرتىپ بولغىلى بولمايدىكەن، ھەممىسىنى تۇسۇپ بولغىلى بولمايدىكەن. بەلكىم سىز ئۇچراتمىدىڭىز دىلناز، كىيىنچە ھىس قىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ شەھەردە ئۇيغۇرلار ئاپتۇۋۇزلارغا چىقسا، ماگىزىنلارغا، ئادەم كۆپ تىجارەت سورۇنلىرىغا بارسا، خەنزۇلار دائىم ئۆزىنى ئەپقاچىدۇ، ئادەمگە خۇددى ئوغرىغا قارىغاندەك قارايدۇ، بۇلاڭچى،ئوغرىلاردىن ئۈركىگەندەك ئۈركىيدۇ، ھەممە ئۇيغۇرلارنى ئاشۇ بىر قىسىم ئەسكى لۈكچەكلەرگە ئوخشىتامدۇ بىلمىدىم سومكىرىلىرىنى ، نەرسە-كېرەكلىرىنى دەرھاللا يىغىشتۇرىدۇ... مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچرىسام قاتتىق ئازاپلىنىمەن سىڭلىم، بەك ئازاپلىنىمەن. ئاشۇ ھالال-ھارامنى ئايرىمايدىغان بىر قىسىم ئادەملىرىمىز ئۇلۇغ مىللىتىمىزنىڭ روھىنى يوقىتىۋاتىدۇ، تەسىرىنى بۇزىۋاتىدۇ، مەن بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنى ئىمان، ئىنساپ بىلەن ياشىسىكەن، ھالال مېھنىتى بىلەن تىجارەت قىلسىكەن، باشقا مىللەتكە ئەيىپىمىزنى ئەمەس ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىمىزنى، ئەنئەنىمىزنى، ئىسىل خىسلەتلىرىمىزنى نامايەن قىلسىكەن دەيمەن. بۇلۇپمۇ مۇشۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئۇيغۇرلارنى بۇ نوقتىغا ئالاھىدە بىر دىققەت قىلسىكەن ، دۇرۇس بىر ياشىسىكەن دەپ بەك ئۈمۈت قىلىمەن..

قۇربانجان دىلنازنىڭ ئالدىدا ئارتۇقچە سۆزلەپ كەتكەندەك ھىس قىلدىمۇ بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۆزىنىڭ سۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان دىلنازنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ ۋىللىدە قىزاردى. ئۇيغۇرچىنى ھېچقانچە چۈشەنمىسىمۇ بۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ ئولتۇرغان شياۋياڭ بۇ ئىككەيلەننىڭ ھاياجانلىنىپ سۆزلەشلىرى، سۇس كۈلۈمسىرەشلىرىدىن نىمىنىدۇر ھىس قىلغاندەك ھەر

ئىككەيلەننىڭ كۆزىگە سىرلىق قاراپ قويدى.

ـ نىمە دىسەم بولا.ـ ئېڭىكىنى يۆلەپ ئۇنسىز ئولتۇرغان دىلناز بېشىنى ئاستا كۆتۈردى.ـ ھەممە ئادەم سىزدەك بولسا، سىز ئويلىغاندەك ئويلىسا نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى ھە. سىزنىڭ گەپ سۆزلىرىڭىز مىنى بەك تەسىرلەندۈردى، خۇددى پەيلاسوپلارنىڭ ھىكمەتلىرىنى ئاڭلىغاندەك ھاياجانلاندىم. راست گەپنى قىلسام قۇربانجان ئاكا، سىزنىڭ پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپكىچىلىك ئۇقۇغۇنىڭىزغا ھىچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

ـ بولدى، ئادەمنى خىجىل قىلماڭ سىڭلىم، سىزدەك ئالى

مەلۇماتلىق، ئىقتىدارلىق ئادەمنىڭ ئالدىدا ئاتىكاچىلىق قىلىپ سالدىم.

ـ ھەرگىز ئۇنداق دىمەڭ. مەن راستلا ياخشى بىر دەرس ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ھازىر ئۇقۇۋاتقان كەسپىمغۇ ئاخپارات كەسپى بولغاچقا بۇ تىملارمۇ ماڭا مۇھىم ماتىريال بولۇپ قالغۇدەك...

دىلناز بىلەن قۇربانجان مەكتەپكە يىتىپ بارغۇچىلىك خېلىلا مۇڭداشتى. دىلنازنىڭ قەلبىدە قۇربانجانغا بولغان چۈشۈنۈش خېلىلا چوڭقۇرلاشقاندەك قىلاتتى. ھەقىقى ئۇيغۇر ئەركەكلىرىگە خاس جاسارەت، جەلپكارلىقنى ئۇنىڭ جىسمىدىن، قەلبىدىن كۆرىۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولدى...

ئۇلار مەكتەپكە يىتىپ كەلدى، قۇربانجان دىلنازنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي شوپۇر بىلەن بىرلىكتە 2 يىشىك نەرسىنى ئۇنىڭ ياتىقىغا ئەكىرىپ قويدى. ئۆزىنىڭ ئاددىلا كۆڭلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. خوشلۇشۇش ئالدىدا دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە مىھرىبانلىق، سۆيۈنۈش ئىچىدە تىكىلدى.

ـ سىزگە دىسەم سىڭلىم. سىزنىڭ چىرايىڭىزدىنمۇ ئەخلاقلىقىڭىز، سەمىمىلىكىڭىز چىقىپ تۇرىدىكەن...گەرچە سىز ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىرىشكەن داڭلىق رىياسەتچى بولسىڭىزمۇ ، باشقىلارغا يەنىلا ناھايىتى ئىلمىلىك بىلەن

مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز. راست گەپنى دىسەم سىزنىڭ مىنى ئاكا ئورنىدا كۆرگەنلىكىڭىزدىن ئۆزەمنى بەك خوشال ھىس قىلىۋاتىمەن. خۇدايىم بۇيرىسا بۇندىن كىيىن تېخىمۇ ياخشى ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە نىسىپ قىلغاي...

خىجىللىقتىن ئاناردەك قىزارغان دىلناز بېشىنى بوش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. قۇربانجان باشقىچە بىرخىل ھاياجان ئىچىدە دىلنازنىڭ تېلىفۇن نۇمۇرىنى خاتىرلىۋېلىپ، بۇ چىرايلىق پەرىشتە بىلەن خوشلۇشۇپ ياتاقتىن ئايرىلدى. گەرچە قۇربانجان ياتاقتىن ئايرىلغان بولسىمۇ ، دىلناز بايىقى تۇرغان ئورنىدا بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى، خىيالىدا قۇربانجانغا بولغان ئالاھىدە بىر خىل ھۆرمەت خېلى ئۇزاق ھۆكۈم سۈردى. ھاياتىدا مۇشۇنداق بىر ياخشى ئادەم بىلەن ئۇچراشقانلىقىدىن، دوسلاشقانلىقىدىن سۆيۈندى.

دىلنازنى كۈزۈتۈپ ئولتۇرغان شىياۋياڭ ئادەتتە ئانچە بەك ھاياجانلانمايدىغان، جىق گەپ قىلمايدىغان دىلنازنىڭ بۈگۈنكى كەيپىياتىغا قاراپ پىسسىڭىدە بىرنى كۈلۈپ قويغاندىن كىيىن، ئاستا كىلىپ ئۇنىڭ قولىنى تارتتى.

ـ دىلناز، ئۇ كەتتى. ئۇ ئاللىبۇرۇن كەتتى. بۇياققا كىلىڭە .ـ شىياۋياڭ دىلنازنىڭ قولىدىن يىتىلەپ قۇربانجان ئەكەلگەن ئىككى يىشىك قېشىغا كەلدى .ـ دوستۇڭىز نىمە ئەكەلدىكىن كۆرۈپ باقايلى.

ـ بولىدۇ.ـ يىشىككە قاراپ ئۆزىمۇ باشقىچە جىددىيلەشكەن دىلناز دەرھاللا ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئىككى قىز يىشىكلەرنى ئېچىپ بىر ھازا قاراپ قېلىشتى. بىر يىشىكتە بىر قوينىڭ پۈتۈن تۇنۇر كاۋىپى ، يەنە بىر يىشىكتە لىق يەل-يىمىش تۇراتتى. تۇنۇر كاۋىپىنىڭ مىزىلىك ھىدى بىردەمدىلا ياتاقنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. شىياۋياڭ ساپسېرىق پىشقان مىزىلىك كاۋاپقا قاراپ، قورسىقىنىڭ توقلىقىنى ئۇنتۇپ ئېغىزلىرىنى چاكىلدىتىپ كەتتى.

دىلناز قۇربانجاننىڭ ئالىجاناپ ئادەملا ئەمەس يەنە ناھايىتى مەرت-سېخى ئادەم ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنگەچ ئۇ ئەكەلگەن كاۋاپنى پارچىلاپ باشقا ياتاقتىكى ساۋاقداشلىرىغا سۇندى. ئۆزىمۇ قۇربانجاننىڭ كۆڭلىنى يەردە قويۇشنى راۋا كۆرمىدىمۇ، بايىلا لىققىدە تويۇنغىنىغا قارىماي خېلىلا كۆپ كاۋاپنى ئىشتىھا بىلەن يەۋەتتى.

ئىككى قىز بىر ھازا ياتاق يىغىشتۇرۇپ خېلى كەچ بولغاندا يېتىپ قېلىشتى. چىراق ئۆچۈرۈلدى. لېكىن دىلناز دەرىزىدىن چۈشىۋاتقان سۇس ئاي يورۇقىغا قاراپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. خىيالىدا يىراقتا قالغان ۋارس بىلەن قۇربانجاننىڭ ئوبرازى ھەر يان ئۇچاتتى. ئۇلارنى سېلىشتۇراتتى. ۋارسمۇ بىر چاغلاردا قۇربانجان ئاكامدەك سەممىي، ئىمان-ئىنساپلىق يىگىت ئىدى. بەختىيار تۇرمۇش ئۇچۇن تىنىم-تاپماي تىرىشقان، جاپا چەككەن ئىدى. مىنى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتۈرگەن ئىدى، ھەممە ئادەم زوقلانغۇدەك ئەر-ئاياللاردىن ئىدۇق. ئەپسۇس، ئۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىردى. ۋىجدانسىزلىق قىلدى...ئۇمۇ قۇربانجاندەك ئاللادىن قورققان، گۇناھتىن قورققان بولسا، ئىمان-ئىنساپ بىەن ياشىغان بولسا، بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلىگەن بولسا بۇنداق روھى ئازاپلارنى تارتىپمۇ يۈرمەس ئىدىم ھە...ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزى ئازاپلانغان دىلناز ئېغىر ئۇھسىنغاندىن كېيىن ئاستا يانغا ئۆرۈلدى.

-دىلناز...دىلناز...

شىياۋياڭنىڭ تۇيۇقسىز چاقىرىشىدىن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقان دىلناز سۇس ئاي يورىقىدا ئۆزىگە قاراپ ياتقان شىياۋياڭغا نەزىرىنى ئاغدۇردى.

-نىمە؟ بىرەر ئىش بولدىما؟

-ياقەي، قارىسام ئۇخلىيالمىغاندەك قىلىسىز، شۇڭا سىز بىلەن پاراڭلاشقاچ ياتاي دەپ...

-مەيلى...-دىلناز خىيالىنى بۆلىۋەتكەنلىكىدىن سەل نارازى بولغاندەك

بوشقىنا جاۋاپ قايتۇردى.

ـ سىزگە دىسەم دىلناز. مەن بىر ئىشنى بايقاپ قالدىم. مىنىڭچە سىزمۇ چۈقۈم ھىس قىلدىڭىز؟

ـ نىمىنى؟ـ بىر ئاز غەلىتىلىك ھىس قىلغان دىلناز قىزىقسىنغاندەك بېشىنى سەل كۆتىرىپ ياستۇققا يۆلەندى.

ـمەن ھېلىقى قۇربانجان دىگەن ئادەمنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ قالدىم. قارىسام ئۇ سىزگە راستىنلا ئاشىقتەك قىلىدۇ...

ـ نىمە؟ ـئەمدىلا ياستۇققا يۆلەنگەن دىلناز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، خۇددى قورقۇنۇچلۇق بىر خەۋەرنى ئاڭلىغاندەك بېشىنى قايتا ـ قايتا سىلكىدى.ـ بۇ نىمە دىگىنىڭىز ئەمدى ؟

ـ بولدى جىددىيلەشمەڭ دىلناز، ئۇنىڭ سىزگە ئالاھىدە كۆيۈنۈشلىرى، مۇھەببەتلىك قاراشلىرى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ... بۇنى يوشۇرۇش كەتمەيدۇ...

"ياخشى كۆرۈش" دىگەن گەپتىن بىر پەس گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ كەتكەن دىلنازنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرۇپلا قۇربانجاننىڭ ھايالىق مەنىلىك قاراشلىرى، ئالاھىدە قىزغىنلىقى كەلگەندەك بولدى.

ـ ياق. ياق...بىكار گەپ قىلماڭ شياۋياڭ. سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز. بۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇمكىن ئەمەس. ئۇ دىگەن ماڭا ئاكا يوللۇق ئادەم. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئالىجاناپلىقىدىن ماڭا شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتىدۇ...

ـمەن بىكار گەپ قىلمىدىم. بۇنچىلىك ئىشنى ھىس قىلغۇچىلىكىم بار. ئەگەر سىزمۇ مۇۋاپىق تاپسىڭىز بۇ ئادەم ھەقىقەتەن بۇلىدىغان ئادەمكەن،

ماڭىمۇ بەك ياخشى تەسىر بەردى...

-ھەممىسى سىزنىڭ خىيالىڭىز شىياۋياڭ. ئۇ مىنى پەقەت ئۆز سىڭلىسىدەكلا كۆرىدۇ شۇ...

-بولدى ، قالغىنى كېيىنچە ئۆزىڭىز ھىس قىلىپ قالىسىز. مەن ھەرگىز خاتالاشمىدىم...

-بولدى. بولدى...بىكار گەپنى قىلماي ئۇخلايلى...

دىلناز گەپنى ئۇزۇپ ئۇخلىغان قىياپەتتە يوتقانغا پۈركەندى. لېكىن ئۇنىڭدىكى ئۇيقۇ ئاللىبۇرۇن نەلەرگىدۇر يۇقالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ھەم خىيالىغا كەلتۈرۈشتىنمۇ قورقىدىغان بىر ئىش ئالماشقان ئىدى. شىياۋياڭنىڭ سۆزلىرى نىمىشقىدۇر كاللىسىدا توختىماي پىرقىراشقا باشلىدى، ئەركەكلەرگە خاس جاسارەت، دىيانەتلىك ئادەملەرگە خاس ئەدەپ-قائىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كىلىۋالدى. دىلناز ئۆزىنى خىياللىرىدىن ئەيىبلىمەكچى بولدى، "مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، ئۇ خاتا چۈشۈنۈپ قاپتۇ، بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزنى چۈشەنمىگەچكە باشقىچە خىيالدا بوپ قاپتۇ... بۇ دىگەن ئاكىلارچە مېھرىبانلىق، ئالىجاناپلىق، ئادىمىلىك...جاھاندىكى ھەممە ئادەملەر، ھەممە ئەركەكلەر مۇشۇنداق بولغان بولسا نىمە دىگەن ياخشى بۇلاتتى ھە..." دەپ ئۆز ئۆزىگە ئاستا پىچىرلاپ تەسەللى بىرىشكە باشلىدى. گەرچە ئۇ خېلىغىچە شىياۋياڭنىڭ سۆزلىرىنى ئىتىبارغا ئالماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن نىمىشقىدۇر قۇلاق تۈۋىدە "ئۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ..." دىگەن سادا پەقەت ئۈزۈلمىدى...نىمىشقىدۇر قۇربانجاننى ئۇچراتقان ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان جەريانلارنى بىر-بىرلەپ ئەسلەشكە باشلىدى...

جىمجىت كېچە. بىر چاغلاردا دىلنازنىڭ ياتقىنىڭ ئىشىكى بوشلا ئېچىلىپ بىر گەۋدە ئۇنىڭ كارۋىتىغا يېقىنلاشتى. قاپ-قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر تۈكلۈك قول دىلنازنىڭ ئالمىدەك كۆكسىنى بوشقىنا مۇجۇدى.

-كىمۇ؟-چۆچۈپ ئويغانغان دىلناز ئالدىدىكى گەۋدىگە قاراپ قورقۇپ كەتتى.

-مەن.-ھېلىقى ئەر دىلنازنىڭ ئاغزىنى بوشلا تۇتىۋالدى. -مەن قۇربانجان ئاكىڭىز، سىزنىڭ ئوتىڭىزدا كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان ئاشىق...

ھېلىقى ئەر دىلنازغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى، ئوتتەك مەيدىسىنى دىلنازنىڭ نازۇك كۆكسىگە چىڭ چاپلىدى.

-ياق، ياق...ئۇنداق قىلماڭ، ئۇنداق قىلماڭ. مەن سىزنى ھازىرغىچە ئاكام ئورنىدا كۆرۈپ كەلدىم. مەن سىزنى ھۆرمەتلەيمەن. سىزدىن پەخىرلىنىمەن...-لاغ-لاغ تىترەپ كەتكەن دىلناز نازۇك جىسمىنى كەڭ يەلكەنلىك گەۋدىدىن قاچۇرۇشقا باشلىدى.- سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي قۇربانجان ئاكا، خۇدا ھەققى مىنى قويىۋېتىڭ...

-بولدى دىلناز، ئاۋازىڭىزنى ئۆچۈرۈڭ، ساۋاقدىشىڭىز ئاڭلاپ قالىدۇ. بىلەمسىز، مەن سىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغان، سىزنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىڭىز مىنى ئەسىر قىلىۋالغان. ھاياتىمدا سىزنى ياخشى كۆرگەندەك باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان. بىلەمسىز، سىزنىڭ مۇرادىڭىزغا يېتىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلغان ئىدىم، بۇگۈن پۇرسىتى كەپتۇ...-قۇربانجان دىلنازنىڭ قۇلاقلىرىنى بوش شۇرىغاچ پىچىرلىدى.

قۇربانجاننىڭ ئۆزىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئەسەبىلەرچە سۆيۈشىدىن دەقىقە خۇدۇنى يوقاتقان دىلناز تۇرۇپلا ھۇشىغا كەلگەندەك بولدى.

-بولدى، قۇربانجان ئاكا. خۇدا ھەققى ئۇنداق قىلماڭ. مەن بۇنداق

گۇناھ ئىشنى قىلسام بولمايدۇ، ناپاكلىق ئىچىدە ياشىسام بولمايدۇ. مەن بۇ ئىشنى قىلسام ۋارسقا يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇنىڭغا راسلا ئاسىيلىق قىلغان بولىمەن. خوش بوپ قالاي ئاكا...

-ياق ، ھەرگىز بولمايدۇ دىلناز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئوت ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ مەن شۇ ئوتقا بەك ئىنتىزار بولدۇم. ماڭا ئىشىنىڭ دىلناز، مەن سىزنى چۇقۇم رازى قىلالايمەن. بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ لەززىتىگە باشلىيالايمەن...سىزمۇ مىنى چۇقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىسىز...

قۇربانجان دىلنازنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ ساقاللىق مەڭزى دىلنازنىڭ يۇمران مەڭزىگە سانجىلدى، كۆچلۈك بىلەكلەر نازۇك بەللەرنى قامااللىدى. ئەسەبى سۆيۈشلەر، پىچىرلاشلار ئىچىدە خۇدۇنى يوقىتىۋاتقان دىلناز ئۇستىدىكى ئوتتەك قىزىق ئىغىر گەۋدىنى ئىتتىرىش ۋە ئىتتىرمەسلىك ئوتتۇرىسىدا بىر پەس گاڭگىرىغاندىن كىيىن، تۇيۇقسىزلا قورقۇنۇچلۇق ۋاقىراپ ئۇنى بار كۈچى بىلەن ئىتتىردى.

-ياق، ياق، يوقال، يوقال...يوقال....

ئۆزىنىڭ ۋاقىرىشىدىن ئۆزى قورقۇپ ئويغۇنۇپ كەتكەن دىلناز شىياۋياڭنىڭ " نىمە بولدى؟ بىرەر نەرسىدىن قورقتىڭىزما؟" دىگەن سۇئاللىرىنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ، تىزنى قۇچاقلىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئەنسىز ئاۋازدىن جىددىيلىشىپ ياتاقنىڭ چىرىقىنى ياندۇرغان شىياۋياڭ چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن دىلنازغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. دىمىسىمۇ دىلناز ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق چۇش كۆرگەن ئىدى. چۇشىنى ھەقىقى بىر رىئاللىق دەپ چۇشەنگەن ئىدى. ئىغىر بىمارەدەك تونختىماي ھاسىراپ، لاغ-لاغ تىترەپ كەتكەن دىلناز ھازىرمۇ ئۆزىگە كىلىپ بولالمىغان بولۇپ، ئەنسىزلىك، قورقۇنچ چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىردەم ئىشىككە، بىردەم كارۋاتقا ئاغدۇراتتى، نىپىز يوتقىنى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، بايىقى قۇربانجاننى ئىتتىرىش كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە يوتقاننى تىپىپ يەرگە ئىتتۈەتكەنلىكى ئىنىق ئىدى. ئۇ بىر پەس ئىسەدەپ يىغلىغاندىن كىيىن يەنىلا

ئېغىر تىندى. بىر قورقۇنچلۇق رىئاللىقتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا ، بۇنىڭ بىر چۈش ئىكەنلىكىگە مىڭ شۈكرى ئۇقۇدى. چۈشىدە بولسىمۇ ۋارىس ئۆچۈن پاكلىقىنى ساقلاپ قالغانلىقىدىن قاتتىق سۆيۈندى...بىر هازا ئولتۇرۇپ كەتكەن دىلناز هازىرمۇ بەدىنىدە قۇربانجاننىڭ هىدى باردەك ، ئۇ راستىنلا نازۇك بەدىنىنى قاماللىغاندەك هىس قىلىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، مۇنچىغا كىرىپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق يۇيۇندى. يۇيۇنۇپ خېلىلا يېنىكلەپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر خىل تەشۋىش ئىچىدە بۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى...

دىلناز شۇ قورقۇنچلۇق چۈشنى كۆرگەندىن كېيىن نىمىشقىدۇر قۇربانجانغا بولغان هۆرمىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى هىس قىلىپ قالدى. گەرچە بۇ پەقەت بىر چۈش بولسىمۇ، شىياۋيانىڭ گېپى ۋە هېلىقى چۈش ئۇنىڭ بۇرۇنقى تۇيغۇلىرىغا هۇجۇم قىلىۋاتاتتى. ئۇنى ئەھتىيات قىلىشقا ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇ كىتاپلاردىن نۇرغۇن ھىلىگەر ئادەملەرنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئويۇنلارنى ئويناپ، قىزلارغا مەرت، سېخى، ئالىجاناپ كۆرۈنۈپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكىدەك ۋەقەلەرنى كۆپ ئۇقۇغاچقىمۇ، ناتونۇش قۇربانجاننىڭ ئالاھىدە كۆيۈنۈپ كىتىشىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتى.

ئارىلىقتا 2 ھەپتىگە يېقىن دىلناز قۇربانجان بىلەن پەقەت ئالاقە قىلمىدى. ئۇ قۇربانجاننىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كىلىشىدىن ، تېلىفۇن قىلىپ سىلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچ سادا كەلمىگەچكە خېلى يېنىكلەپ قالدى. ئۇ شۇ ئارىلىقتا يەنىلا ۋارىسنى كۆپ ئويلىدى. ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئۆزىگە تېلىفۇن قىلمايدىغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە خىيال قىلدى. "راستىلا ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ، راستىلا ئۇنتۇپ كەتتىمۇ" دىگەن سۇئاللار ئىچىدە قىينالدى. غۇرۇرىنى قايرىپ قويۇپ ۋارىسنىڭ دوستى مۇرادىلغا يەنە بىر قېتىم تېلىفۇن قىلدى. ۋارىسنىڭ نىمە سەۋەپتىن جاۋاپ خەت يازمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. لېكىن مۇرادىل ۋارىسنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ، "بولدى سورىما" دەپلا گەپنى ئۇزگەنلىكىنى، لېكىن ۋارىسنىڭ ئۆزىنى بەك تاشلىۋەتكەنلىكىنى

، كۆندىن ـ كۈنگە چۈشكۈن، روھسىز بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ، بىر ئوبدان تەرەققى قىلدۇرغان تىل مەكتىپىنىڭ ھازىر تازا ياخشى بولالمىغانلىقىنى دىلنازغا ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ دىلناز تېخىمۇ ھەسرەتكە پاتتى، يۈرىكى ئېچىشتى، بۇرۇنراق قايتىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپ، ئۆزى ئىنتىلىدىغان بەختلىك تۇرمۇشنى ساقلاپ قېلىشنى نىيەت قىلدى...

ئۆزىنى پەقەت ئۆگۈنىشكىلا ئاتاش، ھەممە خىيال ـ ئەسلىمەلەردىن خالى بولۇشقا بەل باغلىغان دىلناز رىئاللىقنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلدى. دىمىسىمۇ خىيالنى ئات ـ ئىشەكنى باغلاپ قويغاندەك باغلاپ قويغىلى بولمايتتى، بەختلىك ئادەملەر ھەممە خىياللاردىن مۇستەسنا ھالەتتە خاتىرجەم ياشىغىنى بىلەن ، دىلى سۇنغان، يۈرىكى مۇجۇلغان، قەلبى جاراھەتلەنگەن ئادەملەر يەنىلا بىر خىل ئازاپ، تەشۋىش ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزەتتى. ساناقسىز سوئاللار ئۇلارنى قىينايتتى، كەلگۈسىنى خىرە يۇرۇتۇپ تۇرغان نۇردىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن كىچە ـ كېچىلەپ تولغۇنۇپ چىقاتتى. دىلنازمۇ ھەم شۇنداق بولدى. بەختلىك ئائىلىسىنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە بولغان بىر خىل ئوت ئۇنى ئالدىرىتاتتى. ۋارىسقا بولغان سېغىنىش، ھىسداشلىق، نازۇك قەلبىگە ئورناپ كەتكەن مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئۇنى يەنە پۇرسەت تاپسىلا قىينايتتى...

شەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى، نەچچە ھەپتىلىك ئۆگۈنۈش، روھى بېسىم ، ئازاپلىق خىياللار ئىچىدە خېلىلا چارچىغان دىلناز بۈگۈنكى دەم ئېلىش كۈنىدە خېلى ۋاققىچە ئۇخلىدى. سائەت 9 لارغا يېقىن ئورنىدىن تۇرۇپ چاي ئىچكەندىن كىيىن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كىيىملىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا شىياۋياڭ دىلنازنىڭ سۇتتەك ئاپئاق تېلفۇنىنى كۆتىرىپ تازىلىق ئۆيىگە كىردى:

ـ دىلناز سىزگە تېلفۇن.

دىلناز تېلفۇننى ئېلىپ ناتونۇش نومۇرلارغا كۆز يۈگۈرتكەچ قۇلىقىغا

ئاپاردى.

-ۋەي ...

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دىلناز...

قۇربانجاننىڭ سىرلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان دىلناز تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتتى، ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ دىگەندەك قوپۇپ بىر نەچچە قېتىم ئېغىر تىندى.

-ۋە...ۋە...ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...

-ئۆزۈن بولدى دىلناز، سىزگە تېلېفۇن قىلىمەن دەپ تېلېفۇن قىلالمىدىم. سالامەت تۇرىۋاتقانسىز؟

دىلناز دەماللىقتا نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشنى بىلەلمەي تېلېفۇننى يەنە بىر قولىدا بىردەم ئىتتىۋالغاندىن كىيىن ناھايىتى بوش ئاۋازدا جاۋاپ بەردى.

-خۇداغا شۈكرى . يامان ئەمەس.

-يامان ئەمەس دەيسىزغۇ، ياخشى دەڭ...ئۇلۇغ ئاللا سىزدەك گۈزەل قىزنىڭ ئالتۇن بويىنى ئامان قىلغاي، بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەردىن يىراق قىلغاي...

دىلنازنىڭ قۇلىقىغا قۇربانجاننىڭ تىلىكى پەقەت كىرمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى نىمىشقىدۇر دىلنازغا ئاشىقىغا پىچىلىۋاتقان مەجنۇن يىگىتنىڭ ئاۋازىدەك بىلىنىپ كەتتى.

-گەپ قىلمايسىزغۇ دىلناز، "ئىنشائاللا، دىگىنىڭىز كەلسۇن " دىمەمسىز...

ـ ئىنشائاللا، دىگىنىڭىز كەلسۇن...ـزورىغا جاۋاپ بەرگەن دىلناز قۇشۇملىرىنى بوشقىنا تۈردى.

ـمۇنداق ئىشتى دىلناز، ئالدىنقى قېتىم تاماقخانامغا ئاران بىر قەدەم ئالغىنىڭىزدا مەن يوق بوپ قالدىم. ھە قاچان 2ئايدىن بۇيان ئۆي تامىقىنىمۇ خېلى سېغىنىپ قالغانسىز، شۇڭا سىزنى بۈگۈن كەچ ئۆيۈمدە ئوبدان بىر مېھمان قىلىۋالاي دىگەن . بۈگۈن چۈشتىن كىيىن شوپۇرۇمنى ئەبەرتىمەن ، سائەت 4 كە چۈقۇم كىلىپ بولۇڭ...

ـ نىمە؟

دىلناز ئۆزىنىڭ "نىمە؟" دەپ سورىغان ئەنسىز سۇئالىدىن خىجىل بولدىمۇ گىپىنىڭ داۋامىنى دىيەلمەي تۇرۇپ قالدى. "ئەجەپ ئۆيىگە مىھمانغا تەكلىپ قىلىپ قالدىغۇ؟" دىگەن سۇئال كاللىسىغا كىرىۋالدى، قۇربانجان خۇددى دىلنازنى ئۆيىگە مەقسەتلىك تەكلىپ قىلىۋاتقاندەك، ھېلىقى چۈش رىئاللىقنا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قەلبىنى قانداقتۇر بىر تەشۋىش قاپلىدى.

ـھەيران قىلىۋاتامسىز؟ بىز تەييارلىق قىلىپ بولدۇق، كەلمىسىڭىز مەن خاپا بولىمەن جۇمۇ.

ـكىينىچە بارسام قانداق قۇربانجان ئاكا...

ـكىينىچىمۇ كىلەرسىز ، بۈگۈنكىسى باشلىنىشى بوپ قالسۇن...

"بۈگۈنكىسى باشلىنىشى بوپ قالسۇن" دىگەن گەپنى ئاڭلىغان دىلناز نىمىشقىدۇر تىترەپ كەتتى. كاللىسىغا قورقۇنچلۇق بىر خىيال كەلدى ـ دە ئالدىراپ ئىغىز ئاچتى:

ـ ھە ، ھە ....بىراق...بىراق...

ـ نىمە بىراق؟ قېنى دېمەمسىز ..

ـ بىراق ، شۇ ياتاقدىشىم شىياۋياڭنى يالغۇز قالدۇرغۇم يوق.

ـ ئۇنداقتا ئۇنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىڭ . ئۇنىمۇ سىزگە ئوخشاشلا قارشى ئالىمەن.

ـ شۇنداقمۇ؟...ـ قۇربانجاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ "بەك چوڭقۇر ئويلاپ كەتتىمىمۇ نىمە "دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن دىلناز تەكلىپنى قۇبۇل قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتى.ـ ماقۇل ئەمىسە قۇربانجان ئاكا، بىز چۇقۇم بارىمىز. لېكىن سىزنى يەنە ئاۋارە قىلارمىزمۇ ئەمدى.

ـ ھېچقىسى يوق سىڭلىم، باشقا يېقىن دوسلىرىڭىز بولسىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىۋېرىڭ، ئىشىكىم مېھمانلىرىم ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئۇچۇق...

....

تېلېفۇننى قويغان دىلناز ئېغىر بىر تىندى. كاللىسىدىكى چىگىش خىياللار ئۇنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويغان ئىدى. تازىلىق ئۆيىدە تېلېفۇننى چىڭ سىقىمداپ تامغا يۆلىنىپ قالغان دىلناز قۇربانجاننىڭ ئۆيىگە بارغاندا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بىرىدىغانلىقىنى بىر قۇر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. قۇربانجاننىڭ ھەقىقەتەن ئىسىل ئادەملىكىگە قول قويىسىمۇ، لېكىن شىياۋياڭنىڭ گېپى ۋە ھېلىقى چۈش ئۇنى يەنىلا چىگىش سۇئاللارغا باشلايتتى.

دىلناز قۇربانجاننىڭ شوپۇرى كەلگۈچە بېرىش ـ بارماسلىق توغرىسىدا

يەنە كـۆپ ئىككىلەنـدى. بـاراي دىسـە قانـداقتۇر بـىـرەر كىلىشمەسـلىككە ئۇچراشتىن، كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرىدى، بارماي دىسە ئۆزىگە بىر تۇغقان قېرىنداشىدەك مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن قۇربانجاننىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. دىمىسىمۇ مۇشۇنداق چوڭ شەھەردە ئۆز كۆرۈپ ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلغان تۇرسا ، بارمىسا بەك ئەدەپسىزلىك بولاتتى. خېلى كۆپ دىلىغۇللۇقتىن كېيىن دىلناز يەنىلا بېرىشنى لايىق تاپتى. "ئۆزەم يالغۇز بارمىغاندىكىن باشقا كۆڭۈلسىزلىكمۇ بولماس..." دەپ ئويلاپ شىياۋياڭ بىلەن بىرگە چىرايلىق ياساندى. لېكىن شىياۋياڭنىڭ ھەر بىر قارىشى ئۇنىڭغا " قانداق ، ئۇ سىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى دىسەم ئىشەنمەيسەن، ئەمدى كۆردىڭمۇ..."دىگەندەك بىلىنىپ باشقىچە بىئارام بولدى.

دىلناز بىلەن شىياۋياڭ قۇربانجاننىڭ چىرايلىق ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. دىلناز يول ئۈستىدە شوپۇردىن قۇربانجاننىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق بەزى ئەھۋاللارنى سوراشنى، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ئويلىدىيۇ، يەنىلا بەزى گەپلەرنىڭ قۇربانجاننىڭ قۇلىقىغا بېرىپ سىلىشتىن ئەنسىرەپ ئارتۇقچە ئېغىز ئاچمىدى.

ئۇلار شوپۇرنىڭ باشلىشى بىلەن ناھايىتى چىرايلىق لاھىيەلەنگەن بىر ئولتۇراق رايونىغا كىرىپ، لىفت بىلەن بىر بىنانىڭ 10-قەۋىتىگە چىقتى. شۇ تاپ شىياۋياڭنىڭ تۇرقىدىن ناھايىتى خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن دىلنازنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىش تېخى تۈگىمىگەن بولۇپ، يۈرىكى نىمىشقىدۇر پات-پات ئاغاتتى. ئۆي ئىچىدە قۇربانجانلا ئەمەس يەنە بىر قانچە ئەر كىشى شەھۋەتلىك كۆزلىرىنى تىكىپ ئولتۇرغاندەك قەدەملىرى كالۋالىشاتتى.

قۇربانجاننىڭ شوپۇرى كۆك سىرلانغان بىر تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كىلىپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى ئاستا باستى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھەدە.

قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن چىقىپ كەلگەن 6ياشلار چامىسىدىكى بالىنىڭ چۈچۈك تىلى ۋە تاتلىق سالىمىدىن بىر پەس گاڭگىرىغان دىلناز تېڭىرقاپ قالدى. بالا دىلنازغا چوڭ قارا كۆزلىرىنى تىككىنىچە ئىشىكنى كەڭ ئاچتى.

ـ قېنى ھەدە، ئۆيگە كىرىڭ...

تېخى باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىغا يەتمىگەن بالىنىڭ چوڭلارغا خاس ئەدەپ ـ قائىدىسىدىن دىلى سۆيۈنگەن دىلناز شوپۇرغا رەخمىتىنى بىلدۈرۈپ خوشلۇشۇپ، بالىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۆيگە قەدەم ئالدى. بالىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قىپ ـ قىزىل مودەن گۈللۈك گىلەم سېلىنغان كىچىك كارىدوردىن ئۆتۈپ مېھمانخانىغا كىردى. دىلناز مېھمانخانىغا كىرگەندىن كېيىن تۆرگە ئورنىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قەدىمى قەشقەر ئۆيلىرىنى ئەسلىتىدىغان، ھەقىقى مىللى پاسونىدا بېزەلگەن ناھايىتى چىرايلىق بىر ئۆي تۇراتتى. بۇ ئۆيدە شەھەر ئۆيلىرىگە ئوخشاش نەقىشلىك كىرىسلو ، رەڭگارەڭ چىراق ، رومانتىك تۇرمۇش بويۇملىرى يوق بولۇپ، پۈتۈن ئۆيگە لىق كەلگەن ئوتقاشتەك قىپ ـ قىزىل گىلەمنىڭ ئەتراپىغا مەخمەل كۆرپىلەر سېلىنغان ، ئوتتۇرىسىغا ئاپئاق دوستىخان سېلىنىپ ئۈستىگە مول نازۇ ـ نېمەتلەر تىزىلغان، ئۈيغۇر بىناكارلىقىنىڭ نامايەندىسى بولغان تاملاردىكى نەقىشلىك تەكچىلەرگە ھەر خىل ئۇيغۇر ياغاچ سەنئەت بۇيۇملىرى قويۇلغان، تامنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن قۇرئان كەرىم شەكلىدىكى ئايەتلىك جازا ئېسىلغان...ئىدى. رەيھاننىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى، دىمىسىمۇ بۇ ئۆي خان ئوردىلىرىغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ مۇنداق بېزەلگەن ئۆيگە تۇنجى قېتىم مېھمان بولۇپ كىرىشى ئىدى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان دىلناز بۇنداق ئۆينى شىنجاڭدا ئەمەس بەلكى پايتەخت بېيجىڭدا كۆرەرمەن دەپ ئەسلا ئويلىمىغان ئىدى. ھەممە نەرسىنىڭ جاي ـ جايىغا قويۇلۇشى، رەتلىكلىكى، پاكىزلىقى، رەڭلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ماس كەلگەنلىكى...بۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ نەقەدەر ئىشچان، نەقەدەر پاكىزە ئىكەنلىكىنى مانا مەن دەپ ئىسپاتلاپ تۇراتتى. دىلناز كۆڭلىدە "تۇۋۋا،

بىنـــا ئۆيلەرنىـــۇ مۇشـــۇنداق مىللىـــچە بىزىگىلـــى بولىـــدىكەن هە..."دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى...

هېلىقى ئۇماق بالا ئۆيگە قاراپ هەيران قالغان دىلناز بىلەن شىياۋياڭنىڭ كـۆزلىرىگە ئەجەپلەنگەنـدەك بىـر پەس قـاراپ تۇرغانـدىن كـيىن ، ئاسـتا دىلنازنىڭ قولىنى تۇتتى.

ـ هەدە، قېنـى ئولتـۇرۇڭ...دادام-ئاپـاملار نامـاز ئۇتىۋاتقـان ، هـازىرلا چىقىدۇ.

"دادام-ئاپـام" دىـگەن گەپنـى ئاڭلىغـان دىلنـاز ئۆزىنىـڭ قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك بالىنىڭ چىرايىغا باشقىدىن سەپ سېلىشقا باشـلىدى. يېنىـپ تۇرغـان كـۆزلەر، قاڭشـارلىق بـۇرۇن، يۇمـۇلاق يـۈز..."تـوۋا، نىمىدىگەن ئوخشىغان هە ، قۇربانجان ئاكامنىڭ ئۆزىـدەكلا..." دىلنـاز هەيرانلىق ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىغاچ، خان تۆشەكلىرنى ئەسلىتىدىغان خاڭدەن كۆرپە ئۈستىدە قانداق بولۇپ ئولتۇرغۇنىنىمۇ تۇيماي قالدى.

ـ هەدە، سىز دىلناز هەدەم بولامسىز؟

دىلنازغا يانىدىشىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بالىنىڭ بۇلبۇلدەك چۇرۇك ئاۋازى دىلنازنى خىياللىرىدىن ئويغاتتى.

ـ هە...هە...نىمە دىدىڭىز ؟

ـ سىز بىزنىڭ يۇرتتىن كەلگەن دىلناز هەدەم بولامسىز؟

ـ شۇنداق.ـ بالىنىڭ تۇيۇقسىز سۇئالىدىن هەيرانلىق هىس قىلغان دىلنـاز ئالدىراپ سورىدى.ـ سىز مىنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىسىز شاكىچىك؟

ـ دادام دەپ بەرگەن. بۈگۈن ئۆيگە دىلناز ئىسىملىك ناهايىتى چىرايلىق

بىر ئاچاش كىلىدۇ دىگەن...ـ بالا دىلنازنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ ئۆزۈن چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى.ـ راس ھەدە، سىز تىلىۋۇزۇردىكى ئارتىس ئاپاشلاردەك بەك چىرايلىقكەنسىز...

ـ شۇنداقمۇ، رەخمەت شاكىچىك.ـ دىلناز بالىنىڭ مەڭزىنى بوش سىلاپ سورىدى.ـ سىزنىڭ ئىسمىڭىز نىمە ؟

ـ دىيانەت.

ـ نىمە؟ـ بۇنداق ئىسىمنى تۇنجى قىتىم ئاڭلىغاچقىمۇ دىلناز دەقىقە توختاپ قالدى.ـ دىيانەت دىدىڭىزما؟

ـ شۇنداق ھەدە، دىيانەت.

دىلنازنىڭ كۆز ئالدىغا تۇيۇقسىزلا قۇربانجان تەڭلىگەن ئىسىم كارتوچكا ۋە ھىلىقى ھەشەمەتلىك تاماقخانىنىڭ ۋىۋىسكىسى زاھىر بولدى. ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇدۇل تامدىكى ئايەتلىك جازىغا ئاغدۇرۇپ قانداقتۇر بىر جاۋاپقا ئىرىشكەندەك بېشىنى بوش لىڭشىتتى. بايىقى ئىشىك ئالدىغا كەلگۈچە بولغان ئەنسىزلىك ئېگىدىن ئاستا ـ ئاستا يۇقۇلۇشقا باشلىدى.

شۇ تاپ شىياۋياڭ ساھىپخانىنىڭ رۇخسىتىسىز دوستىخان ئۈستىدىكى نازۇ ـ نىمەتلەردىن بەھۇزۇر يەۋاتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ قىلىقى دىلنازنىڭ كۆزىگە پەقەت سىغمىدى بولغاي ئۇنى ئاستا نۇقۇپ ئەسكەرتىپ قويدى.

ـ بولدى شىياۋياڭ، بۇنداق قىلسىڭىز ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىسىدە ئۆي ئىگىسى تاماققا تەكلىپ قىلغاندىن كىيىن قول ئۇزۇتىمىز...

شىياۋياڭ ئۆزىنىڭ قىلىقىدىن خىجىل بولدىمۇ ، بالىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە "لاپ" قاراپ قويۇپ ئاستا كەينىگە داجىدى. كۆرپە

ئۈستىدە تۇنجى قېتىم ئولتۇرۇۋاتقاچقىمۇ پۈتنى بىردەم بۇياققا يۆتكىسە، بىردەم ئۇيۇققا يۆتكەپ خېلى قىينالدى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مېھمانلار، قەدىمىڭلارغا مەرھابا...

مېھمانخانا ئىشىكىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان قۇربانجان بىلەن يەنە بىر ئايالنىڭ ئەدەپ بىلەن قىلغان سالىمى ئۆز پارىڭى بىلەن ئولتۇرغان دىلنازنى ناھايىتى جىددىيلەشتۈرىۋەتتى.

ـ ۋە...ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.ـ دىلناز دۇدۇقلىغاچ تېزلا ئورنىدىن تۇردى ۋە ياندا ئولتۇرغان شىياۋياڭنىڭ يېڭىدىن بوشلا تارتىپ تۇرغۇزدى.

ـ قېنى ئولتۇرۇڭ سىڭلىم. ئەسىر ۋاقتى بوپ قاپتىكەن. شۇڭا قازا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئەسىر نامازنى ئۇقۇۋالدۇق. سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇق ھە...ـ دىلنازنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان قۇربانجان ياندىكى ئايال بىلەن بىرگە دوستىخاننىڭ يەنە بىر بېشىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

ـ ياقەي...

دىلناز قانداقتۇر بىر خىجىللىق ئىچىدە سۇس كۈلۈمسىرەپ ئورنىدا ئاستا ئولتۇردى. ئالدىدا بادام دوپپا بىلەن ئولتۇرغان قۇربانجاندىن كۆزىنى ئاغدۇرۇپ ياندىكى ئايالنىڭ ئۈستى بېشىغا قاراپ سالدى. گۈللۈك ياغلىقنى ئالدىدىن ئارتىۋالغان ئايال ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن قارا كۆينەك بىلەن خۇددى ھاجى خېنىملارنى ئەسلىتەتتى. گىرىمسىز يۈزى يەنىلا سۈتتەك ئاق بولۇپ، قاپقارا قاشلار ئاستىدىكى سۈرمىسىز چوڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقنايتتى. لىۋىنىڭ ئاستىدىكى كىچىك خالى چىرايىغا شۇنچىلىك ياراشقان بولۇپ ، قارىماققا بۇ ئايال قۇربانجاندىن خېلىلا كىچىكتەك كۆرۈنەتتى.

ـ تونۇشۇپ قويۇڭ دىلناز، بۇياق مىنىڭ ئايالىم مېھرىبان. ـ قۇربانجان يېنىدىكى ئايالنى ئىشارە قىلغاندىن كېيىن دىلنازنىڭ قۇچىقىدىكى بالىغا

قاراپ قوشۇپ قويدى.ـ بۇياق مىنىڭ ئوغلۇم دىيانەت.

ـ تىچ تۇرۇپلا ھەدە...ـئورنىدىن سەل قىمىرلىغان دىلناز ئالدىدا كۈلۈپ ئولتۇرغان ئايالغا بوشقىنا سالام قىلدىيۇ، ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. ئېگىدىكى قاراڭغۇلۇق نىمىشقىدۇر تۇرۇپلا يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ، "ئۇھ" دەپ ئېغىر بىرنى تىندى. بالىنىڭ بايىقى"دادام-ئاپام" دىگەن گەپلىرى رىئاللىق بولۇپ ، بەختلىك بىر ئائىلە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولغان ئىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭدىكى ئۇرۇنسىز تەشۋىش، بىمەنە خىياللار بىراقلا يۇقۇلۇپ، قەلبىدە قۇربانجاننىڭ ئالىجاناپلىقىغا بولغان يېڭى بىر ئىشەنچ تۇغۇلىۋاتاتتى.

ـ سىزنىڭ گېپىڭىزنى قۇربانجان ئاكىڭىزدىن كۆپ ئاڭلىغان سىڭلىم. ئۆيگە تاماققا تەكلىپ قىلىمىز دىگىلىمۇ بىر-ئىككى ھەپتە بولدى. لېكىن ئاكىڭىزنىڭ ئىشى ئالدىراش بولۇپ قېلىپ ۋاقتىدا ئەكىلەلمىدۇق. بۈگۈن قەدىمىڭىز يەتكەنلىكىدىن مەن بەك خوش.

قۇربانجاننىڭ ئايالىنىڭ سەممىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك ھىس قىلغان دىلناز ئۆزىنى خېلى ئەركىن تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا تىرىشتى.

ـ كۆپ رەخمەت ھەدە. سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق.

ـ ھەرگىز ئۇنداق دىمەڭ. ئۆيىمىزگە مىھمان كەلسە بىز بەك خوش بولۇمىز. بولۇپمۇ سىزدەك ئەزىز مىھمانلارنىڭ كەلگىنى ئۆيىمىزنىڭ بەرىكىتى سىڭلىم.

ـ بولدى ھەدە، مىنى بەك خىجىل قىلىۋەتتىڭىز...

....

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قۇربانجاندىن خۇددى بالىلىرى ھەققىدە ھېچنەرسە سورىيالمىغان دىلنازغا بۇگۈن ھەممىسى ئايان بولدى. ئەسلىدە دىلناز قۇربانجاننىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەن دەپ پەقەت ئويلىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ گەرچە دىيانەتلىك، ئالىجاناپ ئادەم ئىكەنلىكىگە خېلى ئىشەنچ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى چىرايلىق بىر ئايال بىلەن توي قىلىش ئارزۇسىدا يۈرىۋاتقان ئادەم دەپ خىيال قىلغان ئىدى. مانا بۈگۈن كۆز ئالدىدا ھەقىقى ئىسلام ئەر-ئاياللىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان قۇربانجان بىلەن مېھرىبان ئولتۇرۇپتۇ، يېنىدا چوڭ يىگىتلەرگە خاس قائىدىلىك ئۇماق ئوغلى دىيانەت ئولتۇرۇپتۇ. دېمەك-قۇربانجاننىڭ ھەقىقى ئالىجاناپ ئادەملىكى ئىنىق. خەيرى-ساخاۋەت، ياخشىلىق يولىدا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ئىنىق...

دىلناز ئەمدى ئۆزىنى تېخىمۇ ئەركىن تۇتتى. ساھىپخاننىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى ئۇنى خۇددى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا ئەكەلدى. دىلناز بىلەن تونۇشۇپ چىققان مېھرىبان ناۋاتلىق چاي دەملەپ مېھمانلارغا سۇنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەركىن-ئازادە ئولتۇرۇشىنى، پارچە-پۇرات نەرسىلەرگە ئېغىز تەككەچ تۇرۇشىنى ئېيتىپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. دىلناز قۇربانجاننىڭ ئايالىنىڭ چىقىپ كىتىشىنى ساقلاپ تۇرغاندەك تېزلا ئېغىز ئاچتى:

-قۇربانجان ئاكا. بىر گەپنى دىسەم خاپا بولماڭ، مەن نەچچە قېتىم ئايالىڭىز، بالىلىرىڭىز توغرۇلۇق سوراي دەپ پەقەت سورىيالمىغان ئىدىم. بەزىدە سىزنى بويتاق ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتىم.

-شۇنداقمۇ؟ - دىلنازغا قاراپ سەممى كۈلۈمسىرىگەن قۇربانجان ئوغلىنى ئاستا قۇچىقىغا ئالدى.- بۇ تاتلىق ئوغلۇم ، ئائىلەم توغرىسىدا سىزگە سۆزلەپ بېرىشكە راسلا پۇرسەت چىقماپتۇ. مەن قېرى بويتاقلىقىمنى ئاياقلاشتۇرغىلى 8 يىل بوپ قالدى.

-بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟

ـ سىزگە دىسەم سىڭلىم. مەن ساق 33 ياشقا كىرگەندە توي قىلغان قېرى بويتاق. سىزدىن يۇشۇرۇش كەتمەيدۇ. مەن چۇقۇم بىر ئىگىلىك تىكلەپ بولۇپ توي قىلىمەن دەپ ئۆز-ئۆزەمگە ۋەدە قىلغان. شۇڭا قېرىغاندا بۇ ياش ھەدىگىز بىلەن توي قىلىۋالغان...ـ پىسسىگىدە بىرنى كۈلۈۋەتكەن قۇربانجان ئوغلىنىڭ مەگزىگە بوشقىنا بىرنى سۆيۈپ قويدى.ـ 35ياشقا كىرگەندە ئۇلۇغ خۇدا بۇ تاتلىق ئوغلۇمنى ئاتا قىلغان.

ـ بالىڭىز مۇشۇ بىرلىما قۇربانجان ئاكا.ـ ئالدىدىكى پىيالىنى لىۋىگە تەككۈزگەن دىلناز قىزىقسىنىپ سوراپ قالدى.

ـ يەنە بىر ئوغلۇم بار. ئۇ ئەمدى بىر ياشقا كىردى.ئۇنىڭ ئىسمى ھىدايەت، ھازىر بۇشۇكتە تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ. ـ باللىرىنى تىلغا ئېلىپ ھاياجانلانغان قۇربانجان ئىپتىخارلىق بىلەن جاۋاپ بەردى.

ـ راست گەپنى دىسەم قۇربانجان ئاكا، بۇ ئوغلۇڭىز بەك ئەدەپلىك ، ئەقىللىق بالا بوپتۇ. مىنىڭ بەكمۇ مەسلىكىم كەلدى. ئۆزىڭىزگە ئوخشاشلا قائىدىلىك، ئالىجاناپ تەربىيەلەپسىز.

ـ خۇداغا مىڭ شۈكرى . بۇ پەقەت ئايالىمنىڭ تۆھپىسى، ئۇنىڭ تەربىيسى...ـ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىدا سۆيۈنگەن قۇربانجان يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان پۇتىنى سەل بوشاتتى.ـ ئۇلۇغ خۇدا ماڭا يۆلەك بولدى سىڭلىم. خۇدانى دوست تۇتقانلىقىم، ئۇنى ھەر مىنۇت سېغىنغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ماڭا سەممى، دىيانەتلىك ، ئەقىللىق ئايالنى ئۇچراشتۇردى. ئايالىمۇ مىنىڭ دىيانىتىمنى، ئىمانىمنى دەپ ماڭا ياتلىق بولۇشقا قوشۇلدى. سىزگە دىسەم، يۇرتتىكى تۇققانلار بۇ ھەدىگىزنى ماڭا تونۇشتۇرغاندا ئۇنىڭ ھايالىق تىكلىشلىرىگە قاراپلا ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغان ئىدىم. ئىشەنچ قىلغىنىمدەك ئۇ ھەممە ئىشتا ئېپى بار، مىنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك ئايال بولۇپ چىقتى. توي قىلغاندىن كىيىن ئۇنىڭ قەدىمى تېخىمۇ ياراشتى، تىجارىتىم تېخىمۇ روناق تېپىپ، ئارقا-ئارقىدىن پاقلاندەك 2 ئۇغۇل تۇغۇپ بەردى.

بىرىنچىدىن ئۇلۇغ خۇدانىڭ ھىممىتى، ئىككىنچىدىن ئەر-ئايال ئىككىمىزنىڭ سەممىي ساداقىتى بىلەن ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتىمىز.

ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتقان قۇربانجاننىڭ ئۆز بەختىدىن نەقەدەر سۆيۈنىدىغانلىقى، ئايالىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقى سۆزلىرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

-سىلەرگە بەك مەسلىگىم كەلدى . ئايالىڭىز دىمىسىمۇ ھەقىقەتەن ئىسىل ئايالكەن، مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ ناھايىتى تەربىيە كۆرگەن ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

-توغرا دېدىڭىز دىلناز، ئۇ ھەقىقەتەن تەربىيە كۆرگەن ئايال . گەرچە ئۇ ئالى مەكتەپتە ئۇقۇپ يۇقىرى پەن ساپاسى ھازىرلىمىغان بولسىمۇ ، لېكىن بىر ئايالدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە خىسلەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان. توي قىلغاندا مەن ئۇنىڭغا بېيجىڭغا كېتىدىغانلىقىمىزنى، شۇ يەردە تىجارەت قىلىپ تۇرۇپ قالىدىغانلىقىمىزنى ئېنىق ئېيتقان. لېكىن ئۇ ماڭا ئىشەندى، مېنى قوللىدى. ئاتا-ئانا ، ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى تاشلاپ مېنىڭ پۈتۈمغا پۇت، قولۇمغاقول بولغىلى بۇ يات شەھەرگە كەلدى. ماڭا سەممىي سادىق بولۇپ، مېنى ھۆرمەتلەپ، مېنى ئېغىرىمنى كۆتىرىپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. سىزنىڭمۇ بىر ئائىلىڭىز بار سىڭلىم، بۇنى دىمىسەممۇ بىلىسىز. بىر ئۆيدە ئەر-ئايال بىر-بىرىگە ئىشەنگەندە، بىر-بىرىنى قوللىغاندا، ئۆز-ئارا مەڭگۈ سادىق بولۇپ باشقا بارلىق گۇناھلاردىن خالى بولغاندا ئاندىن بۇ ئۆينى ئۆي قىلغىلى ، گۈللەندۈرگىلى بولىدىكەن. شۇڭا مەن ئايالىمنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن بەك رازى. ئۇنى قاتتىق ھۆرمەتلەيمەن. ئۇنىڭدىن بەك سۆيۈنىمەن...

قۇربانجاننىڭ ئۇرۇنلۇق گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دىلناز ئېغىر بىر تىندى. "مۇشۇنداق بەختلىك ئەر-ئاياللارمۇ بولىدىكەن ھە..." دېگەنلەرنى ئويلىدى. لېكىن قۇربانجاننىڭ "سىزنىڭمۇ بىر ئائىلىڭىز بار..." دىگەن گېپى ۋارسىنىڭ ساداقەتسىزلىكى، ۋاپاسىزلىقىنى كۆز

ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويدى. بىر مەزگىل ئۇنتۇلغان ئازاپلىق كەچمىش ئۇنىڭ ئېڭىدا قايتىدىن پەيدا بولۇپ، خىياللىرى ئېغىر كىسەل بولۇپ ياتقاندىكى ۋارىسىنىڭ ئەتىر ھىدى كىلىپ تۇرىدىغان سالاپەتلىك تۇرقىغا، يۇشۇرۇن تېلىفون قىلىشلىرىغا، ھەر خىل يالغان ياۋىداق سەپسەتىلىرىگە كەتتى...

-نىمە ئۈچۈن بەزى ئەرلەر ئالتۇنىدەك ئايالىنى تاشلاپ باشقا ئاياللارغا بۇزۇلىدۇ قۇربانجان ئاكا...؟

خىياللار ئىچىدە قىينالغان دىلناز ئېغىزىدىن بۇ سۇئالنىڭ قانداق بۇلۇپ چىقىپ كەتكىنى سەزمەيلا قالدى. ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى قايتۇرىۋالالماي شەپەقتەك ۋىللىدە قىزاردى.

-بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ سىڭلىم.-قۇربانجان ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەن دىلنازنىڭ يەرگە تىكىلگەن كۆزلىرىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قويۇپ بىر پەس ئويلانغاندىن كىيىن جاۋاپ بەردى .- بەلكىم دىلىدىكى ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولسا كېرەك... شەيتان ھەر ۋاقىت ئىرادىسى ئاجىز بەندىلەرگە ھەمرا بولىدۇ. ئۇلارنى گۇناھى لەززەتلەرگە باشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىمانسىزلىقىدىن پايدىلىنىدۇ. مىنىڭچە دىلىدا خۇدانى ياد ئەتكەن، ئىمانى كامىل ئادەملەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى، ئازدۇرىشىنى يىڭىپ كىتەلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دىل، روھ جېڭى قىلالايدۇ. ئۇنى قەتلى قىلالايدۇ. لىكىن خۇدادىن قورقمايدىغان ، ئىتىقادى سۇس ئادەملەر ئىرادە بىلەن ھىسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە مەغلۇپ بولۇپ، شەيتاننىڭ دىپىغا ئۇسۇل ئويناپ، بىلىپ-بىلمەي شەيتاننىڭ ئىشرەت كوچىلىرىغا قەدەم بىسىپ قالىدۇ. بىر ئېزىپ، ئىككى ئېزىپ ئاقىۋەت ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولۇپ ، ھەسرەت، پۇشايمان ئىچىدە ياش تۆكۈپ قالىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بەندە ھەر ۋاقىت خۇدانى سېغىنمىقى لازىمدۇر، مىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىم، گەپ-سۆزۈم ھەتتا خىياللىرىمنىمۇ خۇدا ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرىدۇ دەپ ئويلىمىقى لازىمدۇر. ھەر ۋاقىت تۆۋە ئىستىغپار ئۇقۇپ، ئاللادىن ئۆزىگە ئىنساپ، ئىمان، دىيانەت، ۋىجدان تىلىمىكى لازىمدۇر . ھالال جۇپتىغا سادىق بولۇپ، ھارام ئىشلاردىن ھەر ۋاقىت يىراق تۇرمىقى لازىمدۇر ...سۇئالىڭىزنىڭ جاۋابىغا كەلسەك: بۇ

پەقەت  بەندىلەرنىڭ ئىمانىنىڭ سۇسلىقىدۇر سىڭلىم...

دىلناز گەرچە خېلى مەلۇماتلىق بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنى ئەخلاق نوقتىسىدىن چۈشەنسىمۇ، لېكىن قۇربانجاننىڭ دىنى تەلىمى ئۇنىڭغا خېلىلا چوڭقۇر تەسىر قىلدى."ئىمان-ئېتىقات" مەسىلىسى ئۇنى بىر هازاغىچە ئويغا سالدى. ئۇ ۋارىسىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋاقىتلىرىنى ئەسلىگەچ يەنە سوراپ سالدى:

-ئىمانى سۇسلاشقان ئادەملەر ئاسان ئازامدۇ قۇربانجان ئاكا؟

-ئەلبەتتە سىڭلىم. ئىمانى سۇس ئادەملەردە هايا بولمايدۇ، ئىنساپ بولمايدۇ، هالال-هارام دەپ هېساپلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، بىردەملىك خوشاللىقنى دەپ ۋىجدانىنى ، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدۇ.

گېپىنىڭ داۋامىنى دېيىشكە تەمشىلىۋاتقان قۇربانجان كۆزگە مۆللىدە ياش ئالغان دىلنازنىڭ چىرايىدىكى بىسەرەمجانلىقنى قاراپ چىپپىدە توختاپ قالدى. قۇربانجان بىلەن دىلنازنىڭ پارىڭىنى چۈشەنمەي دوستىخاندىكى هەر خىل تاتلىق-تۈرۈملەرگە توختىماي ئېغىز تېگىپ ئولتۇرغان شىياۋياڭمۇ دىلنازنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشقا قاراپ جىددىيلىشىپ كەتتى.

-نىمە بولدى دىلناز؟

دىلناز شىياۋياڭنىڭ سۇئالىنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ قول ياغلىقى بىلەن كۆزىدىكى ياشنى تېزلا سۈرتۈپ ، چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

-هېچنىمە بولمىدى.-شىياۋياڭغا جاۋاپ بەرگەن دىلناز قۇربانجانغىمۇ "شۇنداق"دىگەندەك قاراپ قويدى.

-ئەجەپ بۇ سۇئالنى سوراپ قالدىڭىزغۇ سىڭلىم. قارىسام ئۆزىڭىزمۇ بىئارام بولۇپ كەتتىڭىز.-دىلنازغا قاراپ كۆڭلى بىر قىسملا بولغان قۇربانجان

بىر پەس نىمىنىدۇر ئويلۇنۇپ دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.ـ ھە راست سىڭلىم ، ئۆزىڭىزنىڭ ئائىلىسى توغرىسىدا ھېچنەرسە دەپ بەرمىدىڭىزغۇ؟ يولدىشىڭىز نىمە ئىش قىلىدۇ؟ بالىڭىز قىزمۇ ـ ئوغۇلمۇ؟...

ۋاي ئىست، دىلناز يەنە بىر ئېغىر سوئالغا دۇچ كەلدى. دىمىسىمۇ دىلناز بۇ سوئالنىڭ چىقىپ قېلىشىنى پەقەت خالىمايتتى. يۈرەكنى زىدە قىلىپ بىئارامسىزلىققا باشلايدىغان، ئازاپلىق كۆز يېشىغا ھەمرا قىلىدىغان بۇ كەچمىشلەرنى ئەسلىگۈسى يوق ئىدى. گۈلدەك بەختلىك ئۆتىۋاتقان ئەر ـ ئاياللار ئالدىدا ئۆزىنىڭ نەقەدەرئاجىزلىقىنى بىلدۈرگۈسى يوق ئىدى. ئۇ شۇ تاپ قۇربانجاننىڭ سوئالغا سەلمەگە ئېيتقاندەك " ياخشى ئۆتىۋاتىمىز، لېكىن خۇدا پەرزەنت نىسىپ قىلمىدى..." دەپ جاۋاپ بىرىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن ئالدىدىكى بۇ سەممىمى ، خىزىر سۈپەتلىك ئادەمنى ئالداشنى يەنىلا راۋا كۆرمىدى.

ـ بولدى سورىماڭ قۇربانجان ئاكا ، ئائىلەم توغرىسىدا ئويلىسام يۈرۈگۈم ئاغرىيدۇ...

ـ نىمىشقا ئەمىدى؟ـ دىلناز بىلەن شىياۋياڭنىڭ پىيالىسىگە چاي لىقلاۋاتقان قۇربانجان چەينەكنى تۇتقان پېتى تۇرۇپلا قالدى.ـ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغانما سىڭلىم.

ـ ھەئە...

ـ مىنى ئاكا ئورنىدا كۆرسىڭىز نىمە ئىشلىكىنى دەپ باقامسىز سىڭلىم.ـ دىلنازغا قاراپ جىددىيلەشكەن قۇربانجان ئۇرۇنسىز تەلەپ قويۇپ سالغانلىقىدىن سەل خىجىل بولدىمۇ ئاخىرىغا قوشۇپ قويدى.= باشقىلارنىڭ شەخسى ئىشلىرىنى سوراشقۇ ئەدەپسىزلىك ، خالىمىسىڭىز بولدى دىمەڭ...

ـ ياقەي.

بىر پەس گاڭگىراشتىن كېيىن ، ئائىلىسى توغرىسىدا قىسقىلا سۆزلەپ ئۆتتۈشىنى مۇۋاپىق تاپقان دىلناز ئېغىر ئېچىشقا تەمشەلگەندە تۇيۇقسىز قۇربانجاننىڭ ئايالى مېھرىبان ئىككى تەخسە لەغمەننى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى توختۇتۇپ قويدى.

- بەك ساقلىتىۋەتتىم ھە سىڭلىم. ھەممە نەرسىلەرنى تەق قىلىپ قويغان بولساممۇ ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تامىقىم ئۇخشىماي قالامدىكىن دەپ بەك جىددىيلەشتىم. قارىسام تازا ئوخشىتالمىغان ئوخشايمەن- مېھرىبان ئۇڭايسىزلانغان ھالدا پەتنۇس بىلەن تاماقنى سۇندى.

- بۇ نىمە دىگىنىڭىز ھەدە. بۇنداق ئوخشىغان ئۆي تامىقىنى بۇ شەھەردە يەپ سالارمەن دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن...مانا بۇگۈن سىزنىڭ قولىڭىزدىن يېيىشكە پۇرسەت بوپتۇ.. لەغمەننى قولىغا ئالغان دىلناز كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم تاماقنىڭ ھىدىنى پۇراپ كەتتى . - شۇنداق مىزىلىك پۇرىۋاتىدۇ. ئاپام ئەتكەن تاماقتەكلا...

- بولدى ئادەمنى خىجىل قىلماڭ سىڭلىم. قېنى ئوخشىمىسىمۇ تېتىپ بېقىڭ...

دىلناز بىلەن شىياۋياڭ تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. قۇربانجاننىڭ ئۆيىنى ئۆز كۆرۈپ كەتتىمۇ، ئۇلار ئۆزىدىكى نازۇك، تارتىنىش خاراكتىرنى قايرىپ قويۇپ ناھايىتى بەھۇزۇر غىزالاندى. تاماقنى تىزلا يەپ بولغان دىلناز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ ئولتۇرغان قۇربانجان ئەر-ئاياللىنى كۆرۈپ خىجىل بوپ كەتتى.

- بەك سەت ئىش بولدى ھە، ئۇزۇن بوپتىكەن بۇنداق مىزىلىك تاماق يەپ باقمىغىلى، تاماق بىلەن بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن...

-بۇ نىمە دېگىنىڭىز.-قۇربانجان دىلنازنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى.- تاماقنى ئىشتىها بىلەن يېگىنىڭلارغا قاراپ بەك مەسلىكىم كەلدى. يەنە بىر ئاز ئەكىرسىنمۇ؟

-يا...يا...ياق...بولدى رەخمەت...-دىلناز قولىدىكى تەخسىگە قاراپ كۈلۈپ سالدى.-مەن ئەمدى ھەرگىز يېيەلمەيمەن. بەك تويۇپ كەتتىم.

-بولدى زورلىماڭ.-دىلنازنىڭ گۆزەللىكىگە، ئۇچۇق-يورۇقلىقىغا قاراپ سۆيۈنگەن مېھرىبان ئىرنى بوش نۇقۇدى.- باشقا تاماقلارغىمۇ ئېغىز تەگمىسە بولماس.

- بولدى ئەمدى ئاۋارە بولماڭ ھەدە. ھېلىمۇ كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتۇق.

-بولدى تۇزۇت قىلماڭ سىڭلىم. سىزدەك ئەزىز مېھمان بىر كەلگەندە مۇنداقلا ئۇزۇتۇپ قويسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى كۆرۈپ بىر تۇققان سىڭلىمنى كۆرگەندەك بولدۇم. شۇڭا گەرچە ئاپىڭىزدەك ياخشى ئېتەلمىسەممۇ يەنە بىر نەچچە خىل تاماقىمغا ئېغىز تېگىپ بېقىڭ...

-ئەمدى تاماق ئېتىمەن دېمەڭ..ئاۋارە بولماڭ...

-مەن ھەممىنى تەييارلاپ بولغان، ئازراقتىن بولسىمۇ ئېغىز تېگىڭ...

دىلناز قۇربانجان ئاكىنىڭ ئائىلىسى بىلەن خېلى كۆپ تىركەشكەندىن كېيىن يەنە توختاپ قالدى. مېھرىبان ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي تاماققا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن يەنە ئاشخانىغا ماڭدى. دىلناز قۇربانجان ئاكىغا ئوخشاشلا ئالىجاناپ ، تۈز كۆڭۈل، مېھرىبان بۇ ئائىلىنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن ئالەمچە سۆيۈندى. مۇشۇنداق ياخشى ئادەملەر بىلەن دىدارلىشىپ، دوستلاشقانلىقىغا خوشال بولدى. ئىمان ئاساسىدا قۇرۇلغان بۇ بەختلىك ئائىلىگە، ۋاپادار ئەر-ئاياللارغا قاراپ زوقلاندى. قۇربانجان ئاكىنىڭ كۈلۈپ

تۇرغان كۆزلىرىگە، نۇر چاقناپ تۇرغان سەمىمى چىرايىغا قاراپ ھېلىقى چۈشنى قانداق بۇلۇپ كۆرۈپ قالغانلىقىنى پەقەت ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. بۇ ئۆيدە قانداق ئىشلارغا يۇلۇقۇش توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇپ كەتكەنلىكىگە تۇلىمۇ ئەپسۇسلاندى. مۇشۇنداق مىللى ئەنئەنىگە ئىگە، ئىسلام ئەقىدىسى، ئىسلام يولى بىلەن قۇرۇلغان بەختلىك ئائىلىنىڭ مەڭگۈ خوشاللىق تىپىشىنى ئۈمۈت قىلىپ، قەلبىدە بارغانسىرى يۈكسەكلىككە كۆتىرىلىۋاتقان، ھەقىقى ئاكا ئورنىدا ئىتراپ قىلىشقا ئىرىشكەن قۇربانجان ئاكىنىڭ بۇندىن كىيىن تېخىمۇ روناق تېپىپ كىتىشىنى چىن يۈرىكىدىن تىلىدى.

قۇربانجاننىڭ ئايالى چىقىپ كەتكەندىن كىيىن ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى. قۇربانجان دىلنازغا قاراپ نىملەرنىدۇ دىيىشكە تەمشەلدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى. ئەقلىلىق قىز قۇربانجاننىڭ كەيپىياتىدىن نىمە دىمەكچى بولغانلىقىنى دەرھاللا سىزىۋالدى.

ـ ھە راست ئاكا، مىنىڭ ئائىلەمنىڭ ئىشىنى سوراپ قالدىڭىز، شۇ تاپ سىزنىڭ ئائىلىڭىزگە قاراپ ئۆزەم ھەققىدە سۆزلۈگۈممۇ ، سىزدىن توغرا مەسلىھەت ئالغۇممۇ كىلىۋاتىدۇ...ـ شىياۋياڭنىڭ ئالدىغا تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى سۈرۈپ قويغان دىلناز دەقىقە ئۈھسۈنغاندىن كىيىن، قۇربانجان ئاكىنىڭ قۇچىقىدا ناھايىتى تاتلىق كۈلۈپ ئولتۇرغان دىيانەتكە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى.ـ مىنىڭ ئەسلى بەختلىك بىر ئائىلەم بولغان.......

دىلناز كەچمىشىنى قىسقا ـ قىسقا قىلىپ سۆزلەپ تۈگەتتى. بەختىيار ئۆتكەن كۈنلىرىنى، ھايات مۇساپىسىنى ، يولدىشىنىڭ كىيىنكى ۋاپاسىزلىق ، بۇزۇلۇش جەريانىنى ، ئاجراشقان دەقىقلىرىنى نەچچە قېتىم ئۇھ تارتىپ، نەچچە قېتىم ئىسەدەپ تۇرۇپ سۆزلىدى. ئۇ بۇلارنى سۆزلىگەندە ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا كۆپ قېتىم تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىملەر كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكەندە يەنىلا بەرداشلىق بىرەلمىدى. ئۆزىنىڭ قۇربانجان ئۆيىدىكى بىر مىھمان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كۆز يېشى قىلدى. گەرچە ئاجراشقاندىن كىيىن ۋارىسقا خەت قالدۇرغان، ئۇنىڭ جاۋابىنى ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتكەن جەريانلارنى سۆزلىمىگەن بولسىمۇ، شۇ ئەھۋاللار

كۆز ئالدىغا كىلىۋېلىپ قاتتىق ئازاپلاندى.

ھەممە ئەھۋاللارنى ناھايىتى سوۋغۇنلۇق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان قۇربانجان دەماللىققا نىمە دىيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئالدىدىكى چىرايلىق قىزنىڭ ، شۇنچە مەرتىۋىلىك ئائىلىدىكى تۇنۇلغان رىياسەتچىنىڭ بەختىسىز كەچمىشلىرىدىن قاتتىق ئازاپلاندى. ئۇنىڭغا قاتتىق ھىسداشلىق قىلدى. ئۇنىڭ شۇ بەختلىك ئائىلىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىگە ئىچىندى. ۋارسىنىڭ تۇزكورلىقى، ۋاپاسىزلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

ـ بولدى يىغلىماڭ سىڭلىم.ـ كۆز چاناقلىرىدىكى لىققىدە ياشنى قولى بىلەنلا ئېيتۇەتكەن قۇربانجان دىلنازنىڭ ئالدىدىكى پىيالىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.ـ قېنى بىر ئاز چاي ئىچىۋېلىڭ. يىنىكلەپ قالىسىز. شۇ تاپ سىزگە نىمە دەپ تەسەللى بىرىشنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئەسلىدە سورىمىسام بوپتىكەن.

ـ ھېچقىسى يوق ئاكا، سىزگە دەردىمنى تۆكۈپ بىرىپ خېلىلا يىنىكلەپ قالدىم. سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم.

ـ نەدىكىنى، مەن بىلىمەن، سىز مىنى ئاكا ئورنىدا ئۆز كۆرۈپ دىدىڭىز. خۇدايىم بەختىڭىزنى بەرگەي سىڭلىم. ھەممە ئادەمنىڭ رىسقىنى خۇدا بىرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى خۇداغا ئىلتىجا قىلغىنىمىز دۇرۇس.

قۇربانجان بىر چوڭ تەخسىدە لىققىدە گۆش بېسىلغان پولونى كۆتىرىپ كىرىپ كەلگەن ئايالىنى گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلىپ دىلنازنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە قاراپ سورىدى.

ـ دىلناز سىڭلىم. مەن سىزنىڭ گەپ سۆزلىرىڭىزدىن گەرچە ئاجراشقان بولسىڭىزمۇ ، لېكىن يولدىشىڭىزنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ھىس قىلىۋالدىم. قارىسام يەنە ئۇنى ئويلامسىز نىمە؟

ـ قانداق دەيسىز؟ ـ دىلناز ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسىياتىنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىلىپ يەتكەن قۇربانجاننىڭ ئويچان كۆزلىرىگە خىجىللىق ئىچىدە قارىدى.

ـ مېنىڭ نەسىھەتىم شۇ، سىڭلىم.ـ قۇربانجان قۇچىقىدىكى بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىغاچ ئويلاندى.ـ بۇدۇنيادا ئىنسانىنىڭ بېشىغا ھەر خىل قىسمەتلەر كېلىدۇ. بەزى ئادەملەر بەختلىك بولىدۇ، بەزى ئادەملەر بەختسىز بولىدۇ. مەن بايام سىزگە دېگەندەك بەزى ئادەملەر شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ يولدىن ئېزىپ قېلىشىمۇ، ئۆزىگە ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن بەھرىمان بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭچە ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بەلكىم ھېلىقى قىز يولدىشىڭىزنى ئازدۇرغان، ئۇنىڭ ھېسسىياتىدىن پايدىلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەلكىم بۇ يولدىشىڭىزنىڭ پەقەت بىر قېتىملىق خاتالىقى، سىزگە پەقەت بىر قېتىملىق بىلىپ-بىلمەي ئاسىيلىق قىلىپ سېلىشىدۇر. شۇڭا خۇدامۇ كەڭ قورساق بەندىلىرىنى، ئەپۇچان بەندىلىرىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتىدىكەن، ئۇخىل بەندىلىرىگە پانى دۇنيادا ئۇلۇغ جەننەتتىن ئورۇن بېرىدىكەن. شۇڭا مېنىڭچە يولدىشىڭىزغا پۇرسەت بېرىڭ، ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇۋېلىڭ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت، خوشاللىق، ئىشەنچ ئاتا قىلىڭ. ئەگەر سىز ئۇنى كەچۈرمىسىڭىز ئۇ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ ، ھەممە نەرسىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزۈپ شۇ يولغا تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىپ كېتىدۇ. بەلكىم سىز ئۇنىڭ بىلەن ياراشمىغان تەقدىردە باشقا بىر ئەر بىلەن تونۇشۇپ توي قىلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن مەن ئويلايمەن: بىرىنچى قېتىملىق نىكاھقا ھېچنەرسە تەڭ بولمايدۇ. ئۇ نىكاھنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق ئۇلۇغ نىكاھمۇ ئالالمايدۇ. سىز ئۇنى چۈشىنىسىز، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىسىز، دېمەك ئۇنىڭغا شۇ ئاجىزلىقنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ تەربىيە قىلىسىڭىز، كۆيۈنسىڭىز، ئۇنىڭغا دىلىدا ئىمان ئويغاتىسىڭىز ئۇ چوقۇم ئۆزگىرىدۇ. ئەسلىگە قايتىدۇ. دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان ئادەم يوق. مۆھىمى ئۇنى قانداق ئۆزگەرتىشتە. ئۇنىڭغا قانداق ئىشەنچ ئاتا قىلىشتا...گەرچە ئوغلىڭىز ئۇنىڭ قولىدا نابۇت بولغان بولسىمۇ، ئۇ قەستەن قىلمىغان. بىلسىڭىز، ئۇ بەلكىم سىزدىن بەك ئازاپلانغان ، سىزدىن بەك روھى زەربىگە ئۇچرىغان... ئۆزىڭىز دېدىڭىز، يولدىشىڭىز ناھايىتى ئەقىللىق ، تىرىشچان، ئەخلاقلىق بالىكەندۇق، كېيىن سىز ئائىلىدە بولماسلىق تۈپەيلى شۇ يولدا مېڭىپ قاپتۇ. بەلكىم بىر ئۆيدە بولغان بولساڭلار

ئۇنداق ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمەس بولغىيتتى. بەلكىم ئىمانى كامىل، ھالال-ھارام تونغرىسىدا ئىنىق تونۇش بولغان بولسا بۇزۇلماس بولغىيتتى. شۇڭا مەندىن نەسىھەت سىگىلىم: ئۇنى چۇقۇم كەچۈرۈڭ. ئاتا-ئانىڭىزنى قايىل قىلىڭ. ئۇنىڭغا مەدەت، ئىلھام بېرىڭ. ئۇنىڭ ئېڭىدا بىر مەزگىل يوقالغان خۇدالىق يولنى، ئىماننى، ئەخلاقنى ئويغۇتۇڭ. مەن ئويلايمەن: سىز شۇنداق قىلالىسىڭىزلا يەنىلا ئەسلىدىكى بەختلىك ئائىلىڭىزنى قايتۇرۇپ كېلەلەيسىز. يولدىشىڭىزنىڭ مۇھەببىتىگە قايتىدىن ئېرىشەلەيسىز. خۇدانىڭ شەپقىتى بىلەن نەچچە پەرزەنتلىك بولۇپ تەنھالىقتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر كىشەندىن، ئېغىر كىسەلدىن قۇتۇلالايسىز...

دىلناز قۇربانجاننىڭ سۆزلىرىنى لىكتورلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغاندەك ناھايىتى بېرىلىپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. يېڭىدىن بىر ئۈمىدكە ئېرىشكەندەك، بۇرۇنقى بەختىنى قايتۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولدى. ئۇ قۇربانجاننىڭ قېشىدا ئېرىنىڭ سۆزىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپ ئولتۇرغان مېھرىبانىنى كۆرۈپ بۇ كەڭ قورساق ئەر-ئاياللارنىڭ نەقەدەر ياخشىلىقىغا قول قويماي تۇرالمىدى. دېمىسىمۇ ياخشى ئادەملەرنىڭ خىسلىتى ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش ئەمەسمۇ. پۇرسەت بېرىش ئەمەسمۇ؟ ئۆزى چىن دىلدىن ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىش ئەمەسمۇ؟...

دىلناز مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى ئۆزىنى قىيناپ كەلگەن دەرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تۆكۈۋېلىپ ئۆزىنى قۇشتەك ناھايىتى يېنىك ھېس قىلدى. بەزىدە دەرت-ھەسرەتنى ئۆز يۈرىكىگىلا سىغدۇرۇپ ئۇتتۇشنىڭ تازا ئاقىلانىلىق ئەمەسلىكىنى، يېقىن ئادەملىرىگە ئىچ-قارنىنى تۆكۈۋېلىشنىڭمۇ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ھېچقاچان دەردىنى بىرەر ئادەمگە دەپ باقمىغان، ئاجىزلىقنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان دىلناز بۈگۈنكى دەرت تۆكۈشىگە نىمىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ قۇربانجاننىڭ سۆزلىرىگە باشقىچە جاۋاپ بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇقلىقىنى بوشقىنا باش لىڭشىتىپ ماقۇللىدى.

بىردەمدىن كېيىن مېھرىبان مېھمانلارنى پولوغا زورلىدى. دىلناز بىلەن شىياۋياڭ ساھىپخانىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپ پولوغا يەنە ئامالسىز ئېغىز تەگدى. تاماقتىن كېيىن قۇربانجان ئاكىنىڭ زورلىشى بىلەن يەنە ھەر خىل مېۋە-چېۋە، يەل-يېمىشلەردىن بىرئازدىن تېتىدى. كېيىن قۇربانجان بىلەن مېھرىبان دىلنازغا ئۆزرىخالىق ئېيتىپ شام نامىزىنى ئۇتتۇپلىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. شۇ ئارىدا دىلناز شىياۋياڭغا ھېلىقى تەسەۋۋۇرىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى. شىياۋياڭمۇ قۇربانجاننىڭ كۆيۈنۈشلىرىگە قاراپ ئۆزىنىڭ خاتا چۈشۈنۈپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. نەتىجىدە بۈگۈن ئۇلار قۇربانجان ئاكىنىڭ ھەققى خىزىر سۈپەت ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن ھەققەتەن پەخىرلەندى.

قۇربانجان ئايالى بىلەن ناماز ئۇتەپ چىققاندىن كېيىن، دىلناز كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، مەكتەپكە قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قۇربانجان ئاكىنىڭ دۇئا قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قۇربانجان بىلەن ئايالى ئۇلارنى قونۇپ قېلىشقا قايتا-قايتا زورلىغاندىن كېيىن، ئامالسىز دۇئاغا قول كۆتۈردى. دىلناز ئەر=ئايال ئىككەيلەننىڭ دۇئا قىلىۋاتقان ھالىتىگە خېلى ئۇزاققىچە سەپ سالدى. ئۇلارنىڭ ھەققى ئىخلاسمەن ئۇممەتلەرگە خاس ئەستاھىدىل دۇئا قىلىشى، ئاللادىن رىسىق تىلىشى، ھەمدۇسانا ئېيتىپ شۈكرى قىلىشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى.

دىلناز مېڭىش ئالدىدا ئاتايىتەن كىرىپ بوشۇكتىكى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ھىدايەتنى كۆرۈپ چىقتى. مېھمانىنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن ئاتا-ئانىسى بىلەن ئىشىككە چىققان ئۇماق شاكىچىك دىيانەتنى مېھىر بىلەن سۆيۈپ قويدى. خوشلۇشۇش ئالدىدا قۇربانجان ۋە ئايالى ئۇلارنىڭ دائىم كېلىپ تۇرۇشىنى، ئىشىكىنىڭ ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ئۇچۇقلىقىنى قايتا-قايتا ئەسكەرتتى.قۇربانجان دىلنازغا ھەرقانداق قىيىنچىلىق بولسا تارتىنماي تېلىفۇن قىلىشنى تاپىلىدى. دىلنازمۇ ئۆزىنىڭ ھەققى ۋاپادار ئاكا-ھەدە تېپىۋالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ قىزغىن كۈتىۋالغانلىقىغا كۆپتىن-كۆپ رەخمەت ئۇقۇدى...

دىلناز قۇربانجاننىڭ ماشىنىسى بىلەن مەكتەپكە قايتتى . كەينى ئۇرۇندۇقتا دىلنازغا ياندىشىپ ئولتۇرغان شىياۋياڭ يول بويى قۇربانجان ۋە ئايالىنىڭ ھەققىدە ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ ماڭدى. ئۆيىنىڭ ئىسسىقلىقى، ئايالىنىڭ چىرايلىقلىقى، بالىسىنىڭ ئۇماقلىقى، ئەتكەن تاماقلىرىنىڭ تەملىكلىكىنى خىلى ئۇزۇنغىچە سۆزلىدى. لېكىن دىلناز جىمجىت ئاڭلاپلا ماڭدى. ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي پەقەت كۈلۈپلا قويدى. گەرچە ئۇ ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى شىياۋياڭدەك سۆزلىمىگىنى بىلەن كۆڭلىدە "پەرىشتە دىسە دەل مۇشۇ ئادەمنى دىسە بولغۇدەك، بەرىكەتلىك بەختلىك ئائىلە دىسە دەل مۇشۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسىنى دىسە بولغۇدەك..." دىگەنلەرنى ئويلاپ مېڭىۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن ھەققى ئۇيغۇر ئەرلىرىگە خاس بارلىق خىسلەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بۇ ئادەمنىڭ ئالىجاناپلىقىغا ئىچ-ئىچىدىن ئاپىرىن ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇربانجاننىڭ ۋارىسقا پۇرسەت بىرىش ، يارىشىۋېلىش توغرۇلۇق قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ ھەققەتەن ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئاستا-ئاستا ئېتىراپ قىلىۋاتاتتى.

مانا شۇ قېتىملىق مېھماندارچىلىقتىن كىيىن دىلناز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات-پات بارىدىغان بولدى. مېھرىبان ھەدىنىڭ خۇشخۇي ، مېھماندوست مىجەزى دىلنازدىكى تارتىنىشنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ، ئۇلارنى بىر تۇققان ئاچا-سىڭىللاردەكلا يېقىن، سىرداش قىلىپ قويدى. دىلناز ھەپتىلىك ئېغىر ئۆگۈنۈش بېسىمى ۋە روھى بېسىمىنى مېھرىبان ھەدىسى ئىتىپ بەرگەن مىزىلىك ئۆي تائاملىرىنى يەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن-ئۇزاق مۇڭدىشىپ تۈگىتىشكە ئادەتلەندى. ھەر قېتىم بارغىنىدا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن يېڭى بىر ئەخلاق تەربىيەسىگە ئىگە بولۇپ كېلەتتى، دىنى جەھەتتە تەلىم ئالاتتى. شارائىت تۈپەيلى ئۆگۈنۈش مۇمكىن بولمىغان دىنى قائىدە، ناماز ئايەتلىرىنى ئۆگۈنەتتى. ئۇ بارغانسىرى بۇ ئىللىق ئائىلىدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۆپ تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولغانلىقىنى ھىس قىلدى.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ دىلناز بۇ يات شەھەردە بەزىدە خوشال بولۇپ كۈلۈپ، بەزىدە سېغىنىش ھىسياتى ئىچىدە ھەسرەتلىك ياش تۆكۈپ 5ئايىنى

ئۆتكۈزدى. قايتىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىغا ئەگىشىپ بىر تەرەپتىن ۋارىس بىلەن تىزراق دىدارلىشىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يارىشىۋېلىشقا ئالدىرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇربانجان ئەر=ئايالدەك ياخشى ئاكا-ھەدىسىدىن ئايرىلىدىغانلىقىدىن تۇلىمۇ ئەپسۇسلاندى .

رەيھان بىلەن زەھەر سودىسىغا تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىشىپ كەتكەن ئەكرەم چوڭ سودىنىڭ پايدىسىنىڭمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىغا ھەقىقى ئىشەندى. شەيتاننى دوست تۇتقان ئازغۇن ياشلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى دوۋزىخى لەززەت كوچىلىرىغا توختىماي باشلاۋەردى. ساناقسىز ئائىلىلەرنىڭ خانۇ-ۋەيران بولۇشىغا، ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ نىجىس كىسەلنىڭ ۋاپادەك يامرىشىغا قاراپ كۈلۈپ ، يەنچۇقىدىكى ھارام مال-دۇنيانى بارغانسىرى ئاۋۇتتى. ئۇلارنىڭ رەزىل سودىسى بارغانسىرى ياخشىلاندى، ھەر قېتىملىق سودا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇرۇنقى پارچە سودىدىن بىراقلا قول ئۈزگەن ئىدى. ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى يوشۇرۇن خىروئىن ئەتكەسچىلىرى بىلەن تېخىمۇ بىرلىشىپ، توپ ئېلىپ توپ ساتىدىغان "چوڭ خوجايىن"لارغا ئايلاندى. ئەكرەم بىر چاغلاردا  دىگەندەك رەيھان  پايدىنى تەڭدىن بۆلۈشۈپ، ئۆزى بىر چاغلاردا ئارزۇ قىلغان ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى، بۇرۇنقى ئېپپەت سېتىش بەدىلىگە كىلىدىغان ئازغىنا پايدىنىڭ ئالدىدا بۇ سودىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى سودا ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلدى.

بۆگۈن يېڭى بىر ياخشى سودىنىڭ ئېپىنى قىلغان ئەكرەم رەيھانغا تېلېفون قىلىپ ئۇنى ياتاقتا كىلىشكە بۇيرىدى. لېكىن رەيھان بۆگۈن پەقەت مىجەزى يوقلىقىنى، قورسىقىنىڭ تولغاپ، پۆتۈن بەدىنىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشنى رەت قىلدى. بۇيرۇق قىلىپ بېقىپ، يىلىنىپ بېقىپ ھارغان ئەكرەم ئاخىرى ئامالسىز رەيھاننىڭ يېڭى سېتىۋالغان ئۆيىگە كىلىشكە مەجبۇر بولدى.

ئىشىك قوڭغۇرىقى بېسىلىپ، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن رەيھان ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا ئىشىكنى ئاچتى. ئەكرەم خۇمارلاشقان نۇرسىز كۆزلىرىنى رەيھاننىڭ تارالمىغان چۇۋۇق چاچلىرىغا ، گىرىمسىز زەئىپ چىرايىغا ئاغدۇرۇپ بىردەم ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئادەمنى لال قىلىدىغان تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، ئەكرەم ئۇنىڭ ساڭگىلاپ قالغان يۇغان كۆكسىگە قاراپ ،كۆڭلىدە " ئەسلى سەنمۇ گىرىم قىلىپ يۇرمىسەڭ قورقۇنۇچلۇق بىر ئالۋاستىكەنغۇ ..." دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئەكرەم تەكەللۇپسىزلا ئۆيگە كىرىپ ، دىلنازنىڭ بۇ ئازادە ئۆينى قايتىدىن بىر-بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئەكرەم ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە رەيھان بۇ ئۆيگە يېڭىلا كۆچۈپ كىرگەن بولۇپ، ئۆي جاھازلىرىنى تېخى تولۇق ئېلىپ بولالمىغان ئىدى. بۈگۈن ئۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزىلىپ، ئەڭ قىممەت ئۆي جاھازلىرى تىزىلغان ھەر بىر ھوجرىغا ئوغرىدەك قاراپ چىقتى. مېھمانخانىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان 50 دىيوملۇق نىپىز ئېكرانلىق چوڭ تېلېۋىزورغا ، ئاستىغا سېلىنغان ئوتقاشتەك قىممەت گىلەمگە، ھەشەمەتلىك چوڭ خىروم كىرىسلو ۋە باشقا قىممەت باھالىق جابدۇقلارغا قاراپ نىملەرنىدۇ گۇدۇڭشىدى.

-پاھ، پاھ...ئەجەپ چىرايلىق بىر ئۆيگە ئېرىشىۋالدىڭ مانا. قانداق ، ماڭا ئەگەشسەڭ زىيان تارتامسەنكەن ياكى پايدا تاپامسەنكەن؟- كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ يانپاشلىغان ئەكرەم قىسىق كۆزلىرىنى رەيھانغا سۇئال نەزىرى بىلەن تىكتى.

-نىمە دىسەم بولا...ھەرھالدا بولىدۇ.-رەيھان ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە سۇلغۇن كۆزلىرىنى يۈگۈرتۈپ خوشىياقمىغاندەك جاۋاپ بەردى.

-ھەر ھالدا بولۇدۇ دەيسەنغۇ؟ مۇشۇنداق كاتتا ئۆيگە ئىگە بولدۇڭ، يەنە نۇرغۇن ئىقتىسادلىق بولۇپ قالدىڭ. يەنە رازى ئەمەسمۇ نىمە سەن؟- رەيھاننىڭ سۆزىدىن سەل جۇدۇنى ئۆرلىدىمۇ ،ئەكرەم ياتقان يېرىدىن ئىتتىكلا تۇرۇپ كەتتى. بىر بۇجەكتە شۈمشىيىپ ئولتۇرغان رەيھانغا قانلىق كۆزلىرىدە

راسا بىر ئالىيىپ قويۇپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى.

-رازىلىقىمغۇ رازى.-رەيھان ئەكرەمنى خاپا قىلىشنى مۇۋاپىق تاپمىدىمۇ پوزۇتسىيەسىنى ئاستا ئۆزگەرتتى.-لېكىن شۇ دەردىمنى ئۆزەم بىلىمەن.

-نىمە دەرت ئەمدى ئۇ ساڭا. شۇنچە ياخشى كۇنلەرگە ئىرىشىپ تۇرۇپمۇ يەنە دەرتنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن. بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ يە؟ ياكى بولمىسا ھېلىقى ۋارىس دېگەن سەھرالىق بايقۇش چۇشۇڭگە كىرىپ قاپتىمۇ؟

ئەكرەمنىڭ سۆزلىرى رەيھاننىڭ جېنىغا تەگدىمۇ گىرىمسىز چىرايىنى سەتلا پۇرۇشتۇردى.

-ئۆزەمنىڭ ھالى بىلەن قالغاندا نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، خېلى بولدى مىجەزىم تازا ياخشى ئەمەس. دائىم قىزىپلا تۇرىمەن.

-مىجەزىڭ بولمىسا دوختۇرخانىغا بار ئەمىسە. ئۇ ئاسان ئىشقۇ، بىرئىككى شىشە ئۇكۇل بىلەن ئوڭشۇلىسەنغۇ.

-بولدى سىزگە دېگەننىڭغۇ پايدىسى يوق.-رەيھان ئەكرەمنىڭ كۆزلىرىگە بىچارە قىياپەتتە تىكىلدى.-قېنى دەڭە، يەنە شۇ ئىش بىلەن كەلدىڭىزما؟ سىزگە دىسەم ئەكرەم بۇ ھالىمدا بىيجىڭغا بىرىپ كىلەلمەيمەن. يولدا بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالسام بولماس. - رەيھان ئۆزىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا ئاجىز كەلدىمۇ سافاغا سەل قىيسايدى.

-بۇ بەك مۇھىم سودا رەيھان ، بەك مۇھىم. بۇدا يۆتكەيدىغىنىمىز ساق 300گىرام ، قالىدىغان پايدىسىنى دىمىسەممۇ ئۆزەڭ پەرەز قىلىپ بولدۇڭ. شۇنداق چوڭ سودىنى كەتكۈزۈپ قويساق ماۋۇ يۈرەك چىدىمايدۇ. چىدىمايدۇ. -ئەكرەم ئەتىسىز ئۇرۇق كۆكرىكىگە بىر نەچچىنى مۇشتلىۋەتتى.

ـ بەك مۇھىم سودا بولسا بۇدا ئۆزىڭىز بېرىپ كېلىڭ. پايدىسىنىمۇ ئۆزىڭىز ئېلىڭ.

ئەكرەم رەيھاننىڭ پەرۋاسىز ياتقىنىدىن سەل جۇدۇنى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەككارلىقىنى ئىشقا سېلىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۇ رەيھاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تاماكا دېغى قاپلاپ كەتكەن جانسىز قوللىرى بىلەن ئاستا سىلاشقا باشلىدى.

ـ بولدى رەيھان جاھىللىق قىلما. بۇنىدىن كېيىن بۇنداق چوڭ پايدا پۇرستى كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا قاچىمىزدىكى ئاشنى تۆكىۋەتمەيلى. جاپا تارتساڭمۇ بىر نەچچە كۈن دېگەنگە بەرداشلىق بەرگىن . بۇ سودىدىن كېيىن بىر مەزگىلگىچە ئوبدان بىر داۋالىنىۋال. دەم ئېلىۋال. قانداق بۇلامدۇ؟

رەيھان ئەكرەمنىڭ ئۆزىنى بەزلەۋاتقىنى، مەنپەئەتنى دەپ شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە چوڭ سودىدىن كېيىن قولىغا تېگىدىغان باغلام ـ باغلام پۇللارنى خىيال قىلىپ يەنىلا ئىككىلىنىپ قالدى. بايىقى قەتئىي ئىرادىسى يەنىلا پۇل ئالدىدا ئاستا ـ ئاستا بوشىدى.

ـ بارساممۇ مەيلى ئەكرەم، لېكىن ئويلىسام بۇ ھالىمدا پويىزدا نەچچە ئون سائەتلەپ ئولتۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلىۋاتىمەن. ھەم ئۆزەم يالغۇز يولدا ئۇزۇن تۇتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن.

ـ ئۇنداق دېمە. ئەسلى ئايرۇپىلاندا بارساڭ ياخشى بولاتتى. لېكىن تەكشۈرۈش بەك چىڭ. ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.

ـ ئەمىسە ئەكرەم بۇدا ئەكىلىدىغىنىمىز خېلى جىق مالكەن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مەن يالغۇز بارماي، سىز بىلەن بىرگە باراي ، قانداق بۇلامدۇ؟

رەيھاننىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ بىر ئاز ئويلانغان ئەكرەم بېشىنى بوش

چايقىدى.

ـ ياق، ياق...مەن بارماي. مىنىڭ بۇنداق ئىشتا تازا ئېپىم يوق. ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئۆزۈڭ بار.

ـ ئۇنداقتا ئىختىيارىڭىز. بارمىسىڭىز مەنمۇ بارمايمەن.ـ سافادىن تىزلىكتە بېشىنى كۆتىرگەن رەيھان ئەكرەمگىمۇ قارىماستىن ياتاق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.ـ بولدى مىنى بىر مەزگىل ئىزدىمەي قويۇڭ...

ـ توختا، توختا...ـ نىمىگىدۇر جىددىيلەشكەن ئەكرەم رەيھاننىڭ كەينىدىن تىزلا ئەگەشتى. ـبولدى، بولدى . بىللە بارسام بىللە باردىم. شۇ بانىدا بېيجىڭدىكى ئۆلپەتداش خوجايىنلار بىلەن كىيىنكى سودىمىز توغرىسىدا تېخىمۇ ياخشى پىلانلارنى تۈزىشۋالسامۇ بولغۇدەك...بولىدۇ. بولىدۇ...ئەمىسە ئەتىگە تەييار بول..

....

ئەكرەم رەيھان بىلەن خوشلۇشۇپ قايتىپ كەتتى. رەيھان كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تورۇسقا قاراپ ياتتى. شۇ تاپ تورۇس ئۇنىڭغا چۆرگىلىۋاتقاندەك بىلىندى. بەدىنىدىن چىقىۋاتقان ئوتتەك ھارارەت ئىچىدە بىردەم تولغاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارغانسىرى ھالسىزلىنىپ، ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى خىلىدىن بىرى ھىس قىلغان ئىدى. بەدىنىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىنىڭ تۇرۇپ =تۇرۇپ ئاغرىپ كىتىشىدىن چۆچىگەن، دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى كۆپ قېتىم نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نىمىشقىدۇر تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن ئىدى. رەيھان خىياللار ئىچىدە 2ـ3 سائەتتەك ياتقان بولسىمۇ لېكىن پەقەت ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئاخىرى يەنە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كۆڭلى پەقەت تارتمىسىمۇ ، ئەتىكى سەپەر ئۈچۈن يەنىلا ئاددىيلا تەييارلىق قىلىشقا تۇتۇندى...

دەرسـتىن چۈشـۈپ چۈشـلۈك تامـاق يېيىشـكە ماڭغـان دىلنازغـا بۇگـۈن دادىسى تۇيۇقسىز تېلېفۇن قىلىپ قالدى. نازىر تېلېفۇنـدا يـېقىن دوسـتى ئـۆمەر ۋالىنىـڭ كىچىـك قـىزى نۇرگۈلنىـڭ بېيجىـڭ مىللەتـلەر ئىنىسـتىتوتىغا ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تۇنۇگۈن پويىز بىـلەن بېيجىڭغا يولغا چىققانلىقىنى، بۈگـۈن كەچ سائەت 6 بىـلەن يېتىـپ بارىـدىغانلىقىنى ئېيتىـپ ، دىلنازنىـڭ ئۇنىـڭ ئالـدىغا چىقىـپ مەكـتەپكە ئورۇنلاشـتۇرۇپ قويۇشـىنى، بىـرەر ئـاي بولسـىمۇ ئۇنىـڭ ھالىـدىن ياخشـى خەۋەر ئېلىـپ قويۇشـىنى قايتـا-قايتـا تاپىلىدى.

دىلناز دادىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە چۈشـتىن كـېيىن مەكتەپـتىن بېـرىم كۈنلـۈك رۇخسـەت سوراشـقا مەجبۇر بولـدى . شـىياۋياڭ بىـلەن بىـرگە بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لـېكىن يەنـلا ئـۇنى ئـاۋارە قىلىشـنى خالىمـىدى. نۇرگۈلنىڭ ئالدىغا چىرايلىق چىقىشنى ئويلىـدىمۇ، ۋارىس ئالـدىنقى قېتىملىـق تۇغۇلغـان كۈنىـدە ئېلىـپ بەرگەن چوغـدەك قىزىـل كـۆينەكنى كىيىـپ پـويىز ئىستانسىسىغا قـاراپ ماڭـدى. دىلنـاز تاكسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىـدا ئولتـۇرۇپ پايتەختنىـڭ ئـازادە كوچىلىرىغـا ، يـول بويىـدىكى يـاپ-يېشـىل دەرەخ، رەڭگـارەڭ گـۈللەرگە كـۆز يۈگـۈرتكەچ كـۆرمىگىلى 6-7يىـل بولـۇپ قالغـان نۇرگۈلنىـڭ چىرايىنـى كـۆز ئالدىـدىن ئۆتكـۈزدى. ئۇنىـڭ مەركـىزى مىللەتـلەر ئىنىستىتوتىغا ئـۆتكەنلىكىگە كۆڭلىـدە ئـاپىرىن ئۇقۇغـاچ نىمىشـقىدۇر بۇرۇنمـۇ مەركىزى مىللەتلەر ئىنىستىتوتىدا ئۇقۇغان ئاكىسى نـۇردۇننى ئەسـلەپ قالـدى. خىيـاللىرى خىياللارغـا قۇشـۇلۇپ ، ئاپىسـىنىڭ نـۇردۇن بىـلەن تـوي قىلىـش توغرىسـىدىكى تۇگـۈمەس نەسـىھەتلىرى، بـۇرۇنقى نۇردۇنىنـىڭ دوقمـۇش-دوقمۇشتا "ئاۋدى"ماركىلىق ماشىنىغا يۆلىنىپ ئـۆزىنى كـۈتكەن، تەلەپ قويغـان دەقىقىلـىرى، كـۆز ئەيـنەك ئىچىـدىكى ئويچـان كـۆزلىرى، كىلىشكەن قەددى-قامىتى...قىسقىسى نۇرغۇن ئەسلىملەر ئۇنىڭ ئېڭىدا كىنـو لىنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشـلىدى. نـۇردۇن بىـلەن تـوي قىلغـان بولسـام ھـازىر قانـداق تۇرمـۇش كەچـۈرەر ئىـدىم ؟ بەختلىـك بۇلارمىـدىم؟ پەرزەنتلىـك بۇلارمىـــدىم؟ يـــاكى ۋارىس بىـــلەن ئاجراشـــقانغا ئوخشـــاش ئاجرىشـــىپ

كىتەرمىدىم؟...دىگەندەك تۇگىمەس سۇئاللار ئۇنى خېلى قىينىدى. ئۆز-ئۆزىگە "قىزىق ئىش ، ئاپام بىلەن نۇردۇننىڭ تويىغا قاتناشقىلى بارغاندا ، نۇردۇن كۆزۈمگە ناھايىتى سىرلىق قاراپ كەتكەن ئىدى ھە، شۇ ۋاقىتتا ئۇ راستىنلا مىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيتمىدى ؟..." دىگەن سۇئالنى قويۇپ، يەنە نىمىشقىدۇر بېشىنى چايقاپ قويدى.

دىلناز خىياللار ئىچىدە مېڭىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ قالدى. نەلەردىندۇر كەلگەن قاپقارا بۇلۇت ئالتۇن رەڭ نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشنى ئاستا-ئاستا توستى. ئارقىدىن تۇيۇقسىز ھاۋا گۈرۈلدەپ ، ئۇزاق ئۆتمەيلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. ھاۋانىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان دىلناز سىرتتىكى يامغۇرغا قاراپ ئۆزىنىڭ ناھايىتى يېلىڭ چىققانلىقىنى ھىس قىلدى. بۇلۇپمۇ ئەتىۋالاپ كىيىدىغان كۆينەكنىڭ ھۆل بۇلۇپ بۇزۇلۇپ كىتىشىدىن كۆڭلى باشقىچە بىئارام بولدى.

ماشىنا پويىز ئىستانسىسىغا يىتىپ كەلگەندە سائەت 5بولغان بولۇپ پويىز كىلىشكە يەنە بىر سائەت بار ئىدى. دىلناز شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن پويىزئىستانسىسىنىڭ يولۇچى كۈتۈش زالىغا تىزلىكتە كىرىۋالدى. زالغا كىرىپ كەلگەن دىلناز تەسەۋۋۇرىدىن خېلىلا چوڭ بۇ زالنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىگە، ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ ھەيران قالدى. دىمىسىمۇ يولۇچى كۈتۈش زالىدىكى نەچچە يۈز ئورۇندۇق لىققىدە توشقان بولۇپ، يەنە نۇرغۇن يولۇچىلار ئۇ يەر، بۇيەردە ئۆرە تۇرىشاتتى. دىلناز قىستا-قىستاڭ ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ يولۇچى چىقىش نوقتىسىغا باردى. يولۇچىلارغا ناھايىتى ئەدەپ بىلەن مۇلازىمەت قىلىۋاتقان بىر خەنزۇ خىزمەتچىدىن ئۈرۈمچى پويىزىنىڭ كىلىش ۋاقتىنى قايتا سوراپ چىقتى. پويىزنىڭ دادىسى دىگەندەك 6دە كىلىدىغانلىقىنى ئۇققان دىلناز بىرەر بوش ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپنى ئايلىنىپ، ئەڭ چەتتىكى بىر بوش ئورۇندۇققا كىلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئەتراپنى بىرەر قۇر كۆزەتكەچ يېنىدىكى يۈزنى تۇسۇۋېلىپ گېزىت كۆرىۋاتقان يولۇچىغا قىزىقسىنغاندەك قاراپ قويۇپ ، ئۆزىمۇ سومكىسىدىن كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

دىلناز يېرىم سائەتتەك ۋاقتىنى كىتاپ ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، كەسپى كىتاۋىدىنمۇ زېرىكتى. يېنىدىكى يۈزىنى گېزىت بىلەن توسۇپ ئولتۇرغان كىشىدىن گېزىت ئارىيەت ئېلىشنى ئويلىدىيۇ يەنە ناتونۇش ئادەمگە گەپ قىلىشتىن يالتايدى. ئۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ زال ئىچىدىكى ماگىزىندا تىزىپ قويۇلغان گېزىتلەرگە كۆزى چۈشتى-دە، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماگىزىن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ 2 پارچە كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتى سېتىۋالغاندىن كېيىن سومكىسىدىن پۇل قاپچۇقىنى چىقىرىپ ، خېلى كۆپ پۇللار ئارىسىدىن پارچە پۇل تېپىپ دۇككاندارغا تەڭلىدى. كېيىن پۇل قاپچۇقىنى سومكىسىغا جايلىغاندىن كېيىن گېزىتنى كۆتۈرۈپ ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە يېنىدىكى گېزىت كۆرىۋاتقان ئادەم نەلەرگىدۇ كەتكەن بولۇپ ئۇ ئورۇنمۇ بوش قالغان ئىدى. دىلناز سائىتىگە قاراپ ئەتراپتىكى يولۇچىلارغا بىر پەس كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ، سومكىسنى ياندىكى بىكار ئورۇندۇققا قويۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن گېزىتتىكى جىددى خەۋەرلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى... ئەپسۇس، دىلناز شۇ گېزىتنى سېتىۋالغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى كىچىك بىر بالا ئوغرىنىڭ ئۆزىنىڭ پېيىگە چۈشكىنىنى، ئۆزىنى مەخسۇس كۆزۈتۈپ تۇرغىنىنى تۇيمايلا قالغان ئىدى.

-ھەي قىزچاق ، تىز بولۇڭ، سومكىڭىزنى بىرسى ئوغۇرلاپ ماڭدى...

بىر خەنزۇ ئايالنىڭ ئەنسىز نۇقۇشىدىن چۈچۈپ، گېزىتتىن بېشىنى كۆتىرگەن دىلناز يېنىدىكى قۇپقۇرۇق ئورۇندۇققا قاراپ بىردەم نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى ئايال تېخىمۇ جىددىيلىشىپ ئۈنىگغا قىزىل سومكىنى كۆتىرىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ يۈگىرىۋاتقان بىر بالىنى كۆرسەتتى.

-ئوغرى ئەنە...ئوغرى ئەنە...تىز بېرىپ تۇتىۋېلىڭ...

ئورنىدىن چاچراپ دىگۈدەك قوپقان دىلناز چىقىش ئىشىكىگە يېقىنلىشىپ

قالغـان بالىنىــڭ كەينىــدىن يۈگــۈردى. لــېكىن ئىگىــز پاشىنىلىق ئاياغ بــۇ ئەينەكتەك زالدا تېيىلىــپ يىقىلىــپ چۈشكىلى تـاس-تاسلا قالـدى. بالىنىـڭ قولىــدىكى ســومكىدىن كــۆزىنى ئــۈزمەي جىددىيلىشــىۋاتقان دىلنــاز بالىغــا يېتىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا توۋلاپ سالدى.

-ماڭــا يـاردەم بېرىــپ ئـاۋۇ بـالىنى تۇتۇشــۇپ بېــرىڭلار، ئــۇ ســومكامنى ئوغۇرلاپ كەتتى...

ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىققىتى بالىغا ئاغدۇرۇلدى. بىر قانچە ياش يىگىت بالىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. بۇ جىددىيلىكتىن دىققىتىنى يىغىدىمۇ قانداق، چىقىش ئىشىكى يېنىدىكى ئامانلىق خادىمى ھېلىقى ئادەملەر كىلىپ بولغۇچىلىك ئىشىكتىن چىقىپ كىتىشكە ئازلا قالغان بالىنىڭ قولىدىن "كاپ"لا قىلىپ تۇتىۋالدى.

ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كەلگەن دىلناز بالىنىڭ قېشىغا كىلىپ سومكىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ دىگۈدەك ئالدى-دە، بالىنىڭ ئىسلىشىپ كەتكەن قاپقارا چىرايىغا غەزەپ بىلەن ئالايدى. مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئوغۇرلۇق قىلىشقا پېتىنغان بۇ ئەبگانى باشقۇرمىغان ئاتا-ئانىسىنى ئىچىدە مىڭ تىللىۋەتتى.

-رەخمەت ئەپەندى. كۆپ رەخمەت...-دىلناز سومكا ئىچىدىكى نەرسە كىرەكلەرگە كۆز يۈگۈرتكەچ ئالدىدىكى ئامانلىق خادىمىغا قاراپ بىر نەچچە قېتىم بېشىنى ئەگدى.

-ھېچقىسى يوق، بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تىگىشلىك ئىشىمىز...-بالىنىڭ قولىدىن ئامبۇردەك چىڭ تۇتىۋالغان ئامانلىق خادىمى دىنازغا ياندىكى ئەينەكلىك ئۆينى ئىشارە قىلدى.- خاپا بولماي بۇياققا كىرىپ بىزنىڭ ئارخىپ قالدۇرۇشىمىزغا ياردەملىشىپ بەرگەن بولسىڭىز...

دىلناز سومكىسىدىكى تېلفۇن، پۇل قاپچۇقى، ئاچقۇچ ...دىگەندەك مۇھىم نەرسىلەرنىڭ بارىۋقلىقىغا قارىغاچ دىجۇرنىلىك ئۆيگە كىرىپ

ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

ـ سومكىدىكى نەرسىلىرىڭىزنى تەكشۈرۈپ باقتىڭىزمۇ خانىم.

ـ ھەئە. ھەممىسى تولۇقكەن.ـ دىلناز ئۇدۇلىدىكى ئۈستەلدە نىمىنىدۇر يېزىپ ئولتۇرغان باشقا بىر ساقچى فورمىسى كەيگەن خادىمنىڭ سوئالىغا كۆلۈپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى.

ھېلىقى ئادەم ئامانلىق قوغداش بۆلۈم مەسئۇلى بولسا كېرەك بالىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان خادىمغا بۇيرۇق قىلدى.

ـ بۇ شۇمتەكنى بۇياقتىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، سۆھبەت خاتىرىسى قالدۇرۇڭ.

دىلناز بالىنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ مەينەت ئۈستى بېشىغا قاراپ قويۇپ، ھېلىقى مەسئۇل ساقچى خادىمدىن سورىدى:

ـ ئەپەندى ، مىنىڭ باشقا ئىشىم بولمىسا چىقىپ كەتسەم بولامدۇ؟ بىرسىنىڭ ئالدىغا چىققان ئىدىم. پويىزنىڭ كىلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

ـ بولىدۇ. بۇندىن كيىن كۆپ دىققەت قىلىڭ ھە. بۇ يەردە شىنجاڭدىن كەلگەن بالا ئوغرۇلار بەك كۆپ .

"شىنجاڭلىق بالا ئوغرۇلار" دىگەن گەپنى ئاڭلىغان دىلنازنىڭ غۇچچىدە ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى. تۇرۇپلا قۇربانجان سۆزلەپ بەرگەن "شىنجاڭلىق ئوغرىلار" كۆز ئالدىغا كىلىپ، ھېلىقى خەنزۇ ساقچىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا "سىنىڭ يۇرتىڭدىكى ئوغرىلار، سەندەك ئوغرىلار" دەۋاتقاندەك بىلىنىپ بىردەم ئاچچىق تولغاندى. ئۇ بىردەم چىشىنى چىشلەپ جىممىدە تۇرغاندىن كيىن، بۇ يەردە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرىدىمۇ تېزراق چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك ئىشىك

تۆۋگە يېقىنلاشتى.

"ئىسمىڭ نىمە؟" دەپ قايتا-قايتا سورالغان خەنزۇچە سوئالغا بالىنىڭ "ئەختەم" دەپ بەرگەن جاۋابى ئىشكنى ئېچىپ سىرتقا قەدەم ئالغان دىلنازنىڭ يېنىك قەدەملىرىنى تۇيۇقسىز توختىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇيۇقسىز دەقىقە چاقماق چاققاندەك ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بولۇپ، ئىشىك تۈتقىچىنى تۇتقان نازۇك قوللىرى لەسسىدە پەسكە سىرىلدى. ئېغىدا "ئەختەم، ئەختەم..." دىگەن نىدا جاراڭلاپ ، كۆز ئالدىغا تېلىۋۇزۇردا ئىلان بەرگەن بالىنىڭ چىرايى زاھىر بولدى. شۇ دەقىقىدە بالىنى سوراق قىلىۋاتقان ئىككى خادىم دىلنازنىڭ چىرايىدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگۈرۈشكە قاراپ بىر-بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى. دىمىسمۇ شۇ تاپ دىلناز ھەقىقەتەن جىددىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بالىنىڭ قېشىغا قانداق كىلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالغان ئىدى.

دىلناز باياتىن بىرى پەقەت دىققەت قىلمىغان بالىنى ئۆزى تەرەپكە ئاستا قاراتتى. تەشۋىش ۋە خوشاللىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بالىنىڭ ئۈستى-بېشىغا ئاغدۇردى. 6-7ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ بالىنىڭ ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن يادالغۇ چىرايىغا، كىيىكتەك ئۈركۈپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرىگە، ئېڭىكىدىكى 3-4سانتىمىتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يارا ئىزىغا ، كىرلەشكەن كىيىملىرىگە قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپ بۇ بالا بىلەن رەسىمدىكى بالىنىڭ تۇرقى بىر-بىرىگە پەقەت ئوخشىمايۋاتاتتى. لىكىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز قىسىق كۆزلەر يەنىلا دىلنازغا باشقىچە بىر ئۇمۇت ئاتا قىلغاندەك بولدى.

-قايتا بىر دىگىنە. ئىسمىڭ نىمە؟-دىلناز بالىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

-ئە...ئە..ئەختەم...-بالا ياندا قاراپ تۇرغان ساقچى فورمىسى كەيگەن خادىمدىن قورقۇپ كەتتىمۇ دۇدۇقلاپ جاۋاپ بەردى.

بالىنىڭ قورقۇمسىراپ تۇرغان بىچارە ھالىتىگە قاراپ دىلنازنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ بالىنى رەسىمگە ئوخشىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىشەنچ قىلمايۋاتاتتى. ئۇ يەنە جىددىيلىشىپ سورىدى.

ـ ئاپاڭنىڭ ئىسمى نىمە؟

ـ ئاپام...ئاپام....ـ بالا تۇيۇقسىز ئىسەدەپ كەتتى. كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان مارجاندەك ياشلىرىنى قاپقارا يېڭى بىلەن قايتا ـ قايتا ئېيتىپ دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.ـ ئاپامنىڭ ئىسمى ...ئاپامنىڭ ئىسمى...

ـ بولدى شاكىچىك قورقماي دەۋەر...بۇلار سىنى قوغدايدۇ ....ـ دىلناز بالىغا يېنىدىكى 2نەپەر ساقچى  خادىمنى ئىشارە قىلدى.

ـ ئاپامنىڭ ئىسمى سە...سە...سەلىمە...

ئاپىسىنىڭ ئىسمىنى ناھايىتى بىچارىلىك بىلەن ئۆمچۈيۈپ تۇرۇپ ئېغىزىدىن چىقارغان بالىغا قاراپ دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى. بىچارە دوستىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئىزدىگەن بالىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئولتۇرغىنىدىن بىر تەرەپتىن ھەيران قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق خوشال بولدى . ئۇ تۇرۇپلا يەنە بىر نەرسىنى ئىسىگە ئالدى ـ دە ئالدىراپ سورىدى:

ـ داداڭنىڭ ئىسمە نىمە بالام؟ ئۇ نىمە ئىش قىلىدۇ؟

بالا دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە بىر پەس تىكىلىپ جىمجىت تۇرۇپ كەتتى. كۆز چاناقلىرىغا پاتماي قالغان ياشلىرى ئاچچىق بىر ئەسلىمە، ئازاپقا ياندىشىپ ئاستا ـ ئاستا مەڭزىگە سىرغىدى.

ـ دادامنىڭ ئىسمى...ئىسمى....ئە ...ئەكرەم...لېكىن دادام مەن تۇغۇلماستا بىر ئېغىر كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتىكەندۇق. مەن دادامنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغان...

بالىنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقان مىسكىن ئاۋازى، ئاجىز تۇرقىغا قاراپ دىلناز دەماللىقتا نىمە دىيىشىنى بىلمەي قالدى. تىرىك يېتىم بولۇپ بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ، ئاتا باغرىنى ھىس قىلالماي ئازاپ ، ھەسرەت، يېتىملىك ئىچىدە چوڭ بولغان ئەختەمجانغا قاراپ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتتى. ئۇ بارغانسىرى تىز سۇقۇۋاتقان يۈرىكىنى قايتا ـ قايتا سىلاۋاتاتتى. تەقدىرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرىشىدىن ئالەمچە سۆيۈنۈپ خۇدۇنى يۇقىتىۋاتاتتى...دىلناز بىر پەس خۇدۇنى يۇقاتقاندىن كىيىن، تۇيۇقسىز قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئالدىدىكى بالىنىڭ مەينەت ئۈستى ـ بېشىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ، زوڭزۇيۇپ ئولتۇرغان پېتى ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى...

ـ ئەختەمجان بالام. بىچارە دوستۇمنىڭ يۈرەك پارىسى بالام...بىز سىنى ئاخىرى تاپتۇق...ـ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلارنى توختۇتۇشقا ئامالسىز قالغان دىلناز مەڭزىنى بالىنىڭ مۇزدەك مەڭزىگە چىڭ يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى.

ھەيرانلىقتا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان بالا دىلنازنىڭ قۇچىقىدا ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىككى نەپەر خىزمەتچى خادىمۇ دەماللىققا نىمە دىيىشنى بىلەلمەي قاراپ قېلىشتى.

ـ خانىم، سىز بۇ بالىنى تونۇمسىز.ـ خېلىدىن كىيىن ھېلىقى بۆلۈم مەسئۇلى ئېغىز ئاچتى.

ـ ئەلبەتتە. ئەلبەتتە تونۇيمەن...ـ دىلناز بالىنى باغرىغا باسقان پېتى جاۋاپ بەردى.ـ بۇ مىنىڭ دوستۇمنىڭ يالغۇز ئوغلى. ئەسكى مەلئۇنلار، قانخور ئالۋاستىلار تەرىپىدىن ئوغۇرلۇنۇپ سېتىۋېتىلگەن بىتەلەي .

بۆلۈم مەسئۇلىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بىرىۋاتقان دىلناز قۇچىقىدىكى بالىنىڭ مەڭزىنى ئىككى قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنىڭ ئۆركۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ياشلارنى ئاستا سۈرتتى.

ـ جېنىم بالام ئەختەمجان. مەن ئاپاڭنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى. سەلىمەنىڭ دىلىكىشى...بۈگۈن سىنى ئۈچرىتىپ خۇددى يۇقۇتۇپ قويغان بەختىمنى تاپقاندەك خوشال بولدۇم. راستلا بەك خوشال بولدۇم.

دىلناز هاياجانلىنىۋاتقان شۇ دەقىقىدە تۇيۇقسىز ئاجايىپ ئىش يۈز بېرىپ ، بالا دىلنازنىڭ قۇچىقىدىن تېزلا ئاجراپ ئۇنىڭدىن ئاستا-ئاستا يىراقلاشتى. قورقۇنچ چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى دىلنازنىڭ بۇلاقتەك چوڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ تام تەرەپكە داجىدى.

ـ نىمە بولدى بالام، بىرەر ئىش بولدىما ساڭا...ـبالىنىڭ قىلىقىدىن ئەجەپلەنگەن دىلناز بالىغا قاراپ ئاستا قولىنى سۇندى.
ـ ياق...ياق...مەن سىزدىن قورقىمەن.قورقىمەن... سىز مىنى ئالداۋاتىسىز. سىز بىر ئالدامچى. ئەسكى ئالدامچى...ـبالا دىلنازدىن تېخىمۇ قېچىپ تامغا قاراپ تۇرىۋالدى.
ـ بۇ نىمە دىگىنىڭ بالام ؟ مەن ئالدامچى ئەمەس، مەن سىنىڭ ئاپاڭنىڭ يېقىن دوستى.
ـ ئەمەس. ئەمەس...مەن ئىشەنمەيمەن. مەن ئىشەنمەيمەن. مىنى ئاشۇ ۋاقتتىمۇ بىر ئاپاش "مەن سىنىڭ ئاپاڭنىڭ دوستى، مەن سىنى ئاپاڭ قېشىغا ئاپىرىمەن..." دەپ مىنى بۇ يەرگە ئەكەلگەن. مىنى ئەسكى ئادەملەرگە سېتىۋەتكەن. ـ تامغا قاراپ چاپلىشىپ تۇرغان بالا يەنە نىمىشقىدۇر بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى.ـ سىزمۇ ئەسكى ئاپاش، سىزمۇ چۇقۇم مىنى ئالداۋاتىسىز، مىنى يەنە ئەسكى ئادەملەرگە سېتىۋېتىسىز...
بالىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىر نەرسىنى چۈشەنگەن دىلنازنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. بالىنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىمۇ ياش تۆكۈشكە باشلىدى. كىچىكلا تۇرۇپ يۈرىكى شۇ قەدەر ئېزىلىپ كەتكەن ئەختەمجانغا قاراپ ئازاپتىن پۈچۈلۈنۈپ كەتكەن كۆكرىكىنى قايتا-قايتا سىلىدى. بالىنى قايتىدىن ئالدىغا تارتىپ ئولتۇرغان دىلناز بالىنىڭ كۆزىگە

مېھرىبانلارچە تىكىلدى.

ـ ئەختەمجان بالام، ماڭا ئوبدان بىر قارىغىنا. مەن ئەسكى ئاپاشلارغا ئوخشامدىكەنمەن...

بالا بىردەم دىلنازنىڭ ئانىلارغا خاس مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرىگە، بىردەم يانىدىكى ئىككى ساقچىغا قايتا ـ قايتا قارىدى. دىلنازنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرمەي خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن ، بېشىنى بوش چايقىدى.

ـ خۇداغا مىڭ شۈكرى. مىڭ شۈكرى...سېنى ئاخىرى تاپتۇق.ـ خوشاللىقتا بالىنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە قويغان دىلناز ئۇنىڭ چاچلىرىنى توختىماي سىلىدى.ـ سەلىمە خەۋىرىڭنى ئاڭلىسا يۈرىكى ئېتىلىپ كېتەرمۇ ھە...ئۇ شۇ تاپ سېنىڭ ئۆتىڭدا قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟...

....

خۇدانىڭ بۇ تاساددىپى مەرھەمىتىدىن ئالەمچە سۆيۈنگەن دىلناز خوشاللىقتا ئەختەمجان بىلەنلا بولۇپ، پويىزنىڭ كىلىدىغان ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. دىمىسىمۇ سائەت 6 دىن سەل ئاشقان بولۇپ ، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن پويىز بېكەتكە ئالبۇرۇن كىرىپ بولغان ئىدى.

پويىز بېكەتكە كىرىپ يولۇچىلار بىر ـ بىرلەپ چۈشۈشكە باشلىدى. بىر ۋاقىتلاردا پويىزدىن بىر جۈپ بەختلىك ئەر ـ ئايال سىياقىدا ياسانغان ئەكرەم بىلەن رەيھان چۈشۈپ كەلدى. ئالدىنقى كۈنىدىكى سۇلغۇن تۇرقىنى ئىسىل كىيىم ۋە گىرىم بىلەن پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ باشقىچە ئىسكەت كىرىپ قالغان رەيھان قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان ئەكرەمنى قولتىقلىۋالغان بولۇپ، نىمىشقىدۇر يەنە ئەتراپقا ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراپ قوياتتى. ئۇلار زال ئىچىگە كىردى. زال ئىچىدىكى ئادەملەر توپىغا خېلى ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن چىقىش ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. ئىشىك قېشىغا كەلگەن رەيھان سىرتتىكى شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرنى كۆردىمۇ ، "ھازىرلا كىلىمەن" دىگىنىچە سومكىسىنى ئەكرەمگە تۇتقۇزۇپ زال ئىچىدىكى ماگىزىن تەرەپكە يۈگۈردى.

ئەكرەم ئۇياـ بۇيانغا سەپ سالغاچ چىقىش ئىشىكى يېنىدىكى ئەينەكلىك ئۆيگە قاراپ سالدى. كىم بىلسۇن شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا ئوتقاشتەك قىپ ـ قىزىل كۆينەك كەيگەن بىر قىزغا چۈشۈپ قالدى. گەرچە ئەكرەم قىزنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئارقا

تەرپىدىن ئۇنىڭ ئۇزۇن قاپقارا چاچلىرىغا، مودىللاردەك قامىتىگە قاراپ "ئەجەپ پەيزى نىمكىنا..."دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. شەھۋەتكە تولغان قانلىق كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتكەندەك بولدى. قىزغا قاراپ تىكىلىپ قالغان كۆزلەر دەقىقە ئارلىقىدا يەنە قىزنىڭ ئالدىدا نىملەرنىدۇ دەپ تۇرغان 2 نەپەر ساقچى فورمىسى كەيگەن خادىمغا ئاغدۇرۇلدى. ئەكرەمنىڭ كۆزى ساقچى شەپكىسىگە چۈشۈشى بىلەن خىلى چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ كەلگەن يۈرىكى تۇرۇپلا دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. "ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك" دىگەندەك ھىلىقى ساقچى دەل ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئەندىكىپ يىنىدا كۈنلۈك كۆتىرىپ پەيدا بولغان رەيھاننىڭ قولىدىن تارتتى-دە، تىز-تىز قەدەملەر بىلەن زالدىن چىقىپ غايىپ بولدى...

دىلناز ساقچىغا بالىنىڭ ئاپىسى بىلەن دوس ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ "شىنجاڭ تىلىۋىزىيە ئىستانسىسىدا" ئىشلەيدىغانلىقىنى ، تىلفۇزۇردا ئون كۈندەك ئىلان بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ھەمدە دەرھاللا ئىستانسا ئىلان بۆلۈمىگە تىلفۇن قىلىپ ، ھىلىقى مەسئۇل خادىمنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈردى...شۇنداق قىلىپ ئۇ بۆلۈمدىكى بىر قاتار رەسمىيەت ئىشلىرنى تۈگەتكەندىن كىيىن بالىنى ئىلىپ سىرتقا چىقتى.

زال ئىچىدىكى ئازلا قالغان يولۇچىلارغا كۆز يۈگۈرتىۋىتىپ، تۇرۇپلا جىددىلىشىپ كەتكەن دىلناز "ئاپلا" دەپ ئىغىزىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. بىرئازدىن كىيىن ئالدىراش سائىتىگە قاراپ پويىز كىلىش ۋاقتىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بىلدى-دە، بالىنى يىتىلىگەن پىتى زالدا قىپقالغان ئاندا-ساندا يولۇچىلار ئىچىدىن نۇرگۈلنى ئىزدەشكە باشلىدى.

دىلنازنىڭ ھەممە يىرىگە بىر=بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇ جىددىلەشكەنسىرى نۇرگۈلنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيۋاتاتتى. دىلناز ھەممە يەرنى ئايلىنىپ ناھايىتى چارچىغانلىقىنى ھىس قىلدىمۇ، بىر بوش ئورۇندۇققا كىلىپ ئولتۇردى. كاللىسىغا "ئۆزى يالغۇز مەكتەپكە كەتكەنمىدۇ؟ نەلەردە تەمتىرەپ يۈرگەندۇ؟ مەندىن خاپا بولغانمىدۇ؟ ئاتا-ئانىسىغا تىلفۇن قىلىپ مىنىڭ كەلمىگەنلىكىمدىن ئاغرىنغانمىدۇ؟..."دىگەندەك سۇئاللار كىرىۋالدى. شۇ بىئارامچىلىقتا يىنىدا ئۆزىگە سىرلىق قاراپ ئولتۇرغان ئەختەمجاننىڭ قولىنى قاتتىق سىقىۋەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. دىلناز

بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن دەرىزىدىن سىرتقا قارىدى، سىرتتا يامغۇر توختىغان بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا يەنىلا تۇمانلىق ئىدى.قارىماققا سىرت بەك سۇغۇقتەك قىلاتتى. دىلناز يەنە ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، ئەختەمجاننىڭ قولىدىن چىڭ تۇتقان پېتى نۇرگۈلنى پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدىن ئىزدەپ باقماقچى بولۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

دىلناز سىرتقا قاراپ ناھايىتى بىئارامىلىق ئىچىدە مېڭىۋاتقاندا تۇيۇقسىز زال ئىشىكىدىن كىرىپ كەلگەن بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىنى تىزلا توستى.

- دىلناز ھەدە، دىلناز ھەدە...

دەرھاللا بېشىنى كۆتىرگەن دىلناز كىچىك ۋاقتىدىن خېلىلا ئۆزگەرگەن، يېشىغا قارىغاندا بوۋرۇنلا سەمرىپ قالغان تونۇش چىرايىنى كۆرۈپ باشقىچە خوشال بولدى.

- نۇرگۈلما سىز...خۇداغا مىڭ شۈكرى، سىزنى ئاخىرى تاپتىم...

-مەنمۇ شۇ ...-نۇرگۈل دىلنازنى تاپالماي تىت-تىت بوپ كەتكەنمۇ قانداق، كۆزلىرىگە لىممىدە ياش ئالدى-دە، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە دىلنازنى چىڭ قۇچاقلىدى.-سىزنى كەلمىگەن ئوخشايدۇ دەپ بەك جىددىيلەشكەن ئىدىم. ھەنىم بولسا كەپسىز...

-مەن خېلى بۇرۇنلا كەلگەن، بىر جىددى ئىش چىقىپ قېلىپ سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم...-دىلناز نۇرگۈلنىڭ چىچىنى يەڭگىل سىلاپ قويغاندىن كېيىن ئاستا ئۆزىگە قاراتتى. -مەن كۆرمىگەندىن بۇيان بەك ئۆزگۈرۈپسىز، چوپ-چوڭلا قىز بوپقاپسىز مانا...

-شۇنداقمۇ ھەدە.-نۇرگۈل ئۆزىگە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ دىلنازنىڭ مودىللارغا خاس گۈزەل قامىتىگە قاراپ مەيۇسلەندى.-ئەپسۇس، سىزدەك زىۋا چوڭ بولماي، توم بولقۇدەك بىر قىز بوپ قالدۇمغۇ تاڭ...

دىلناز نۇرگۈلنىڭ تۈزلۈكى ، ساددىلىقىغا قاراپ كۈلۈپ سالدى.

-سىز دېگەن تېخى بالا، نەچچە يىل ئىچىدە تېخى كۆپ ئۆزگۈرىسىز...مەندىنمۇ زىلۋا قىز بولۇپ كىتىشىڭىزدە گەپ يوق...-دىلناز شۇنداق دېگىنىچە نۇرگۈلنىڭ گۆشكىردىدەك مەڭزىنى بوش چىمداپ قويدى.-يۈك تاقلىرىڭىز قايەردە سىڭلىم.

-ئەنە.-نۇرگۈل يېقىنلا يەردىكى ئورۇندۇق ئۈستىدىكى چامادانىنى كۆرسەتتى-دە، تىزلا بېرىپ ئەكەلدى.

ـ ماگامدۇق ئەمسە، بەك كەچ قالمايلى.ـ دىلناز نۇرگۇلغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئەختەمجاننى يېتىلىگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

دىلنازغا ئەگىشىپ ماڭغان نۇرگۇل سۈرەتتەك بىر قىز يېتىلىۋالغان كونا كىيىم ئىچىدىكى سەرگەردان بالىغا قاراپ ھەيران قالدى. بالا شۇ تاپ بىردەم دىلنازنىڭ چىرايىغا، بىردەم ئەتراپقا قورقۇمسىراپ قاراۋاتاتتى. نۇرگۇل كاللىسىغا كىرىۋالغان خىلمۇ-خىل سوئاللارغا جاۋاپ تاپالماي قىينىلىپ، بۇ بالىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراشقا قىزىقتىيۇ، لېكىن ئەپسىز كۆرۈپ يەنىلا توختاپ قالدى.

دىلناز سىرتقا چىقىپ قۇيۇق تۇمان قاپلاپ كەتكەن ئاسمانغا قاراپ قويدى-دە، ئۈدۈلىدا توختۇتۇلغان تاكسى قېشىغا ئالدىراش ماڭدى. دىلناز ماشىنا قېشىغا كېلىپ بولغۇچىلىك، ئەخمەتجان ئۇنىڭ قولىدىن ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئاجرىدى-دە، نىمىشقىدۇر ئىتتىكلا ماشىنىغا چىقىپ بىر بۇجەككە قىستالدى. بالىنىڭ بۇ ھەركىتىگە ھەيران قالغان دىلناز ئۇنىڭ تۈگۈلۈپلا قالغان تۇرقىغا، لاغ-لاغ تىترىشىگە، چىرايىدىكى قورقۇنۇچقا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. "ئەجەپ بىر قىسما بولۇپ كەتتىيا، تۈگۈلۈپ كەتتىمۇ يە؟.."دىگەنلەرنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن دىلناز بىر ئاز ئارامغا چۈشكەندەك ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا قولىنى ئۇزاتتى.

ـ ۋۇي... خان . يول قاياققا بولىدۇ...

يان تەرەپتىن تۇيۇقسىز كوچا لۈكچەكلىرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش بوم، سۇزۇق ئاۋازنى ئاڭلىغان دىلناز توختاپلا قالدى. ئۇ كۆزىنى ئىشىكتىن ئاغدۇرۇپ يېنىدا ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان 3 ئادەمگە قارىدى. قارىدىيۇ ، تۇرۇپلا بەدىنىگە مۇزدەك بىر تىترەك ئۆرلەشتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇزۇن بورۇتلۇق بىر چوڭ گەۋدە كۆكۈش كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا چەكچەيتىپ قاراپ تۇراتتى. يېنىدا ۋىجىكراق كەلگەن 20 نەچچە ياشلاردىكى غەلىتە كىينىۋالغان 2 ياش تاماكىسىنى بۇلۇشىغىچە شوراپ پۇرقىرىتىپ ئىس چىقارماقتا ئىدى. دىلناز ئۇلارنىڭ ئۈستى بېشىغا بىر پەس قاراپ قويۇپ

"ئۇيغــۇر يىگىــتلەركەن، مىنــى چۈقــۇم بىرەرســىگە ئوخشــۇتۇپ قاپتۇ...."دىگەنلەرنى ئويلىدى-دە، ئۇدۇللا جاۋاپ بەردى.

-كەچۈرۈڭ، مىنى بىرەرسىگە ئوخشۇتۇپ قالغان ئوخشايسىز...

-مۇنداق دەڭ...-ھىلىقى ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئەر دىلنازنىڭ ئالدىغا كىلىپ ئۇنىڭغا ھىجايدى.- چىرايلىق خان. سىز باشقىلارنىڭ ئامانىتىنى خالىغانچە ئىشلىتىپ كۈنۈپ قالغانمۇ قانداق؟

-بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟ -ھىلىقى ئادەمنىڭ مەسخىرىلىك ئاۋازىدىن ئاچچىقى كەلگەن دىلناز نىڭ قۇشۇملىرى تۈرۈلدى .-مەن سىزنى تۇنۇمايمەن. بىزنى ئاۋارە قىلماڭ.

كۆڭلىدە "بۇلارمۇ بىر دۈۋە ئەخلەتلەر..."دىگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن دىلناز گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان نۇرگۈلغا ئىشارە قىلدى.

-نۇرگۈل ، قىنى ماشىنىغا تىز چىقىڭ. يولىمىزغا مىڭىۋىرەيلى...

-قايسى يولغا؟ - دىلنازغا دىۋەيلەپ كەلگەن بۇرۇتلۇق ئەر ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى غەزەپ بىلەن ئاچتى-دە، چىرايىدا قان قالمىغان ئەختەمجانغا قاراپ ھۆكىرىدى.- بۇياققا چۈشە شۇمتەك. تىخى مەندىن بىر سوراق ئۆز مەيلىڭچە ئىش قىلغىلى قويتۇڭما؟

بۇرۇتلۇق ئەر جاللاتتەك كۆزلىرىدىن سۇغۇق نۇر چاچرىتىپ ھەيۋە قىلدى-دە، بالىنىڭ كىيىمىدىن تارتىپ ئۇنى يۇلۇپلا كۆتىرىپ سىرتقا ئاچىقتى.

بۇ تاساددىپى ئەھۋالنى كۆرۈپ دەماللىقتا نىمە دىيىشنى بىلمەي قالغان دىلناز قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ھىلىقى ئەرنىڭ قولىدىن كاپلا تۇتتى.

ـ سىز كىم ئۆزىڭىز؟ بـۇ بـالىنى خالىغـانچە سـوراق قىلىـدىغانغا نـىمە ھوقۇقىڭىز بار؟

ـ ھا.ھا.ھا...نىمە ھوقـۇقىڭىز؟ ـ دىلنازنىـڭ سـۇئالىدىن قاقـاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن بۇرۇتلۇق ئەر ئۇنىڭغا كۆكـۈش كـۆزلىرىنى تىكتـى.ـ نىمانـداق قىزىق سۇئال بۇ. مىنىڭ ئەلبەتتە ھوقۇقۇم بولىدۇ دە. قېنـى سـىزدىن سـوراپ باقـاي خـان، بىـر ئادەمنىــڭ ئـۆز مۈلكىــدىن پايـدىلىنىش ھوقـۇقى بولامـدۇ بولمامدۇ؟

ـ لېكىن بۇ يەردە سىزنىڭ مۈلكىڭىز يوق.

ـ بۇچۇ. بۇ نىمە؟ بۇ مۈلۈك ئەمەسما؟ـ بۇرۇتلۇق ئەر قولىدىكى بالىنى ماشىنىغا مىختىدى.

دىلناز بالىنىڭ قورقۇپ كەتكەن چىرايىغا ، ھىلىقى ئادەمنىڭ قۇپاللىقىغا قاراپ پەقەت چىديالماي قالدى.

ـ سىزنىڭ كۆزىڭىز بارمۇ ـ يوق. بۇ دىگەن مـال ئەمەس ئـادەم. خـۇدا ياراتقان ئادەم...

ـ ئوھو ...قايناپ كەتتىڭىزغۇ خان . بىلىپ قويۇڭ ،بـۇ دىـگەن مەن ئۈچۈن بىر مال . چۈنكى مەن ئۇنى نەقپۇلغا سېتىۋالغان.

ـ نى...نى...نىمە؟ـ دىلناز ئاچچىغىدا بۇغۇلۇپ كەتتى.

بۇرۇتلـۇق ئەر گـاڭگىراپ قالغـان دىلنازغـا ئـارتۇقچە گەپ قىلىشـنى خالىمــدىمۇ، تۇيۇقســزلا يېنىــدىن قاســاپنىڭكىدەك يۇغـان بىـر پىچـاقنى "شـــارت"قىلىـــپ ئالـــدى-دە، ماشـــىنىغا مىختىلىـــپ قالغـــان ئەختەمجاننىڭ بوغوزىغا تەڭلەپ ۋاقىرىدى:

-ئۇلۇمتۇك شۇمتەك. تېخى قاچماقچى بولىۋاتامسەن. مەن دىمىسەممۇ مىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسەنغۇ. شۇڭا يەنە بىر بارمىقىمدىن ئايرىلىپ قالماي دىسەڭ دەرھال مەن بىلەن ماڭ...

بۇرۇتلۇق ئەرنىڭ ۋەھشى قىياپىتىدىن ئەختەمجان لاغ-لاغ تىترەپ ئىشتىنىغا سىيىۋەتتى. مۈلدۈردەك ياش تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى بۇرۇتلۇق ئەرگە يىلىنىش ئىچىدە تىكىپ، بىچارىلەرچە ئۈمچەيدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بەرداشلىق بىرەلمىگەن دىلناز ئۆزىنىڭ مۇلايىم خاراكتىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ ئالدىدىكى ئەرگە غەزەپ بىلەن چەكچەيدى.

-قولۇڭنى تارت ئەبلەخ. سەن ئادەممۇ ياكى جاللاتمۇ؟ نىمانداق بىر كىچىك نارىسىدە بالىغا قاراقچىدەك قىلىچ تەڭلەپ تۇرىسەن. نىمانداق ئۇنىڭ نىمجان جىنىنى قىينايسەن.

-نىمانداق ئاتىكاچى نىمە سەن ھوي . بىر مىللەتتىنكەنمىز دەپ ئارتۇق گەپ قىلمىسام گىپىڭ نوچىغۇ سىنىڭ. قېنى دىگىنە، شۇنچە قوغداپ كەتكۈدەك بۇ شۇم سىنىڭ نىمەڭ بولاتتى؟ كۆزىتىپ تۇرسام تېخى ئۆزەڭنىڭ بالىسىنى يىتىلگەندەك بىخىراماں يىتىلەپ مېڭىۋاتىسەن. خۇددى ئۆتكۈزۈپ قويغان بىرنەرسەڭ باردەك...-بۇرۇتلۇق ئەر پىچىقىنىڭ بىسىنى دىلنازغا كۆرسۈتۈپ بىر قانچە قېتىم چۆگىلەتتى.

-جان دوستۇمنىڭ بالىسى، بىر ھىساپتا ئۆزەمنىڭ بالىسى دىسەممۇ بولىدۇ.-دىلناز دەرھاللا بالىنى تارتىپ قېشىغا ئەكىلىۋالدى. - بۇ بالىنى لەنتى ئالدامچىلار ئالداپ كەتكىلى ساق بىر يىل بولاي دىدى. ئاپىسى بالا دەردىدە يىغلاپ كور بولۇپ قالاي دىدى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۈگۈن ماڭا ئۇچراپ قالدى.

-شۇنداقمۇ، ئۇچراپ قالسىلا سىنىڭ بولىدىغان بىكار نەرسىمىكىن دەپ قالدىڭما بۇنى؟

ـ ئەمىلىيەتتىمۇ بىزنىڭدە. 10ئاي قورساق كۆتىرىپ، نۇرغۇن جاپادا بېقىپ چوڭ قىلغان بالا ئاپىسىنىڭ بولماي يەنە باشقا بىرىنىڭ بولۇپ قالامدۇ ئەمىسە؟

ـ بىلىپ قوي، بۇ شۇمنى مەن نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالغان. يەنە ئۇنى بېقىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلدىم. ئىشىنىڭ ئىپىنى ئۇقمايدىغان بۇ ئەبگا تېخى مەن سەرپ قىلغان ھەقنىڭ يېرىمىنىمۇ قايتۇرۇپ بۇلالمىدى.

ـ ئۇنىڭ بىلەن مىنىڭ نىمە كارىم. كىم سىنى قاراپ تۇرۇپ نارىسىدىلەرنى ئېلىپ ساتسۇن، ئوغۇرلۇققا سالسۇن دەپتۇ. مۇسۇلمان بولغاندىكىن ھالال ئىشلەپ پۇل تېپىشساڭ بولمامدۇ؟ ئاتا ـ ئانىڭنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان ئىش قىلىشساڭ بولمامدۇ؟ قاراپ باقە، بۇ بالىنىڭ ھالىغا. سەنمۇ بىر گۆشتىن تۆرەلگەن خۇدانىڭ بەندىسى بولغاندىكىن ئىچ ئاغرىتىشنى بىلسەڭ بولمامدۇ؟..

دىلناز ئالدىدىكى پىچاق تۇتقان ئادەمنىڭ ئوغۇرلۇق شايكىسىنىڭ كاتتىۋېشى ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان بولسىمۇ، لىكىن ئۇنىڭدىن پەقەت قورقۇپ قالمىدى. ھېچقاچان باشقىلار بىلەن سەن ـ پەن دىيىشىپ باقمىغان قىز بۇگۈن غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي ، ئالدىدىكى قورقۇنۇچلۇق ئادەمنى بىر ھازا سوراق قىلدى.

ـ بولدى. بولدى... قانجۇق ئىتتەك كاپشىۋەرمە...يەنە كاپشىيدىغان بولساڭ ئادەم بولغىنىڭغا تويغۇزۇپ قويىمەن ، شۇڭا ۋاقتىدا ئۆزەڭنى بىلىپ يولۇڭنى تېپىۋال. بىلىپ قوي ساڭا بىكارغا بىرىدىغانغا بالا يوق.ـ بۇرۇتلۇق ئەر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگدى. دىلنازنىڭ قىپ ـ قىزىل كۆينەك ئىچىدىكى ئالمىدەك كۆكسىگە كۆكۈش كۆزلىرىدە شەھۋانىلارچە قاراپ سەت ھىجايدى.ـ ياكى بولمىسا بالىنى ساڭا تىگىشەيلىمۇ؟؟؟

ـ ئاغزىڭنى يۇم ئىمانسىز...

دىلناز جان ئاچچىقىدا ئىغىزىغا يىغىلىپ قالغان تۆكۈرۈكنى بار كۈچى بىلەن بۇرۇتلۇق ئەرنىڭ يۈزىگە تۆكۈرگىلى قوپۇپ يەنە توختاپ قالدى. ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن راۋۇرۇس تىللاشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىگە هاي بەردى. چۈنكى ئۇ يات شەهەردە ئالدىدىكى ئەسكى لۈكچەكلەر بىلەن تاكاللىششىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئاستا-ئاستا هىس قىلىشقا باشلىغان ئىدى . دىمىسىمۇ، تۈن پەردىسى يېپىلىۋاتقان بۇ كېچىدە ئاجىز ئىككى قىز بۇ قانخور لۈكچەكلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. پۇل ئۈچۈن هەر قانداق رەزىل ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان، پۇل ئۈچۈن كىچىك نارسىدىلەرنى قىيناپ ئوغۇرلۇققا سالىدىغان، ئۇلارنى قۇلدەك قىينايدىغان ، باشقىلارنى زار-زار يىغلىتىش بەدىلىگە هارام پۇل تېپىپ ئەيشى-ئىشرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان، قەلبىدە ئىمان-ئىنساپ دىگەن نەرسىلەردىن زەررىچە تېپىلمايدىغان بۇ مەلئۇنلارنى بۇگۈن يەنە شۇ پۇل ئۈچۈن بىسلىق پىچىقنى ئىشلەتمەيدۇ دىگىلى بولمايتتى.

دىلناز خىياللار ئىچىدە بايىقى شوخلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان نۇرگۈلنى كۆرۈپ بەكلا بىئارام بولۇشقا باشلىدى. بىيجىڭغا تۇنجى قەدەم ئىلىپلا بۇ كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار بولغان قىزغا قاراپ ئازاپلاندى. دىمىسىمۇ بايىقى تاساددىپى خوشاللىقتا ئۇ بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بىرىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئاستا-ئاستا بۇنداق تاكاللىششىنىڭ ياخشى ئاقىۋەت ئىلىپ كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. "چىرايلىق سۆز تاشنى ئىرىتىدۇ" دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىغىر بىر تىنىۋىتىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كىيىن ناهايىتى سىلىق تەلەپپۇزدا يىلىنىشقا باشلىدى :

-ئۇنداق جاهىللىق قىلماڭ ئاكا، سىزنىڭمۇ ئاتا-ئانا، پەرزەنتىڭىز باردۇ، سىزدىمۇ مۇهەببەت، ۋىجدان باردۇ؟ ئاتا-ئانىدىن ئايرىلىشنىڭ هىجرانى سىزنىمۇ قىيناپ باققاندۇ ؟ شۇڭا بىر ئانىنىڭ بالىسىدىن ئايرىلغاندىكى هىسياتىنى ئويلاپ بىقىڭ. ئاشۇ يىراق يۇرتتا قالغان بىچارە ئانىلارنىڭ دەردۇ-هەسرىتىنى، ئاچچىق ياشلىرىنى ئويلاپ بىقىڭ...سىزمۇ

ئـادەم، ســىزمۇ بىــر ھىســيات ئىگىســى...ســىزنىڭمۇ چۈقــۇم تــاتلىق ئۈغــۇل-قىزلىرىڭىز بار، ئاشۇ بـاللىرىڭىز سـىزگە قانچىلىـك ئەزىـز بولسـا باشـقا ئاتـا-ئانىلار ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك ئەزىز. شۇڭا مەن سىزدىن خوش بوپ قـالاي ئاكـا، بـۇ بـاللىنى قويىۋېتىـڭ. مەن ئـۇنى ئاپىرىـپ يۇرتتـا ئازاپتـا قالغـان ئاپىسـىغا تاپشۇرۇپ بىرەي. سىزمۇ بىر مۇسۇلمان بولغاندىكىن خۇدا يولىـدا بىـر قېتىم ساۋاپلىق ئىش قىلىپ قويۇڭ...

دىلنازنىڭ زىل ئاۋازى ، يىلىننىشى راستلا تەسىر قىلغانـدەك بولـدى. ھېلىقــى ئەر دىلنازنىــڭ كــۆزىگە بىــر پەس قارىۋاتكەنــدىن كــيىن تــۇرۇپلا قولىدىكى يالتىراق پىچاقنى بىقىنىدىكى غىلاپقا سـالدى. قـولى بـىلەن ھېلىقـى ئادەملىرىگە قانداقتۇر بىر شەرت قىلىۋىدى ، ھەرئىككىسى تەڭلا تاماكا بـىلەن چاقماق تەڭلەپ تەييار بولدى. بۇرۇتلۇق ئەر كۆكۈش كۆزلىرىنى چىـك يۇمـۇپ ، قولىــدىكى تامــاكىنى بىــر ھــازاغىچە قېتىــپ-قېتىــپ شــورىدى . ئــۇ تاماكــا چەكــكەچ "بــۇ شــۇم كىچىكلىكىنــى چىقىرىــپ نەچــچە قېــتىم تۇتۇلــۇپ بولدى، يا تاپقان نەرسىسىنىڭ تېخى تايىنى يوق، مۇشـۇ بانـدا ئـازراق پـۇل تېپىۋالامـدىم..."دېگەنلەرنــى ئويلىغانــدىن كــيىن كــۆزىنى ئېچىــپ بىردەم بالىغا، بىردەم دىلنازغا قاراپ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

-خۇدانى تىلغا ئېلىپ قالدىڭ . بوپتۇ ئېلىپ كەتسەڭمۇ كەت. لېكىن بىر شـەرت بـار. شـۇنى ئۇرۇندىيالىسـاڭ ئەكەتسـەڭ بولـدۇ. ئۇرۇندىيالمىسـاڭ ئەكىتىمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولما.

كۆزىــدىن قــان چــاچراپ تۇرىــدىغان جىــدەلخور لۈكچەكنىــڭ ئەلپازىنىــڭ خېلــى بوشــاپ قالغــانلىقىنى كــۆرگەن دىلنازنىــڭ كــۆڭلى ۋاللــىدە يــورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ خۇشاللىقتا ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئالدىراپ سورىدى.

-قېنى ئاكا. قانداق شەرتىڭىز بار؟

-ســاڭا دىســەم : مەن بــۇ شــۇمنى بىرســىدىن نەق 20مىــڭ يــۈەنگە ســېتىۋالغان. بېشــىدا "قولــىدىن خېلــى ئــىش كېلىــدىغان ئوخشــايدۇ،

ئوبــدان تەربىيلىنــەم ھــۆنەرنى ئوبــدان ئۆگىنــۈپ كىتــدىغان ئوخشــايدۇ "دەپ ئويلاپتىكەنمەن. لېكىن ئەمىلىيەتتە بىر يارىماس بولۇپ چىقتىــ. پۇل تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن نەچچە قېتىم تۇتۇلۇپ قالدى. ئاچچىغىمدا باشقا بىرىگە سېتىۋېتەي دىسەم مەن سېتىۋالغان پۇلغا تېخى يارىمىدى... كىيىن خەپ توختــاپتۇر دەپ، ئــۆزەم ھەر خىــل ئامــاللارنى قوللۇنــۇپ تەربىــيەلەپ چىقتىم. ھــازىر خىلــى-خىلــى ھــۆنەرلەرنى جايــدا بىجىرىــپ كىلەلەيــدىغان بولدى...شۇڭا مىنىڭ ھازىر بۇ بــايلىق مەنبەيىمــدىن ئايرىلىــپ قــالغۇم يــوق. ئەگەر زادى ئەكىتىمەن دىسەڭ ھازىرلا ئالدىمغا يەنە 10مىڭ يۈەن قېتىپ ساق 30مىڭ يۈەن قوي. پۇل مىنىڭ، بالا سىنىڭ بولسۇن...قانداق؟...

-نىمە؟- دىلناز ئاغزىنى تۇتۇپلا قالدى.-ئــۆز بــالىمىزنى 30مىــڭ يــۈەنگە سېتىۋالامدۇق؟

دىلنازنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ غۇچچىدە ئاچچىغى كەلگەن بۇرۇتلۇق ئەر ، دىلنازغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ ھېلىقى 2 چاپارمەنگە بۇيرۇق قىلدى.

-دەرھال بالىنى ئېلىپ ماڭ. ئەمدى بىكــار گەپ بــىلەن خوشــۇم قالمــدى مىنىڭ .

ھېلىقى 2 چاپارمەن خوجايىنىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ دەرھاللا ئەختەمجاننىــڭ قېشــىغا كەلــدى=دە، بــالىنى يەردىــن يۇلــۇپ دىگەنــدەك ئېلىــپ مېڭىشــقا تەمشەلدى.

-توختاپ تۇرۇڭ ئاكا. بىردەم توختاپ تــۇرۇڭ...-جىددىيلىشــىپ كەتــكەن دىلناز ھېلىقى 2 ئەرنىڭ قولىدىن تۇتىۋالــدى-دە، بۇرۇتلــۇق ئەرگە قايتىــدىن يىلىندى. -بولۇدۇ، مەن شــەرتىڭىزگە قۇشــۇلدۇم. قۇشــۇلدۇم...لــېكىن ھــازىر يېنىمــدا ئۇنــداق كــۆپ پــۇل يــوق. مەن مۇشــۇ بىــر نەچــچە كۈنىنــىڭ ئىچىــدە تەييارلاپ بىرەي...خوش بوپ قالاي ئاكا، ماڭا ئىشىنىڭ...

- بىر نەچچە كــۈن....ھــا، ھا،ھــا....-بۇرۇتلــۇق ئەر قاقــاقلاپ كۇلــۈپ

كەتتى.ـ بولـدۇ، ئۇنـداقتا پۇلنى تەييارلاپ كىلىپ ئاندىن مىنى ئىزدە ھە ...خوش.

بۇرۇتلۇق ئەر يېنىدىكى 2 شېرىكىگە بالىنى ئېلىپ مېڭىشىنى ئىشارە قىلىپ ئۆزى ئالدىدا قەدەم ئالدى. دىلناز بالىنى خېلى تارتىشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاجىز كىلىپ نازۇك قوللىرى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. بالا ئارقىسىغا قاراپ دىلنازغا ئۈمچەيگىنىچە"ئاپا، ئاپا...." دەپ يىغلىغان پېتى ئۇنىڭدىن ئاستا-ئاستا يىراقلاشتى...

بىردەم ئىسىنى يوقاتقان دىلنازنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەلگەندەك بولدى-دە، يېنىدىكى ھەم قورقۇپ ھەم گاڭگىراپ قالغان نۇرگۈلنىڭ قولىدىن ئالدىراش تارتىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

-توختاپ تۇرۇڭ، توختاپ تۇرۇڭ...

دىلناز يېتىشىپ كەلگەندە بۇرۇتلۇق ئەر ئارقىسىغا ئۆرۈلگەن بولۇپ، "نىمە؟" دىگەندەك كۆكۈش كۆزلىرىنى دىلنازغا سوغۇق تىكىپ تۇراتتى.

-مەن ھازىرلا ئاماللىنى قىلاي. بىردەم كۈتۈپ بىرىڭ...

-قانداق ئاماللىنى قىلماقچى؟-ئەر مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن سورىدى.

-مىنىڭ بېيجىڭدا بىر ئاكام بار. مەن ھازىر شۇنىڭغا تېلىفون قىلىمەن. ئۇ چوقۇم ياردەم قىلىدۇ...

-راستما؟

-راس ئاكا.

ـ تازا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ مىنىڭ . چۈشۈم سەن كۆڭلۈڭدە بىرەر شۇملۇقنى ئويلىغانكەنسەن ، ئەگەر ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان بولساڭ مىنىڭ قولۇمدىن ئۆلۈشۈڭ چىقىدۇ. بىلىپ قوي ئۆلۈشۈڭ...ـ بۇرۇتلۇق ئەر مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ دىلنازغا ھەيۋە قىلدى.

ـ ماڭا ئىشىنىڭ. سىز بالىنى بىرەي دەپ تۇرسىڭىز مەن شۇنداق قىلارمەنمۇ ؟ ئەمىسە قاراپ تۇرۇڭ، مەن ئالدىڭىزدىلا تېلىفۇن قىلاي...

دىلناز راس دېگەندەك تېلىفۇن قىلدى. باشقا بىر ئادەمگە ئەمەس قۇربانجان ئاكىسىغا تېلىفۇن قىلدى. ئۇ بۇ جەددى پەيتتە يەنىلا شۇ ئالىجاناپ ئادەمنى ئەسكە ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى . ئەگەر بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا ئىنىقكى ئەتىدىن باشلاپ ئەختەمجاننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ھېچيەردىن ئالالمايتتى، بوگۈنكىدەك تاساددىپى پۇرسەتلەرگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيتتى. قان يىغلاپ قالغان جان دوستى سەلىمەگە ھېچقانداق جاۋاپ بېرەلمەيتتى.

دىلناز ھېلىقى ئەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇربانجانغا ئەھۋالنى قىسقا ـ قىسقىلا ئېيتتى. بالىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى،30مىڭ يۈەن پۇلنى بوگۈن بېرىپ تۇرسا ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ كەتتى. قۇربانجانمۇ بۇ ئىشقا جەددى قارىدىمۇ يېرىم سائەت ئىچىدە چۈقۇم يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇرۇتلۇق ئەر ھەممە گەپنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كىيىن دىلناز بىلەن نۆرگۈلنى ئەگەشتۈرۈپ پويىز ئىستانسىسى ئالدىدىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ ساقلاپ ئولتۇردى.

يېرىم سائەتتىن ئۇشۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندە پويىز ئىستانسىسى ئالدىدا قۇربانجاننىڭ ماشىنىسى پەيدا بولۇپ دىلنازغا تېلىفۇن قىلغاندىن كىيىن، بىر

قارا سومكىنى كۆتىرگىنىچە ئالدىراش ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. قۇربانجاننى يىراقتىن كۆرگەن دىلناز نىمىشقىدۇر ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ئىسسەدىگەن پېتى ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈردى.

ـ قۇربانجان ئاكا...

قۇربانجان دىلنازنىڭ قولىنى ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ھېلىقى زومىگەرنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتى.

ـ قۇربانجان ئاكا...سىز...سىز....ـھېلىقى قورقۇنۇچلۇق جاللات چىراي ئەر قۇربانجاننى كۆرۈشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئالدىدىكى بىر ئىستاكان چاينىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىگىمۇ قارىماستىن قۇربانجاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دىگۈدەك كەلدى-دە، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى .ـتوۋا خۇدايىم توۋا...بۇ سىزما ئاكا...

دىلناز بىلەن نۇرگۈل بۇ ئۈچرىشىشنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قالدى. شۇ تاپ بايىقى زومىگەر لۈكچەكنىڭ ھەيۋىسى بىراقلا يۇقاپ ، باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ناھايىتى سىپايىلىق، خوشامەتلىك بىلەن قۇربانجاننىڭ قولىنى چىڭ سىقىۋاتاتتى. قانداقتۇر بىر خىل خىجىللىق ئىچىدە كۆزىنى قۇربانجاننىڭ كۆزىدىن قاچۇراتتى...

ـ يەنە سەنما نوچى يىگىت .ـبۇرۇتلۇق ئەرگە قاراپ بېشىنى بوش چايقىغان قۇربانجان ئارقىدىنلا دىلنازغا بۇرۇلدى.ـ سىڭلىم. سىز دىگەن ئادەم مۇشۇما...

ـ ھەئە.ـدىلناز بوش ئاۋازدا جاۋاپ بەردى.

ـ بالىچۇ؟

ـئەنە.ـدىلناز ھېلىقى 2 شايكا تۇتۇپ ئولتۇرغان بالىنى كۆرسەتتى.

ـ بىچارە بالا.ـ قۇربانجان بالىنىڭ ئۈستى بېشىغا قاراپ ئېغىر خۇرسىنىپ دەقىقە كۆزلىرىنى يۇمغاندىن كېيىن قۇشۇپ قويدى. ـ قورقما بالام. بىز سېنى هازىرلا ئېلىپ كېتىمىز.

شۇ تاپ قۇربانجاننىڭ چىرايى باشقىچە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتاتتى . هەر قانداق ۋاقىتتا كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايى يامغۇرلۇق كۈنلەردەك تۇتۇلغان بولۇپ قاتتىق ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقانلىقى چىرايىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. دىمىسىمۇ ئۇ بۈگۈن يېڭى بىر ئاپەتنى كۆردى. نەچچە قېتىم تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەلمىگەن مەلئۇننى كۆردى. ئىمان ـ ئېتىقادتىن يۈز ئۆرىگەن، ئىنسان تۇرۇپ ئىنسان ساتقان نىجىسنى كۆردى. قەلبى ئاچچىق ئازاپقا تولۇپ، يۈرىكى قان يىغلىدى. ئۇ قاتتىق ئېچىنىۋاتاتتى، ئىنسان تەبىئىتىدىن چەتنەپ رەزىللىك پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا قاراپ ئېچىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا جۇدۇنى ئۆرلىدى. بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشنى خالىمىدىمۇ، ئۆزىگە ئەيمىنىپ قاراپ تۇرغان بۇرۇتلۇق ئەرگە قارىماستىنلا قولىدىكى قارا سومكىدىن 3باغلام قىزىل پۇلنى ئۈستەل ئۈستىگە "پاققىدە" تاشلىدى.

ـ قېنى ئەركىن بايۋاتچە . پۇلنى سانىۋال ...مانا ئەمدى پۇل سېنىڭ ، بالا بىزنىڭ بولدى...

ـ ياق. ياق...ـ قۇربانجاننىڭ كەيپىياتىغا قاراپ جىددىيلىشىپ كەتكەن بۇرۇتلۇق ئەر دۇدۇقلاپ كەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپلا ئۈستەلدىكى 3باغلام پۇلنى يىغدى ـ دە، قۇربانجانغا ناهايىتى ئۈزۈلىسىزلىق ئېچىدە تەڭلىدى. ـ بولدى قۇربانجان ئاكا. مىنى بەك خىجىل قىلىۋەتتىڭىز... شۇ تاپ ئۆزەمنىڭ گۆشىنى ئۆزەم يېگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. بولدى بۇ پۇلنى قايتۇرۇپ كېتىڭ. بالىنىمۇ ئېلىپ كېتىڭ...

ـ ساڭا پۇل لازىمغۇ بايۋەتچە. ساڭا پۇل هەممە نەرسىدىن بەك مۇهىمغۇ . سىنىڭ ئاشۇ باللارنى ئالدىشىڭ، خارلىشىڭ هەممىسى پۇل ئۈچۈنغۇ...بولدى

ئېلىپ كەت. بۇلۇشىغىچە خەجلەپ، تازا تاماشا قىل. ئوينا، ياشا...-ئىچ-ئىچىدىن غەزەپلەندىمۇ قانداق، قۇربانجان ئۆزىنىڭ ۋاقىراپ سالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى.

بۇرۇتلۇق ئەر نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. يېنىدا شۇمشۇيۇپلا قالغان 2 شايكىسىمۇ سوغا چۈشكەن مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇ بىردەم تۇرغاندىن كىيىن پۇلنى ئۇستەل ئۈستىگە ئاستا قويۇپ قۇربانجاننىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ "كەچۈرۈڭ قۇربانجان ئاكا...بىز چۈقۇم ئادەم بۇلۇشقا تىرىشىمىز..." دىگىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى...

دىلناز قۇربانجاننىڭ ماشىنىسىدا نۇرگۇل، ئەختەمجاننى بىرگە ئېلىپ مەكتەپكە قايتتى. بىيجىڭنىڭ كىچە ئاسمىنىدا ھېچقانداق بىر يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. كوچا چىراقلىرى ھەممە يەرنى يورۇتۇپ تۇرسىمۇ، يەنىلا بۇ كىچە ئادەمگە شۇنچىلىك سۈرلۈك بىلىنەتتى. دىلناز ئەختەمجاننى باغرىغا باسقان پېتى دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ، بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ھېلىقى ئەبلەخنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايى كۆز ئالدىغا كىلىش بىلەن تەنلىرى باشقىدىن شۈركۈنۈپ كەتتى. جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدۇ ھە، باشقىلارنى قىيناش بەدىلىگە خوشاللىققا ئېرىشىشتىن، نارىسىدە باللارنى ئوغۇرلۇققا سېلىپ جان بېقىشتىن نومۇس قىلسا بولمامدۇ، چوپ چوڭ بىر ئەركەك بولغاندىكىن بىر ئەرگە چۈشلۈك غورۇر بىلەن ياشىسا بولمامدۇ...دىگەنىدەك خىياللار ئىچىدە ئازاپلاندى . "شۇنچە چوڭ ئوغۇرلۇق شايكىسى بار "چوڭ خوجايىن" ئەجەپ قۇربانجان ئاكامنى كۆرۈپ يۈۋاشلاپ كەتتى دىسە، ئۇنىڭ قۇربانجان ئاكامغا قەرزى بارمۇ نىمە؟ ياكى قۇربانجان ئاكامنىڭ بىرەر تۇققىنىمىدۇ؟ ..."دىگەن سۇئاللار كاللىسىدا قۇيۇندەك پىقىرىدى. لېكىن ئۇ سۇئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپالمىدى. ئۇ بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كىيىن، يىراقلارغا قاراپ ھەسرەتلىك تىنىپ ئولتۇرغان قۇربانجاننى بوشقىنا نوقۇدى.

ـ قۇربانجان ئاكا، ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ. ئۇلار نىمە دەپ 30مىڭ يۈەن پۇلنى ئالمايلا بالىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؟

قۇربانجان كەينىگە بۇرۇلۇپ ھەممەيلەنگە قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەختەمجاننىڭ يۈزىدىكى ئۈزۈن تارتۇقنى بوش سىلاپ قويۇپ كۆزىگە لۆممىدە ياش ئالدى.

ـ سىزگە دىسەم گەپ ئۇزۇن سىڭلىم. بۇ ئەركىن دىگەن ئىتنىڭ بالىسى نەچچە يىل ئىلگىرى شەھەر ئاتلاپ بۇ يەرگە چىقىپ قاپتىكەن. مەن نۇرغۇن قېتىم بۇ گۇي ئاچ قالغاندا ئاشخانامدا ئاش ـ تۇز بەرگەن. ئىقتىسادى جەھەتتە ياردەم بەرگەن، بېشىنى سىلىغان. دىنى تەلىم بەرگەن...لېكىن جان بىلەن كىرگەن خۇي قان بىلەن چىقىدۇ دەپ ، بۇ ھايۋان بۇرۇندىن ئەسكى ئىش قىلىپ كۆنگەن بولغاچقا بۇ يەردىمۇ باشقىلارنى قاقتا ـ سوقتا قىلىپ ، ئالدامچىلىق قىلىپ يۈردى. باشقىلاردىن بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ نەچچە قېتىم چىرايلىق تەربىيە قىلدىم. مۇسۇلمانلىق يولىدىن سۆزلىدىم."ھالال تىجارەت قىل، مەن ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەي" دەپ نەسىھەت قىلدىم. لېكىن "ماقۇل" دەپ قويۇپ يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋەردى. كېيىن قانداق بولدى بىلمىدىم مۇشۇنداق كىچىك باللاردىن ئون نەچچىنى سېتىۋېلىپ ئوغۇرلۇققا سېلىپ يۈرۈپتۇ. تېخى ئۇلارنىڭ خوجايىنىمىش. ئاڭلىسام ھارامدىن يىققان پۇللىرىمۇ ئاز ئەمەسمىش ..لېكىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغانلىقىم، باش ـ پاناھ بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ئۇ مىنى خېلىلا ھۆرمەتلەيدۇ. قايەردە كۆرسە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كىلىپ كۆرىشىدۇ. گەرچە بۇ شەھەرنىڭ "لۈكچەك نوچىسى" بولغىنى بىلەن مەندىن قاتتىق تەپتارتىدۇ...شۇڭا...

قۇربانجان ئۆزىنى ماختاشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىمۇ گېپىنىڭ داۋامىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى. ئەقىللىق قىز دىلناز قۇربانجاننىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى ھەيران قالدۇرغان سىرنىڭ تېگىگە تېزلا يەتتى. نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىسىل پەزىلىتى بىلەن تەسىرلەندۇرۇپ كەلگەن قۇربانجاننىڭ ئالىجاناپلىقىنى دىلناز ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان، ئۇنىڭغا يۇكسەك ھۆرمەتتە

بۇلـۇپ كەلـگەن بولسـىمۇ، بۇگـۈنكى رىئـاللىقتىن ئـۇ قۇربانجاننـىڭ ئەل ئىچىدىكى ھۆرمىتىنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىن نەچچە ھەسسە يـۇقىرىلىقىنى ھەقىقى ھىس قىلدى . دىمىسىمۇ، شۇنداق قانخور بىر ئـادەم بىـدىكى، يـاۋۇز ئوغرى قۇربانجانغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى ئۈچۈن قولىدىكى 30مىڭ يـۈەن نەقپۇلدىنمۇ ۋاز كەچكەن ئىدى.

قۇربانجان دىلناز، نۇرگـۈل، ئەختەمجـانلارنى مەكـتەپكە ئاپىرىـپ ياتاققا ئۇرۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كىيىن، ھەر قانداق ئىش بولسا تارتىنماي تېلىفـۇن قىلىشنى تاپىلاپ قايتىپ كەتتى. دىلناز چوڭقۇر ھۆرمەت، ئىپتىخارلىق ئىچىدە قەپقالـدى. كۆڭلـىدە خـۇدادىن بـۇ ئادەمنىـڭ ئۆمرىنىـڭ ئـۇزۇن ،بەختىنىـڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشىنى ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىلـدى. ئـۇ قۇربانجـاننى ئۇزۇتـۇپ قويغانـدىن كـىيىن، ئەختەمجـاننى شـىياۋياڭغا قالـدۇرۇپ، نۇرگـۈلنى ياتىقىغا ئۇرۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن يەنە سىرتقا ماڭدى.

دىلنـاز نۇرگـۈلنى ئۇرۇنلاشـتۇرۇپ قويـۇپ كىرگەنـدە سـائەت 10 بولـۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چارچىغانلىقىنى ھىس قىلدى. دىمىسىمۇ، بۇگـۈنكى خوشـاللىق ۋە قـايغۇ گىرەلىشـىپ كەتـكەن مۇرەككەپ ئىشلار ئۇنىـڭ بېشـىنى قاتتىق ئاغرىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ تۇرۇپلا يەنە بىـر خوشـاللىقنى ئـويلاپ ياتـاق ئىچىدە بىر نەچچىنى پىقىرىـۋەتتى. ئالـدىراش چامـدانىنى ئـاختۇرۇپ سـەلىمە قالدۇرغان ئەختەمجاننىڭ رەسىمىنى قولىغا ئالدى. ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان پېتـى ئۈيقۇغا كەتـكەن بالىنىـڭ چىرايىغا ئېچىنىش ئىچىـدە قـاراپ قويـۇپ، رەسـىم ئارقىسـىدىكى سـەلىمەنىڭ ئـالاقىلىش ئادرىسـى ۋە تېلىفـۇن نومۇرىغـا كـۆز يۈگۈرتتى. دىلناز شۇ دەقىقىـدە تېلىفـۇن قىلىشـنى ئويلىـدى. سـەلىمەگە ئەڭ چـوڭ خوشـخەۋەرنى يەتكـۈزمەكچى بولـدى. دوسـتىنىڭ بـۇ خوشـخەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كىينكـى ھايـاجىنىنى تەسـەۋۋۇر قىلـدى. دىمىسـىمۇ، ئوغلىـدىن ئايرىلغان، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى، ئۆلۈك-تىرىكلىكىنـى بىلمەيـدىغان، جۇدالىـق ھەسرىتى ئىچىدە بىر يىل ياش تۆككەن ئانىغا نىسپەتەن ئوغلىنىڭ خەۋىـرىگە ئىرىشـىش، ئۇنىـڭ بىـلەن دىدارلىشىشـتىنمۇ ئـارتۇق خوشـاللىق بولمـايتتى ...دىلناز سائىتىگە قاراپ ۋاقتىنىڭ خېلىلا كەچ بولـۇپ قالغـانلىقىنى بىلـگەن بولسـىمۇ، لـېكىن يەنىـلا كـۆڭلى ئەتە تېلىفـۇن قىلىشـقا يـول قويمىـدى. ئـۇ

سومكىسىدىن قول تېلېفونىنى ئېلىپ بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە سەلىمەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بېسىشقا باشلىدى.

قاتتىق جىددىيلىشىپ تۇرغان دىلناز " بۇ ئابونتنىڭ تېلېفونى ئېتىك" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ لەسسىدە بولدى. خوشخەۋەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى. لېكىن "ئەتە چوقۇم ئېچىلىدۇ. ئەتە يەتكۈزسەممۇ ئۈلگۈرىدۇ..." دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بىرىشنى ئۇنۇتمىدى.

بوگۈنكى ھارغىنلىقتا يېتىپ ئارام ئېلىشنى ئويلىغان دىلناز ئالدىدىكى ئۇرۇندۇقتا شومشىيىپ ئولتۇرغان ئەختەمجاننىڭ كىرلاشقان چىرايى ۋە بەدىنىگە قاراپ يەنە بىردەم چىداشنى نىيەت قىلدى. ئۇ بالىنى ئاستا نوقۇپ ئويغاتقاندىن كېيىن ئۇنى يېتىلەپ تازىلىق ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئەختەمجاننى كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنى يۇيۇندۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.

بىر قولىدا مونچا جومىكىنى تۇتۇپ ، يەنە بىر قولىدا بالىنىڭ چاچلىرىنى، يۈز كۆزلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن يۇيۇۋاتقان دىلناز ئۇنىڭ بەدىنىدىكى كۆكلەرگە،يارا ئېغىزلىرىغا قاراپ يۈرىكى لازا قوزغىلىدەك ئېچىشىپ كەتتى. ئەختەمجان يارا ئېغىزىغا ھەر بىر قېتىم سۇ قويۇلغاندا بىر قېتىم تولغاپ سالاتتى، بەدىنىنى كۈچەپ يۇسا پات-پات ۋايجانلاپ قوياتتى. بالىنىڭ ئازاپلىنىشىغا قاراپ دىلنازنىڭ بۇ گۆدەك بالىنى ئۇرۇشقا قولى بارغان جاللات ئەبلەخلەرنى چايناپ پۇركىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. بايىقى ئەركىن دېگەن لەنىتى كاپىرغا ئىچىدە مىڭ لەنەت ئوقۇدى. ئۇ بىچارە بالىنىڭ بەدىنى يىغلاپ تۇرۇپ يۇيۇپ چىقىپ ، پۇتىنى يۇيۇشقا قولىنى ئاپارغاندا تۇيۇقسىز ۋاقىراپ كەتتى.

-ۋاي خۇدا، ۋاي خۇدا...بۇ نىمە ئىش...؟

دىلناز بالىنىڭ ئوڭ پۇتىغا قاراپ ئېغىزىنى تۇتۇپلا قالغان ئىدى . ئۇنىڭ

كـۆز ئالدىـدا بالىنىـڭ چىپىـۋىتىلگەن چـوڭ پـۇت بارمىقىنىـڭ ئـورنى بـوش تۇراتتى. قورقۇنۇچلۇق مەنزىرىگە قاراپ يۈرەكلىرى زىدە بولىۋاتقان دىلنازنىڭ قۇلىقىغـا تــۇرۇپلا بــايىقى ئەركىـــن دىــگەن جاللاتنىــڭ " يەنە بىـــر بارمىقىمـدىن ئايرىلىــپ قالمـاي دىسـەڭ مەن بىــلەن مـاڭ..." دىــگەن قورقۇنچلـۇق ئـاۋازى كەلـدى. كـۆز ئالدىـدىكى مەنزىــرىلەردىن بـۇ 7ياشـلىق بالىنىڭ تارتقان ئازاپ-خوۋلۇقلىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھىس قىلـدى. ئـۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ پەقەت بەرداشلىق بىرەلمىدى. يۈرىكىنىـڭ تەكتىـدىن ئېتىلىـپ چىققـان ئـاچچىق نـىدا، ئـازاپ، ھىسداشـلىق ئىچىـدە ، بـۇلاقتەك كـۆزلىرىگە پاتماي قالغان ياشلارنى توختىتالماي ئالدىـدىكى پەرىشـتىدەك يالىڭـاچ بـالىنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى...

دىلنـاز ئايئـاق كىرلىـق ئۈسـتىدە شـۈنچىلىك راھەت ئۇخلاۋاتقـان ئەختەمجانغا قاراپ بىر ھـازاغىچە ئۇخلىيالمىـدى. يۈيـۈپ پاكىزلانغـان بالىنىـڭ بـۇدرە چـاچلىرىنى سـىلاپ ، يۈزىـدىكى ئـۇزۈن تارتۇقـقا قـارىغىنىچە خىيالغـا كەتتى. 7ياشقا كىرمەي تۇرۇپ نۇرغۇن جەۋرى-جاپالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بالىنىڭ تۇغما بەختىسىزلىكىدىن قاتتىق ئېچىندى. دىمىسىمۇ، تـا ھـازىرغىچە ئۆز ئاتىسىنىڭ چىرايىنـى كـۆرۈپ باقمىغـان ، ئاتىسـىنى پەقەت "ئۆلـۈپ كەتكەن" دەپلا قارايدىغان ، بارلىق ئۇرۇق-تۇققانلىرىدىن خالى نامەلۇم يېزىدا تەنھالىق، غۇربەتچىلىك ئىچىـدە چـوڭ بولغـان ، ئانـا مېھرىـدىن جـۇدا بۇلۇپ يىراق يات شەھەردە ئازاپ، ئاچلىق، خورلۇق ئىچىدە كـۆپ ئۆتكـۈزگەن بــۇ بالىنىــڭ كەچمىشــى ھەر قانــداق ئادەمنىــڭ ئىچىنــى ئېچىشــتۇراتتى، ھىسداشلىقىنى قوزغايتتى. ئەسلى بۇ ياشتىكى باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ پەپىـلەپ چوڭ قىلىشى ئاستىدا ئويناپ-كۈلۈپ ئۆتىشـى كېـرەك ئىـدى. باللىقىغا ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىلىم بـۇلىقى بولغـان مەكـتەپ دەرۋازىسـىـدىن قەدەم ئېلىــپ خــاتىرجەم ئۇقۇشــى كېــرەك ئىــدى...لــېكىن تەقـدىرنىڭ قىسـمىتى تەتـۈر كەلـدى. بىـر پەسـكەش ۋىجدانسـىز ئەبلەخنىـڭ ۋاپاسىزلىقى، ئالدامچىلىقى، بىر ساددا قىزنىـڭ ئېزىقىشـى سـەۋەپلىك بـۇ بـالا دۇنيانىڭ ، تۇرمۇشنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئۇچرىمىدى. قورساقتا تۇرەلمە بۇلۇپ تۇرەلگەندىن بۇيـان تـا ھـازىرغىچە ئـازاپ ئىچىـدە چـوڭ بولـدى. خـۇددى بـۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ بالا ئۆزى سەۋەپچىدەك ھەممە خاپىلىقلار يەنە شـۇ

نارىسىدە باللىنىڭ بېشىغا كەلدى. بۇ ئاچچىق كەچمىشلەرنى پەيدا قىلغان ، ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالىسىدىن ۋاز كەچكەن لەنتى دادا ھەممە نەرسىلەردىن مۇستەسنا ھالدا ئۆزىنىڭ خوشاللىقى، پەسكەشلىكى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى. ئۆزىنىڭ ئاتىلىق مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە قىلچىلىك ئويلاپ باقمىدى...دىلنازنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى ئۇزىراپ كىتىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپلا ئەكرەمنى ئەسلەپ قالدى. "ئەكرەم سەلىمەنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغانمىدۇ؟ بالىسى توغرىسىدا ئويلۇنۇپمۇ باققانمىدۇ؟. بۇ ئۇماق ئەختەمجاننى كۆرۈپ باققانمىدۇ؟.." دىگەنلەرنى ئويلىدى. ئويلىدىيۇ دەرھاللا "ئۇ ئادىمى ھايۋان بۇ توغرىدا ئەسلا ئويلىمايدۇ. ئۇنىڭغا بۇزۇقچىلىق، پەسكەشلىك بولسىلا بولىدى .." دەپ ئۆزىنىڭ سۇئالىغا ئۆزى يەكۈن چىقىرىۋەتتى... دىلناز خىياللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇخلاشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ يەنىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ بىردەم يېتىپ، بىردەم قوپۇپ بىر ھازا ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. ھەر قېتىم باللىنىڭ كىسىلگەن پۇتىغا قارىغاندا ، ھېلىقى ئەسكى ئەبلەخنىڭ ئۆتكۈر تىغ بىلەن باللىنىڭ پۇتىنى چانىغان كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىغا كىلىۋېلىپ قىلدەك تولغاندى. ھەر ئازاپلانغىنىدا باللىغا ھىسداشلىق قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ئىشلارغا سەۋەپچى بولغان ۋاپاسىز، مەسئۇلىيەتسىز ھايۋان ئەكرەمنى ئىچىدە نەچچە مىڭ رەت تىللاپ چىقتى...

دىلناز ئەتىسى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئەختەمجانغا قاراپ بىر كۈن دەرس تاشلاش نىيىتىگە كەلدى. باللىنىڭ ئاخشام يۇيۇپ قويغان كىيىملىرىنى چىرايلىق دەزماللاپ چىقتى. باللىغا ئوخشۇتۇپ ئەتىگەنلىك ناشتا تەييارلىدى. چۈشكىچە قىنىپ ئۇخلاپ ئويغانغان باللىنى مېھرى بىلەن سۆيۈپ ، ئۇنىڭغا ناشتىلىق بەرگەندىن كىيىن ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سىرتقا ئېلىپ چىقتى. دىلناز ئۆزىنى بۇگۈن باشقىچە روھلۇق تۇتۇپ ئويناقشىپ مېڭىۋاتقان ئەختەمجانغا قاراپ ئۆزىمۇ باشقىچە خوشال بولدى. خۇددى ئۆز باللىسىنىڭ مېھرىگە ئېرىشكەندەك ھاياجانلاندى. شۇ ۋاقىتتا دىلناز بۇگۈن سەلىمەگە تېلىفۇن قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئىسىگە ئالدى-دە، تۇنۇگۈنكى تۇنۇش نومۇرغا قايتىدىن تېلىفۇن ئالدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ خوشاللىقى يەنە سۇغا چىلاشتى. ئۇ بۇ كاتتا خوشخەۋەرنى دوستىغا دىيىشكە ئالدىرىغانسېرى ئۇنىڭ تېلىفۇنى پەقەت ئېچىلمايۋاتاتتى.

دىلناز ئەختەمجاننى بازار ئارىلىتىپ ئۆنىڭغا ئەڭ چىرايلىق كىيىمدىن بىر يۈرۈش ئېلىپ بەردى. ئۆچىسىدىكى كونا كىيىملەرنى سالدۇرۇپ ئۇنى باشتىن ئاخىر يېڭىلاپ چىقتى. دىلناز يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ باشقىچە ئۇماقلىشىپ كەتكەن بالىغا قاراپ ھەيران قالدى. "ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى" دىگەندەك ئەختەمجان شۇ تاپ ئادەمنىڭ يەۋالغۇسى كەلگۈدەك بوپ قالغان ئىدى. دىلناز مانا ئەمدى رەسىمدىكى ئۇماق ئەختەمجاننى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ مەسىلىكىنى كەلتۈرۈپ تاتلىق كۈلۈشىگە قاراپ يەنە ئۇنىڭغا قايتىدىن بىر يۈرۈش كىيىم سېتىۋېلىپ قايتىپ كەتتى.

ۋاقىت ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ نۇرانە قۇياشمۇ تاغ كەينىگە پاتتى. ئالەمنى يەنە قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. تۈن پەردىسى يېپىلغانسىرى دىلناز جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ بۈگۈن سەلىمەگە 10قېتىمدىن ئارتۇق تېلىفۇن قىلغان بولسىمۇ ، تېلىفۇن ھازىرغىچە ئېچىلمىغان ئىدى. ئۇ ئەمدى بىر ئامال قىلمىسا بولمايتتى. بالىنى دەپ بۈگۈن بىر كۈن دەرس قالدۇردى. ئەمدى ئەتە قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆگۈنچۇ؟...دىلنازنىڭ خوشاللىقى غەمگە ئۆزگەردى. ئۇقۇش پۈتتۈرىدىغان ئاخىرقى مەزگىللەردە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇش بەك مۇھىم ئىدى. يېقىندا ئېلىنىدىغان ئىمتاھانلارغا ياخشى تەييارلىق قىلىشى، ئىلمى ماقالىلەرنى تەييارلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ بالىنىڭ شۇنچىلىك خوشال ھالدا تېلىۋىزور كۆرىۋاتقان ھالىتىنى كۆزەتكەچ، ياتاق ئىچىدە ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. بالىنى ئەتىلا پويىز ياكى ئايروپىلان ئارقىلىق يولغا سېلىپ قويۇشنى ئويلىدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى. ئاران بىر تاپقاندا بالىنى يەنە يۆتىلىپ قويۇشتىن، ئەسكە ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ ئۇقۇشىنىڭ تۆگىشىگە يەنە بىر ئاي بار ئىدى. دىلناز مانا مۇشۇنداق نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىغاندىن كېيىن، ئاخىرى يەنىلا شۇ ئاجىزلارنىڭ باشپاناھى بولغىن قۇربانجان ئاكىنى ئىزدەپ ياردەم سوراشنى مۇۋاپىق تاپتى...

ئەختەمجاننى قۇربانجاننىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەلگەن دىلناز غەمدىن خېلىلا يېنىكلەپ قالدى. قۇربانجان بىلەن ئايالىنىڭ

ئەختەمجاننى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ھىسداشلىق قىلغان، كۆز يېشى ئىچىدە ئۇنى باغرىغا باسقان، ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىلىق مېھرى بىلەن مۇئامىلە قىلغان كۈرۈنۈشلەر ئۇنى راستىلا خاتىرجەم قىلغان ئىدى. ئۇ ئەختەمجاننىڭ قۇربانجان ئائىلىسىدە ئوبدانلا ئەسلىگە كېلىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

دىلناز ياتاققا كېلىپ ئالدىراش كارۋاتقا چىقتى. شىياۋياڭدىن 2كۈنلۈك ئۆتۈلگەن دەرس ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ بىر-بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. تۈنۈگۈن بىر كىچە كىرپىك قاقماي چىققاچقىمۇ ئۇنىڭ كىتاپ تۇتقان قوللىرى پات-پات پەسكە سىرىلىپ كېتەتتى، خەت ئۇقۇۋاتقان چىرايلىق كۆزلىرى پات-پات يۇمۇلۇپ قالاتتى. ئۇ دىققىتىنى يىغىشقا شۇنچە تىرىشتى. ئۇستەل ئۇستىدىكى ئىستاكاندىن چاي ئىچىپ باقتى، بېشىنى قايتا-قايتا سىلكىپ باقتى. لېكىن شېرىن ئۇيقۇ يەنىلا ئۇنى ئاستا-ئاستا ئۆز قوينىغا ئېلىپ بىردەمدىلا ئۇنى پەپىلىتىپ ئۇخلىتىپ قويىدى...دەل شۇ ۋاقىتتا دىلنازنىڭ تېلېفۇنى تۇيۇقسىز سايراپ، ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنگەن دىلنازنى چۆچۈتىۋەتتى . تېلېفۇن بىر قانچە قېتىم قايتا-قايتا سايراۋەرگەندىن كېيىن، دىلناز ناھايىتى خوشياقمىغان ھالدا تېلېفۇننى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

-ۋەي...-دىلناز كۆزىنى يۇمغان پېتى تېلېفۇننى قولىقىغا چاپلىدى.

-دىلنازما سەن جېنىم بالام. مەن ئاپاڭ...

ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان دىلناز دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

-ھە. ئاپاما...ئوبدان تۇردىڭمۇ؟

-ئوبدان تۇردۇم تاتلىق بالام. ئۆزەڭچۇ؟

ـ ياخشى ئاپا .ـ ئاپىسىنىڭ بۇ كىچىدە تېلېفون قىلغىنىدىن ھەم خوشال بولغان ھەم ھەيران قالغان دىلناز ئالدىراپ سورىدى.ـ ھە راست ئاپا ، بۇ كىچىدە ئەجەپ تېلېفون قىلىپ قاپسەنغۇ؟

ـ بەك مۇھىم ئىش بار ئىدى بالام . بەك مۇھىم ئىش. ئەتىگەندىن بىرى ساڭا تېلېفون ئۇرغۇم كېلىپ ئولتۇرالمايلا قالدىم. شۇڭا دەرس ۋاقتىدا ئاۋارە قىلماي دەپ ھازىر ئۇرۇۋشۇم...

ـ نىمە مۇھىم ئىشتى ئۇ ئاپا؟ـ دىلناز ئاپىسىنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازىدىن ئەجەپلەندى .

ـ خوشخەۋەر بالام . ناھايىتى ياخشى خوشخەۋەر.

ـ ۋاي ۋۇي ئاپا...نىمانداق ھاياجانلىنىپ كەتتىڭىزا . مىنى جىددىيلەشتۈرمەي تېزراق ئېيتقىنا. نىمە خوشخەۋەر ئۇ؟...

ـ ماقۇل بالام ماقۇل. شۇ تاپ خوشلۇقۇمدا ئېغىزىمغا گەپمۇ كەلمەيۋاتىدۇ مىنىڭ. بىلەمسەن جېنىم قىزىم ، نۇردۇن ئاكاڭ ئاجرىشىپ كىتىپتۇ. ئاجرىشىپ كىتىپتۇ...

ـ نىمە؟ ئاجرىشىپ كىتىپتۇ.ـ دىلناز ئېغىزىنى تۇتۇپلا قالدى.ـ توۋا دىگىنە ئاپا، توۋا دىگىن...ئېلىشىپ قالمىغانسەن ؟ مۇشۇمۇ خوشخەۋەرما ئەمدى ، ئاجرىشىش خوشال بولىدىغان ئىشما...

ـ ئەلبەتتە جېنىم قىزىم. نۇردۇننىڭ ئاپىسىنىڭ دىيىشىچە نۇردۇننىڭ ئايالى تۇغماس چىقىپتۇ. 5يىلدىن بىرى كۆرسەتمىگەن دوختۇرخانىسى، قىلمىغان داۋاسى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېخى يېقىندىلا ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بوپتۇ...

ـ بەك قىزىقكەن سەن ئاپا، يېشىڭ چوڭايغانسىرى بىر قىسىملا بولۇپ

قىلىۋاتىسەن. باشقىلار ئاجراشسا ھىسداشلىق قىلىش تۈگۈل خوشال بولۇشىڭ بەك قىزىققۇ سىنىڭ...

ـ ئىمىسى قىزىق بالام، ئىمىسى قىزىق. شۇ سىنى دەپ خوشال بولمامدىمەن. بىلىسەنغۇ، مەن بۇرۇنلا ئۆمەر ۋالى بىلەن قۇدىلىشىنى ، نۇردۇننى بالا قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ، لېكىن تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن بىشىڭ ئاۋۇ ئىجىسقا باغلىنىپ قېلىپ ئارزۇيۇم كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتتى. مانا ئەمدى سىنىڭ ئاجراشقىنىڭنى بىلگىنىدەك نۇردۇنمۇ ئاجرىشىپتۇ. شۇڭا ئەمدى سىنىڭ بىشىڭمۇ ئوڭشىلىدىغان بولدى بالام. مەن چۇقۇم يولىنى قىلىپ ئىككىڭلارنىڭ بىشىنى قوشۇپ قويىمەن...

ـ ئىمە ؟ـ دىلناز ئاپىسىنىڭ بىمەنە گەپلىرىنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى. ـ نەدە ئۇنداق ئىش بولىدۇ ئاپا...بۇ مۇمكىن ئەمەس ، مۇمكىن ئەمەس.

ـ ئىمىسى مۇمكىن ئەمەس بالام. جاھاندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق. ھېچقانداق ئىۆەن يوق نۇردۇن بىلەن توي قىلساڭ ئىمىسى بولمايدىكەن. ئاۋۇ ۋارىس دىگەن تۈزكور ھايۋان نۇردۇن ئاكاڭنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇشۇپ بىرەلمەيدۇ. سەن ئەسلىدىمۇ ئاشۇ يىگىتكىلا مۇناسىپ كىلەتتىڭ جىنىم بالام.

ئاپىسىنىڭ ۋارىسنى "تۈزكور ھايۋان" دەپ تىللىغىنىنى ئاڭلىغان دىلنازنىڭ ئىمىشقىدۇر غۇچچىدە ئاچچىقى كەلدى. ئاپىسىغا قاتتىق تىگىشنى ئويلىدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى.

ـ بولدى جىنىم ئاپا . بولدى. بۇنداق بىمەنە خىياللارنى قىلما، ھەر ئىككىمىز ئاجراشقان بولساق، چۇقۇم بىر ـ بىرىمىز بىلەن توي قىلىشىمىز كىرەكمىكەن. بۇ نەدە مۇمكىن بولىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئويلىغىنى بولىدۇ ئاپا. ياخشى كۆرىدىغىنى بولىدۇ. شۇڭا سەن ئارتۇقچە ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرمە بولدى.

ـ ئىمىسى ئارتۇق ئىش بۇنىڭ ، بالىسىنىڭ توي ئىشىغا باش قاتۇرۇش،

بالىسىنىڭ بەختىنى ئويلاش ئارتۇق ئىشما. سەن ئاددى قارىغىنىڭ بىلەن ماۋۇ ئاتا ـ ئانا بولغان ئادەم بەرداشلىق بىرەلمەيدىكەن بالام. يىگىنىمىز يىگەن ، كەيگىنىمىز كەيگەن بولمايدىكەن، ئۇيقۇمۇ ئۇيقۇ بولمايدىكەن. بىلسەڭ، مىنىڭ پۈتۈن ئەس يادىم سىنىڭ نىكاھ ئىشىڭدىلا قالدى بالام. ساڭا ياخشى بىر ئەر تېپىشتىلا قالدى.

ـ بولدى ئاپا، سەن ئارتۇقچە باش قاتۇرما. مىنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار. مەن چۇقۇم يۇقالغان بەختىمنى قايتۇرۇپ كىلەلەيمەن...

ـ مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتتە قايتۇرۇپ كەلمىسەڭ قانداق ۋاقىتتا قايتۇرۇپ كىلىسەن بالام. ساڭا دەپ قويۇاي، بۇ خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن بىر پۇرسىتى، بىر مەرھەمىتى. ئەمدى بۇدامۇ بۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋالالمىساق مەڭگۈ ھەسرەتتە قالىمىز. مەڭگۈ پۇشايماندا قالىمىز...

دىلنازنىڭ تىڭلىغان تۇتقان قۇللىرى تىلىپ، ئەمدى ئارام ئېلىشقا باشلىغان نىرۋىلىرى يەنە قايتىدىن چاراسلاپ ئاغرىشقا باشلىدى. دادىسىنىڭ قايسى كۈنىدىكى نۇرگۇلنىڭ ئالدىغا چىقىش، ئۇنى ئوبدان كۈتۈش...توغرىسىدىكى قايتا ـ قايتا تاپىلاشلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ گەرچە ئاپىسىنىڭ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن مۇشۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ناھايىتى بىمەنە ھىس قىلدى. ئۆز ـ ئۆزىگە "بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن " دەپ پىچىرلىدى.

ـ ئەمدى بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ ئاۋارە بولما ئاپا. ساڭا دەپ قويىمىسام زادى بولمىغۇدەك . مىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بار.ـ ئاپىسىنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ قويۇشنى نىيەت قىلغان دىلناز بۇ سۆزنىڭ ئېغىزىدىن قانداق بولۇپ چىقىپ كەتكىنىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

ـ راسما دىلناز. مەن سىنى يەنە شۇ ۋاپاسىزنى ئويلاپ يۈرەمدىكىن دىسەم باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن. شۇ تاپ مىنى بەك خوش قىلىۋەتتىڭغۇ ئالتۇن قىزىم. ھەر راست، ئۇ بىيجىڭدا خىزمەت قىلامدۇ؟ ئۆزى

قانداقراق يىگىت ؟ ئۇمۇ سىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

دىلناز ئاپىسىنىڭ كوتۇلداشلىرىدىن بىئارام بولۇپ، ئۇنىڭ ساناقسىز سوئاللىرىنى جاۋاپسىز قالدۇردى.

- بولدى ئاپا ئەمدى مىنىڭ بېشىمنى ئاغرىتما. ئەمدى بۇ ئىش توغرىسىدا قايتا تېلېفۇنمۇ قىلما...هازىر ئىمتاھان ۋاقتى بوپ قالدى. مەن ياخشى تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ...قالغان ئىشلارنى مەن قايتىپ بارغاندا بىلىپ قالىسەن...

دىلنازنىڭ ئەمدى ئاپىسى بىلەن پاراڭلىششقا رايى قالمىغان ئىدى . ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەرسە يەنە تۈگىمەس سوئاللارنى قويىشى، ھەر خىل پىلانلارنى تۈزىشى ئېنىق ئىدى. ئۇ دەققە گاڭگىرىغاندىن كىيىن، يەنە نىملەرنىدۇ دىيىشكە تەمشەلگەن ئاپىسىنىڭ گەپ قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەي ، "بولدى ئاپا، كىيىن كۆرىشەيلى. سالامەت بول، ياخشى چۈش كۆر..."دىگىنىچە تېلېفۇننى ئالدىراپلا ئۈزىۋەتتى.

تېلېفۇننى ئۈزگەن دىلناز ھەسرەتلىك بىر تىندى. بايىقى تاتلىق ئۇيقۇ نەلەرگىدۇ يۇقۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزگە ئوخشاش بەختسىز بوپ قالغان نۇردۇن كىلىۋالدى. تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلى پەرزەنتلىك بولالماي ، بىر بەختلىك ئائىلىسى ۋەيران بولغان نۇردۇن ۋە ئۇنىڭ بەختسىز ئاياللىغا ئىچ ئاغرىتتى. دىمىسىمۇ ، ئائىلە بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ھەر خىل بولاتتى. بەزىلەر پاك مۇھەببەتكە خائىنلىق قىلىپ ئائىلىسىنى بۇزسا، بەزىلەر پۇل، مال-دۇنيا ئۈچۈن ئائىلىسىنى بۇزاتتى. يەنە بەزىلەرنىڭ بەختلىك ئائىلىسى نۇردۇنغا ئوخشاش پەرزەنت بولالماسلىق سەۋەبىدىن بۇزۇلاتتى...دىلناز تۇرۇپلا ئاپىسىنى جاۋاپسىز قالدۇرغان سوئاللارنى ئويلىدى. "ئۇمۇ سىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟" دىگەن سادا قۇلاق تۈۋىدە خىلى ئۇزاق جاراڭلىدى. ئەپسۇس، ئۇ بۇ سوئالغا جاۋاپ بىرىشكە ھازىر ئاجىز ئىدى. ئۆزىنىڭ ۋارسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنسىمۇ، لىكىن ئۆزىنى ئۇمۇتسىز قالدۇرغان ۋارسىنىڭ نىمە ئويلايدىغىنى ، كىملەرنى ياخشى

كۆرىدىغانلىقىغا ئۇ ھېچنەرسە دېيەلمەيتتى. بۇ ھازىرچە دىلنازغا بىر سىر ئىدى. كىچە بىر چاغ بولغاندا دىلناز ئۆز تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ خىلمۇ-خىل خاراكتېرلىرىنى سېلىشتۇرغاچ ئۆزىنىڭ قانداق ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى...

بېيجىڭنىڭ بىر كاتتا مېھمانخانىسىغا ئورۇنلۇشۇپ بىر كۈن ياتاقتىن چىقماي ئارام ئالغان ئەكرەم بىلەن رەيھان ئەتىسى دەرھاللا ھېلىقى خوجايىن بىلەن ئالاقىلاشتى. تېلېفوندا خوجايىن بىلەن خېلى ئۇزاق سودىلاشقاندىن كېيىن كۆرۈشىدىغان جاينى بېكىتتى. بانكىغا بېرىپ ئامانەت كارتىسىدىن پۇلنى ئاجراتقاندىن كېيىن بىر يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ سودىنى پۈتتۈردى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى ناھايىتى جىددىيلىك ئىچىدە بىجىردى. خۇددى بىرسى ئارقىسىدىن نازارەت قىلىپ تۇرغاندەك، ھەممە يەردە كۆزىتىش كامىراسى ئورنىتىلغاندەك يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سوقتى . گەرچە ئۇلارنى بۇ يات شەھەردە باشقا ئادەملەر تونۇمىسىمۇ، ھازىرغىچە قىلىپ باقمىغان بۇ چوڭ سودا ۋە چامادانىدىكى 300گىرام ساپ خىروئىن ئۇلارنى يەنىلا چىپ-چىپ تەرلىتىۋەتكەن ئىدى.

ئامراق ئەر-خوتۇنلاردەك ياسانغان ئەكرەم بىلەن رەيھان سودىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەنسىزلىك ئىچىدە ياتاققا قايتىپ كەلدى. ئەكرەم ياتاققا كىرىپلا خۇددى بىرسى ئارقىسىدىن قوغلاپ كىرىدىغاندەك ئىشىكنى چىڭ قۇلۇپلاپ يېنىك ئۇھ تارتىپ ئىشىككىلا يۆلەندى. پىشانىسىدىن ئاققان تەرلەرنى كۆينىكىنىڭ پېشى بىلەنلا ئېيتىپ، يەرگە قويۇلغان قارا چامادانىنى ئىگىشىپ سۆيدى . ئۇ شۇ تاپ بۇنداق چوڭ سودىنى بىجىرىپ بىر تەرەپتىن قاتتىق جىددىيلەشكەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كىيىنكى پايدىسىنى ئويلاپ قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتاتتى.

ئەكرەم بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇچىسىدىكى تەرلەپ

كەتكەن كۆينەكنى سىلىپ ، ئەتىسىز ئۇرۇق جىسمىنى كارۋاتقا تاشلىدى. جىددىيلىكنى پەسەيتمەكچى بولىدىمۇ كارۋات بېشىدىكى تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ قىنىپ شورىدى:

ـ ئۇھ، ئەجەپ جىددىيلەشتىم دىسە. ھازىرغىچە نى-نى ئىشلارنى قىلغان بولسامۇ بۇگۈنكىدەك جىددىيلەشمىگەن ئىدىم.

ـ شۇنداقمۇ.ـ ئەكرەمنىڭ كۆكرىكىگە چىكىلگەن بۇركۈتنىڭ سۈرىتىگە قاراپ ئولتۇرغان رەيھان مىيىغا كۈلدى.= سىزدەك نوچىلارمۇ جىددىيلىشىدىكەن ھە...

ـ جىددىيلەشمەي ئەمسە. بۇ يابىر كىچىك سودا بولمىسا. ئەگەر پاش بۇلۇپ قالىدىغان بولساق ھەممىمىز تۆگۈشىدىغان گەپ.ـ ئەكرەم رەيھاننىڭ سۆزىدىن نارازى بولدىمۇ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى.

ـ رەيھان بار يەردە ھىچ ئىش بولمايدۇ.ـ رەيھان ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك ئەكرەمگە كۆزىنى قىستى. ـ ماڭا تېخىچە ئىشەنمەمسىز نىمە؟

ـ ساڭىغۇ ئىشىنىمەن. لىكىن بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسلا بولاتتىغۇ.

ـ نىمە ئىش چىقاتتى ئەكرەم، مانا سودىمىزنى بىر ئوبدان قىلىۋالدۇق. ئەمدى ئۇرۇمچىگە بارساقلا بۇگۈنكى زىيىنىمىزنى نەچچە ھەسسە قىلىپ قايتۇرىۋالىمىز. ھاردۇقىمىزمۇ شۇنىڭ بىلەن چىقىپ قالىدۇ.ـ رەيھان نازۇك بارماقلىرى بىلەن چامادانىڭ ئۈستىدىن بوش سىپاپ قويىدى .= ئەمدى تازا بىيىپ كىتىدىغان بولدۇق ئەكرەم.

ـ دىگىنىڭ كەلسۇن رەيھان.ـ كارۋاتتا سۇزۇلۇپ ياتقان ئەكرەممۇ دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ چامادانغا قولىنى ئاپاردى .ـ مۇشۇنداقلا بولسا بۇندىن كىيىن تېخىمۇ بېيىپ كىتىمىز رەيھان. قاراپ تۇر ، پات يىقىندا ئەڭ كاتتا

مىلىيۇنىرلاردىن بۇلۇمىز تېخى...بايا ھېلىقى پاكىستانلىق خوجايىن بىلەن دېيىشىپ قويدۇم. ئۇ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ مال بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى.

-شۇنداقمۇ.-ئەكرەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ رەيھاننىڭ كۆزلىرى ئوينىاپ كەتتى. "مىلىيۇنىر" دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىنى بوش سىيپىدى. كۆز ئالدىغا چەتئەل كىنولىرىدىكى زەردار ئاياللارنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسى، داڭلىق ماشىنىسى، ئېسىل كىيىم-كېچەك، قىممەت باھالىق زىبۇ-زىننەتلىرى كېلىۋالدى.

چامادانىدىكى "ئالتۇن"غا قاراپ رەيھانغا ئوخشاشلا چوڭ-چوڭ پىلانلارنى تۈزىۋاتقان ئەكرەمنىڭ تۇرۇپلا نىمىشقىدۇر بايىقى خوشاللىقلىرى چىرايىدىن ئاستا =ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. ئۇ كەلگۈسىدىكى شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ ھاياجانلىنىۋاتقان رەيھانغا بىر پەس قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىنى بوش نوقىدى.

-ھەر راست رەيھان. بۇ سودىمىزغۇ ئوبدان يۈرۈشتى. ئەمدى بۇلارنى ئەكىتىش مەسلىسى مۇھىم بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا بىرەر ئامال ئىزدىسەك بولاتتى.

رەيھان ئەكرەمنىڭ تۇرۇپلا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشۈيۈپ كېتىشىگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

-ھا، ھا، ھا...مۇشۇنىڭغا بېشىڭىز چۈشۈپ كەتتىما ئەكرەم. بۇنىڭغا سىز باش قاتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن ھەممىنى تەييارلاپ قويغان.-رەيھان دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭغاچ ئەكرەمنىڭ ئەندىشىسىنى يۇقۇتۇشقا تىرىشتى.- سەل ساقلاپ تۇرۇڭ ئەكرەم. مەن ياتىقىمغا چىقىپلا كىرەي. بۇ ئىشنى بىردەمدىلا پۈتتۈرۈپ بولۇمىز.

رەيھان دىگەندەك بىردەمدىلا ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ساياھەتكە چىققاندا ئىشلىتىدىغان كىچىك قول چايدىنى تۇراتتى. ئۇ چايداننى ئۆزىنىڭ نىمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئەكرەمنىڭ ئالدىغىلا قويدى.

-قاراپ بىقىڭ ئەكرەم. سىزنىڭچە بۇ قانداق؟ -رەيھان ئەكرەمگە سۇئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

-بۇ....بۇ.... -ئەكرەم رەيھاننىڭ بۇ چارىسىدىن پەقەت رازى بولمىغاندەك لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى. -بۇنىڭغا چاي قاچىلامتىمىز ياكى مالنىمۇ؟

-ئەلبەتتە مالنى دە . مانا مۇنداق...

رەيھان بىردەمدىلا چايداننىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش ئەينىكىنى ئاجرىتىپ ھېلىقى خالتىلارنى چايداننىڭ ئىچىگە جايلاپ ئەسلى ھالىتىگە ئەكىلىپ قۇراشتۇرۇپ بولدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى خۇددى ئۇستا سېھرىگەردەك بىردەمدىلا بىجىرىپ ، ئەكرەمنىڭ كۆزلىرىگە "قانداق؟" دىگەندەك مەنىلىك قاراپ كۈلدى. ئەكرەم كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ تاپ رەيھاننىڭ ئەقىللىقلىقىغا راستىنلا قول قويىۋاتاتتى. نەچچە كۈندىن بىرى بۇ مالنى قانداق يۆتكەپ كىتىش توغرۇلۇق كىچە-كۈندۈز باش قاتۇرۇپ كەتكىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. ئۇ چايداننى قولىغا ئېلىپ بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كىيىن، خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن ھىس قىلدى.

-ساڭا قول قويىمەن رەيھان . قول قويىمەن. مەن باشتىلا سىنى خاتا تاللىمىغان. ھازىرغىچە مەن ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن بىجىرىپ كىلىۋاتىسەن. سەن ھەقىقەتەن قالتىس . راستىنلا قالتىس...-رەيھانغا قاراپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتقان ئەكرەم ئولتۇرالماي قالدى.- بۈگۈنكى مۇۋەپپىقىيىتىمىزنى ئوبدان بىر تەبرىكلىسەك قانداق

رەيھان. بۈگۈن تازا پۇخادىن چىققۇچە بىر كۈگۈل ئاچايلى...بولامدۇ؟

ـ ئەلبەتتە بولىدۇ... ـكۈگۈل ئىچىشنىڭ گىپىنى ئاڭلىغان رەيھاننىڭمۇ گۈل قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. =قېنى سىز دەڭ ئەكرەم، قانداق تەبرىكلەيمىز..

ـ بىرەر كەچلىك كۈلۈپقا بېرىپ تازا ئىچىپ كىلەيلى. مىنىڭچە بۈنداق چوڭ شەھەرنىڭ كەچلىك كۈلۈپلىرىمۇ تازا قىزىيدىغۇ دەيمەن....ـئەكرەم رەيھاننىڭ كۆزلىرىگە قاراپ سىرلىق كۈلۈمسىرىدى ـ قالغىنى سەن بېيجىڭغا نەچچە قېتىم كەلگەن بولغاچقا بۇ يەرلەرنى تازا ئوبدان بىلسەن ...

ـمەن نەدىن بىلەي.ـ رەيھان ئەكرەمنىڭ ئۆزىنى بۇززۇق ئۇيۇنچى قىز قاتارىدا كۆرىۋاتقانلىقىدىن جۇدۇنى ئۆرلىگەندەك بولدى.ـيا مەن بۇ يەرگە كۈگۈل ئاچقىلى كەلمىگەن تۇرسام . شۇ سىزنىڭ سودىڭىزنى بىجىرىپلا قايتىۋاتىمەن.

ـبولدى، بولدى...چاقچاق قىلىپ قويدۇم. خاپا بولمىغىنا بىر. بەك بولمىسا مۇشۇ ياتاقتىلا تەبرىكلەيلى...

ـتوختاڭ...ـرەيھان نىمشقىدۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ، قېنىق گىرىم قىلغان چىرايىغا ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈردى.ـ ئىسىمگە كەلدى. مىنىڭ بۇ يەردە بىر تۇنۇشۇم بار. ئۇ پۈتكۈل بېيجىڭنىڭ ھەممە يىرىنى بىلىدۇ. بىزنى شۇ باشلاپ بارسۇن بولمىسا.

ـ ئۇ كىم ئەمدى؟ـئەكرەم رەيھاننىڭ ھاياجانلىنىپ كىتىشىگە ھەيران بۇلۇپ سورىدى.

ـ مەن تۇنجى قېتىم بالا سودىسىدا تۇنۇشقان خوجايىن. ئىسمى ئەركىن . مەن ھېلىقى 4 بالىنى شۇنىڭغا ساتقان.

ـ بولىدۇ ئەمسە...ھازىرلا ماڭايلى...

ئـالا ـ يېشـىل چىـراقلار جىمىـرلاپ تۇرغـان يەر ئاسـتى كۇلـۇپ . ئۈستەل=ئۈستەللەردە لىقمۇ ـ لىق ئىچىملىك. غەلىتە كىيىنگەن قىز ـ ئۇغـۇللار بىـر ـ بىـرىگە چىرمىشـىپ ئىشـرەت كوچىلىرىغـا سـىڭىپ كەتـكەن مەنزىـرە. كۇلۇپنىڭ دەل ئوتتۇرىسـىدىكى كىچىك سـەھنىدە ۋىجىككىنە كەلگەن بىر ئۇيغۇر قىز يېرىم يالىڭـاچ ھالـدا قايىـسى بىـر چەتئەلنىڭ ئۇسـۇل ھەرىكىتىنى دورىماقتا. تور چۇمبەل ئۇستىدىكى قاپ ـ قارا كـۆزلىرىنى ئەتراپتىكى شـەھۋەت يېنىـپ تۇرغـان كـۆزلەردىن قـاچۇرۇپ يېـرىم يالىڭـاچ بىلىنـى ھەر يانغـا چايقىماقتا. كۇلۇپ ئىچىدىكى ئـالا ـ تاغىل ۋاقىـراش ـ جاقىراشلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئەبجەش مۇزىكا قۇلاقلارنى ئاغرىتماقتا.

سەھنىنىڭ يېنىغىلا قويۇلغان ئۈستەلنى چۆرىـدەپ ئولتۇرغـان ئەكرەمنىـڭ كـۆزى سـەھنىدىكى قىزنىـڭ بېلىقتەك ئەۋرىشـىم بەللىرىـدە بـولغىنى بىـلەن كۆڭلى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كىتىۋاتقان رەيھان بىـلەن ئەركىنـدە ئىـدى. ئـۇ كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا ئۇلارغا تازا بىر ئالىيىپ قاراپ قويغاندىن كىيىن ئالدىدىكى پىۋا بوتولكىسىنى كۆتىرىپلا ئىچىۋەتتى. ئۇ ھازىرغىچە رەيھانغا باشقىچە نىيەتتە بولۇپ باقمىغان ئىدى . ئۇنى دائىم پەسكەش ئىشلار بىلەن مەشغول بـولغىنى ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشقا پەقەت رايى بارمـايتتى. ھەم ئـارتۇقچىمۇ تەلەپ قويمايتتى. نىمىشقىدۇر بۈگۈن ئۇنىڭ غۇچچىدە ئاچچىقى كەلدى. قاراپ تـۇرۇپ ئـۆزى بىـرگە ئېلىـپ كەلـگەن قىزنىـڭ باشـقا نـاتۇنۇش ئەبلەخنىـڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىنى قـاتتىق دەپسـەندە قىلغـان ئىـدى . ئـۇ نەچـچە قېـتىم رەيھاننىـڭ قولىـدىن تـارتىپلا قېشـىغا ئەكىلىۋېلىشنى ئويلىغـان بولسىمۇ، لـېكىن جـۈرئەت قىلالمىـدى. ئـۇ ئۆزىـدىن خـېلىلا گەۋدىلىــك بــۇ ئەبلەخنىــڭ قورقۇنۇچلـۇك كۆكـۈش كۆزلىرىــدىن ئەيمەندىمۇ، ئۇنىڭغا ساختا كۈلۈمسىرەپ قويۇشـتىن باشـقا ھېچقانـداق ئىپـادە بىلدۈرەلمىـدى. ئـۇ بـۇ يەرگە كەلگـۈچە رەيھانـدىن ئۇنىـڭ مۇشـۇ رايۇنـدىكى زومىـگەر كـاتتىۋاش ئىكەنلىكىنـى ، ئۇنىڭـدىن خېلـى=خېلـى نوچىلارنىڭمـۇ تەپتارتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئەكرەم خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كىيىن جىلە بولۇشقا باشلىدى. بۇ يەرگە خـۇددى مۇشـۇ ئىككـى بۇزۇقنىـڭ ئويـۇنىنى

كـۆرگىلى كەلگەنـدەك ئازاپلىنىـپ، ئـۆز گۆشـىنى ئـۆزى يىگـۈدەك بولـدى. رەيھاننىـڭ بـۇ ئەبلەخنىـڭ يېنىـدا نازلىنىـپ ئولتۇرۇشـىغا قـاراپ چىشـلىرىنى غۇچۇرلىتىــپ "هــۇ سىســىق جــالاپ، جــالاپلىقىڭنى مۇشــۇ يەردىمــۇ قىلىپتىكەنسەندە..." دەپ توختىماي غۇدۇڭشىدى.

ـ ئەكرەم باي. قارىسام يالغۇز زېرىكىپ قالغاندەك قىلىسەن. ساڭمۇ بىر ھەمرا تېپىپ بىرەيمۇ ؟

خىياللار ئىچىدە ئولتۇرغان ئەكرەم تۇيۇقسىز دۇلىسىغا "پاققىدە "سالغان ئەركىننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـ بو...بولدى. بولدى...ـئەكرەم نىمىشقىدۇر دۇدۇقلاپ كەتتى. كۆڭلىدە "سىڭلىڭ بولسا ئەكىلىپ بەر ئەبلەخ..."دەپ ئويلىـدىيۇ، لـېكىن يەنىلا خوشامەت بىلەن ھىجايدى.ـ بولدى رەخمەت ئاكا...رەخمەت...

ـ نىمە ئۇ "بولـدى، بولـدى" دىـگەن گەپ. ئەركەك دىـگەن بولغۇزۇپ بولۇپ بولدى دىگۈلۈك...ـئەركىن قولىدىكى تاماكىسنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ ، كۆكۈش ئىسـنى ئەكرەمنىـڭ يـۈزىگىلا پۈۋلـىدى. ـ ھەمـرا قىـزلاردىن قورقۇمسەن يە...

ئۆزىنى خېلى نوچى دەپ قارايدىغان ئەكـرەم ئامالسىز يەنە ئـاچچىغىنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى . ئەركىننىڭ ھەر بىر سۆزى خۇددى ئـۆزىنى مـازاق قىلىۋاتقاندەك بىلىنىسىمۇ، يەنىلا ئۆزىگە ھاي بېرىشـكە تىرىشـتى. ئـۇ كـۆزىگە كىرىپ كەتكەن ئاچچىق ئىسقىمۇ پەرۋا قىلماستىن باش ئىگىپلا تۇردى.

ئەركىــن بىردەمــدىلا بەزمىخانــا خوجــايىنى چاقىرىــپ ســەھنىدە ئۇســۇل ئويناۋاتقان قىزنى ئىشارە قىلىپ نىملەرنىدۇ پىچىرلىـدى. ئەركىننىـڭ ئالدىـدا بوينى ئىگىلىپ كەتكەن خەنزۇ خوجـايىن بىردەمـدىلا سـەھنىدىكى ئۇسـۇلچى قىزنى ئەكرەمنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قويدى.

رەيھانمۇ خېلىلا قىزىپ قالغان بولۇپ ئەركىنىنىڭ قۇچاقلىشى، ئۇ يەر-بۇيەرلىرىنى سىلىشىدىن ھۇزۇرلۇنۇپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ قالايلا دەپ قالغان ئىدى. گۇگۇگا چىراق نۇرى ئاستىدا ئەركىن ئۇنى ئامبۇردەك كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ ئويماقتەك لەۋلىرىگە ئاچىۋرىدەك سۆيەتتى. ئۇنىڭ كەڭ ئويمىلىق مايكىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان ئاپئاق ئەمچەكلىرىنى توختىماي مۇجۇيتتى. ئەكرەم قاتتىق بىئارام بولۇپ كەتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ كەيپتىن قىزارغان قىسىق كۆزلىرىنى يېنىدىكى قىزغا ئاغدۇردى. ئالدىدىكى كۆرۈنۈشلەر تەسىر قىلدىمۇ، يېنىدىكى قىزنىڭ تېخى تولۇق يېتىلمىگەن كۆكسىگە ئاچكۆزلەرچە قارىدى. تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن قىزنىڭ يېرىم يالىڭاچ ئاپئاق نازۇك بەللىرىگە قاراپ تۇرۇپلا تۇمۇر-تۇمۇرلىرىدا شەھۋەت ئوتى گۇرۇلدەپ كۆيگەندەك بولدى. ئۇ بىردەم ئىسمىنى يۇقاتقاندىن كىيىن قىزنىڭ بىلىنى قامالاپ ئالدى-دە، تەكەللۇپسىزلا قىزنى ئەتسىز بەدىنىگە چىڭ چاپلىدى.

-خوش بوپ قالاي ئاكا. ئۇنداق قىلماڭ...-قىزنىڭ ئاجىز ئىڭرىشى بىلەن قاپقارا چوڭ كۆزلىرىدىن 2 تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى.

قىزنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇشى ئەكرەمنىڭ قۇترىغان ھايۋانىۇ ھىسسىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتۇەتتى. ئۇ قىزنىڭ يىلىنىشىگە پەرۋا قىلماستىن ئۇنىڭ ئىڭىكىنى بار كۈچى بىلەن مۇجۇپ لەۋلىرىنى ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە ئاپاردى.

-جېنىم ئاكا. ئۇنداق قىلماڭ.ئۇنداق قىلماڭ...-قىز تۇيۇقسىز ئەكرەمنىڭ قولىدىن ئاجراپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپلا ئولتۇردى. مارجاندەك تۈكۈلۈشاتقان ياشلىرى بىلەنمۇ كارى بولماي ئەكرەمنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى. -مەن بىر يېتىم قىز ئاكا. بەختىسىز بىر قىز...ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. ماڭا ئۇنداق پەسكەشلىك قىلماڭ...

ئەكرەمنىڭ تۇرۇپلا جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئەركىنىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى خورلۇق ھېس قىلدى. ئەركەكلىك غۇرۇرى يەرگە

ئۇرۇلغاندەك بولدى. دىمىسمۇ ئەركىن ئۇنىڭ ئالدىدا "مانا بىر كىچىك قىزنىمۇ بويسۇندۇرالمىدىڭ. ھالىڭ شۇنچىلىككەنغۇ..."دىگەندەك سەت ھىجىيىپ ئولتۇراتتى. ئەكرەم ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان قىزنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كىيىن، قانداقتۇر بىر ئەشەددى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە يەنە قىزنىڭ ئۈزۈن چىچىدىن قامالاپ ئالدى-دە،قانلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قىساسكار جاللاتتەك تىكىلدى.

- قانداق ھالىڭ چوڭ جالاپ سەن ، پەسكەش ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەڭ قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ماڭا "پەسكەشلىك قىلماڭ" دەۋاتىسەنغۇ، قاراپ تۇرسام ئەتىدىن سەھىندە ھەممە ئادەمنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاپ غىلجىڭشىپ يۈرىسەن . ئەمدى مىنىڭ ئالدىمدا ئىسىللىشىپ قالغىنىڭما بۇ...-ئەكرەم تۇكۇرۇك چاچرىتىپ سۆزلىگىنىچە سىپىق تاماكا ھىدى سىڭىپ كەتكەن لىۋىنى قىزنىڭ لىۋىگە مەجبۇرلاپ چاپلىدى.

شۇ تاپ نەدىن پەيدا بولدىكىن تېخى 20ياشنىڭ قارىسىنى ئالمىغان بىر ئۇيغۇر يىگىت ئەكرەمنىڭ دولىسىدىن قامالاپ ئالدى-دە، ئەكرەمنىڭ كەيپىلىكتىن خۇدۇنى يوقاتقان جىسمىنى باركۇچى بىلەن يەرگە ئىتتىردى.

-ھۇ ھايۋان. ئۆزئېشىغا ئۆزى تۇپا چاچىدىغان لەنىتى ئەبگا، - پىۋا بوتولكىسىنى كۆتىرىۋالغان بالا ئەكرەمنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.- بۇ قىزغا يەنە چېقىلىدىغان بولساڭ ئادەم بولغىنىڭغا تويغۇزىۋېتىمەن...

بىردەملىك پاتپاراقچىلىقتا ھەممە ئۇستەلدىكى خۇدۇنى يوقىتىۋاتقان ئىچەرمەنلەر بىر چەتكە ئۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇ تاپ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۇسۇلى ياق نازۇك بەدىنىدىن ھۇزۇرلىنىشقا كەلگەن بۇ يات مىللەت ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ بىر مەيدان جىدىلىنى كۆرۈشكە تەييار بولغان ئىدى.

ئەكرەمنىڭ كەيپىلىك كۆزلىرىگە قان يۈگۈردى. ئالدىدىكى مۇشتۇمدەك گۆيىنىڭ نوچىلىقى ئۇنى لاغ-لاغ تىترىتىۋەتتى. ئۇ يېقىلغان پېتى ئەتراپقا بىر

قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئورنىدىن دەلدەڭشىپ قوپتى-دە، يېنىدىن پىچىقنى "شارت"لا قىلىپ سوغۇرۇپ ھېلىقى باللىنىڭ كۆكرىكىگە تەڭلەپ كەلدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئەركىن بۇ يەردە ئۆزى سەۋەپلىك بىر قانلىق ۋەقەنىڭ يۈز بىرىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن كىلىپ ئەكرەمنىڭ قولىدىن تۇتىۋالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقنى يۇلۇپ دىگۇدەك ئېلىپ، ھېلىقى بالىغا پوپوزا قىلماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەكىلىپ ئۇستەلگە سانجىدى.

-بەك نوچىغۇ سەن گۇي . قاراپ تۇرسام ئاكاڭ قارىغايىنىڭ ئالدىدا دوستۇمنى مۇشتلاپ يۈرىيسەنغۇ سەن...قېنى دىگىنە ، بۇ سىنىڭ سىڭلىڭمىتتى يە؟؟؟-ئەركىن ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان بىگىز بارمىقىدا قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋاقىرىدى.

-شۇنى دەيمەن. خۇددى مەن سىڭلىسىنى ئويىنغاندەك چىدىماي كەتتىغا بۇ ھارامزەدە...-ئەكرەممۇ ئەركىننىڭ تۇسۇشىغا قارىماي بالىغا قاراپ قولىنى شىلتىشقا باشلىدى.

-شۇنداق مىنىڭ سىڭلىم .-بالا قولىدىكى بوتولكىنى كۆتىرگەن پېتى قىزنى دەرھاللا قولتىقلىۋالدى، ئالدىدا ئۆزىنى يەۋەتكۇدەك قاراپ تۇرغان بىر جۈپ قورقۇنچلۇق كۆزگە مىختەك تىكىلدى .-قېنى قاراپ بېقىڭلار ، ئاۋۇ مەسلىكتىن، پەسلىكتىن خۇدۇنى يۇقاتقان كاللاڭلارنى ئوبدان سىلكىۋېتىپ قاراپ بېقىڭلار، شەھۋەتتىن قان قۇيۇلغان كۆزلىرىڭلارنى ئوبدان ئۇۋۇلىۋېتىپ قاراپ بېقىڭلار، بۇ سىلەرنىڭ سىڭلىڭلارغا ئوخشىمامدىكەن...

باللىنىڭ بۇ سۇئالىدىن تۇرۇپلا قالغان ئەركىن بىلەن ئەكرەم قىزنىڭ سۇلغۇن چىرايىغا قاراپ نىمە دىيىشنى بىلمەيلا قالدى. باللىنىڭ سۇئالىدىن يۈرىكىگە بىرىپ تەككەن قانداقتۇر بىر نەشتەردىن تىترەپ كەتتى.

ـ قېنى دىگىنە، بۇ زادى سىنىڭ نىمەڭ...ـ ئەركىن ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ۋىجىككىنە كەلگەن بالىنىڭ جەسۇر قىياپىتىگە كۆز يۈگۈرتتى.

ـ نىمەم بولاتتى. ئەلبەتتە سىڭلىم دە...ئەگەر سىلەرمۇ بىر ئۈيغۇر بولساڭلار، ئۇنداقتا بۇ قىز سىلەرنىڭمۇ سىڭلىڭلار ...ـ بالا قانداقتۇر بىر ئاچچىق ئەلەمدىن ئېغىر بىر خۇرسىنىدى.ـ قاراپ تۇرۇپ شۇنچە كۆپ يات مىللەت ئالدىدا ئۆز قىزلىرىمىزنى دەپسەندە قىلىشقا قانداقمۇ كۆڭلۈڭلار بارغاندۇ ھە...تېخى ماۋۇ بىچارە قىزنى بۇنداق پاسكىنا يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قويايلى، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ قىزلىرىنى قوغدايلى دىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن شەھۋەت ئىزدەۋاتىسلەر...قاراپ بېقىڭلار، ئوبدان قاراپ بېقىڭلار. بۇ تېخى كىچىك قىز تۇرسا. ئۆزەڭلارنىڭ قىزى دىمەتلىك بىر بالا تۇرسا. تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن نارىسىدە تۇرسا...سىلەر بۇ قىزنى ئۆز رازىلىقى بىلەن يېرىم يالىڭاچ ئۇسۇل ئوينايدۇ، مۇشۇ يەردە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭلارما. بۇ قىزنى ئاشۇ ئادەم قېلىپىدىن چىققان مەلئۇنلار بۇ يەرگە سېتىۋەتمىگەن بولسا ئۇ مۇشۇ يەرنى خالامتى ھە...خالامتى ...مۇشۇنداق پەسكەش تۇرمۇشنى خالامتى ...

سۆزلەپ بارغانسىرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان بالا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆمچۈيۈپلا قالدى. بايىقى غەزەپ پارتلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى. ئۇ قولىدا ئىگىز كۆتىرىپ تۇرغان بوتولكىنىڭ قانداق بولۇپ يەرگە چۈشۈپ پارە-پارە بولغىنىنىمۇ تۇيمىدى . بوتولكىنىڭ يەرگە چۈشۈپ چېقىلىشى بىلەن كۈلۈپىنىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. ئەتراپتىكى ئىككى ئۈيغۇرنىڭ جىددىلىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئادەملەر ئۇلارنىڭ نىمە دىيىشكىنىنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى ئۆزلىرىگە بىرەر ئاۋارىچىلىق تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرىدىمۇ بىر-بىرلەپ بەزمىخانىدىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى.

شۇ ئارىدا سىرتتىن تۇيۇقسىز ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى. جىددىيلىشىپ يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالاي دەپ قالغان كۈلۈپ خوجايىنى ئەركىننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىلىپ ئۇنىڭغا يىلىندى.

ـ بولدى لاۋبەن. بولدى...دەرھاللا ئارقا ئىشىكتىن چىكىتىڭ. بولمىسا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىسىز...قېنى دەرھال بولۇڭ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەركىنمۇ، ئەكرەممۇ جىددىيلەشتى. بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن ئەركىن دەرھاللا چاققانلىق بىلەن ئۈستەل ئۈستىدىكى پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، رەيھانىنىڭ قولىدىن تارتىپ كۆلۈپ خوجايىنىغا ئەگەشتى. ئەكرەممۇ بىردەم ھېلىقى بالىغا، بىردەم بىر بۇلۇڭدا شۈمشىيىپ يىغلاپ ئولتۇرغان قىزغا يەۋەتكۇدەك سەت ئالىيىپ ئەركىنىنىڭ كەينىدىن تېزلا يۈگۈردى. ئۇلار دەقىقە ئارلىقىدا كوچىپتىن ئايرىلدى. ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ بىر تاكسى توستى ـ دە، مېھمانخانا تەرەپكە قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى. توغرا، ئۇلار بۇ ئىشقا جىددىي قارىمىسا بولمايتتى. ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا نەچچە كۈنگىچە ئاۋارە بولىدىغان ، يول ماڭىدىغان ئىش كەچىقاتتى. ئەركىنىنىڭ سولاقتىن چىقىشقا ئىپى بولسىمۇ، لېكىن بىكاردىن بىكار ئۇ يەرگە كىرىپ قېلىشنى خالىمايتتى. نەچچە كۈنلۈك رەزىل سودىسىنىڭ يوق بوپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى... ئۇلار گەرچە يول بويى ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن بالىنىڭ سۆزلىرى ئەكرەمنىمۇ ، ئەركىنىنىمۇ، رەيھانىنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويغان ئىدى . ئۇلار گەرچە ھېلىقى بالىنىڭ نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، نىمە سەۋەپ تۈپەيلى ئۇزلىرى بىلەن جېدەل قىلىدىغانلىقىنى تۇلۇق چۈشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن كىچىككىنە بىر بالىنىڭ مەردانىلىقى ، غۇرۇرلىقى ئۇلارنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن روھىنى سەل=پەل تەۋرىتىۋاتاتتى...

ياتاققا كىرىپ كەلگەن ئەكرەم ئاچچىغىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە تال تاماكا چېكىپ چىقتى. ئۇ ياتاققا كىرگەندىن كىيىن رەيھانغىمۇ، ئەركىنگىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئۇيان ـ بۇيان بىردەم ماڭغاندىن كىيىن كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئەركىن ئارتۇقچە گەپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلدىمۇ، ئەكرەمگە بىردەم نەسىھەت قىلغاندىن كىيىن ئەتە ئەتىگەن كىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خوشلۇشۇپ ياتاقتىن ئايرىلدى...

بىردەمدىن كىيىن رەيھانمۇ بىر نىمىلەرنى باھانە قىلىپ ياتىقىغا چىقىپ كەتتى. ئەكرەمنىڭ يالغۇز قېلىپ تېخىمۇ ئىچى پۇشتى. كارۋاتقا چاپلىشىپ ياتقانسىرى ھېلىقى قىزنىڭ نازۇك جىسمى كۆز ئالدىغا كىلىۋېلىپ، خىيلى ئۇزۇنغىچە ياستۇقنى قۇچاقلاپ ئۇيان-بۇيانغا تولغۇنۇپ چىقتى . ئۇ بىردەم ياتقاندىن كىيىن بەدىنىنىڭ قانداقتۇر بىر نەرسىنى تارتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى-دە، ناھايىتى جىددىيلىك ئىچىدە رەيھان يۇشۇرۇپ قويغان چايدان ئىچىدىكى "ئاق ئالتۇن"دىن بىر بولاق ئېلىپ ، تاماكىسىنىڭ پار-پۇر قەغىزى ئۇستىگە ئازغىنە تۆكتى...

ئەكرەم تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىسىنى قېنىپ-قېنىپ شورىدى. قېنىپ-قېنىپ پۇرىدى. پۈتۈن بەدىنىگە يامرىغان ئاجايىپ ھارارەتتىن يۈرىكى لەرزىگە كەلدى. تۇمۇر-تۇمۇرلىرىغا ئېقىپ كىرگەن تەسۋىرلىگۇسىز لەززەت ئىلكىدە خىيلى ئۇزاققىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ياق ، ئولتۇرۇپ ئەمەس ئۇچۇپ چىقتى. كۆپ=كۆك ئاسماندا قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ پەرۋاز قىلدى. ئۇ لەززەت ئىچىدە بىھۇشلانغانسىرى ئۆزىدىكى ھايۋانى ئىستەكنىڭ يامراۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى. قانداقتۇر بىر شەھۋەت ئوتى ئۇنى قىزلارنىڭ نازۇك باغرىغا تاشلايتتى. ئوتتەك لەۋلىرى ئارىسىدا قىينايتتى. ئۇ غۇلچىنى كەڭ يېيىپ ئۆزىنى ئوكدىسىغا كارۋاتقا تاشلىدى. خىيالى ھېلىقى قىزنىڭ نازۇك بەدىنىدىن رەيھاننىڭ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان كىنىدىكى ۋە لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسىگە كىلىپ تاقالدى. ئۇ ھازىرغىچە ياراتمىغان، باشقىلار تەرىپىدىن دائىم ئاياق ئاستى قىلىنغان تەن شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆزىگە جەننەتتىكى ھۆر پەرىلەرنىڭ تىنىدەك كۆرۈنۈپ كىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قانلىرىنى قىزىتىپ، نازۇك يەرلىنى ئويغىتىۋاتاتتى...شۇ دەقىقىگە كەلگەندە ئەكرەمنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ كارۋاتتىن چاچراپ دىگۈدەك قوپتى-دە، ياندىكى رەيھاننىڭ ياتىقىنى نىشانلاپ ماڭدى. ئۇ شۇ تاپ رەيھاننىڭ تىنى قانچىلىك پاسكىنا بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئۆزىنىڭ ۋۇلقاندەك يامراپ تۇرغان شەھۋىتىنى قاندۇرۇشقا ئالدىراۋاتاتتى.

ئەكرەم كەيپىلىكتە قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ رەيھاننىڭ ياتىقىنىڭ

ئالدىغا كەلدى، خۇمارلاشقان قىسىق كۆزلىرىدىن ناھايىتى قورقۇنچلۇق نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئىچ-ئىچىدىن چىقىۋاتقان ھارارەتكە قۇشۇلۇپ تىنىقلىرى ھاسىرايتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ تۇتقىچىنى تولغىدى، ئەپسۇس ، ئىشىك ئىچىدىن تاقىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ ئىشىكنى ئاستا چەكتى. لېكىن ھېچ سادا بولمىدى، يەنە چەكتى، يەنە ھېچقانداق سادا يوق...ئەكرەم جىددىيلەشكەنسىرى ئىشىك ئېچىلاي دىمەيتتى. ئۇنىڭ ئىشىكنى ئاستا چېكىشى تەدرىجى قاتتىق-قاتتىق چېكىشكە ئارقىدىن مۇشتلاشقا ئۆتتى. ئەكرەمنىڭ ئىمانى ئۇچتى، " ماۋۇ قانجۇقنى، ئۆلدىمۇ نىمە؟..." دەپ جان ئاچچىغىدا ئىشىكنى بىر نەچچىنى تېپىۋەتتى. كەيپىلىكتە قاتتىق تېپىۋەتتىمۇ قانداق، ئاغرىپ كەتكەن پۇتىغا قاراپ تېخىمۇ ئاچچىغى كەلگەن ئەكرەم تېخى ئېچىلمىغان ئىشىككە قاراپ بار كۈچى بىلەن ۋاقىراشقا باشلىدى.

-رەيھان، ھەي رەيھان...ئىشىكنى ئاچ ....

ئەكرەمنىڭ ئاۋازى كارىدوردا ئۇزاققىچە ئەكس سادا قايتۇرۇپ ئۈزۈلمىدى. ئۇ شۇ ئەلپازىدا رەيھاننى ئاچچىغىدا بىر نەچچىنى سىلىۋېتىشنى ياكى ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە باغرىغا بېسىشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭدىكى بايىقى شەھۋەت يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقان غۇرۇرىغا قوشۇلۇپ غەزەپكە ئايلىنىۋاتاتتى.

-ئىشىكنى ئاچ دەيمەن، ئاچ...-ئەكرەم جان ئاچچىقىدا ئىشىكنى يەنە قاتتىق تېپىشكە باشلىدى.-ئەمدى ئاچمساڭ ھېلى ئۆلۈمىڭنى كۆرىسەن.
ئەكرەمنىڭ بىر نەچچە مىنۇتلۇق ئەسەبىي ۋاقىرىشىدىن كېيىن ئىشىك قىيا ئېچىلىپ ، ئىشىك تۇۋىدە ئاپئاق ئۇخلاش كىيىمى كەيگەن رەيھان پەيدا بولدى، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان بولۇپ، ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەكرەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئەپقېچىپ بىر قولى بىلەن ئىشىكنى تۇسۇپ تۇرۇپ سورىدى:
-نىمە جىددى ئىشىڭىز بار ئىدى. ئادەمنى ئارامخۇدا ئۇخلىغىلىمۇ قويمىدىڭىز.

ئەكرەم رەيھاننىڭ ئاپئاق ئۇخلاش كىيىمىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇغان كۆكسىگە شەھۋەت كۆزلىرى بىلەن قاراپ ھىجايدى.

ـ شۇ سىنىڭ ئىشقىڭدا ئۇيقۇم ھارام بولدى دېگىنە، بۇگۈن سىنىڭ باغرىڭغا سىڭىپ كەتكۇ بار...ـئەكرەم رەيھاننىڭ ئىشىك تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنى قايرىپ ياتاققا كىرىشكە تۇتۇندى.

ـ ياق...مەن ئۇخلايدىغان ئادەم. بۈگۈن قاتتىق چارچاپ كەتتىم. مىنى ئارامىمدا قويۇڭ ئەكرەم...ـرەيھان ئەكرەمنىڭ ئەسەبىلەشكەن تۇرقىغا قاراپ ئۇنى سىرتقا ئىتتىردى.

ـ شۇ چارچاپ كەتكەن جىسمىڭنى خوشال قىلاي دەپ كىردىمغۇ، بولدى نازلانما...

ـ مىنى كىم كۆرۈپ قالدىڭىز ئەكرەم. مىنى ئۇنداق ئىشقا زورلىماڭ..

ـ نىمە؟ـئەكرەم رەيھاننىڭ سۆزلىرىدىن غەزەپلەندىمۇ ئۇنىڭ بىلىدىن شاپلا تۇتۇپ ئۇنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسىنى كۆكرىكىگە چىڭ چاپلىدى.ـ سەن ئۆزەڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ ھە، تېخى يۈزى ئىچىلمىغان قىزدەك گەپلەرنى قىلىۋاتىسەنغۇ سەن. ھېلىقى ۋارىس دېگەن ماز گۆي بولغان بولسا ئۆزەڭنى قۇچىقىغا ئىتىپ بۇلار بولغىيتتىڭ...

رەيھان ھەر قانچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەكرەم ئۇنىڭغا بوي بەرمەي، ئۇنى قۇچاقلاپ دېگۈدەك ياتاق ئىچىگە سۆرەپ كىردى. سۆرەپ كىردىيۇ، ئىچكىركى ياتاق ئۆيىنىڭ ئالدىغا كىلىپلا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. بايىقى شەھۋەتتىن قانغا تولغان كۆزلىرى كارۋات ئۈستىگە كالتە كۇسار بىلەنلا تاماكا چىكىپ ياتقان ئەركىنگە قاراپ قېتىپ قالدى.

ئەكرەم دەقىقە تۇرۇپ قالغاندىن كىيىن، رەيھان ئالدىدىكى غۇرۇرى دەپسەندە بولغانلىقىنى ھىس قىلدىمۇ ياكى بۇ شەھەرنىڭ غوجىسى بولۇپ قالغان ئەركىنگە بوي بىرىشنى لايىق كۆرمىدىمۇ، تىكىرقاپ تۇرۇپ قالغان رەيھاننىڭ مەڭزىگە غەزەپ بىلەن قاتتىق بىر تەستەك سالدى.

ـ ئەسلى مۇنداق ئىشتى دېگىنە. ئۇبدان ئارام ئىلىۋىتىپسەن ھە...<مىنى نىمە كۆرۈپ قالدىڭىز> دىيىشىڭچۇ تېخى. ھۇ يۈزى قېلىن رەسۋا..ـئەكرەم بايىقى بىر تەستەك ئازلىق قىلغاندەك بىر بۇلۇڭغا قاپسىلىپ مەڭزىنى تۇتۇپ قالغان رەيھاننىڭ ئالدىغا يەنە دىۋەيلەپ كەلدى.

ـ قۇلۇڭنى تارت.ـكارۋات ئۈستىدە پۇرقىرىتىپ تاماكا چىكىپ ياتقان

ئەركىن ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، بەستىلىك بەدىنى بىلەن ئەكرەمنىڭ ئالدىنى توستى. ـ قانداق؟ مەن بىلەن بىرگە بولسا پىكرىڭ بارمىدى؟

ـ يۇقىلە سەن. ـ ئەكرەمنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى بولغاي، ئالدىدىكى ئەركىننى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىپ رەيھانغا قاراپ ۋاقىرىدى. ـ بۇ يەردە چىقىشىپ قالغان ئاشنام بار دىگىنە. ئىشىكنى نىمانداق تەستە ئاچىدىكىن دىسەم ، بۇ ئەبگانىڭ قۇچىقىغا چىقىۋاپتىكەنسەن ئەمەسمۇ، ھۇ ئۆلگۈر جالاپ...

ـ كىمنى ئەبگا دەۋاتىسەن لاتا... ئەكرەمنىڭ سۆزلىرىدىن غەزىپى تاشقان ئەركىننىڭ ئۇزۇن بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ بىگىز بارمىقىنى ئەكرەمنىڭ كۆزىگە شىلتىپ ۋاقىرىدى ـ قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا ئەبلەخ. قىز بالا دىگەن كۆكلىنى ئالالايدىغان ئەرلەرنى ئىزدەيدۇ. سىنىڭ ئاشۇ تىترەپ تۇرغان ۋىجىك جىسمىڭ بىلەن كىمنى خوش قىلالايتتىڭ ھە...

ـ ئۇنچىۋالا پو ئاتما سەن. بۇ شاپاقنىڭ كىملەردىن ئېشىپ قالغىنىنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن. خۇددى يۇزى ئېچىلمىغان قىز بىلەن بىرگە بولغاندەك كۆرەڭلەپ كەتتىڭا...ھا، ھا ، ھا...ـ ئەكرەم غەزەپتىن كۆلدىمۇ ياكى مەنسىتمەي كۆلدىمۇ، بىر ھازا قاقاقلاپ كۆلدى. قانغا تولغان كۆزلىرى رەيھانغا قاراپ غەزەپ بىلەن ئالايدى.

ـ كىم شاپاقكەن ھە...ـ رەيھان ئەركىننىڭ بەستىلىك ، قاۋۇل جىسمىدىن مۇداپىيەلىنىشنى مۇۋاپىق كۆردىمۇ، دەرھال ئەركىننىڭ قېشىغا كىلىپ ئەكرەمگە قاراپ تۆكۈرىكىنى چاچراتتى. ـ بويى يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق ...دەپ ، ئىچىڭىز ئېچىشىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ سىنىڭ. مەن ئەركىن ئاكامنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ مىنى ھەممە بەختكە ئىرىشتۈرەلەيدۇ...شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ياتىقىڭغا چىقىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا سەن...

ـ ھۇ ئاناڭنى...ـ ئۆزىنىڭ قۇلىدا پايپاسلاپ يۈرىدىغان بىر بۇزۇقنىڭ <سەن>لشى ئەكرەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىۋەتتى. ـ ھېلى بىكار ئادەم بولغىنىڭغا تويغۇزىمەن...

ئەكرەم مۇشتىنى تۈگۈپ رەيھان قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. كەلدىيۇ، ئۇرۇق بوينى بازغاندەك كۈچلۈك قوللار ئىچىدە قىسىلىپ تامغا مىخلىنىپلا قالدى. ئەركىن كۆكۈش كۆزلىرى بىلەن ئەكرەمگە يەۋەتكۈدەك قاراپ، ئۇنىڭ

قورقۇنچ ۋە غەزەپ ئارىلىشىپ كەتكەن چىرايىغا غەزەپ بىلەن تۆكۈردى.

ـ تۆفى...ماز گۇي...كۆزۈمدىن يوقىلە...

ئەركىن ئەكرەمنى تامغا مىختاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولغاندەك ، كارۋاتقا كىلىپ تىكىرقاپ تۇرۇپ قالغان رەيھاننى<شاققىدە> تارتتىسىدە ، قىپلىن كالپۇكلىرى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيدى. تامغا مىخلىنىپ قالغان ئەكرەم يۈزلىرىدىن ئىپقۋاتقان تۆكۈرۈكنى قانداق سۈرتكىنىنىمۇ بىلمىدى. مىڭىسى چىڭقىلىپ،كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. دەپسەندە بولغان غۇرۇرى پۈتۈن جىسمىنى لاغ ـ لاغ تىترىتىۋەتتى. ئۇ كەيپىلىك ئىچىدە پۈتۈن دۇنيانى ئۇنۇتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئىڭىدا پەقەت ئۆچ ئىلىش، قىساس ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ بىردەم كۆزلىرىنى يۇمۇپ لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىگەندىن كىيىن ، يانچۇقىدىن ئۇزۇن پىچىقنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، كارۋاتتا كىرىلىپ سەت ھىجىيىپ ئولتۇرغان ئەركىنىنىڭ يۈگىلۈق مەيدىسىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

بۇنداق جىدەللەرگە كۆنۈپ كەتكەن ئەركىن ئەكرەمنىڭ ئەلپازىدىن قانلىق ۋەقەنى ھىس قىلدىمۇ ، دەرھال كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارلىقتا يىنىدا ئۇزىگە سۈركۈلۈپ ئولتۇرغان رەيھاننى تىز سۈرئەتتە ئالدىغا تارتىپ ئۆلگۈردى. دەققە ئۆتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەكرەمنىڭ ئۇزۇن، ئۆتكۈر پىچىقى رەيھاننىڭ لىغىرلاپ تۇرغان ئىككى كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا غەزەپ بىلەن ئۇرۇلدى.

ـ ۋاي...جان...ـ رەيھان ئەنسىز ۋاقىراپ تاشلىدى. بىردە كۆكرىكىگە مىخلىنىپ قالغان پىچاق دەستىسىگە، بىردە ئالدىدىكى ئەكرەمنىڭ ھۇدۇقۇش ئارىلىشىپ كەتكەن قورقۇنۇچلۇق كۆزلىرىگە قاراپ ، مۇرەككەپ ھىسيات ئىچىدە ئازاپلىق تولغۇنۇپ كەتتى.

ئەكرەم قانچە تىز يۈگۈرۈپ كەلگەن بولسا، يەنە شۇنچە تىز كەينىگە داجىپ تامغا چاپلىشىپلا قالدى. خۇددى قورقۇنۇچلۇق بىر چۈشتىن ئويغانغان ئادەمدەك بىشىنى قايتا ـ قايتا سىلكىپ، كۆكرىكىدىن قىپ ـ قىزىل قان ئىپقۋاتقان رەيھانغا قاراپ ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قالدى...ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە بىرىشىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ئەكرەمنىڭ بايىقى ئەسەبىلىكى نەلەرگىدۇر يوقالغان بولۇپ، پۈتۈن جىسمىدىن مۇزدەك سوغۇق تەر تاپچىدى.

رەيھان بىردەم ئازاپلىق ئىڭرىغاندىن كېيىن، كۆكرىكىدىكى پىچاق دەستىسىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ قامالىغىنىچە كارۋاتقا يېقىلدى. ئەركىنمۇ، ئەكرەممۇ بىردەم جىمجىت تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ھەر ئىككى تەڭلا رەيھاننىڭ قېشىغا كەلدى.

- رەيھان...رەيھان...

كۆزنى ئاستا ئاچقان رەيھان خۇددى كىچىك باللاردەك بىچارىلەرچە ئۆمچەيدى. كۆز جىيەكلىرىدىن تامچە- تامچە ياشلار ئاستا- ئاستا سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا يىغا ئارىلاش دۇدۇقلىدى.

- نى...نىمە ئۈچۈن مۇنداق بولىدۇ؟...نىمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟...مەن بىيىجىڭغا ئۆلۈمىنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن كەلگەنمىدىم؟ سىلەرنىڭ قولىڭلاردا ئۆلۈش ئۈچۈن كەلگەنمىدىم؟...مىنى قۇتقۇزىۋېلىڭلار...مىنى قۇتقۇزىۋېلىڭلار...مىنىڭ ئۆلگۈم يوق. پەقەت ئۆلگۈم يوق...

ئەكرەم ئەركىنگە قاراپ چىشلىرىنى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلاتتى. ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلىپ سالغان ئىشىغا قاتتىق ئۆكۈنگەچ رەيھاننىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى.

- سەن ئۆلمەيسەن رەيھان. ھەرگىز ئۆلمەيسەن...مەن سىنى ھازىرلا دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن. سىنى قۇتقۇزىمەن. بىزنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىمىز كۆپ رەيھان. بىزنىڭ مۇساپىمىز كۆپ. بىز بۇ يەرگە باي بولۇش ئۈچۈن كەلگەن. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ باي بولىمىز...بەرداشلىق بەر. بەرداشلىق بەر...- ئەكرەم ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتكىنىنى بىلمەي قالدى.- مەن نىمە قىلىپ قويدۇم ھە..مەن نىمە قىلىپ قويدۇم. مەن ساراڭ..مەن ساراڭ...

قىپ - قىزىل قان پىچاق دەستىسنى چىڭ قامالاپ قالغان رەيھاننىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئاستا- ئاستا ئېقىپ ئاپئاق ئۇخلاش كىيىمىنى قىپ- قىزىل بوياشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاجىز ئىڭراشلىرىمۇ ئاستا- ئاستا پەسلەۋاتاتتى. قارىغان ئۆتكۈر تىغ ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىرىپ تاقالغاندەك قىلاتتى...ئۇ ئىلتىجا ئىچىدە بىردەم ياتقاندىن كېيىن قانلىق قوللىرى بىلەن ئەكرەمنىڭ قولىنى ئاستا تۇتتى. قانسىز لەۋلىرى بوشقىنا مىدىرلىدى.

- مە...مە...ن بولالمىدىم...بولالمىدىم...مە...مە...ن ئۆلۈپ كىتىدىغان ئوخشايمەن. ئۆلۈپ كىتىدىغان ئوخشايمەن...- ئۇستىگە قاراپ

تارتىۋاتقان كۆز قارچۇقلاردىن تامچە ياشلار سىرغىدى.ـ مەن ئۇنىڭغا ئاسىلىق قىلدىم. ئۇنى ئازاپلىدىم. ئۇنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى ۋەيران قىلدىم...ئۇنى ئەبەدى ۋەيران قىلدىم...

ئاپئاق چىشلار قانسىز لەۋلەرنى بوشقىنا چىشلىدى. ئەكرەم رەيھاننىڭ گېپىنى چۈشۈنەلمىگەندەك قۇلىقىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە يېقىن ئاپاردى.

ـكىمنى دەۋاتىسەن رەيھان؟...نىمە گەپلىرىڭ بار...

ۋا...ۋارىس...مەن ئۇنى نەقەدەر ياخشى كۆرۈپ قالغان ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان...مەن ئەبەدى دوۋزىخى بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم...

ـئۇنداق دىمە، ھەرگىز ئۇنداق دىمە...سەن ساق قالىسەن رەيھان.

خۇدا ھەققى ساق قالىسەن.ـئەكرەمنىڭ ئاۋازى بارغانسىرى تىترەپ كەتتى. ـ مىنى قورقۇتما رەيھان. مىنى قورقۇتما. سەن ئۆلمەيسەن. ئۆلمەيسەن...

رەيھان ئەكرەمنىڭ سۇئالىغا ھېچقانداق جاۋاپ بىرەلمىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپ گەپ قىلغۇدەك ، لەۋلىرىنى مىدىرلاتقۇدەك كۈچ ـ مادارى يوقتەك قىلاتتى. ئاپئاق كۆيىنىكىگە ئوخشاش تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرىدە ئاجايىپ بىر مۇرەككەپ ھىسيات ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ <مە...مە...مەن....>دەپ بىر قانچە قېتىم ناھايىتى بوش پىچىرلىغاندىن كېيىن ، ئەڭ ئاخىرقى جاننى ئالىدىغان ئاغرىق دەستىدىن قاتتىق بىر ئىڭرىدى ـ دە ، بىر سۇزۇلۇپلا ئاۋازى ئۆچتى. ئەكرەمنىڭ قولىدىكى قانلىق قوللار <لەسسىدە> پەسكە سىرىلدى.

ـياق، ياق، ياق...

قورقۇپ يۈرىكى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئەكرەمنىڭ يىغلاڭغۇ ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىدا خىلى ئۇزۇنغىچە ئەكس سادا قايتۇرۇپ ئۆزۈلمىدى...

ياتاق ئىچىنى نەچچە سائەتلەپ جىمجىتلىق قاپلىدى. رەيھاننىڭ ياش قېتىپ قالغان ئۇچۇق كۆزلىرى ئەكرەم بىلەن ئەركىننىڭ يۈرىكىگە مۇدھىش بىر كېچىنى تەقدىم قىلىۋاتاتتى. ئۇچۇق كەتكەن كۆزلەر خۇددى بىرسىگە تەلمۈرگەندەك ، بىرسىدىن ھەققى ئادىمىلىك سۆيگۈنى كۈتىۋاتقاندەك مەيۈسلۈك، ئىنتىزارلىق ئىچىدە قېتىپ قالغان ئىدى. بايىقى شەھۋەت ئوتىغا

رەيھانغا تاشلانغان ئىككى تەن مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇشقا، ئۇنىڭ چۇشۇپ قالغان ئىككىنى تىكىپ قويۇشقا پەقەتلا جۇرئەت قىلالمايۋاتاتتى. چىراق ياتاق ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن كارۋات ئۈستىدىكى جەسەت تۇن كېچىدىكى قورقۇنچلۇق قەبرىستانلىقتەك ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزلىككە سالاتتى. دىمىسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئەسلا ئويلاپ باقمىغان رىئاللىق زاھىر ئىدى. بىر جەسەتلا ئەمەس بەلكى ئۆز قولى ، ئۆز پىچىقى بىلەن ئۆلتۈرگەن بىر جەسەت ئۇلارنىڭ روھىدىن قىساس ئالماقچى بولغاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى.

تامغا چاپلىشىپ زوڭزىيىپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن تاماكا چېكىپ چىققان ئەركىن دەرىزىدىن بارغانسىرى سوزۇلىۋاتقان ئاسمانغا قاراپ ئېغىر بىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ شۇ تاپ ئۆزىنىڭ تامغا يۆلىنىپ قانچە سائەت تاماكا چېكىپ ئولتۇرغىنىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا كۆز ئالدىدىكى جەسەت ۋە كېيىنكى مۇھىم قەدەملەر پىقىرايتتى. گەرچە ئۇ بۇ قاتىللىقنىڭ بىۋاستە جاۋاپكارى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ سەۋەپلىك چېتىلىپ نەچچە يىل تۈرمىدە قىينىلىپ ئۆتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئالدىدا قولدەك بىچارىلەرچە شۈمشىيىپ ئولتۇرغان ئەكرەمگە غەزەپلىنەتتى.

ئەركىن يىراقتىن رەيھاننىڭ مۇز بولۇپ قېتىپ كەتكەن جەسىدىگە خىيلى ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، سافا ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان چاپىنىنى ئۈستىگە ئارتتى-دە، ئۈن-تىنىسىزلا ياتاقنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئەركىننىڭ ئۈن-تىنىسىز مېڭىشىدىن كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيىدىمۇ داق يەردە زوڭزىيىپ ، نەچچە سائەتلەپ چىچىنى قامالاپ چىققان ئەكرەم ماغدۇر قالمىغان قەدەملىرىنى تىزلىتىپ، دەرھاللا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دىگۈدەك كەلدى.

-جېنىم ئاكا...نەگە بارىسىز؟...

ئەركىن چىپپىدە توختاپ ، <ئاكا> دەپ چاقىرغان ئەكرەمنىڭ ئىلتىجا ئىچىدە جۈپلىنىپ قالغان تىترەڭگۈ قوللىرىغا قاراپ سالدى.

-نەگە باراتتىم. ئەلبەتتە كەلگەن يېرىمگە بارىمەن دە.

-ئۇنداق قىلماڭ جېنىم ئاكا. مېنى بۇنداق تاشلاپ كەتمەڭ. سىز كەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟...مە...مەن قانداق قىلىمەن؟

ئەكرەمنىڭ قىسىق كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

ـ قانداق قىلىش ئۈزەڭنىڭ ئىشى. مەن بىلەن ئالاقىسى يوق. پىچاق سىنىڭ، رەيھاننى ئۆلتۈرگەنمۇ ئۆزۈڭ...ئەمدى ئۆزەڭنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەر.

ـ يا...ياق. ياق...مىنىڭ تۇرمىدە ياتقۇم يوق. مىنىڭ ئۆلگۈم يوق..مىنى قۇتقۇزىۋىلىڭ ئاكا، مىنى قۇتقۇزىۋىلىڭ...سىزدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خوش بولۇپ قالاي...

ـ ها.ها...ـ ئەركىن مەنسىتمەسلىك ئىچىدە كۈلدى.ـ سەن تېخى ماڭا يىلىنىۋاتامسەن. قېنى سىنىڭ بايىقى شىردەك ھەيۋەڭ...سەن دىگەن نوچى يىگىتقۇ، تېخى مىنى بىر پىچاق بىلەنلا ئۆلتۈرىۋىتىشنى پىلانلىغان ئىدىڭغۇ سەن.

ـ خۇدا ھەققى ئاكا. ئۇ كەيپىلىكتىكى ئىش، ئەسلى مىنىڭ ئۇنداق نىيىتىم يوق. ئۇ ئوتۇق بولغان بولسام سىزدەك شەھەر سورىغان ئاكامغا پىچاق تەڭلەپ يۈرەمدىم مەن ...مەن ئەسلى بۇ ياتاققا كىرمىسەم بوپتىكەن، سىزنى كۆرگەندىكىن كۆتۈمنى غىت قىسىپ چىقىپ كەتسەم بوپتىكەن. مەن ساراڭ، مەن تەلۋە، مەن تەلۋە...

ئەكرەم بار پۇشايماننى ئاچچىق يىغىسىدىن ئالماقچى بولغاندەك ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ئىككى قولى ئۇزۇن بودرە چاچلىرىنى چىڭ قامالىدى. قورقۇنچتىن لاغ ـ لاغ تىترەپ كەتكەن جىسمى ھېلى يەرگە يېقىلىپ چۈشىدىغاندەك لەيلەپ قالدى.

ـ بولدى، بولدى..ھەممە ئىشلارنى خەلقى ئالەمگە ياياي دەمسەن نىمە...بىلىپ قوي، سەن ھازىر بىر قاتىل. ماۋۇ ئۆيدە مەشرەپ ئۆتكىزىۋاتمايمىز، بەلكى بىر جەسەتنى ئۇزۇتۇش ئالدىدا تۇرىۋاتىمىز، بىر جەسەتنى...

ئەركىن ئىشىككە <لاپ> قاراپ قويۇپ، ماڭقىسى ئېقىپ قالغان ئەكرەمنىڭ يىغلاڭغۇ ئاۋازىنى قولى بىلەنلا توسىۋالدى ـ دە ، ئۇنى دەرھاللا سافاغا ئىتتىردى.

ـ سەن بۇنداق مىشىلداپ يىغلاۋەرمەي، ماۋۇ جەسەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە ئويلان. تاڭ يورۇپ بولغۇچە بىر تەرەپ قىلىپ بولالمىساڭ ئىنىقكى ئەتىلا قولىڭدا كويزا كۆرىسەن...

ئەركىن سافاغا يۆلىنىپ يۆلىنىپ قالغان ئەكرەمگە كۆكۈش كۆزلىرىدە

تـازا بىـر ئالىيـپ قويـۇپ، ھـېچ ئـىش بولمىغانـدەك يەنـىلا ئىشـىك تەرەپـكە بۇرۇلدى. ئىشىككە يېقىنلىشاي تۇتقۇچقا قولىنى ئۇزۇتـاي دېگەنـدە، پاچىقىغـا ئېسىلىپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ يۈكۈنـۈپ ئولتۇرغـان ئەكرەمنـى كـۆرۈپ كـۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى.

ـماڭـا ئىچىڭـىز ئاغرىسـۇن ئاكـا، مىنىـڭ بـۇ يەردە سـىزدىن باشـقا ئۈلپەتدىشىم يوق. ماڭا ياردەم بېرىدىغان ئـادەممۇ يـوق، ئەگەر مىنـى بۇنـداق ھالەتتە تاشلاپ كەتسىڭىز مىنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئىنىقكى بىر پاي ئـوق...مىنـى ئاشۇ بىر پاي ئوقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇڭ ئاكا، مەن سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى چۇقـۇم قـايتۇرىمەن. ھەسسـىلەپ قـايتۇرىمەن...ـئەركىـن تۇيۇقسـىزلا بىـر نەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ ئالـدىراپ كەتتـى.ـھە ..ھە...راسـت ئاكـا. ياتىقىمـدا 300 گـىرام سـاپ خـىروئىن بـار. ئـۇنى تېخـى تۇنۇگـۇنلا سـېتىۋالغان. مىنـى قۇتۇلدۇرۇپ قويسىڭىز ئاشۇنىڭ ھەممىسـى سـىزنىڭ بولسـۇن...راسـت، خـۇدا ھەققى...

ئەركىن ئەكرەمنىڭ سۆزلىرىنى ئـاڭلاپ تۇرغـان يېرىـدە بىـر ھـازاغىچە قېتىـپ قالـدى. كـۆز ئالدىـدا دۈۋە ـدۈۋە پـۇللار كەلـدى. ئـۇ ھېلىقـى نـان يىمەسلەرنى نەچچە ئاي تىجارەتكە سالسىمۇ بۇنچىلىك پۇلنى جۆندىشى تەسكە توختـايتتى. تېخـى قايسـى كـۈنىلا بـۇ نـان يـىمەس ئۈلۈمتۈكنىـڭ بىرسـىدىن ئايرىلدى. قۇربانجاننىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن 30 مىڭ يۈەن قۇدۇققا چۈشـۈپ كەتتـى. ئەمـدى شـۇلارنىڭ ئـورنىنى تولـدۇرۇش كېـرەك، تـوغرا تولـدۇرۇش كېـرەك، بېـيىش كېـرەك...بىـر خىـل تـاتلىق غالىـپ كـۈلكە ئەركىنىنىـڭ تۇمۇرلىـدىرىن ئۆتـۈپ چىرايىـدا پەيـدا بولـدى. ئـۇ چىرايىـدىكى كـۈلكىنى ئەكرەمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك يەنە تۇيۇقسىزلا ئۆچۈردى.

ھەر قانداق بىر نوچى زومىگەرمۇ قانۇن ئالدىـدا تىتـرىمەي قالمايـدۇ، ئۆز قولىدا ئۆلگەن جەسەت ئالدىدا ئەنسىزلىككە چۈشمەي، تەرلىمەي قالمايدۇ. توغرا...ئەركىنمۇ ناھايىتى مەغرۇر ھالەتتە گەپ قىلىۋاتقان بىـلەن كۆڭلىـدىكى ئەنسىزلىكنى بىر ئۆزى بىلەتتى. ھازىرغىچە نۇرغۇن باللارنىڭ جەسىدىنى بىـر تەرەپ قىلىپ ھېچ ئىشنى چاندۇرمىغىنى بىلەن بـۇ قېتىمقىسـى ئوخشـىمايتتى. ئەكرەم دېگەن لاتا گۇي تۇتۇلـۇپ قالسـىلا ئىنىقكـى ئۆزىنىـڭ پـاش بولـۇپ بـۇ دىلوغـا چېتىلىـپ قېلىشـى ئىنىـق ئىـدى. ئـۆزىنى دالـدىغا ئالسـا بـۇ چـوڭ شەھەردىكى نوچىلىقى، تىجارىتى بىـراقلا تۈگىشـەتتى. شـەھەردىن ـشـەھەرگە

قىچىپ يۈرىدىغان قاچقۇن سەرگەردانلىق تۇرمۇشى باشلىناتتى. ئۇ رەيھاننىڭ كۆكرىكىدىن چىققان قانغا قاراپلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ بولغان. نەچچە سائەتلەپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئاللىبۇرۇن كۆڭلىگە پۈككەن. مانا ئەمدى جەسەتنى ئەكرەمنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ھەم ئەجىرسىزلا 300گىرام خىروئىنغا ئىگە بولىدىغان پۇرسەت كەلدى.

ئەركىن بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن ئەكرەمنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىشارە قىلدى. ئۆزى ئەكرەمدىن بۇرۇن سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغۇنىچە سورىدى:

ـ قېنى، سىنىڭچە قانداق قىلساق بولىدۇ؟

ئەركىننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆرە تۇرغان ئەكرەم قورقۇنچ چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كارۋات ئۈستىدىكى رەيھاننىڭ سوزۇلۇپ ياتقان جەسىتىگە تىكتى. جەسەتنىڭ قېتىپ قالغان ئۇچۇق كۆزلىرى خۇددى ھازىرلا ئۇنى ئۆز تەكتىگە چۆكتۈرىۋېتىدىغان سىرلىق ئۆڭكۈردەك بىلىنىپ كۆزىنى تېزلا ئۇنىڭدىن قاچۇردى.

ـ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كىتىۋاتىدۇ. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە قانداق ئامال بولسۇن...تاڭ ئاتسىلا ھەممە ئىش ئاشكارا بولىدۇ. كۆتكۈچى قىزلار كىرسىلا تۈگەشكىنىم شۇ. لېكىن...لېكىن...

ـ نىمەلېكىن...قېنى دىمەمسەن؟

ـ لېكىن رەيھان يىراق بىر ۋىلايەتتىكى ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ ئۈرۈمچىدە <ئوقەت> قىلىۋاتقىلى نەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۇرۇق تۇغقانلىرىمۇ يوق. ئۆلۈك ـ تىرىكىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادىمىمۇ يوق. شۇڭا بىر ئامال قىلىپ ئۇنى مۇشۇ يەردىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك بولاتتى. لېكىن قانداق قىلساق بولىدىكىن...

ئەركىن ئەكرەمگە سەپ سالدى. ئەكرەم شۇ تاپ بارغانسىرى يۈرىۋاتقان دەرىزىگە قاراپ جىددىيلىشىپ كىتىۋاتاتتى. دىمىسىمۇ ھازىر قول تىقمىسا ھەر ئىككەيلەننىڭ كىچىكىشى ئىنىق ئىدى. رەيھاننى بۇ ئەھۋالدا كۆتىرىپ ياتاقتىن ئەچىقىپ كىتەلمەيتتى. ئاچىققان تەقدىردىمۇ ئۇنى نەگە يوشۇرۇشنى، نەگە كۆمۈشنى بىلمەيتتى. كۆپ كۆندۈزدە بىر جەسەتنى كۆتىرىپ يۈرسە ئەلبەتتە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى دەرھاللا قوزغاپ قوياتتى. ئۇ

دەرھاللا ئـۆزى تـۈزگەن پىلانىنـىڭ مـۇۋاپىقلىقىنى ھـېس قىلـدى. شـۇ تاپتـا ئاشۇنداق قىلىشتىن باشقىمۇ ئامال يوق ئىدى. ئۇ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ياتاقنىڭ بىر بۇرجىكىگە قويۇپ قويۇلغان رەيھاننىڭ قارا چامىدانىغا <لاپ> قاراپ قويۇپ ئەكرەمگە بۇيرۇق قىلدى.

-بولدى. بولدى... دەرھال جەسەتنى كۆتىرىپ تازىلىق ئۆيىگە كىر...

ئەركىن ئەكرەمگە قارىمايلا تازىلىق ئۆيىگە بۇرۇن ماڭدى . ئۇ تازىلىق ئۆيىنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن جەسەت قىيشىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئەكرەمگە قاراپ ۋاقىرىدى.

-ھەي. مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، جان لازىم بولسا دەرھال ئەكىرمەمسەن...

ئەكرەم قېتىپ قالغان قورقۇنۇچلۇق كۆزلەرگە قاراشقا ، مۇزدەك تەننى قۇچاقلاشقا پەقەت جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. دىمىسىمۇ <ئۇلۇكنىڭ مېھرى سوغۇق بولىدۇ>دەپ ، نەچچە يىللىق ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولغان ئۆلپەتدىشى شۇ تاپ بىر قورقۇنچلۇق ئەرۋاھتەك ئۇنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈپ ، چىپ-چىپ تەرلىتىۋەتكەن ئىدى. ئەركىننىڭ <جان لازىم بولسا> دېگەن گەپلىرى تەسىر قىلدىمۇ، ئۇ ئاخىرى ئامالسىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىنى كۆكرىكىدىن بىر نەچچە قېتىم تۇتۇپ قويغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە رەيھاننىڭ جەسىدىنى قۇچىقىغا ئالدى...ئاللا توۋا...بىر ئۇرۇق تەن ئەكرەمنىڭ قۇچىقىغا خۇددى نەچچە تونىنا مۇزنى ئېلىپ قويغاندەك ئېغىر بىلىنىپ كەتتى. دۇنيانىڭ پۈتكۈل ئېغىرلىقى قولىدىكى جەسەتكە چۈشكەندەك ئەكرەمنىڭ ماغدۇر قالمىغان ئۇرۇق گەۋدىسى ئېگىلىپلا قالدى. پۈتۈن جىسمىنى سوغۇق تەر قاپلاپ، ئۆزىنى جەسەت بىلەن تەڭ قارا گۆرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك، دوزاخنىڭ دەھشەت ئوتلىرىدا كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كەتتى...

مۇزدەك جەسەت مۇزدەك چىنە قىش ئۈستىگە ياتقۇزۇلدى. جەسەتنىڭ بىر قولى كۆكرىكىدىكى پىچاقنى يەنىلا چىڭ قامالاپ تۇراتتى. ئەركىن

جەسەتنىڭ قولىنى پىچاقتىن تەستە ئاجرىتىپ، پىچاقنى قامالالاپ بار كۈچى بىلەن تارتتى. ھەم قولىدىكى قانلىق ئۆتكۈر پىچاقنى بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، بايىقى مەنزىرىدىن كۆزىنى چىڭ يۇمىۋالغان ئەكرەمگە پىچاقنى تەڭلىدى.

-ھەي، مۇنۇ پىچاقنى ئال...دەرھال جەسەتنى پارچىلا...

-نى...نى...نىمە؟-ئەكرەم ئەركىننىڭ قولىدىكى پىچاققا قاراپ دۇدۇقلىغىنىچە كەينىگە داجىدى.-نىمە دەۋاتىسىز...جەسەتنى پارچىلامدۇق...

-ئەلبەتتە. ئەگەر جەسەتنى پارچىلىمىساڭ ئەتە قوپۇپ سىنىڭ جەسىتىڭنى باشقىلار پارچىلايدۇ...بولدى، بولدى..نىمىدىن قورقىسەن. ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق..ئامان قالاي دىسەڭ بىرلا ئامال دەل شۇ...-ئەركىن مۇز يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەكرەمنىڭ بارغانسىرى چوڭىيىۋاتقان كۆزلىرىگە مىختەك تىكىپ، قولىدىكى پىچاقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.-ھازىرقى ۋاقىتتا بۇنىڭدىن ياخشى ئامال يوق. جەسەتنى پارچىلاپ چامادانغا قاچىلايمىز. خۇددى سىرتقا ئىش بىجىرگىلى ماڭغاندەك چىقىپ ئۇنى ئادەم يوق جايغا بىرىپ تاشلىۋېتىمىز، باشقىلار كېيىن بايقاپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قېرى-ياش، ئۇيغۇر-خەنزۇ ئىكەنلىكىنى پەرق ئىتەلمەيدۇ. قېنى، ئۆزەڭنى تۇرمىدە كۆرمەي دىسەڭ دەرھال مەن دىگەندەك قىل...

-يا...ياق..مە...مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، مەن قىلالمايمەن...-تىترەپ كەتكەن ئەكرەم پىچاقنىڭ قولىدىن قانداق بولۇپ ئاجراپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالدى، قولىدىكى پىچاق يەرگە چۈشۈپ رەيھاننىڭ ئۇچۇق كۆزلىرىنىڭ ئالدىغىلا كىلىپ توختىتىدى.-مەن ئەزالىدىن بۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلىپ باقمىغان. بۇ پەقەت جاللاتلارنىڭلا قولىدىن كىلىدۇ...مەن جاللات ئەمەس، جاللات ئەمەس...

ئەركىن تۇرۇپلا كەينىگە ئۆرۈلدى. <لاتا، يارىماس...ئۇنداقتا ئەتىلا ئۆزەڭنى ساقچىغا مەلۇم قىل...> دىگىنىچە تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ كىتىشكە تەمشەلدى.

شۇ تاپ لاغ-لاغ تىترەپ كەتكەن ئەكرەمنىڭ چىرايى مۇردىنىلا ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئالدىدا ئۆزىگە تىكىلىپ ياتقان رەيھاندىن بەكرەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن، ئاجىزلىقىدىن،

ئالدىراڭغۇلقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. لېكىن بۇنداق جىددى پەيتتە ئەركىنىدىن ئايرىلىپ قالسا تۆگەشكىنى شۇ ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە رەيھاننىڭ كۆز ئالدىدىكى قانلىق پىچاقنى قامااللاپ ئالدى-دە، پىچاقنى رەيھاننىڭ ئىككى كۆكسى ئوتتۇرىسىدىكى بايىقى يارا ئېغىزىغا قارىتىپ بار كۈچى بىلەن تىقتى..

ئەكرەم شۇ تاپ بىر تەلۋە جاللاتقىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ سۈيىۋاتقىنى بىر ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر قوي-كالىدەك رەيھاننىڭ قورسىقىنى يېرىۋاتاتتى. ئۆتكۈر تىغ رەيھاننىڭ ئىچ قارنىنى يېرىپ، بارلىق ئىچ ئەزالىرىنى پارچىلىۋاتاتتى. ئۇ جەسەت ئىچىدىكى قىپ-قىزىل قان ئىچىدە پۈتۈن دۇنيانى ئۇنۇتقان ئىدى. جەسەتكە پىچاق سالغانسىرى تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ كىتىۋاتاتتى. ياق، ياق...پەقەت ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن بىر جەسەتنى قۇچقاچنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ، قۇچقاچنى سويغاندەك سويىۋاتاتتى...ئۇ شۇ تاپ ئەركىنىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغىنىنىمۇ، تېلىفۇنىنىڭ ئۆزىگە ئۇدۇللانغىنىنىمۇ دىققەت قىلمىدى. قولىدىكى ئۆتكۈر پىچاقنىڭ بىسى رەيھاننىڭ پۈتۈن بەدىنىنى شىلىپ، پارچە-پارچە قىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاق رەيھاننىڭ گېلىغا كەلگەندە توختاپ قالدى. بىر جۈپ مۈزدەك قېتىپ كەتكەن قاپقارا كۆز ئۇنىڭغا تىكىلىپلا تۇراتتى. بۇ كۆزلەر هازىرلا كۈلۈپ كىتىدىغاندەك، ئەكرەمنىڭ هەممە ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ، كىيىن هەممە ئىشقا گۇۋاهچى بولىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئەكرەمنىڭ قوللىرى تىترەپ ، مۈزدەك بىر سوغۇق ئېقىم پۈتۈن بەدىنىگە تارالدى. چىرايىدىنلا ئەمەس پۈتۈن بەدىنىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى بۇ <قاسساپ>لىقتىن يېنىۋالماقچى بولغاندەك بېشىنى كۆتىردىيۇ، ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ سۈكۈت ئىچىدە تۇرغان ئەركىنىنى كۆرۈپ دەقىقە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئارقىدىنلا پارچىلانغان جەسەت پارچىلىرىغا كۆز يۈگۈرتتى. رەيھاننىڭ جەسىدى ئالىبۇرۇن ئۇنىڭ قولىدا پارچە-پارچە بۇلۇپ چېچىلغان بولۇپ، تازىلىق ئۆيىنىڭ هەممە يىرى قىپ-قىزىل قانغا بويالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەمدى يېنىۋېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پارچىلىنىپ بولغان جەسەتنى ئۆز ئورنىغا ئەسلا ئەكىلەلمەيتتى...ئۇنىڭ كۆزىگە ياتاقتىكى قىپ-قىزىل قانغا ئوخشاش قان تولدى. ئۇ لاغ-لاغ تىترىگىنىچە ئىچ-ئىچىدىن چىقىۋاتقان بىر ئۆكسۈش ئىچىدە پىچاق بىسىنى

رەيھاننىڭ ئۇچۇق قالغان كۆزلىرىگە زەربە بىلەن تىقتى...

ئۇيىۋېتىلگەن كۆز، بۇزىۋېتىلگەن چىراي، ئۈزۈلگەن باش، پارچە-پارچە بولۇنگەن پۇت-قول،قورساق...ئەكرەم ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ بۇلارنى ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىغا پەقەت ئىشەنمىگەندەك بىر پەس تىكىرقاپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن هايات قېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلماي بولمايتتى. ئەركىنىنىڭ دىگىنىمۇ توغرىدەك قىلاتتى. ئەمدى جەسەتنى چامادانغا سېلىپ يىراق-يىراقلارغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتسىلا هەممە ئىش تۈگەيدۇ. ئۇنى نەچچە سائەتتىن بىرى قىينىغان قورقۇنۇچلۇق سۇئاللار جاۋاپ تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ئەسلىگە كىلىدۇ، بۇرۇنقى قۇشتەك پەرۋازى قانات قاقىدۇ...ئەكرەم خىياللاردىن كىيىن ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى. كۆزىدە لىغىرلاپ قالغان ئاچچىق ياشلىرىنى قانلىق قوللىرى بىلەن ئاستا سۈرتتى.

رەيھاننىڭ چىرايلىق كىيىم كېچەكلىرى ، ئىسىل زىبۇ-زىننەتلىرى قاچىلىنىدىغان ، هارام مال-دۇنيادىن تۇيۇنغان قارا چامىدانىغا باشقا بىرىنىڭ ئەمەس دەل ئۆزىنىڭ جەسىتى قاچىلاندى. پاتماي قالغان پۇت-قولى ئەكرەمنىڭ چامىدانىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ جەرياندا ئەركىن رەيھاننىڭ كىندىكىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى يۇلۇپ ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. قان دېغى بولۇپ قالغان كارۋات كىرلىكى بىلەن تازىلىق ئۆيى قايتا-قايتا يۇيۇلدى. داس-داسلاپ سۇ سېپىلدى. ياتاق ئىچىدىن تارتىپ تازىلىق ئۆيى ، ئىشىك تۇتقۇچلىرىغىچە هەر بىر يەر تەپسىلى تەكشۈرۈلۈپ قان ئىزى بارلىكى هەممە يەر پاك-پاكىزە سۈرتۈلدى. رەيھاننىڭ تېنىدىن ئاققان قان تاهارەت يولى ئارقىلىق گىزەندىلەر تويىغا قۇشۇلۇپ كەتتى. ئارقىدىن ئەركىن رەيهان بىلەن ئەكرەمنىڭ قانلىق كىيىم كېچەكلىرى ۋە كىرلىكىنىمۇ چامىدانغا تىقىپ ياتاقنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ چىقتى...

تاڭ يورۇپ قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى ياتاق ئىچىنى يورىتىۋەتتى. ئەمما، بىر مۇدھىش ، قورقۇنچلۇق كىچىنى ئۆتكۈزگەن ئىككى يۈرەكنىڭ ئەنسىزلىكى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ئۇلار بۇگۈن هاياتىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق كىچىنى ئۆتكۈزگەن، ئەڭ قورقۇنچلۇق قاتىللىق جىنايىتىنى سادىر قىلغان ئىدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ جىددىلىكى تاڭنىڭ يورىشى بىلەن ئاستا-ئاستا يوقىلار، ئۇلارنىڭ كۆڭلى پەقەت جەسەت پارچىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندىلا ئاندىن ئارام تاپار، ئەكرەم پەقەت بۇ قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەن يۇرتتىن

ئايرىلىپ ئۆز يۇرتىنى تىپىۋالسىلا قانۇنى جاۋاپكارلىقتىن قۇتۇلۇپ قالار، ئۆز ئەركىنلىكىنى تىپىۋالار...ياق، ياق...بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. گەرچە ئەكىرەم قانۇننىڭ سورىقىدىن قىچىپ قۇتۇلغىنى بىلەن ۋىجداننىڭ سورىقىدىن قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ، بىر قانلىق قىساسنىڭ روھىدىن قۇتۇلالمايدۇ، رەيھاننىڭ ئۆلگەن روھى، ئۇچۇق قالغان كۆزلىرى ، پارچىلانغان جەسىدى ئۇنى بىر ئۆمۈر قىيناپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدۇ، دىلىنى ئىزىدۇ...ئۇ ئېڭىدىكى بۇ قورقۇنچلۇق تىراگىدىيەنى مەڭگۈ يۇقىتىۋىتەلمەيدۇ، مەڭگۈ ئۇنىڭ روھى سورىقى ئاستىدا قىينىلىدۇ...

كىيىم كىچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىققان ئەكىرەم ئەركىننىڭ ھەمراللىقىدا ياتاقتىن چىقتى ، مىھمانخانىنىڭ ئالدىدا بىر تاكسىنى تۇسۇپ چامادانىنى ماشىنا كەينىگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كىيىن ،خۇددى بىرەر چوڭ سودىنى پۈتتۈرۈشكە ماڭغان سودىگەرلەردەك شوپۇرغا شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىگە قاراپ ھەيدەشنى ئۇقتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى...

ئەركىننىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش مۇۋەپپىقىيەتلىك پۈتتى. بىر چامىداندىكى جەسەت شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يىراق بىر جاينىڭ پاسكىنا سۇ يولىغا، يەنە بىر چامىداندىكى جەسەت شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى پاسكىنا سۇ يولىغا تاشلاندى. بۇلارنىڭ بۇ خۇپىيانە ھەركىتىنى ھىچقانداق بىر ئادەم بايقاپ قالمىدى، تاشلانغان جەسەت پارچىسى پاسكىنا سۇ بىلەن قوشۇلۇپ گەندە ئازگىلىنى بويلاپ ئېقىپ كەتتى...

ئاتا-ئانىسىنى زار-زار قاقشاتقان، ئالى مەكتەپنى بىلىم يولىدا ئەمەس ئازغۇنلۇق يولىدا پۈتتۈرگەن بىر قىز ئاقىۋەت ئەنە شۇنداق ۋەيران بولدى. ناھەق بەختلىك ئائىلىسىدىن ئايرىلغان دىلنازدەك قىزلارنىڭ ئاھى ۋە ئاقنىڭ ئەشەددى زىيىنى ئاستىدا قاتتىق قىينالغان جانلارنىڭ قىساسى ئاخىرى ئۇنى مۇشۇنداق ئازاپلىق ئۆلۈمگە باشلىدى. ئۇ ئاقىۋەت بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمگە ئىرىشتى. ئۇنىڭ جەسىدىنى بىرەر ئادەممۇ يۇمىدى، ئۇنىڭ ئېڭىكىنى بىرەر ئادەممۇ چىتىپ قويمىدى، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ بىرەر ئادەممۇ دۇئا قىلمىدى...ھەتتا بىرەر ئۇرۇق-تۇققىنىمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ھازا ئېيتىپ يىغلىمىدى.. ئۇنىڭ ئۆلۈمى دىنسىزلارنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ بىچارە، يىتىملەرنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ تەنها بولدى. ئۇ ھەتتا ئۆلگەن ۋاقتىتىمۇ بىر پۈتۈن

بەدەن بىلەن ئۇلۇغ تۇپراقتا، تۇپىلىق گۆردە ياتالمىدى، بەلكى پارچە-پارچە بۇلۇپ ئەڭ سېسىق گەندە ئازگىلىغا قۇشۇلۇپ ئۆمۈرلۈك نىجاسەتكە مەھكۇم بولدى...بەلكىم ئۇلۇغ خۇدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئازغۇن بەندىلىرىگە مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈمنى ئاتا قىلسا كېرەك...

ئەمدى بىر ئۇلۇغ خۇدادىن باشقا ھەر قانداق بىر ئۇستا سېھىرگەر بولسىمۇ، شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پارچىلانغان جەسەت پارچىلىرىنى جەم قىلالمايدۇ، جەم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە ئەسلا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ روھى ئەمدى مەڭگۈلۈك سەرگەردان بولۇپ، پەرىشتە قىز دىلنازنىڭ ئازاپلىرى ئۈچۈن ئادەققىچە قۇربان بېرىدۇ خالاس...

ئاپئاق كىرلىك سېلىنغان كارۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان دىلناز قولىدىكى رەسىمگە قانچە قېتىم قارىغىنىنى ساناپ بېرەلمەيتتى. مەكتەپ ھاياتىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەسلىمىسى بولغان بۇ رەسىمنى ئۇلار تۇنجى ئۇچراشقان ، تۇنجى تونۇشقان ئاشۇ گۈللۈكتە چۈشكەن ، گۈللۈكتە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر جۈپ قىزىل ئەتىرگۈلدەك بىر-بىرىگە مېھرىلىك بېقىشىپ، ياشلىقنىڭ ئەڭ خوشال مىنۇتلىرىغا شاھىت بولغان. رەسىمدىكى ۋارسىنىڭ ئۆزىگە ئالەمچە مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىنى ئۆزىگە مەڭگۈ مۇشۇنداق تىكىلىپ تۇرىدىغاندەك ، ئۇنىڭ مېھرىلىك قۇچىقىدا مەڭگۈ ئۆز خوشاللىقىنى تاپىدىغاندەك ھېس قىلغان. ئەپسۇس، تەقدىر ئىنسان ئىرادىسىگە باقمىدى، دىلنازنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئۇزاققا بارمايلا ۋەيران بولدى، ئۇ ئۆز بەختىنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن رىئاللىق ئۇنىڭغا يول قويمىدى، ھىسياتتىن ئىبارەت بىر مۇرەككەپ قارا قۇيۇن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئادەمنىڭ روھىنى ئوغۇرلاپ كەتتى، ئۇنى ئۇچۇرتۇپ يىراق-يىراقلارغا تاشلىدى. شۇندىن بېرى دىلنازنىڭ يۈرىكى قان يىغلاپ ئۆتتى، ئۇ بۇ رىئاللىقنىڭ بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى، ئۇيقۇدىن ئويغۇنۇپلا ھەممە ئازاپتىن، ئاچچىق كۆز ياشتىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى، ئۇنىڭ روھىنى مەڭگۈلۈك باغلاپ كەتكەن بىر ئوتلۇق ھىسياتنى قايتۇرۇپ

كىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى...

رەسىمگە يەنە قايتىدىن قاراپ بولاقتەك كۆزلىرىگە ياش ئالغان دىلناز بېشىنى ئاستا كۆتىرىپ دەرىزە سىرتىغا قارىدى. دەرىزىدىن ئالتۇن كۈزنىڭ گۈۋاھچىلىرى بولغان سارغايغان ياپراقلار ئاستا-ئاستا يەسكە تۆكىلىۋاتاتتى. ياپراقلىرىدىن ئايرىلىپ زىمىستان بىر قىشنى كۈتىۋېلىشقا تەييار تۇرغان دەرەخلەر شۇنچىلىك بىچارە، شۇنچىلىك تەنھا كۆرۈنەتتى. دەرەخ تۈۋىدىكى سارغايغان خازانلار نەگە بېرىشنى ، نەدە توختاشنى بىلەلمىگەندەك ھەر يان ئۇچىشاتتى...دىلنازنىڭ يۈرىكى تۇرۇپلا ئېچىشىپ كەتتى، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ، سۆيگۈسىنىڭ ، نىكاھ ئىشىنىڭ خۇددى ئاشۇ تۆكۈلگەن ياپراقلاردەك سارغىيىپ خازان بولىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئېچىندى. دىمىسىمۇ دىلنازنىڭ ۋارسقا يازغان خېتى ھازىرغىچە جاۋاپسىز قالدى. ئۇ ھازىرغىچە ۋارىسنىڭ زادى كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، نىملەرنى ئويلىۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ پەقەت بىر ۋارسقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشاشىنىڭ ئۆزى ئۆچۈن مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئېڭىدا ھەر زامان ئۇرۇمچىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى ۋارس بىلەن يارشۇېلىش، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلاش ئىستىكى ھۆكۈم سۈرەتتى. لېكىن كىم بىلسۇن قايسى كۈندىكى ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۇرغان تېلفۇنى، نىكاھتىن ئاجراشقان نۇردۇننىڭ سىماسى ئۇنىڭ ئېڭىدا پات-پات پەيدا بۇلىدىغان بولۇپ قالدى، ۋاپاسىز ۋارس بىلەن بەختىسىز نۇردۇن ئۇنىڭ يىتىمسىراپ قالغان قەلبىنى قىينايتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ نۇردۇننىڭ ئارتۇقچىلىقى، شارائىتى ۋارسنىڭ دىلنازنىڭ يۈرىكىگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئازاپلىق ئەسلىمىسىنى بېسىپ كەتكەندەك، ئۇنى ئۆز يېنىغا مۇھەببەتلىك چاقىرىۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بۇلۇپ قالاتتى. ئۇ شۇنداق ۋاقىتتا بۇ بىمەنە خىيالنى قوغلاپ چىقارماقچى بولغاندەك كاللىسىنى قايتا-قايتا سىلكىپ ، ئۆز ھىسياتىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىدىن ئۆكۈنۈپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كىتەتتى.

دىلناز كارۋاتتا خېلى ئۇزاققىچە خىياللار ئىچىدە ياتقاندىن كېيىن قولىدىكى رەسىمنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا ئاۋايلاپ تىقىپ ئورنىدىن تۇردى. بۇگۇنكى شەنبىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان شىياۋ ياڭنىڭ بىغەم تۇرقىغا قاراپ زوقلىنىپ " نىكاھ دىگەن بىر ئازاپلىق دۇنيا ھە، يەنىلا توي قىلماي

ئـۇتكەن تۇرمـۇش ـ ھەمـمە نەرسـىدىن مۇستەسـنا غەمسـىز، راھەت تۇرمـۇش ئوخشـايدۇ..." دىگەنلەرنـى ئـويلاپ سـۈس كۈلۈمسـىرەپ قويـدى ـ دە، دەرھال كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى.

دىلناز مەيلى قانداقلا كىيىم كەيمىسۇن گـۈزەل قـامىتىگە شـۇنچىلىك يارىشـاتتى . بۈگۈنمـۇ ئـادەتتىكىچە كىيىـنگەن بولسـىمۇ، يەنـىلا پەرىـزاتتەك جەزبىدار بولۇپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرقىغا رازىمەنلىك بىلەن بىر قۇر قـاراپ چىققاندىن كىيىن، ئۇزۇن قاپقارا چاچلىرىنى تۇزلا قويىۋىتىپ خىياللار ئىچىـدە ئاستا تاراشقا باشلىدى. "6ئايلىق ئۇقۇشۇمىۇ پۈتەي دەپلا قالـدى. يەنە 2كۈنـدىن كىـيىن ئـۇرۇمچىگە قـايتىمەن، ئۇرۇمچىـدە مىنـى يەنە قانـداق قىسـمەتلەرنىڭ كۈتـۈپ تۇرغـانلىقىنى بىلمەيـمەن، ئاپـام بەلكـىم نۇردۇنىنـىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مىنىڭ توي ئىشـىمنى ئـاللىبۇرۇن دىيىشـىپ بولغانـدۇ، بەختىسـىز قىزىنـىڭ كىيىنكـى بەختىنـى ئـويلاپ پەرۋانە بولـۇپ كەتكەنـدۇ، بەلكىم نۇردۇن ئاپامنىڭ تەلەپلىرىنى بىمەنە ھىس قىلغاندۇ،بۇرۇنقى جاۋاپسىز كۈتۈشـلىرى، ئەقـىدىلىرىنىڭ ئەمـىدى مەن تـۇل قالغانـدا جاۋاپقـا ئىرىشكەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغاندۇ، غـۇرۇرى دەپسـەندە بولغانـدەك بۇلـۇپ بـۇ رىئـاللىقنى قۇبـۇل قىلىشـنى خالىمغانـدۇ..."دىلنازنىـڭ خىيـاللىرى تۈيۈقسىز ئۈزۈلـۈپ قالـدى. ئۇنـىڭ ئىچكـىدىكى نۇردۇنىـڭ سىماسـى ۋارىسـىنىڭ سىماسىغا ئالمىشىشى ھامان تۇرۇپلا ئىسىنى تاپقان ئادەمدەك ئـۇزۇن قاپقـارا چاچلىرىنى چىڭ سىقىمدىغىنچە "ياق ، ياق... مەن نىمىشقا ئاپامنىـڭ بىـر ئىغىـز گىپـى بىلەنـلا ئـۇنى خىيـال قىلىـپ سـالىمەن، تـوۋا...مىـڭ توۋا..." دەپ سالدى. دىلنازنىڭ چارچىغان نىرۋىلىرى يەنە لوقۇلـداپ ئاغرىشقا باشلىدى، ئـۇ تۇرمۇشـى ھەققـىدە ئويلىسـلا ئىـچ ـ ئىچىـدىن ئۆكۈنـۈپ كىتەتتى، ئاھ ئۇراتتى، ھەسرەتلىك تىنـاتتى. نەچچە ۋاقىتـتىن بـىرى ئـۆزىنى ئۇقۇشقىلا بەنت قىلىپ ئاچچىق ئەسلىمە ۋە كىينكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى ئويلىماسقا تىرىشـىپ كەلـگەن بولسـىمۇ، لىيكىن ئۇقـۇش ۋاقتىنىـڭ تۈشۈشـىغا ئەگىشـىپ ئۆزىـدىكى ئـازاپلىق سـېغىنىش ۋە كىينكـى نىكـاھ ئىشـلىرى ئـۇنى ئارامسـىدا قويمايۋاتـاتتى، ئاپىسـىنىڭ تىلىفـۇنى ئـۇنى بىلىـپ ـ بىلـمەي بىـر زىددىيەتلىك ئاچالغا يۇلۇقتۇرغان، نىكاھتىكى تـاللاش ئـۇنى قىـين قىستاققا ئالغان ئىدى...لىيكىن كونىلارنىڭ "ۋاقىت ئۆتسە ھەممە نەرسە ئاستا ـ ئاستا ئۇنتىلىدۇ" دىگىنىگە قـارىمۇ قارشـى ھالـدا ئۇنـىڭ ۋارسـقا بولغـان

مـۇھەببىتى ھــېچ ئۆزگىرىدىغانـــدەك، ۋارىســـنىڭ ۋاپاســـىزلىقى، كىيىنكـــى سۆكۈتتىكى ئىپادىسى ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇنـىڭ ئېڭىـدا يەنىلا دائىم "بەلكىم ۋارىس مېنىڭ قايتىپ كىلىشىمنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتـۈپ تۇرغانــدۇ، يـۈرەك سـۆزلىرىنى، سـېغىنىش ھىسـياتلىرىنى، ئوتلـۇق مۇھەببىتىنى خەت ئارقىلىق ئىپادىلەشنى خالىماي ماڭا ئۆز تىلى ، ئۆز جىسمى ئـارقىلىق ئىپادىلىگۈســى كەلگەنــدۇ، مىنــى باغرىغــا بېسىشــقا ئىنتىــزار بولغاندۇ..." دىگەندەك تۈيغۇلار ھۆكۈم سۈرەتتى...

دىلنـاز كاللىسـىغا كىرىۋالغـان مـۇرەككەپ خىيـاللاردىن قۇتۇلمـاقچى بولغانـدەك ئىتتىكلا ئورنىـدىن تـۇرۇپ كەتتـى. ئـۇزۇن چـاچلىرىنى ئالـدىراپلا تۈگۈنچەكلىگەنـدىن كـىيىن سـىرتقا چىقىـپ بىـردەم ئايلانمـاقچى بولـدى. ئـۇ ياشلىق كۆزلىرىنى ئالقىنى بىلەن ئاستا ئېيتىپ ئورنىدىن قوزغىلىشىغا ئىشىك يىنىــك چىكىلـــدى، ئۇكۆڭلـــدە "ئەتىگەنـــدە كىمـــدۇ بـــۇ؟ " دىگەنلەرنى ئويلىغاچ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئىشىك تۈۋىدە نۇردۇننىڭ سىڭلىسـى نۇرگـۈل قولـدا بىـر چىرايلىـق خــالتىنى تۇتــۇپ كۈلۈمســىرەپ تــۇراتتى. ئــۇ دىلنــازنى كۆرۈشــى بىلەنــلا بىلەكلىرىنى كەڭ يىيىپ سىمىز بەدىنى بىلەن دىلنازنى چىڭ قۇچاقلىدى.

-سالامەت تۇرۇپسىز دىلناز ھەدە.

-رەخـمەت سـىڭلىم، خۇداغـا مىـڭ شـۈكرى...-دىلنـاز يـاش قىتىـپ قالغان چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتۈپ نۇرگۈلنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى.

-ئەتىگەندە سىزنى مـالال قىلىـدىغان بولـدۇم ھەدە، تۈنۈگـۈن ئاپـام بىـر خىزمەتدىشـىدىن خەت-خالتـا ئىبەرتىپـتىكەن، سـىزگىمۇ مۇنـۇ خـالتىنى ئىبەرتىپتۇ، ئاپام تېلىفۇندا بۇگۈنلا تاپشۇرۇپ بىرىشىمنى تاپىلىغان ئىدى...-نۇرگـۈل دىلنازنىـڭ قۇچىقىـدىن ئاسـتا ئـاجراپ قولـدىكى خـالتىنى دىلنازغـا تەڭلىدى. -قىنى ھەدە...

دىلنازنىڭ كەيپىياتىدا تۇرۇپلا ئۆزگۈرۈش بولغاندەك بولـدى، ئۇنـىڭ كاللىسىغا ئەتىگەنكى نۇردۇن توغرۇلۇق قىلغان خىياللار قايتا كىلىـپ، دەقىـقە تېڭىرقاپ قالدى، خالتىغا ئۇزاتقان قوللىرى يىنىك تىترەپ كەتتى.

نۇرگـۈل دىلنازنىـڭ نـازۇك قوللىرىنىـڭ تىترەۋاتقـانلىقىنى كـۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

-نىـمە بولـدىڭىز دىلنـاز ھەدە، مەن بىـرەر گەپنـى خاتـا قىلىـپ

سالدىمما ؟

-ياق ياق...-دىلناز نۇرگۈلنىڭ سۇئالىدىن چۆچۈپ دۇدۇقلاپ كەتتى، ئۆزىنىڭ خىياللىرىنى نۇرگۈل بىلىپ قالغاندەك ئۇنىڭ سۇئال يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئەپقاچتى.- ياق ياق سىڭلىم. كىچىدىن تازا ياخشى ئۇخلىيالمىدىممۇ قانداق بۇگۈن مىجەزىم تازا ياخشى ئەمەس.

دىلناز نۇرگۈلنىڭ قولىدىكى خالتىنى ئىتتىكلا ئېلىپ ، ئۇنىڭغا رەخمەت ئېيتقاچ ياتاققا باشلىدى.

-ھەددەم كۆپ جاپا تارتىپتۇ، ماڭا ئاۋارە بولۇپ نىمىشقىمۇ بىر نەرسە ئېبەرتىپ يۈرەرئىدى. ئاپىڭىزغا مىنىڭ رەخمىتىمنى ئېيتىپ قويۇڭ سىڭلىم...

-ياقەي ھەدە، بۇ دىگەن ئاپامنىڭ ئازغىنا كۆڭلى، ئەسلى ئاپامنىڭ سىزگە جىقلا نەرسە ئېبەرتكۈسى بار ئىدى...- كارۋاتقا كىلىپ ئولتۇرۇشقا تەمشەلگەن نۇرگۈل ئېغىزىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەتكەن گەپكە ئۇكۇنگەندەك دىلنازنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئەيمىنىش ئىچىدە قاراپ قويدى.

دىلناز "نىمە ئۈچۈن؟" دەپ سۇئال سورىماقچى بولدىيۇ، لىكىن كۆڭلىگە ئالدىبۇرۇن كىلىپ بولغان جاۋاپتىن يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى ساقلاشقا تىرىشسىمۇ، لىكىن چىرايلىق قوشۇملىرى يەنە بىلىپ-بىلمەي تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ نۇرگۈلگە باشقىچە تەسىر بىرىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدىمۇ، دەرھاللا گەپ تىمىسىنى ئۆزگەرتىپ شىرىن ئۇيقۇ ئىچىدە تاتلىق ئۇخلاپ ياتقان شىياۋياڭنى بوشقىنا نۇقىدى. كۆزلىرىنى تەستە ئاچقان شىياۋياڭ دىلنازنىڭ كارۋىتىدا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپ خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئۆزرە ئېيتقاندىن كىيىن، دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ تازىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى...

دىلناز نۇرگۈل بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە مەكتەپ تۇرمۇشى، ئۇگۈنۈش ئەھۋالى توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندىن كىيىن، تۇرۇپلا ئۇنىڭغا قۇربانجان ئاكا بىلەن مىھرىبان ھەدىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئويلاپ قالدى. دىمىسىمۇ، ئۇ 2 كۈندىن كىيىن بېيجىڭدىن ئايرىلاتتى. ئۇ بېيجىڭدىن كەتسە 2ھەپتىدىن بىرى ئۇنىڭغا ئىچەكىشىپ قالغان بۇ خۇشچاقچاق ، ساددا قىز بۇ يۇرتتا يەنە يالغۇز قالاتتى، ئۆزىغۇ پەرىشتىدەك بىر ئائىلىگە ئۇچراپ يېرىم يىلنىڭ قانداق

ئۆتۈپ كەتكىننى بىلمەيلا قالدى، لېكىن نۇرگۈل بۇ يۇرتتا 6 يىل ئۇقۇيدۇ، 6 يىل بۇ يۇرتتا تەنھالىق ئىچىدە قىينىلىدۇ، ئائىلە مۇھەببىتىنى، ئانا مېھرىنى سېغىنىدۇ، ئەگەر قۇربانجانىدەك ۋاپادار ئاكىسى بولسا بۇ غېرىپلىقنى ئۇنتۇيدۇ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسا ياردەم سورايدۇ...دىلناز شۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇ بۇگۈن قۇربانجان ئائىلىسىگە بېرىپ ئەختەمجاننى قايتۇرۇپ كەلمەكچى، دۆشەنبە كۈنى رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ ئۈرۈمچىگە قايتماقچى ئىدى. مۇشۇ پۇرسەتتە نۇرگۈلنى ئاپىرىپ تونۇشتۇرۇپ قويسا نىمە دىگەن ياخشى ھە...ئۇلار چوقۇم نۇرگۈلنى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرۈپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ...

دىلناز ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى نۇرگۈلغا دىگەندىن كىيىن ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈپ قۇربانجان ئائىلىسىگە بېرىشقا تەييارلىق قىلدى، ئۇ نەرسە كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرغاچ ياستۇقى ئۈستىدىكى نۇردۇننىڭ ئاپىسى ئەۋەتكەن خالتىغا نەچچە قېتىم قاراپ سالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە نىملەرنىڭ بارلىقىغا قىزىقسىمۇ نىمىشقىدۇر نۇرگۈلنىڭ ئالدىدا ئېچىشقا ياكى قولىغا ئېلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئۇلار مەكتەپ سىرتىغا چىققاندا چوش بولاي دەپ قالغان بولۇپ ، كەچكۈزنىڭ شاملى ئۇلارنىڭ كەڭ ئىتەكلىك كۆينەكنى ھەر يان ئۇچىراتتى، جۇزە رەڭ ئىگىز پاشنىلىق ئايىقىغا ماسلاشتۇرۇپ كىيىۋالغان جۇزە رەڭ گۈللۈك كۆينەك دىلنازنىڭ گۈزەللىكىگە باشقىچە گۈزەللىك بېغىشلىغان بولۇپ، نۇرگۈل ئۇنى ئىنتايىن ئىپتىخارلىق بىلەن چىڭ قولتىقلىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇرۇندىنلا دىناز بىلەن مۇشۇنداق مېڭىشنى ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇشنى، ئۇنى " ھەدەم" دەپ چاقىرىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنى دوسلىرىغا كۆرسۈتۈپ ، پەخىرلەنگەن ھالدا "ئۇ مىنىڭ ھەدەم ، ئاكامنىڭ ئايالى " دەپ ماختىنىشنى ئۈمۈت قىلاتتى. مانا ئەمدى ئاشۇنداق كۈنلەرگە ئاز قالدى، 2 ئائىلىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ رىئاللىق ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى...نۇرگۈل دىلنازنىڭ سۆرەتتەك تۇرقىغا زوقلۇنۇپ ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزى شاتلىنىپ كەتتى...شاتلانىدىيۇ لېكىن دىلنازنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە قاراپ ، تۇرۇپلا بىر نەرسىنى ئىسىگە ئالغاندەك ئالدىراپ سورىدى:

ـ ھە راست دىلناز ھەدە، ئەختەمجاننىڭ ئاپىسى بىلەن

ئالاقىلىشالدىڭىزمۇ؟

دىلنازنىڭ يىنىك قەدەملىرى نۇرگۇلنىڭ سۇئالى بىلەن چىپپىدە توختاپ قالدى. ئۇ ئالەمچە مەيۈسلۈك ئىچىدە نۇرگۇلغا قاراپ بېشىنى بوش چايقاپ كۆزلىرىنى يىراق-يىراقلارغا ئاغدۇردى، ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تۇتتۇۋېلىشقا تىرىشسىمۇ، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن 2 تامچە ياش سىۇتتەك مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. دىمىسمۇ، دىلنازنىڭ تۇرمۇشىدىكى زىددىيەتلىك سۇئاللارغا ئوخشاش بۇ ئېغىر سۇئال 10 نەچچە كۈندىن بىرى ئۇنى قىيناپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى تالاي قېتىم سەلىمەنىڭ نۇمۇرىغا تېلىفۇن قىلغان بولسىمۇ يەنىلا "بۇ ئابونت ئىتىك" دىگەن جاۋاپتىن باشقا ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەن ئىدى. كۈندە نەچچە رەت دوستىنىڭ پەرزەنت ئىشقىدا چاك-چاك بولۇپ كەتكەن يۈرىكىنى، سارغايغان چىرايىنى، ئازاپقا بەرداشلىق بىرىشكە ئاجىز كەلگەن قەلبىنى ئويلاپ يۈرىكى لەختە-لەختە بولغان ئىدى. ئۇنىڭدا گەرچە قايتىپ بېرىپلا سەلىمەنىڭ ئادرىسى بويىچە ئىزدەپ ئەختەمجاننى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بىرىش ئىشەنچىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ۋاقىتتىن بىرى ئېچىلمىغان تېلىفۇن تۇرۇپلا ئۇنى قورقۇنچلۇق سۇئاللار دۇنياسىغا باشلاپ قويىاتتى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق خىياللىرىدىن قورقۇپ ئاللادىن دوستى سەلىمىگە ساقلىق،خوشاللىق، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ كىتەتتى...

-ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز ھەدە؟-نۇرگۇل دىلنازنىڭ ياش ئەگىگەن كۆزلىرىگە قاراپ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى.

-ھازىرچە ئەختەمجاننى ئۆزەم ئېلىپ قايتاي دەيمەن، بېرىپلا ھەممە ئىشىمنى قويۇپ ئاۋال سەلىمەنى ئىزدەيمەن، ئۇلۇغ خۇدا دوستۇمنى سالامەت قىلغاي، ئوغلىنىڭ مېھرىگە قاندۇرغاي. لېكىن..لېكىن...-دىلناز بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك گېپىنىڭ داۋامىنى دىيەلمەي سەل كىكەچلەپ تۇرۇپ قالدى.

نۇرگۇل دىلنازنىڭ تىترەپ كىتىۋاتقان لەۋلىرىگە قاراپ كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر شۇملۇق كەلدى-دە ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

- ئۇنداق مۇرەككەپ ئويلاپ كەتمەڭ ھەدە، خۇدا دوستىڭىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، ئۇ ئوغلى بىلەن چوقۇم چىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرىشىدۇ، ئۇنى باغرىغا باسىدۇ. ئۇلۇغ خۇدا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى چوقۇم ئاسان قىلىدۇ...

دىلناز كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغان نۇرگۈلنىڭ چىرايىغا قاراپ مېھىر بىلەن باقتى، ئۇنىڭ تىلەكلىرى بىلەن كۆڭلىدىكى تەشۋىش خېلىلا كۆتىرىلىپ، دوستى سەلىمە بىلەن كۆرۈشكەندىكى ھاياجانلىق مىنۇتلار كۆز ئالدىغا كەلدى.

- دىگىنىڭىز كەلسۇن سىڭلىم.ئاللا چۇقۇم ئۇ بىچارە دوستۇمنىڭ ئىشلىرىنى ئاسان قىلىدۇ، ئۇ نۇرغۇن ئازاپ-ئۇقۇبەتلەرنى تارتتى، نۇرغۇن خورلۇقلارغا ئۇچرىدى، بىر ھەقىقى مۇھەببەتكە، بىر ئىللىق ئائىلىگە ئىرىشەلمىدى، بەختىسىزلىك ئۇنىڭ بېشىغا ئۈستى-ئۈستىلەپ كەلدى. ئەمدى ئۇ ھاياتلىق شامى بولغان ئوغلى بىلەن چوقۇم دىدارلىششى كىرەك. ئاللا ئۇنى بۇ خوشاللىقتىنمۇ مەھرۇم قىلىۋەتسە ھەرگىز بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ...

-چۇقۇم شۇنداق بولىدۇ ھەدە، تېلىفۇننىڭ ئىتىلىپ قېلىشى ھەرگىز ئۇنىڭغا بىرەر كىلىشمەسلىك بولغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەيدۇ، راستىمنى دىسەم مىنىڭ شۇ تاپ دوستىڭىزنىڭ ئوغلىنى كۆرگەندىكى ھاياجانلىق مىنۇتلارنى بەكمۇ كۆرگۈم كىلىۋاتىدۇ، نىمە دىگەن تەسىرلىك دەقىقىلەر ھە...- ھاياجانلىنىپ كىتىۋاتقان نۇرگۈل باللارغا خاس قىزغىنلىقى بىلەن ياش لىغىرلاپ قالغان چىرايلىق كۆزلىرىنى دىلنازغا ئاغدۇردى.- دىلناز ھەدە ، دوستىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە چوقۇم مىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئۇنىڭ خۇدايىم بەختىنى بەرسۇن..

-ئەلبەتتە يەتكۈزىمەن سىڭلىم. ئەلبەتتە...سىزنىڭ ئايىغىڭىز ياراشقىنى بۇ سىڭلىم. ئەگەر سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىقمىغان بولسام ئەختەمجاننى ھەرگىزمۇ ئۇچرىتالمايتتىم، دوستۇمغا بۇ خوش خەۋەرنى يەتكۈزەلمەيتتىم. ئەگەر ئۇ مىنىڭ سومكامنى ئوغۇرلىمىغان بولسا بەلكىم سەلىمە بىر ئۆمۈر ئوغلىنىڭ خەۋرىگە ئىرىشەلمەي ئۆتەر ئىدى...

-مەن سىزدىن بەكمۇ پەخىرلىنىمەن ھەدە، دوستىڭىز ئۈچۈن بىرئۇاتقان قۇربانلىقلىرىڭىز مىنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى، سىز ھەقىقەتەن بىر پەرىشتىكەنسىز، مىنىڭ پەرىشتە ھەدەم....

نۇرگۈل قانداقتۇر بىر خىل شاتلىق ئىچىدە خىياللار ئىچىدە ئاستا كىتىۋاتقان دىلنازنى چىڭ قولتىقلىۋالدى. دىمىسىمۇ دىلناز ھۆسىن جامالىدىلا ئەمەس ئادىمىلىك پەزىلەت جەھەتتىمۇ ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە ئىدى. نۇرگۈل پات ئارىدا مۇشۇنداق پەرىشتىنى ھەدە قىلىدىغانلىقىدىن شۇنچىلىك

خوشاللىقتا چۈمۈۋاتاتتى..

دىلناز نۇرگۇلنى قۇربانجان ئائىلىسىگە تونۇشتۇرۇپ ئەختامجاننى ئېلىپ قايتىپ كەلدى.2 ھەپتە ئىچىدىلا سەمرىپ، ئاقىرىپ باشقىچە ئۇماقلىشىپ كەتكەن ئەختەمجاننىڭ يارىشىملىق كىيىم كەيگەن تۇرقىغا قاراپ قۇربانجان ۋە مېھرىبان ھەدىسىگە قايتا-قايتا رەخمەت ئۇقۇدى، ئۇلاردىن شۇنچىلىك سۆيۈندى. دىمىسىمۇ ئەختەمجان بۇ ئائىلىگە كىلىپ قاراڭغۇ زىنداندىن قۇتۇلغان، ئاچ-يالىڭاچلىقتىن قۇتۇلغان، تىل ئاھانەت، ئېغىر تاياق زەربىسىدىن قۇتۇلغان ئىدى، خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغان پەرىشتىدەك شاتلىققا چۆمگەن،ئاتا-ئانا، ئائىلە مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ئىدى، بىر يىلدىن بۇيان مېھرمۇھەببەتكە زار بولغان باللىق قەلبى قۇربانجاننىڭ قۇچاقلىشى، مېھرلىك سۆيۈشى بىلەن ۋاقتىلىق ياشارغان ئىدى. دىلناز يول بويى ئەختەمجاننىڭ چۈچۈك تىللىرى، تاتلىق قىلىقلىرى، ئىچ-ئىچىگە پاتمايۋاتقان خوشاللىقىغا قاراپ شاتلانغاندەك قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ مەڭگۇ مۇشۇنداق شاتلىققا چۈمۈپ ئۆتىشىگە كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىدە يەنىلا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى...

دىلناز قايتىپ كەلگەندە كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ نۇرگۇل بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كىيىن ئەختەمجاننى ئېلىپ ياتاققا كىرىپ كەلدى. ياتاقتا شىياۋياڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرىۋاتقان بولۇپ، لىققىدە بىر نەرسە قاچىلانغان ئىككى چامىدان ياتاقنىڭ ئوتتىرىسىغا تىكلەپ قويۇلغان ئىدى. دىلناز چۆلدەرەپ قېلىۋاتقان ياتاققا قاراپ نىمىشقىدۇر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ سالدى، كۆڭلىنىڭ قانداقتۇرى بىر يەرلىرى ئاچچىق بولدى، ئۇ شۇ تاپ دوستىدىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتامدۇ ياكى يۇرتىغا بارغاندىن كېيىنكى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاچچىق تەقدىردىن ئازاپلىنىۋاتامدۇ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى

شىياۋياڭ بۇلارنى كۆرىشى بىلەنلا قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ دەرھاللا ئەختەمجاننى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ سەمرىپ، ئاقىرىپ قالغان ئۇماق چىرايىغا قاراپ زوقلىنىپ ئۇنى مۇھەببەت ئىچىدە قۇچاقلاپ سۆيدى. دىلنازدىن بالىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر سورىغاندىن كىيىن دىلنازنىڭ سۇلغۇن ھالىتىگە قاراپ بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بالىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. دىلناز كارۋاتتا دەرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كەچكى گۈگۈمغا قاراپ خېلى ئۇزۇنغىچە خىياللار

ئىچىدە ئۇلتۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ يېنىك تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى دەرھاللا ياستۇق ئۇستىدىكى ئەتىگەن نۇرگۇل ئېلىپ كىرگەن خالتىغا چۈشتى، ئۇ خۇددى بىر نەرسىدىن ئۈركۈۋاتقان كىيىكتەك كۆزلىرىنى ئادەمسىز ياتاق ئىچىگە بىر قۇر ئاغدۇرغاندىن كېيىن ، خالتىنى ئاستا قولىغا ئالدى. ئۇ شۇ تاپ خالتىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە بەكمۇ قىزىقىۋاتاتتى، بەلكىم ئۆيدە پىشۇرغان پىچىنە-پىرەنىك، بەلكىم قۇرۇق يەل-يېمىش،بەلكىم بىر قۇر كىيىم-كېچەك...دىلنازنىڭ كۆڭلىدىن نۇرغۇن نەرسىلەر كەچتى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن دىلناز بۇ نەرسىلەرنى ئېلىشنى خالىمايتتى، نۇردۇننىڭ ئاپىسىنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئەۋەتىشىدە مەلۇم مەقسىدى بارلىقى دىلنازغا ئېنىق ئىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا خالتىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

دىلناز خالتىدىكى قىپ-قىزىل ئەتىرگۈلدەك جۇلالىنىپ تۇرغان كەڭ ئېتەكلىك كۆينەككە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ناھايىتى نەپىس رەختتە ئۇستىلىق بىلەن تىكىلگەن ئوتقاشتەك قىزىل كۆينەك ئۇنىڭ ئالدىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە تۇرۇپلا ياش كەلدى ، قايسى بىر يىلىدىكى ۋارىس ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە سوۋغا قىلغان كەڭ ئېتەكلىك قىزىل كۆينەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى. ئۇ شۇ كۆينەكنى ھەر بىر كەيگەنىدە بىر ھاياجانغا چۈمەتتى، ۋارىسنىڭ ئوتلۇق ھىدى ئاشۇ كۆينەكتە باردەك ۋۇجۇدى لەززىگە كېلەتتى، ئۇ كۆينەكنى چامدانىدا ئەڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمنى ساقلىغاندەك ئاۋايلاپ ساقلايتتى، ئەڭ ئەھمىيەتلىك مىنۇتلاردا، ئەڭ خوشال كۈنلەردە كىيەتتى...تۇرۇپلا دىلنازنىڭ يۈرىكىدە بىر ئاچچىق پىغان يامرىدى. "بۇ كۆينەكنى ۋارىس ئەۋەتكەن بولسىدى ھە..."دەپ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ سالدى.

دىلناز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان كۆينەكنى قولىغا ئېلىشنى، ئەۋرىشىم قامىتىگە كىيىپ بېقىشنى پەقەت خالىمىدى، ئۇ كاللىسىدىكى چىگىش سۇئاللار ئىچىدە بىر پەس قىينالغاندىن كېيىن كۆينەكنى پۇرلاپلا ئالدى دە، خالتا ئىچىگە غەزەپ بىلەن تىقتى. تىقتىيۇ قولىغا ئورۇنغان بىر نەرسىدىن چۆچۈپ خالتا ئىچىگە بۇيۇنداپ قاراپ سالدى. خالتا تېگىدە يۈرەك شەكلىدە يەنە بىر قىپ-قىزىل بولاق تۇراتتى، دىلنازنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر تەشۋىشتىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. چىرايلىق قۇشۇملىرى تۈرۈلدى، كەڭ

سۈزۈك پىشانىسىدە بىر نەچچە تامچە تەر پەيدا بولدى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بولاق ئىچىدە نەرسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ئايان بولۇپ بولغانىدەك تۇراتتى، ھەممە قىزلارنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ يۈرەك شەكىللىك بولاق شۇ تاپ دىلنازنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجىۋاتاتتى، ئۇنى ئازاپلىق دوۋزاخقا ئىتتىرىۋاتاتتى...ئۇ بولاقنى ئېلىش-ئالماسلىق توغرىسىدا بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. بۇلاقتەك كۆزلىرىنى چىلىك يۇمۇپ خىياللار ئىچىدە قىينالدى. ئۇ ئاخىرى تىترەپ تۇرغان نازۇك بارماقلىرىدا يۈرەك شەكىللىك بولاقنى ئاستا ئاچتى، بولاقنىڭ ئىچىدىكى نەرسە كۆڭلىگە ئاللىبۇرۇن ئايان بولۇپ بولغان بولسىمۇ، يۈرەك شەكىللىك ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈش بىلەن پۈتۈن تىنى تىترەپ كەتتى.

دىلناز ئالدىدىكى قىپ-قىزىل كۆينەك ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان ساپسېرىق ئالتۇن ئۈزۈككە قاراپ تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپ دىلنازنىڭ نازۇك بارمىقىدىمۇ ئاشۇ ئۈزۈككە ئوخشاش بىر ئۈزۈك پارقىراپ تۇراتتى. لېكىن بۇ ئۈزۈك ئۇ ئۈزۈككە ئەسلا ئوخشىمايتتى، قولىدىكى ئۈزۈك بولسا ئۇ چىن دىلىدىن سۆيگەن ئادەمنىڭ تويى سوۋغىسى، ئوتلۇق مۇھەببىتىنىڭ شاھىدى ئىدى.ئۇ ئالىبۇرۇن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۈزۈكنى بارماقلىرىدىن ئاجرىتىپ باقمىغان ئىدى، بۇ ئۈزۈك ئۇنىڭغا مەڭگۈ نىسىپتەك ھىس قىلاتتى. بىر كۈنلەردە بۇ ئۈزۈكتىكى مۇھەببەتنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى...بىچارە قىزنىڭ كۆز ئالدىغا ئاستا-ئاستا ۋارسىنىڭ تويى كۈندىكى مۇھەببەتلىك بېقىشى، ھارارەتلىك قوللىرى بىلەن دىلنازغا تويى ئۈزۈكى سالغان ھاياجانلىق دەقىقىلەر زاھىر بولدى. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزىنى قانچىلىك بەختلىك ھىس قىلغان ئىدى ھە، ئاشۇ تويى ئۈزۈكىنى مەڭگۈ سېلىشىنى قانچىلىك ئۈمۈت قىلغان ئىدى ھە، ۋارسىنىڭ ئوتلۇق مېھرىدىن قانچىلىك ھۇزۇرلانغان ئىدى ھە...دىلنازنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى، مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغان مىنۇتلىرىنى ئويلاپ ئۆزىنى شۇنچىلىك بىچارە، شۇنچىلىك تەنھا ھىس قىلىشقا باشلىدى. دىلناز ئالدىدىكى كۆينەك ۋە ئۈزۈككە قاراپ بىر ھازاغىچە ئازاپلىق خىيال سۈرگەندىن كېيىن، تۇرۇپلا خۇددى كىچىك بالىدەك ئىسەدەپ كەتتى. ئۆزىنىڭ چىن ئەقىدىسى ئۈچۈن ئىرىشكەن ئازاپ-ھەسرەتنى، سېغىنىشنى ئويلاپ ئۆزىنى پەقەت تۇتىۋالالمىدى. قانداقتۇر بىر ئاچچىق سىزىم پۈتۈن جىسمىنى ئامبۇردەك قىسىپ ئۇنى تەگسىز بىر قارا ئۆڭكۈرگە تاشلىغاندەك بولدى. " نەدە

سىز ۋارس، نەدە سىز؟؟؟نىمىشقا مىنى بۇنداق قىينايسىز؟ نىمىشقا ماڭا بۇنچە ئازاپ، ھەسرەت سالىسىز؟ ئۆز ۋاقتىدا سىز مىنىڭ نازۇك قەلبىمگە مۇھەببەت سالغان، مەن ئۈچۈن پەرۋانە بولغان، مىنى ئۆز قوينىڭىزغا چىللىغان ئەمەسمىدىڭىز؟ مەن ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىشقا رازى ئەمەسمىدىڭىز؟؟؟ مەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ساداقەتمەن بۇلۇشقا ، مىنى بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلىشقا قەسەم قىلغان ئەمەسمىدىڭىز؟؟؟ ئەمدى سىزگە نىمە بولدى ۋارس. زادى نىمە بولدى؟؟؟مەن نىمە گۇناھىم ئۈچۈن بۇنداق ئازاپ تارتىمەن؟ قايسى خاتالىقىم ئۈچۈن قۇربان بىرىمەن؟...قىنى دەڭە ۋارس، قايسى خاتالىقىم ئۈچۈن، قايسى خاتالىقىم ئۈچۈن..."دىلناز ئىڭىدىكى نىدانىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماق قالدى، ئۇ شۇ تاپ " قايسى خاتالىقىم ئۈچۈن، قايسى خاتالىقىم ئۈچۈن..." دىگىنىچە ئىغىزىنى ئۆمچەيتىپ ياش تۆكىۋاتاتتى، بايىقى ئىسسەدەش ئەمدى ئاۋازىنى قويۇپ يىغلاشقا، تامچە ياش يامغۇر كەبى تۆكۈلۈشكە ئالماشقان ئىدى...ئۇنىڭچە بولسا ئالدىدىكى كۆينەك بىلەن ئۇزۇكنى ۋارس ئىبەرتكەن بولسا قانچە ياخشى بولار ئىدى ھە، قىممەت باھالىقنى ئەمەس بەلكى ئاددى خەسىدىن كۆينەك تىكىپ ، كونا تۆمۈردىن ئۇزۇك سوقۇپ ئىبەرتكەن بولسىمۇ دىلناز ئەڭ قىممەتلىك سوۋغاتقا ئېرىشكەندەك خوشال بولغان، ئۇنى ئەڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمنى ساقلىغاندەك ساقلىغان بولار ئىدى...ئاشۇ ئاددى نەرسىلەردىن ۋارسنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن، قەلبىنى قىيناپ كەلگەن سېغىنىش، تەنھالىقتىن قۇتۇلغان بولار ئىدى...

دىلناز ئىشكىنىڭ ئىچىلىشى بىلەن ئالدىدىكى نەرسىلەرنى تىزلىكتە يىغىشتۇرۇپ خالتىغا سېلىپ ئۈلگۈدى. قىزىرىپ كەتكەن ياشلىق كۆزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سۈرتۈپ قەلبىدىكى جىددىچىلىك، ئازاپىنى يوقاتماقچى بولغاندەك بىر نەچچە قېتىم ئىغىر "ئۇھ"تارتتى...

دىلناز يىرىم كېچىلەرگىچە پەقەت ئۇخلىيالمىدى، ئۇ يېنىدا ياتقان ئەختەمجانغا قاراپ خىياللارغا كەتكەن ئىدى، كۆزى ئەختەمجاننىڭ يۈزىدىكى تېخى تۈلۈق ساقىيىپ بولالمىغان ئۇزۇن تارتۇقتا بولغىنى بىلەن كۆڭلى يەنىلا ھېلىقى كۆينەك ۋە ئۇزۇكتە ئىدى. دىلناز بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلسا قەتئىي بولمايتتى، بۇنى قوبۇل قىلىش بىر ھىساپتا نۇردۇننىڭ توي تەكلىپىگە قوشۇلغانلىقىنىڭ ، تويغا رازىلىق بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالاتتى. ئۇ

كىيىنكى تەقدىرى ئۇستىدە خېلى كۆپ ئويلانغان بولسىمۇ ، نۇردۇن بىلەن تويى قىلىشىنى قەلبىگە پەقەت سىغدۇرالمىدى. نۇردۇننىڭ ئىسىللىكى، بىلىملىكى، پۈتۈن شارائىتى ئۇنى قايىل قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا نىسپەتەن ئۆزىدە قىلچىلىك قىزىقىش يوقلىقىنى ھېس قىلدى. تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئۇنىڭ قەلبىگە قالدۇرغان تاتلىق ئەسلىمىلىرى يەنىلا ۋارسىنىڭ قەلبىنى ئېزىدەيتتى، مۇھەببىتىنى سېغىناتتى...ئۇ ئەتراپتىكى ئاتا-ئانىسى، دوسلىرىنىڭ ، جەمىيەتنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىنەزەر يەنە ۋارس بىلەن بىرگە ياشاشنى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈردەك قارايتتى، ئۇنىڭ قارىشىچە ۋارس ئاتا قىلغان مۇھەببەتنى ئىككىنچى بىر ئادەم ئۇنىڭغا بەخشەندە قىلالمايتتى...دىلنازئويلىنا-ئويلىنا ئاخىرى بۇ سوۋغاتنى قايتۇرىۋېتىشنى مۇۋاپىق تاپتى، قايتۇرىۋەتسىلا پۈتۈن يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان بېسىمدىن قۇتۇلىدىغاندەك يېنىكلەپ قالدى ، لېكىن قانداق قايتۇرۇش كېرەك، كىمگە بېرىش كېرەك؟...ئۇ دەرھاللا نۇرگۇلنى ئويلىدى...ياق، ياق...ئاپىسىغا قايتۇرۇپ بېرەي...ياق، ياق،ياق...نۇردۇننىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرەي....دىلنازنىڭ بېشى يەنە قاتتى. مىڭىسى لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ روھى بېسىم ئاستىدا شۇنچىلىك قىينالدىكى كارۋات ئۈستىدە نەچچە ئون قېتىم ئۆرۈلدى، ئۆرە تۇرۇپ ئولتۇرۇپ باقتى، ياتاق ئىچىدە بىر مەھەل مېڭىپمۇ باقتى...لېكىن ھېچ بىر ئۇيقۇ كەلمىدىغاندەك ، مىڭىسى ئارام تاپمىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ ئامالسىز بۇ بىر كېچىنى ئەنە شۇنداق ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى...

دىلنازنىڭ ئازاپ ۋە خوشاللىق گىرەلىشىپ كەتكەن 6 ئايلىق ئوقۇشى ئاخىرى ئاياقلاشتى. ئۇ بىر خىل مۇرەككەپ جۇدالىق ۋە سېغىنىش ئىچىدە ئۇرۇمچىگە قايتتى. ئايرۇپىلان ئىستانسىغا ئالاھىدە ئۇزۇتۇشقا چىققان قۇربانجان ۋە مېھرىبان بىلەن تۇققانىدىن چارە مېھرى-مۇھەببەت ئىچىدە قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، بولۇپمۇ ئايرۇپىلان ئىستانسىسىنىڭ ئۇزۇتۇش بۆلۈمىسىدە قۇربانجان ئۇنى ئاكىلارچە مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلاپ ، ئۇزۇن

چاچلىرىنى سىلىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ئاچچىق يىغا ئۇلاشتى، ئېڭىدا قۇربانجان بىلەن مۇشۇ ئىستانسىسىدا ئۇچراشقان دەقىقىلەردىن تارتىپ ئۆزى بىھۇدە گۇمان ئىچىدە ئېزتىراپ چېكىپ يۈرگەن كۆڭۈلەرگىچە بولغان جەريانلار پەيدا بولۇپ ئۆزىنىڭ ئازغۇن ھىسسىياتىدىن قاتتىق ئۆكۈندى، كۆڭلىدە بۇ پەرىشتە سۈپەت ئادەمنىڭ ئۆزىگە بەرگەن دىنى تەلىمىگە ، قەلبىنى ئىللىتقان ، ئالاھنى يېقىنلاشتۇرغان ئۇرۇنلۇق نەسىھەتلىرىگە مىڭلارچە رەخمەت ئوقۇدى.

ئەختەمجاننى يىتىلىۋالغان دىلناز ئايروپىلان بۆلۈمچىسىگە تۇنجى بولۇپ ئوك پۈتىنى ئالغاندا ئېغىزىدىن "بىسمىللا" دىگەن سۆزنىڭ قانداق بولۇپ چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى، نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئېڭىدا يېقىنىدىن بۇيان بىر ئاللانى دوست تۇتقان قۇربانجان بىلەن مېھرىبانىنىڭ ئالىجاناپلىقى، ئادىمگەرچىلىكى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ئاللاھا بولغان سېغىنىش، ئىسلام قائىدىلىرىگە بولغان ھۆرمەت بارغانسىرى كۈچەيگەن ئىدى.

ئايروپىلان بۆلۈمچىسىگە كىرىپ كەلگەن دىلناز قولىدىكى بىلەت بويىچە ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئورۇنغا قاراپ ماڭدى، ئايروپىلاندىكى بىر قىسىم يولۇچىلار ئايروپىلان كۆتكىچىلىرىگە ئوخشاش چىرايلىق، نازاكەتلىك بۇ چىرايلىق قىزغا زوقلىنىپ قاراشتى، دىلنازنى تونۇيدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر يولۇچىلار ئۇنى قايتىدىن بىر كۆرۈشىلىشنى ئارزۇ قىلغاندەك ئۇنىڭغا بۇيۇنداپ قاراشتى، لېكىن دىلناز بۇرۇنقى سىپايىلىقى، ئىلمىلىكى بىلەن شۇنچىلىك رايىش قەدەملەر ئىچىدە ئورنىغا كەلدى، بىر قاتاردا ئولتۇرىدىغان خەنزۇ ئايالغا تاتلىق كۈلۈمسىرەپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئەختەمجاننى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى...

ئايروپىلان پايتەختنىڭ ئېگىز بىنالىرىنى، رەتلىك، ئازادە كوچىلىرىنى بارغانسىرى پەستە قالدۇرۇپ كۆككە كۆتىرىلدى، دىلناز يول بويى دەرىزىدىن پەسكە بۇيۇنداپ قارىۋاتقان ئەختەمجاننىڭ خوشاللىق ھەم ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئېغىر سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان شاتلىق نۇرلىرى يۈرىكىگە سىڭىپ ، ئۇنىڭ بىر يىللىق ئەسلىمىسى ۋە كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە تەگسىزخىياللارغا غەرق بولدى..

ئـۇرۇمچى ئايرىــدرومى. ئــايرۇپىلان بۇلۇمچىســىدىن چىقىــپ زالغــا كىرىپ كەلگەن دىلناز كۆرۈشمىگىلى يېرىم يىل بولغان ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈش ئىستىكىدە جىددىيلىشىپ كەتتى. يۇلـۇچىلارنى كۈتـۈۋېلىش ئورنىـدا ئـۆزىگە قاراپ تۇرغـان نـازىر بىــلەن پەرىــدە خــانىمنى كـۆرۈش بىــلەن يىتىلىۋالغـان ئەختەمجانىمۇ ئۇنتۇپ يۈگـۈرۈپ دىگـۇدەك كەلـدى-دە، ئالـدىغا كەڭ قۇچـاق ئېچىپ كەلگەن پەرىدە خانىمنى چىڭ قۇچاقلىدى ، ئاپىسىنىڭ ئۆتكۈر گـىرىم ۋە ئەتىر ھىدى كىلىپ تۇرغان مەڭزىگە مەڭزىنى چىڭ يېقىپ ھاياجانلىق كـۆز يېشى قىلدى. بۇرۇنقىـدىن تېخىمۇ سـەمرىپ كەتـكەن پەرىـدە خـانىم ئـالتۇن ئۈزۈك پاتماي قالغان بارماقلىرى بىلەن دىلنازنىڭ مەڭزىنى قايتا-قايتا سىلاپ چىقتــى، ئۇنىــڭ يېــرىم يىــل ئىلگىركــى غەمكىــن تۇرقىنىــڭ بارغانســىرى ياخشىلىنىپ ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنلىكىدىن شاتلىنىپ تويماي قارىدى. ئۇنىڭـدىن ئەبىـدى جـۇدا بولـۇپ كىتىدىغانـدەك ئـۇنى ئـانىلارچە مېھرىبـانلىق بىلەن يۇراپ قايتا-قايتا باغرىغا باستى.

-بولـدى، بولـدى...بـۇ يەردە بىزمـۇ بـار جۇمـۇ...- ئانـا-بالىنىـڭ ھاياجانلىق قۇچاقلىششىغا قاراپ سەل-پەل قىزغىنىدىمۇ قانداق نـازىر پەرىـدە خانىمنى بوشقىنا نۇقۇپ ، ئۇنىڭ قۇچىقىـدىكى دىلنـازنى ئـۆزىگە قـاراتتى. - مىنى پەقەت سېغىنمىغان ئوخشىمامسەن قوزام...؟

دىلنــاز دادىســىنىڭ مېھرىبــانلىق چىقىــپ تۇرغـان كـۆزلىرىگە قــاراپ مىيىقىــدا كۈلــدى-دە، بــالىلارچە قىلىــق بىــلەن دادىســىنىڭ كەڭ يەلكىســىگە ئېسىلدى.

-ســىزنى قانــداقمۇ ســېغىنماي دادا، قىزىڭىزنىــڭ يــۈرىكى ســىزنىڭ تــــاتلىق ئەركىلىتىشـــىڭىزنى، كۈيۈنىشـــىڭىزنى، تەســـەللىرىڭىزنى بەكمـــۇ سـېغىندى...-دىلنـاز شـوخلۇق بىـلەن دادىسـىنىڭ يـېڭىلا قىرىلغـان يـۈزىگە سۆيۈپ ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى.

-مەنمۇ شۇ قىزىم، سەن بولمىساڭ خوشاللىقىم تەڭلا يوق بولىدىكەن مىنىڭ. مانا بۈگۈن يۈرۈكۈمنى قايتۇرۇپ بەردىڭغۇ سەن...-نـازىر دىلنازنىـڭ ئۈزۈن قاپقارا چاچلىرىنى مېھىـر بىـلەن سـىلىغاچ ئـۇنى باغرىغـا تېخىمـۇ چىـڭ باستى.

-بۇ ياققا قـارا قىـزىم، بـۇ يەردىمـۇ سـىنى كۈتـۈپ تۇرغـان مېھمـانلار

بار...ـ پەردە خانىم دادىسىنىڭ قۇچىقىغا قانمىغان دىلنازنىڭ قولىدىن ئاستا تارتتى.

دىدارلىشىش خوشاللىقىدا ھاياجانلىنىپ تۇرغان دىلناز دادىسىنىڭ قۇچىقىدىن قىيمىغان ھالدا ئاجراپ ئاپىسى كۆرسەتكەن تەرەپكە بېشىنى بۇرىدى، بۇرىدىيۇ قولىدا بىر دەستە گۈل كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇنۇش چىرايىنى كۆرۈشى بىلەنلا نېمە قىلىشىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. كۆز قارچۇقلىرى كەڭىيىپ ، نازۇك جىسمى يېنىك تىترەپ كەتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر يىگىت بۇرۇنقى سىپايىلىقى، مۇلايىملىقى ، ئىلمىلىكى بىلەن قولىدىكى گۈلگە قارىغىنىچە جىمجىت تۇراتتى، يىگىتنىڭ چىرايى قولىدىكى قىزىل ئەتىرگۈلگە ئوخشاشلا قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تەر تامچىلىرى پاقىرايتتى.

ـ نۇردۇن.ـ دىلناز بۇ ئىسىمنىڭ ئېغىزىدىن قانداق بۇلۇپ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

نۇردۇن ناھايىتى رايىش قەدەملەر بىلەن ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم چامداپ قولىدىكى بىر دەستە گۈلنى دىلنازغا تەڭلىدى.

ـ سالامەت قايتىپ كەپسىز دىلناز ، ھا...ھارماڭ...

كۆزنى گۈلىدىن ئاغدۇرۇپ دىلنازنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىككەن نۇردۇن بىر ئاز تېڭىرقاپ قالدى. قولىدىكى گۈلنى دىلنازغا تۇتقۇزۇشنى ياكى قايتۇرىۋېلىشنى پەقەت بىلەلمىدى. شۇ تاپ دىلناز قولىنى گۈلگە ئۇزۇتىدىغاندەك قىلمايتتى، دىمىسىمۇ دىلناز ئەسلا خالىمىغان بىر قورقۇنچلۇق رىئاللىق ئۇنى كۇتۇپ تۇراتتى، نۇردۇن قولىدىكى گۈل بىلەن دىلنازنى كۇتىۋېلىشلا ئەمەس بەلكى ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويىۋاتاتتى...دىلنازنىڭ بايىقى ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرگەندىكى خوشاللىقى نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتتى. چىرايىدا بىر خىل ئاغرىنىش پەيدا بولۇپ، لەۋلىرىنى بوش چىشلىدى. شۇ تاپ ئالدىدىكى نۇردۇن ئەمەس ۋارىس بولغان بولسا، تەڭلىگىنى گۈل بولماي تىكەن بولسىمۇ ئۇنى خوشاللىق بىلەن قۇبۇل قىلار ئىدى، ئۇنى خوشاللىق بىلەن باغرىغا باسقان بولار ئىدى، خوشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كىتەر ئىدى...لىكىن ئالدىدىكى ۋارىس ئەمەس نۇردۇن...نۇردۇن...

دىلناز تۇرۇپلا كەينىگە ئۆرۈلدى، ئۆرۈلدىيۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان

نازىر بىلەن ئاپىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى، نازىر بىلەن ئاپىسى ئوخشاشلا قىزنىغا قاراپ بېشىنى بوش چايقاۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالمىغانلىقىدىن، بىر يىگىتنىڭ سالىمىغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقىدىن قاتتىق ئاغرىنىۋاتاتتى، دىلناز دادىسىنىڭ ئۈمۈتسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، چىرايىدىكى بىئارامچىلىققا قاراپ ئىزىلىپ كەتتى، بىچارە دادىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنىڭ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ كېيىنكى بەختىنى ، گۈزەل ئىستىقبالىنى ئويلىغانلىقىنى بىلىپ يەتتيۇ، لېكىن بۇ ئىشنى شۇنچىلىك بىمەنە ھېس قىلدى. ئۇ قاتتىق بېسىمغا دۇچ كەلگەن ئىدى، بىر قارىسا تەڭلىكتە قالغان يىگىت بىلەن ئاتا ـ ئانىسى، بىر قارىسا كېيىنكى تەقدىرى، ۋارىسىنىڭ ئۈمۈتسىزلەنگەن كۆزلىرى...

دىلناز ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ ئارقىغا ئۆرۈلگىنىنى ، قانداق بولۇپ نۇردۇننىڭ قولىدىكى گۈلنى "رەخمەت، ئاۋارە بوپسىز.."دەپ ئالغىنىنىمۇ بىلمەيلا قالدى. ئىسىگە كەلگىنىدە بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈل ئۇنىڭ قۇچىقىدا تۇراتتى، نۇردۇنىنىڭمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ چىرايىغا باشقىدىن كۈلكە يۈگۈرگەن بولۇپ، پەرىدە خانىم قىزىنىڭ ئاقىلانە تاللىشىدىن تولىمۇ خوشالدەك قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالغان ئىدى.

بىر چاغلاردا پەرىدە خانىم دىلنازنىڭ ئاپئاق كۆينىكىنىڭ پېشىنى چىلك تۇتىۋالغان ئەختەمجانغا قاراپ ھەيران قالدى، ئەختەمجانمۇ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىردەم پەرىدە خانىم بىلەن نازىرغا، بىردەم نۇردۇنغا، بىردەم خىياللارئىچىدە قېتىپ قالغان دىلنازغا ئاغدۇراتتى.

ـ دىلناز قىزىم، بۇ بالا كىم بولۇدۇ؟ ـ پەرىدە خانىم بالىنىڭ قولىنى دىلنازنىڭ كۆينىكىدىن ئاجرىتىۋەتمەكچى بولۇپ سىلكىدى .

ـ ئۇنداق قىلماڭ ئاپا...بۇ ئەختەمجان....ـ دىلناز پەرىدە خانىمنىڭ قوپاللىقىدىن باشقىچە تۈگۈلۈپ كەتكەن بالىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى.ـ بۇ دوستۇم سەلىمەنىڭ ئوغلى، ھېلىقى مەكتەپتىن كىتىپ قايتىپ كەلمىگەن دوستۇمنىڭ ...

ـ ھە...ھە...ـ پەرىدە خانىم ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.ـ بۇ بالىنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭ سەن...

ـ بېجىڭدىن ئاپا، تەقدىر دىگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، نۇرگۈلنىڭ

ئالدىغا چىققان ۋاقتىمدا پويىز ئىستانسىسىدا ئۇچرىتىپ قالدىم.ـ دىلناز نۇرگۇلنى ئىسمىنى چىقارغاچ نۇردۇننىڭ كۆزلىرىگە قاراپ سالدى. قارىدىيۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇھەببەتلىك نۇردىن ئەندىكىپ ئىتتىكلا كۆزىنى بالىغا ئاغدۇرىۋالدى. ـ بۇمۇ ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ئاپا...

ـ شۇنى دىمەمسەن قىزىم، ئۇن ـ تىنسىز يۇقاپ كەتكەن بىر بالىنىڭ شۇنچە چوڭ زىمىندا ساڭا ئۇچرىغىنىنى دەيمەن. ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە بالام ، بىر مۆجىزە . بىچارە دوستۇڭنىڭ ئاھى خۇداغا يەتكەن ئوخشايدۇ...

نەۋرىگە زار بولغان نازىر بالىنىڭ ئۇماق تۇرقىغا قاراپ زوقلاندى. ئۇ ئاستا كىلىپ ئەختەمجاننى قۇچىقىغا ئالماقچى بولغاندا ، ئەختەمجان قانداقتۇر بىر قورقۇنچ ئىچىدە دىلنازنىڭ پۇتىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

ـ قورقما بالام، بۇ مىنىڭ دادام ، "چوڭ دادا" دە...قىنى بارغىن ...ـ دىلناز بالىنى كۆتىرىپ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۇزاتتى.

بالىنى قۇچىقىغا ئالغان نازىر بالىنىڭ ئۈركۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ھىچنەرسىنى چۈشەنەلمىدى، ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنچە قورۇنىدىغانلىقىنىڭ، قورقىدىغانلىقىنىڭ تىگىگە يىتەلمىدى، دىمىسىمۇ نازىر بالىنىڭ ئاشۇ يىراق شەھەردىكى ئازاپلىق كەچمىشىدىن، قولدەك ئازاپلانغان، خارلانغان كۆنلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. نازىر تۇرۇپلا بىر نەرسىنى ئىسىگە ئالغاندەك ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ئالدىراپ سورىدى.

ـ دىلناز قىزىم، دوستۇڭ ئالدىڭغا چىقماپتىغۇ، ئۇنىڭغا بالىسىنىڭ خەۋىرىنى بەرمىگەنمىدىڭ...

ـ ئالاقىلىشالمىدىم دادا، خۇدايىم بۇيرىسا ئەتىلا يۇرتىغا بىرىپ بالىنى يەتكۈزۈپ بىرىمەن.

ـ ۋاي ـ ۋۇي، ئەتىلا بارمىساڭمۇ كىيىن بارارسەن قىزىم، يا باشقا بىرى ئاپىرىپ بىرەر...ـ پەرىدە خانىم دىلنازنىڭ گىپىنى بۆلۈپلا ئىغىز ئاچتى.ـ ھىرىپ كەلگەندە بىر نەچچە كۈن ئوبدان بىر ئارام ئىلىۋال جىنىم قىزىم.

.....

ئايرۇپىلان ئىستانسىدىن چىقىۋاتقان دىلناز چامىدانىنى يىتىلىۋالغان نۇردۇنغا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا نەچچە رەت قاراپ سالدى. قامەتلىك گەۋدە ناھايىتى سالماقلىق بىلەن مىڭىۋاتاتتى، بەزى ـ بەزىدە كۆز ئەينىكىنى يۇلەپ

قوياتتى، قانداقتۇر بىر خوشاللىق يىنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن دىلنازنىڭ مودىللارغا خاس ئەۋرىشىم قامىتىگە ئەيمىنىش ئىچىدە تىكىلەتتى...

نازىرنىڭ ماشىنىسىغا دىلنازنىڭ چامىدانىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان نۇردۇن خوشلاشماقچى بولۇپ دىلنازنىڭ ئالدىغا ناھايىتى تەستە كەلدى. نازىر بىلەن پەرىدە خانىم دېيىشىپ قويغاندەك دەرھاللا ئەختەمجاننى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا يىراقتىكى ماشىنىلارنى، يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئايروپىلانلارنى كۆرسىتىپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشكەچ يىراقلىدى. دىلناز نۇردۇننىڭ بىر نەرسە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ، دەرھاللا قولىدىكى گۈلگە قارىغان بۇلۇپ تۇرىۋالدى. نۇردۇن ماشىنىنىڭ تۇتقىچىنى تۇتقىنىچە بىر ھازا نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى، ئۇ شۇ تاپ گەپنى نەدىن باشلاشنى، نەدە ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتى. دىلناز بىر ھازا ساقلىغاندىن كېيىن سەل ئىچى سىقىلغاندەك بولۇپ نۇردۇندىن بۇرۇن ئېغىز ئاچتى.

ـ گېپىڭىز بارمىدى نۇردۇن ئاكا...

ـ ھە...ھە...ـ نۇردۇن دۇدۇقلاپ كەتتى،قولى بىلەن ماشىنا تۇتقىچىنى قايتا ـ قايتا سىلىدى.ـ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە باقمايلا ئالدىڭىزغا چىقىپ سالدىم دىلناز، كەچۈرۈڭ...بەزى ئەھۋاللارنى پەرىدە ھەدەم سىزگە دېگەن ئوخشايدۇ...شۇڭا...شۇڭا...

ـ قايسى ئەھۋالنى ؟ـ دىلناز ھېچنەرسىدىن بىخەۋەردەك ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى.

ـ مېنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئىشىمنىچۇ؟

ـ ھە، ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ سىزنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىڭىز بىلەن مېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىم بار؟

ـ نېمە؟ـ نۇردۇننىڭ قوللىرى ئىشىك تۇتقۇچىدىن ئاجراپ كەتتى،ـ مە...مەن تېخى سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بار ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

ـ قايسى ئىشتىن دەيسىز ؟

ـ بىزنىڭ توي ئىشىمىزدىنچۇ دىلناز؟ ـ نۇردۇن دىلنازنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ خىجىللىق ئىچىدە يەرگە قارىۋالدى.

ـ بىزنىڭ توي ئىشىمىز...ـ دىلناز مىيىقىدا كۈلدى.ـ بۇنى مۇمكىن دەپ قارامسىز نۇردۇن.

ـ شۇنداق، نېمىسى مۇمكىن بولمايدۇ، سىزمۇ ئاجراشقان، مەنمۇ

ئاجراشقان. بىزگە يەنە نىمە توسالغۇ بولماقچىدى...

ـ سىزشۇنداق ئاددى قارامسىز نۇردۇن. بۇنىڭغا مۇھەببەت توسالغۇ بولىدۇ. چىن مۇھەببەت...ـ دىلناز "مۇھەببەت"دىگەن گەپنى ناھايىتى ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئېيتتى.

ـ قايسى چىن مۇھەببەتنى دەيسىز دىلناز ؟ ـ نۇردۇن ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ناھايىتى يۈرەكلىك بىلەن دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە تىكتى.

دىلناز قولىدىكى ئەتىرگۈلگە لاپ قارىۋېتىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ۋارىس بولغان مۇھەببىتى ھەقىقى چىن مۇھەببەت ئىدى، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق چىن مۇھەببەت بولمايتتى، بۇ مۇھەببەتنى ئۇ ھەم مەڭگۈ باشقا بىرىگە بىرەلمەيتتى.

ـ سىز ئايالىڭىزنى ياخشى كۆرمەمتىڭىز؟ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭىز چىن ئەمەسمىدى؟ـ دىلناز نۇردۇننى نىيىتىدىن ياندۇرۇش قارارىغا كەلدىمۇ گەپنى دەرھاللا باشقا ياققا بۇرىدى.

ـ يا..يا...ياخشى كۆرەتتىم. قانداق دەيسىز...؟

ـ شۇ ئەمەسمۇ ، تۇغمىدى دەپلا ئاشۇ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىزنى تاشلىۋەتسىڭىز، ئاجرىشىپ كەتسىڭىز بولامدۇ؟ تۇغماسلىق ئايالىڭىزنىڭ سەۋەنلىكىمۇ؟ بۇنى بىر تەقدىر دەپ چۈشەنسىڭىز بولمامدۇ؟ سىز ئايالىڭىزنى بالا ئۈچۈن ياخشى كۆرەمسىز ياكى مۇھەببەتلىك يۈرىكىڭىز ئۈچۈن ياخشى كۆرەمسىز؟ ...

نۇردۇن دىلنازنىڭ بۇنداق سوئال قويىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى،ئۇ دىلنازنىڭ ئويماقتەك ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان پىلمۇت ئوقىدەك سوئاللارغا  دەماللىققا نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشنى بىلەلمەي قالدى.

ـ بۇ ...بۇ...بۇسۇئاللارغا ئەمدى جاۋاپ بەرگۈم يوق دىلناز ، بۇ بىر تەقدىر ...

ـ شۇنداق بۇ بىر تەقدىر ، سىزگە دىسەم مەن ۋارىسنى يەنىلا ياخشى كۆرىمەن نۇردۇن، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كىتىشىم بىر تەقدىر بولسىمۇ، ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىشىمۇ بىر تەقدىر...شۇڭا ئەمدى بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ نۇردۇن،بۇ پەقەت ئاپام بىلەن ئاپىڭىزنىڭ پىكرى، ئارزۇسى...ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ياكى مىنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەس...بىز يەنىلا

ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان بەختىنى قوغلىشىمىز كېرەك...

-ياق دىلناز، بۇ ئاپامنىڭ ئارزۇسىلا ئەمەس مىنىڭمۇ ئارزۇيۇم. مەن چۇقۇم سىز بىلەن توي قىلمىسام بولمايدۇ.- دىلنازنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان نۇردۇن جىددىيلىشىپ كەتتى. - مىنى ئەمدى ئۇمۇتسىز قويماڭ دىلناز، مىنى ئەمدى قىينىماڭ...

-مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس. مەن پەقەت بىر ۋارىسقىلا تەئەللۇق نۇردۇن. بىر ۋارىسقىلا...

كۆزىگە ياش ئالغان دىلناز ئەلەملىك ئۆكسۈپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى گۈلنى تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغان نۇردۇننىڭ قولىغا چاققانلىق بىلەن تۇتقۇزدى-دە، ئاپىسىغا قاراپ توۋلىدى:

-ئاپا، قايتىپ كىتەيلى...قايتىپ كىتەيلى....

نازىر ۋە پەرىدە خانىم نۇردۇننىڭ قولىدىكى گۈلگە قاراپ بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان بەختىنىڭ قىزى تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. گۈلگە قاراپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ قالغان نۇردۇنغا نىمە دەپ تەسەللى بىرىشنى بىلەلمىدى. پەرىدە خانىم نۇردۇن قېشىغا بىرىپ ئۇنىڭغا قايتىپ كىتىشنى، بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ ئوڭشايدىغانلىقىنى پىچىرلاپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلۇشۇپ ماشىنىغا چىقتى.

ماشىنا قوزغالدى. ئەختەمجاننى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان نازىر ماشىنا ئەينىكىدىن نۇردۇننىڭ سۆكۈت ئىچىدە قېتىپ قالغان گەۋدىسىگە خېلى ئۇزۇنغىچە قاراپ ئولتۇردى. كۆڭلىدە قىزىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى، چىن مۇھەببىتى، ساداقىتى نامايەن بولغاندەك بولدى. لېكىن نازىر ئەمدى قىزىنى بەختىسىز قىلغان ئۇ پەسكەشنى قۇبۇل قىلالمايتتى، ئۇنى باغرىغا باسالمايتتى، ئۇنىڭغا ئاتىلىق مۇھەببىتىنى بىرەلمەيتتى. ئۇ قىزىنىلا ئەمەس پۈتۈن بىر ئائىلىنى بەختىسىز قىلغان، ئاتا-ئانىنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى نابۇت قىلغان ئىدى...

ئۆيگە قايتىپ كەلگەن دىلناز يەنە بىر كىچە ئۇخلىيالمىدى. ئىككىنچى

قەۋەتتىكى ياتاق ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن ئورغاق شەكىللىك ئايغا قاراپ ئۇزۇنغىچە يىغلىدى. ئۇستەل تارتمىسىدىكى خاتىرە دەپتىرى ئارىسىدىن ۋارس ئۇنىڭغا تۇنجى تەلەپ قويۇپ يازغان خەت بىلەن ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەتكەندە قالدۇرغان خەتنى ئېلىپ قايتا ـ قايتا ئوقۇدى. ھەر بىر ئوقۇغىنىدا ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ياش تۆكۈپ ئازاپلاندى. ئالبۇمىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىملەرنى قالدۇرغان رەسىملەرنى ، ۋارسنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئۇلىما قاشلار ئارىسىدىكى سېھىرلىك كۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ كۆزلىرىگە سۈرتتى، يۈرىكىگە ياقتى..." مەن چوقۇم ئۇنى باغرىمغا قايتۇرۇپ كىلىمەن، ئۇنىڭغا ئىشەنچ ، ئۈمۈت ئاتا قىلىمەن، بۇ يولدا قانداق توسالغۇلاردا بولسۇن ئۇ توسالغۇلارنى چوقۇم يېڭىمەن، مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن، ئۇ مەيلى قانداق شارائىت، قانداق مۇشكۇلاتلار ئىچىدە بولسۇن ئۇنى ئەبەدى ياخشى كۆرىمەن، ئەبەدى ياخشى كۆرىمەن..." دەپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق نىدا قىلدى....

دىلناز ئەتىسى ناھايىتى غەمكىن ھالدا ياتاقتىن چۈشتى، بىر كىچە كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇشۇپ ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلەر ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى.دىلناز 3 ـ 4 كۈندىن كىيىن ئىشقا بېرىشنى مۇۋاپىق تاپتى، بۇ ۋاقىتقىچە ۋارس بىلەن چوقۇم دىدارلىششى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىشى كېرەك، ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئۇنىڭغا ئەينەن بىلدۈرىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كىيىن ئەختەمجاننى ئېلىپ سەلىمەنىڭ ھازىرقى يۇرتىغا بېرىشى، ئۇنىڭ ئىز ـ دىرىكىنى ئېلىپ بالىنى قولىغا تۇتقۇزىشى كېرەك...خىياللار ئىچىدە ئەتىگەنلىك چاي ئىچىۋاتقان دىلناز دادىسى بىلەن ئاپىسىغا مەجبۇرى كۈلۈمسىرەپ كىيىنكى يولنى قانداق مېڭىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. ۋارسنى ئىزدەش ئويىنى ئاپىسىغا قەتئى ئېيتماسلىقنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ۋارسنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئاپىسىدىن سوراپ باققۇسى كەلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ۋارسنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا چېچىلىپ كىتىدىغانلىقىنى ،بىر مۇنچە قاقشاپ، ئۇنىڭغا ئاھانەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداق بولسىمۇ قولىدىكى سۈت چاينى پۈۋلىگەچ ناھايىتى رايىش ھالدا ئاپىسىغا سۆز ئاچتى:

ـ ئاپا، بىر گەپنى سوراي،لېكىن ئۆزەڭنى تۇتىۋېلىپ جاۋاپ بەر بۇلامدۇ؟

تۇخۇم سويىۋاتقان پەرىدە خانىم نازىرنىڭ كۆزىگە "لاپ"

قاراپ قويۇپ ، دىلنازغا تىكىلدى.

ـ بولىدۇ. قېنى سورا قىزىم.

دىلناز "ۋارىس" دېگەن ئىسمنى ئېغىزىدىن چىقىرالماي بىر هازا قىينالدى.

ـ مەن بېيجىڭغا كەتكەندىن كېيىن هې...هېلىقى...هېلىقى...نىمىنى كۆردۈڭمۇ؟...

ـ هېلىقى ،هېلىقى دېگىنىڭ كىم ئۇ ؟ـكۆڭلىگە دىلنازنىڭ كىمنى سورىغانلىقى ئاللىبۇرۇن كىلىپ بولغان پەرىدە خانىمنىڭ تۇرۇپلا قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، ئاۋازى سەل كۆتىرىلىپ كەتتى.

ـ شۇ ، شۇ ...ۋارىسنى دىمەكچى...

ـ نىمە؟ ۋارىس....

پەرىدە خانىم قولىدىكى تېخى سۈيۈلۈپ بۇلالمىغان تۇخۇمنى ئۈستەل ئۈستىگە "پاققىدە" تاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.ياندا پەرىدە خانىمنىڭ كەيپىياتىنى كۆزۈتۈپ ئولتۇرغان نازىر دەرهاللا ئۇنىڭ پېشىنى تارتتى.

ـ بولىدى، هاياجاننى سەل بېسىۋاللى...ئولتۇرۇپ سۆزلىسەكمۇ بولىدۇ...

ـ قانداق بېسىۋالىمەن هاياجاننى؟ قانداق بېسىۋالىمەن؟...ئاشۇ ۋارىس دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىسام‌لا قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كىتىدۇ مىنىڭ. ئاشۇ لەنىتىنىڭ دەستىدىن نىمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق بىز. يەنە كىلىپلا ئەتىگەندە شۇ تۇخا پۇقىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋاتسا...

دىلنازنىڭ كۆزلىرى نازىرنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. نازىرمۇ قىزىدىن ئاغرىنغاندەك بېشىنى بوش چايقاۋاتاتتى.

ـئاپا ، نىمانداق چېچىلىسەن، مەن ساڭا باشقا گەپ قىلمىدىمغۇ.ـ دىلناز قاق سەھەردە يۈرەكنى ئاغرىتىدىغان گەپ‌ـسۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەلەملىك ئۇھسىندى،ـ ۋارىسنى كۆردۈڭمۇ دىگەنگىمۇ شۇنچە قايناپ كىتەمسەن؟..

ـ قاينايمەن تازا، قاينايمەن. تۈنۈگۈن بەزى ئىشلارنى شۇنچە ئوبدان ئۇرۇنلاشتۇرسام مىنىڭ پىكرىمنى هۆرمەتلەپ قويايمۇ دىمەيسەن، نۇردۇندەك ئوبدان يىگىتنى سەن ئەمدى يەنە تاپالامسەن ؟ قېنى دەپ باقە ئۆزۈڭ،ئاۋۇ ۋىجدانىڭدىن بىر سوراپ باقە...

-مەن كـۆپ ئويلانــدىم ئاپـا، كـۆپ ئويلانــدىم،نۇردۇن ھەر قــانچە ياخشى بولسىمۇ لېكىن قەلبىمدىكى ئادەمنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ...

-ۋاي ئانـام، ۋاي ئـاللا...-ئۇرۇنـدۇقتا ئـۆزىنى لەسسـىدە تاشـلىغان پەرىدە خانىم پىشانىسىغا "پاققىدە" بىرنى سالدى.- ھوي ، نىمە دەيدىغانـدۇ مـاۋۇ ، مىنىـڭ كۆرىـدىغان كۈنـۈم ئالدىمـدا ئوخشـىمامدۇ تېخـى ھە...قەلبىمــدىكى ئــادەم دەۋاتىســەنغۇ ســەن ، قەلبىڭــدە يەنــلا ســىنىڭ بەختىڭنــى ، گۈلــدەك ياشــلىقىڭنى نــابۇت قىلغــان ئاشــۇ پەســەندە بارمــا تېخــى...ۋاي خــۇدا، قانــداق قــلاي؟ قانــداق قــلاي؟...ئـۇ ســنى چۇقــۇم ئۇقۇتـۋاپتـۇ، راسـت، ئۇچۇقـۇم موللامغـا پـۇل خەجـلەپ كۆڭلـۈڭنى ئوغـۇرلاپ كىتىپتۇ، سىنى بەنت قىلىۋاپتۇ...ۋاي ئاللا...ۋاي ئاللا...

پەرىــدە خــانىم نازىرنىــڭ ئالىيــپ قارىشــىغىمۇ پىســەنت قىلماسـتىن ئــۆينى بېشــىغا كىيــپ ۋاقىراشــقا باشــلىدى. دىلنــاز ئاپىســىنىڭ بــىمەنە گەپلىرىــدىن قــاتتىق نــارازى بولــدى. ئـۇ ئەمــدى ئاپىســى بــىلەن يەنە گەپ تەگىششـىنىڭ ياخشـى يەردىــن چىقمايــدىغانلىقى ھىــس قىلىــپ ئۆلگــۈردى، دىمىســىمۇ ئەتىگەنــدە ئاپىســىنىڭ ، دادىســىنىڭ كەيپىيــاتىنى بــۇزۇپ قويغــان ئىدى، ئۇ قولىدىكى سۈتنى جوزا ئۈستىگە ئاستا قويدى، ئۇ شـۇ تـاپ غىققىـدە تۈيـۈپ قالغــان ئىــدى، ئەمــدى ھەر قــانچە زورلىســىمۇ گىپىــدىن بىــر نەرســە ئـۆتمەيتتى. ئـۇ دادىسـىغا خىجىللىـق ئىچىـدە قـاراپ قويـۇپ ئاسـتا ئورنىـدىن تۇردى-دە، ياتاق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

-توختـا...-غەزەپتىن يېرىلىـپ كىـتەي دەپ قالغـان پەرىـدە خـانىم دىلنازغــا قــاراپ ۋاقىرىــدى.- توختــا، توختــا...ســەن" ۋارســنى كۆردىڭمۇ" دەپ سورىغانغۇ؟ سۇئالىڭغا ئەمدى جاۋاپ بىرەي، قولىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا...

دىلناز تۇرغان يىرىدە قېتىپلا قالـدى، مەيلـى نىمـلا بولمىسـۇن ۋارس توغرىسىدا بىرەر خەۋەرگە ئېرىشـىش ئالدىـدا تۇرىۋاتـاتتى، ئـۇ پەرىـدە خـانىم ۋاقىرىسۇن، تىللىسـۇن سـۈكۈت ئىچىـدە ۋارسـىنىڭ ئەھـۋالىنى ئاڭلاشـقا تەييـار بولۇپ تۇردى.

-ئـۇ تۈگەشـتى. ئـۇ ئـاللىبۇرۇن تۈگەشـتى...-بـايىقى تەلۋىلەشـكەن پەرىدە خـانىم تـۇرۇپلا خوشـال بولغانـدەك پىخىلـداپ كۈلـۈپ كەتتـى.- خـۇدا ئۇنىڭ جازاسىنى بەردى، مەن سەن كىتىپ 1 ئايدىن كـيىن ئۆيـۈڭگە بېرىـپ

ھەممە نەرسىنى قايتۇرۇپ كەلدىم، بىز تويۇك ئۇچۇن تەييارلىغان ھەممە نەرسىنى...بىلەمسەن، ئۇنى ئادەم بولغانغا تويغۇزۇپ، تازا رەسۋارىنى چىقىرىپ كەلدىم، ئىدارىسىدىكىلەر ئالدىدا پۈتۈن ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىۋەتتىم، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇردۇم، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بىچارە ھالىتىنى دىمەيسەن، ئۇرۇقلاپ بىر ئۇستىخىنلا قاپتۇ، بىزگە جاۋاپ ياندۇرغىدەكمۇ ھالى يوق ئۇ بىچارىنىڭ. ئۇ ئاشۇ گۆردەك ئۆيىدە تىكەندەكلا يالغۇز قالدى، تىكەندەكلا....

پەردە خانىمنىڭ ئاچچىق كۈلكىسى دىلنازنىڭ قولىقىدا ئەكس سادا قايتۇرۇپ ئۈزۈلمىدى، ئۇ شۇ تاپ ھوشىنى يۇقۇتۇپ قويىاي دەۋاتاتتى، ئاپىسىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا شۇنچىۋالا كىرىشىۋالغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ كەتتى. ئۇ لەۋلىرىنى ئۆمچەيتىپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا ناھايتى تەستە كەلدى.

ـ نىمىشقائۇنداق قىلىسەن ئاپا، نىمىشقا ئۇنداق باغرى تاشلىق قىلىسەن؟ سىنىڭ تېخى ۋارىستىن دەردىڭ چىقمىغانغا ئاپا، ئۇ نەرسىلەرنى نىمىشقا ياندۇرۇپ ئەكىلىسەن؟ نىمىشقا ئۇنى ئىدارىسىدىكىلەر ئالدىدا رەسۋا قىلىسەن؟...نىمىشقا مىنىڭ مەسلىھەتىمنى ئالمايسەن؟...قېنى دىگىنە ئاپا،قېنى دىگىنە؟....ـ دىلنازنىڭ ئاۋازى بارغانسىرى ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇ خۇددى يىلىنىۋاتقان ئاجىزەدەك ئاپىسىنىڭ ئالدىدا قوللىرىنى جۈپلەپ يامغۇردەك ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

ـ نىمىشقا؟ مۇشۇمۇ سوئال بولدىمۇ ئەمدى.ئۆزىمىزنىڭ نەرسىسىنى ئەلبەتتە ئۆزىمىز قايتۇرۇپ ئەكىلىشىمىز كىرەكتە .ئۇ تۇزكورغا قالدۇرغىچە بىرەر ئاجىزغا بەرسەكمۇ ھىساپ. مەن ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇشىنى ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ تىلەمچى بولۇپ كىتىشىنى بەكمۇ كۆرگۈم بار...ئۇ چۇقۇم شۇ كۈنگە قالىدۇ..

پەردە خانىم قىزىنىڭ يىلىنىشىگە پىسەنت قىلماستىن تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى، تەڭقىسلىقتا قالغان نازىر نىمە قىلىشىنى بىلمەي ئاپالىنىڭ ئېغىزىنى قولى بىلەنلا توسىۋالدى ـ دە،قىزىغا چىقىپ كىتىشىنى ئىشارە قىلدى. مىڭىشقا تەمشەلگەن دىلناز تۇرۇپلا ئاپىسىغا قاراپ ھەسرەتلىك تىنىدى.

ـ سەن مىنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن ئاپا، پەقەتلا...ئەگەر مىنى ياخشى كۆرگەن بولساڭ مىنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەن، مىنىڭ

قىزىقىشــــــىمغا هـــــۆرمەت قىلغـــــان، مىنــــــڭ ئىمىــــــدىن خوشـــــاللىق تاپىدىغانلىقىمنى،ئىمىـــــدىن بەخــــتكە ئېرىشـــــىدىغانلىقىمنى بىلــــگەن بولاتتىڭ...ئازاپنىڭ ئىمىلىكىنى مەندىن سورا ئاپا، مەنـدىن سـورا...سـىنىڭ مەن ئۈچــۈن شــۇنداق قىلىۋاتقــانلىقىڭنى بىلســەمۇ،لېكىن ســەندىن بەك ئۆمۈتسىزلەندىم...راسلا ئۆمۈتسىزلەندىم...

دىلناز گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا ئارقىسىغا ئۆرۈلگىنىچە پەشتاقتا قاراپ يۈگۈردى، ئۇ شۇ تاپ ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا ئاجىز ئىدى. ئىچ-ئىچىدىن ئۆكسۈپ چىقىۋاتقـان يىغا ئۇنىـڭ كۆزىـدىن مارجانـدەك تۆكۈلـۈپ ، سـۈتتەك ئاپئـاق مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى...

دىلنــاز ئەتىســى بىــر كــۈن ياتــاقتىن چىقمىــدى، ئەختەمجانىنــڭ هەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىـدىن ئـۆزىنى قـاچۇرۇپ ، ئـۇنى بـاغرىغىمۇ باسـمىدى، ئـۇنى ئۆيىـدىكى خىزمەتچـى ئايالغـا تۇتقـۇزۇپ خىيـاللار ئىچىـدە قىينالدى. چۈشتىن كىيىن بولغاندا دىلناز ۋارىس بىلەن چۇقۇم كۆرىششىنىڭ زۆرۈرلىكىنى هىس قىلدى، ئۇنىـڭ بىـلەن يـۈز تـۇرانە دىدارلىشىش، ئۇنىـڭ ئىچكى هىسياتىنى هەققى چۈشىنىپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئـۇ مۇنچىغا كىرىـپ ئـۇزاقتىن-ئـۇزاق يۇيۇنـدى، خىلـى ئـۇزۇنغىچە كۆڭـۈل قويـۇپ گىـرىم قىلدى، چـاچلىرىنى چىرايلىق تارىـدى، چامىـدانىنى ئـاختۇرۇپ ۋارىس سـوۋغا قىلغان قىزىـل كـۆينەكنى كەيـدى. لـېكىن ئەمـدى ئىمـە دەپ سـىرتقا چىقىـش كېرەك. ۋارىس بىلەن كۆرىشمەن دەپمۇ؟... دىلناز ئۆزىنىڭ يۈرۈش تۇرۇشـىغا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىۋاتقان ئاپىسىغا ئىمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلەلمەي ياتاق ئىچىدە بىر هازا ماڭغاندىن كىيىن دەرهاللا بىر ئەرسىنى ئىسىگە ئالدى-دە، چامىدانىدىن هېلىقى نۇرگۈل ئەكىرگەن خالتىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ خالتىنى باشقا بىر سومكىغا سېلىپ تەييار قىلغانىدىن كـىيىن ياتـاق ئۆيىـدىن ئاستا پەسكە چۈشتى.

چوڭ زالـدىكى تامـاق ئۈسـتىلى ئالدىـدا پەرىـدە خـانىم ئەختەمجـانىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ناهايىتى مېهرىبانلىق بىلەن بىر نەرسە يۈگۈرىۋاتاتتى، بەزىدە تۇرۇپ-تۇرۇپ ئەختەمجاننىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قوياتتى، دىلنـاز بـۇ مەنزىـرىگە قاراپ ئاپىسىغا شۇنچىلىك مەسلىكى كەلدى. تۇنۇگۈنكى "مەن سـەندىن بەك ئۆمۈتسىزلەندىم"دىگەن گەپنى قىلغانلىقىغا ئۆكۈنگەنـدەك بولـدى. ئۇ ئاپىسـىنىڭ پەرزەنـت بەختىنـى ئـويلاپ مۇشـۇنداق بۇلـۇپ قېلىۋاتقـانلىقىنى

چۈشـۈنەتتى، ئاپىسـىغا ئىچـى ئـاغرىيتتى، لـېكىن ئۇنىڭغـا كىمنىـڭ ئىچـى ئاغرىسۇن، كىم ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنسۇن؟...

دىلنـاز ئاپىسـىنىڭ قېشـىغا كىلىـپ مۇلايىملىـق بىـلەن ئـۆرە تـۇردى. پەرىدە خانىم دىلنازنىـڭ ئۇسـتى-بېشـىغا ھەيرانلىـق ئىچىـدە بىـر قـۇر قـاراپ چىققاندىن كىيىن ئىچ-ئىچىدىن زوقلاندى.

-سەن يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق قىز، سىنى توي قىلغان دىسە كىممۇ ئىشىنىدۇ ھە...سەن راستىنلا بىر پەرىشتىنىڭ ئۆزى قىزىم، جەننەتتىكى بىر پەرىشتىنىڭ...

دىلنـاز ئاپىسـىنىڭ ماختاشـلىرىدىن سـۆيۈندى، ئـۇ ئەختەمجاننىـڭ مەگزىنى بوشقىنا چىمداپ قويغاندىن كىيىن ناھـايىتى رايىـش ھالـدا ئاپىسـىغا ئېغىز ئاچتى:

-ئاپـا، سـىرتقاچىقىپ نـۇردۇن ئاكـام بىـلەن كۆرۈشـىپ كىـلەي دىگەن.تېلفۇن نۇمۇرىنى دەپ بەرسەڭ بوپتىكەن.

-نـىمە؟ - ئېغىـزى ئېچىلىـپ قالغـان پەرىـدە خـانىم قۇچىقىـدىكى ئەختەمجاننىڭ يىقىلىپ كىتىشىگىمۇ قارىماستىن خوشاللىقتا ئورنىـدىن تـۇرۇپ كەتتـى. - نـىمە دىـدىڭ قىـزىم؟ ئـاخىرى ئىدىيەڭـدىن ئـۆتكەن ئوخشـىمامدۇ سىنىڭ. مىنىڭ تاتلىق قىزىم، ئالتۇن قىزىم...

پەرىدە خانىم ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، تۇنۇگـۈنكى گەپلىرىنىـڭ دىلنازنى بىر كىچە ئويلاندۇرغىنىغا ، ئاخىرى قايىل قىلغانلىقىغا كۆزى يەتتى، مانا بۈگۈن قىزى ئۆزى نۇردۇننىڭ نۇمۇرىنى سـوراۋاتىدۇ، ئـۇنى ئىزدىمەكچى بولىۋاتىدۇ، مانا بـۇ ياخشـىلىقنىڭ بىشارىتى، مانا بـۇ ئـۇزاق يىللىـق ئـارزۇ-ئۈمۈتلىرىمىنىڭ رېئاللىق ئايلىنىشى...پەرىدە خانىم قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدى، ئۆزىنى شۇنچىۋالا چىرايلىق تۇزەشتۈرىۋالغان قىزىنى زورىغا قۇچاقلاپ پىشانىسىگە سۆيدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس...ئۇ دىلنازنىڭ نـۇردۇن بىـلەن مۇھەببەتلىشـىش ئۈچـۈن ئەمەس بەلكـى ئۇنىـڭ كـۆيىنكى بىـلەن ئـۇزۈكنى قايتۇرۇپ مەڭگۈ جۇدا بولۇش ئۈچۈن ماڭغانلىقىنى بىلەلمىدى، ھەم دىلنازنىڭ مۇشۇ باندا ۋارىس بىلەن دىدارلىششىقا ئالدىراۋاتقانلىقى ، ئۇنىڭغا تەسەللى، مـۇھەببەت بىـرىش ئىسـتىكىدە كۆيۈۋاتقـانلىقى پەرىـدە خانىمنىـڭ ئـۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

سىرتقا چىققـان دىلنـاز ھاۋانىـڭ خـېلىلا سـۇۋۇپ قالغـانلىقىنى ھـس

قىلدى، ساپسېرىق يوپۇرماقلار يوللاردا ھەريان ئۇچىشاتتى، كەچكۈزنىڭ مۇزدەك شامىلى نىپىز كۆينەك ئىچىدىكى ئەۋرىشىم قامەتنى تىترىتەتتى. لېكىن دىلناز ھېچ توڭغاندەك ھىس قىلمىدى، ئاشۇ قىپ-قىزىل كۆينەك خۇددى بىر پارچە چوغدەك ئۇنىڭغا باشقىچە ھارارەت ، ئىللىقلىق بېرىۋاتاتتى، دىلناز ۋارىس بىلەن قايەردە كۆرۈشۈشنى ئالدىبۇرۇن ئويلاپ قويغاچقىمۇ ، بىر دەم سۈكۈت ئىچىدە جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن ناھايىتى جەسۇرلۇق بىلەن بىر تاكسىنى توستى-دە، ئۇدۇللا ۋارىسنىڭ ئىدارىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

دىلناز ۋارىسنىڭ ئىدارىسى ، ئۆزى 5يىل تۇتقان ئۆيگە كەلگەن ۋاقتتا بايىقى جەسۇرلۇقى ۋە ئىرادىسىنىڭ بارغانسېرى بوشىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى، يىراقتىن ئىدارىنىڭ ئىگىز قەۋەتلىك بىناسى كۆرۈلۈشى بىلەن تەڭ يۈرۈكى ئىمىشقىدۇر دۈپۈلدەپ سوقۇپ ، بىر خىل جىددىيلىك قاپلىۋالدى. ئۇ ئەتىگەن ئۆي ئىچىدە ۋارىس بىلەن كۆرۈشۈشكە شۇنچە تەقەززا بولغانكى بېرىپلا ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ كىتىدىغاندەك ، ئۇنىڭغا قەلبىدىكى بارلىق سۆزلىرىنى يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئازاپلىق نىداسى بىلەن ئىپادىلىمەكچىدەك قىلاتتى. لېكىن رىئاللىق دىگەن رىئاللىق ، خىيال دىگەن خىيال بولۇپ چىقتى، ۋارىسنى كۆرۈش تۇگۇل ئۇنىڭ ئىشخانا بىناسىنى يىراقتىن كۆرۈپلا پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاتەشتەك قىزىپ ، چىرايىدا تامچە-تامچە تەر پەيدا بولدى، يول بويى يادلىغان مۇھەببەتلىك سۆزلەر ئېيتىلدىن بۇراقلا يۇقۇلۇپ كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى. ئۇ گەرچە شۇنچە قەتئى نىيەت بىلەن كەلگەن بولسىمۇ ئىدارىدا ئۇچرىشىپ قالىدىغان ۋارىسنىڭ خىزمەتداشلىرى، قولۇم-قوشنىلىرى كاللىسىغا كىرىۋالدى، تېخى ئۇلار بىلەن ئۇچراشماي تۇرۇپ ئۇلار سورايدىغان خىلمۇ-خىل سوئاللار، تەئەججۇپ ئىچىدە ئاغزىنى ئېچىپ قالغان چىرايلار، ئۆزىگە قاراپ نىملەرنىدۇ كۇسۇرلاشقان ئاياللار...دىلنازنىڭ مىڭىسى بارغانسېرى چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. دىمىسىمۇ ئۇ بەك ئاددى ئويلىغان ئىدى، ئەمىلىيەتتىمۇ بىر ئاجراشقان ئايالنىڭ ئېرىنى ئىزدەپ كېلىشى باشقىلار ئالدىدا بىر ئاخمىقانىلىق ، كۈلكىلىك ئىش ئىدى...

دەرۋازا ئالدىغا كەلگەن دىلناز تاكسىدىن چۈشۈش-چۈشمەسلىك

توغرىسىدا خېلى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ھەيرانلىق ئىچىدە نىمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان شوپۇرغىمۇ دىققەت قىلماستىن قول سومكىسىغا بېشىنى قويۇپ ، كۆزىنى يۇمغۇنىچە خىياللارغا چۆمدى، شۇ تاپ ئۇنىڭ قەلبى بىر تەرەپتىن ۋارىس بىلەن كۆرۈشۈشكە بولغان تەشنالىقتىن شاتلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋارىسنىڭ ئۇنىڭغا تۇتىدىغان پۇزۇتسىيەسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ جىددىيلىشەتتى... دىلناز بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن بېشىنى ئاستا كۆتۈردى-دە، تاكسى شوپۇرىغا ئۆزرىخالىق ئېيتىپ ماشىنىدىن ئاستا چۈشتى. ئۇ شۇ تاپ ۋارىس بىلەن كۆرۈشمەي قايتىپ كەتسە قەتئى بولمايدىغانلىقىنى، ۋارىستىن چوقۇم بىر جاۋاپقا ئېرىششىنىڭ بەكمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھىس قىلغان ، شۇڭا ۋارىس قېشىغا بىۋاستە كىرىشتىن يالتىيىپ، دەرۋازا قاراۋۇلى ئارقىلىق چاقىرتىش قارارىغا كەلگەن ئىدى.

ئىش ۋاقتى بولغاچقا دىلنازنىڭ تەلىيىگە يارىشا دەرۋازا ئالدىدا باشقا بىرەر تۇنۇش-بىلىش ئۇچراپ قالمىدى. ئۇ ئەتراپقا ئەندىكىش ئىچىدە قاراپ دىجۇرنى ئۆيىگە ئىتتىكلا كىرىۋالدى. دىجۇرنى ئۆيدە كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ تېلىۋۇزۇر كۆرىۋاتقان 25 ياشلار چامىسىدىكى ئامانلىق فورمىسى كىيىۋالغان يىگىت دىلنازنى كۆرۈش بىلەنلا چاچراپ دىگۈدەك ئورنىدىن تۇردى-دە، بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە دىلنازنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دىگۈدەك كەلدى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دىلناز ھەدە، بۇگۇن ئەجەپ قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتىغۇ؟...ۋارىس ئاكام بىلەن يارىشىۋالغان ئوخشىمامسىز؟؟؟

ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە دەرت تۆكۈپ يۈرۈشنى خالىمايدىغان دىلناز گەرچە بۇ خوشچاقچاق يىگىتنى ئىنىسىدەك كۆرسىمۇ ، ئۇنىڭغا ئۆز تۇرمۇشىنى بىلدۈرۈشنى خالىمىدى. يىگىتنىڭ سۇئالىنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆلۈپلا سالاملاشتى. دەقىقە ئارلىقىدا يىگىتنىڭ ۋارىس بىلەن يارىشىۋالغان ئوخشىمامسىز؟ دىگەن سۆزىدىن ۋارىسنىڭ تېخى تويى قىلمىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يىنىك بىرنى تىنىدى...

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئوبدان تۇرۇۋىسىز...

-خۇداغا شۈكرى ھەدە، مۇشۇنچىلىكقۇ...-يىگىت دۈلىسىنى قىسىپ ئۆزىنىڭ ئۈستى بېشىغا مۇنداقلا قاراپ قويدى.

دىلناز ۋارىسنىڭ ئىسمىنى قانداق چىقىرارمەن دەپ ئىككىلىنىپ تۇرىشىغا يىگىت بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ قالدى.

ـ ھەدە، بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقىپ بۇ ئىدارىغا قەدەم ئېلىپ قالدىڭىز؟

ـ كەلسەم بولمامدا؟ـ دىلناز ئۆز خاھىشىغا باقماي تىز-تىز سوقىۋاتقان يۈرەك رىتىمىنى تىڭشىغاچ يىگىتكە قاراپ مىيىغىدا كۈلدى.ـ قارشى ئالماسىزنىمە؟؟؟

ـ توۋا دەڭ ھەدە.ـ يىگىت تۇرغان يېرىدە قىمىرلاپ كەتتى،ـ سىزگە ھەر ۋاقىت ئىشكىمىز ئۇچۇق، مۇمكىن بولسا قايتىپ كەلگەن بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى...

ـ خۇدايىم بۇيرىسا...

دىلناز بۇ سۆزنىڭ ئېغىزىدىن قانداق بۇلۇپ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. گەپنى دەپ بۇلۇپلا سۇتتەك چىرايىنى ئوت ئېلىپ ۋىللىدە قىزاردى. ساق بىر يىل ئىلگىرىكى كىچىسى ئۇ بۇ ئۆيدىن شۇنچىلىك يىرگىنىپ ، ۋارىستىن ئۆلگۈدەك نەپرەتلىنىپ ئايرىلغان، ئىككىنچى بۇ ئۆيگە قەدەم باسماسلىق نىيىتىگە كەلگەن، ئەمما بىر يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇ قەتئى نىيىتىدىن يېنىپ قالدى، شۇ يىرگەنگەن ئۆي، نەپرەتلەنگەن يۈرەكنى سېغىنىپ قالدى، ئۇلۇغ مۇھەببەت ئۇنى ئاشۇنداق قىيناپ يۇقىلىش ئالدىدا تۇرغان بەختىنى قايتۇرۇپ كىلىشكە مەجبۇرلىدى...

دىلناز بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشنىڭ تازا ئاقىلانىلىق ئەمەسلىكىنى دەرھاللا ھىس قىلدى، ۋارىسنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن باشقا يەردە پىكىرلىشىشنى، مۇڭدىشىشنى مۇۋاپىق تاپتى.

ـ ئۇكام سىز ئۆز ئىنىمدەكلا ، شۇڭا مەن گەپنى ئۇچۇقلا ئېيتىۋېرەي.ـ دىلناز يىگىتكە قاراپ خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى .ـ مەن بۈگۈن ۋارىس بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن. ئۇنى چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز بوپتىكەن.

ـ چاتاق يوق ھەدە، مەن ھازىرلا چاقىرىپ قوياي، سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى ئېيتسام ۋارىس ئاكام چۇقۇم خوشاللىقتا ئايلىنىپ كىتىشى مۇمكىن...

ـ نىمىشقا ئەمدى؟ـ دىلناز يىگىتنىڭ شوخلۇق قىلىپ دىگەن سۆزلىرىدىن باشقىچە خوشاللىقتا چۆمۈپ جىددىلىشىپ سوراپ سالدى.

ـ ۋارىس ئاكامغا سىز بولمىسىڭىز پەقەت بولمايدىكەن ھەدە، سىز بۇ ئۆيدىن كەتكەندىن بۇيان ۋارىس ئاكام پەقەت تۈگۈشۈپلا كەتتى. بۇرۇنقى

شوخلۇقى، سۆزمەنلىكى ھازىر پەقەت يوق، باشقىلارغىمۇ ئارتۇق گەپ سۆز قىلمايدۇ. ئىدارىدىكىلەر بىلەنمۇ كۆپ باردى-كەلدى قىلمايدۇ. بەزىدە يېرىم كېچىلەردە غەرق مەس ھالدا كىلىپ دەرۋازىنى قاقىدۇ...ئىشقىلىپ ھازىر بەكلا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى، ئاڭلىسام خىزمەتتىمۇ بارغانسىرى چېكىنىپ رەھبەرلىكتىن كۆپ تەنقىت ئاڭلاپتىمىش... ئۇنى سىزدەك ياخشى ئايالىغا يۈز كىلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ سالغىنىدىن بەك ئەپسۇسلىنامدىكىن دەپ ئويلايمەن...مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ ، ئۇنى بۇ چۈشكۈنلۈكتىن قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز بوپتىكەن ھەدە...بولسا چوقۇم شۇنداق قىلىڭ ھەدە...

دىلناز ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى يىگىتتىن ئاپقىچىپ دەرىزىدىن ۋارسىنىڭ ئىشخانا بىناسىغا قاراپ ئېغىر-ئېغىر ئۇھسىندى. ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يۈرىكى ئېچىشىپ ، پۈتۈن تىنى جىغىلداپ كەتتى. ۋارسىنىڭ مۇزلىغان قەلبىنى ئىللىتىش، ئۇنىڭغا ساداقىتى، مېھرىنى يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيىنى قايتىدىن تۈتۈش ئىستىكى بارغانسىرى كۈچىيىشكە باشلىدى...دىلناز يىگىت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغىنىغا ئەپسۇسلانغاندەك مەڭزىدىكى ياشنى تىزلىكتە ئالقىنى بىلەن سۈرتتى-دە، يىگىتكە ۋارسنى ھازىرلا چاقىرىپ قويۇشنى ئېيتتى. ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا ۋارسىنىڭ ئىشخانىدىن چىقماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، يىگىتكە بىرسى ئىزدەپ كەپتۇ ، ئۇ سىزنى دەرۋازىدا ساقلاۋاتىدۇلا دەڭ، مىنىڭ ئىسمىمنى ھەرگىز چىقارماڭ ... دەپ قايتا-قايتا تاپىلىدى.

ئىشخانا بىناسىنىڭ ئىگىز پەلەمپىيىدىن قاراۋۇل يىگىت بىلەن بىرگە چۈشىۋاتقان ۋارسنى كۆرۈش بىلەن دىلناز ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يىراقتىن ئۆزىگە تونۇش ھەم ناتونۇش بىر گەۋدە ناھايىتى سۇلغۇن قەدەملەر بىلەن دىججۈرنى ئۆيىگە قاراپ كىلىۋاتاتتى. بۇرۇنقى قامەتلىك گەۋدىنىڭ ئورنىغا ۋىجىككىنە بىر گەۋدە ئالماشقان بولۇپ، ئاقارغان چېكە چاچلار ئۇنى يېشىدىن خىلىلا چوڭ كۆرسۈتۈپ تۇراتتى... دىلناز ئەمدى كۆز ئالدىدا نىمە قىسمەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىز كەلدى. سومكا تۇتقان نازۇك قوللىرى دىر-دىر تىترەپ ، ئۆرە تۇرغان پۇتلىرىدا مادار قالمىغان ئىدى. ئۇ ئەندىكىش ئىچىدە ئۆزىنىڭ تۇرقىغا قاراپ سالدى، ئوتقاشتەك قىزىل كۆينەكنى بىر قۇر سىلاشتۇرۇپ ، ئۇزۇن چاچلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ ، جىددىيچىلىكتە بارغانسىرى كۆتىرىلىۋاتقان نازۇك كۆكسىگە ئالقانلىرىنى

قويدى. ئۇ ھېچقاچان بۇنداق جىددىيلىشىپ باقمىغان، بۇنداق بىسەرەمجان بولمىغان ئىدى. بۇنداق چىگىش سۇئاللار ئىچىدە قىينالمىغان، بۇنداق سېغىنىش ، ئەندىشە، قورقۇش ئارلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ پىسخىكىغا دۇچ كىلىپ باقمىغان ئىدى...ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىگە ئىشەنچ بىرىشكە باشلىدى... ۋارىس بەلكىم مىنىڭ بىۋاستە ئىزدەپ كەلگىنىمنى كۆرسە ئۆز سۆيگۈسىنى يۇشۇرۇپ قالالماسلىقى مۇمكىن، بەلكىم بىر يىللىق تەنھالىق، سېغىنىشلىق كۆز يېشى ئىچىدە مەندىن كەچۈرۈم سورىشى مۇمكىن...بەلكىم مىنى چىڭ قۇچاقلاپ ھاياجان ئىچىدە باغرىغا بېسىشى مۇمكىن...

ئىشىكنى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن ئىچىپ كىرگەن ۋارىس ياتاق ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ جىمجىتقىنا تۇرغان پەرى سۈپەت قىزنى كۆرۈپ ، ئىشىك تۇتقىچىنى تۇتقان پېتى قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۇلىما قاشلار ئارىسىدىكى سۇلغۇن كۆزلىرى غەيرى بىر مەخلۇقنى كۆرگەندەك چوكۇيۇپ كەتتى، بېشى پىرىدە قايغاندەك بولۇپ ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان رىئاللىق زاھىر بولۇپ تۇراتتى، ئۆزى بىر چاغلاردا ئاشىقى بىقارار بولغان، ئىشقىدا پەرۋانىدەك كۆيگەن، ئۆزى ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىپ نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بەرگەن ئايالى يەنىلا بۇرۇنقى جەزبىدارلىقى، سۇمباتلىقى، گۈزەللىكى بىلەن شۇنچىلىك رايىش، شۇنچىلىك سالماق ، شۇنچىلىك سۈيۈملۈك ھالدا قاراپ تۇراتتى...

كۆزلەر كۆزلەر بىلەن ، يۈرەكلەر يۈرەكلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئوتلۇق كۆزلەردىن چاچرىغان بىر ئىبقىم ھەر ئىككى ياشنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە شۇرۇندە تاراپ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. دىلنازنىڭ لەۋلىرى ھېچ گەپكە كىلىدىغاندەك قىلمايتتى، بۇلاقتەك كۆزلىرىدە لىققىدە ياش ھېلىلا ئىتىلىپ چىقىدىغاندەك لىغىرلايتتى، ئۇ ئارىدىكى بۇ ئىغىر سۈكۈتكە بەرداشلىق بىرىشكە ئاجىز كەلدىمۇ ، ۋارىسنىڭ بىر نوقتىغا تىكىلىپ قالغان كۆزلىرىگە قاراپ ناھايىتى تەستە ئىغىز ئاچتى.

ـ ئە...ئەسسالام ...ۋا..ۋارىس...ـ دىلناز نىمشىقىدۇر دۇدۇقلاپ كەتتى.

دىلنازنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل، يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋارىسنىڭ قوللىرى ئىشىك تۇتقىچىدىن ئاجراپ كەتتى. قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى ئۈيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك قايتا ـ قايتا ئىچىپ دىلنازنىڭ سېھىرلىك

كۆزلىرىگە ئاغدۇردى...شۇ تاپ ئۇ نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان بولۇپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىكى ياشلارنى يۇشۇرۇشقا ئامالسىز قالغان ئىدى . نىمشقىدۇر ئىككى تامچە ياش سەل-پەل قورۇق باسقان كۆز جىيەكلىرىدىن ئاستا سىرغىدى. شۇ تاپ بۇ ئىككى تامچە ياشنىڭ دىدارلاشقاندىكى خوشاللىق يېشى ياكى پۇشايمانغا تولغان ئازاپ يېشى ئىكەنلىكىگىنى ئەسلا بىلگىلى بولمايتتى...

ۋارىس ئۆزىنى سەللا قويۇۋەتسە ھىجران ۋە ئازاپ ئارلىشىپ كەتكەن ئاجىز قەلبىنى، زەئىپ جىسمىنى دىلنازنىڭ باغرىدا كۆرەتتى... لېكىن ئۇ ئۆزىدىكى ھىسسى ئاجىزلىقنى دەقىقە ئارلىقىدا ھىس قىلىپ ئۈلگۈردى-دە، دەرھال ئىشىك تۇتقۇچىنى قايتىدىن چىڭ تۇتۇپ سالام قايتۇرغاچ ئارقىغا ئۆرۈلدى.

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...

ۋارىسنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇ ھەر قانچە ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھىسياتىنى ئاشكارىلىماسلىققا تىرىشسىمۇ، لېكىن يىغلامسىراپ چىققان ئاۋاز دىلنازنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى. ۋارىس ئەمدى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشنى خالىمىدى. دىلنازنىڭ ھاياجانلىق ياش ئالغان كۆزلىرىگە قاراشنى خالىمىدى، ئۇ دىلنازغا باشقا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي، ھەتتا خوشمۇ دىمەي ئىشكنى ئاچتى-دە، ئالدىراش سىرتقا قەدەم ئالدى.

-توختاڭ...

دىلنازنىڭ تۇيۇقسىز توۋلىغان ئاۋازى دىجۇرنى ئۆيىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى، ئالدىراش قەدەم ئالغان ۋارىسنىڭ قەدەملىرىنىمۇ چىپپىدە توختۇتۇپ قويىدى. دىلناز قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئىشىك قېشىغا شۇنچىلىك تېز كەلدى-دە، ۋارىسنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، ئىككى قولىنى ئىشىككە كەڭ يېيىپ ئۇنىڭ يولىنى توستى.

-سىز مۇشۇنداقلا چىقىپ كەتمەكچىما ۋارىس....-دىلناز ئورغاقتەك ئەگىم قاشلىرىنى يىمىرىپ ۋارىسنىڭ شەلپەردەك قىزارغان يۈزلىرىگە باقتى.

ۋارىس لام-جىم دىمىدى.دىلنازنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىغىنىچە خېلى ئۇزاق جىمجىت تۇرۇپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپ دۈپۈلدەپ سوقۇپ كىتىۋاتقان يۈرىكىنى بېسىۋېلىشقا، چىپ-چىپ ئېقىشقا باشلىغان تەرلەرنى توختۇتۇشقا ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىر-ئېغىر تىنىقلىرى ئالدىدىكى دىلنازنىڭ سۈتتەك مەڭزىگە ئۇرۇلاتتى...

- قېنى گەپ قىلغىن ۋارىس، گەپ قىلغىن...سىزنىڭ شۇ تاپ نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بەكمۇ بىلگۇم بار. راس...بە...بە...بەكمۇ بىلگۇم بار...- دىلناز ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى. ھاياجانىدىنمۇ ياكى سېغىنىشتىنمۇ ۋە ياكى ھىسداشلىقتىنمۇ...بېشىنى كۆتىرىشكە ئامالسىز قالغان ۋارىسنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىغا قولىنى ئۇزاتتى.

- قويىۋېتىڭ...- ۋارىس دىلنازنىڭ تېخىچە تويلۇق ئۇزۇك سېلىنىۋالغان بارماقلىرىغا قارىماستىن ئۇنى كۈچەپ سىلكىشلىدى.

- نىمشقا بۇنداق قوپاللىق قىلىسىز؟ گەپ بولسا چىرايلىق دىمەمسىز...- دىلناز ۋارىسنىڭ قوپال مۇئامىلىسىدىن بىر قىسىملا بولۇپ قالغان بولسىمۇ لېكىن ئامال بار ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا تىرىشتى.

- مىنىڭ سىزگە يەنە نىمە گېپىم بولسۇن.- ۋارىس ناھايىتى بىپەرۋا ھالدا دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئېغىر ئاچتى.

- لېكىن مىنىڭ گېپىم بار ۋارىس، مىنىڭ گېپىم بار...مەن سىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلدىم، سىز بىلەن سىردىشىش، سىزنىڭ ئىچكى ھىسياتىڭىزنى بىلىش ئۈچۈن كەلدىم. بىلەمسىز ۋارىس ، مەن مۇشۇ كۈننى قانچىلىك ساقلىدىم...قانچىلىك ساقلىدىم ... بىلەمسىز؟؟؟...

دىلنازنىڭ يىغلامسىراپ چىققان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋارىس ئېغىر ئۇھ تارتتى. پۈتۈن جىسمىنىڭ قانداق بۇلۇپ ئوتتەك بىر ھاياجان ئىچىدە تىترىگىنىنى، دىلنازنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە قانداق بۇلۇپ قاراپ سالغىنىنى بىلمەيلا قالدى.

- نىمشقا ئەمدى ؟

- مۇشۇنىمۇ سوراش كىتەمدا ۋارىس، مىنىڭ مۇرادىلىدىن ئىبەرتكەن خېتىمنى ئوقۇمىدىڭىزما؟ مىنىڭ قەلبىمنىڭ نىمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭىزما؟...

- بۇ مۇمكىن ئەمەس دىلناز ، مۇمكىن ئەمەس.- ۋارىسنىڭ بايىقى كەسكىنلىكى نەلەرگىدۇر يۇقىلىپ كەتتى، ھەسرەتلىك ئاۋازىغا قوشۇپ بېشىنى بوش چايقىدى.- مەن سىزگە يۈز كىلەلمەيمەن، ئائىلىڭىزگە يۈز كىلەلمەيمەن، ماڭا ئەمدى ئۇ پۇرسەت يوق ، مەڭگۈ يوق...

- نىمشقا ئۇنداق دەيسىز ، نىمشقا ئۇمۇتۋار بولمايسىز؟ مەن بۇ ئىشتا شۇنچە تەشەببۇسكار بۇلىۋاتسام مۇمكىن بولمايدىغان نىمىسى بار ۋارىس...

ـ جىق ئىشلار بار...بەك جىق ئىش...ـ ۋارىس بىردەم توختاپ نىمىلەرنىدۇ خىيال قىلغاندىن كىيىن ئېغىز ئاچتى.ـ مەن ئەمدى سىزنىڭ بەختىڭىزگە ئۆلتۈرسام بولمايدۇ دىلناز .سىزنى يەنە ئۇمۇتسىز قويسام، سىزنى يېڭى بىر ئازاپقا تاشلىسام ھەرگىز بولمايدۇ ...

ـ ئۇنداق دىمەڭ. ـ دىلناز قانداق بولۇپ نازۇك قوللىرىنى ۋارىسنىڭ ئېغىزىغا ئاپىرىپ سالغىنىنى بىلمەيلا قالدى.ـ بۇرۇنقى ئىشلار ئۇ ئۆتمۈش بوپ قالدۇ ۋارىس. ئەمدى ئۇ ئىشلار تۈگىدى، مەن سىزنى ئاللىبۇرۇن كەچۈرىۋەتكەن، سىزدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى ھىس قىلغان چېغىمدىلا كەچۈرىۋەتكەن. مەن بىلىمەن ۋارىس، بىز ئەمدى ئۆز-ئۆزىمىزنى قىيناپ ئۆتمەيلى، بىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەن ئىكەنمىز بەختىمىزنى تېپىۋالايلى...بە...بەختىمىزنى...

دىلناز گېپىنىڭ داۋامىنى دىيەلمەيلا قالدى.كۆز ياشلىرى ئىسەدىشىگە ئەگىشىپ مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنى شۇ تاپ قانداقتۇر بىر ئوت ۋارىس تەرەپكە ئىتتىرىۋاتاتتى، ئۇنىڭ باغرىغا چىللاۋاتاتتى...ئۇ شۇ تاپ ئۆزىنى سەللا قويىۋەتسە ۋارىسنىڭ قۇچىقىغا سىڭىپ كىتىدىغاندەك ھىس قىلىۋاتاتتى...ۋارىسنىڭ ۋۇجۇدى يەنە باشقىدىن لەرزىگە كەلدى، پۈتۈن جىسمىنى بىر تاتلىق ئېقىم قاپلىدى، خىيالىدىن ئەسلا چىقىپ باقمىغان دىلنازنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى، غۇنچىدەك لەۋلىرى، تالدەك قامىتى قەلىپ قەسىرىگە قايتىدىن بۇسۇپ كىردى. ئۇنىڭ خىياللىرى باشقىدىن قالايمىقانچىلىققا تولدى، ھىسيات ئاجىز كەلدى، مۇھەببەت قۇدرىتىنى كۆرسەتتى، ئۇزاق ۋاقىتلىق جۇدالىق، سېغىنىش پارتىلىدى...كۆزلىرى دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى، تىنىقى دىلنازنىڭ تىنىقىغا ئۇرۇلدى، قوللىرى ئاستا ـئاستا كۆتىرىلىپ دىلنازنىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى ئېيتىشقا ماڭدى...ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس...شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ۋارىسنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق رىئاللىق ئۇنىڭ بېشىغا بىر چېلەك مۇزدەك سۇغۇق سۇنى قۇيدى-دە، ئۇنىڭ بايىقى ئەسىر بولىۋاتقان كۆڭۈل ئاسمىنىدا قاپقارا بۇلۇت پەيدا بولدى ...ئۇ كاللىسىنى دەرھاللا قاتتىق سىلكىۋەتتى-دە، دىلنازنىڭ كۆزلىرىگە بېرىپ قالغان قولىنى ئىتتىكلا قايتۇرىۋالدى.

ـ ياق. ياق...ـ ۋارىسنىڭ ئاۋازى دىلنازنى چۇچۇتىۋەتتى.ـ مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس...مەن سىزنى ئەسلا ياخشى

كۆرمەيمەن. زەررىچە ياخشى كۆرمەيمەن...مىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بار. مەن ئۇنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرىمەن، مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرىمەن...لېكىن ئۇ سىز ئەمەس، مەڭگۈ سىز ئەمەس...

ۋارىس ھاسىراپ كەتتى. شۇ تاپ ئۇرۇقلاپ قالغان جىسمى لاغ-لاغ تىترەپ كەتكەن بولۇپ، مۇرەككەپ ئىچكى ھېسسىيات ئىچىدە قاتتىق قىيىنىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى ... ئۇ ئويماقتەك ئېغىزىنى ئاچقىنىچە سەدەپتەك چىشلىرىنى پارقىرىتىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان دىلنازغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قاتتىق ئازاپ ئىچىدە لەۋلىرىنى چىڭ بىر چىشلىدى-دە، دىلنازنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ دىگۈدەك ئىشىكنى ئېچىپ، ئىشخانا بىناسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى...

ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقاپ ئۈستەل ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ جىمجىتقىنە ياش تۆكۈۋاتقان دىلنازنىڭ ھالى شۇ قەدەر سۇلغۇن ئىدى. ئۇ بۆگۈنكى رىئاللىقنى ئەسلا قوبۇل قىلالمىغاندەك لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە ئازاپلىق ئەسلىمىلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈستەل ئۈستىدە ۋارىسنىڭ بۇرۇنقى سۆيگۈ خەتلىرى ھەر يان چېچىلىپ ياتاتتى . ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئېغىر ئۇھسىنىپ كىتەتتى ، نازۇك ئالقانلىرىدا ھەسرەتلىك ئازاپ ئىچىدە تىنىمسىز سۇقىۋاتقان يۈرىكىنى كۆكرىكى ئۈستىدىن سىلايتتى. توغرا، ئۇ ۋارىسنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ كىتىشىنى پەقەت ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى، ۋارىسنىڭ بۈگۈنكى تۇتقان پوزۇتسىيەسى، غورۇرىنى يەرگە ئۇرۇشى، ئۇلۇغ سۆيگۈسىنى كۆزگە ئىلماسلىقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە-پارە قىلىۋەتتى. بىر يىلدىن بىرى تارتقان ھىجران ئازابىغا زەررىچە شاتلىق بېغىشلىيالمىدى. قېنى ئۇنىڭدىكى سەممىي ساپ مۇھەببەت، ساداقەت؟ قېنى ئۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەت؟قېنى ئۇنىڭدىكى ۋىجدان، غۇرۇر...؟...ئۇ مىنىڭ قانچىلىك تەستە ئۇنى ئىزدەپ بارغىنىمنى، قەلبىمدىكى سېغىنىشنى قانچىلىك تەستە ئۇتتۇرغا قويغىنىمنى ئويلىمىغانمىدۇ؟ ئۇ نىمە ئۈچۈن كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ مەن باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىمەن، باشقا بىرىنى سۆيىمەن دەيدۇ؟ ئۇنىڭ ھىسسىياتىدا راستىنلا ئۆزگىرىش بولغانمىدۇ؟ ھېلىقى رەيھان دىگەن بوزۇق

بىــلەن قايتىــدىن تىپىشــۋالغانمىدۇ؟...دىلنازنىــڭ ئويلىغانســىرى بېشــى چىڭقىلىــپ ئاغرىشــقا باشــلىدى. قۇلىقىــدا رەيھاننىــڭ ھېلىقــى زىــل ئــاۋازى جاراڭلاپ، كۆز ئالدىدا ۋارىس بىلەن رەيھاننىڭ ناشايان كۆرۈنۈشلىرى زاھىر بولدى.

-ياق، ياق...-دىلناز ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتىمۇ ئىتتىكلا بېشىنى كۆتىردى.-ئۇ چوقۇم ئۆيدىكىلەرگە، ئاپامغا قېيداۋاتىدۇ، ئۇ ھېلىمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مېنى سۆيىدۇ، بايام مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇنى سەزگەندەك قىلدىم...مەن بەل قويىۋەتسەم بولمايدۇ، مەن چوقۇم يەنىلا ئۇنى تەسىرلەندۈرۈشۈم، چوقۇم ئۇنىڭغا مېھرىمنى بېرىشىم كېرەك...

دىلنــاز كۆزىــدىكى ياشــلارنى ئاســتا ســۈرتۈپ ئۈســتەل ئۈســتىدىكى خەتلەرنى رەتلەشكە باشلىدى. خەتلەرنى رەتلىگەچ بىر قانچە كۈنىدىن كېيىن ۋارىسنى بىر يەرگە تەكلىپ قىلىش، ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى تەپسىلى بىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. خەتلەرنى رەتلەپ بولغان دىلنازنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا بايا نۇردۇنغا قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان چىرايلىق خالتىغا كۆزى چۈشتى. خالتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مەن بۇ يەردە بار، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ... دېگەندەك شۇنچىلىك رايىش تۇراتتى. بايىقى كەسكىن ئىرادە ئىچىدە تۇرغان دىلناز نىمىشقىدۇر قايتىدىن ئورنىغا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. دىمىسىمۇ دىلناز ۋارىس بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بۇ خالتىنى نۇردۇنغا بەرمەي قايتۇرۇپ كەلگەن ئىدى، ۋارىسنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن نەپرەتلىنىپ ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمۈتسىزلەندىمۇ ياكى نۇردۇن بىلەن ۋارىسنى سېلىشتۇرۇپ قالدىمۇ...بۇ خالتىنى قايتۇرۇپ بەرسە ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قالىدىغاندەك تۇيغۇلار ئىچىدە قىينالغان ئىدى...

دىلناز خالتىنى ئاستا ئېلىپ، ئىچىدىكى ئوتقاشتەك قىزىل كۆينەك بىلەن يۇرەك شەكىللىك قۇتىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى. قۇتا ئىچىدىن چىرايلىق ئەتىرگۈل شەكلىدىكى ئالتۇن ئۇزۇكنى ئېلىپ بىر پەس قاراپ كەتتى. نىمىنى ئويلىدىكىن قولىدىن ھازىرغىچە ئېلىپ باقمىغان توي ئۇزۈكنى ئاستا ئېلىپ ئورنىغا بۇ ئالتۇن ئۇزۇكنى سېلىپ باقتى...ئالتۇن ئۇزۈككە تىكىلگەن ياشلىق كۆزلەردە سۇس كۈلكە پەيدا بولدى، قانداقتۇر بىر مېھرىلىك بېقىش ئىچىدە ئالتۇن ئۇزۇكنى غۇنچىدەك لەۋلىرىگە ئەكىلىپ ئاستا سۆيدى...

ـ توۋا، توۋا...ـ دىلنازنىڭ ئۆزۈككە ئاپارغان لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ بايىقى ئۆزۈككە ئاپارغان لەۋلىرىنىڭ ئۆزۈككە ئەمەس بەلكى ئەينە تاقىۋالغان يۈچۈن بىر ئەرنىڭ قىلىن لەۋلىرىگە تەككەنلىكىنى خىيالەن ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ دەرھاللا قولىدىكى ئۆزۈكنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە تاشلىدى.ـ ئۇلۇغ خۇدا ، گۇناھىمنى كەچۈر خۇدا، گۇناھىمنى كەچۈر...مىنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، ئازغۇن خىيالدىن يىراق قىلغىن...

دىلناز ئۆز-ئۆزىگە تۆۋبە قىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋارىسقا بولغان ساپ،سەممىي مۇھەببىتى كەينىدە قانداقتۇر بىر ھىسسىياتنىڭ يۇشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. لېكىن نېمە ئۈچۈن كاللىسىدا 2 خىل ھىسسىياتنىڭ جەڭ قىلىشقا باشلىغانلىقىغا جاۋاپ تاپالمايتتى. ئۆزىنىڭ بۇ ھىسسىياتىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى...كاللىسىدىكى ئۇردۇنىنىڭ ئوبرازىنى يۇقۇتۇش ئۈچۈن كاللىسىنى ھەر يان چايقايتتى... نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن تۇرۇپلا ئۇردۇن كاللامغا كىرىۋالىدۇ؟ مىنىڭ ئەقىدەم ، ھىسسىياتىم پەقەت مۇشۇنچىلىكمۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن ئاسان بەل قويىۋېتىمەن؟ ئاسان ۋاز كىچىمەن؟...نېمە ئۈچۈن ھىسسىياتىم ئىرادەمگە بويسۇنماي مىنى ئالداپ كىتىدۇ؟...ياق، ياق...ماڭا بىرپەقەت ۋارىس كېرەك. مىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشۇمدىمۇ، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشۇمدىمۇ ئۇ بولمىسا قەتئىي بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ...

دىلناز بۇ سوۋغىلارنى كۆزدىن يىراق قىلىشنى ئويلىدىمۇ ، ئۇنى دەرھاللا خالتىغا تىقىپ ئىشكاپقا مىختاپ تىقىۋەتتى. ئەتە ياكى ئۆگۈن ۋاقىت چىقىرىپ بۇ نەرسىلەرنى چۇقۇم يەتكۈزۈپ بىرىشنى نىيەت قىلدى. ئۇ كارۋاتقا كىلىپ بىردەم ياتقاندىن كىيىن قورسىقىنىڭ سەل ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، گىرىم ئۈستىلىگە كىلىپ چاچلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كىيىن غىزالىنىش ئۈچۈن پەسكە قاراپ ماڭدى...

دىلناز جىمجىتلىققا چۈمگەن زال ۋە مېھمانخانىغا كىرگەندىن كىيىنلا ۋاقتىنىڭ ئاللىبۇرۇن بىر يەرگە بارغانلىقىنى ھېس قىلدى. بايا قايتىپ كەلگەندە ئاپىسىنىڭ يالۋۇرىشىغىمۇ پىسەنت قىلماي تاماق يىمەيلا ئۈستىگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. دىمەك ئۇ ئاشۇ خىل مۇرەككەپ ھىسيات، ئازاپ ئىچىدە 4 سائەتتەك قىينىلىپ چىققان ئىدى. دىلناز تاماق ئۈستىلىگە كىلىپ ئاپىسى

تەييارلاپ قويغان تاماقلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، تاماق گەرچە ئالللىبۇرۇن سوۋۇپ كەتكەن بولسىمۇ بىچارە ئاپىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممە نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويغان ئىدى. دىلناز تاماقتىن 2ـ3چۇكا يەپلا يەنە خىياللارغا غەرق بولۇشقا باشلىدى، ئاپىسىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن قانچىلىك پەرۋانە بولۇۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ بەختى ئۇچۇن قانچىلىك رىيازەتلەرنى چېكىۋاتقانلىقى، قانچىلىك باش قاتۇرىۋاتقانلىقى...ئۇنىڭغا ئىنىق ئىدى. ئاپىسى گەرچە مىجەزى چۇس ئايال بولسىمۇ لېكىن دىلنازنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. بۇ قېتىمقى نۇردۇننىڭ ئىشىدىمۇ ئاپىسى بەلكىم روھى جەھەتتىن نۇرغۇن قۇربانلىق بەرگەندۇ...دىلناز قولىدىكى چۇكىنى ئاستا قويۇپ دەرىزە قېشىغا كەلدى. دەرىزىدىن ئاسماندىكى پىلدىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ئېغىر خۇرسىنىشقا باشلىدى...

دىلناز چىگىش سۇئاللار ئىچىدە يۇلتۇزلارغا قاراپ قانچىلىك تۇرغىنىنى بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا مۇرىسىگە ئۇرۇلغان ئىسسىق بىر قولدىن ئەندىكىپ دەرھاللا كۆزىنى كۆكتىن ئۈزدى.

ـ بۇ كېچىدە ئاسمانغا قاراپ نىمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىڭ قىزىم . يا كۆكتىن ئۆزەڭنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزلەۋاتامسەن؟...ـياتاق ئۆيىدىن شىپىرلاپ چىقىپ كەلگەن پەرىدە خانىم قىزىنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۇنى باغرىغا باسقاچ دەرىزىدىن كۆككە باقتى .ـ خاتىرجەم بول قىزىم، سىنىڭ بۇندىن كىيىنكى بەختىڭ ئاۋۇ چولپان يۇلتۇزدەك پارلايدۇ...سىنىڭ يۇلتۇزۇڭ دەل ئەنە شۇ...

دىلناز ئاپىسى كۆرسەتكەن يۇلتۇزغا قاراپ مىيىغىدا كۈلۈمسىرىدى. شۇ تاپ بۇ كۈلكىنىڭ ئاچچىق كۈلكىمۇ ياكى تاتلىق كۈلكىمۇ بۇنىڭغا ئۆزىمۇ جاۋاپ بىرەلمەيتتى.

ـبەلكىم...ـدىلناز ناھايىتى ئېغىر تىنندى.

ـراس دەيمەن قىزىم. داداڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ قوي، بىز ھەر نىمە قىلغان بىلەن سەندىن كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن، جەمىيەتنى، كىشىلىك تۇرمۇشنى سەندىن ئوبدان چۈشىنىمىز، ئادەمگە پۇرسەت دائىم كىلىۋەرمەيدۇ...

پەرىدە خانىم قىزىنىڭ قولىدىن ئاستا يىتىلەپ تاماق ئۈستىلىگە كىلىپ ئولتۇردى. نىمە دەركىن دىگەنىدەك قىزىنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلدى. لېكىن دىلناز بۇ توغرىدا بىر نەرسە دىيىشنى خالىمىدى، ئۇ گەپ

قىلىسىلا يەنە ۋارس تەرەپىتە تىۇرۇپ گەپ قىلاتتىى، پەرىدە خانىمنىڭ كەيپىياتىنى بۇزاتتى...ئۇ ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ پىيالىدىكى مىۈزدەك چاينى لىۇگە ئاپاردى. شىۇ تىاپ دىلناز پەرىدە خانىمنىڭ نىمە دىمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغان ئىدى، ئاپىسىنىڭ كىۆزدە تۇتىۋاتقىنى يەنە شىۇ نۇردۇن،ئىۇمەر ۋالى بىلەن قۇدۇلۇق بۇلىۇش، نىۇردۇننى كىيوغول قىلىش...

پەرىدە خانىم قىزىنىڭ ئۈن-تىنسىز ئولتۇرىشىدىن ئىچى سىقىلدىمۇ يەنە ئىبغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

-قىزىم، بايا نۇردۇن ئاكاڭنىڭ تېلىفۇننى سوراۋاتاتتىڭ... قانداق، كۆرۈشۈپ كەلدىڭمۇ يا؟...

-ياق...-دىلناز ئىرەنسىزلا جاۋاپ بەردى.

-نىمىشقا ئەمدى؟-نىمىگىدۇر جىددىلەشكەن پەرىدە خانىم دىلنازنىڭ قىشىغا ئېخمىۇ يېقىن سىۇرۇلدى.- قارىسام بايا كەيپىياتىڭ تىازا ياخشى ئەمەستەك قىلغان، يا نۇردۇن ئاكاڭ بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قالدىڭمۇ يە؟...

دىلناز ئاپىسىنىڭ چىرايىدىكى جىددىلىككە قاراپ سەل ئۇڭايسىزلاندى.

-مەن نۇردۇن بىلەن كۆرۈشمۇدۇم، بۈگۈن كەيپىياتىم تىازا ياخشى ئەمەس ئاپا...

-ھە.- پەرىدە خانىمنىڭ يۈرىكى سەل جايىغا چۈشتىمۇ دىلنازنىڭ قولىنى مېھرى بىلەن سىلاشقا باشلىدى.- ئۇنداقتا، ئەمدى قاچان كۆرۈشەي دەپ ئويلاۋاتىسەن؟

-كىم بىلەن ؟

-نۇردۇن ئاكاڭ بىلەنچۇ..

-خۇدايىم بۇيرىغاندا كۆرۈشەرمەن. مېنىڭ ھازىر ئىۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق ئاپا .

-نىمىشقا ئەمدى ؟-پەرىدە خانىمنىڭ قاپاقلىرى سەل تۈرۈلدى.

-بۈنى ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن. بېشىم ئاغرىپ كەتكەنىدە بىر تىۈلا گەپ سورىمىغىنا...

-ۋاي خۇدا، ۋاي خۇدا.- پەرىدە خانىمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتىمىۇ ئورنىدىن تىۇرۇپ كەتتى.- سەن نىمانىداق دۆت ، نىمانىداق دۆت...سەن

مەڭگۈ مۇشۇنداق تەنها ئۆتۈپ كەتمەكچىما؟ بۇ دېگەن تۇرمۇش ، ساڭا ھامىنى بىر ئەر، بىر ئۆي لازىم بولىدۇ. بىزمۇ ساڭا مەڭگۈ باقىۋەرمەيمىزغۇ... ئويلاپ باقە سەن، نۇردۇن ئاكاڭنىڭ نەرى يارىمايدۇ ساڭا ، نەرى...خۇددى قىلىپتا قۇيغاندەكلا بالا تۇرسا ئۇ...

دىلناز كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. كۆڭۈل ئېكرانىدا نۇردۇننىڭ ئايروپىلان ئىستانسىسىدا تارتىنىش ئىچىدە گۈل تەڭلىگەن تۇرقى پەيدا بولدى. ئاپىسى توغرا ئېيتىدۇ: دىمىسىمۇ نۇردۇننىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى، سالاپىتى...ۋارىستىن قىلىشمايدۇ. ئائىلە شارائىتى، ئىقتىسادى ئەھۋالى ۋارىسقا قارىغاندا كۆپ ياخشى. ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرسا بەلكىم بىر ئۆمۈر بەختلىك ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

دىلنازنىڭ نۇردۇنغا بولغان كۆز قارىشى ئاستا-ئاستا ئۆزگەردىمۇ ياكى ئاپىسىنىڭ چىچىلغان تۇرقىنى ئۇكىشماقچى بولدىمۇ، كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ ئاپىسىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى.

-سىزنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك جاپا چېكىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن ئاپا. لېكىن قەلبىم بەك زېدە، مېنىڭ ھازىر ئۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق . پەقەتلا...

قىزىنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەرىدە خانىمنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتتى. ئۇ دىلنازنىڭ ئۇزۇن قاپقارا چاچلىرىنى بوشقىنا سىلاپ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى بىلەن دىلنازنىڭ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيدى.

-مەن چۈشىنىمەن قىزىم. چۈشىنىمەن...لېكىن سىنىڭ ئالتۇندەك ياشلىق ۋاقتىڭ ۋارىس دېگەن نىجىسنىڭ ۋاپاسىزلىقىدا ۋەيران بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. سەن بەختىڭنى تېپىۋېلىشىڭ كېرەك. مەن ئىشىنىمەن قىزىم، سىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭ بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل، بەختلىك ئۆتىدۇ...-پەرىدە خانىم قىزىغا تەسەللى ۋە مەدەت بەرمەكچى بولغاندەك ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى.

دىلناز بىر كېچىنى خىيال ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئاچچىق قىيىنىلىپ دادىسى، ئاپىسى، ۋارىس ۋە نۇردۇن ئوتتۇرىسىدا بىر تالاي روھى كۈرەشلەرنى قىلىپ چىقتى.

دىلنازنىڭ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگىنىگىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ

قالغان بولۇپ، ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ كىلىۋاتاتتى. ئۇ ئەسلىدە قايتىپ كىلىپلا ئەختەمجاننى ئېلىپ سەلىمەنى ئىزدىمەكچى، يۇرتقا بېرىپ بالىنى ئۈنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن ۋارسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىشكە بولغان قىزىقىش، ئىنتىلىش ئۇ ئىشلارنىمۇ 2-3كۈن بىر يەرگە قايرىپ قويىدى. ئۇ ئەمدى ئەختەمجاننى سەلىمەگە ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بىرىشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلدى. سەلىمە قالدۇرغان تېلىفۇن ئۈلانمىغان ئىكەن، ئەمدى ئەختەمجاننى ئېلىپ سەلىمە قالدۇرغان ئادرىس بويىچە يۇرتقا بېرىش كېرەك. بالا ئىشقىدا سەرسانە بۇلۇپ كەتكەن بىچارە دوستى سەلىمەنى تېپىپ ئوغلىنى ئۈنىڭغا تاپشۇرۇشى، ئانا-بالىنى جەم قىلىشى، ئۇلارنىڭ جۇدالىقىغا خاتىمە بىرىشى كېرەك....دىلناز سەلىمەنىڭ قېشىغا كىم بىلەن بېرىش، قانداق بېرىش ئۇستىدە بىر ھازا باش قاتۇرغاندىن كيىن ، دادىسىدىن مەسلىھەت ئالماقچى بولۇپ پەسكە چۈشتى.

مېھمانخانا ئىچىدە دادىسىمۇ، ئاپىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. دىلناز ھەيران بولغاندەك ھەممە ئۆينى ئاقتۇرۇپ چىققاندىن كيىن ئەختەمجان ياتقان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىكنى ئاچاي دەپ تەمشىلىشىگە ياتاق ئىچىدىن چىققان دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىپپىدە توختىدى.

- بۈگۈنلا بازارغا بېرىپ بىر نەچچە قۇر كيىم ئېلىپ بەر. ئەڭ چىرايلىق كىيىملەردىن ھە...

- ماقۇل. ماقۇل...سىز دېمىسىڭىزمۇ ئېلىپ بېرىمەن. قاراڭ تاتلىقلىقىغا بۇ بالىنىڭ...-ئاپىسى بالىنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.- ئۆزەمنىڭ بالىسىدەكلا ئامراق بۇلۇپ قالدىمغۇ بۇ گۈيغا...

- شۇنى بىر دېمەمسەن. نەۋرە مېھرىگە زار بولغاچقىمۇ، 2-3كۈننىڭ ياقى قۇلۇمدىن چۈشۈرگۈم كەلمىدى دېگىنە.

- نەۋرىمىز تۇغۇلغان بولسا ھېلىغىچە چۈچۈك تىللىرىمۇ چىقىشقا باشلار ئىدى. تاتلىق گۇگراپ بىرەر ئىدى ھە...ھەي...

- بولىدىلا ئۇ گەپلەرنى دېمە. ئويلىسالىلا ئىچىم پۇشۇدۇ. بىز بىر ئائىلىنى پۇتۇنلەي بىسەرەمجان قىلدىغۇ ئۇ تۇزكور...

- تىگى پەس قەلەندەر...

دىلنازنىڭ ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتقان قوللىرى لەسسىدە ئاجرىدى. يەنە شۇ گەپ، يەنە شۇ قارغاش...قاچانمۇ تۈگەر مۇشۇ گەپلەر... دىلنازنىڭ

كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى. ئۇ كەينىگە يېنىشنى ئويلىدىيۇ، يەنە بالىنى ئاپىرىش ئىشى مۇھىم بولغاچقا ئامالسىز ئىشىكنى ئاستا ئىچىپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

پەردە خانىمنىڭ ئاۋازى چىپپىدە توختىدى. بالىنىڭ چاچلىرىنى ئاتلىق مېھرى بىلەن بوشقىنا سىلىۋاتقان نازىرمۇ چۆچىگەندەك ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ سالدى. دىلناز ھېچقانداق گەپنى ئاڭلىمىغاندەك يىنىك كۈلۈمسىرەپ تاتلىق ئۇيقىدا ياتقان ئەختەمجاننىڭ قېشىغا كىلىپ ئولتۇردى.

-ئەسلى بۇ يەرگە كىرىۋاپتىكەنسىلەر ھە. مەن سىلەرنى ئىزدەپ كىتىپتىمەن.

-كىرىۋالساق بولمامدا قىزىم. بۇ تاتلىق گۈيغا مېھرىمىز چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ دىگىنە.- نازىر بالىنىڭ ئۈستىدىكى گۈللۈك يوتقانىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغاچ دىلنازغا قارىدى.- گەپلىرىمۇ شۇنداق تاتلىق. تېخى چوڭ دادا دەپ چاقىرىشلىرىچۇ تېخى...

-شۇنداق دىلناز.-پەردە خانىممۇ گەپكە ئارلاشتى.-گەپلىرى شۇنداق ئۇماق بۇ شۇمتەكنىڭ. كىچىچە باغرىمغا بىسىپ يېتىپتىمەن. خۇددى ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك تاتلىق ئۇخلاپ كەتتى.

-لىكىن بەك زۇلۇم ساپتۇ بۇ بالىغا ئۇ ئۆلگۈر گۈيلار. ئاخشام چىپپۇيتىلگەن بارمىقىغا قاراپ يۈرۈگۈم ئېچىشىپ كەتتى دىگىنە بالام. نارىسىدە بالىنىمۇ شۇنداق قىينىغان بارمۇ؟ خۇدايىم جاجىسىنى بەرگەي ئۇ قانخورلارنىڭ...-نازىر غەزىپىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگدى.

-دىگىنىڭىز كەلسۇن دادا. -دىلناز دادىسىنىڭ قوللىرىنى بوشقىنا سىقتى.-مەنمۇ مۇشۇ ئەختەمجاننىڭ ئىشى بىلەن سىزنى ئىزدىگەن. مەن ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن بالىنى سەلىمەگە تاپشۇرۇپ بىرىپ كىلەيمىكىن دادا. ھېلىمۇ بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

-لىكىن دوستۇڭ بىلەن ئالاقىلىشالمىغان تۇرساڭ بالام.

-ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئادرىس بويىچە شۇ ناھىيىگە بىرىپ كۆرۈشەي. ھېلىمۇ بالا دەردىدە نىمە بۇلۇپ كەتتىكىن ئۇ بىچارە.

-نىمە دەۋاتىسەن بالام. يالغۇز بارامسەن؟-پەردە خانىم جىددىيلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.-ھېرىپ چارچاپ كەلگەندە بۇ بالىنى يالغۇز نەلەردە

كۆتىرىپ يۈرسەن تاتلىق قىزىم.

ـ بىردەم جىم ئولتۇرساڭ بولامدۇ دەيمەن.ـ نازىر ئايالىنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلدى.ـ قاچانمۇ تۆگەر سىنىڭ مۇشۇ خۇيۇڭ. دىلناز ئاۋال گېپىنى بىر دەۋالامدا...

ـ چارچىدىم دەپ كەچكىچە يېتىۋالسام بولماس ئاپا. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ماڭا ئۇچراپ قالدى بۇ بالا. سەلىمە ھېلىقىدەك دوستۇمكەن ئەگەر يات ئادەم بولغان بولسىمۇ بالىنى ئاپىرىپ بەرمىسەك بولماس.ـ دىلناز ئاپىسىدىن نارازى بولغاندەك ئاۋازىنى سەل قويىۋەتتى.

ـ دىگىنىڭ توغرا قىزىم. بۇ بالىنىمۇ ، ئاپىسىنىمۇ بەك تەس بوپتۇ. مېھرىمىز چۈشۈپ قالدى دەپ مەڭگۈ بۇ ئۆيدە ئېلىپ قالغىلى بولماس بۇ بالىنى. بولدى ۋاقتىدا ئاپىرىپ بېرىپ كەل قىزىم.ـ نازىر ئەختەمجاننىڭ بۇدرۇق قوللىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ـ گەپ قىلماي دەيمەنۇ يەنە ماۋۇ ئاغزىم جىم تۇرمايدۇ دىسە.ـ پەرىدە خانىم گېلىنى قىرىپ سۆز قاتتى.ـ سەن بۇ بالىنى نەدە كۆتىرىپ يۈرسەن قىزىم. شۇڭا باشقا بىرى ئاپىرىپ قويسۇن بۇ بالىنى . يا بولمىسا داداڭنىڭ شوپۇرىغىلا تۇتقۇزايلى. قانداق دىدىم دادىسى.

ـ ئۆزەم ئاپىرىپ بېرىمەن.ـ دىلناز گەپ قىلشقا تەمشەلگەن نازىرنى توختۇتۇپ قويدى.ـ مۇشۇ باندا سەلىمە بىلەن بىر كۆرۈشۈپ ، ئۇنى يوقلاپ كەلگۈم بار . ھېچ بولمىسا مىڭەمنى دەم ئالدۇرۇپ كىلەرمەن. ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇپ بەرمىسەم كۆڭلۈم جايىغا چۈشمەيدۇ مىنىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نازىرمۇ، پەرىدە خانىممۇ بىردەم جىمىپ قالدى. نازىر بىردەم ئويلانغاندىن كىيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

ـ ئەمىسە بىزنىڭ شوپۇر ئاپىرىپ ئەكەلسۇن سىنى بالام. لېكىن تىز بېرىپ تىز كەل. بىز ئەنسىرەپ قالمىز ھە.

ـ مۇنداق قىلامدۇق يە.ـ چىرايىدا باشقىچە بىر تەبەسسۇم پەيدا بولغان پەرىدە خانىم مېڭىشقا تەمشەلگەن نازىرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.ـ سىزنىڭ شوپۇرىڭىزمۇ سىزنى ئىدارىغا تۇشمىسا بولماس. ئەڭ ياخشىسى نۇردۇن ئاپىرىپ ئەكەلسۇن .

ـ بۇ..بۇ...ـ نازىر بىردەم ئايالىغا، بىردەم چىرايىدىن كۈلكە ئۇچكەن قىزىغا قاراپ دۇدۇقلاپ قالدى.ـ بۇنىڭدا قانداق بۇلۇدۇ؟

ـ قانداق بولماقچىدى. تازا ئوبدان بۇلۇدۇ دادىسى. مۇشۇ باندا پىكىرلىشىپ، ئورتاقلىشىپ قالدۇ. ئادەم دىگەن بىر-بىرىنى سۆزىدىن، ھەركىتىدىن چۈشۈنىدىغان گەپ. سەپەردىن كىيىن تىزلا توي تەييارلىقىغا چۈشۈپ قالامدۇق تېخى...

ـ توۋا دىگىنە ئاپا، توي قىلماي تۇرۇپ يات بىر ئەر كىشى بىلەن باشقا شەھەرلەردە بىرگە يۈرسەم قانداق بۇلۇدۇ؟ باشقىلار كۆرسە نىمە دەپ قالىدۇ؟ ئاجراشقان ئاياللارنىڭ ئاتىقى يامان دىگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما سەن ....ـ دىلناز ئاپىسىدىن نارازى بولغاندەك ئۆزىگە ماس كەلمىگەن تەلەپپۇزدا گىپىنى دىدى-دە، دەرىزە تەرەپكە قاراپ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئولتۇردى.

ـ ماۋۇ گەپنى نىمە دەي ئەمدى. بۇرۇن ئاۋۇ ۋارىس دىگەن تۆزكور بىلەن توي قىلماي تۇرۇپ بىر يەرگە بارمىغاندەك گەپ قىلىۋاتىسىنا. شۇ ۋاقىتتا ئاشۇ نىجىس ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كىچەي دەپ قالغان ئىدىڭغۇ. ئەمدى نۇردۇن بىلەن بىر يەرگە بارساڭ گۇناھ بولۇپ قالامدا....ـ چىرايى ئۆڭگەن پەرىدە خانىم سىمىز ئالقانلىرى بىلەن كۆكرىكىگە مۇشلاشقا باشلىدى.ـ دىسەم دىمىسەم مىنىڭ گىپىم قۇلۇقۇڭغا خوش ياقمىدىغۇ ھە...شۇ مەن ئەسكى ، مەن ئەسكى...سىنى يامان ئاتاقتا، يامان گەپ سۆزگە قالسۇن دەپ شۇنداق دەۋاتىمەن...تېخىمۇ بەختىسىز بولسۇن دەپ شۇنداق دەۋاتىمەن...

دىلناز ئاپىسىنىڭ گىپىگە بىردەم نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشنى بىلمەي قالدى. نازىر پەرىدە خانىمنىڭ ئاھىدىن سەل-پەل بىئارام بولدىمۇ دىلنازغا قاتتىقراق تەگدى.

ـ ئاپاڭمۇ شۇ سەن ئۈچۈن غەم يەۋاتىدۇ. سەن بىزنىڭ بىرلا بالىمىز تۇرساڭ، سىنىڭ كەلگۈسىڭنى، بەختىڭنى ئويلىماي يۈرەلەمدۇق بىز. ئاپاڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۆمەر داداڭنىڭ ئۆيىگە نەچچە قېتىم قاتىرىدى ؟ نۇردۇنغا قانچىلىك خىزمەت ئىشلىدى؟...بىلەمسەن شۇنى...

ـ مەن كىم ئەسلىدە ؟مەن كىم؟ـ نازىرنىڭ گىپى بىلەن پەرىدە خانىم يەنىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى.ـ مەن پەرىدە باشقىلارنىڭ بۇسۇغىسىدا يۈرىدىغان ئايالما ئەسلى؟ نۇردۇننىڭ ئاپىسىدىن ئۇنىڭ ئاجراشقىنىنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ خۇددى كۆچۈكتەك بولۇپ كەتتىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا . ھەممىسى شۇ كىم ئۈچۈن؟ سەن ئۈچۈنغۇ. سىنى شۇ يۈتتۈرگەن بەختىنى

تىپىۋالىسكەن. مەڭگۈ ياخشى شارائىت ، بەختلىك تۇرمۇش ئىچىدە ياشىسكەن دەيمەنغۇ ....

-نۇردۇن ،نۇردۇن، نۇردۇن....نىمانچە تۈگىمەيدىغان نۇردۇن ئۇ...-دىلناز ئورنىدىن تۇرۇپ چىكىتىشكە تەمشەلدى.- نۇردۇن بىلەن توي قىلمىسام بەختلىك بولالمايدۇ دەپ كىم دەيدۇ؟ خۇدايىم مىنىڭ پىشانەمگىمۇ پۈتۈلگەن بىرسى باردۇ؟...

-توختا.-پەرىدە خانىم بۇيرۇق قىلدى.- نۇردۇن توي قىلالماي بۇسۇغىمىز ئالدىغا كىلىپ قالغىنى يوق. نۇردۇننىڭ ھەممە شارائىتى ياخشى. ئائىلە كىلىپ چىقىشى، ئىقتىسادى ئەھۋالى، بىلىمى، ئەخلاقى...ھەر قانداق يىگىتتىن ياخشى. ئۇنداق ياخشى يىگىتلەرنىڭ كەينىدىن يۈرىۋاتقان قىزلار ئاز ئەمەس. بىلىپ قوي، ئۇ ئاجراشقان بىر ئايال بىلەن توي قىلمىسىمىچۇ، ئەسلىدە نى-نى قىزلارنى ئالالايغان يىگىت...

دىلنازنىڭ قەدەملىرى توختاپلا قالدى. ئاپىسىنىڭ ئاجراشقان ئايال بىلەن توي قىلمىسىمۇ دىگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە ئەكس سادا قايتۇرۇشقا باشلىدى. كاللىسى پىرقىراپ نىرۋىلىرى قالايمىقانلاشتى. ۋۇجۇدى گۈل بەرگىدەك يىنىك تىترەپ يۈرىكىگە ئاچچىق بىر يىغا ئۇلاشتى.

-توغرا. مەن ئاجراشقان. مەن تۇل ئايال. مەن مانا مۇشۇنداق بەختسىز ئايال. مىنىڭمۇ ئەسلى پەقەت ئاجراشقۇم يوق ئىدى. بەختلىك تۇرمۇش ئىچىدە ياشىغۇم بار ئىدى. لىكىن تەقدىرىمگە نىمە دەي. پىشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ تۇرسا مىنىڭ ...

دەقىقە ئارلىقىدا ۋارس بىلەن تونۇشقان كۈنلىرىدىن باشلاپ ئاجراشقان كۈنگىچە بولغان ئىشلار كۆز ئالدىدا زاھىر بولغان دىلناز لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى. جۇدالىق ، سىغىنىش ئىچىدە قان بولغان قەلبى ۋارسقا بولغان قانداقتۇر بىر نەپرەت ئىچىدە قىينالدى. قايسى كۈنىدىكى ۋارسنىڭ مەن سىزنى پەقەت ياخشى كۆرمەيمەن، مىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بار... دىگەن گىپى يۈرىكىنى قايتىدىن ئىزىشكە باشلىدى.

تەڭلىكتە قالغان نازىر ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغۇنۇپ كەتكەن ئەختەمجاننى ئاستا قۇچىقىغا ئالدى. كۆز ئالدىدا كۆز يىشى قىلىۋاتقان ئايالى بىلەن قىزى. ئايالىنىڭ دىگەنلىرى تېخى ئۇرۇنلۇق، قىزىنىڭ يۈرەك زىدىسى تېخى يەتكۈچە بار...ئۇ زادى كىم تەرەپتە تۇرۇپ گەپ قىلىش كىرەك؟...

ـ ماڭا قارا قىزىم. كونىلار ئايال كىشى ئەردە ياخشى، ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى دەپ توغرا ئېيتقان. بىر ئايال ئۈچۈن ھامان بىر ئەركىشى بولۇشى كېرەك. ئىنسان دېگەن كونا ئەسلىمىلەر ئىچىدە ياشاۋەرسە بولمايدۇ. رىئاللىققا بويسۇنۇش، ئۆزىنىڭ كېيىنكى بەختى ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. ئويلاپ بېقىپ گەپ قىل. قايسى ئاتا ـ ئانا قىزىنى بەختسىز بوپ قالسۇن دەيدۇ؟ بىزنىڭ ئارزۇيىمىز پەقەت سىنىڭ بەختلىك يېڭى تۇرمۇشۇڭنى كۆرۈش، تاتلىق نەۋرىلىك بولۇش...مەن ساڭا كۆڭلۈمدىكىنى ئىنىق دەپ قويااي قىزىم. نەۋرىدۈننى كىيوغۇل قىلىش پەقەت ئاپاڭنىڭلا ئارزۇسى ئەمەس. بۇ مىنىڭمۇ ئارزۇيۇم. ئەگەر كۆز ئالدىڭدىكى بەختىنى قولدىن بېرىپ قويساڭ مىنىڭچە چۇقۇم پۇشايمانغا قالىسەن، نۇردۇندەك ياخشى يىگىتنى ھەرگىز تاپالمايسەن...

ـ تاپالمىسام تاپالماسمەن، يا بولمىسا مەڭگۈ مۇشۇنداق تەنھا ئۆتۈپ كېتەرمەن.ـ دىلناز قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە دادىسىغا دوق قىلدى.

ـ نىمە؟ ـ نازىرنىڭ قۇشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇزۇن قاپقارا قاشلىرى مىدىرلاپ كەتتى. ـ توۋا، توۋا، ماڭا گەپ ياندۇرىۋاتامسەن قىزىم. سەن قاچاندىن بىرى ماڭا گەپ ياندۇرىدىغان بولۇپ قالدىڭ. سىنى تونىيالمايلا قېلىۋاتىمەنغۇ مەن...خۇدايىم ئىنساۋىڭنى بەرسۇن بالام. ئىنساۋىڭنى بەرسۇن...

ئادەتتە كۆپ سۆزلىمەيدىغان دادىسىنىڭ ئۇرغۇلۇق گەپ ـ سۆزلىرى دىلنازنى تەمتىرىتىپ قويدى.ئۇ دادىسىنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازىدىن يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتتى. تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ باللىق تەنتەكلىكىنى ھىس قىلىپ ئۇلگۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپ كاللىسىدا خىلمۇ ـ خىل زىددىيەتلىك سۇئاللا ھۆكۈم سۈرەتتى. 1 ـ قېتىملىق توي ئىشىدىمۇ نۇردۇن، ئىككىنچى قېتىملىق توي ئىشىدىمۇ نۇردۇن...دادىسى، ئاپىسىنىڭ پىكرى بىردەك...ۋارىستىن پەقەت جاۋاپ يوق، دىلنازدىكى ۋىسال ئۈمۈدى خىرەلەشكەن، سىېغىنىش ئىچىدىكى نەپرەت...

دىلناز دادىسىنىڭ گەپلىرىنى خىيال قىلغاچ، ئاپىسىنىڭ ئالدىغا قانداق بارغىنىنى، ئاپىسىنىڭ مەڭزىدىكى ياشنى قانداق سۈرتكىنىنىمۇ بىلمەيلا قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەل ئاشۇرىۋەتكىنىنى، قەلبىدە ۋارىسىنىڭ ئوبرازى ھۆكۈم سۈرگەچكە، باشقا ئادەم ۋارىسىنىڭ ئورنىنى مەڭگۈ

ئالالمايدىغان بولغاچقا  نۇردۇن مەسىلىسىگە ناھايىتى بىپەرۋا قارىغىنىنى ھىس قىلدى. پەردە خانىم بەزى ئىشلارنى ئاشۇرىۋەتسىمۇ ، لېكىن ھەممىسىنى شۇ دىلناز ئۈچۈن قىلدى ئەمەسمۇ؟ دوس ـ دۈشمەن ئالدىدا قىزنى ئەڭ ياخشى ئائىلىگە كىلىن بولسۇن، ئەڭ ياخشى يىگىتكە ياتلىق بولسۇن دىدى ئەمەسمۇ؟ يېڭى تۇرمۇش ئىچىدە تارتقان خورلۇقلىرىنى، ئازاپلىرىنى ئۇنتۇپ كەتسۇن ، پەرزەنتلىك بۇلۇپ ئائىلە مىھرىدە كۈلسۇن دىدى ئەمەسمۇ؟...دىلناز ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كىيىن ئاپىسىنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى بوشقىنا سىپاپ مەڭزىنى ئاپىسىنىڭ نەمدەلگەن مەڭزىگە ياقتىيۇ، لېكىن  ئاپىسىنىڭ جاۋاپ كۈتۈپ تەلمۈرگەن كۆزلىرىنى ئۈمۈتسىز قالدۇرۇپ ، دادىسىغا خىجىللىق ئىچىدە يەر تىگىدىن قاراپ قويغاندىن كىيىن ئاستا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

دىلنازنىڭ بىر كۈنى خىياللار ئىچىدە ئۆتتى. بىر تەرەپتىن ئاتا ـ ئانىسىنى ئۈمۈتسىز قالدۇرۇشنى خالىمايتتى.  بىر تەرەپتىن ۋارستىن ئۈمۈدىنى ئۈزەلمەيتتى. ئاجراشقاندىن بىرى پەقەت بىر ۋارىسىنىلا ئويلاپ كەلگەن،بىر ۋارسنىلا سېغىنغان دىلناز ئىككىنچى بىر ئەرنى قەلبىگە سىغدۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇنىڭچە دۇنيادىكى مۇھەببەت پەقەت ۋارستىنلا تېپىلاتتى،ۋارسلا ئۇنى مۇھەببەتنىڭ ئالتۇن قەسرىگە باشلىيالايتتى. لېكىن بۇ يەردە بەكمۇ مۇھىم بىر مەسىلە بار ئىدى. ۋارس ھازىر دىلنازنى پۈتۈنلەي رەت قىلدى. مەيلى قانداق سەۋەپ بولۇشىدىن قەتئىنەزەر دىلنازنىڭ سۆيگۈسىنى يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ۋارسىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشمۇ بىر گەپ بولۇپ قالدى. پۈتۈن ئائىلە ،ئۇرۇق ـ تۇققان ھەممىسى ۋارستىن قاتتىق نەپرەتلەندى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇ قىلىۋاتقىنىمۇ شۇ نۇردۇن...دىلنازمۇ ئەمدى خىيالى مۇھەببەت ئىچىدە ياشىسا بولمايدۇ، ۋارس بىلەن يارىشىش ، قايتىدىن بىر ئۆينىڭ چىرىقىنى ياندۇرۇش چۈشتەكلا خىرەلىشىپ كەتتى. ئۇمۇ رىئاللىقنى تېپىۋېلىشى، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھىس قىلىشى كېرەك...ئۇ خىياللار ئىچىدە خېلى ئۇزاق قىينالغاندىن كىيىن، ئەل ئۇيقىغا ياتقاندا ئاخىرى بىر يەكۈن چىقارغاندەك بولدى. كەچ بۇلۇپ قالغىنىغىمۇ قارىماي تىترەپ تۇرغان نازۇك بارماقلىرى بىلەن نۇردۇننىڭ تېلىفۇن نومۇرىنى ئاستا باستى...